国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

مارگارېت مىچېل (ئامېرىكا)

# ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن

1

تەرجىمە قىلغۇچى: راخمان مامۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

飘．上：维吾尔文／(美) 米切尔 (Mitchell,M.)著；热合曼·马木提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2013.7

ISBN 978-7-228-17029-6

Ⅰ.①飘… Ⅱ.①米… ②热… Ⅲ.①长篇小说 — 美国 — 现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I712.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第232807号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 阿依古丽·阿西木 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 27.5 |
| 版　　次 | 2014年9月第2版 |
| 印　　次 | 2014年9月第1次印刷 |
| 定　　价 | 72.00 元 |

# نەشرىياتتىن

ئامېرىكىنىڭ ئايال يازغۇچىسى مارگارېت مىچېلنىڭ «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» (يەنە بىر ئىسمى «لەيلەش») ناملىق بۇ رومانى 1936 - يىلى ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن ئامېرىكىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن. ئىككىنچى يىلى پىرېست مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1939 - يىلى مۇشۇ ئەسەر ئاساسىدا ئىشلەنگەن «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» ناملىق كىنو يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن.

«ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» نىڭ ئاپتورى مارگارېت مىچېل 1900 - يىلى جىر ئىشتاتىنىڭ مەركىزى ئاتلانتادا تۇغۇلغان. 1922 — 1926 - يىللىرى «ئاتلانتا گېزىتى» بىلەن «ئاتلانتا ئاساسىي قانۇن گېزىتى» دە مۇخبىرلىق قىلغان. كېيىن ماشىنا ھادىسىسى بىلەن پۇتى قاتتىق يارىلىنىپ ئۇزاققىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان. 1926 - يىلدىن تارتىپ قولىغا قەلەم ئېلىپ «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» نى يېزىشقا باشلاپ، 1936 - يىلى بۇ بۈيۈك ئەسەرنى تاماملىغان. ئەسەر مەيدانغا كېلىپ ئون ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 1949 - يىلى مىچېل يەنە بىر قېتىم ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقان، بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر ئەسىرى.

«ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن»دا ئامېرىكىدىكى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش دەۋرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان.

ئەسەردە ئوقۇرمەنلەردە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان بىرنەچچە ئون پېرسوناژ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتورنىڭ قەلىمى ئەڭ كۆپ توختالغىنى سكارلېت بىلەن رېت باتلېر. سكارلېتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق روھىي تۈۋرۈكى مۇھەببەت، يەر ۋە

پۇل. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھەببەتكە مەجبۇرىي ۋە قاراملىق بىلەن ئېرىشىش ئىستىكى كۈچلۈكرەك. سىكارلېتنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى ئەنە شۇ يەردە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشلىرىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن. سىكارلېت ئىسيانكارلىق روھىغا ئىگە، ئەمما بۇ روھ ئۇنىڭ پۈرسەتپەرەسلىك خاراكتېرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. رېت باتلېر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قۇلدارلار سىنىپىدىن بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا ئايلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇنىڭ سىكارلېتقا بولغان مۇھەببىتى ساپ ۋە قىزغىن. چۈنكى، ئۇ سىكارلېتنىڭ ئۆزى بىلەن بىر مەسلەكتىكى قىز ئىكەنلىكىنى، ئىككىسى بىرلەشسە ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ماس كەلگەندەك بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. بىراق، ئۇنىڭ رېئاللىقى سىكارلېتنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئېلىشىپ ئاخىر مەغلۇپ بولىدۇ.

«ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» پۈتۈن دۇنيادا، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ھەممە ئادەم قىزىقىدىغان، بېرىلىپ ئوقۇيدىغان نادىر ئەسەرگە ئايلىنىپ كەتكەچكە، ئوقۇرمەنلەر ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسلىق ئىككى پېرسوناژنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىققان ۋە ئاپتوردىن بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىنى يېزىپ چىقىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىشقان. لېكىن، مىچېل ھايات ۋاقتىدا، ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەبىئىي ۋە مۇۋاپىق ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېيتىپ بۇ تەلەپلەرنى رەت قىلغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەشرىيات ساھەسىدىكىلەر بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرىنى يازدۇرۇشقا توختىماي ئاپتور ئىزدىگەن، 1988 ـ يىلى ئاندىن ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان ئايال يازغۇچى ئالېكساندرا رىپلېينىڭ بۇ ئەسەرنىڭ داۋامىنى يېزىۋاتقانلىقى جاكارلانغان. رىپلېي 1990 ـ يىلى «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» نىڭ داۋامى بولغان «سىكارلېت» نى يېزىپ تاماملىغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشرىيات تەرىپىدىن يېقىندا نەشر قىلىنماقچى.

## مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم ........................................ 1

ئىككىنچى قىسىم ........................................ 231

ئۈچىنچى قىسىم ........................................ 491

# برنچی قسم

# بىرىنچى باب

سكارلېت ئوخارا ئانچىمۇ چىرايلىق قىز ئەمەس، ئەمما ئەرلەر تارلېتون ئائىلىسىدىكى قوشكېزەك ئوغۇللىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغاندا، بۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇنداق كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا ئىنچىكە خاراكتېر، يەنى ئانىسىنىڭ نازاكىتى بىلەن دادىسىنىڭ قوپاللىقى مۇجەسسەملەشكەن. ئالدىنقىسى فرانسۇز ئاقسۆڭەكلىرىگە، كېيىنكىسى ئىرلاندىيىلىكلەرگە مەنسۇپ. بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بىر ـ بىرىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى. ئەمما، بۇ چىراي ئۇچلۇق ئېڭەك ۋە يۈز چاسىراق كەلگەن كېيىپى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ تىنىق كۆك كۆزلىرى ئۆتكۈرلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، تىكەندەك ئىرىك قاپقارا كىرپىكلەر، ئۇچىنىڭ ئەگرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆز قويرۇقلىرى ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزگىچە گۈزەل كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بەرگى قىيپاقتەك تۈم قارا قاشلار ئاپئاق تېرىسىگە بەكمۇ يارىشىپ كىشىنىڭ ئاجايىپ زوقىنى كەلتۈرەتتى. بۇنداق ئاق يۈزلەر جەنۇبنىڭ خانىملىرىنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئاشۇنداق ئاق يۈزلۈك خانىملار جورجىيىنىڭ ئاپتىپى كۆيدۈرۈۋەتمىسۇن ئۈچۈن يۈزلىرىگە تور تارتىۋالاتتى، ياكى ياغلىقلىرى بىلەن كۈن نۇرىنى توسۇپ يۈرۈشەتتى.

1861 ـ يىلىنىڭ ھاۋا ئوچۇق باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى، سكارلېت تارلېتون ئائىلىسىدىكى قوشكېزەك ئوغۇللىرى ستۇئارت ۋە برېنت بىلەن بىللە دادىسىنىڭ تارا قورۇقىنىڭ سالقىن كارىدورىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى

چىرايى باھارنىڭ نۇرلۇق قۇياشىدا تاۋلىنىپ سۇرەتتەك گۈزەل تۈس ئالغانىدى. ئۇستىدە يېڭى تىكتۈرگەن يېشىل گۈللۈك كوپتا، يوپكىسىنىڭ ئېتىكى خۇددى لەرزان شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇغدايلارغا ئوخشاش دولقۇنلىنىپ تۇرغان، دادىسى يېقىندا ئاتلانتادىن ئېلىپ بەرگەن كۆك رەڭلىك خۇرۇم توپلىيى كىيملىرىگە پار كەلگەن، ئۆزىگە شۇنداق ياراشقانىدى. بېلى بىر تۇتاملا، بۇ ئەتراپتىكى ئۈچ ناھىيەنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئۇنىڭدەك ئىنچىكە بەللىكلەر يوق دېيەرلىك. ئۇستىدىكى كۆڭلىكى بېلىگە چىپپىدە كەلگەن. ئۇن ئالتە ياشقا كىرگىنى بىلەن، تولغان كۆكسى كوپتىسىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇستىگە كىيۋالغان كۆڭلىكى شۇنچىلىك ئاددىي، چاچلىرىنى تارىشى ئادەتتىكىچە، تىزلىرى ئۇستىگە قويۇۋالغان ئاپپاق قوللىرى قانچىلىك نازۇك بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى. مۇلايىم يۇزىگە جايلاشقان كۆك كۆزلەر ئۇنچىلىك مۇلايىم ئەمەس، كىيىنىشلىرىگە مۇناسىپ كەلمىگەن ھالدا ئويناق، شوخ ۋە تىنىمسىز. ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرى ئاپىسىنىڭ زېرىكمەي تەربىيەلىشى، ئىنگىرئانىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا تالىق، شۇلارغا مەنسۇپ، ئەمما كۆزلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ.

قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا يېرىم يۆلەنگىنىچە، يېڭى ئورناتقان دېرىزە ئەينىكىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىغا سىڭارىيان بېقىپ كۈلكە - پاراڭلار بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇلار بۇ يىل ئون توققۇز ياشتا. بويلىرى ئېگىز، ئۇستىخانلىرىمۇ يوغان، بەدىنى چىڭ، يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن شوخلۇق ۋە بىر خىل تەمەننا چىقىپ تۇرىدۇ. ئىككىلىسىنىڭ ئۇچىسىدا كۆك چاپان، سېرىق شىم. چىرايلىرىمۇ بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوپئوخشاش.

سىرتتا غەربكە پېتىۋاتقان قۇياش دالانى نۇرغا چۆمدۈرگەن.

تاغقا يانداش تۇزلەڭلىكتە ئېچىلىپ كەتكەن ئاپپاق گۈللەر يېشىلچىلىق ئىچىدە تېخىمۇ يارقىن كۆرۈنەتتى. قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئېگىز، رەڭگى ئۇلارنىڭ چاچلىرىغا ئوخشاش قۇڭۇر كەلگەن ئىككى ئېتى پەيتوننىڭ شوتىسىغا باغلاقلىق تۇراتتى. نەگە بارسا ئىگىسىدىن ئايرىلمايدىغان بىر توپ تايغانلار ئاتلارنىڭ ئەتراپىدا ئويناقشىپ يۈرەتتى. سەل نېرىراقتا پەيتون بىلەن بىللە يۈرىدىغان يوغان بىر ئالا ئىت سۇنايلىنىپ ياتاتتى. بۇ، ئاقسۆڭەكلەر ئالاھىدە باقىدىغان ئىت بولۇپ، شۇ تۇرقىدا ئۇ ئىككى يىگىتنىڭ چاپسانراق قايتىپ كېتىپ تامىقىنى يېيىشىنى ساقلاپ تۇراتتى.

بۇ ئىتلار ۋە ئاتلار بىلەن قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بىر يېقىنلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلار ياش، ساغلام، ئەمما كاللا ئىشلەتمەيدىغان چىرايلىق، كۆركەم ۋە كەپسىز ھايۋانلارنىڭ ئۆزى ئىدى. ئىتلارمۇ قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاتلىرىغا ئوخشاش روھلۇق، ئازراق خەتەرلىكلىكمۇ بار، ئەمما باشقۇرۇشنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك ياۋاش ۋە ئۇماق ئىدى.

كارىدوردا ئولتۇرغان بۇ ئۈچ ياش باي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىن تارتىپ مالايلارنىڭ ئەتىۋارلاپ كۈتۈشى بىلەن چوڭ بولغان. لېكىن، چىرايلىرىدىن ئەركىلىك، ھورۇنلۇق چىقىپ تۇرمايدۇ، ئۈمۈرۋايەت دالادا ياشاۋاتقان، كىتاب ئوقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان سەھرالىقلاردەك قوپال ۋە تېتىك. شىمالىي جورجىيەنىڭ كىلايتون ناھىيەسىدىكىلەر يېڭى ئېچىلغان يەرلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە بولۇپ، ئائۇگوستا، ساۋاننا، چارلېستوندىكىلەرگە قارىغاندا خېلىلا ئارقىدا ئىدى. جەنۇبتىكى بىر قەدەر ئىلگىرى كەتكەن ئاھالىلەر ئىچكىرىدىكى جورجىيەلىكلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئەمما، جورجىيەلىكلەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ يوقلۇقىنى نومۇس دەپ

بىلمەيتتى، بىر نەچچە مۇھىم ئىشلاردىلا چېۋەر بولساق بولىدى، دەپ قارايتتى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇھىم ئىشلار: كېۋەزنى ياخشى تېرىش، ئات مىنىشكە ماھىر بولۇش، مەرگەن بولۇش، تانىسىنى ياخشى ئويناش، خوتۇن - قىزلار بىلەن مۇئامىلىدە ئەدەپلىك بولۇش، هاراقنى مۆتىۋەرلەرگە خاس سالاپەت بىلەن ئىچىش ئىدى.

بۇ قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار ئۇ ئىشلارغا ئىنتايىن ماھىر ئىدى، ئۇلارنىڭ كىتابتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشتىكى دۆتلۈكتىمۇ ئوخشاشلا ھەممىنىڭ ئالدى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئەتراپتىكى ھەممە ئادەمدىن باي، ئاتلىرى، قۇللىرى ھېسابسىز، ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ قورسىقىدىكى ئۇماچ كەمبەغەل قوشنىلىرىنىڭ باللىرىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ ئاز ئىدى.

شۇڭا، ئۇلار ئاپرېلنىڭ ئەڭ ياخشى كۈنلىرىنى ئەنە شۇنداق قۇرۇق پاراڭ بىلەن ئۆتكۈزۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار يېڭىلا جورجىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قوغلاندى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن تۆتىنچى قېتىم قوغلىنىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككى ئاكىسى توم بىلەن بويدمۇ ئىنىلىرىنى پاتۇرمىغان مەكتەپتە تۇرغۇسى كەلمەي، ئۇقۇشنى تاشلاپ قايتىپ كېلىشتى. ستۇئارت بىلەن بىرېنت ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى قېتىم قوغلىنىشىنى هار ئالماي، قىزىق بىر ئويۇن قاتارىدا كۆرۈشتى. سىكارلېتمۇ بۇلتۇر فايېتتېۋىل قىزلار مەكتىپىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ قولىغا كىتاب ئېلىپ باقمىغاچقا، بۇ ئىشنى ئۇلارغا ئوخشاشلا قىزىقارلىق ئىش قاتارىدا كۆردى.

— مەن ئىككىڭلارنىڭ مەكتەپتىن قوغلانغىنىڭلارغا ئانچە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىڭلارنى بىلەتتىم، توممۇ سىلەرگە ئوخشاشلا، — دېدى ئۇ، — بويد قانداقتۇ؟ ئۇ ئازراق بولسىمۇ بىلىم ئالسام دەيدىغان ئوخشايدۇ. ئەمما، ئىككىڭلار ئۇنى

ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ئالاباما ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، جەنۇبىي ئارولىنا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، ھازىر جورجىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ياندۇرۇپ كەلدىڭلار، بۇنداق قىلىۋەرسەڭلار، ئۇ ئوقۇشنى مەڭگۈ پۈتكۈزەلمەيدۇ.

— ئۇ فايېتتېۋىلگە بېرىپ سوتچى پارمالىدىن قانۇن ئۆگەنسىمۇ بولىدىغۇ، — دېدى بىرېنت خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بېرىپ، — بىزنىڭ قايتىپ كەلگىنىمىزمۇ بولدى، ھامان بۇ مەۋسۇم تۈگىگۈچە قايتىپ كېلىۋالاتتۇق.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇرۇش، ئەخمەق! ئۇرۇش چوقۇم پارتلايدۇ. سېنىڭچە، ئۇرۇش پارتلىغاندىمۇ مەكتەپتە قېلىشىمىز كېرەكمۇ؟

— ئۇرۇشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى سەن ئېنىق بىلىسەن، — دېدى سكارلېت قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، — ئۇ پەقەت ئېغىزدىكىلا گەپ. ئۆتكەن ھەپتە ئاشلېي ۋىلكېس بىلەن ئۇنىڭ دادىسى دادامغا، بىزنىڭ ۋاشىنگتوندىكى ۋەكىلىمىز لىنكولىن ئەپەندى بىلەن جەنۇب ئىتتىپاقى توغرۇلۇق بىر كېلىشىم تۈزمەكچى، دېگەندەك قىلدى. شىمالنىڭ ئالۋاستىلىرى بىزدىن قورقىدۇ، بىزگە ھەرگىز تېگەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇرۇش بولمايدۇ. ئۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلىپ نېمە قىلىمىز، مەن بۇ گەپلەردىن شۇنچىلىك بىزار.

— ئۇرۇش راستلا بولماسمۇ! — قوشكېزەك ئاكا-ئۇكىلار خۇددى ئۆزلىرى ئالدىنىپ قالغاندەك توۋلاپ كېتىشتى.

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇرۇش چوقۇم بولىدۇ، — دېدى ستۇئارت، — شىمالنىڭ ئالۋاستىلىرى بەلكىم بىزدىن قورقىدىغاندۇ. ئۇلارنى ئالدىنقى كۈنى گېنېرال پولگى سامتېر قەلئەسىدىن قوغلاپ چىقاردى، بۇنىڭغا ئۇلار چىداپ تۇرالماي ئۇرۇش قىلدى. بولمىسا قورقۇنچاقلىق قىلغىنى ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشىدىغان گەپ. جەنۇب ئىتتىپاقى دېگەن نېمە ئۇ ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىكارلېتتىنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالدى.

— ئۇرۇشنىڭ گېپىنى يەنە قىلىدىغان بولساڭلار، ئىشىكنى تاقاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىمەن. مەن «ئۇرۇش» دېگەن بۇ سۆزگە ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك ئۆچ بولمىغان. دادامۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئۇرۇش، ئۇرۇشلا دەيدۇ، ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئاغزىدىمۇ شۇ گەپ. بەزىدە بۇ گەپتىن بىزار بولۇپ ئۆيدىن توۋلاپ چىقىپ كەتكۈلىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە يىگىتلەر مۇشۇ گەپنىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ئارمىيەسىنىڭلا گېپىنى قىلىشىدۇ. بۇ يىل باھاردىكى ھەممە ئولتۇرۇشلاردا بىرەر قىزىقراق گەپ ئاڭلىماپتىمەن، يىگىتلەرمۇ ھازىر ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى جورجىيە بۇ يىل مىلاد بايرىمىدىن كېيىنلا ئىتتىپاقتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكۈدەك، بولمىسا مىلاد بايرىمى ئاخشىمى بىر تىيىن بولاتتى. ئۇرۇشنىڭ گېپىنى يەنە قىلىدىغان بولساڭلار ھازىرلا ئۆيگە كىرىپ كېتىمەن.

ئۇ دېگىنىنى قىلاتتى، چۈنكى ئۆزىنى دەۋر قىلمىغان ھەر قانداق سۆھبەت ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايتتى. ئۇ خاپا بولسىمۇ، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى، كۈلكە ئۇنىڭ چىرايلىق زىنىخلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرەتتى. كۈلكە بىلەن تەڭ ئۇ قاپقارا، يىرىك، خۇددى كېپىنەكنىڭ قانىتىغا ئوخشايدىغان كىرپىكلىرىنى تېز - تېز قېقىپ قوياتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىگە مەپتۇن بولۇپ قاراپلا قېلىشتى، ئۇنىڭ كۆزلىگىنىمۇ شۇ ئىدى. يىگىتلەر ئەمدى ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەسلىك توغرۇلۇق ئالدىراپ ۋەدىلەر بېرىشتى، ئۇنى ئۇرۇشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن قىلچە كەمسىتمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىشتى. ئۇرۇش ئاياللارغا ئەمەس، ئەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭ ئۇرۇشقا بولغان قارشىنى ئاياللىق خاراكتېرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، دەپ بىلىشكەنىدى.

سىكارلېت ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۇرۇش تېمىسىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئەمەلىي گەپكە كۆچتى.

— ئاپاڭلار مەكتەپتىن قوغلانغىنىڭلارغا نېمە دېدى؟

يىگىتلەر خىجىل بولغاندەك بولۇشۇپ، ئاپىسىنىڭ بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن چاغدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتى.

— ئاپام تېخى بىزگە گەپ قىلغۇدەك بولمىدى، — دېدى ستۇئارت جاۋاب بېرىپ، — بۈگۈن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە توم ئۈچىمىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتۇق. توم يېرىم يولدا باندانىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، بىز بۇياققا ماڭدۇق.

— تۈنۈگۈن ئاخشام قايتىپ كەلگىنىڭلاردىمۇ ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟

— تۈنۈگۈن ئامىتىمىز بار ئىكەن، بىز كېلىشتىن سەل بۇرۇن ئاپام كىنتاستىن سېتىۋالغان ئارغىماقنى ئېلىپ كېلىشكەنىكەن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ بىلەن بولۇپ كەتتى. سىكارلېت، ئۇ ئاتنى كۆرسەڭ ھەيران قالىسەن، داداڭغا دېگىن، چاپسان بېرىپ كۆرۈپ كەلسۇن. يولدا ئېلىپ كەلگۈچە ئات باقارىمىزنى چىشلىۋاپتۇ. ئاپامنىڭ ئىككى نېگىر قۇلىنىمۇ تېپىۋېتىپتۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئاپامنىڭ قېرى ئارغىمىقىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى قىل قاپتۇ. ئۆيگە كەلسەك ئاپام ئۇ ئاتقا قەنت بېرىۋېتىپتىكەن. قەنتنى يەپ سەل جىمىپ قالغاندەك بولدى. قۇللىرىمىز قورقۇپ نېرى تۇرۇشىدۇ، ئاپام خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆينىڭ ئادىمىدەك پاراڭلىشىۋاتىدۇ. ئات كۆندۈرۈشكە كەلگەندە ئاپامغا يېتىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ئۇ بىزنى كۆرۈپ قېلىپ: «ۋاي خۇدايىم، تۆتىڭ يەنە قايتىپ كېلىشتىڭمۇ؟ سىلەر مىسىرنىڭ ۋاباسىدىنمۇ ئۆتە يىرگىنچلىكقۇ» دەپ قويدى. ئات بىزنى يات كۆرگەندەك پۇشقۇرۇپ قويۇۋىدى، ئاپام دەررۇلا: «بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش، بۇ ئارزۇلۇقنىڭ خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى

كۆرۈشمىدىڭمۇ؟ مەن سەن تۆتىڭنىڭ خىزمىتىدە ئەتە ئەتىگەندە بولاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇخلاپ قالدۇق. بۈگۈن ئەتىگەن ئاپام ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە، بويدنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ ئۇچمىز قېچىپ چىقتۇق.

— ئاپاڭلار بويدنى ئۇرارمۇ؟ — سىكارلېت جىۋەك تارلېتون خانىمنىڭ ئېغەككە تاقاشقان ئوغۇللىرىغا هازىرمۇ شۇنداق قوپاللىق قىلىدىغانلىقىنى، زۆرۈر دەپ بىلگەندە ئۇلارنى قامچا بىلەن ساۋايدىغانلىقىنى بىلەتتى، سىكارلېتمۇ ھەم باشقىلارمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى خوپ كۆرمەيتتى.

بېئاترىس تارلېتون ئالدىراش ئىدى، قولىدا تۆرت ئوغۇل ئىككى قىز بالا، سەككىز بالا، ئېشتات بويىچە بىر دېگۈدەك ئات فېرمىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى يامان بولۇپ، ھە دېسىلا تۆت ئوغلى بىلەن سوقۇشۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ ھەرقانداق بىر ئېتىنى، قولىلىرىنى خەققە تاك ئېتىپ چەكتۇرمەيتتى، ئەمما باللىرىنى بولسا پات - پات ساۋاپ تۇراتتى، بۇنى تېخى باللىرىغا پايدىلىق، دەپ قارايتتى.

— ئۇ بويدنى ئۇرمايدۇ، مۇشۇ كەمگىچە بىر قېتىممۇ ئۇرۇپ باقمىدى. ھەممىمىزدىن چوڭ ھەم بويى پاكار بولغاچقا شۇنداق قىلامدىكىن، — ستۇئارت شۇ گەپ بىلەن ئۆزىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنى كۆز - كۆز قىلىۋالدى. — شۇڭا بىز ئۇنى ئاپامغا جاۋابىنى بەرسۇن، دەپ ئۆيگە قويۇپ قويدۇق. خۇدا تۇرۇپتۇ، ئاپام ئەمدى بىزنى ئۇرمىسا بولاتتى. بىز ئون توققۇزغا، تۇم يىگىرمە بىرگە كىردى. ئاپام بولسا بىزنى ھېلىغىچە ئالتە ياشلىق بالىنى باشقۇرغاندەك باشقۇرىدۇ.

— ئاپاڭ ئەتە ۋىلكېسلارنىڭ باراۋىتىگە بارغاندا ئاشۇ ئارغىماقنى مىنىپ بارامدىغاندۇ؟

— شۇنداق قىلىدۇ. ئەمما، دادام ئاپامغا ئۇ ئاتنى مىنمە، خەتەرلىك، دېدى، قىزلارمۇ ئۇنىمايدۇ. ئۇلار ئاپامنى ئېسىلزادىلەرگە ئوخشاش پەيتونغا ئولتۇرۇپ بارسۇن دېيىشىۋاتىدۇ.

— ئەتە يامغۇر يېغىپ قالمىسا بولاتتى، — دېدى سىكارلېت، — بىر ھەپتە بولدى، ھەر كۈنىلا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. باراۋەت دېگەن دالادا بولىدىغان نەرسە، يامغۇرنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆيدە بولۇپ قالسا ئىشىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.

— ئەتە ھاۋا چوقۇم ئوچۇق ھەم تومۇزدەك ئىسسىق بولىدۇ. سىتۇئارت، پېتىۋاتقان قۇياشقا قارىغىنا، مەن قۇياشنىڭ بۇنچىلىك قىزارغانلىقىنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان. پېتىۋاتقان قۇياش بىزگە ھاۋارايىدىن خەۋەر بېرىدۇ، كۆپىنچە ھالدا خاتا بولمايدۇ.

ئۇلار يىراقتا، ئوخارا ئائىلىسىنىڭ يېڭى ئاغدۇرۇلغان چەكسىز كېۋەزلىكىگە نەزەر تاشلىدى. قۇياش پىلىنت دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى تاغنىڭ كەينىدىكى قىپقىزىل شەپەق ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى، ئاپرېل ئېيىنىڭ كۈندۈزكى ئىسسىقىمۇ ئاستا - ئاستا سوۋۇپ، بىلىنەر - بىلىنمەس سالقىن تارتىپ قىلىۋاتاتتى.

بۇ يىل باھار بالدۇر كەلدى. ئىللىق يامغۇردىن كېيىن شاپتۇل چېچەكلىرى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. تاغ باغرىدىكى بالدۇر ئېچىلىدىغان گۈللەرمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ، دەريا بويلىرى بىلەن تاغ باغرى گۈل - چېچەككە پۈركەندى. تېرىلغۇ ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەندى. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىپقىزىل قاندەك ئاداققى نۇرلىرى جورجىيەنىڭ قىزىل تۇپرىقى ئۈستىدىكى ھەيدەلگەن يەرلەرنى قىزارتىۋەتكەنىدى. ئېچىرقاپ كەتكەن نەم تۇپراق كىشىلەرنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىگە كېۋەز ئۇرۇقلىرىنى چېچىشىنى كۈتۈپ ياتاتتى.

بۇ قىزىل تۇپراقلىق يەر ئىدى، يامغۇردىن كېيىن بۇ يەرلەر تېخىمۇ قىزىرىپ كېتەتتى. قۇرغاقچىلىق بولۇپ قالغانلاردىمۇ توپىسى ئوخشاشلا قىپقىزىل تۇراتتى. شۇڭا، بۇ يەر دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى پاختا ئېكىنزارلىقى ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە ئاپپاق چىرايلىق ئۆيلەر، ئاسايىشلىق يىللاردا ئېچىلغان تېرىلغۇ يەرلەر،

ساپسېرىق ئاقىدىغان دەريا سۇلىرى بار ئىدى، كىلىماتىمۇ مۆتىدىل، سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ پەرقى گەۋدىلىك ئىدى. ئېچىلىشنى كۈتۈپ ياتقان ۋە پات ئارىدا كېيىۋەز تېرىلىدىغان ئېتىزلىقلار قۇياشتىن ئىللىق نۇر ئېمىپ، خۇددى ۋىلىقلاپ كۆلۈپ ياتقان بوۋاقتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئېكىنزارلىقلارنىڭ ئەتراپى ئادەم ئېگىزى باسمىغان ئورمانلىق ئىدى، يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق چۈش ۋاقىتلىرىدىمۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچى گۆڭگا ۋە مۆزدەك سوغۇق بولۇپ، سىرلىق ھەم ئادەمگە ھۆرپىيىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بوش شىلدىرلاپ تۇرغان بەزى قارىغايلار قېرى ئادەملەردەك جىمىغۇر كۆرۈنەتتى. خۇددى بوش ئاۋازدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ تۇرۇپ: «ئېھتىيات قىل! ئېھتىيات قىل! سىلەر ئەسلىدە بىزگە تەئەللۇق ئىدىڭلار. بىز سىلەرنى يەنە قايتۇرۇپ كېلەلەيمىز!» دەپ تەھدىت سېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئۈچ ياش ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنى، ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى تۆمۈر جابدۇقلارنىڭ تاراڭشىشلىرى ۋە قۇللارنىڭ ئۈنلۈك كۈلكىلىرىنى ئاڭلىدى. قۇللار بىلەن ئات - ئۇلاغلار ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىشىۋاتاتتى. سكارلېتنىڭ ئاپىسى ئېللېن ئوخارانىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە گەپ قىلىۋاتقان مۇلايىم ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. ئۇ ئاچقۇچ تۇتقان چۆرە قىزنى چاقىرغانىدى، ئارقىدىنلا چۆرە قىزنىڭ «مانا مەن، خانىم» دېگەن جاۋابى ئاڭلاندى. ئارقا تەرەپتىكى ئاشخانىغا كېتىۋاتقان قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. ئېللېن ئۇ يەردە ئېتىزدىن قايتقان ئىشچىلارغا تاماق بۆلۈپ بېرەتتى. بىر ئازدىن كېيىن قاچا - قۇچىلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى ئاڭلاندى. تاماقفا، كېيىم - كېچەكلەرگە مەسئۇل ئەر چاكار پورك كەچلىك تاماقنىڭ ئۈستەللىرىنى قويۇپ بولدى.

ئۈستەللەرنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ بولغانلىقىنى بىلىشتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاپىسىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگۈسى يوق ئىدى، شۇڭا سكارلېتنىڭ كەچلىك تاماقنى مۇشۇيەردە يەپ

كېتىڭلار، دېيىشىنى كۈتۈپ، كارىدوردا ئاستا مېڭىپ يۈرۈشەتتى.

— سىكارلېت، ئەتىكى ئىشلارنى مەسلىھەتلىشۋالايمىزمۇ، — دېدى بىرېنت ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ، — بىزنى ئەتىكى باراۋەتتىن خەۋىرى يوق، دېگەن باھانە بىلەن كەچتە تانسا ئويناتماي قالمىغىن يەنە. باشقىلارغا ۋەدە بېرىپ قويمىغانسەن؟

— ۋەدە بېرىپ قويغان. مەن سىلەرنىڭ باراۋەتكە ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭلارنى نەدىن بىلەي؟ سىلەرنى كېلىپ قالسىدى دەپ بىر چەتتە ئېڭىكىمنى يۆلەپ ئولتۇراتتىممۇ؟

— ئېڭىكىمنى يۆلەپ؟ — ئىككى يىگىت قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ماڭا قارا، سۆيۈملۈكۈم، بىرىنچى ۋالىسنى مەن بىلەن، ئەڭ ئاخىرقىسىنى ستۇئارت بىلەن ئوينايسەن. ئاندىن بىز بىللە تاماق يەيمىز. تاماق يەپ بولۇپ ئۆتكەن قېتىمقىدەك، پەلەمپەينىڭ تەكچىسىدە تۇرۇپ جىنسى ئانىغا پال ئاچتۇرىمىز.

— مېنىڭ جىنسى ئانىغا پال ئاچتۇرغۇم يوق. ئۆتكەندە ئۇ مېنى، چاچلىرى قارا، پارقىراپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن قارا ساقاللى بار بىرسىگە تېگىسىز، دېدى. مەن قارا چاچلىق ئەرلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— ئەمىسە، قەدىرلىكىم، قىزىل چاچلىق يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن ـ دە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى بىرېنت كۈلۈپ كېتىپ، — سەن بىزگە ھەممە ۋالىسنى بىز بىلەن ئويناشقا، ئاندىن بىللە تاماق يېيىشكە ۋەدە بەرگىن.

— ئەگەر ماقۇل دېسەڭ، ساڭا بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بېرىمىز، — دېدى ستۇئارت.

— نېمە؟ — سىكارلېت «مەخپىيەتلىك» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، كىچىك باللارغا ئوخشاش بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— ستۇر، تۈنۈگۈن ئاتلانتادا ئاڭلىغان خەۋەرنى دەمسەن؟ ئەگەر شۇ بولسا، ئېسىڭدە بولسۇن، بىز ئۇ ئىشنى ھېچكىمگە

تىنماسلىققا سۆز بەرگەن.

— ياق، پىتتىي خانقىز بىزگە ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى ئىشنى دەۋاتىمەن.

— كىم قىز؟

— سەنمۇ بىلىسەن، ئۇ ئاشلېي ۋىلكېسنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى، ئىسمى پىتتىيپات خامىلتون، چارلېس بىلەن مېلانىيەنىڭ ھاممىسى، ئاتلانتادا ئولتۇرىدۇ.

— ئۇ ئايالنى بىلىمەن، ئۇچىغا چىققان ئەخمەق خوتۇن. مەن ئۇنىڭدەك ئەخمەق خوتۇننى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان.

— توغرا، تۇنۇگۈن بىز ئاتلانتادا پويىز ساقلاپ تۇرساق، ئۇ پەيتونىغا ئولتۇرۇپ شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىكەن، بىزنى كۆرۈپ توختاپ، ئەتە ۋىلكېستىكى باراۋەتتە مۇھىم بىر توي ئىشى جاكارلىنىدۇ، دېدى.

— ھە، بۇ گەپنى مەنمۇ ئاڭلىغان، — دېدى سىكارلېت لەسسىدە بولۇپ، — ئۇ خوتۇننىڭ جىيەنى چارلى خامىلتون بىلەن خانىي ۋىلكېسنىڭ تويى. ئۇلارنىڭ تويى بولىدۇ دېگەنگە نەچچە يىل بولدى. چارلى بۇ تويغا تازا قىزغىن ئەمەستەك قىلىدۇ.

— سەن ئۇنى ئەخمەق دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى بىرىنت، — بۇلتۇر مىلاد بايرىمىدا ئۇ سېنىڭ ئەتراپىڭدىن كېتەلمىگەنىدى.

— مەن ئۇنى نېرى كەت دېيەلمەيمەن - دە، — سىكارلېت پىسەنت قىلمىغاندەك گەپ قىلدى ۋە مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى، — ماڭا ئۇ ئازراق قىز بالا مىجەز كۆرۈنىدۇ.

— ئەتە جاكارلىنىدىغىنى ئۇنىڭ تويى ئەمەس، — دېدى سىتۇئارت مەغرۇر قىياپەتتە، — ئاشلېي بىلەن چارلىنىڭ سىڭلىسى مېلانىيە خان قىزنىڭ تويى.

سىكارلېتنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەڭگى ئۆزگەرمىدى، ئەمما كالپۇكلىرى ئاقىرىپ كەتتى. خۇددى تۇيۇقسىز بېشىغا توقماق تېگىپ، بىرنەچچە سېكۇنتقىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى

ئاڭقىرالماي قالغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى. ستۇئارتقا تىكىلىپ تۇرغان چىرايى تىنچ ئىدى. بىر ئىشلارنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز بولغان ستۇئارت ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ، سكارلېت بۇ ئىشقا ھەيران قالدى ھەم ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلدى، دەپلا ئويلىدى.

— پىتتىي خانقىز بىزگە يەنە ئۇلارنىڭ ئەسلىدە توي ئىشىنى كېلەر يىلى جاكارلىماقچى بولغانلىقىنى، لېكىن مېلانىيەنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇش-نىڭ گېپى كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ تويىنى بالدۇرراق قىلىۋېتىشنى مەسلىھەتلەشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، توي ئەتە جاكارلىنىدىكەن. سكار، بۇ مەخپىي ئىشنى ساڭا دەپ بەردۇق، ئەمدى بىز بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇشقا ماقۇل دەيدى-غانسەن.

— ئەلۋەتتە، ماقۇل دەيمەن، — دېدى سكارلېت ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا.

— ھەممە ۋالسىنىمۇ بىز بىلەن ئوينايسەنغۇ؟

— شۇنداق، ھەممە ۋالسنى.

— يارايسەن سكار. ئەمدى باشقا يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان بولدۇق - دە.

— بولسا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسۇن، ئۇ خەق، — دېدى برېنت، — ئىككىمىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمىز، ئەتە چۈشتىن بۇرۇنقى باراۋەتتىمۇ بىز بىلەن بىللە ئولتۇرغىنا، ماقۇلمۇ؟

— نېمە؟

ستۇئارت بۇ ئۆتۈنۈشنى يەنە تەكرارلىدى.

— ئەلۋەتتە.

ئاكا - ئۇكا ئىككىسى ئىچىلىرى تاتلىق بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. لېكىن، ئۇلار يەنە بۇ ئىشقا ھەيرانمۇ بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى، سكارلېت كەينىگە چۈشۈشلىرىگە يول قويغان

يىگىتلەر، دەپ بىلىسىمۇ، لېكىن بۈنىڭدىن ئىلگىرى بۇ شەرەپكە بۆگۈنكىدەك ئاسان ئېرىشىپ باقمىغانىدى. ئادەتتە سىكارلېت ئۆلارنى كۆپ يالۋۇرتقۇزاتتى، ئۆلارنىڭ تەلەپلىرىگە ئېتىبارسىز قارايتتى، ئېنىق بىر جاۋاب بەرمەيتتى، ئۆلار رەنجىسە كۈلەتتى، ئاچچىقلانسا تۈتۇلۇۋالاتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنداق بولمىدى، ئەتىكى ھەممە پائالىيەتلەردە ئۆلار بىللەن بىللە بولۇشقا ــ بىللە ئولتۇرۇشقا، بىللە ۋالىس ئوينىشىقا (ئۆلار ھەممە تانسىنىڭ ۋالىس بولۇشىنى تىلەيتتى) رازى بولدى، يەنە تېخى ئۆلارنى كەچلىك تاماققا ئېلىپ قالماقچىمۇ بولدى. بۇ ئىلتىپاتلار ئۈچۈن مەكتەپتىن يەنە بىر قېتىم قوغلانسىمۇ ئەرزىيتتى.

بۇ مۇۋەپپەقىيەت ئۆلارنى قىزغىنلىق ۋە ھاياجانغا چۆمدۈردى، ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشلىرىمۇ ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلدى. ئەتىكى زىياپەتتىن تارتىپ تانسا، ئاشلېي ۋىلكېس بىلەن مېلانىيە خامىلتوننىڭ تويلىرىغىچە سۆزلەپ، بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي دېيىشمىگەنلىرى قالمىدى. چاقچاقلار قىلىشتى. ئارقىدىن قاقاھلاپ كۈلۈشلەر بولدى. شۇ تەرىقىدە خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆلار سىكارلېتنىڭ گەپ قىلىشقا ھەپىسىلىسى يوق، خىيال بىلەن جىمجىت ئولتۇرغانلىقىنى سېزىشتى، شۇندىلا كەيپىيات ئۆزگەردى، قانداق ئۆزگەردى، ئاكا ـ ئۇكىلار بىلىشمەيتتى، ئۆلارغا پەقەت باياتىندىن بېرىقى خۇشال كەيپىياتنىڭ يوقالغانلىقىلا مەلۇم ئىدى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلمىغاندەك ئىدى، ئەمما بەزى جاۋابلىرى خېلى ئەدەپلىك ئىدى. ئاكا ـ ئۇكىلار چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى بىلىپ سەل روھى چۈشتى، شۇنداقتىمۇ يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇپ باقتى، ئاخىر بولماي سائەتلىرىگە قارىشىپ، تەستە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

يېڭى ئاغدۇرۇلغان يەرلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدە قۇياش ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئورمانلىق گۈگۈم چۈشۈش

بىلەن تەڭ خىرەلىشىپ قىلىنىۋاتاتتى. قارلىغاچلار يەڭگىل قانات قېقىپ ئۇۋۇلىرىغا ئالدىرىشاتتى. غاز ـ ئۆردەكلەر غادىيىشقان، ئۇيان ـ بۇيانغا قاراشقان ھالدا ئۇۋۇلىرىغا ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى.

ستۇئارت «جىم» دەپ توۋلىدى. ئۇلار بىلەن بىر دىمەتلىك ئېگىز بىر نېگىر بالا شۇئان بىر ئۆيىنىڭ كەينىدىن يۇگۇرۇپ چىقىپ، باغلاقلىق ئاتلارنىڭ يېنىغا ماڭدى. جىم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان چاكىرى بولۇپ، خۇددى ھېلىقى ئىتلارغا ئوخشاش ئۇلار نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بىللە ئويناپتتى، ئۇن ياشقا كىرگەندە ئۇلارنىڭ رەسمىي چاكىرى بولدى. قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سكارلېت بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، ئەتە ئۇنى ۋىلكېسلارنىڭ ئۆيىدە ساقلايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ئاندىن ئىتتىك پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چىقىشتى.

ئۇلار توپىلىق يولدىن ئەگىلىپ تارا قورۇقى كۆرۈنمەيدىغان بىر يەرگە كەلگەندە بىرىنت ئېتىنى توختاتتى، ستۇئارتمۇ توختىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان نېگىر بالىمۇ يېتىپ كېلىپ توختىدى. تايغان ئىتلارمۇ توختاپ، دەرھال توپىلىق يولدا سۇنايلىنىپ يېتىشتى. ھەممىگە ھە دەيدىغان ياۋاش بىرىنتنىڭ چىرايى شۇبھىلەنگەن ھەم ئازراق ئاچچىقى كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشتە ئىدى.

ــ ماڭا قارا، ستۇر، ــ دېدى ئۇ، ــ ئۇ بىزنى كەچلىك تاماققا تۇتقاندەك قىلىۋىدىغۇ؟

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، ــ دېدى ستۇئارت جاۋاب بېرىپ، ــ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقسىكەن دېسەم، پەقەتلا ئۇ توغرۇلۇق زۇۋان سۇرمىدى. سەن دەپ باقە، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ــ مەنمۇ زادىلا چۈشىنەلمىدىم. مېنىڭچە، ئۇ بىزنى تاماققا ئېلىپ قېلىشى كېرەك ئىدى. نېمىلا بولسۇن، بىز تېخى

تونۇگۇنلا قايتىپ كەلدۇق، كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ ئۇزاق بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭغا دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گەپلىرىمىز بار ئىدى.

— بولمىسا، بايا بىز كەلگەندە ئۇ بىزنى خۇشال قارشى ئالغان.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان.

— كېيىن، يېرىم سائەتچە بولدىغۇ دەيمەن، خۇددى بېشى ئاغرىۋاتقاندەك، ئانچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى.

— ماڭىمۇ شۇنداقراق تەسىر بەردى، لېكىن ئېرەنشىمەپتىمەن. ئۇنىڭ نەرى ئاغرىپ قالغاندۇ؟

— ئۇقمىدىم. كۆڭلىگە كەلگۈدەك گەپ قىلىپ قويدۇقمۇ يا؟ ئىككىسى بىردەم ئويغا پاتتى.

— مەن تاپالمىدىم. سىكارلېت خاپا بولۇپ قالسا ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولاتتى، بەزى قىزلارغا ئوخشاش ئاچچىقىنى ئىچىگە سىڭدۈرۋالمايتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ شۇ يېرىنى ياخشى كۆرەتتىم. خاپا بولۇپ قالسا جىمىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس، ئىچىدىكى گەپلىرىنى دەپ - دەۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئىدى. ياق، چوقۇم بىزنىڭ بىرەر گېپىمىز ياكى ئىشىمىز ئۇنىڭغا ئارتۇق كەتتى، شۇنىڭغا ئۇ جىمىپ كېتىپ، بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك بولۇۋالغان گەپ. يېڭى بارغان ۋاقتىمىزدا شۇنچىلىك خۇشال ھەم بىزنى تاماققا تۇتۇپ قالىدىغاندەك تۇرغان ئادەم بىكاردىن - بىكارغىلا تۇتۇلۇپ قالامدۇ؟

— بىزنىڭ مەكتەپتىن قوغلانغىنىمىزغا شۇنداق بولۇپ قالدىمۇ يا؟

— ياقەي، ئۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ئۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندا، ئۇ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلمىدىمۇ؟ يەنە بىر گەپ، ئۇنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش كىتاب ئوقۇش بىلەن خۇشى يوق تۇرسا.

بىرپەت كەينىگە قايرىلىپ جىمنى چاقىردى.

— لەببەي؟

— سەن بىزنىڭ سىكارلېت خان قىز بىلەن قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ياق، بىرىنت ئەپەندى، نېمىشقا مىنى ئاق تەنلىك بەگزادىلىرىمىنىڭ گەپلىرىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىسىز؟

— قىلىۋاتقان گېپىنى قارا بۇنىڭ. سەن قارا زەڭگىلەر ھەممە ئىشنى بىلىشىسەن. شۇ گېپىڭنىڭ ئۆزى يالغان ئەمەسمۇ؟ مەن سېنىڭ كارىدوردىن ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ تام تۈۋىدىكى بىر تۈپ گۈلنىڭ يېنىدا زوڭ ئولتۇرغانلىقىڭنى كۆرگەن. بولدى، ئەمدى ئېيتە، بىز سىكارلېت خانقىز خاپا بولغۇدەك ياكى ئۇنى رەنجىتكۈدەك نېمە گەپ قىلدۇق؟

جېم شۇندىلا خاتىرجەم بولۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىردەم ئويغا پاتتى.

— سىلەرنىڭ ئۇنى رەنجىتكۈدەك گەپ قىلغىنىڭلارنى ئاڭلىمىدىم. ئۇياق سىلەر بىلەن خۇشال كۆرۈشتى، سىلەرنىڭ ئەندىشەڭلارنى قىلدى، قارىلىغاچتەك ۋىچىرلاپ زادىلا گەپتىن توختىمىدى. كېيىن سىلەر ئاشلىيي ئەپەندى بىلەن مىلانىيە خانقىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلدىڭلار. سىكارلېت خانقىز شۇ چاغدىن باشلاپلا سارنى كۆرگەن چۈجىدەك بىردىنلا جىمىپ كەتتى.

ئاكا - ئۇكا ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى، ئەمما بۇنىڭ تېگىدىكى سىرنى چۈشەنمىدى.

— جېم توغرا ئېيتىدۇ. لېكىن، بىلمىدىم، ئۇ نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالىدۇ؟ — دېدى سىتۇئارت، — ئاشلېينىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، ئۇلار پەقەت دوست، خالاس. ئۇنىڭغا قىزىقىپمۇ كەتمەيدۇ، قىزىقىدىغىنى بىز.

بىرىنت ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— يا بولمىسا، — دېدى ئۇ، — ئاشلىي ئۆزىنىڭ توي قىلمىدىغانلىقىنى باشقىلارغا دەپ ئۇنىڭغا دېمىگەن بولسا، يېقىن ئۆتتۇۋاتقان تۇرۇقلۇق ماڭا ئېيتماپتۇ، دەپ شۇنىڭغا رەنجىپ قالغانمىدۇ؟ قىزلار بۇنداق ئىشلارنى بىرىنچى بولۇپ ئاڭلاشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ ئەمەسمۇ.

— ئېھتىمال. بىراق، ئېيتمىسىمۇ ئەتە بەرىبىر ئاڭلايدىغۇ؟ ئۇ ئەتىگىچە سىر تۇتۇپ، ھەممە ئادەمنى بىراقلا ھەيران قالدۇراي دەپمۇ ئويلىغاندۇ. ئەر كىشى دېگەنىنىڭ ئۆزىنىڭ توي ئىشىنى مەخپىي تۇتۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ئېلان قىلغۇدەكمۇ ھوقۇقى بولمامدۇ؟ مېلانىيە خان قىزنىڭ ھاممىسى دېمىگەن بولسا بىزمۇ خەۋەرسىز يۈرۈۋېرەتتۇق. سكارلېتمۇ ئاشلىينىڭ مېلانىيەنى ئالمىدىغانلىقىنى بۇرۇن بىلەر بولغىيدى. بىزنىڭ بىلگىنىمىزگىمۇ بىرنەچچە يىل بولدىغۇ. ۋىلكېس ئائىلىسى بىلەن خامىلتون ئائىلىسىنىڭ مۇناسىۋىتى پەۋقۇلئاددە يېقىن بولغاچقا، ھەممىلا ئادەم خانىي ۋىلكېس مېلانىيەنىڭ ئاكىسى چارلېس بىلەن جەزمەن توي قىلغىنىدەك، ئاشلىي بىلەن مېلانىيەمۇ چوقۇم توي قىلىشىدۇ، دەپ يۈرۈشەتتى.

— بولدىلا، بۇ گەپنى قويايلى. مەن ئۇنىڭ بىزنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلمىغىنىغا ھازىرغىچە ئۆكۈنىمەن. راستىمنى ئېيتسام، مېنىڭ قايتىپ بېرىپ ئاپامدىن، مەكتەپتىن يەنە قوغلىنىشىپسەن، دەپ دەشنام يېگۈم يوق.

— بۇ چاغقىچە بويىد ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىپمۇ بولغاندۇ. ئۇ پاكارنىڭ گەپكە ئۇستىلىقىنى بىلىسەنغۇ، نەچچە قېتىم گەپ بىلەن ئاپامنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرغان.

— توغرا، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا جىق ۋاقتى كېتىدۇ. ئاپامنىڭ پىكىرلىرى خىرەلىشىپ، ۋاي بوپتۇلا، دېگۈچە گەپ قىلىدىغان گەپ ـ دە. لېكىن، ھازىر ئۇلار چوقۇم ئۇ گەپلەرنى تېخى قىلىشقۇدەك بولمىدى. ئاپام ھازىر ھېلىقى ئېتىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ. كەچلىك

تاماقتا ئولتۇرغاندا بويدنى كۆرۈپ، ئاندىن بىزنىڭ يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئېسىگە ئالىدۇ. تاماقنى يەپ بولمىغۇچە ئۇنىڭ ئاچچىقى بېسىلمايدۇ. شۇڭا، بويد ئۇنىڭغا سائەت ئوندىن كېيىن گەپ قىلالايدۇ. ھېلىمۇ مەكتەپ مۇدىرى ئىككىمىزنى تەڭ قايتۇرۇۋەتتى، ئەگەر بىرسىمىزنى ئېلىپ قالغان بولسا چاتاقنىڭ چوڭى چىقاتتى. شۇڭا، ئاپامنى ئىككىمىزنى تەڭ قايتۇرغىنى ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرىغا نەپرەت ياغدۇرىدىغان قىلىۋېتىش كېرەك. بويد ئۇنى يېرىم كېچىدىن بۇرۇن ئۇ ھالەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا بىز ئۆيگە يېرىم كېچىدىن كېيىن قايتىپ بارساق بولىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى قانداق قىلىشلىرىنى بىلمەي بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇلار شاش ئاتلاردىن، مۇشتلىشىشلاردىن، قوشنا قورۇقتىكىلەر بىلەن كالتەكلىشىشلەردىن قورقمايتتى، قورقىدىغىنى ئاپىسىنىڭ تىلى بىلەن قامچىسى ئىدى.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى، — دېدى بىرېنت، — ھازىر ۋىلكېسلارنىڭ ئۆيىگە بارايلى. ئاشلېي بىلەن قىزلار چوقۇم بىزنى كەچلىك تاماققا تۇتۇۋالىدۇ.

ستۇئارت سەل بىئارام بولغاندەك بولدى.

— ئۇ يەرگە بارمايلى، — دېدى ئۇ، — ئۇلار چوقۇم ئەتىنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ...

— توغرا، ئۇنى ئويلىماپتىمەن. ئۇ يەرگە بارساق راست بولمايدىكەن، — دېدى بىرېنت ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ.

ئۇلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ يەنە بىرئاز چاپتۇرۇپ ماڭدى. بۇلتۇر يازدا ستۇئارت ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىچە ئىندىيا ۋىلكېسنىڭ كەينىگە چۈشكەن، بۇنىڭغا ھەر ئىككىسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بوپتۇ، دېيىشكەن، ئىندىيا ئۆزىنىڭ ئېغىر بېسىق مىجەزى بىلەن ئۇنى بىرئاز خوتقا سالار دەپمۇ ئويلاشقانىدى. ئۇ قىز ستۇئارتقىمۇ ماس كېلەتتى، لېكىن بۇ

ئىشقا بىرىنت نارازى بولدى. ئۇمۇ ئىندىيانى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما ئۇنى تولىمۇ ياۋاش، ئادەتتىكىدەك قىز، دەپ ئويلاپ، ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارىتا زادىلا قىزغىن مۇھەببەت قوزغىيالمىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ سىتۇئارت بىلەن قارىشى ئوخشمايتتى. ئاكا - ئىنى ئىككىسىنىڭ مىجەزىدە پەقەت مۇشۇ بىر ئىشتىلا ئازراق پەرق بولغانىدى. بىرىنت ئاكىسىغا قىلچە ئۆزگىچىلىكى يوق بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قالدى، دەپ ئاچچىقى كېلەتتى.

كېيىن ئۇلار جونىبسبورودىكى سىياسىي نۇتۇق سۆزلەش چوڭ يىغىنىدا سىكارلېتنى بايقاپ قېلىشتى. ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىدىن تارتىپلا بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدى ھەم ئۇنى ياخشى كۆرۈشەتتى. سىكارلېت ئۇلارغا ئوخشاش ئات مىنەلەيتتى، دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقالايتتى، بۇ جەھەتتە ئوغۇل باللاردىن قېلىشمايتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ بايقىغىنى بۇرۇنقى سىكارلېت ئەمەس، ھازىرقى بويىغا يەتكەن، ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆزى چۈشىدىغان سىكارلېت ئىدى.

ئۇلار ئۇنىڭ بىر جۈپ يېشىل كۆزلىرىنىڭ قانداق ئويناپ تۇرىدىغانلىقىنى، كۈلگەندە زىنىخلىرىنىڭ قانچىلىك ئوماقلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، پۇت - قوللىرىنىڭ نەقەدەر نازۇكلۇقىنى، پۇتۇن بەدىنىگە مۇناسىپ ھالدا بەللىرىنىڭ شۇنچىلىك ئىنچىكىلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى ھەم ھېس قىلىشتى. ئۇلار ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغاندا، سىكارلېت قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن، ئۇلارمۇ سىكارلېت ئۆزلىرىنى قىرانىغا يەتكەن يىگىتلەر قاتارىدا كۆرگەنلىكىدىن تېرىسىگە سىغماي قېلىشقانىدى.

ئۇ كۈنى بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك بىر كۈن بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار پات - پات سىكارلېتنىڭ شۇنچىلىك گۈزەللىكىنى نېمىشقا بۇرۇن بايقىمىدۇق، دەپ ھەيرانلىق ئىچىدە بىر - بىرىدىن سورىشىدىغان بولدى، ئەمما ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن ئۇنى بايقاش شۇ كۈنىگىلا توغرىلىنىپ

قالغانلىقىغا توغرا بىر جاۋاب تاپالمىدى. سىكارلېتنىڭ مىجەزىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەرقانداق بىر يىگىتنىڭ بىرەر قىز بىلەن يېقىن بولۇپ كېتىشىگە چىدىمايتتى، شۇڭا سىتۇئارتنىڭ ئىندىيا بىلەن يېقىن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىماي قېلىپ، سىتۇئارتنىلا تارتىۋېلىشقا قانائەت قىلماي، بىرىنتىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىككىلىسىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى.

ھازىر ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ مۇھەببەت تورىغا چىڭ چىرمىلىپ، بىر مەزگىل كەينىگە كىرگەن ئىندىيانى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشكەندى. ئەگەر سىكارلېت ئىككىسىنىڭ بىرسىنى تاللىۋالسا، قالغان بىرسى قانداق قىلىدۇ؟ بۇنى ئاكا ـ ئۇكىلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيتتى. ئىككىسىنىڭ بىر قىزغا بولغان تونۇشىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈنلەيدىغان ئىش يوق ـ دە. بۇ ئەھۋال قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمىدى، بولۇپمۇ ئاپىسىنىڭ قاتتىق بېشى قاتتى. ئۇ ئايال سىكارلېتنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. «ئۇ ئالۋاستى ئىككىڭنىڭ قايسىسىنى تاللىسا، شۇنىڭ جېنىغا ۋاي، — دېگەنىدى ئۇ، — ئەگەر ئىككىلىڭنى تاللىسا، ئۇ چاغدا يۇتا ئىشتاتىغا بېرىپ مورمون دىنىغا ① مۇرىت بولۇشساڭ بولىدۇ شۇ. ئۇ سەن ئىككىڭنى يالغان نازلىرى بىلەن ئۇندەككە كەلتۈرۈۋېلىپ، ئاندىن كۈنداشلىق ئوتىدا بىر ـ بىرىڭنى يەيدىغان قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن.»

شۇ كۈنكى يىغىندىن كېيىن، سىتۇئارت ئىندىيانى كۆرسىلا بىر خىل بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ، ئىندىيانىڭ ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقىنى سېزىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ

① 1830 ـ يىلى ئامېرىكىدا پەيدا بولغان دىن. دەسلەپتە ئۇلار كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمنى يۈرگۈزگەن. بۇ يەردە ئۇ كۆپ ئەرلىك بولۇشنى دەۋاتىدۇ.

قويغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى، بۇ ئاق كۆڭۈل قىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ئەمما، سىتۇئارت ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولسا خىجىل بولۇپ، زادىلا تەبىئىي بولالمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە سىتۇئارت ئۆزى ئوت سالغان، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، شۇڭا دائىم ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئادەم قىلىدىغان قىلمىش ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئىچىدە ئۆزىنى جىملەپمۇ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىندىيانى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقلىق، پاك، بىلىملىك ۋە باشقا پەزىلەتلىرىگە قايىل ھەم بۇ جەھەتلىرىنى قاتتىق ھۆرمەت قىلىدۇ. يامان يېرى، سىكارلېتنىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىنى، تال چىۋىقتەك نازۇك، خۇش پىچىم غۇنچە بويىنى ئىندىيا بىلەن سېلىشتۇرۇپلا قالسا، ئىندىيا كۆزىگە تاياقتەك قاتتىق، چىرايى خۇنۇك كۆرۈنۈپ، لەسسىدە بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى چېچىشقا يېتىدۇ - دە.

— ئۇنداق بولسا كادىي كالۋېرتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كەچلىك تاماقنى شۇ يەردە يەيلى. سىكارلېت كاسلىننى چارلېستوندىن قايتىپ كەپتۇ، دەۋاتاتتى. ئۇ بەلكىم بىزگە سامتېر قەلئەسىنىڭ بىز ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن.

— كاسلىن ئۇنداق ئىشلارنى بىلمەيدۇ، بىلىدىغىنى تانسا ھەم ئاشنىلىرىنىڭ ئىشلىرى.

— ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ قۇرۇق گېپىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ كېلىمىز. ۋاقىتنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئۆيگە ئاپام ئۇخلاپ قالغاندا بېرىشىمىزغىمۇ ياخشى.

— ھە، بۇ بەلەن گەپ بولدى. مەن كاسلىننى ياخشى كۆرىمەن، ئۇ قىزىقلا قىز، ئۇنىڭدىن كارو رېت بىلەن باشقا چارلېستونلۇقلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايمىز. بىراق، ئۇنىڭ شىماللىق ئۆگەي ئانىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش جېنىمغا تېگىدۇ.

— ئۇنى ئۇنچىلامۇ يامان كۆرۈپ كەتمە، سىتۇر، ئۇنىڭ ھەر

ھالدا نىيىتى ياخشى.
— ئۇنى يامان كۆرگىنىم يوق. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. مېنىڭ ئىچىم ئاغرىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ. ئۇ ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ سېنى كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشتۈرىمەن دەپ، قىلغان گەپ - سۆزلىرى بىلەن قىلىقلىرى ئادەمنى بىزار قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ يەنە جەنۇبلۇقلارنى ياۋۇز چاغلايدىغان يېرىمۇ بار تېخى، ئاپامغا شۇنداق دەپتىكەن. ئۇ جەنۇبلۇقلاردىن قورقسا كېرەك. تۇرقى خۇددى ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرغان ئورۇق مېكىيانغا ئوخشايدۇ. كىم گەپ قىلسا قانىتىنى قېقىپ توۋلاپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ.
— ھەممىنى ئۇنىڭدىنلا كۆرمە. كادىنىڭ پۇتىغا ئېتىپ قويغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ.
— ئۇ چاغدا مەن مەست ئىدىم. بولمىسا ئۇنداق ئىشنى قىلامدىم دەيسەن، — ستۇئارت ئۆزىنى ئاقلىدى، — ئۇ ئىشقا كادې غۇم ساقلىمىدى، كاسلىن بىلەن رايفوردمۇ، كالۋېرت ئەپەندىمۇ ماڭا ئۆچلۈك قىلىشمىدى. پەقەت ئاشۇ شىماللىق ئالۋاستى مومايلا مېنى ياۋۇز، دەپ تىللاپ ئاللا - توۋا كۆتۈردى. يەنە تېخى مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ياۋايى جەنۇبلۇقلار بىلەن بىللە تۇرۇشى تولىمۇ خەتەرلىك، دېدى.
— ئۇنىڭدىن رەنجىشىمۇ ھاجەتسىز. ئۇ دېگەن شىماللىق ئالۋاستى، ئەدەپ - ئەخلاقنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۇنىڭ ئۆگەي ئوغلىنىڭ پۇتىغا ئېتىپ قويدۇڭ - دە.
— ئۇ ئىش ئۇنىڭ مېنى ھاقارەتلىشىگە ئاساس بولالمايدۇ. سەن ئاپامنىڭ ئۆز ئوغلى، تونى فونتائىن سېنى يارىلاندۇرۇپ قويغاندا، ئاپام ئاللا - توۋا كۆتۈردىمۇ؟ ياق. ئۇنىڭ دادىسى فونتائىن دوختۇرنى چاقىرتىپ كېلىپ ياراڭنى تاڭدۇردى، ئارقىدىن، تونى نېمىشقا مىلتىقنى توغرا قارىغا ئالالمىغاندۇ، دەپ قويدى. شۇ چاغدا تونىنىڭ قانچىلىك خىجىل بولۇپ كەتكىنى

ئېسىڭدىمۇ؟

ئاكا - ئۇكىلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئاپام راستلا تەدبىرلىك ئايال جۇمۇ، — دېدى بىرېنت ئاپىسىدىن مەمنۇن بولۇپ، — ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدا زادىلا خاتالىق يوق، ھەرقانداق چاغدا سېنى خەقنىڭ ئالدىدا يەرگە قارىتىپ قويمايدۇ.

— توغرا دەيسەن. ئەمما، بۈگۈن ئۆيگە بارغاندا بىزنى دادام بىلەن قىزلارنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتقۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن، — دېدى سىتۇئارت غەمكىن ھالدا، — ماڭا قارا، بىرېنت، مۇشۇ ئىش بىلەن بىز ياۋروپاغا بارالماي قېلىشىمىز مۇمكىن. ئاپام، ئەگەر مەكتەپتىن يەنە قوغلىنىپ كېلىدىغان بولۇشساڭ، ياۋروپاغا ساياھەت قىلىپ بارىمەن، دەپ خىيال قىلىشما، دېگەن.

— بارمىساق نېمە بوپتۇ. مەيلى ئەمەسمۇ، شۇنداقمۇ؟ ياۋروپانىڭ نېمىسى بار، شۇنچىلىك قىلغۇدەك؟ قەسەم قىلمەنكى، ياۋروپالىقلار بىزنىڭ جورجىيەدە يوق نەرسىدىن بىرسىنىمۇ كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بىزنىڭ ئاتلاردەك يۈگۈرۈك ئەمەس، قىزلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىزنىڭ قىزلاردەك ساھىبجامالىرى يوق. ھاراقلىرىنىمۇ دادىمىزنىڭ ھاراقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

— بىراق، ئاشلېينىڭ دېيىشىچە، ئۇلار تەرەپنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن مۇزىكىسى ئاجايىپ داڭلىق ئىمىش. ئاشلېي ياۋروپانى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ تەرەپنىڭ گەپلىرىنى كۆپ قىلىدۇ.

— سەن ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار مۇزىكا، كىتاب، مەنزىرە دېگەن نېمىلەرنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ. ئاپام، ئۇلار ۋىرگىنىيەلىك بولغاچقا شۇنداق، دەيدۇ. ۋىرگىنىيەلىكلەر ئاشۇنداق نەرسىلەرگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن.

— ئۇلار ئاشۇنداق ئامراق بولۇپ ئۆتىۋەرسۇنلا. ماڭا ياخشى ئات، ياخشى ھاراق، كەينىگە چۈشكۈدەك چىرايلىق قىز، چىشىغا

تېگىپ ئوينايدىغان سەت قىزلار بولسا بولىدۇ. ياۋروپاغا ئاشۇ خەقلەر بېرىپ ئوينىۋالسۇن ... ئۇ يەرگە بارالمايدىغان بولدۇق دەپ كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ هازىر بىز ياۋروپاغا بارغانمۇ بولايلى، ئۇ چاغدا ئۇرۇش پاشلىنىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ قايتىپ كېلەلمەيدىغان گەپ ــ دە. شۇڭا، مەن ئۇرۇشقا كەتسەم كېتىمەنكى، ياۋروپاغا بارمايمەن.

ــ مەنمۇ شۇنداق، قاچانلا بولسا ... هەي، بىرىنت، مەن كەچلىك تاماق يەيدىغان يەرنى تاپتىم. سازلىقتىن ئۆتۈپ ئابىل ۋىندىرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا، بىز تۆتىمىز قايتىپ كەلدۇق، هەربىي مەشىققە قاتنىشىمىز، دەيلى.

ــ بۇ ئوبدان مەسلىهەت بولدى، ــ بىرىنت خۇشاللىقىدا توۋلاپ كەتتى، ــ ئۇنىڭدىن ئارمىيە ئىچىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلايمىز، هەربىي كىيىملەرنى قانداق رەڭلىك رەختتە تىكمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز.

ــ فىرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭكىدەك كىيىم تىكىدىغان بولسا ئوخشىغىنىمىز شۇ. قىزىل خالتىغا ئوخشاش ئىشتاننى كىيىدىغان بولسام، ئۆزۈمنى قىز بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك سەزمەمدىمەن. ئۇ ئىشتان خوتۇن خەقلەر كىيىدىغان هېلىقىدەك قىزىل ئىشتانلارغا بەكمۇ ئوخشايدۇ.

ــ بەگزادىلەر، ۋىندىر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولىۋاتامسىلەر؟ ــ سورىدى جىم، ــ ئۇ يەرگە بارساڭلار چوقۇم ياخشى تاماق يېيەلمەيسىلەر. ئۇلارنىڭ ئاشپىزى ئۆلۈپ كەتكەن، ئورنىغا تېخى سېتىۋالغىنى يوق. تاماقنى بىر خوتۇنغا ئەتكۈزۈۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇ يەردىكى نېگىرلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ تامىقى ئېغىزغا ئالغۇسىز ئىكەن.

ــ ۋاي خۇدايىم! ئۇلار نېمىشقا يېڭى ئاشپەز سېتىۋالمايدىغاندۇ؟

ــ ئۇ شەرمەندە ئاق تەنلىك نامراتلارنىڭ نېگىرلارنى سېتىۋېلىشقا كۈچى يېتەتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە كۆپ بولسا

تۆتلا نىگىر بار.

جىمنىڭ گىپىدە ئاشكارا مەنىستىمەسلىك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى كاپالەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈز نەچچە قۇلى بار كاتتا ئائىلىدە تۇرۇۋاتقاچقا، بىرنەچچە قۇلى بار كىچىك قورۇقلارنىڭ خوجايىنلىرىنى كۆزگە ئىلمايتتى.

— مۇشۇ گىپىڭ ئۈچۈن تىرەڭنىي تەتۈر سويسا بولىدۇ سىنىڭ، — ۋارقىرىدى سىتۇئارت ئاچچىقى بىلەن، — ئابىل ۋىندىرنى «ئاق تەنلىك نامرات» دەيسىنا؟ ئۇ راست كەمبەغەل، ئەمما شەرمەندە ئەمەس. مەيلى نىگىر ياكى ئاق تەنلىك بولسۇن، كىمكى ئۇنى كەمسىتىدىكەن، مەن قاراپ تۇرالمايمەن. ئۇ پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئەڭ ياخشى ئادەم، بولمىسا ئۇنى ئارمىيە ئىچىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەمتى؟

— مەن ئۇ تەرەپلىرىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دىدى جىم خوجايىنى بىلەن تەڭ تۇرۇپ، — مەن ئۇلارنىڭ ئوفىستىرلارنى پۇلى بار ئادەملەردىن تەيىنلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان. پاسكىنا، پەسكەش ئادەملەرنى ئۇلار كۆزگە ئىلاتتىمۇ.

— ئۇ پەسكەش ئەمەس! سەن ئۇنى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىكى پەسكەشلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويماقچىمۇ؟ ئابلىنىڭ قولىدا پۇلى يوقلا يېرى بار. ئۇ چوڭ قورۇقنىڭ ئەمەس، كىچىك بىر قورۇقنىڭ خوجايىنى. شۇنىڭغا قارىماي، يېڭى ئەسكەرلىككە كىرگەنلەر ئۇنى ئوفىستىرلىككە كۆرسەتكەنىكەن. ساڭا ئوخشاش زەڭگىلەرنىڭ ئۇنى ـ بۇنى دەيدىغانغا ھەققىڭ يوق.

ئاتلىق باتالىيون ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا، جورجىيە ئىشتاتى قوشما ئىشتات تەركىبىدىن ئايرىلىپ چىققان كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ كۈندىن باشلاپ يېڭى ئەسكەرلەر ئۇرۇشنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كىلىۋاتاتتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ھازىرغىچە رەسمىي نامى يوق ئىدى. تەشكىلات نامى ۋە ئەسكەرلەر كىيىملىرىنىڭ رەڭگى توغرىسىدا ھەر كىمنىڭ ھەرخىل ئويلىرى بار ئىدى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ دىگىنىدىن ۋاز

كەچمەيتتى. نامدا بىرلىككە كەلگۈچە ھەممەيلەن ئۇنى «باتالىيون» دەپ ئاتاپ تۇرۇشىدىغان بولغانىدى.

باتالىيوننىڭ ئوفىستىرلىرىنى كۆپچىلىك سايلاپ چىقاتتى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە، مىكسىكا بىلەن سىمنور ئۇرۇشىغا قاتناشقان بىرنەچچە قېرى ئەسكەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھەربىي جەھەتتە تەجرىبىسى يوق ئىدى. ناۋادا كۆپچىلىك ياقتۇرمايدىغان ھەم ئىشەنمەيدىغان ئاشۇ قېرىلاردىن بىرەرىنى باتالىيونغا ئاتامان قىلىپ قويسا، ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنى مەنسىتمەسلىكى تۇرغان گەپ. كۆپچىلىك تارلېتون ئائىلىسىدىكى تۆت ئاكا ـ ئۇكا بىلەن باندا ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ھېچكىمنىڭ ئۇلارغا بۇ ئىشنى تۇتقۇزغۇسى كەلمەيتتى. چۈنكى، تارلېتوننىڭ ئۆيىدىكى باللار ھاراق بىلەن ئويۇنغا ئامراق، باندانىڭ ئۆيىدىكى يىگىتلەرنىڭ بولسا ئاچچىقى يامان، مىجەزى ئىتتىك ئىدى. نەتىجىدە ئاشلېي ۋىلكېس ئاتامان بولۇپ سايلاندى. ئۇ پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئاتقا ئىنتايىن چېۋەر ئىدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ باتالىيون ئىچىدە تەرتىپ ئورنىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. خۇگ كالۋېرتنى ھەممە ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇ پورۇچىك بولۇپ سايلاندى. سازلىقتىكى ئوۋچىنىڭ ئوغلى (ئۇ ئۆزى دېھقان) ئابېل ۋىندېر پود پورۇچىكلىققا كۆرسىتىلدى.

ئابېل تەمكىن، تەمبەل يىگىت ئىدى، ساۋاتسىز، ئەمما ئاق كۆڭۈل، باشقا يىگىتلەردىن چوڭراق ئىدى، ئاياللارنى ھۆرمەت قىلاتتى. «باتالىيون»دا يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىدىغان، تۆۋەنگە تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئىشلار پەقەتلا يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ دادىلىرى بىلەن بوۋىلىرىنىڭ كۆپى دېھقانچىلىق بىلەن بېيىغان ئادەملەر بولغاچقا، كۆزى كىچىك ئەمەس ئىدى. ئابېل «باتالىيون» بويىچە ئەڭ ياخشى مەرگەن بولۇپ، يەتمىش ـ سەكسەن مېتىر نېرىدا تۇرۇپ تىيىننىڭ كۆزىگە تەگكۈزەلەيتتى، دالا تورمۇشىغىمۇ پۇختا ئىدى: يامغۇردا ئوت ياقالايتتى، ئوۋ

ئوۋلىيالايتتى، سۇسىز يەردە سۇ تاپالايتتى. قىسقىسى، «باتالىيون» بويىچە قولىدىن ئەڭ ئىش كېلىدىغان يىگىت ئىدى. ھەممە ئادەم ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنى ئۇفىستېرلىككە كۆتۈردى. ئۇ بۇ شەرەپكە جىددىي قارىدى، كۆرەڭلىمىدى، بۇنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلدى. ئەمما، قوروق ئىگىلىرىنىڭ بەزى خانىملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇللىرى ئۇنىڭ توغۇلۇشىدىنلا ئىسىلزادە ئەمەسلىكىدەك بۇ پاكىتنى بولدىغا چىقىرىۋېتەلمىدى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بولسا شۇنداق قىلالىدى.

دەسلەپتە ئۇلار قوروق ئىگىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئەسكەر ئالدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى، قوراللىرى، كىيىملىرى ۋە كەينىدە يۈرىدىغان قۇللىرى بار ئىدى. ئەمما، كىلايتون يېڭى ئېچىلغان يەر بولغاچقا، بۇ يەردە پۇلدار قوروق ئىگىلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، شۇڭا كۈچلۈك بىر قوراللىق تەشكىلات قۇرۇش ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ، ئورماندىكى ئوۋچىلارنىڭ، تاغلىقلارنىڭ، ھەتتا كەمبەغەل ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ ئەسكەر ئېلىپ تولۇقلاش زۆرۈر ئىدى. كېيىنكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭمۇ باي قوشنىلىرىغا ئوخشاش ئۇرۇش قوزغالسا شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈسى كېلەتتى، ئەمما پۇلدىن قىينىلاتتى. دېھقانلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىڭ ئېتى بار ئىدى، كۆپلىرى قېچىر بىلەن يەر ھەيدەيتتى، ئۇلارنىڭ قېچىرىمۇ كۆپ بولمايتتى، كۆپ بولسا تۆت تۇياقلا بولاتتى. «باتالىيون» ئۇلارنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ قېچىرلارنى ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان يېرىدىن تارتىپ كېلىشكە بولمايدۇ - دە. بەزى كەمبەغەل ئاق تەنلىكلەرنىڭ بىردىن قېچىرى بولسا چوڭ گەپ ئىدى. ئورمانلىقلاردىكى ياكى سازلىقلاردىكى ئوۋچىلارنىڭ ئات تۇگۇل قېچىرلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت ئورماندىن چىقىدىغان ۋە ئوۋلىغان نەرسىلەر بىلەنلا جان باقاتتى، يىل بويى قولى پۇل كۆرمەيتتى، بازارغا كىرسە مالغا مال ئالماشتۇرۇپ چىقاتتى، ئات ھەم كىيىم تەييارلاش ئۇلار

ئۇچۇن مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار پۇلدار زېمىن ئىگىلىرىگە ئوخشاش تەكەببۇر ئىدى، پۇلدارلارنىڭ سەدىقە ئورنىدا بەرگەن نەرسىلىرىگە قىيا كۆزىنى سالمايتتى. شۇڭا، مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، سىكارلېتنىڭ دادىسى، جون ۋىلكېس، بوك مونرو، جېم تارلېتون (ئانگوس ماكئىنتوشتىن باشقىسى) قاتارلىق چوڭ - چوڭ قورۇق ئىگىلىرى پۇل چىقىرىشىپ «باتالىيون»نى تولۇق قوراللاندۇردى. قوراللاندۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن قوراللىنىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلاردىن باشلىدى. ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بولغاچقا، كېيىنكىلەر ئۇلار بەرگەن ئاتلار بىلەن كىيىملەرنى يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ، دېمەيلا قوبۇل قىلىشتى.

ئۇلار ھەپتىدە ئىككى قېتىم جونېسبوروغا يىغىلىپ مەشىق ئېلىپ باراتتى ۋە تەڭرىدىن ئۇرۇشنىڭ بالدۇرراق بولۇشىنى تىلەپ ئىبادەت قىلاتتى. ئېتى بارلار دالادا ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنى بويىچە ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشقىنى قىلىپ ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىن قېلىپ قالغان قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى، ئېتى يوقلار بىر چەتتە ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى ياكى بولمىسا قارىغا ئېلىشنى مەشىق قىلاتتى. ئۇلارغا ھېچكىم ئۆگەتمەيتتى. كۆپچىلىك جەنۇبلۇقلار كىچىكىدىن باشلاپلا مىلتىق بىلەن ھەپىلىشىپ ھەم ئوۋ بىلەن ئۆتكەن بولغاچقا، ھەممىسى دېگۈدەك مەرگەن ئىدى.

مەشىق تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار جونېسبورودىكى قاۋاقخانىلارغا يوپۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئويۇننى شۇ يەردە ئوينايتتى. قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان ئۇرۇش - تالاش باشلىنىپ، ئوفىستېرلار ئۆلگەن، يارىلانغانلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن تەرلەپ - پىشىپ يۈرەتتى. سىتۇئارت كادې كالۋېرتنى، تونى فونتائىن بىرېنتنى ئەنە شۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىقتا ئېتىپ قويغانىدى. ئۇ قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن قوغلىنىپ قايتىپ كەلگەن ۋاقتى بولۇپ،

«باتالىيون»مۇ دەل شۇ چاغدا قۇرۇلغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا قىزغىن ئالقىش قوشتى. لېكىن، ئاشۇ قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپىسى ئۇلارنى ئىشتات ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىشمەيسەن، دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار «باتالىيون»دىكى قىزغىن ھاياتنى ئەسلىمەي تۇرالمايتتى، شۇڭا «باتالىيون»دىكى چېپىشىش، ئېتىشىشلار ئۇچۇن ئوقۇۋاتقان ئوقۇشىنى تاشلىۋېتىشكە رازى ئىدى.

— ئەمىسە، بىز ھازىرلا ئابل تەرەپكە بارايلى، — دېدى بىرېنت، — ئوخارالارنىڭ كېچىكىدىن ئۆتۈپ، فونتائىنلارنىڭ يايلىقىدىن چۇشسەكلا ئۇ يەرگە يېتىپ بارىمىز.

— مەن ئۇ يەردە ئېغىزغا تېتىغۇدەك بىر نەرسە يېيەلمەيمەن، — دېدى جېم ئۇلارغا تازا قوشۇلماي.

— يەيدىغاننى تەمە قىلمايلا قوي، — دېدى سىتۇئارت مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — سەن ئۆيگە قايتىپ كەتمىسەڭ بولمايدۇ، بېرىپ ئاپامغا، بىزنى كەچلىك تاماققا ساقلىمىسۇن، دەپ ئېيتىپ قويىسەن.

— ياق، قايتمايمەن، — جېم قورقۇپ توۋلاپ كەتتى، — قايتمايمەن. قايتىپ بارسام ئۆلگۇدەك تاياق يەيمەن. ئاۋۋال مەندىن، بەگزادىلەر يەنە قانداق بولۇپ قوغلاندى؟ دەپ سورايدۇ. ئاندىن قېنى ئۇلار، نەگە كەتتى؟ دەپ سوراق قىلىدۇ. بىترىس خانقىز بار ئۆچىنى مەندىن ئېلىپ ماڭا يېپىشىدۇ. مەن بىلىمەن، خانىم ھەممىنى مەندىن كۆرىدۇ. ئەگەر سىلەر مېنى ۋىندېر ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارساڭلار، ئۇ چاغدا مەن سىلەر چىققۇچە ئورماندا سىلەرنى ساقلاپ دۇگدىيىپ ئولتۇرىمەن. ئۇ چاغدا كېچىلىك چارلىغۇچىلارنى مېنى تۇتۇۋالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. چارلىغۇچىلارنىڭ قولىغا چۇشۇپ قېلىشقا رازىمەنكى، ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان خانىمنىڭ قولىغا چۇشۇپ قېلىشنى خالىمايمەن.

ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئۇنىڭغا ھەم ئاچچىقى كەلدى ھەم

گىپىگە ھەيران قالدى.

— بۇ جاھىل دىگىنىنى قىلىپ، چارلىغۇچىلارغا ئۆزىنى تۇتۇپ بىرىشتىنمۇ يانمايدۇ. ئۇ چاغدا ئاپامغا تىخىمۇ گەپ تىپىلىپ، بىرنەچچە ھەپتىگىچە بىشىمىزنى ئوچاق قىلىۋىتىدۇ. بۇ زەڭگىلەرنىڭ راستىلا باش ئاغرىقى تولا خەق. بەزىدە قۇلدارلىق تۈزۈمىنى يوقاتماقچى بولغانلارنىڭ گەپلىرىنى توغرىمىكىنمۇ دەپ قالىمەن.

— ئۆزىمىز قورقۇپ بارالمايۋاتقان يەرگە بۇنى ئەۋەتىپ نىمە قىلىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇنى بىللە ئىلىپ كىتەيلى. ئەمما، بىر نەرسىگە دىققەت قىلىسەن، قارا زەڭگى، ناۋادا ۋىندىرنىڭ قۇللىرىنىڭ ئالدىدا يوغانچىلىق قىلىپ، بىز دىگەن غاز - توخۇلارنىڭ گۆشىنى يەيمىز، سىلەر توشقان گۆشى بىلەن ياكىيۇ يەيدىكەنسىلەر، دەيدىغان بولساڭ، ئاپامغا بىرىپ ئىيتىشتىن باشقا، سىنى ئۇرۇشقا ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئىلىپ بارمايمىز.

— مەن ئاشۇ ئەرزىمەس زەڭگىلەرگە يوغانچىلىق قىلىمەنمۇ؟ ياق، ئەپەندىلەر، مەنمۇ ئازراق قائىدە - يوسۇننى بىلىمەن. بىترىس خانقىز سىلەرنى ئەدەپكە ئۆگەتكەندەك مىنىمۇ ئۆگەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

— لىكىن، ئۇ ئۇچىلىمىزنى ئۆزىنىڭ دىگىنىدەك قىلالمىدى، — دىدى ستۇئارت، — ئەمىسە، يولىمىزغا ماڭايلى.

ئۇ ئاستىدىكى جەرەن ئىتىنى كۈچەپ بىر دىۋىتكەنىدى، ئات قاشادىن سەكرەپ ئۆتۈپ گىرالد ئوخارانىڭ زىمىنىغا چۈشتى. ئارقىدىن بىرىنتىمۇ ئىتىنى سەكرەتتى. جىمىنىڭ بۇنداق يەرلەردىن ئىتىنى زادىلا سەكرەتكۈسى يوق ئىدى، ئىككى غوجايىنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن، ئامال يوق ئۇمۇ سەكرەتتى.

ئۇچى گۈگۈم قوينىدا دەريا تەرەپكە قاراپ بىر خىلدا يۈرۈپ كەتتى. بىر چاغدا بىرىنت ئىنىسىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ماڭا قارا، ستۇر، سىنىڭچە، سكارلىت بىزنى كەچلىك تاماققا تۇتۇپ قالاتتىمۇ؟

— مەن چوقۇم شۇنداق قىلالايدىغان بولۇشۇم كېرەك. — مەن چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن، — دېدى سىتۇئارت جاۋاب بېرىپ، — سىپنىڭچە ...

# ئىككىنچى باب

قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار قايتىپ ماڭغاندا، سىكارلېت ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۇچە كەينىدە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن خۇددى چۇشەكەپ ئويغىنىپ كەتكەن ئادەمدەك گالدا ـ گۇلدۇك هالەتتە ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. يۈزى قېتىپ، قانداقتۇر بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. بايا ئۇ ئىككىسىگە ئىچىدىكى سىرىنى بىلىندۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن ئۇزاققىچە يالغان كۇلۇپ ئولتۇرغاچقا، ئىككى قوۋۇزى ئاغرىپ كەتكەنىدى. ئۇ هارغىن هالدا پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇردى. يۇرىكى خۇددى هازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىز، غەلىتە سىلىپ، قوللىرى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر بالا ـ قازا يۈز بېرىدىغاندەك يۈرىكى هېلىدىن ـ هېلى ئاغزىغا تىقىلاتتى، چىرايىنى ئازاب هەم تېڭىرقاش قاپلىۋالغانىدى. بۇ، ئەركە چوڭ بولغان، دېگىنىنى قىلىپ ئۆگەنگەن بىر قىزنىڭ چوڭ بىر خاپىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئاشلېي مېلانىيە خامىلتون بىلەن توي قىلماقچى!

بۇنىڭ راست ئىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ قوشكېزەكلەر چوقۇم خاتالاشقان. ئۇلار ئۇنىڭغا يەنە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ. ئاشلېي ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ياخشى كۆرمەيدۇ، هېچكىم ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ. چاشقانغا ئوخشاش كۆرۈمسىز مېلانىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغانمۇ ئادەم بولامدۇ؟ سىكارلېت مەنسىتمەسلىك بىلەن مېلانىيەنىڭ كىچىك بالىغا ئوخشايدىغان ۋىجىككىنە بەدىنىنى، دائىملا جىددىي كۆرۈنىدىغان ئادەتتىكىدەك

چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاشلىي ئۇنى بىرنەچچە ئايدىن بېرى كۆرمىگەنمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇلتۇر «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ مەرىكىدىن بۇيان، ئۇ ئاتلانتاغا كۆپ بولسا ئىككى قېتىم باردى. ياق، ئاشلىي مېلانىيەنى سۆيمەيدۇ. چۈنكى — ئۇ ئۆزىنىڭ پەرىزىدە ھەرگىز خاتالاشمايدۇ — ئۇ سىكارلېتنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى سىكارلېت، بۇنى ئۇ بىلىدۇ.

سىكارلېت نېگىر ئانىسىنىڭ قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك پۇتىنى چۈشۈرۈۋالدى، چىرايىدىكى جىددىيلىكنى يوقىتىپ ئىختىيارىيراق ئولتۇرۇشقا تىرىشتى. نېگىر ئانىسىغا ھەرگىز چاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايتتى. نېگىر ئانىسى ئوخارا ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىنى تېنىدىن تارتىپ روھىغىچە ئۆزىنىڭ دەپ بىلەتتى ھەتتا ئۇلارنىڭ سىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ سىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئازراقلا بىر سىرلىق ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەن ھامان، خۇددى ئاپشاركا ئىتتەك رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنى پۇراپ تاپماي قويمايتتى. سىكارلېت ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر بويىچە، نېگىر ئانىسىنىڭ تەلىپىنى دەررۇ قاندۇرمايدىغان بولسا، ئاپىسىغا چېقىشتۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ چاغدا ئاپىسىغا ھەممىنى دېيىش ياكى يالغاندىن بىر نېمىلەرنى توقۇش كېرەك.

نېگىر ئانىسى ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ تەمبەل كەلگەن ئايال بولۇپ، كۆزلىرى كىچىك، لېكىن ئۆتكۈر، چىرايى قاپقارا، سېپى ئۆزىدىن ئافرىقىلىق ئايال ئىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئوخارا ئائىلىسىگە بېغىشلىۋەتكەن بولۇپ، ئېللېنىنىڭ كۆچلۈك تايانچى، ئۈچ قىزنىڭ ھىماتچىسى، باشقا چاكارلارنىڭ ئەزرائىلى ئىدى. نېگىر بولسىمۇ، بۇ ئائىلىدىكى ئورنى يۇقىرى ئىدى، بەزىدە ھەتتا غوجايىنىنىڭ ئورنىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. ئۇ ئېللېن ئوخارانىڭ ئانىسى سولانگې روبېللاردىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغانىدى. سولانگې روبېللارد تولىمۇ لاتاپەتلىك، سوغۇققان،

قاڭشارلىق فىرانسۇز ئايال ئىدى، ئۆزىنىڭ باللىرى ياكى چاكارلاردىن كىمكى نالايىق ئىش قىلسا ئۇنى ئايىماي جازالايتتى. سىكارلېتنىڭ نېگىرئانىسى ئەسلىدە ئېللېننىڭ ئىنىكئانىسى بولۇپ، ئېللېن توي قىلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇ كىمنى ياخشى كۆرسە شۇنى قاتتىق باشقۇراتتى. سىكارلېتنى ياخشى كۆرگەچكە ھەم ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگەچكە، سىكارلېتنىڭ كەينىدىلا يۈرەتتى.

— ئۇ بەگزادىلەر قايتىپ كەتتىمۇ؟ ئۇلارنى نېمىشقا كەچلىك تاماققا تۇتۇۋالمىدىڭىز؟ مەن پوركقا ئېيتىپ، ئىككى كىشىلىك تاماقنى ئارتۇق تەييارلىتىپ قويغان. سىز قائىدە - يوسۇن دېگەننى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئۇلار ئۇرۇش توغرۇلۇقلا گەپ قىلىپ جېنىمغا تەگدى. ئۇلار بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇشقا تاقىتىم يوق، دادام بىلەن بىر يەردە بولسا، لىنكولىن ئەپەندىنىڭ گېپىنى تولا قىلىپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

— سىز ئەدەپسىزلىكتە چاكارلاردىن قېلىشمايۋاتىسىز، ھېلىمۇ سىزگە، ئاپىڭىز ئىككىمىز سۆزلەپ تۇرغىنىمىز. نېمىشقا مۈرىڭىزگە ياغلىق سېلىۋالمايسىز. ھازىرلا سوغۇق چۈشىدۇ. سىزگە كەچتە سوغۇق بولىدۇ، يېلىڭ يۈرسىڭىز زۇكام بولۇپ قالىسىز، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىم. چاپسان ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، سىكارلېت خېنىم.

سىكارلېت قەستەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ باشقا ياققا قارىۋالدى. نېگىرئانىسى سۆزلەپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمەي قالدى.

— ياق، مۇشۇيەردە ئولتۇرۇپ كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆرىمەن، نېمىدېگەن چىرايلىق. ياغلىقىمنى ئاچىقىپ بەرگىن. رەنجىمىسەڭ، مۇشۇيەردە ئولتۇرسام. دادام قايتىپ كەلگەندە، ئاندىن ئۆيگە كىرىپ كېتىمەن.

— ئاۋازىڭىزدىن زۇكامداپ قالغاندەك قىلىسىز، — دېدى

نىگىرئانا سەل گۇمانلىنىپ.
— ھە، ياقەي، — دېدى سىكارلېت سەل بىزار بولغانـدەك قىلىپ، — چاپسانراق ياغلىقىمنى ئاچىقىپ بەرگىنچۇ.
نىگىرئانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ چاكار لوشانى تووۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— لوشا، سىكارلېت خېنىمنىڭ قىلىن ياغلىقىنى چۆرۈۋەتكىن، — ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — يارىماس زەڭگى، دائىم مۇشۇنداق، ھېچ ئىشقا كارغا كەلمەيدۇ، يەنە ئۆزۈم چىقىدىغان بولدۇم.
سىكارلېت پەلەمپەينىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاستا ئورنىدىن قوپتى. موماي چىقىدىغان بولسا، قائىدە - يوسۇننى بىلمەيسەن، دەپ يەنە بىرمۇنچە ۋاتىلدايتتى. سىكارلېتنىڭ ھازىرقى كەيپىياتىدا ئۇنداق ۋاتىلداشلارنى پەقەتلا ئاڭلىغۇسى يوق. ئۇ نەگە بارسا ئازابىنى يەڭگىللىتىپ ئازراق ئارام ئېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاۋېتىپ، بىردىنلا جانلىنىپ قالدى، ئۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد پەيدا بولغانىدى. دادىسى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ۋىلكېس ئائىلىسىنىڭ قورۇقىغا غوجىدارى پوركنىڭ سىمىز خوتۇنى دىلسېينى سېتىۋالغىلى كەتكەنىدى. دىلسېي ئۇ قورۇقنىڭ ئايال قۇللىرىنىڭ بېشى ھەم تۇغۇت ئانىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا ئالتە ئاي بولغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى پورك غوجايىنىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، خوتۇنىنى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سوراپ كېلىۋاتاتتى. گېرالد ئوخارا ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي، ئاخىر دىلسېينى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە مەسلىھەتكە كەتكەنىدى.
سىكارلېت دادىسىنى بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى چوقۇم بىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىمىغان تەقدىردىمۇ، بەزى ئالامەتلەرگە قاراپ ۋىلكېس ئائىلىسىدە بىرەر خۇشاللىق ئىشنىڭ بارلىقىنى سەزگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. دادامنى كەچلىك

تاماقتىن ئىلگىرى بىر ئۆزۈم ئۇچراتسام، ئۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ماڭا ئەدەپسىزلىك بىلەن چاقچاق قىلغانلىقىنى بىلىشىمۇ مۇمكىن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

گېرالدنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇنى يالغۇز ئۇچرىتىمەن دەيدىكەن، چوڭ يولغا چىقىدىغان ئېغىزغا بېرىپ ساقلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا پەلەمپەيدىن چۈشتى، نېگىر مومايىنى دېرىزىدىن قاراۋاتقان بولمىسۇن يەنە دەپ، كەينىگە قايرىلىپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ ئاق ياغلىق چىگىۋالغان قاپقارا يۈزىنى ئۇ يەردە بايقىمىغاندىن كېيىن، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ، يۈرەكلىك ھالدا ھارۋا يولى بىلەن ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى.

ھارۋا يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قويۇق ئارچا دەرەخلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ، ئۆڭكۈردەك ئۇزۇن بىر كارىدور ھاسىل قىلغانىدى. سكارلېت بۇ گۇڭگا كارىدور ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنى خاتىرجەم سەزدى، چۈنكى ئۆيدىكىلەر ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيتتى. مەيدىسىنى بەكرەك تىڭىۋەتكەچكىمۇ، يۈگۈرگەندە قاتتىق ھاسىراپ كېتەتتى. ھازىر يۈگۈرمىسىمۇ، تېز ـ تېز مېڭىپ چوڭ يولغا چىقىۋالدى. چوڭ يولنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدىكى بۈككىدە بىر دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندىلا، ئاندىن قەدىمىنى توختاتتى. ئەمدى ئۇنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى كۆرەلمەيتتى.

ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەن، ھاسىرىشى تېخىچە بېسىلمىغانىدى. ئۇ بىر كۆتەكتە ئولتۇرۇپ دادىسىنى ساقلىدى. باشقا چاغلاردا دادىسى بۇ كەمگىچە كېلىپ بولاتتى. بۈگۈن كېچىكىپ قالغىنىمۇ بولدى، دادىسى كەلگۈچە ئازراق دېمىنى ئېلىۋالىدۇ، يۈزىدىكى قىزىللىقمۇ يانىدۇ، دادىسىدىمۇ گۇمان تۇغۇلمايدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ئېتىنى ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن ساقلاپ ئولتۇراتتى. ۋاقىت مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئۆتمەكتە، لېكىن

دادىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ ھە دەپ چوڭ يولغا بويۇنداپ قاراپ، دادىسىنىڭ قارىسىنى ئىزدەيتتى، كۆرۈنمىگەنسېرى كۆڭلىدىكى ئازاب شۇنچە كۈچىيەتتى.

«ئاھ، ئۇ مۇمكىن ئەمەس، — ئويلايتتى ئۇ، — ئۇ نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟»

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتىگەندە ياغقان يامغۇر ئېقىتىپ كەلگەن قىزىل تۇپراقتا قىزىرىپ كەتكەن چوڭ يولدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. كۆڭۈل كۆزلىرى بولسا بۇ يولدىنمۇ ھالقىپ ئۆتۈپ، ئېدىرلارنىڭ، فىلىنت دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ۋىلكېس قورۇقىنى كېزىشكە باشلىدى. ئاشلېي ئەنە شۇ يەردە تۇراتتى. بۇ يولنىڭ* ئەھمىيىتى شۇنىڭدا ئىدىكى، بۇ يول گىرېك سارايلىرىغا ئوخشايدىغان يۇملاق تۈۋرۈكلۈك ھەيۋەت ئۆيلەرگە تۇتىشاتتى، ئاشلېي شۇ يەردە تۇراتتى.

«ئاھ، ئاشلېي! ئاشلېي!» ئۇ ئىچ - ئىچىدىن نىدا قىلدى. يۈرىكى قاتتىق مۇجۇپ كېتىۋاتاتتى.

قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار ئاشلېينىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر قايغۇ ۋە ئەندىشە چىرمىۋالغانىدى، ھازىر ئۇ خىل روھىي ھالەت بىر چەتتە قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنى تىنچ قويمايۋاتقان پىراق ئازابى ئىگىلىدى.

بەزى ئىشلارمۇ قىزىق، ئۇ بويىغا يەتكەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن ئاشلېينىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان تەرەپلىرىنى پەقەتلا ھېس قىلالمىدى؟ بالا ۋاقىتلىرىدا ئاشلېي بىلەن كۆپ بىللە بولاتتى، ئەمما ئۇنى بىر قېتىممۇ ئويلاپ قويمىغانىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاشلېي ياۋروپادىكى ئۈچ يىللىق ساياھىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كۆرۈشكىلى كەلگەندە، ئۇ ئاندىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. بۇ ئىش ئاشۇنداق ئاددىيلا يۈز بەردى.

شۇ كۈنى ئۇ پېشايۋاندا ئولتۇراتتى، ئاشلېي يىراقتىن ئاتلىق

كۆرۈندى. ئۇچىسىدا كۆل رەڭ چاپان، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدا كېپىنەك گالستۇك. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملەر ھازىرغىچە سىكارلېتنىڭ ئېسىدە ئېنىق بار. شۇ چاغدا ئاشلېي ئاتنىڭ ئۈستىدىلا بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەرگەن، ئاندىن ئاتتىن چۈشكەن، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر نېگىر بالىغا بېرىپ، سىكارلېتقا تىكىلىپ قارىغان. ئۇ كۆكۈچ كۆزلەر يوغان ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شوخ كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى ئاپتاپتا تاۋلىنىپ، خۇددى بېشىغا ئالتۇن تاج كېيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. كېيىن ئۇ سىكارلېتقا قاراپ: «سىز چوپچوڭلا قىز بولۇپ كېتىپسىز، سىكارلېت» دېدى، ئاندىن پەلەمپەي بىلەن پېشايۋانغا چىقىپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقىچۇ تېخى. سىكارلېت شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي قالغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ، ئۆمرىدە بۇنداق سالماق، زىل ۋە مۇزىكىغا ئوخشايدىغان يېقىملىق ئاۋازنى ئۇ بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغان.

شۇ قىسقا ئارىلىقتا ئۇ ئۆزىگە ئاشلېي بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. بۇ، يەيدىغانغا تاماق، مىنىدىغانغا ئات، ئۇخلايدىغانغا كارىۋات بولمىسا بولمايدىغاندەك ناھايىتى ئاددىي، سەۋەبىنى ئېيتقىلى بولمايدىغان سىرلىق بىر ئىش ئىدى.

ئىككى يىلدىن بېرى ئاشلېي ئۇنى ئېلىپ ھەممە يەرنى ئايلاندۇرۇپ چىقتى، تانسىلارغا ئېلىپ باردى، باراۋەتلەرگە، ھەتتا ئۇچۇق سوتلارنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن سوت بولۇۋاتقان يەرلەرگىمۇ باشلاپ باردى. ئۇ قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارغا ئوخشاش كۈندە دېگۈدەك كېلىۋالمىسىمۇ، فونتائىن ئائىلىسىدىكى ياش يىگىتلەرگە ئوخشاش كۆزىگە كىرىۋالمىسىمۇ، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇنى يوقلاپ كېلەتتى، ھەرگىز ئۇزۇلدۇرۇپ قويمايتتى.

بىراق، ئۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ باقمىدى، كۆزلىرىدىمۇ سىكارلېت باشقا يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدە دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ئۆزىگە تونۇش قىزغىن ئىپادىنىمۇ كۆرمىدى. شۇنداقتىمۇ، سىكارلېت ئۇنى ئۆزىنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ بىلەتتى، بۇ نۇقتىدا ئۇ ھەرگىز خاتالاشمايتتى. بەزىدە تۇيغۇ ئىدراكتىن ئىشەنچلىك، شۇ سەۋەبتىنمۇ، تەجرىبىلەردىن ھاسىل بولغان تونۇشى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇ ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ بەزى خۇلقلارنى قىلاتتى، بۇنداق چاغدا ئاشلېي گوڭگا ياكى ناتونۇش ئەمەس، بەلكى قىزغىن، ئوتلۇق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، ئۇنى ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوياتتى، شۇنىڭغا قاراپ ئۇ، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ بىلەتتى. لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈن كۆڭلىدىكىنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتمايدىغاندۇ؟ بۇنى سىكارلېت زادىلا چۈشەنمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۇنىڭ ئۇنى چۈشەنمەيدىغان تەرەپلىرى خېلى بار ئىدى.

ئۇ ئادەتتە ئۇنىڭغا كۆپىرەك تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، بىر تۇرۇپ سوغۇق، بىر تۇرۇپ ناتونۇش ئىپادىدە بولاتتى. ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، سىكارلېت تېخىمۇ بىلمەيتتى. بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر نېمە ئويلىسا شۇنى دەۋېرەتتى، شۇڭلاشقىمۇ ئاشلېينىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىقى ئادەمنىڭ كۆزىگە زادىلا سىغمايتتى. ئۇ يەنە بۇ يەرنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرىدە، مەسىلەن، ئوۋ ئوۋلاش، قىمار ئويناش، تانسا ئويناش، سىياسىيدىن سۆزلەش جەھەتلەردە باشقا ياشلارغا ئوخشاش ئۇستا، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئات مىنىشكە ھەممىدىن چېۋەر ئىدى. ئۇنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى، بۇ شاد ـ خۇرام پائالىيەتلەرنى كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى ئەمەس، دەپ قارايتتى، ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى كىتاب، مۇزىكا ھەم شېئىر يېزىش ئىدى.

ئاھ، ئۇ نېمانچە چىرايلىق يىگىتتۇ! لېكىن، ئۇ بەكمۇ

ئېھتىياتچان، ئادەمگە يېپىشىپ تۇرمايدۇ. سىكارلېت ياخشى كۆرمەيدىغان ياۋروپا، كىتاب، مۇزىكا، شېئىر دېگەندەك بىر نېمىلەر توغرۇلۇق گەپ قىلىدىغان بولسا، ئادەمنىڭ ئۈچلۇكىنى كەلتۈرۈپ قىن - قىنىغا پاتماي كېتىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھەۋىسى كېلىدىغاندۇ؟ پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كېچە - كېچىلەپ شېرىن سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئاندىن كىرىپ ئۇخلىغانلاردا، سىكارلېتنىڭ ئويان - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. ئاخىرىدا ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، كېلەر قېتىمدا ئۇ چوقۇم مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ، دېگەن تەسەۋۋۇرى بىلەن ئۇخلاپ قالاتتى. ئەمما، كېلەر قېتىمدا كەلگەندىمۇ ئۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئۇنى نائۇمىد قالدۇرۇپ كېتەتتى، كەتكەندىمۇ سىكارلېتنىڭ ئۇلغىيىۋاتقان ئىشق ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ قويۇپ كېتەتتى.

سىكارلېت ئۇنى سۆيىدۇ، لېكىن ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. سىكارلېت شۇنچىلىك تۈز، شۇنچىلىك ساددىكى، بەئەينى تارا ئاسمىنىدا ئۇزۇپ يۈرگەن شامال، تارانى ئايلىنىپ ئاقىدىغان دەريانىڭ ئۆزى ئىدى، قېرىپ ماكچىيىپ كەتكۈچە بىرەر مۇرەككەپ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلىشى ناتايىن. ئۇ ھەدېگەندىلا ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر ئادەمگە دۈچ كەلگەنىدى.

ئاشلېي شۇ خىل خاراكتېردىكى ئادەم بولغاچقا، ئىككىسى بىر يەردە بولسىلا، قىلچە رېئال مەزمۇنى يوق قۇرۇق خىياللار ئالىمى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئاشلېي جورجىيەدىن كۆپ گۈزەل بولغان ئىچكى دۇنياسىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭدىن زادىلا قايتىپ چىققۇسى كەلمەيتتى، ئادەملەرگە قىزغىنىمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس مۇئامىلە قىلاتتى، تۇرمۇشقا پەرۋاسىز قارايتتى، بىر ئىشلاردىن غەم تارتىپمۇ كەتمەيتتى. كائىناتقا ۋە كائىناتتىكى ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكىگىمۇ پەرۋاسىز ئىدى، بەزىدە مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ مۇزىكىسىغا، كىتابىغا ياكى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى دۇنياسى ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى.

سىكارلېت ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىگە شۇنچىلىك يات تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئۆزىنى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئەنە شۇ سىرى ئاچقۇچىمۇ، قۇلۇپىمۇ يوق ئىشىككە ئوخشاش ئۇنى قىزىقتۇراتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تېگىگە يېتىش مۇمكىن بولمىغان ئاشۇ نەرسىلەر سىكارلېتتا ئۇنىڭغا قارىتا تېخىمۇ يالقۇنلۇق مۇھەببەت قوزغايتتى. ئاشلېينىڭ مۇھەببەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىستىكىنى تېخىمۇ بەتتەر ئۇلغايتىۋەتكەنىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايتتى. چۈنكى، ئۇ تولىمۇ ياش ۋە تولىمۇ ئەركە قىز بولغاچقا، يېڭىلىش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى مۇتلەق چۈشەنمەيتتى. مانا ئەمدى بۇ قورقۇنچلۇق خەۋەر بېشى ئۈستىدە چاقماق چاققاندەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئاشلېي مېلانىيە بىلەن توي قىلماقچى! بۇنىڭ راست ئىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۆتكەن ھەپتىنىڭ بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇلار فېرھېردىن ئاتلىق كېلىۋاتقاندا، ئاشلېي ئۇنىڭغا: «سىكار، سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى، قانداق دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇۋاتىمەن» دېگەنىدى.

ئۇ چاغدا سىكارلېت ئىزا تارتقان بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغان، ئەمما كۆتكەن مىنۇتلىرىم ئەمدى كەلدى، دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ يۈرىكى ئويناپ كەتكەنىدى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە: «لېكىن، ھازىر بولمايدۇ، ئۆيگە ئاز قالدۇق، ۋاقىت يوق. ھىم، سىكار، مەن نېمىدېگەن جۈرئەتسىز ـ ھە!» دېدى ـ دە، ئېتىنى قاتتىق دېۋىتىپ، سىكارلېتنى ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن تارا قورۇقىغا قاراپ چېپىپ كەتتى.

سىكارلېت كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى خۇشال قىلغان ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئەسلەۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇ گەپلەرنىڭ باشقا بىر مەنىسىنى، قورقۇنچلۇق مەنىسىنى ئويلاپ قالدى.

بەلكىم، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سىكارلېتقا دېمەكچى بولغاندۇ.

ئاھ، دادىسى چاپسانراق كەلسە بولاتتى! ئۇنىڭ بۇ مۆرەككەپ ئىشقا زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى.

قۇياش ئولتۇرۇپ، ئۇپۇقتىكى قىزىل شەپەقنىڭ ئورنىنى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىگىلەشكە باشلىدى. كۆكۈچ ئاسمانغىمۇ ئۇزاققا قالماي قارا پەردە تارتىلاتتى. دالانىڭ جىمجىتلىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، سىكارلېتنىڭ ئەتراپىغا يېيىلىشقا باشلىدى. يىراقتىكى ئۆيلەر گىرىمسەن كۆرۈنۈشكە، كۈندۈزدە قىپقىزىل قاندەك كۆرۈنىدىغان قىزىل توپىلىق يولمۇ ئاستا ـ ئاستا قارىيىشقا قاراپ يۈزلەندى.

كەچنىڭ گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە، دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز دەرەخلەر ئاستا ئۆزلىرىگە قارا پەردە تارتىپ، خۇددى دەريا سۈيىنى توسماقچى بولغان قارا دىۋىدەك غادىيىپ تۇرۇشاتتى. دەريانىڭ قارشىسىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى ۋىلكېس ئائىلىسىنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى ئاپپاق تۇرخۇنلارمۇ ئەتراپىدىكى قويۇق ئارچىلارنىڭ ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى.

پىتىپ كەتكەن قۇياش، باھار ۋە خۇشبۇي ئوت ـ گىياھلارنىڭ شۇ تۇرقىدا سىكارلېت ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلىنىشقىمۇ ھەپىلىسى يوق، خۇددى سۇ بىلەن ھاۋادىن بەھرىلىنىۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە پەرۋاسىز ئىدى. ئادەتتىمۇ ئۇ ئاياللارنىڭ چىرايى، ئات، يىپەك كىيىملەر ۋە شۇلارغا ئوخشايدىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ گۈزەللىكىگە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى.

يىلان باغرى چوڭ يولدا تېخىچە گېرالدنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئەگەر يەنە ساقلايدىغان بولسا، نېگىر ئانىسى ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىشى مۇمكىن. ئۇ شۇ خىيال بىلەن

بارغانسېرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىنىۋاتقان چوڭ يولغا قاراۋېتىپ، تۇيۇقسىز يىراق بىر يەردىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان گېرالد كۆرۈندى. يىراقتىن ئۇ خۇددى زور بىر ئاتقا مىنىۋالغان كىچىك بىر بالىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى، ئۇزۇن ئاق چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

سكارلېت ئالدىراپ تۇرۇۋاتسىمۇ چەكسىز ئىپتىخارلىق بىلەن دادىسىغا زوقلىنىپ قاراپ قالدى، دادىسى ئات مىنىشكە ماھىر چېۋەر چەۋەنداز ئىدى.

«بىلمىدىم، دادام نېمىشقا ئازراق ھاراق ئىچىۋالسىلا ئېتىنى قاشا ئاتلىتىدىغاندۇ، — ئويلىدى سكارلېت، — بۇلتۇر دەل مۇشۇ يەردە قاشادىن ئاتلايمەن دەپ تىزىنى زەخىملەندۈرۈۋالغان. ئۇ بۇ ساۋاقنى يادىدا تۇتامدۇ دەيسىز. ئاپامغا ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن تېخى.»

سكارلېت دادىسىدىن قورقمايتتى، ئاچا - سىڭىللىرىغا قارىغاندا دادىسىنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن تۇتاتتى. دادىسى قاشادىن سەكرەشنى خوتۇنىدىن يوشۇراتتى ۋە بۇ قىلىقىدىن باللارچە خۇشال بولاتتى. بۇ، سكارلېتنىڭ يامان ئىش قىلىپ قويۇپ، ئۇ ئىشنى نېگىر ئانىسىدىن يوشۇرغىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى، سكارلېت ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسى تەرەپكە قارىدى.

گېرالدنىڭ ئېتى قاشانىڭ يېنىغا كەلگەندە، قاشادىن خۇددى قۇشقاچتەك ئىنتايىن يەڭگىل ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىگىسى خۇشاللىقتىن قامچىسىنى ئوينىتىپ توۋلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئاق چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. گېرالد دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغان قىزىنى كۆرمەي، ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ، بويىنىغا بوش شاپىلاقلاپ قويدى.

— بۇ ئەتراپتا ساڭا يېتىدىغان ئات يوق، جانىۋار، پۈتۈن ئىشتات بويىچىمۇ ھەم، — ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كەلگىنىگە ئوتتۇز توققۇز يىل بولغان بولسىمۇ، ئىرېلاندىيە تەلەپپۇزى يەنىلا ئېغىر

ئىدى. ئاندىن ئۇ چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراپ، پۇرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، كەينىگە ئۆتۈپ قالغان گالىستۇكىنى ئالدىغا قاراتتى. سىكارلېت دادىسىنىڭ ئۆزىنى بۇنداق تۈزەشتۈرۈپ كېتىشلىرىنىڭ ئانىسى بىلەن ئېسىلزادىلەرگە خاس قىياپەت بىلەن كۆرۈشۈش، بارغان يېرىدىن ئېتىغا مىنىپ خاتىرجەم قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرستىش ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا پۇرسەت كەلگەنىدى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسا مەقسىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقمىسىمۇ بولاتتى.

سىكارلېت قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. گېرالد كۈلكە ئاۋازىدىن قاتتىق چۆچۈدى. قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ كەتتى. چىرايىدا بىر خىل ياخشىچاقلىق ھەم بىر ئاز خاپا بولغاندەك ئىپادە بار ئىدى. ئۇ ئاتتىن تەستە چۈشتى، پۇتلىرى كۆيۈشۈپ كەتكەنىدى. ئاندىن يۈگەننىڭ تاسمىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ قىزى تەرەپكە قاراپ كەلدى.

— خەپ، كەپسىز قىز، — دېدى ئۇ قىزىنىڭ مەڭزىنى بوش چىمداپ قويۇپ، — مېنى ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ، ئاندىن سىڭلىڭغا ئوخشاش بېرىپ ئاپاڭغا چاقماقچىمۇ؟

ئۇنىڭ خىرقىراق ئاۋازىدا ئازراق ئاچچىق ھەم ئازراق يېلىنىش بار ئىدى. سىكارلېت سەل ئەركىلىگەندەك قىلىپ دادىسىنىڭ گالىستۇكىنى تۈزەپ قويدى. دادىسىنىڭ تېنىدىن بىر خىل ھاراقنىڭ، تېرىنىڭ، تەرنىڭ پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ دائىم بۇ پۇراقلارنى دادىسىغا سىمۋول قىلاتتى، باشقىلارنىڭ تېنىدىن مۇشۇنداق پۇراقنى پۇراپ قالسىمۇ خۇشال بولاتتى.

— ياق، دادا، مەن سۆئىبلىبىنغا ئوخشىمايمەن، — ئۇ دادىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ، ئاندىن كەينىگە سەل داجىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىگە سەپسالدى.

گېرالد دوغىلاق، ناھايىتى تەمبەل، بويىنى يوغان، ناتونۇش ئادەملەر ئولتۇرغان ۋاقىتنى كۆرسە، ئەجەبمۇ قامەتلىك ئادەمكىنە، دەپ قالىدىغان ئادەم ئىدى، ئاشۇ قوپال بەدىنىنى دائىم ئۆتۈكى ئىچىدە نەزەربەندتە تۇرىدىغان پۇتلىرى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۆرە تۇرغان چاغلىرىدا، خۇددى يىقىلىپ كېتىدىغان كىچىك بالىغا ئوخشاش پۇتلىرىنى كېرىپ تۇراتتى. ئۆزىنى تولىمۇ قالتىس چاغلايدىغان ئاشۇنداق پاكار ئادەملەرنىڭ كۆپىنىڭ تۇرقى كۈلكىلىك كۆرۈنىدۇ، لېكىن، گېرالد ئۇنداق ئەمەس. پۇتى قىسقا خورازمۇ ئوخشاشلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىدەك، ئۇنىمۇ ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى پاكارلىقى ئۈچۈن مەسخىرە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

ئۇ بۇ يىل ئاتمىش ياشقا كىردى، بېشىدىكى بۇدۇر چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ كەتكەن، ئەمما چىرايىغا قىلچە قورۇق چۈشمىگەنىدى. كۆزلىرىدىن ياشلارغا خاس بىر خىل بىغەملىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئابستراكت نەرسىلەرگە ئەمەس، ئاددىي، ئەمەلىي ئىشلارغا باش قاتۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. چىرايى ساپ ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى. دۈگىلەك يۈز، قىسقا بۇرۇن، ئاغزى يوغان ئىدى، چىرايىدىن ئۇرۇشقاقلىق چىقىپ تۇراتتى.

گېرالد ئوخارانىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاشۇنداق قوپال بولسىمۇ، ئەمما باغرى يۇمشاق ئىدى، قۇللارنىڭ جازالانغان ۋاقتىدىكى بىچارە قىياپىتىنى كۆرۈشكە يۈرىكى چىدىمايتتى، مۈشۈكلەرنىڭ مىياڭلاشلىرىنى، ھەتتا كىچىك بالىلارنىڭ يىغلىرىنىمۇ ئاڭلاشنى خالىمايتتى، ئۆزىنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنىمۇ خالىمايتتى، ئۇلارنىڭ بۇنى بەش مىنۇتتا قالماي بىلىۋالىدىغانلىقىدىن بولسا پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئەگەر ئۇ بۇنى سېزىپ قالسا، جەزمەنكى،

غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىشى تەبىئىي. چۈنكى، ئۇ تەسەۋۋۇرغا ئامراق بولۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرسەم، ھەممە ئادەم مېنى كۆرگەندە تىترەيدىغان بولسا، دېگەندەك خىياللاردا بولاتتى. ئەمما، ئۇ بۇ قورۇقتىكى ھەممە ئادەمنىڭ بىرلا ئاۋازغا سۆزسىز بويسۇنىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇ ئاۋاز ئۇنىڭ خوتۇنى ئېلىبېتنىڭ ئىللىق، مۇلايىم ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سىرنى بىلىپ قېلىشى مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئەڭ ئېغىر ئىشلارنى قىلىدىغان ۋە ئەڭ دۆت قۇللاردىن تارتىپ ھەممە ئادەم ئاستىرتىن كېپىنى بىر قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب، دېگەن تۇيغۇنى باشتىن - ئاياغ ھېس قىلدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

سكارلېت ئۇنىڭ مىجەزى ۋە تۇۋلاشلىرىغا ھەممىدىن بەك پىسەنت قىلمايتتى. ئۇ ئۇنىڭ تۇنجى پەرزەنتى ئىدى، ئۈچ ئوغلى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا ئوغۇل يۈزى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكىمۇ، ئۇ سكارلېتقا ئوغۇل باللارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ ئۆگىنىپ قالغانىدى، سكارلېتمۇ ئۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى. باشقا سىڭىللىرىغا قارىغاندا ئۇ دادىسىغا بەكرەك ئوخشايتتى. كاررىن ئاجىز ھەم ئىچى كۆچلۈك قىز ئىدى، سۇئېللېن ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي، ئېسىلزادە خانىملارغا خاس لاتاپەتلىك چاغلايتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، سكارلېت بىلەن دادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىنى يۆگەنلەپ تۇرىدىغان بىرخىل ئىچكى باغلىنىشمۇ بار ئىدى. گېرالد قىزىنىڭ تۈز يولدا ماڭماي، تاممۇ تام سەكرەپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا شۇ يەردىلا ئەدىپىنى بېرەتتى، لېكىن ئېللېن بىلەن نېگىر ئانىسىغا بۇ ھەقتە ھەرگىز تىنمايتتى. سكارلېتمۇ دادىسىنىڭ ئاپىسىغا ئىككىنچى قىلماسلىق توغرۇلۇق ۋەدە بېرىپ قويۇپ، يەنە ئۇ كۆرمەستە

ئېتىنى قاشالاردىن سەكرەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالسا ياكى باشقىلارنىڭ پاراڭلىرىدىن قارتا ئويناپ بىرمۇنچە پۇلنى ئوتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسا، سۇئېلىپىنغا ئوخشاش ئاپىسىغا ھەرگىز چىقىپ قويمايتتى. ئىككىلىسى ئاپىسىنىڭ قۇلىقىغا ئۇ ئىشلارنى يەتكۈزۈپ قويسا، ئۇنىڭ دىلىنىڭ رەنجىيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى.

سكارلېت دادىسىغا قاراپ تۇرۇۋېتىپ، ئۆزىدە بىر خىل خاتىرجەملىك سەزدى. دادىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەرلىك پۇراق ئۇنىڭ بۇرنىغا پۇرىماقتا ھەم ئۇنى سۆيۈندۈرمەكتە ئىدى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ بەدىنىدىمۇ شۇنداق پۇراقنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئېللېن بىلەن نېگىر ئانىسى شۇ پۇراقنى يوقىتىمىز دەپ ئون ئالتە يىل تىرىشقان، لېكىن ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىۋېتەلمىگەنىدى.

— ياخشى، بايىقى ئويۇنىڭىزنى داۋاملىق ئويناۋەرسىڭىز بولىۋېرىدۇ، — دېدى سكارلېت، — ئۆزىڭىزلا پو ئېتىپ دەپ يۈرمىسىڭىز، ھېچقانداق ئادەم سىزنى بۇنداق ئويۇننى ئوينىدى، دەپ ئويلىمايدۇ. ئەمما، بىر ئىش، سىز بۇلتۇر مۇشۇنداق ئىش بىلەن تىزىڭىزنى زەخىملەندۈرۈۋالغان، بۇ يىلمۇ ئوخشاشلا ...

— مەن ئېتىمنى قانداق يەردىن سەكرىتىشىم، قانداق يەردىن سەكرەتمەسلىكىم كېرەكلىكىنى قىزىمدىن سورايدىغان كۈنگە قالسام، ئۇ چاغدا تۈگەشكىنىم شۇ، — گېرالد سۆزلەپلا كەتتى. ئارقىدىن سكارلېتنىڭ مەڭزىنى يەنە چىمدىپ قويدى، — نېمىلا بولاي، پۇتۇم ئۆزىمنىڭ. ئەمدى بۇ گەپنى قىلىشمايلى. خوش، ئۆزۈڭ، مۈرىلىرىڭ يالىڭاچ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

سكارلېت دادىسىنىڭ ئادەتلەنگەن چارىسى بويىچە بۇ كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەررۇلا ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

— سىزنى ساقلاۋاتاتتىم. بۇنچە كەچ قالىدىغانلىقىڭىزنى

ئويلىماپتىمەن. يەنە تېخى دىلسىپىنى سېتىۋېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم.

— سېتىۋېلىشنى سېتىۋالدىم، ئەمما باھاسى ئوغىمدەك قىممەت. ئۇنىڭ بىلەن قىزى ئىككىسىنى ئالدىم. قارىسام، جون ۋىلكېس ئۇلارنى ماڭا بىكارغا بېرىۋېتىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. ئەمما، مېنىڭ، گېرالد ئوخارا سودىدا ئاغىندارچىلىقتا يۆلىنىپ پايدا ئالدى، دېگەن ئاتاقتا قالغۇم يوق. شۇڭا، ئىككىسىنى ئۈچ مىڭغا سېتىۋالدىم.

— ۋاي خۇدايىمەي، دادا، ئۈچ مىڭ! پىرىسسىينى سېتىۋالمىسىڭىزمۇ بولاتتى ئەمەسمۇ.

— ئەمدى سەن مېنىڭ ئىشلىرىمنى ياراتمىغىلى تۇردۇڭمۇ؟ — دېدى گېرالد چاقچاق تەلەپپۇزدا، — پىرىسسىي دېگەن ئاجايىپ ئوماق قىز، شۇڭا ...

— ئۇنى مەن بىلىمەن، دۆت ھەم شەيتان قىز، — سكارلېت دادىسىنىڭ غەزىپىدىن قورقماي، سۆزىنى خاتىرجەم داۋام قىلىۋەردى، — چوقۇم دىلسىي ئۇنى سېتىۋالسىڭىز دەپ سىزگە يالۋۇرغان گەپ.

گېرالد ھەيۋىسىدىن چۈشۈپ كەتكەندەك، سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. سكارلېت ئۇنىڭ ساختا تەمكىنلىكىنى مەسخىرە قىلىپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ دىلسىپىنىلا سېتىۋېلىپ كەلسەم، ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە بالىسىدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم بولالمىسا، بۇنىڭ نېمىسى ياخشى؟ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى زەڭگىلەرنى باشقا يەردىن ئۆيلىمەيمەن. ئۇنىڭغا پۇل جىق كېتىدىكەن. كەپسىز قىزىم، يۈر، ئۆيگە بېرىپ كەچلىك تامىقىمىزنى يەيلى.

قاراڭغۇلۇق ئاستا - ئاستا قويۇقلىشىپ، ئاخىرقى يېشىللىقلارمۇ كۆرۈنمەي قېلىۋاتاتتى. باھارنىڭ كۈندۈزدىكى ئىللىقلىقى ئورنىغا ئازراق سوغۇق ھاۋا ئالمىشىۋاتاتتى.

سكارلېت تېخىچە دېلىغوللۇقتا گەپنى قانداق قىلىپ دادىسىغا چاندۇرماي ئاشلىپىغا يۆتكەشنى بىلمەيۋاتاتتى. بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىش بولۇپ، بىردىنلا ئۇ گەپكە ئۆرۈلۈشىنىڭ پەقەتلا ئېپى كەلمەيۋاتاتتى. گېرالدمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر گېپىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ئاسانلا بىلىۋالاتتى. بىلىۋالغاندىن كېيىنمۇ ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا دەۋېرەتتى.

— «ئۇن ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكىلەر قانداقراق تۇرۇۋېتىپتۇ؟

— ئاساسەن بۇرۇنقىدەك. كادى كالۋېرتمۇ شۇ يەردە ئىكەن. سودىمىز پۇتكەندىن كېيىن، ھەممىمىز كارىدوردا تۇرۇپلا بىر نەچچە رومكىدىن ئىچىشتۇق. كادى يېڭىلا ئاتلانتادىن كەپتۇ، ئۇ يەردە بولۇۋاتقان ئۇرۇش ۋە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىشتى ...

سكارلېت چوڭقۇر تىنىپ قويدى. ئۇرۇشنىڭ ياكى قوشما ئىشتاتتىن ئايرىلىپ كېتىدىغاننىڭ گېپى چىقسىلا دادىسىنىڭ سائەتلەپ توختىماي سۆزلەپ كېتىدىغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى، شۇڭا ئۇ دەررۇلا گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكىدى.

— ئۇلار ئەتە بولىدىغان باراۋەت توغرۇلۇق پاراڭلاشمىدىمۇ؟

— پاراڭلاشقاندەك قىلدى. ھېلىقى خانقىز، ئىسمى نېمىدى؟ بۇلتۇر بىزنىڭكىگە كەلگەن ھېلىقى قىزچۇ؟ سەنمۇ بىلىسەن، ئاشلىپىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى. ھە، توغرا، مېلانىيە خامىلتون خېنىم، ئۇنىڭ ئىسمى شۇنداق. ئاكىسى چارلېس بىلەن ئاتلانتادىن بىللە كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ...

— ھە، ئۇ راستىلا كەپتۇ ـ دە؟

— شۇنداق، ئۇ بەكمۇ ئوماق، كەم سۆز قىز ئىكەن. قىز بالا دېگەن شۇنداق بولىدۇ. بول، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەيلى، بولمىسا ئاپاڭ ئەنسىزلىك قىلىپ بىزنى ئىزدەپ چىقىدۇ.

سكارلېت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا جىمىپ كەتتى. ئۇ ئەمەلىيەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايلا، بىرەر ئىش

مىلانىيە خاملىتونىنى ئاتلانتادىن مىدىرلاتماي تۇتۇپ تۇرىدىغاندەك ئويلاپ كەتكەنىدى. چۈنكى، مىلانىيە شۇ يەرلىك قىز ـ دە. ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئاز دېگەندەك، دادىسىنىڭ ئۇنى ئوماق، كەم سۆز دەپ ماختاپ كېتىۋاتقىنىچۇ تېخى. ئەمدى گەپنى ئېچىپراق ئېيتماي بولمىدى.

— ئاشلېي شۇ يەردە بارمۇ؟

— ئۇمۇ بار، — گېرالد قىزىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى، — مېنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇشۇڭ شۇ ئىش ئۈچۈن بولغان بولسا، نېمىشقا ئېچىپ ئېيتماي، ئەگىتىپ گەپ قىلىسەن؟

سكارلېتنىڭ بىردىنلا يۈرىكى سېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى، يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— ياخشى، گېپىڭنىڭ ئاخىرىنى دەۋەر.

سكارلېت گەپ قىلمىدى. مۇمكىن بولسا، شۇ تۇرقىدا دادىسىنىڭ قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ ئۇنى بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتۇرمىسا.

— ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە بولدى. يەنە تېخى سىڭىللىرىڭ بىلەن سېنىڭ ئەھۋالىڭنىمۇ تەپسىلىي سورىدى. ئەتىكى باراۋەتكە چوقۇم كەلسۇن، ئۇ ئىش، بۇ ئىش دەپ، كەلمەيدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلمىسۇن، دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، دېدىم، — دېدى گېرالد ئەپچىللىك بىلەن، — ئېيتقىنا، قىزىم، ئاشلېي بىلەن سېنىڭ ئىشىڭ زادى قانداق ئىش؟

— ھېچقانداق ئىش يوق، — ئاددىيلا جاۋاب بەردى سكارلېت. ئاندىن قولىنى دادىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى، — ئۆيگە كىرىپ كېتەيلىچۇ، دادا.

— سەن كىرىپ كەت، — دېدى دادىسى، — مەن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگۈچە ئۆيگە كىرمەيمەن. ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. يېقىندىن بېرى بىر قىسىملا بولۇپ

يۈرۈۋاتىسەن. ئۇ سېنى بوزەك قىلغانمۇ ياكى توي قىلىشنى ئېيتقانمۇ؟

— ئۇنداق ئىش يوق، — ئاددىيلا جاۋاب بەردى سىكارلېت.

— ئۇغۇ ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ، — دېدى گېرالد.

بىردىنلا سىكارلېتنىڭ جۇدۇنى تۇتتى، دادىسى قولىنى يۇلاڭشتىپ، ئۇنى گەپتىن توستى.

— بولدى گەپ قىلما. بۇگۈن چۈشتىن كېيىن مەن جون ۋىلكىسلارنىڭكىدە ئاشلىيىنىڭ مىلانىيە بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئەتە كەچتە ھەممىگە ئۇقتۇرىدىكەن.

سىكارلېتنىڭ قولى دادىسىنىڭ قولىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. بۇ راست گەپ ئىكەن ـ دە !

سىكارلېتنىڭ يۈرىكىگە خۇددى بىرسى پىچاق سانجىۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىق كىرىپ كەتتى. گېرالدنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادالدى ۋە بۇ گەپكە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، بىچارە بولۇپ تۇرۇپ قالدى ھەم ئازراق ئاچچىقىمۇ كەلدى. ئۇ سىكارلېتنى ياخشى كۆرەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭغا بالىلارچە بىر سوئالنى قويۇپ، ئۇنى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە قىستاۋاتاتتى. گېرالد ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالماي بەكمۇ بىئارام بولدى. مۇنداق مەسىلىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىشنى سىكارلېتنىڭ ئاپىسى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ بۇ دەردىنى ئاپىسىغا تۆككەن بولسا ئوبدان بولاتتى.

— سەن ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ خەقنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى گېرالد ئاچچىقى بىلەن. ئاۋازى بىر ئىشقا خاپا بولغان چاغدىكىدەك چىقتى، — سەن ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرمەيدىغان يىگىتكە ئېسىلىۋالغاندەك قىلىسەن. بىزنىڭ بۇ ئەتراپتا يىگىتلەر ئازمۇ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى تاللىساڭ بولمامدۇ؟

غەزەپكە كەلگەن ۋە ئازراق ھاقارەتلەنگەن غۇرۇرى سىكارلېتنىڭ يۈرىكىدىكى ئازابنى ئەكسىچە بىر ئاز

يەڭگىللەتكەندەك بولدى.

— ئۇنىڭغا ئىپسلىۋالمىدىم، پەقەت ھەيران بولدۇم شۇ.

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن، — تووۋلاپ كەتتى گىپرالد. كىيىن قىزىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، بىردىنلا مۇلايىم تەلەپپۇزدا قوشۇپ قويدى، — مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، قىزىم. سەن تېخى كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىت دېگەن جىققۇ.

— ئاپام سىزگە ئون بەش يېشىدا ياتلىق بوپتىكەن. مەن ھازىر ئون ئالتىگە كىردىم، — دېدى سىكارلېت سەل ئاغرىنغاندەك قىلىپ.

— ئاپاڭ ساڭا ئوخشىمايتتى، — دېدى گىپرالد، — ئۇ زادىلا ساڭا ئوخشاش قالايمىقان خىياللاردا بولۇپ باقمىغان. بولدى، قىزىم، ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت. كېلەر ھەپتە سېنى چارلېستونغا ئېلالى ھاماڭنىڭكىگە ئاپىرىمەن. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ سامتېر قەلئەسى توغرىسىدىكى جېدەللىرىنى كۆرىمىز. بىر ھەپتىگە قالماي ئاشلېينى ئۇنتۇپلا كېتىسەن.

«دادام مېنى قوڭغۇراقنى جىرىڭشىتىپ قويسا خەقىشلىك قىلمايدىغان كىچىك بالىغا ئوخشىتىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى سىكارلېت. ئاراب ۋە ھەسرەت ئۇنىڭ كېلىنى بوغۇپ گەپ قىلدۇرمايۋاتاتتى.

— بولدى ئەمدى مەن بىلەن تىركەشمە، — دېدى گىپرالد ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئەگەر ئىشنىڭ يولىنى بىلگەن بولساڭ، خېلى بۇرۇنلا ستۇئارت ياكى بىرېنت بىلەن توي قىلىپ بولاتتىڭ. ھازىر بولسىمۇ ئويلىنىپ باق. قوشكېزەكلەرنىڭ قايسىسىلا بولسا مەيلى، بىرسى بىلەن توي قىلساڭ ئىككى ئائىلىنىڭ زېمىنى قوشۇلۇپ كېتەتتى. جېم تارلېتون ئىككىمىز سىلەرگە ئىككى قورۇق تۇتىشىدىغان يەردىكى ئورمانلىقتا چىرايلىق قىلىپ ئۆي سېلىپ بېرەتتۇق. يەنە تېخى ...

— مېنى كىچىك بالىدەك كۆرمىسىڭىز، بولامدۇ؟ — سىكارلېت تووۋلاپ كەتتى، — مەن چارلېستونغا بارمايمەن، ماڭا

ئۆيمۇ لازىم ئەمەس، قوشكېزەكلەرگىمۇ تەگمەيمەن. ماڭا پەقەت ... — ئۇ بىردىنلا توختاپ قالدى، لېكىن كېچىككەندى.

— ساڭا ئاشلېيدىن باشقىسى يارىمايدىكەن، ئۇنىڭ ۋەسلىگە بولسا سەن يېتەلمەيسەن، — گېرالد خۇددى گەپ قۇتىسىدىن ئەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاياپ ئىشلەتمەي ساقلاپ قويغان گەپلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاچىقىۋاتقاندەك، تولىمۇ تەمكىن ئاھاڭدا ئالدىرىماي سۆزلىدى، — ئۇ سېنى ئالىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ، جون ۋىلكېس ھەرقانچە يېقىن ئاغىنەم بولسىمۇ، مەن سېنى ئۇنىڭ ئوغلىغا بەرمەيتتىم، — ئۇ قىزىنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق ئالامىتىنى كۆرۈپ گېپىنى مۇنداق ئىزاھلىدى، — مەن قىزىمنى بەختلىك بولسۇن، دەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بولساڭ بەختلىك بولالمايسەن.

— ياق، بەختلىك بولىمەن، بەختلىك بولىمەن.

— بولالمايسەن، قىزىم، ئوخشاش مىجەزدە بولساڭلار، ئاندىن بەختلىك بولالىشىڭ مۇمكىن.

سكارلېتنىڭ كاللىسىغا شۇئان يامان بىر ئوي كېلىپ: «ئاپام بىلەن ئىككىڭلارنىڭمۇ مىجەزى ئوخشىمايدۇ، لېكىن سىز بەختلىكقۇ، دادا !» دەپ توۋلىۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن، دادىسىنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىككە چىدىماي، تەستىكىگە سېلىشىدىن قورقۇپ، زۇۋان سۈرمىدى.

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن ئۇلار ئوخشىمايدۇ، — دېدى گېرالد گېپىنى دانە - دانە قىلىپ، — ئۇلار بىزنىڭ قوشنىلىرىمىزغىمۇ، مەن بىلىدىغان ھەرقانداق ئادەملەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ، مىجەزلىرى غەلىتىلا. شۇڭا، ئاشلېينىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى بىلەن توي قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شۇ غەلىتە مىجەزلىرى بىلەن ياشاۋەرگىنى ياخشى.

— نېمە دەۋاتىسىز، دادا، ئاشلېي ئۇلارغا ...

— ئالدىرىماي تۇر، قىزىم، مەن ئۇ يىگىتنىڭ يامان گېپىنى قىلىۋاتمايمەن، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلارنى غەلىتە

دەپ، ساراڭغا چىقىرىۋەتمەكچى ئەمەسمەن. ئۇنىڭ غەلىتىلىكى كالۋىرتىنىڭكىگە ئوخشاش ھەممە ئۇمىدىنى بىرلا ئاتقا باغلاپ قويىدىغان دەرىجىدە ئەمەس. ئۇ تارلىپتوننىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش بولۇشىغا ئىچىپ لايدەك مەست بولۇپمۇ يۈرمەيدۇ. فونتائىننىڭ ھە دېسىلا پىچاق كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ھارىمىلىرىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭكىدەك غەلىتە مىجەزلەرنى چۈشەنمەك ئاسان. خۇداغا شۈكۈر، گېرالد ئوخارا خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەممە جەھەتتىن تەڭ يېتىشكەن. مەن سېنى ئۇنىڭ خوتۇنى بولساڭ، ئۇ ئاخىر سېنى تاشلاپ كېتىدۇ ياكى سېنى دۇمبالايدۇ، دېمەكچى ئەمەس. شۇنداقلا بولىدىغان بولساڭ ئازراق بەختلىك بولاتتىڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ ھېچ بولمىغاندا شۇ مىجەزىنى بولسىمۇ چۈشىنىسەن ــ دە. لېكىن، ئۇنىڭ غەلىتە مىجەزى باشقىچىلا، ئۇ مىجەزى بىلەن سەن ئاشلېينى چۈشىنىپ كېتەلمەيسەن. ئۇنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئەمما قىلغان غەلىتە گەپلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ چۈشەنمەيمەن. سەندىن شۇنى سوراپ باقاي، سەن ئۇنىڭ كىتاب، شېئىر، مۇزىكا، ماي بوياق رەسىم ۋە باشقا ئەخمىقانە ئىشلار توغرۇلۇق قىلغان قۇرۇق گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلەمسەن؟

— ئاھ، دادا، — دېدى سكارلېت بىتاقەت بولۇپ، — ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان بولسام ھەممىنى ئۆزگەرتەلەيتتىم.

— ھىم، سەن ھازىر شۇنداق قىلىشنى بىلەمسەن؟ — گېرالد ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ، ئاچچىقىدا توۋلاپ كەتتى، — بۇنىڭدىن قارىغاندا، سەن دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ ھەرقانداقىنى بەكمۇ ئاز بىلىدىكەنسەن، ئاشلېينى تېخىمۇ شۇنداق. سەن ھەر قانداق بىر ئايالنىڭ ئەركىشىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما. ۋىلكېس ئائىلىسىدىكى ئادەملەرنى ئۆزگەرتىمەن دېيىش ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق، قىزىم. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر ئاشۇنداق، ئەزەلدىن بىر مىجەزدە. ئۇلار مەڭگۈ ئاشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۈگۈن نىيۇ

يوركقا، ئەتىسى بوستونغا ئۇچىرا كۆرگىلى، ماي بوياق رەسىملەردىن لەززەت ئالغىلى بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىساڭ ئەقلىڭ ھەيران قالىدۇ. يەنە تېخى ئۇلار شىمالدىكى ئالۋاستىلاردىن ساندۇق ـ ساندۇق فىرانسىيە كىتابلىرىنى سېتىۋالىدۇ، ئاندىن ئولتۇرۇپ ئوقۇشۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ كىتابتىن نېمە راھەت تاپىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن. كىتاب ئوقۇغۇچە ئوۋ ئوۋلىسا، قارتا ئوينىسا بولمامدۇ.

— بىراق، پۈتۈن ئايماق بويىچە ھېچكىم ئاشلېيدەك ئات مىنەلمەيدۇ، — سكارلېت ساپلا ئاشلېينى ھاقارەتلەيدىغان گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي، ئۇنى ئاقلاشقا باشلىدى، — بىلمىسەم، دادىسى قانداقكىن، ئەمما ئۇنىڭغا ھېچكىم يەتمەيدۇ. قارتا ئويناشقا كەلسەك، ئۇ ئۆتكەن ھەپتە جونېسبورودا قارتا ئويناپ سىزدىن ئىككى يۈز دوللار ئۇتۇۋاپتۇغۇ؟

— كالۋېرتنىڭ شۇملىرى يەنە گەپ توشۇپتۇ ـ دە، — دېدى گېرالد ئۆزىنى ئاقلاپ ئولتۇرمايلا، — بولمىسا سەن پۇلنىڭ سانىنى نەدىن بىلەتتىڭ؟ ئاشلېي بىزدەك چەۋەندازلاردىن بولغاچقا، چەۋەندازلىقتا، قارتا ئويناشتا بىز بىلەن تەڭلىشەلەيدۇ. قارتا ئويناشتا ماڭا يېتىدىغىنى يوق. ھاراق ئىچىشكە كەلگەندە ئۇنىڭغا قول قويىمەن، بۇ جەھەتلەردە ئۇنىڭدا مەسىلە يوق. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ نەرسىلەردە ئەمەس، مېنىڭ ئۇنى غەلىتە دەپ بىلىشىممۇ شۇنىڭدىن.

سكارلېت جىمىپ كەتتى. دادىسىنىڭ ئاخىرىدا دېگەن گەپلىرىنى ئۇ رەت قىلالمايتتى، ھەممىسى توغرا ئىدى. ئاشلېينىڭ كۆڭلى راستىلا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئويۇنلاردا ئەمەس ئىدى، كۆپچىلىك ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئەدەپ يۈزىسىدىنلا ياخشى كۆرۈپ قوياتتى.

گېرالد ئۇنىڭ نېمىشقا جىمىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، مۈرىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى، ئاندىن مەغرۇر ھالدا دېدى:

— بولدى، سكارلېت، بۇ گەپلىرىمنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزۈڭمۇ ئىقرار، شۇڭا ئاشلىپىدەك ئادەمگە تېگىمپ نېمە قىلىسەن؟ ئۇنداقلارنىڭ ھەممىسى ساراڭ قېتىش كېلىدۇ، — ئارقىدىنلا ئۇ پەسكويغا چۈشكەندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى، — بايا تارلېتوننىڭ بالىلىرى توغرۇلۇق گەپ قىلدىم، ئۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئوبدان بالىلار. ئەگەر سەن كادى كالۋېرتنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن بولساڭ، ئۇنىڭغىمۇ مېنىڭ باشقىچە ئويۇم يوق، كالۋېرتلار ئائىلىسىمۇ ياخشى. بوۋىيى شىماللىق خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. قازارەن كۆزۈم يۇمۇلۇپ قالسا، گېپىمگە قۇلاق سال، بۇ قورۇقۇمنى كادى ئىككىڭلارغا قالدۇرۇپ كېتىمەن.

— كادىنى ئالتۇن پەتنۇستا تۇتسىڭىزمۇ ئۇنىڭغا تەگمەيمەن، — دەپ تووۋلاپ كەتتى سكارلېت ئاچچىقىدا. — ئۇنى ماڭا مەجبۇرىي تاڭماڭ. ماڭا تارا قورۇقىمۇ، باشقا قورۇقمۇ كېرەك ئەمەس، ئۇنداق قورۇقلار بىر تىيىن. ئەگەر ...

ئۇ «ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى خالىغان ئادەمگە ئېرىشەلمىسە» دېمەكچىدى، گېرالد خوتۇنى ئېلىپ قالسا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قورۇقىنى قىزىنىڭ بىر تىيىنگە ئالغۇسىز بىر نەرسە قاتارىغا چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن تووۋلاپ كەتتى:

— سكارلېت، سەن تارانى، مۇشۇ مۇنبەت گۆھەر زېمىننى بىر تىيىنگە ئالغۇسىز دەپ قارامسەن؟

سكارلېت بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئىدى، شۇڭا دادىسىنىڭ بۇ گەپىنى ئاڭلىسا قانچىلىك غەزەپلىنىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ يەتمىدى.

— دۇنيادا يەردىن قىممەتلىك نەرسە يوق، — ئۇ ئۆزىنىڭ غەزەپكە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تووۋلاپ كەتتى، — چۈنكى جاھاندا ئۇنىڭدەك ئۇزاق داۋاملىشىدىغان نەرسە بولغان ئەمەس. شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ئۇ

سېنىڭ قان ـ تەرىڭنى تۆكۈشۈڭگە، كۈرەش قىلىشىڭغا، قۇربان بېرىشىڭگە ئەرزىيدىغان بىر دىنىبىر نەرسە.

— ۋاي ـ ۋۇي دادا، بۇ گەپلىرىڭىز بىلەن ئىرېلاندىيەلىك- لەرگىلا ئوخشاپ قالدىڭىزغۇ!

— مەن ئىرېلاندىيەلىك بولغىنىم ئۈچۈن نومۇس قىلىپ باققانمۇ؟ ياق، مەن پەخىرلەنگەن. سەن ئۆزۈڭنىڭمۇ يېرىم ئىرېلاندىيەلىك ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما. ۋۇجۇدىدا بىر تامچە بولسىمۇ ئىرلاندىيە قېنى بار ئادەم ئۆزى تۇرۇۋاتقان تۇپراقنى ئۆز ئانىسى دەپ بىلىدۇ. مەن هازىر سەن ئۈچۈن نومۇس قىلىۋاتىمەن. مەن دۇنيادىكى — ۋەتىنىم مېستىن باشقا — ئەڭ گۈزەل يەرنى ساڭا بەرمەكچى بولغانىدىم، لېكىن سەن قانداق قىلدىڭ؟ مىيىقىڭدا سوغۇق كۈلۈپ قويدۇڭ.

گېرالد ئىچىدىكى ئاچچىقىنى تېخىمۇ بەكرەك چىقارماقچى بولۇۋېتىپ، بىردىنلا سكارلېتنىڭ ئازابلىق چىرايىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە، شۈئان جىمىدى.

— سەن هازىر ياش، بۇ زېمىننىڭ قەدرىنى كېيىنرەك بىلىپ قالىسەن. ئىرېلاندىيەلىكلا بولىدىكەنسەن، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. سەن تېخى بالا، ئوي ـ خىيالىڭ كۆڭلۈڭدىكى ئادىمىڭدە. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن. هازىر سەن كادېنى تاللامسەن ياكى قوشكېزەكلەرنىڭ بىرسىنىمۇ ۋە ياكى ئېۋان مۇندونىڭ ئائىلىسىدىكى باللارنىڭ بىرسىنىمۇ، ئۆزۈڭ بىل. بۇلارنىڭ قايسىسىنىلا تاللىساڭ مەيلى، كەلگۈسىدە سېنى راهەت تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن.

— دادا!

گېرالد بۇ گەپلەرنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى بىردىنلا هېس قىلدى هەم بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ ئاچچىقىمۇ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تارا قورۇقى بىلەن ئۆزى تاللاپ بەرگەن يىگىتنى سكارلېتنىڭ

ياراتماسلىقى ئۇنى تېخىمۇ خاپا قىلدى. ئۇ بۇ سوۋغاتلارنى قىزىنىڭ خۇشاللىق بىلەن قوش قوللاپ ئېلىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتى - ھە.

— بولدى، قىزىم، تۇمشۇقلىرىڭنى ئۇچلىما. كىم بىلەن توي قىلساڭ مەيلى. ئېپىڭ كېلىشسىلا، ئاقسۆڭەك بولامدۇ ياكى ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان جەنۇبلۇق بولامدۇ، بولىۋېرىدۇ. ئايال كىشى ئەمەسمۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇھەببەت پەيدا بولۇپمۇ قالار.

— دادا، سىزنىڭ بۇ قارىشىڭىز كونا ھەم خۇراپىي قاراش.

— بۇ ياخشى قاراش، قىزىم. ئامېرىكىچە ھەممە يەرگە بېرىپ يىگىت ئىزدەشنىڭ، مۇھەببەت ئۇچۇن دەپ، مالايلار بىلەن، شىماللىقلاردەك توي قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ قىز بالىغا توي قىلىدىغان يىگىتنى ئاتا - ئانىسى تېپىپ بېرىش ئەڭ ياخشى چارە. بولمىسا، ساڭا ئوخشاش سېرىق تۇكلەر ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئايرىيالامدۇ؟ ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەرگە قاراپ باققىنا. ئۇلار نېمىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ شۆھرىتى بىلەن بايلىقىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كېلەلىدى؟ ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش ئادەملەر، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان نەۋرە - چەۋرىلەر بىلەن ئۆز ئارا توي قىلىش بىلەن.

— بولدىلا، دادا! — گېرالد مەسىلىنىڭ نېگىزىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ سۆزلىگەچكە، سكارلېتنىڭ ئازابىغا يېڭى ئازاب قوشتى. گېرالد ئۇنىڭ بېشىنى يەردىن ئالماي، پۇتلىرىنى بىردەم - بىردەم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— يىغلاۋاتامسىغانسەن؟ — دەپ سورىدى ۋە قوپال قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈردى. قىزىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپمۇ قالدى.

— ياق! — سكارلېت بېشىنى قاتتىق سىلكىپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى.

— يالغان سۆزلەۋاتىسەن. ئەمما، مەن سېنىڭ مۇشۇنداق بولۇشۇڭنى، كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭنى ياخشى كۆرمەن. ئەتە زىياپەتتە سېنى شۇنداق قىياپەتتە كۆرەي. سېنى بىر يىگىتنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ، ئۇ يىگىت ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، دەپ ھەممە ئادەمنىڭ مەسخىرە قىلىشىنى زادىلا خالىمايمەن.

«ياق، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، — سىكارلېت مەيۇس ھالدا ئويلاندى، — مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بار. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇ چوقۇم ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا ئېيتىدۇ. ۋىلكىس ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەنلا توي قىلىدىغان بولمىسا قانداق ياخشى بولاتتى.»

گېرالد ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

— ئەمدى كىرىپ تاماق يەيلى. بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمايلى، ئىككىمىزلا بىلسەك بولدى. ئاپاڭنى بۇ ئىش بىلەن پاراكەندە قىلغۇم يوق، سەنمۇ ئۇنىڭغا دەپ يۈرمە. بۇرنۇڭنى تاشلىۋەت.

سىكارلېت قول ياغلىقىغا مىشقىردى. ئاندىن ئىككىسى قولتۇقلىشىپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئات كەينىدىن ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۆيگە يېقىن قالغاندا سىكارلېت بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋېتىپ، بىردىنلا كارىدوردا تۇرغان ئاپىسىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىدا شىلەپە، ئۇستىدە يېپىنچا، قولىدا پەلەي، نېگىر ئانىسى كەينىدە، قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن، قولىدا قارا سومكا. بۇ، ئېللېن قۇللارنىڭ كېسىلىنى داۋالىغىلى چىققاندا ئېلىۋالىدىغان سومكا بولۇپ، ئىچىدە دورا، داكا دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. نېگىر ئانىسىنىڭ قېلىن ھەم يوغان كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ كېتىپتۇ. بىر ئىشلارغا ئاچچىقى كېلىپ قالسا ئۇنىڭ كالپۇكلىرى ئاشۇنداق سوزۇلۇپ كېتەتتى. سىكارلېت ئۇنى كۆرۈپلا، بىر ئىشقا خاپا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى شۇئان بىلدى.

— ئوخارا ئەپەندى، — ئىللىن ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ بىللە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندى. ئىللىن توي قىلغىلى ئون يەتتە يىل بولغان، ئالتە بالا تۇغقان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە گېرالدقا ئاشۇنداق ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، — ئوخارا ئەپەندى، سىلاتتىر تەرەپتە بىرسى ئاغرىپ قاپتۇ. ئىمىنىڭ يېڭى تۇغقان بوۋىقىمۇ بولالمىغان ئوخشايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بالىنى چوقۇندۇرۇش كېرەك. نېگىر ئانام ئىككىمىز شۇ تەرەپكە ماڭدۇق، چارىسىنى قىلىپ باقايلى.

ئۇنىڭ ئاۋازىدا سوراق تەلەپپۇزى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى، شۇنداقتىمۇ گېرالدنىڭ رۇخسىتىنى ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك ئىدى. بۇ، ئەدەپ ئۈچۈنلا دېيىلىۋاتقان گەپ بولسىمۇ، گېرالد ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، — گېرالد قاقشاپلا كەتتى، — بۇ ئەدەپسىز ئاق تەنلىكلەر نېمىشقا كەچلىك تاماق ۋاقتىدا سېنى ئەكېتىشىدۇ؟ مەن تېخى ساڭا ئاتلانتا تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇرۇش توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچىدىم. بارغىن، ئوخارا خانىم. بارمىساڭ بەرىبىر ئۇخلىيالمايسەن.

— خانىمغىمۇ ئاراملىق يوق. يېرىم كېچىلەردە زەڭگىلەر بىلەن مۇتتەھەم ئاق تەنلىكلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايمەن، دەپ مۇشۇنداق يۈرگەن. ئۇلار يا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرالمايدىغان ئادەملەر بولمىسا، — نېگىر ئانا پەلەمپەيدىن غودۇراپ چۈشۈپ پەيتون تەرەپكە ماڭدى.

— سۆيۈملۈكۈم، كەچلىك تاماقنى بۈگۈنچە سەن قىلىپ تۇرغىن، — دېدى ئىللىن پەلەي كىيىكلىك قولى بىلەن سكارلېتنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويۇپ.

سكارلېت يىغلىۋەتمەي دەپ ئۆزىنى ھەرقانچە چىڭ تۇتسىمۇ، ئانىسىنىڭ مېھرىبان قوللىرى مەڭزىگە تەگكەندە، كىيىملىرىدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان تونۇش ئەتىرنىڭ پۇرىقى

بۇرنىغا ئۇرۇلغاندا، مەڭگۈلۈك بۇ سېھرىي كۈچلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. سكارلېت ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئېللېن ئوخارانىڭ ئەتراپىدا ھەيران قالارلىق بىر نەرسە بار، ئۆيىنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنى ئەيمەندۈرىدىغان، مەھلىيا قىلىدىغان، خاتىرجەم قىلىدىغان نەرسە مەۋجۇت ئىدى.

گېرالد خانىمنى يۆلەپ پەيتونغا چىقىرىپ قويدى، ئاندىن پەيتونچىغا يولدا ئېھتىيات بىلەن ھەيدەشنى تاپىلىدى. توبىنىڭ گېرالدنىڭ پەيتوننى ھەيدەۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ، مەندەك بىر ماھىر پەيتونچىغا يول كۆرسىتىۋاتامسىز تېخى، دېگەندەك قىلىپ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ قويدى. نېگىرئانا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. پەيتون قوزغالدى.

— سىلاتتېردىكى ئۇ لۈكچەكلەرگە ياردەم بەرمەي، باشقىلارغا ياردەم بەرگەن بولسام، — دېدى گېرالد ئاچچىق ئارىلاش، — ئۇلار ياخشىلىقىمنى بىلىپ سازلىقنىڭ بويىدىكى يەرلەرنى ماڭا سېتىپ بەرگەن بولاتتى، — ئارقىدىنلا ئۇ بىر ئويۇننى ئويلاپ كۈلۈپ كەتتى، — يۇر، قىزىم، دىلسېينى بىزگە ئەمەس، جون ۋىلكېسكە سېتىۋەتتى، دەپ پوركقا چاقچاق قىلىمىز.

ئۇ ئاتنىڭ بوجىسىنى بىر چەتتە تۇرغان نېگىر بالىغا تاشلاپ بېرىپ، چوڭ - چوڭ چامداپ پەلەمپەيگە چىقىپ كەتتى. گېرالد سكارلېتنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ، غوجىدارىنى ئەخمەق قىلىشنىڭ خىيالىدا قالغانىدى. سكارلېت ئۇنىڭ كەينىدىن ئاستا مېڭىپ چىقتى، پۇتلىرى خۇددى تاش باغلاپ قويغاندەك شۇنچىلىك ئېغىر ئىدى. ئاشلىپى بىلەن توي قىلغان بولسام، دادام بىلەن ئاپامدەك مىجەزدە ئۇنچىلا كۆپ پەرق قىلىپ كەتمەيتتۇق، دەپ ئويلايتتى ئۇ. دادىسىدەك قوپال، ئىشلارنى تازا ئويلاپ كېتەلمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ قانداق بولۇپ ئاپىسىغا ئوخشاش ئاشۇنداق بىر ئېسىل ئايالغا ئۆيلىنىپ قالغانلىقىغا ھازىرغىچە ھەيران ئىدى. كېلىپچىقىشلىرى، تەربىيەلىنىشلىرى ۋە خاراكتېر جەھەتلىرىدىن ئېيتقاندا، دۇنيادا ئۇلاردەك پەرقى چوڭ ئادەملەر يوق بولسا كېرەك.

# ئۈچىنچى باب

ئېللېن بۇ يىل ئوتتۇز ئىككى ياشتا بولۇپ، شۇ چاغنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغان ئايال ئىدى. ئۇ ئالتە بالا تۇغدى، ئەپسۇس، ئۈچى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بويى ئاچچىقى يامان ئېرىدىن بىر غېرىچتەك ئېگىز، گەپ - سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك سىلىق - سىپايە ئىدى، يول ماڭغاندا كۆڭلىكى يەلپۈنۈپ تۇرغاچقىمۇ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئانچە بىلىنىپمۇ كەتمەيتتى. بويىنى ئىنچىكىرەك، ئاپپاق، بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان كۆڭلىكىنىڭ ئويما ياقىسىدىن چىرايلىق كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. كەينىگە تۇرۇپ تور ئىچىگە ئېلىنۋالىدىغان چاچلىرى ئۇنى غادىيىپراق تۇرغاندەك كۆرسىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى فىرانسۇز ئىدى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى 1791 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن قېچىپ ھايتىغا كەلگەن ۋە ئېللېن شۇ يەردە تۇغۇلغانىدى. ئاپىسىدىن ئۇنىڭغا تال - تال كىرپىكلەر ئارىسىدا يالتىراپ تۇرىدىغان قارا شەھلا كۆزلەر بىلەن توم قارا چاچلار تەۋەررۈك قالغانىدى. دادىسى شۇ چاغدىكى ناپولېئون ئارمىيەسىنىڭ ئاددىي بىر ئەسكىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەم ئىلمىپتەك چىرايلىق بۇرنى بىلەن ئۇچلۇقراق كەلگەن ئېڭىكى دادىسىنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئېللېننىڭ ھازىرقى سۇلكەتلىك، ئادەمگە تەكەببۇردەك تۇيغۇ بەرمەيدىغان چىرايى ھايات يولىدا ئاستا - ئاستا شەكىللەنگەنىدى.

ئەگەر ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ئازراق نۇرلۇق، كۈلۈشلىرى سەل مۇلايىم، قىزلىرى بىلەن قۇللار ئاجايىپ يېقىملىق ھېس قىلىدىغان ئاۋازى يەنىمۇ تەبىئىيرەك بولغان بولسا، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان گۈزەل خانىمدىن بىرسىمۇ بولمىغان

بولاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىغا جورجىيە ئاھاڭى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى، يەنە ئازراق فىرانسۇز تەلەپپۇزىمۇ بار ئىدى. ئۇ چاكارلارغا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە ياكى بالىلىرىنى ئەيىبلىگەندە بولسۇن، زادىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلمەيدىغان، شۇنداقتىمۇ تارا قورۇقىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى سۆزسىز بويسۇنىدىغان ئاۋازدا گەپ قىلاتتى. بۇ ئاۋازنىڭ ئالدىدا ئېرىنىڭ قوپال ئاۋازى ھەر دائىم ئېتىبارسىز ئۆتۈپ كېتەتتى.

سىكارلېت كىچىك ۋاقىتلىرىدىمۇ ئاپىسى مۇشۇ ھالەتتە ئىدى، ئاۋازى مەيلى كىشىلەرنى ماختىسۇن ياكى ئەيىبلىسۇن، ئوخشاشلا مۇلايىم، يېقىملىق ئىدى. مۇئامىلىسى ئائىلىدە دائىم كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇرسىمۇ ئوخشاشلا تەمكىن، مۇلايىم ۋە سىلىق ئىدى. ئۇ يول ماڭغاندا تۈپتۈز ماڭاتتى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى پەقەتلا قويۇۋەتمەيتتى، ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ شۇنداق تۇردى. سىكارلېت ئاپىسىنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى، قولىغا يىڭنە ئىشىنى ئالماي (تاماق ۋاقتىدىن باشقا چاغدا) ئورۇندۇقتا كېلىپ باققانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدى. كېسەللەرگە قاراۋاتقان ياكى قورۇقنىڭ ھېسابىنى تەكشۈرۈۋاتقان چاغدىمۇ شۇنداق ئىدى. مېھمان كەلگەندە چىرايلىق كەشتىلەرنى قولىغا ئېلىپ كەشتىلەپ ئولتۇراتتى، مېھمان بولمىسا گېرالدنىڭ كۆڭلىكى، بالىلارنىڭ ياكى قۇللارنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ ـ تىكىپ ئولتۇراتتى. سىكارلېت ئاپىسىنى ھەرقانداق چاغدا قولىدا يىڭنە ئىشى، كەينىدە چۆرە قىز بار ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. چۆرىنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا يىپ ـ يىڭنە تەييارلاپ بېرىش، ئېللېن تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش ئىشلىرى بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە، يىپ ـ يىڭنە قۇتىسىنى ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە توشۇپ بېرىش ئىدى.

سىكارلېت يەنە ئاپىسىنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ، سۆلكەتلىك تۇرقىنىڭ بىرەر ئىشلار بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ بۇزۇلۇپ

باققانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىلىلىن مەيلى كۈندۈز، مەيلى كەچتە بولسۇن، ئىنتايىن رەتلىك كىيىنىپ يۈرەتتى. تانسىغا بارسا، ئۆيگە مېھمان كەلسە ياكى جونىپسبوروغا ئۇچۇق سوتلارنى تىڭشىغىلى بېرىپ قالسا، نىگىرئانا بىلەن ئىككى چاكار ئايالنىڭ ياردىمىدە ئىككى سائەت ياسىنىپ، ئۆزى قانائەت تاپقاندا، ئاندىن ماڭاتتى. ئالدىراپ قالغان چاغلاردا ياسىنىدىغان بولسا، ھەربىكتىنىڭ تېزلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

سىكارلېتنىڭ ھۇجرىسى ئاپىسىنىڭ ھۇجرىسى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئىدى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا، تاڭ ئاتماستىلا نىگىرلارنىڭ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ ئاپىسىنىڭ ئىشىكىنى بوش ئۇرىدىغانلىقىنى، ئاپىسى ئىشىكنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ قولىقىغا مەلۇم بىر يەردە بىرسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى، ئۆلگەنلىكى ياكى بالا تۇغقانلىقى توغرۇلۇق پىچىرلايدىغانلىقىنى تولا ئاڭلايتتى ۋە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ، ئاپىسىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقىپ، قولتۇقىدا دورا سومكىسى، ئۇ نىگىرنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. شۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ چاچلىرى چىرايلىق تارالغان، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى تولۇق ئېتىلگەن بولاتتى.

سىكارلېت ئاپىسىنىڭ كارىدوردىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىۋېتىپ، كەسكىن ئەمما بوش ئاۋازدا: «تىنچ، ئاۋازىڭنى چىقارما، بولمىسا ئۇخارا ئەپەندىنى ئويغىتىۋېتىسەن» دەيدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ قالاتتى.

ئۇ كىچىچە ئىككى قات ئايالنى تۇغدۇرۇش، بوۋاقنى زاكىلاپ بېرىشلەر بىلەن چارچايتتى — بەزى چاغلاردا دوختۇر فونتائىن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى سىرتقا كېسەل كۆرگىلى چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيتتى — قايتىپ كەلگەندە كۈندىكىدەك ناشتىلىق تەييارلايتتى. كۆزلىرىدە ئازراق ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاۋازى بىلەن يۈرۈش - تۇرۇشىدا پەقەتلا جىددىيلىك كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ مۇلايىم

مىجەزىدە يەنە ھەممىگە چىداشلىق بېرەلەيدىغان بىر خىل خاراكتېرمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرىگە قىزلار بىلەن گېرالدمۇ قايىل ئىدى.

بەزىدە سىكارلېت ئاستا بېرىپ ئاپىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قوياتتى ۋە ئاپىسىنىڭ ئۈستى لەۋلىرى قىسقا، يۇمىران، ئەرلەرنى ھەر كويلارغا سالالايدىغان ئاغزىغا قاراپ كېتىپ، بىر چاغلاردا بۇ ئاغزىدا قىزلارغا ئوخشاش ۋىلىقلاپ كۈلگەن، سىرداش دوستلىرى بىلەن كېچىچە ئۇخلىماي سىردىشىپ چىققان بولغىيمىدى، دەپ ئويلاپ قالايتتى، ئارقىدىنلا، ياق، ئۇ مۇمكىن ئەمەس، ئاپام شۇ چاغلاردىمۇ ھازىرقىدەك كۈچ - قۇدرەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ بۇلىقى، ھەرقانداق مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەم ئىدى، دەپ ئويلاپ كېتەتتى.

سىكارلېتنىڭ ئويى خاتا ئىدى. ساۋاننا ئىشتاتىدا چوڭ بولغان ئېللېن روبىللاردىمۇ قىز ۋاقتىدا، چىرايلىق دېڭىز بويى شەھىرىدىكى ئون بەش ياشلىق قىزلارغا ئوخشاش ۋىلىقلاپ كۈلگەن، دوستلىرى بىلەن كېچىلەردە ئۇخلىماي — بىرلا سىرىدىن باشقا — ھەممە خۇسۇسىي ئىشلىرى، غايىلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ چىققان. شۇ يىلى ئۆزىدىن يىگىرمە سەككىز ياش چوڭ گېرالد ئوخارا ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىردى، يەنە شۇ يىلى قارا كۆز بىر نەۋرە ئاكىسى فىلىپپىي روبىللارد ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىچىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. فىلىپپىي ئۆزىنىڭ قاپقارا كۆزلىرى بىلەن يۈگەنسىز قىلىقلىرىنى ئېلىپ ساۋاننادىن مەڭگۈگە كەتكەندە، ئېللېننىڭ يۈرىكىدىكى يارقىن بىر نۇرنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى، كېيىن ئۇنى ئالغان پاكار، ئىچ مايماق ئىرلاندىيەلىككە پەقەت ئۇنىڭ جىسمىلا قالدى.

گېرالد ئۈچۈن شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېللېندەك بىر ئامەت يۇلتۇزىنى ئالغىنىغا ئىشەنمەي قورقۇپمۇ يۈرگەنىدى. ئۇ ئېللېننىڭ ۋۇجۇدىدىن قانداقتۇر بىر

نەرسىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئەپسۇسلانمايتتى. سەزگۈر ئادەم بولغاچقا، ئۇ ئۆزىدەك يا نام ـ ئەمەلى يوق، يا مال ـ دۇنياسى يوق، لاپ ئۇرۇشنىلا بىلىدىغان بىر ئىرېلاندىيەلىككە ھەممە ئىشتاتلاردا نامى بار بىر زەردارنىڭ قىزىنىڭ تەگكەنلىكىنىڭ مۆجىزىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايلى، گېرالد ھازىرقى بىساتلىرىنى ھېچنېمىسى يوق تۇرۇپ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ تاپقانىدى.

گېرالد يىگىرمە بىر يېشىدا ئامېرىكىغا كەلگەنىدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ياخشى ـ يامان ئىرېلاندىيەلىكلەرگە ئوخشاش بۇ يەرگە ئالدىراپلا كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭدا ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى، پاراخوتتا بىلەت ئېلىپ ئېشىپ قالغان ئۈچ شىللىڭ پۇل ۋە ئۇنى تۇتۇۋالغۇچىلارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا قويغان باھاسىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇنىڭچە، ئۇنى تۇتقۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئىنئام ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ تاپقىنىدىن كۆپ نۇرغۇن ئىدى. دۇنيادا ھېچقانداق ئادەمنىڭ باھاسى ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئورانگىمانچىلارنىڭ ① بىرسىگە قويغان يۈز فۇنت سىتېرلىڭگە چىقىپ باققان ئەمەس. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەگەر يەرسىز پومېشچىكنىڭ يەرلەرنى ئىجارىگە ئالىدىغان بېدىكىنىڭ ئۆلۈمىگە شۇنچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا گېرالدنىڭ ئۇ يەردىن كەتكىنىمۇ توغرا بولغان. ئۇ بۇرۇن يەر بېدىكلىرىنى «ئورانگىماننىڭ كۈچۈكلىرى» دەپمۇ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشى بويىچە بولسا، ھېچقانداق ئادەمنىڭ «بوين ناخشىسى» نىڭ بېشىدىكى بىرنەچچە مىسرانى غىڭشىپ ئېيتىپ ئۇنى مازاق قىلىشقا ھەققى يوق ئىدى.

بوين ئۇرۇشى② يۈز يىلنىڭ ئالدىدا بولغان ئۇرۇش ئىدى.

---

① 1795 ـ يىلى شىمالىي ئىرېلاندىيەدىن چىققان بىر مەخپىي تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى. ئۇلار يېڭى دىن تەرەپدارلىرى.

② 1690 ـ يىلى ئەنگلىيە پادىشاھى ۋىللىيام III نىڭ پادىشاھ جامىسنى بوين دەرياسى بويىدا يەڭگەن ئۇرۇش.

لېكىن ئوخارا بىلەن ئۆلارنىڭ قوشنىلىرىنىڭ نەزىرىدە تېخى تونۇگۇنلا بولغاندەك ئىدى. ئۇ چاغدا ئۆلارنىڭ بارلىق خام خىياللىرى، يەرلىرى، پۇل - ماللىرى قېچىپ كەتكەن پادىشاھ ستۇئارت بىلەن تەڭ يوقالغانىدى. قېلىپ قالغىنى پەقەت ئورانگىمان پادىشاھ جەمەتىدىكى ۋىللىيام بىلەن ئورانگىماننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ شەپكىسىنى كىيىپ ستۇئارت پادىشاھلىقىنى يوقاتقان ئىرېلاندىيەلىكلەر بولدى.

مۇشۇ ۋە يەنە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گېرالدنىڭ ئائىلىسى ئۇ ئورۇشنىڭ بەربات بولغان نەتىجىسىنى بەكمۇ قاتتىق بولغان، دەپ ئەمەس، بەلكى تەسىرى ئېغىر بولغان، دەپ قارايتتى. كۆپ يىللاردىن بېرى، ئوخارا ئائىلىسىنىڭ ئەنگلىيە ساقچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى بولماي كەلدى. ئۆلار بۆلارنى ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى، دەپ گۇمان قىلاتتى. گېرالد ئوخارا ئائىلىسىدىن بىرىنچى بولۇپ بۇ دۆلەتتىن چىقىپ كەتكەن ئادەم ئەمەس. گېرالد ئاكىلىرى جامېس بىلەن ئاندرېۋنى تازا ئېسىگە ئالالمايتتى، پەقەت ئۆلارنىڭ تولىمۇ كەم سۆزلۈكى، كېچىلىرى سىرتقا تولا چىقىپ سىرلىق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنىلا بىلەتتى. ئۆلار بىر چىقىپ كەتسە بىرنەچچە ھەپتىگىچە كەلمەي ئاپىسىنى قاتتىق ئەنسىرىتەتتى. خېلى يىللار ئىلگىرى كىشىلەر ئوخارا ئائىلىسىنىڭ چوشقا قوتىنىدا بىرمۇنچە قورال بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆلار ئامېرىكىغا كېتىشكەنىدى. ئۆلار ساۋاننادا ئوقەت قىلىپ پۇلمۇ تاپتى. ئۆلار ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئاپىسى: «ئۆلار تورۇۋاتقان يەرنىڭ نەدىلىكىنى خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ» دەپ قوياتتى. كېيىن ياش گېرالد ئىككى ئاكىسىنى ئىزدەپ ئامېرىكىغا كەلدى.

ماڭىدىغان چاغدا ئاپىسى ئۇنى سۆيۈپ قويدى، قۇلىقىغا كاتولىك دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىدىن ئازراق سۆزلەپ بەخت تىلىدى. دادىسى: «ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئېسىڭدە تۇت، يامانلارنىڭ

كـەينىگـە كـىرمە» دەپ نـەسىھەت قـىلدى. قاۋۇل بـەش ئاكـىسـى ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

گېرالدىنىڭ دادىسى بىلەن بەش ئاكىسى ئېگىز بوي، قـاۋۇل، ھەممە ئەزايى بىر ـ بىرىگە ماس كەلگەن ئادەملەر ئىدى. گېرالـد خۇدانىڭ ماڭا بەرگىنى مۇشۇ بوي دەپ، ھەرگىـز ئۇلارغا ھەسـەت قىلمايتتـى ھەم ھەسرەتـمۇ چەكمـەيتتى، مـېنىڭ بـۇ بويۇم ماڭـا تېگىشـلىك بولـغان ھەرقانداق نەرسىگـە ئېرىشـىشـىمـگە تەسـىر قىلمىدۇ، دەپمۇ ئويلـىمايتـتى. توغرىـسىنى ئېيتقـاندا، ئۇ ئەنـە شـۇنداق پاكار ھـەم چېۋەر بـولـغاچقـا، بـوگۇنكـى مـۇشۇ كۇنگـە ئېرىشكەنىدى. ئۇ پـاكار ئادەملـەرنىڭ ئېگىز بوي ئـادەملەرنـىڭ ئىچىـدە ئاجايىـپ شىجائـەت بىلەن يـاشايدىغـانلىقـىنى بـۇرۇنـلا بىلەتتى، ئۇمۇ ئەنە شۇنداق شىجائەتلىك ۋە قەيسەر ئادەم ئىدى.

ئېـگىز بوي ئـاكىلىـرىنىڭ ھـەممىسـى جىمـىغۇر ئادەمـلـەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئائىلىسىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنـىڭ نۇرى ئاللىبۇرۇن ئۆچكەن، ئۇنىڭ ئورنىدا پـەقەت ئۆچمـەنلىكـلا قالغانىدى. ئەگەر گېرالدمۇ ئۇلارغا ئوخشاش قاۋۇل، ئېگىز بـوي بولغـان بولسا، جـەزمەن شۇلارنـىڭ يولـىدا مـېڭىپ، ھـۆكۈمەتكـە قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن مەخپىي شۇغۇللانغان بولاتتى. لېكىـن، ئۇ ئاپىسى سۆيۈنۈپ تەرىپلىگەندەك: «ئاۋازى قـاتتىق، كـالـلىسـى ئـاددىي، مىجـەزى ئـتتـىك، ھە دېـسـىلا مۇشـت كـۆتۈرىدىـغان، ھېچكىـمدىن قـورقمايـدىغان، قارىـغـان ئادەمنـىـڭ قورققـۇسـى كېـلىدىغـان» بالا بولدى. ئـۇ ئوخارا ئائـىلىسـىنىڭ ئـېگىز بـوي ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە خۇددى پۈتى قىسقا خوراز پۈتلىرى ئـۇزۇن، يوغان خورازلارنىڭ ئىچىدە گىدىيىپ يۈرگەندەك، ئەتەي بېشىنـى ئېگىز تۇتۇپ مەغرۇر يۈرەتتى. ئاكىلىرى بولـسا ئۇنى ئـاياپتتـى، بەزىدە ئۇنچىـلا كۆرەڭلـەپمۇ كەتـمە، دېگەنـدەك بېشـىغا ئۇرۇپـمۇ قوياتتى.

گـېـرالـد ئـامـېـرىـكـىـغـا كـېـلـىـشـتـىـن بـۇرۇن تـۇزۇك ئوقـۇيالمـىغانىدى. بـۇنىڭ ئۇچـۇن ئۇ ئۆكۈنـۈپمۇ كەتـمەيتـتـى،

باشقىلار يۈزىگە سالسىمۇ ئىغىر ئالمايتتى. ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇشنى ئاپىسى ئۆگەتكەنىدى. ئۇ ھېسابقا ئۇستا ئىدى. بار-يوق بىلىدىغىنى شۇنچىلىكلا ئىدى. شېئىرلاردىن پەقەت مورنىڭ ئەسەرلىرىنىلا بىلەتتى. مۇزىكىدىن بىلىدىغىنى ئىرېلاندىيەنىڭ ھازىرغىچە كېلىۋاتقان ناخشا-مۇزىكىلىرىلا ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن بىلىملىكرەك ئادەمگە قايىل بولاتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلمايتتى. ئەڭ نادان ئىرېلاندىيەلىكمۇ باي بولۇپ كېتەلەيدىغان، ساغلاملىقنى، ئىشلەشتىن قورقماسلىقنى تەلەپ قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر يېڭى دۆلەتتە ئۇ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ نېمە كەپتۇ، دەپ ئويلايتتى.

جامېس بىلەن ئاندرېۋمۇ ئۆزلىرىنىڭ چالا ساۋاتلىقىنى ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش دەپ قارىمايتتى. ئۇلار ئىنىسى گېرالدنى ئۆزلىرىنىڭ ماگىزىنىدا ئىشلەشكە ئېلىپ قالدى. ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدىغان، ھېساب-كىتابنى توغرا قىلالايدىغان ھەم خېرىدارلار بىلەن سودىلىشىشقا چېۋەر بولغاچقا، ئاكىلىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. گېرالدنىڭ ئەدەبىيات بىلىملىرى ۋە مۇزىكىدىن بەھرىلىنىش ئىقتىدارى ئاز-تولا بار بولسىمۇ، ئاكىلىرىنىڭ مەسخىرىسىدىن قۇتۇلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاكىلىرىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئانچە-مۇنچە پۇل تاپقانمۇ بولدى.

گېرالد جەنۇبنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۆزىنى پات ئارىدا جەنۇبلۇق بولۇپ قالىمەن، دەپمۇ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇ جەنۇب ۋە جەنۇبلۇقلار توغرۇلۇق نۇرغۇن نەرسىلەرنى مەڭگۈ چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى، مەسىلەن، قارتا ئويناش، ئات چاپتۇرۇش، مۇنازىرىلىشىش، دۇئېلغا چىقىش، ئىشتات ھوقۇقىنى ئېلىشقا قىزىقىش، شىمالىلىقلارنى تىللاش، قۇللۇق تۈزۈمىنى ياقىلاش، پاختىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىش، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاق تەنلىكلەرنى مەنسىتمەسلىك، ئاياللارغا

ياخشىچاق بولۇش دېگەندەك ئادەتلىرىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى ھەم ئۇ ئادەتلەرنى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالالايتتى. ئۇ ھەتتا تاماكىنىڭ يوپۇرمىقىنى چايناشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ۋىسكىي ئىچىشتە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى، بۇنى ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئۆگەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىمەن دەپ ئاۋارە بولۇش كەتمەيتتى.

لېكىن، گېرالد گېرالد بويىچە قېلىۋەردى. تۇرمۇش ئادىتى، ئىدىيەسى ئۆزگەرگەن بىلەن مىجەز - خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى، ئۆزگەرتىمەن دېسە تامامەن ئۆزگەرتەلەيتتى. ئۇ شال، كېۋەز تېرىيدىغان باي - پومېشچىكلارغا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئوپراتماسلىقلىرىغا، نەسلى ساپ ئاتلاردا غادىيىپ ئولتۇرۇشلىرىغا، نازاكەتلىك خانىملىرى بىلەن قۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈشلىرىگە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇلار بۇ ئادەتلىرىنى قەدىمكى پادىشاھلىقتىن ساۋانناغا ئېلىپ كېلىشكەنىدى. لېكىن، ئۇ ھەۋەس قىلغىنى بىلەن ئۇ خىل نازاكەتنى ئۆگىنەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ بوش، ئاسان ئۇققىلى بولمايدىغان سۆزلىشىشلىرى قۇلىقىغا ياقمايتتى، ئۆزى ئۆگىنىپ قالغان قوپال گەپلەردىن تىلىنى تارتالمايتتى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ چوڭ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان، نۇرغۇن مال - دۇنياسىنى، قورۇقلىرىنى، ھەتتا قۇللىرىنى قىماردا دوغا تىككەن، تارتقان زىيانلىرىغا خۇددى نېگىر بالىلىرىغا سەدىقە ئورنىدا چاچقان پۇللىرىغا قارىغاندەك قارىغان چاغلىرىدىكى قىياپەتلىرىنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ ئۇلاردىن ئۆزىگە لازىملىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ قالغانلىرىنى رەت قىلدى. ئۇ قارتا ئويناشنىڭ جەنۇبنىڭ پۈتۈن ئادەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەسقاتىدىغان ئادەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئۆگەنسە، ئۇنىڭغا قوشۇپ ۋىسكىي ئىچەلەيدىغان بولسا ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ بۇ ئىككى ئادەتنى بۇرۇندىن

ياخشى كۆرەتتى. دەل مۇشۇ ئادەتلەر ئۇنىڭغا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ نەرسىنىڭ ئىككىسىنى، يەنى غوجىدارى بىلەن هازىرقى قورۇقىنى هەدىيە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچىنچى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسى خوتۇنى ئىدى، ئۇنى خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن مۆجىزىسى دەپ بىلەتتى.

ئۇنىڭ غوجىدارىنىڭ ئىسمى پورك ئىدى. پورك پارقىراپ تۇرىدىغان قاپقارا نىگىر بولۇپ، ئۆزىنى توختاتقان، قولىدىن ماشىنىچىلىق كېلىدىغان ئوبدان ئادەم ئىدى. ئۇنى ئۇ مۇقەددەس سىمون ئارىلىدىن كەلگەن بىر پومېشچىكتىن كېچىچە قارتا ئويناپ ئۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئادەم پو ئېتىشتا گېرالدتىن قېلىشمايتتى، ئەمما هاراققا كەلگەندە ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى. كېيىن ئۇ پوركنى ئىككى باراۋەر باها بىلەن قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا گېرالد پەقەتلا ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ تۇنجى قۇلى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەڭ ياراملىق غوجىدارى ئىدى، ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى ئارزۇسىغا يېتىشىنىڭ ئاچقۇچىمۇ هېسابلىناتتى. بۇنداق ئادەمنى قولدىن چىقىرىشقا بولامدۇ؟ گېرالدنىڭ قۇلدار هەم يەر ـ زېمىنغا ئىگە يۇقىرى تەبىقىلەردىن بولغۇسى بار، ئەلۋەتتە.

ئۇ جامېس بىلەن ئاندرېۇگە ئوخشاش هەممە ۋاقىتنى باها تالىشىشقا ياكى كېچىلىرى چىراغنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ هېساب ـ كىتاب قىلىشقا بېرىشنى پەقەتلا خالىمايتتى. ئۇ ئىككى ئاكىسىغا ئوخشىمايتتى، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ «تىجارەتچىلەر»نى هەممىدىن پەس كۆرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. خىيالى بىرپارچە زېمىنغا ئىگە بولۇشتا ئىدى، ئۆزىنىڭ كۆز يەتمەس قارا چىلانلىق، بىپايان، مۇنبەت ئېتىزلىقلىرىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۆزىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى، قورۇقلىرى، ئاتلىرى، قۇللىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئىشلەشكە، شۇ نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن هەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانماسلىققا رازى ئىدى. ئۇزاق

ئۆتمەي ئۇ بۇنداق ئارزۇنىڭ بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشەندى. جورجىيە ئىشتاتى كۆچلۈك بىر ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭ كۈتكەن مەقسىتىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن، تەقدىرنىڭ قولى بىلەن بىر قول قارتا بىرلىشىپ، ئۇنىڭغا كېيىن ئۆزى، تارا، دەپ ئاتىۋالغان قورۇقنى ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ يەردىن شىمالىي جورجىيەگە كۆچۈپ باردى.

ئۇ باھار كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئىدى. گېرالد بىر قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ، يېنىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ سۆھبىتىگە قۇلاق سېلىپ قالدى. ئۇ ساۋاننالىق ئادەم ئىكەن، ئىچكىرىدە ئون ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن بۇ يەرگە يېڭىلا قايتىپ كەپتۇ. ئوبلاستتا چەك تاشلاپ يەر بۆلۈشكەن چاغلاردا ئۇنىڭ ئامىتى كېلىپ بىر پارچە يەرگە ئىگە بولۇپ قالغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە تەگكەن يەرگە كۆچۈپ بېرىپ دېھقانچىلىق قىپتۇ. كېيىن ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ، ئاخىرىدا ئۇ يەردىن زېرىكىپ يېرىنى سېتىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ.

گېرالد ئۆزۈمنىڭ زېمىنى بولسا، دېگەن نىيەتتىن تېخى يانمىغان بولغاچقا، ئۇ ئادەم بىلەن تېزلا تونۇشۇپ پاراڭلاشتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئوبلاستنىڭ شىمال تەرىپىگە كارولىنا بىلەن ۋىرگىنىيەدىن نۇرغۇن كۆچمەنلەر كۆچۈپ كېلىشىۋېتىپتۇدەك. گېرالد بۇ خەۋەرگە بەكمۇ قىزىقتى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى پەسەيدى. شۇ ئارىدا گېرالد بىر پىلاننى ئويلاپ چىقىپ، ئۇنى قارتا ئويناشقا سايە قىلدى. كېچە بىر يەرگە باردى، ھاراق نۆۋىتى بىلەن قۇيۇلۇپ تۇردى، باشقا بىرنەچچىسى قارتىدىن ئۆزىنى تارتىپ، گېرالد بىلەن ئاشۇ ناتونۇش ئادەم ئىككىسىلا قالدى. ناتونۇش

ئادەم ھەممە پۇلىنى، ئۇنىڭغا قوشۇپ قورۇقىنىڭ يەر خېتىنى تىكتى. گېرالدمۇ يېنىدىكى پۇلىنىڭ بارىنى قويدى. ئەگەر بۇ پۇل «ئوخارالار شىركىتى»نىڭ پۇلى بولۇپ، ئۇنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەنلىك ئىبادەتتە بۇ قىلمىشىغا ھەرگىز تووۋا قىلمايتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىنى كۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ھەتتا زۆرۈر تېپىلغاندا ھەرقانداق ۋاستىدىن يانماي ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە، قولىدىكى قارتىغا قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇڭا، قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكىسى ياخشى قارتا بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويسام، بۇ قەرزنى قاچان تۆلەپ بولىمەن، دېگەننى پەقەتلا ئويلىمىدى.

— سىز پۇلىڭىزنى تىجارەت قىلىپ تاپقان ئەمەس، مەن ئۇ يەرنىڭ بېجىدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش، — دېدى ناتونۇش ئادەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىياھنى ئېلىپ كەلدى، — ئۇ يەردىكى ئۆي بىر يىل بۇرۇن كۆيۈپ كەتتى. يەرنى بولسا ياۋا ئوت - چۆپ بېسىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ يەرلەر سىزنىڭ بولدى.

— قارتا بىلەن ۋىسكىينى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋالما، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاراقنى تاشلىغان ئادەم سەن، — دېدى گېرالد ئۆزىگە ئورۇن سېلىپ بېرىۋاتقان پوركقا تەنبىھ بېرىپ. غوجايىنى يېقىندىن بېرى يېڭىچە ئاھاڭدا سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاتقان بولغاچقا، پورك گىچى، مىياس ئاھاڭلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى. بۇ ئاھاڭدا سۆزلىگەن گەپنى پەقەت شۇ ئىككىسىلا بىلەتتى، باشقىلار ئاڭلىسا ئۇقالماي ھەيران قالاتتى.

فىلىنت دەرياسى خۇددى ئېگىلگەن بىلەككە ئوخشاش گېرالدنىڭ زېمىنىنى ئىككى تەرىپىدىن ئوراپ ئاقاتتى. گېرالد پاكار بىر دۆڭنىڭ ئۇستىدىكى كونا ئۆينىڭ ئورنىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. سوزۇلۇپ ياتقان يېشىلزارلىقلار ئۇنىڭ

مۇشۇ جاينىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان ئىسپاتى، ئۆز قولى بىلەن ياسىغان قاشادەك، ئۇنىڭ پاسىلى ئىدى. ئۇ چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان سايلىق چىغىر يولغا قاراپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىچە تىللاپ قويدى. خۇشاللىقى چەكسىز بولغاچقىمۇ، خۇدانىڭ بۇ ئىلتىپاتىنى ئادەتتىكى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. قاتار ـ قاتار دەرەخلەر، ئۇ تەرەپتىكى قېلىن چۆپلۈك، چۆپلۈككە تۇتىشىپ كەتكەن قېيىنزارلىق، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بەلگە كەلگۈدەك ئوت بېسىپ كەتكەن يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىدى. ئۇششاق قارىغايلار ئۇنۇپ كەتكەن يەرلەرمۇ، ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان قىزىل توپىلىق يەرلەرمۇ گېرالدنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا. بۇنىڭ ھەممىسى كاللىسى ساز ئىرېلاندىيەلىكلەرگە خاس جۈرئەت بىلەن دوغا چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

گېرالد ئىختىيارسىز كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئۆزىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. بۇ يەردە، پۇتىنىڭ ئاستىدا خىشتىن سېلىنغان ئاپپاق ئۆي قەد كۆتۈرىدۇ. چوڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە سېمىز ماللارنى، نەسلى ساپ ئاتلارنى باقىدىغان قوتان سېلىنىدۇ. تاغ باغرىدىن تارتىپ دەريا بويىغىچە سوزۇلغان قىزىل توپىلىق يەردىن كۈمۈش نۇر چاقنىتىپ كېۋەز تېرىلىدۇ، تېرىلغاندىمۇ ئاز تېرىلمايدۇ، ئوخارانىڭ ئىگىلىكى شۇنىڭدىن باشلاپ گۈللىنىدۇ.

گېرالد ئۆزىنىڭ يېنىدىكى، ئىككى ئاكىسىدىن قەرز ئالغان ھەم ئازراق يېرىنى گۆرۈگە قويۇپ ئالغان پۇللىرى بىلەن يەر تېرىيدىغانغا بىرنەچچە قۇل سېتىۋالدى. ئاندىن تاراغا كېلىپ، قۇللار ياتىدىغان تۆت ئېغىز ئۆيدە تاكى پىششىق خىشلىق ئاق ئۆي پۈتكەنگە قەدەر يالغۇز ياشاپ كەلدى.

ئۇ يەرلەرنى تۈزەپ كېۋەز تېرىدى. ئىككى ئاكىسىدىن يەنە ئازراق پۇل قەرز ئېلىپ قۇللاردىن بىرنەچچىنى سېتىۋالدى. ئوخارا جەمەتى نەسەب قارىشى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەملەر ئىدى،

مەيلى گۈللەنگەن ياكى خاراب بولغاندا بولسۇن، مەھكەم ئۇيۇشالايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ پۇلىنىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغىنىدىن ئەمەس، بەلكى ئەڭ جاپالىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئائىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئۇيۇشۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئىدى. ئۇلار گېرالدقا پۇل بېرىپ تۇرسا، بىر كۈنلەردە ئۇ پۇل تېپىپ ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇپمۇ بېرەلەيدۇ ـ دە. شۇنداق قىلىپ، گېرالد توختىماي ئىشلەپ، زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ھاللىق دەرىجىگە بېرىپ قالدى. پىششىق خىشلىق ئاق ئۆيمۇ تەسەۋۋۇردىن رېئاللىققا ئايلاندى. گېرالد بۇ ئۆيىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتى، يېڭى سېلىنغان بولسىمۇ، قەدىمكى ئىمارەت شەكلى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قېرى كاۋچۇك دەرىخى ئۆينىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئوراپ، بۈك يوپۇرماقلىرى سايە تاشلاپ تۇراتتى. ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرىدىغان چۆپلۈككە ھازىر بېدە تېرىلىپ، بۆلەكچىلا رەتلىنىپ قالدى. سايىلىق چىغىر يولدىن تارتىپ، قۇللارنىڭ قاتار سېلىنغان ياغاچ ئۆيلىرىگىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە تارا قورۇقىنىڭ مۇستەھكەم، پۇختا، سەۋرچان قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قىياپىتىنى كۆرگىلى بولاتتى. گېرالد ھەر قېتىم چوڭ يول بىلەن ئاتلىق كېلىۋېتىپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئاپپاق ئۆگزىسىنى كۆرگەندە، خۇددى ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، يۈرىكى ئويناقشىپ قىنىغا پاتماي كېتەتتى.

گېرالد بۇ ئەتراپتىكى ئىككى قوشنىسىدىن باشقا ھەممە قوشنىلىرى بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتتى. ئۇ ئىككى قوشنىسىنىڭ بىرسى ماكىنتوش بولۇپ، ئۇنىڭ يېرى گېرالدنىڭ يېرىنىڭ سول تەرىپىگە چېگراداش ئىدى. يەنە بىرسى سلاتتېري ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ گېكتار يېرى ۋىلكېس ئائىلىسىنىڭ ئىچكىرىسىگىرەك كىرىپ كەتكەنىدى، گېرالدنىڭ يېرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە توغرا كېلەتتى.

ماكىنتوش جەمەتى ئىرېلاندىيەلىك بىلەن شوتلاندىيەلىكنىڭ قېنىدىن بولغان ئارغۇن ئىدى، ئورانگىمان تەرەپدارلىرىغا كىرەتتى. ھەممىسى دېگۈدەك كەم سۆز، جاھىل، باشقىلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان ئادەملەر ئىدى، كارولىنادىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەنلا تويلىشاتتى. گېرالد ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئەمەس ئىدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلىرى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىپ ياخشى ئۆتۈشەتتى، ماكىنتوشلارغا ئوخشاش مىجەزدىكى ئادەملەر بولسا ھېچقانداق ئادەم بىلەن ياخشى ئۆتمەيتتى. ماكىنتوشلارنى قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى ئىكەن، دېگەندەك گەپلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرالمىدى. ئۇلارنىڭ بوۋىسى قېرى ئانگوس بىرمۇ قۇلنى ئازاد قىلمىغان، ئەكسىچە لۇئىسانا شېكەر قومۇشلۇقىغا كېتىۋاتقان بىر يولۇچىغا بىر مۇنچە قۇللىرىنى سېتىۋېتىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا كەچۈرگۈسىز ھالدا خىلاپلىق قىلغانىدى، بۇ جەھەتتىكى پاراڭمۇ كەڭرى يېيىلىپ يۈرەتتى.

سىلاتتېرىي ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. ئۇلار كەمبەغەل ئاق تەنلىك بولۇپ، ئانگوس ماكىنتوشلارچىلىكمۇ ئەمەس ئىدى. ماكىنتوشلار ھەر ھالدا ئۆزلىرىنىڭ جاھىللىقى، ئۆزۈمچىلىكى بىلەن قوشنىلارنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. قېرى سىلاتتېرىي ئاشۇ بىرنەچچە گېكتار يېرىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، گېرالدقىمۇ، ۋىلكېسكىمۇ زادىلا سېتىپ بەرمىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى چاچلىرى دائىم پاخپىيىپ تۇرىدىغان، ئاغرىقچان، سەبدە چىراي ئايال ئىدى. باللىرى كۆپ ئىدى، يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ تۇرۇۋاتاتتى. سىلاتتېرىينىڭ قۇللىرى يوق، يېرىنى ئۆزى ئىككى ئوغلى بىلەن تېرىيتتى. خوتۇنى بىلەن بىرنەچچە كىچىك بالىسى بىر پارچە كۆكتاتلىقىنىڭ ئىشىنى قىلاتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر، ئۇلارنىڭ يا كېۋىزى، يا كۆكتاتلىرى ئوخشىمايتتى. خوتۇنى توختىماي تۇغۇپ تۇرغاچقا،

كۆكتاتلىقى قاراقسىز قىلىپ، بىر ئائىلىنى قامدىغۇدەكلا كۆكتات ئالالايتتى.

سىلاتتېربي دائىم قوشنىلىرىنىڭكىگە كېۋەز ئۇرۇقى ياكى بىرەر پارچە گۆش تىلەپ باراتتى. ئۇ قوشنىلىرىغا، كۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن مېنى ئاستىرتىن مەسخىرە قىلىشىدۇ، دەپ ئۆچلۇك قىلاتتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قۇللىرىغا تېخىمۇ ئۆچ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قىلىۋاتقان مەسخىرىلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تېگەتتى ھەم ئۇلارنىڭ مۇقىم باياشات تۇرمۇشىغا ھەسەتمۇ قىلاتتى. ئۆزىنىڭ نامرات تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ قۇللارنىڭ يەيدىغىنى ياخشى، كىيىدىغىنى تولۇق ئىدى، ئاغرىپ تارتىپ قالسا داۋالايدىغان ئادەم بار ئىدى، قېرىلىرىنى غوجايىنلىرى باقاتتى. ئۇ قۇللارمۇ غوجايىنلىرىنىڭ ياخشى ئاتاقلىرى بىلەن ماختىنىشقا ئامراق ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق غوجايىنلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. سىلاتتېرىينى بولسا ھەممە ئادەم كۆزگە ئىلمايتتى.

سىلاتتېربي يېرىنى ئۈچ ھەسسە يۇقىرى باھا بىلەن بۇ ئەتراپتىكى ھەرقانداق ئادەمگە ساتسا ئالاتتى. ئۇلارمۇ كۆزگە سىغمايدىغان بۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ پۇل خەجلەشكە رازى ئىدى. لېكىن، ئۇ يېرىنى ساتماي، يېرىدىن ئالغان ئازراق پاختىسى، قوشنىلىرىنىڭ سەدىقىسى بىلەن بەكمۇ جاپادا ياشاپ كېلىۋاتاتتى.

گېرالد ناھىيەدىكى ھەممە ئادەم بىلەن ياخشى، ئىناق ئۆتەتتى. ۋىلكېس، كالۋېرت، تارلېتون، پىتائىمن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دوغىلاق، پاكار ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە كۇلۇپ تۇرۇپ ئالدىغا چىقاتتى، ئېسىل هاراقلىرى بىلەن كۇتۇۋالاتتى. گېرالد مەرد، مېھرى ئىسسىق ئادەم بولغاچقا، قوشنىلارنىڭ باللىرى، قۇللىرى ھەتتا ئىتلىرىدىن تارتىپ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ۋارقىراپ تۇرغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە باغرى يۇمشاق،

مۇڭداشقاق، مەرد ئادەم ئىكەنلىكىنى تېزلا بىلىشىۋالغانىدى.

ئۇ كىمنىڭكىگىلا بارسا، بىرىنچى بولۇپ بىر توپ ئۈۋ ئىتلىرى بىلەن نېگىر بالىلىرى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىشاتتى، ئاتنى مەن باغلاپ قويىمەن دەپ بوجا تالىشاتتى. ئاق تەنلىك بالىلارمۇ ئۇنىڭ قوچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ بويىغا يەتكەن قىزلىرىنىڭ سىردىشى ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئوغۇللىرى بولسا دادىلىرىغا ئېيتالمايدىغان گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتالايتتى، ئۇنى دەردىمىزگە يېتىدىغان نىجادچىمىز دەپ بىلەتتى.

«قەرز بولۇپ قالغىنىڭغا بىر ئاي بوپتۇ ـ دە، سەن شۇمتەكنىڭ، ــ دەپ تووۋلاپ گەپ قىلاتتى ئۇ شۇنداق ئەھۋالغا قالغان ياشلارغا، ــ نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق دېمىدىڭ؟»

ئۇنىڭ قوپال ئاۋازى ھەممە ئادەمگە تونۇش ئىدى، ئەمما ھېچكىم بىزار بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ياشلار ئاڭلاپ، ئىزا تارتقاندەك ھىجىيىپ قوياتتى. ئاندىن: «تاغا، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ دادام ...» دەيتتى.

«سېنىڭ دادىڭ ياخشى ئادەم، بۇنىڭغا ئىقرار بولۇشۇڭ كېرەك، ئەمما تەلەپچانراق. مانا بۇ پۇلنى ئال، بىر كىمگە تىنما.»

ئۇنىڭغا ئەڭ قايىل بولغىنى زېمىندارلارنىڭ خانىملىرى بولدى. بىر كۈنى ۋىلكېس خانىم ــ گېرالدنىڭ گېپى بويىچە، ئۆزىنى تۇتقان ئاجايىپ ئېسىل ئايال ــ ئۇ ئېتىنى مىنىپ چوڭ يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئېرىگە: «بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرى تولىمۇ قوپال ئىكەن، لېكىن ئۆزى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەمدەك قىلىدۇ» دېگەن، گېرالد شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى.

ئۇ ئون يىل تىرىشىپ ئىشلەپ تارا قورۇقىنى شۇ ھالەتكە كەلتۈردى. يېڭى كەلگەن چاغلاردا ئۇ قوشنىلىرىنىڭ ئۆزىگە بۇ

يەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن نەزەردە قاراپ يۈرۈشكەنلىكىنى زادىلا بىلمىگەنىدى.

گېرالد قىرىق ئۈچ ياشقا كەلگەندە تازا كۈچىگە كىلىپ، مەڭزى قىزىرىپ، مۈسكۇللىرى چىڭىپ، بەئەينى تەنتەربىيە ژۇرنىلىدىن كېسىۋالغان ئوۋچى پومېشچىكنىڭ سۈرىتىگىلا ئوخشاپ قالدى. شۇ چاغدا، ئاندىن ئۇ تارا قورۇقىنىڭ ئىنتايىن قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭغا قورۇق بىلەن مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل قوشنىلىرى بولسىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، يەنە خوتۇنمۇ كېرەك ئىكەنلىكىنى ئويلىدى.

تارا قورۇقى بىر ئايالنىڭ باشقۇرۇشىغا موھتاج ئىدى. هازىرقى ئاشپەز ئەسلىدە قارا ئىشلارنى قىلاتتى، تاماق قىلىشقا بىر ئادەم لازىم بولۇپ قالغاچقىلا ئۇنى ئاشخانىغا ئاچىقىپ قويغانىدى. ئۇ بىرەر قېتىممۇ تاماقنى ۋاقتىدا تەييارلاپ بېرەلمىدى. ئۆي بېسىقتۇرىدىغان قۇلمۇ ئەسلىدە ئېتىزلىقتا ئىشلەيتتى، ئامالسىز ئۇنىمۇ ئۆي ئىشىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ خۇددى قولىدا لاتا تۇرمايدىغاندەك، ھەممە يەرنى چاڭ - توزان بېسىپ كەتسىمۇ كارى يوق يۈرەتتى. پەقەت پوركىلا بۇ جەھەتلەردە تەربىيە كۆرگەن، ئىشەنچلىك نېگىر ئىدى، پۈتۈن قۇللارنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، بىرنەچچە يىلدىن بېرى گېرالدنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالدىمۇ، ئۇمۇ ھورۇنلىشىپ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئافرىقىلىقلارغا خاس سەزگۈر نېگىر قۇللارمۇ گېرالدنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرىۋېرىشتى. ئۇلار ئۈچۈن خەتەرلىك ئىككىلا ئىش بار ئىدى: بىرسى، ئۆزلىرىنى جەنۇب تەرەپتىكى بىرەر قۇلدارغا سېتىۋېتىش؛ يەنە بىرسى، قامچا بىلەن ساۋاش ئىدى. ئەمما، گېرالد مۇشۇ كەمگىچە بىرەر قۇلنى سېتىپ باقمىدى، قامچا

مۆڭداشقاق، مەرد ئادەم ئىكەنلىكىنى تېزلا بىلىشىۋالغانىدى.

ئۇ كىمنىڭكىگىلا بارسا، بىرىنچى بولۇپ بىر توپ ئوۋ ئىتلىرى بىلەن نېگىر بالىلىرى يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىشاتتى، ئاتنى مەن باغلاپ قويىمەن دەپ بوجا تالىشاتتى. ئاق تەنلىك بالىلارمۇ ئۇنىڭ قوچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ بويىغا يەتكەن قىزلىرىنىڭ سىردىشى ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئوغۇللىرى بولسا دادىلىرىغا ئېيتالمايدىغان گەپلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتالايتتى، ئۇنى دەردىمىزگە يېتىدىغان ئىنجادچىمىز دەپ بىلەتتى.

«قەرز بولۇپ قالغىنىڭغا بىر ئاي بوپتۇ ـ دە، سەن شۇمتەكنىڭ، ـــ دەپ تووۋلاپ گەپ قىلاتتى ئۇ شۇنداق ئەھۋالغا قالغان ياشلارغا، ـــ نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق دېمىدىڭ؟»

ئۇنىڭ قوپال ئاۋازى ھەممە ئادەمگە تونۇش ئىدى، ئەمما ھېچكىم بىزار بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ياشلار ئاڭلاپ، ئىزا تارتقاندەك ھىجىيىپ قوياتتى. ئاندىن: «تاغا، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ دادام ...» دەيتتى.

«سېنىڭ دادىڭ ياخشى ئادەم، بۇنىڭغا ئىقرار بولۇشۇڭ كېرەك، ئەمما تەلەيچانراق. مانا بۇ پۇلنى ئال، بىر كىمگە تىنما.»

ئۇنىڭغا ئەڭ قايىل بولغىنى زېمىندارلارنىڭ خانىملىرى بولدى. بىر كۈنى ۋىلكېس خانىم ـــ گېرالدنىڭ گېپى بويىچە، ئۆزىنى تۇتقان ئاجايىپ ئېسىل ئايال ـــ ئۇ ئېتىنى مىنىپ چوڭ يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئېرىگە: «بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرى تولىمۇ قوپال ئىكەن، لېكىن ئۆزى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەمدەك قىلىدۇ» دېگەن، گېرالد شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى.

ئۇ ئون يىل تىرىشىپ ئىشلەپ تارا قورۇقىنى شۇ ھالەتكە كەلتۈردى. يېڭى كەلگەن چاغلاردا ئۇ قوشنىلىرىنىڭ ئۆزىگە بۇ

يەرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن نەزەردە قاراپ يۈرۈشكەنلىكىنى زادىلا بىلمىگەنىدى.

گېرالد قىرىق ئۈچ ياشقا كەلگەندە تازا كۈچىگە كىلىپ، مەڭزى قىزىرىپ، مۇسكۇللىرى چىڭىپ، بەئەينى تەنتەربىيە ژۇرنىلىدىن كېسىۋالغان ئوۋچى پومېشچىكنىڭ سۈرىتىگىلا ئوخشاپ قالدى. شۇ چاغدا، ئاندىن ئۇ تارا قورۇقىنىڭ ئىنتايىن قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭغا قورۇق بىلەن مېھماندوست، ئاق كۆڭۈل قوشنىلىرى بولسىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، يەنە خوتۇنىمۇ كېرەك ئىكەنلىكىنى ئويلىدى.

تارا قورۇقى بىر ئايالنىڭ باشقۇرۇشىغا موھتاج ئىدى. ھازىرقى ئاشپەز ئەسلىدە قارا ئىشلارنى قىلاتتى، تاماق قىلىشقا بىر ئادەم لازىم بولۇپ قالغاچقىلا ئۇنى ئاشخانىغا ئاچىقىپ قويغانىدى. ئۇ بىر قېتىممۇ تاماقنى ۋاقتىدا تەييارلاپ بېرەلمىدى. ئۆي بېسىقتۇرىدىغان قۇلمۇ ئەسلىدە ئېتىزلىقتا ئىشلەيتتى، ئامالسىز ئۇنىمۇ ئۆي ئىشىغا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇمۇ خۇددى قولىدا لاتا تۇرمايدىغاندەك، ھەممە يەرنى چاڭ - توزان بېسىپ كەتسىمۇ كارى يوق يۈرەتتى. پەقەت پوركلا بۇ جەھەتلەردە تەربىيە كۆرگەن، ئىشەنچلىك نېگىر ئىدى، پۈتۈن قۇللارنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، بىرنەچچە يىلدىن بېرى گېرالدنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالدىمۇ، ئۇمۇ ھورۇنلىشىپ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئافرىقىلىقلارغا خاس سەزگۈر نېگىر قۇللارمۇ گېرالدنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئۆزى بىلگەننى قىلىپ يۈرۈۋېرىشتى. ئۇلار ئۈچۈن خەتەرلىك ئىككىلا ئىش بار ئىدى: بىرسى، ئۆزلىرىنى جەنۇب تەرەپتىكى بىرەر قۇلدارغا سېتىۋېتىش؛ يەنە بىرسى، قامچا بىلەن ساۋاش ئىدى. ئەمما، گېرالد مۇشۇ كەمگىچە بىرەر قۇلنى سېتىپ باقمىدى، قامچا

بىلەن ئۇرىدىغان ئىش بىر قېتىم يۈز بەردى. ئۇمۇ بىر قۇلنىڭ گېرالدنىڭ بىر كۈن كەچكىچە ئوۋدا مىنگەن ئامراق ئېتىغا ياخشى يۈيۈپ، ياخشى قارىمىغانلىقىدىن بولغانىدى.

گېرالدنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ چىرايلىق، پاكىز تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى كېلىشتۈرۈپ تارىۋالغان خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىغا ئاق پەرتۇقلارنى تاقاپ، قۇللىرىنى قانداق ئىشقا سېلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە قۇللارنى ئىشقا سېلىپ، بالىلىرىنى بېقىپ، كىيىم تىكىپ قانچىلىك چارچاپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى كۆرۈنۈشتىكى ئەھۋاللار ئىدى، مۇشۇ ئەھۋاللارمۇ ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى.

بىر كۈنى ئۇ شەھەرگە ئوچۇق سوتقا بارماقچى بولدى. پورك ئۇنىڭ ئاق ياقىلىق چىرايلىق كۆڭلىكىنى ئاچىقىۋىدى، كۆڭلەكنى ئۆيدىكى قول ئايال يۇيىمەن دەپ كىر سىڭدۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇ كۈنىمۇ گېرالد ئۆزىگە بىر خوتۇننىڭ ئىنتايىن دورا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

— گېرالد ئەپەندى، — دېدى پورك كۆڭلەكنى قاتلاۋېتىپ، — سىزگە ھازىر بىر خانىم، نۇرغۇن مالايلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلەلەيدىغان بىر خانىم كېرەك بولۇۋاتىدۇ.

گېرالد ئۇنى ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭ، دەپ ئەيىبلىدى، ئەمما ئۇنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىچىدە بىلدى. ئۇنىڭغا ھازىر راستلا بىر خوتۇن كېرەك، پەرزەنتىمۇ كېرەك، دەررۇ تۇتۇش قىلمىسا كېچىكىپ قېلىشى تۇرغان گەپ. لېكىن، ئۇ كالۋىرتىنىڭ ئالدىراپ - تېنەپلا بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنى خوتۇن قىلىۋالغىنىدەك، خىيالىغا كەلگەن بىرسىنى ئالسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى چوقۇم ۋىلكېسنىڭ خانىمىغا ئوخشاش چوڭ ئائىلىنىڭ قىزلىرىدىن بولۇشى، ئاشۇ خانىمغا ئوخشاش نازاكەتلىك، تارا قورۇقىنى باشقۇرالايدىغان خانىم بولۇشى

كېرەك.

ئەمما، بۇ ناھىيەدىكى چوڭ ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى بىلەن توي قىلىشتا ئىككى قىيىنچىلىق بار بولۇپ، بىرسى، بۇ يەردە بويىغا يەتكەن قىزلار ئىنتايىن ئاز ئىدى. يەنە بىرسى، يەنە كېلىپ ئەڭ قىيىنى، گېرالد بۇ يەرگە «يېڭى» ئادەم (ئۇنىڭ بۇ يەردە ياشاۋاتقىنىغا ئون يىل بولغان بولسىمۇ)، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللىك بولۇپ، ئۇنىڭ تېگىنى ھېچقانداق ئادەم بىلمەيتتى. گەرچە بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى دېڭىز بويى شەھەرلەردە ياشاۋاتقانلاردەك چوڭچى بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ قىزلىرىنى نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بىر كەلگۈندىگە بېرىشنى خالىمايتتى. بۇ يەردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما شۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭغا قىزلىرىنى بېرىشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرالد ئۆزىمۇ خەقلەرنىڭ، ئۇ پالانچىنىڭ قىزىغا ئادەم قويۇپتىكەن، ئۇ قىزنى بەرگىلى ئۇنىماپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشىنى خالىمايدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە ئۆزىنى سوراپ يۈرگىنى بىلەن، خەقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلاپ يۈرمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن مەلۇم جەھەتتە تۆۋەن تۇرىمەن، دەپمۇ ئويلىمايتتى. بۇ يەردە، قىزلارنى جەنۇبتا تۇرۇۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولغان، يەر ـ جايى، قۇللىرى بار، يامان ئادەتلەرنى يوقىتۇرۇۋالمىغان ئادەملەرگە بېرىش كېرەك، دەيدىغان غەلىتە بىر ئادەت بار ئىدى.

— سەپەر تەييارلىقىنى قىل، ساۋانناغا بارىمىز، — دېدى بىر كۈنى گېرالد پوركقا، — سېنىڭ «تىنىچ» ياكى «چوقۇم» دېگەندەك گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، شۇ ھامان سېتىۋېتىمەن. ئۆزۈممۇ ئۇ گەپلەرنى ناھايىتى ئاز قىلىمەن.

جامېس بىلەن ئاندرېۋ ئۇنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق ياخشى تەكلىپلىرىمۇ باردۇ. يا بولمىسا ئۇلارنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ئىچىدە قىزىنى گېرالدقا بېرىشنى خالايدىغانلار چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار ئۇنىڭ ئويلىرىنى ئەستايىدىل

ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، ئاڭلاپ بولۇپ قولدىكى قولىدىكى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرمىدى. ئۇلارنىڭ ساۋاننادا ياردەم سورىغۇدەك ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئامېرىكىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا توي قىلىشقان، ئاغىنىلىرىنىڭ قىزلىرىمۇ توي قىلىپ بالىچاقىلىق بولۇپ كېتىشكەنىدى.

— سەن پۇلدارمۇ ھەم داڭلىق شەخسمۇ ئەمەس، — دېدى جامېس.

— مەن نۇرغۇن پۇل تاپتىم، ئۆزۈمنى داڭلىق ئادەملەر قاتارىدا سانىيالايمەن. شۇڭا، بولار - بولماس خوتۇندىن بىرنى ئېلىپ ئىشنى تۈگەتسەم بولمايدۇ.

— سەن ئېگىز شاخقا ئېسىلىپ قېلىۋاتقاندەك قىلىسەن، — دېدى ئاندرېۋ كەسكىن تەلەپپۇزدا.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلار گېرالدنىڭ ئىشى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇردى. ئىككىسى ياشىنىپ قالغان ھەم ساۋاننادا خېلى نامى بار ئادەملەر ئىدى، ئاغىنىلىرىمۇ كۆپ بولغاچقا، گېرالدنى بۇگۇن بىرسىنىڭكىگە تانسىغا، ئەتىسى يەنە بىرسىنىڭكىگە تاماققا، ئۆگۈنى باراۋەتكە ئېلىپ باردى.

ئەڭ ئاخىرىدا گېرالد ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتتى:

— ماڭا پەقەت بىرلا قىز يارىدى. ئۇ قىز مەن بۇ يەرگە كەلگەن چاغدا تېخى تۇغۇلمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— ساڭا يارىغان قايسى قىز ئۇ؟

— ئېللېن روبېللارد خېنىم، — گېرالد ئەتەي خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئېلېن روبېللاردنىڭ قارا كۆزلىرى ئۇنىڭغا سەل ياقمىغاندەك قىلغانىدى. ئۇ قىز سىرتىدىن پەرۋاسىز، چۈشەنگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ، گېرالدقا يارىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىلىنىپ تۇرغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىمۇ گېرالدنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇنى ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا يىلىكتەك يۇمشىتىۋەتتى. ئۇ

ھەرقانداق ئادەم بىلەن بىللە بولسىمۇ ئۇنداق بولۇپ باقمايتتى.
— بىراق، سەن ئۇ قىزغا دادا بولغۇدەك ياشتا تۇرساڭ.
— مېنىڭ ھازىر تازا كۈچكە تولغان ۋاقتىم! — گېرالد زىتىغا تەگكەن بۇ گەپكە چىدىماي تۇۋلاپ كەتتى.
جامېس سوغۇققانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئېيتتى.
— گېرالد، سەن ساۋاتنادا توي قىلىشنىڭ تەسكە توختايدىغان ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنى تاپالمايسەن. ئۇنىڭ دادىسى روبېللارد جەمەتىنىڭ ئادىمى. ئۇ فىرانسۇزلار بەكمۇ تەكەببۇر. ئۇنىڭ ئانىسى — رەھمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن — بەكمۇ ئېسىل مەزلۇم ئىدى.
— ئۇلار بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دېدى گېرالد ئاچچىقى كېلىپ، — ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئەمما دادىسى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.
— ئادەتتىكى ئادەم بولساڭ شۇنداق بولىدۇ، ئەمما كۈيئوغۇل بولىدىغانلىقىڭنى ئاڭلىسا ئۇنداق بولۇشى ناتايىن.
— ئۇ قىز ساڭا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ، — دېدى ئاندرېۋ گەپ قىستۇرۇپ، — ئۇ بىر نەۋرە ئاكىسى فىلىپپىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ بىر ساياق بەگزادە. بىر يىل بولدى، ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭغا، فىلىپپي ساڭا لايىق ئەمەس دەپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن قىز ئۇنىمايدۇ.
— ئۇ مۇشۇ ئايدا لوئىساناغا كېتىپتۇدەك، — دېدى گېرالد.
— بۇنى سەن قانداق بىلدىڭ؟
— ئىشقىلىپ، بىلدىم، — جاۋاب بەردى گېرالد بۇ خەۋەرنى پوركتىن ئاڭلىغانلىقىنى دېمەي. ئۇ فىلىپپىنىڭ ئۆيىدىكىلىرىنىڭ تېز سالغان خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپمۇ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتمىدى، — مەن ئۇ قىزنىڭ ئۇ يىگىتنى ئايرىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئۇن بەش ياش دېگەن تېخى كىچىك، ئۇياشتىكى قىزلار مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ كەتمەيدۇ.

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ خەتەرلىك نەۋرە ئاكىسىنى تاللىسا تاللايدۇكى، سىنى تاللىمايدۇ.

شۇڭلاشقىمۇ، پېررې روبىللاردىنىڭ قىزى ئىرپلاندىيەلىك پاكار گېرالدقا ياتلىق بولىدىكەن، دېگەن گەپ تارقالغاندا، جامىس بىلەن ئاندرېۋدىن تارتىپ ھەممىلا ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشقانىدى. پۈتۈن ساۋاننادا مىش ـ مىش گەپ، ھەممىلا ئادەم غەربكە كەتكەن فىلىپپې روبىللاردقا نېمە بولغاندۇ، دەپ ھەيران بولۇشاتتى، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب تاپالمايتتى. روبىللارد ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق قىزى نېمىدەپ ئۇ ئاچچىقى يامان، قىزىل يۈز، بويى ئۆزىدىن بىر غېرىچ پاكار ئادەم بىلەن توي قىلىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ ئىش ھەممە ئادەم ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى.

ھەتتا گېرالدنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىشنىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇنداق ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقىپ قالغانلىقىدىن ھەيران ئىدى، بۇنى پەقەت مۆجىزە دەپلا بىلەتتى، بۇ مۆجىزىمۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە مۇشۇ بىر قېتىملا بولسا كېرەك. چىرايى سېرىق ھەم ناھايىتى سوغۇققان ئېللېن يۇمران قولىنى ئۇنىڭ مورىسى ئۈستىگە قويۇپ: «ئوخارا ئەپەندى، مەن سىزنى قوبۇل قىلدىم» دېگەن چاغدا، گېرالد خۇددى پۈتۈن ئەزايى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى.

بۇ سىرلىق ئىشنىڭ جاۋابىنى روبىللارد ئائىلىسىدىكى بۇ ئىش توپەيلى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن ئادەملەرمۇ قىسمەن بىلەتتى. بىلىدىغان ئادەم پەقەت ئېللېن بىلەن ئۇنىڭ نېگىر ئانىسىلا ئىدى. شۇ كۈنى ئېللېن كېچىچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتى، ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن بىر قارارغا كېلىپ قوپتى.

نېگىر ئانىسى ئۇنىڭغا شۇ كۈنى يېڭى ئورلېئاندىن كەلگەن كىچىكرەك بىر خالتىنى ئەكىرىپ بەرگەنىدى. ئۈستىدىكى ئادرېس ناتونۇش ئادەمنىڭ قەلىمىدە يېزىلغانىدى. خالتىنىڭ ئىچىدىن ئېللېننىڭ كىچىك بىر پارچە سۈرىتى (ئېللېن ئۇنى كۆرۈپ چىرقىراپ كەتتى ۋە دەررۇلا يەرگە تاشلىۋەتتى)،

فىلىپپىنىغا يازغان تۆت پارچە خېتى، يېڭى ئورلېئاندىكى چېركاۋنىڭ پوپى يازغان ئىككى ئىلىك خەت چىقتى. ئۇ خەتتە فىلىپپىنىڭ قاۋاقخانىدا بولغان جېدەلدە تاياق يەپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى يېزىلغانىدى. «ئۇنى ئۇلار قوغلىۋەتتى، دادام، پولىن، يورالىلار قوغلىۋەتتى. ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن، ھەممىسىدىن نەپرەتلىنىمەن. ئۇلارنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن، يېشى چوڭ بولسىمۇ ئاشۇ ئادەمگە تېگىپ بۇ يەردىن كېتىمەن، ئۇلارنى مەڭگۈ كۆرمەيدىغان جايغا كېتىمەن. بۇ شەھەرنىمۇ مەڭگۈ كۆزۈم كۆرمىسۇن، ئۇنى ئېسىمگە سالىدىغان ئادەملەرنىمۇ كۆرمەي» دەپ نالە قىلىپ كەتتى ئۇ.

• كېچىچە ئۇنىڭ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان نىگىر ئانىسى ئاخىر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، قوزام، ئۇ دېگەن چوڭ ئادەم، ئۇنداق خىياللاردا بولماڭ، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

— مەن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ئۇ ياخشى نىيەتلىك ئادەمدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ماقۇل دەيمەن، بولمىسا چارلېستوندىكى موناستىرغا كېتىپ موناخ بولۇپ كېتىمەن.

ئۇنىڭ موناخ بولۇپ كېتىمەن دېگەن مۇشۇ بىر گېپى پېررې روبېللاردىنى قاتتىق ئويغا سالدى. ئۇ كۈچلۈك ئازاب ۋە نۇرغۇن تېڭىرقاشلاردىن كېيىن ئاخىر قىزىنى گېرالدقا بېرىشكە قوشۇلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇ قىزىنىڭ موناخ بولۇپ كېتىشىدىن كۆرە، گېرالد ئوخاراغا تەگكىنىنى ئەۋزەل بىلدى، گېرالدنىڭ نام ـ ئەمەلىنىڭ ئۆزلىرىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان تەرەپلىرىنى كەچۈرۈپ ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلىپمۇ كەتمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئېللېن نىگىر ئانىسى بىلەن يىگىرمە نىگىر قۇلنى ئېلىپ، ساۋانناغا ئىككىنچى كەلمەيدىغان نىيەت بىلەن تارا قورۇقىغا كەلدى.

ئىككىنچى يىلى ئۇلار پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى كاتىئىي سىكارلېت قويدى. بۇ، گېرالدىنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئىدى. گېرالد، ئوغۇل بولسىكەن، دەپ يۈرگەچكە تۇنجى بالىسىنىڭ قىز بولۇپ قالغانلىقىغا سەل كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈردى. كېيىن بۇ قارا چاچ قىزنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالدى ۋە، ئۇ تۇغۇلغاندا پۈتۈن قورۇقتىكى قۇللارغا چاي بەردى، چايدا ئۆزىمۇ ئىچىپ مەست بولدى.

ئەگەر ئېللېن گېرالد بىلەن توي قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، بۇنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، گېرالدىنىڭ بىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گېرالد ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق پەخىرلىنەتتى. ئېللېن چىرايلىق ساۋاننا شەھىرىدىن ئايرىلىپ، شەھەرنى ۋە ئۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان بارلىق تەسىراتلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، جورجىيەنى ئۆزىنىڭ يۇرتىدەك كۆرۈپ كەتتى.

ئېللېننىڭ دادىسىنىڭ سۇس ھال رەڭ بىناسى خۇددى تولغان قىزلاردەك شۇنچىلىك چىرايلىق، كۆركەم ئىدى، ئىچىدىكى يۆگىمەچ پەلەمپەيلىرى، پەلەمپەيىنىڭ چىرايلىق سالاسۇنلىرى گۈلدەك نەپىس ئىشلەنگەنىدى. ئەنە شۇ ئۆي ئۇنىڭ ئىللىق ۋە يېقىملىق ئائىلىسى ئىدى، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ كەتتى.

ئۇ يالغۇز ئاشۇ كۆركەم بىنادىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يۈرۈش مەدەنىيەتتىنمۇ ئايرىلغانىدى. بۇ يەرگە كېلىپ، پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، يېڭى بىر قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

شىمالىي جورجىيە ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن، ئادەملىرى قوپال بىر يەر ئىدى. قىشتا قاتتىق سوغۇق، يازدا ئۆلگۈدەك ئىسسىق بولاتتى. ئادەملىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتقا ئىنتىلىش ۋە كۈچ - قۇدرەت ئېللېننى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار سەمىمىي، باتۇر، مەرد، ئاق كۆڭۈل، ساغلام ئىدى. ئاچچىقى تېز كېلەتتى،

تېز كېتەتتى. ئېلىلىن تاشلاپ كەلگەن شەھەردىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئادەملەرگە، ئىشلارغا، ھەتتا دۇئېل ۋە دەتالاشلارغا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغانلىقلىرى بىلەن ماختىنىشاتتى، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بولسا بىر خىل زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. شەھەر تۇرمۇشىدىن زېرىككەن ئېلىلىن ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى جانلىق، يېڭى ۋە يېقىملىق بىلىندى.

ئېلىلىن ساۋانادا تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خۇددى بىر قېلىپتىن چىققاندەك بولۇپ، كۆز قاراشلىرى، ئەنئەنىلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، بۇ يەردىكى ئادەملەر خىلمۇ خىل ئىدى، ئوخشىمىغان جايلاردىن كېلىپ بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بىر بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ، قائىدە - يوسۇن بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ ئولتۇرمايدىغان بىر - خىل ئادەت شەكىللەنگەنىدى. بۇ خىل ئادەتنى ئېلىلىن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى ھەم ئۇنىڭغا كۆنۈپ كېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ قانداق شارائىتتا قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما شىمالىي جورجىيەدە قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنى ئۇنىڭغا ھېچكىم ئۆگەتمىدى.

ياخشى يېرى، بۇ رايوننىڭ ئىشلىرىنى بىر خىل كۈچ ئىلگىرى سۈرۈۋاتاتتى، ئۇ كۈچ جەنۇبنى قاپلىغان تەرەققىيات دولقۇنى ئىدى. پۈتۈن دۇنيا پاختىغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ ناھىيەنىڭ يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ، پاختىنى زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرالايتتى. پاختا بۇ يەرنىڭ قان تومۇرى ئىدى، بايلىق ئەنە شۇ ئېدىرلىقلاردىن پاختا ئارقىلىق توختىماي ئېقىپ كېلەتتى. پاختا بۇ ئەۋلادنى شۇنچىلىك باي قىلالىغان يەردە، كېيىنكى ئەۋلادنى بايىلا بايلىققا تىندۇرۇۋېتەلەيتتى.

پۈتۈن ناھىيەدىكى ئادەملەر ئېلىلىنغا ناتونۇش بولغان قىزغىنلىق بىلەن بۇ خىل ھايات ئىچىدە ياشاۋاتاتتى، ھاياتقا

شۆنچىلىك قىزغىن ئىدى. ئۇلاردا يېتەرلىك بايلىقلار، يېتەرلىك قۇللار بار بولغاچقا، ئويۇن - تاماشىغا ئەلۋەتتە ۋاقىتلىرى ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى، ئۆزلىرىمۇ ئويۇنغا ئامراق ئىدى، ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئىشلىرىنى دەپ ئويۇن - تاماشىنى تاشلاپ قويمايتتى، بىلىق باراۋىتى، ئوۋ ئوۋلاش، بەيگە ئويۇشتۇرۇشلارنى قىلىپ تۇراتتى، ھەپتىدە بىر قېتىم چوڭ زىياپەت، تانسىلار بولماي قالمايتتى.

ئېللېن ناھايىتى تېزلا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھۆرمەتكە ئەڭ سازاۋەر قوشنىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇ تېجەشلىك، مۇلايىم ئايال، مېھرىبان ئانا ئىدى، چېركاۋغا بېغىشلاشقا تېگىشلىك سادىقىتىنى باللىرىغا، ئائىلىسىگە، ئۆزىنى ساۋاننادىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ئەر كىشىگە بېغىشلىدى. ئۇ ئەر ئۇنى ساۋاننادىن ۋە ئۇ يەردىكى بارلىق ئەسلىمىلىرىدىن ئۈزۈپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن، لېكىن ئۇنىڭغا پەقەتلا شەرت قويۇپ باقمىغانىدى.

سكارلېت بىر ياشقا توشۇپ، نىگىرئانىسىنىڭ دېگىنىدەك تازا پاقلاندەك چوڭ بولۇۋاتقاندا، ئىككىنچى بالىسى تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭغا سۇسان ئېلىنور دەپ ئىسىم قويدى. كىشىلەر ئۇنى سۇ ئېللېن دەپ چاقىرىشاتتى. كېيىن يەنە كاررىن تۇغۇلدى، ئۇنىڭ دىنىي ئىسمى كارولىن ئىرېن بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاتارىسىغا ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. لېكىن، ئۈچىلىسى يېشىغا يەتمەيلا ئۆلۈپ كەتتى. ھازىر ئۇلار يۈز مېتىر نېرىدىكى جەمەت قەبرىستانلىقىدا ياتاتتى، قەبرىلىرىنىڭ بېشىغا «كىچىك گېرالد ئوخارالار» دەپ خەت يېزىپ قويۇلغانىدى.

ئېللېن تارا قورۇقىغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا بۇ يەردە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن قىز ئىدى، لېكىن زىممىسىدىكى ئايال غوجايىنلىق يۈك يېشىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. قىزلار توي قىلماستا مۇلايىم، نازاكەتلىك، گۈلدەك چىرايلىق بولۇشى، تويدىن كېيىن

پۈتۈن ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىپ يۈزلىگەن چاكار - قۇللارنى باشقۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئۇلارغا بۇ ئىشقا كىچىكىدىن تارتىپ كۆزىنى پىشۇرۇش ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.

تەربىيە كۆرگەن ھەرقانداق ياش خانىم بۇ ئىشقا تويدىن ئىلگىرىلا تەييارلىق كۆرەتتى. ئېلىبىنمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىدا نېگىر ئانىسى بولغاچقا، ھەرقانچە يارىماس قۇل بولسىمۇ ئەيۋەشكە كەلمەي قالمايتتى. ئېللىن ناھايىتى تېزلا گېرالدىنىڭ ئائىلىسىدە تەرتىپ تۇرغۇزدى. ھۆرمەت ۋە لاتاپەت تارا قورۇقىغا ئىلگىرىدىن بولۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىر يارقىنلىق ئېلىپ كەلدى.

قورۇقتىكى تۇرالغۇ جاي قانداقتۇر بىر ئىسخېمىغا ئاساسەن ياسالغان ئەمەس. نۇرغۇن ئۆيلەر ئېھتىياج ۋە قولايلىق بولۇشىنى قوغلىشىپ ھەر خىل چاغلاردا سېلىنغانىدى. لېكىن، ئېللىننىڭ بىر قوللۇق باشقۇرۇشى بىلەن، ئۇ ئۆيلەر ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك تۈسكە كىرىپ، بۇلارنى لايىھەلىگەن چاغدىكى يېتەرسىزلىكلەر يېپىلىپ كەتتى. چوڭ يولدىن تاكى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە تار يول ئېلىنىپ، ئىككى تەرىپىگە شەمشاد دەرىخى تىكىلدى. بۇنداق دەرەخلىك سايە يول قورۇقنىڭ تۇرالغۇ جايى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايتتى. ئۇ دەرەخلەر بۇ يەرگە سالقىنلىقلا ئېلىپ كەلمەي، ئەتراپتىكى ھەر خىل دەرەخلەرگە بىر خىل سۈلەتمۇ بەردى. ئۆينىڭ تاملىرىغا ياماشتۇرۇۋېتىلگەن يۆگىمەچ تىپتىكى ئۆسۈملۈكلەر بۇ ئاق ئۆينىڭ رەڭگىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇردى، ئۇ ئوتلار يەنە ئىشىك ئالدىدىكى ھال رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىر گۈللەر ۋە ئاق ئېچىلىدىغان گىنولىيە گۈللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىمارەتنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى بەزى قوپاللىقلارنى يېپىپ كەتكەنىدى.

ئارقا ھويلىدا دانلاپ يۈرىدىغان كۈركە توخۇلار بىلەن غازلار باھار ۋە ياز پەسلىدە ئالدى ھويلىنىڭ يېشىلچىلىقىغا قىزىقىپ، چوڭلىرىنىڭ باشلىشى بىلەن ئالدى ھويلىغا چىقىشىۋالاتتى، بۇ

يەرنىڭ مەنزىرىسىگە تويمىغاندەك، قوغلىمىغۇچە چىقىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئۇششاق نېگىر باللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار ئاق لۆڭگە تۇتۇپ ئۇ جانىۋارلارنى قورۇپ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇشاتتى. بۇمۇ تارا قورۇقىغا بىر خىل مەنزىرە بولۇپ قوشۇلغانىدى. ئۆي قۇشلىرىنى تاياق ياكى تاش بىلەن قوغلاشقا پەقەتلا يول قويۇلمايتتى.

ئېلىلېن بىرنەچچە نېگىر بالىنى ھەر خىل ئىشلارغا سالدى، بۇ ئۇلارنىڭ تارا قورۇقىدا باشلىغان تۇنجى ئىشلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئون ياشقا توشقاندا، بىرسىنى قورۇقنىڭ موزدۇزىغا، يەنە بىرىنى ياغاچچىسىغا، يەنە بىرسىنى پادىچىسىغا، يەنە بىرسىنى مالچىسىغا ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئۇ ئىشلارغا مۇۋاپىق كەلمىسە ئېتىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگىنىشكە قوياتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەمئىيەتتىن ئورۇن ئېلىش سالاھىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغانلىقىنى، ئەمدى ئېتىزلىقتا بەخشەندە بولۇپ كېتىشكەنلىرىنى چۈشىنىپ يېتەتتى.

ئېلىلېنىنىڭ ھاياتى راھەت ھەم خۇشال - خۇراممۇ ئەمەس ئىدى، ئۆزىمۇ ئارتۇقچە راھەتتە ئۆتۈشنى خالىمايتتى، بىز ئاياللارنىڭ تەقدىرى شۇنداق، بۇ ئەرلەرنىڭ دۇنياسى، دەپ بىلەتتى، بۇنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى. ئەرلەر مال - دۇنيا تاپىدۇ، ئاياللار ئۇنى باشقۇرىدۇ. ياخشى باشقۇرسا شەرەپ ئەرلەرگە بولىدۇ، ئاياللارمۇ ئۇلارنى بىگىسى بار دەپ ماختايدۇ. ئەرلەر قولىغا تىككەن كىرىپ كەتسە ۋايجانلاپ بۇقىدەك سەكرىشىپ كېتىدۇ. ئاياللار بولسا ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا قارىغاندا چىدامىلىق. تۇغۇت ئۈستىدىمۇ، ئېرىمنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزماي دەپ، دەھشەتلىك ئاغرىقلارغا چىدايدۇ. ئەرلەرنىڭ قوپاللىقلىرى، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. مەست بولۇپ قالغانلىرىدا بىر ئېغىز

زۇۋان سۇرمەي ئۇلارنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويىدۇ. ئەرلەر قوپال، ئەمما تۈز كۆڭۈل، ئاياللار بولسا مېھرىبان، سىلىكەتلىك، ئادەمنىڭ ھالىغا يېتىدۇ.

ئېلىلېن يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى تەربىيەسىدە چوڭ بولغان، بۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانداق ئادا قىلىش ۋە مېھرىبان، سۆيۈملۈك تەرەپلىرىنى قانداق ساقلاپ قېلىشنى ئۆگەتكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنى ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب ئاياللاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشنى مەقسەت قىلغانىدى. لېكىن، ئىككى بالىسىدا شۇنداق قىلالىدى: سۇئېلىلېن ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ئېسىل خانزادىلەردىن بولۇپ چىقىشنى كۆزلىگەچكە، ئاپىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمىدى، كاررىنمۇ نومۇسچان، گەپ ئاڭلايدىغان قىز بولدى. ئەمما، سىكارلېت دادىسىغا ئوخشاش مىجەزدە بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئېسىلزادا قىلىپ تەربىيەلەش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشتى.

سىكارلېتنىڭ نېگىر ئانىسىنى ئەڭ خاپا قىلىدىغان بىر ئىشى، ئۇ ئەدەپلىك ئىككى سىڭلىسى ياكى ۋىلكېسنىڭ تەربىيە كۆرگەن بىرنەچچە قىزلىرى بىلەن پەقەتلا بىللە ئوينىماي، نېگىر بالىلار ۋە باشقا ئاق تەنلىك ئوغۇل بالىلار بىلەن دەرەخلەرگە يامىشىپ، تاش ئېتىشىپ ئوينايتتى. بۇنىڭدىن نېگىر ئانىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولاتتى، ئېلىلېندەك بىر ئېسىل ئايالنىڭ قىزىنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنىغا ھەيران ئىدى، دائىم ئۇنىڭغا: «ئېسىلزادىلەرنىڭ خانقىزلىرىدەك بولۇڭ» دەپ تەربىيە بېرەتتى. ئېلىلېن ئۇنىڭغا قارىغاندا كەڭرەك ۋە يىراقراق ئويلايتتى. ئاشۇ بالىلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولغۇدەك بىرەرسىنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، قىز بالىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشى ئۆي تۇتۇش ـ دە. ئېلىلېن يەنە سىكارلېتنىڭ ھازىر ئۆزىنى بىلمەيدىغان، كەپسىز چاغلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئەخلاق ۋە ھۆسنىدە تەڭ

يېتىشىپ چىقىشىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى كۆپرەك سۆزلەپ تەربىيە بەرسە، كەلگۈسىدە ئەرلەرنىڭ كۆزى چۈشمەي قالمايدىغان ئوماق قىز بولۇپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ كۆپ ئويلايتتى. ئۇنىڭغا يەنە ۋاقىت بار ئەمەسمۇ.

مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئېلىلىن بىلەن نىگىرئانا ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ئۇنىڭغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتتى، سىكارلېتمۇ سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇ جەھەتلەرنى ياخشى ئۆگەندى، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئوبدان ئادەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماڭدى. ئۇنى ئىككى يىل ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇتقان، قىزلار مەكتەپتە ئوقۇغان بولسىمۇ، كىتابنى بىلىملەردىن ھېچقانچە ئۆگىنەلمىدى، ئەمما تانسىنى پۈتۈن ناھىيەدىكى قىزلاردىن نەچچە باراۋەر ياخشى ئوينايدىغان بولدى. تانسىدىكى قىيايىتى ھەممىنى مەھلىيا قىلغۇدەك چىرايلىق ئىدى. قانداق كۆلسە زىننەتلىرى چىقىدىغانلىقى، يول ماڭغاندا قانداق ماڭسا كۆڭۈلكى ئادەمنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك لەپىلدەيدىغانلىقى، ئەرلەرگە قانداق قاراپ، كۆزىنى قانداق ئېلىپ قاچقاندا، قانداق چىمچىقلاتقاندا، ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى قانداق ئىپادىلىگەندە يىگىتلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ مەھلىيا قىلالايدىغانلىقىنى بىلىشكە باشلىدى. ئۇ ھەممىدىن بەك ئەرلەرنىڭ ئالدىدا بوۋاقتەك سەبىي قىلىقلارنى چىقىرىپ، ئىچىدىكى ئاجايىپ ئىنچىكە پىلانلىرىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ قالالايتتى.

ئېلىلىن ئۆزىنىڭ ئىنچىكە تەلىماتلىرى، نىگىرئانا توختىماي سۆزلەشلىرى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلگۈسىدە لاتاپەتلىك بىر ئايال بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ يوللىرىنى قۇيۇپ تۇراتتى.

— مۇلايىم، يېقىملىق، نازاكەتلىك بولۇشنى ئۆگەن، — دەيتتى ئېلىلىن سىكارلېتقا، — ئەرلەر گەپ قىلىۋاتقاندا گەپكە قوشۇق سالما، يىگىتلەر ئۇنداق قىزلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

— قىز بالا قاپىقى يامان بولسا، گەپتىن تىلىنى تارتمىسا،

ھەرقانچە باي بولۇپ كەتسىمۇ ئەر تاپالمايدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلاتتى نىگىرئانىسى ئۇنىڭغا. — قىز بالا دېگەن گەپكە جاۋاب بەرگەندە: «بولىدۇ. ئەپەندى، بىلدىم، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئەپەندى» دەپ تۇرۇشى كېرەك.

ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا چوڭ ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى بىلىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگەتتى، ئەمما ئۇ پەقەت كۆرۈنۈشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىنىلا ئۆگەندى، ئىچكى دۇنياسىدىن سىرتىغا تېپىپ تۇرىدىغان لاتاپەتنى ئۆگەنمىدى ۋە نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىدى. ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتىكى ئاشۇ لاتاپەتنىڭ ئۆزىلا يېتەتتى. ئېسىلزادە دېگەن قالپاقنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ كېلەيتتى، ئۇنىڭغا لازىمىمۇ شۇ ئىدى. گېرالد ئۇنى ئەتراپتىكى بەش ناھىيە بويىچە ئەڭ چىرايلىق دەپ ماختايتتى، دېمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ ئەتراپتىكى، ھەتتا يىراقتىكى ئاتلانتادىن تارتىپ ساۋاننا غىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياشلار تەلەپ قويۇشقانىدى.

ئون ئالتىگە كىرگەندە، ئۇ بۆلەكچىلا تۇۋۇلىنىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ نىگىرئانىسى بىلەن ئېللېنىنىڭ تەربىيەسىدىن بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇ ئۆز سۆز، جاھىل ھەم ئازراق شۆھرەتپەرەس بولۇپ قالدى. دادىسىغا ئوخشاش بىر ئىشلارغا ئاسانلا ئاچچىقى كېلەتتى، ئاپىسىنىڭ شەخسىيەتسىز، چىدامىلىق خاراكتېرى پەقەتلا تېپىلمايتتى، كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا ئانچە ـ مۇنچە ئۇنى دوراپ قوياتتى. ئېللېن بۇنىڭ كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمەيتتى، چۈنكى سكارلېت ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا كۆرسىتەتتى، يامان قىلىقلىرىنى يوشۇراتتى، يامان مىجەزىنى چىقارمايتتى، ئاپىسى تەلەپ قىلغان مۇلايىم، دىيانەتلىك مىجەزىنىلا كۆرسىتەتتى. ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا، ئاپىسى ئۇنى گەپ بىلەن ئىزا تارتقۇزۇپ يەر بىلەن يەكسان

قىلىۋېتەتتى.

لېكىن، نېگىر ئانىسى ئۇنىڭغا قارىتا بەكمۇ شېرىن خىياللاردا بولمايتتى، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ساختىلىقىنى ئانچە ـ مۇنچە سېزىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېلىپىنىڭكىدىن ئۆتكۈر ئىدى، سىكارلېت ئۆزىنىڭ قايسىبىر ئىشىنى ئۇنىڭدىن ئۇزاققىچە يوشۇرۇپ قالالىغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيتتى.

بۇ ئىككى ماھىر ئۇستاز سىكارلېتنىڭ خۇشاللىقلىرى، تېتىكلىكى ۋە ناز ـ كەرەشمىلىرىدىن ھەرگىز ئەندىشە قىلمايتتى. ئۇ ئالاھىدىلىكلەر جەنۇبنىڭ ئاياللىرىدا بار ھەم ئۇلار ماختىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەر ئىدى. ئۇلار گېرالدنىڭ جاھىل، قوپال مىجەزىنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىپ قېلىشىدىنلا ئەنسىرەيتتى. بەزىدە ئۇلار، ئۇنىڭغا بىرەر لايىق تېپىۋالغۇچە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئاشۇ نەرسىلەرنى يوشۇرالماي قالارمىزمۇ، دەپ قورقۇپمۇ قالاتتى. ئەمما، سىكارلېت توي قىلماقچى بولغاچقا ــ ئۇ ئاشلېي بىلەن توي قىلىشنى ئويلايدۇ ــ ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن، مۇلايىم، ساددا قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئەرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق مىجەزدىكى قىزلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سىكارلېت چۈشەنمەيتتى، پەقەت مۇشۇنداق قىلسىلا ئۇلارنى ئۆزۈمگە قارىتالايمەن، دەپ ئويلايتتى، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئويلاشقا ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ ئىچكى پائالىيەتلىرىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى، پەقەت مۇشۇنداق قىلسام، مۇشۇنداق سۆزلىسەم ئەرلەرنىڭ ھەممىسى نىشاندىن ئاداشماي توپتوغرا كېلىپ مېنى ئىزدەيدۇ، دېگەننىلا بىلەتتى. بۇنىڭ ماتېماتىكىنىڭ فورمۇلالىرىغا ئوخشاش پەقەتلا قىيىن يېرى يوق ئىدى، چۈنكى سىكارلېت مەكتەپتە ماتېماتىكىغا ناھايىتى ئۇستا ئىدى.

ئەگەر ئۇنى ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ

دەيدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئايالالارنى چۈشىنىشىدىن تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمايتتى. سەۋەب: ئۇ ئايالالارغا تېخىمۇ قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن بىرەر قىز دوستى بولۇپ باققان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەپسۇسلىنىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بارلىق ئايالالار، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىككى سىڭلىسىمۇ ئورتاق نىشاننى، يەنى ئەرلەرنى قوغلاشقاندا ئۇنىڭ تەبىئىي رەقىبلىرى ئىدى.

ھەممە ئايالالار، پەقەت ئۇنىڭ ئانىسىدىن باشقا ئايالالارنىڭ ھەممىسى شۇنداق.

ئېلىلىن ئۇخارا باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. سىكارلېت ئۇنى دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلاردىن ئايرىمچە تۇرىدىغان مۇقەددەس نەرسە قاتارىدا كۆرەتتى. سىكارلېت تېخى كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن بۈۋى مەريەمنى بىر ئادەم دەپ بىلەتتى. چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئۇ قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ھېچقانداق سەۋەب تاپالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە، ئېلىلىن پەقەت خۇدا ياكى بىر ئانىلا بېرەلەيدىغان ئاشۇ خىل ئىشەنچلىك، بىخەتەر كاپالەتنى ئۇنىڭغا تولۇق بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئانىسى ئادالەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، مېھرىبانلىقنىڭ ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى، ئۇلۇغ بىر ئايال ئىدى.

سىكارلېت ئانىسىغا ئوخشاش ئادەم بولۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما، بىرلا قىيىن يېرى، ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادىل، سەمىمىي، مېھرىبان، شەخسىيەتسىز ئادەم بولۇش ئۈچۈن كىشىلىك ھاياتنىڭ نۇرغۇن لەززەتلىرىدىن كېچىش ۋە نۇرغۇن چىرايلىق يىگىتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇش كېرەك. بىراق، ھايات بەكمۇ قىسقا، شۇڭا ئۇ خىل سۆيۈملۈك نەرسىلەردىن مەھرۇم قېلىش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ ئاشلىيغا ياتلىق بولۇپ، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ، ئاشۇنداق بىر پۇرسەت كەلگەندە ئانىسى ئېلىلىننى دورىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ...

# تۆتىنچى باب

ئاشۇ كۈنى كەچتە ئۆيدە ئاپىسى بولمىغاچقا، كەچلىك تاماقنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرىنى سىكارلېت قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس، ھەرقانداق قىلىپمۇ ئاشلېي بىلەن مېلانىيەنىڭ ھېلىقى قورقۇنچلۇق خەۋىرىنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. ئانىسىنىڭ سىلاتتېرىينىڭ ئۆيىدىن چاپسانراق قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئانىسى يېنىدا بولمىسا ئۇنى غېرىبلىق باساتتى. سىلاتتېرىينىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ سىكارلېت ئانىسىغا تازا موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا ئۇنى ئەكېتىشكە نېمە ھەققى بار؟

كەچلىك تاماق باشتىن - ئاخىر دادىسىنىڭ قۇلاققا خۇشياقمايدىغان ۋاتىلداشلىرى بىلەن ئۆتتى. گېرالد تېخى بايىلا سىكارلېت بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنىڭلا گېپىنى قىلاتتى، سامتېر قەلئەسىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەيتتى، توختىماي ئۈستەلگە مۇشتلاپ، قوللىرىنى ئۇيان - بۇيان سىلكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۈستەلدە ئولتۇرغاندا ھەممە گەپنى ئۆزى قىلىۋالىدىغان ئىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. بۇرۇندىنلا ئۇنىڭ گەپلىرى سىكارلېتنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەمما، بۈگۈن ئاخشام چىدىمىدى، ئاپامنىڭ پەيتونى قاچان كېلەر دەپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تالاغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرسىمۇ، دادىسىنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا ئۇرۇلۇپ تۇردى.

ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان ئۇ ئىشنى ئاپىسىغا ھەرگىز ئېيتمايدۇ. ئېللېن ئاڭلايدىغان بولسا، مېنىڭ قىزىم لايىقى بار بىر يىگىتنى تالىشىۋېتىپتۇ، دەپ قاتتىق

چۆچۈشى ۋە ئازابلىنىشى مۇمكىن. ئەمما، سىكارلېتنىڭ ھازىرقى ئازابى شۇنچىلىك ئېغىر، شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ تەسەللىسىگە موھتاج. ئاپىسى يېنىدا بولسا ئۇ ئۆزىنى بىخەتەر ۋە خاتىرجەم سېزىدۇ، چۈنكى ئاپىسى بولسىلا ھەرقانداق يامان ئىشمۇ ياخشى ئىشقا ئايلىناتتى.

ئۇ پەيتون چاقىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا يەنە ئولتۇردى، چۈنكى پەيتون ئارقا ھويلا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. دېمەك، ئۇ ئېللېن ئەمەس، ئۇ بولغان بولسا پەيتوندىن ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا چۈشۈپ قالاتتى. شۇئان ھويلىدا نېگىرلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى، گەپ - سۆزلىرى ئاڭلاندى. سىكارلېت دېرىزىدىن قاراپ، ھازىرلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن پوركىنىڭ دېۋىرقاي مەشئەلنى ھارۋىدىن چۈشۈۋاتقان نېگىرلارغا تۇتۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىر ئازدىن كېيىنلا پەلەمپەيگە چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ، ئاشخانا ئۆينىڭ ئالدىدىكى كارىدورغا كەلگەندە توختىدى. بىر ئاز پىچىرلىشىشلاردىن كېيىن، پورك ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى جىددىي قىياپىتى بۈگۈن يوق، كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى، ئاغزى يۇمۇلمىغاچقا، ئاپپاق چىشلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

— گېرالد ئەپەندى، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ. چىرايى يېڭى تويى بولغان يىگىتتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى، — يېڭى سېتىۋالغان ھېلىقى ئايال كەلدى.

— يېڭى سېتىۋالغان ئايال؟ مەن ئايال سېتىۋالمىغانغۇ! — گېرالدنىڭ ئاۋازى ھەيران قېلىۋاتقاندەك چىقتى.

— سىز سېتىۋالغان، ئەپەندى، بۇ راست، ئۇ ھازىر سىرتتا تۇرىدۇ. سىزگە قىلىدىغان گېپى بار ئوخشايدۇ، — پورك ھاياجاندىن قوللىرىنى ئىشقىلاپ، كۈلكىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قېلىۋاتاتتى.

— خوش، كېلىنچەكنى ئېلىپ كىر، ئەمىسە، — دېدى

گېرالد.

پورك دەررۇ كەينىگە يېنىپ خوتۇنىنى باشلاپ كىردى. ئۇ تېخى يېڭىلا ۋىلكېسىنىڭ قورۇقمىدىن بۇ يەرنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا سالغىلى ئېلىپ كەلگەن قۇل ئايال ئىدى. كەينىدىن ئون ئىككى ياشلىق بىر نېگىر قىزمۇ ئۇنىڭ پۇتىغا يامىشىپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى.

دىلسېي ئېگىز بوي، قەددى تۈز ئايال ئىدى، چىرايىدىن قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئوتتۇز ياش ياكى ئاتمىش ياش دېسىمۇ بولاتتى، مىس رەڭ يۈزىدە بىرمۇ قورۇق يوق ئىدى، يۈزىنىڭ كېپتى ئىندىيانلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. قىزىل تېرىسى، تار ھەم دوقا پېشانىسى، ياڭاق سۆڭىكىنىڭ چوقچىيىپ تۇرۇشلىرى، ئېگىز كەلگەن قوش بۇرنى (ئۇنىڭ ئاستىدىكىسى نېگىرلارنىڭ قېلىن كالپۇكى ئىدى) ئۇنىڭ ئىككى خىل ئىرقتىن بولغان ئارغۇن ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. تەمكىنلىكى، يول ماڭغان چاغدىكى مەغرۇر قىياپىتى نېگىرئانىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. نېگىرئانا ئۇ خىل روھىي ھالەتنى باشقىلاردىن ئۆگەنگەن بولسا، دىلسېينىڭ تەبىئىي شۇنداق ئىدى.

ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى كۆپچىلىك نېگىرلارغا ئوخشاش تۇتۇق ئەمەس ئىدى، گەپنى تاللاپ تۇرۇپ قىلاتتى.

ـــ ياخشىمۇسىز، خانقىز. گېرالد ئەپەندى، سىزگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويدۇم، كەچۈرۈڭ. سىزنىڭ قىزىم ئىككىمىزنى بىللە سېتىۋالغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتىپ كىرىشىم ئىدى. نۇرغۇن ئەپەندىلەر بۇرۇن مېنى سېتىۋالماقچى بولۇشقان، لېكىن قىزىم پىرىسسىيغا كەلگەندە ئۇناشمىغان، بۇنىڭغا مەن چىدامدىمەن؟ شۇڭا، سىزگە مىننەتدارلىقىم چەكسىز. سىز ئۇچۇن پۈتۈن جېنىم بىلەن ئىشلەيمەن، شۇ چاغدا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىمنى بىلىسىز.

گېرالد «ھىم ... ھىم» دەپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ

تۇردى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ خىجىل بولغاندەك گېلىنى قىرىپ قوياتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئىشى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ كەتكەنىدى.

دىلسېي سىكارلېتقا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— سىكارلېت خانقىز، سىز گېرالد ئەپەندىدىن مېنى سېتىۋېلىپ كېلىشنى ئۆتۈنۈپسىز، بۇنى پورك ماڭا دېدى. شۇ ھەممىتىڭىز ئۈچۈن قىزىم پىرىسسىنى سىزگە دېدەكلىككە بېرەي.

ئۇ قولىنى كەينىگە سوزۇپ قىزىنى تارتىپ چىقتى. ئۇ قوڭۇر رەڭ، پۇتلىرى توخۇنىڭكىدەك ئىنچىكە، چاچلىرى سانسىز ئۇششاق ئۆرۈكلۈك قىز ئىدى. كۆزلىرى ئۆتكۈر، ھەر قانداق نەرسىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدىغان كۆزلەر ئىدى، ئەمما چىرايى ئەتەي قىلىۋالغاندەك گومۇش چىراي ئىدى.

— رەھمەت ساڭا، دىلسېي، — دېدى سىكارلېت جاۋابەن، — نېگىرئانام بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن، مېنى تۇغۇلغاندىن بۇيان شۇ بېقىپ چوڭ قىلغان.

— نېگىرئانىمۇ قېرىپ قالدى، — دېدى دىلسېي. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ گېپىنى نېگىرئانا ئاڭلايدىغان بولسا چوقۇم خاپا بولاتتى، — ئۇ ياخشى مەزلۇم، ئەمما سىزدەك بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ خىزمىتىگە ياش چۆرىلەر ياخشىراق. پىرىسسى ئىندىيا خانقىزنىڭ يېنىدا بىر يىل تۇرغان. كىيىملەرنى تىكەلەيدۇ، چاچ تارىيالايدۇ، ئىشلارنى خۇددى چوڭ ئادەمدەك قىلىدۇ.

پىرىسسى ئاپىسىنىڭ قىستىشى بىلەن بىردىنلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سىكارلېتقا سالام قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ ھىجايدى، سىكارلېتمۇ ئامالسىز ئۇنىڭغا قاراپ بوش كۈلۈپ قويدى.

«ئەجەبمۇ شەپشەك قىزكىنە بۇ» سىكارلېت شۇنداق ئويلاپ، ئارقىدىنلا ئۈنلۈك قىلىپ:

— رەھمەت ساڭا دىلشىپي، بۇ ئىشنى نىگىر ئانام قايتىپ كەلگەندە سۆزلىشەيلى، — دېدى.

— رەھمەت سىزگە خانقىز. سىزگە خەيرلىك كەچ، — دىلشىپي بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. پوركمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن خۇشال ماڭدى.

تاماق ئۈستىلى يىغىشتۇرۇلۇپ، گېرالدىنىڭ پارىڭى يەنە باشلاندى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ گەپلىرىدىن ئۆزى تازا رازى بولمىغاندەك ئىدى. باشقىلار تېخىمۇ شۇنداق ـ دە. ئۇ ئادەمنى چۆچۈتۈپ، ئۇرۇش پارتلايدىغان بولدى، دەپ ئۇرۇشتىن بېشارەت بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئەپچىللىك بىلەن ئولتۇرغانلارغا سوئال قويدى: جەنۇبلۇقلار شىماللىقلارنىڭ ھاقارىتىگە يەنە چىدىشى كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ ئالىدىغان جاۋابى: «شۇنداق، دادا» ياكى «ياق، دادا» دېگەن ئىنتايىن ئاددىي جاۋابلار ئىدى. كاررىن چىراغنىڭ تۈۋىدىكى پاكار بەندىڭدە بىر قىزنىڭ سۆيگىنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن موناخ بولۇپ كەتكەنلىك ۋەقەسىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. ئۆزىمۇ شۇنداق بولۇپ قالسا سېستىرا بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، سېستىرانىڭ باش كىيىمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى. سۇئېللېن ھىجىيىپ ئولتۇرۇپ «تويلۇق چامادانلىرى»نىڭ ئۈستىگە ياپىدىغان ياپقۇچقا گۈل بېسىۋاتاتتى. خىيالى ئەتە بولىدىغان باراۋەتتە، ستۇئارت تارلېتوننى ناز ـ خۇلقلىرى، گۈزەللىكى بىلەن ھەدىسىدىن ئۆزىگە قارىتىۋېلىشتا ئىدى. سكارلېت بولسا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئاشلېينىڭ خىيالىدا ئولتۇراتتى.

دادىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى بىلگەن تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا سامتېر قەلئەسى، شىماللىق ئالۋاستىلار توغرۇلۇق توختىماي گەپ ساتىدىغاندۇ؟ ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىلا ئويلايدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابى بىلەن قىلچە كارى يوقلۇقىغا، يەر شارىنىڭمۇ ئوخشاشلا توختىماي چۆرگۈلەۋېرىدىغانلىقىغا ھەيران ئىدى.

ئۇنىڭ يۈرىكىدە بوران كۆتۈرۈلۈۋاتسا، بۇلار ئولتۇرغان ئاشخانىنىڭ جىمجىت تۇرغانلىقى، بۇرۇنقىدىن قىلچىمۇ ئۆزگەرمىگەنلىكى نېمىسى؟ قىزىل قارىغايدىن ياسالغان ئېغىر ئۇستەل، جاۋەن، پارقىراپ تۇرغان تاختاي ئۇستىگە سېلىپ قويۇلغان كونا گىلەملەرنىڭ ھېچقايسىسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمايدىغۇ؟ بۇ ئاشخانا ئادەتتە يېقىملىق ھەم چىرايلىق ئىدى، سىكارلېت تاماقتىن كېيىن بۇ يەرنىڭ جىمجىت مۇھىتىدا ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن بۈگۈن ئاخشام ئۇ بۇ خىل مۇھىتقا شۇنچىلىك ئۆچ بولدى. ئەگەر دادىسىدىن قورقمىسا، ھازىرلا چىقىپ كېتىپ، ئاپىسىنىڭ ئىشخانا ئۆيىدىكى سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ قانغۇدەك يىغلىۋالغان بولاتتى.

بۇ پۈتۈن ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە سىكارلېت ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۆي ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئېللېن بۇ ئۆيدىكى ئېگىز ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ پۈتۈن قورۇقنىڭ ھېسابىنى خاتىرىلەيتتى، نازارەتچى جوناس ۋىلكېرسوننىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايتتى. ئۇ يەر يەنە ئۆيدىكى ھەممەيلەننىڭ دەم ئالىدىغان يېرى ئىدى. ئېللېن ھېسابات بىلەن ئالدىراش ئولتۇرغان چاغلىرىدا، گېرالد كونا ياتما ئورۇندۇقتا دەم ئېلىپ ياتاتتى، قىزلار ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن سافادا ئولتۇراتتى. شۇ تۇرقىدا سىكارلېتنىڭ كۆڭلى شۇ ئۆينى تارتىپ تۇراتتى، ئېللېن بولسا، بېشىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويۇپ ياتقۇسى، جىمجىت يېتىپ راسا بىر يىغلىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى قاچانمۇ كېلەر؟

ئۇزاق ئۆتمەي، پەيتون چاقىنىڭ شېغىل يولدا غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئېللېننىڭ پەيتونكەشكە ئىجازەت بەرگىنى، ئۇزاق ئۆتمەي كارىدوردا قەدەم تىۋىشى ئاڭلاندى. كۆپچىلىك باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تەڭلا قارىدى، چىرايى چارچىغان ھەم غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ ئۆينىڭ ئىچى گۇپپىدە لىمون پۇراپ كەتتى. ئۇنىڭ

كىيىملىرىدىن دائىم مۇشۇ بىر پۇراق زادىلا كەتمەيتتى، شۇڭا سىكارلېت بۇ پۇراقنى ئاپىسى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارايتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن نېگىر ئانىمۇ كىردى، قولىدا سومكا تۇراتتى، كالپۇكلىرى سوزۇلۇپ، قاش ـ قاپاقلىرى سوزۇلۇپ كەتكەنىدى، غەمكىن چىرايىدا، خەق ئاڭلىمىغۇدەك دەرىجىدە بوش غودۇراپ كىرىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ بىر ئىشتىن نارازىلىقىنى باشقىلارمۇ ئاڭلىسۇن دېگەندەك، بەزى گەپلىرىنى ئۇنلۇكرەك دەپمۇ قوياتتى.

— كىچىككىنە قالدۇق، كەچۇرۇڭلار، — دېدى ئېللېن بېشىدىكى ياغلىقىنى سىكارلېتقا بېرىۋېتىپ. شۇ ئارىلىقتا ئۇ سىكارلېتنىڭ مەڭزىنى سىلاپ قويۇشقىمۇ ئۇلگۇردى.

گېرالد ئېللېننى كۆرۈپلا، خۇددى ئۇركۇپ كەتكەن ئاتتەك، بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— ئۇ بالىنى چوقۇندۇرالىدىڭىزمۇ؟

— چوقۇندۇردۇم ھەم ئۇ ئۆلۈپمۇ كەتتى. بىچارە بالا، — دېدى ئېللېن جاۋاب بېرىپ، — ئېمىمىنىمۇ ئۆلۈپ كېتەرمىكىن دېۋىدىم، ھەرھالدا ئۇنداق بولمىدى، ھايات قالىدىغاندەك قىلىدۇ.

قىزلار تەڭلا ئۇنىڭغا قاراشتى، چىرايلىرىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى. گېرالد خۇددى بۇ ئىشنى ئالدىن بىلىدىغاندەك بېشىنى چايقىدى.

— بالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىمۇ بوپتۇ، بىچارىنىڭ دادىسى يوق ـ دە ...

— كەچ بولۇپ كەتتى، ئىبادىتىمىزنى قىلىۋالايلى، — ئېللېن ناھايىتى سەزگۇرلۇك بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ئەگەر سىكارلېت ئاپىسىنى چۇشەنمەيدىغان قىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن بولاتتى.

ئېمىمى سىلاتتېرىينىڭ بوۋىقىنىڭ دادىسى زادى كىم؟ بۇ بەكمۇ قىزىقارلىق بىر ئىش ئىدى. بۇنىڭ جەريانىنى ئاپىسىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىنى كۇتسە، ئۇ ئىشنىڭ تېگىگە مەڭگۇ يەتكىلى بولمايتتى، بۇ سىكارلېتقا ئايان ئىدى. سىكارلېت ئۇ ئادەمنى

جوناس ۋىلكېرسونىڭكىن دەپ ئويلايتتى، چۈنكى ئۇ بىر قانچە قېتىم قاراڭغۇ چۈشكەندە ئېمىي ئىككىسىنىڭ چوڭ يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. جوناس شىماللىق، خوتۇنى يوق ئادەم ئىدى. نازارەتچىلىك ئىشىنى قىلغاندىن بېرى ناھىيەلىكلەر ئۇيۇشتۇرغان بەزمىلەرگە بارالمايۋاتاتتى. نام ـ ئابرۇيى بار ئادەملەر ئۇنى ئۆزلىرىگە ھەرگىز كۈيئوغۇل قىلمايتتى، سىلاتتېرىيگە ئوخشاش تۆۋەن تەبىقىدىكى ئادەملەردىن باشقا ئادەملەر ئۇنىڭ بىلەن بېرىش ـ كېلىشمۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى سىلاتتېرىيلاردىن بىر باراۋەر ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قىزىغىمۇ ھەم ئۆيلەنمەيتتى، پەقەت كېچىلىرى ئۇ قىز بىلەن سىرتتا پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇراتتى، خالاس.

سكارلېت ھەممە نېمىگە قىزىقىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي چوڭقۇر بىر تىنىپ قويىدى. بۇنداق ئىشلار دائىم ئاپىسىنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرەتتى، لېكىن ئۇ زادىلا ئۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغاندەك كارى يوق يۈرىۋېرەتتى، ئۆزى بىنورمال دەپ بىلگەن ئىشلارغا پەقەتلا قىزىقمايتتى ۋە سكارلېتنىمۇ شۇنداق تەربىيەلەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۇنۇمى دېگەندەك بولمايۋاتاتتى.

ئېللېن كىچىك گۈللۈك قۇتىدىكى تەسۋىنى ئېلىش ئۈچۈن تام مەش تەرەپكە ماڭغانىدى، نېگىر ئانا كەسكىن ئاۋازدا ئۇنلۇك سۆزلەپ:

— ئېللېن خېنىم، ئاۋۋال تامىقىڭىزنى يەپ، ئاندىن ئىبادەت قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— رەھمەت ساڭا، ئانا، قورسىقىم ئاچمىدى.

— تاماقنى مانا ھازىرلا تەييار قىلىمەن، — دېدى نېگىر ئانا. ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈك. ئاشخانىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ ۋارقىرىدى، — پورك، ئاشپەزگە ئېيت، ئوتنى يېقىۋەتسۇن، ئېللېن خېنىم قايتىپ كەلدى.

تاختاي ئۇنىڭ يۈتى ئاستىدا غىچىرلاپ كەتتى. تېخىمۇ بەك غودۇراۋاتقىنى بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا ئۇ تەرەپتىن ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— مەن ئۇ يارىماس ئاق تەنلىكلەرنى يوق يەردىن ئىش تاپىدۇ، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقان. ھەممىسى ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھۇرۇن ئېشەكلەر. ئېلىپ خېنىممۇ ئۇلارنىڭ ئىشىنى قىلىمەن دەپ نېمە قىلىدۇ. ئىشى بولسا قولدىن بىر ـ ئىككىنى سېتىۋېلىپ شۇلارغا قىلدۇرمامدۇ. مەن يەنە دېگەن ...

نېگىر ئانا ئۆزىنىڭ چارىسى بويىچە غوجايىنلىرىغا قانداق ئىشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى. ئۇ شۇنداق دەپ غودۇراۋېتىپ، بىر نېگىرنىڭ غوجايىنلىرىغا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا، دېيىشىنىڭ ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنەتتى. يەنە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھەرقانچە ۋارقىراپ تۇرۇپ دېسىمۇ ئاڭلىماسلىقلىرى كېرەك، دەپمۇ ئويلايتتى. شۇنداق قىلغاندا ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيتتى ھەم ئۇنىڭ دائىم شۇنداق ئىشلارغا ئۇچرىسا سۆزلەپ قويىدىغان ئادىتى بار، دەپلا بولدى قىلاتتى.

پورك پەتنۇستا ۋىلكا ـ پىچاق، لۆڭگە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. كەينىدىن جېك ئىسىملىك ئون ياشلىق بىر نېگىر بالىمۇ بار ئىدى. ئۇ بىر قولىدا ئاق كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتكەچ، يەنە بىر قولىدا ئۆزىنىڭ بويىدىنمۇ ئېگىز بىر يەلپۈگۈچنى كۆتۈرۈپ كىردى.

ئېلىپ گېرالد قويۇپ بەرگەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، تۆت تەرەپتىن تۆت ئېغىز تەڭلا گەپ باشلىدى.

— ئاپا، مېنىڭ يېڭى كۆڭلىكىمنىڭ جىيەكلىرى سۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەتە «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» گە كەتكەندە شۇنى كىيىپ بارمىسام بولمايدۇ، تىكىپ بەرسىڭىز چۇ.

— ئاپا، سكارلېتنىڭ يېڭى كۆڭلىكى مېنىڭكىدىن

چىرايلىق. مېنىڭ شاپتۇل چېچەكلىك كۆڭلىكىم بەكمۇ سەت، سكارلېت شۇنى كىيىپ، مەن ئۇنىڭ يېشىل كۆڭلىكىنى كىيسەم بولامدۇ؟ ئۇ مېنىڭكىنى كىيسە شۇنداق يارىشىدۇ.

— ئاپا، ئەتە ئاخشاملىقتا تانسا تۈگىگەندە قايتايچۇ، مەنمۇ ئون ئۈچ ياشقا كىردىمغۇ ئەمدى ...

— ئوخارا خانىم، ئىشىنەمسىز ... بولدى قىلىڭلار، قىزلار، قامچا ئاچىقايمۇ يا ... كادې كالۋېرتنىڭ بوگۇن چۈشتىن كېيىن ئاتلانتادا ماڭا ئېيتىشىچە ... جىم تۇرامسىلەر، يوق؟ مەن شۇ تۇرقىدا ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمايۋاتىمەن. ئۇلار تەرەپتە ئۇرۇشنىڭلا پارىڭىنى قىلغۇدەك. قوشۇن تەشكىللەۋېتىپتۇ دەپمۇ ئاڭلىدىم. چارلېستون تەرەپتىنمۇ خەۋەر كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار شىمالىلىق ئالۋاستىلارنىڭ بوزەك قىلىشلىرىغا چىدىيالمايۋېتىپتۇدەك.

ئېللېن چارچاپ كەتكەچكە، گەپ قىلىش خۇشياقماي، ھەممە گەپكە كۈلۈپلا قويىدى. لېكىن، ئايال كىشى بولغاندىكىن، ئەرنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىسە يەنە بولمايدۇ ـ دە.

— چارلېستون تەرەپتىكىلەر شۇنداق ئويلىشىۋاتقان بولسا، بىزنىڭ بۇ يەردىكىلەرمۇ تېز ئارىدا شۇنداق قىلىدىغان بولىدۇ.

— بولمايدۇ، كاررىن، كېلەر يىلى شۇنداق قىلساڭ بولىدۇ، ئاپپىقىم. كېلەر يىللىق تانسىلاردا چوڭ قىزلاردەك كىيىنىپ ئويناپسەن. ئۇ چاغدا مېنىڭ قىزىم ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. تۇمشۇقۇڭنى ئۈچلىما، قوزام. باراۋەتكە قاتناشساڭ بولىدۇ. بۇ گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت، كەچلىك تاماققىچە بولىسەن. ئون تۆت ياشقا كىرمىگۈچە تانسىغا بارساڭ بولمايدۇ.

— سكارلېت، كۆڭلىكىڭنى ماڭا بەرگىن، كەچلىك ئىبادەتتىن كېيىن تىكىپ بېرەي.

— سۇئېللېن، مەن سېنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىڭنى ياخشى كۆرمەيمەن. شاپتۇل چېچەكلىك كۆڭلىكىڭ چىرايلىق، رەڭگىگە ماسلىشىدۇ. ئەتە ساڭا ئانار رەڭ

مارجىنىمنى بىرەي، شۇنى تاقاپ بار.

سۇئىبللىن ئاپىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، سىكارلېتقا، قانداق، دىگەندەك مەنىلىك قاراپ قويدى. چۈنكى، ئۇ مارجاننى ھەدىسىمۇ تالىشىۋاتاتتى. سىكارلېتمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قويدى. سۇئىبللىن كۆزى كىچىك، خەقتىن ئاغرىنىپلا يۈرىدىغان قىز ئىدى، ئەگەر ئىبللىن قاتتىق تۇتمايدىغان بولسا، سىكارلېت بۇ چاغقىچە بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ تەستىكىگە سالغان بولاتتى.

— خوش، ئۇخارا ئەپەندى، ئەمدى سىز ماڭا كالۋېرت ئەپەندىنىڭ چارلېستون توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ، — دېدى ئىبللىن.

سىكارلېت ئاپىسىنىڭ ئۇرۇش، سىياسەت دىگەنلەرگە ئەرلەرنىڭ ئىشى دەپ ئانچە قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنداق ئىشلارغا ئاياللار باش قاتۇرۇپ نىمە كەپتۇ. گېرالد ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى سۆزلەشكە ئامراق بولغاچقا، ئىبللىنمۇ ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى گەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى.

گېرالد ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى تازا بېرىلىپ سۆزلەۋاتقاندا، نىگىرئانا بىرنەچچە تەخسىنى ئىبللىننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى. تەخسىلەردە چەلپەك، توخۇنىڭ تۆشى، ھورى چىقىپ تۇرغان تاتلىقياڭيۇ بار ئىدى. نىگىرئانا جىكىنى چىمداپ قويۇۋىدى، ئۇ دەررۇلا ئىبللىننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنى يەلپۈشكە باشلىدى. نىگىرئانا بىر چەتتە ئىبللىن ئاغزىغا سېلىۋاتقان نەرسىلەرنى كۆزىتىپ، خۇددى ئۇ قاراپ تۇرمىسا ئىبللىن تاماق يېمەيدىغاندەك، ئۇنىڭغا تاماقنى ئۆزى مەجبۇرلاۋاتقاندەك ئەلپازدا تۇراتتى. ئىبللىن تاماقنى زورلاپ يەۋاتاتتى. سىكارلېت ئاپىسىنىڭ چارچاپ كېتىپ، تاماقنى ئۆزىنىڭ نىمە يەۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتقاندەك يەۋاتقانلىقىنى سەزدى. تەخسىلەر قۇرۇقدالدى. ئەمما گېرالدنىڭ گېپىنىڭ تېخى يېرىمى تۈگىمىگەندى. ئۇ ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەيلا قۇللارنى ئازاد قىلىمىز دەپ چۇقان سېلىۋاتقان شىماللىقلارنى ئوغرىلىقچە ئىش

قىلىشىدۇ، دەۋاتقاندا ئىبلىس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەمدى ئىبادەتنى باشلامدۇق؟ — دەپ سورىدى گىرالد خالار ـ خالىمايلا.

— شۇنداق، كەچ بولۇپ كەتتى، قارىڭ، سائەت دەل ئون بوپتۇ. كاررىنىڭ ئۇخلايدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. پورك، چىراغنى پەسرەك چۈشۈرۈپ قوي. مېنىڭ «ئىنجىل»ىم قېنى، ئانا.

نېگىر ئانا پىچىرلاپ بىر نېمە دېۋىدى، جېك يەلپۈگۈچنى قويۇپ ئۈستەلدىكى تەخسىلەرنى يىغىشتۇردى، نېگىر ئانا جاۋەننىڭ تارتمىسىدىن ئىبلىسنىڭ كونىراپ كەتكەن كىتابىنى ئالدى. پورك پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ چىراغنى ياندۇرۇپ، ئاندىن چىراغنى ئېسىپ قويغان يىپنىڭ مىس ھالقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ چىراغ نۇرى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تولۇق چۈشكەندە پەسكە تارتتى. ئىبلىس پولدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتابنى ئېچىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن ئىككى قولىنى جۈپلەپ كىتابنىڭ ئۈستىگە ئالدى. گىرالد ئۇنىڭ يېنىدا، سكارلېت بىلەن سۇئېللېن ئۈستەلنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىدا، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى تىزلىرىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرۇشتى. كاررىن ھەممىدىن كىچىك بولغاچقا، ئۈستەلنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرالماي ئالدىغا ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، مۇگدەپ قالسىمۇ ئاپىسى كۆرمەي قالاتتى.

خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى كارىدوردا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ئاق تەنلىك غوجايىنلىرى بىلەن بىللە ئىبادەت قىلىش ئۇلارنىڭ بىر كۆنلۈك ئىشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئىشى ئىدى. شەرقلىقلەرگە خاس ئاھاڭدا ئوقۇلىدىغان قەدىمي ۋە تەسىرلىك ئايەت سۆزلىرىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن كۆپ ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن كۆڭۈللىرىگە ھەر خىل تەرەپتىن تەسەللى

بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار «خۇدا، بىزگە رەھىم قىلغايسەن»، «ئەيسا، بىزگە رەھىم قىلغىن» دېگەنلەرنى ئوقۇغاندا، خۇددى قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىۋاتقاندەك مىدىرلاپ كېتىشەتتى.

ئېللېن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى، ئاۋازى بىردە ئېگىز، بىردە پەس، خۇددى ئەللەي ئېيتىۋاتقاندەك يېقىملىق چىقاتتى. ئۇ خۇدادىن ئائىلىسىدىكىلەر ۋە نېگىرلار ئۈچۈن سالامەتلىك ۋە بەخت تىلىگەن چاغدا، چىراغنىڭ غۇۋا نۇرى ئاستىدا ئولتۇرغانلارنىڭ باشلىرى ساڭگىلاپ كەتتى.

ئارقىدىن ئۇ ئاتا ـ ئانىسى، ئاچا ـ سىڭىللىرى، ئۆلۈپ كەتكەن ئۈچ بالىسى ۋە ئۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. ئاندىن تەسۋىسىنى سىيرىپ ئولتۇرۇپ «قىزىلگۈل ئايىتى»①نى ئوقۇشقا باشلىدى. قالغانلار ھۇ تارتىشىپ بەردى.

«بۇۋى مەريەم ئانا، تەڭرىمىزنىڭ ئانىسى، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ مەغپىرەت قىلغايسەن.»

سكارلېت شۇ تۇرقىدا كۆزىگە ياش ئېلىپ ئولتۇرسىمۇ، باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشاش، مۇشۇ چاغدىكى خاتىرجەم ۋە تىنىچ مۇھىتنىڭ راھىتىنى سۈرۈۋاتاتتى. كۈندۈزدىكى ئۈمىدسىزلىكلەر، ئەتىكى قورقۇنچلار بىردىنلا ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل ئۈمىد تۇيغۇسى ئىگىلىدى. بۇ خىل تەسەللىنى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەڭرىنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىۋاتقان يۈرىكى ئېلىپ كەلمىگەنىدى، چۈنكى ئۇ دىننى ئېغىزدىلا قالىدىغان نەرسە، دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭغا تەسەللى بولىدىغىنى پەقەت ئاپىسىنىڭ تەڭرىنىڭ مۇقەددەس ئورنىغا ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ بارلىق قېرىنداشلىرىغا بەخت تىلەۋاتقان چاغدىكى چىرايى ئىدى.

---

① بۇ كاتولىك دىندىكىلەر ئوقۇيدىغان ئايەت، بۇ ئايەتنى تەسۋى سىيرىپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

ئىللىپىن تەگرىگە گەپ قىلىۋاتقان چاغدا، سىكارلېت تەگرى چوقۇم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئېللېن ئىبادەتنى تۈگەتتى، نۆۋەت گېرالدقا كەلدى. كۆپ چاغلاردا ئۇ تەسۋى تاپالماي، ئۆزىنىڭ ئايەتنى قانچە قېتىم ئوقۇغانلىقىنى بارمىقىنى پۈكۈپ تۇرۇپ ساناپتتى. ئۇ ئايەت ئوقۇشنى باشلىغاندا، سىكارلېتنىڭ خىيالى چېچىلىپ باشقا ئىشلارغا كەتتى، ئۇ مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى ئەيىبلەش كېرەكلىكىنى بىلەتتى، ئېللېن ئۇنىڭغا، بىر كۈن ئاياغلاشقاندا، ۋىجدانىڭنى ئۇزۇل - كېسىل تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، قىلغان گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن تەگرىدىن كەچۈرۈم سورا، مەدەت تىلە، دەپ دائىم تەلىم بېرىپ تۇراتتى. لېكىن، سىكارلېت شۇ مىنۇتتا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئويلاش بىلەن بولدى.

ئۇ بېشىنى جۈپلەپ تۇرغان قوللىرى ئۈستىگە قويۇۋالغاچقا، ئاپىسى ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى ئاشلېينىڭ يېنىغا قاچتى. ئۇ سىكارلېتنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسە، يەنە نېمىشقا مېلانىيەنى ئالماقچى بولىدۇ؟ ئۇ قەستەن مېنىڭ دىلىمنى ئاغرىتماقچىمۇ؟

ئۇشتۇمتۇت يېڭى بىر ئوي خۇددى چاقماقتەك كاللىسىدا يالت قىلىپ ئەكس ئەتتى: «ئاشلېي مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامدۇ!»

بۇ خىيال ئۇنى قاتتىق تورمۇزلىۋالدى. پىكىرلىرى خۇددى پالەچ بولۇپ قالغاندەك ئۇنىڭ نېرىسىغا ماڭمىدى. خېلىدىن كېيىن داۋاملىق ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

«بۇنى ئۇ قانداق بىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئالدىدا دائىم قورۇنۇپ، «مېنى تۇتماڭ» دېگەندەك كەيپىياتتا يۈرسەم، مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، دوست بولۇپ يۈرەيلى، دەپ ئويلايدىغان ئوخشايدۇ. دەپ قالامدۇ؟ توغرا، ئۇنىڭ ماڭا ئېغىز ئاچماي يۈرۈشىنىڭ سەۋەبى چوقۇم شۇ. ئۇ ماڭا بولغان مۇھەببىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئاخىر شۇ ئويغا كېلىپ قالغان.»

ئۇنىڭ پىكىرلىرى دەررۇ بۇرۇنقى بىرنەچچە ئىشقا قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە غەيرىي بىر خىل قاراشتا قارىغانلىقىنى، ئويى ـ خىياللىرىنى يوشۇرۇشقا ماھىر كۆزلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى خىياللىرىنى يوشۇرالماي يوغىناپ كېتكەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇ كۆزلەردە بىر خىل ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلەنگەنىدى.

«شۇ چاغدا ئۇ مېنى بىرىنت ياكى سىتۇئارتنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلاپ ئازابلانغان گەپ. بەلكىم ئۇ ماڭا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، مېلانىيە بىلەن توي قىلسامىمۇ ئوخشاش، دەپ ئويلىغانمۇ بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلگەن بولسا ...»

ئۇنىڭ ئاسانلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھېسسىياتى ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر ھاڭىدىن بىراقلا شادىمانلىقنىڭ بۇلۇتلىرى ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ كەم سۆز ۋە غەلىتە مىجەزلىك ئاشلېينىڭ ھەرىكەتلىرىگە بەرگەن باھاسى ئىدى. ئۇنىڭ پەقەت بىلمەي يۈرگەنلا يېرى بار ئىكەنغۇ. سىكارلېتنىڭ تۇراقسىز يۈرىكى ئۆزى ئىنتىلگەن ئېتىقادىغا دەررۇلا ياردەمگە كېلىپ، ئۇ ئېتىقادىنى قىل سىغماس ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلسە، شۇئان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. سىكارلېت پەقەت ...

«ئاھ! ــ ئۇ ھاياجان بىلەن توختىماي ئويلايتتى، بارماقلىرى بىلەن قوشۇمىسىنى مىجىيتتى، ــ مەن نېمىدېگەن دۆت، بۇ ئىشنى ھازىرغا قەدەر ئويلىمىغىنىمنى قارا! بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك، مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلسە، مېلانىيەنى چوقۇم ئالمايدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۇنى ئېلىشى مۇمكىنمۇ؟»

شۇ ئارىدا گېرالدنىڭ ئايەتنى ئوقۇپ بولغانلىقىنى، ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، دەررۇ تەسۋىسىنى سىيرىپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى. ئەمما، ئاۋازىدا

چوڭقۇر ھاياجان ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋال نىگىر ئانىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئىبادەت داۋاملىشىۋاتاتتى. سۇئىبللىن بىلەن كاررىن ئارقا ـ ئارقىدىن رەسمىيەتنى بەجا كەلتۈردى، سىكارلېت بولسا كالىلىسىغا يىغى كەلگەن پىكىرلىرىنىڭ كەينىدىن توختىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

ھازىر بولسىمۇ كېچىكمەيدۇ. بۇ ناھىيەدە نومۇسلۇق ئىش دەپ قارىلىدىغان قىزلارنىڭ قېچىپ كېتىدىغان ئىشلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدىغۇ. تويى بولۇۋاتقان بەزى قىزلارنىڭ ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغىنى توي مەرىكىسىدە پەيدا بولۇپ قېلىپ، نەتىجىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇرىدۇ. ئاشلېي بىلەن مېلانىيە تېخى توي قىلىش ھالىتىدە يەتمىدى. دېمەك، ۋاقىت تېخى بار دېگەن گەپ.

ئەگەر ئاشلېي بىلەن مېلانىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت بولماي، خېلى يىللار ئىلگىرى دېيىشىپ قويغان گەپ بولسا، ئۇ نېمىدەپ ئۇ تويىنى بىكار قىلىپ سىكارلېت بىلەن توي قىلالمايدىكەن؟ ناۋادا ئۇ سىكارلېتنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولسا چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. ئاندىن ...

سىكارلېت بەختلىك خىياللىرىدىن تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈردى، ئىبادەتكە ئەگىشەلمىگەچكە، ئاپىسى ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇ دەررۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. شۇ ئارىلىقتا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا، تىزلىنىپ ئولتۇرغانلارغا، چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىغا، ھەتتا بىر سائەت ئىلگىرى ئۆزى بىزار بولغان ئۆي جاھازلىرىغا تېز سۈرئەتتە بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتى بىلەن رەڭدارلىنىپ كەتكەن، ئۆيلەر بۇرۇنقىدىن بەكرەك سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كىرىپ قالغانىدى. ئۇ بۇ مىنۇتنى ۋە بۇ مەنزىرىنى ئەمدى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

ئاپىسى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى: «ئەڭ، ئەڭ پاك، مۇقەددەس بۈۋى مەريەم ئانا» ئىبلىن بۈۋى مەريەم ئانىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا

مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئايەتنى باشلىغانىدى. سىكارلېت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ: «بىزنى مۇراد ـ مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزگەيسەن!» دېدى جاۋابەن.

سىكارلېت كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئىبادەت قىلغاندا بۈۋى مەريەمدىن تولىراق ئانىسىغا چوقۇناتتى. كۆزلىرى قەدىمدىن تارتىپ مەدھىيەلىنىپ كېلىۋاتقان بۈۋى مەريەمدە ئەمەس، ئاپىسىنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغان چىرايىدا بولاتتى. «مۇقەددەس ئەترگۈل»، «بىمارنىڭ ساغلاملىقى»، «ئەقىل ـ پاراسەت بۇلىقى» دېگەنلەر ئېللېنىنىڭ پەزىلەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، سىكارلېتقا شۇنچىلىك چىرايلىق ئاڭلىناتتى. ئەمما، بۈگۈن ئاخشام ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئىبادەت جەريانىدا ئوقۇلۇۋاتقان ئايەتلەر ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان جاۋاب ئايەتلەر ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان يۈكسەك گۈزەللىك چوققىسىدىكى نەرسىدەك ئاجايىپ چىرايلىق ئاڭلىنىپ يۈرىكى خۇدانىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىپ، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئازابتىن قۇتۇلىدىغان، ئۇدۇل ئاشلېينىڭ قوينىغا ئېلىپ بارىدىغان نۇرلۇق بىر يولنى كۆرسىتىپ بەرگىنىگە ھەشقاللا ئېيتىشقا باشلىدى.

ئەڭ ئاخىرىدىكى «ئامىن» دىن كېيىن، ھەممەيلەن كۈيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. نېگىر ئانىنى تىنا بىلەن روسا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدى. پورك ئۈستەل ئۈستىدىن ئۇزۇن قەغەز پەلكۈچىنى ئېلىپ شامىنى ياندۇردى، ئاندىن يۆگىمەچ پەلەمپەينىڭ ئۇدۇلىدىكى جاۋەننىڭ ئۈستىدە تۇرغان شامدانلارنىڭ ئۈچىنى، بىر پانارنى ياندۇرۇپ، خۇددى ئوردىدىكى باش جورۇقچى پادىشاھ بىلەن مەلىكىنى ھۇجرىسىغا ئۇزىتىپ قويۇۋاتقاندەك تەنتەنە بىلەن پانارنى كۆتۈردى ـ دە، باشقىلارنى باشلاپ پەلەمپەيگە ماڭدى. ئېللېن گېرالدنى قولتۇقلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، قىزلارمۇ، ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن شامدان، پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا

ماڭدى.

سكارلېت ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن، شامداننى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، كىيىم ئىشكاپىدىن تۈزىمەكچى بولغان مېھمانلىق كۆڭلەكنى ئالدى-دە، ئاستا ئۆيدىن چىقىپ، ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. ئۇ ئىشىكنى چېكەي دەپ تۇرۇشىغا، ئاپىسىنىڭ بوش، ئەمما جىددىي تەرزدە گەپ قىلىۋاتقانلىقى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— گېرالد ئەپەندى، جوناس ۋىلكېرسون دېگەن ئادەمنى ئىشتىن ھەيدەڭ.

— مېنى، مېنىڭ ئالدىمدا شۇملۇق قىلمايدىغان نازارەتچىدىن بىرنى تېپىڭ، دېمەكچىمۇسىز؟ — دادىسى سەل تېرىكىپ سۆزلىدى.

— ئۇنى دەررۇ ئىشتىن بوشىتىڭ، ئەتە ئەتىگەندىن قالمىسۇن. سام ياخشى ئادەم، يېڭى نازارەتچى تاپقۇچە شۇنى ئىشلىتىپ تۇرۇڭ.

— ھە، ئەمدى بىلدىم، — دېدى گېرالد، — ئەسلىدە ئۇ جوناسنىڭ بالىسى ئىكەن-دە.

— ئۇنى چوقۇم ھەيدەش كېرەك.

«بۇ گەپچە، ئېمىمىنىڭ بالىسىنىڭ دادىسى شۇ ئوخشىمامدۇ، — ئويلىدى سكارلېت، — قاراڭلار بۇنى، شىماللىق بىر ئالۋاستى بىلەن لوكچەك ئاق تەنلىكنىڭ قىزى شۇ ئىشنى قىپتۇ-دە. كىم بىلىدۇ ئۇلار يەنە نېمىلەرنى قىلىدۇ؟»

بىر ئازدىن كېيىن گېرالد پەسكويغا چۈشتى. سكارلېت شۇندىلا ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كۆڭلەكنى ئاپىسىغا بەردى.

سكارلېت كىيىملىرىنى سېلىپ، شامنى ئۆچۈرۈپ بولغۇچە ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ پىلانىنى پۇختا تەييارلاپ قويدى. ئۇنىڭ پىلانى ئاددىيلا ئىدى: دادىسىنىڭ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمىغۇچە قويمايدىغان روھى بويىچە، پۈتۈن دىققىتىنى نىشانغا

توغرىلاپ، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزى بىۋاسىتە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، گېرالدىنىڭ دېگىنىدەك، «تەكەببۇر» قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە يېتىپ بارغان مىنۇتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەڭ شوخ، ئەڭ ئۇچۇق ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ئاشلېي بىلەن مېلانىيەنىڭ توي ئىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى ھېچقانداق ئادەمگە بىلىندۈرمەيدۇ. ئۇ يەرگە بارغان ھەممە يىگىتلەرگە شوخلۇق قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاشلېي چىدىيالماي ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ كېتىدۇ. سكارلېت بالاغەتكە يەتكەن يىگىتلەرنىڭ بىرسىنىمۇ بوش قويمايدۇ. سۇئېللېن ياخشى كۆرىدىغان سېرىق ساقال قېرى فىرانك كېنىدىدىن تارتىپ، كەم سۆز، ئاسان قىزىرىدىغان چارلېس خامىلتون، يەنى مېلانىيەنىڭ ئاكىسىغىچە ھەممىسى بىلەن چاقچاقلىشىپ چىقىدۇ. ئۇلار چوقۇم ئۇنىڭ ئەتراپىغا خۇددى ھەرىدەك ئولىشىدۇ. ئاشلېيمۇ قىزىقىپ، مېلانىيەنىڭ قېشىدىن بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلىدۇ. ئاندىن سكارلېت بىر پۇرسەت يارىتىپ، ئۇنى بۇ توپتىن ئايرىلىپ ئۆزى بىلەن بىرنەچچە مىنۇت بىللە بولىدىغان قىلىدۇ. سكارلېت بۇ ئويلىغانلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ھەممە پىلانى بىكار بولاتتى. ئەگەر ئاشلېي بىرىنچى بولۇپ ھەرىكەت قىلمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا سكارلېت ئۆزى قىلىشى كېرەك.

ئۇلار بىر يەرگە كەلگەندە، يىگىتلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان مەنزىرە قايتا كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئاشلېي ھەممىسىنىڭ سكارلېتنى قولغا چۈشۈرگۈسى بار ئىكەن، دېگەن ئوي بىلەن ئازابلىنىدۇ. بۇ روھىي ھالىتى چوقۇم چىرايىغا چىقىدۇ. شۇ چاغدا سكارلېت شۇنچە يىگىتلەر كەينىگە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ پەقەت ئاشلېينىلا سۆيىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ ئۇنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرىدۇ. ئۇ بۇنى سۈلكەت ۋە غۇۋا ھېسسىياتلىرى بىلەن

ئىپادىلىسە، قىممىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئاشلىيىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ يۇكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ ئىشلارنى ناھايىتى ئالىيجاناب ھەرىكەتلەر بىلەن ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن گەپنى دېيىشىنى چۈشىنىمۇ ئويلىمىغانىدى، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ئەمىسە قانداق ئۇسۇل بىلەن بىلدۈرۈشى كېرەك؟ بۇ چوڭ مەسىلىمۇ ئەمەس، كاللا قاتۇرۇپ كېتىشىمۇ ھاجەتسىز. ئىلگىرى ئۇ بۇنداق ئىشلارنى نۇرغۇن قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەنغۇ. بۇ قېتىممۇ شۇ چاغدىكىدەك قىلسا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتاتتى، يۈرىكى بولسا بولغۇسى ئىشلارنىڭ ھاياجىنىدا ئۆركەشلەپ توختىمايتتى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان چاغدىكى ئاشلىيىنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىدىغان تېڭىرقاش ۋە خۇشاللىقنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئۆزىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويغاندا دەيدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى.

شۇ چاغدا ئۇ، ئۇنىڭ باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۈمىدىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، كېيىن ئۇنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ تەسلىكتە ماقۇل بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى جونېسبوروغا قېچىپ كېتىدۇ ھەم ...

كىم بىلىدۇ، ئەتە مۇشۇ چاغدا ئۇ ئاشلىيې ۋىلكېس خانىم بولۇپ بولامدۇ تېخى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى، خىيالى ئاشلىيې خانىم بولغان چاغدىكى قىياپىتىدە ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كەتتى. ئەگەر ئىشلار ئۇ ئويلىغاندەك بولمىسىچۇ؟ ئاشلىيې ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كېتىشنى خالىمىسىچۇ؟ ئۇ بۇ خىيالنى شۇ ئان كاللىسىدىن نېرى قىلدى.

«ھازىر بۇنى ئويلىمايمەن، — ئويلىدى ئۇ كەسكىن ھالدا. —

بولمىسا، پۈتۈن پىلانىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئىشىنىڭ مېنىڭ ئۆيلىنىشىمدەك تەرەققىي قىلماسلىقىنى ھېچقانداق ئاساسىم يوق. ئۇ مېنى ياخشى كۆرسىلا شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ مېنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلىمەن.» ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ چۆرىسى سەل كۆكىرىپ قالغان نۇرلۇق كۆزلىرى ئاي نۇرىدا چاقناپ تۇراتتى. ئېلىيىن ئۇنىڭغا ئارزۇ بىلەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىش ئىكەنلىكىنى زادىلا دەپ باقمىغان، تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭغا «ئالدىرىغان قالار، بۇيرۇغان ئالار» دېگەننى ئۆگىتىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارەت بىلەن كۈمۈش رەڭ ئاي نۇرى ئىچىدە يېتىپ ئۆزىنىڭ پىلانى ئۈستىدە ئويلاناتتى. بۇ، ئۇن ئالتە ياشلىق قىزنىڭ پىلانى ئىدى. پاراغەت ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ قىز مەغلۇپ بولارمەنمۇ دېگەننى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەي، چىرايلىق كىيىملىرىم، كېلىشكەن چىرايىمنى قورال قىلىپ، تەقدىرنىڭ بىتچىتىنى چىقىرىۋېتىمەن، دەپ ئويلايتتى.

## بەشىنچى باب

ئەتىگەن سائەت ئون. ئاپرېلنىڭ ئىللىق كۈنلىرى ئىدى، ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرى ھاۋا رەڭ دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتۈپ سكارلېتنىڭ ھۇجرىسىنى نۇرلاندۇرۇۋەتتى. سۈت رەڭ تاملار، ئۆي جاھازلىرى قۇياش نۇرى بىلەن ئۆز رەڭلىرىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. پول ۋە يەرگە سېلىنغان گىلەممۇ ئۇ نۇرنىڭ رەڭگى بىلەن ئالاھىدە پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

ئەتىراپتىن يازنىڭ ھاۋاسى كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەۋجىگە چىققان باھار يازنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىغا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئورۇن بېرىۋاتاتتى. يازنىڭ مەززىلىك ۋە ئىللىق پۇرىقى ئۆي

ئىچىگە كىرىپ ھەممە يەرنى ئىگىلىگەنىدى. بۇ پۇراقتا خىلمۇ خىل گۈللەرنىڭ، دەل ـ دەرەخ ۋە يېڭى ئاغدۇرۇلغان يەرلەرنىڭ پۇراقلىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. سىكارلېت دېرىزىدىن شىغىل يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بەس ـ بەستە ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى قاتار نەرگىسگۈللىرى بىلەن خۇددى گۈللۈك كۆڭلەككە ئوخشاش كەڭ يېيىلىپ ئېچىلىپ كەتكەن يەسمەنگۈللىرىگە نەزەر تاشلىدى.

ھاۋا ئوچۇق باشقا كۈنلىرى سىكارلېت دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، رامىغا يۆلەنگىنىچە تارا قورۇقىنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ئۇزاق ھوزۇر ئالاتتى. بۈگۈن ئەتىگەن بۇنداق سۈزۈك ھاۋا ۋە سۈرەتتەك چىرايلىق مەنزىرىلەرگە، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا كۆڭۈل بەرمەي، ئىتتىك كۆڭلىدىن كەچكەن بىر خىيال بىلەن: «خۇداغا شۈكۈر، بۈگۈن يامغۇر ياغماپتۇ» دېدى. ئېتىكىگە چىلتەك تۇتقان ئالمارەڭ كۆڭلىكى كارىۋىتىدا چىرايلىق بىر كورۇپكىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. بۇ كۆڭلەكنى ئۇ «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى تانسا باشلانغان چاغدا كىيمەكچىدى. لېكىن، سىكارلېت ئۇنىڭغا قاراپ مۇرىلىرىنى ئىختىيارسىز قىسىپ قويدى. ئەگەر ئۇنىڭ پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان بولسا، بۇ كۆڭلەكنى كىيىشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ، چۈنكى تانسا باشلانماي تۇرۇپلا ئاشلېي بىلەن ئىككىسى جونېسبوروغا توي قىلغىلى كېتىدۇ ـ دە. ئەمدىكى چوڭ مەسىلە، ئۇنىڭ ئۇ يەرگە قانداق كۆڭلەك كىيىپ بېرىشى بولۇپ قالدى.

قانداق كۆڭلەك كىيسە ئۇنىڭ غۇنچە بويى بەكرەك گۈزەللىشىپ ئاشلېينى تېخىمۇ مەھلىيا قىلالايدىغاندۇ؟ ئۇ شۇ مەقسەتتە سائەت سەككىزدىن باشلاپ ھەممە كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ چىقتى، لېكىن بىرسىمۇ يارىمىدى. ئۆيىنىڭ ئىچى خىلمۇ خىل رەڭدىكى كۆڭلەكلەر بىلەن توشۇپ كەتتى، كارىۋات، ئورۇندۇق ۋە يەرنىڭ بىكار يېرى قالمىدى.

ئۇزۇن لېنتىسى بار سۇس قىزىل كۆڭلىكى كۆڭلىگە ياققان، ئۆزىگىمۇ دەل كەلگەنىدى، بىراق ئۇنى بولتۇر ياز مېلانىيە «ئۇن ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» گە كەلگەن چاغدا كىيگەن، بۇ كۆڭلەك چوقۇم مېلانىيەنىڭ ئېسىدە بار. ئۇ، بولتۇرمۇ مۇشۇ كۆڭلىكىڭىزنى كىيىپ كەلگەنىغۇ دېيمەن، دەپ سوراپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. كۆپتۇرمە يەڭلىك، چىلتەك ياقىلىق، قارا پەي گۈللۈك كۆڭلىكى ئۇنىڭ چىرايىنى شۇنداق ئاچاتتى، ئەمما سەل چوڭراق كۆرسىتىپ قوياتتى. سىكارلېت شۇ كۆڭلەكنى كىيىپ، ئۇن ئالتە ياشلىق چىرايىنى خۇددى قورۇق بېسىپ كەتكەن، تېرىلىرى بوشىغان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. مېلانىيەنىڭ سۈزۈك چىرايىنىڭ ئالدىدا قېرىلاردەك كۆرۈنۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ئىنچىكە يوللۇق ئالما چېچكى رەڭ كۆڭلىكى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، بىراق ئۇنىڭغا ئانچە ياراشمىدى. بۇ كۆڭلەك كاررىنىنىڭ ئىنچىكە بويىغا، سېرىق چىرايىغا ماس كەلگۈدەك، سىكارلېت ئۇنى كىيسە ئوقۇغۇچى قىزلارغا ئوخشاپ قالىدىكەن. مېلانىيەنىڭ سۆلكەتلىك، تەمكىن قىياپىتى ئالدىدا سىكارلېت ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش تۇرسا قانداق بولىدۇ. يېشىل چاقماقلىق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن، نىلۇپەر گۈل نۇسخىسىدا جىيەك تۇتقان، ھەربىر گۈلنىڭ ئىچىگە بىردىن ئاق قۇ پېيى تۇتۇلغان كۆڭلىكى ئۇنىڭغا شۇنداق ياراشتى، ئۇ ئۆزىمۇ مۇشۇ كۆڭلىكىنى ھەممىدىن بەك ياقتۇراتتى. چۈنكى، بۇ كۆڭلەك ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خۇددى يېشىل ياقۇتتەك ئاجايىپ يارقىن، نۇرلۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ دەل كۆكرىكىگە توغرا كېلىدىغان يېرىدە ئاززاق ماي دېغى تۇراتتى، ئۇ يەرگە بولاپكا تاقىۋالسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مېلانىيەنىڭ كۆزى بەكمۇ ئۆتكۈر، چوقۇم كۆرۈۋالىدۇ. ئەمدى پاختا رەختتىن تىكىلگەن ھەر خىل رەڭدىكى بىرنەچچە كۆڭلەك قالدى. سىكارلېتنىڭ نەزىرىدە بۇ كۆڭلەكلەر رەڭدار ئەمەس ئىدى، تانسىغا كىيىشكە مۇۋاپىق كەلمەيتتى. تۇنۇگۈن كىيگەن مايسارەڭ كۆڭلىكىچۇ؟ بىراق،

ئۇنى تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن كېيىپ قويغان، ئۇ يەرگە كىيىپ بارسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقىسى بەك تۆۋەن. لېكىن، مۇشۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ كىيگۈدەك تۈزۈككىنە كىيىمى يوق. ئەمما، ئۇ بويىنىنىڭ، بىلەكلىرىنىڭ، كۆكسىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپمۇ كەتمەيتتى.

سىكارلېت ئەينەكنىڭ ئالدىدا يانتۇ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تۇرقىغا سەپسالدى. بەدىنىنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن ئېۋەن تاپقىلى بولمايتتى. بويىنى قىسقا، ئەمما يۇمىلاق، ئوماق ئىدى، بىلەكلىرى تولۇق، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزى چۈشەتتى، ئىككى كۆكسى تار كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئەپچىللا كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭغا باشقا ئون ئالتە ياشلىق قىزلارغا ئوخشاش، لېيتىكىنىڭ ئىچىگە يۇمشاق يىپەكلەرنى تىكىۋېلىپ كۆكسىنى كۆتۈرۈش كەتمەيتتى، ھەممە يېرى بەدىنىگە ماس، تولۇق ئىدى. ئۇ يۇمشاق، ئىنچىكە قوللىرى بىلەن چىرايلىق پۇتلىرىنىڭ ئاپىسىنىڭكىگە تارتقىنىغا خۇشال ئىدى، بويىنىڭمۇ ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئېگىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇس، بۇ پۇتلارنى خەقلەرگە كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ شۇ ئوي بىلەن كۆڭلىكىنى تۆپىگە قايرىپ سۈتتەك ئاپپاق پاچاقلىرىغا قاراپ كەتتى. فايېتېۋىل، جونېسبورو ياكى بۇ ئەتراپتىكى ئۈچ ناھىيەدىكى قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭكىدەك چىرايلىق، ئىنچىكە بېلى بارلىرى يوق دېگۈدەك ئىدى.

بېلى ئېسىگە كېلىپ، ئۇ يەنە كىيىدىغان كۆڭلىكىنى ئويلاپ قالدى. مايسارەڭ كۆڭلىكىنىڭ بېلىنى نېگىر ئانا كەڭرەك بولسۇن دەپ ئادەتتىكىدىن بىر ئىنگلىز سۇڭى كەڭ قىلىپ قويغانىدى. ئۇ نېگىر ئانىنىڭ ئېغىر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى توۋلىدى. بۇ چاغدا ئېللېن تاماقخانىدا شۇ كۈنلۈك تاماقنىڭ خۇرۇچىنى تەييارلاپ بېرىۋاتقان بولغاچقا، ئۇنى ئاڭلىمايدۇ دەپ ئاشۇنداق ئۈنلۈك توۋلىغانىدى.

— بەزىلەر مېنى ئۈچىدۇ دەپ ئويلامدىغاندۇ، — نېگىر ئانا

سۆزلىگەچ يۇقىرىغا چىقتى. خۇددى ھازىرلا بىرسى بىلەن سوقۇشىدىغاندەك تۇمشۇقلىرى ئۇچلىنىپ كەتكەندى. يوغان ۋە قارا قوللىرىدا پەتنۇس، پەتنۇستا ھورى چىقىپ تۇرغان چەلپەك بىلەن بىر قاچا گۆشلۈك شورپا بار ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ قولىدىكى بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ جۇدۇنى تۇتتى ـ دە، ئۇنىڭغا راسا چېچىلماقچى بولدى. ئۇ كىيىم تاللاش بىلەن بولۇپ، ئېگىر ئانىسىنىڭ تۆمۈردەك قاتتىق تۇزۇملىرىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئوخارا ئائىلىسىنىڭ قىزلىرى بىرەر يەرگە چايغا بارسا، مېڭىشتىن ئىلگىرى قورسىقىنى تويدۇرۇۋېلىپ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھېچنېمە يېمەي ئولتۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى.

ــــ مېنىڭ ھېچ نەرسە يېگۈم يوق، بۇ نەرسىلەرنى ئاشخانىغا ئاچىقىپ كەتكىن، ــــ دېدى سىكارلېت.

ئېگىر ئانا پەتنۇسنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئاندىن ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرىگىنىچە ھەيۋە قىلدى:

ــــ بۇنى چوقۇم يەيسىز. ئۆتكەن قېتىمقىدەك ئىشنى يەنە كۆرەرگە كۆزۈم يوق. شۇ چاغدا خەقنىڭ ئۆيىدە چوشقىنىڭ ئۇچىيىدە پىشۇرغان بىر ئېمىنى يەپ سېلىپ قورسىقىڭىزنىڭ ئاغرىپ كەتكىنىنى ئۇنتۇماڭ. شۇ كۈنى سىلەر مېڭىشتىن ئىلگىرى بىر نەرسە يەۋالمىغان، شۇڭا بۇگۈن بۇ تاماقنى چوقۇم يەيسىز.

ــــ يىگۈم يوق دېدىمغۇ. كەل، بېلىمنى مەھكەم تارتىپ قوي، كېچىكىپ قالمايلى، پەيتونىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

ــــ ئەمىسە، خېنىم، ــــ ئېگىر ئانىنىڭ ئاۋازى خۇددى كىچىك بالىنى بەزلەۋاتقاندەك چىقتى، ــــ گېپىمگە كىرىپ ئازراق يەۋېلىڭ، سۇئېللېن خانقىز بىلەن كاررىن خانقىزمۇ يېدى.

ــــ ئۇلار يېسە يەۋەرسۇن، ــــ دېدى سىكارلېت جاھىللىق قىلىپ، ــــ ئۇلار ئاشۇنداق خەق، توشقانغا ئوخشايدۇ، مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن. قورساقنى تويدۇرۇۋالىدىغان نەرسىلەرنى ئىككىنچى يېمەيمەن. ئۆتكەندە كالۋېرتلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا،

ئۆيدە بولۇشىغا يەۋىلىپ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ماروژنىسىدىن بىر قوشۇقلا يېيەلىدىم. ئۇ ماروژنىنى ساۋانىنىڭ مۆزىدا قىلغانىكەن. بۈگۈن ئۇ يەردە خالىغىنىمنى تويغۇدەك يەيمەن.

ئۇنىڭ تاپتىن چىقىپ كەتكەن بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نىگىرئانىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. قىز بالا قانداق ئىشنى قىلىشى، قانداق ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك، نىگىرئانىنىڭ كۆڭلىدە ئىنتايىن ئېنىق سان بار ئىدى، ئۇنىڭغا مۇرەسسە كەتمەيتتى. سۇئېللىن بىلەن كاررىن ئۇنىڭ قولىدىكى بىر پارچە لاي بولۇپ، ئۇ ئۇلارنى قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قىلالايتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى. لېكىن، سىكارلېت ئۇلارغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرىنىڭ ئېسىلزادىلەر ئادىتىگە يات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرسە، بىر مۇنچە جېدەل چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلىش نىگىرئانىغا ئاسانغا چۈشمەيتتى.

— سىزنىڭ خەقلەرنىڭ بۇ ئائىلە توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەيدىغانلىقى بىلەن كارىڭىز بولمىسا، مېنىڭ كارىم بار، — دېدى ئۇ غودۇراپ، — مەن خەقنىڭ زىياپەتلەردە سىزنى تەربىيە كۆرمىگەن دەپ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاشنى پەقەتلا خالىمايمەن. سىزگە مەن نەچچە - نەچچە دېدىم، بەزىلەرنىڭ زىياپەتلەردە قۇشقاچتەك چوقۇپ تاماق يەيدىغانلىقىنى كۆرسىڭىز، شۇ ئادەمنى ئېسىلزادىلەردىن ئىكەن دەپ بىلىۋېرىڭ. شۇڭا مەن سىزنى ۋىلكېس ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئالدىڭىزغا ئۇچرىغاننى يەپ ئاچپاقىلىق قىلمىسۇن دەيمەن.

— ئاپامىۇ ئېسىلزادە، ئۇمۇ ئۇ يەرلەردە تاماق يەيدۇغۇ؟ — سىكارلېت ئۇنىڭغا قارشى چىقتى.

— ياتلىق بولغاندىن كېيىن سىزمۇ شۇنداق يېسىڭىز بولىدۇ، — دېدى نىگىرئانا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، — ئېللېن سىزدەك ۋاقتىدا سىرتتا پەقەتلا بىر نەرسە يېمەيتتى. پوللى

هاممىڭىز بىلەن ئېلالى هاممىڭىزمۇ شۇنداق ئىدى، هازىر ئۇلار ياتلىق بولۇپ كەتتى. شۇنى بىلىپ قويۇڭ، قارنى يامان قىزلارنى يىگىتلەر ياراتمايدۇ.

— ئۇ گەپلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن. سەن ئاغرىپ قېلىپ بارمىغان ئۆتكەن قېتىمقى باراۋەتتە ئاشلىپى ۋىلكىس ماڭا، ئىشتىيىڭىز ياخشى ئىكەن، مەن بەك خۇشال بولدۇم، دېگەن.

نېگىرئانا بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئەرلەرنىڭ ئاغزىدا دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئويلايدىغىنى ئوخشىمايدۇ. ئاشلىپى ئەپەندىنىڭ سىزنى ئېلىش ئويى بارلىقىنى مەن پەقەتلا سەزمىدىم.

سىكارلېتنىڭ قاپاقلىرى شۇئان تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمەكچى بولدى ـ يۇ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. نېگىرئانا گەپنى ئۇنىڭ جان يېرىگە تەگكۈزگەنىدى، ئۇ بۇنى ھېچنېمە دەپ ئىنكار قىلالمايتتى. نېگىرئانا سىكارلېتنىڭ چىرايىدىكى نارازىلىقنى كۆرۈپ، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، پەتنۇسنى ئېلىپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، بايا ئاشپەز ئايال بۇ تاماقنى تەييارلاۋاتقاندا مەن ئۇنىڭغا: قىز بالىنىڭ ئېسىل ياكى ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭ يېگەن تامىقىغا قاراپ بىلىش كېرەك، مەن مۇشۇ كەمگىچە مېلانىيە خان قىزدىن ئاز تاماق يەيدىغان بىرمۇ ئاق تەنلىك قىزنى كۆرمىدىم، دېگەنىدىم.

سىكارلېت ئۇنىڭغا شۇبھە بىلەن قاراپ قويدى، نېگىرئانىنىڭ چىرايىدىن، سىز مېلانىيە خانقىزغا ئوخشاش ئېسىل زادا ئائىلىنىڭ قىزىدەك كۆرۈنمەيدىكەنسىز، دەپ سىكارلېتقا ئېچىنىۋاتقاندەك ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

— پەتنۇسنى قويۇپ، ئاۋۋال بېلىمنى چىڭىتىپ قويغىن، تاماقنى سەل تۇرۇپ يەيمەن، — دېدى سىكارلېت سەل تېرىكىپ، — هازىر يېسەم بېلىم چىڭ بولماي قالىدۇ.

نېگىرئانا ئۆزىنىڭ ئۇنى يەڭگەنلىكىنى چىرايىغا چىقارماي،

شۇئان پەتنۇسنى قويۇپ قويدى.

— مېنىڭ قوزام قايسى كۆڭلىكنى كىيىدىكىن؟

— ئاۋۇنى، — سىكارلېت مايسارەڭ گۈللۈك كۆڭلەكنى كۆرسەتتى.

نېگىرئانا ئۇ كۆڭلەكنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ياق، ئۇنى كىيسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ دېگەن ئەتىگەندە كىيىدىغان كۆڭلەك ئەمەس، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە مەيدىڭىز ئوچۇق يۈرسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ كۆڭلەكنىڭ يا ياقىسى، يا يېڭى بولمىسا. ئۇنى كىيسىڭىز تېرىڭىزدە ئۇششاق داغ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇلتۇر ساۋاننادا دېڭىزغا چۆمۈلۈپ ئاپتاپقا قاقلانغانىدىڭىز، ئاشۇنداق داغلار پەيدا بولۇپ، قىشچە قايماق سۈركەپ يۈرۈپ ئاران ساقايتتىم. ئەمدى ئۇنىڭغا يول قويالمايمەن، ئۇنىمىسىڭىز ئاپىڭىزغا دەيمەن.

— مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ بولغۇچە ئاپامغا بىر ئېغىز تىنىدىغان بولساڭ تامىقىڭنى بىر چىشلەممۇ يېمەيمەن، — دېدى سىكارلېت سوغۇق تەلەپپۇزدا، — كىيىنىپ بولسام، ئاپام كۆرسىمۇ، بەربىر ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيمەن.

نېگىرئانا بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. سىكارلېتنىڭ ھازىر تاماق يېمەي، زىياپەتتە ئاچ قالغاندەك يېگىنىدىن كۆرە چۈشتىن كېيىن كىيىدىغان كۆڭلەكنى چۈشتىن بۇرۇن كىيسىمۇ مەيلى ئىدى.

— بىر نەرسىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ تۇرۇپ چوڭقۇر تىنىڭ، — دېدى ئۇ سىكارلېتقا.

سىكارلېت كارىۋاتنىڭ ياغىچىغا ئېسىلىپ تۈپتۈز تۇرۇپ بەردى. نېگىرئانا ئۇنىڭ بېلىگە يۆگىگەن لاتىنى بېلى قىلتىرىقتەك ئىنچىكىلىگىچە مەھكەم تارتىپ يۆگىدى. ئىش تاماملانغاندىن كېيىن، سىكارلېت ئۆزىنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن رازى بولۇپ، مەغرۇر كۈلۈپ قويدى.

— ھېچكىمنىڭ مېنىڭ قوزامنىڭكىدەك بېلى يوق، — دېدى نېگىر ئانا ئۇنى ماختاپ، — سۇ ئېللېننىڭ بېلىنى يىگىرمە سۆك كىچىكلىتىپ باغلىسام چىدىماي ھوشىدىن كېتىدۇ.

— مەن مەڭگۈ ئۇنىڭدەك ھوشۇمدىن كەتمەيمەن، — دېدى سكارلېت سۇئېللېننى كەمسىتكەن تەلەپپۇزدا.

— بىرنەچچە قېتىم تاسادىپىي ھوشىدىن كەتكەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى نېگىر ئانا ئۇنىڭغا، — بەزىدە بەكمۇ ئالدىراڭغۇسىز، سكارلېت خېنىم. سىزگە، يىلان بىلەن چاشقاننى كۆرۈپمۇ كۆڭلى ئېلىشماسلىق، ئېسىلزادىلەرنىڭ قىلىقى ئەمەس، دەپ بىرنەچچە قېتىم ئېيتتىم. ئۆيدە ئەمەس، خەقلەرنىڭ ئالدىدا دېمەكچىمەن. مەن يەنە سىزگە ...

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ چاپسان بولساڭچۇ. مەن ئەرلەرنى چوقۇم ئۆزۈمگە قارىتالايمەن، شۇ چاغدا، راست دەپتىكەن، دەيسەن. ۋاي خۇدايىم، لىپتىكىم بەكمۇ چىڭ بولۇپ كېتىپتۇ. بول، ئۈستۈمگە يېپىنچامنى ئارتىپ قوي.

نېگىر ئانا ئىنچىكە يىپتا كەشتىلەنگەن چىرايلىق يېپىنچىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئاندىن بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ كەينى تۈگمىلىرىنى ئېتىپ قويدى.

— ئاپتاپتا بۇ يېپىنچىنى ئۈستىڭىزگە ئارتىۋېلىڭ، ئىسسىپ كەتسىڭىزمۇ باشىڭىزنى ئېلىۋەتمەڭ، — دېدى ئۇ تاپىلاپ، — بولمىسا سىلاتتېرىي خېنىمدەك قاپقارا بولۇپ كېتىسىز. ئەمدى تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ، سۆيۈملۈكۈم. ئالدىرىماي يەڭ، يەپ بولۇپ ياندۇرۇۋەتسىڭىز قاملاشمايدۇ.

سكارلېت گەپ ئاڭلاپ پەتنۇسنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ تاماق يېسە ئۆزىنىڭ ئەركىن تىنالىشىغا كۆزى زادىلا يەتمەيتتى. نېگىر ئانا ئۇزۇن لوڭگىنى ئېلىپ، بىر ئۇچىنى سكارلېتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ، بىر ئۇچىنى تىزىغا يېيىپ قويدى. سكارلېت ئاۋۋال گۆشنى يېدى، يېگەندىمۇ ناھايىتى تەستە يېدى.

— مەن بالدۇرراق توي قىلىپ كەتسەم دەيمەن، — دېدى ئۇ پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — كۆڭلۈم تارتمىغان ئىشلارغا ئۆزۈمنى مەجبۇرلاۋېرىشتىن جاق تويدۇم، مەڭگۈ ئۆزۈم خالىغاننى قىلالمايدىغان ئوخشايمەن. تازا تاماق يېگۈم كەلگەندە، قۇشقاچتەك چوقۇپ ئولتۇرسام، يۇگۇرگۇم كەلگەندە، ئاستا مېڭىشقا مەجبۇرلانسام، ئىككى كۈن ئويۇنسامۇ ھارمايدىغان ۋاقىتنى بىرلا قېتىم ئويناپ ھوشۇمدىن كەتكەندەك بولۇۋالسام، بۇنداق تۇرمۇشتىن تويمامدۇ كىشى. ئەمدى مەن مەندىنمۇ ئۆتە نادان ئەرلەرنى: «سىز قالتىس يىگىت ئىكەنسىز» دەپ ماختىمايمەن. ئۆزۈمنى ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك تۇتۇپ، ئەرلەر نېمە دېسە ھاماقەتتەك ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرمايمەن ... بولدى، ئەمدى يېيەلمەيمەن.

— چەلپەكتىن ئازراق يەڭ، — دەپ يالۋۇردى نېگىر ئانا.

— نېمە ئۇچۇن قىزلار ئۆزىگە يىگىت تاللىغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەتەي ئۆزىنى نادان قىلىپ كۆرسىتىدىغاندۇ؟

— ئەرلەرنىڭ ھەممە ئىشقا قادىرلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا سىز خالىغان نەرسىنى بەرسىڭىز، نۇرغۇن باش ئاغرىقلىرىدىن قۇتۇلىسىز ھەم ئۆمۈر بويى قېرى قىز بولۇپ قالمايسىز. ئۇلارغا ياقىدىغىنى جۇغى چاشقانغا ئوخشاش كىچىك، ئاشقازىنى قۇشقاچنىڭكىدەك، ئازراقمۇ مۇستەقىل قارىشى يوق قىزلار. بىرەر ئەپەندى سىزنىڭ ئۆزىدىن ئازراق ئۈستۈن ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ قالسا، ئەۋلىيانىڭ قىزى بولسىڭىزمۇ سىزنى ئالمايدۇ.

— سېنىڭچە، ئەرلەر توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا قورقۇپ كېتەرمۇ؟

— شۇنداق، ئەمما كېچىكىدۇ، چۈنكى ئۇلار توي قىلىپ بولدى - دە. ئۇلار خوتۇنلىرىنىڭ ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ قېلىشلىرىدىن ھەرقاچان ھوشيار تۇرىدۇ.

— مەن شۇنداق چاغدا نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن. قىلغان گەپلىرىمنى ئېرىم ياخشى كۆرمىسىمۇ كارىم يوق.

— ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى نېگىر ئانا ئەنسىرەپ، — جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن. ئەمدى چەلپەكتىن يەڭ، شورپىغا چىلاپ يەڭ، سۆيۈملۈكۈم.

— قارىسام، شىماللىق قىزلار بىزدەك ئەخمەق ئەمەس ئوخشايدۇ. بۇلتۇر ساراتوگادا نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى بىلىمدان تۇتۇپ گەپ قىلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆردۈم.

نېگىر ئانا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

— مەنمۇ شىماللىق قىزلارنىڭ راستلا نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەۋېرىدىغانلىقىنى كۆرگەن، ئەمما ئۇلارغا ئەر چىقىشى يوق گەپ.

— ئۇلارمۇ ئوخشاشلا توي قىلىدىغۇ، — دېدى سىكارلېت ئۇلارنى ئاقلاپ، — ئۇلار چوڭ بولۇۋېلىپلا، بىزگە ھېچنېمە كېرەك ئەمەس دېمەي توي قىلىدىكەن، بالىچاقىلىق بولىدىكەن، بالىلىرىمۇ كۆپ تېخى.

— ئەرلەر ئۇلارنى پۇلىنى دەپ ئالىدۇ، — دېدى نېگىر ئانا كېسىپلا.

سىكارلېت چەلپەكنى شورپىغا چىلاپ يېيىشكە باشلىدى. نېگىر ئانىنىڭ دېگىنى بەلكىم ئورۇنلۇقتۇ. چوقۇم شۇنداق. ئېللېنمۇ شۇنداقراق گەپ قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىكارلېتنىڭ دوستلىرىنىڭ ئاپىلىرىمۇ قىزلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان، باشقىلارغا تايىنىپ، توشقاندەك قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدىغان قىلىپ تەربىيەلەيدىغۇ. ئادەم ئۆزىنى ئاشۇنىڭغا كۆندۈرۈش ھەم شۇ قىياپەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈنمۇ بىلىم كېرەك. ئېھتىمال، ئۇ قوپاللىق قىلىپ ئاشلىي بىلەن گەپ تالىشىپ قالغان، ئۇنىڭغا

ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنى دادىل سۆزلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇنداق مىجەزى، ئات مىنىدىغان، ساياھەت قىلىپ مېڭىپ يۈرىدىغان ئادەتلىرى ئاشلېيغا قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ، تېنى ئاجىز مېلانىيەنى خوتۇنلۇققا تاللىدىمۇ تېخى. بۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. سىكارلېت ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ باقسىچۇ؟ ياق، بولمايدۇ. ئەگەر ئاشلېي قىزلارنىڭ ئاشۇنداق تاكتىكىلىرىغا ئالدىنىپ تىز چۆكىدىغان ئادەم بولغان بولسا، سىكارلېت ئۇنىڭغا ھەرگىز ھازىرقىدەك قايىل بولمايتتى. يالغان كۈلكىلەرگە، «ئاجايىپ ئېسىل يىگىت» دېگەن گەپلەرگە، ھوشىدىن كېتىشلەرگە ئالدىنىپ قالىدىغان ئۇنداق ئەرلەرگە يېقىن يولىغىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسا.

ئەگەر ئۇ بۇرۇن ئاشلېيغا ئاشۇ خاتا تاكتىكىنى قوللىنىپ باققان بولسىچۇ ... بولدىلا، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئويلاپ نېمە قىلىدۇ. ھازىر ئۇ ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، توغرا بىر چارىنى قوللىنىشى كېرەك. سىكارلېتقا ئۇ بولمىسا بولمايدۇ ھەم ئۇ ئۇنى بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. ناۋادا ئۇنى ھوشىدىن كېتىش ياكى يالغان ھوشىدىن كېتىشلەر بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولسا شۇنداق قىلىسىمۇ مەيلى، تاتلىق كۈلۈمسىرەشلەر، نازلىنىشلار ياكى نادان قىياپەتكە كىرىۋېلىش بىلەن ئۇنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغىلى بولىدىغان بولسا، سىكارلېت ئۇنىڭغىمۇ تەييار، ھەتتا كاسىلىنى كالىۋېرتىنىمۇ ئاشۇرۇۋېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يۇرەكلىك ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلسىچۇ؟ ئۇمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئىشقىلىپ، يېڭىش - يېڭىلىش شۇنىڭغىلا باغلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ!

ھېچقانداق ئادەم سىكارلېتقا، خاراكتېرىڭدە قورقۇنچلۇق بىر ئاجىزلىق بار، ئەمما قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنى ئاجىزلىق دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ ئېيتالمايدۇ. ئەگەر بىرسى بۇ گەپنى ئېيتىدىغان بولسا، ئۇ

خۇشال بولۇشى ياكى ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەتلىك دۇنيامۇ ئوخشاشلا ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، بۇندىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ئاياللارغا بەرگەن باھاسى ئوخشاشلا تۆۋەن.

پەيتون ئۇنى ئېلىپ قىزىل توپىلىق يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. سىكارلېت ئاپىسى بىلەن نېگىر ئانىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە بارمىغىنىدىن خۇشال ئىدى. باراۋەتتە ئۇنىڭغا قاراپ قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، تۈمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ ئۇنىڭ پىلانىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئادەم بولمايتتى. ئەلۋەتتە، ئەتە سۈئېلىپ بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا چوقۇم سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پىلانى ئۆزى ئويلىغاندەك يۈرۈشۈپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاشلىپي بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى ياكى قېچىپ كەتكەنلىكى بىلەن چىقىدىغان توپىلاڭلار ئاستا ـ ئاستا بېسىلىپمۇ قالىدۇ. ئىشقىلىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆيدە قالغىنى ياخشى بولدى.

گېرالد ئەتىگەندىلا بىرنەچچە رومكا ئىچىۋالغانىدى. جوناس ۋىلكېرسوننى ئىشتىن بوشاتماقچى بولغاچقا، ئېلىپ ئۇ كېتىشتىن ئىلگىرى ھېسابىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆيدە قالدى. جوناس ۋىلكېرسون قولىدا شىلەپىسى، بىر چەتتە ئۆرە تۇراتتى، چىرايىدا ئاچچىق ۋە ئەلەم. ئۇ پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئەڭ ياخشى قورۇقنىڭ نازارەتچىلىكىدىن ھەيدەلگىنىگە ئىچىدە قايىل ئەمەس ئىدى. ئەرزىمەس بىر ئىشىق دەۋاسى ئۈچۈنمۇ مۇشۇنداق ئېغىر جازا كېلەمدۇ؟ گېرالدقا ئېيمى سىلاتتېرىينىڭ بالىسىنىڭ دادىسى دەپ گۇمانلىنىشقا بولىدىغان ئون نەچچە ئادەمنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا ئېيتقان بولسىمۇ ئاڭلىمىدى. گېرالد ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنەتتى، ئەمما ئېلىپ پەقەت شۇ گەپ بىلەنلا جوناسقا كەچچىلىك قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

جوناس جەنۇبلۇق ھەممە ئادەمگە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان سوغۇق مۇئامىلىلىرىگە، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كەمسىتىدىغانلىقلىرىغا نەپرەتلىنەتتى، ھەممىدىن بەك نەپرەتلىنىدىغىنى ئېللېن ئوخارا ئىدى، چۈنكى ئۇ جوناس نەپرەتلىنىدىغان جەنۇبلۇقلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى.

نىگىر ئانا ئېللېننىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولغاچقا، ئورنىغا دىلسېينى ئەۋەتتى. ئۇ پەيتونكەش توبىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، قۇچىقىدا قىزلار تانسىدا كىيىدىغان كىيىملەر سېلىنغان ساندۇقچە بار ئىدى. گېرالد قاۋۇل ئوۋ ئېتىغا مىنىپ پەيتوننىڭ يېنىدا ئالدىرىماي كېتىۋاتاتتى، ھاراقنىڭ كەيپى تېخى كەتمىگەنىدى. جوناسنىڭ ئىشنى تېزلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكىگە ئۆزىچە خۇشال ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئېللېنغا ئىتتىرىپ قويۇپ ياخشى قىلدى. ھازىر ئۇ ئېللېننىڭ شۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىمەن دەپ، بۈگۈنكى دوستلار ۋە يېقىن - يورۇقلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئويناپ كېلىدىغان پۇرسەتتىن مەھرۇم قالغىنىغا ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقى بىلەن بىر پاي كارى يوق، باھار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، بولۇپمۇ بۈگۈن كەچكىچە شىماللىق ئالۋاستىلار ۋە ئۇرۇش توغرۇلۇق ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھاياجانلىنىۋاتاتتى. ئۇ يەنە گۈلدەك ياسىنىپ، كۈنلۈك ئاستىدا ئولتۇرۇپ كېتىشىۋاتقان قىزلىرى بىلەن پەخىرلىنىپمۇ مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تۈنۈگۈن سكارلېت بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنىڭ بىرسىمۇ يوق، ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ پەقەت ئۇنىڭ گۈزەللىكى بىلەنلا ماختانسا بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن سكارلېتنىڭ كۆزلىرى ئىرىلاندىيەنىڭ تاغلىرىدىنمۇ بەكرەك كۆپكۆك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن ئۇ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ئۆزىنى باسالماي،

قىزلىرى ياخشى كۆرىدىغان «ئۇستوۋىدىكى مايسارەڭ ھەربىي فورما»① دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ ماڭدى.

سىكارلېت دادىسىغا خۇددى بىر ئانا ئۆزىنى چاغلىمايدىغان ئوغلىغا ئىچى كۆيۈپ ھەم ئۇنىڭغا ئىچىنىپ قارىغاندەك قاراپ كەتتى. دادىسى بۈگۈن ئۇ يەردە كۈن پاتقۇچە ئىچەتتى، قايتقۇچە ئېتىنى قاشامۇ قاشا ئاتلىتىپ كېلەتتى. ھېلىمۇ ئېتى ياخشى، بولمىسا قاشادىن ئاتلىغۇچە مۇدۇرۇپ كېتىپ يىقىلىپ كەتسە دادىسىنىڭ بېشى يانجىلىمامدۇ. ئۇ تېخى كۆۋرۈك بىلەن ماڭماي ئېتىنى سۇغا سېلىپ، يېڭى سوكنا كىيىملىرىنى سۇغا چىلاپ ئۆيىگە بارىدۇ. پورك ئۇنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇ كەلگەن ھامان سافاغا ياتقۇزۇپ قويىدۇ.

ئەتىسى قوپۇپ كىيىملىرىنىڭ رەسۋا بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ ـ دە، يالغان ھېكايىدىن بىرنى توقۇپ، قاراڭغۇدا ئات كۆۋرۈكتىن مۇدۇرۇپ كېتىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتىم، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ يالغان گەپكە ھەممىسى ئىشىنىپ قالىدۇ، ئۆزىمۇ بۇ ئۇستاتلىقى ئۈچۈن كۆرەڭلەپ كېتىدۇ.

سىكارلېتنىڭ دادىسى مېھرى ئىسسىق، شەخسىيەتچى ھەم ئازراق مەسئۇلىيەتسىزلىكىمۇ بار ئاجايىپ بىر ئېسىل ئادەم ئىدى. سىكارلېت شۇنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز دادىسىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپلا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قېلىۋاتاتتى، پۈتۈن دۇنيا — گېرالدمۇ شۇنىڭ ئىچىدە — ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك كىچىككىنە يۈرىكىگە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق، بۇ ئۆزىگىمۇ مەلۇم. ئۇ ئاشلېينى بۈگۈنلا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا شۇنچىلىك ئالدىرايتتى. قۇياش ئىللىق ۋە يېقىملىق ئىدى، جورجىيەنىڭ باھار مەنزىرىسى كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتاتتى. ئەتراپتا ياۋا

① بۇ ئىرېلاندىيەنىڭ 19 ـ ئەسىردە ئېيتىلغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈيلىنىدىغان ئىنقىلابىي ناخشىسى.

كاككۇك گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن، تاغ باغرى خۇددى قىشلىق قارلار ئېرىپ كەتكۈسى كەلمەي تۇرۇپ قالغاندەك، ئاپپاق ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر بىلەن قاپلانغان، گۈللەردىن تارقىلىۋاتقان خۇش پۇراقلار ھەممە يەرنى بىر ئالغانىدى.

«بۈگۈنكى بۇ گۈزەل كۈن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، — ئويلىدى سىكارلېت، — بۈگۈن بەلكىم مېنىڭ توي قىلغان كۈنۈم بولۇپ قالار.»

ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ياكى ئايدىڭ كېچىدە ئاشلېي بىلەن پەيتونغا ئولتۇرۇپ، جونېسبورودىكى چېركاۋغا كېتىۋېتىپ، مۇشۇ خۇش پۇراققا تولغان گۈزەل دالادىن ئۆتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى، ئويلىغانسېرى ھاياجانلاندى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئاتلانتادىكى پوپنىڭ رىياسەتچىلىكىدە توينى قايتا قىلىدۇ. بۇ ئىش دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقا بىر قىزنىڭ يىگىتى بىلەن قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىسا، غەزەپتىن چىرايىنىڭ ئاقىرىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سەل ئارامسىزلانغاندەك بولدى، ئەمما يەنە ئاپىسى ئۇنىڭ بەختلىك ھاياتىنى كۆرگەندە ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىغىمۇ ئىشەندى. گېرالدقا كەلسەك، ئۇ دەسلەپتە ۋارقىراپ - جارقىرايدۇ، ئەمما يەنە تۈنۈگۈنلا ئاشلېيغا تېگىمەن دەپ ئويلىما، دېگىنىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ۋىلكىس ئائىلىسى بىلەن قۇدا بولغىنىغا خۇشال بولىدۇ.

«قانداقلا بولسۇن، بۇنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلار، ھازىر ئۇنىڭغا بېشىمنى قاتۇرۇپ نېمە قىلاي.» شۇ خىيال بىلەن ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنىڭ كاللىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

قۇياش پارلاپ تۇرغان مۇشۇنداق گۈزەل كۈندە، بولۇپمۇ «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىنىڭ تۇرخۇنلىرى كىچىك تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆرۈنۈشكە باشلىغان مۇشۇنداق چاغدا، كۆڭۈلدە خۇشاللىقتىن باشقا ئويلارنىڭ بولۇشىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس - دە.

«بۇ يەردە مەڭگۈ ياشاپ قالىمەن، ئەللىك باھار ـ يازنى كۆرىمەن، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كۆرەرمەن. بالىلىرىمغا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمگە بۇ يىلقى باھارنىڭ قانچىلىك گۈزەللىكىنى، ئۇلار كۆرگەن باھاردىنمۇ يېقىملىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىمەن.» بۇ خىيال بىلەن ئۇ تېخىمۇ روھلىنىپ، «مايسارەڭ ھەربىي فورما» دېگەن ناخشىغا قوشۇلۇپ كەتتى ۋە گېرالدنىڭ ماختاشلىرىغىمۇ سازاۋەر بولدى.

— مەن سىنىڭ بۈگۈن نېمىشقا بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتقىنىڭنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى سۇئېللېن ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ. چۈنكى، ئۇ ھازىرغىچە، ئۇ نېمە ئۈچۈن مايسارەڭ كۆڭلىكىمنى ماڭا بېرىپ تۇرمايدۇ، شۇ كۆڭلەكنى كىيگەن بولسام ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتىم ئەمەسمۇ. ئۇ نېمانچىلا شەخسىيەتچىدۇ. ئاپاممۇ نېمىشقا دائىملا شۇنىڭ گېپىنى قىلىدىغاندۇ، دېگەن خىيالدا كېتىۋاتاتتى، — سەنمۇ بىلىسەن، بۈگۈن ئاشلېينىڭ توي قىلىدىغانلىقى جاكارلىنىدۇ. بۈگۈن دادام شۇنداق دېدى، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن بولۇپ يۈرگىنىڭگە خېلى بولغان سىنىڭ.

— سىنىڭ بىلىدىغىنىڭ شۇنچىلىكلا، — سكارلېت شۇنداق دېدى، ئارقىدىنلا تىلىنى چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشال كەيپىياتىنى پەقەتلا بۇزغۇسى يوق ئىدى، سۇئېللېن خېنىم ئەتە ئەتىگەندە كۆرسۇن، شۇ چاغدا قانداق بولۇپ كېتىدىكىن، دەپ ئويلايتتى.

— سۇئېللېن، سەن ئويلىغاندەك ئىش ئەمەس ئۇ، — دېدى كاررىن باشقىچە گەپ قىلىپ، — سكارلېتنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى بىرېنت.

سكارلېتنىڭ بىر جۈپ كۆپكۆك كۆزلىرى ئىتتىك كاررىنغا تىكىلدى، كۆڭلىدە، ئۇ نېمانچىلا ئوماقتۇ، دەپ ئويلىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئون ئۈچ ياشلىق بۇ قىزچاقنىڭ بىرېنتقا كۆڭلى يېقىنلىقىنى بىلەتتى، ئەمما بىرېنتنىڭ

خىيالىدا ئۇ يوق ئىدى، ئۇنى پەقەتلا سىكارلېتنىڭ سىڭلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاي دەپ قوياتتى. ئېللېن يوق چاغلاردا ھەممىسى ئۇنى بىرىنتقا چاپلاپ يىغلىغۇچە تېرىكتۈرۈپ ئوينايتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، مەن بىرىنتنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى سىكارلېت مەردلىك بىلەن، — ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ پەقەت سېنىڭ پاتراق چوڭ بولۇشۇڭنىلا ساقلاۋاتىدۇ.

كاررىننىڭ كىچىككىنە ئوماق يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، يۈرىكى شۇ ھامان خۇشاللىق ۋە گۇمان بىلەن، خۇددى بۇ ئىككى خىل ھېسسىيات بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقاندەك، قاتتىق تېپچەكلەپ كەتتى.

— ھۆي، سىكارلېت، بۇ گېپىڭ راستىمۇ؟

— سىكارلېت، ئاپام كاررىننى تېخى كىچىك دەۋاتسا، سەن ئۇنى ئوغۇل بالىلارغا قىزىقتۇرۇۋاتىسەنغۇ؟

— مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئاخىر بىلىپ قالىسەن، — دېدى سىكارلېت، — سەن بىرەر يىللاردىن كېيىن كاررىننىڭ سەندىن چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى ھازىردىن باشلاپلا كۆزگە كۆرۈنۈپ كەتمىسۇن دەۋاتىسەنغۇ.

— بۈگۈن گەپ - سۆزلىرىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، بولمىسا ئۆيگە بارغاندا ئۈچىلىڭلارنى قامچا بىلەن ساۋىماي يەنە، — دېدى گېرالد ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — تىنىچ، مەن پەيتوننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم، چوقۇم تارلېتون ياكى فونتائىننىڭ ئۆيدىكىلىرى.

ئۇلار دۆڭلۈكتىكى دەرەخلىكتىن چۈشۈپ تۆت كوچىنىڭ ئاغزىغا ئاز قالغاندا پەيتوننىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاياللارنىڭ ۋار - ۋۇرلىرىمۇ، گەپ تالىشىشلىرىمۇ ئاڭلىنىۋاتاتتى. پەيتوننىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان گېرالد قولىنى

يۇلاڭلىتىپ، توبىغا پەيتوننى تۆت كوچىنىڭ ئاغزىدا توختىتىشنى بۇيرۇدى.

— ئۇلار تارلېتوننىڭ قىزلىرى، — دېدى گېرالد قىزلارغا. ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن ناھىيەدىكى ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئېللېندىن قالسا قىزىل چاچلىق تارلېتون خانىمنى ياخشى كۆرەتتى، — پەيتوننى قىزلارنىڭ ئاپىسى ھەيدەپتۇ. ئۇ قاشتاشتەتەك سۇپسۇزۇك قوللىرى بىلەن بوجا تۇتۇپ پەيتون ھەيدەيدىغان بولسا، ئۇھۇي، ئات دېگەننى يىپتەك قىلىۋېتىدۇ ـ دە. ئۇنىڭ ئۇ قوللىرى كۈچلۈك ھەم ھېلىمۇ شۇنداق چىرايلىق. سىلەرنىڭ بىرسىڭلارنىڭمۇ قولى ئۇنداق چىرايلىق ئەمەس. ئىسىت، — ئۇ كۆيۈنگەن ھەم ئەيىبلىگەندەك نەزەر بىلەن قىزلىرىغا قاراپ قويدى، — كاررىن ھايۋانلاردىن قورقىدۇ، سۇئېلېننىڭ قوللىرى بوجىغا تېگىپ كەتسە، خۇددى دەزمال ياققاندەك بولۇپ كېتىدۇ. سەن بولساڭ ئىنتايىن كەپسىز بىر قىز ...

— مەن بىرەر قېتىممۇ يىقىلىپ باقمىغان، — دېدى سكارلېت ئاچچىقى بىلەن، — تارلېتون خانىمچۇ، ھەر قېتىم ئوۋغا چىقسا يىقىلىپلا يۈرىدىكەن.

گېرالد ئېگەردىن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ بېشىدىكى شلەپىسىنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭغىچە تارلېتونلارنىڭ مەپىسى كۆرۈندى. قىزلىرى چىرايلىق كىيىنىشىۋالغان، يۈزىدە پەردە، ئۈستىدە كۆنلۈك، مەپىدە ئولتۇرۇشاتتى. تارلېتون خانىم گېرالد دېگەندەك، پەيتونكەشنىڭ ئورنىدا ئولتۇراتتى. پەيتون تۆت قىز، ئىمكئانا، تانىسىدا كىيىمدىغان كىيىملەرنىڭ ساندۇقلىرى بىلەن توشۇق ئىدى. تارلېتون خانىم پەيتونكەشنىڭ ئورنىدا كېرىلىپ ئولتۇرغاچقا، پەيتونكەشكە ئورۇن يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارلېتون خانىمنىڭ قولى بىكارلا بولىدىكەن، پەيتوننى ھېچكىمگە ھەيدەتمەيتتى. ئۇ ئورۇق، زىلۋا ئايال ئىدى. يۈزى خۇددى قىزىللىقلارنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىكى قىزىل چاچلىرى

سۈمۈرۈپ كەتكەندەك قانسىز، ئاپپاق ئىدى. شۇنداقتىمۇ،
روھلۇق، ھارماس ئايال ئىدى، سەككىز بالىسىنىڭ ھەممىسى
ئۆزىگە ئوخشاش قىزىل چاچ، جۇشقۇن ئىدى، ئۇلارنى خۇددى
تايلىرىنى پەرۋىش قىلغاندەك ناھايىتى ئوبدان پەرۋىش قىلاتتى
ھەم ئۇلارغا تەلەپچان ئىدى. «ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇش، ئەمما
روھىغا زەربە بەرمەسلىك كېرەك» دەيتتى تارلېتون خانىم.
ئۇ ئاتنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئات توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيتتى.
ئۇلارنى چۈشىنەتتى ھەم باشقىلارغا قارىغاندا باشقۇرۇشنى
بىلەتتى. قۇلۇنلىرىمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئىدى، نەگىلا بارسا،
قۇلۇنلىرى، سەككىز بالىسى ۋە ئوۋ ئىتلىرى بىر قوتان قويدەك
ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى. ئۇ، ئاتلاردىمۇ ئادەمنىڭ
خاراكتېرى بولىدۇ، دەپ بىلەتتى، بولۇپمۇ نېلىلى ئىسىملىك
ئېتىنى شۇنداق ئويلايتتى. ئۇنى مىنىپ ئايلىنىپ كېلىدىغانغا
ۋاقتى چىقمىغان بولسا، نېگىر بالىغا بىر چىنە قەنت بېرىپ:
«بۇنى نېلىلىغا بەرگىن، ئۇنىڭغا مېنى ھازىرلا كېلىدۇ، دەپ
ئېيتىپ قوي» دەيتتى.
ئۇ چوڭ سورۇنلارغا بارغاندىن باشقا چاغلاردا ئات مىنگەندە
كىيىدىغان كىيىملىرى بىلەن يۈرەتتى، ھازىر مىنمىسەم،
بەربىر سەل تۇرۇپ مىنىمەن، دەپ شۇنداق قىلاتتى، شۇڭا
نېلىلىنىڭ ئۈستىدە دائىم ئېگەر توقۇقلۇق تۇراتتى، تارلېتون
خانىمنىڭ قولى بوشىغاندا چىقىپ مىنىشىنى كۈتۈپ ئۆينىڭ
ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.
بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئاللىقاچان زاماندىن قالغان تار قارا
كۆڭلەك تۇراتتى، بۇ كۆڭلەكمۇ ئۇنىڭ ئات مىنگەندە كىيىدىغان
كىيىملىرىنىڭ شەكلىدە تىكىلگەنىدى. بېشىدا كىچىك قارا
شىلەپە بار ئىدى، شىلەپىگە قادىۋالغان بىر تال پەي ئۇنىڭ
قىزغىن، نۇرلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. بۇ
شىلەپە ئۇنىڭ ئوۋغا چىققاندا كىيىۋالىدىغان كونا شىلەپىسىدىن
پەرقسىز ئىدى.

ئۇ گېرالدنى كۆرۈپ ئاتلىرىنى دەررۇ توختاتتى. پەيتون ئېتىنى توختىغاچقىمۇ قىزلىرى ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ چۇقانلىرىدىن چۆچۈگەن ئاتلار ئۈركۈپ كېتىشتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئادەم تارلېتونلار بىلەن ئوخارالارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە بىرقانچە يىللار بولغان ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا كۆرۈشكەنىدى. تارلېتونلار ئىنتايىن چىقىشقاق ئىدى، قوشنىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئوخارا ئائىلىسىنىڭ قىزلىرى بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىشاتتى. سۇئېللېن بىلەن كاررىنلا ئۇلارنىڭ دىتىغا ياقاتتى. سكارلېتنى بولسا، كاللىسى يوق، كاسلىن كالۋېرتتىن باشقا پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھېچكىم ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى.

يازدا بۇ ناھىيەدە ھەپتىدە دېگۈدەك ھەر خىل يىغىلىشلار بولۇپ تۇراتتى. تارلېتونلارنىڭ قىزىل چاچ قىزلىرى بۇنداق ئويۇنلارغا تۈنجى قېتىم قاتنىشىۋاتقاندەك پەقەتلا تويمايتتى، دائىملا خۇشال قاتنىشاتتى. ئۇلارنىڭ شلەپىلىرىنىڭ ئاستىدىكى قىزىل چاچلىرىنىڭ رەڭگى بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى: ھېتتىنىڭ توق قىزىل، كامىللانىڭ ئالتۇن رەڭ، راندانىڭ قارامتۇل قىزىل، بېتسىنىڭ سەۋزە رەڭ ئىدى.

— نېمىدېگەن توزدەك چىرايلىق قىزلار بۇ، خانىم، — دېدى گېرالد ئېتىنى ئۇلارنىڭ پەيتونىغا ياندىغاچ قىزلارنى ماختاپ، — ئەمما ئۇلارنىڭ ئانىسىغا يېتىشىگە يەنە خېلى بار.

تارلېتون خانىم كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەۋىسى كەلگەندەك لەۋلىرىنى يىمىرىپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا قىزلىرى توۋلىشىپ كەتتى: «ئاپا، قاش - كۆزلىرىڭنى ئوينىتىپ كەتمە، بولمىسا دادامغا دەپ قويىمىز.»، «قەسەم ئىچىپ بېرىمەنكى، ئوخارا ئەپەندى، ئاپام سىزدەك قاملاشقان ئادەملەرنى كۆرسە بىزدىنمۇ قىزغىنىدۇ.»

سكارلېت بۇ چاقچاق گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن تەڭ

كۆلۈپ كەتتى، ئەمما تارلېتوننىڭ قىزلىرىنىڭ ئاپىسىغا قىلغان بۇ قىلىقسىز چاقچاقلىرىغا ھەيرانمۇ قالدى. ئۇلار ئاپىسىغا خۇددى ئۇن ئالتە ياشقا ئەمدىلا كىرگەن قىزلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. سىكارلېت ئۇچۇن ئاپىسىغا بۇنداق گەپلەرنى قىلىش ئەمەس، ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاپىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قىزىقلا مۇناسىۋەت ئىكەن، ئاپىسىنى تەنقىد قىلىسىمۇ، ئەيىبلىسىمۇ، مەسخىرە قىلسىمۇ يەنە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېتىقاد قىلىدىكەن. ياق، سىكارلېت دەررۇلا يەنە ئويلاپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ مىنىڭمۇ تارلېتون خانىمدەك ئاپام بولسىكەن، دېگىنى ئەمەس، ئاپامغا بىر• قېتىم بولسىمۇ چاقچاق قىلىپ باقسام قىزىق بولاتتى، دېگىنى. ئۇ يەنە بۇنداق ئويلاشنىڭمۇ ئاپىسىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى. پەيتوندىكى قىزىل چاچلىق تۆت قىز بۇنداق قالايمىقان خىياللار بىلەن كاللىسىنى ئاۋارە قىلمايدۇ، بۇنى سىكارلېت بىلىدۇ. بۇ خىيالمۇ ئۇنى، مەن باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، دېگەن ئويغا كەلتۈردى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى.

سىكارلېتنىڭ كاللىسى سەزگۈر، ئەمما تەھلىل قىلىشقا ماھىر ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ تارلېتوننىڭ قىزلىرى تايچاققا ئوخشاش كەپسىز، تاغ توشقانلىرىدەك ياۋايى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغما بىخەملىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلالىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى جورجىيەلىك، يەنە كېلىپ جەنۇبىي جورجىيەلىك ئىدى. بۇ يەرلەرنى تۇنجى ئاچقانلاردىن بىر ئەۋلاد كېيىن تۇراتتى، ئۆزى ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتقا قارىتا ئىشەنچلىرى كۈچلۈك ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقلىرىنى ئۆز تەبىئىتى بويىچە بىلىپ تۇراتتى. بۇ جەھەتلىرى، ئۇسۇلى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما چوڭ جەھەتتىن ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. سىكارلېتنىڭ

ۋۇجۇدىدا دائىم جىددىي ئىلىشىپ تۇرىدىغان ئۇ خىل زىددىيەتلىك ئويلار ئۇلاردا بولماسلىقى مۇمكىن. سىكارلېتنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇلايىم ۋە ھەددىدىن زىيادە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى تەكىتلەيدىغان دېڭىز بويىدىكى ئېسىلزادىلەرنىڭ قېنى بىلەن چېۋەر، ئەمما قوپال ئىرېلاندىيەلىك دېھقانلارنىڭ قېنى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى، بۇ ئىككى قان ئەلۋەتتە بىر ـ بىرى بىلەن ئەپ ئەمەس. سىكارلېت ئاپىسىنى خۇدادەك بىلىپ قاتتىق ھۆرمەت قىلاتتى، ئەمما يەنە ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئويىنىسام، مەسخىرىمۇ قىلسام، دەپ ئويلايتتى. سىكارلېت يا ئۇنىڭدا، يا بۇنىڭدا تۇرۇشى كېرەك، ئىككىلىسىنى تەڭ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ ئوغۇل باللار بىلەن ئوينىغاندا، ۋۇجۇدىدىكى يۇقىرىدا ئېيتقان زىددىيەتلىك ھالەت سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بەزىدە ئەدەپلىك، مۇلايىم قىزلاردەك بولغۇسى، بەزىدە كەپسىزلىك قىلىپ، ئوغۇل باللار بىلەن سۆيۈشۈپمۇ قويغۇسى كېلەتتى.

— ئېللېن يوققۇ؟ — دەپ سورىدى تارلېتون خانىم.

— نازارەتچىمىزنى ئىشتىن ھەيدىگەن، شۇنىڭ ھېسابىنى ئۆتكۈزۈۋالماقچى بولۇپ ئۆيدە قالدى. تارلېتون ئەپەندى بىلەن يىگىتلەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ئۇلار بىرنەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا كېتىشكەن. ھازىردىن باشلاپ ئەتە ئەتىگەنگىچە ئىچىشمەيدىغاندەك، ھازىردىن باشلاپلا ئىچىشكە ئالدىراپ كەتتى ھەرقاچان. جون ۋىلكېس ئۇلارنى بۈگۈن كېچە قوندۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كېچىچە ئېچىپ نېمە بولۇشىدىغانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنى ئېغىلدا ياتقۇزۇپ قويسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇ بەش ھاراقكەشنىڭ دەردىمۇ ئاز ئەمەس ماڭا ئۈچ بولغان بولسا ئۇلارنى يىغىشتۇرالايتتىم، لېكىن ...

— بۈگۈن نېمىشقا ئات مىنمىدىڭىز، تارلېتون خانىم. راست گەپنى قىلسام، نېللىنى مىنمەي چىقسىڭىز تارلېتون خانىمغا

ئوخشىماي قالىدىكەنسىز. سىز دېگەن سېنتائۇر ـ دە[1].

ـــ سېنتائۇر؟ نېمانچە گالۋاڭ ئادەم سىز؟ ـــ تارلېتون خانىم ئۇنىڭ ئىرېلاندىيە تەلەپپۇزىنى دوراپ سۆزلەپلا كەتتى، ـــ سىز ھېلىقى ئادەم باشلىق، ئات تەنلىك غەلىتە مەخلۇقنى دېمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭ كانىيى مىس، جۇمۇڭ.

ـــ نېمىلا بولسا بولمامدۇ، ـــ دېدى گېرالد ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا قىلچە پىسەنت قىلماي، ـــ سىزنىڭ ئوۋ ئىتلىرىڭىزغا ۋارقىرىغان ئاۋازىڭىز مىس كانايدىن چىققاندەك چىقىدۇ.

ـــ بۇ ناھايىتى توغرا گەپ بولدى، ـــ دېدى ھېتتى، ـــ مەن ساڭا دېگەن، ئاپا، بىرەر تۈلكىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولساڭ، بەئەينى ئىندىيانلاردەك توۋلاپ كېتىسەن.

ـــ ئىنىڭكىنىڭ قۇلاقلىرىڭنى يۇغان چاغدىكى ۋارقىراشلىرىڭغا قارىغاندىغۇ ياخشىراق، ـــ دېدى تارلېتون خانىم ئۇنىڭغا جاۋابەن، ـــ ئۇن ئالتىگە كىردىڭ، بىلىپ قوي سەن. ھە راست، ئاتنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىڭىز، بۈگۈن ئات مىنمەي چىقىشىم، نېللى بۈگۈن سەھەردە قۇلۇنلىغان.

ـــ راستىمۇ؟ ـــ گېرالد خۇشاللىقىدا ۋارقىراپ كەتتى. ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ ئاتقا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى. سكارلېت ئاپىسى بىلەن تارلېتون خانىمنى سېلىشتۇرۇپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ئېللېننىڭ خىيالى بويىچە بولسا، ئاتلار قۇلۇنلىمىسا، كالىلار تۇغمىسا، ھەتتا مېكىيانلارمۇ تۇخۇم تۇغمىسا. شۇڭا، ئۇ بۇنداق ئىشلارنى زادىلا تىلغا ئېلىپ باقمايتتى. تارلېتون خانىمدا بولسا ئۇنداق غەلىتە ئويلار پەقەتلا يوق ئىدى.

ـــ تۇغقىنى چىشى تايمۇ؟

① توغرىسى «سىنتېنتور» ئىدى. گېرالد دېگەن «سېنتائۇر» گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى ئادەم باشلىق، ئات تەنلىك غەلىتە مەخلۇق. گېرالد بۇ يەردە ئۇنى ئاۋازى يوغان ئادەمگە تەقلىد قىلماقچى.

— ياق، شۇنداق چىرايلىق ئارغىماق، دەڭا. پۇتلىرى بىر غۇلاچ كەلگۇدەك ئۇزۇن، بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، ئوخارا ئەپەندى، تارلېتون بويىچە ئاجايىپ بىر ئات بولدىغۇ ئۇ. رەڭگى ھېتتىنىڭ چېچىغىلا ئوخشايدۇ.

— تۇرقىمۇ ھېتتىغا ئوخشايدۇ، — دېدى كامىللا گەپكە ئارىلىشىپ. يۇزى سوزۇنچاق كەلگەن، — ھېتتى بۇ گەپكە تېرىكىپ كامىللانى ئۇرۇپ، چىمدىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر پەس قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى.

— مېنىڭ بۇ چىشى قۇلۇنلىرىم بۇگۇن بەكمۇ خۇشال، — دېدى تارلېتون خانىم، — بۇگۇن ئەتىگەن ئاشلېي بىلەن ئۇنىڭ ئاتلانتادىن كەلگەن بىر نەۋرە سىڭلىسىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ساراڭدەك ئۆينى بېشىغا كىيىشتى. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ مېلانىيەمۇ؟ بىچارە قىز، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن چىرايىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ. بىزنىڭ ئاشپەز ۋىلكېسنىڭ غوجىدارىنىڭ خوتۇنى بولىدۇ. شۇ ئادەم تۇنۇگۇن ئاخشام كېلىپ بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردى، بۇگۇن ئۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلىدىغانلىقى ئەلگە ئېيتىلسا كېرەك. قىزلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى، نېمىگە بۇنچىلا خۇشال بولۇپ كېتىشىدىغانلىقلىرىنىمۇ ئۇقمىدىم. ئۇلارنى توي قىلىدۇ دېگەنگىمۇ بىرنەچچە يىل بولدى. ئاشلېي ئۇ قىز بىلەن توي قىلسا، ئاشلېينىڭ سىڭلىسى خونىي ۋىلكېس مېلانىيەنىڭ ئاكىسى چارلېس بىلەن توي قىلغۇدەك. ئوخارا ئەپەندى، ئېيتىڭچۇ، ۋىلكېسنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ باشقا جەمەتتىكىلەر بىلەن توي قىلىشى قانۇنسىز ئىشمۇ؟ ئەگەر ...

سكارلېتنىڭ باشقا گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قۇياش مۇزغا ئوخشاش قاپقارا بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىپ، كائىنات قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغاندەك، پۇتۇن مەۋجۇدات رەڭگىنى يوقاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. يېقىندىن كۆكلەۋاتقان يوپۇرماقلار ھاياتى

كۆچىدىن ئايرىلغان، تاغ باغرىدىكى تېخى بايىلا چەكسىز گۈزەل كۆرۈنگەن گۈللەرمۇ بىردىنلا سولىشىپ كەتكەندى. ئاشلېينىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى بۈگۈن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن تويۇقسىز ئاڭلىغانلىقى تۈنۈگۈن ئاڭلىغىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭغا بەكرەك تەسىر قىلغانىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋۇجۇدىغا باشقىدىن جۈرئەت كىردى، قۇياشمۇ قايتا كۆرۈنۈپ، كائىنات يەنە ئۆز رەڭگىگە قايتتى. ئۇ ئاشلېينىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، بۇ قىل سىغماس پاكىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى يەنە قانات يېيىشقا باشلىدى: ئەگەر بۈگۈن ئاخشام توي خەۋىرى جاكارلانماستىن تۇرۇپ ئاشلېي ئىككىسىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولسا، تارلېتون خانىمنىڭ چىرايى ھەيرانلىقتا قانداق ئۆزگىرىپ كېتەر؟ تارلېتون خانىم قوشنىلىرىغا چوقۇم: سكارلېت بەكمۇ قۇۋ قىز ئىكەن. بىز مېلانىيە بىلەن ئاشلېينىڭ ئىشىنى دەۋاتقاندا مىت قىلماي ئولتۇرغان، دەيدۇ. شۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭ زىنىخلىرى ئاستا - ئاستا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھېيتتى ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى، ئەمدىلىكتە سكارلېتنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، قوشۇمىسىنى تۈردى - دە، ئۇ خىياللىرىنى تاشلاپ كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— سىزنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن، ئوخارا ئەپەندى، — دېدى تارلېتون خانىم تەكىتلەپ، — ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا توي قىلىش تامامەن خاتا. ئاشلېينىڭ خامىلتوننىڭ قىزىنى ئېلىشىنىڭ ئۆزى بىر قاملاشمىغان ئىش ئىدى. ئۇنى ئاز دەپ، خوني چىرايى تاتىراڭغۇ چارلېس خامىلتون بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ ...

— خوني چارلېسقا تەگمىسە باشقا ئادەم چىقمايدۇ، — دېدى راندا. ئۇ باشقىلارغا زەھەردەك تېگىدىغان، ئەمما ئۆزىنى تەلەيلىك ئويلايدىغان قىز ئىدى، — ئۇنىڭ چارلېستىن باشقا ئوغۇل

دوستلىرى بولغان ئەمەس، چارلېسمۇ ئۇنىڭغا تازا قىزغىن مۇئامىلە قىلمايدۇ. سىكارلېت، ئۇنىڭ بۇلتۇر مىلاد بايرىمى ئاخشىمى كەينىڭگە كىرىۋالغىنى ئېسىڭدىدۇ؟

— باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلما، قىزىم، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا، — بىر نەۋرىلەر بىر - بىرى بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ، قان بۇزۇلىدۇ. ئادەم ئاتقا ئوخشىمايدۇ. بىر بايتالنى ئۆزىنىڭ ئىنىسى بىلەن، دادىسىنى قىزى بىلەن چاتسا، ئوتتۇرىدىن ئوخشاشلا ياخشى ئات چىقىۋېرىدۇ، ئەمما ئادەملەر ئۇنداق بولمايدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشى ھېچقانداق چانمىغىنى بىلەن، قېنى، روھى بۇزۇلىدۇ. سىز ...

— ياق، خانىم، مەن بۇ جەھەتتە سىز بىلەن پۈتۈنلەي تەتۈر قاراشتا. ۋىلكېس جەمەتىدىكىلەردىنمۇ ياخشى ئادەملەرنى سىز ماڭا دەپ بېرىڭا. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بىرىئان بىلەن بورودىن تارتىپ ھەممىسى نەۋرىلەر بىلەن توي قىلغان.

— ئۇلار ئەمدى ئۇنداق قىلماسلىقلىرى كېرەك، بۇنىڭ نەتىجىسىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئاشلېيدا گەپ يوق، چىرايلىق، قاۋۇل چوڭ بولدى. لېكىن، ۋىلكېسنىڭ قىزلىرىچۇ؟ ھەممىسى شۇنداق روھسىز، لەقۋا، ئەمما ئوبدان قىزلار. ئەمدى مېلانىيەگە قاراپ بېقىڭ، چوكىدەك ئىنچىكە، پۈۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۆز ئالدىغا مەيدانى يوق، «ياق، خانىم»، «شۇنداق، خانىم» دېگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ. نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ئۇ جەمەتكە يېڭى قان كېرەك. بىزنىڭ بۇ قىزىل چاچ قىزلىرىمىزغا، سىزنىڭ چىرايلىق سىكارلېتىڭىزغا ئوخشاش ساغلام، چىرايلىق قان لازىم. مېنىڭ گېپىمنى خاتامۇ چۈشىنىپ قالماڭ. ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەر ئوبدان، چىقىشقاق، مەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئەمما، ئۇلار قائىدە - يوسۇنغا، توغقانلار ئىچىدە توي قىلىدىغان ئىشقا بەكمۇ ئېسىلىۋالغان. دەپ بېقىڭا، راست ئەمەسمۇ؟ ئۇلار قۇرۇق، تۈز يول بولسا ئوبدان ماڭىدۇ، ئەمما كاتاڭ، پاتقاق يولدا ماڭالىشى

ناتايىن. ئۇلارنىڭ روھى ـ جاسارىتى تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا بىرەر كىرىزىسكە ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلىشىگە ئىشەنمەيمەن. ئۇلار تىنچ ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان. مېنى دېسىڭىز، مەن ھەرقانداق ھاۋادا چاپچىپ تۇرالايدىغان ئاتنى لازىم قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتلىرىمۇ ئۆزگىرىپ، ئەتىدىن كەچكىچە تالاغا چىقماي، رويال چېلىپ، كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئاشلېپىنى مەن ئوۋ ئوۋلاشتىن كۆرە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە كېرەك، دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭغىمۇ قاراپ بېقىڭ، ئوخارا ئەپەندى، ئورۇق، ئىنچىكە. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە قاۋۇل، كۈچلۈك بىر ئەركەك لازىمغۇ ئاخىر.

«ھە، ھە، ھىم» گېرالد نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىزىق گەپلەرغۇ بۇ، دېگەن ھېسسىياتتا تۇرۇپ ئاڭلىغان ھەم ئۆزىچە توغرا تاپقانىدى. ئەمما، ئېللېن ئۇنداق گەپلەرگە باشقىچە قارايتتى. ئەگەر ئېللېن بۇ گەپلەرنى قىزلىرىنىڭمۇ ئاڭلىغانلىقىنى بىلىدىغان بولسا، بىر ئۆمۈر بىئارام بولۇپ يۈرىدىغانلىقى تۇرغان گەپ، بۇنى گېرالد بىلىدۇ. ئەمما، تارلېتون خانىم ئات ياكى ئادەم توغرۇلۇق بولامدۇ، ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋېرەتتى.

— بۇنداق ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەچكە سۆزلەۋاتىمەن. بىزنىڭ بەزى تۇغقانلىرىمىزمۇ ئاشۇنداق نەۋرىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتقان. ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا قارايدىغان بولسىڭىز ھەر خىل، ھەر شەكىلدە، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى پاقىنىڭ كۆزىدەك بۆرتۈپ چىققان. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ ئۆز ۋاقتىدا مېنى بىر نەۋرە ئاكامغا بەرمەكچى بولغاندا مەن قەتئىي قارشى تۇرغان. ئاپامغا: «ئاپا، ئۇنىڭغا تەگمەيمەن. بولمىسا، تۇغقان بالىلىرىم ئاتقا ئوخشاش رېماتىزىم ھەم دېمى سىقىلدىغان كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ» دېدىم. ئاپام بۇ گەپنى ئاڭلاپ

ھوشىدىن كەتتى، موماموۋ مېنى قوللىدى. ئۆمۈ ئىرسىيەتنىڭ ئاتتىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن، شۇڭا مېنى توغرا قىلدىڭ، دەپ ماختىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى تارلېتون ئەپەندى بىلەن قاچۇرۇۋەتتى. ئەمدى مېنىڭ بالىلىرىمغا قاراڭ، قامەتلىك، ساغلام، بىرسىمۇ كېسەلچان، يا بويى پاكار ئەمەس، بويىدىن ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەمما ۋىلكېسلەرچۇ ...

— باشقا گەپلەرنى قىلىشساقچۇ، خانىم،— دېدى گېرالد ئۆنىڭ گېپىنى ئارىلاپ، ئۇ كارىرىنىڭ بۇ گەپلەرگە ھەيران قېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى، سۇئېلىپىنىڭ قىزىقىپ يەنە ئاڭلىغۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغانىدى. ئەگەر بۇ گەپ داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئۇلار ئېلىپىنگە قاملاشمىغان سوئاللارنى قويۇشى، نەتىجىدە قىزلىرىنى باراۋەتكە ئېلىپ ماڭغان دادىنىڭ لاياقەتسىز دادا ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. سىكارلېت بولسا ئۇ گەپلەرنى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىغانىدەك، پېتىدىن چۈشمەي ئولتۇراتتى، شۇڭا گېرالد ئۇنىڭدىن خوش بولۇپ قالدى.

گېرالدنى بۇ ئېغىر خىجالەتچىلىكتىن ھېتتى تارلېتون قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئاپا، چاپسانراق ماڭايلىچۇ،— دېدى ئۇ بىئارام بولۇپ،— ئاپتاپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، كۇمۇتىلارمۇ ئاۋارە قىلغىلى تۇردى ئادەمنى.

— توختاپ تۇرۇڭ، خانىم،— دېدى گېرالد،— بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا ئات سېتىپ بەرمەكچى بولغان ئىش توغرۇلۇق قانداق قارارغا كەلدىڭىز؟ ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرىدۇ. يىگىتلەر بۇ ئىشنىڭ بالدۇرراق قارار تېپىشىنى ئارزۇ قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ كىلايتون ناھىيەسىنىڭ قوشۇنى، شۇڭا ئالىدىغىنىمىز كىلايتوننىڭ ئاتلىرى بولىدۇ. ئەمما سىز ھازىرغىچە جاھىللىق قىلىپ ياخشى ئاتلىرىڭىزنى بىزگە سېتىپ بەرمەيۋاتىسىز.

— بەلكىم ئۇرۇشمۇ بولماس، — دېدى تارلېتون خانىم قاراپ بېقىش پوزىتسىيەسىنى ئىسپادىلەپ. ئەمدى ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ۋىلكېس ئائىلىسىنىڭ غەلىتە تويلىرىدىن بۇ تەرەپكە بۇرالغانىدى.

— بۇ گەپچە، خانىم، سىز ...

— ئاپا، — ھېتتى يەنە گەپ قىستۇردى، — ئاتىنىڭ گەپلىرىنى ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سۆزلىشىۋالساڭمۇ بولىدىغۇ.

— ھېتتى خانقىز توغرا دەيدۇ، — دېدى گېرالد، — مېنىڭ سىلەرنى بىر مىنۇتمۇ تۇتۇۋالغۇم يوق. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن مۇشۇ گەپنى بەرىبىر سورايدۇ. ئەمما، ئاپىڭىزدەك مۇشۇنداق بىر چىرايلىق، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان خانىمنىڭ جاھىللىق قىلىپ ئات سېتىپ بەرمەسلىكى ئادەمنى ئازراق خاپا قىلىپ قويىدۇ. تارلېتون خانىم، قېنى سىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىڭىز؟ جەنۇب ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ سىز ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى يوقمۇ؟

— ئاپا، — ئەمدى بېتسى ۋارقىراشقا باشلىدى، — راندا قۇچىقىمدا ئولتۇرۇۋېلىپ كۆڭلىكىمنى پۇرلەشتۇرۇۋەتتى.

— راندانى نېرى ئىتتىرىۋەتسەڭلا بولمامدىمۇ؟ چۇرقىراشماڭلار. گېرالد ئەپەندى، گېپىڭگە قۇلاق سېلىڭ، — ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، گېرالدقا رەددىيە بېرىشكە تەييارلاندى، — جەنۇب ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ گېپى بىلەن مېنى قورقۇتماڭ دېمەك. ئۇ مەن ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. مېنىڭ تۆت ئوغلۇم ئۇلارغا قاتناشتى، سىزنىڭ بىرسىمۇ يوق. مېنىڭ ئوغۇللىرىم ئۆزىنى ئۆزى جوڭقۇرالايدۇ، ئەمما ئاتلىرىم ئۇنداق قىلالمايدۇ. مېنىڭ ئاتلىرىمنى مەن تونۇيدىغان يىگىتلەر ھەم ئات مىنىشنى بىلىدىغان ئېسىلزادىلەر مىنسە، مەن ئاتلىرىمنى ھەقسىز تەقدىم قىلىمەن، قىلچە ئارسالدى بولمايمەن. ئەمما،

ئاتلىرىمنى دالادا قېچىر مىنىپ يۈرگەن تاغلىقلار ياكى باشقىلار مىنىمەن دېسە، ئۇنىڭغا بولمايدۇ، ئەپەندى. ئۇلارنىڭ دۇمبىسىدە ئېگەردىن بولغان جاراھەت پەيدا بولۇپ قالسا ياكى ئۇلار بېقىش تاپمىسا، ماڭا بۇ دۇنيادا خاتىرجەملىك بولمايدۇ. سىز مېنى ئۇ ئەخمەقلەرنىڭ پەپىلەپ باققان ئاتلىرىمنىڭ چىرايلىق ئېغىزلىرىنى قوپال يۈگەنلىرى بىلەن يىرتىۋېتىشلىرىگە، قامچا بىلەن ئۇرۇشلىرىغا، ئاخىر بېرىپ ھېچنېمىگە يارىماس قىلىپ قويۇشلىرىغا چىدايدۇ دەپ ئويلامسىز؟ شۇنى ئويلاپ مانا ھازىرلا بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇخارا ئەپەندى، سىزنىڭ مەندىن ئات ئالماقچى بولغىنىڭىز ياخشى نىيەتتىن. ئەمما، ياخشىسى، سىز ئۇ سەھرالىقلىرىڭىزنىڭ مىنىشىگە ئاتلانتانىڭ ئۆلەرمەن ئاتلىرىنى سېتىۋېلىڭ.

— ئاپا، ماڭايلىچۇ، — تاقىتى تاق بولۇۋاتقانلارنىڭ قاتارىغا كامىللامۇ قوشۇلدى، — ئۇ ئەڭگۈشتەرلىرىڭىزنى ئاخىر ئۇلارغا بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. دادام بىلەن ئاكىلىرىم جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئاتقا قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەيدىغان بولسا، شۇئان يېشىڭىزنى ئېقىتىپ ئاتلىرىڭىزنى بېرىۋېتىسىز.

تارلېتون خانىم ھېجىيىپ قويۇپ بوجىنى سىلىكىدى.

— مەن ئۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، — ئۇ قامچىسىنى ئاتلارنىڭ دۇمبىسىگە بوش تەگكۈزۈپ قويۇۋىدى، ئاتلار پەيتوننى ئۇچقاندەك ئېلىپ ماڭدى.

— ئاجايىپ ئېسىل ئايال ـ دە، — گېرالد شىلەپىسىنى كىيىپ، قىزلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى، — ماڭايلى، توبى، بىز ئۇنىڭ ئاتلىرىدىن ئالماي قويمايمىز. ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. ئېسىلزادە بولمىغان ئادەمنىڭ ئات مىنىش سالاھىيىتى يوق، ئۇلار پىيادە ئەسكەر بولسۇن. بىراق، بۇ ناھىيەدە قورۇق ئىگىلىرىنىڭ بالىلىرىدىن تەشكىللەنگەن تولۇق بىر ئەترەت يوق ـ دە. سىلەر قانداق، قىزلار؟

— دادا، سىز يا ئالدىمىزدا مېڭىڭ، يا كەينىمىزدە. ئېتىڭىزنىڭ تۇيىقىدىن چىققان توپا بىزنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ، — دېدى سىكارلېت. ئۇنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىشكە ئەمدى تاقىتى قالمىغانىدى، بۇ گەپ - سۆزلەر خىيالىنى بۇزۇۋېتىۋاتاتتى. ئۇ بولسا ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى پىلانىنى كاللىسىدا ئوبدان پىشۇرۇۋېلىشى، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ چىرايلىق پېتى بېرىشى كېرەك ئىدى. گېرالد ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپ، تارلېتون خانىمنىڭ پەيتونىنىڭ كەينىدىن چېپىپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇ ئاتنىڭ گېپىنى ئۇ خانىم بىلەن يەخۇدۇك قىلىشىۋالالايتتى.

# ئالتىنچى باب

دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەيتون تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى كۆرۈنمەي تۇرۇپلا، سىكارلېت ئاپپاق بولۇتلارنىڭ ئېگىز قارىغايلارنىڭ ئۇچىدا ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى، دېۋىرقايلارنىڭ كۆيۈۋاتقان، چوشقا گۆشلىرىنىڭ كاۋاپ قىلىنىۋاتقان مەززىلىك پۇراقلىرىنىمۇ پۇرىدى.

هايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى پۈتۈن پىشۇرىدىغان ئوقۇر شەكىللىك ئۇزۇن ئوچاقتا تۈنۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ ئوت ياققان بولسا، شۇ تۇرقىدا ئوت تازا تاۋلىنىپ، ئۈستىدىكى ئايلانما چاقلارغا ئېسىلغان گۆشلەر ئاستا ئايلىنىپ ئوتنىڭ تەپتىدە پىژىلداپ پىشىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. سىكارلېت بۇ پۇراقلارنىڭ ئۇ يەردىكى چوڭ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى كاۋچۇكزارلىقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلالايتتى. جون ۋىلكېس باراۋەتنى دائىم قىزىلگۈللۈككە تۇتىشىدىغان ئاشۇ

ئورۇندا ئۆتكۈزەتتى. كىشىگە راھەت بېرىدىغان بۇ سالقىن جاي باشقا يەرلەرگە، مەسىلەن، كاربوت ئائىلىسى باراۋەت ئۆتكۈزىدىغان جايغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. كاربوت خانىم باراۋەتتە يەيدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ پۇرىقىنى ياخشى كۆرمەيتتى. بۇ پۇراق بىرنەچچە كۈنگىچە يوقالمايدۇ، دەپ، باراۋەتنى چارەك ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى سايە چۈشىدىغان بىر تۈپ دەرەخمۇ يوق بىر تۈزلەڭلىكتە ئورۇنلاشتۇراتتى. باراۋەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى پەقەت مېھماندوستلۇقى بىلەن نامى بار جون ۋىلكېسلا بىلەتتى.

سىكارلېت يىراقتىن كېلىۋاتقان چوشقا گۆشىنىڭ مەززىلىك ھىدىنى ھىدلاۋېتىپ، ئۇ گۆشلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىشتىيىنىڭ تېخىمۇ ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ماڭدى. قورسىقى ھازىرچە توق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىڭ تېڭىۋېتىلگەچكە، ھېق تۇتۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ھېق تۇتۇپ قالىدىغان بولسا خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ. قېرىلاردەك، ھېق تۇتسىمۇ ئۇستەلدە ئولتۇرۇۋېرىدىغان ئىش ياشلارغا مۇناسىپ ئەمەس ـ دە.

پەيتون تاغنىڭ ئۇستىگە چىققاندا، ئۇ تەرەپتىكى رەتلىك سېلىنغان ئاق ئۆيلەر سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە تاشلاندى. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئاپپاق ئېگىز تۈۋرۈكلىرى، كەڭ كارىدورلىرى، تۈز سېلىنغان ئۆگزىلىرى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە تەمەننا قويىدىغان ساھىبجامالدەك، ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سىكارلېت بۇ يەرنى ئۆزلىرىنىڭ تارا قورۇقىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر يارقىن گۈزەللىك، مەغرۇر سەلتەنەت ھۆكۈم سۈرەتتى. گىرالدنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدە بولسا بۇ نەرسىلەر كەم ئىدى.

مېھمانلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پەيتونلىرىدىن، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بىر ـ بىرلىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈۋاتاتتى. بولۇپمۇ نېگىر قۇللار خۇشاللىقىدىن ئاغزىلىرىنى يۇمالماي

قىلىنىشقانىدى، ئۇلار بۇنداق باراۋەتلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشەتتى. ئاق تەنلىك ۋە نېگىر باللار ئۇياقتىن ــ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ، باراۋەتتە نېمىلەرنى يەيدىغانلىقىنى بىر ــ بىرىگە ئېيتىشىپ، ماختىنىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۇزۇن زال ئادەم بىلەن لىق توشقانىدى. ئوخارالارنىڭ پەيتونى پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، سكارلېت كېپىنەكتەك ياسىنىشقان چىرايلىق قىزلارنىڭ پەلەمپەيدە يۇقىرى ــ تۆۋەن يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بالكوندا تۇرۇپ پەستىكى يىگىتلەرگە گەپ تاشلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

سكارلېت فىرانسىيە شەكلىدىكى دېرىزىدىن ئۆينىڭ ئىچىدە يېشىل چوڭراق بىرمۇنچە ئاياللارنىڭ قورچاقتەك ياسىنىشىپ، يەلپۈگۈچلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى يەلپۈگەچ، بوۋاقلار، كېسەللىك ۋە كىملەرنىڭ توي قىلغانلىقى، توينى قانداق قىلغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى. ۋىلكېسلارنىڭ ئاش ــ تاماققا مەسئۇل غوجىدارى توم قولىدا پەتنۇس، چىرايىدا مەڭگۈ ئۆچمەس كۈلكە، چىرايلىق كىيىنىشكەن ياش يىگىتلەرگە تەزىم بىلەن رومكىلاردا هاراق تۇتۇۋاتاتتى.

قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئايۋانمۇ مېهمانلار بىلەن تولغانىدى. قىسقىسى، پۈتۈن ناهىيەدىكى هەممە ئادەم مۇشۇ يەردە ئىدى. تارلېتونلارنىڭ تۆت ئوغلى بىلەن دادىسى ئېگىز تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇشاتتى. قوشكېزەك ستۇئارت بىلەن برېنت ئادەتلىرى بويىچە بىر ــ بىرىدىن ئايرىلمىشمىغانىدى، بويد بىلەن توم دادىسى جامېس تارلېتون بىلەن بىر يەردە ئىدى. كالۋېرت ئەپەندى شىماللىق خوتۇنى بىلەن يېقىن تۇراتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى جورجىيەدە ياشاۋاتقىنىغا ئون بەش يىل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا يات ئادەمدەك يۈرەتتى، هەممە ئادەم ئۇنى بىچارە چاغلاپ، مۇلايىم ۋە تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمما، هېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ كالۋېرت ئائىلىسىنىڭ بالىلىرىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغانلىقى بىلەن ئۇزىنىڭ كېلىپچىقىشىدىكى

سەۋەنلىكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. كالۋېرتنىڭ ئىككى ئوغلى رايفورد بىلەن كادىي سىمىزگىنە كەلگەن شوخ سىڭلىسى كاسلېن، بوغداي ئۆڭ جوئى فونتائىن بىلەن ئۇنىڭ ئالىدىغان قىزى سالى مونروغا چاقچاق قىلىپ تۇرۇشاتتى. بەزى مېھمانلار يىراقتىن، يەنى، لوۋېجوي بىلەن فايېتتېۋىل جونېسبورودىن، بەزىلىرى ھەتتا ئاتلانتا، ماكونلاردىنمۇ كەلگەندى. زالنىڭ ئىچى خۇددى زالنى ھازىرلا ئۆرۈۋېتىدىغاندەك قىستا - قىستاڭ ئىدى. چوقان - سۇرەنلەر، كۈلكە - چاقچاقلار، ئاياللارنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشلىرى، چىرقىراشلىرى پۈتۈن يەرنى بىر ئالغان، توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

جون ۋىلكېس پەلەمپەيدە تۇراتتى. كۈمۈشتەك ئاپپاق چاچلىرى، قارىغايدەك تۈپتۈز قامىتى، خاتىرجەم ۋە مۇلايىم چىرايى جورجىيەنىڭ ياز ئاپتىپىدەك نۇرلىنىپ تۇراتتى. يېنىدا خونېي ① ۋىلكېس بار ئىدى (ئۇ دادىسىدىن تارتىپ قۇللارغىچە ھەممە ئادەمگە ناھايىتى سىلىق - سىپايە مۇئامىلە قىلغاچقا، كىشىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتايتتى). ئۇ كەلگەن ھەر بىر مېھماننى كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئېلىۋاتاتتى.

خونېينىڭ ھەممە ئادەمگە سىلىق، ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك چىرايلىق مۇئامىلە قىلىدىغان مىجەزى بىلەن دادىسى جون ۋىلكېسنىڭ مىجەزى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. شۇنىڭغا قاراپ سكارلېت تارلېتون خانىمنىڭ بايا قىلغان گەپلىرىنى ئورۇنلۇقمىكىن دەپمۇ قالدى. ۋىلكېس جەمەتىدىكى ئەرلەردە ئۆز جەمەتىنىڭ خاراكتېرى بار ئىدى. جون ۋىلكېس بىلەن ئاشلېينىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدە تېخىمۇ روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ئالتۇن رەڭ كىرپىكلەر خونېي بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىندىياغا كەلگەندە سۇسلاپ كەتكەندەك ئىدى. خونېينىڭ كىرپىكلىرى ياۋا توشقاننىڭكىدەك شالاڭ، ئىندىيانىڭ بولسا

① «خونېي» نىڭ ئەسلىي مەنىسى «تاتلىق» دېگەن سۆز.

«ئادەتتىكىدەك» دېگەندىن باشقا گەپ بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئىدى.

ئىندىيانىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. سىكارلېت ئۇنى ئاشخانىدا ئاشپەزلەرگە جورۇقچىلىق قىلىپ يۈرسە كېرەك، دەپ ئويلىدى. بىچارە ئىندىيا. ئۇ ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ ئىشىدىن بوشىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سىتۇئارت تارلېتوندىن باشقا ئوغۇل دوستلىرىمۇ يوق. مەن ئۇنىڭدىن چىرايلىق بولسام، بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس - دە، دەپ ئويلىدى سىكارلېت.

جون ۋىلكېس پەلەمپەيدىن چۈشۈپ سىكارلېتنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. ئۇ پەيتوندىن چۈشۈۋېتىپ، سۇئېللېننىڭ ئۆزىچە كۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. دېمەك، ئۇ شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدىن فىرانك كېننېدىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

مەن ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق يىگىتنى تاپمىسام، خەپ! ئۇ ئۇنى مەنسىتمىگەندەك ئىچىدە غودۇراپ قويۇپ، جون ۋىلكېسكە كۈلۈپ قارىدى ۋە رەھمەت ئېيتتى.

فىرانك كېننېدى يۈگۈرۈپ كېلىپ سۇئېللېننى قولتۇقلىۋىدى، سۇئېللېن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. سىكارلېتنىڭ ئۇنى قامچا بىلەن ساۋىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. فىرانك كېننېدىنىڭ يەر - زېمىنى ھەممە ئادەمنىڭكىدىن كۆپ بولۇشى، كۆڭلىمۇ ياخشى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ئارتۇقچىلىقلارنىڭ يېشى قىرىقتىن ئاشقان ئادەم ئۈچۈن نېمە قىزىقى بولسۇن. ئورۇق ھەم تېرىككەك، بىرنەچچە تال شالاڭلا ساقىلى بار، ھەممىگە ئارىلىشىۋالىدىغان ھەم قورقۇنچاق بىر ئادەمغۇ ئۇ.

سىكارلېتنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىنىڭ پىلانى كېلىپ، شۇئان ئۇ خىياللارنى تاشلىدى - دە، كېننېدىگە قاراپ پىسىڭڭىدە كۈلۈپ قويدى. كېننېدى ئۇنىڭغا ھەيران قېلىپ، سۇئېللېنگە قولىنى بەرگەچ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

سكارلېت جون ۋىلكېس بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، كۆزلىرى بىلەن ھەدەپ ئاشلىينى ئىزدەيتتى. ئەتراپتا خۇشال كۆرۈنۈشلەر ئەۋج ئالغانىدى، سىتۇئارت بىلەن بىرېنت قوشكېزەكلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى. مۇنرو ئائىلىسىنىڭ قىزلىرىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە كۆزى چۈشۈپ ماختاپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ئادەملەرنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى، ئەتراپىدىكى ئاۋازلار پۈتۈن زالدىكى ئاۋازلارنى بېسىپ كەتتى. ئاشلىي قەيەردىدۇ؟ مېلانىيە بىلەن چارلېسچۇ؟ ئۇ چاندۇرماي ئەتراپقا، زالنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۈلۈشۈپ تۇرغان ئادەملەرگە نەزىرىنى ئاغدۇردى.

ئۇ ئادەملەرگە قاراپ گەپ قىلىغاچ، كۈلگەچ، ئۆيلەرنى، ھويلىنى ئايلىنىپ چىقتى. بىر چاغدا ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە سوغۇق ۋە ئەدەپسىز بىر نەزەردە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىغا تۇيۇقسىز كۆزى چۈشۈپ قالدى. شۇئان ئۇنىڭدا مۇرەككەپ بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى: بىر تەرەپتىن، ئۇ بىر ئەرنىڭ ئۆزىگە دىققىتى چۈشكىنىگە خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆڭلىكىنىڭ بەكرەك چوڭ ئويۇلغان ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكسىنى ئويلاپ بىر ئاز خىجىل بولدى. ئۇ ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى ئېگىز بوي، بەقۇۋۋەت ئادەم ئىدى. مەن بۇنداق مۇسكۇللىرى چىڭ، گەۋدىلىك، بەدىنى قوپال ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان، دەپ ئويلىدى سكارلېت. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇ ئادەم چىشلىرىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويدى. چىرايى خۇددى دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭكىدەك قارا، غەزەپلىك ۋە قارا كۆزلىرى بىرەر كېمىنى چۆكتۈرۈۋېتىدىغان ياكى قىزلارنى ئېلىپ قاچىدىغان قاراقچىنىڭكىدەك ناھايىتى ئۆتكۈر ئىدى، ئەپتىمۇ سوغۇق، كۈلۈشىمۇ يېقىمسىز ئىدى. سكارلېت ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، جىددىيلەشكىنىدىن تىنالماي قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەدەپسىزلىك بىلەن تىكىلىشىنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ

بىلدى. ئۇ زادى كىم ئادەم؟ ئەمما قاپقارا چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىپسىلزادىلەر ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولاتتى، قىپقىزىل كالپۇكلىرى ئۇستىدىكى ئىنچىكە قاڭشىرى ۋە كەڭ پېشانىسىدىن شۇ مەنە چىقىپ تۇراتتى.

سىكارلېت ئامال بار چىرايىغا كۈلكە بەرمەي ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزدى. شۇ ئارىدا بىرسى ئۇنى تووۋلاپ، ئۇمۇ باشقا ياققا قارىدى. «رېت باتلېر، رېت باتلېر، — دەپ تووۋلايتتى ئۇنى چاقىرغان ئادەم، — بۇ ياققا كېلىڭ، مەن سىزگە جورجىيە بويىچە ئەڭ باغرى قاتتىق قىزدىن بىرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.»

رېت باتلېر؟ بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا تونۇشتەك، قانداقتۇر بىر قىزىق ئىش تۇپەيلى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك بىلىندى. بىراق، ئۇنىڭ خىيالى ئاشلېيدا بولغاچقا، ئۇ ئىسىمنى نەدە ئاڭلىغانلىقىنى ئىنچىكە ئويلاپمۇ كەتمىدى.

— مەن ئۈستىگە چىقىپ چېچىمنى تۈزەشتۈرۈۋالاي، — دېدى سىكارلېت ستۇئارت بىلەن بېرېنتكە. ئۇلار ئۇنى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، — قىزلار بىلەن قېچىپ كەتمەي مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، بولمىسا ئاچچىقىم كېلىپ قالىدۇ.

ئۇ بۈگۈن باشقا يىگىتلەر بىلەن بەكرەك يېقىن بولسا، ستۇئارتنىڭ ئۇنىڭغا يول قويمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ بىرنەچچە رومكا هاراق ئىچىۋالغان بولۇپ، شۇ تۇرقىدا بىرسى بىلەن سوقۇشىدىغان ئەلپازدا تۇراتتى. سىكارلېت مۇشۇنداق چاغدا جېدەل چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ زالدا يەنە بىردەم دوستلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇردى، ئاندىن ئارقا ئۆيدىن چىقىۋاتقان ئىندىيا بىلەن كۆرۈشتى. بىچارە ئىندىيا، چاچلىرى چۈۋۈق، يۈز - كۆزى تەر ئىدى، ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىنىمۇ تۈزىمەپتۇ. چاچلىرىنىڭمۇ خۇنى يوق، كىرپىكلىرىمۇ شالاڭلا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، چىرايىنى جاهىلدەك كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئۇچلۇق ئېڭىكى ئۇنى تېخىمۇ

سەت كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يىگىرمە ياشقا كىرىپمۇ هازىرغىچە لايىق تاپالمىغىنىمۇ شۇنىڭدىن ـ دە. ئۇ سىكارلېتنىڭ سىتۇئارتنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالغىنىغا نەپرەتلىنىپ يۈرەمدىغاندۇ؟ كۆپ ئادەملەر ئۇنى هازىرمۇ سىتۇئارتنى ياخشى كۆرىدۇ، دېيىشىدۇ. ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ، نەپرەتلەنگەن تەقدىردىمۇ سىرتىدىن چاندۇرماي، سىكارلېتقا بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

سىكارلېت ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىشىپلا يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، بىرسىنىڭ ئىزا تارتىۋاتقاندەك ئاهاڭدا ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىگە قارىدى، ئۇ چارلېس خامىلتون ئىدى. چارلېس چىرايلىق، قوڭۇر چاچلىرى بۈدۈر، كۆزلىرىمۇ قوڭۇر، نۇرلۇق ھەم مۇلايىم، زېرەك يىگىت ئىدى. سىكارلېت كەينىگە قايرىلغاندا، چارلېس بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قىزلارنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن قورۇناتتى، كۆپ ساندىكى ئۇياتچان يىگىتلەردەك، ئۇمۇ سىكارلېتقا ئوخشاش شوخ، تېتىك، قورۇنمايدىغان قىزلارنى ياخشى كۆرەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭغا بۇرۇندىن ئادەتتىكىچە مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۈلگەن بويى بېرىپ ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى قىزغىن سۇنۇشلىرى چارلېسنى بۆلەكچىلا خۇش قىلىۋەتتى.

ــ بۇ سىزمۇ، چىرايلىق يىگىت. سىز چوقۇم مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى دەپ ئاتلانتادىن كەلدىڭىز، جاپا تارتقىنىڭىزغا يۈرىكىم شۇنچىلىك ئېچىشىدۇ مېنىڭ.

چارلېس قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپ، پەقەتلا گەپ قىلالماي، سىكارلېتنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزلىرىگە قاراپلا قالدى. قىزلار يىگىتلەرنىڭ مۇشۇنداق ھالىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى كولدۇرلىتاتتى، لېكىن چارلېسقا ئۇنداق قىلىشمايتتى. چارلېس ئۇلارنى ئۆزىنى كىچىك

بالىدەك كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ بىلىپ، ئۇلار نېمىشقا ماڭا ئىنىسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ، نېمىشقا چاقچاق قىلمايدىغاندۇ، دەپ ئويلايتتى. قىزلارنىڭ ئۆزىدىن سەت ھەم دۆت بالىلار بىلەن چاقچاقلىشىپ يۈرگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشلىرىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇلار بىلەن تاسادىپىي بىللە بولۇپ قالسا، ئۇلارغا نېمە دېيىشىنى بىلمەي، خىجىلچىلىقتا ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كېچىلىرى ئورنىدا يېتىپ ئۇخلىيالماي، شۇ چاغدا دېيىشكە تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن گەپلەرنى ئويلاپ، شۇ گەپلەرنى دېسەم بولمامتى، دەپ ئۆزىنى ئۆزى جىملەپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ گەپلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ قىزلار ئۇنىڭ بىلەن بىر-ئىككى قېتىم پاراڭلىشىپ بېقىپلا ئۇنى تاشلىۋېتەتتى.

خونېي بىلەن چارلېسنىڭ تويى كېلەر يىلى كۈزدە ئۇ مىراسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن بولماقچىدى. چارلېس ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسىمۇ شۇ خىل روھىي ھالەتتە بولاتتى. بەزىدە خونېينىڭ نازلىنىشلىرى بىلەن ئۆزۈمچىللىكىنى كۆرۈپ، بەدىنى تىتىرەشكەندەكمۇ بولاتتى. خونېي ئوغۇل بالىلارنى كۆرسە ئۆزىنى باسالمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۆزى يوق چاغلاردا ئۇنى باشقا يىگىتلەرگىمۇ شۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، دەپ سەل قورقۇپمۇ قالاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ خونېي بىلەن توي قىلىشقا تازا قىزغىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خونېي ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان ئۇنداق تەلۋە ھېسسىياتنى ھازىرغىچە ئويغىتالمىغانىدى، بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئاشىق-مەشۇقلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ پەقەت كىتابلاردىنلا ئوقۇيتتى. شۇڭلاشقا چىرايلىق، يۈرەكلىك، ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىزلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى خالايتتى.

لېكىن، سىكارلېت ئۇنىڭغا ئاڭلىسا يۈرىكى ئاغرىيدىغان

گەپلەر بىلەن چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

چارلىس بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلماقچى بولدى، لېكىن گېپىنى تاپالمىدى، سىكارلېتمۇ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتۇرماي توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى.

— مۇشۇ يەردە مىدىرلىماي تۇرۇپ تۇرۇڭ، بىر ئازدىن كېيىن سىز بىلەن دالا زىياپىتىگە بىللە بارىمەن. مېنى ساقلىماي باشقا قىزلار بىلەن كېتىپ قالسىڭىز كۇنداشلىقىم تۇتۇپ قالىدۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ، — بۇ گەپلەر ئىككى تەرىپىدە بىردىن زىننىخى بار جىنەستىدەك ئېغىزدىن چىقىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ قاپقارا كىرپىكلەر، كۆپكۆك كۆزلەرنىڭ ئۇستىدىن خۇددى جىددىي تۇس ئېلىشقا تىرىشقاندەك تېز - تېز ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇراۋاتاتتى.

— ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر يۈرەكلىك ھالدا ئارانلا. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى قاسساپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدىغان موزاي ئورنىدا كۆرۈۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەيتتى.

سىكارلېت قولىدىكى قاتلىنىدىغان يەلپۈگۈچى بىلەن چارلىسنىڭ بىلىكىگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا يۇقىرىغا ماڭدى. شۇ ئارىلىقتا چارلىستىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان رېت باتلېرغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ چوقۇم ئۇنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلىدى، بولمىسا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلمەيتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى چىرايى ئەركەك مۈشۈكنىڭ ئۆزى. كۆزلىرى بولسا يەنە ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ يۈگۈردى. سىكارلېت ئۇ كۆزلەردىن ئۆزى ئۆگەنگەن ھۆرمەتتىن ئەسەرمۇ تاپالمىدى.

«قانداق بىر نېمە ئۇ، — سىكارلېت دادىسىدىن ئۆگەنگەن قوپال گەپ بىلەن ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى، — ئۇ خۇددى ماڭا مەن ئىچ كىيىم كىيمىگەندەك قارايدا.» ئۇ ئىتتىك بېشىنى بۇراپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى.

يۇقىرىدىكى بويىلار قويۇلغان بىر ھۇجرىدا كاسلىن كالۋېرت ئەينەككە قاراپ ھەدەپ ئۆزىنى ياساۋاتاتتى، لەۋلىرىنى تېخىمۇ قىزىل قىلىش ئۈچۈن توختىماي يىمىرىپ تۇراتتى. كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىگە يېڭى ئېچىلغان بىر تال قىزىلگۈلنى قىستۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇ گۈل بىلەن ئىككى مەڭزىنىڭ قىزىللىقى كۆك كۆزلىرىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ تۇراتتى.

— كاسلىن، — دېدى سكارلېت ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئۇستىگە سەل تارتىپ قويۇپ، — پەستىكى باتلېر دېگەن ئادەم كىم ئۇ؟

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇنى بىلمەمسەن؟ — دېدى كاسلىن يان ئۆيدىكى دىلسىي بىلەن ۋىلكېسلارنىڭ ئىنىكئانىسى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك پەس ئاۋازدا، — مەن ۋىلكېس ئەپەندىنىڭ ئۇ ئادەمنى نېمىشقا چاقىرغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇ ئەسلىدە جونېسبورودا كېنىدى ئەپەندى بىلەن پاختا سودىسى قىلىشىۋاتقانىكەن. كېنىدى ئەپەندى بىلەن بىللە بولغاندىكىن، ئۇنى بۇ يەرگە شۇ ئادەم باشلاپ كەلدى بولغاي. ئۇنى ئۇ تاشلاپ قويۇپ كېلەلمەيدۇ ـ دە.

— بۇ زادى نېمە ئىش؟

— سۆيۈملۈكۈم، ھازىرغىچە ئۇنى ھېچكىم كۆتمەيۋاتىدۇ.

— راستمۇ؟

— راست.

سكارلېت جىمجىت ئويلىنىپ قالدى، ئۇ بىرەر قېتىممۇ قارشى ئېلىنمىغان مېھمان بىلەن بىللە بولۇپ باقمىغاچقا ھەيران قېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ قىزىقلا ئىش ـ دە، بۇ.

— ئۇ نېمە ئىش قىپتىكەن؟

— ئۇنىڭ نامى ياخشى ئەمەس. ئىسمى رېت باتلېر، چارلېستونلۇق ئادەم. بۇرۇن ئېسىلزادىلەردىن دوستلىرى بار ئىكەن، ھازىر ھەممىسى ئۇنى ئىزدىمەس بوپتۇ. بۇلتۇر كارو ماڭا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن

ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى يوق ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىدىكەن. ئۇ ۋېست پوئىنت ھەربىي مەكتىپىدىن قوغلىنىپتىكەن. بەزى ئىشلىرى ئۇنىڭدىن بەتتەر ئوخشايدۇ، ئۇ ئىشلارنى سۇرۇشتۇرۇش كاروغا ئەپسىز بوپتۇ. يەنە بىرسى، ئۇنىڭ ئۇ قىزغا ئۆيلەنمىگەن ئىشى ...

— ئۇ نېمە ئىش، دەپ بەرگىنە.

— راستلا ئۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەمسەن؟ بۇلتۇر ياز كارو ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى ئاپىسى بىلىدىغان بولسا كاروغا كۈن يوق دېگىنە. باتلېر دېگەن ئۇ ئادەم چارلېستونلۇق بىر قىزنى پەيتونغا سېلىپ سىرتقا ئوينىغىلى چىقىپتۇ. ئۇ قىزنىڭ كىملىكىنى ھازىرغىچە بىلەلمىدىم، ئەمما پەرەز قىلالايمەن. ئۇ چوقۇم ياخشى قىز ئەمەس، بولمىسا كەچ بولغاندا يېنىغا ھەمراھمۇ ئالماي ئۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقامدۇ؟ ئۇلار كېچىچە دالادا تۈنەپ، ئەتىسى سەھەردە پىيادە قايتىپ كەپتۇ. ئېتى قېچىپ كېتىپ، پەيتونىمۇ سۇنۇپ، پىيادە قايتىمىش، ئورماندا ئېزىپىمۇ قاپتۇ. پەرەز قىلىپ باققىنا، شۇ جەرياندا نېمە ئىشلار بولغاندۇ ...

— مەن پەرەز قىلالمىدىم، ئۆزۈڭ دەپ باققىنا، — دېدى سكارلېت قىزغىن جاۋاب بېرىپ. ئۇ ئەڭ يامان ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەن بولۇشىنى ئويلايتتى.

— ئەتىسى ئۇ، ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى كەسكىنلا رەت قىپتۇ.

— ھە! — سكارلېت بىردىنلا ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى.

— ئۇ ... ھىم ... ئۇ قىز بىلەن ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئالىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى دەپتۇ. كېيىن قىزنىڭ ئاكىسى ئۇنى قىستىغاندا، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ ئۇنداق كالۋا بىر نېمىنى ئالمايمەن، دەپتۇ. نەتىجىدە ئىككىسى دۇئېلغا چىقىپ قىزنىڭ ئاكىسى ئوق يەپ ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باتلېر ئەپەندى چارلېستوندىن

كېتىپ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان گەپ، — كاسلىن ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ تۇراتتى. دىلسېي سىكارلېتنىڭ ياسىنىشىغا ياردەملەشكىلى كىرىپ قالدى.

— ئۇنىڭ بويىدا قاپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى سىكارلېت كاسلىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

كاسلىن كۆچەپ بېشىنى چايقىدى.

— ئەمما، ئۇمۇ شۇ ئىش بىلەن تەڭلا تۈگىشىپ كەتتى، — دېدى كاسلىن سەل يىرگەنگەندەك قىلىپ.

ئاشلېيمۇ مېنى ئاشۇنداق تۈگەشتۈرۈۋەتمىگەي ئىلاھىم. سىكارلېت ئۇشتۇمتۇت شۇنداق ئويلاپ قالدى، ئۇ دېگەن شۇنچىلىك ئەخلاقلىق يىگىت، ھەرگىز مېنى ئالماي قويمايدۇ. لېكىن، نېمىشقىدۇر، سىكارلېتنىڭ باتلېرغا تۇيۇقسىز ھۆرمىتى قوزغىلىپ قالدى. چۈنكى، ئۇ بىر ئەخمەق قىز بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلغان - دە.

سىكارلېت ئۆينىڭ كەينىدىكى كاۋچۇك دەرىخىنىڭ سايىسىغا قويۇلغان كاتىنىڭ ئۈستىدە، ئۈستىدىكى نېلۇپەر گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كەڭ يېيىپ راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى، كۆڭلىكىنىڭ تېگىدىن قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن يۇمشاق ئايىغىنىڭ ئۇچى چىقىپ تۇراتتى. باي ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى پۇتىنىڭ پەقەت شۇنچىلىك قىسمىنىلا چىقىرىپ قوياتتى. ئۇنىڭ قولىدا كىچىك بىر پەتنۇس بار ئىدى، ئەتراپىدا يەتتە چەۋەنداز ئۆرە تۇراتتى. باراۋەت پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، ئىللىق ھاۋا بوشلۇقىدا كۈلكىلەر، پاراڭلار ۋە قوشۇق - ۋىلكىلار، قەدەھلەرنىڭ ئاۋازلىرى جاراڭلايتتى. كاۋاپنىڭ، شورپىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. سەللا شامال چىقىپ، كاۋاپنىڭ قويۇق پۇرىقى ۋە ئىسسىنى خېنىملار تەرەپكە ھەيدەپ كەلسە، ئۇلار ئۇ پۇراقتىن يىرگەنگەندەك چىرقىرىشىپ قوللىرىدىكى يەلپۈگۈچلىرى بىلەن يەلپۈپ كېتىشەتتى.

نورغۇن قىزلار ئۆزلىرىنىڭ جۈپتلىرى بىلەن ئۇزۇن ئۇستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياغاچ بەندىڭلەردە ئولتۇرۇشاتتى. لېكىن، سىكارلېت ئۇنداق ئولتۇرسا پەقەت ئىككى تەرىپىدە ئىككىلا يىگىت ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزى يالغۇز ئايرىم ئولتۇرغانىدى، بۇنىڭدا ئۇ نۇرغۇن يىگىتلەرنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرالايتتى.

تويى بولغان خانىملار شىپاڭدا ئولتۇرۇشتى، ئۇلارنىڭ قېنىق رەڭ كىيىملىرى ئەتراپىنىڭ شاد ـ خۇرام كەيپىياتى ئىچىدە تېخىمۇ بەكرەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۆي ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى مەيلى ياش ياكى چوڭ بولسۇن، چىرايلىق قىزلاردىن، ياش يىگىتلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ بىر يەرگە كېلىشىۋالغانىدى. دائىم ھېق تۇتۇپ قالىدىغان قېرى فونتائىن خانىمدىن تارتىپ، يېڭى قورساق كۆتۈرۈپ، قوسۇۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان ئون يەتتە ياشلىق ئەلىس مۇنروغىچە ھەممىسى بىر ـ بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۆيلىرىدىكى ئىشلارنى، تۇغۇتنىڭ تەسلىكى ۋەھاكازالارنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ ھالەت باراۋەتكە بىر خىل يېڭى كەيپىيات قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ جانلاندۇراتتى.

سىكارلېت ئۆزىنىڭ نەزىرىدە بىر توپ سېمىز قېرى قاغىلارغا ئوخشايدىغان ئۇ خوتۇنلارغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى. تويى بولغان ئاياللارنىڭ ھېچبىرىنىڭ قارىغۇچىلىكى يوق ئىدى. لېكىن، سىكارلېت ئاشلېي بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭمۇ قېنىق رەڭ رەختلەردە كىيىم كىيىدىغان ئاشۇ خانىملارغا ئوخشاش شىپاڭدا، ئايۋانلاردا ئولتۇرىدىغان بولىدىغانلىقىنى، شوخ، تېتىك، كۆلگۈنچەك قىزلارنىڭ توپىغا ئىككىنچى قوشۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلىمايتتى. باشقا قىزلارغا ئوخشاش، ئوي ـ خىيالى ئۆزىنىڭ تويىدىلا ئىدى، ئۇنىڭ نېرىسىغا بارمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزىنى بەختسىز سانايدىغان بولغاچقا، ئۇنداق ئابستراكت نەرسىلەرنى ئويلاشقا

ھەپسىلىسىمۇ يوق ئىدى.
ئۇ قولىدىكى كىچىك پەتنۇستىن نىپىز بىر تال پىرەنىكنى خالا ـ خالىمايلا ئېلىپ، تۇزۇت بىلەن كىچىك بىر چىشلەم چىشلىدى. ھەربىكىتى ئاجايىپ نازاكەتلىك ھەم بىر نەرسە يېگۈسى يوق ئادەمدەك ئىدى. نېگىر ئانىسى ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى كۆرىدىغان بولسا ئۇنى چوقۇم ماختايتتى. ئەتراپىدا شۇنچە كۆپ يىگىت پەرۋانە بولۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك يېرىم ئىدى. تونۇگۈن ئويلىغان پىلانلىرىنىڭ بۇگۈن نىمىشقا ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. بىرنەچچە يىگىتنى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەتراپىغا يىغدى، لېكىن قېرىشقاندەك ئاشلېيلا كەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن، تونۇگۈن چۈشتىن كېيىن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ۋەھىمە ئۇنىڭغا يەنە ئولىشىپ، يۈرىكى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئېغىشقا، يۈزى بىردە تاتىرىپ، بىردە قىزىرىشقا باشلىدى، چىرايىمۇ سەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى.
ئاشلېينىڭ سىكارلېتنىڭ چەمبىرىكى ئىچىگە كىرگۈسى يوق ئىدى. سىكارلېت بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز پاراڭلىشىپ باقمىدى، سالاملىشىپ قويغاندىن سىرت، بىر يەردە بولۇپمۇ باقمىدى. سىكارلېت باغقا كىرگەندە، ئاشلېي ئۇنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا كەلدى، لېكىن مېلانىيە ئۇنى قولتۇقلىۋالغانىدى. مېلانىيە ئۇنىڭ مۈرىسىگىمۇ كەلمەيتتى.
مېلانىيە ئورۇق، ئاجىز قىز ئىدى، بىر قارىماققا ئاپىسىنىڭ ئېتىكىدىن نېرى كەتمەيدىغان كىچىك قىزلارغا ئوخشايتتى. بىر جۈپ قوڭۇر كۆزلىرىدىكى نومۇسچانلىق ۋە چۆچۈپ تۇرۇشلار ئادەمگە تېخىمۇ شۇنداق تەسىر بېرەتتى. قاپقارا، قويۇق چاچلىرىنى كەينىگە تۇگۈپ تور ئىچىگە ئېلىۋالغانىدى. ئىككى چېكىسىدىن چۈشۈرۈۋالغان چاچلىرى يۈزىنى سوزۇنچاق قىلىپ قويغانىدى. ياڭاق سۆڭەكلىرى سەل يانغىراق تۇغرا كەلگەچكە، ئېڭىكى ئۇچلۇق كۆرۈنەتتى، شۇ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن چىرايى

ئادەتتىكىدەك كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇ چىراي خۇددى لايدىن ياسىۋالغاندەك ئاددىي، بولكىغا ئوخشاش قىممەتلىك، باھار سۇيىگە ئوخشاش سۈزۈك ئىدى. ئەمما، چىرايى ئادەتتىكىدەك، تۇرقى ۋىجىك كۆرۈنسىمۇ، مېڭىش - تۇرۇشىدا بىر خىل تەمكىنلىك ۋە ئادەمگە يېقىشلىق گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ئۇ سىكارلېتنى خۇشال، ئەمما سەل قورۇنغاندەك كەيپىياتتا قارشى ئالدى ھەم ئۇنىڭ مايسارەڭ كۆڭلىكىنى چىرايلىق ئىكەن دەپ ماختىدى. سىكارلېت بۇ ھالەتتىن بەكمۇ خىجىل بولدى، چىرايىغا يالغان ئەدەپ تۇسىنى بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى، چۈنكى پۈتۈن خىيالى ئاشلېي بىلەن تەنھا سۆزلىشىشتە قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاشلېي مېھمانلاردىن نېرى كېتىپ، مېلانىيە بىلەن سىرلىق سۆھبەتنى باشلىۋەتتى. ئۇ مېلانىيەگە بوش گەپ قىلاتتى، ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرەيتتى، سىكارلېت ئۇنىڭ مۇشۇ كۈلكىسىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى. سىكارلېتقا ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى، شۇ كۈلكىسىگە جاۋابەن مېلانىيەنىڭ كۆزلىرىدە ئويناپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل چاقناق نۇر ئىدى، شۇ سىياقى بىلەن ئۇنىڭ گۈزەل قىز ئىكەنلىكىگە سىكارلېتنىڭ ئۆزىمۇ قايىل بولدى. مېلانىيە ئاشلېيغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئادەتتىكىدەك كۆرۈنىدىغان چىرايى خۇددى يۈرىكىدە لاۋۇلداپ تۇرغان ۋۇلقان يۈزىگە تېپىپ چىقىۋاتقاندەك ئاجايىپ نۇرلىنىپ كېتەتتى، كۆيۈپ تۇرغان ئاشۇنداق بىر يۈرەك بولمىسا چىرايىغا ئۇنداق نۇرنىڭ تېپىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. مېلانىيەنىڭ يۈرىكى ئەنە شۇنداق بىر يۈرەك ئىدى.

سىكارلېت نەزىرىنى ئۇلاردىن يۆتكەپ ئۇلارغا قارىماسلىقنى نەچچە قېتىم ئويلىدى، لېكىن قىلالمىدى. ئەمما، ھەربىر قارىغاندا، ئەتراپىدىكى چەۋەندازلاردىن ھەسسىلەپ خۇشاللىق قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلەتتى، ئۇلارغا قىزىق - قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇلارنىمۇ كۈلدۈرەتتى، ئۇلارنىڭ

خۇشامەتلىرىگە بېشىنى قاتتىق چايقاش بىلەن جاۋاب بېرەتتى، قولاقلىرىدىكى ھالقىلىرىمۇ بېشى بىلەن تەڭ چايقىلىپ كېتەتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم «قۇرۇق گەپ» دەپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ مەڭگۇ ئۇلار تەرەپتە ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، ئاشلېي شۇنداق چاغلاردىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويمىدى. ئۇ مېلانىيەگە توختىماي گەپ قىلاتتى. مېلانىيەمۇ ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇپ گېپىنى ئاڭلايتتى، چىرايىدىكى ئىپادىدىن ئۆزىنىڭ ئاشلېيغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

بۇنىڭ بىلەن سىكارلېت تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئەمما، سىرتتىن قارىغان ئادەمگە ئۇ ھەرگىز ئۇنداق كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە مۇشۇ سورۇندىكى ئەڭ گۈزەل قىز ۋە بۇ سورۇننىڭ دىققەت مەركىزى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئەرلەرنىڭ ئىچىدە قوزغاۋاتقان تەلۋە قىزغىنلىقى ۋە باشقا قىزلاردا ئۆزىگە قارىتا قوزغىلىۋاتقان كۈنداشلىق ئوتلىرى دەل ئۇنىڭ كۆتكىنىدەك بولۇۋاتاتتى.

چارلېس خامىلتون ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قالغان بولغاچقا، ئوڭ تەرىپىدە مىختەك تۇراتتى، قوشكېزەكلەر ئۇنى ئۇ يەردىن قوزغايمىز دەپمۇ قوزغىيالمىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا سىكارلېتنىڭ يەلپۈگۈچى، يەنە بىر قولىدا بىر چىشلەممۇ يېيىلمىگەن گۆش بار تەخسە بار ئىدى. ئۇ جاھىللىق بىلەن خونپىگە بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى، بۇ ئىش ئەلەم قىلغان خونپى ئازابلىنىپ يىغلىۋەتكىلى تاس قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان كادې پات ـ پات خونپىنىڭ پېشىنى تارتىپ، ئۇنىڭ ئۇ تەرەپكە بولغان دىققىتىنى قوزغاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۆزى بولسا ستۇئارتقا ئۆلگۈدەك ئاچچىقى كېلىپ ھومىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قوشكېزەكلەرگە بولغان غەزىپى چېكىگە يەتكەنىدى، بۇنى

پات ـ پات گەپ ـ سۆزلەردە ئىپادىلەپ تۇراتتى. فىرانك كىنىبدى خۇددى چۈجىلەرنى كەينىگە سېلىۋالغان مېكىيانىدەك، زىياپەت ئۇستىلى بىلەن سىكارلېت ئولتۇرغان يەرنىڭ ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ، ئۇ يەردىكى ئۇن نەچچە چاكار يېتىشمەيۋاتقاندەك، سىكارلېتقا نەرسە تۇشۇپ ئاۋارە ئىدى. ئاخىر سۇئېللىبىنمۇ چىدىماي، ئېسىلزادىلەرچە سەۋرچان بولۇش چېكىدىن ئېشىپ، سىكارلېتقا غەزەپ بىلەن ھومىيىشقا باشلىدى، كاررىنمۇ يىغلىۋېتەيلا دەپ ئولتۇراتتى. سىكارلېت بىرىنتقا بىرنەچچە قېتىم ئېيتقان بولسىمۇ، بىرىنت كاررىننى «ياخشى سىڭلىم» دەپ ھەم ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپلا، سىكارلېتقا خۇشامەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە پايپېتەك بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى. ئادەتتە ئۇ كاررىنغا ناھايىتى قىزغىن ۋە تەبىئىي ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغاچقا، كاررىن ئۆزىنى چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، بىر كۈنلەردە ئۇنى رەسمىي سۆيگىنى قاتارىدا كۆتۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىكارلېت ئۇنى ئاللىبۇرۇن قولغا چۈشۈرۈپ بوپتۇ. مۇنرو ئائىلىسىنىڭ قىزلىرىغا كەلسەك، ئۇلار فونتائىن ئائىلىسىنىڭ بىرنەچچە قارا قۇمچاق ئوغۇللىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلىپ بولۇشتى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار غەزەپلىرىنى ئىچىدە بىلىشتى. ئەمما، تونى بىلەن ئالېكىس چەمبەرنىڭ سىرتىدا، كىمكى چەمبەر ئىچىدىن يېنىپ چىقسا، شۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ شۇ قىياپەتلىرى قىزلارنىڭ تېخىمۇ زەردىسىنى قايناتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىكارلېتقا بولغان نەپرەتلىرىنى قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈش بىلەن ھېتتى تارلېتونغا يەتكۈزۈۋاتاتتى. سىكارلېت ئۈچۈن «تېز» بولۇش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئۈچ قىز كۆنلۈكلىرىنى ئېلىشىپ، قورسىقىمىز توق، رەھمەت، دېيىشىپ، يانلىرىدىكى ئۈچ يىگىتنىڭ بىلەكلىرىگە قوللىرىنى ئۆتكۈزۈشتى ـ دە، قىزىلگۈللۈك باغقا

كىرىپ بولاقلار بىلەن يازلىق داچىنى كۆرۈپ چىقىمىز، دەپ مېڭىشتى. بۇ خىل تاكتىكىلىق چېكىنىش شۇ مەيداندا تۇرغان ئايال كىشىگە تەسىر قىلماي قالمايدۇ، ئەرلەر بولسا بۇنىڭدىن ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ.

سكارلېت ئۈچ يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ چەمبەر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپ، قىزلارنىڭ كەينىدىن كىچىككىدىن تارتىپ تولا كۆرۈپ كەتكەن ئۇ يەرلەرنى كۆرۈپ كېلىشكە ماڭغانلىقىغا كۈلگۈسى كەلدى ھەم كۈلۈپمۇ كەتتى. ئارقىدىنلا بۇ ئىشلارنى كۆردىمۇ، يوق، بىلگۈسى كېلىپ ئاشلېيغا ئاچچىقى بىلەن قارىدى. ئاشلېي مېلانىيەنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بەل لېنتىسىنى ئوينىغاچ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ سكارلېتنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك بولدى، ھەتتا يۈگۈرۈپ بېرىپ مېلانىيەنىڭ ئاق يۈزىنى قان چىققۇچە مورلىغۇسى، مەڭزىنى چىمداپ ـ چىمدىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئۇ نەزىرىنى مېلانىيەدىن ئۈزگەندە، رېت باتلېرنى كۆرۈپ قالدى. باتلېر باياتىندىن بېرى ھارغۇچە يەپ ـ ئىچىپ، ئەمدى جون ۋىلكېس بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، كۆزلىرى سكارلېتتا ئىدى، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالسىلا كۈلۈپ كېتەتتى. سكارلېت ئۇنى كۆرۈپ بىئارام بولۇشقا، مېنىڭ بۇ تەلۋە قىلىقلىرىمنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى پەقەت مۇشۇ ئادەملا بىلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاشقا باشلىدى. شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى. شۇنداق ئىكەن، سكارلېتمۇ نېمىشقا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ھۇزۇرلانمايدۇ.

«چۈشتىن كېيىنگىچە چىداپ تۇرسام، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — قىزلارنىڭ ھەممىسى كەچلىك تانسىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن چۈشتە ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىشكەندە، پەستە ئاشلېي بىلەن چوقۇم يالغۇز كۆرۈشەلەيمەن. ئۇ مېنى باشقىلارنىڭ قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ بولدى، — ئارقىدىن

ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، باشقا بىر پەرەزلەردە بولدى، — ئەلۋەتتە، ئۇ مېلانىيەنى ئوبدان كۆتۈشى كېرەك، نېمىلا دېگەنبىلەن بىر نەۋرە سىڭلىسى ـ دە. ئۇنداق قىلمىسا، ئۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق «تام گۈللىرى»دىن [1] بولۇپ قالامدۇ.»

شۇ خىيال بىلەن ئۇ باشقىدىن غەيرەتكە كېلىپ، چارلېسقا تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. چارلېس ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئۈزەلمەي قالدى. چارلېس ئۇچۇن بۇگۈن ئامەتلىك كۈن ئىدى، چۈشىدە كۆرۈۋاتقاندەك ئىشلار بولۇۋاتاتتى، قىلچە كۈچىمەيلا سكارلېتقا مۇھەببىتىنى ئىپادىلەۋاتاتتى. بۇ يېڭى ھېسسىياتنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭ خونېينىڭ كۆڭلىدىكى ئوبرازى بارغانسېرى سۇسلاپ كۆرۈنمەي قېلىۋاتاتتى. خونېي چىرقىراق قۇشقاچ، سكارلېت بولسا ئالتۇن قۇش ئىدى، ئۇنى كۈلدۈرەلەيتتى، سۆيەلەيتتى، ئۇنىڭغا مەسلە قويالايتتى، يەنە ئۇنىڭغا ئۆزى جاۋاب بېرەلەيتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمىسىمۇ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەقىللىك سانىلىۋېرەتتى. باشقا يىگىتلەر چارلېسقا قىلىنغان قىزغىن مۇئامىلىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى ھەم گاڭگىراپ قالاتتى. چۈنكى، چارلېس دېگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالمايدىغان، گېپىنىڭ تايىنى يوق، قىزىرىپلا تۇرىدىغان بىر نېمە ـ دە. ئاخىر ئۇلار ئەدەپ يۈزىسىدىنلا غەزەپلىرىنى بېسىپ گەپ قىلالمايتتى، بۇ سكارلېت ئۈچۈن ئاجايىپ چوڭ غەلىبە ئىدى، لېكىن بۇ چارىسى ئاشلىپىغا ئۆتمەيۋاتاتتى.

چوشقا، توخۇ، قوي گۆشلىرىنىڭ ھەممىسى يېيىلىپ بولدى. سكارلېتقا ئەمدى پەيت كەلگەنىدى، ئىندىيا قىزلارنى، يۇرۇڭلار، قىزلار، كىرىپ بىر دەم ئارام ئالايلى، دەيدۇ چوقۇم. سائەت ئىككى بولدى، ھاۋامۇ خېلى ئىسسىق ئىدى. لېكىن،

---

① تانسىلاردا جۈپتى يوق ئولتۇرۇپ قالىدىغان قىزلارنى دېمەكچى.

ئىندىيا ئۈچ كۈندىن بېرى تەييارلىقنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا يۈرۈپ چارچاپ قالغاچقىمۇ، بىر توپ دەرەخنىڭ سايىسىدا قايىتىۋېلىدىن كەلگەن گاس بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.
ھەممە ئادەمنى ئۈيقۇ بېسىشقا باشلىدى. نېگىر قۇللار ئۇستەللەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى، پاراڭلارمۇ بېسىلغىلى تۇردى. ھەممەيلەن ئۆي ئىگىسىنىڭ چۈشتىن بۇرۇنقى باراۋەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىشىنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ياتما ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقان مېھمانلار ھاۋانىڭ ئىسسىقى ھەم تاماقنى جىق يەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن مۈگدەپ قېلىشىۋاتاتتى.
كەچلىك زىياپەت بىلەن چۈشلۈك باراۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق بوش ۋاقىت بار بولۇپ، كىشىلەر شۇ ۋاقىتتا ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ياش يىگىتلەرنىڭ روھى ئۇرغۇپ تۇرغاچقا جىم تۇرغۇسى كەلمەيتتى، باياتىندىن بېرى سورۇننى جانلاندۇرۇپ تۇرغىنىمۇ ئاشۇلارنىڭ روھى ئىدى. ئۇلار ئۇ توپتىن بۇ توپقا توختىماي بېرىپ تۇراتتى، پاراڭلىشاتتى، چىرايلىرى نەسلى ساپ ئاتلاردەك چىرايلىق ئىدى، لېكىن يەنە خەتىرىمۇ بار ئىدى. چۈشتە ھەممە ئادەم ئېزىلىپ، كەيپىياتلىرىمۇ سۇسلىشىپ قالدى، لېكىن بۇ سۇسلىششىنىڭ تېگىدە بىر خىل كۈچلۈك غەزەپ ئاملىلىرى يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يۈز بېرىشى، دەھشەتلىكتە پەللىگە چىقىشى ھەم ناھايىتى تېز كېڭىيىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ھەم شۇنداق شوخ ئىدى، ئەمما شۇ چىرايلىق سىرتقى قىياپەتلىرىنىڭ ئاستىغا ئازراق ئاچچىق غەزەپلەرمۇ يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىلا ئىتائەتمەنلىك ئىچىدە ئىدى.
بىر ئازدىن كېيىن كۈن تېخىمۇ ئىسسىدى. سىكارلېت ۋە باشقىلار ئىندىياغا قاراپ قويۇشتى. ئەتراپ جىمىپ كەتكەنىدى. شۇ ئارىلىقتا ھەممە ئادەم گېرالدنىڭ ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ زىياپەت ئۇستەللىرىنىڭ سەل نېرىسىدا

جون ۋىلكېس بىلەن بىر گەپ توغرۇلۇق دە تالاش قىلىۋاتاتتى.

— ساۋا نېمە بولدى، ھە! شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىمىز دەۋاتامسەن؟ بىز سامىتېر قەلئەسىدە ئۇ لۆكچەكلەرگە قارىتىپ ئوت ئاچتۇققۇ؟ شۇنداق ئەھۋالدا يەنە تىنچلىق دەمدۇق؟ بىزنىڭ جەنۇب ئۇنداق ھاقارەتلەرگە چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى قورال بىلەن كۆرسىتىپ قويۇشى، قوشما ئىشتاتتىن ئۇلارنىڭ رەھىم قىلىشى بىلەن ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ كۈچىمىز بىلەن ئايرىلىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك.

«ۋاي خۇدايىمەي! ئۇ يەنە مەست بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ، — ئويلىدى سكارلېت، — ئەمدى بۇ يەردە يېرىم كېچىگىچە تۇرىدىغان بوپتۇق - دە.»

بىر دەمدىنىڭ ئىچىدە، ئۇيقۇسى كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، ئېلېكتىر توكىغا ئوخشاش ئىنتايىن سەزگۈر بىر نەرسە ئەتراپقا تارالدى. ئەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىشقا، ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ۋىلكېس ئەپەندى كۆپچىلىكتىن سىياسەت ۋە ئۇرۇش توغرۇلۇق گەپ قىلىپ خانىم - قىزلارنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرماسلىقنى تەلەپ قىلغان، شۇ گەپ بويىچە چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت تىنچ ئۆتكەنىدى. ئەمدى گېرالد «سامىتېر قەلئەسى»نىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدى، ھەممە ئادەم ساھىبخانىنىڭ تەلىپىنى ئۇنتۇپ قالدى.

«چوقۇم ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش كېرەك»، «شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى ئوغرى»، «بىر ئايغا قالماي ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيمىز»، «شۇ ئەمەسمۇ، بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز ئۇلارنىڭ يىگىرمە ئادىمىگە تېتىيدۇ»، «ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقمىغۇدەك بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش كېرەك»، «لىنكولىن ئەپەندى بىز تەرەپنىڭ ۋەكىلىنى قانداق ھاقارەتلىگەن، بىلەمسىلەر؟»، «ئۇلار ئۇرۇشنى خالايدىكەن، چوقۇم ئۇلارنى

ئۇرۇشتىن مەڭگۈ بىزار بولىدىغان قىلىۋېتىش كېرەك.» ھەممە ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە گېرالدنىڭ ئاۋازى ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. لېكىن، سكارلېت ئۇلارنىڭ «ئىشتات ھوقۇقى»، «ئىشتات ھوقۇقى» دەپ توۋلىشىۋاتقانلىقىنىلا ئاڭلىدى. شۇ تۇرقىدا گېرالد كۆرەڭلەپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ قىزىدا ئۇنداق كەيپىيات يوق ئىدى.

قوشما ئىشتاتتىن ئايرىلىپ چىقىش، ئۇرۇش دېگەندەك گەپلەر ئۇزاقتىن بېرى توختىماي بولۇنۇۋاتقان گەپلەر بولغاچقا، سكارلېتنىڭ قۇلىقىغا پەقەتلا ياقمايتتى. ھازىر بۇ گەپلەرگە تېخىمۇ ئۆچ بولدى، چۈنكى ئەرلەر بىرنەچچە سائەتكىچە بۇ يەردىن كەتمەي شۇ توغرۇلۇقلا تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئاشلىپى بىلەن تەنها كۆرۈشۈشكە تەسىر قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇش بولمايتتى، بۇنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلەتتى، ئەمما ئۇلار شۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى.

چارلىس خاملتون باشقىلارنى دوراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىدى، سكارلېتنىڭ ئەتراپىدا ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، يېڭىدىن بىخ ئۇرۇۋاتقان مۇھەببەتنىڭ كۈچى بىلەن تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ سكارلېتقا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى.

— ئوخارا خانقىز ... مەن ... مەن ... ئۇرۇش پارتلاپ قالسا جەنۇبىي كارولىناغا بېرىپ، شۇ يەردىكى ئارمىيەگە قاتنىشىش قارارىغا كەلدىم. ۋاد خامپتون ئەپەندى ئۇ يەردە ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇشنى خالايمەن. ئۇ ياخشى ئادەم ھەم دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى.

«ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — ئويلىدى سكارلېت، — ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيمۇ؟» چارلىس شۇ گەپ ئارقىلىق ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى سىرىنى ئۇقتۇرۇۋاتاتتى. سكارلېت مۇۋاپىق گەپ تاپالماي، ئۇنىڭغا بىردەم جىمجىت قاراپ تۇردى. ئەرلەر نېمىدېگەن دۆت! ئۇلار ئاياللارنى ئۇ ئىشلىرىغا قىزىقىدۇ، دەپ

ئويلىسا كېرەك. چارلېس ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى ئۆزىنىڭ قارارىدىن چۆچۈش ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇش دەپ بىلىپ، تېخىمۇ يۇرەكلىك هالدا يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— مەن كېتىپ قالسام، سىز ... سىز بىئارام بولامسىز، ئوخارا خانقىز؟

— هەر كۈنى كېچىسى ئۇخلىماي يىغلاپ چىقىمەن، — سكارلېت بۇ گەپنى چاقچاق تەلەپپۇزىدا ئېيتقانىدى، چارلېس ئۇنى شۇ گەپ بويىچە چۈشىنىۋېلىپ، خۇشاللىقىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويدى. سكارلېتنىڭ بىر قولى كۆڭلىكىنىڭ قاتلىقى ئىچىدە ئىدى، چارلېس بىر قولىنى ئاستا سوزۇپ ئۇنىڭ قولىغا تەگكۈزدى، كېيىن چىڭگىدە تۇتتۇۋالدى. بۇ جاسارەتنىڭ ئۆزىگە نەدىن كەلگەنلىكىنى، سكارلېتنىڭ قانداق بولۇپ ئۆزىگە يول قويۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي، ئۇنىڭغىمۇ قاتتىق هەيران قالدى.

— سىز ماڭا ئىبادىتىڭىزدە دۇئا قىلىپ تۇرامسىز؟

«قاراڭلار بۇ دۆتنى !» سكارلېت ئىچىدە شۇنداق ئويلاپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ ئەتراپىغا قارىدى.

— شۇنداق قىلامسىز؟

— هەئە ... شۇنداق قىلىمەن، راست خاملىتون ئەپەندى، هەر كۈنى كەچلىك ئىبادىتىمدە دۇئا قىلىپ تۇرىمەن.

چارلېس ئىتتىك ئەتراپىغا قاراپ قويدى، هاياجاندىن دەم ئالالماي قېلىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئىككىسى يالغۇز بولۇپ، بۇنداق پۇرسەت ئاسان تېپىلمايتتى، تېپىلغان تەقدىردىمۇ هازىرقىدەك بۇنداق غەيرەتكە كېلىشى ناتايىن ئىدى.

— ئوخارا خانقىز ... سىزگە بىر گېپىم بار. مەن ... مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

— نېمە؟ — سكارلېتنىڭ كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس بولۇپ، هەدەپ ئاشلىپي بىلەن مېلانىيە ئولتۇرغان يەرگە بويۇنداپ قاراۋاتاتتى.

— راست دەۋاتىمەن ! — دېدى چارلېس بوش ئاۋازدا. ئۇ

سكارلېتنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆلۈپ ياكى تۇۋلاپ كەتمىگىنىگە، ھەتتا ھوشىدىن كەتمىگىنىگە ئىنتايىن خۇرسەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلىشىچە، ياش قىزلار مۇشۇنداق چاغدا چوقۇم شۇنداق قىلاتتى، — مەن سىزنى سۆيىمەن. سىز دۇنيا بويىچە ئەڭ، ئەڭ ... — ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھودۇقماي ئۆز تىلىدا راۋان سۆزلەۋاتاتتى، — مەن تونۇيدىغان قىزلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئوماق، ئەڭ يېقىملىق قىز. سىز ھەم يۈكسەك سۈلكەتكە ئىگە، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن سۆيىمەن. مەن سىزنى مېنىمۇ مەن سۆيگەندەك سۆي، دېمەيمەن. ئەمما، سۆيۈملۈك ئوخارا خانقىز، سىز ماڭا ئازراق ئىلھام بەرسىڭىز، مەن دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىشنى قىلىپ بولسىمۇ سىزنى مېنى ياخشى كۆرىدىغان قىلالايمەن. مەن يەنە ...

چارلېس توختاپ قالدى. سكارلېتقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان تېخىمۇ ياخشى بىر گەپ تاپالماي، ئاخىر ئاددىيلا قىلىپ: «مەن سىز بىلەن توي قىلاي دەيمەن» دېدى.

سكارلېت «توي» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، خىيال دۇنياسىدىن شۇئان رېئاللىققا قايتىپ كەلدى. ئۇمۇ باياتىندىن بېرى توينى ئويلىغان، ئەمما چارلېس بىلەن ئەمەس ئاشلېي بىلەن. ئەمدى ئۇ يوشۇرۇپ بولماس ئاچچىق ئەلەم بىلەن چارلېسقا تىكىلدى. بۈگۈنكىدەك غەم - قايغۇ بىلەن ساراڭ بولۇپ قالاي دەۋاتقان چاغدا بۇ كالۋا موزاي نېمىدەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە تاڭىدۇ؟ سكارلېت ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل بالىلارنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىگە خاس گۈزەللىكىنى، ئاللىبۇرۇن ئەمەلگە ئاشقان غايىسىگە بولغان ئېتىقادنى ياكى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چوغدەك كۆيدۈرۈۋاتقان تەلۋىلەرچە خۇشاللىق ۋە سەممىمىي ھېسسىياتنى كۆرمىدى. سكارلېت ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە نەچچە باراۋەر ئۈستۈن ھېسسىياتتا بولغان يىگىتلەرنى كۆرگەن، ئۇلار ئۇنىڭدىن چېۋەر

ئىدى، بۈگۈنكىدەك مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە غەم قىلىپ
ئولتۇرغان چاغلاردا ھەرگىز بۇنداق تەلەپلەرنى قويمايتى. شۇ
تۇرقىدا ئۇنىڭ چارلىسقا، ئەجەبمۇ ئەخمەق ئىكەنسىز، دېگۈسى
كەلدى. بىراق، ئاپىسىنىڭ مۇشۇنداق چاغلاردا قانداق گەپلەرنى
قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تەلىملىرى ئېسىگە كېلىپ،
ئۇزاقتىن بېرى ئادەتلەنگەن ئادىتى بويىچە جىمجىت يەرگە
قاراپ، پەس ئاھاڭدا:

— خامىلتون ئەپەندى، مەن سىزنىڭ نېمە دېمەكچى
ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم، سىز مېنى ماڭا خوتۇن بول دېمەكچى،
بۇ گېپىڭىز مېنى خۇشال قىلدى، بىراق بۇ گەپ تۇيۇقسىز
ئېيتىلغاچقا، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

بۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بېرىلگەن جاۋاب بولۇپ ھەم
ئەرلەرنى خورلۇق ھېس قىلدۇرمايتتى، ھەم ئۇلارغا تاشلىغان
يەمچۈكنى تارتىۋەتمەيتتى. شۇڭا چارلىس ناھايىتى خۇشال ھالدا
ئۆزۈپ كېلىپ، يېڭى ھەم تۇنجى قېتىم مەن ئېغىز
تېگىۋاتىمەن، دېگەن بۇ يەمچۈككە ئۆزىنى ئۇردى.

— مەن سىزنى مەڭگۈ كۈتىمەن. سىز بىر قارارغا
كەلمىگۈچە سىزنى ھەرگىز مەجبۇرلىمايمەن، ئوخارا خانقىز.
ئېيتىڭا، مەن شۇ ئۈمىد بىلەن يۈرسەم بولامدۇ؟

سىكارلېت ئۇنىڭ نېمە داۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماي «ھەئە!»
دەپ قويدى، كۆزلىرى يەنىلا ئاشلىپىدا ئىدى. ئاشلىپى ئۆرۈش
توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرگە قاتناشماي، مېلانىيەگە قاراپ كۈلۈپ
ئولتۇراتتى. ئەگەر چارلىس دېگەن بۇ رودۇپاي بولمىغان بولسا،
ئۇ ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ بولاتتى. ئۇ
چوقۇم ئاڭلىشى، بولۇپمۇ مېلانىيە قانداق گەپلەرنى قىلغاندا
ئاشلىپىنىڭ ئۇنىڭغا سۆيۈنۈپ قاراپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىشى
كېرەك ئىدى.

چارلىسنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاش
ئۈچۈن يىغىۋاتقان دىققىتىنى يەنە چېچىۋەتتى.

ــ بولدى، جىم تۇرۇڭچۇ، ــ دېدى ئۇ چارلېسقا قاراپمۇ قويماي بوش ئاۋازدا ۋە ئۇنىڭ قولىنى يېنىك چىمداپ قويدى.

چارلېس چۆچۈپ، باشتا سىكارلېتنىڭ ئۆزىنى جىمىلىشىدىن ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتتى، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سىڭلىسىغا قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. سىكارلېت چارلېسنىڭ گەپلىرىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقاتتى، شۇ خىيال كاللىسىغا كېلىپ قالسا خىجىل بولۇپ نومۇس قىلىپ كېتەتتى، چارلېس بولسا باشقا خىياللاردا ئىدى. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم قىزلارنى يەرگە قارىۋالغۇدەك دەرىجىدە خىجىل قىلىۋالغىنىدىن خۇشاللىنىپ، ئۆزىدە ئىلگىرى پەقەتلا بولۇپ باقمىغان ئەرلىك كۈچ ـ قۇدرەت سەزگەندەك بولدى، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ تاتلىق بىر سېزىم ھېس قىلدى، ئۇنىڭ ئۇ چىمدىشىنى پەقەتلا كۆڭلىگە ئالمىغاندەك تۇردى ۋە شۇئانلا ئۇنىڭغا جاۋابەن سىكارلېتنىڭ قولىنى چىمداپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

سىكارلېت ئۇنىڭ چىمدىشىنى سەزمىدى، چۈنكى مېلانىيەنىڭ ئاشلېينى مەپتۇن قىلىۋالغان سۆزلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. «مەن سىزنىڭ تاككېراي ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قاراشلىرىڭىزغا قوشۇلالماسلىقىم مۇمكىن. ئۇ دۇنيانىڭ پىتنىلىرىدىن تويغان ئادەم، دىككېنىسكە ئوخشاش تۆرىلەردىن ئەمەس.»

ئەر كىشىگە بۇنداق گەپلەرنى سۆزلەش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ سىكارلېت شۇنداق ئويلاپ، ئۆزىنى سەل يەڭگىل سەزگەندەك بولۇپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ بىر كىتابباز قىز ئىكەنغۇ. ئەرلەرنىڭ ئۇنداق كىتابباز قىزلارغا قانداق قارايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ... ئەرلەرنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى سۆھبەتنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش، ئاندىن ئاستا ـ

ئاستا گەپنى ئۆزىگە يۆتكەپ ئۆزىدە توختىتىۋىلىش. ئەگەر مىلانىيە: «ئاجايىپ جۇمۇ سىز !»، «بۇ ئىشلار قانداق بولۇپ خىيالىڭىزغا كەلگەندۇ؟ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام بېشىم يېرىلىپ كېتەتتى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا سىكارلېت قورقسا بولاتتى. ئەمدى سىكارلېتنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتتى، كۆڭۈل ئازادىلىكى ئۇنى چارلېسقا قاراشقا ئۈندىدى، پىسىڭىدە كۈلۈپمۇ قويدى. چارلېس بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ پاكىتى دەپ بىلىپ، قىن - قېنىغا پاتماي كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ يەلپۈگۈچىنى ئېلىپ ئۇنى يەلپۈپ، چاچلىرىنى چۇۋۇۋەتتى.

— ئاشلېي، سەن ھازىرغىچە بىزنى قوللاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىڭ، — دېدى جېم تارلېتون توپ ئىچىدىن ئاشلېيغا قايرىلىپ قاراپ. ئاشلېي كەچۈرۈم سورىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا ئوخشاش چىرايلىق ئادەم دۇنيادا تېپىلماس. سىكارلېت ئۇنىڭ تەمكىن قىياپىتىنىڭ چىرايلىقلىقىغا، ئالتۇن رەڭ چاچلىرى بىلەن چېكە ساقاللىرىنىڭ كۈننىڭ نۇرىدا يالتىراپ تۇرۇشلىرىغا قاراپ، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن يېشى چوڭلارمۇ جىمجىت تۇرۇپ ئاشلېينىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى.

— ئەپەندىلەر، ئەگەر جورجىيە ئۇرۇش قىلىدىغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلىمەن. بولمىسا مەن قوشۇنغا نېمە ئۈچۈن قاتناشتىم؟ — ئاشلېينىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان، ئادەتتە ئازراق ئۇيقۇسىراپ تۇرىدىغان كۆزلەر ئەمدى يوق. سىكارلېتقا ئۇ خىل ھالەت پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆتكۈر جاسارەت ئىگىلىگەندەك بىلىندى، — ئەمما مەن، ياراتقان ئىگىمىزگە ئوخشاش، شىماللىقلارنىڭ بىزگە خاتىرجەملىك بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بولسا ئۇرۇش بولمىسۇن ... — شۇ ئارىدا فونتائىن بىلەن تارلېتون ئائىلىسىنىڭ باللىرى تۇرغان يەردىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئاشلېي كۈلۈپ تۇرۇپ،

قولىنى كۆتۈرۈپ يەنە دېدى، — شۇنداق، شۇنداق، مەن ئۆزىمىزنىڭ ھاقارەتكە ئۇچراۋاتقانلىقىمىزنى، ئالدىنىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىمەن. ئەمما، بىز شىماللىقلارنىڭ ئورنىدا بولساق، ئۇلار بىزدىن ئايرىلىمەن دېسە، ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلاتتۇق؟ بىزمۇ ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتۇق.

«ئۇنىڭ كونا ئادىتى يەنە باشلاندى، — ئويلىدى سكارلېت، — دائىم باشقىلارنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ.» سكارلېتنىڭ خىيالىچە، ھەرقانداق مۇنازىرىدە بىر تەرەپنىڭ توغرا بولاتتى. ھەي، بەزىدە ئاشلېينى چۈشىنىپ بولمايدۇ - دە.

— كاللىمىز قىزىپ كەتمىسۇن، يەنىلا ئۇرۇش قىلمىغىنىمىز ياخشى. دۇنيادىكى كۆلپەتلەرنىڭ كۆپىنى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ.

سكارلېت ئاڭلاپ، ھېلىمۇ ياخشى ئاشلېي باتۇر يىگىت، بۇ نۇقتىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. بولمىسا مۇشۇ گېپى بىلەن ئۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىككە قالاتتى، دەپ ئويلاپ تۇراتتى، توپ ئىچىدىن قاتتىق نارازىلىق ۋە غەزەپلىك تاۋۇشلار كۆتۈرۈلدى.

شىپاڭدا ئولتۇرغان گاس بوۋايمۇ ھاياجانلىنىپ، ئىندىيادىن:

— بۇ نېمە ئىش؟ ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇرۇش توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىدۇ! — ئىندىيا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۈنلۈك دېدى.

— ئۇرۇش توغرۇلۇق؟ شۇنداقمۇ؟ — ئۇ ئىتتىك ھاسىسىنى ئىزدەپ، ئۆز ۋاقتىدىكى باتۇرلۇقى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، — مەن ئۇلارغا ئۇرۇشنىڭ قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي. مانا مەن ئۇرۇشنى كۆرگەن، — ئەسلىدە ئۇ ئۇرۇش توغرۇلۇق ئاياللار خالىمايدىغان شەكىلدە ناھايىتى ئاز سۆزلەيتتى.

ئۇ ئالدىراپ مۇنارىرىلىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى، خەقلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايلا، ھەممە گەپنى تارتىۋالدى.
— ئۆپكىسى يوق يىگىتلەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ئالدىراپ ئورۇش قىلىمىز دېمەڭلار. مانا مەن سېمىنول ئورۇشىغا قاتناشقان، كېيىن يەنە ئەخمەق بولۇپ مېكسىكا ئورۇشىغا قاتناشتىم. ھەممىڭلار ئورۇشنىڭ قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، چىرايلىق ئاتقا مىنسەم، قىزلار مېنى قوتلۇقلاپ يولۇمغا گۈللەر چاچسا، ئاندىن غەلىبە بىلەن قايتسام، دەپ ئويلامسىلەر؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئاچ قالىسىلەر، نەم يەرلەردە يېتىپ بەدىنىڭلارنى قوتۇر بېسىپ كېتىدۇ، ئۆپكە كېسەللى بولىسىلەر، ئىچىڭلار سۇرۇپ كۆرمىگەننى كۆرىسىلەر. ئورۇش سىلەرگە ئەنە شۇلارنى بېرىدۇ...
ئاياللار ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كېتىشتى. ماكراي ئەپەندى كىشىلەرگە ئاشۇ مۇدھىش دەۋرلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىۋاتاتتى، چۈنكى ئادەملەرنىڭ ئۇ دەۋرلەرنى پەقەتلا ئەسلىگۈسى كەلمەيتتى.
— بېرىپ بوۋاڭنى ياندۇرۇپ كەلگىن، — دېدى ماكراي ئەپەندىنىڭ قىزى ئۆزىنىڭ قىزىغا. ئاندىن ئەتراپىدىكى خانىملاردىن ئەپۇ سورىغاندەك گەپ قىلدى، — دادام كۈندىن - كۈنگە بولماي قېلىۋاتىدۇ. دېسەم ئىشەنمەيسىلەر، بۈگۈن ئەتىگەن مارىغا ... ئۇ بۇ يىل ئون ئالتىگە كىردى ... كېلىڭا، قىزىم ... — ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كېتىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئۇققىلى بولمىدى. شۇڭا، ئارىلىقتا نەۋرىسى بوۋاينى ئۇ يەردىن ياندۇرۇپ كەلدى.
ھەممە ئادەم دەرەخ سايىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى، قىزلار خۇشال كۈلۈشمەكتە، ئەرلەر ئورۇش توغرۇلۇق قىزغىن مۇنازىرىلەرنى قىلىشماقتا، پەقەت بىرلا ئادەم جىمجىت، ئۇ رېت باتلېر ئىدى. ئىككى قولى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدا، دەرەخكە

يۆلىنىپ تۇراتتى، كۆپچىلىك ئۇرۇش توغرۇلۇق قىزىشىپ سۆزلەۋاتسىمۇ، ئۇ بىر ئېغىز گەپ قوشمىدى. قىسقا قىلىپ ياسىتىۋالغان بۇرۇتى ئاستىدىكى قىپقىزىل لەۋلىرى ئازراق پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى، بىر جۈپ قارا كۆزلىرىدە كىچىك باللارنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرىغا پىسەنت قىلمىغاندەك بىر خىل كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان كۈلكىغۇ بۇ، ئويلىدى سىكارلېت. باتلېر تاكى ستۇئارت تارلېتون گەپ قىلغۇچە بىر قېلىپتا جىمجىت تۇردى. ستۇئارتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاندىن گەپكە ئارىلاشتى. ستۇئارت شۇنداق دېدى:

— بىز بىر ئايغا قالماي ئۇلارنى يوقىتىمىز. ئاقسۆڭەكلەر ھەرقاچان قاراقچىلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، بىر ئاي ... بىر ئۇرۇش بىلەن ...

— ئەپەندىلەر، — دېدى رېت باتلېر شۇندىلا گەپكە ئارىلىشىپ. ئاۋازى ئاستا، بىر خىل ئىدى، ئىككى قولى يەنىلا ئىككى يانچۇقىدا، دەرەخكە يۆلىنىپ تۇراتتى، — مەن بىر ئېغىز گەپ قىلسام بولامدۇ؟

ئۇنىڭ مۇئامىلىسىمۇ كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان تەكەببۇرلۇقى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئەمما يەنە ئازراق تەكەللۇپمۇ بار ئىدى.

ئادەملەر دەررۇ ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، سىرتتىن كەلگەن ئادەملەرگە تۇتىدىغان ئەدەپ بىلەن قاراپ تۇرۇشتى.

— ئەپەندىلەر، ماسون ـ دىكسون لىنىيەسىنىڭ جەنۇبىدا بىرمۇ زەمبىرەك زاۋۇتىنىڭ يوقلۇقىغا دىققەت قىلغانسىلەرمۇ؟ يەنە جەنۇبتا چويۇن زاۋۇتلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئويلىدىڭلارمۇ؟ ياغاچ زاۋۇتلىرى، توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى، خۇرۇم زاۋۇتلىرىچۇ؟ سىلەر يەنە بىزنىڭ بىرمۇ ھەربىي كېمىمىزنىڭ يوقلۇقىنى، شىماللىقلار بىزنىڭ پورتلىرىمىزنى بىر ھەپتە ئىچىدىلا قامال قىلىپ، پاختىلىرىمىزنى چەت ئەلگە

چىقىرىش يوللىرىنى ئۆزۈپ تاشلايدىغانلىقىنى ئويلىدىڭلارمۇ؟ مەن ئويلايمەنكى، ھەرقايسىڭلار بۇلارنى چوقۇم ئويلىغان.

«بۇ ئادەم بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزنى دۆت چاغلامدۇ نېمە؟» ئويلىدى سىكارلېت ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ تۇرۇپ. ئۇ ئاچچىقى كېلىپ قىزىرىپمۇ كەتتى.

ئېنىقكى، شۇنداق ئويغا كېلىپ قالغىنى يالغۇز سىكارلېتلا ئەمەس ئىدى، بىرنەچچە يىگىت ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولمىغاندەك غادىيىپ تۇرۇشاتتى. شۇ ئارىلىقتا جون ۋىلكېس خۇددى، بۇ مېنىڭ مېھمىنىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە خانىم ـ قىزلار بار، دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك، ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي باتلېرنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى.

— بىز كۆپچىلىك جەنۇبلۇقلارنىڭ بىر ئاجىزلىقىمىز، سىرت جايلارغا كۆپ بارمايمىز، ساياھەت قىلىپ ئۇ تەرەپلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى كۆرمەيمىز. بارغانلار باردى، لېكىن نېمە ھاسىل قىلىپ كەلدى؟ ياۋروپا، نيۇيورك، فىلادېلفىيە دېگەن يەرلەرگە بارغانلار بار. ئەلۋەتتە، خانىملار ساراتوگاغا بارغان (ئۇ شىپاڭدا ئولتۇرۇشقان خانىملارغا قاراپ ئازراق ئېگىلىپ قويدى). سىلەر ئۇ يەرلەردە مېھمانخانىلارنى، مۇزېيلارنى، تانسىخانا ۋە قىمارخانىلارنى كۆردۈڭلار. ئاندىن يەنە قايتىپ كېلىپ، دۇنيادا ھېچقانداق يەر بىزنىڭ جەنۇبقا يەتمەيدىكەن، دېگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، چارلېستوندا تۇغۇلدۇم، ئەمما يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا شىمالدا كۆپرەك تۇردۇم، — ئۇ خۇددى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن چارلېستوندا تۇرمايدىغانلىقىنى بىلمىدىغانلىقىدىن خەۋىرى باردەك چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويدى، — مەن سىلەر كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم. قورسىقىغا يەيدىغان ئازراق تاماق ۋە بىرنەچچە دوللار ئۈچۈن شىماللىقلارغا سېتىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان مىڭلىغان چەت ئەللىك كۆچمەنلەر، چويۇن زاۋۇتلىرى، كېمە زاۋۇتلىرى، تۆمۈر كانلىرىنىڭ ھېچقايسىسى

بىزدە يوق. بىزدە بارى پەقەت پاختا، قۇللار ۋە تەكەببۇرلۇق. شۇڭا، ئۇلار بىزنى بىر ئايغا قالمايلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەلەيدۇ.

پۇتۇن سورۇن بىردىنلا جىمىپ جىمجىت بىر تۇسكە كىرىپ قالدى. رېت باتلېر چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن پاكىز، چىرايلىق قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، كىيىملىرىنى بوش سۈرتۇپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا توپ ئىچىدىن باشقىچىرەك پىچىرلىشىشلار ئاڭلىنىشقا، شىپاڭ تەرەپتىن بىردىنلا ئۇركۇپ كەتكەن بىر توپ ھەرىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئەنسىز ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى. سكارلېت قېنىنىڭ غەزەپ بىلەن يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. لېكىن، يەنە يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدىكى نامسىز بىر ئاڭ ئۇنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى. شۇ ئەمەسمۇ، سكارلېت جەنۇبتا نەدە زاۋۇت كۆردى ياكى بىرەر زاۋۇتنى كۆرگەن ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ باقتى؟ شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئادەم بۇنداق گەپلەرنى مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇندا قىلمىدىغان مەرتىۋىلىك ئادەملەردىن ئەمەس - دە.

ستۇئارت تارلېتون قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى، بىرېنتمۇ ئۇنىڭ كەينىدە ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ قوشكېزەكلەر ئەدەپ - ئەخلاقنى بىلىدۇ، شۇڭا ھەرقانچە ئاچچىقى كەلسىمۇ بۇگۈنكىدەك سورۇندا جېدەل چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاياللارمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش، ئۇلار خۇشال ۋە ھاياجاندا، چۈنكى بۇنداق تالاش - تارتىش بولىدىغان سورۇنلارنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما باشقىلاردىن ئاڭلىغان.

— ئەپەندى، — دېدى ستۇئارت ئاچچىقى بىلەن، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ناپولېئون ... سىز ناپولېئوننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانمۇ؟ بىر قېتىم: «خۇدا كۈچلۈك قوشۇن تەرەپتە تۇرىدۇ» دەپتىكەن، —

ئاندىن ئۇ جون ۋىلكىسقا قاراپ تەكەللۇپ ۋە سەمىمىي ئاھاڭدا دېدى، — سىز ساقلاۋاتقان كىتابلىرىڭىزنى ماڭا كۆرسەتمەكچى بولغان، ئەپەندى، ھازىرلا بېرىپ كۆرۈشۈمگە رۇخسەت قىلارسىزمۇ؟ مەن چۈشتىن كېيىن جونېسبوروغا قايتىپ كەتمەكچى، ئۇ يەردە ئازراق ئىشىم بار ئىدى.

ئۇ يەنە كۆپچىلىككە قاراپ، ئىككى پۇتىنى تاقىمدە جۈپلەپ، خۇددى ئۇسسۇلچىلارغا ئوخشاش تەزىم قىلدى. بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ تەكەببۇر قىياپىتىگە ياراشقانىدى. ئاندىن جون ۋىلكىس بىلەن ئاستا مېڭىپ نېرىغا كەتتى. ئۇنىڭ كېتىۋېتىپ كۈلگەن كۈلكىسى ئادەمنى بىزار قىلاتتى، ئۇ كۈلكە ساداسى بۇ تەرەپكە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۈستەل ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ قۇلاق پەردىلىرىگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

ئادەملەر خۇددى قورقۇپ كېتىشىۋاتقاندەك بىر دەم جىمىپ، كېيىن بىردىنلا يەنە غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتەتتى. شىپاڭدا ئولتۇرغان ئىندىيا ھارغىن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ سىتۇئارتنىڭ قېشىغا ماڭدى. سكارلېت ئۇنىڭ ئۇنىڭغا نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدى، ئەمما سىتۇئارتقا قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر خىل ۋىجدانى ئەيىبلىنىۋاتقاندەك ئىپادە چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. مېلانىيەمۇ بايا ئاشلېيغا ئاشۇنداق نەزىرىدە قاراپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئىككىسىنىڭ پەرقى سىتۇئارتنىڭ ئۇ خىل قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىدە ئىدى. شۇڭا، ئىندىيا سىتۇئارتنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدۇ دېيىشكە بولاتتى. سكارلېت بىردىنلا بۇلتۇر سىياسىي نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى بولغاندا سىتۇئارتقا ئارتۇقچە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ چاغقىچە ئىندىيا ئىككىسىنىڭ توي قىلىپ كېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ قالدى. لېكىن، بۇ خىل خىجالەتچىلىك، قىزلار سۆيگەن يىگىتلىرىنى چىڭ تۇتالماي، بۇنى مەندىن كۆرسە بولمايدۇ ـ دە، دېگەن يېڭى بىر ئوي بىلەن سكارلېتنىڭ كۆڭلىدىن تېزلا

كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.
ستۇئارت ئاخىر بېشىنى ئېگىپ ئىندىياغا قاراپ كۈلدى، ئەمما بۇ ئېچىدىن چىققان كۈلكە ئەمەس ئىدى. ئارقىدىن ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بەلكىم ئىندىيا ئۇنىڭغا باتلېر ئەپەندى بىلەن جېدەللەشمەڭ، دېگەن بولسا كېرەك. شۇ ئارىدا مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇستىبېشىنى قېقىشتۇرغىلى تۇردى، كەيپىيات يەنە جانلىنىشقا باشلىدى. خانىملار بالا باققۇچىلىرى بىلەن بالىلىرىنى توۋلاپ، ساھىبخانىلار بىلەن خوشلىشىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. توپ ــ توپ قىزلار كۈلكە ــ چاقچاقلار بىلەن چۈشلۈك ئۇيقۇ ئۇچۇن ئۆيلەرگە قاراپ ماڭدى.
تارلېتون خانىمدىن باشقا خانىملارنىڭ ھەممىسى دەرەخ سايىلىرى بىلەن شىپائىلارنى ئەرلەرگە تاشلاپ بېرىشتى. تارلېتون خانىم گېرالد، كاربوت ئەپەندىلەر ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنىڭ زورى بىلەن بۇ كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ قېلىپ قالدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن قوشۇنغا ئات سېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئاخىرقى قارارىنى ئاڭلىماقچىدى.
ئاشلېي ئاستا مېڭىپ سكارلېت بىلەن چارلېس ئولتۇرغان يەرگە كەلدى، چىرايىدا چوڭقۇر خىيال ئارىلاش خۇشال بىر تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى.
ـــ ئۇ ئادەممۇ بەك غالجىر ئىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدى ئۇ باتلېرنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ، ـــ تەكەببۇرلۇقى بورگىئاسلارنىڭكىگە ① ئوخشايدىكەن.
سكارلېت شۇئان ئويلاپ، بۇ ناھىيەدە، ئاتلانتادا ياكى ساۋاننادا ئۇنداق ئىسىملىك ئائىلىنىڭ بارلىقىنى تاپالمىدى.
ـــ مەن ئۇنداق ئائىلىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇ باتلېر ئائىلىسىنىڭ ئادىمىمۇ؟ ئۇلار زادى كىم؟

① 15 ــ، 16 ــ ئەسىرلەردە ياشىغان ئىتالىيەلىك چوڭ بىر جەمەت.

چارلېس چىرايىنى غەلىتە قىلىپ، گۇمان ۋە نومۇس ئارىلاش ھېسسىيات بىلەن مۇھەببەت ئۈستىدىن كۆرەش قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قىز بالا ئوماق، يېقىملىق، گۈزەل بولسىلا بولاتتى، ياخشى تەربىيە بىلەن ئۇلارنىڭ جەلپكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىمەن دېيىش ھاجەتسىز ئىدى. شۇ تۇرقىدا مۇھەببەت ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى كۆرەشتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ئاشلېينىڭ سوئالىغا تېز جاۋاب قايتۇرالىدى:

— بورگىئاسلار ئىتالىيەلىك.

— ھە، ئەسلىدە ئۇلار چەت ئەللىك ئادەملەر ئىكەن - دە، — سىكارلېتنىڭ سەل روھى چۈشتى.

سىكارلېت ئاشلېيغا ئەڭ چىرايلىق بىر كۈلكە سوۋغا قىلغانىدى، ئاشلېي نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چارلېستا ئىدى، چىرايىدىن ئۇنى چۈشىنىدىغاندەك ھەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك بىر ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

سىكارلېت پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدە سالاسۇنغا يۆلىنىپ پەسكە قاراپ تۇراتتى. پەستە ئادەم قالمىدى. يۇقىرىدىكى ئۆيلەردىن تۈگمەس پىچىرلىشىشلار، ئارىلاپ كۈلكە ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئالتە ئېغىز ئۆينىڭ ھەممىسىدە قىزلار دەم ئېلىۋاتاتتى. ھەممىسى كىيىملىرىنى يېشىۋەتكەن، لىپتىكلىرىنى بوشىتىۋەتكەن، چاچلىرىنى چۇۋۇۋەتكەنىدى. چۈشتە ئۇخلاش جەنۇبلۇقلارنىڭ ئادىتى. ئەتىگەندىن تارتىپ تا كەچكىچە بولىدىغان پائالىيەتلەردە چۈشتە ئۇخلىۋېلىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. يېرىم سائەتكىچە قىزلارنىڭ گەپلىرى تۈگىمىدى، كېيىن خىزمەتكارلار كىرىپ دېرىزە قاپقاقلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆي قاراڭغۇلىشىپ، گەپ - سۆزلەر ئاستا - ئاستا پەسلەشكە باشلىدى، ئاخىرىدا رىتىملىق پۇشۇلداشلار باشلاندى.

سكارلېت مىلانىيەنىڭ خۇنىي ۋە ھېيتتى تارلېتونلار بىلەن كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاپ بولغانلىقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى. پەلەمپەينىڭ ئەگىلگەن يېرىدىكى دېرىزىدىن ئەرلەرنىڭ ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئاندىن تارقىشاتتى. سكارلېت كۆزلىرى بىلەن ئاشلىيىنى ئىزدىدى، ئاشلىي پەقەتلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەردىكى گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئەسلىدە ئۇ سكارلېتنىڭ ئويلىغىنىدەك، قايتماقچى بولۇپ يولغا چىققان خانىملار بىلەن ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئۇزىتىۋاتقانىكەن.

سكارلېتنىڭ خۇشاللىقىدا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالدى. ئەگەر بۇ يەردە ۋىلكېس ئەپەندى ئۇچرىشىپ قالسىچۇ؟ ئۇنىڭغا باشقا قىزلار ئۇخلاۋاتسا، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ مەيلىلا، بۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغاندىكىن، نېمە بولسا بولمامدۇ.

پەسكە چۈشكەندە، ئۇ خىزمەتكارلارنىڭ غوجىدارىنىڭ جورۇقچىلىقىدا زالغا ئورۇندۇقلارنى توشۇپ كەچلىك تانسىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. زالنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىتاب بار ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى. سكارلېت غىپىلا قىلىپ ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئۇ ئاشلىي مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ بىناغا كىرگۈچە مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن چاقىرىپ توختىتىۋالماقچىدى.

كىتابخانىنىڭ دېرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈۋېتىلگەچكە، ئىچى گۇڭگا ئىدى، ئۆينىڭ تۆت تەرىپى كىتاب بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، سكارلېت كىتابنىڭ كۆپلۈكىدىن دەم ئالالماي قالدى. ئەگەر سكارلېتقا سۆيگىنى بىلەن ئۇچرىشىشقا يەر تاللاش توغرا كەلسە، بۇ يەرنى ھەرگىز تاللىمىغان بولاتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئېغىر ۋە ئېگىز جاھازلار گۇڭگا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىرېسلولىرىمۇ ۋىلكېس ئائىلىسىدىكى ئەرلەرنىڭ بويىغا لايىق

ياسالغان بولۇپ، قول قويىدىغان يەرلىرىمۇ ئادەتتىكى كىرىسلولاردىن يوغان ئىدى. تام مەشىنىڭ ئالدىدا يەتتە پۇتلۇق بىر سافا قويۇقلۇق ئىدى، ئاشلىي ئاشۇ سافادا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

سىكارلېت ئىشىكنى ئازراق ئوچۇق قالدۇرۇپ يېپىپ قويدى، ئاندىن يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى بېسىپ جىممىدە تۇردى. تۈنۈگۈن ئاخشام، ئاشلىي بىلەن كۆرۈشكەندە قىلىشنى ئويلاپ قويغان گەپلىرىنى ئىچىدە بىر قېتىم تەكرارلاپ چىقماقچى بولۇۋىدى، ئۇ گەپلەرنىڭ بىرسىمۇ كاللىسىغا كەلمىدى. ئويلاپ قويغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ ياكى ئۇ ئاشلىينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماقچى بولغان بولغىيمىدى؟ ھېچقايسىسىنى ئېسىگە ئالالماي، ئۇشتۇمتۇت تىترەپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنى قورقۇنچ ۋە ئالاقزەدىلىك ئىچىدە لاغىلدايتتى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بىر ئاز پەسلەپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداشتىن توختىسىلا، دەيدىغان گەپلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ئېسىگە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، يۈرىكىنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ ئاشلىينىڭ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ زالغا كىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەن بىردىنبىر گەپ، ئۇنى سۆيىمەن، دېگەن بىرلا گەپ بولدى. ئۇ ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى، مەغرۇر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بېشى بىلەن پۈتىدىكى قاپقارا ئۆتۈكىگىچە ھەممە يېرىنى، كۈلكىلىرىنى، ئويچان كۆزلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىلىرى ئادەمنى شۈنچىلىك مەھلىيا قىلاتتى، ئويچان كۆزلىرى ئاللىقانداق خىياللار ئىچىگە سۆرەپ كېتەتتى. ئاھ، شۇ تۇرقىدا ئۇ كىرىپلا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ چوقۇم ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ: «بەلكىم خۇدادىن شۇنداق بولۇشىنى تىلىشىم كېرەكتۇ.» ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئىچىدە «مېھرىبان بۇۋى

مەريەم ئانا» دېگەن ئايەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.
— نېمە بولدى، سىكارلېت! — ئاشلېينىڭ ئاۋازى تويۇقسىز ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ غۇڭۇلداشلىرىنى بېسىپ، ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاشلېي قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنىڭ ئالدىدا چىرايىدا گۇمانىي كۈلكە، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، — كىمدىن قېچىپ بۇ يەرگە كىرىۋالدىڭىز؟ چارلېستىنمۇ ياكى قوشكېزەك تارلېتونلاردىنمۇ؟

سىكارلېت زۇۋانى تۇتۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى. قارىغاندا، ئاشلېي ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىگىتلەرنىڭ يىغىۋالغانلىقىغا دىققەت قىپتۇ. ئاشلېي سىكارلېتنىڭ ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزمىگەندەك جايىدا كۈلۈپ تۇراتتى، كۆزلىرى نۇرلۇق، سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. سىكارلېت گەپ قىلماي، بىر قولىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، ئاشلېينى ئۆي ئىچىگە تارتىپ كىردى. ئاشلېي ئۇنىڭغا ھەيران قالدى ھەم قىزىقتى. سىكارلېت ھاياجاندا ئىدى، كۆزلىرىدە ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل نۇر چاقناپ تۇراتتى، ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنىڭ قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇ بايقىدى. ئاشلېي ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ئۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك.

قوللىرى ئۇنىڭ قوللىرىغا تەگكەن ھامان سىكارلېتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئىشلار ئۇ ئويلىغاندەك بولۇۋاتاتتى. كاللىسىدىن نۇرغۇن - نۇرغۇن ئويلار ئۆتۈشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ بىرسىنى بولسىمۇ تۇتالمىغاچقا، بىر ئېغىز گەپنىمۇ توقۇپ چىقىرالمايۋاتاتتى، تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارايتتى. ئاشلېي نېمىشقا گەپ قىلمايدىغاندۇ؟

— سىزگە نېمە بولدى؟ — قايتا سورىدى ئۇ، — ماڭا بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ يا؟

ئۇ ئۈشتۈمتۇت گەپ قىلدى. ئاپىسىنىڭ بىرنەچچە يىلدىن

بىرىقى تەلىملىرى بىردىنلا كۆچىدىن قېلىپ، ۋۆجۆدىدىكى دادىسىنىڭ ئىرپلاندىيە قېنى ئۇنى سۆزلەتكەندى.

— توغرا دەيسىز، سىزگە ئېيتىدىغان بىر مەخپىيەتلىكىم بار: مەن سىزنى سۆيىمەن.

بىردىنلا ئارىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى، ئىككىلىسى نەپەسلىرى توختاپ قالغاندەك جىمىپلا كەتتى. ئاندىن سىكارلېتتىكى قورۇنۇشلار يوقاپ، ئورنىنى خۇشاللىق ۋە مەغرۇر ھېسسىيات ئىگىلىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق شۇنداق قىلمىدى؟ بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئېسىلزادىلەرنىڭ بارلىق ئەخلاقلىرى توغرىسىدىكى تەلىملىرىدىنمۇ ئاسان ئىكەنغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاشلېيغا دادىل تىكىلدى.

ئاشلېينىڭ كۆزلىرى تېڭىرقاش ئىچىدە مىدىرلىيالماي قالغانىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە گۇمان ۋە قانداقتۇر بىر نەرسە بار. ئۇ زادى نېمە نەرسە؟ توغرا! گېرالد ئامراق ئېتى پۈتىنى سۇندۇرۇۋالغاندا، ئامالسىز ئۇ ئاتنى ئېتىپ تاشلىغانىدى. شۇ كۈنى گېرالدنىڭ چىرايىدا ئەنە شۇنداق بىر ئىپادە كۆرۈنگەن، دادىسىنىڭ شۇ چاغدىكى چىرايى نېمىدەپ ھازىر سىكارلېتنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالىدۇ؟ ئەخمەق! ئەمىسە ئاشلېي نېمە ئۈچۈن چىرايىنى غەلىتە قىلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ؟ شۇ ئارىلىقتا ئاشلېي چىرايىغا ئازراق كۈلكە بېرىپ ئۆزىنى نىقاب ئاستىغا ئالدى.

— بۈگۈن سىز بۇ يەردە بارلىق ئەرلەرنى ئۆزىڭىزگە قارىتىپ بولدىڭىز، سىزگە شۇلارمۇ ئازلىق قىلىۋاتامدۇ؟ — ئاشلېي چاقچاق قىلىۋاتقاندەك، ئەمما يەنە سەمىمىي ئاھاڭدا دېدى، — ھەممە ئادەمنى بىر نىيەتكە كەلتۈرمەكچىمۇ؟ مېنى سىز بۇرۇنلا ئۆزىڭىزگە قارىتىۋالغان، بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، كىچىكىڭىزدىن تارتىپ شۇنداق ئىدىڭىز.

ئىش چاتاق، پۈتۈنلەي چاتاق بولۇۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ۋەزىيەت ئەمەس. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل

تەلۋە خىياللار ئۇيان - بۇيان چېپىپ، ئاخىر بىرسىگە توختالدى، نېمىشقىدۇر — مەلۇم سەۋەب تۇپەيلى — ئاشلېي ئۇنى ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. سىكارلېت بولسا ئاشلېي مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندى، دەپ ئويلايتتى.

— ئاشلېي ... ئاشلېي ... ئۇنداق قىلماڭ ... چاقچاق قىلمىسىڭىز بولمامدۇ. مەن سىزنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالالىدىمmۇ؟ ھە، سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى ...

ئاشلېي دەررۇ ئۇنىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى، يۈزىدىكى نىقابمۇ شۇئان يوقالدى.

— بۇنداق قىلماڭ، سىكارلېت! زادى بۇنداق قىلماڭ. سىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. ئۇ گېپىڭىز ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىڭىزگە ھەم ئاڭلىغىنىم ئۈچۈن ماڭا نەپرەتلىنىسىز.

سىكارلېت بېشىنى دەررۇ بىر ياققا بۇرىدى، بىر خىل ئىللىق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىگە يامراپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن سىزگە مەڭگۈ نەپرەتلەنمەيمەن. سىزگە ئېيتىپ قوياي، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنىڭ ماڭا كۆڭلىڭىز بارلىقىنىمۇ بىلىمەن. چۈنكى ... — ئۇ بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئۇ ھېچكىمنىڭ چىرايىدا بۇنداق ئازابنى كۆرمىگەنىدى، — ئاشلېي، سىزنىڭ ماڭا راستلا كۆڭلىڭىز بارغۇ - ھە، راست بار، شۇنداق ئەمەسمۇ يا؟

— راست، كۆڭلۈم بار، — دېدى ئاشلېي تۇتۇلۇپراق.

سىكارلېت ھەيران قالدى. ئۇ سەندىن مەن بىزار دېگەن تەقدىردىمۇ، ھازىرقىدەك ھەيران قالمىغان بولاتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتقىنىچە زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ قالدى.

— سىكارلېت، — يەنىلا ئاشلېي گەپكە ئېغىز ئاچتى، — بىز ھازىردىن باشلاپ ئۆزىمىزنىڭ يولىغا مېڭىپ، قىلىشقان بۇ گەپلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كەتسەك، بولامدۇ؟

— ياق، — دېدى سىكارلېت بوش ئاۋازدا، — مەن ئۇنداق

قىلالمايمەن. بۇ سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن بىلەن ... ئەجەبا، مەن بىلەن توي قىلمامسىز؟

— مەن مىلانىيە بىلەن توي قىلماقچى.

قايسى چاغلاردىكىن، سىكارلېت يېنىدىكى كىرېسلودا ئولتۇرۇپ قالدى، ئاشلېي كىرېسلونىڭ يېنىدىكى تەگلىككە تىزلانغىنىچە ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. توختىماي گەپ قىلاتتى، گەپلىرىنىڭ تۈتامى يوق ئىدى. سىكارلېتنىڭ كاللىسى قۇرۇق، باياتىنقى دولقۇنلىنىپ تۇرغان ھېسسىيات ئۆركەشلىرى پۈتۈنلەي بېسىلىپ كەتكەن، ئاشلېينىڭ قىلىۋاتقان گەپلىرىمۇ خۇددى ئەينەككە چۈشكەن يامغۇر ئەينەكتە تۇرمىغاندەك، ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەسىر قالدۇرمايۋاتاتتى.

ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى پەقەت «مىلانىيە» دېگەن بىرلا گەپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاشلېينىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىگە قادالدى، لېكىن بۇ كۆزلەردىن ئۇنىڭ كۆرگىنى ئۇنى دائىم يەتكىلى بولمايدىغان خىيالىي دۇنيالار ئىچىدە داۋالغۇتۇپ تۇرىدىغان بىر جانسىز ھېسسىيات بولدى، ئۇنىڭدا يەنە ئۆزىگە نەپرەتلىنىۋاتقاندەك ئىپادىمۇ بار ئىدى.

— دادام بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقىمىزنى جاكارلايدۇ. مىلانىيە ئىككىمىز تېز ئارىدا توي قىلىمىز. ئەسلىدە بۇ ئىشنى سىزگە بۇرۇنلا دېيىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن مەن سىزنى بىلدى دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىلدى، دەپتىمەن. سىزنىڭ ئوغۇل دوستلىرىڭىزمۇ كۆپ، شۇڭا بۇنداق بولارنى ئويلىماپتىمەن. سىزنى سىتۇئارت بىلەن دەپ ئويلىغۇپدىم.

ھايات، تۇيغۇ ۋە گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتىش دېگەندەك ھېسسىيات دولقۇنلىرى ئۇنىڭغا قاراپ بىراقلا يوپۇرۇلۇشقا باشلىدى.

— سىز بايا ماڭا كۆڭلىڭىزنىڭ بارلىقىنى دېگەنغۇ؟

ئۇنىڭ ئىللىق قوللىرى سىكارلېتنىڭ قوللىرىنى مەھكەم

سىقىپ ئاغرىتىۋەتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، سىز ماڭا ئۆزىڭىزنى بىئارام قىلىۋاتقان گەپلەرنى دېگۈزمەكچىمۇ؟

سىكارلېت گەپ قىلماي، ئاشلىيىنى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە مەجبۇر قىلدى.

— سۆيۈملۈكۈم، سىزگە بۇ گەپلەرنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار؟ سىز تېخى ياش، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇپ كەتمەيسىز، شۇ سەۋەبلەردىن، توي دېگەننىڭ ئىمىلەردىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيسىز.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنىلا بىلىمەن.

— ئىككىمىزگە ئوخشاش، خاراكتېرى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بەختلىك ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇشىغا يالغۇز مۇھەببەت بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. سىز بىر ئەرنىڭ ھەممە نېمىسىگە، يەنى تېنىگە، ھېس - تۇيغۇلىرىغا، روھىغا، ئىدىيەسىگە موھتاج. ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىسىڭىز چوقۇم ئازابلىنىسىز. ئەمما، مەن بۇ نەرسىلەرنى سىزگە تولۇق بېرەلمەيمەن، باشقا ھەرقانداق ئادەمگىمۇ ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي تاپشۇرالمايمەن. مەنمۇ ئۇ ئادەمنى ياكى سىزنى شۇ نەرسىلىرىڭىزنى ماڭا بېرىسىز دەپ مەجبۇرلىيالمايمەن. شۇنىڭ بىلەن سىز بىئارام بولىسىز، ئاندىن ماڭا نەپرەتلىنىسىز، ھەتتا مەن ئوقۇغان كىتابلارغا، مەن ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكىلارغىمۇ نەپرىتىڭىز قوزغىلىدۇ. چۈنكى، شۇ نەرسىلەر مېنى سىزنىڭ يېنىڭىزدىن بىردەم بولسىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ. شۇڭا مەن دەيمەن... بەلكىم مەن ...

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر قىسمى، بىز بىر - بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىشىمىز، سىكارلېت! سىز ئىككى ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ ئوخشاش بولۇشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا توي قىلغاندىن كېيىن ئۆيدە جېدەل - ماجىرانىڭ قورۇمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

كىمدۇر بىرسى: «ياخشىسى، ئوخشاش مىجەزدىكىلەر بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىشلىرى كېرەك، بولمىسا بەختلىك بولالمايدۇ» دېگەندەك قىلىۋىدى. بۇ گەپنى كىم دېگەن بولغىيدى؟ سىكارلېتقا بۇ گەپنى ئاڭلىغىنىغا نەچچە ئونمىڭ يىل بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئەمما سىكارلېت ئۇچۇن يەنىلا ئۇ گەپنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

— سىز ماڭا، سىزگە كۆڭلۇم بار، دېگەنغۇ.

— ئەسلىدە ئۇ گەپنى سىزگە دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى.

شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە لاۋۇلداپ ئوت يانغاندەك بولۇپ، غەزەپ ـ نەپرەت بارلىق نەرسىنى سۆپۈرۈپ تاشلايدىغان ئەلپازى بىلەن ئۇنى چىرماشقا باشلىدى.

— بولدى، شۇنداق دېيىشمۇ بىر ئىپلاسلىق ...

ئاشلېينىڭ چىرايى شۇئان ئاقىرىپ كەتتى.

— راست دەيسىز، مېلانىيە بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋېتىپ يەنە شۇنداق گەپ قىلىش، ئەلۋەتتە، ئىپلاسلىق. ئۇ گەپنى ئەسلىدە دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى، چۈنكى سىز ئۇ گەپنى توغرا چۈشەنمەيدىكەنسىز. سىز ھاياتقا پۈتۈن قىزغىنلىقىڭىز بىلەن بېرىلىسىز، ئەمما ئۇ قىزغىنلىق مەندە يوق؛ سىز بىر ئادەمگە پۈتۈن مۇھەببىتىڭىزنىمۇ ھەم پۈتۈن نەپرىتىڭىزنىمۇ بېرەلەيسىز، ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايمەن؛ سىز ئوتقا ياكى شامالغا ۋە ياكى باشقا قەدىمىي نەرسىلەرگە ئوخشاش پاك ۋە ساددا، لېكىن مەن ...

سىكارلېت تۇيۇقسىز مېلانىيەنى ئويلاپ، ئۇنىڭ خىيالچان تىنىق كۆزلىرىنى، چۈرسىگە گۈل كەشتىلەنگەن پەلەيى ئىچىدىكى ئىللىق قوللىرىنى ۋە لاتاپەتلىك تۇرقىنى كۆرگەندەك بولۇپ، بىردىنلا غەزىپى تاشتى. بۇ غەزەپ ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلغان چاغدىكى غەزەپلىرىگە ئالامەت ئوخشايتتى. ئۇنىڭدا ئانىسىنىڭ ئەجدادى بولغان روبىللارد ئەۋلادىنىڭ تەربىيە كۆرگەن، دۇنيانىڭ بارلىق ئازابلىرىنى

ئىچىدە بىلىپ ئۇنىڭغا چىدايدىغان خىسلەتتىن زەررىچە بولسىمۇ يوق ئىدى.

— سىز نېمىشقا مەن بىلەن توي قىلىشتىن قورقىدىغانلىقىڭىزنى ئوچۇق ئېيتمايسىز، قورقۇنچاق. ئاغزىدىن «خوش، خوش» چۈشمەيدىغان ئاشۇ ئەخمەق، كالۋا بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە بولماقچىسىز، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئوخشاش قول باغلاپ تۇرىدىغان كۈچۈكلەرنى تاپماقچىسىز، نېمە ئۈچۈن ...

— مىلانىيەنى ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ.

— نېمە؟ «بولمايدۇ»؟ ئىشىڭىزنى قىلىڭ، مېنى ئۇنى قىلسىڭىز بولمايدۇ، بۇنى قىلسىڭىز بولمايدۇ، دەيدىغانغا سىز قانچىلىك نېمىدىڭىز؟ سىز توخۇ يۈرەك، سىز ئىپلاس. سىز مېنى مەن بىلەن توي قىلىدىغىنىڭىزغا ئىشەندۈرۈپ يۈرگەنىدىڭىز ...

— ئادىلراق گەپ قىلىڭ، — دېدى ئاشلېي ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ، — مەن قاچان ...

ئاشلېينىڭ گەپلىرىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سكارلېت ھەرگىز ئادىللىق قىلالمايتتى.

ئاشلېي ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پەقەتلا دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغانىدى، مۇشۇنى ئويلىسىمۇ سكارلېتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ شۇ قىلىقىمۇ سكارلېتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى، ئايال كىشىگە خاس غۇرۇرىنى سۇندۇرغانىدى. سكارلېت بوشاشماي ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى، ئەمما ئاشلېي ئازراقمۇ ئېرىپ باقمىدى، مېلانىيەدەك سەبدە چىراي، جۇۋەك بىر قىزنى ئېلىشقا رازى بولدىكى، سكارلېتقا يېقىن يولىمىدى. ئاھ، ئەگەر سكارلېت ئاپىسى بىلەن نېگىر ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى زەررىچە بولسىمۇ بىلدۈرمىگەن بولسا، بۈگۈنكىدەك ئادەمنىڭ نومۇسىنى تۆكىدىغان بۇنداق ھالەتكە ھەرگىز چۈشۈپ قالمايتتى.

سكارلېت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، مۇشتلىرى چىڭ تۈرۈلدى. ئاشلېيمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى، چىرايىدا سۆزسىز ئازاب ئەكس ئېتەتتى، ئۇ ئازاب رېئاللىققا، ئېچىنىشلىق رېئاللىققا يۈزلىنىشكە مەجبۇرلانغان، ئۇنىڭ دەردىنى تارتقان ئادەمنىڭ ئازابىغا ئوخشاش ئازاب ئىدى.

— مەن سىزدىن مەڭگۈ نەپرەتلىنىمەن، سىز ئىپلاس، سىز لۈكچەك ... لۈكچەك ... — سكارلېت ئۇنىڭدىنمۇ ئەشەددىي تىللار بىلەن تىللىماقچىدى، لېكىن ئۇنداق تىلنى دەرمەھەل تاپالماي قالدى.

— سكارلېت، سىز ...

ئاشلېي ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى سۇنۇۋىدى، سكارلېت پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ تەستىكىگە بىر شاپىلاق سالدى. بۇ شاپىلاق خۇددى قامچا سوققاندەك ئاۋاز چىقاردى. شاپىلاقتىن كېيىنلا سكارلېتنىڭ پۈتۈن غەزىپى تۈگەپ، ئىچى مۇزدەك بىر خىل بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ئالىقىنىنىڭ ئىزى ئاشلېينىڭ ئاپپاق ھەم ھارغىن يۈزىدە روشەن ئىز قالدۇردى. ئاشلېي بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، سكارلېتنىڭ يۇمشاق قولىنى تۇتۇپ لېۋىگە تەگكۈزدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن گەپ كۈتمەيلا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى.

سكارلېت بىردىنلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى، ئاچچىقى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى پۇتىدا جان قالمىغانىدى. ئۇ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ يۈزىگە كاچىتى بىلەن سېلىپ قويغان ئىز مەڭگۈ سكارلېتنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى.

سكارلېت ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشىنىڭ ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ، ئاخىر يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا بۇ قىلىقىنىڭ يامان ئاقىۋىتىگە پۈتۈنلەي ئۆزى مەسئۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولدى. ئۇنى كۆرسە ئاشلېي نەپرەتلەنمەي قالمايدۇ، ئۇمۇ ئاشلېيدا ھېچقانداق گەپ

يوق، ئۆزىچىلا ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرگىنىگە ئۆكۈنمەي قالمايدۇ.

«مەن ئەمدى خونېيى ۋىلكېسقا ئوخشاش پەسكەش ھالەتكە چۈشۈپ قالدىممۇ؟» ئۇ تۇيۇقسىز شۇ خىيالغا كېلىپ قالدى ۋە باشقىلارنىڭ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ خونېيىنىڭ قىلىقلىرىنى قانداق مەسخىرە قىلغانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇنى ئەرلەرنىڭ بويىنىغا مىنىۋالغان، شۇ يەردە تۇرۇپ ئۆزىنى كەمسىتىۋاتقان، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە، ئاشلېيغا، كىشىلىك دۇنياغا قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە مۇھەببەتتە مۇشۇنداق ئوڭۇشسىزلىققا. ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىگە ۋە ھەممىگە ئاشۇنداق نەپرەتلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىكى ئازغىنا ھەقىقىي ھېسسىياتىنى دېمىگەندە، قالغىنىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىغا خۇراپىيلارچە ئىشىنىشتىن كەلگەن ساختا ھېسسىيات ئىدى. ئەمدى ئۇ يېڭىلدى، ئۇنىڭغا يېڭىلگىنىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر كېلىدىغىنى، مۇشۇ ئىش تۈپەيلى خەقنىڭ كۈلكىسىگە قېلىش ئىدى، بۇنى ئويلاپ ئۇنى قورقۇنچ باستى. ئۇنىڭدىن كېيىن خونېيىگە ئوخشاش ھەممە مەسخىرە قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قالارمۇ؟ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ كەتتى.

سكارلېتنىڭ قولى يېنىدىكى ئۈستەل ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك نەپىس بىر تەخسىگە تېگىپ كەتتى. تەخسىنىڭ يۈزىدە ھىجىيىپ تۇرغان قاناتلىق ئىككى پەرىشتىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت، بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ نېمىلا بولسۇن بىر ئىش قىلىشى كېرەك، بولمىسا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەخسىنى قولىغا ئېلىپ تام مەشكە قارىتىپ ئاتقانىدى، تەخسە تام مەشنىڭ ئالدىدىكى سافانىڭ

يۈلەنچۈكى ئۈستىدىن ئۈزتۈپ تام مەشنىڭ تېمىغا تېگىپ، چۆل ـ چۆل بولۇپ كەتتى.

— بۇ ھەددىدىن ئاشقان قىلىق بولدى، — سافانىڭ ئىچىدىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

سىكارلېت ئەزەلدىن ھازىرقىدەك قورقۇپ باقمىغانىدى، ئاغزى قۇرۇپ ئىختىيارسىز تووۋلىۋەتتى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى، ئورۇندۇقنىڭ يۈلەنچۈكىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، بولمىسا ئىككى پۇتىدا قورقۇپ جان قالمىغاچقا، يىقىلىپ چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ئاريدا رېت باتلېر باياتىندىن بېرى يېرىم يۈلىنىپ ئولتۇرغان سافادىن قوپۇپ، زىيادە تەكەللۇپ بىلەن سىكارلېتقا تەزىم قىلدى.

— ئاارراق ئۈخلىۋالاي دېۋىدىم، ئۇخلاش ئورنىغا بىر پەس ئويۇن كۆرۈشكە مەجبۇرلاندىم، بۇ كۆڭۈلسىزلىكمۇ ماڭا يېتىپ ئاشاتتى، ئەمدى قوپۇپ جېنىمغا قەست قىلغىنىڭىز نېمىسى؟

ئۇ ئالۋاستى ئەمەس، ھەقىقىي ئادەم ئىدى. بىراق، ئۇ ھەممە گەپنى ئاڭلىدى. شۇنداقتىمۇ، سىكارلېت تەمكىن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— ئەپەندى، بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ؟ — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ ھجىيىپ قويدى، بىر جۈپ يۇرەكلىك قارا كۆزلىرىدە مەسخىرە كۈلكىسى ئويناپ تۇراتتى، — بىراق، بۇ يەرگە تەكلىپسىز كىرگەن ئادەم مەن ئەمەس، سىز. مەن كېيىنىدى ئەپەندىنى مۇشۇيەردە ساقلاشقا مەجبۇرلاندىم. چۈنكى، ئارقا ھويلىدا قارشى ئېلىنماي، ئاخىر كۆپ ئويلىنىپ مۇشۇ يەرگە كىرىۋالغانىدىم. بۇ يەردە ماڭا ھېچكىم كاشىلا قىلماس دېۋىدىم، ئەپسۇس، ئۇنداق بولمىدى، — ئۇ ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ مۇلايىمغىنا كۈلۈپ قويدى.

بۇ قوپال، ھۆرمەتسىز ئادەمنىڭ ھەممە گېپىنى، بولۇپمۇ سىكارلېت ئەمدى بولسا ئۆلسىمۇ دېمەيدىغان گەپلەرنى ئاڭلىۋالغانلىقىنى ئويلاپ، سىكارلېتنىڭ باشقىدىن جۇدۇنى تۇتتى.

— گەپ ئوغرىسى! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

— گەپ ئوغرىلىرى دائىم دېگۈدەك ناھايىتى تەسىرلىك ۋە پايدىلىق گەپلەرنى ئاڭلىۋالىدۇ، — دېدى باتلېر قەستەن غەلىتە ھىجىيىپ قويۇپ، — ئۆزۈم يىللىق مۇشۇنداق تەجرىبىلىرىمدىن مەن ...

— ئەپەندى، سىز ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس ئىكەنسىز.

— كۆزىڭىز بەكمۇ ئۆتكۈر ئىكەن، — دېدى باتلېر تەبىئىي قىياپەتتە تۇرۇپ، — ئەمما، قىزچاق، سىزمۇ ئېسىلزادە قىزلاردىن ئەمەس، — سىكارلېت ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، يەنە مۇلايىم كۈلۈپ قويدى، — كىملا بولسۇن، بايا مەن ئاڭلىغان گەپلەرنى قىلغان ئادەمنى ئېسىلزادە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئېسىلزادىلەرنىڭ مەن ئۈچۈن ھېچقانچە جەلپكارلىقى يوق، مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى ھېچقانداق ئادەمگە يۈرەكلىك ئېيتالمايدۇ، ئەمما سىز، سۆيۈملۈك ئوخارا خانقىز، كارامەت ئىكەنسىز، سىزگە قايىل بولدۇم، سىزگە بېشىمدىن شىلەپەمنى ئېلىپ تۇرۇپ ھۆرمىتىمنى بىلدۈرمەكچىمەن. مەن سىلىق - سىپايە ۋىلكېس ئەپەندىنىڭ قانداق بىر يېرىنىڭ سىزدەك ئوت يۈرەك قىزنىڭ شۇنچىۋالا ياخشى كۆرۈپ كېتىشىگە سازاۋەر بولۇپ كەتكىنىنى پەقەتلا بىلەلمىدىم. ئۇ تەڭرىنىڭ سىزدەك بىر — بايا ئۇ نېمە دېدى؟ — ھە توغرا، «ھاياتقا پۈتۈن قىزغىنلىقى بىلەن بېرىلىدىغان» قىزنى ئۆزىگە ئاتا قىلغىنى ئۈچۈن تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ قورتقا ئوخشاش تۈگۈلۈۋالىدىغان

قورقۇنچاق ئادەم ئىكەنلىكىنى كىم بىلدى ...
— سىز ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى سۈرتۈپ قويۇشقىمۇ مۇناسىپ ئەمەس، — دېدى سىكارلېت غەزەپ بىلەن تولۇپ.
— بىراق، سىز ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر نەپرەت بىلەن قارىماقچى ئەمەسسىمىدىڭىز! — ئۇ شۇ گەپتىن كېيىن يەنە ساقادا ئولتۇردى. سىكارلېت ئۇنىڭ كولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.
ئەگەر سىكارلېت ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدىغان بولسا جەزمەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. لېكىن، ئۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمىدى. سىكارلېت ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ، ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ پەلەمپەيدىن ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ، ئۈستىگە چىققاندا ھوشىدىن كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. شۇئان توختاپ، پەلەمپەينىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىۋالدى. غەزەپ، نومۇس ۋە جىددىيچىلىكتە يۈرىكى خۇددى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. چوڭ - چوڭ تىنىۋالغان بولسا ياخشى بولاتتى، لېكىن نېگىر ئانىسى قورسىقىنى بەكمۇ چىڭ تېڭىۋەتكەچكە مۇمكىن بولمىدى. ئاۋادا راستىلا ھوشىدىن كېتىدىغان بولسا، كىشىلەر ئۇنى مۇشۇ يەردىن تېپىشىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟ ئاشلېي، ھېلىقى نەپرەتلىك باتلېر ھەم ھەرقانداق ئادەمنى كۆرەلمەيدىغان پىتنىچى قىزلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. سىكارلېت ئازراق تۇز ئېلىۋالمىغىنىغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى، ئۇنىڭ باشقا قىزلارغا ئوخشاش تۇز سېلىۋالىدىغان كىچىك قۇتىسىمۇ يوق ئىدى. بۇرۇن ئۇ بېشىنىڭ زادىلا قايماسلىقى بىلەن ماختىناتتى، ئەمدى چاتاق، يىقىلىپ چۈشمىسە بولاتتى.
بارا - بارا بىئاراملىق يوقاپ پۇتۇنلەي ئەسلىگە كەلدى. شۇندىلا ئۇ ئىندىيانىڭ ھوجرىسىنىڭ يېنىدىكى چاققانغىنا

پەردازخانىغا كىرىپ لىپتىكىنى يېشىۋەتتى، ئاندىن ئۇخلاۋاتقان بىر قىزنىڭ يېنىدىكى بوش كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئۇ بار ئامالى بىلەن يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى نورماللاشتۇرۇشقا، چىرايىدىكى جىددىيچىلىكنى بېسىپ بۇرۇنقى خاتىرجەم ھالىتىگە يېنىشقا تىرىشتى، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى چىرايى بەئەينى ساراڭ خوتۇننىڭ ئۆزى ئىدى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا بىرەر قىز ئويغاق بولسا، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىر نەرسىنى سېزىۋالغان بولاتتى. ئەمدى ھېچقانداق ئادەمگە ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سەزدۈرمەسلىك كېرەك.

ئارقا ھويلىغا قاراپ تۇرغان دېرىزىدىن ھويلىدىكى ئەرلەرنىڭ تېخىچە دەرەخنىڭ سايىسىدا شىپاڭدا ئولتۇرۇپ، پاراڭلاشقاچ ئارام ئېلىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سىكارلېتنىڭ ئۇلارغا قاتتىق ھەۋىسى كەلدى. ئەر كىشى بولۇش نېمىدېگەن ياخشى، ئۇلار بايا سىكارلېت تارتقان دەردنى مەڭگۈ تارتمايدۇ. ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇلارغا قاراپ تۇردى. بېشى يەنە قايغاندەك بولدى. شۇ ئارىدا يول تەرەپتىن جىددىي چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىردىنلا ئات ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ياپيېشىل چىملىقنىڭ ئۈستىدىن چېپىپ ئۆتۈپ، دەرەخ سايىسىدا دەم ئېلىۋاتقان ئەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى.

كېچىكىپ قالغان بىرەر مېھماندۇ. لېكىن، ئۇ نېمىشقا ئىندىيا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چىملىقنى ئېتىغا دەسسىتىپ ئۆتىدۇ؟ سىكارلېت ئۇ ئادەمنى تونۇمىدى، لېكىن ئۇ ئېگەردىن چۈشۈپ ۋىلكىسىنىڭ قولىدىن تۇتقان چاغدا قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئادەملەر دەررۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، سىكارلېت ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن بىر نېمىلەرنى سورىشىۋاتقانلىقىنى، بىر نېمىلەر دەپ چۇقان سېلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى ھەم ئۇلارنىڭ قاتتىق

ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقان جىددىي ھالەتلىرىنى كۆردى. ئارقىدىنلا، سىتوئارت تارلېتوننىڭ ھەممە ئاۋازنى بېسىپ «ئاھا ! ئاھا !» دەپ توۋلىغىنى ئېنىق ئاڭلاندى. بۇنداق توۋلاشنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقاچقا، ئۇنىڭ مەنىسىنى پەقەتلا چۈشەنمىدى.

شۇئان تارلېتوننىڭ تۆت ئوغلى بىلەن فونتائىننىڭ ئوغۇللىرى توپ ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئات ئېغىلى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ: «جونېس، بول، جونېس، ئاتنى تەييارلا !» دەپ توۋلىشاتتى.

«بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى سكارلېت. نېمىلا بولسا بولسۇن، ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ قالغۇچە دەررۇ ئۆيگە كىرىپ يېتىۋېلىشى كېرەك.

ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكى خېلى تىنچلىنىپ قالدى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كەينىگە ياندى. ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە خۇددى قىزلارغا ئوخشاش ئەركىن ـ ئازادە ئۇخلاپ، كەچتە تانسا باشلانغاندا مۇزىكىنىڭ يېقىملىق ساداسى، شاملارنىڭ يارقىن نۇرلىرى ئاستىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدەك، ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بىردىنلا، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن خونېينىڭ پىچىرلاپ دېگۈدەك گەپ قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى:

— بۈگۈن سكارلېتنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك تېز بولدىكى، ئادەم ھەيران قالىدۇ. پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سالدىمىكىن دەيمەن.

سكارلېتنىڭ يۈرىكى يەنە قاتتىق سېلىپ، ئىختىيارسىز ئۇنى بېسىۋالماقچى بولغاندەك، بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. «گەپ ئوغرىسى كۆپىنچە چاغلاردا مۇھىم گەپلەرنى ئاڭلىۋالىدۇ» دېگەن گەپ ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ

قالدى. قايتىپ بېرىپ كارىۋىتىدا ياتسۇنمۇ ياكى ئىچكىرى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ خونىبىنى ئۇسال قىلسۇنمۇ؟ ئارقىدىنلا ئاڭلانغان باشقا بىر ئاۋاز ئۇنى ھەر ئىككى ھەرىكەتتىن توسۇپ قويدى. ئەمدى ئۇنى ھەرقانداق كۈچ ھەرقانداق تەرەپكە تارتىپ كېتەلمەيتتى، چۈنكى گەپ قىلىۋاتقىنى مىلانىيە ئىدى.

— خونىبى، ئۇنداق دېمە! ئۇ بۈگۈن بەك خۇشال، شۇڭا قىن ـ قىنىغا پاتماي يۈرگەن گەپ. مېنىڭچە، ئۇ بەكمۇ ئوماق قىز.

«ھىم، — ئويلىدى سىكارلېت. ئاچچىقىدا تىرناقلىرى كۆڭلىكىدىن ئۆتۈپ بەدىنىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى، — ئەمدى سەن ياغلىما ئېغىز غەنناجىنىڭ ھىمايىسى كېرەك بولۇپ قالدىمۇ ماڭا»

مىلانىيەنىڭ بۇ گېپى سىكارلېتقا خونىبىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا مەسخىرە قىلغىنىدىنمۇ ئۆتە ئېغىر كەلدى. ئۇ ئاپىسىدىن بۆلەك ھېچقانداق ئايال زاتىغا ئىشەنمەيتتى، ھەر قانداق ئايالنى ئۆزىنىڭ شەخسىي غەرىزىنى ئارىلاشتۇرماي ئىش قىلمايدۇ، دەپ قارايتتى. مىلانىيە ئاشلېينى پۈتۈنلەي قولغا كەلتۈرۈپ بولغاچقىلا، ئۆزىنى كۆرسىتىپ، خىرىستوس روھىدا گەپ قىلىۋاتىدۇ ـ دە. سىكارلېتنىڭ قارىشىچە، مىلانىيە شۇ گېپى بىلەن ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى، خەقلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشمەكچى. سىكارلېتمۇ يىگىتلەر بىلەن ئولتۇرۇپ باشقا قىزلارنىڭ گېپىنى قىلغاندا، شۇ ھىيلىنى ئىشلىتەتتى، ئەخمەق ئەرلەر چۈشەنمەي، سىكارلېتنى نېمىدېگەن ئوماق، كەڭ قورساق قىز بۇ، دەپ ماختىشىپ كېتەتتى.

— ھۆي، خانقىز، — دېدى خونىبى ئاچچىق كىنايە بىلەن، — سىزنىڭ چوقۇم كۆزىڭىز يوق ئىكەن.

— بوشراق گەپ قىل، خونىبى، — ساللى مونرونىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — گېپىڭنى ھەممە ئادەم ئاڭلاۋاتىدۇ.

خونىبىنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى، ئەمما گېپى تۈگىمىدى.

— ھەممىمىز كۆرۈپ تۇردۇق، يىغلايدىغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپىغا يىغىۋالدى. كېيىنىدى ئەپەندىمۇ قالمىدى. ئۇ تېخى ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ دوستى ئىدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق قىزنى كۆرۈپ باقماپتىمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى چارلېستا، — خونېي سەل خىجىل بولغاندەك پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، — سىلەرمۇ بىلىسىلەر، چارلېس بىلەن مەن ...

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — بىرنەچچە ئاۋاز بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭلار، قىزلار، تېخى مۇقىم ئەمەس.

يەنە پىخىلداپ كۈلۈشلەر، كارىۋات پۇرژىنىلىرىنىڭ غىرىسلاشلىرى ئاڭلاندى، بەزىلەر خونېينىڭ كارىۋىتىغا چىقىۋالغان بولسا كېرەك. مېلانىيەنىڭ بىر نېمىلەر دېگىنى ئاڭلاندى، ئۇ بەلكىم خونېينىڭ ئۆزىگە يەڭگە بولىدىغانلىقىغا خۇشال بولغاندۇ.

— مەن سكارلېتنىڭ ماڭا يەڭگە بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايمەن، چۈنكى ئۇ مەن بىلىدىغان قىزلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ شاللاق قىز، — بۇ ھېتتى تارلېتوننىڭ ئاۋازى ئىدى، — بىراق، ئۇ ستۇئارت بىلەن توي قىلىدىغانغا ئاساسەن كېلىشىپ بولدى. بويدنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بويدنى ياراتماسىمىش. بولمىسا بويدمۇ ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى.

— سىلەرگە ھەقىقىي ئەھۋالنى دېسەم، — دېدى خونېي سىرلىق تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭ كۆڭلىگە پەقەت بىرلا ئادەم ياقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئاشلېي.

بۇ گەپ بىلەنلا، بىرسى بىر نېمە دەپ، يەنە بىرسى بىر نېمە دەپ، گەپ كۆپىيىپ كەتتى. سكارلېت ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قورقتى ھەم نومۇس قىلدى، ئىچى مۇزدەك بولدى. خونېي ئەرلەرگە كەلگەندە ئەخمەقرەك بولغىنى بىلەن ئاياللارغا ئىنتايىن سەزگۈر ئىكەن ئەمەسمۇ، سكارلېت ئۇنىڭغا سەل قاراپ قاپتۇ.

سىكارلېتنىڭ پەستىكى ئۆيدە ئاشلېي بىلەن باتلېرنىڭ ئالدىدا تارتقان ئازابى بىلەن خورلۇقىنى بۇ يەردىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ يەردىكىسى پاشا چاققانچىلىكمۇ ئەمەس ئىدى. ئەرلەر ھەر ھالدا سىرىڭنى ساقلايدۇ، ھەتتا باتلېرغا ئوخشاش ئادەملەرمۇ شۇنداق. ئەمما، خونېيىنىڭ ئاشۇ ۋالاقتەگكۇر ئاغزىغا چىقىپ قالغان گەپ سائەت ئالتىگە قالماي پۈتۈن ناھىيەدىكى ئادەملەرنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ بولىدۇ. تۇنۇگۇن ئاخشاملا دادىسى گېرالد سىكارلېتقا، باشقىلارنىڭ سېنى مەسخىرە قىلىپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن، دېگەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى مەسخىرە قىلىشىۋاتىدۇ. بۇنى ئويلاپ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن پۇررىدە تەر چىقىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا مېلانىيەنىڭ ئاۋازى ھەممىسىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى، گېپىنىڭ تورى بار ئىدى ھەم ئۇلارنى ئازراق ئەيىبلىگەندەكمۇ مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— خونېي، سەن ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق گەپ قىلساڭ سەت ئەمەسمۇ.

— شۇنداققۇ، مېلانىيە. سەن يامان ئادەملەرنى ئادىتىڭ بويىچە ياخشى ئادەم دەپ قارىساڭلا، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭ. مەن ئۇنى شۇنداق دەيمەن، ئۇمۇ دەرد تارتىپ باقسۇن. ئۇ دائىم ئادەمگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپلا يۈرىدۇ، خەقلەرنىڭ يىگىتلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئارانلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىندىيادىن ستۇئارتنى تارتىۋالغانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەن، يا ئۇنىڭ بىلەن يۈرمەيدۇ. بۇگۈن يەنە كېننېدى بىلەن ئاشلېينى، يەنە چارلىسنى تارتىۋالماقچى بولدى ...

«مەن دەررۇ ئۆيۈمگە كېتەي، — دەپ ئويلىدى سىكارلېت، — ھازىرلا ماڭاي.»

ئۇ بىرەر سېھىر ئىشلىتىپ، ئۆزىنى ھازىرلا تارا قورۇقىدا، ئەڭ بىخەتەر جاي بولغان ئۆز ئۆيىدە كۆرۈشنى، ئاپىسىنىڭ

باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئېتەكلىرىنى كۆزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ بۈگۈن تارتقان دەرد - ئەلەملىرىنى بىرسىنى قويماي سۆزلەپ بېرىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئىچكىرىدە بولۇۋاتقان گەپلەرنىڭ داۋامىنى ئاڭلىمىغان بولسا، ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ خونېيىنىڭ رەڭسىز چاچلىرىنى بىرسىنى قويماي يۇلغان، ئاندىن مېلانىيەنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، ئۇنىڭ ساختىپەزلىكىگە ئۆزىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ بۈگۈن قىلغۇلۇقنى تازا قىلدى، تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاق تەنلىكلەردىن قېلىشمىدى، شۇڭا سەل تىلى تۇتۇق ئىدى.

ئۇ قوللىرى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى شىلدىرلاپ كەتمىسۇن دەپ مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، قىلچە شەپە چىقارماي ئاستا - ئاستا كەينىگە شوخشىدى. «ئۆيگە قايتىپ كېتەي.» ئۇ بۇ گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يېڭى بىر خىيال بىلەن ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەتمەسلىكى، قاچماسلىقى، ئاخىرىغىچە بۇ يەردە تۇرۇشى، قىزلارنىڭ بارلىق سېسىق، تەنە گەپلىرىگە، ئۆزىدىكى نومۇسلىنىشلارغا، دەرد - ئەلەملىرىگە چىداشلىق بېرىشى كېرەك. قېچىپ كەتسە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشىغا گەپ تېپىپ بېرىدۇ.

سكارلېت مۇشتىنى تۈگۈپ يېنىدىكى ئاپپاق تۈۋرۈككە مۇشتلاپ، شۇ تۇرقىدىلا سامسۇنغا ① ئايلىنىپ كەتكۈسى كېلىپ

① «ئىنجىل — تەۋرات»: سامسۇن چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە ئىسرائىلىيەلىك پالۋان، پىلىسلاردىن خوتۇن ئالغان. كېيىن پىلىسلار ئۇنىڭ خوتۇنى دېلىلانى ئېرىگە خائىنلىق قىلدۇرغان. دېلىلا ئۇنىڭ بارلىق كۈچ - قۇدرىتىنىڭ چېچىدا ئىكەنلىكىنى ئۆزىدىن بىلىۋېلىپ، ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن پىلىسلار ئۇنى باغلىۋېلىپ قاتتىق خورلىغان. سامسۇن خورلۇققا چىدىماي تەڭرىدىن ئۆزىگە يەنە بىر نۆۋەت كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلغان، ئاندىن ئوردىنىڭ تۈۋرۈكىنى ئىككى قولى بىلەن يۇلۇپ تاشلاپ، دۈشمەنلىرى بىلەن بىللە ئۆلۈپ تۈگىگەن.

كەتتى. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ ھەربىر ئادىمىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن، ھەممىسىنى قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدۇرغان، ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويغان بولاتتى. ئەمما، قانداق قىلسا شۇ مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئىشقىلىپ، ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى، ئۇلارغا ئۆزىگە قىلغىنىدىن بەتتەر قىلىشنى ئويلايتتى.

ئۇنىڭ قەلبىدىن بۇرۇنقى ئاشلىبي پۇتۇنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇرۇن سىكارلېت ياخشى كۆرگەن، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان قامەتلىك ئاشلىبي ئەمەس، ۋىلكېس ئائىلىسىنىڭ ۋە «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىنىڭ، ناھىيەنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن نەپرەتلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلدى. ئون ئالتە ياشلىق بىر قىز ئۈچۈن شۆھرەتكە بېرىلىش مۇھەببەتكە قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ غەزەپلىك يۈرىكىدە نەپرەتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قالمىدى.

«مەن كەتمەيمەن، — ئويلىدى ئۇ، — بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن، ئۇلارغا ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويىمەن. بۇ ئىشلارنى ئاپامغا مەڭگۇ تىنمايمەن، باشقا ھەرقانداق ئادەمگىمۇ تىنمايمەن.» ئۇ ئۆزىگە ئۆزى مەدەت بېرىپ، پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتى - دە، باشقا بىر ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

سىكارلېت كەينىگە بۇرۇلۇپ، چارلېسنىڭ باشقا ئىشىكتىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ سىكارلېتنى كۆرۈپلا بۇ ياققا كەلدى، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەندى، چىرايىمۇ ھاياجاندىن جىددىيلىشىپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ سىكارلېتنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلە - كەلمەستىنلا ئۇنلۇك

سۆزلەپ، — ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ پائۇل ۋىلسون جونىبسبورودىن خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ.

چارلىس بىردەم توختىۋېلىپ، ھاسىرىغان پېتى ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. سىكارلېت بىر ئېغىز گەپ قىلماي، ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپلا تۇراتتى.

— لىنكولىن ئەپەندى ئەسكەر ئېلىشنى باشلاپتۇ، پىدائىي ئەسكەرلەرنى دېمەكچىمەن. يەتمىش بەش مىڭ ئەسكەر ئاپتۇدەك.

يەنە لىنكولىن ئەپەندىنىڭ گېپىمۇ؟ ئەرلەر زادى ھەقىقىي مۇھىم ئىشلارنىمۇ ئويلامدىغاندۇ؟ يەنە بىر تەلۋە كېلىپ سىكارلېتنىڭ لىنكولىننىڭ يارىماس قىلىقلىرىغا قارىتا نەپرىتىنى قوزغىماقچىمۇ؟ ئۇنىڭ دەردىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئاشقۇدەك تۇرسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابرۇيىمۇ يەرگە ئۇرۇلغان.

چارلىس ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى، سىكارلېتنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى، بىر جۈپ كۆزى يېشىل ياقۇتتەك پارقىراپ تۇراتتى. چارلىس قىزلارنىڭ چىرايىدا بۇنداق غەزەپنى، كۆزلىرىدە بۇنداق نۇرنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— مەن نېمىدېگەن دۆت، — دېدى ئۇ، — بۇ گەپنى سىزگە ئاستا - ئاستا دېسەم بولماپتى. قىزلارنىڭ نازۇك كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. سىزنى شۇنچىلىك قورقۇتۇۋەتكىنىمگە قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەن. ھوشىڭىزدىن كېتىدىغاندەك ئەمەستۇرسىز؟ بىر ئىستاكان سۇ ئەكېلىپ بېرەيمۇ؟

— ياق، — دېدى سىكارلېت. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ چىرايىغا كۈلكە بېرەلمىدى.

— سىرتقا چىقىپ بىردەم ئولتۇرايلى، بولامدۇ؟ — سورىدى ئۇ سىكارلېتنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ.

سىكارلېت بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭ بىلەن چارلىس ئۇنى قولتۇقلاپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتىن ئۆتۈپ، ئالدىنقى

ھويلىدىكى يوغان كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئۆزىنى ئورۇندۇقتا ئېلىپ كەلدى. ئايال كىشى نېمىدېگەن ئاجىز، نېمىدېگەن يۇمران، ئويلىدى چارلېس، ئۇرۇش ياكى يامان ئىشلارنىڭ گېپى چىقسىلا ھوشىدىن كېتىدىكەن. بۇ خىيال بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئەرلەرگە خاس جاسارەتكە تولغان ئادەم دەپ ئويلىدى ۋە سكارلېتنى ئاۋايلاپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. سكارلېتنىڭ شۇ تۇرقىدىكى چىرايى غەلىتىلا ئىدى، ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدىن بىر خىل ياۋايى گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ چارلېسنى ئەنسىزلىك چىرمىۋالدى. سكارلېت ئۇنىڭ ئۇرۇشقا بارماقچى بولغىنى ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ كېتىۋاتامدىغاندۇ؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمىسە ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۇنداق غەلىتە قارايدۇ؟ نېمىشقا ياغلىقىنى ئويناپ ئولتۇرغان قوللىرى توختىماي تىترەيدۇ؟ يەنە تېخى ئۇنىڭ قويۇق ۋە قاپقارا كىرپىكلىرىدە مۇھەببەت ھېكايىلىرىدە ئوقۇغان قىزلارنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش ئىزا ۋە مۇھەببەت ئۇچقۇنلاپ تۇرىدۇ؟

چارلېس گەپ قىلماقچى بولۇپ بىرنەچچە قېتىم گېلىنى قىرىپ قويدى، لېكىن زادىلا گەپ قىلالمىدى، دەررۇ يەرگە قارىۋالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزلىرى سكارلېتنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتكۈدەك ئۆتكۈر ۋە ئۇنىڭغا پەرۋاسىز يېشىل كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى.

«ئۇنىڭ پۇلى كۆپ، — سكارلېتنىڭ كاللىسىدىن ئىتتىكلا بىر خىيال ۋە بىر پىلان لىپ قىلىپ ئۆتتى، — بىزگە كاشىلا بولىدىغان ئاتا - ئانىسىمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلانتادا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دەرھال توي قىلسام ئاشلېي مېنىڭ ئۆزىگە ئانچە قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىمنى چۈشىنىدۇ، ھەتتا ماڭا چاقچاق قىلغانىكەن، دەپ بىلىشىمۇ مۇمكىن. خونېينىمۇ زەردىگۈش قىلىۋېتەلەيمەن، ئۇ ئۆزىگە مەڭگۈ يىگىت تاپالمايدۇ، باشقىلارمۇ

ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. مىلانىيە ئازابلىنىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئاكىسىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ. سىتۇئارت بىلەن بويدمۇ ئازابلىنىدۇ، — سىكارلېت ئۆزىنىڭ ئۇ ئىككىسىنى نېمىشقا ئازابقا سالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بەلكىم ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىك سىڭىللىرى ئۇچۇندۇ، — شۇنىڭ بىلەن پۈزۈر پەيتونغا ئولتۇرۇپ، ئاجايىپ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ بۇ يەرگە كەلسەم، ھەممىسىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، مېنى مەڭگۈ مەسخىرە قىلىشمايدىغان بولىدۇ.»

— ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلار ئۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، — چارلېس خېلى كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئاران مۇشۇ گەپنى قىلالىدى، — ئەمما سىز ئەنسىرىمەڭ، سىكارلېت خانقىز، بىر ئاي ئىچىدە ئىش تۈگەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋېتىمىز. مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسام بولمايدۇ. مەن بۈگۈن ئاخشام بولىدىغان تانسىغا قاتنىشالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن، چۈنكى قوشۇن جونېسبوروغا يىغىلىدىغان بوپتۇ. تارلېتوننىڭ ئوغۇللىرى كۆپچىلىككە خەۋەر قىلغىلى كەتتى. بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، خانىم ـ قىزلارنىڭ چوقۇم كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

سىكارلېت جاۋابەن «ھىم» لا دەپ قويدى، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە دېيىشنى بىلمىدى، مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ئىدى.

ئۇ ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا بېسىۋالدى، پىكرىمۇ يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىن كەيپىياتىنى قىرووۋ باسقانىدى. ئۇنىڭچە، ئۆزىدە ئەمدى ئۇنداق ئىللىق ھېسسىياتلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ نېمىشقا ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى مەڭزى قىزىل بۇ چىرايلىق يىگىتنى قولىغا ئالمايدۇ؟ ئۇ باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭغىمۇ قىزىقمايتتى، ئۇنىڭغىلا ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن توقسان ياشقا كىرگۈچىمۇ ھەرقانداق نەرسىگە قىزىقماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

— مەن هازىرغىچە ۋاد خامپىتون ئەپەندىنىڭ جەنۇبىي كارولىنا دىۋىزىيەسىگە قاتنىشىش ياكى ئاتلانتا شەھەرلىك مۇداپىئە گارنىزونىغا كىرىش ئۈستىدە بىر قارارغا كېلەلمىدىم.

سكارلېت يەنە «ھىم» دەپ قويدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. چارلېس ئۇ كۆزلەرنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويدى.

— سىز مېنى ساقلىيالامسىز، سكارلېت خانىقىز؟ سىز ... سىزنىڭ مېنى ئۇلارنى يوقاتقۇچە ساقلىغىنىڭىزنى بىلسەم، جەننەتتە ياشىغاندەك شۇنچىلىك بەختلىك بولاتتىم، — چارلېس دېمىنى چىقارماي ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتتى. ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ كىچىككىنە بىر ھەرىكىتى بىلەن پەيدا بولغان زىنىخلارغا تۇنجى قېتىم دىققەت قىلىپ، ئۇ زىنىخلارغا سۆيۈۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. شۇنداق قىلالىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە. شۇ ئارىدا سكارلېتنىڭ ئالىقىنى قىزىپ تۇرغان بىر قولى چارلېسنىڭ قوللىرى ئۈستىگە قويۇلدى.

— مېنىڭ ئۇنداق ئۇزاق ساقلىغۇم يوق، — دېدى سكارلېت كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ.

چارلېس ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئاغزى يوغان ئېچىلىپ قالغانىدى. سكارلېت كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنى كىشىلەر ئارىلىرى بىلەن سانجىپ ئالىدىغان پاقىغا ئوخشاتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم گەپ قىلالماي كېكەچلەپ كەتتى، ئاغزى بىر ئېچىلىپ، بىر يۇمۇلاتتى، يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى.

— سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىڭىز مۇمكىنمىدۇ؟

سكارلېت زوۋۇان سۇرمىدى، بېشىنى سىلىپ كۆڭلىكىگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. چارلېس بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمەي، بىردە شېرىن خىياللارغا بېرىلەتتى، بىردە دەرگۇمانىدا بولاتتى. بەلكىم يىگىتلەر قىزلاردىن بۇنداق سوئاللارنى سورىماس

بولغىيدى. بۇنداق سوئاللارغا توغرىدىن - توغرا جاۋاب بېرىش قىزلارنىڭ يۈزىگە سەت بولىدىغان ئىشمۇ تېخى. چارلېس ئىلگىرى بۇنداق ئىشقا ئۇچراپ باقمىغاچقا، نېمە دېيىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇۋلىغۇسى، ناخشا ئېيتقۇسى، ئۇنى سۆيگۈسى، چىملىقنىڭ ئەتراپىدا سەكرەپ ئوينىغۇسى، ئاندىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بارلىق ئادەملەرگە: ئاق تەنلىكلەرگە، نېگىرلارغا سۆزلەپ بەرگۈسى كېلەتتى، ئەمما ئورنىدىن مىدىرلىيالمايتتى، سكارلېتنىڭ قولىنى ئۆزۈكى قولىغا پېتىپ ئاغرىتىۋەتكۈچە چىڭ سىقىپ ئولتۇراتتى.

— پات ئارىدا مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسىز، سكارلېت خانقىز؟

سكارلېت بۇرنىدا يەنە «ھىم» دەپ قويۇپ، كۆڭلىكىنىڭ قاتلاقلىرىنى ئويناپ ئولتۇرىۋەردى.

— مېلانىيەلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا توي قىلساق بولامدۇ؟

— ياق! — دېدى ئۇ دەررۇلا. يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى چارلېسقا مۇلايىم تىكىلدى. چارلېس ئۆزىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى شۇئان بىلدى. ئەلۋەتتە، قىزلار ئۆزىنىڭ تويىنىڭ ئايرىم بولۇشىنى خالايدۇ. توي شەرىپىنى باشقىلار بىلەن تەڭ كۆرسە قانداق بولىدۇ؟ شۇ گەپ بىلەن چارلېس، مەن قاتتىق خاتا ئىش قىلدىم، ئۇنىڭ كەچۈرۈۋېتىشى ناھايىتى قىيىن ئىش، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ، بالدۇرراق كەچ بولسا، قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قوللىرىغا سۆيسەم، ئىچىمدىكى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەۋالسام، دەپ ئويلايتتى.

— دادىڭىز بىلەن بۇ توغرۇلۇق قاچان سۆزلەشسەم بولار؟

— قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — دېدى سكارلېت تېزلا جاۋاب بېرىپ. يەنە بىر تەرەپتىن، چارلېس ئۆزۈك بار قولىنى قاتتىق سىقىپ ئاغرىتىۋاتقاچقا، چاپسانراق قويۇۋەتسىكەن،

دەپمۇ ئويلاۋاتاتتى، بولمىسا ئىلاجسىز ئۇنىڭدىن شۇنداق قىلىشنى ئۆتۈنەتتى.
چارلېس ئۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا سەكرەپ كەتتى. سكارلېت ئۇنى قىن ـ قىنىغا پاتماي ھويلىنىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ ـ سەكرەپ كېتەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى، پاك ۋە ساددا يۈرىكىنى ئەينەن ھالدا كۆزلىرىدە تولۇق ئىپادىلەپ بېرىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپلا تۇردى. ئىلگىرى ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق نەزەردە قاراپ باقمىغانىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم قارىمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا غەلىتە داۋالغۇشلار بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، چارلېس كۆزىگە خۇددى موزايدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.
— مەن ھازىرلا دادىڭىزنىڭ يېنىغا بارىمەن، — دېدى چارلېس خۇشال ھالدا، — ئەمدى ساقلاپ تۇرالمايمەن. سۆيۈملۈكۈم، مېنى كەچۈرەمسىز؟ — بۇ يېقىملىق ئىبارىلەرنى ئۇ ناھايىتى تەستە ئاغزىدىن چىقىرالىدى، كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىۋەتتى.
— بولىدۇ، — دېدى سكارلېت جاۋابەن، — سىزنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، بۇ يەر سالقىن، جانغا راھەت ئىكەن.
ئۇ كەتتى، چىملىقتىن ئۆتۈپ ئۆينىڭ كەينىگە قاراپ ماڭدى. سكارلېت شامالدا شىلدىرلاپ تۇرغان دەرەخ ئاستىدا قالدى. ئات ئېغىلى تەرەپتىن ئەرلەر ئاتلىرىغا مىنىشىپ ئۇزۇلمەي ئۆتۈپ تۇرۇۋاتاتتى، نېگىر چاكارلىرى كەينىدە ئىدى. مۇنرو ئائىلىسىنىڭ يىگىتلىرى شىلەپىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. فونتائىن بىلەن كالۋېرت ئائىلىسىدىكىلەر چۇقان ـ سۈرەن بىلەن ئاللىبۇرۇن چوڭ يولغا چىقىشىپ بولغانىدى. تارلېتون ئائىلىسىنىڭ تۆت يىگىتى سكارلېتنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتىن كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى. بويد: «ئاپام بىزگە ئاتلىرىنى بېرىدىغان بولدى! ئا ... ھا ـ ھا !...» دەپ توۋلاپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىپ، سكارلېت ئۆزى يالغۇز قالدى.
ئاپپاق ئۆيلەر تۇۋرۇكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، سكارلېتقا كۆز ئالدىدىن خۇددى ئۆزىنىڭ سەلتەنەتىنى يوقاتماي، ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدى بۇ ئۆيلەر مەڭگۈ ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولمايدۇ، ئاشلېيمۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقان پېتى بۇ ئۆيلەرنىڭ بوسۇغىسىدىن مەڭگۈ ئاتلاپ كىرمەيدۇ. ئاھ، ئاشلېي، ئاشلېي! مەن زادى سىزگە نېمە قىلدىم؟ ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىكى قىرووۋ باسقان بىر يېرىدە بىر نەرسە قورقۇنچلۇق قىمىرلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ ھېسسىياتى تۇغۇلماقتا ئىدى، بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ياكى جاھىل شەخسىيەتچىلىكىدىنمۇ ئۆتە كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئاشلېينى سۆيەتتى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلەتتى. بۇ نۇقتىنى ئۇ شېغىل ياتقۇزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى تار يولدا كېتىۋاتقان چارلېسنىڭ قارىسى كۆز ئالدىدىن يىتكەن چاغدىكىدەك ئۇنداق چوڭقۇر ھېس قىلىپ باقمىغانىدى.

## يەتتىنچى باب

سكارلېت ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا قىزلىق دۇنياسىدىن جۇۋانلىق دۇنياسىغا قەدەم تاشلاپ باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا ئايلاندى، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن تۇل قالدى. ئويلاشماي ئالدىراپلا بويىنىغا سېلىۋالغان بويۇنتۇرۇقتىن ناھايىتى تېزلا قۇتۇلغىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىدا، قىز ۋاقتىدىكى غەمسىز، ئەركىن ھاياتتىن پەقەتلا بەھرىمەن بولالمىدى. ئۇنىغانغا يونىغاندەك، ئۇزاق ئۆتمەي بالىلىقمۇ بولۇپ قالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، 1861 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئاشۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ قالسا، سكارلېت ئۇ كۈنلەردىكى ئىشلارنىڭ تەپسىلاتلىرىنى زادىلا ئېسىگە ئالالمايتتى. ۋاقىت ۋە بولغان ئىشلار، خۇددى راستى بىلەن يالغىنىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان يامان چۈشكە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. تاكى ئۇ جان ئۈزگەن كۈنگە قەدەر ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىدىكى خېلى كۆپ جايلار بوش پېتى قېلىۋەردى. بولۇپمۇ ئۇ چارلېس بىلەن تويلىنىشقا ماقۇل بولغان كۈندىن تارتىپ توي بولغان كۈنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئىنتايىن گۇڭگا ئىدى. چۈنكى، ئۇ كۈنلەر ئاران ئىككىلا ھەپتە ـ دە! تىنچ كۈنلەردە توي قىلغۇچە بولغان ئارىلىقنىڭ مۇنداق قىسقا بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئارىلىقتا بىر يىل، ھېچبولمىغاندا ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. بىراق، جەنۇبتا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان، ھەرقانداق ئىشلار چاقماق تېزلىكىدە كېتىۋاتقان بولغاچقا، ئىلگىرىكىدەك ئىشلارنى ئالدىرىماي، كەينىگە سۈرۈپ قىلىدىغان ئادەتلەر بارسا كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئېللېن ئالدىراپ قالدى، ئۇنىڭ تويىنى يەنە ئازراق كەينىگە سۈرگۈسى بار ئىدى، شۇنىڭغىچە سكارلېتنى ئوبدانراق ئويلىنىۋالار، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، سكارلېت ئاپىسىنىڭ بۇ تەكلىپىنى سىلىقلىق بىلەن رەت قىلدى. ئۇ توي قىلىشى كېرەك، قىلغاندىمۇ دەررۇ، ئىككى ھەپتىنىڭ ئىچىدە قىلىۋېتىشى كېرەك.

سكارلېت ئاشلېيىنىڭ دەررۇ قوشۇنغا قاتنىشىش ئۈچۈن تويىنى كۈزدە ئەمەس، بىرىنچى مايدا قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ تويىنى ئۇنىڭ تويىدىن بىر كۈن ئاۋۋال قىلىدىغانغا توختاتتى. ئېللېن قارشى تۇرغانىدى، چارلېس يېڭى بىر سەۋەبنى دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن قوشۇلۇشنى تەلەپ

قىلدى. چۈنكى، ئۇمۇ جەنۇبىي كارولىنادىكى ۋاد خامپىتونىڭ قوشۇنىغا بىرىنشقا ئالدىراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرالدمۇ بۇ ئىككى ياشنىڭ ئىشنى قوللايتتى. گېرالد شۇ كۈنلەردە ئۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقى بىلەن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، سكارلېتنىڭ مۇشۇنداق ياخشى بىر يىگىتنى تاللىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ ئۇرۇش پارتلاي دەپ تۇرغاندا بۇ ئىككى ياشنىڭ ئالدىنى قانداق توسۇيدۇ؟ ئېلىپ پىكىرلىرى چىگىچلىشىپ، ئاخىر جەنۇبلۇق باشقا ئانىلارغا ئوخشاش ئۇلارغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئەركىن - ئازادە تۇرمۇشى ئەمدى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بالىلارنى باشلاش، يولغا سېلىش، تەربىيەلەشلەرنىڭ قىلچە ھاجىتى قالمىدى، ئۇلارنى يۆگەپ كېتىۋاتقان غايەت زور كۈچ ئالدىدا ئۇلار ئامالسىز ئىدى.

پۈتۈن جەنۇب قىزغىن ھاياجان ئىچىدە ئىدى، ھەممىلا ئادەم بىرلا جەڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ياشلار ئۇرۇشنىڭ تېزلا تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشكەندەك، ئالدىراپ - تېنەپ ئۆزلىرىنى ئەسكەرلىككە تىزىملىتىۋاتاتتى. ئوخشاشلا ۋىرگىنىيەگە بېرىپ شىماللىقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە ئالدىرىشىپ، سۆيگەن قىزلىرى بىلەن ھاپىلا - شاپىلا توي قىلىشىۋاتاتتى. ناھىيەدە بۇنداق تويلاردىن نەچچە ئونى بولدى، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئايرىلىشتىن كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىدىغانغا ۋاقتى يوق ئىدى، ھەممىسىلا ئالدىراش، ھەممىسىلا ھاياجاندا بولغاچقا، ئەستايىدىل ئويلىنىشقا ۋە ئۆزئارا ياش تۆكۈشلەرگە چولا تەگمەيتتى. خانىم - قىزلار ھەربىي كىيىم تىكىش، پايپاق توقۇشلار بىلەن، ئەرلەر ھەربىي مەشىق، قارىغا ئېتىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى. تۈركۈم - تۈركۈم پويىزلار ھەر كۈنى جونېسبورودىن شىمالدىكى ئاتلانتا بىلەن ۋىرگىنىيەگە ئەسكەر

تۇشۇپتتى. بەزى ئەسكەرلەر توق قىزىل، بەزىلىرى ئاچ كۆك ھەربىي كىيىملەرنى كىيىشىۋالغانىدى. بەزىلىرىنىڭ ئۇچىسىدا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشىل كىيىملىرىمۇ تۇراتتى. ھەممىسىلا تولۇق مەشىق كۆرمىگەن، قورالللىرىمۇ ئېگىز - پەس قوشۇن ئىدى، ئەمما بىر يەرگە زىياپەتكە كېتىۋېتىشقاندەك روھلۇق، قوپال ۋە خۇشال - خۇرام توۋلىشىپ كېتىۋېتىشۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ، بۇ يەرنىڭ ياشلىرى خۇددى ئۆزلىرى يېتىپ بارغۇچە ئۇرۇش تۈگەپ قالىدىغاندەك ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جەڭ تەييارلىقى تېخىمۇ جىددىيلەشتى.

مۇشۇ قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدە سىكارلېتنىڭ توي تەييارلىقىمۇ قىلىنىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇ ئالدىراشچىلىقتا، ئاپىسىنىڭ توي كۆڭلىكى بىلەن ياغلىقىنىڭ ئۇچىسىغا قانداق چىقىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. ئارقىدىنلا كەڭ پەلەمپەيدىن ئاستا مېڭىپ چۈشۈپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. تويدىن كېيىن ئۇ شۇ كۈندىكى ئىشلارنى چۈشىدىكىدەك ئەسلەپ، تاملارغا مىخلاپ شاملارنىڭ قادىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئاپىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئېچىنىش ۋە يىغلامسىرىغاندەك ئىپادە چىقىپ تۇرغانلىقىنى، لەۋلىرىنىڭ بوش مىدىرلاپ، قىزىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىچىدە دۇئا ئوقۇۋاتقانلىقىنى، ئازراق كەيپ بولۇپ قالغان دادىسىنىڭ پۈللۇق، ئېسىلزادە، نام - ئابرۇيى بار كۈيئوغۇلغا ئېرىشكىنىدىن مەغرۇرلىنىپ، خۇشاللىقىدا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى ... يەنە ئاشلېينىڭ مېلانىيەنى قولتۇقلاپ، پەلەمپەينىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

شۇ كۈنى ئۇ ئاشلېينىڭ چىرايىدىكى ئىپادىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «بۇنىڭ راست بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، مېنى قارا بېسىۋاتىدۇ. چۈشۈمدىن ئويغانساملا قارا بېسىپ قالغانلىقىنى بىلىمەن. ھازىر ئۇنى ھەرگىز ئويلىماي،

بولمىسا بۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تۇۋلاپ سالىمەن. ھازىر ئۆيلىسام بولمايدۇ، كېيىن ئۆيلاي، شۇ چاغدا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمەيمەن» دەپ ئويلاپ كەتتى.

ئۇ خۇددى چۈشىدىكىدەك، كۆلۈشۈپ تۇرغان ئىككى قاتار ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن مېڭىپ ئۆتۈپ كەتتى. چارلېسنىڭ تۇتۇلۇپ سۆزلەشلىرى، ئۆزىنىڭ جاۋابلىرى، ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئېنىق ۋە سوغۇق جاۋابلارمۇ ئۇنىڭ چۈشىدە بولۇۋاتاتتى. ئاندىن تەبرىكلەشلەر، سۆيۈشۈشلەر، قەدەھ كۆتۈرۈشلەر، تانسىلار باشلاندى، بۇلارمۇ سكارلېتنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇۋاتقاندەك ئىدى، ھەتتا ئاشلېينىڭ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇشلىرى، مېلانىيەنىڭ قۇلىقىغا: «قارالڭ، ئەمدى سىز مېنىڭ يەڭگەم بولدىڭىز» دەپ پىچىرلاشلىرىمۇ راست ئەمەس. چارلېسنىڭ سېمىز ھاممىسىنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپ ھوشىدىن كېتىشلىرىمۇ قاباھەتلىك چۈش تۇسىنى ئالغانىدى.

لېكىن، تانسا ۋە تەبرىكلەشلەر ئاخىرلىشىپ تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان، تارا قورۇقىدىكى ئۆيلەرگە سىغىپ كېتەلىگۈدەك ئاتلانتالىق مېھمانلار كارىۋاتلار، سافالار ۋە يەرگە سېلىنغان كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىپ ئۇخلاشقان، قوشنىلار ئەتىسى «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە بولىدىغان تويغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە قايتقان چاغدا، سكارلېتنىڭ كاللىسىدىكى چۈش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلا رېئاللىقنى كۆرۈپ، خۇددى چېقىلغان ئەينەكتەك كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. ئۇ رېئاللىق سكارلېتنىڭ پەرداز ئۆيىدىن كېچىلىك كىيىمى بىلەن چىقىپ كەلگەن مەڭزى قىزىل چارلېس ئىدى. سكارلېت يۇزىگىچە تارتىۋالغان يوتقانىنىڭ ئۇستىدىن ئۇنىڭغا ھەيران قېلىۋاتقاندەك قارىغاندا، چارلېس ئىتتىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى.

سكارلېت يېڭى توي بولغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر يوتقاندا

ياتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن مەنمۇ شۇنداق قىلىمەنغۇ دېگەننى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىشنى ئاپىسى بىلەن دادىسىغا تەتبىقلىغاندا تەبىئىيلا ئىش ئىدى، ئەمما ئۆزىگە تەتبىقلاشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئاشۇ كۈندىكى باراۋەتتىن كېيىن، سكارلېت ئۆزىنىڭ ئۆزىگە نىمە ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى شۇ كۈنى تۈنجى قېتىم ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۆزى توي قىلىشنى ھەقىقىي خالىمايدىغان بۇ ناتونۇش يىگىت ئۇنىڭ قوينىغا كىرىدىغان چاغدا، سكارلېتنىڭ كۆڭلى ئويلىماي قىلىپ قويغان ئىشى ئۈچۈن پۇشايمانىدا، ئاشلېيدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تارتىۋاتقان ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئازابلانماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا، ئۇ ئىككىلىنىپ رەك كارىۋاتقا يېقىنلىشىۋاتقان چارلېسنى قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپ جايىدا توختىتىپ قويدى.

— ماڭا يېقىن كېلىدىغان بولسىڭىز بار ئاۋازىم بىلەن توۋلايمەن، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. نېرى كېتىڭ، ماڭا يېقىن كەلمەڭ!

شۇنىڭ بىلەن چارلېس توي بولغان بۇ ئاخشامنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدى ۋە شۇنىڭغىمۇ رازى بولدى. چۈنكى، يېڭى ئالغان خوتۇنىنىڭ تولىمۇ نومۇسچان، تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ياكى ئۆزىچە بىلىمەن، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، خوتۇنىنىڭ قورقۇنچىسى بېسىلغۇچە ساقلاشقا رازى ئىدى. بىراق، پىرقىرايدىغان ئورۇندۇقتا ئۇيان - بۇيان بۇرىلىپ بەكمۇ بىئارام بولدى. پات ئارىدا ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان بولغاچقا، ئىچى سىقىلىپ توختىماي ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

سكارلېتنىڭ تويى قاباھەتلىك چۈشتەك ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىكىسى ئاشلېينىڭ تويى ئىدى. سكارلېت توينىڭ ئەتىسى كىيىدىغان ئالمارەڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە تويغا باردى. زالنىڭ ئىچى نەچچە يۈزلىگەن

شامىنىڭ يورۇقى بىلەن يورۇپ كەتكەنىدى، تۇنۇگۇن ئۇنىڭ تويىغا بارغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنمۇ بار ئىدى. سىكارلېت مېلانىيە خاملىتوننىڭ ئادەتتىكىدەك چىرايىنىڭ خۇددى ۋىلكېس ئائىلىسىگە كېلىن بولغىنىغا بۆلەكچىلا خۇش بولۇپ كەتكەندەك نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئەمدى ئاشلېي مەڭگۈ سىكارلېتقا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. ئاھ، ئۇنىڭ ئاشلېيسى! ياق، ھازىر ئۇنىڭ ئەمەس. ئەمىسە بۇرۇن ئۇنىڭمىدى؟ بۇ خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر كاللەك چىگىچ يېپتەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، كۆڭلى پاراكەندە ئىدى. ئاشلېي بۇرۇن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇلارنى زادى نېمە ئىش ئايرىۋەتتى؟ شۇنى بىلگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. چارلېس بىلەن توي قىلىپ بارلىق ئۇششاق گەپلەر بېسىلدى، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بولدى؟ شۇ چاغدا ئۇ مۇھىم ئىش بولغىنى بىلەن، ھازىر قىممىتىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى ئاشلېي ئىدى، ئەمدى ئۇ يوق، ئۆزى بولسا زادى ياخشى كۆرمەيدىغان ھەم ئۆزى مەنسىتمەيدىغان بىر ئادەم بىلەن توي قىلىپ كەتتى.

ئاھ! سىكارلېت شۇ ئىشى ئۇچۇن ھازىر شۇنچىلىك قاتتىق پۇشايماندا. ئۇ دائىم خەقلەردىن، خەققە يامانلىق قىلغان ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىگە قىلىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلايدىغان. ھازىر ئۇ قۇرۇق گەپ بولماي قالدى، ئاساسى بار ئىكەن، سىكارلېت ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندى. چارلېستىن قۇتۇلۇپ، تارا قورۇقىدا قىز ۋاقتىدىكىدەك ئەركىن يايراپ يۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان چاغدا، ئۆزىگە ئۆزى قىلىپ قويغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئاپىسى ئۇنى توسۇپ نەسىھەت قىلغاندا، ئۇنىڭ گېپىنى زادىلا ئاڭلىمىغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت ئاشلېينىڭ تويى بولغان ئاخشىمى خۇددى بىلمەي كېچىچە تانسا ئويناپ چىقتى، گەپلىرى،

كۈلۈشلىرى ياسىما ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىغا ھەيران ئىدى، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئازابىنى چۈشەنمەي، تويى قىلىپ بەختىنى تاپقان قىز، دەپ ئويلىشىۋاتاتتى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇلار ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەردىنى بىلىشمىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى نېگىر ئانا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. چارلېس تۈنۈگۈنكىدەك بۈگۈنمۇ يەنە كېچىنى ئورۇندۇقتا ئۆتكۈزەرمەنمۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن پەرداز ئۆيىدىن چىقتى. شۇ ئارىدا سكارلېت يىغلاپ كەتتى. ئۇ بىر ئېغىز گەپ قىلماي يىغلايتتى، چارلېس يېنىغا كىرىپ يېتىپ بەزلىگەندىلا يىغىسىدىن توختىدى، ئاندىن بېشىنى چارلېسنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ بوش ئېسەدەشكە باشلىدى.

ئەگەر ئۇرۇش بولمىغان بولسا، ئۇلار بىر ھەپتە ئىچىدە ھەممە جايلارغا بېرىپ ئايلىنىپ، تانسىلارغا، باراۋەتلەرگە قاتنىشىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئاڭلاپ كەلگەن، ئاندىن ساراتوگاغا ياكى ئاق سالفۇرغا بېرىپ شېرىن ئايلىرىنى شۇ يەرلەردە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇرۇش بولمىغان بولسا، سكارلېت توينىڭ ئەتىسى، ئۆگۈنى، ئىندىنى، سىندىنى كىيىدىغان كىيىملەرنى تىكتۈرۈپ، فونتائىن، كالۋېرت ۋە تارلېتونلارنىڭ ئۆزىنىڭ شەرىپىگە بەرگەن زىياپەتلىرىگە كىيىپ بارغان بولاتتى. ئەمدى ئۇ زىياپەت ـ تانسىلار، شېرىن ئايلار يوق ئىدى. تويى قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن چارلېس ۋاد خامپتوننىڭ قوشۇنىغا كەتتى. يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئاشلېيمۇ ئالدىنقى سەپكە ماڭدى، پۈتۈن ناھىيە ئۇرۇشقا ماڭغانلارنى ئۇزىتىش قايغۇسىغا چۆمدى.

شۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە سكارلېت ئاشلېي بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىپ ياكى پاراڭلىشىپ باقمىدى. ئاشلېي پويىز ئىستانسىسىغا ماڭغاندا، تارا قورۇقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ يەردە بىرئاز تۇرۇپ ماڭدى. شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ

بىلەن يالغۇز پاراڭلىشىش پۇرسىتى بولمىدى. مىلانىيە بىشىدا شىلەپە، بوينىدا شارپا، ئاشلېينى قولتۇقلاپ يېڭى تويى بولغان قىزلارغا خاس لاتاپەت بىلەن كەلگەنىدى. تارا قورۇقىدىكى ھەممە ئاق تەنلىكلەر، قارا تەنلىكلەر چوڭ يولغىچە ئاشلېينى ئۇزىتىپ چىقتى.

— ئاشلېي، سىكارلېتنى سۆيۈپ قويمامسىز، ئۇ ھازىر مېنىڭ يەڭگەم، — دېدى مېلانىيە.

ئاشلېي ئېڭىشىپ مۇزدەك لەۋلىرىنى سىكارلېتنىڭ مەڭزىگە تەگكۈزۈپ قويدى، چىرايى تۇرۇك، قېتىپ قالغاندەك ئىدى. سىكارلېت بۇ سۆيۈشتىن ھېچقانداق لەززەت ھېس قىلمىدى، چۈنكى مېلانىيەنىڭ زورى بىلەن بولغاچقا، ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ قالغانىدى. مېلانىيە ماڭىدىغان چاغدا قۇچاقلىۋېدى، سىكارلېت تېخىمۇ بىئارام بولۇپ دەم ئالالماي قېلىۋاتقاندەك بولدى.

— ئاتلانتاغا بارغاندا پىتتىي ھاممام ئىككىمىزنى يوقلاپ بېرىڭ، بولامدۇ؟ بىز سىزنى سېغىنىمىز، قەدىرلىكىم، چارلېس خانىمنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگۈمىز بار.

ئارىدىن بەش ھەپتە ئۆتتى. بۇ ئارىلىقتا چارلېس شىمالىي كارولىنادىن سىكارلېتقا قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈپ نۇرغۇن خەت يازدى. خېتىدە ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى پىلانلىرى، سىكارلېت ئۈچۈن قەھرىمان دەپ نام ئالماقچى بولغانلىقى، قوماندانى ۋاد خامپتونغا بولغان ئېتىقادى توغرۇلۇق يازاتتى. يەتتە ھەپتىدىن كېيىن قوماندان ۋاد خامپتوننىڭ نامىدا بىر تېلېگرامما، ئارقىدىنلا سىلىق ۋە دەبدەبىلىك گەپلەر بىلەن تولغان بىر پارچە تەزىيە خېتى كەلدى. چارلېس ئۆلۈپ كەتكەنىدى. خامپتون ئۆز ۋاقتىدىلا تېلېگرامما بەرمەكچى بوپتىكەن، چارلېس ئۆيدىكىلەرنى پاراكەندە قىلغۇسى كەلمەي، پات ئارىدا ساقىيىپ قالىمەن، دەپ بەرگۈزمەپتۇ. بىچارە يىگىت ئېرىشتىم دەپ يۈرگەن مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولۇپلا

قالىماي، جەڭ مەيدانىدا شان ـ شەرەپكە ئېرىشمەكچى بولغان يۈكسەك غايىسىدىمۇ ئالدانغانىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپتۇ، ئارقىدىن پۈتۈن بەدىنىگە چېچەك چىقىپ، شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ جەنۇبىي كارولىنادىكى ھەربىي گازارمىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

كېيىن چارلېسنىڭ ئوغلى «ۋۇۋاپىق» بىر چاغدا دۇنياغا كەلدى. شۇ چاغنىڭ ئادىتى بويىچە بالىغا دادىسى قاتناشقان قوشۇن قوماندانىنىڭ ئىسمى قويۇلاتتى. شۇ بويىچە بالىغا ۋاد خامپىتون خامىلتون دەپ ئىسىم قويۇلدى. سكارلېت ئىككىقات بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن چاغدا ئۈمىدسىزلىنىپ قاتتىق يىغلىغان، ھەتتا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولغانىدى. لېكىن، ھامىلىدار مەزگىلىدە بىئارام بولىدىغان ئىشلار بولمىدى، تۇغۇتىمۇ ناھايىتى ئاسان بولدى، تۇغۇتتىن كېيىن تېزلا ئەسلىگە كەلدى. بالىغا ئۇنىڭ ئانچە مېھرى چۈشۈپ كەتمىدى، ئەمما ئاغزىدا ئۇنداق دېمەيتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بالا تۇغقۇسى يوق ئىدى، شۇڭا بالا تۇغۇلغاندا خۇشال بولۇپمۇ كەتمىدى، خۇددى بالا ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، ۋۇجۇدىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمىگەندەك ھېسسىياتتا بولدى.

ۋاد تۇغۇلۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، سكارلېتنىڭ سالامەتلىكى ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە تېز ئەسلىگە كەلدى، ئەمما روھىي جەھەتتە گاراڭدەك ۋە نېرۋىسى چېچىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. روھى چۈشكۈن ئىدى، پۈتۈن قورۇقتىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولدى. ئېللېن كەچكىچىلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، گېرالد تېخىمۇ خاپىغان بولۇپ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئادەم تىللايدىغان بولۇپ كەتتى. قېرى فونتائىن دوختۇرنىڭ قۇۋۋەت دورىلىرى بىلەن ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ

ئامالسىز قالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى ۋە ئېللېن خانىمغا، سىكارلېتنى قاتتىق قايغۇ مۇشۇنداق بىردەم ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىدىغان، بىردەم روھسىز جىمىپ كېتىدىغان قىلىپ قويغان، دېدى. ئەگەر سىكارلېتنىڭ گەپ قىلىشقا ھەپسىلىسى بولىدىغان بولسا، ئۇلارغا بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۇلار ئېيتقاندەك ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى. ئۇ پەقەت ئانا بولۇشتىن بىزار بولۇپ قاتتىق بېشى قاتقاچقا، ئەڭ مۇھىمى ئاشلىېنىڭ كەتكىنىگە چىدىماي قالغاچقىلا، غەم ـ قايغۇغا پېتىپ مۇشۇ ئەھۋالغا قالغانىدى.

ئۇنىڭ ئۇ خىل بىزارلىقى كۆچلۈك ھەم ئادەتتىكىدەك ئىدى. قوشۇن ئالدىنقى سەپكە كەتكەندىن كېيىن، باراۋەت ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى پەقەتلا بولمىدى. قىزغىن ۋە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كېلىدىغان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى كەتكەنىدى. قالغانلىرى قېرى ـ چۆرۈلەر، ئايااللار، مەجرۇھلار بولۇپ، ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە تىكىپ ـ توقۇش، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى، قوشۇنغا قوي، چوشقا، كالا، ئات دېگەندەك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشلەر بىلەن مەشغۇل ئىدى. سۇئېللېننىڭ ئوتتۇرا ياشلىق سۆيگىنى فىرانك كېننېدى تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەترىتىنى باشلاپ، ئارمىيەگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئايدا بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكىلەر شۇلاردىن باشقا ھەقىقىي ئەركەكلەرنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەترەتتىكى ئەرلەرمۇ ئادەمنى خۇش قىلالايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى، كېننېدىنىڭ قىزلارغا قورقۇمسىراپ تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان قىلىقىغا سىكارلېتنىڭ بەكمۇ ئۆچلۈكى كېلەتتى، بەزىدە ھەتتا ئۇنى سىلكىۋېتەتتى، تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ كەتسە، سۇئېللېن ئىككىسىنىڭ ئىشىنى بۇزۇۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى.

تەمىنات ئەترىتىدىكىلەر ئۆنىڭغا خۇشاللىق ئىلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ هازىرقى هالىتىنى ھېچقانداق قىلىپ ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئۇ هازىر يۈرىكى ئاللىبۇرۇن قەبرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن تۇل خوتۇن ئىدى، باشقىلارمۇ شۇنداق قارايتتى ھەم ئۇنى دۇنيادىن مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلىشاتتى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ چارلىبىنىڭ بىرەر ئىشىنى ئىسىمگە ئىلىپ باقايچۇ، دەپ ھەر قانچە ئويلىسىمۇ، ئۇنىڭ توي قىلىش تەلىپىگە قوشۇلغان كۈندىكى موزايغا ئوخشايدىغان قىياپىتىدىن باشقا ھېچنېمىسىنى ئىسىگە ئالالمايتتى، شۇ كۈنلەردە ئاشۇ قىياپىتىمۇ ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ تۇل خوتۇن، تۇل خوتۇنلارنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇشى كېرەك. قىزلارنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن ئۇ ئەمدى بەھرىمەن بولالمايتتى، جىددىي ھەم سوغۇق نەپەس بولۇشى كېرەك ئىدى. بىر كۈنى كېنىنېدىنىڭ قول ئاستىدىكى بىرسى ئۇنى ئىلەڭگۈچتە ئۇچۇردى. ئىلەڭگۈچ ئىگىز ئۇچقانسېرى سكارلېت شۇنچە قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ئىللېن ئۇنىڭغا شۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلىدى. ئىللېن ئۇنىڭ شۇنداق قىلىقلىرىنى كۆرسە قاتتىق ئازابلىناتتى، تۇل ئاياللارنىڭ ئۇستىدىن ئاسانلا گەپ چىقىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكەتتە ئىرى بار ياش ئاياللاردىنمۇ ئۆتە ئېھتىيات قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرەتتى.

«خۇدا بىلىدۇ، — دەپ ئويلايتتى سكارلېت ئاپىسى ئاشۇنداق تەربىيە بەرگەن چاغلاردا، — ھەممىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئەرگە تەگكەنىنگمۇ ھېچبىر قىزىقى يوق ئىكەن، تۇل قالسا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر كۆنگە قالىدىكەن.»

ئادەت بويىچە تۇل ئاياللار سەت قارا رەختتىن ئۇزۇن كىيىم كىيىشى، كىيىمنىڭ ئۇستىدە پەقەتلا گۈل، لېنتا ياكى كەشتە

دېگەندەك نەرسىلەر بولماسلىقى كېرەك ئىدى. مەيدىسىگە ھېقىقتىن ياسىغان بۆلاپكا ياكى ئۆلگۆچىنىڭ چېچىدىن ياسىغان تۇمار ئېسىۋالسا بولاتتى. بېشىغا تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قارا ياغلىق سالاتتى، ئۈچ يىللىق قارىلىق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ياغلىقتا ئالماشتۇرسا بولاتتى. تول ئاياللار بىرلىرى بىلەن ئازادە سۆزلەشسە، ئاۋازىنى چىقىرىپ كۈلسە نامەھرەم بولاتتى. كۈلۈشكە توغرا كەلگەندە، كۈلكىسىدە ماتەم قايغۇسى ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ئۇلارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلىشىپ تۇرۇشلىرىغا بولمايتتى. ئەخلاقسىزراق بىرەر ئەر ئۇ ئايالغا قىزىقىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىرەر ھەرىكىتىدە ئىپادىلەپ قالسا، جىددىي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭدا ئېرىگە قارىتا ھۆرمەت پەيدا قىلىشى ۋە شۇ يول بىلەن ئۇنى ئۆزىگە يېقىن يولىمايدىغان قىلىۋېتىشى كېرەك ئىدى. بەزى تول خوتۇنلار قېرىپ ھېسسىياتى قالمىغان چاغلاردا ئەرگە تېگىۋالىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئەرلىرى بىلەن قانداق تېپىشىۋالغانلىقىنى ئۆزلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقان قوشنىلىرىغىمۇ بىلىندۇرمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ تېگىۋالغىنى ساپلا بالىلىرى كۆپ، مال ـ دۇنياسى بار قېرى بويتاقلار، سىكارلېت بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ئىچىدە شۇنداق ئويلىدى.

ئەرگە تېگىش بولمىغان ئىش ئىكەن، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن تول قالسا ئۆلگەن بىلەن باراۋەر بولىدىكەن. بەزىلەر، چارلىس ئۆلگەندىن كېيىن، سىكارلېتقا ئوغلى ۋاد خامپىتون ئەڭ چوڭ تەسەللى بولدى، دېيىشتى. بۇ نېمىدېگەن ئەخمىقانە گەپ. ئۇلار ھەتتا ئەخمەقلىقتە ئۇچىغا چىقىپ، بالا ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۈمىد بېغىشلىدى، مۇھەببىتىنىڭ يادنامىسى بولغان بۇ بالا بىلەن ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك، دېيىشتى. سىكارلېت بۇنداق

گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارغا چۈشەنچە بەرمىدى. بۇ خىل قاراشلار ئۇنىڭ ئويلايدىغانلىرىدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئوغلى ۋادقا ئانچە قىلىپ كەتمەيتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بەزىدە ئۇنتۇپمۇ قالاتتى.

سىكارلېت ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپ، بىر دەملىك خاراموشلۇق ئىچىدە ئۆزىنى سىكارلېت ئوخارا خانقىز قىياپىتىدە كۆرەتتى. بۇ، قۇياش ئىللىق نۇرلىرىنى تەبىئەتكە سېپىشكە باشلىغان، قۇشلار چاڭ كەلتۈرۈپ سايرىشىۋاتقان، چوشقا گۆشىنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلىدىغان چاغ بولاتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى غەمسىز، قىز چاغلىرىدىكىدەك ھېس قىلىپ قالاتتى. بىردەمدىن كېيىنلا بوۋاقنىڭ قورسىقى ئېچىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇنى بىر پەسكە تاڭ قالدۇراتتى. شۇندىلا ئۇ: «بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى» دەپ ئويلايتتى، ئاندىن ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالاتتى.

ئۇنىڭ ئۇچۈن ئاشلېينى ئۇنتۇپ كېتىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم تارا قورۇقىغا، تارا قورۇقىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى تاغقا تۇتىشىدىغان ئۇزۇن يولغا، دەرياغا تۇتىشىدىغان قىزىل توپىلىق چوڭ يولغا، زىچچىدە كېۋەز تېرىلىپ كەتكەن قىزىل تۇپراقلىق ئېتىزلىقلارغا نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. بۇ يەرنىڭ ھەربىر غېرىچ يېرى، ھەربىر تۈپ دەرىخى، ھەربىر ئېرىقى، ھەربىر چىغىر يوللىرى ئۇنىڭغا ئاشلېينى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئاشلېي باشقا بىر ئايالغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەن، ئاللىبۇرۇن ئۇرۇشقا ماڭغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى گۇگۇم قويۇنىدىكى ئاشۇ جايلاردا ئۇزۇپ يۈرەتتى، ئۆينىڭ كارىدورىدا تۇرۇپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغانلىقى كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقاندەك بولاتتى. سىكارلېت «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى تەرەپتىن دەريا بويىدىكى يولنى بويلاپ چېپىپ

كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا، ئاشلىقىنى ئويلىماي قالمايتتى.

ئۇ بۇرۇن ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگىمۇ ئۆچلۇك قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇ يەرگە نەپرەتلىنەتتى. ئەمما، يەنە ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ يەرگە تەلپۈنۈپ تۇرغاچقا، جون ۋىلكېس بىلەن قىزلىرىنىڭ ئۇنىڭ توغرۇلۇق قىلىشقان گەپلىرىنى، ئۇنىڭ ۋىرگىنىيەدىن ئەۋەتكەن خەتلىرىنى ئوقۇۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايتتى، ئەمما ئۇنىڭغا قۇلاق سالمايمۇ تۇرالمايتتى. ئۇ غادىيىپ ماڭىدىغان ئىنديا بىلەن ئەخمىقانە گەپلەرنى تولا قىلىدىغان خونېينى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما يەنە ئۇلاردىن ئايرىلالمايتتى، يەنە تېخى ھەر قېتىم «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە بېرىپ كەلگەندە، ئۆزىچە خۇيى تۇتۇپ قېلىپ، كارىۋاتقا چىقىپ يېتىۋالاتتى، كەچلىك تامىقىنىمۇ يېمەيتتى.

ئۇنىڭ مۇشۇنداق تاماق يېمەسلىكىدىن ئاپىسى بىلەن ئېگىر ئانىسى بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ئېگىر ئانا پەتنۇستا مەززىلىك تائاملارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ھازىر تۇل ئايال ئىكەنلىكىنى، ئەمدى تاماقنى قانچىلىك يېسە بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى، ئەمما سىكارلېتنىڭ تاماققا پەقەتلا كۆڭلى تارتمايتتى.

فونتائىن دوختۇر ئېلېننىغا غەم ـ قايغۇنىڭ ئادەمنى ئاجىزلىتىۋېتىدىغانلىقىنى، ئايال كىشى شۇنداق كېتىۋەرسە ئورۇقلاپ، ئاخىر ئۈلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئېلېنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرغاچقا، قاتتىق قورقۇپ كەتتى.

— بۇنىڭغا باشقا چارە يوقمۇ، دوختۇر؟

— ئەڭ ياخشى چارە، مۇھىت يەڭگۈشلەش، — دېدى دوختۇر.

ئۇمۇ ساقايماس كېسەلدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر سىكارلېتنى بالا بىلەن مەجبۇرىي هالدا ئاۋۋال ساۋاننادىكى ئوخارا بىلەن روبىللاردىنىڭ تۇغقانلىرىنىڭكىگە، ئاندىن چارلېستوندىكى سىڭىللىرى پۇللىي بىلەن ئېلالىنىڭ قېشىغا يولغا سالدى. لېكىن، ئۇ ئۇيەرلەردىن ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقىتتىن بىر ئاي بۇرۇن قايتىپ كەلدى، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ دېمىدى. ساۋاننادىكى ئىككى تاغىسى ئۇنى تولىمۇ قىزغىن قارشى ئالغانىدى، ئەمما ئۇلار ھەم خوتۇنلىرى قېرىپ قالغان بولغاچقا، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشتىكى ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرۈشەتتى، بۇ سىكارلېتنىڭ پىسەنتىگە توغرا كەلمىدى. روبىللارد ئائىلىسىدىمۇ مۇشۇ ئەھۋال ئىدى. چارلېستون بولسا سىكارلېتقا تولىمۇ قورقۇنچلۇق بىر يەردەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

پۇللىي هامما بىلەن ئۇنىڭ ئېرى دەريا بويىدىكى بىر قورۇقتا تۇراتتى، ئۇ جاي تارا قورۇقىدىنمۇ بەكرەك پىنھان ئىدى. هاممىسىنىڭ ئېرى ياشىنىپ قالغان، كۆرۈنۈشتە قىزغىن ئادەم ئىدى، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ قېرىلارغا خاس يالغۇزلۇقنى خالايدىغان كېسەل بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىسى تۇرىدىغان جاينىڭ ئارىلىقىمۇ يىگىرمە ئىنگلىز مىلى بار ئىدى، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن قويۇق ئورمانلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، يوللىرىنىڭ قاراڭغۇ ھەم سۇرلۇقلۇقى سىكارلېتنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتاتتى. يەنە بىر هاممىسى ئېلالى ئەتىدىن كەچكىچە قورقۇپلا ئولتۇراتتى. كەچتە كارىي تاغىسى ئوقۇپ بېرىدىغان بولۋېر لۇتتۇننىڭ ئەسەرلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىش يوق ئىدى.

ئېلالى هاممىسىنىڭ ئۆيى چارلېستوندىكى «زەمبىرەك سۇپىسى» نىڭ ئۇستىگە جايلاشقانىدى. قورۇنىڭ ئالدى تېمى

ئېگىز بولۇپ، كۆننى توسۇۋالاتتى، سىكارلېت پايانسىز زېمىندا ياشاپ چوڭ بولغاچقا، بۇنداق يەردە خۇددى ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىۋالغاندەك بولۇپ قالدى. بۇ يەردە پۈللىي ھاممىسى تۇرغان يەرگە قارىغاندا باردى - كەلدى قويۇقراق بولسىمۇ، سىكارلېت بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىدىغان ئادەملەرنى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى، ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىشلىرى ۋە تەبىقە سۈرۈشتۈرىدىغان قىلىقلىرىنى پەقەتلا ياراتمىدى. ئۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئائىلە مەرتىۋىلىرى بىر - بىرىگە توغرا كەلمىگەن ئائىلىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى روبېللارد ئائىلىسىدىكى بىر قىزنىڭ قانداق بولۇپ ئىرېلاندىيەلىك بىر كۆچمەنگە تېگىپ قالغانلىقىغا ھەيران قېلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى، ئېلالى ھاممىسىنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇنى ئاقلاپ ئۇلارغا گەپ قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى. بۇ خىل ئىشلار ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدى. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا تەبىقە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى، دادىسىنىڭ ئىرېلاندىيەلىكلەرگە خاس چېۋەرلىك بىلەن قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى.

چارلېستونلۇقلار سامتېر قەلئەسى ۋەقەسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئوينىغان رولىغا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۇلار ئۇرۇشنىڭ تۇنجى ئوقىنى ئۆزلىرى ئاتمىسا، باشقىلارنىڭ ئاتىدىغانلىقىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەخمەقمىدۇ؟ سىكارلېت جورجىيە ئېگىزلىكىدىكى ئادەملەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى ئۇنىڭغا ياسالمىدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇ ھەتتا بۇ ئاۋازلارنى يەنە ئاڭلىسا چىرقىراپ تاشلىغۇدەك بولۇپ كېتەتتى، بەزىدە بۇ ئاۋازلارغا چىدىمايمۇ قالاتتى. ئاخىر ئۇ بىر كۈنى قەستەن دادىسىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ گەپ قىلىۋىدى، ھاممىسى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ كەتتى. ئاخىر ئۇ،

بۇ يەردە يۈرۈپ ئەتىمدىن كەچكىچە چارلىستونلۇقلارنىڭ يىقىمسىز ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن، تاراغا قايتىپ ئاشلىيىنى ئەسلەپ ئازابلانغىنىم ياخشى ئىكەن، دەپ ئويلاپ تارا قورۇقىغا قايتىپ كەلدى.

ئېللېن قورۇقنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئالدىراش يۈرەتتى. چوڭ قىزىنىڭ چارلېستوندىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئورۇقلاپ، سارغىيىپ ئاۋازىنىڭمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۆزىمۇ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان بولغاچقا، گۈلدۈرمامىدەك خورەك تارتىدىغان ئېرىنىڭ يېنىدا يېتىپ تۇرۇپ، كېچە - كۈندۈز قىزىنى ئۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئويلايتتى. چارلېسنىڭ ھاممىسى پىتتىيپات خانىملىتون خېنىم ئۇنىڭغا سىكارلېتنى ئاتلانتاغا ئۇزاقراق تۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ بىر نەچچە قېتىم خەت يازغانىدى. ئېللېن ئۇنىڭ ئۇ تەكلىپىنى بىرىنچى قېتىم ئەستايىدىل ئويلاندى.

پىتتىيپات خېنىم خېتىدە: «مېلانىيە ئىككىمىز چوڭ ئۆيلەردە يالغۇز تۇرىمىز، بىزنى قوغدايدىغان بىرمۇ ئەر كىشى يوق، شۇڭا بەكمۇ يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ قالدۇق. سۆيۈملۈك چارلېسمۇ ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئاكام ھېنرىغۇ ھازىر ھايات، ئەمما بىز بىلەن بىللە تۇرمايدۇ. بەلكىم سىكارلېت ھېنرى توغرۇلۇق سىلەرگە گەپ قىلىپ بەرگەندۇ. ئۇ توغرۇلۇق كۆپ يازماي. ئەگەر سىكارلېت بىز بىلەن بىللە تۇرسا، مېلانىيە ئىككىمىز ئۆزىمىزنى شۇنچىلىك بىخەتەر ھەم خاتىرجەم سېزەتتۇق. ئىككى ئايالغا قارىغاندا ئۈچ ئايالنىڭ بىللە تۇرغىنى ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆيۈملۈك سىكارلېت بىزنىڭ بۇ يەردە قايغۇسىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئىشلار بىلەنمۇ مەشغۇل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مېلانىيەگە ئوخشاش دوختۇرخانىلاردا ياتقان باتۇر

يىگىتلىرىمىزگە قاراش دېگەندەك. ئۆزۈڭدىن باشقا، مېلانىيە ئىككىمىزنىڭ چارلىېسنىڭ ئوماق ئوغلىنى كۆرگۈمىزمۇ كەلدى ...» دەپ يازغانىدى.

شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت قارىلىق كىيىملىرىنى يەنە چامادانغا سېلىپ، ۋاد خامپىتون بىلەن ئۇنىڭ باققۇچىسىنى، ئاپىسى بىلەن نېگىر ئانىسىنىڭ جېكىلەپ ئېيتقان بىر تاغار گەپلىرىنى، دادىسى بەرگەن يۈز سوملۇق قەغەز پۇلنى ئېلىپ ئاتلانتاغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئەسلىدە ئۇ يەرگە بارغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پىتتىيپات خېنىم ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق موماي ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشلېينىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە تۇرۇش ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھار كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە تۇرىۋەرسە كۆڭلى ئاغرىيدىغان ئىشلارنى تولا ئويلاپ كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بولۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئاخىر ئۇ يەرگە بېرىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ بېقىشنى توغرا تاپتى.

# ئىككىنچى قىسىم

# سەككىزىنچى باب

1862 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر ئەتىگىنى پويىز سىكارلېتنى ئېلىپ شىمالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاتلانتانى چارلېستون بىلەن ساۋاننىغا ئوخشاش زېرىكىشلىك يەر ئەمەس دەپ ئويلاپ، پىتتىپيات خېنىم بىلەن مېلانىيەنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، ئۇ شەھەرگە بولغان قىزىقىشى بىلەنلا كېتىۋاتاتتى. ئالدىنقى يىلى قىشتا بىر قېتىم بارغاندىن باشقا پەقەتلا بېرىپ باقمىغانىدى. بۇ شەھەردە قانچىلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتكەندۇ؟

ئاتلانتا باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا سىكارلېتنى بەكرەك قىزىقتۇراتتى. كىچىك ۋاقتىدا دادىسى ئۇنىڭغا، ئۇ شەھەرنىڭ يېشى سېنىڭ يېشىڭ بىلەن تەڭ، دەيتتى. كېيىن ئۇ چوڭ بولغاندا دادىسىنىڭ بۇ گەپنى سەل كۆپتۈرۈۋېرەك ئېيتقانلىقىنى بىلدى. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى سەل مۇبالىغە قىلسا ئۇنىڭ قىزىقى بولىدۇ دەيدىغان ئادىتى بويىچە شۇنداق دېگەنىدى. دېمىسىمۇ ئاتلانتا ئۇنىڭدىن بەكمۇ چوڭ ئەمەس، پەقەت توققۇز ياشلا پەرق قىلاتتى. مۇشۇ كەمگىچە ئۇ ئاڭلىغان شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئاتلانتالا ھەيران قالغۇدەك ياش شەھەر ئىدى. ساۋاننا بىلەن چارلېستوننىڭ بىرسىگە يۈز نەچچە يىل بولغان، يەنە بىرسى ئۈچىنچى ئەسىرىگە قەدەم قويغان قەدىمكى شەھەر قىياپىتىگە ئىگە شەھەرلەردىن بولۇپ، سىكارلېتنىڭ ئويى بويىچە قولىدا يەلپۈگۈچ، قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ ئولتۇرغان ياشانغان مومايىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئەمما، ئاتلانتا ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش، ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۆزىگە ئوخشاش مىجەزى چۇس ۋە ئالدىراڭغۇ شەھەر ئىدى.

گېرالدنىڭ دېگىنىدىمۇ ئاساس بار، چۈنكى ئۇ شەھەر بىلەن سىكارلېتنىڭ ئىسمى بىر يىلدا قويۇلغان. سىكارلېت تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى توققۇز يىلدا بۇ شەھەر تېرمىنوس، كېيىن مارسۋىل دەپ ئاتىلىپ، سىكارلېت تۇغۇلغان يىلى ئاندىن ئاتلانتا دەپ ئاتالغانىدى.

گېرالد شىمالىي جورجىيەگە كەلگەن چاغلاردا بۇ شەھەر تېخى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ھەتتا بىر كەنتمۇ بولۇپ شەكىللەنمىگەن، ھېچنېمە يوق تاقىر دالا ئىدى. ئىككىنچى يىلى ھۆكۈمەت چېروكېسلارغا بۆلۈپ بەرگەن زېمىننىڭ ئىچى بىلەن شىمالغا تۇتىشىدىغان تۆمۈر يول سېلىشنى تەستىقلىدى. بۇ يولنىڭ ئاخىرقى بېكىتى تېنىنېس بىلەن ۋېست ئىدى، ئەمما باشلىنىدىغان يېرىنىڭ جورجىيە بولىدىغانلىقى تېخى بېكىتىلمىگەنىدى. بىر يىلدىن كېيىن بىر ئىنژېنېر بۇ يەرنىڭ قىزىل تۇپراقلىق يېرىگە قوزۇق قېقىپ، ئاندىن ئۇنىڭ باشلىنىش ئورنى بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاتلانتا شەھىرى تېنىپستا رەسمىي بەرپا بولۇپ گۈللىنىشكە باشلىدى.

ئۇ چاغلاردا تۆمۈر يول يوق، باشقا يەرلەردىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەمما، گېرالد بىلەن ئېللېن توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى يىللاردا تارا قورۇقىنىڭ شىمالىغا يىگىرمە بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىرنەچچە ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ جايى ئاستا ـ ئاستا كەنت بولۇپ شەكىللىنىشكە، تۆمۈر يولمۇ بارا ـ بارا شىمالغا قاراپ سوزۇلۇشقا باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلىنىپ كەتتى. ئىككىنچى تۆمۈر يول كونا شەھەر ئائۇگۇستادىن باشلىنىپ، غەربتە تېنىنېس تۆمۈر يولى بىلەن تۇتىشىپ كەتتى. ئۈچىنچى تۆمۈر يول ئاۋۋال جورجىيەنىڭ مەركىزى بولغان ماكونغا تۇتىشىپ، ئاندىن شىمالغا سوزۇلغان، گېرالد تۇرۇۋاتقان رايون ئارقىلىق ئاتلانتا بىلەن تۇتىشىپ، ئىككى لىنىيە تۆمۈر يول تۇتىشىپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ساۋاننا پورتىغا غەرب بىلەن تۇتىشىدىغان يول سېلىنغانىدى.

كېيىن ياش ئاتلانتا شەھىرىدىكى تۆمۈر يول باش تۈگۈنىدىن مونتاگومېرى بىلەن موبىلغا تۇتىشىدىغان تۆتىنچى تۆمۈر يول ئېلىندى.

ئاتلانتاغا بىرىنچى تۆمۈر يول سېلىنىپ، بۇ يەرنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلىپ كەتتى. تۆت لىنىيە تۆمۈر يول ياسالغاندىن كېيىن ئاتلانتا غەرب ـ جەنۇب دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن، ئائۇگۇستا ئارقىلىق شىمال ۋە شەرقتىكى رايونلار بىلەن تۇتىشىپ، شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبنىڭ تۆمۈر يول تۈگۈنىگە ئايلاندى، شەھەرنىڭ ئۆزىمۇ كىچىك بىر كەنتتىن چوڭ بىر شەھەرگە تەرەققىي قىلدى.

نېمە ئۈچۈن بۇ شەھەر جورجىيە شەھىرىگە ئوخشىمايدۇ؟ تەرەققىياتى نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك تېز بولۇپ كەتتى؟ ئاتلانتالىقلار بۇ سوئاللارغا يوغان گەپلەر بىلەن ئەمەس، تۆمۈر يول ۋە، بۇ شەھەرنىڭ بىر تۈركۈم قورقماس، يۈرەكلىك ئەزىمەتلىرى بىلەن شۇنداق بولدى، دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ.

ئاۋۋال تېرمىنوس، مارسىۋىل، ئاخىرىدا ئاتلانتا دەپ ئاتالغان بۇ شەھەردە ئولتۇراقلاشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ئىنتايىن غەيرەتلىك ئادەملەر ئىدى. بۇ ئىشچان، كۈچلۈك ئادەملەر جورجىيەنىڭ كونا رايونلىرى بىلەن ئۇنىڭدىنمۇ يىراق ئىشتاتلاردىن كەلگەنىدى. ئۇلار كېلىپلا پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاساسلىق بەش كوچىنىڭ تۇتىشىدىغان جايلىرىغا دۇكانلارنى سالدى، چىرايلىق ئولتۇراق ئۆيلەرنى ياسىدى. ئۇلار بۇ شەھەر بىلەن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان ئادەملىرى، يەنى ئۆزلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. كونا شەھەرلەرنىڭ ئاتلانتانى نېمە دېيىشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كارى يوق ئىدى، نېمە دېسە دېيىشمەمدۇ، دېيىشەتتى.

سىكارلېت ئاتلانتانى ياخشى كۆرەتتى، ياخشى كۆرىدىغان يەرلىرىمۇ ساۋاننالىقلار، ئائۇگۇستالىقلار ۋە ماكونلۇقلار يامان دەپ چۆكتۈرىدىغان تەرەپلىرى ئىدى. بۇ شەھەرمۇ سىكارلېتقا

ئوخشاش جورجىيەنىڭ كونا ـ يېڭى ئىككى خىل تەركىبىدىن بىرلەشكەن شەھەر ئىدى. كونا تەركىبى جاھىل ۋە كۈچلۈك يېڭى تەركىبى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا ئاستا يېڭىسىغا ئورۇن بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سكارلېتنىڭ بۇ شەھەرنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشىدە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئامىللارنىڭمۇ رولى بار ئىدى، چۈنكى ئۇ بۇ شەھەر بىلەن تەڭ دۇنياغا كەلگەن، ھېچبولمىغاندا ئىسىملىرى بىر يىلدا قويۇلغان ـ دە.

تۈنۈگۈن ئاخشام كېچىچە قاتتىق يامغۇر ياغدى. ئەمما، سكارلېت ئاتلانتاغا كەلگەن چاغدا بولسا ھاۋا ئېچىلىپ، قۇياش زېمىنغا كۈلۈپ قاراشقا، كېچىچە يامغۇردا پاتقاق بولۇپ كەتكەن كوچىلارنى قۇرۇتۇشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى. پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىكى بوش يەر ھارۋا كۆپ ماڭغانلىقى بىلەن ئويمان ـ چوڭقۇر بولۇپ، چوشقا ئېغىنايدىغان پاتقاق كۆلچەكنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە ھارۋىلار پاتقاققا پېتىپ چىقالمايمۇ قالاتتى. ھەربىي ھارۋىلار بىلەن قۇتقۇزۇش ھارۋىلىرى بۇ يەرگە ئۈزۈلمەي كېلىپ، پويىز ئېلىپ كەلگەن لاۋازىمەتلەر بىلەن يارىدارلارنى توشۇپ تۇراتتى. بەزى ھارۋىلار ئىچىگە كىرىشكە، بەزى ھارۋىلار ئىچىدىن چىقىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ھارۋىكەشلەرنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشلىرى، ئات ـ قېچىرلارنىڭ كىشنەشلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى، چاچراۋاتقان پاتقاقلار نەچچە ئون غۇلاچ يەرلەرگە باراتتى.

سكارلېت ۋاگوننىڭ پەلەمپىيىدە تۇراتتى، ئۇستىدە ئۇزۇن قارىلىق كىيىمى بار ئىدى، بېشىدىكى ئۇزۇن ياغلىقى سىيرىلىپ چۈشۈپ قالاي دەپ قالغانىدى، غۇنچە بويى يەنە شۇنداق چىرايلىق ئىدى. ئۇ يەرگە چۈشسەم ئايىغىم بىلەن كىيىملىرىگە پاتقاق چاچراپ كەتمىسۇن دەپ قورقۇپ، قىستىلىشىپ تۇرغان ھارۋىلارغا بىر قۇر كۆز سېلىپ، پىتتىي خېنىمنىڭ پەيتونىنى ئىزدىدى. قىزىل يۈزلۈك ئۇ سېمىز خوتۇننىڭ پەيتونى ھېچ

يەردە كۆرۈنمەيتتى، سىكارلېت بەكمۇ ئەنسىزچىلىكتە قالدى. شۇ ئارىدا چار ساقال بىر نېگىر بوۋاي پاتقاقنى كېچىپ توپتوغرا ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى، شىلەپىسى قولىدا، ئۆزى مەغرۇر ئىدى.

— سىز سىكارلېت خېنىم بولامسىز؟ مېنىڭ ئىسمىم پېتتېر. پىتتىپات خېنىمنىڭ پەيتونىنى ھەيدەيمەن. پاتقاقتا دەسسىمەڭ، — بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېدى ئۇ. چۈنكى، سىكارلېت كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈپ يەرگە چۈشۈشكە تەمشەلگەنىدى، — سىزمۇ پىتتىي خېنىم بىلەن ئوخشاش ئىكەنسىز. ئۇياقىمۇ كىچىك بالىغا ئوخشاش پۇتىنىڭ لاي بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. مەن سىزنى ھاپاش قىلىپ ماڭىمەن.

ئۇ قېرى قالغان، تېنى ئاجىز بولسىمۇ سىكارلېتنى يەڭگىللا ھاپاش قىلىۋالدى. شۇ ئارىلىقتا ۋاگون پەلەمپىيىدە بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پىرىسسىيگە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ توختىدى.

— ئاۋۇ سىز بىللە ئېلىپ كەلگەن بالا باقىدىغان قىزمۇ، سىكارلېت خېنىم؟ بەكمۇ ياش ئىكەن، چارلېس ئەپەندىنىڭ يالغۇز ئوغلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغۇدەك. بوپتۇ، كېيىن بىر گەپ بولار. قىزچاق، كەينىمدىن مېڭىڭ، ئاۋايلاڭ، بالىنى يىقىتىپ قويماڭ!

سىكارلېت پېتتېر بوۋاينىڭ دۈمبىسىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن پىرىسسىينى كايىپ قىلغان گەپلىرىگە لام ـ جىم دېمەي كېتىۋاتاتتى. يول پاتقاق، پىرىسسىي تۈمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن پاتقاق كېچىپ ماڭدى. شۇ ئارىلىقتا سىكارلېتنىڭ ئېسىگە چارلېسنىڭ پېتتېر توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى كەلدى.

«ئۇ دادام بىلەن مېكسىكىدىكى بارلىق ئۇرۇشلاردا بىللە بولغان، — دېگەنىدى چارلېس، — دادام يارىلانغاندا ئۇ ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. پېتتېر تاغام مەن بىلەن مېلانىيە ئىككىمىزنى بېقىپ

چوڭ قىلغان، دادام ئۆلۈپ كەتكەندە بىز تېخى كىچىك ئىدۇق. شۇ چاغلاردا بولسا كېرەك، پىتتىي ھاممام ئاكىسى ھېنرى تاغام بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىۋالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ بىزگە شۇ ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلدى. پىتتىي ھاممام كىچىك بالىدەك بەكمۇ ئالدىراڭغۇ. پېتتېر تاغاممۇ ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. پىتتىي ھاممام ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلايمەن دەپ ئۆزى ھېچنېمە قىلماي، ھەممە ئىشتا پېتتېر تاغامنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. مەن ئون بەش ياشقا كىرگەن كۈندىن باشلاپ خەجلەيدىغانغا جىقراق پۇلغا ئىگە بولدۇم، بۇمۇ پېتتېر تاغامنىڭ قارارى ئىدى. ھېنرى تاغام مېنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتماقچى بولغاندا، يەنە پېتتېر تاغام مېنى خارۋاردقا تۆت يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇ يەنە مېلانىيە مەلۇم ياشقا كەلگەندە چاچلىرىنى ياساپ ئۇنى تانسىلارغا قاتناشتۇرغان. ئۇ پىتتىي ھاممامغا قانداق ھاۋادا تالاغا چىقىش، قانداق ھاۋادا چىقماسلىق، ياغلىقىنى قانداق چاغدا ئارتىشلارغىچە دەپ تۇرىدۇ ... ئۇ مەن بىلىدىغان نېگىرلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھەم ئەڭ سادىق ئادەم. بىرلا بولمايدىغان يېرى، ئۇچىمىزنى روھىمىزدىن تارتىپ تېنىمىزگىچە باشقۇرىمەن دەيدۇ، بۇنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ.»

سكارلېت پەيتونغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، پېتتېر تاغا قامچىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، چارلېسنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— پىتتىي خېنىم ئالدىڭىزغا چىقالمىغانلىقىدىن كۆڭلى بەك يېرىم بولغان، سىزنى باشقىچە ئويلاپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىگەن. مەن ئۇنىڭغا، ئۇ يەرگە بارساڭلار كىيىملىرىڭلارنى لاي قىلىۋېتىسىلەر، ئىككىڭلارنى توسقىنىمنى سكارلېت خېنىمغا ئۆزۈم دەيمەن، ئۇياق چوقۇم بۇنى چۈشىنىدۇ، دېدىم. خېنىم، ئەڭ ياخشىسى، بالىنى ئۆزىڭىز ئېلىڭ، ئۇ جىن بالىنى يىقىتىۋېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

سكارلېت پىرىسسىيغا قاراپ ئىچىگە بىر تىنىۋالدى. پىرىسسىي ئىشقا تازا پۇختا ئەمەس ئىدى. قىسقا كۆڭلەك كىيىپ، چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈپ يۇرىدىغان بۇ جۇدەڭگۈ نېگىر قىز بىردىنلا گۈللۈك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدىغان، بېشىغا چىرايلىق ياغلىق سالىدىغان بالا باققۇچىغا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىچە كۆرەڭلەپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇرۇش بولمىغان، تەمىنات ئورۇنلىرىنىڭ تەلىپى بىلەن ئېلىپ نېگىرئانىنى ياكى دىلسېيىنى يا بولمىسا روسا بىلەن تىنانى ئۇلارنىڭ ئىشىغا ياردەملەشتۈرمىگەن بولسا، كىچىككىنە پىرىسسىينى ھەرگىز ئۇنداق يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىپ قويمايتتى. پىرىسسىي «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقمىغان قىز بولغاچقا، پويىزغا ئولتۇرۇش، بالا باققۇچى بولۇپ ئاتالانتاغا بېرىشلار ئۇنى ئېسەنگىرىتىپ قويغانىدى. ھازىر شەھەردىكى شۇنچە كۆپ ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. ئۇياققا قاراپ، بۇياققا قاراپ، خۇشاللىقىدا ھەتتا سەكرەپمۇ كېتىپ بالىنى يىغلىتىۋەتتى.

سكارلېت نېگىرئانىسىنىڭ ئەپچىل بىر جۈپ قوللىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ قوللار بالىنىڭ بەدىنىگە تېگىشى ھامان بالا يىغىسىدىن توختايتتى. ئەپسۇس، ھازىر ئۇ تارا قورۇقىدا قالدى ــ دە. سكارلېت بالىنى پىرىسسىينىڭ قولىدىن ئالغان بىلەنمۇ بەرىبىر ئوخشاش، يىغىسىدىن توختىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شلەپىسىنىڭ لېنتىسىنى تارتىپ بۇزىۋېتىدۇ، قوچاقىدا چىققاندىن كېيىن كىيىملىرىنىمۇ پۇرلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ پېتتىر تاغىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئولتۇرىۋەردى.

«ئۇزاققا بارماي بالىنىڭ مىجەزىنى بىلىپمۇ قالارمەن، ــ دەپ بىزارلىق بىلەن ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئاڭغىچە پەيتون پاتقاقلىقتىن چىقىپ بولدى، ــ ئەمما ھەرقانچە قىلسامۇ بالىنى ئەركىلىتەلمەيمەن.» ۋادىنىڭ يىغىسى تېخىمۇ ئەدەپ يۈزى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ كەتتى. سكارلېت شۇندىلا پىرىسسىيغا

ئاچچىقى بىلەن توۋلىدى:

— سومكىدىكى سوسكىنى ئاغزىغا سېلىپ قوي، پىرىسسىي. باشقا نېمە بولسىمۇ مەيلى، يىغلىمىسىلا بولدى. قورسىقى ئاچتى ھەرقاچان، ئۇنىڭغا ھازىر مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.

پىرىسسىي بۈگۈن ئەتىگەن نېگىرئانا سومكىغا سېلىپ قويغان شېكەرلىك ئېمىزگۈنى ئېلىپ بالىنىڭ ئاغزىغا سېلىۋېدى، دېگەندەك، بىردىنلا يىغىسى بېسىلدى. قۇلىقى تىنچىغان، ئەتراپىدا يېڭى - يېڭى مەنزىرىلەر كۆرۈنۈۋاتقان بولغاچقا، سىكارلېتنىڭ كەيپى يەنە جانلىنىشقا باشلىدى. شەھەر شۇنچىلىك تەرەققىي قىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ كەتكىنىگە بىر يىلدىن سەل ئاشتى، ئۇنىڭغا تونۇش بۇ شەھەر شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قانداق بولۇپ مۇشۇنچىلا ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟

بۇ بىر يىلنى ئۇ ئۆزىنىڭ قايغۇسى ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇرۇشنىڭ گېپى چىقسىلا جۇدۇنى تۇتاتتى، شۇڭا ئاتلانتانىڭ ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن شۇنچىلىك تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. تىنچلىق مەزگىللىرىدە ئاتلانتانىڭ سودا تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن تۆمۈر يوللار ھازىرقى ئۇرۇش مەزگىلىدە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغانىدى. ئالدىنقى سەپ بۇ يەردىن يىراق بولغاچقا، بۇ شەھەر ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە لىنىيە تۆمۈر يوللىرى جەنۇب ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئىككى چوڭ قوشۇنى، يەنى ۋىرگىنىيە ئارمىيەسى بىلەن تېننېس ئارمىيەسى ۋە جەنۇبتىكى قوشۇنلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. ئاتلانتامۇ ئوخشاشلا ئىككى چوڭ قوشۇن بىلەن جەنۇبنىڭ ئىچكى جايلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، ئۇ يەرلەردىن ئۈزۈلدۈرمەي تەمىنات ئېلىپ تۇراتتى. بۇ شەھەر ھازىر يەنە ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن سانائەت مەركىزىگە، دوختۇرلۇق بازىسىغا، قوشۇنغا كېرەكلىك تەمىناتلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پونكىتقا ئايلانغانىدى.

سىكارلىت ئەتراپىغا قاراپ، ئېسىدە مەھكەم قالغان ئەسلىدىكى شەھەر كۆرۈنۈشلىرىنى ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. ئۇ كۆرۈۋاتقان هازىرقى شەھەر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ بىر كېچىدىلا گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىنىغا ئوخشاپ تۇراتتى.

ئاتلانتا بىر توپ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئىچىدە قالغاندەك ۋاژ – ۋۇژچىلىقنىڭ ئىچىدە، ئۆزىنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقى ئۈچۈن مۇھىملىقىنى مەغرۇر ھالدا ھېس قىلىۋاتقاندەك ئىدى، شۇڭا، كېچە – كۈندۈز ئىشلەپ يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنى سانائەتلەشتۈرمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى مارلاندنىڭ جەنۇبىدا بىرنەچچە پاختا، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ھەربىي قورال ۋە ئىستانوك زاۋۇتلىرى بار ئىدى. جەنۇبلۇقلار مۇشۇنچىلىك سانائىتى بىلەنمۇ ماختىناتتى، جەنۇبتىن سىياسىيونلار، ھەربىيلەر، قورۇق ئىگىلىرى، دوختۇرلار، ئادۋوكاتلار، شائىرلار چىقىدۇ، ئىنژېنېر، ماشىنىست دېگەندەك پەسكەش ئىشلار شىماللىق ئالۋاستىلارغا يارىشىدۇ، دېيىشەتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشتاتتىكى پورتلىرىنى شىماللىقلارنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى قامال قىلىۋېلىپ، ھېچقانداق سودا كېمىلىرىنى ئۆتكۈزمەيدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئالدىراپ – تېنەپ ئۆزلىرىگە لازىملىق ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. شىماللىقلار پۈتۈن دۇنيادىن ماددىي ئەشيا ۋە ئەسكەر ئېلىشقا مۇراجىئەت چىقىرالايتتى ۋە پۇلغا تايىنىپ ئىرېلاندىيەلىكلەر ۋە گېرمانلار بىلەن قوشۇنىنى تولۇقلاپ كېتەلەيتتى، جەنۇبلۇقلار بولسا پەقەت ئۆزىنىڭلا كۈچىگە تايىناتتى.

ئاتلانتادا ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان سۈرئىتى ئاستا بىرنەچچىلا زاۋۇت بار ئىدى. ئۇنداق بولۇشى، جەنۇب تەرەپ ئۇلارنى دوراپ ياسىغۇدەك ماشىنا بىلەن تەمىن ئېتەلمەيتتى، ھەممىنى ئەنگلىيەدىن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرگەن ئىسخېما بويىچە ياسايتتى. ھازىر ئاتلانتانىڭ كوچىلىرىدا

ناتونۇش ئادەملەر كۆپىيىپ قالدى. بىر يىل ئىلگىرى ئادەملەر غەرب تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ قالسا ئالاھىدە توختاپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىغان بولسا، ئەمدى چەت ئەللىكلەرنىڭ گەپلىرىگىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ كەلگەن بۇ ياۋروپالىقلار بۇ يەردە جەنۇب ئىتتىپاقداشلىرى ئۈچۈن تۈرلۈك ئىستانوكلار بىلەن قورال - ياراغ ئىشلەپ بېرەتتى. ئۇلار تېخنىكىغا پىششىق ئادەملەر ئىدى، ئۇلار بولمىسا جەنۇبلۇقلار تاپانچا، مىلتىق، زەمبىرەك ۋە ئوق - دورا دېگەنلەرنى زادىلا ئىشلەپچىقىرالمايتتى.

ئىشلار كېچە - كۈندۈز توختىماي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، بۇ شەھەرنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ تىنىماي سوقۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ھەربىي لازىمەتلىكلەر قان تومۇرلىرىغا ئوخشاش سوزۇلۇپ ياتقان تۆمۈر يوللار ئارقىلىق ئىككى ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىگە توشۇلۇپ تۇراتتى. ھەرقانداق چاغدا پاراۋۇزلار گۈدۈكلىرىنى چىرقىرىتىپ ئىستانسىغا توختىماي كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. رۇدا كانلىرىنىڭ ئىشچىلىرى ئالدىنقى سەپكە كەتكەچكە رۇدا يېتىشمەي، يايلاقلارغا تارتىلغان تۇسۇق سىملار، تۆمۈر لەمپىلەر، تۆمۈر ئىشىكلەر ھەتتا تۆمۈردىن قۇيۇلغان ھەيكەللەردىن تارتىپ يىغىپ كېلىنىپ قورال ياساشقا ئىشلىتىلمەكتە ئىدى.

پىئاچتىر كوچىسى بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن بىر كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەرقايسى ھەربىي ئورۇنلارنىڭ باش ئىشتابلىرى جايلاشقان بولۇپ، ئىشتابلارنىڭ ھەممىسى ھەربىيلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ماددىي تەمىنات ئورنى، ئالاقىلىشىش ئەترىتى، پوچتا شىركىتى، پويىز ترانسپورت ئىدارىسى، ژاندارما باش ئىشتابى دېگەندەك ئورۇنلارمۇ بار ئىدى. شەھەر سىرتىدا ئات بىلەن تەمىنلەش پونكىتلىرى بار بولۇپ، توپ - توپ ئات - قېچىرلار ئېغىللارغا پاتماي تۇراتتى. ئەڭ

چەتتىكى كوچىلارغا دوختۇرخانىلار جايلاشقانىدى. سىكارلېت پېتتېر تاغىنىڭ دېگىنىدەك، بۇ شەھەرنىڭ ياردار ئەسكەرلەرنىڭ شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، بۇ يەردە ئادەتتىكى ھەر خىل كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى، ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن پويىز تۈركۈملەپ ياردارلارنى بۇ يەرگە تۆكۈپ تۇراتتى.

شەھەرنىڭ بۇرۇنقى كىچىك ھالىتى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن بولۇپ، پۈتمەس كۈچ ـ قۇدرەت ۋە جىددىي شاۋقۇنلۇق پائالىيەتلەر بىلەن بارغانسېرى قىياپىتىنى يېڭىلاپ بېرىۋاتاتتى. يېزىدىكى جىمجىت ھايات ئىچىدىن كەلگەن سىكارلېت بۇ ئاۋات مەنزىرىنى كۆرۈپ خۇددى دەم ئالالماي قېلىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەمما، ئۇ بۇ خىل ھالەتنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ يەرنىڭ كىشىنى روھلاندۇرىدىغان كەيپىياتى ئۇنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۆزىنىڭ يۈرىكى بىلەن شەھەرنىڭ يۈرىكى بىر كۆكرەك قەپەسى ئىچىدە تەڭ سوقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى.

ئۇلار شەھەرنىڭ پاتقاق كوچىلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ داۋاملىق كېتىۋاتاتتى، سىكارلېت يېڭى ئىمارەتلەر، يېڭى چىرايلارغا خۇشال نەزەر تاشلاپ ئولتۇراتتى، ئادەم ماڭىدىغان يوللاردا قىستىلىشىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ مەيدىلىرىدە دەرىجىلىرىنى ۋە قايسى قوشۇنغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نىشان ئىزناكلىرى بار ئىدى. تار كوچىلارغا ھەر خىل پەيتونلار: ئات ھارۋىلىرى، يۈك ھارۋىلىرى، قۇتقۇزۇش پەيتونلىرى توشۇپ كەتكەن، ھارۋىكەشلەرنىڭ كىيىملىرى چاچرىغان لايلار بىلەن بۇلغانغانىدى، كۈل رەڭ كىيىملەرنى كىيىشىۋالغان ئالاقىچىلار ھەرقايسى ئىشتابلارنىڭ ئارىلىقىدا بۇيرۇق ۋە تېلېگراممىلارنى توشۇش بىلەن يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىۋاتقان ياردار ئەسكەرلەر ھاسىسىغا، بەزىلىرى سېستىرالارغا يۆلىنىپ مېڭىپ يۈرەتتى. كانايلارنىڭ، ھەربىي بارابانلارنىڭ، ئەسكەرلەرگە بېرىلىۋاتقان كوماندىلارنىڭ

ئاۋازلىرى يېڭى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقان مەيدان تەرەپتىن ئۈزۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سىكارلېت شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ھەربىي كىيىملىرىنى تۇنجى قېتىم قورقۇنچ ئىچىدە كۆردى. پېتتىپر تاغا باشلىرىنى يەردىن كۆتۈرمەي مىلتىق تۇتقان جەنۇبلۇق ئەسكەرلەرنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا كېتىۋاتقان شىماللىق ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ قويدى. ئۇلارنى ئەسىرلەر لاگېرىغا ئېلىپ كېتىشىۋاتاتتى.

«مەن بۇ يەرگە كەلگىنىمگە خۇشال بولسام بولغۇدەك. بۇ يەردىكى ھايات نېمىدېگەن جانلىق، نېمىدېگەن تەسىرلىك» دەپ ئويلىدى سىكارلېت. ئاشۇ قېتىمقى باراۋەتتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بۇگۈن تۇنجى قېتىم ئېچىلىۋاتاتتى.

بۇ شەھەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك جەلپكار ئىدى. بىرقانچە ئون رېستوران، قوشۇن بىلەن بىللە يۈرىدىغان پاھىشىلەر، دىنىي جەمئىيەتلەرنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ھەشەمەتلىك پاھىشىخانىلار بار ئىدى. ھەربىر مېھمانخانا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، خۇسۇسىي ئولتۇراق جايلارنىڭ ھەممىسى مېھمانلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى، ھەممىسى دېگۈدەك ئاتلانتادىكى دوختۇرخانىلاردا يېتىپ قالغان تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلەر ئىدى. بۇ يەردە ھەر ھەپتىدە زىياپەتلەر، تانسىلار، تويلار بولۇپ تۇراتتى. توي قىلغان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دەم ئېلىشقا كەلگەن ھەربىيلەر ئىدى، ئۇستىلىرىدە ھەربىي كىيىم، بويۇنلىرىدا ئالتۇن رەڭ ئۇزۇن لېنتا بار ئىدى. قىزلار بولسا قامال قىلىنغان رايونلاردىن ئەتكەسچىلەر ئېلىپ كەلگەن پۈزۈر كىيىملەردە ئىدى. زالغا قىلىچنى كىرېست شەكلىدە ئېسىپ قويۇشاتتى، توينى تەبرىكلەپ ئىچىشىدىغان ھاراق شامپان ھاراقلىرى بولاتتى، ئارقىدىن يىغلاپ تۇرۇپ خوشلىشىشلار باشلىناتتى. ھەر كۈنى كېچىدە ئىككى تەرىپى دەرەخلىك كوچىلاردىلا تانسىلار قايناپ كېتەتتى، ئۆيلەردە رويالارمۇ

چىلىنىپ تۇراتتى. ئايال ناخشىچىلار بىلەن ھەربىي مېھمانلارنىڭ ناخشىلىرى ئۆي ئىچىنى بىر ئالاتتى. بۇ ناخشىلار «سىگنال چال، ئۇرۇش توختىسۇن»، «خېتىڭ كەلدى، ئەمما كېچىكتى» دېگەن مەزمۇندىكى مۇڭلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ناخشىلار ئىدى. بۇ ناخشىلار ھەرقانچە باغرى تاش ئادەمنىمۇ يىغلىتىۋېتەتتى.

پەيتون پاتقاق يولدا توختىماي كېتىۋاراتتى. سىكارلېت پېتتىپىردىن تىنىماي سوئال سوراپتتى، پېتتىپىرمۇ ئۇنىڭ سوئاللىرىغا قامچىسى بىلەن ئۇنى – بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى ۋە ئۆزىنىڭ بىلىمدانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن مەغرۇر كۈلۈپمۇ قوياتتى.

— ئەنە ئاۋۇ ھەربىي زاۋۇت، خېنىم. ئۇلار ئۇ يەردە مىلتىق، زەمبىرەكلەرنى ياسىشىدۇ. ياق، خېنىم، ئۇ ماگىزىن ئەمەس، ئىش بېجىرىدىغان ئورۇن. ئۇ يەرنىڭ نېمە قىلىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ يەردە ساپلا چەت ئەللىكلەر تۇرىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ پاختىمىزنى ئېلىپ چارلېستون بىلەن ۋىلمىنتونغا ئەكېتىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىزگە پورۇخ ئەكېلىپ بېرىدۇ. ياق، خېنىم، مەن ئۇلارنىڭ قايسى دۆلەتنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. پىتتىي خېنىم ئۇلارنى ئەنگلىيەلىك دەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. شۇنداق، خېنىم، شەھەردە ئىس ناھايىتى كۆپ، پىتتىي خېنىمنىڭ پەردىلىرى بۇلغىنىپ بولدى. بۇ ئاۋازلار پولات زاۋۇتى بىلەن چويۇن زاۋۇتىنىڭ ئاۋازى. كېچىسى ئاۋازى شۇنچىلىك قاتتىق، ئادەمنى پەقەتلا ئۇخلاتمايدۇ. ياق، خېنىم، توختىسام بولمايدۇ. پىتتىي خېنىمغا سىزنى ئۇدۇل ئۆيگە ئېلىپ كېلىمەن دەپ سۆز بەرگەنمەن ... سىكارلېت خېنىم، ئۇلارغا سالام بېرىڭ، مېرۋېتېر خانىم بىلەن ئېلسىن خانىم سىزگە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىدۇ.»

سىكارلېت ئۇ ئىككى خانىمنى تەستە ئېسىگە ئالدى. ئۇلار

ئۇنىڭ تويىدا ئاتلانتادىن تارا قورۇقىغا بارغان بولۇپ، پىتتىنى خېنىمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئىدى. ئۇ دەررۇ پىتتىپىر تاغا كۆرسەتكەن ئۇ خانىملارغا تەزىم قىلدى. ئۇ ئىككىسى بىر گەزمال دۇكىنىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويغان پەيتونىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى. دۇكان غوجايىنى بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتچىسى قۇچاق - قۇچاق پاختا رەختلەرنى دۇكىنىدىن ئاچىقىپ ئۇلارغا كۆرسىتىۋاتاتتى. مېرۋېتېر خانىم تەمبەل، ئېگىز بوي ئايال ئىدى، كۆڭلىكىنى بەكمۇ تار كىيگەچكە ئىككى كۆكسى چوقچىيىپ تۇراتتى. تۆمۈر رەڭ چاچلىرى ئارىسىغا قوڭۇر رەڭ يالغان چاچ ئارىلاشتۇرۇۋالغانىدى، چاچلارنىڭ رەڭگىنىڭ ئىككى خىللىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. يۈزى يۇمىلاق ئىدى، ئاق كۆڭۈل، چېۋەر ۋە ھەممە ئادەمنى باشقۇرىمەن دەيدىغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئېلسىن ياش، زىلۋا، ئورۇقراق ئايال ئىدى، بۇرۇنقى گۈزەللىكى تېخى چىرايىدىن كەتمىگەنىدى، ئەمما تەكەببۇرراق كۆرۈنەتتى.

ۋېمتىن خانىم دېگەن يەنە بىر خانىم بىلەن ئۇ ئىككىسى ئاتلانتانىڭ ئۈچ چوڭ تۈۋرۈكى ئىدى، ئۆزلىرىگە قاراشلىق ئۈچ چېركاۋنى، چېركاۋنىڭ پوپلىرىنى، مۇناجاتچىلارنى ۋە ئۆز تەۋەسىدىكى مۇرىتلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇلار يەنە قىزلار بىلەن تانسىلارغا ۋە باراۋەتلەرگە قاتنىشاتتى، كىمنىڭ سۆيگىنى ياخشى، كىمنىڭ يامان، كىم ئوغرىلىقچە ھاراق ئىچىدۇ، كىم بالا تۇغىدۇ، قاچان تۇغىدۇ دېگەنلەردىن تارتىپ ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇلار يەنە ئائىلە نەسەبلىرىنى بىلىشتىمۇ مۇتەخەسسىس بولۇپ، جورجىيە، جەنۇبىي كارولىنا ۋە ۋىرگىنىيەدىكى ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئائىلە نەسەبلىرىنى بىلەتتى، باشقا ئىشتاتلارنىڭكى بىلەن كارى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇلار مەرتىۋىلىك ئادەملەرنى پەقەت ئاشۇ جايلاردىلا چىقىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلار يەنە كىملەرنىڭ پەزىلەتلىك، كىملەرنىڭ پەزىلەتسىز ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن باھالىرىنى

باشقىلارنىڭ ئاڭلىشىنىمۇ خالايتتى. بۇ ئۈچ خانىم رىمنىڭ ئۈچ بۇرجەك سىياسىيونلىرىغا ئوخشاش بىر - بىرىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى، لېكىن يەنە بىر - بىرى بىلەن زىچ ئىتتىپاقمۇ تۈزۈشكەنىدى.

— مەن پىتتىيغا سىزنى بىزنىڭ دوختۇرخانىغا كەلسۇن دەپ ئېيتتىم، — دېدى مېرۋېتېر خانىم كۆلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلەپ، — مادېي خانىمغا ياكى ۋېمتىن خانىمغا ماقۇل دەپ يۈرمەڭ جۇمۇ.

— ياق، ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى سكارلېت ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيلا. ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە خېرىدارلىق قىلىۋاتقانلىقى ئۇنى تەسىرلەندۈرگەنىدى، — سىز بىلەن تېز ئارىدا يەنە يۈز كۆرۈشىمەن دەيمەن.

پەيتون يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، سېۋەت كۆتۈرۈۋالغان ئىككى ئايال يولدىن ئۆتۈۋالغۇچە بىردەم توختاپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا سكارلېت ئۇشتۇمتۇت پىيادىلەر يولىدا بىرەيلەننى كۆرۈپ قالدى. ئۇ رەڭگى بەكمۇ قېنىق — كوچىدا ھەممىدىن بەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى — رەختتىن كۆڭلەك كىيىۋالغان ئېگىز بوي بىر قىز ئىدى، چاچلىرىنىڭ قويۇق ۋە قىزىللىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. سكارلېت «چاچلىرىغا كۆپ ھەشەم قىلغان» قىزلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاچقا ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ ئۇزاق قاراپ كەتتى.

— پېتتېر تاغا، ئاۋۇ كىم بولىدۇ؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى ئۇ.

— ئۇقمايمەن.

— سىز بىلىسىز، زادى كىم، ئېيتىپ بېرىڭا.

— ئۇنىڭ ئىسمى بېللې ۋاتلىن، — جاۋاب بەردى پېتتېر تاغا ئاغزىنى بىر قىسما قىلىپ.

سكارلېت ئۇنىڭ ئۇياقىنى يا خانىقىز، يا خانىم دېمەي ئىسمىنىلا ئېيتىۋاتقانلىقىغا ھەيران قېلىپ، يەنە:

— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— سىكارلېت خېنىم، — پىتتىر چىرايىنى تۇرۇپ ئاتقا بىر قامچا سالدى، — پىتتىي خېنىم ئۆزىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بىلىشىڭىزگە تازا قوشۇلمايدۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە بىر تىيىنلىق ئەتىۋارى يوق ئادەملەر.

«ۋاي خۇدايىمەي، — سىكارلېت ئويلىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قايتا گەپ سورىمىدى، — ئۇ ئەسكى ئايال ئوخشىمامدۇ.»

سىكارلېت ئەسكى ئاياللارنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇ ئايالنىڭ قارىسى يىتكۇچە ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

ئۇلار ئاخىر شەھەردىن چىقىپ ئولتۇراق رايونغا يېتىپ كەلدى. ئولتۇراق ئۆيلەر ئالدى تەرەپتە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇ ئۆيلەرنى خۇددى قەدىناس دوستىنى تونۇغاندەك تونۇدى. ئەنە ئاۋۇ ھەيۋەتلىك تۇرغىنى لېيدىبىننىڭ ئۆيى؛ ئاق تۈۋرۈكلۈك يېشىل پەنجىرىلىكى بانىبىلنىڭ؛ قىزىل خىش بىلەن جورجىيە پاسونىدا سېلىنغىنى مىكلورنىڭ. ئەمدى ئۇلار ئاستا ماڭدى. سەۋەب، ئۆي - ئۆيلەردىن خانىملار بىلەن خانقىزلار يولغا چىقىپ سىكارلېت بىلەن قىزغىن سالاملىشىۋاتاتتى، بەزىلىرى سىكارلېتقا تونۇش، بەزىلىرى تازا تونۇش ئەمەس ئىدى، بەزىلىرىنى ئۇ پەقەتلا تونۇمايتتى. پىتتىي خېنىم ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا ئۇلارغا ئېيتقان بولسا كېرەك. كىچىك ۋادىنى ئۇلار قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ كەتتى. ھەممىسىلا سىكارلېتقا قاراپ توۋلىشاتتى، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ تىككۇچىلىك جەمئىيىتىگە ياكى ئاسراش - كۈتۈش ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىشقا چاقىراتتى، سىكارلېت بولسا ھەممىسىگىلا ماقۇل جاۋاب بېرىپ ماڭاتتى.

ئۇلار رەتسىز سېلىنغان، ئەمما تاختاي تاملىرى چىرايلىق سىرلانغان بىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىچىك بىر نېگىر قىز: «ئۇ كەلدى!» دەپ توۋلاپ كەتتى. ئارقىدىنلا دوختۇر مادې بىلەن ئايالى ۋە ئون ئۈچ ياشلىق پىل يوگۇرۇپ چىقىپ سىكارلېتتىن ئەھۋال سورىدى. سىكارلېت

ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ تويغا بارغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. مادىي خانىم يولغا چىقىپ كىچىك ۋادقا قاراپ كەتتى. دوختۇر مادىي پاتقاقتىن قورقماي پەيتونىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ئېگىز بوي، ئورۇق، ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان ئادەم ئىدى. ئاتلانتالىقلار ئۇنى كۆچ ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بۇلىقى دەپ بىلەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ مىجەزىدە ئازراق تەكەببۇرلۇق بولمىغان بولسا، پۈتۈن شەھەر بويىچە ئەڭ سەمىمىي ئادەم ھېسابلانغانمۇ بولاتتى.

دوختۇر سكارلېت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ۋادىنىڭ قورسىقىغا بوش ئۇرۇپ ئۇنى ئەركىلىتىپ قويۇپ، پىتتىپي خېنىمنىڭ سكارلېتنى ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىسىدىن باشقا ھېچقانداق يەرگە ئەۋەتمەسلىك توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— قەدىرلىك دوختۇر، مەن بۇ يەرگە كەلگۈچە مىڭلىغان خانىمغا ۋەدە بېرىۋەتتىم، — دېدى سكارلېت.

— ھەرقاچان مېرۋېتېر خانىمغا ۋەدە بەرگەنسىز، — دېدى دوختۇر ئاچچىقى بىلەن توۋلاپ تۇرۇپ، — ئۇ بۇدۇشقاقتەك خوتۇن، ھەر قېتىم پويىز كەلسە بارماي قويمايدۇ.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە نېمە قىلىدىغانلىقىمنى بىلمەيلا ماقۇل دەۋەردىم، — دېدى سكارلېت، — ئاسراش ـ كۈتۈش ئۆيۈشمىسى دېگەن نېمە ئۇ؟

دوختۇر بىلەن خوتۇنى ئۇنىڭ نادانلىقىغا سەل ھەيران قالدى.

— ھە، توغرا، سىز چەت ـ ياقىدا تۇرغاچقا بىلمەيسىز، — دېدى مادىي خانىم ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — بىز دوختۇرخانىلاردا ئاسراش ـ كۈتۈش ئۆيۈشمىلىرىنى قۇردۇق. ئۇلار نۆۋەت بىلەن كۈندە سېستىرالىق قىلىپ ئاغرىقلارنى كۈتىدۇ، دوختۇرلارغا ياردەملىشىدۇ، كېسەللەر ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققۇدەك بولغاندا ئالدىنقى سەپكە بارغۇدەك بولغۇچە ئۆيىگە ئاچىقىپ باقىدۇ. بىز يەنە يارىدارلارنىڭ كەمبەغەل ئائىلىلىرىگە غەمخورلۇق قىلىمىز. دوختۇر مادىي

ھۆكۈمەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ. مېنىڭ ئاسراش - كۈتۈش ئۇيۇشمامۇ ئاشۇ يەردە. ھەممە ئادەم بىزنىڭ دوختۇرنى ئاجايىپ ياخشى ئادەم دەپ ماختىشىدۇ. يەنە ...

— بولدى، بولدى مادې خانىم، — دېدى دوختۇر مەغرۇر كۈلۈپ قويۇپ، — خەقنىڭ ئالدىدا مېنى ماختاۋەرمە. مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم تېخى ناھايىتى ئاز. ئالدىنقى سەپكە باراي دېسەم يا بارغۇزمايسەن.

— بارغۇزمايسەن؟ — خانىم ئاچچىقى بىلەن گەپ قىلدى، — مەنمۇ؟ سىزنى شەھەردىن بارغۇزمىغىنى ئېنىققۇ. سىكارلېت، ئۇ ۋىرگىنىيەگە ھەربىي دوختۇر بولۇپ بارماقچى بولغاندا، پۈتۈن شەھەردىكى خانىملار بىرلىشىپ خەت يېزىپ ئۇنى بارغۇزمىدى. دېمىسىمۇ، بۇ شەھەردە سىز بولمىسىڭىز بولمايتتى.

— بولدى، بولدى، خانىم، — دېدى دوختۇر يەنە. دوختۇر ئۇ ماختاشلاردىن سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، — بىر بالىمىز ئالدىنقى سەپتە بولغاندىكىن، ھازىرچە بۇ يەردە تۇرسامۇ بولار.

— كېلەر يىلى مەن بارىمەن، — دېدى كىچىك پىل خۇشال توۋلاپ، — بارابانچى بولىمەن، ھازىر خېلى ئۆگىنىپ قالدىم. ئاڭلاپ باقامسىلەر؟ بارابانىنى ھازىرلا ئاچىقىمەن.

— ياق، ھازىر بولمايدۇ، — دېدى مادې خانىم پىلنى يېنىغا تارتىپ. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى، — كېلەر يىلى بولمايدۇ، ياندۇرقى يىلى بىر گەپ بولار.

— ئاڭغىچە ئۇرۇش تۈگەپ قالامدۇ، — دېدى ئۇ تېرىكىپ ۋە ئاپىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىۋالدى، — ئۆزۈڭ ماقۇل بولغانغۇ؟

دادىسى بىلەن ئاپىسى بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى، بۇنى سىكارلېت كۆرۈپ قالدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ چوڭ ئوغلى داس مادې ئالدىنقى سەپكە كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار كىچىك ئوغلىنى ھېچياققا ماڭدۇرماي چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

پېتتېر تاغا گېلىنى قىرىپ قويدى.

— مەن ئۆيدىن چىققاندا پېتتىي خانىم خاپا قالغان، ئەمدى ۋاقتىدا بارمىسام ھوشىدىن كېتىشى مۇمكىن.

— خەير - خوش. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سىزنى كۆرگىلى بارىمەن، — دېدى مادې خانىم، — پېتتىي خانىمغا دەپ قويۇڭ، ئەگەر سىزنى بىزنىڭ ئۇيۇشمىغا قاتناشتۇرمايدىغان بولسا ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىم بار.

پەيتون تېيىلغان پاتقاق يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. سىكارلېت يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ، چىرايىدا تەبەسسۇم، كېتىۋاتاتتى، ۋۇجۇدىدا بىرنەچچە ئايدىن بېرى تاپالمىغان بىر خىل راھەت پەيدا بولۇۋاتاتتى. ئاتلانتا شۇنچىلىك قىستا - قىستاڭ، شۇنچىلىك قاتىلاڭ، ئەمما بىر خىل جۇشقۇن ھاياتنىڭ يوشۇرۇن خۇشاللىقى ھۆكۈم سۈرەتتى، ئادەمگە راھەت، خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. تىمساھمۇ جىمجىتچىلىققا چىدىماي ھۇۋلاپ كېتىدىغان پىنھان چارلېستونغا، كەڭ يوللىرىنىڭ ئىككى تەرىپى بۈك دەرەخلىك ھەم دەرياغا يېقىن ساۋاننىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يەرنىڭ ئۆلۈكى ئارتۇق ئىدى، تارا شۇنچىلىك سۆيۈملۈك جاي بولسىمۇ، بۇ يەر ھازىرچە ئۇنىڭ كۆزىگە تارادىنمۇ ئېسىل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

كوچىلىرى تار ۋە پاتقاقلىق بۇ شەھەر ئېگىز - پەس قىزىل توپىلىق دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئادەمگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بەرگەندىن سىرت يەنە يات ۋە قوپالمۇ تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ، سىكارلېتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاپىسى بىلەن نېگىر ئانىسىنىڭ توختىماي بېرىۋاتقان تەربىيەسى بىلەن تاشقى گۈزەللىككە ئېرىشكەن، ئەمما ئۇنىڭ تېگىدە يەنە يات ۋە قوپال ماھىيەت يوشۇرۇنغان ھالىتىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. ئۇ بىردىنلا بۇ يەرنىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان يەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ھېچقانداق ھاياتى كۈچ يوق، جىمجىت قەدىمكى شەھەرگە ئۇ مۇتلەق كۆنەلمەيتتى.

ئۆيلەر بارغانسېرى شالاڭلىشىشقا باشلىدى. سىكارلېت

پىتتىي خېنىمنىڭ قىزىل خىشلىق ئۆيىنى يىراقتىن كۆردى. ئۇ شەھەرنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چەتكە جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ھويلىنىڭ رېشاتكىلىرىنى يېڭىدىن ئاق سىر بىلەن سىرلاپتۇ. ھويلىنىڭ ئىچىدە ئېچىلىپ سولاشقان گۇللەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيدە قارىلىق كىيىشكەن ئىككى ئايال، ئۇلارنىڭ كەينىدە پەرتۇق تارتىۋالغان ئاق يۇزلۇك سېمىز بىر ئايال تۇراتتى، پاكار، سېمىز پىتتىي ھامما خۇشاللىقىدىن چىرايلىق پۇتلىرىنى توختىماي يۆتكەيتتى، خۇددى يۇرىكىنى بېسىپ ئورنىغا چۇشۇرمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىر قولى بىلەن تولۇق كۆكسىنى بېسىپ تۇراتتى. سكارلېت ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان مېلانىيەنى تونۇپ ئازراق شۇركۇنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاتلانتانىڭ كېلىشمىگەن، ئاپپاق سىرلانغان ئۇستەلگە بىر تال چىۋىن چاپلىشىپ قالغاندەك يەرلىرى بار دېيىلسە، ئۇ دەل قارىلىق كىيىم كىيىۋالغان ئاشۇ ئاۋاق مېلانىيە ئىدى. ئۇ قاپقارا چاچلىرىنى سىلىق تاراپ، يېڭى تويى بولغان جۇۋانلارغا خاس قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى، سوزۇنچاق يۇزىدە سكارلېتنىڭ كەلگىنىگە خۇش بولۇۋاتقاندەك كۇلكە ئويناپ تۇراتتى.

جەنۇبلۇقلار يىگىرمە ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى بىر يەرگە مېھمانغا بارغان بولسا ئۇ يەردە چوقۇم بىر ئاي ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق تۇرۇپ قالاتتى. ئۇلار تولىمۇ مېھماندوست ھەم مېھمانغا بېرىشقا ئامراق خەق ئىدى. بىرەر ئادەمنىڭكىگە مىلاد بايرىمىغا بارغان بولسا، كېلەر يىلى يەتتىنچى ئايغىچە شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى، بۇ خىل ئەھۋال تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدا دائىم بولۇپ تۇراتتى. يېڭى توي قىلغانلار شېرىن ئاي ساياھىتىگە چىقسا، ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كەلگەن بىرەر ئۆيدە ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپ بولغۇچە تۇرۇپ قېلىۋېرەتتى. يېشى چوڭراق ھامما، تاغىلار جىيەنلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چۇشلۇك تاماققا بارغان بولسا، بەزىلىرى ئۇ يەردىن يىللاپ قايتىپ

كەلمەي، ھەتتا شۇ يەردە ئۆلۈپ قېلىپ شۇ يەردە يەرلىكىدە ياتاتتى. مېھمان كەلسە ئۆي ئىگىسىگە ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك بولمايتتى، ئۆيلەر كەڭرى، خىزمەتكارلار بار، بىر نەچچە ئايلىق تاماقمۇ بۇ باي جايدا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. مېھمان ئۇلارنىڭ بىر خىللا ئۆتىدىغان مەنىسىز تۇرمۇشىنى خۇشاللىق ۋە خىلمۇ خىل مەزمۇنلارغا ئىگە قىلاتتى، شۇڭا بۇ يەرلەردە مېھمان قاچانلا بولسۇن قارشى ئېلىناتتى.

شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، سىكارلېت بۇ يەرگە مۇنچىلىك ۋاقىت تۇرىمەن دېگەن تەييارلىق بىلەن كەلمىدى. بۇ يەرمۇ چارلېستون بىلەن ساۋانناغا ئوخشاش كۆڭۈلسىز جاي بولسا بىر ئايدىن كېيىنلا كېتىشى مۇمكىن. كۆڭلىگە يېقىپ قالسا چەكسىز ۋاقىت تۇرسىمۇ مەيلى. ئەمما، ئۇ كېلىشى بىلەنلا پىتتىي ھامما بىلەن مېلانىيە ئۇنى مەڭگۇ تۇرۇپ قېلىشقا سايە قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار بولىدىغانلىكى سەۋەبنى كۆرسەتتى، ئېلىپ قالماقچى بولغانلىقلىرى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقلىرىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشەتتى. ئىككىسى يالغۇز بۇ يوغان ئۆيلەردە تۇرۇشتىن قورقاتتى، بولۇپمۇ كېچىلىرى. سىكارلېت يۈرەكلىك بولغاچقا ئۇلارغا بىللە تۇرسا مەدەت بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىكارلېت كېلىشىملىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ زېرىكىشلىك ھاياتىنى مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ بېرەتتى. يەنە كېلىپ چارلېسنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۇ ئۆيلەرنىڭ يېرىمى سىكارلېتقا مىراس تەگكەنىدى. يەنە بىر گەپ، جەنۇب ئىتتىپاقى ھەربىر ئادەمنىڭ تىكىش، توقۇش، داكا ئوراش، يارىدارلارنى كۈتۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا تازا موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

چارلېسنىڭ تاغىسى ھېنرى خامىلتون پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىكى مېھمانخانىدا ئۆزى يالغۇز تۇراتتى، ئۇمۇ سىكارلېتقا بۇ ھەقتە ئەستايىدىل گەپ قىلدى. ھېنرى تاغا مىجەزى چۈس تۆرە ئىدى. بويى پاكار، قورسىقى يوغان، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، ئاپپاق چاچلىرى رەتسىز تۇرىدىغان ئادەم

بولۇپ، ئايالىلارنىڭ يوغان گەپ قىلىدىغان مىجەزىنى، ئاجىز تۇرقىنى يەقەتلا ياقتۇرمايتتى. مۇشۇ سەۋەبلىك سىڭلىسى پىتتىي خانىم بىلەن زادى پۇرچىقى پىشىشمايتتى. ئىككىسى كىچىكىدىن تارتىپلا مىجەزدە كېلىشەلمەيتتى. كېيىن ئۇ پىتتىي ھاممىسىنىڭ چارلېسنى تەربىيەلەش ئۇسۇلىنى ياقتۇرماي تېخىمۇ ئارازلىشىپ قالدى. ئۇ، پىتتىي چارلېسنى «ھەربىينىڭ ئوغلى قىلىپ ئەمەس، قىزلارغا ئوخشاش تاۋى نازۇك قىلىپ چىقىدىغان بولدى» دەپ رەنجىيتتى. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ھېنرى ئۇنىڭغا بىر ئىش توغرۇلۇق قاتتىق تەگدى. شۇنىڭدىن باشلاپ پىتتىي ھامما ئۇنى ئېغىزغا ئالمايدىغانلا بولدى. ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشقا توغرا كەلسە غودۇراپلا قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن سىرتنىڭ ئادىمى قېرى ئادۋوكات ھېنرىنى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مېلانىيە چارلېس تاغىسى بىلەن ئەپ ئۆتەتتى، ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنىڭ يولىنى قىلاتتى، لېكىن پىتتىي ھامما دومسىيىپ تۇرۇۋېلىپ ئەپلىشىپ قېلىشنى رەت قىلاتتى.

ھېنرى تاغا سكارلېتنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. سكارلېتتا ئانچە ـ مۇنچە تەلۋىلىك بولسىمۇ، لېكىن كاللىسى جايىدا قىز ئىكەن، دېدى ئۇ. ھېنرى تاغا يالغۇز پىتتىي بىلەن مېلانىيەنىڭ بارلىق كۆچمەس مۈلۈكلىرىنىلا باشقۇرۇپ قالماي، سكارلېتنىڭ كۆچمەس مۈلۈكلىرىنىمۇ باشقۇراتتى. سكارلېت ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ بايلىققا ئىگە ياش بايلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى خۇشاللىق ئىچىدە بىلدى. ئۇنىڭغا بۇ ئۆيلەرنىڭ يېرىمىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن شەھەردىكى مال ـ مۈلۈكتىنىمۇ خېلى كۆپ مىراس قالغانىدى. پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىكى بەزى دۇكانلار، دەڭلەرمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ باھاسى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن ئىككى ھەسسە ئۆسۈپ كەتكەنىدى. ھېنرى تاغا ئۇنىڭ

مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ تىزىملىكىنى رەتلەپ بېرىۋاتقاندا، ئۇنى بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلغىنىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى.

— ۋاد چوڭ بولغاندا ياش بايلاردىن بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئاتلانتانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدىن قارىغاندا يىگىرمە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ مۈلكى ئون ھەسسە كۆپىيىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ توغرا بىردىنبىر چارىسى بالىنى مەڭگۈ مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلاشتۇرۇش. شۇنداق بولسا ئۇ مۈلكىنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا پىتتىي بىلەن مېلانىيەنىڭ مۈلۈكلىرىنىمۇ باشقۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇزاققا قالمايلا ئۇ خامىلتون جەمەتىنىڭ بىردىنبىر ئەر ۋارىسىغا ئايلىنىدۇ، چۈنكى مەن بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرالمايمەن.

پىتتىر تاغىمۇ چارلېسنىڭ يالغۇز ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ تەربىيەسىدە بولالمايدىغان يىراق بىر يەردە بېقىلىدىغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي، سكارلېتنى چوقۇم بۇ يەردە قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى. سكارلېت بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىگە پەقەت كۈلۈپلا قويۇپ باشقا ئىپادە بىلدۈرمىدى. چۈنكى، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئاتلانتانى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيتتى، ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن مەڭگۈ بىللە تۇرالامدۇ، يوق، ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنچى يوق ئىدى، ئۇ يەنە بۇ ئىشتا دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىش كېرەكلىكىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. تارادىن ئايرىلغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولمايلا ئۇ يەرنى، ئۇ يەرنىڭ قىزىل تۇپىلىق يەرلىرىنى، ياپيېشىل دولقۇنلىنىپ تۇرغان كېۋەزلىكلىرىنى، كەچقۇرۇنلىرى ھۆكۈم سۈرىدىغان جىمجىتچىلىقىنى سېغىنىۋاتقان تۇرسا بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشقا چىدامدۇ؟ گېرالد ئۇنىڭغا، سېنىڭ قېنىڭدىمۇ يەرگە بولغان مۇھەببەت بار، دېگەنىدى، ئۇ بۇ گەپنىڭ تېگىگە ئەمدى ئازراق يېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ يەردە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىغا ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن تۇز

جاۋاب بەرمەي كېلىۋاتاتتى شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزىل خىشلىق بۇ ئۆيلەردىكى ھاياتقا ناھايىتى تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتى.

سىكارلېت چارلېسنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ئائىلىسىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ، ئۆزىنى قىسقا ۋاقىتلا خوتۇن قىلىپ، ئاندىن بالىسى بىلەن تۇل تاشلاپ كەتكەن ئۇ يىگىتنى ئازراق چۈشىنىشكە، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق تارتىنچاق، ساددا، تۇرمۇشقا خام بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە باشلىدى. ئەگەر چارلېس دادىسىنىڭ ئىرادىلىك، قورقماس ۋە ئالدىراڭغۇ كەلگەن ھەربىيلەرگە خاس خاراكتېرىنى ئازراق بولسىمۇ دورىغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل خىسلەتلەر كىچىكىدىن تەربىيەلەنگەن مۇھىت يېتىشتۈرگەن قىزلارغا خاس مىجەزى تەرىپىدىن بەرىبىر يوق قىلىنىپ كېتەتتىكەن. ئۇ پىتتىي ھاممىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا مېلانىيەگە ھەممىدىن ئامراق ئىكەن، ئۇ ئىككى ئايالنىڭ خاراكتېرى بولسا دۇنيادا ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، غەلىتىلا ئىدى.

پىتتىي ھاممىنىڭ ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىسمى سارا جانې خامىلتون ئىدى. لېكىن، ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان دادىسى ئۇنىڭ بىر يەردە جىم تۇرماي يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان كىچىككىنە پۇتلىرىغا مەستلىكى كېلىپ ئۇنىڭغا ھازىرقى ئىسمىنى قويۇپ قويغانىدى، كېيىن بۇ ئۇنىڭ رەسمىي ئىسمىغا ئايلىنىپ قالدى، ھېچكىم ئەسلىي ئىسمىنى ئاتىمايتتى. بۇ ئىسىم قويۇلۇپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ مىجەزىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئىسمى ئۇنىڭغا پەقەتلا ماسلاشماي قالدى. يۈگۈرۈپ تىنمايدىغان ئۇ پۇتلار بىلەن ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئېغىر بەدەن بىر ـ بىرىگە توغرا كەلمىدى، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ تولا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تېنى ساغلام، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل ئىدى، ئاپپاق چاچلىرى كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. بىرلا يېرى، مەيدىسىنى چىڭ تېڭىۋالىدىغان بولغاچقا

نەپەس ئالالماي ھاسىراپلا تۇراتتى. پۇتلىرىغا لايىقلا كىچىك ئاياغ كىيگەچكە، ئۇن يېتىم يەرگىچىمۇ مېڭىپ بارالمايتتى. ئازراقلا خۇشال بولۇپ قالسا، يۈرىكى دۇپۇلدەپ سېلىپ كېتەتتى. ئۇنى پەسەيتىشنىڭ يولىنى قىلماي مەيلىگە قويۇپ بەرگەچكە، ئاخىر قاتتىقراق بىر نەرسە تەسىر قىلسىلا ھوشىدىن كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ھوشىدىن كېتىشلىرىنى قەستەن قىلىۋاتقان قىلىقى دەپ بىلەتتى، لېكىن يەنە ئۇنى ياخشى كۆرگەچكە، خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلىتىپ ئۆگىتىپ قويغاندەك ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمايتتى. نەتىجىدە ئۇ شۇ قىلىققا ئۆگىنىپ قالدى، پەقەت ئۇنىڭ ئاكىسى ھېنرىلا ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلاتتى.

ئۇ پاراڭغا ئامراق ئىدى، دۇنيادا ئۇنىڭ شۇنىڭدىن باشقا ئامراق نەرسىسى يوق ئىدى، ھەتتا تاماققىمۇ ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيتتى. بىرنەچچە سائەتكىچە توختىماي گەپ قىلالايتتى، قىلغاندىمۇ ساپلا باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلاتتى، ئەمما گەپلىرىدە يامان مەقسەت يوق ئىدى. ئادەملەرنىڭ، يەر - جايلارنىڭ، ئاي - كۈنلەرنىڭ ئىسىملىرىنى پەقەتلا ئېسىدە تۇتالمايتتى. ئاتلانتادا ئۇينالغان بىر دىرامىدىكى ئارتىسلارنىڭ ئىسىملىرىنى باشقا بىر دىرامىغا چىققان ئارتىسلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن دائىم ئالماشتۇرۇپ سۆزلەيتتى، لېكىن ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭدەك ئەخمەق بولمىغاچقا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە چۈشىنىۋالمايتتى ھەم ئۇنىڭ قېرى قىزلىق روھىي ھالىتىنى ئاسراش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئادەمنى ھەقىقىي ھەيران قالدۇرىدىغان كۆلكىلىك ئىشلارنىمۇ، رەزىل ئىشلارنىمۇ سۆزلەپ بەرمەيتتى. ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ دوستلىرى بىر - بىرى بىلەن كېلىشىۋېلىپ، داۋاملىق ئۇنى ئاسرايتتى ھەم ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك ئاشۇ خىل ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى.

مېلانىيە كۆپ تەرەپتىن ھاممىسىغا ئوخشايتتى، ئاسانلا ئىزا تارتاتتى، قىزىراتتى، كىشىلەرگە كەمتەر ئىدى، ئەمما ئازراق

بولسىمۇ تۇرمۇش ساۋاتى بار ئىدى..«ئۇ ئازراق بولسىمۇ ساۋاتقا ئىگە ئىكەن، بۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى سىكارلېت ئىرادىسىگە قارشى ھالدا. مېلانىيەنىڭ چىرايىمۇ ھامىسىنىڭكىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدىغان بالا چىراي ئىدى. بۇنداق چىرايدىكى ئادەملەر ساددا ۋە سەمىمىيلىكنى، ئاق كۆڭۈل ۋە كۆيۈمچانلىقنىلا بىلىدۇ، زوراۋانلىق ۋە يامانلىقنى كۆرەلمەيدۇ، كۆرگەن تەقدىردىمۇ پەرق قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار دائىملا خۇشال ـ خۇرام يۈرىدۇ، ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ شۇنداق سېزىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇلار ئادەملەرنىڭ ياخشى تەرىپىنىلا كۆرۈپ، ئۇلارنى ياخشى نىيىتى بىلەن باھالايدۇ، مېلانىيەمۇ شۇنداق ئىدى. بىر چاكىرى قانچىلىك ئەخمەق، دۆت بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇ بىر كەمچىلىكنى يېپىپ كېتەلەيدىغان سەمىمىيلىك ۋە ياخشى نىيەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ ئامىللىرىنى ئىزدەيتتى؛ بىر قىز قانچىلىك سەت ۋە يىرگىنچلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىنىدە شۇ تەرەپلىرىنى يېپىپ كېتەلەيدىغان بىرەر چىرايلىق يېرىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئاشۇ ئىللەتلىرىنى يېپىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى؛ بىر ئەر قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ھەممە ئادەم بىزار بولىدىغان ئادەم بولسىمۇ، مېلانىيە ئۇنىڭغا ئۇ كەمچىلىكنى ئۆزگەرتەلەيدۇ دېگەندەك، ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان نۇقتىدىن قارايتتى.

ئۇ مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل ۋە كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغاچقا ھەممە ئادەم ئۇنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلالمىغان ئېسىل تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان تۇرسا، كىممۇ ئۇنىڭ ئۇ خىل پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئېيتمىسۇن؟ ئۇنىڭ قىز دوستلىرى بىلەن ئوغۇل دوستلىرى ھەرقانداق بىر ياشنىڭكىدىن كۆپ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن توي قىلايچۇ دەپ كەينىگە كىرگەنلەر تولىمۇ ئاز ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئەرلەرنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغان

چۈسلۈق بىلەن ئۆزۈمچىلىكلەر يوق ئىدى.

مېلانىيەمۇ جەنۇبلۇق بارلىق قىزلار ئالىدىغان تەربىيەدە تەربىيەلەندى. ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاياللىق پەزىلەتلەر تولۇق يېتىلگەن بولغاچقا، جەنۇب ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان جەلپكارلىققا ئىگە بىر جاي ئىدى. ئاياللار بار ھەرقانداق بىر ئورۇندا ئەرلەر كۆڭلى رازى بولسا، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق ماڭسا، غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلمىسىلا شۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ خاتىرجەم، خۇشال ياشىيالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن بوشۇككە بۆلەنگەندىن تارتىپ گۆرگە كىرىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئاياللار ئەرلەرنىڭ راھەتلىنىشلىرى ئۈچۈن تىرىشاتتى، ئۇلاردىن رازى بولۇشقان ئەرلەر بولسا ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۆز ئېتىقادلىرىنى بىلدۈرۈپ مەردلىك بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئەرلەر دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنى ئاياللارغا بېرىشكە رازى، ئەمما ئۇلارنىڭ بەك ئەقىللىك بولۇپ كېتىشىنى خالاپ كەتمەيدۇ. سىكارلېتمۇ مېلانىيەگە ئوخشاش ئۆز جەلپكارلىقىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇردى، ئەمما بۇنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن قىلدى. بۇ ئىككى ئايالنىڭ توپ پەرقى: مېلانىيە باشقىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن مۇلايىم ۋە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلاتتى (بۇ ئەلۋەتتە ۋاقىتلىق ئىدى)، سىكارلېت ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەقسىتىنى كۆزلەپ ئىش قىلاتتى.

چارلېس ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئىككى ئايالنىڭ تەسىرىگە بەكمۇ كۆپ ئۇچراپ كەتكەن ھەم قوپاللىقنى ياكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنى ئۆگەنمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇ چوڭ بولغان ئائىلە مۇھىتى خۇددى قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىدەك ئىللىق ۋە خاتىرجەم ئىدى. بۇ ئائىلە تارا بىلەن سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ جىمجىت، تولىمۇ قەدىمىي، تولىمۇ مەدەنىيەتلىك ئىدى. سىكارلېت بۇ يەردە بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن، بۇ ئائىلىگە ھاراق ـ شاراب، تاماكا، كۈچلۈك ئەرلىك پۇراق ۋە جاسارەت،

قوپال ئاۋازلار، ئارىلاپ تىللاشلار، قورال ۋە ساقال - بۇرۇت، ئېگەر، يۇگەن ھەم پۇتقا يۆگىشىپ يۈرىدىغان ئوۋ ئىتلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ دورا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ تارادىكى ئاپىسى بولمىسىلا ئۆيدە بولمىدىغان جېدەللەرنى، نېگىرئانىنىڭ پورك بىلەن قىلىشىدىغان دەتالاشلىرىنى، روسا بىلەن تىنانىڭ سوقۇشۇشلىرىنى، ئۆزى بىلەن سۇئېللېننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن جەڭلەرنى، گېرالدنىڭ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ھەممە ئادەمنى قورقۇتۇشلىرىنى بەكمۇ سېغىندى. چارلېس ئۇنداق مۇھىتقا ئوخشىمايدىغان مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە ياشىغاچقا خۇددى قىز بالىغا ئوخشاش چوڭ بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە ئادەمگە تەسىر قىلىدىغان ھېچقانداق بىر زىددىيەتلىك ئىش بولمايدىكەن، گەپ - سۆزلەرمۇ شىۋىرلاپ دېگۇدەك قىلىنىدىكەن، ھەممە ئادەم بىر - بىرىنىڭ گېپىگە ھۆرمەت قىلىدىكەن. نەتىجىدە ئاشخانىدىكى قوڭۇر چاچ ئاشپەز خوتۇن چېغىدا بۇ يەرگە ھۆكۈمران بولۇۋېلىپ دېگىنىنى قىلىدىكەن. سكارلېت بۇرۇن نېگىرئانىسىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىدىن تويۇپ، كەڭ قورساقراق بىرەرسى بىزنى باشقۇرسىمىغۇ دەپ ئويلىغانىدى، ئەمدى ھازىر پىتتىپرنىڭ بۇ ئۆيدىكىلەرگە بېكىتىپ بەرگەن تۈزۈملىرىنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرۈپ نېگىرئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى يەپ قالدى.

سكارلېت مۇشۇنداق بىر ئائىلىدە تۇرۇپ بۇرۇنقى ھالىتىگە ياندى، كەيپىياتىمۇ بىلىپ - بىلمەي نورماللىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن، سالامەتلىكى ياخشى، زېھنى ئۆتكۈر ئىدى، چارلېسنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ ھەر ئاماللار بىلەن ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلماي قالغان چاغلىرى بولغان بولسا بۇنى ئۇلاردىن كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇنداق چاغلاردا ئۆيدە ئاشلىينىڭ گېپى بولۇپ قېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابلانغان بولاتتى، بۇ ئازابنى ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ يۈرىكىدىن كۆتۈرۈۋېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە

مېلانىيە ئاشلىپىنى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مېلانىيە بىلەن پىتتىي خېنىم ئۆزلىرىچە ئۇنىڭ قايغۇلىرىنى يېنىكلىتىشنىڭ ھەر خىل چارىلىرىنى قىلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشەتتى، ئۆزلىرىنىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۇنىڭ دىققىتىنى ھەر خىل ئىشلارغا تارتاتتى، يەيدىغان تاماقلىرىنى تەييارلىشاتتى، چۈشتە ئۇخلىتاتتى، پەيتونغا سېلىپ سىرتلارنى ئايلاندۇرۇپ كېلەتتى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭ يۈرەكلىكلىكىگە، بەدىنىنىڭ چىرايلىقلىقىغا، پۇت - قوللىرىنىڭ نازۇكلۇقىغا، تېرىسىنىڭ ئاقلىقىغا ھەۋىسى كېلەتتى، بۇنى يەنە سۆزلىرىدىلا ئىپادىلەپ قالماي، ھەرىكىتى بىلەنمۇ ئىپادىلەپ ئۇنى قىزغىن سۆيۈشۈپمۇ كېتەتتى.

سكارلېت بۇ خىل يېقىنچىلىقلارغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەيتتى، ئەمما ماختىغان گەپلەرنى ئاڭلىسا ئىچى تاتلىق بولۇپمۇ قالاتتى. تارادا ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق ياخشى گەپلەرنى قىلمايتتى. نېگىر ئانىسى ئەكسىچە تېخى ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقلىرىغا دائىم سوغۇق سۇ چېچىپ تۇراتتى. ھازىر ۋاد ئۇنىڭغا يۈك بولماي قالدى، چۈنكى ئۇ بۇ ئۆيدىكىلەردىن ئاشمايتتى، ھەتتا قوشنىلارمۇ ئۇنى ئەۋلىيادەك بىلىپ تالىشىپ كۆتۈرۈپ يېقىشاتتى. بولۇپمۇ ئۇنى مېلانىيە بەكرەك ياخشى كۆرەتتى، خەقىشلىك قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيگەن چاغلىرىدىمۇ مېلانىيەنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك ئوماق كۆرۈنەتتى، ھەتتا ئىچىدە: «ئاھ، ئوماق جىگىرىم، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالغۇم بارغۇ سېنى» دەپمۇ كېتەتتى.

سكارلېت بەزىدە پىتتىي ھاممىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن زېرىكىپ قېلىۋاتقانلىقىنى چىرايىدا چاندۇرۇپمۇ قوياتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ گاراڭ ۋە يوغان گەپنى تولا قىلىدىغان قىلىقلىرى ئادەمنى بىزار قىلاتتى. سكارلېت يەنە مېلانىيەگە ھەسەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە مېلانىيە ئاشلىپى توغرۇلۇق ناھايىتى ئېچىلىپ گەپ قىلسا ياكى ئۇنىڭدىن كەلگەن

خەتلەرنى ئۇنلۇك ئوقۇپ بەرسە دەررۇلا ئورنىدىن تۇرۇپ نېرى كېتىپ قالاتتى. لېكىن، يىغىپ ئېيتقاندا، مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە ياشاش ئۇنىڭغا خېلىلا خۇشاللىق بەخش ئەتتى. ئاتلانتا ساۋاننادىن، چارلېستوندىن ياكى تارادىن خېلىلا كۆڭۈللۈك ئىدى، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇ ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، ئاڭلىدى، ئەمدى ئۇنىڭ خىيال قىلىشقا، زېرىكىشكە ۋاقتى يوق ئىدى. ئەمما، بەزى چاغلاردا شامنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاشقا ياتقاندا «ئاشلېي توي قىلمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. يۇقۇملۇق كېسەللەر بار دوختۇرخانىدا سېستىرالىق قىلمىغان بولسام ئوبدان بولاتتى. ئۆزۈمگە بىرەر يىگىت تاپقان بولسام قانداق ياخشى ئىدى» دېگەندەك خىياللار بىلەن ئۇيقۇسى قېچىپمۇ قالاتتى.

ئۇ سېستىرالىق خىزمىتىدىن ناھايىتى تېزلا زېرىكىپ قالدى، ئەمما بۇ خالىسانە خىزمەتتىن باش تارتالمايتتى. چۈنكى ئۇ مادىي خانىم بىلەن مېرىۋېتېر خانىمنىڭ ئاسراش - كۆتۈش ئۈيۈشمىسىغا قاتناشقانىدى. دېمەك، ئۇ بىر ھەپتىنىڭ تۆت كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېشىغا لۆڭگە چىگىپ، بوينى بىلەن پۇتلىرىغا ئىسسىق لاتا ئوراپ، ئىسسىق ۋە بەتبۇي دوختۇرخانىدا ئىشلىشى كېرەك ئىدى. ئاتلانتادا مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، توي قىلغانلىكى ئايالللار دوختۇرخانىغا بېرىپ ياردارلارنى كۈتەتتى، ئۆز خىزمەتلىرىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلايتتى، سىكارلېتنىڭ گېپى بويىچە سارائىدەك ئىشلەيتتى. ئۇلار سىكارلېتنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر دەپ بىلىشەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ ئۇرۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولسا چوقۇم ھەيران قالاتتى. ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ئاشلېينىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاۋاتقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىكارلېتنىڭ ئۇرۇش بىلەن پەقەتلا كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ سېستىرالىق قىلىشى ئامالسىزلىقتىن قىلىنىۋاتقان ئىش ئىدى.

دېمىسىمۇ، سېستىرالىق ھېچبىر قىزىقمىغان ئىشمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، نالە - پەرياد، ئېسىدىن كېتىش، ئۆلۈم ۋە سېسىقچىلىق ئىدى. دوختۇرخانىنىڭ ھەممە يېرىنى مەينەتچىلىك باسقان، بەدىنىنى پىت بېسىپ كەتكەن ساقاللىق ئەرلەر، ئۇلاردىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراق، بەدىنىدىكى يارىنىڭ ئېچىنىشلىقى ھەرقانداق ئىخلاسمەن دىندارنىمۇ ھۆ قىلدۇرۇۋېتەتتى. سىكارلېت دەرۋازىدىن كىرمەيلا بۇرنىغا ئۇرۇلىدىغان ئاچچىق بىر سېسىقچىلىق، باشنى قايدۇرىدىغان بىر خىل بەتبۇي پۇراق چاچلىرى ۋە قوللىرىغا سىڭىپ قالغانىدى. ئۇ كېچىدە چۈش كۆرگەنىدىمۇ شۇلارنى كۆرەتتى. توپ - توپ چىۋىنلەر، پاشىلار، ئاق قۇرتلار كېسەلخانىدا ۋىڭىلداپ ناخشا توۋلاپ يۇرۇشەتتى، كېسەللەرنى قىيناپ چىرقىرىتاتتى ياكى يىغلىتىۋېتەتتى. سىكارلېت پاشا چاققان يەرلىرىنى تولا قاشلاپ، يەلپۇگۇچى بىلەن ئۇ نەرسىلەرنى قوروپ ھالىدىن كېتەتتى ۋە ئېچىدە يارىدارلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيتتى.

مېلانىيە بولسا بۇ سېسىقچىلىقلارغا، يارا ۋە يالىڭاچ بەدەنلەرگە پىسەنت قىلمىغاندەك ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭغا ھەيران قالدى. ئۇ قورقۇنچاق، نومۇسچان ئەمەسمىدى؟ بەزىدە مېلانىيە پەتنۇستا ئوپېراتسىيە سايمانلىرىنى تۇتۇپ، مادي دوختۇرنىڭ يارىلارنى يېرىپ، كېسىپ تىكىشلىرىگە قاراپ تۇرىۋېرەتتى، ئەمما چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كېتەتتى. بىر قېتىم سىكارلېت ئۇنىڭ ئوپېراتسىيەدىن كېيىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ياندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئەمما، ئۇ يارىدارلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى مۇلايىم، ئۇلارغا ھېسداش ۋە كۆلكە چىراي كۆرۈنەتتى، شۇڭا دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى مېھرىبان پەرىشتە دەپ ئاتىشاتتى، سىكارلېتمۇ بۇ نامنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا پىت بېسىپ كەتكەن ئۇ ئادەملەرگە يېقىن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ، يېگەن تامىقى ئۆپكىسىگە كېتىپ ئۆلۈپ قالدىمۇ، يوق، تەكشۈرۈپ

تۇرۇشلار، سۇنغان ئەزالىرىنى داكا بىلەن تېڭىشلار، يىرىڭلاپ كەتكەن يارىلىرىنىڭ ئىچىدىن قۇرتلارنى تېرىپ ئېلىشلار بەكمۇ ئېغىر كېلەتتى. ياق، سىكارلېت بۇنداق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئەگەر ئۇنى ساقىيىپ قېلىۋاتقان كېسەللەرنى ئۆزىنىڭ ناز ـ خۇلقلىرى بىلەن روھلاندۇرۇشقا ئەۋەتىشسە بۇنى ئۇ قىلالايتتى. ئۇ ياردارلارنىڭ ئىچىدە كېلىشكەن، كېلىپچىقىشلىرىمۇ ياخشى يىگىتلەر بار ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ ھازىر تۇل خوتۇن، ئۇنداق ئىشنى قىلسا بولمايتتى. نۇرغۇن ياش قىزلار توي قىلغانلار كۆرسە بولىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسە بولمايدىغان بولغاچقا، سېستىرالىققا قويۇلماي، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى. ئۇلار توي قىلمىغان قىزلار بولغاچقا ئۇ يىگىتلەرگە يۈرەكلىك ھۇجۇم قىلالايتتى. سىكارلېتنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۇ يەرلەردە ئىشلەۋاتقان سەت قىزلارمۇ ئۆزلىرىگە لايىق تېپىۋالغانىدى.

سىكارلېت بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئېغىر يارىلانغان ئەرلەردىن باشقا، يەنە توپ ـ توپ ئاياللارمۇ بولۇپ، ئۇ ئۇلاردىن بىزار ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنىستىكىلەرنى ياخشى كۆرمەيتتى ھەم ئۇلارغا ئىشەنمەيتتى. ھەتتا ئۇلارغا نەپرەتلىنەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەر ھەپتىنىڭ ئۇچ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مېلانىيەنىڭ دوستلىرى تەشكىللىگەن تىككۈچىلىك ۋە داكا ئورايدىغانلار ئۇيۇشمىلىرىغا قاتنىشاتتى. ئۇ يەردىكى چارلېسنى تونۇيدىغان قىزلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى فەننى ئېلسىن ۋە مايبېل مېرۋېتېر ئىسىملىك ئىككى قىز ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆيۈنەتتى ۋە ئۇنى بەكمۇ ئاسرايتتى. بۇنىڭدا خۇددى ئۇ قېرىپ قالغاندەك ئۇنىڭغا قارىتا ھۆرمەت تۇسىمۇ بار ئىدى. ئۆزلىرى بولسا دائىم تانسا، يىگىتلەر توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلارنى قىلىشاتتى. بۇنىڭ بىلەن سىكارلېت ئاچچىق يۇتاتتى ھەم ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىناتتى.

ئۇلارنىڭ ئەركىن ۋە خۇشال ـ خۇرام يۈرۈشلىرىگە ھەسەت قىلىش، ئۆزىنىڭ تۇل خوتۇنلۇق ئورنىنىڭ ئاشۇ قىزلار قاتنىشالايدىغان پائالىيەتلەرنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىنى ئېتىپ تاشلىغانلىقىغا ئاچچىقى كېلەتتى. ئۇ فەننى بىلەن مايىپىلدىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئەمەسمۇ؟ ئاھ، ھايات نېمىدېگەن ئادالەتسىز ! ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە شۇنداق شوخ تېپچەكلەپ، ئاشلىپىنىڭ كەينىدىن ۋىرگىنىيەدە يۈرۈۋاتقان تۇرسا، ئادەملەر ئۇ يۈرەكنى ئاللىبۇرۇن قەبرىگە كىرىپ بولدى دەپ قاراۋاتىدۇ. نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ !

بىراق، مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئاتلانتادىن يەنىلا رازى ئىدى، شۇڭا ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇپ قېلىۋەردى.

## توققۇزىنچى باب

شۇ يىلى ياز. بىر كۈنى ئەتىگەندە سكارلېت ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تالاغا قاراپ تۇراتتى، بىر چاغدا ھارۋا ۋە پەيتونلارغا ئولتۇرۇپ بىر توپ قىزلار، ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارغا قارايدىغانلار ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار ئەتە ئاخشاملىقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان پاراۋانلىق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىئانە يىغىن زالىنى بېزەش ئۈچۈن ئورمانلىقتا قارىغاي شاخلىرىنى كېسىپ كەلگىلى كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ سكارلېتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. قىزىل توپىلىق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز دەرەخلەر يولغا سايە تاشلاپ، دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چوڭ يولغا ھەر خىل شەكىلدە چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان قۇياش نۇرى ئالاھىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار يولنى بىر ئالغانىدى. ئەڭ ئالدىدا

كېتىۋاتقان ھارۋىدا بەستىلىك تۆت نېگىر ئولتۇراتتى، قارىغاي كېسىدىغان پالتا - ھەربىلەر شۇلارنىڭ ھارۋىسىدا ئىدى. ھارۋىنىڭ كەينىدىكى ئېگىز سېۋەتتە ئۇلارنىڭ يەيدىغان تامىقى ۋە ئون نەچچە تاۋۇز بار ئىدى. ئىككى نېگىر ئېغىز گارمون بىلەن گىتارنى «چەۋەنداز، ئەگەر سەن خۇشال ياشاشنى خالىساڭ» دېگەن ناخشىغا شوخ چېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىرمۇنچە پەيتون - ھارۋىلار كېلىۋاتاتتى. قىزلار نېپىز كۆڭلەكلەرنى كىيىشكەن، ئۈستىگە نېپىز روماللارنى ئارتىشقان، باشلىرىدا شىلەپە، قوللىرىدا تېرىلىرىنى ئاسراپ كىيىشىۋالغان پەلەي، باشلىرى ئۈستىدە يەنە كىچىك كۈنلۈكلەر. يېشى چوڭراق خانىملار كۈلكە - چاقچاقلار، پەيتونلاردا تۇرۇپ بىر - بىرىنى چاقىرىشىۋاتقان ئاۋازلار ئىچىگە چۆكۈپ تەمكىن قىياپەتتە كۈلۈپ ئولتۇرۇشقان. سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن يارىدار ئەسكەرلەر تەمبەل سېستىرالار بىلەن غۇنچە بوي قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپراق كېتىۋاتقان بەزىبىر قىلىقلىرىغا كۈلۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئوفىستېرلار پەيتون - ھارۋىلارنىڭ يېنىدا ئاتلىق كېتىشىۋاتىدۇ. چاقلارنىڭ گۈلدۈرلىرى، ئۆزەڭگىلەرنىڭ جاراڭشىشلىرى، پارلاپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرى، كۈنلۈكلەرنىڭ قىڭغىر - مايماق بولۇپ كېتىشلىرى، يەلپۈگۈچلەرنىڭ تىنىماي يەلپۈنۈپ تۇرۇشلىرى، نېگىرلارنىڭ ناخشا سادالىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر سىمفونىيە ھاسىل قىلغانىدى. ھەممە ئادەم يىغىن ئۈچۈن قارىغاي شاخلىرى ئېلىپ كەلگىلى مېڭىشقان، ئۇ يەردە ئوينايدۇ، يەپ - ئىچىشىدۇ، مەندىن باشقا ھەممىسى بار، سكارلېت كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئويلىنىپ قالدى.

ئۇلار دېرىزدە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇشتى، سكارلېتمۇ چىرايىغا مەجبۇرىي خۇشاللىق يۈگۈرتۈپ ئۇلارغا جاۋابەن كۈلۈپ قويدى، ئەمما بۇ كۈلكە ناھايىتى تەسكە توختىدى. يۈرىكى بوش

ئاغرىغاندەك بولۇپ، ئاغرىق ئاستا ـ ئاستا بوغۇزىغا كۆتۈرۈلدى، ئاخىرىدا كۆز يېشىغا ئايلاندى. بۇ باراۋەتكە ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى كەتتى، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ھەممەيلەن بوگۇن ئاخشام بولىدىغان ئىشانە يىغىنى بىلەن تانسىغا بارىدۇ. ياق، يالغۇز ئۇلا ئەمەس، پىتتىي ھاما، مىلانىيە ۋە بۇ شەھەردىكى ئىبرى ئۆلۈپ تۈل قالغان بارلىق بەختسىزلەردىن باشقا ھەممىسى بارىدۇ. پىتتىي ھاما بىلەن مىلانىيە بۇ ئىشقا قىلچە كۆڭۈلشىمىگەندەك ھەم ئۇ يەرگە بېرىش خىيالىمۇ يوقتەك قىلىدۇ.

بۇ ئادىللىق ئەمەس. ئۇ شەھەردىكى ھەرقانداق قىزدىن ئۆتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىشانە ئىشلىرىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قىلىشىپ بەرگەن: پايپاق، كىچىك باللارنىڭ بۆكى، پالاس، شارپا دېگەندەك نەرسىلەرنى توقۇدى، ئۇستىگە ئامېرىكا بايرىقىنى كەشتىلەپ (ئۇستىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ بەزىلىرى مايماق، ئالتە دانە يۇلتۇز يەتتە بۇرجەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ ھەر ھالدا چىرايلىق چىققان) ساقا ياپقۇچلىرىنى تىكتى، تۇنۇگۇن چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەن قورال ئىسكىلاتىغا كىرىپ، بىر نەرسىلەرنى تىزىدىغان جاۋەنلەرنىڭ ئۇستىگە سېرىق، قىزىل، مايسا رەڭ بەلگە لاتىلىرىنى ئاستى. ھېرىپ ھالى قالمىغۇچە ئىشلىدى، ھەتتا پىتتىي ھاما بىلەن ئاشپەز ئايالغا ياردەملىشىپ، ئىشانە قىلغانلار ئۇچۇن پوشكال سالغاندا قولىنىڭ ئىككى يېرىنى كۆيدۈرۈۋالدى.

ئۇ خۇددى مەدىكاردەك شۇنچە كۆپ جاپالىق ئىشلارنى قىلىپ، ئەمدى ھاردۇق چىقىرىپ ئويناپدىغان چاغدا ياۋاشلىق بىلەن ئاستا كەينىگە داجىشقا مەجبۇر بولدى. ئاھ، بۇ دۇنيا نېمىدېگەن ئادالەتسىز. ئىبرى توي قىلىپلا ئۆلۈپ كەتسە، ياندىكى ئۆيدە بالىسى ئۈينى بېشىغا كىيىپ يىغلاۋاتسا. ئۇنى ئاز دېگەندەك، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن سىرتتا قالدۇرۇلسا، بۇلارغا قانداق چىداش مۇمكىن؟ بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ تانسىلارنى

ئويىنىيالايىتتى، گۈلىلۈك چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرەلەيتتى، ھەتتا بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ يىگىت بىلەن مۇھەببەت باغلاپمۇ يۈرگەنىدى. ھازىر ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىردى، يەنە تېخى نۇرغۇن تانسىلارنى ئويىنىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئاھ، نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك بۇ! ھايات ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى چوڭ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا كۆل رەڭ كىيىملەرنى، نېپىز گۈللۈك كۆڭلەكلەرنى كىيگەنلەرمۇ بار، بەش تارلىق سازلار مۇڭلۇق ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىكارلېت ئۆزىگە ئەڭ تونۇش ئەرلەرگە، دوختۇرخانىدا ئۆزى كۈتكەن ياردار ئەسكەرلەرگە قاراپ كۈلمەسلىكنى، قولىنى پۇلاڭشىتماسلىقنى ئويلىدى، لېكىن ئىككى مەڭزىدىكى زىنىخلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش، يۈرىكىنى قەبرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەندەك كۆرسىتىپ تۇرۇش مۇمكىن بولمىدى، چۈنكى يۈرىكى تېخى ئۇ يەرگە كىرىپ كەتمىگەنىدى.

سىكارلېت بىردىنلا قولىنى پۇلاڭلىتىش ۋە بېشىنى لىڭشىتىشلاردىن توختاپ قالدى، چۈنكى پىتتىي ھامما ئۆيگە كىرگەنىدى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىققۇچە چارچاپ كەتكەچكە، ھاسىراپ تۇرۇپ سىكارلېتنى ئەدەپسىزلىك بىلەن دېرىزە تۈۋىدىن بۇياققا تارتتى.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ قوزام؟ تالادىكى ئەرلەرگە قاراپ قولىڭىزنى پۇلاڭشىتىۋاتسىزغۇ؟ سىكارلېت، مېنىڭ قورقۇپ جېنىم چىقتى جۇمۇ. بۇ قىلىقىڭىزنى ئاپىڭىز ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟

— ئۇلار بۇ ئۆينىڭ مېنىڭ ھۇجرام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

— ئەمما، پەرەز قىلالايدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا يامان ئىش ئەمەسمۇ؟ قوزام، ھەرگىز بۇنداق ئىش قىلماڭ، بولمىسا ھەممە ئادەم سىزنى كەپسىز ئىكەن دەپ كەينىڭىزدىن گەپ قىلىدۇ. قانداقلا بولسۇن، مېرۋېتېر خانىم بۇ ئۆينىڭ سىزنىڭ ھۇجرىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ قىرى مۇشۇك بۇ گەپنى ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە دەيدۇ دەڭا.

— بولدى گەپ قىلماڭ. دوللى مىرۋىتېر خانىم مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم.

— قىرى مۇشۇك ھامان قىرى مۇشۇك. ھە كەچۇرۇڭ، ھامما، يىغلىماڭ. مەن بۇ يەرنىڭ مېنىڭ ھۇجرامنىڭ دېرىزىسى ئېكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن. مەن ... مەن ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇردۇم شۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ بارغۇم كەلدى.

— قوزام ...

— راستلا بارغۇم كەلدى، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىشتىن شۇنچىلىك زېرىكتىم.

— سكارلېت، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپ قىلماسلىققا ۋەدە بېرىڭ. خەق سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىدۇ، سىزنى چارلېسنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىدى، دەيدۇ.

— ھامما، بولدى يىغلىماڭ!

— مەنمۇ سىزنى يىغلىتىپ قويدۇم، — دېدى پىتتىي ھامما ئېسەدەپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشكەندەك قىلدى.

سكارلېتنىڭ يۈرىكىدىكى ئاغرىق بوغۇزىغا تەسىر قىلىپ، بىردىنلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. پىتتىي ھامما ئۇنىڭ بۇ يىغىسىنى چارلېس ئۈچۈن ئەمەس، بايىقى پەيتونلار بىلەن كۈلكە ئاۋازلىرىنىڭ يىراقلاپ كەتكىنىدىن دەپ ئويلىدى. شۇ ئارىدا مېلانىيە ئاستا مېڭىپ كىردى، قوشۇمىسى تۈرۈك، قولىدا بىر چوتكا بار ئىدى. ئادەتتە رەتلىك تۈرىدىغان چېچى بۈگۈن تۇگۇۋالغان تورنى يېشىۋەتكەچكە چۇۋۇلۇپ، بىر قىسمى يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالغانىدى.

— ھامما، نېمە ئىش بولدى؟

— چارلى! — پىتتىي ھامما خۇددى تازا بىر يىغلىۋالماقچى

بولغاندەك بېشىنى مېلانىيەنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، سۆيۈملۈكۈم، — مېلانىيەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ لەۋلىرى سەل - پەل تىترىدى، — يىغلىماڭ، سكارلېت!

سكارلېت ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ قولدىن كەتكەن ياشلىقىغا، ياشلىقىنىڭ مەھرۇم قىلىنغان شاد - خۇراملىقلىرىغا، خۇددى يىغلىسام دېگەن نەرسىلىرىمگە ئېرىشىمەن، دەپ ئويلايدىغان كىچىك بالىغا ئوخشاش يىغلايتتى. بۇ يىغىنىڭ ئەمدى ھېچنېمىگە دال بولمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندا ئىچ - ئىچىدىن غەزىپى كېلەتتى، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنەتتى، ھەدەپ يوتقىنىنى پۇتى بىلەن تېپەتتى.

— بۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشىراق، — دېدى ئۇ تېخىمۇ بىئارام بولۇپ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ پىتتىي ھاممىنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشمۇ توختاپ قالدى. مېلانىيە كارىۋاتنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەدەپ يەڭگىسىگە تەسەللى بەردى.

— قەدىرلىكىم، بولدى يىغلىماڭ. چارلېسنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئويلىسىڭىزلا ئۆزىڭىزگە تەسەللى تاپالايسىز، يەنە تاتلىق ئوغلىڭىزنىمۇ ئويلاڭ.

سكارلېت بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى خاتا چۈشىنىۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىدىن مەھرۇم قېلىپ غېرىبسىنىپ قېلىۋاتقىنىغا ئېچىناتتى. بۇ ئىككى خىل كەيپىيات بىرلىشىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرمىدى. ئەگەر ئاغزى ئېچىلىدىغان بولسا دادىسىغا ئوخشاش، قورسىقىدا يوشۇرۇن ساقلاپ كېلىۋاتقان ھەممە دەردىنى تۆكۈپ تاشلىغان بولاتتى. مېلانىيە ھەدەپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلايتتى، پىتتىي ھامما ئۆينىڭ ئىچىدە پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ يۈرەتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ قالدى.

— ئۇنداق قىلماڭ! — دەپ توۋلىدى سكارلېت ئېشىشىپ

ھەم قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى كۆتۈرۈپ، — مەن تېخى ئۆلمىدىم، پەردىنى چۈشۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭغىمۇ ئاز قالدى. سىلەر چىقىپ كېتىڭلار، بىردەم يالغۇز قالاي.

ئۇ يەنە بېشىنى ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى. پىتتىي ھامما بىلەن مىلانىيە ئىككىسى بىردەم مەسلىھەتلىشىپ، ئېگىشىپ ئۇنىڭغا بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ مىلانىيەنىڭ قىلغان گېپى سىكارلېتنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— پىتتىي ھامما، ئۇنىڭغا ئەمدى چارلېسنىڭ گېپىنى قىلمىسىڭىز. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا كۆڭلى بۇزۇلىدىكەن. بىچارە، ئۇنىڭ گېپى چىقىپ قالسا چىرايى بىر قىسما بولۇپ كېتىدۇ، يىغلىۋەتمەي دەپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەردىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرمىغىنىمىز ياخشى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىكارلېتنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتۇپ يوتقاننى تېپىپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئەڭ يامان تىل بىلەن تىللىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

«ئاناڭنىڭ ئىمى !» دېدى ئۇ ئاخىر چىدىماي ئاغزىنى بۇزۇپ. شۇنىڭدىن كېيىن سەل قورسىقى بوشىغاندەك بولدى. مىلانىيە ئون سەككىز ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇپ قانداق چىدايدىغاندۇ؟ ھېچنېمىنىڭ راھىتىنى كۆرمەي، يەنە تېخى ئاكىسىنىڭ قارىلىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرغىنىنى نېمىسى؟ ئۇ ھاياتىنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمىسە ياكى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسا كېرەك. «ئۇنىڭ كاللىسى ھېچنېمە تەسىر قىلمايدىغان ياغاچ كاللا ئوخشىمامدۇ، — سىكارلېت ياستۇقنى بېشىغا يۆگەپ تۇرۇپ يەنە ئويلىدى، — يىگىتلەر ئۇنىڭ كەينىگە مېنىڭ كەينىمگە كىرگەندەك كىرمىگەن بولغاچقا، مەن ئەسلىگەندەك ئەسلەيدىغان نەرسىسى يوق - دە ئۇنىڭ. ئۇستىگە ئۇنىڭ ئاشلېيىسى بار، مېنىڭچۇ؟ مېنىڭ ھېچنېمەم يوق.» ئۇ كۆڭلى يېرىم بولىدىغان بۇ ئىشنى ئېسىگە

ئېلىپ يەنە ئۇنلۇك يىغلاپ كەتتى.

ئۇ چۈشتىن كېيىنگىچە ئۆيگە سولىنىۋېلىپ سىرتقا پەقەتلا چىقمىدى. قارىغاي شېخى ئالغىلى كەتكەنلەر هارۋىلىرىغا لىق قارىغاي بېسىپ قايتىپ كېلىشتى. سىكارلېت ئۇلارنى كۆرۈپمۇ خۇشال بولمىدى. ھەممىسىلا چارچىغان، لېكىن خۇشال ئىدى. ئۇلار يەنە ئۇنىڭغا قاراپ قوللىرىنى پولاڭشىتىشتى، ئۇنىڭ جاۋابى سالقىن بولدى. ھاياتتىن ئەمدى ئۈمىد يوق، ياشاۋەرگۈدەكمۇ ئىش قالمىغاندەك ئىدى.

چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتىدا مېرۋېتېر خانىم بىلەن ئېلسىن خانىم ئۇلارنىڭكىگە كەلدى. سىكارلېتنىڭ بايىقى خاپىلىقلىرى خېلى تۈگەپ قالغانىدى. پىتتىي هاما، مېلانىيە ۋە سىكارلېت ئۇلارنىڭ ۋاقىتسىز كەلگىنىگە ھەيران قېلىپ ئىتتىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، لېپتىكلىرىنى قايتا تاقاپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشتى.

— باننېل خانىمنىڭ بالىلىرىغا چېچەك چىقىپتۇ، — دېدى مېرۋېتېر خانىم ئۇشتۇمتۇتلا. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بالىلىرىغا چېچەك چىقىشتا باننېل خانىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە مىكلور خانىمنىڭ قىزلىرى ۋىرگىنىيەگە كېتىپتۇ، — دېدى ئېلسىن خانىم ئالدىرىماي قوشۇمچە قىلىپ. ئۇنىڭ يەلپۈگۈچ بىلەن ئۆزىنى بوش يەلپۈپ ئولتۇرۇشلىرىدىن، بۇ ئىشلار ئانچىمۇ جىددىي ئىشلار ئەمەس، دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى، — دالاس مىكلورمۇ ئالدىنقى سەپتە يارىلىنىپتۇ.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، — دېيىشتى ئۆي ئىگىلىرى بىردەكلا، — بىچارە دالاسقا ...

— ئۇنداق ئىش يوق، ئوق مۈرە سۆڭىكىگە تەگكەن ئوخشايدۇ، — دېدى مېرۋېتېر خانىم ئادەتتىكىدەكلا گەپ قىلىپ، — لېكىن، مۇشۇنداق چاغدا يارىلانغىنى يامان بولدى.

قىزلار ئۇنى ئالغىلى شىمالغا كېتىپتۇ. بىز ئەمدى بۇ يەردە ئولتۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ، قورال ئامبىرىغا بېرىپ ئۇ يەرنى تۈزەشتۈرىدىغان ئىشنى دەررۇ تۈگىتىشىمىز كېرەك. پىتتىي، مېلانىيە بىلەن ئىككىڭلار باننېل خانىم بىلەن مىكلور خانىمنىڭ قىزلىرىنىڭ ئورنىغا بارساڭلار.

— ھەي، دوللىي، بىز بارالمايدىغاندەك قىلىمىز.

— بۇنداق تىكىچى يوق گەپلىرىڭنى ماڭا دەپ بەرمە، پىتتىي خاملتون، — دېدى مېرۋېتېر خانىم ئەستايىدىل ھالدا، — بېرىپ پىرەنىك پىشۇرىدىغان نېگىرلارنى باشقۇرۇپ بېرىسەن. بۇ ئەسلىدە باننېل خانىمنىڭ ئىشى ئىدى. مېلانىيە بولسا مىكلور خانىمنىڭ قىزلىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلەيدۇ.

— بىز راستىلا بارالمايمىز. رەھمەتلىك چارلىيسنىڭ قازا قىلغىنىغا ئەمدىلا ...

— مەن سىنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، بىراق، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىمىزنى قۇربان بەرسەك ئەرزىيدۇ، — دېدى ئېلسىن خانىم گەپ قىستۇرۇپ. ئۇنىڭ سىلىق گەپلىرى خۇددى بۇ ئىشنى ئاشۇنداق بېكىتىۋەتكەندەك تەسىر بېرىۋاتاتتى.

— بىزنىڭ بەكمۇ ياردەم بەرگۈمىز بار، لېكىن ... سىلەر نېمىشقا ئۇ يەرگە چىرايلىق قىزلاردىن قويمايسىلەر؟

مېرۋېتېر خانىم دىمىقىنى قېقىپ قويدى.

— مەن مۇشۇ كۈننىڭ ياشلىرىغا نېمە بولغانلىقىنى ئۇقمايۋاتىمەن، ھەممىسىدىلا مەسئۇلىيەتچانلىق كەم. قىزلارنىڭمۇ ھەممىسى سەۋەب كۆرسىتىپلا تۇرىدۇ. ئۇلار مېنى ئەخمەق قىلىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسۇن. ئۇلارنى بىلىمەن، ئۇلار، بىزنىڭ ياش ئوفىستېرلار بىلەن بولغان ئويۇنلىرىمىزغا كاشىلا قىلماڭلار، دېمەكچى. ئۇلار يەنە ئۇ يەردە پوكەيدە تۇرۇشسا چىرايلىق كۆڭلەكلىرىنى خەقلەرگە كۆرسىتەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىشىدۇ. مېنىڭ ھازىرلا قامال لىنىيەسىگە چاپىدىغان

ھېلىقى، ئىسمى نېمە ئۇنىڭ؟

— كاپىتان باتلېر، — ئېلىسىن خانىم دەپ بەردى.

— مېنىڭ ھازىرلا ئۇنىڭغا دوختۇرلۇققا كېرەكلىك نەرسىلەرنى كۆپ ئەكېلىڭ، كۆڭلەك - پۆكلەك دېگەن نېمىلەرنى ئەكەلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ دېگۈلىرىم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ناۋادا ماڭا بىر كۈندە بىر قۇر كىيىمنى تەكشۈرىسەن دەپ ۋەزىپە بەرسە، باتلېرنىڭكىدىن يىگىرمىنى تەكشۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. كاپىتان باتلېر دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىسىلا يىرگىنىمەن. ھازىر بۇ گەپلەرنى دەپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوق. پىتتىي، سەن چوقۇم بېرىشىڭ كېرەك. ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىشىمىز. سەن ئارقىدىكى ئۆيدە تۇرسەن، سېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. مېلانىيەمۇ خەقلەرگە كۆرۈنمەيدىغان يەردە تۇرىدۇ. مىكلور خانىمنىڭ قىزلىرى تۇرماقچى بولغان پوكەي ئەڭ چەتتە، نەرسىلەرمۇ كۆپ ئەمەس، شۇڭا ئادەم كۆپ بارمايدۇ.

— بىز چوقۇم بېرىشىمىز كېرەك دەپ ئويلايمەن، — دېدى سكارلېت ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئامال بار بېسىپ تۇرۇپ، — بۇ بىزنىڭ دوختۇرخانىلار ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ ئاز بىر ئىشىمىز بولۇپ قالىدۇ.

ئىككى خانىم باياتىندىن بېرى ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ قويۇشمىغانىدى. ئەمدى ئىتتىك باشلىرىنى بۇراپ ئۇنىڭغا جىددىي قارىدى. ئۇلار بۇ ئىشتا خېلى ئەتراپلىق ئويلاشقان، ئەمما ئېرى ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئەمدىلا بىر يىل بولغان بىر تۇل ئايالنى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇشنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەنىدى. سكارلېت خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە دادىل قاراپ تۇراتتى.

— بىز ھەممىمىز بىرلىكتە ئىشانە توپلاش ئىشلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، مەن مېلانىيەگە ياردەملىشىپ ئاشۇ پوكەيدە تۇرۇشۇپ بەرسەممىكىن دەيمەن. ئىككىمىزنىڭ

بارغىنى بىرسىمىزنىڭ بارغىنىغا قارىغاندا ياخشىراق. سىزمۇ شۇنداق ئويلايسىزغۇ دەيمەن، مېلانىيە؟

— بولىدۇ، — دېدى مېلانىيە ئامالسىز. قارىلىق تۇتۇۋاتقان كۈنلەردە ئاممىۋى سورۇنلارغا بېرىپ خەقلەرگە كۆرۈنۈش بۇندىن بۇرۇن پەقەتلا بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

— سىكارلېتنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى مېرىۋېتېر خانىم. ئۇ مېلانىيەنىڭ ئازراق يۇمشاپ قالغانلىقىنى بايقاپ ئورنىدىن تۇردى. كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرگەچ يەنە دېدى، — ئىككىڭلار ... ھەممىڭلار بېرىڭلار. بولىدۇ، پىتتىي، ئەمدى چۈشەندۈرىمەن دېمە. دوختۇرخانىنىڭ كارىۋات بىلەن دورا سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلغا قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باق. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن كۈچ چىقارساڭلار، چارلېسنىڭ روھىمۇ سىلەردىن خۇش بولىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى پىتتىي ھامما ئۆزىدىن كۈچلۈك ئادەمنىڭ ئالدىدا پەقەتلا چارە تاپالمىغان ئادەمدەك، — سەنلا خەقلەر سىلەرنى توغرا چۈشىنىدۇ دەپ بىلسەڭ، بولدى، باردۇق.

«ياخشى بولدى! بەكمۇ ياخشى بولدى! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك ئىش بولدى!» سىكارلېت ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، قىزىل، سېرىق ئىككى رەڭدىكى رەخت بىلەن ئايرىپ قويغان پوكەينىڭ ئىچىگە كىردى. بۇ يەرنى ئەسلىدە مىكلور خانىمنىڭ قىزلىرى باشقۇراتتى. سىكارلېت ئەمدى ھەقىقىي بىر چوڭ يىغىلىشقا، ھازا تۇتىمىز دەپ بىر يىلغىچە جىمجىتلىق ۋە سىقىلىش ئىچىدە ئازابلىنىپ ساراڭ بولاي دەپ قالغاندا ئۈستىدىكى ھازىلىق قارا كىيىملەرنى تاشلاپ ئاتلانتا بويىچە ئەڭ چوڭ يىغىلىشقا كەلگەنىدى. ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەرنى، سانسىز چىراغلارنى كۆرىدىغان، مۇزىكىلارنى ئاڭلايدىغان، داڭلىق كاپىتان باتلېر يېقىندا قامال لىنىيەسىگە بېرىپ ئېلىپ كەلگەن

چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى، رەختلەرنى كۆرىدىغان بولدى.

سىكارلېت پوكەينىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كەڭرى كۆرگەزمىخانىنىڭ ھەممە يېرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. بۇ يەر بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكىچە بوش ۋە سەت بىر ئورۇن ئىدى، قىزلار بىلەن خانىملارنىڭ نۇرغۇن ئىشلىشى بىلەن ھازىر بۇ زالنىڭ ئىچى شۇنچىلىك كۆركەم بولۇپ كەتكەنىدى. ئاتلانتادىكى بارلىق شام ۋە شامدانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلغاندەك قىلاتتى. شامدانلارنىڭ كۈمۈش تەگلىكلىرى ئەگرى جەينەكلەر، ھەر خىل ئوبرازلىق ئادەملەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ياسالغان بولۇپ، شامدانلارنى ھەيۋەت بىلەن كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا چوڭ - كىچىكلىكى، رەڭگىلىرى ۋە پۇراقلىرى ئوخشاش بولمىغان شاملار سانجىلغان، بۇ شامدانلار زالنىڭ چۆرىسىدىكى ئەسلىدە قورال قويۇلىدىغان جاۋەنلەرنىڭ، ھەر خىل گۈللەر قويۇلۇپ كەتكەن ئۈستەللەرنىڭ، ھەممە پوكەيلەرنىڭ ئۈستىلىرىدە، ھەتتا ئوچۇق تۇرغان دېرىزىلەرنىڭ تەكچىلىرىدە نۇرلۇق يېنىپ تۇراتتى. يازنىڭ ئىللىق ئاخشىمىدىكى سەلكىن شامال شاملارنى بوش يەلپۈپ نۇرىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈۋەتكەنىدى.

زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تورۇستىن ساڭگىلاپ تۇرغان داتلىشىپ كەتكەن بىر تۆمۈر زەنجىردە ئاسما چىراغ ئېسىقلىق تۇراتتى، ئۇنىڭغا ھەر خىل يۆگىمەچ ئوتلار ئارتىپ قويۇلغاچقا چىرايلىق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. زالنىڭ تاملىرىنىڭ تۆۋىنگە پۇراقلىق قارىغاي شاخلىرى قويۇپ قويۇلغان، بۇلۇڭلىرى خۇددى شىپاڭدەك چىرايلىق ياسالغان، ئۇ يەرلەردە قېرى ئاياللار ۋە ئۇلار بىللە كەلگەنلەر كۆپرەك ئولتۇراتتى. ھەممىلا يەر گۈل - چېچەك، ھەر خىل پۇراقلىق ئوت - چۆپلەر، گۈلچەمبەرەكلەر بىلەن بېزىتىلگەنىدى. پۈتكۈل يېشىلچىلىقلار ئىچىدىكى دۆلەت بايرىقى بىلەن باشقا بايراقلاردا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل بىلەن كۆك سىمۋول قىلىنغان

بەلگىلىرى كۆزلەرگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

مۇزىكانتلارغا تەييارلانغان سەھنىمۇ بەدىئىي تۇسكە ئىگە ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، يېشىل قارىغاي شاخلىرى بىلەن يۇلتۇزلۇق بايراقلارنىڭ ئارىسىغا كۆمۈلۈپ تۇراتتى، ئاسان كۆزگە چېلىقمايتتى. سىكارلېت شەھەردىكى پۈتۈن تەشتەك گۈللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئېلسىن خانىمنىڭ تەشتەكتە ئۆستۈرگەن تۆت تۈپ كاۋچۇك كۆچىتىمۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، سەھنىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قويۇپ قويۇلغانىدى.

زالدىكى سەھنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تام تەرەپتە ئاياللار ناھايىتى ئاز ئىدى، شۇڭا كۆزگە ئانچە تاشلىنىپ تۇرمايتتى. ئاشۇ تامغا داۋس زۇڭتۇڭ بىلەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ سىتېپېنسنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى، ئاتلانتانىڭ «كىچىك يىلنامىسى» ئېسىپ قويۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان، ئاستىدىكى ئۇزۇن ئۈستەلگە شەھەردىكى ھەممە باغچىلاردىن ئۈزۈپ كېلىنگەن تۈرلۈك - تۈرلۈك گۈللەر تىزىۋېتىلگەنىدى. ئۇ گۈللەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان شامدانلاردىكى شاملار خۇددى مۇقەددەس تائام ئۈستىلىدىكى چىراغقا ئوخشاش جىمجىت يورۇپ تۇراتتى. رەسىمدىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان ئىككى شەخسنىڭ چىرايلىرى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى، ئەمما ھەر ئىككىسى بۇ مەيدانغا قاراپ تۇراتتى: داۋس ياپىلاق يۈز، تەرىنىڭ سۈرۈنلۈكى بىلەن زاھىتقا ئوخشايدىغان ئادەم ئىدى؛ سىتېپېنس بولسا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ۋۇجۇدىدىكى ئازاب بىلەن كېسەلنى ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن بىلىندۈرمەيدىغان ھەم ئۇنى يېڭەلەيدىغان ئادەم ئىدى، ھەر ئىككى چىرايىنى كىشىلەر جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى.

ئىئانە توپلاش كومىتېتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق بىرنەچچە مەسئۇل ئاياللىرى كېيىملىرىنى شىلدىرلىتىپ، خۇددى بىر كېمىنىڭ كاپىتانىدەك كېرىلىپ كىرىپ كېلىشتى ۋە كىرىپلا

كېچىكىپ قالغان ياش ئاياللار بىلەن ھىجىيىشىپ تۇرغان قىزلارنى پوكەيلىرىگە كىرىشكە ئالدىراتتى. ئاندىن يان ئىشىكتىن چىقىپ ئارقا ئۆيلەردىكى پىرەنىك پىشۇرىدىغانلارنىڭ يېنىغا ماڭدى. پىتتىي ھامما ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالماي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېتىۋاتاتتى.

مۇزىكانتلار سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە قارا كىيىم، كۆلكىدىن ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالغان، سېمىز يۈزلىرىدە تەپچىرەپ تۇرغان تەرلەر يورۇقتا پارقىراپ تۇرغان. ئۇلار كېلىپلا مۇزىكىلىرىنى تەڭشەشكە باشلىدى. مېرۋېتېرنىڭ ئات باقارى لېۋىي مارسۋىل دەۋرىدىن باشلاپلا ھەر قېتىمقى ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرى، تانسىلار، تويلارنىڭ مۇزىكىلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا زالنىڭ ئىچىدە بۇ ئىشقا مەسئۇل خانىملاردىن باشقا كۆپ ئادەم يوق ئىدى، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى لېۋىيدا ئىدى. مۇزىكانتلار بىرىنچى بولۇپ «لورېنا» دېگەن مۇزىكىنى چالدى. سكارلېت يېقىملىق ۋالىس مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ، يۈرىكى سىلىپ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى.

ئاھ لورېنا، ئۆتمەكتە يىللار،
چۆپ ئۈستىدە چاقنايدۇ ئاق قار.
ئاھ لورېنا، ئولتۇرۇپ قۇياش،
كۆك يۈزىدىن ئاستا خوشلىشار.

ئاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق مۇزىكا بۇ. سكارلېت ئىككى قولىنى ئازراق ئالدىغا چىقىرىپ كۆزلىرىنى بوش يۇمدى ـ دە، دائىم سېغىنىپ كېلىۋاتقان بۇ مۇڭلۇق ساداغا ئەگىشىپ بەدىنىنى بوش چايقىدى. بۇ مۇزىكىنىڭ مۇڭى بىلەن لورېنانىڭ مۇھەببەتتىكى پاجىئەسى ئىچىدىكى مەلۇم نەرسىلەر سكارلېتنىڭ دەردى بىلەن بىرلىشىپ يەنە بوغۇزىغا قاتتىق بىر

نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى.

خۇددى مۇزىكىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، سىرتتىكى ئايدىڭ كوچىلاردىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى، چاقلارنىڭ گۇلدۇرلەشلىرى، ئىللىق ئاسماندا جاراڭلىق كۇلكىلەر، نېگىر قۇللارنىڭ ئاتلارنى نەگە باغلاش توغرۇلۇق قىلىشقان دەتالاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. پەلەمپەيدىمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىزلارنىڭ شوخ ئاۋازلىرى، دېدەكلەرنىڭ بوش گەپ قىلىشلىرى، بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ھەيران قالغاندەك چۆچۈپ توۋلاشلار، قىزلارنىڭ دوستلىرى بىلەن — گەرچە چۈشتىن بۇرۇنلا بىللە بولۇشقان بولسىمۇ — كۆرۈشكەن چاغدىكى چىرقىراشلىرىمۇ ئاڭلاندى.

زال ئىچى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. كېپىنەكتەك ياسىنىشۋالغان قىزلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ مۈرىلىرى ئوچۇق، بەزىلىرىنىڭ ئاپپاق كۆكرەكلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپى كۆرۈنۈپ قالغان، بەزىلىرىنىڭ ئىشتانلىرىنىڭ پۇچقاقلىرى ئۇزۇن كۆڭلەكلىرى ئاستىدىن چىقىپ قالغان. قوللىرىدا ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل ماتېرىيالدا ياسالغان يەلپۈگۈچلەر. بەزىلىرىنىڭ چاچلىرى سىلىق تارالغان، بەزىلىرىنىڭ چاچلىرى كەينىگە تۈگۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ مۈرىلىرىدە يېيىلىپ تۇرغان، قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن ھالقىلىرى بەدەنلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ماس ھالدا چاچلارنىڭ ئارىسىدىن بىردە كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي تۇرغان. تور زىغزىقلار، تاۋار - دۇردۇنلار، چاچلارغا، بەللەرگە چىگىلگەن لېنتىلار ... ھەممىسى قامال قىلىنغان يەرلەردىن ئېلىپ كىرىلگەن، شۇڭا بىرىدىن بىرى قىممەتلىك، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇچىسىغا ئارتىۋالغانلار تېخىمۇ كۆرەڭ. مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك ياسىنىشلارمۇ شىماللىق ئالۋاستىلارغا قىلىنغان نامايىش، ھەرقانداق ئادەم كۆرسە پەخىرلىنىدۇ.

شەھەردىكى گۇللەرنىڭ ھەممىسىلا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئۇ ئىككى نەپەر داھىيسىغا سوۋغات قىلىنغان ئەمەس، ئەڭ نەپىس،

ئەڭ چىرايلىق گۈللەر ئۇلارنىڭ نازۇك قۇلاقلىرىغا. قىسىلغان، ئۇ گۈللەردىن ياسالغان كىچىككىنە گۈلچەمبىرەكلەر بولۇتتەك كۆپۈپ تۇرغان چاچلار ئۇستىگە قىستۇرۇلغان، بەزى گۈللەر تومپىيىپ تۇرغان مەيدىلەر ئۇستىگە تاقالغان، ھەتتا بەزىلىرى تاڭ سەھەردە ئۈزۈلۈپ، شۇ كۈننىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن چاپانلارنىڭ مەيدە يانچۇقلىرىغا سېلىپ قويۇلغان.

توپ ئارىسىدا يەنە ھەربىي كىيىملەر كىيىشكەن نۇرغۇن ئەرلەرمۇ بار بولۇپ، سىكارلېت ئۇلارنىڭ كۆپىنى دوختۇرخانىدىكى كارىۋات ئۇستىلىرىدە، يوللاردا ۋە مەشىق مەيدانلىرىدا كۆرگەن. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى شۇنچىلىك چىرايلىق، تۈگمىلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ، ياقىسى ۋە يەڭلىرىگە ئالتۇن باشاق شەكلىدە زىغزىق تۇتۇلغان. ئىشتانلىرىنىڭ ئىككى ياغىلىرىدا قىزىل، كۆك، سېرىق ئۈچ خىل رەڭدە ئۇزۇن يول بار. قوشۇنلارنىڭ پەرقى ئۈچۈن قىلىنغان بۇ نەرسىلەر ھەربىي كىيىمنىڭ ئەسلىدىكى سۇر رەڭگىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇزۇن قىلىچلار مايلاپ پارقىرىتىۋېتىلگەن ئۆتۈكلەرگە تېگىپ تۇرىدۇ.

«بۇ ئەرلەر نېمىدېگەن چىرايلىق.» سىكارلېت ئۇلارنى سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئىچىدە ماختىدى ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈشلىرىگە، خانىملارنىڭ قوللىرىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سۆيۈشلىرىگە قاراپ تۇردى. ئۇلار شۇنچىلىك ياش كۆرۈنەتتى، بۇرۇت ياكى ساقال قويۇۋالغان، قوللىرى تېڭىقتا، بويۇنلىرىغا ئېسىۋالغان، بەزىلىرىنىڭ باشلىرى ئاپپاق داكا بىلەن يېرىمىغىچە تېڭىۋېتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق كېلىشكەن. بەزىلىرى قوللىرىدا ھاسا، قىزلارنىڭ كەينىدىن كېلىشەتتى، قىزلار ئۇلار بىلەن ماختىناتتى، ئۆزلىرى قاراۋاتقان بۇ ياردار ئەسكەرلەر بىلەن تەڭ مېڭىش ئۈچۈن پات ـ پات ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇپ قېلىشاتتى. بۈگۈنكى يىغىلىشقا پۈتۈن دوختۇرخانىلاردىكى ماڭالايدىغانلىكى

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى، دەم ئېلىۋاتقان، ئاغرىق بىلەن ئارام ئېلىۋاتقانلار ۋە شەھەردىكى تۆمۈر يول، پوچتا، داۋالاش، ھەربىي لاۋازىمەت ئورۇنلىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىشكەنىدى. ئاياللار بۈگۈن نېمىدېگەن خۇشال! دوختۇرخانىلارمۇ بۈگۈن پۇلنى سۈزۈۋالىدىغان بولدى ـ دە.

شۇ ئارىلىقتا تالادا دۇمباقلارنىڭ، ئاياغلارنىڭ، ھارۋىكەشلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا سۇناي ئاۋازى ياڭراپ، بىرەيلەن تارقىلىڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا يېزا قوشۇنلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى تار پەلەمپەيدىن قىستىلىپ مېڭىپ ئۈستىگە چىقىشتى. بىر ـ بىرىگە سالام بېرىش، كۆرۈشۈش، قول سىقىشىشلار باشلاندى. بۇ خەلق ئەسكەرلىرى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى شەرەپ بىلىشەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلەر يىلغىچە ئۇرۇش توختاپ قالمىسىلا ئۇرۇشقا قاتنىشىشلىرىغا ئىشىنىدىغان باللارمۇ، ئالدىنقى سەپكە كەتكەن باللىرى بىلەن ماختىنىدىغان، ياش بولغان بولساق بىزمۇ ھەربىي كىيىم كىيەتتۇق، دەپ ئويلايدىغان ئاق ساقاللىق بوۋايلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ، قېرىلارمۇ، ئۇرۇشقا قاتنىشىش يېشىغا توشقان، ئەمما چوڭلار بىلەن كىچىكلەرگە ئوخشاش، ئۇرۇش دېسە ئۆزىنى ئۇرمايدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس. شۇ ئارىدا خەقلەرنىڭ ئىچىدە: ئۇلار نېمىشقا گېنېرال لىنىڭ قوشۇنىغا بارمايدۇ، دېگەن گەپلەر ئاۋۇپ كەتتى.

بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا بۇ زال بوش ـ بىكار دېگۈدەك ئىدى، ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئادەمگە لىق تولدى. ئەتىرلەرنىڭ، ئۇپىلارنىڭ، چاچ مايلىرىنىڭ، شاملارنىڭ، گۈللەرنىڭ، پولدىن ئازراق بولسىمۇ كۆتۈرۈلۈۋاتقان توپا ـ چاڭلارنىڭ پۇراقلىرى زالنىڭ ئىچىنى بىر ئالغانىدى، ۋاراڭ چۇرۇڭنىڭ قاتتىقلىقىدىن ياندىكى ئادەمنىڭ گېپىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايتتى. قېرى لېۋىي مەيداندىكى خۇشال

كەيپىياتنى كۆرۈپ، چېلىۋاتقان «لورېنا» كۈيىنى توختىتىپلا «گۈزەل كۆك تۇغ» دېگەن كۈيگە چېلىشقا باشلىدى.

بىرنەچچە يۈز ئاۋاز بىردەك ناخشا توۋلاپ زالنىڭ ئىچى تەنتەنىگە تولدى. شۇ ئارىدا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ مىزگانچىلىرى مۇزىكانتلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ مىزگانلىرىنى چېلىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن هاياجان ئۈستىگە هاياجان قوشۇلدى، هەممە ئادەمنىڭ كۈچلۈك هاياجاندىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىۋاتاتتى:

ياشا ! ياشا ! هاكىمىيىتىمىز ياشا !
ياشا ! گۈزەل كۆك بايراق، مىڭ ياشا
بىر يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ياشا !

سىكارلېت ئۈشتۈمتۇت مىلانىيەنىڭمۇ هەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ياڭراق ئاۋازى بىلەن ناخشىغا قوشۇلۇپ ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئاۋازى شۇنچىلىك يېقىملىق، تەسىرلىك ئىدى، ئىككى قولى كۆكسىدە، كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، مەڭزىدە كۆزلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياش يالتىراپ تۇراتتى. مۇزىكا توختىغاندىن كېيىن مېلانىيە قول ياغلىقى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈۋەتتى ۋە سىكارلېتقا قاراپ، خۇددى ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغاندەك كۈلۈپ قويدى.

— مەن شۇنچىلىك خۇشال، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — بۇ ئەسكەرلىرىمىزدىن پەخىرلىنىپ ئۆزۈمنى توختىتالماي قالدىم.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە هېسسىياتقا باي بىر خىل تەلۋە قىزغىنلىق پارلاپ تۇراتتى، بۇ هالەت ئۇنىڭ ئادەتتىكىدەك چىرايىغا بۆلەكچىلا گۈزەللىك ئېلىپ كەلگەنىدى.

بۇ خىل هالەت باشقا ئاياللارنىڭ چىرايلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايلىق ۋە قورۇلغان يۈزلىرىمۇ پەخىرلىنىش ياشلىرى بىلەن

ھۆللەنگەندى، لەۋلىرىدە كۈلكە، كۆزلىرىدە ئويناق ھاياجان، مەشۇقلىرى ئاشىقلىرىغا، ئانىلىرى بالىلىرىغا، ئاياللىرى ئەرلىرىگە قارىشاتتى. خانىم ـ قىزلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق چىرايلىق ئىدى، بۇ خىل گۈزەللىك ھەرقانداق بىر ئادەتتىكىدەك ئايالنىمۇ ئاجايىپ جەلپكارلىققا ئىگە قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلارنى ئەرلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاسرايتتى ۋە سۆيەتتى، ئۇلارمۇ قىزغىن مۇھەببەتلىرى بىلەن ئۇلارغا جاۋاب ياندۇراتتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىنى سۆيەتتى، ئۇلارغا ئىشىنەتتى، ئىشەنچلىرىدىن قىلچە تەۋرەنمەي تۇرۇپ ئىشىنەتتى. ئۇلارنى ئەنە شۇنداق كۈچلۈك بىر كۈل رەڭ مۇداپىئە لىنىيەسى شىماللىقلارنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن قوغداپ تۇرۇۋاتسا، بېشىمىزغا بالا ـ قازا كېلەرمۇ دەپ ئەنسىرەشنىڭ ئۇلارغا ئورنى بارمۇ؟ دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ئۇلارغا ئوخشاش باتۇر، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىنمۇ كېچەلەيدىغان ھەم شۇنچىلىك كېلىشكەن، شۇنچىلىك مۇلايىم ئەرلەردىن قانچىلىك چىقىپ باققان؟ ئۇلار ئادالەتلىك ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتسا، ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىنىڭ ئاخىرى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشماي نېمە بىلەن ئاخىرلىشاتتى؟ ئۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئەرلىرىگە ئوخشاش ئىككى قولى، قەلبلىرى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ئويلايدۇ، ھەتتا چۈشىدىمۇ كۆرىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىنى قۇربانمۇ بېرىدۇ ھەم ئەرلەر جەڭ تۇغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەنگە ئوخشاش ئۇلارمۇ ئۇ تۇغلارنى مەغرۇر ھالدا ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭالايدۇ.

بۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى قىزغىن مۇھەببەتلىرى بىلەن ئىپتىخارلىقلىرىنىڭ، جەنۇب ئىتتىپاقى ئىشلىرىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ئىدى، چۈنكى ئاخىر غەلىبە كۆزگە كۆرۈنۈپ قىلىنىۋاتاتتى. گېنېرال جېكسوننىڭ كونفېدېراستىكى بىرنەچچە قېتىملىق غەلىبىسى بىلەن شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ يانكس

ئەتراپىدىكى «يەتتە كۈنلۈك جەڭ»دىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغاندى. گېنېرال ۋاللىي بىلەن گېنېرال جېكسونغا ئوخشاش مۇشۇنداق سەردارلار بۇ جەڭدە ئۇلارنى يېڭەلمەسمۇ؟ يەنە بىر قېتىملا غەلىبىلىك جەڭ قىلىدىغان بولسا شىماللىق ئالۋاستىلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىزلانماي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەرلىرى زەپەر بىلەن قايتىپ، سۆيۈشۈش ۋە خۇشال كۈلكىلەر بىلەن تەنتەنە باشلىنىدۇ. دېمەك، يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلىشسا، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشمۇ تۈگەيدۇ.

ئەلۋەتتە، بەزى ئۆيلەردە ئەرلەرنىڭ ئورنى يوقالدى، بالىلىرى مەڭگۈ دادىسىز قالدى، ۋىرگىنىيەدىكى تىمتاس ئۆستەڭ بويلىرى بىلەن تېنىنېس تاغلىرىدا ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى ئورۇن ئالدى. ئەمما، ئاشۇنداق بىر ھەققانىي ئىش ئۈچۈن بېرىلگەن بەدەلنى شۇنچىلىك بىلەن يۇقىرى بولۇپ كەتتى دېگىلى بولامدۇ؟ ئاياللار ئىشلىتىدىغان تاۋار ـ دۇردۇنلارنى، ئۆيگە كېتىدىغان چاي، قەنتلەرنى تاپماق ئىنتايىن قىيىن، لېكىن ئۇ نەرسىلەر بولمىسىمۇ بولىۋېرىدىغۇ؟ ئۇ نەرسىلەرنى شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ بۇرنىنىڭ تېگىدىن توختىماي بۇ تەرەپكە توشۇۋاتامدۇ؟ يېقىندا راپېل سېمىس بىلەن جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ئۇرۇش كېمىلىرى بىلەن تۇتۇشىدىغان بولسا پورتمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ. ئەنگلىيەمۇ جەنۇب ئىتتىپاقىغا ھەدەپ ياردەم بېرىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ فابرىكىلىرى جەنۇبنىڭ پاختىسى يېتىپ بارالماي بىكار قېلىۋاتقان گەپ. ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى جەنۇب ئىتتىپاقىغا ئەلۋەتتە ھېسداشلىق قىلىدۇ.

ئاياللار تاۋار ـ دۇردۇنلارنىڭ ئىچىدىكى بەدەنلىرىنى ئوينىتىپ، پەخىرلەنگەن ھالدا ئەرلىرىگە كۈلۈپ قاراشماقتا. ئۇلار ئۆلۈمنىڭ ئالدىدىن تارتىۋالغان مۇھەببەتنىڭ ھەسسىلەپ قىممەتلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ

بۆنىڭدىن تاپىدىغان لەززىتى باشقىچە، ئەلۋەتتە.

سىكارلېت دەسلەپتە سانجاق ـ سانجاق بۇ ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر يىغىلىشقا قاتناشقىنىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان، يۈرىكى ھاياجاندىن توختىماي سىلىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقان قىياپەتلىرىنى كۆرۈپ، بايىقى خۇشاللىقلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى سىكارلېتتا يوق بىر خىل ئوتتەك قىزغىنلىق ئىچىدە ئۇزۇشۇپ يۈرەتتى. بۇنىڭدىن ئۇ تېخىرقاپ ھەم روھسىزلىنىپ قالدى، زالمۇ ئەمدى ئانچە چىرايلىق كۆرۈنمىدى، قىزلارنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ ئادەتتىكىچە كۆرۈنۈۋاتاتتى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدا ھەققانىي ئىشلارغا بولغان ساداقەت بۇرۇنقىدەكلا ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، سىكارلېتقا كۈلكىلىك، ئەخمىقانە ئىشتەك بىلىنىۋاتاتتى.

سىكارلېتنىڭ كاللىسىدىن ئۇشتۇمتۇت ئۆزىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك بىر پىكىر لىپ قىلىپ ئۆتۈپ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئۇ ئاياللارنىڭ كۈچلۈك ئىپتىخارلىنىشلىرىدىن، ئىزملىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قۇربان قىلىشلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولالمايدىكەن. ئۇ گەرچە قورقۇنچ ئىچىدە «ياق، ياق! ئۇنداق قارىماسلىقىم كېرەك! ئۇنداق قاراش خاتا! جىنايەت!» دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىزملىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇ توغرۇلۇق جان ـ جەھلى بىلەن سۆزلەشلىرىدىن جاق تويغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىزمنىڭ ھېچقانداق مۇقەددەسلىكى يوق، ئۇرۇشمۇ ئۇنچىلا يۈكسەك ئىش ئەمەس، بىر ـ بىرىنى تەلۋىلەرچە قىرغىن قىلىدىغان، ئىقتىسادنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىدىغان، كىشىلەرنىڭ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى بۇزىدىغان ئىنتايىن يىرگىنچلىك ئىش ئىدى. ئەمدى ئۇ تۇگىمەس پايپاق،

شارپا توقۇشلاردىن، داكا ئوراشلاردىن، دوختۇرخانىلاردىن، ئۇ يەردە ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان سېسىقچىلىقلاردىن، تۈگىمەس ئىڭراشلاردىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بولۇپمۇ ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئۆلۈم ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىغا قاراش بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى.

بۇ خىل ئىسيانكار پىكىر كاللىسىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا، سكارلېت خۇددى باشقىلارنىڭ ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى چىرايىغا قاراپ بىلىپ قېلىشىدىن قورققاندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى. ئاھ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇ ئاياللارغا ئوخشاش تەسىرات بولمايدىغاندۇ! ئۇلار ئىزمغا پۈتۈن نىيىتى بىلەن ھەقىقىي سادىق، ھەربىر سۆزى، ھەربىر ھەرىكىتىدە چىنلىق بار، ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالسا ... ياق، كىشىلەرگە كۆڭلىدىكىنى پەقەتلا بىلىندۇرمەسلىكى كېرەك. يالغاندىن ئىزمغا قىزغىن ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان بولۇۋېلىشى، ئۆزىنى جەنۇب ئىتتىپاقى ئوفىتسېرىنىڭ تۇل قالغان ئايالىغا مۇناسىپ ئىشلارنى قىلىۋاتقانغا سېلىپ، قايغۇ - ئەلەملىرىگە باتۇرلۇق بىلەن چىداشلىق بېرىشى، يۈرىكىنى ئاللىبۇرۇن قەبرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەندەك كۆرسىتىشى، ئېرىنىڭ ئىزمنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، دەپ تونۇشى كېرەك.

ئاھ، ئۇ نېمىشقا بۇ ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ؟ ئۇ بۇلاردەك بىرەر ئىشنى ياكى بىرەر ئادەمنى چىن دىلىدىن سۆيەلمەيدىكەن. بۇ نېمىدېگەن غېرىبانە ھېسسىيات. ئۇ بۇرۇن روھىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ئۆزىنى پەقەتلا تەنھا، يېتىم سەزمەيتتى. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل ئىدىيەنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، لېكىن ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە سادىق بولۇپ ئۆگەنگەچكە، ئۇ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتى. شۇڭا، ئۇ

مېلانىيە بىلەن ئۆزىنىڭ پوكىيىدە خېرىدارلارنى كۈتۈۋاتقاندا ئىدىيەسى توختىماي ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزىنى بىر ئامال قىلىپ ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى، ئىشەندۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە قىيىنمۇ ئىش ئەمەس ئىدى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىزىم توغرۇلۇق ھە دەپ گەپ سېتىۋاتقان ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەخمەق، ئىشتات ھوقۇقى توغرۇلۇق كۆچەپ مۇنازىرە قىلىشىدىغان ئەرلەرمۇ شۇنداق. پەقەت سكارلېت ئوخارا خامىلتونلا ئىرېلاندىيەلىكلەرگە خاس قەيسەر ۋە توغرا كاللىغا ئىگە. ئۇ ئىزىم مەسىلىسىدە ئۆزىنى ئۇنداق ئەخمەقلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ ھەم ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىدىيەسىنى ئاشكارىلاپ يۈرىدىغان ئۇنداق دۆتلەردىنمۇ ئەمەس. كاللىسى مۇستەھكەم، ۋەزىيەتنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ كاللىسىدىكىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان بولسا چۆچۈپ كېتىشلىرى مۇمكىن. شۇ تۇرقىدا ئۇ يۈگۈرۈپ سەھنىگە چىقىپ، ئۇرۇش دەررۇ توختىسۇن، ھەممىمىز ئۆيىمىزگە كېتىپ كېۋەزلىكىمىزگە قارايلى، بۇرۇنقىدەك تانسىمىزنى ئوينايلى، ھەممە ئادەمنىڭ سۆيگەن يارى بولسۇن، ھەممەيلەن سۇس مايسارەڭ كىيىملىرىمىزنى كىيىپ يۈرەيلى، دەپ ئۈنلۈك توۋلىسا، زالنىڭ ئىچى نېمە بولۇپ كېتەر؟

بۇ خىياللىرى ئۇنىڭغا ۋاقتىنچە خېلى مەدەت بولدى، ئەمما زالغا يەنىلا يىرگىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ قوياتتى. مىكلور ئائىلىسىدىكى قىزلارنىڭ بۇ پوكىيى مېرۋېتېر خانىم دېگەندەك چەتتە بولغاچقا، كۆزگە چۈشۈپ تۇرمايدىكەن، شۇڭا خېرىدار ناھايىتى ئاز كېلەتتى، قالغان چاغدا سكارلېتنىڭ ئىشى يوق، زالدىكى خۇشال يۈرۈشكەن ئادەملەرگە ھەسەت نەزىرى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. مېلانىيە ئۇنىڭ خاپا ھالىتىنى سەزدى، لېكىن ئۇنى چارلېسنى ئويلاۋاتقانغا ئۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماي،

پۈكەي ئۈستىدىكى ساتىدىغان ماللارنى كۆزگە كۆرۈنىدىغان قىلىپ تىزىش بىلەن ئاۋارە بولدى، سكارلېت بولسا ئورنىدىن قوزغالماي، چىرايى تۈرۈك، ئەترايقا قاراپ ئولتۇرىۋەردى، ھەتتا داۋس ئەپەندى، سىتېپىېنس ئەپەندىنىڭ سۈرەتلىرى ئاستىغا تىزىۋېتىلگەن گۈللەرمۇ ئۇنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرەتتى.

«ئۇ نەزىر - چىراغ بويۇملىرىنى قويىدىغان ئۈستەلنىڭ ئۆزىغۇ، — ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئۇلار ئۇ ئىككىسى خۇددى ئۆزلىرىنىڭ دادىسىدەك قىلىشىپ كېتىدىكەنە؟» ئۇ بىردىنلا بۇ خىل ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى سېزىپ، دەررۇ مەيدىسىگە كىرېست سىزىپ تۇۋا قىلدى ۋە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

«دېمىسىمۇ شۇنداققۇ، — ئۇ يەنە ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى، — ھەممىلا ئادەم ئۇ ئىككىسىنى ئەۋلىيادەك بىلىدىكەن، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارمۇ ئاددىي ئادەملەرغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلىك سەت ئادەملەر.»

سىتېپىېنس ئەپەندى مەجرۇھ ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىغا ئامال يوق، لېكىن داۋس ئەپەندىچۇ؟ سكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ھەيكەلنىڭكىدەك نۇرسىز، ئەمما تەكەببۇر چىرايىغا قارىدى. سكارلېتنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆچكە ساقىلى ئىدى. ئەرلەر ساقال قويماي بۇرۇتلا قويۇشى، ساقال قويسىمۇ تولۇق قويۇشى كېرەك. نېمە ئۇ، ساقال دېسە ساقال ئەمەس، نېمىگە ئوخشاپ قالغان.

«شۇنچىلىك ساقىلى بىلەن ماختانغاندەك تۇرۇپ كەتكىنىنى» ئويلىدى سكارلېت يەنە. ئۇ داۋسنىڭ يېڭى دۆلەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالغان قەيسەر ئىرادىسىنى پەقەتلا بىلمەيتتى.

سكارلېت دەسلەپتە بۇ كاتتا يىغىلىشقا قاتنىشىدىغانلىقى ئۈچۈن بېشى ئاسمانغا يەتكەنىدى، لېكىن ھازىر ئۇنداق بولمىدى. قارىغاندا، ئادەم بۇ يەردە بولغىنىنى بىلەنمۇ بىكار ئىكەن. بۇ يەرگە كەلگىنى بىلەن بەرىبىر ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى

بولالمايدىكەن. ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايۋاتاتتى. قارىغاندا، بۇ يىغىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە سۆيگەن يىگىتى يوقى پەقەت شۇلا ئوخشايدۇ. بۇرۇن ئۇ بۇنداق سورۇنلارنىڭ مەركىزى ئىدىغۇ. مۇشۇمۇ ئادىللىق بولدىمۇ ! ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتىگە كىردى، پۇتلىرى تانسا سېغىنىپ مىدىرلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئون يەتتە ياشتا، لېكىن ئىبرى ئۆلۈپ كەتكەن، بالىسى پىتتىي ھامىنىنىڭ ئۆيىدىكى بۆشۈكتە بۆلەكلىك، شۇڭا ھەممە ئادەم ئۇنى شۈكۈر ــ قانائەت قىلىپ ئۆتسۇن دېيىشىۋاتىدۇ. زالدىكى پۈتۈن قىزلار بىلەن سېلىشتۇرسا، ئۇنىڭ كۆكسى ھەممىسىنىڭكىدىن ئاق، بېلى ھەممىسىنىڭكىدىن ئىنچىكە، پۇتلىرىمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەھمىيىتى يوق، ئوخشاشلار چارلىسقا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ قەبرىسىدە ياتىدۇ، قەبرە بېشىدىكى تاشقا «پالانچىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى» دەپ خەت يېزىپ قويۇلىدۇ.

ئۇ ھازىر قىز ئەمەس، شۇڭا تانسا ئوينىيالمايدۇ، ئويناپ ــ كۈلۈپمۇ يۈرەلمەيدۇ، ئىبرى ھايات خوتۇنمۇ ئەمەس، باشقا خوتۇنلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تانسا ئويناۋاتقان، خۇلىق چىقىرىۋاتقان قىزلارنى باھالىيالمايدۇ. ئۇ تېخى ياش ئەمەسمۇ، تۇل خوتۇن بولۇپ قالماسلىقى كېرەكتىغۇ؟ تۇل خوتۇنلۇق قېرىلارغا خاس ئىش ئەمەسمىدى؟ قېرىغاندا ئادەم تانسىمۇ ئوينىيالمايدۇ، خۇلقمۇ چىقىرالمايدۇ، ئەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىشنىمۇ ئويلىمايدۇ. لېكىن، سىكارلېت ئون يەتتە ياشقا كىرگەن، ناھايىتى ياش تۇرۇپ تۇل خوتۇنلار ئىتائەت قىلىدىغان قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ بۇ يەردە تۈپتۈز ئولتۇرسا بۇمۇ ئادىللىق بولامدۇ؟ چىرايلىق ئەرلەر يوكەينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇمۇ ئۇلارغا بوش گەپ قىلىشى، نومۇس قىلغاندەك ناز بىلەن يەرگە بېقىشى كېرەك ! بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك !

ئاتلانتادا ھەربىر قىزنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ قات ئەرلەر بولىدىكەن، ھەتتا ئادەتتىكى قىزلارمۇ ئۆزلىرىنى خۇددى

تەڭداشسىز گۈزەلدەك بىلىندىكەن. ھەممىدىن يامىنى، ئۇلار مۇشۇنداق سورۇنلارغا ئەڭ، ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ كېلىدىكەن.

سىكارلېتچۇ؟ ئۇ خۇددى قارا قاغىدەك، قاپقارا كىيىملەر بىلەن تۈگمىسىنى گېلىغىچە ئېتىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ كىيىمدە نە گۈل، نە زىغزىق بولسۇن، ئاپىسى بەرگەن ھېلىقى بۇلاپكىدىن باشقا زىننەت بويۇملىرىمۇ يوق. چىرايلىق كىيىنىشكەن قىزلارنىڭ يىگىتلىرىنى قولتۇقلاپ مېڭىپ يۈرۈشكەنلىرىگە قاراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. چارلېسنىڭ چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كەتكىنىچۇ تېخى. جەڭ مەيدانىدا شەرەپ بىلەن ئۆلگەن بولسىمۇ، سىكارلېتقا مۇشۇنداق سورۇنلاردا ماختىنىدىغانغا گەپ تېپىلاتتى ئەمەسمۇ.

سىكارلېت ئىككى جەينىكىنى پوكەي ئۈستىگە قويۇپ ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇراتتى. نېگىر ئانىسى، بۇنداق ئولتۇرساڭ بىلەكلىرىڭگە ئاسان قورۇق چۈشۈپ كېتىدۇ ھەم ئۈستىخىنىڭمۇ مايماق بولۇپ قالىدۇ، دەيدىغان. مايماق بولۇپ قالسا نېمە بوپتۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭغا چىرايلىق بىلەكلىرىنى كۆرسىتىدىغانغا نەدە پۇرسەت. سىكارلېت خۇددى چاڭقاپ كەتكەن ئادەمدەك، خىلمۇ خىل كىيىملەردىكى قىزلارغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بەزى قىزلار سۈت رەڭ كۆڭلەكلەرنى كىيىشكەن، باشلىرىغا ئەتىرگۈلدىن قىلغان گۈلچەمبىرەكلەرنى كىيىۋالغان؛ بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە قىزغۇچ ھال رەڭ يىپەك كۆڭلەكلەر، ئېتەكلىرىگە ئاق قۇنىڭ پەيلىرىدە جىيەك تۇتقان؛ بەزىلىرى سۇس ھاۋارەڭ كۆڭلەكلەردە، كەينى ئېتەكلىرى يەردە سۆرىلىپ تۇرغان. ھەممىسىنىڭ كۆكرەكلىرى يېرىم ئوچۇق. مايبېل مېرۋېتېر بىر ئەسكەرنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلغان پېتى ياندىكى پوكەيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۈستىگە ئالما رەڭ نېپىز رەختتە كەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، ئىنچىكە بېلى كۆڭلەكنىڭ سىرتىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، كۆڭلىكىگە سۈت رەڭ

تورلاردىن نۇرغۇن زىغىرىق چىقىرىۋاپتۇ. بۇ رەختلەر چارلېستوندىكى ئەڭ ئاخىرقى قامال قىلىنغان پاراخوتتىن ئېلىپ كېلىنگەن. مايېبېل خۇددى ئۇ رەختلەرنى ئەلدە نامى بار باتلېر ئەپەندى ئەمەس ئۆزى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك، بەكمۇ كۆرەڭ.

«ئاشۇ كۆڭلەكنى مەن كىيگەن بولسام قانچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتەر ئىدىم، — ئويلىدى سكارلېت ھەسەت ئوتىدا پۇچۇلىنىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ بېلىنى قاراڭلار، كالىنىڭكىدەك تۇرىدۇ. ئۇ رەڭ ماڭا تازىمۇ يارىشاتتى، كۆزلىرىممۇ ئۆزگىرىپ ... بۇ رەڭ ئۇنىڭ تېرىسىگە قانداق ياراشسۇن؟ تېرىسى خۇددى قۇرۇتتەك كۆكىرىپ تۇرمامدۇ؟ ئىست، ئەمدى بۇنداق رەڭلەردە كىيىم كىيەلمەيمەن - دە. قارىلىق ۋاقتىم توشقان چاغدىمۇ كىيگىلى بولمايدۇ. بىر ئامال قىلىپ باشقىدىن ياتلىق بولسامۇ كىيەلمەيمەن، شۇ چاغدىمۇ مۇشۇنداق قارا - قۇرا، رەڭسىز نەرسىلەرنى كىيىپ يۈرەرمەنمۇ؟»

سكارلېت بۇ ئادالەتسىز ئىشلارنى بىردەم ئاشۇنداق ئويلاپ، كېيىن ئۇنتۇپ قالغاندەكمۇ قىلدى. ھاياتتا ئادەمنىڭ ئويناپ - كۈلىدىغان، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان، تانسىلاردا ئېچىلىپ ئوينايدىغان، ناز - خۇلقلارنى چىقىرىدىغان ۋاقتى نېمىدېگەن قىسقا، بىرنەچچە يىللا ئىكەن شۇ. ئاندىن توي قىلىدىكەن، رەڭسىز كىيىملەرنى كىيىدىكەن، بالا تۇغىدىكەن، ئىنچىكە بەللەرمۇ قالمايدىكەن، تانسىلاردا ئۆيلۈك بولغان ئاياللار بىلەن بىر بۇلۇڭغا تىقىلىپ ئولتۇرىدىكەن، تانسا ئوينىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن ياكى ياشانغان ئەپەندىلەر بىلەن ئوينايدىغان گەپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ پۇتىنى دەسسەپ ئويناشلىرىچۇ تېخى. ئۇنداق قىلمىساڭ ئۇ خوتۇنلار غەيۋىتىڭنى قىلىشىدۇ، نامىڭغا شەك كەلتۈرىدۇ، ئۇ چاغدا ئائىلەڭگىمۇ ياخشى ئەمەس. قىز ۋاقتىڭدا پۈتۈن زېھنىڭنى قانداق ياسىنىش، ئەرلەرنى قانداق جەلپ قىلىشقا قارىتىدىكەنسەن. بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن

توي قىلساڭ ئۇ ئىشلاردىكى ماھارىتىڭ بىكارلا بولىدىكەن. بۇ نېمىدىگەن قورقۇنچلۇق ئىسراپچىلىق. شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت ئاپىسى بىلەن نېگىر ئانىسىنىڭ بەرگەن تەربىيەلىرىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ خىل تەربىيەلەر ئەتراپلىق ۋە شۇنچىلىك ئېسىل ئىدى، سىكارلېتمۇ ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى پات - پات كۆرۈپ تۇرغانىدى. ئۇ سانى بىر يۈرۈش قائىدە - مىزانلارنى ئۆگىنەتتى، شۇ بويىچە ئىش قىلساڭ سېنى كۈتكەن مەقسىتىڭگە چوقۇم يەتكۈزەتتى.

ياشانغان خانىملار بىلەن بىللە بولغاندا ئۇلارغا ئوماق كۆرۈنۈش، گەپ تاپىدىغانغا ئورۇن قويماسلىق ئۈچۈن، ئادەم ئۆزىنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان، كاللىسى ئاددىي قىياپەتتە كۆرسىتىشلىرى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئىنتايىن ھەسەتخور بولۇپ، خۇددى قېرى مۈشۈككە ئوخشاش، قىزلاردىن پەقەتلا كۆزلىرىنى ئالمايتتى، ئازراق گەپتىن كەتكۈزۈپ قويسا شۇ ھامان ئېتىلىشقا تەييار تۇراتتى. قىزلار قېرى ئەپەندىلەرگە قارىتا سەل شوخراق ھەم خۇلقۇقىراق بولۇشلىرى كېرەك، بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتمەي چېكىدە نازلىنىپ قويسىمۇ يامان كەتمەيدۇ. بۇمۇ ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئۆزىنى باسالماي قىزلارنى ئانچە - مۇنچە چىمداپ قويۇشىدۇ، شەيتان قىز دەپ ئەركىلىتىپمۇ قويىدۇ. بۇنداق چاغدا ئازراق قىزىرىش كېرەك، بولمىسا ئۇلار سېنى تېخىمۇ كۆپ چىمداپ، ئەدەپسىزلىك بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان بولىۋالىدۇ، ھەتتا ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندا ئوغۇللىرىغا سېنى شاللاق ئىكەن دەپ يامانلاپمۇ بېرىدۇ.

ياش قىزلار بىلەن يېڭى توي قىلغان قىزلارغا قارىتا ئاغزىڭدىن ھەسەل تېمىپ تۇرىدىغان بولسۇن. ئۇلار بىلەن بىر كۈندە ئون قېتىم كۆرۈشسەڭمۇ ھەر قېتىم سۆيۈپ كۆرۈش، ئۇلارنىڭ بەللىرىدىن تۇتۇپ ماڭ، ئۇلارمۇ سېنىڭ بېلىڭدىن

تۇتمىغان بولسۇن. ئۇلارنى ياخشى كۆرمىسەڭمۇ شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى، بۇۋاقلىرىنى قىلچە ھەسەت قىلماي ماختا، يىگىتلىرىگە چاقچاق قىل، ئەرلىرىگە ھۆرمىتىڭنى بىلدۈر. ئۇلارنىڭ سېنى ماختاشلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ رەت قىل، ئۇلارنىڭ خانىملىرىغا يەتمەيدىغانلىقىڭنى ئېيت. ئەڭ مۇھىم ئىش، بىرەر ئىشقا بولغان ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي قاراشلىرىڭنى ئۇ خانىملارغا قارىغاندا ئازراق سۆزلە.

باشقىلارنىڭ ئەرلىرىگە ئارتۇقچە قىزىقىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلە، ئۇلار سەن بۇرۇن تاشلىۋەتكەن ياكى ئالاھىدە جەلپكار ئەر بولىسىمۇ مەيلى. ئەگەر سەن ئۇنداق ئەرلەرگە ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتسەڭ، ئۇلارنىڭ خانىملىرى سېنى يەڭگىلتەك ئىكەن دەپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يامان ئاتىقىڭ چىقىپ، ئاخىرىدا ئۆزۈڭنىڭ يىگىتىڭنىمۇ مەڭگۈ تۇتۇپ قالالمايسەن.

ياش بويتاق ئەرلەر بولسا بۇ باشقا گەپ. ئۇلارغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈۋەرگىن. ئۇلار سېنىڭ نېمىگە كۈلۈۋاتقىنىڭنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندا ئۇلارغا ھەرگىز ئېيتما، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈلۈپ، ئۇلارنى بۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە ئەتراپىڭدىن كېتەلمەيدىغان قىلىۋەت. قاش - كۆزلىرىڭنى ئوينىتىپ ئۇلارنىڭ ئازراق بولسىمۇ تېنىنى جۇغۇلدىتىپ قوي، سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشىشنىڭ كويىغا چۈشسۇن. سەن بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇ سېنى سۆيمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ ساڭا ئىنتايىن ئېغىر كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ يالغاندىن خاپا بولغان بولۇۋال. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەخلاقسىز قىلىقى ئۈچۈن سەندىن ئەپۇ سورايدىغان بولىدۇ ھەم مۇلايىم ئاۋازدا سەندىن ئەپۇ سورايدۇ، ئاندىن يەنە سېنى قولدىن چىقىرىۋەتكۈسى كەلمەي يەنە بىر قېتىم سۆيۈشكە ئىنتىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى سۆيدۈرۈپ قويساڭمۇ بولىدۇ (بۇنى

سىكارلېتقا ئاپىسى بىلەن نېگىر ئانىسى ئۆگەتمىگەن، بۇنداق قىلىشىنىڭ رولىنىڭ چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئۆزى ھېس قىلغانىدى)، ئاندىن نېمە ئىش بولدى، بىلمەيلا قالدىمغۇ دەپ يىغلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سېنى تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بولدۇ، ياشلىرىڭنى سۈرتىدۇ، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدىغان، سېنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان ئىپادىلەردە بولىدۇ ...

ئاھ، بويتاق ئەرلەرنىڭ ئىشى نېمىدېگەن ئاسان! سىكارلېت ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ھەممە يوللىرىنى بىلىدۇ: قاش ـ كۆزلىرىنى ئويىنىتىش، يەلپۈگۈچ بىلەن يۈزىنى يېرىم توسۇپ تۇرۇپ كۈلۈش، ساغرىسىنى كۆڭلەكنىڭ ئىچىدە تۇرغۇزۇپ قوڭغۇراقتەك چايقاپ مېڭىش، كۆز يېشى قىلىش، تېلىقىپ كۈلۈش، نازلىنىپ گەپ قىلىش، مۇلايىم قىياپەتتە تۇرۇپ ھېسداشلىق قىلىش، دېگەندەك. ئۇ بۇ چارىلەرنى ئىشلىتىپ بىر سىدىمۇ غەلىبە قىلمىغان ئەمەس، بىر ئاشلېيدىن باشقىسىدا.

بىراق، بۇ ئەپچىل چارىلەرنى ئۆگىنىپ، قىسقا ۋاقىتلا ئىشلەتكەندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئىشلەتكىلى بولمىدى. ئەسلىدە ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۆمۈرۋايەت تويى قىلماي، ئاچ مايسارەڭ كۆڭلىكىنى داۋاملىق كىيىپ، ئەرلەرنى ئاشۇنداق مەڭگۈ كەينىدىن چىقمايدىغان قىلىپ يۈرگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! بىراق، بۇنىڭمۇ بولمىغان بىر تەرىپى بار. ئىندىيا ۋىلكېسقا ئوخشاش قېرى قىزغا ئايلىنىپ قالساڭ، ئۇ چاغدا خەقلەر يىرگەنگەندەك قىلىپ: «ۋاي بىچارىيەي!» دېيىشىدۇ. ياق، يەنىلا ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى ساقلاپ تويى قىلىۋالغىنىڭ ياخشى، شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق كۆڭۈللۈك ئىشلاردىن مەھرۇم بولساڭمۇ مەيلى.

ئاھ، ھايات نېمىدېگەن مەنىسىز! سىكارلېت نېمىشقىمۇ چارلېس بىلەن تويى قىلىپ، ئون ئالتە يېشىدىلا ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆزى نابۇت قىلغان بولغىيدى؟

ئۇنىڭ قىلچە ئۈمىد يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارغانسېرى قورسىقىنى كۆپتۈرۈۋاتقان خام خىياللىرى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى، ئادەملەر تام تەرەپكە قىستىلىشىپ كېتىۋاتاتتى، قىزلار بىلەن خانىملار ئىچىدىكى ئىشتانلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىنمۇ ئىزا تارتماي، خەقلەر دەسسىۋالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ ئېتەكلىرىنى تىزىغىچە كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى. سكارلېت پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى پولكىنىڭ باشلىقىنىڭ سەھنىگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ سەھنىدىكى بىر توپ ئادەمگە كوماندا بېرىپ ئۇلارنى قاتار تىزدى، ئاندىن ئۇلار تەرلەپ - پىشىپ بىرنەچچە مىنۇت ھەربىي مەشىق ئويۇنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك چەبدەس ۋە ئېتىك ئىدى. تاماشىبىنلار ئۇلارغا قىزغىن ئالقىش ياغدۇراتتى. سكارلېتمۇ كۆپچىلىك بىلەن تەڭ چاۋاك چالدى. ئارقىدىنلا ئۇ ئەسكەرلەر تارقىلىپ، كەمپۈت، ھاراق ۋە لىمون سۈيى ساتىدىغان پوكەيلەرگە قاراپ ماڭدى، سكارلېت دەررۇلا ئىزمىغا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېلانىيەگە قارىدى.

— ئۇلار نېمىدېگەن كېلىشكەن ئادەملەر، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

بۇ چاغدا مېلانىيە پوكەي ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى رەتلەش بىلەن بولۇۋاتاتتى.

— ناۋادا ئۇلار ئۈستىلىرىگە كۆل رەڭ ھەربىي كىيىملەرنى كىيىپ ۋىرگىنىيەگە بارغان بولسا تېخىمۇ چىرايلىق بولاتتى، — دېدى مېلانىيە ئاۋازىنى پەسلەتمەي ئادەتتىكىدەكلا سۆزلەپ.

بىرنەچچە خەلق ئەسكىرىنىڭ ئانىسى پوكەيگە يېقىن يەردە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى گونان خانىم مېلانىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىزىرىپ، تاتىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ۋىللىي ئىسىملىك يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەن ئوغلى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

سكارلېت مېلانىيەنىڭ بۇنداق گەپ قىلىدىغانلىقىنى

ئويلىمىغاچقا، بەكمۇ قورقۇپ كەتتى.
— سىزگە نېمە بولدى، مېلانىيە؟
— بۇ راست گەپ، سىكارلېت. مەن بالىلار بىلەن بوۋايلارنى دېگىنىم يوق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ ئادەملەر مىلتىق كۆتۈرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ هازىر قىلىۋاتقىنىمۇ شۇ ئىش.
— لېكىن ... لېكىن ... — سىكارلېت ئويلىنىپ قالدى، چۈنكى، ئۇ بۇرۇن بۇ ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، — بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە بولۇپ قېلىشى ... — ۋىللې گونان ئۆزىنىڭ ئاتلانتادا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەندۈرگەن بولغىيدى؟ — بەزىلەرنىڭ ئۆيدە بولۇپ قېلىشى شەھىرىمىزنى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئەمەسمۇ !
— هازىر بىزگە هېچكىم تاجاۋۇز قىلمايدۇ، تاجاۋۇز قىلىدىغان ئادەممۇ يوق، — دېدى مېلانىيە ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىگە قاراپ قويۇپ سوغۇق تەلەپپۇزدا، — تاجاۋۇزچىلارنىڭ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ۋىرگىنىيەگە بېرىپ، ئالدىنقى سەپتە شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش. خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ يەردە قېلىشى ئېگىرلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دېگەن گەپكە كەلسەك، بۇ تېخىمۇ ئەخمىقانە گەپ. بىزنىڭ خەلقىمىز نېمىشقا توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ؟ بۇ پەقەت قورقۇنچاقلارنىڭ تاپقان باهانىسى. ئەگەر هەرقايسى ئىشتاتلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ هەممىسى ۋىرگىنىيەگە بارىدىغان بولسا، بىز بىرنەچچە ئاينىڭ ئىچىدىلا شىماللىقلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتۇق.
— مېلانىيە ! — سىكارلېت كۆزلىرى چەكچىيىپ يەنە بىر قېتىم توۋلاپ كەتتى.
مېلانىيەنىڭ مۇلايىم بىر جۈپ قارا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاچراپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ئېرىم قورقماي ئالدىنقى سەپكە كەتتى، سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ ھەم شۇنداق. مەن ئۇلارنىڭ ئۆلۈشىگە رازىكى، ئۆيگە بېكىنىۋېلىشىغا رازى ئەمەس. سۆيۈملۈكۈم، كەچۈرۈڭ، بەكمۇ قارام ھەم قورقۇنچلۇق گەپ قىلىپ قويدۇم.

مېلانىيە تەسەللى بەرگەندەك سكارلېتنىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ قويدى، سكارلېتنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى چارلېس ئەمەس، ئاشلېي ئىدى. ئاشلېيمۇ ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دەل شۇ چاغدا دوختۇر مادې ئۇلار تەرەپكە كېلىپ قالدى. سكارلېت ئىتتىك ئۇنىڭغا بۇرىلىپ زورىغا كۈلۈپ قويدى.

— ياخشىمۇ سىلەر، قىزلار، — دېدى ئۇ قىزلارغا، — سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلار بەكمۇ ئوبدان بولدى. سىلەرنىڭ بۈگۈن كەچتە بۇ يەرگە كېلىمىز دەپ كەلمىگىنىڭلارنىڭ قانچىلىك تەسكە توختىغانلىقىنى مەن بىلىمەن. بۇمۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن. مەن سىلەرگە بىر سىرىمنى دەپ بېرەي، مەن بۈگۈن كەچتە دوختۇرخانا ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپىدىغان ھەيران قالارلىق بىر چارە تاپتىم، بۇنى ئاڭلىسا خانىملار قورقۇپ كېتىشلىرىمۇ مۇمكىن، — ئۇ ئۆچكە ساقىلىنى لىكىلدىتىپ كۈلۈپ كەتتى.

— تېز ئېيتىڭا، قانداق چارە ئۇ؟

— يەنىلا سىلەرنىڭ پەرەز قىلغىنىڭلار ياخشى. بىراق، ئۆلىمالىرىمىز شۇ سەۋەبلىك مېنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىشماقچى بولۇپ قالسا، سىلەر قىزلار مېنى قوللىشىڭلار كېرەك. ئىشقىلىپ، بۇمۇ دوختۇرخانا ئۈچۈن - دە. بۇنداق ئىشنى بۇرۇن پەقەتلا قىلىپ باقمىغان.

ئۇ چوڭ - چوڭ چامداپ بىر بۆلۈكتە ئولتۇرۇشقان سېستىرالارنىڭ يېنىغا ماڭدى. سكارلېت بىلەن مېلانىيە ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشىپ تۇراتتى، ياشانغان ئىككى ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ زىغىرىق تۈتىدىغان توردىن

ئون ئىنگلىز مىلى ئۇزۇنلۇقتا ئالىدىغانلىقىنى ئۇنلۇك دېدى. سىكارلېت ئۇلارغا تورنى ئۆلچەپ بېرىۋاتقاندا، بىرسى ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ بوش چىمداپ قويدى. ئاندىن بۇ ئەدەپسىز قېرىلار لىمون سۈيى ساتىدىغان پوكەي تەرەپكە كەتتى. ئۇ تەرەپتىكى پوكەيلەردە ئادەم كۆپ ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەردىكى مايېبل مېرۋېتېرنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل كۈلكىسى، فەننى ئېلسىڭنىڭ ناز ـ خۇلقلىرى، ۋېمتىن ئائىلىسىدىكى قىزلارنىڭ چاقماقتەك گەپلىرى خېرىدارلارنى سۆيۈندۈرەتتى. مېلانىيە بولسا دۇكان غوجايىنىغا ئوخشاش، ئەرلەرگە ئانچە كېرىكى يوق نەرسىلەرنى سوغۇققان تۇرۇپ ساتاتتى، سىكارلېت بولسا مېلانىيەگە قاراپ ئىش قىلاتتى.

باشقا پوكەيلەردە ئەرلەر كۆپ ئىدى، قىزلار بىلەن كۇسۇرلىشىپ بىر نېمىلەر دېيىشەتتى، ئۇلار ئۇ يەردىن بىر نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى. مېلانىيە بىلەن سىكارلېت تۇرغان پوكەي ئۇنداق ئەمەس، كەلگەن ئەرلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاشلېي بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتتا بىلەن ئوقۇغانلىقلىرى، هازىر ئۇنىڭ ياخشى ئەسكەر ئىكەنلىكى ياكى هۆرمەت تەلەپپۇزى بىلەن چارلېسنىڭ ئۆلۈمى ئاتلانتا ئۈچۈن زور يوقىتىش بولغانلىقى توغرۇلۇق گەپلەرنى قىلاتتى.

كېيىن مۇزىكانتلار بىردىنلا «جون بوكېر، بۇ نېگىرغا ياردەم قىل» ناملىق شوخ مۇزىكىنغا چالدى. سىكارلېت ئاڭلاپلا ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئويىنىغۇسى، راستىلا ئويىنىغۇسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزلىرى ئالدىدىكى تاختايدا پۇتلىرى پولنى رېتىمغا چۈشۈرۈپ بوش توكۇلدىتاتتى، كۆزلىرى خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا تېخى يېڭىلا كېلىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىر ئەر سىكارلېتنى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرۇۋاتقان تانسا ئوينىيالمىغانلىقىغا بولغان ئۆرتىنىشلىرىنى كۆرۈپ قالدى. سىكارلېتمۇ ئۇنى كۆردى. ئەر ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى، چۈنكى ئۇ

قارشى تەرەپىنىڭ ئۆزىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى بايقىغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىپادىنى ھەر قانداق ئەر كىشى بايقىيالايدۇ.

ئۇ ئۇستىگە قارا سارجىدىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىۋالغان، بويى باشقىلاردىن تۆتلۇك ئېگىز تۇرىدىغان، گەۋدىلىك ئادەم ئىدى، ئەمما بەدىنى تۆۋەنلىگەنسېرى ئورۇق ئىدى، بىلىمۇ شۇنچىلىك ئىنچىكە، پۇتلىرىمۇ كىچىك، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈك بار ئىدى. باشتىن بويى كىيىۋالغان قارا كىيىملىرى، مەيدىسىدىكى كېپىنەك گالستۇكى ئۇنىڭ پۇتۇن تۇرقى ۋە چىرايىغا زادىلا ياراشمىغانىدى. چاچلىرى قاپقارا پارقىراپ تۇرلتتى، ئىككى تەرىپىدىكى چېكە چاچلىرى چىرايلىق ياسالغان بولۇپ، يېنىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مودا بۇرۇتلىرىغا سىلىشتۇرغاندا بەئەينى چەت ئەللىكتەك كۆرۈنەتتى. پۇتۇن تۇرقىدىن نومۇسنى بىلمەيدىغان شاللاق ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى. كۆرۈنۈشى بەكمۇ ھاكاۋۇر بولۇپ، ئادەمگە ئۇچىغا چىققان تەكەببۇر، ئەدەپسىز ئادەمدەك تەسىر بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ سىكارلېتقا تىكىلىپ تۇرغان قىلىقسىز كۆزلىرىدە يامان بىر نىيەت يوشۇرۇنغاندەك ئالامەت بار ئىدى. ئۇ كۆزلەر تاكى سىكارلېت ئۇنى بايقاپ ئۇنىڭغا نەزىرىنى تىككۈچە شۇ قىلىپتا تۇردى.

سىكارلېت ئۇنى تونۇيدىغاندەك، يۇرىكىنىڭ بىر يېرىدىن بىر سادا چىقىۋاتقاندەك بولدى، لېكىن كىم ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. كىملا بولسۇن، ئۇ بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىغان تۇنجى ئەر ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا خۇشال بىر تەبەسسۇم ھەدىيە قىلدى. ئۇ ئەر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى، سىكارلېتمۇ ئۇنىڭغا جاۋاب ياندۇردى. ئارقىدىن ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئىندىيانلارغا خاس سالماق قەدەم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. سىكارلېت قورقۇپ كېتىپ بىردىنلا ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلگەنىدى.

سىكارلېت خۇددى بېشى ئۇستىدە چاقماق چېقىلغاندەك قاتتىق چۆچۈپ جايىدا مىدىر قىلماي قېتىپلا قالدى. ئۇ ئادەم ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ بۇ تەرەپكە يېقىن كېلىپ قالغانىدى. سىكارلېت ئېسىگە كېلىپ ئارقا تەرەپتىكى پىرەنىكخانىغا كىرىۋالماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلىۋىدى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى پوكەيدىكى بىر مىخ ئىلىۋېلىپ، ھەر قانچە تارتسىمۇ چىقمىدى، ئۇنىڭغىچە ئۇ ئادەم پوكەينىڭ ئالدىغا كېلىپ بولدى.

— توختاڭ! — دېدى ئۇ. ئاندىن ئېگىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى مىختىن ئاجرىتىۋەتتى، — مەن سىزنى مېنى ئۇنتۇپ قالدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ئوخارا خېنىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئەكسىچە سىكارلېتنى خۇش قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئېسىلزادىلەرگە خاس يېقىملىق، جاراڭلىق، چارلېستون-لۇقلارنىڭكىدەك تەمكىن، ئىللىق ئاۋاز ئىدى.

سىكارلېت ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قاراپ قويدى، ئۆتكەن قېتىمقى ئىش ئېسىگە كېلىپ ۋىللىدە قىزاردى، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان قاپقارا ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئويناپ تۇرۇۋاتقان نۇرلۇق كۆزلەرگە قادىلىپ قالدى. دۇنيادا شۇنچە كۆپ ئەرلەر تۇرسا نېمىدەپ قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالىدۇ؟ بۇ قورقۇنچلۇق ئادەم ئۆتكەندە ئۆزى ئاشلېي بىلەن ئوينىغان، ھازىر ئويلىسىمۇ بەدىنى تىكەنلىشىدىغان ھېلىقى ئويۇننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەسمۇ؟ نارەسىدە قىزنى ئاياغ ئاستى قىلغان بۇ نومۇسسىز ئادەمنى كىشىلەر ھېچقانداق يەرگە چاقىرىشمايتتىغۇ؟ ئۇ تېخى خۇددى ئىشەنچى باردەك سىكارلېتنى، سىز يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ قىز ئەمەس، دەپ ھاقارەتلىگەن.

مېلانىيە ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. سىكارلېت شۇندىلا مېلانىيەنىڭ يېنىدا ئىككىلىكىگە تۇنجى قېتىم شۇكۇر - سانا ئېيتتى.

— ھۆي، بۇ ... رېت باتلېر ئەپەندىغۇ؟ — مېلانىيە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ قولىنى ئۇنىڭغا بەردى، — مەن سىزنى كۆرگەن ...

— سىلەرنىڭ توي قىلىدىغانلىقىڭلارنى جاكارلىغان ئاشۇ خۇشاللىق كۈنلەردە، — دېدى باتلېر قوشۇمچە قىلىپ. ئاندىن مېلانىيەنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى، — رەھمەت، مېنى ئۇنتۇپ قالماپسىز.

— چارلېستوندەك شۇنچە ئۇزاق يەردىن بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭىز، باتلېر ئەپەندى؟

— تىجارەت ئۇستىدىكى بىر ئاۋارىچىلىكنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ۋىلكېس خانىم. بۇنىڭدىن كېيىن شەھىرىڭلارغا دائىم كېلىپ تۇرىدىغاندەك قىلىمەن. مالنى توشۇپ كېلىش بىلەن بىللە ئۇنى بۇ يەردە بىر تەرەپ قىلمىسام بولمايدىكەن.

— توشۇپ كېلىش ! — مېلانىيە دەسلەپتە قاپىقىنى تۈرگەندەك بولۇپ ئارقىدىنلا كۈلدى، — بۇ ... بۇ گەپچە، سىز ... بىز دائىم قامال رايونلىرىدىن مال ئۆتكۈزۈپ كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغان، ئەلدە نامى بار كاپىتان باتلېر ئىكەنسىز ـ دە. بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى سىز ئېلىپ كەلگەن كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. سكارلېت، سىز ھاياجانلانمايۋاتامسىز؟ نېمە بولدىڭىز، سۆيۈملۈكۈم؟ بېشىڭىز قېيىۋاتامدۇ؟ چاپسان ئولتۇرۇۋېلىڭ.

سكارلېت ئولتۇرۇۋالدى، نەپەسى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ لىپتىكىمىنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كەتمىگىيدى دەپ ئەنسىرەپمۇ قالدى. ئاھ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش بۇ ! بۇ ئادەم بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىمغۇ. ئۇ ئادەم پوكەيىنىڭ ئۇستىدىكى قارا يەلپۈگۈچنى ئېلىپ سكارلېتنى يەلپۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما چىرايى يەنىلا جىددىي، كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى.

— بۇ يەر بەكمۇ ئىسسىق ئىكەن، — دېدى ئۇ، — ئوخارا خېنىمنىڭ بېشىنىڭ قېيىشىمۇ شۇنىڭدىن. سىزنى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بارسام قانداق؟

— كېرەك ئەمەس، — دېدى سىكارلېت، تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى. مېلانىيە ھەيران قالدى.

— بۇياق ھازىر ئوخارا خېنىم ئەمەس، — دېدى مېلانىيە، — ھازىر خامىلتون خانىم، مېنىڭ يەڭگەم بولىدۇ، — مېلانىيە سىكارلېتقا يېقىملىق قاراپ قويدى. سىكارلېت باتلېرنىڭ دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدىغان قارامتۇل چىرايىدىكى ئىپادىگە قاراپ ھازىرلا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك بولۇپ كەتتى.

— بۇ ئىشنىڭ ئىككى خانىم ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق ئىش بولغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، — دېدى باتلېر سەل - پەل ئېگىلىپ قويۇپ. بۇنداق خۇشامەت گەپلەر ھەرقانداق ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقاتتى، ئەمما سىكارلېت ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ بۇ گەپنى پۈتۈنلەي ئەكسىچە مەنىدە چۈشەندى.

— بۈگۈن ئاخشام ئىككىڭلارنىڭ ئەپەندىلىرىڭىزمۇ بۇ شادىيانە كاتتا سورۇنغا بىللە كەلگەندۇ دەپ ئويلايمەن. ئۇلار بىلەن يەنە بىر قېتىم ئەسرالاشقۇم بار ئىدى.

— مېنىڭ ئېرىم ۋىرگىنىيەدە، — دېدى مېلانىيە بېشىنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — چارلېس ... — ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا تۇتۇلۇپ قالدى.

— ئۇ قوشۇندىكى چاغدا ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن گەپنى تېز - تېز قىلىپ. بۇ ئەبلەخ بۇ يەردىن مەڭگۈ كەتمەمدىغاندۇ؟ مېلانىيە ھەيران بولۇپ سىكارلېتقا قاراپ قالدى. كاپىتان باتلېر ئۆزىنى ئەيىبلىگەندەك تەلەپپۇزدا:

— قەدىرلىك خانىملار، — دېدى، — مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىڭلارنى سورايمەن. مېنىڭ تەسەللىيىمنى قوبۇل قىلغايسىلەر. دۆلەت ئۈچۈن قۇربان بولغان بولسا ئۇ يەنىلا بىزنىڭ قەلبىمىزدە ھايات.

مېلانىيە كۆزلىرىدە ياش، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئەمما سكارلېت غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك ئىچىدە ئۆرتىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. كاپىتان باتلېر بېرىۋاتقان بۇ يېقىملىق تەسەللىنى بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق بىر ئەر كىشى بېرەلەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كىشىگە بېرىدىغان تەسىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتمايتتى، ئەكسىچە ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭ چارلېسنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، مېلانىيە دېگەن دۆت بولسا ئۇنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا چۈشەنمەيۋاتىدۇ. خۇدايىم، ئۇنى ھېچقانداق ئادەم بىلمىسۇن! سكارلېت ھەم تەمتىرىگەن، ھەم قورققان ھالدا ئويلىناتتى. ئۇ ئۆزى بىلگەن ئەھۋاللارنى دەۋېتەرمۇ؟ ئۇ ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى دېمەيدۇمۇ دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئادىمىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم يوق. سكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ جاۋغىيى ئازراق پەسكە ساڭگىلاپ، خۇددى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە تۇراتتى، قولىدىكى يەلپۈگۈچ يەلپۈشتىن توختىمىغانىدى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىكى مەلۇم نەرسىلەر سكارلېتنىڭ روھىغا جەڭ ئېلان قىلىپ تۇراتتى، بۇ سكارلېتنىڭ يۈرىكىدە يىرگىنىش پەيدا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ئەسلىگە كېلىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قولىدىكى يەلپۈگۈچنى تارتىۋالدى.

— مەن ھېچنېمە بولمىدىم، — دېدى ئۇ قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن، — يەلپۈش ھاجەتسىز، چاچلىرىممۇ چۇۋۇلۇپ كەتتى.

— سكارلېت، قەدىرلىكىم! كاپىتان باتلېر، ئۇنى كەچۈرۈڭ. ئۇ ... ئۇ ... بىچارە چارلېسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىلا ئۆزىنى تۇتالماي قالىدۇ. بەلكىم، بۈگۈن ئاخشام بۇ يەرگە كەلمەسلىكىمىز كېرەك بولغىيدى. تېخى بۈگۈن ئەتىگەنلا خاتىرجەم تۇرۇۋاتاتتۇق، مانا قاراڭ، كېيىن مانا مۇشۇنداق

جىددىيلىشىپ كەتتۇق ... بۇ مۇزىكا، بۇ قىزغىن كەيپىيات ... بىچارە !

— مەن چۈشىنىمەن، — دېدى باتلېر تەلەپپۇزىغا تەستە جىددىي تۈس بېرىپ. لېكىن، مېلانىيەنىڭ ئۇماق ۋە قايغۇلۇق چىرايىغا قاراۋېتىپ، ئۇنىڭدىن بىر نېمىنى سەزگەندەك دەررۇ چىرايىنى ئۆزگەرتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قارا چىرايىدا مەجبۇرىي ھۆرمەت ۋە مۇلايىملىق ئەكس ئەتتى، — سىزنىڭ غەيرەتلىك خانىم ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، ۋىلكېس خانىم.

«مەن توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ قويمايدا !» سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن ئويلىدى. مېلانىيە سەل تېڭىرقىغاندەك كۈلۈپ قويدى، ئاندىن:

— ھە، ئۇنداق دېمەڭ، كاپىتان باتلېر، دوختۇرخانىلار كومىتېتى بىزگە مۇشۇ پوكەيدە تۇرۇپ بېرىشنى تاپشۇرغان. چۈنكى، ئويۇن قويۇلۇشتىن ئىلگىرىكى بىر مىنۇتتا... ياستۇق قېپى ئالامسىلەر؟ بۇ بەك ئوبدان، ئۈستىدە بايراقنىڭ سۈرىتى بار.

مېلانىيە ئىتتىك بۇرۇلۇپ پوكەيگە كەلگەن ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرگە قارىدى، بىر دەقىقە خىيالىدا، كاپىتان باتلېر نېمىدېگەن ياخشى ئادەم، دەپ ئويلاپ قالدى. ئارقىدىنلا پوكەينىڭ سىرتىدىكى تۇكۇرۇك قاچا بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئارىلىقىدا توسۇپ تۇرغۇدەك بىر نەرسە بولسا بوپتىكەن دەپ خىيالى شۇنىڭغا يۆتكەلدى. چۈنكى، ئۇ ئۈچ ئەسكەر ھەدەپ تۇكۇرۇك قاچىسىغا تۇكۇرۇۋاتاتتى. ئەمما تۇكۇرۇكلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشۈرەلمەيۋاتقاچقا، مېلانىيە كۆڭلىكىگە تۇكۇرۇك چاچراپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ قالدى. ئارقىدىنلا پوكەيگە بىرمۇنچە خېرىدار كېلىپ، مېلانىيە باتلېرنى، سىكارلېتنى ۋە تۇكۇرۇك قاچىسىنى ئۇنتۇپ قالدى.

سىكارلېت زوۋان سۇرمەي ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەيتتى، كاپىتان باتلېرنىڭ چاپسانراق

پاراخوتىغا قايتىپ كېتىشىنى خۇدادىن تىلەيتتى.
— ئېرىڭىزنىڭ قازا قىلغىنىغا خېلى بولدىمۇ؟
— ھەئە، شۇنداق، بىر يىل بولاي دېدى.
— بىر يىل مىڭ يىلدەك بىلىنگەندۇ، سىزگە.
سكارلېت ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىنىدەككە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، زۇۋان سۈرمىدى.
— توي قىلغىنىڭلارغا قانچىلىك بولغان؟ مېنىڭ سىزگە بۇنداق سوئال قويۇشۇمنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭ بۇ يەرلەردىن كەتكىنىمگە ئۇزاق بولدى.
— ئىككى ئاي بولغان، — جاۋاب بەردى سكارلېت خالار - خالىماي.
— پاجىئە، سېپى ئۆزىدىن پاجىئە بوپتۇ، — دېدى باتلېر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا.
ھۇ ئۆلگۈر! سكارلېتنىڭ غەزىپى تاشتى. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئاچچىقىمدا ئۇنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىراتتىم. لېكىن، ئۇ ئاشلېي بىلەن بولغان ھېلىقى ئىشلارنى، مېنىڭ چارلىزنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىدۇ، شۇڭا تىلىم تۇتۇق - دە. ئۇ ھېلىغىچە يەلپۈگۈچتىن كۆزىنى ئالماي زۇۋانسىز جىمجىت ئولتۇراتتى.
— بۇ گەپچە، بۇنداق سورۇنلارغا كېلىشىڭىز تۇنجى قېتىم ئوخشىمامدۇ؟
— بۇ يەرگە كېلىشىمىزنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، — دېدى سكارلېت ئالدىراپ چۈشەندۈرۈپ، — بۇ يەردە ئەسلىدە تۇرىدىغان مىكلور ئائىلىسىنىڭ قىزلىرى ۋىرگىنىيەگە كېتىپ قېلىپ، تۇرىدىغان ئادەم يوق، مېلانىيە ئىككىمىز ...
— ئىزم ئۇچۇن ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كېچىش كېرەكقۇ. بۇ ئېلىسىن خانىمنىڭ گېپى ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئۇنىڭ ئاغزىدىن

باشقىچە چىقىۋاتىدۇ. سىكارلېتنىڭ ئۆتكۈدەك بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلغۇسى كەلدى ـ يۇ، لېكىن دېمەكچى بولغىنىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بىرەر ئىزىم ئۈچۈن ئەمەس، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەنلىكتىن ئىدى.

— مەن ئويلايمەن، — دېدى باتلېر ئويلىنىپ تۇرۇپ، — قارىلىق كىيىپ يۈرۈش تۈزۈمى ئاياللاردىن قارا كىيىملەر بىلەن قالغان ئۆمرىنى ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تۈزۈممۇ ھىندىستانلىق تۇل خوتۇنلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېلىشلىرى بىلەن ئوخشاش ۋەھشىي ئىش.

— كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېلىش؟

باتلېر كۈلۈپ قويدى، چۈنكى سىكارلېت ئۇ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزى چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەملەرنى ئۆچ كۆرەتتى.

— ھىندىستاندا ئەرلەر ئۆلسە كۆممەي كۆيدۈرىدۇ. خوتۇنلىرىمۇ ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئېرى بىلەن بىللە كۆيۈپ ئۆلىدۇ.

— نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! ئۇلار نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ ساقچىلارنىڭ كارى بولمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە كارى بولمايدۇ. ئۇ يەردە ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋالمىغان خوتۇنلارنى جەمئىيەت قوينىغا ئالمايدۇ. ئېسىلزادە خېنىملار ئۇلارنى تەربىيە كۆرمىگەن دەپ كەينىدىن غۇلغۇلا قىلىشىدۇ. سىزمۇ ھازىر قىزىل كۆڭلەك كىيىپ شوتلاندىيە ئۇسسۇلىنى ئوينايدىغان بولسىڭىز، بۇ يەردىكى خوتۇنلارمۇ جەزمەن سىزنىڭ غەيۋىتىڭىزنى قىلىشىدۇ، بۇمۇ شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىش. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۇ ئادىتى بىزنىڭ جەنۇبتىكى تۇل ئاياللارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن كۆپ ياخشى.

— سىز مېنى تىرىك كۆمۈلگەن دېيىشكە قانداق پېتىنىۋاتىسىز؟

— ئايال كىشى دېگەن ئۆزىنى باغلىغان زەنجىرگە مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان خەق. سىز ھىندىستاننىڭ ئۇ ئادىتىنى ۋەھشىي دېدىڭىز، لېكىن ئويلاپ بېقىڭ، جەنۇب ھۆكۈمىتىنىڭ ئىپتىياجى چۈشمىگەن بولسا سىز بۇگۈن ئاخشام بۇ يەرگە كېلەلەيتتىڭىزمۇ؟

بۇنداق مۇنازىرىلەردىن سىكارلېت دائىم گاڭگىراپ قالاتتى، باتلېرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ گاڭگىراپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدىمۇ شۇنداقراق بىر گۇڭگا قاراش بار بولۇپ، ئۇنى ئۇ ئۆزىچە توغرا دەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ ھازىر باتلېرنى بېسىپ چۈشۈش كېرەك.

— ئەلۋەتتە، كېلەلمەيتتىم. ئۇنداق قىلسام، ھىم ... نامىمغا ياخشى بولمايدۇ ... خۇددى چارلېسنى ياخشى كۆرمەي ...

باتلېر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتتى، كۆزلىرىدە بولسا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك ئىپادە ئويناپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ سىكارلېت گېپىدىن توختىۋالدى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭ چارلېسنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى ھەم ئۆزىنىڭ تەكەللۇپ ۋە قىزىقىشلىرىدىن پايدىلىنىپ سىكارلېتنىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى باشقىچە چۈشەندۈرۈشكە يول قويمايتتى. ئېسىلزادىلەرگە مەنسۇپ بولمىغان بۇنداق ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ـ ھە ! ئېسىلزادە ئادەم ئايال كىشىنىڭ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئىشەنگەندەك ئىپادىدە تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. مانا بۇ جەنۇبلۇق چەۋەندازلارغا خاس خىسلەت. ئۇنداق ئادەملەر گەپ قىلغاندا قائىدىلىك گەپ قىلىدۇ، گەپلىرى بىلەن ئاياللارنى خۇش قىلالايدۇ. لېكىن، بۇ ئادەم ئۇنداق قائىدىلەرنى نەزىرىگە ئالمايدىغان، ھېچكىم ئېغىزغا ئالمىغان گەپلەرنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ.

— مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىغا تەقەززا

بولۇۋاتىمەن.
— سىز كىشىنى بەكمۇ بىزار قىلىدىغان ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى سىكارلېت ئاخىر بولالماي.
باتلېر پوكەيدىن بېلىگىچە ئارتىلىپ ئاغزىنى سىكارلېتنىڭ قۇلىقىغا يېقىن دېگۈدەك ئەكەلدى، ئاندىن ئافېنانىڭ سەھنىلىرىدىكى قىزىقچىلارغا ئوخشاش قىياپەتتە بوش ئاۋاز بىلەن:
— قورقماڭ، ئوبدان خېنىم، سىزنىڭ سىرىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈمدە مەڭگۈ بىخەتەر ساقلىنىدۇ.
— ھىم، — دېدى سىكارلېت تەلۋىلەرچە قىزغىنلىق بىلەن بوش ئاۋازدا، — نېمىشقا بۇنداق گەپلەرنى دەيسىز؟
— سىزنى خاتىرجەم بولسۇن دېدىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇق سىزگە نېمە دېيىشىم كېرەك. «مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنۈڭ، گۈزىلىم، بولمىسا سىرىڭىزنى يېيىۋېتىمەن» دېسەم بولامتى؟
سىكارلېت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىئىختىيار قاراپ، ئۇ كۆزلەردىن كەپسىز بالىنىڭ ئادەم ئەخمەق قىلىۋاتقىنىدەك بىر خىل ئىپادە كۆردى ـ دە، پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. بۇ كۆرۈنۈش بەكمۇ كۈلكىلىك ئىدى. باتلېرمۇ كۈلۈپ كەتتى، كۈلگەندىمۇ قاتتىق كۈلدى، ئۇ تەرەپلەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇلار تەرەپكە قارىشىپ قويدى ۋە چارلېس خامىلتوننىڭ تۇل قالغان خوتۇنىنىڭ ناتونۇش بىر ئادەم بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەررۇلا كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى.
دوختۇر مادي سەھنىگە چىقىپ ئىككى قولى بىلەن كۆپچىلىكنى تىنچىشقا ئىشارە قىلدى.
— بۈگۈن بىز، — نۇتقىنى باشلىدى ئۇ، — بۇ يەردىكى ساھىبجامال خېنىملارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلار ھېرىپ ـ چارچاشلىرىغا قارىماي، بۈگۈنكى بۇ ئىئانە پائالىيىتىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ بۇ ئاددىي زالىمىزنى گۈزەل بىر باغچىغا، ئەتىر گۈللۈك

بىر باغقا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

كۆپچىلىك گۇلدۇراس ئالقىش ياڭراتتى.

— خانىملار ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى بىلەنلا ئەمەس، بىر جۈپ قوللىرى بىلەنمۇ مۆجىزە ياراتتى. قاراڭلار، پوكەيلەردىكى نەپىس ماللارغا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ جەلپكار جەنۇب ئاياللىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن يارىتىلغان نەرسىلەر.

يەنە بىر قېتىم تەنتەنە كۆتۈرۈلدى. سكارلېتنىڭ ئالدىدىكى پوكەيگە يۆلىنىپ تۇرغان باتلېر بوش ئاۋازدا:

— بۇ ئادەم بەئەينى ئۆچكىنىڭ ئۆزى. سىزچىمۇ شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

سكارلېت ئۇنىڭ بۇ گېپىگە دەسلەپتە ھەيران قالدى. پۈتۈن ئاتلانتا بويىچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئادەمگە نېمە ئۈچۈن بۇنچە ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن ھومىيىپ قويدى. كېيىن دوختۇرنىڭ توختىماي لىكىلداپ تۇرغان ساقىلىغا قاراپ، قارىغانسېرى راستىلا ئۆچكىگە ئوخشىتىپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ مېھرىبان، يۇمشاق قوللىرى بىلەن نۇرغۇن يارىدارلىرىمىزنىڭ يۈرىكىنى ئۇۋۇلاپ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ يارىلانغان بۇ باتۇرلىرىمىزنى ئۆلۈم ئاغزىدىن ياندۇرۇپ كەلدى. ئۇلار يەنە بىزنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندى. بۇ يەردە مەن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرلەپ تىلغا ئالمايمەن. بىز نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئەنگلىيەدىن دورا سېتىۋېلىشىمىز كېرەك. بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يىغىلىشىمىزغا باتۇر بىر كاپىتان قاتناشتى. ئۇ قامال لىنىيەسىدە بىر يىلدەك ھەرىكەت قىلىپ بىزگە نۇرغۇن دورا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ھازىرمۇ يەنە شۇ ئىش بىلەن بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ كاپىتان رېت باتلېر !

باتلېر ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى

سكارلېتنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققانىدى، شۇڭا ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئارتۇقچە تەكەللۇپ بىلەن ئېگىلىپ كېتىشى بۇ يەردە ئولتۇرغان ئادەملەرنى مەنسىتمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. شۇ ئارىلىقتا پۈتۈن زال ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە قىلىنغان تەنتەنە ساداسى بىلەن توشتى. بۇلۇڭلاردا ئولتۇرۇشقان خېنىملارمۇ بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ ئۇنىڭغا قاراشتى: ھە، مەرھۇم چارلېس خامىلتوننىڭ تۇل قالغان خوتۇنى كۆزىگە كىرىۋالغان ئاشۇ ئادەم ئىكەن ـ دە. بىچارە چارلېسنىڭ ئۆلگىنىگە تېخى بىر يىل بولمىغانىدى.

— بىزگە تېخىمۇ كۆپ ئالتۇن كېرەك. مېنىڭ ھەر قايسىڭلاردىن تەلىپىم، — دوختۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەرمۇ ئازراق قۇربان بېرىڭلار، سىلەرنىڭ بەرگىنىڭلار ئالدىنقى سەپتە قان كېچىپ كۈرەش قىلىۋاتقان سۇر كىيىملىك باتۇرلىرىمىزنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. خانىملار، ماڭا سىلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىڭلار كېرەك. ئۇلارنى مەن ئالىمەنمۇ؟ ياق! ئۇ نەرسىلەر بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزگە كېرەك، ھۆكۈمەت سىلەرگە شۇنداق چاقىرىق چىقاردى. مەن بۇ تەلەپنى رەت قىلىدىغانلارنىڭ چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇلالىنىپ تۇرغان قىممەت باھا تاشلار چىرايلىق بىلەكلەردە پارقىراپ تۇرسا نېمىدېگەن ئوبدان. لېكىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربان ئۇ تاشلاردىنمۇ نەچچە باراۋەر گۈزەلدۇر. ئالتۇنلارنى ئېرىتىپ، گۆھەرلەرنى سېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋالىمىز. خانىملار، ھازىر بىزنىڭ ئىككى نەپەر قەھرىمان ياردار جەڭچىمىز سىۋەت كۆتۈرۈپ ئالدىڭلارغا بارىدۇ ... — ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى گۈلدۈراس ئالقىش ۋە تەنتەنە سادالىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى.

سكارلېت تۇنجى قېتىم ئۈستىدىكى قارىلىق كىيىملىرى ئۈچۈن خۇش بولدى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭ مومىسىدىن قالغان

ئالتۇن ھالقىسى بىلەن ئالتۇن زەنجىرىنى، چۆرىسىگە قارا ياقۇت قويۇلغان ئالتۇن بىلەزۈكىنى ۋە ئانارگۈل شەكلىدە ياسالغان ئالتۇن بولاپكىسىنى ساقلاپ قالغانىدى. سىكارلېت ئىككى ئەسكەرنىڭ بىر سېۋەتنى ساق قولىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، قېرى ـ ياش خانىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈشۈپ تۇرۇپ قوللىرىدىكى بىلەزۈكلىرىنى سۇغۇرۇپ بېرىشىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئېچىنغاندەك قىياپەتتە قولاقلىرىدىكى ھالقىلىرىنى چىقىرىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بىر ـ بىرىنىڭ بويۇنلىرىدىكى زەنجىرلەرنى يېشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئالتۇن جابدۇقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى، «توختاپ تۇرۇڭ، مانا ھازىرلا ئېلىپ بېرىمەن» دېگەن ئاۋازلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ھەر بىر تال ئالتۇن جابدۇق سېۋەتكە چۈشكەندە بىر قېتىم تەنتەنە باشلىناتتى.

ئەمدى ئۇ ئىككى ئەسكەر ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن ئېغىرلىشىپ كەتكەن سېۋەتنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە كەلدى. باتلېرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، باتلېر ئالتۇن تاماكا قۇتىسىنى ئادەتتىكى بىر تۆمۈر قۇتىدەك سېۋەتكە تاشلىدى. سېۋەت سىكارلېتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سىكارلېت ئىككى قولىنى يېيىپ ھېچنېمە بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پۈتۈن زالدا ھېچقانداق نەرسە بېرەلمىگەن ئادەم پەقەت سىكارلېتلا بولۇپ قالدى. بۇ نېمىدېگەن ئوڭايسىزلىق! شۇ ئارىلىقتا كۆزى ئۆزىنىڭ قولىدىكى تويلۇق ئۈزۈككە چۈشۈپ قالدى.

سىكارلېت بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، چارلېسنىڭ بۇ ئۈزۈكنى قولىغا تاقاپ قويغان چاغدىكى چىرايى يادىغا كەچتى. لېكىن، ئۇ چىراي گۇڭگا ئىدى، ھەر قېتىم يادىغا كەچكەندە قوزغالغان ئاچچىقى ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئەنە شۇنداق خۇنۇك، گۇڭگا قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۆمرىنى نابۇت قىلغان، ئۇنى قېرى مومايغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئادەم دەل ئاشۇ ئەمەسمۇ.

ئۇ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلەپ ئۈزۈكنى قولىدىن تارتتى، لېكىن

بەكمۇ چىڭىپ كەتكەن بولغاچقا قولىدىن زادىلا چىقىرالمىدى، ئاخىرىچە ئۇ ئەسكەر مېلانىيەنىڭ ئالدىغا كەتتى.
— تۇرۇپ تۇرۇڭ ! — توۋلىدى سىكارلېت، — مېنىڭمۇ بېرىدىغان نەرسەم بار، — ئۈزۈك ئاخىر چىقتى. سېۋەت ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن سائەت، بىلەزۈك دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. سىكارلېت ئۈزۈكنى سېۋەتكە تاشلىماقچى بولۇۋاتقاندا كۆزلىرى باتلېرنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. باتلېرنىڭ كۆزلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنى كۆرۈپ خۇددى ئۇنىڭ شۇ كۈلكىسى بىلەن قارشىلاشقاندەك ئۈزۈكنى سېۋەتكە تاشلىۋەتتى.
— ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى مېلانىيە سىكارلېتنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇھەببەت ۋە ئىپتىخارلىق پارلاپ تۇراتتى، — نېمىدېگەن باتۇر قىز سىز ! توختاپ تۇرۇڭ ...
مېلانىيە قولىدىكى تويلۇق ئۈزۈكنى چىقاردى، بۇ ئۈزۈكنى سىكارلېت بىلەتتى، ئاشلېي بىلەن توي قىلغاندىن بېرى مېلانىيەنىڭ قولىدىن ئايرىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۈزۈكنىڭ مېلانىيە ئۇچۇن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى بىر سىكارلېتقا مەلۇم ئىدى. ئۈزۈك مېلانىيەنىڭ بارمىقىدىن ناھايىتى تەستە چىقىپ، قولىدا بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سېۋەتكە تاشلاندى. ئىككى ياش ئايال قېرى ئاياللار تەرەپكە كېتىۋاتقان ئۇ ئەسكەرنى كۆزلىرى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. سىكارلېت قەيسەر قىياپەتتە، مېلانىيە بولسا ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالەتتە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالەتلىرى بىر ياندا تۇرغان باتلېرنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.
— ئەگەر سىز جۇرئەتلىك بىلەن شۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز، مەن ھەرگىزمۇ ئۈزۈكنى قولۇمدىن چىقىرالمايتتىم، — دېدى مېلانىيە سىكارلېتنى مېھرى بىلەن ئۆزىگە چىڭ تارتىپ تۇرۇپ. سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ: «بۇنى

خۇدا بىلىدۇ» دەپ، خۇددى دادىسىغا ئوخشاش پۈتۈن ئاچچىقى بىلەن ۋاقىرىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، شۇ ئارىلىقتا باتلېر ئەپەندىگە كۆزى چۈشۈپ، چىرايىغا دەررۇ ئاچچىق بىر كۈلكە يۈگۈرتتى. مېلانىيە دائىم ئۇنىڭ ئىشلىرىنى خاتا چۈشىنىۋالاتتى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولۇپ سكارلېتنىڭ ئوغىسى قاينىدى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى بىلىپ قالغىنىدىن ياخشىراق ئىدى.

— نېمىدېگەن ئېسىل پەزىلەت بۇ، — دېدى رېت باتلېر مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — سىلەرنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىڭلار ئارمىيەمىزدىكى باتۇر ئەزىمەتلىرىمىزگە ئاجايىپ زور ئىلھام بولىدۇ.

سكارلېت ئۇنىڭ تازا بىر دەككىسىنى بېرىپ قويۇشنى ئويلىدى - يۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە مەسخىرە ئارىلاشقانىدى. شۇڭا، سكارلېت ئېرىنچەكلىك بىلەن پوكەيگە يېرىم يۆلىنىپ تۇرغان بۇ مۇتتەھەمگە ئىچ - ئىچىدىن غەزىپى كەلدى. لېكىن، قانداقلا بولسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە قىزغىن، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئادەمگە تەسىر قىلىدىغان، بەئەينى توك ئېقىمىغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ھۆكۈم سۈرەتتى. سكارلېت يۈرىكىدىكى ئىرىلاندىيەلىكلەرگە خاس جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى ياندۇرماقچى، جاسارىتىنى سۇندۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. باتلېر ئۇنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇستۇنلۇكتە ئىدى. شۇڭا، سكارلېت بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى پەگاھغا چۈشۈرۈپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ شۇ زۆرۈرىيەت ئۈچۈن كۆز قارىشىنى ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزىنى زورىغا باستى. نېگىر ئانىسى دېگەندەك، تاتلىق ئاچچىققا قارىغاندا چىۋىننى كۆپرەك تۇتىدۇ، سكارلېت بولسا كۆز ئالدىدىكى بۇ چىۋىننى تۇتۇۋېلىپ ۋە بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىگە ئىككىنچى يېقىن كەلمەيدىغان قىلىۋېتىشى كېرەك.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەندەك يۇمشاق ئاھاڭدا، — كاپىتان باتلېردەك داڭلىق ئادەمنىڭ ماختاشلىرىغا سازاۋەر بولۇش مەن ئۈچۈن شەرەپ.

باتلېر ئۇنىڭغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ كۈلكە سكارلېتنىڭ قۇلىقىغا خۇددى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىدەك ئاڭلىنىپ، نومۇس قىلغىنىدىن قىزىرىپ كەتتى.

— كۆڭلىڭىزدىمۇ شۇنداق ئويلىغانسىزمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك پەس ئىدىكى، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدا پەقەت سكارلېتلا ئاڭلىيالايتتى، — نېمىشقا مېنى، سىز ئېپسىلزادە ئەمەس بىر لۈكچەك، ياخشىلىقچە بۇ يەردىن كېتىڭ، بولمىسا ئەسكەرلەرنى چاقىرىپ سىزنى بۇ يەردىن قوغلىتىۋېتىمەن، دېمەيسىز؟

سكارلېت زەردە بىلەن گەپ قىلماقچى بولدى، لېكىن يەنە دېمەكچى بولغىنىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ باشقىچە ئاھاڭدا دېدى:

— نېمە بولدى، كاپىتان! نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسىز! خۇددى سىزنىڭ داڭلىق، باتۇر شەخس ئىكەنلىكىڭىزنى ھېچكىم بىلمەيدىغاندەك گەپلەرنى قىلىسىزغۇ ...

— مېنىڭ سىزدىن راستلا كۆڭلۈم قالدى، — دېدى ئۇ.

— كۆڭلۈم قالدى؟

— شۇنداق، تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چېغىمىزدا، ھەر نېمە بولسا چىرايلىق ھەم غەيرەتلىك بىر قىز بىلەن تونۇشتۇم دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمدى بىلدىمكى، سىز پەقەت چىرايلىقلا قىز ئىكەنسىز.

— سىز مېنى توخۇ يۈرەك دېمەكچىمۇ؟

— دەل شۇنداق. سىز كۆڭلىڭىزدىكى گەپنى يۈرەكلىك ئېيتالمايۋاتىسىز. دەسلەپتە كۆرۈشكەندە بۇنداق قىزلار مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرسى چىقىدۇ، بۇ قىز باشقا دۆت قىزلارغا ئوخشاش ئاپىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان، ئۆزىنىڭ ئۇمىد ۋە ھېسسىياتلىرىنى، كۆڭۈل رەنجىشلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلى

بىلەن كارى يوق، چىرايلىق گەپلەر بىلەن يوشۇرىدىغان ئۇ خىلدىكى قىزلارغا ئوخشىمايدىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم. شۇ چاغدا سىز ماڭا ئائىلەڭىزدە بىر خىل روھقا ئىگە، ئۆزىگە نېمە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشتىن قورقمايدىغان ياكى لوڭقا چېقىشتىنمۇ يانمايدىغان قىز دەك كۆرۈنگەنىدىڭىز.

— ئەمىسە هازىر سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق ئېيتاي، — دېدى سىكارلېت غەزىپى ئىچىگە پاتماي، — ئەگەر سىز ئازراق بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن ئادەم بولسىڭىز، بۇ يەرگە ئەمدى ئىككىنچى كەلمەڭ، ماڭا گەپ قىلغۇچى بولماڭ. سىز مېنىڭ ئۆزىڭىزنى ئاللىبۇرۇنلا نەزىرىمگە ئىلمىغانلىقىمنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. سىز ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان، تەربىيە كۆرمىگەن بىر نېمە ئىكەنسىز. ئۆزىڭىزچە ئاشۇ بىرنەچچە ئەسكى كېمەم بىلەن شىمالىلىقلارنىڭ قامالىلىرىدىن ئامان ئۆتۈپ، بۇ يەردىكى ئىزىم ئۇچۇن بارلىقىنى بېغىشلاۋاتقان باتۇر ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى ئەخمەق قىلىشقا ھەقلىقمەن دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز.

— بولدى، بولدى ! — دېدى باتلېر ھىجايغان ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، — دەسلەپكى گەپلىرىڭىز يامان ئەمەس بولغان، كۆڭلىڭىزدىكىنى دېگەن، كېيىنكى ئىزىم توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىڭىز بولمىدى، ئۇ گەپلەرنى مېنىڭ ئاڭلىغۇم كەلمەيدۇ، ياخشىمۇ كۆرمەيمەن. بەسلىشىمەنكى، سىزمۇ ...

— نېمە، سىز قانداق بىلىسىز ... — ئۇ دەررۇلا ئۆزىنىڭ گەپتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ كولىغان ئورىسىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ قاتتىق ئۆكۈندى.

— سىز مېنى بايقاشتىن خېلى بۇرۇنلا مەن ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ سىزنى كۆزەتكەن، — دېدى ئۇ، — باشقا قىزلارنىمۇ كۆزەتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايى خۇددى بىر قېلىپتىن

چىققاندەك ئوخشاش، پەقەت سىزنىڭلا ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. سىزنىڭ چىراي ئىپادىڭىزنى چۈشىنىش ئاسان. سىز كۆڭلىڭىزنى ئالدىڭىزدىكى ئىشىڭىزغا بەرمىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، سىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ياكى دوختۇرخانىلارنىڭ ئىشلىرىنى ئويلىمىدىڭىز، ئويلىغىنىڭىز تانىسا، قانغۇچە ئوينىۋېلىش. لېكىن، ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، شۇڭا سىز ئۆزىڭىزنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىۋاتىسىز. راستىڭىزنى ئېيتىڭا، مېنىڭ دېگەنلىرىم خاتامۇ؟

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق، كاپىتان باتلېر، — سكارلېت بايىقى گېپى بىلەن چۈشۈپ كەتكەن يۈزىنى قايتا تىكلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ سۆزلىدى، — قامال لىنىيەسىدىن ئامان ئۆتەلەيدىغان «ئۇلۇغ قارام شەخس»لىك سالاھىيىتىڭىز بىلەنلا ئاياللارنى ھاقارەتلەشكە ھەققىڭىز يوق.

— ئۇلۇغ قارام شەخس! بۇ بىر كۈلكىلىك گەپ بولدى. سىزدىن تەلەپىم، ماڭا قىممەتلىك ۋاقتىڭىزدىن يەنە ئازراق بەرسىڭىز، ئاندىن بۇ يەردىن كەتسەممۇ رازىمەن. مەن بىزنىڭ كىچىك بىر ئوماق ۋەتەنپەرۋەرىمىزنىڭ ماڭا ئوخشاش ئىتتىپاقىمىزنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بىر ئادەم توغرۇلۇق ئاشۇنداق يۈزە تونۇشقا كېلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

— مەن سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزگە قىزىقىپمۇ كەتمەيمەن.

— قامال رايونىدىن مەن تىجارەت ئۈچۈن كىرىپ - چىقىپ تۇرىمەن، ئارىدىن نۇرغۇن پايدىمۇ ئالدىم. پايدا بولمايدىكەن، ئۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. سىزچە، بۇ ئىشىم قانداق؟

— مېنىڭچە، سىز پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىدىغان بىر لۈكچەك، شىماللىق ئالۋاستىلاردىن ھېچبىر پەرقىڭىز يوق.

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز، — باتلېر ھىجىيىپ قويۇپ دېدى، — پۇل تېپىشىمغا شىماللىق ئالۋاستىلارمۇ ياردەم بېرىۋاتىدۇ تېخى. ئۆتكەن ئايدا كېمەمنى نيۇيورك پورتىغا ئۇدۇل ھەيدەپ بېرىپ شۇ يەردىن مال باستىم.

— نېمە! — سىكارلېت تووۋلاپ كەتتى، ئۇنىڭ گېپىگە ئىختىيارسىز قىزىقىپ قاتتىق ھاياجانلاندى، — ئۇلار سىزنى قوغلاپ چىقارمىدىمۇ؟

— سىز تېخى سەبىي بالا - دە! ئۇلار مېنى قوغلىمايدۇ. ئۇ يەردىمۇ بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز بار، جەنۇبقا مال سېتىپ پۇل تېپىشقا قارشى ئەمەس. مەن كېمەمنى نيۇيوركقا پورتىغا ھەيدەپ كىرىپ شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ شىركەتلىرىدىن مال سېتىۋالىمەن، بۇ ئەلۋەتتە مەخپىي ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاندىن كېمەمنى ھەيدەپ بۇياققا كېلىمەن. ئەگەر سەل خەتەرلىكرەك بولۇپ قالسا نىشاننى ئۆزگەرتىپ ناسسوغا بارىمەن. ئۇ يەردىمۇ بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز ئوق - دورىلارنى، مىلتىقلارنى، چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى تەييارلاپ قويىدۇ. بۇ ئەنگلىيەگە بارغاندىن كۆپ قولايلىق. بەزىدە ئۇ نەرسىلەرنى چارلېستونغا ياكى ۋىلمىنتونغا ئاپىرىمەن، ئۇ يەرلەرگە ئاپىرىش بىرئازمۇ قىيىنغا توختىمايدۇ. ئەمما، سىز بەزىدە كىچىككىنە بىر پارچە ئالتۇننىڭ رولىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمايسىز.

— ھىم، مەن شىماللىق ئالۋاستىلارنى ئىنتايىن ئەسكى دەپ ئاڭلىغان، ئەمما ...

— شىماللىق ئالۋاستىلار قوشما ئىشتاتنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىپ ئازراق پۇل تاپسا بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ بۇنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق. ئۇلار جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ھامان مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا بالدۇرراق پۇل تېپىۋالسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— مەغلۇپ بولىدۇ؟ ... بىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— بۇ يەردىن تېزرەك كېتىڭ. پەيتون چاقىرىپ ئۆيگە كەتسەم ئاندىن سىزدىن قۇتۇلامدىمەن يا؟

— قاراڭ، سىز خائىننى! — دېدى باتلېر يەنە كۈلۈپ

كېتىپ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ـ دە، سىكارلېتنى ئاچچىقىدا ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەن ھالەتتە قالدۇرۇپ، لەلەڭشىپ ماڭغان پېتى نېرىغا كەتتى. سىكارلېت چۈشىنىپ بولالمايدىغان بىر خىل ئۈمىدسىزلىك، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يوققا چىققان كىچىك بالىدەك ئەلەملىك خىياللار بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئادەم نېمىشقا قامال رايونلىرىدا يۈرگەن ئادەملەرنى شۇنچىلىك ماختاپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن جەنۇب ئىتتىپاقىنى يىمىرىلىپ كېتىدۇ دېيىشكە جۈرئەت قىلالىدى؟ مۇشۇ گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى خائىن دەپ ئېتىپ تاشلاش كېرەك. ئۇ زالنىڭ ئىچىدىكى تونۇش چىرايلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قىلىدىغانلىقلىرىغا ئىشەنچ قىلغان باتۇرلار ۋە ساداقەتمەن چىرايلار. لېكىن، نېمىشقىدۇر سىكارلېتنىڭ يۈرىكى بىردىنلا مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. راستىلا يېڭىلىپ قالارمىزمۇ؟ بۇ ئادەملەر ... ياق، ئۇنداق بولمايدۇ! شۇنداق ئويلاشنىڭ ئۆزى ساداقەتسىزلىك، بولمىغۇر خىيال.

— ئىككىڭلار نېمىلەرنى دېيىشىپ كەتتىڭلار؟ — خېرىدارلار كەتكەندىن كېيىن مېلانىيە سىكارلېتقا يۈزلىنىپ سورىدى، — مېرۋېتېر خانىمنىڭ كۆزلىرى سىلەردىن ئايرىلمايلا قالدى، مەنمۇ خىجىل بولۇپ قالدىم. قەدىرلىكىم، ئۇ ئايالنىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— ئۇ تەربىيە كۆرمىگەن، تولىمۇ ناچار ئادەم ئىكەن، — دېدى سىكارلېت، — مېرۋېتېر خانىم سۆزلىسە سۆزلەۋەرسۇن. ئۇ خانىمنىڭ تەلەپ قىلغىنىدەك بولار ـ بولماس ئادەم بولۇشنى خالىمايمەن.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، سىكارلېت! — مېلانىيە ئاچچىقى كېلىپ توۋلاپ كەتتى.

— تىنچ، — سىكارلېت ئۇنى جىمىتتى، — دوختۇر مادې يەنە سۆزلىمەكچى.

كۆپچىلىك دوختۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىمجىت قۇلاق سالدى. ئۇ ئالدى بىلەن خانىملارنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى قىلچە ئايانماي ئىئانە قىلغانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتتى.

— ئەمدى ھازىر، ئەپەندىلەر، خانىملار، ھەيران قالغۇدەك يەنە بىر تەكلىپ بەرمەكچىمەن، ھەممىڭلار چۆچۈپ كەتكۈدەك يېڭى بىر تەكلىپ. ئەمما، شۇ نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇمۇ بىزنىڭ دوختۇرخانىلىرىمىز، دوختۇرخانىلىرىمىزدا ياتقان يىگىتلىرىمىز ئۈچۈن.

ھەممە ئادەم ئالدىغا قىستىلىشىپ، چىرايىدىن ھېچنېمە بىلگىلى بولمايدىغان بۇ دوختۇرنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك يەنە قانداق تەكلىپى باردۇ، دەپ ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشتى.

— ئەمدى تانسىمىز باشلىنىدۇ، بىرىنچى نومۇرىمىز، ئەلۋەتتە، ۋىرگىنىيەنىڭ قوش كىشىلىك ئۇسسۇلى، ئارقىدىن ۋالىس، پولكا، شوتلاندىيە ئۇسسۇلى، مازۇركا. بۇ ئۇسسۇل - تانسىلارنى بىز ۋىرگىنىيەنىڭ ئۇسسۇلىدىن باشلايمىز. ۋىرگىنىيەنىڭ قوش كىشىلىك ئۇسسۇلىنى ئويناشتا ئاززاق تالاش - تارتىشنىڭ بولىدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا، — ئۇ پېشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتۈۋېتىپ، بۆلۈك تەرەپكە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇ يەردىكى خانىملارنىڭ ئىچىدە خوتۇنىمۇ بار ئىدى، — ئەپەندىلەر، ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلار خالىغان بىر خانىم بىلەن ۋىرگىنىيە ئۇسسۇلىنى ئويىنىماقچى بولساڭلار، ئۇنى پۇل تۆلەپ تەكلىپ قىلىسىلەر، مەن ساتقۇچى بولىمەن، پۇل دوختۇرخانىنىڭ بولىدۇ.

شۇئان پۇتۇن يەلپۈگۈچلەر يەلپۈشتىن توختاپ، زالنىڭ ئىچىنى پىچىر - پىچىر گەپلەر بىر ئالدى. چوڭ خانىملار ئولتۇرغان بۆلۈك پاتپاراق بولۇپ كەتتى. مادى خانىم ئېرىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوللاشقا ئالدىراپ تۇراتتى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا قارشىمۇ ئىدى، شۇڭا ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئېلسىن

خانىم، مېرۋېتېر خانىم، ۋېمتىن خانىملار ئاچچىقى كېلىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىشكەنىدى، بىر چاغدا خەلق ئەسكەرلىرى تۇرغان تەرەپتىن ئالقىش ياڭراپ كەتتى، ئۇنىڭغا ھەربىي كىيىملەردىكى ئەسكەرلەر ماسلاشتى. ياش قىزلارمۇ قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ خۇشاللىقىدا سەكرەپ كېتىشتى.

— سىز بۇنى ... بۇنى ... قول بازىرىدىكى قول سېتىشقا ئوخشاش دەپ قارىمامسىز؟ — دېدى مېلانىيە بوش پىچىرلاپ، كۆزلىرى دوختۇرغا شۇبھىلىك تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ دوختۇر نۇقسانسىز ئادەم ئەمەسمىدى؟

سىكارلېت ھېچنېمە دېمىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ يۈرىكى ئويناپ كېتىۋاتاتتى. تول خوتۇن بولۇپ قالمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. ئۇ ئىلگىرىكى سىكارلېت ئوخارا بولۇپ، ئالما رەڭ كۆڭلىكىنى كىيگەن، كۆكرىكىدە قېنىق مايسارەڭ لەپىلىمىسى ئۇچۇپ تۇرغان، چاچلىرىغا خۇش پۇراق ئەتىرنى چاپقان ھالەتتە بۇ مەيدانغا كىرىپ كەلگەن بولسا، ۋىرگىنىيەنىڭ قوش كىشىلىك ئۇسسۇلىنى چوقۇم ئۆزى ئوينايتتى ـ دە. شۇنداق، چوقۇم ئۇ ئوينايتتى. ئۇ چاغدا ئۇن نەچچە يىگىت ئۇنى تالىشىپ پۇللىرىنى دوختۇرنىڭ ئالدىغا تاشلىشاتتى. ئاھ، ئەمدى ئۇ تام ئۇستىدىكى گۈل بولۇپ قالدى، ئۆزىنى بېسىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. فەننى بىلەن مايبېل ئاتلانتانىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرى سانىلىپ، قوش كىشىلىك ئۇسسۇلنى شۇلار ئوينايدىغان بولدى.

شۇ غۇلغۇلىلارنىڭ ئىچىدىن بويى پاكار بىر ئەسكەرنىڭ فىرانسۇز تەلەپپۇزىدا توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مېنىڭ يىگىرمە ئامېرىكا دوللىرى بىلەن مايبېل مېرۋېتېر خانقىزنى تەكلىپ قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر.

مايبېل ۋىللىدە قىزىرىپ ئىتتىك بېشىنى فەننىنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالدى، ئىككىسى باشلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىلىرىگە يوشۇرۇشۇپ ۋىلىقلاپ كۈلۈشەتتى. باشقا يىگىتلەرمۇ

باشقا قىزلارنىڭ ئىسىملىرىنى تۈۋلاشقا باشلىدى، نەرخىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. دوختۇر مادې كولوپ ئاغزىنى يۇمالماي قالغانىدى، بۇلۇڭدا ئولتۇرۇشقان دوختۇرخانا كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىرى بىلەن پەقەتلا كارى بولمىدى.

مېرۋېتېر خانىم بىرىنچى بولۇپ قىزى مايبېلنىڭ بۇنداق پائالىيەتكە قاتنىشالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. لېكىن، مايبېلنىڭ خېرىدارى كۆپىيىپ باھاسى يەتمىش دوللارغا چىققاندا ئۇنىڭ قارشىلىقىمۇ سۇسلىشىپ كەتتى. سىكارلېت پوكەيدە قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ، سەھنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ خۇشال قىياپەتلىرىگە، چاڭگاللاپ پۇللارنى تاشلاۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇردى. ئىچى قىزىپ پەقەتلا ئولتۇرالماي قېلىۋاتاتتى.

بۈگۈن قېرى مومايلار بىلەن ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە ئادەم ئوينايتتى، ھەممە ئادەم ئويۇننىڭ پەيزىنى سۇرەتتى. سىكارلېت رېت باتلېرنىڭ دوختۇرنىڭ يان تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەررۇ تەرىنى ئۆزگەرتەي دەپ تۇرغانىنىڭ ئارىلىقىدا باتلېر ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ جاۋىغايلىرى پەسكە تارتىلىپ قالغانىدى، بىر قېشى ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنى مەنسىتمىگەندەك ئېڭىكىنى ئۇچلاپ بىر يانغا قارىۋالدى. دەل شۇ چاغدا بىرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى تۈۋلاۋاتقانلىقى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. روشەن چارلېستون تەلەپپۇزى بىلەن تۈۋلانغان بۇ ئاۋاز باشقا ھەممە ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشكەنىدى.

— چارلېس خامىلتون خانىم — بىر يۈز ئەللىك ئامېرىكا دوللىرى — ئالتۇن تەڭگە!

پۈتۈن ئادەم پۇلنىڭ سانىنى ۋە چاقىرىلغان خانىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جىمىپ كەتتى. سىكارلېت تېخىمۇ تېڭىرقاپ مىدىر - سىدىر قىلالماي قالدى. ئىككى قولى ئېڭىكىدە، كۆزلىرى پارقىراپ ئولتۇرۇپلا قالغانىدى.

ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى شۇنىڭدا ئىدى. دوختۇر ئېگىشىپ باتلېرنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دېدى. بەلكىم، ئۇ ھازىر ئېرىگە قارىلىق تۇتۇۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇسسۇل ئويىنىماسىمىكىن، دەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. رېت باتلېر خۇشياقمىغاندەك ئىككى مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— باشقا بىر گۈزەلنى تاللىسىڭىز قانداق؟ — سورىدى دوختۇر ئۇنىڭدىن.

— ياق ! — دېدى باتلېر ئېنىق جاۋاب بېرىپ. ئۇ قىلچە پىسەنت قىلماي ئادەملەرگە قاراپ قويدى، — ماڭا خاملىتون خانىم كېرەك.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى دوختۇر سەل تەقەززالىنىپ، — خاملىتون خانىم ئۇنىمايدۇ ...

سكارلېت بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلدى، لېكىن دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

— بولىدۇ، مەن خالايمەن.

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، يۈرىكى قاتتىق سىلىپ كېتىپ، ئورنۇمدا مەزمۇت تۇرالماي قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرىدى، ئۆزى قاتتىق ھاياجاندا ئىدى، ھازىر ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ دىققەت مەركىزىگە، پۈتۈن زالدىكىلەر ئىنتىلىدىغان بىر قىزغا ئايلانغانىدى. ھەممىدىن ئېسىل يېرى، يەنە ئۇسسۇلمۇ ئوينايتتى.

«ئۇلار بىلەن نېمە كارىم، نېمە دېسە دېيىشمەمدۇ.» ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ قويدى، ۋۇجۇدى تەلۋە قىزغىنلىقنىڭ ئۇلۇغ ئوتىدا يېنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پوكەيدىن چىقىپلا پۇتلىرىنى ئۇسسۇل رىتىمغا چۈشۈرۈپ پولغا ئۇرۇشقا باشلىدى، ئۇستىدىكى قارىلىق چاپىنىنى سىلىپ پوكەينىڭ ئۇستىگە چۆرۈۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا كۆزلىرى مېلانىيەنىڭ تاڭقېتىپ قالغان چىرايىغا، بولۇڭدىكى خوتۇنلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرىگە، قىزلارنىڭ ھەسەتلىك چىرايلىرىغا، جەڭچىلەرنىڭ ئالقىش

ياڭرىتىۋاتقان ھاياجانلىق يۈزلىرىگە چۈشتى.

سىكارلېت مەيدانغا كىردى، رېت باتلېرمۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى، چىرايىدا مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر خىل كۈلكە ئويناپ تۇراتتى، لېكىن سىكارلېت ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى، لىنكولىن بولسىمۇ شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئەمدى باشقىدىن ئۇسسۇل - تانسا ئوينايدىغان بولدى. ھازىر بىرىنچى بولۇپ ۋىرگىنىيەنىڭ قوش كىشىلىك ئۇسسۇلىنى ئويناماقچى. ئۇ باتلېرغا چوڭقۇر بىر تەزىم قىلىۋەتكەندىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. باتلېرمۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇنىڭغا ئېگىلدى. باياتىندىن قورقۇپ تۇرۇپ قالغان دىرىژور لېۋىي بۇ كۆرۈنۈشنى يېپىپ كېتىشنىڭ لازىملىقىنى بىردىنلا ئويلاپ قېلىپ: «جۈپتۈڭلارنى تېپىپ، ۋىرگىنىيە قوش كىشىلىك ئۇسسۇلىغا چۈشۈشكە تەييارلىنىڭلار!» دەپ توۋلىدى.

شۇنىڭ بىلەن مۇزىكانتلار ئەڭ چىرايلىق «دىكىس»① كۈيىگە چالدى.

— باتلېر ئەپەندى، مېنى بۇ مەيدانغا چۈشۈرۈشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭىز؟

— خامىلتون خانىم، ئۆزىڭىزمۇ شۇنى ئارزۇ قىلىپ تۇراتتىڭىز.

— نېمىشقا شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئىسمىمنى توۋلايسىز؟

— خالىمىسىڭىز، مېنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلسىڭىزمۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ بۇ قىلغىنىم بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن. سىز شۇنچە كۆپ پۇل چىقىرىۋاتقاندا، مەن ئۆزۈمنىلا ئويلىسام بولمايدۇ - دە. كۈلمەڭ، ھەممە ئادەم بىزگە قاراۋاتىدۇ.

① «دىكىس» 1859 - يىلى دانىيىل ئېممېت نېگىر ناخشىچىغا ئىجاد قىلىپ بەرگەن مۇزىكا ئىدى. كېيىن جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى باشلانغاندا جەنۇبلۇقلار دائىم ئېيتىدىغان ناخشىغا ئايلىنىپ قالغان.

— ئۇلار بەرىبىر قارايدۇ. ئىزىم دېگەندەك قۇرۇق گەپلەرنى قويۇڭ، ئۇسسۇل ئوينىغۇڭىز بار، شۇڭا سىزگە بۇ پۇرسەتنى يارىتىپ بەردىم. بۇ ئۇسسۇلنىڭ ئاخىرى بىر خىل ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ مارشى، شۇنداقمۇ؟

— توغرا ... مەن بىر ئاز توختاپ دەم ئېلىۋالسام.

— نېمە ئۈچۈن؟ پۇتىڭىزنى دەسسىۋالدىمۇ؟

— ياق. ئۇلارنى مېنىڭ گېپىمنى قىلىشىۋاتامدىكىن دەيمەن.

— سىز راستىلا شۇنىڭدىن ئەنسىرەمسىز؟ ئىچىڭىزدىمۇ شۇنداق ئويلاۋاتامسىز؟

— ھىم ...

— سىز جىنايەت ئۆتكۈزمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە نېمىشقا مەن بىلەن ۋالىس ئوينىمايسىز؟

— شۇ تۇرقىدا ئاپام بۇ ئىشنى ئاڭلىسا ...

— ئاپامنىڭ ئېتىكىگە باغلاقلىق ئىدىم دەڭا.

— سىز دائىم پەزىلەت دېگەننى بىر تىيىنچىلىك قىممىتى يوق دەپ قارايسىز. مۇشۇ قىلىقىڭىزدىن بىزارمەن.

— ئەسلىدىمۇ شۇنداق، بىر تىيىنچىلىك قىممىتى يوق. باشقىلارنىڭ كەينىڭىزدىن گەپ قىلىشىدىن قورقامسىز؟

— ياق ... لېكىن ... بولدىلا، بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلى. خۇداغا شۈكۈر، ۋالىس باشلاندى. بۇ ئۇسسۇل مېنى ھاردۇرۇۋەتكەندى.

— مەن دېگەن مەسىلىلەردىن ئۆزىڭىزنى ئەپقاچماڭ. خەقنىڭ سىز توغرۇلۇق قىلىشقان غەيۋەتلىرى سىز ئۈچۈن زادى مۇھىممۇ، ئەمەس؟

— ئەگەر جاۋاب بەرمىسەم بولمايدىغان ئىش بولسا، ئەمىسە ئاڭلاڭ، مۇھىم ئەمەس. ئەمما، قىزلار بۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيمۇ تۇرالمايدۇ. پەقەت بۈگۈن ئاخشاملا كارىم يوق.

— يارايسىز ! مانا ئەمدى باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئويلايدىغان بوپسىز، بۈگۈندىن تارتىپ ئەقىللىك بولۇشقا

باشلاپسىز.

— ھىم، بىراق ...

— سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ھەممە ئادەمنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىۋېتەلىسىڭىز، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭىز. ئويلاپ بېقىڭ، چارلېستوندا ھېچقانداق ئائىلە مېنى قوبۇل كۆرمەيدۇ. مەن بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بەرسەممۇ ئۇلار ئۇ چەكلىمىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتەلمىدى.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق.

— قىلچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. سىز ئۆزىڭىزنىڭ نام - ئاتىقىڭىزنى يوقاتمىغۇچە نام - ئاتاقنىڭ ئۆزىڭىزگە قانچىلىك ئېغىر يۈك ئىكەنلىكىنى، سىز ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيسىز.

— سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز ئاڭلىنىشقا بەكمۇ غەلىتە ئىكەن!

— غەلىتە ھەم راست. سىز پەقەت دائىم جاسارەت بىلەن باشتىيالىسىڭىز ياكى پۇلىڭىز بولسا سىزگە نام - ئاتاق بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

— پۇلغا ھەممە نېمىنى سېتىۋالغىلى بولمايدىغۇ ئاخىر.

— بۇ گەپنى بىرسى سىزگە دېگەن، بولمىسا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بۇ گەپنى سىزنىڭ ئويلاپ چىقىشىڭىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. پۇل نېمىنى سېتىۋالالمايدۇ؟

— ئۇنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، مۇھەببەت بىلەن بەختنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

— ئۇنىمۇ سېتىۋالغىلى بولىدۇ. پەقەت بولمىغاندا شۇلارنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

— سىزنىڭ راستلا شۇنچىلا كۆپ پۇلىڭىز بارمۇ، كاپىتان باتلېر؟

— بۇ ئەخلاقىقا مۇخالىپ سوئال بولدى، خامىلتون خانىم، مەن

بەكمۇ ھەيران قېلىشۋاتىمەن. ئەمما، كىچىكىدە ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىپ بىر تىيىنسىز قالدۇرۇلغان بىر ياش، يەنى مەن، ھەر ھالدا يامان ئەمەس پۇل تېپىشۋاتىمەن. قامال لىنىيەسىدە يۈرۈپ بىر مىليون تاپالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم بار.

— ھە! بۇ مۇمكىن ئەمەستۇ!

— مۇمكىن. بىلىشىڭىز كېرەككى، بىر خىل مەدەنىيەت گۇمران بولۇپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى قۇرۇۋاتقان چاغدىكىدەك ئاجايىپ نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتنى نۇرغۇن ئادەم چۈشەنمەيدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— سىزنىڭ ئائىلىڭىز، مېنىڭ ئائىلەم ۋە بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئائىلىلىرى قاقاسلىقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش ئارىلىقىدا بېيىغان. بۇ، ئىمپېرىيەنىڭ قۇرۇلۇش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە پۇل تاپماق ئاسان. ئىمپېرىيە گۇمران بولغاندا بولسا ئۇ چاغدىكىدىنمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدۇ.

— دەۋاتقىنىڭىز قانداق ئىمپېرىيە ئۇ؟

— بىز ياشاۋاتقان جەنۇب ... جەنۇب ئىتتىپاقى، پاختا پادىشاھلىقى. ئۇ ھازىر گۇمران بولۇۋاتىدۇ. كۆپچىلىك ئەخمەقلەر بۇنى بىلمەيۋاتىدۇ، گۇمرانلىق كەلتۈرۈپ بېرىۋاتقان مۇشۇ چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۇقمايۋاتىدۇ. مەن مانا مۇشۇ گۇمرانلىق ئىچىدە بېيىۋاتىمەن.

— سىز راستلا بىزنى تۈگىشىدۇ دەپ ئويلامسىز؟

— شۇنداق! مەن نېمىشقا تۆگىقۇشى بولۇۋالغۇدەكمەن؟

— ئاھ، قەدىرلىكىم، مەن بۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. باشقا قىزىق گەپلەرنى قىلسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئەگەر مەن كۆزلىرىڭىزنى بىر جۈپ ئالتۇن بېلىق شىشىسىگە ئوخشىتىپ، ئۇنىڭغا لىقمۇ لىق سۈپسۈزۈك سۇ

قويۇلغان، ئۇنىڭدىكى ئالتۇن بېلىقلار هازىرقىغا ئوخشاش سۇنىڭ ئۇستىگە ئۆرۈپ چىقىۋىدى، بۇ كۆزلەر گۈزەللىك بابىدا تەڭداشسىز كۆزلەرگە ئايلاندى، دېسەم، سىز بۇ گەپلىرىمگە خۇشال بولامسىز؟

— ياق، ئۇنداق گەپلەرگە خۇشال بولمايمەن ... سىزچە بۇ مۇزىكا چىرايلىقمۇ؟ مەن مەڭگۇ مۇشۇ مۇزىكىغا ۋالىس ئويناسام دەيمەن. لېكىن، ئىلگىرى بۇ مۇزىكىنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرەرمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

— سىز مەن بىللە تانسا ئوينىغان قىزلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىز.

— كاپىتان باتلېر، بىلەمسىز، ئۇنداق چەكتىن ئاشقان گەپلەرنى ماڭا... [illegible]

باشقىلار كۆرۈپ تۇرۇشىدۇ.

— باشقىلار كۆرمەيدىغان يەردە بولسا بىلىكىمىزنى مۇشۇنداق قوروپ تۇرۇپ ئويناسام خۇشال بولامسىز؟

— كاپىتان باتلېر، سەل هەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ مۇمكىنمۇ؟ سىزنى قۇچاقلىۋالمىغاندىمەن؟ ... بۇ نېمە مۇزىكا، يېڭىسىمۇ نېمە؟

— شۇنداق. ياخشى ئەمەسمىكەن؟ شىماللىق ئالۋاستىلاردىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان مۇزىكا.

— ئىسمى نېمە؟

— «دەهشەتلىك بۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا»

— تېكىستى قانداق؟ ئېيتىپ بېقىڭا، ئاڭلاپ باقاي.

ئالدىنقى رەت ئۇچراشقىنىمىز
ئېسىڭدىمۇ ئەي قەدىرلىكىم،
ئايىغىمغا باش قويۇپ تۇرۇپ،
دېگەنلىرىڭ سەندىدۇر قەلبىم.
كۆل رەڭ هەربىي فورما ئۇچاڭدا،

ئاھ تولىمۇ مەغرۇر ئىدىڭسەن.
ئۆلسەممۇ گەر ۋەتىنىمىزگە
ئاسىيلىق قىلمايمەن دېگەن ئىدىڭسەن.
تەنھالىق ئىچىدە ئۆتتۈم ياش تۆكۈپ،
ۋە لېكىن ئۈمىدىم تاپمىدى ۋىسال!
تىلەيمەن قايتىدىن ئۇچراشساقكەن دەپ،
رەھىمسىز بۇ ئۇرۇش تاپقاندا زاۋال.

— ئەسلىدە «كۆك ھەربىي كىيىم» ئىكەن، ئۇنى بىز «كۆل رەڭ» گە ئۆزگەرتىۋەتتۇق ... سىز ۋالىسنى بەكمۇ ياخشى ئوينايدىكەنسىز، كاپىتان باتلېر. ئىگىز بوي ئەرلەرنىڭ كۆپى ۋالىسقا يارىمايتتى، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. مەن ئەمدى تانسىنى يەنە قانچە يىللاردىن كېيىن ئوينىيالايمەن، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.
— بىرنەچچە مىنۇتتىلا ئويناپ بولدى قىلىمىزمۇ. يەنە بىر قېتىملىق قوش كىشىلىك ئۇسسۇلدا سىزگە پۇل تۆلەيمەن، ئۇنى تۈگىتىپ يەنە ...
— ئۇنداق قىلماڭ، بولمايدۇ. ئەمدى تۆلىمەڭ، بولمىسا مېنى ۋەيران قىلىسىز.
— بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، يەنە بىر قېتىم ئوينىسىڭىز نېمە بولماقچىدى؟ مەن بىلەن بەش ـ ئالتە مەيدان ئويناپ، ئاندىن باشقىلار بىلەن بىر ـ ئىككى قېتىم ئويناپ قويسىڭىز بولىدۇ. ئەمما، ئاخىرقىسىنى يەنە مەن بىلەن ئوينايسىز.
— ھىم، بولىدۇ. مەن ساراڭ بولدۇمغۇ دەيمەن. بوپتۇلا، نېمە بولسام بولمامدىمەن. خەق نېمە دېسە دېسۇن، كارىم يوق. ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتىم. ئوينايمەن، ئوينايمەن ...
— قارا كىيىملەرنى ئەمدى كىيمەسسىز؟ مەن قارىلىق كىيىملەرگە شۇنچىلىك ئۆچ.
— ئۇ كىيىملەرنى ئالدىراپ سېلىۋېتەلمەيمەن، كاپىتان باتلېر. مېنى ئۇنداق ئالدىڭىزغا چىڭ تارتىۋالماڭ، يەنە شۇنداق قىلسىڭىز رەنجىيمەن.

— خاپا بولغان چاغدا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەنسىز. بېلىڭىزنى تېخىمۇ قورۇيمەن، خاپا بولغىنىڭىزنى بىر كۆرۈپ باقاي. ئۆزىڭىز بىلمەيسىز ھەرقاچان، ھېلىقى كۇنى «ئۇن ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە لوڭقىلارنى چېقىپ تازا خاپا بولغان چېغىڭىزدا ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدىڭىز.

— ئۇنداق قىلماڭ ... سىز ئۇ چاغدىكى ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمەمسىز؟

— ياق. ئۇ مېنىڭ خاتىرەمدىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس قەدىرلىك بىر كارتىنا. ئەركە ئۆسكەن ئىرېلاندىيەلىكلەرگە خاس خاراكتېرگە ئىگە جەنۇب گۈزىلى ـ دە سىز. سىزدە ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ مىجەزى بار.

— ھىم، سۆيۈملۈكۈم، مۇزىكا ئاخىرلاشتى، پىتتىي ھامماممۇ ئارقا ئۆيدىن چىقىپتۇ. مېرۋېتېر خانىم چوقۇم بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ياق، ھەرگىز؟ ھەرگىز، بىز ئۇ تەرەپكە بارايلى، دېرىزىدىن سىرتقا بىردەم قاراپ تۇرىمىز. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھازىر كۆرۈنگۈم يوق، كۆزلىرى شۇ تۇرقىدا پىيالىدەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ھەرقاچان.

## ئونىنچى باب

ئەتىسى ئەتىگەندە تۇخۇم پوشكىلى بىلەن ناشتا قىلىۋاتقاندا پىتتىي ھامما كۆڭلى بىئارام بولۇپ يىغلاپ كەتتى، مېلانىيە بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، سىكارلېت بولسا، قانداق قىلالايتتىڭ، دېگەندەك ئېگىلمەي تۇراتتى.

— ئۇلار نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن، كارىم يوق. مەن دوختۇرخانا ئۈچۈن ھەممە قىزلاردىن كۆپ پۇل تېپىپ بەردىم،

بىز ساتقان ھېلىقى كونا نەرسىلەرنىڭ ھەممە پۇلىدىنمۇ جىق.

— سۆيۈملۈكۈم، پۇلنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ — دېدى پىتتىي ھامما يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. بىچارە چارلىي قازا قىلىپ بىر يىل بولمايلا ... باتلېر دېگەن ئۇ بىزارى سىزنى شۇنچە خەقنىڭ ئالدىغا سۆرەپ چىقىپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئادەمكى، سىكارلېت. ۋېمتىن خانىمنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسى كولىمان خانىم ماڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئېرى يېقىندىلا چارلېستوندىن كەپتۇ. باتلېر ئائىلىسىدىن چىققان بىر مۇناپىق ئىكەن. شۇنداق بىر ياخشى ئائىلىدىن ئاشۇنداق بىر ناباب ئادەمنىڭ چىقىشى ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش - دە، چارلېستوندا ئۇنى ھېچكىم ئارىغا ئالمايدىكەن، نامىمۇ شۇنداق يامان ئىكەن. كالېمان خانىم ئۇنىڭ توغرۇلۇق گەپلەرنى ئاڭلاشتىنمۇ نوموس قىلىپ كېتىپتۇ.

— مەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ دەرىجىدە ئەسكى ئادەملىكىگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى مېلانىيە مۇلايىم سۆزلەپ، — ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئېسىلزادە ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قامال قىلىنغان جايلارغا بارغانلىقىنى ئويلاپ باقسىڭىزمۇ ...

— ئۇ باتۇر ئادەم ئەمەس، — دېدى سىكارلېت چىنىدىكى قىيامنى تۇخۇم پوشكىلىنىڭ ئۈستىگە قۇيۇۋېتىپ، — ئۇ ئۇ يەرگە پۇل تېپىش ئۈچۈن بارغان، ماڭا ئۆزى شۇنداق دېدى. ئۇ ئادەم بىزنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقىمىزغا تازا قىزىقمايدىكەن، يەنە تېخى بىزنى يېڭىلىسىلەر، دەيدۇ. ئەمما، ئۇ تانسىنى ئاجايىپ ياخشى ئوينايدىكەن.

ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ زۇۋان سۈرەلمەي قورقۇپ قېتىپلا قالدى.

— مەنمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكتىم، بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇنۇگۈن ئاخشامقى

ئىشىمنى غولغۇلا قىلىشىۋاتقان بولسا بوپتۇ، نامىم بەربىر بۇلغىنىپتۇ، ئەمدى نېمە دېسە دېيىشمەمدۇ.

ئۇ بۇ كۆز قارىشىنىڭ باتلېرنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالدى. بۇ قاراش ئۇنىڭ ئەھۋالى بىلەن شۇنچىلىك ئەپچىل بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

— ئەگەر بۇ گېپىڭىزنى ئاپىڭىز ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟ مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

سكارلېت ئاپىسىنىڭ قىزىنىڭ بۇ بولمىغۇر قىلىقىنى ئاڭلىسا ئالاقزەدە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قورقۇپ كەتتى. لېكىن، ئاتلانتا بىلەن تارانىڭ ئارىلىقىنىڭ يىگىرمە بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قايتىدىن جانلىنىپ قالدى. پىتتىي ھامما ئۇ ئىشلارنى ئېلېنغا دېمەيدۇ، دېسە ئۆزىگىمۇ سەت. پىتتىي ھاممىلا ئاغزىنى چىڭ تۇتسا سكارلېتقا گەپ كەلمەيدۇ.

— مەن، — دېدى پىتتىي ھامما، — ياخشىسى، ھېنرىغا خەت يازاي. ئەسلىدە ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى دېيىشكە پەقەتلا رايىم يوق ئىدى. لېكىن، ئۇ بىزنىڭ ئائىلىدىكى بىردىنبىر ئەر كىشى. كاپىتان باتلېرغا شۇ گەپ قىلىپ قويسۇن، سۆيۈملۈكۈم، چارلىي ھايات بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. ئەمدى سىز ئۇ ئادەمگە ھەرگىز ئوچۇق چىراي ئاچماڭ، بولامدۇ؟

مېلانىيە ئىككى قولى تىزىدا، زوۋان سۇرمەي ئولتۇراتتى، تۇخۇمۇ سوۋۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سكارلېتنىڭ كەينىدىن بوينىنى قۇچاقلىدى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى ئۇ، — كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. تۇنۇگۈن سىز باتۇرلۇق قىلدىڭىز، ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا بولغان ياردىمى چوڭ بولدى. كىمكى سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن ... پىتتىي ھامما، يىغلىماڭ، سكارلېتقىمۇ تەس. ئۇ تېخى بالا،

ھېچ يەرگە چىقمىسا زېرىكمەمدۇ، — ئۇ قوللىرى بىلەن سىكارلېتنىڭ چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — ئانچە - مۇنچە پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ تۇرساق بەلكىم ياخشىراق بولار. ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ، بىكارغىلا ئۆيگە سولىنىۋالغان بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن. ئۇرۇش ۋاقتى ئادەتتىكى ۋاقىتلارغا ئوخشىمايدىكەن. بەزىدە شەھىرىمىزدىكى ئەسكەرلەرنى، دوختۇرخانىلاردا ياتقان يارىدارلارنى ئويلاپ كېتىمەن. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى يىراقتا قالغان، كېچىلىرى بېرىپ كېلەي دېسە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق. ئورۇنلىرىدىن تۇرالىغۇدەك يارىدارلار قوپۇپلا ئالدىنقى سەپكە كېتەلمەيدۇ. مەن كۆپرەك شۇلارنى ئويلايمەن، ئۆزىمىزنى ئىنتايىن شەخسىيەتچىدەكمۇ ئويلاپ قالىمەن. شۇڭا، بىز سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىۋاتقان ئۈچ نەپەر ئەسكەرنى ئۆيىمىزگە ئەكېلىپ كۈتەيلى، بىرنەچچە ئەسكەر ھەر يەكشەنبە كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ تاماق يەپ كېتىدىغان بولسۇن. بولدى، سىكارلېت، سىزمۇ پۇشايمان قىلماڭ، كىشىلەر بىزنى چۈشەنگەندە كەينىمىزدىن گەپ قىلمايدىغان بولىدۇ. بىز سىزنىڭ چارلېسنى سۆيىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمىز.

سىكارلېت تۇنۇگۈنكى ئىشىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى. شۇ تۇرقىدا مېلانىيەنىڭ چاچلىرىنى ئويناپ تۇرغىنىدىن بىزار بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بېشىنى بىر چەتكە تارتىپ: «ئۇنداق گەپ يوق !» دەۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، تۇنۇگۈن ئاخشام يارىدار جەڭچىلەردىن تارتىپ ھەممە ئەرلەر ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينايمىز دەپ تالىشىپ كەتمىدىمۇ؟ دۇنيادا كىملا بولسا مەيلى، بىرلا مېلانىيەنىڭ ئۆزىگە ھىمايىچى بولۇشىغا سىكارلېت پەقەتلا رازى ئەمەس. ئۇنىڭغا رەھمەت، ئۆزىنى ھىمايە قىلىۋالسۇنلا. ئۇ نىيىتى يامان مومايلار سۆزلىسە سۆزلەۋەرسۇن، ئۇلارسىزمۇ سىكارلېت بۇ دۇنيادا ياشاۋېرىدۇ. دۇنيادا چىرايلىق ئوفىتسېرلار كۇرمىڭ، ئۇ مومايلارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا خاپا بولسام جان توشامدۇ.

پىتتىي ھامما مېلانىيەنىڭ تەسەللىسى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇراتتى. پىرىسسىي قېلىن بىر كونۋېرتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— بۇ سىزنىڭ ئىكەن، مېلانىيە خېنىم. بىر نېگىر بالا ئەكېلىپ بەردى.

— مېنىڭ؟ — مېلانىيە ھەيران قېلىپ كونۋېرتنى ئاچتى.

سىكارلېت تۇخۇم يەپ ئولتۇرۇپ ئۇلارغا دىققەت قىلمىغانىدى، مېلانىيە خەتنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتكەندىلا بېشىنى كۆتۈردى، پىتتىي ھامما نىڭ بىر قولى كۆكسىگە چىقىپ بولغانىدى.

— ئاشلېي ئۆلۈپتىمۇ؟ — پىتتىي قورقۇنچلۇق بىرلا چىرقىراپ، بېشى كەينىگە كېتىپ ئىككى قولى ساڭگىلاپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — سىكارلېتمۇ تووۋلاپ كەتتى، چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى.

— ياق! ياق! — مېلانىيە ۋارقىرىدى، — سىكارلېت، ئۇنىڭ تۇزىنى ئېلىپ كېلىڭ. پۇراڭ، پۇراڭ، قەدىرلىكىم! ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ كۆچەپ تارتىڭ! ئاشلېي ئەمەس! كەچۈرۈڭ، سىزنى قورقۇتۇۋەتتىم، خۇشاللىقىمدا يىغلىغانىدىم، — ئۇ بىردىنلا قولىدىكى بىر نەرسىنى لەۋلىرىگە چاپلاپ سۆيۈپ كەتتى، — مەن شۇ تۇرقىدا ئاجايىپ خۇشالمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە يىغلاپ كەتتى.

سىكارلېت ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ قولىدا تۇرغان توي ئۈزۈكىنى كۆردى.

— ئۇ خەتنى ئوقۇڭ، — دېدى مېلانىيە پولدىكى خەتنى كۆرسىتىپ، — ئۇ نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن ساپ دىل ئادەم!

سىكارلېت ھەيران قېلىپ خەتنى يەردىن ئېلىپ ئوقۇدى:

«جەنۇب ئىتتىپاقىغا ئېھتىمال باتۇرلىرىمىزنىڭ قېنى كېرەكتۇ، ئەمما خانىملىرىمىزنىڭ مۇھەببەت قانلىرى كېرەك ئەمەس. قەدىرلىك خانىم، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا بولغان قايىللىقىمىنىڭ نىشانىنى قوبۇل قىلغايسىز. بۇنىڭلىق بىلەن مېنىڭ بەرگەن قۇربانىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولماپتۇ دەپ قالماڭ. مەن بۇ ئۈزۈكىڭىزنى ئون ھەسسە كۆپ پۇل تۆلەپياندۇرۇۋالدىم. كاپىتان رېت باتلېر.»

مېلانىيە ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى،

— مەن سىزگە ئۇ ئادەمنى ئېسىلزادا ئادەم دېمىگەنمىدىم؟ — دېدى ئۇ پىتتىي ھاممىغا قاراپ. ئۇنىڭ چىرايىدا كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان بىر تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى، — ئۇنىڭغا ئوخشاش ئالىيجاناب ۋە ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلايدىغان ئېسىلزادە ئادەملا شۇ چاغدا مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك يېرىم بولغانلىقىنى چۈشىنەلەيتتى. مەن ئەمدى ئۈزۈكۈمنىڭ ئورنىغا ئالتۇن زەنجىرىمنى بېرىمەن. پىتتىي ھامما، ئۇ بالىدىن ئۇنىڭغا ئىككى ئېلىك خەت ئەۋەتەيلى، يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماققا بىزنىڭكىگە كەلسۇن، ئۇنىڭغا رەھمىتىمنى ئېيتىۋالاي.

ھەممىسى ھاياجاندا تۇرغاچقا، كاپىتان باتلېرنىڭ سىكارلېتنىڭ ئۈزۈكىنى نېمىشقا قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىشمىدى، ئەمما ئۇنى سىكارلېت ئويلىدى ۋە قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. باتلېر بۇ ئىشنى ئالىيجانابلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قانداق قىلسا پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئويلىغان، ئاخىر مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بولغان مۇشۇ چارىنى تاپقان. ئۇنىڭ بۇ نىيەتلىرى سىكارلېتقا ئېنىق ئىدى.

«سېنىڭ يېقىندا قىلغان ئىشلىرىڭنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى

قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم.» سىكارلېت ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئاپىسىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇۋاتاتتى. ئاپىسىنىڭ دەۋاتقىنى چوقۇم ئاشۇ ئىش. سىكارلېت چارلېستون بىلەن ساۋاننادىكى ۋاقىتىدا خەقلەرنىڭ ئاغزىدىن، جەنۇبتىكى ھەرقانداق يەرگە قارىغاندا ئاتلانتانىڭ ئادەملىرى ئۇششاق سۆز، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى، ئۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئەمدى ئىشەندى. ئۇ يىغىلىش دۈشەنبە بولغان، بۈگۈن كۈنگە پەيشەنبە، قايسىبىر ئەخلاقسىز موماي ياخشى ئىش قىلدىم دەپ سىكارلېتنىڭ ئاپىسىغا خەت يازغاندۇ؟ دەسلەپتە ئۇ پىتتىپاتتىن گۇمان قىلدى، لېكىن يەنە دەررۇ بۇ ئويىدىن ياندى. چۈنكى، ئۇ سىكارلېتقا شۇ قىلمىشى ئۈچۈن تېگىدىغان قامچىنىڭ بىر ئۇچى ماڭا تېگىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتسا، ئېللېنغا ئۇ توغرۇلۇق خەت يازامدۇ؟ ئۇ چاغدا ئېللېن ئۇنى، سەن قىزىمغا قارىماي نېمە ئىش قىلدىڭ، دېمەمدۇ؟ مېرۋېتېر خانىم يازغان بولۇشى مۇمكىن.

«مەن سىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئالغان تەربىيەلىرىڭنى بۇ قەدەر ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىڭنى ئويلىماپتىكەنمەن. قارىلىق تۇتۇۋاتقان مەزگىلىڭدە خەققە كۆرۈنگىنىڭنى، دوختۇرخانىلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قېلىپ شۇنداق قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ كەچۈرسەممۇ، ئەمما تانسا ئوينىغىنىڭنى، يەنە كېلىپ كاپىتان باتلېردەك بىر ئادەم بىلەن ئوينىغىنىڭنى كەچۈرۈشۈم مۇمكىنمۇ؟ مەن ئۇ ئادەم توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپ ئاڭلىغان (ئۇ توغرۇلۇق كىم ئاڭلىمايدۇ؟). ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتكەن ھەپتە پوللىدىن كەلگەن خەتتىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ نامىنىڭ يامانلىقى، چارلېستوندا، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىمۇ ئۇنى ھېچكىم قارشى ئالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپلەر بار. ئاشۇنداق پەزىلەتسىز بىر ئادەم سىنىڭ ياشلىقىڭ، نادانلىقىڭدىن پايدىلىنىپ سىنى ئوتتۇرىغا سۆرەپ چىقىپ ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ نامىنى بۇلغاپتۇ. نېمە ئۈچۈن

پىتتىيپات خېنىم ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ سېنى مەيلىگە قويۇپ بېرىدۇ؟»

سىكارلېت ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ھامىمىسىغا قاراپ قويدى. موماي ئېللېننىڭ خېتىنى بايىلا بىلگەن بولۇپ، شۇ تۇرقىدا خۇددى كۆز يېشى بىلەن تاياقتىن قوتۇلۇپ قالماقچى بولۇۋاتقان كىچىك بالىغا ئوخشاش شۇمشىيىپ ئولتۇراتتى.

«سېنىڭ شۇنچە يىل ئالغان تەربىيەنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇنتۇپ قېلىشىڭ مېنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. مېنىڭ ھازىرلا بېرىپ سېنى قايتۇرۇپ كەلگۈم بار، لېكىن بۇ داداڭنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىدىكى ئىش بولغاچقا توختاپ قالدىم. داداڭ جۈمە كۈنى ئاتلانتاغا بېرىپ باتلېر بىلەن سۆزلىشىدۇ، ئاندىن سېنى ياندۇرۇپ كەلمەكچى. ئۇنىڭ مېنىڭ قىلغان نەسىھەتىمگە قۇلاق سالماي ساڭا قوپاللىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇ بولمىغۇر قىلىقىڭ ياشلىقىڭ، ياخشى ئويلانمىغىنىڭدىن كېلىپ چىققان. بىزنىڭ ئىزمىمىز ئۈچۈن ماڭا ئوخشاش خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ بولمىسا كېرەك. مەن قىزلىرىمنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ...»

خەتتە يەنە نۇرغۇن گەپلەر بار ئىدى، سىكارلېت داۋامىنى ئوقۇمىدى. ئۇ ھاياتىدا بۈگۈنكىدەك قورقۇپ باقمىغانىدى. ئەمدى ئۇ ھەممىگە پىسەنت قىلمايدىغان، قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئىشنى قىلالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۈنى ئون ياش ۋاقتىدا ئاپىسى سېرىق ماي سۈركەپ بەرگەن بىر پارچە بولكىنى يەرگە چۆرۈۋەتكەنگە ئوخشاش ئويلىمايلا ئىش قىلغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئۇنى ھازىرمۇ قاتتىق تۇتۇۋاتىدۇ. دادىسى ئاتلانتاغا ئالاھىدە كېلىپ باتلېر بىلەن سۆزلەشمەكچى. سىكارلېت مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. دادىسى كېلىپ ئۇنىڭغا قاتتىق چېچىلىشى مۇمكىن. سىكارلېت ئەمدى ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ، ئەركىلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرىدىغان ئوماق بالا ئەمەسلىكىنى

ئاخىر چۈشەندى.

— خەتتە — خەتتە يامان خەۋەرلەر يوقتۇ؟ — پىتتىيپات تىترەپ ۋە قورقۇمسىراپ تۇرۇپ سورىدى.

— دادام ماڭا چۈجىگە ئىتسلغان ساردەك ئىتىلغىلى كېلىدىكەن، ئەتە كەلسە كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى سىكارلېت غەمكىن هالدا.

— پىرىسسىي، مېنىڭ تۇزۇمنى ئەكېلىپ بەر، — دېدى پىتتىيپات ئۆزىنى باسالماي. ئاندىن ئورۇندۇقنى كەينىگە سۈرۈپ قويىدى، يەۋاتقان تامىقىمۇ قالدى، — مەن ... مەن هوشۇمدىن كېتىدىغاندەك قىلىمەن.

— تۇز يانچۇقىڭىزدا، — دېدى پىرىسسىي. ئۇ سىكارلېتنىڭ كەينىدە تۇرۇپ بۇ ئويۇنلارنى قىزىقىپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ گېرالد ئەپەندىنىڭ ئاچچىقىنىڭ ئىنتايىن يامانلىقىنى بىلەتتى، ئۆزىگىلا ئاچچىقى كەلمىسە شۇنىڭغا خۇش ئىدى. پىتتىيپات هامما يانچۇقىدىن قۇتىنى ئېلىپ بۇرنىغا يېقىن ئاپاردى.

— ھەممىڭلار مېنىڭ يېنىمدىن ئايرىلمايسىلەر. مېنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مىنۇت بولسىمۇ يالغۇز تاشلاپ قويساڭلار بولمايدۇ، — دېدى سىكارلېت ئۇلارغا تولاپ، — دادام ئىككىڭلارنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا سىلەر بولساڭلار مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

— مەن يېنىڭىزدا تۇرالمايمەن، — پىتتىپات قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مېنىڭ ... مېنىڭ مىجەزىم يوق، ئارام ئالمىسام بولمايدۇ. ئەتە بىر كۈن يېتىشىم كېرەك. ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۆزرەمنى ئېيتىپ قويۇڭلار.

«توخۇ يۈرەك!» سىكارلېت ئىچىدە شۇنداق ئويلاپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

ئوخارا ئەپەندىنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مېلانىيەنىڭمۇ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭدا ئازراق بولسىمۇ سىكارلېتنى قوغدىغۇدەك يۈرەك بار ئىدى.

— مەن ... مەن سىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىڭىزنىڭ پۈتۈنلەي

دوختۇرخانا ئۇچۇن بولغانلىقىنى دەيمەن، دادىڭىز چوقۇم سىزنى كەچۈرىدۇ.

— ياق، ئۇ كەچۈرمەيدۇ، — دېدى سىكارلېت، — ئەگەر ئۇ مېنى تاراغا قايسى يۈزۈڭ بىلەن بارىسەن دەپ تۇرۇۋالسا، ئاپام مېنى ئاگاھلاندۇرغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلۈپ بېرىمەن.

— ۋاي خۇدايىم، ئەمىسە كەتمەڭ، — پىتتىيپات هامما تۇۋلاپ كەتتى، ئارقىدىنلا يەنە يىغىسىنى باشلىدى، — سىز كېتىدىغان بولسىڭىز، ھېنرىنى چاقىرتىپ بۇ يەردە تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلمەيدىغانلىقىم سىزگىمۇ مەلۇم. مېلانىيە ئىككىمىز يالغۇز تۇرساق كېچىسى ئۆلگۈدەك قورقىدىكەنمىز. شەھەردە ئەرلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى سىزمۇ بىلىسىز. سىز بىزگە ئوخشىمايسىز. قورقمايسىز، سىز بولسىڭىز ئۆيدە ئەر كىشى بولمىسىمۇ قورقمايدىكەنمەن.

— دادىڭىز سىزنى ھەرگىز تاراغا ئېلىپ كەتمەيدۇ، — دېدى مېلانىيە. ئۇمۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى، — ھازىر بۇ يەرمۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز بولۇپ قالدى، سىز بولمىسىڭىز بىز قانداق قىلىمىز؟

ئەگەر مېنىڭ سىزگە قانداق قارايدىغانلىقىمنى بىلىدىغان بولسىڭىز مېنى ھازىرلا قوغلايتتىڭىز، ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە. ئۇ ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىغانغا مېلانىيەدىن باشقا يەنە بىر ئادەمنىڭ بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بولۇپ قېلىشىنىمۇ خالىمايتتى.

— كاپىتان باتلېرنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىدىغان ئىشنى قىلمىساق بولامدىكىن يا، — بۇ گەپنى بىرىنچى بولۇپ پىتتىيپات قىلدى.

— ياق، بولمايدۇ! ئۇنداق قىلساق ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، —

دېدى مېلانىيە ئالدىراپ.

— مېنى كارىۋىتىمغا ياتقۇزۇپ قويۇڭلارچۇ. كېسىلىم يەنە قوزغىلىپ قالدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى پىتتىيپات ئىنجىقلاپ، — سىكارلېت، نېمىشقا ماڭا بۇ باش ئاغرىقىنى تېپىپ بەرگەنسىز.

ئەتىسى گېرالد يېتىپ كەلگەندە پىتتىيپات كارىۋاتتا ئۆزىنى كېسەلگە سېلىپ يېتىۋالدى، ھۆجرىسىنى مەھكەم تاقىۋېلىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ گېرالدتىن ئەپۇ سورىدى، كەچلىك تاماقنى قورقۇپ جېنى چىقىۋاتقان ئىككى ئايالغا تاپشۇردى. گېرالد سىكارلېتنى سۆيۈپ قويغان، مېلانىيەگە ئامراقلىقى كېلىپ مەڭزىنى بوش چىمداپ قويغان بولسىمۇ، يەنىلا قورقۇنچلۇق سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى. سىكارلېتنىڭ ئىچى سىقىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىن كۆرە دادىسىنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيگىنى ياخشى ئىدى. مېلانىيە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ سىكارلېتقا سايىدەك ئەگىشىپلا يۈردى. گېرالد تەربىيە كۆرگەن ئادەم بولغاچقا، مېلانىيەنىڭ ئالدىدا سىكارلېتنى سوراققا تارتالمايۋاتاتتى. سىكارلېت مېلانىيەنىڭ بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن جايىدا بولغانلىقىغا ئىقرار بولماي تۇرالمىدى. مېلانىيە خۇددى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك يۈرەتتى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدىمۇ تولا گەپ قىلىپ، گېرالدقا گەپ قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمىدى.

— مېنىڭ سىلەرنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گېرالدقا، — ئىندىيا بىلەن خونېي خەت يېزىشقا قىيىق. ئۇ يەردە بولغان ئىشلارنى سىز تولۇق بىلىسىز. جوئې فونتائىننىڭ تويىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

گېرالد ئۇنىڭ ئۆزىنى شۇنچە چوڭ بىلگىنىگە خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ تويىنىڭ ئانچە ياخشى بولمىغانلىقى، بۇ ئىككىسىنىڭ تويىغا يەتمىگەنلىكى، جوئې فونتائىننىڭ بىرنەچچە كۈنلۈكلا

رۇخسەت بىلەن كەلگەنلىكى، مۇنرونىڭ كىچىك قىزى ساللىنىڭ چىرايلىق قىز بولغانلىقى، ئەمما ئۇ قىزنىڭ توي كۈنى قانداق كۆڭلەك كىيگەنلىكى ئېسىدە يوقلۇقى، ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان كىيىمى يوق ئىكەن، دەپ ئاڭلىغانلىقى توغرۇلۇق ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

— ئالماشتۇرىدىغان كۆڭلىكىنىڭ يوقلۇقى راستمۇ؟ — ئۇ ئىككىسى خۇددى ئۆزلىرى ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك تۇۋلاپ كېتىشتى.

— راست، ئۇ قىزنىڭ شۇ بىر تويلۇق كۆڭلىكىدىن باشقا كۆڭلىكى يوق ئىكەن، — گېرالد چۈشەندۈرۈۋېتىپ ئۆزىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، بۇنداق گەپنى ئاياللارنىڭ ئالدىدا سۆزلەشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنىمۇ ئويلىمىدى.

سكارلېت دادىسىنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ ئاستا - ئاستا خاتىرجەم بولۇپ، مېلانىيەنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

— ئەتىسى جوئې فونتائىن ۋىرگىنىيەگە قايتىپ كەتتى، — گېرالد قوشۇمچە قىلدى، — شۇنىڭدىن كېيىن سالامغا بېرىش، تانسا دېگەنلەر بولمىدى. تارلېتوننىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرىمۇ ھازىر ئۆيدە.

— بىزمۇ ئاڭلىغان، يارىلىرى ساقىيىپ قاپتۇمۇ؟

— ئۇلارنىڭ يارىلىرى ئانچە ئېغىر ئەمەس. ستۇئارتنىڭ تىزى يارىلىنىپتۇ. بىرېنتنىڭ تاغىقىنى بىر تال ئوق تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تېز خەۋەرلەر گېزىتىدە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىشلىرىنىڭ تەقدىرلەنگەنلىكىنى سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر؟

— ياق. بىزگە سۆزلەپ بېرىڭا.

— ئىككىلىسى قارام نېمىلەر - دە. ئۇلارنىڭ تومۇرلىرىدىمۇ ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ قېنى بار، — دېدى گېرالد كۆرەڭلەپ، — ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمما، بويد پود پورۇچىك بولدى.

سكارلېت ئۇلارنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ،

خۇددى ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭمۇ تۆھپىسى باردەك بەكمۇ خۇش بولدى. قايسىبىر يىگىت ئۆز ۋاقتىدا كەينىگە چۈشكەن بولسا، سكارلېت ئۇنى مەڭگۇ ئۆزىگە تەئەللۇق دەپ بىلەتتى، ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ياخشى ئىشلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ شەرىپىگە يېزىۋالاتتى.

— ئىككىڭلار قىزىقىدىغان يەنە بىر ئىشمۇ بار، — دېدى گېرالد، — ئاڭلىسام، ستۇئارت «ئۇن ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى بىر قىزغا تەلەپ قويۇپتۇدەك.

— خونېيغىمۇ ياكى ئىندىياغىمۇ؟ — سورىدى مېلانىيە خۇشال بولۇپ. سكارلېت بولسا ئاچچىقى كېلىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈۋاتاتتى.

— ئەلۋەتتە، ئىندىيا خانقىزغا. ئۇ قىز بىزنىڭ قىزىمىز بۇ يەردىكى ئەپەندىنى تېپىۋالغۇچە ئۇنىڭ كەينىدىن چىقمىغان ئەمەسمۇ؟

مېلانىيە گېرالدنىڭ بۇ تۈز كۆڭۈللۈكىدىن سەل خىجىل بولۇپ قالدى.

— ئەمدى بىرىنت تارانىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان بولۇۋالدى.

سكارلېت گەپ قىلالماي ئۈلتۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشىقىنىڭ بۇ خائىنلىقى ئۇنىڭغا بىر خىل ھاقارەتتەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە، ئۇ شۇ چاغدا قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارغا ئۆزىنىڭ چارلېس بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قوپاللىق قىلغان، ھەتتا ستۇئارت چارلېسنى ياكى سكارلېتنى، بولمىغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان، يەنە تېخى ئۇچىلىمىز تەڭ ئۆلىمىزمۇ دېگەن. شۇ چاغدا ئۇلار ھەممىسى شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

— بىرىنت سۇئېللېننى ئەگىپ كېتەلمەيۋاتامدۇ؟ — سورىدى مېلانىيە، چىرايىدا خۇشال كۈلكە ئوينىدى، — بىراق، كېيىنىدى

ئەپەندى ...

— هە، ئۇمۇ؟ فىرانك كېيىنكىدى هازىرمۇ شۇنداق، ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. يەنە ئېغىز ئاچماي يۈرىۋەرسە مەقسىتىڭ زادى نېمە دەپ بىر كۈنى سورايمەن. بىر يېتىنىڭ كۆزلەۋاتقىنى كىچىك قىزىم.

— كارىرىنىمۇ؟

— ئۇ تېخى بالىغۇ! — سىكارلېت هەيران قالغان تەلەپپۇزدا ئاخىر گەپكە ئارىلاشتى.

— ئۇ سېنىڭ توي قىلغان ۋاقتىڭدىكىدىن بىر ياش نەچچە ئايلا كىچىك، خانقىز، — دېدى گېرالد ئۇنىڭ گېپىگە قارشى تۇرۇپ، — بۇرۇنقى يىگىتىڭنىڭ سىڭلىڭغا كۆزى چۈشكىنىگە تارلىق قىلىۋاتامسەن نېمە؟

مېلانىيە بۇنداق ئوچۇق گەپلەرگە ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا شۇئان قىزىرىپ كەتتى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، دەررۇ پېتىېرغا غىزا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ يەنە ئوخارا ئەپەندىنىڭ كونكرېت ئادەملەر ئۈستىدە سۆزلەۋېتىپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتىگە كۆچۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكەشنىڭ خىيالىدىمۇ بولدى، لېكىن لايىق گەپ تاپالمىدى. گېرالد بولسا گەپ خالتىسى تېشىلىپ كەتكەندەك توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. ئاڭلاپ بېرىدىغانغا ئادەملا بولسا ئۇنى گەپكە سېلىش هاجەتسىز ئىدى. ئۇ يەنە ماددىي بۇيۇملار تەمىنات ئورنىنىڭ ئېهتىياجىنىڭ ئايمۇ ئاي ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى، جېففېرسون داۋسىنىڭ هىيلىگەر ۋە ئەخمەقلىقى، شىماللىق ئالۋاستىلار كۆپ پۇل بېرىپ ئەسكەرلىككە ئېلىۋالغان ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ لۈكچەكلىك قىلىشىۋاتقانلىقلىرى ئۈستىدىمۇ سۆزلىدى.

ئۈستەلگە غىزا كەلتۈرۈلۈپ ئىككى قىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندا، گېرالد قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قىزىغا سۈرلۈك قاراپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن يالغۇز قېلىشنى ئېيتتى.

سىكارلېت ئامالسىز مېلانىيەگە قاراپ قويدى. مېلانىيەمۇ ئىلاج قىلالماي قول ياغلىقنى مىجىقلىغىنىچە سىيرىتما ئىشىكنى بوش يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— قانداق، قىزچاق، — دېدى گېرالد ئۆزىگە بىر رومكا ۋىنو قۇيۇپ. — تۆل قالغىنىڭغا بىرنەچچە كۈن بولمايلا ئەردىن يەنە بىرنى تاپماقچى بولدىڭمۇ؟ ياخشى ئىش قىپسەن.

— ۋارقىراپ كەتمەڭا، دادا، خىزمەتكارلار ...

— ئۇلار ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغاندۇ، چوقۇم ئاڭلىدى، بۇ رەسۋاچىلىقنى ئاڭلىمىغان كىم بار؟ بىچارە ئاپاڭ ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي ئاغرىپ يېتىپ قالدى، مەنمۇ بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. يۈزىمىزنى چۈشۈردۈڭ. ئەمدى سەن مېنى كۆزۈڭنىڭ سۇيىنى ئېقىتىپ ئالدايمەن دېمە، — ئۇ ئىتتىك سۆزلەۋاتاتتى، بىردىنلا گەپلىرىدە ئازراق تەمتىرەپ قېلىۋاتقانلىقى بىلىندى. چۈنكى، سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىشقا، ئاغزى ئۆمچىيىشكە باشلىغانىدى، — مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئېرىڭ ئۆلگەندىن كېيىنلا باشقا بىرسىنى تاپاتتىڭ سەن. بۇگۈن مەن ساڭا كۆپ گەپ قىلمايمەن. مېنىڭ قىزىمنىڭ نام - ئاتىقىنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرگەن كاپىتان باتلېر دېگەن ئۇ چىرايلىق ئادەم بىلەن سۆزلىشىشىم كېرەك. ئەتە ئەتىگەندە ... يىغلىمايلا قوي، مېنى يىغلاپ قورقۇتالمايسەن، قىلچە پايدىسى يوق. سېنىڭ يەنە بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكمەسلىكىڭ ئۈچۈن ئەتە ئەتىگەندە سېنى تاراغا ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇم. يىغلىما، ئوبدان قىزىم. قارىغىنا، مەن ساڭا نېمە ئەكەلدىم! چىرايلىقمىكەن؟ قارا! بىر قولۇمنى ئۇن قىلالمايۋاتقاندا نېمىشقا مېنى شۇنچە يەردىن بۇ يەرگە كەلتۈرىسەن؟ بولدى يىغلىما!

مېلانىيە بىلەن پىتتىيپاتنىڭ ئۇخلاپ كەتكىنىگە خېلى بولدى، لېكىن سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە پەقەتلا ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى، يۈرىكى ئەنسىز ئېغىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاتلانتاغا

ئەمدىلا ئۆگىنىپ قالغاندا قايتىپ كېتىش، بىرىپ ئاپىسىغا كۆرۈنۈش نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىش ـ هە! ئۇ ئۆلسىمۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىمايدۇ. دادىسى ئەكېتىمەن دېسە ئۆلۈۋېلىشىمۇ مۇمكىن، شۇ چاغدا ھەممىسى باغرى تاشلىق قىلىشقىنىغا پۇشايمان قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ بېشى ئىسسىق ياستۇقتا تىنماي ئۆرۈلۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ئاۋاز شۇنچىلىك ئاجىز، ئاران ئاڭلىغۇدەك بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەر گىرەلىشىپ كەتكەن چوڭ يول يۇلتۇز قاپلاپ كەتكەن ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئاستىدا قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئۇ پەيتوننىڭ، ئاتلارنىڭ ۋە ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئىدى. سىكارلېت ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزى، ۋىسكىي ئىچكەن ئادەمنىڭ «پاكار ھارۋىدىكى پىكىن» دېگەن ناخشىنى توۋلاپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئىدى.

سىكارلېت پەيتوننىڭ دەرۋازا ئالدىدا توختىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. پەيتوندىن چۈشكەن بىرنەچچە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بىرسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئوخشايدۇ، ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. دەرۋازىنىڭ تاقىقىنى ئېچىلغاندا سىكارلېت گېرالدنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

— ھازىر مەن سىزگە «روبېرت ئېممىتنىڭ مەرسىيەسى»نى ئېيتىپ بېرىمەن. بۇ ناخشىنى بىلىشىڭىز كېرەك، يىگىت، مەن سىزگە ئۆگىتىپ قوياي.

— مېنىڭ بەكمۇ ئۆگەنگۈم بار، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن ئادەم. ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى كۈلكىدىن ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — لېكىن ھازىر ئەمەس، كېيىن، ئوخارا ئەپەندى.

«ۋاي خۇدايىمەي، باتلېر دېگەن ھېلىقى ئادەمغۇ بۇ.»

سىكارلېت ھەيران قالدى، كەينىدىن خۇشال بولدى. ئۇلار دۇئېلغا چىقىشمىغان، ئەكسىچە بىر - بىرى بىلەن چىقىشىپ قېلىپ ئىككىسى بىلەن كېلىشكەنىدى.

— مەن ئېيتىمەن، چوقۇم ئاڭلايسىز، ئاڭلىمايدىغان بولسىڭىز بوغۇزلىۋېتىمەن، چۈنكى سىز ئورانگىچە ئۇنسۇر.

— مەن ئورانگىلاردىن ئەمەس، چارلېستونلۇق.

— شۇ يەرلىك بولسىڭىزمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس سىز. مېنىڭ ئۇ يەردە قېيىنسىڭلىم بىلەن قېيىنئاچام بار.

«ئاۋازىنى ھەممە قوشنىلارغا ئاڭلىتامدۇ نېمە؟» سىكارلېت قورقۇپ كېتىپ دەررۇ يېپىنچىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ چىقسا قانداق قىلىدۇ؟ يېرىم كېچىدە تالاغا چىقىپ دادىسىنى ئېلىپ كىرسە بولمايدۇ - دە.

شۇ ئارىدا گېرالد بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پەس ئاۋازدا «مەرسىيە»نى ئېيتىشقا باشلىدى. سىكارلېت ئىككى قولىنى دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە قويۇپ تۇرۇپ ناخشىغا قۇلاق سالدى. ئەسلىدە بۇ ناھايىتى چىرايلىق ناخشا بولۇپ، دادىسىنىڭ ئاغزىغا چىققاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت بۇ ناخشىنى ياخشى كۆرەتتى. تېكىستى مۇنداق ئىدى.

قالدى يىراقتا مۇڭلىنىپ، ئۇنىڭ پالۋانى ياتقان جاي،
سۆيگەن يارى ھەسرەتتە، ماڭار كەينىدىن قالماي.

ناخشا داۋاملىشىۋاتاتتى. پىتتىيپات بىلەن مېلانىيەنىڭ ھۇجرىلىرىدىن ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئۇلارمۇ ئويغىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار گېرالدقا ئوخشاش قوپال تەبىئەتلىك ئادەملەرگە كۆنۈك ئەمەس ئىدى. ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن، ئىككى سايە ئاستا مېڭىپ پەلەمپەيگە كەلدى، پەلەمپەيگە چىقىپ ئىشىكنى بوش چەكتى.

«پەسكە مەن چۈشمىسەم بولمىغۇدەك، — دەپ ئويلىدى سىكارلېت، — ئۇ دېگەن مېنىڭ دادام. پىتتىيپات ئۆلسىمۇ چۈشۈپ ئىشكنى ئېچىپ بەرمەيدۇ.» ئۇنىڭ ئۈستىگە سىكارلېت دادىسىنىڭ هازىرقى قىياپىتىنى خىزمەتكارلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى. ئۇنى پېتتېر يۆلەپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويغىنى بىلەنمۇ بەربىر ئۇنىمايدۇ، ئەكسىچە خاپا بولىدۇ.

سىكارلېت ئۈستىگە يېپىنچىسىنى ئارتىپ شامنى ياندۇردى، ئاندىن قاراڭغۇ پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ، شامنى ئىشكنىڭ يېنىدىكى شامدانغا سانجىپ قويغاندىن كېيىن ئىشكنى ئاچتى. رېت باتلېر كىيىملىرى رەتلىك پېتى سىكارلېتنىڭ دوغىلاق دادىسىنى يۆلەپ تۇراتتى، دادىسى ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، شلەپىسى يوق، بۇدۇر چاچلىرى بوراندا قالغاندەك چۇۋۇلۇپ كەتكەن، گالىستۇكى قۇلىقىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قاپتۇ، كۆڭلىكىنىڭ ئالدى كىر هەم ئازراق قۇسۇقمۇ بار.

— بۇياق سىزنىڭ دادىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى كاپىتان باتلېر. كۇندە كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يۈزىدە ئىككى كۆز خۇشال چاقناپ تۇراتتى. ئۇ كۆزلەر سىكارلېتنىڭ كېچىلىك كىيىمىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالغانىدى.

— ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىڭ، — دېدى سىكارلېت قىلچە تەكەللۇپ قىلماي. ئۇ ئۈستىدىكى كىيىمىدىن سەل خىجىل بولۇپ قالدى، دادىسىنىڭ مۇشۇ قىياپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئادەمنىڭ تېخىمۇ مەسخىرىسىگە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ دادىسىغا ئاچچىقى كەلدى.

باتلېر گېرالدنى يۆلەپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى.

— ئۈستىگە ئاچىقىپ قويسام بولامدۇ؟ ئۇنى سىز مىدىرلىتالمايسىز، بەكمۇ ئېغىر ئىكەن.

سىكارلېت ئۇنىڭ يۈرەكلىك ئېيتقان بۇ تەكلىپىنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن گەپ قىلالماي قالدى. باتلېر يۇقىرىغا چىقسا شۇ

تۇرقىدا يوتقاننىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتقان پىتتىيپات بىلەن مېلانىيەنىڭ نېمە دەپ قالىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ كەتتى.

— ياق، بولدى. مۇشۇيەرگە قويۇپ قويۇڭ، مېھمانخانىدىكى ئۇزۇن سافاغا ياتقۇزۇپ قويساق بولىدۇ.

— تۇل خوتۇن ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋالماقچى دەۋاتامسىز؟①

— گەپ - سۆزىڭىز ئىلمىيرەك بولسا سىزگە تېخىمۇ كۆپ ھەشقاللا ئېيتاتتىم. ئۇنى مۇشۇيەرگە ياتقۇزۇپ قويۇڭ.

— ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋېتەيمۇ؟

— ياق، ئۇ بۇنداق چاغلاردا ئۆتۈكىنى سالماي ئۇخلايدۇ.

سكارلېت بۇ گەپنى جايىدا دېمىگەنلىكىنى سېزىپ ئۆزىنىڭ تىلىنى چىشلەپ ئۇزۇۋەتكۈدەك بولدى، چۈنكى ئۇ باتلېرنىڭ گېرالدنىڭ پۇتىنى سافانىڭ ئۇستىگە ئېلىۋېتىپ كۈلۈپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

— ئەمدى قايتسىڭىز بولىدۇ.

باتلېر تالاغا چىقىپ كېتىۋېتىپ گېرالدنىڭ بوسۇغىغا چۈشۈپ قالغان شلەپىسىنى ئېلىپ سكارلېتقا بەردى.

— يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماقتا كۆرۈشەيلى، — دېدى ئۇ سكارلېتقا، ئاندىن ئىشىكنى بوش يېپىپ چىقىپ كەتتى.

سكارلېت ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ پەستىكى مېھمانخانىغا چۈشتى. خىزمەتكارلار تېخى ئارقا ھويلىدىن چىقىپ ناشتا تەييارلاشقا تۇتۇش قىلمىغانىدى. گېرالدمۇ ئويغىنىپ بېشىنى خۇددى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋېتىدىغاندەك چىڭ سىقىپ سافادا ئولتۇراتتى. سكارلېت كىرگەندە ئۇ ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى، ئارقىدىن:

— بېشىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ قويدى.

① ئىنگلىز تىلىدىكى «ئۇزۇن سافا» دېگەن سۆز بىلەن «تۇل خوتۇننىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋېلىشى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىر - بىرىگە يېقىن.

— ياخشى ئىش قىلدىڭىز، دادا، — دېدى سىكارلېت زەردە بىلەن بوش ئاھاڭدا، — يېرىم كېچىدە كەلگىنىڭىزنى ئاز دەپ، ناخشا ئېيتىپ قوشنىلارنىڭ ھەممىسىنى ئويغىتىۋەتتىڭىز.

— ناخشا ئېيتتىمما؟

— ئېيتمايچۇ! «مەرسىيە»نى ئېيتىپ كوچىنى بېشىڭىزغا كىيدىڭىز.

— ناخشا ئېيتقىنىم پەقەتلا ئېسىمدە يوق.

— بۇ ئىشىڭىز قوشنىلارنىڭ ئۆلگۈچە ئېسىدىن چىقمايدىغان بولدى، پىتتىپيات خېنىم بىلەن مېلانىيەنىڭمۇ ھەم شۇنداق.

— نەس باستى - دە، ئادەمنى، — گېرالد ئۇزۇن ھەم قېلىن تىلى بىلەن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى، — ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ كېيىنكى ئىشلارنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن.

— ئويۇنغا قىزىقىپ؟

— باتلېر دېگەن ئۇ ھارامزادە قارتا ئويناشقا ماڭا يېتىدىغىنى يوق دەپ پو ئاتتى ...

— قانچىلىك ئۇتتۇرۇۋەتتىڭىز؟

— ئۇتتۇم. بىر - ئىككى قەدەھلا ئىچىۋالسام چوقۇم ئۇتماي قويمايمەن.

— ھەمىيىنىڭىزنى ئېلىڭا، كۆرۈپ باقاي.

گېرالد خۇددى مىدىرلاپ كەتسە ئاغرىپ كېتىدىغاندەك، چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن ناھايىتى تەستە ھەمىيىنىنى چىقىرىپ ئاچتى ۋە ھەمىيىنىنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

— بۇنىڭ ئىچىدە ئاپاڭغا قامال لىنىيەسىدىن كەلگەن بىر نەرسە ئېلىپ كېتىمەن دەپ سېلىۋالغان بەشيۈز دوللار بار ئىدى. ئەمدى تاراغا كىرا قىلىپ كەتكۈدەكمۇ پۇل يوق.

سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن قۇرۇق ھەمىيانغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، كاللىسىغا ئاستا - ئاستا بىر خىيال كىرىپ روشەن بىر

پىكىر ھاسىل قىلدى.

— ئەمدى مەن بۇ يەردە باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ دادىسىغا، — يۈزۈمنى چۈشۈرۈپ بولدىڭىز.

— ئاغزىڭنى يۇم! بېشىمنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

— ئۆلگۈدەك ئىچىپ، كاپىتان باتلېرنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىڭىز، بار ئاۋازىڭىز بىلەن ناخشا ئېيتىپ قوشنىلارنىڭ ئارامىنى بۇزدىڭىز، يەنە تېخى ھەممە پۇلىڭىزنى ئۇتتۇرۇۋېتىپسىز.

— ئۇ ئادەم قارتا ئويناشقا راستلا ئۇستا ئىكەن، ئېسىلزادىلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ...

— ئاپام ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟

گېرالد بىردىنلا ھودۇقۇپ بېشىنى كۆتۈردى.

— بۇ ئىشنى ئاپاڭغا دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلمايدىغانسەن، ھە؟

سكارلېت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

— ئويلاپ باققىنا، ئاپاڭ ئاڭلىسا قانچىلىك كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، ئاپاڭنىڭ تېنى ئاجىز تۇرسا.

— ئەمىسە سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ، دادا، سىزمۇ تۈنۈگۈن مېنى بىزنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈردۈڭ، دەپ ماڭا بىرمۇنچە كايىپ كەتتىڭىز. مەن بىچارە ياردار جەڭچىلەر ئۈچۈن ئازراق پۇل چۈشسۇن دەپ بىر قېتىملا تانسا ئويناپ قويغان، ئۇ ئىشنى ئويلىساملا يىغلىغۇم كېلىدۇ.

— بولدى، يىغلىما، — دېدى گېرالد يالۋۇرغاندەك تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ بۇ بىچارە بېشىم يىغاڭنى قانداق كۆتۈرسۇن، ئۇنىڭسىزمۇ ھازىر يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— يەنە تېخى ماڭا گەپ قىلىسىز ...

— بولدى، بولدى، پىستەك، داداڭنىڭ ئۇ گەپلىرىدىن رەنجىپمۇ يۈرمە. داداڭ كۆڭلى تۈز ئادەم، جىق ئىشلارنى

چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. سەن ئوماق، ھەم كۆڭلۈك ياخشى قىز، مەن بۇنى چۈشىنىمەن.
— سىز مېنى يەنە مۇشۇ ھالىتىم بىلەن ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتەمسىز؟
— قەدىرلىكىم، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن، چاقچاق قىلىپ شۇنداق دەپ قويغان. سەنمۇ پۇلنىڭ گېپىنى ئاپاڭغا دېمىگىن، ئۇنىڭ ھازىر ئۆينىڭ خىراجىتى توغرۇلۇق بېشى قېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— دېمەيمەن، — سىكارلېتنىڭ بىردىنلا كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، — مېنى قايتۇرۇپ كېتىمەن دېمەي، ئاپامغا، ئۇنىڭ توغرۇلۇق چىققان گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ تاپقان گېپى ئىكەن، دەپ قويسىڭىزلا، مەنمۇ سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزنى ئاپامغا دېمەيمەن.
گېرالد كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قىزىغا قاراپ قويدى.
— بۇ قىلىقىڭ ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ.
— تۇنۇگۈنكى ئىشىڭىزمۇ خېلى يۇز كېتىدىغان ئىش، دادا.
— بوپتۇ، — دېدى گېرالد ئاخىر، — مەن ئۇ ئىشلىرىڭنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەي. ئەمدى سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، پىتتىپاتتەك مۇشۇنداق يۇز - ئابرۇيلۇق ئاياللارنىڭ ئۆيىدىمۇ ۋىسكىي بولامدۇ؟ بولسا بىرەر رومكا ئىچىۋالغان بولسام بېشىمنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بېرەتتى.
سىكارلېت كەينىگە قايرىلىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ئاشخانىغا كىردى. ئۇ يەردىكى ئىشكاپنىڭ ئىچىدە پىتتىپات ھامما ھوشىدىن كەتكەندە ياكى كېتەي دېگەندە بىر يۇتۇمدىن ئىچىۋالىدىغان بىر بوتۇلكا ۋىسكىي بار ئىدى، مېلانىيە بىلەن سىكارلېت ئۇ ھاراقنى «ھوشىدىن كەتكەننى داۋالايدىغان دورا» دېيىشەتتى. شۇ تۇرقىدا سىكارلېت غالىبلاردەك گىدىيىپ كېتىۋاتاتتى، دادىسىنى كولدۇرلاتقىنى ئۈچۈن قىلچە نومۇس

ھېس قىلمايتتى. ئەمدى ئۇ غەيۋەتچى خوتۇنلار ئېلىلېنغا ھەر قانچە ئېچىتىپ خەت يازسىمۇ، ئېلىلېن ئۇنى يالغان گەپ دەپ ئىشەنمەيتتى. ئەمدى ئۇ ئاتلانتادا داۋاملىق تۇرۇپ قالىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلغۇسى كەلسە قىلالايدۇ. پىتتىيپات خېنىمنىڭ تازا مەۋقەسى يوق، شۇڭا ئۇنى باشقۇرۇپمۇ كېتەلمەيدۇ. سكارلېت ئىشكاپتىن ھاراق بىلەن رومكىنى ئېلىپ، كەلگۈسىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى قىياس قىلغىنىچە بىردەم تۇرۇپ قالدى.

ئۇ ئۆزىنى خۇددى شىرىلداپ سۇ ئېقىپ تۇرۇۋاتقان ئۆستەڭلەرنىڭ بويىدا، چىرايلىق تاغ جىرالىرىدا باراۋەتتە ئويناۋاتقاندەك، زىياپەتلەردە، تانسىلاردا كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندەك، پەيتونلارغا چۈشۈپ سىرتلاردا ساياھەت قىلىۋاتقاندەك، كىچىك رېستورانلاردا كەچلىك غىزا يەۋاتقاندەك ئويلاپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قاتناشسام، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى مەندە بولسا دەپ خىيال قىلاتتى، دوختۇرخانىدا ئازراقلا ئىش قىلىپ قويسام ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كەينىمدىن چىقمايدۇ، دېگەندەك شېرىن خىياللاردا بولاتتى. ئەمدى ئۇ دوختۇرخانىلاردىن بىزار بولمايدىغان بولدى. ئەرلەر كېسەل بولۇپ قالغاندا ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاشۇنداق چاغلاردا ئۇلار خۇددى بوش ئىرغىتىپ قويسا تورۇكلاپ چۈشىدىغان ئالمىغا ئوخشاش زېرەك قىزلارنىڭ ئالىقىنىغا ئاسانلا چۈشىدۇ.

سكارلېت ئادەمنى قايتا روھلاندۇرىدىغان ھاراقنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ قېشىغا ماڭدى، كېتىۋېتىپ مەشھۇر ئوخارا ئائىلىسىنىڭ بېشى بولغان دادىسىنىڭ تۈنۈگۈنكى ئېلىشىشتا بەرداشلىق بېرەلمىگىنى ئۈچۈن خۇداغا مىڭ مەرتەم رەھمەت ئېيتتى ۋە تۇيۇقسىزلا، بۇ ئىش بىلەن رېت باتلېرنىڭمۇ مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالدى.

## ئون بىرىنچى باب

شۇ ئىشلار بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، سكارلېت بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چارچىغان ھەم خاپا قايتىپ كەلدى. ئۇ پۈتۈن چۈشتىن كېيىن ئۆرە تۇرۇپ چارچىغان، بىر ياربدارنىڭ بىلىكىنى تاڭغۇچە ئۇنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن مېرۋېتېر خانىمنىڭ ئەيىبلىگىنىگە خاپا بولغانىدى. پىتتىيپات ھامما بىلەن مېلانىيە شىلەپىلىرىنى كىيىشىپ، ھەپتىدە بىر قىلىدىغان زىيارىتى ئۈچۈن سىرتقا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇشاتتى، پىرىسسىيىنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىشماقچىدى. سكارلېت ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بارالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

سكارلېت پەيتونىنىڭ ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاستا مېڭىپ مېلانىيەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ قويدى. بۇ پاكىز، ئازادە ئۆي چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىكى قۇياش نۇرىدا ئىللىق ۋە جىمجىت ئىدى. بىر نەچچە پارچە گىلەمدىن باشقا پولدا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئاپپاق تاملىرىدىمۇ بىر بۇلۇڭدىكى مېلانىيە چوقۇنىدىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ بۇلۇڭدا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى، بايراقنىڭ ئاستىدا مېلانىيەنىڭ دادىسى مېكسىكىدىكى ئۇرۇشقا قاتناشقان چاغدا تۇتقان ئالتۇن دەستىلىك قىلىچ ئېسىقلىق تۇراتتى، بۇ قىلىچنى چارلېس ئۇرۇشقا بارغاندا ئېسىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا چارلېسنىڭ پاگونلىرى بىلەن تاپانچا ئاسىدىغان تاسمىسىمۇ بار ئىدى، ئۇ تاسما تاپانچا بىلەن بىللە ئېسىپ قويۇلغانىدى. قىلىچ بىلەن تاپانچىنىڭ ئارىلىقىدا چارلېسنىڭ

كۆل رەڭ ھەربىي كىيىم بىلەن ئۆرە تۇرۇپ چۈشكەن سۈرىتى تۇراتتى. سۈرەتتە ئۇ ناھايىتى قامەتلىك كۆرۈنەتتى، لەۋلىرىدە ئىزا تارتىۋاتقاندەك بىر خىل كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

سىكارلېت ئۇ سۈرەتكە قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئۈستەلگە قاراپ ماڭدى. ئۈستەل ئۈستىدىكى كىچىك بىر ياغاچ قۇتىدا خەتلەر سېلىقلىق تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆك رەڭ لېنتا بىلەن چىگىپ قويۇلغان بىر باغلام خەتنى ئالدى. بۇلار ئاشلېيىنىڭ مېلانىيەگە يازغان خەتلىرى ئىدى. ئۈستىدە تۇرغىنى تېخى يېقىندىلا كەلگەن خەت ئىدى، سىكارلېت ئۇ خەتنى ئاچتى.

سىكارلېت بۇ خەتلەرنى دەسلەپتە ئوغرىلىقچە ئوقۇغان چاغلىرىدا، ۋىجدانى ئازابلىنىپ ھەم باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرغاچقا قوللىرى تىترەپ خەتنى تۇزۇك تۇتالماي قالغانىدى. كېيىن ئۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ۋىجدانىمۇ ئازابلانمايدىغان، بىرسى كۆرۈپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشىمۇ قىلىپ كەتمەيدىغان بولدى. ئارىلاپ يۈرىكى سەل تارتىشىپ: «بۇ قىلىقىمنى ئاپام بىلىپ قالسا نېمە دېيىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئاپىسى ئۇنىڭ بۇنداق نومۇسسىز ئىشنى قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايتتى. شۇڭا، سىكارلېت دەسلەپتە ئاپىسىنىڭ تەلىپىدىكىدەك ئادەم بولۇشنى ئويلاپمۇ باقتى، لېكىن ئاشلېيىنىڭ خەتلىرىگە بولغان قىزىقىشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ خىياللىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپمۇ كەتتى. ھازىر ئۇ بۇ ئىشنىڭ ماھىر ئەھلى بولۇپ كەتكەنىدى، كۆڭلىگە كەلگەن ھەرقانداق كۆڭۈلسىز خىياللارنى يوق قىلىۋېتىشكە ئۇستا ئىدى، ئۆزىگە ئۆزى: «ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئۇ خىياللارنى ھازىر ئەمەس ئەتە ئويلاي» دەپ تەسەللىمۇ بېرەلەيتتى، ئەتىسى ئۇنى پەقەتلا ئويلىمايتتى ياكى ئويلاشنى كېچىكتۈرۈپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يامانلىق دەرىجىسىنى چۈشۈرۈپ، كۆڭۈلسىز ئىش ئەمەس ئىكەنغۇ دېگەن

هالەتكە كەلتۈرۈپ قويىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىپىنىڭ خەتلىرىنى ئوغرىلىقچە ئوقۇش ئۇنىڭ ۋىجدانى ئازابلىنىدىغان ئىشمۇ بولماي قالدى.

مىلانىيە ئاشلىپىدىن كەلگەن خەتلەرنى پەقەتلا ئۇلاردىن يوشۇرۇن تۇتمايتتى، بەزى يەرلىرىنى تېخى پەتتىپىپات بىلەن سىكارلىپتقا ئوقۇپمۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئوقۇمىغان يەرلىرىدە دەل سىكارلىپتنى ئازابقا سالىدىغان گەپلەر بار ئىدى، ئۇ ئەنە شۇ يەرلىرىدىكى گەپلەرنى بىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. سىكارلىپت ئۇ خەتلەردىن ئاشلىپىنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنمۇ مىلانىيەنى ياخشى كۆرىدىغان ــ كۆرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ راست ــ يالغانلىقىنى جەزمەن بىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ خەتلىرىدە مىلانىيەگە يېقىملىق گەپلەرنى قىلامدىغاندۇ؟ ھېسسىياتىنى قانداق ئىپادىلەيدىغاندۇ؟ ئىپادىلىگەندە قىزغىنلىق دەرىجىسى قانچىلىك بولىدىغاندۇ؟ قانداق گەپلەرنى ئىشلىتىدىغاندۇ؟

ئۇ خەتنى ئاۋايلاپ ئاچتى.

ئاشلىپىنىڭ رەتلىك يازغان ئۇششاق خەتلىرى كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. «سۆيۈملۈك مەھبۇبەم». بۇ گەپ بىردىنلا ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى بوشىتىۋەتتى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ مىلانىيەنى «قوزام»، «جىگىرىم» دېمەپتۇ.

«سۆيۈملۈك مەھبۇبەم، سىز خېتىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئوي ـ پىكىرلىرىڭىزنى مەندىن يوشۇرۇپ مېنى قورقۇنچاقا سېلىۋاتىسىز دەپسىز، يېقىندىن بېرى نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى سوراپسىز ...»

«ۋاي خۇدايىمەي، ــ سىكارلىپت سەل ئەندىشە بىلەن ئويلىنىپ قالدى، ــ ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئوي ـ پىكرىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرىدىكەن ـ دە. بۇ ئەھۋالدا مىلانىيە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەمدۇ؟ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنىچۇ؟ ئۇ ئىككىمىزدىن گۇمانلىنىپ قالغانمىدۇ يا؟ ...»

ئۇ خەتنى كۆزىگە تېخىمۇ يېقىن ئەكەلگەنىدى، قوللىرى تېخىمۇ تىترەپ كەتتى. ئاخىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن سەل خاتىرجەم بولدى.

«سۆيۈملۈك مەھبۇبەم، يوشۇردى دېيىلىدىغان بولسا، سىزنىڭ مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن، روھىي جەھەتتىكى تېگىرقاشلىرىمدىن ئەنسىرىمەسلىكىڭىز ئۈچۈن، خەتنى چوڭقۇرراق يازمىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك. مەن سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرالمايمەن، چۈنكى سىز مېنى بەكمۇ چوڭقۇر چۈشىنىسىز. مەندىن ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭ، مەن يارىلانمىدىم، ئاغرىپمۇ قالمىدىم. يېمەك ـ ئىچمىكىم ياخشى، راھەت ئۇخلايدىغان كارىۋىتىممۇ بار. بىر ئەسكەر ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەپمۇ بولمايدۇ. بىراق، مېلانىيە، يۈرىكىمدە نۇرغۇن ئېغىر ئوي ـ خىياللىرىم بار، سىزگە يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى تۆكۈپ بەرگۈم كېلىدۇ.

ياز كىرگەندىن بېرى كېچىلىرى ئۇيقۇم ياخشى ئەمەس. چىراغلار ئۆچۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ: ‹سەن بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ، ئاشلىي ۋىلكىس؟ كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىسەن؟›، دەپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم سوراپ كېتىمەن.

ئەلۋەتتە، نام ـ ئاتاق ۋە شان ـ شەرەپ ئۈچۈن ئەمەس. ئۇرۇش پاسكىنا نەرسە، مەن بولسام پاسكىنا نەرسىنى ياخشى كۆرمەيمەن. مەن ھەربىي ئادەم ئەمەس، زەمبىرەكتىن ئۆزۈمگە شەرەپمۇ ئىزدىمەيمەن. ئەمما مەن بۇ يەرگە كەلدىم، سەھرالىق بىر كىتابباز ئىدىم، ئۇرۇشقا قاتنىشىمەن دەپ كەلدىم. لېكىن، مېلانىيە، ھەربىي سىگناللار مېنىڭ قېنىمنى قىزىتالمىدى، جەڭ دۇمباقلىرى پۈتلىرىمنى مىدىرلىتالمىدى. مەن بىزنىڭ سېتىلغانلىقىمىزنى، جەنۇبلۇقلارنىڭ تەلۋە نەپسانىيەتچىلىكلىرى تەرىپىدىن سېتىلىپ كەتكەنلىكىمىزنى ئېنىق ھېس قىلىۋاتىمەن. بىز بىرىمىزنىڭ شىماللىقنىڭ ئون ئادىمىگە

تېتىيدىغانلىقىمىزغا، پاختىمىز بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىپ كېتىپتىمىز. بىزنى بىزنىڭ ئۈستىمىزدە تۇرغان، بىزنىڭ ھۆرمىتىمىز ۋە ئېتىقادىمىزغا ئېرىشىۋالغان ئاشۇ ئادەملەر سېتىۋېتىپتۇ، بىزنى «پاختا پادىشاھى»، «قۇللۇق تۇزۇم»، «ئىشتات ھوقۇقى»، «ئۆلگۈر شىماللىق ئالۋاستىلار» دېگەندەك قۇرۇق، چىرايلىق، بىر تەرەپلىمىلىك گەپلەر بىلەن تۇيۇق يولغا باشلاپتۇ.

مەن كارىۋىتىمدا يېتىپ تۇرۇپ «نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتىمەن؟» دەپ ئۆزۈمدىن ئۆزۈم سوئال سورىغان چاغلىرىمدا، ئىشتات ھوقۇقى، پاختا، نېگىرلار ۋە كىچىكىمدىن تەربىيە بىلەن سىڭىپ كەتكەن شىمالىلىقلارغا نەپرەتلىنىش دېگەنلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، ئەمما بۇ نەرسىلەرنىڭ مېنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشىمغا سەۋەب بولالمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى ئاق تۈۋرۈكلۈك ئۆيلىرىمىز، كېچىلەردە ئاي نۇرىنىڭ تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆيلەرگە چۈشۈپ تۇرۇشلىرى، ئىشىك ئالدىدا ئېچىلىپ كەتكەن چىرايلىق گۈللەر، يان تەرىپىدىكى تامغا يامىشىپ كەتكەن يۆگىمەچ گۈللەرنىڭ ئەڭ ئىسسىق چاغلاردىمۇ ئادەمگە سالقىنلىق بېرىپ ھۇزۇرلاندۇرۇشلىرى، ئاپامنىڭ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىش قىلىۋاتقانلىقلىرى، قۇللارنىڭ ئېتىزدىن ھېرىپ قايتقۇچە ئېيتىشقان ناخشىلىرى، قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتقان چىغىرىقنىڭ غىچىرلاشلىرى، چوڭ يولدىن دەريا بويىغىچە سوزۇلغان كېۋەزلىكلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. مەن بۇ يەرگە ئەنە شۇ نەرسىلەر ئۈچۈن كەلگەنىدىم، خىيالىمدا ئۆلۈم، ئازاب، شەرەپ ۋە ھەرقانداق بىر ئادەمگە قارىتا ئۆچمەنلىك يوق ئىدى. بۇ بەلكىم ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئائىلە ۋە يۇرتقا بولغان مۇھەببەتتۇ. بىراق، مېلانىيە، بۇنىڭ ئەھمىيىتى باشقا خىياللارغا قارىغاندا چوڭقۇرراق. مېلانىيە، يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى مەن قۇربان بېرىشكە رازى بولغان

نەرسىلەرنىڭ، مەن قىزغىن سۆيىدىغان ھاياتنىڭ سىمۋولى، خالاس. مەن بۇرۇنقى، مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ خىل ھايات ئۇسۇلى ئۈچۈن، تەقدىرىمنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر كۈرەش قىلماقچىدىم. مەن ئۇ ئارزۇيۇمنىڭ ئەمدى كەلمەسكە كېتىپ قالغانلىقىدىن بەكمۇ قايغۇرىمەن. چۈنكى، ھازىر بىز مەيلى غەلىبە قىلايلى ياكى يېڭىلەيلى، ھەر ئىككىسىدە ئۇ نەرسىلەردىن ئوخشاشلا مەھرۇم بولىمىز.

ئەگەر بىز بۇ ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىپ، شېرىن خىياللاردا بولغان پاختا پادىشاھلىقىنى بەرپا قىلغان ھالەتتىمۇ بىز بەربىر يېڭىلگەن بولىمىز. چۈنكى، بىز ئۇ چاغدا باشقا بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالىمىز، بۇرۇنقى تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش ئۇسۇللىرىمىزمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ يوقىلىدۇ. دۇنيا ئىشىكىمىزنى قېقىپ پاختا سېتىۋالىمىز دەيدۇ، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ باھايىمىزنى ئېيتىمىز. ئۇ چاغدا بىزمۇ ئوخشاشلا شىماللىق ئالۋاستىلاردەك، مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇرىدىغان، نەپسىمىز مەڭگۈ قانمايدىغان، ھەممە نەرسە تاۋارلىشىدىغان بولىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىز ھازىر نەپرەتلىنىدىغان نەرسىلەر. ئەگەر بىز يېڭىلسەكچۇ، مىلانىيە، بىز يېڭىلىپ قالساقچۇ؟

مەن خەتەردىن، ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشتىن، جەبرائىل كېلىپ قالغۇدەك بولسا ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايمەن، قورقىدىغىنىم، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن بۇرۇنقى دەۋرىمىزگە مەڭگۈ قايتىپ بارالماسلىق. مەن ئاشۇ دەۋرگە مەنسۇپ، بىر - بىرىنى قىرىدىغان بۇ غالجىر دەۋرنىڭ ئادىمى ئەمەسمەن. مەن يەنە كەلگۈسىدىكى دۇنيا بىلەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە ماسلىشاي دېسەممۇ چىقىشالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. سىزمۇ شۇنداق، سۆيۈملۈكۈم، چۈنكى سىز بىلەن مەن قانداق ئادەملەر، كەلگۈسىنىڭ بىزگە نېمىلەرنى ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ بىزگە

بۇرۇنقىدەك ئۇنداق گۈزەل ۋە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك تۇرمۇشنى ئەكېلىپ بېرەلمەيدۇ.

مەن يېنىمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان يىگىتلەرگە پات ـ پات قاراپ قويىمەن. ئىچىمدە قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ ياكى يالكىس ۋە كەيدىلەرمۇ ماڭا ئوخشاش خىياللاردا بولامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. مەن ئۇلارنىڭ ئىزىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن بىرىنچى پاي ئوق بىلەنلا ئۇ ئىزىمدىن مەھرۇم بولۇشقانلىقىنى، بىزنىڭ ئۇ ئىزىمىمىزنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىز ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇلاردا بۇ ئاڭ يوق، شۇڭا ئۇلار بەختلىك.

سىز بىلەن توي قىلغان چاغدا مەن ئۆزىمىز ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتمىگەن، «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تىنچ، خاتىرجەم ياشاپ كېتىۋېرىمىز دەپ ئويلىغان. مېلانىيە، بىز ئىككىمىز شۇنداق ئوخشىشىمىز، ئوخشاشلا تىنچ ياشاشنى ياخشى كۆرىمىز. شۇڭا، مەن ئالدىمىزدىكى كۈنلەرنى تىنچ، خاتىرجەم كۈنلەر دەپ ساناپ ئەركىن ـ ئازادە كىتاب ئوقۇيمىز، مۇزىكا ئاڭلايمىز ۋە چۈشلەرنى كۆرىمىز دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، بۈگۈنكىدەك بولارمىز دەپ كىم ئويلىغان؟ ھېچكىم ئويلىمىغان. بۇنداق كۈنلەرگە قېلىشىمىزنى، بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشلىرىنى، بۇنداق قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى، ئۆچمەنلىكلەرنى كىم خىيالىغا كەلتۈرگەن. مېلانىيە، بىز ئۈچۈن ئىشتات ھوقۇقى، قۇللار، پاختا دېگەنلەرنىڭ قىلچە قىممىتى يوق. بىزنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىمىزدىكى ئاپەتلەر ئۈچۈن جېنىمىزنى سېلىپ بېرىشكە ئەرزىگۈدەك ھېچقانداق نەرسە يوق. ئەگەر شىماللىقلار بىزنى يېڭىدىغان بولسا، بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنىڭ قورقۇنچلۇقىنى تەسەۋۋۇرىڭىزغا

سىغدۇرالمايسىز. سۆيۈملۈكۈم، ئۇلار بىزنى تارمار قىلىۋېتىدىغاندەكمۇ تۇرىدۇ.

بۇ گەپلەرنى سىزگە يازماسلىقىم كېرەك ئىدى ھەم مەن ئۆزۈممۇ ئويلىمىسام بولاتتى. لېكىن، سىز مېنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىمنى سوراپ قالدىڭىز، ئۆزۈمدىمۇ ھامىنى مەغلۇپ بولىمىزغۇ دەيدىغان بىر قورقۇنچ بار ئىدى، شۇ تۈپەيلى يېزىشقا مەجبۇرلاندىم. بىزنىڭ ئۆيدىكى باراۋەت ۋە بىزنىڭ توي قىلىدىغانلىقىمىزنى جاكارلىغان كۈندىكى ئىشلار ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ كۈنى چارلېستونلۇق باتلېر دېگەن ئادەم بىز جەنۇبلۇقلارنى نادان دەپ قويۇۋىدى، ھەممىمىز ئۇنى يەۋەتكۈدەك بولدۇق. ئۇ بىزدە پولات زاۋۇتلىرىنىڭ، فابرىكىلارنىڭ، پاراخوتلىرىمىزنىڭ، ھەربىي زاۋۇتلىرىمىزنىڭ، ئىستانوكلىرىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقاندا، قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئۇنى ئېتىپ تاشلىغىلى تاس قالغانلىقى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ شۇ چاغدا ئۇ شىماللىقلارنىڭ ھەربىي كېمىلىرى بىزنى قاتتىق قامال قىلىۋالىدىغان بولسا، پاختىلىرىمىزنى سىرتقا توشۇپ چىقالمايمىز، دېگەن. بىز ھازىر شىماللىقلارنىڭ قوش ئاتار، بەش ئاتار مىلتىقلىرىغا ئىنقىلاب دەۋرىدىكى كونا مىلتىقلار بىلەن قارشى جەڭ قىلىۋاتىمىز، قامالمۇ بارغانسېرى چىڭىپ دورا - ئوكۇللارنىمۇ توشۇپ كېلەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىمىز. ئەسلىدە بىز باتلېرغا ئوخشاش سوغۇق سۇ چاچقۇچىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇلار ئەھۋاللارنى بىلەتتى، سىياسىيونلارغا ئوخشاش مەسىلىنى تومتاق ھالدا ھېس قىلىپلا بولدى قىلماي ئاشكارا سۆزلەيتتى. ئۇ شۇ چاغدا جەنۇبنىڭ بۇ ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشىدا پاختىسى بىلەن تەكەببۇرلۇقىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، دېگەنىدى. ھازىر پاختىنىڭ ھەر ھالدا قىممىتى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ دېگىنىدىن پەقەت تەكەببۇرلۇق دېگىنىلا قالدى. مەن بۇ خىل تەكەببۇرلۇققا، ئۇ بىر چەكسىز جاسارەت،

دەپ تەبىر بېرەلمەيمەن. ئەگەر ...»

سىكارلېت خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇماي قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىپ قويدى، ئوقۇغانسېرى ئىچى پۇشقان، خەتتىكى ئۇ گەپلەر، يېڭىلىش توغرىسىدىكى ئەخمەقانە قاراشلاردىن بىر خىل قىسىلىش ھېس قىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ خەتلەردىن ئاشلېينىڭ چۈشىنىكسىز ۋە مەنىسى يوق قۇرۇق ئىدىيەسىنى بىلىش ئەمەس ئىدى، بۇنداق گەپلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن تارادىكى كارىدوردا ئولتۇرۇپمۇ ئاڭلىغانىدى.

ئۇنىڭ بىردىنبىر بىلمەكچى بولغىنى ئاشلېينىڭ خوتۇنغا قىزغىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ يازغان خېتى ئىدى. قارىغاندا، ئۇ ھازىرغىچە ئۇنداق خەت يېزىپ باقمىغان ئوخشايدۇ. سىكارلېت ھەممە خەتنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقىپ، ئاكىسى سىڭلىسىغا يازالمايدىغان گەپلەر بىلەن يېزىلغان بىر پارچىمۇ خەت كۆرمىدى. خەتلەر ناھايىتى سەممىي، يۇمۇرلۇق ۋە ئىختىيارىي يېزىلغان، ئەمما بىرسىمۇ مۇھەببەت خېتى ئەمەس ئىدى. سىكارلېتقا يېزىلغان قىزغىن ھېسسىياتلىق مۇھەببەت خەتلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى، بىرلا ئوقۇغان ئادەم ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ھېسسىيات ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقىماي قالمايتتى. بۇ خەتلەردە بولسا ئۇنداق ئالاھىدىلىكلەردىن ئەسەرمۇ يوق. شۇڭا، ئۇ ھەر قېتىم بۇ خەتلەرنى كۆرگەندە خۇددى مەقسىتىگە يېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتى، چۈنكى بۇ خەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپ، ئاشلېي ھازىرغىچە مېنى ياخشى كۆرىدىكەن، دەپ كېسىپ ئېيتالايتتى. بەزىدە مېلانىيەنى مەنسىتمەي، نېمىشقا ئۇ ھازىرغىچە ئاشلېينىڭ ئۇنى بىر دوست قاتارىدا كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغاندۇ؟ دەپمۇ ئويلايتتى. مېلانىيە ئېرىنىڭ خېتىدە بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى زادىلا ھېس قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇمۇ چۈشىنىشلىك، ئۇ بىرەر قېتىممۇ يىگىتلەردىن مۇھەببەت خېتى ئالمىغان، شۇڭا ئاشلېينىڭ خېتىنى سېلىشتۇرۇپ ئۇ كەملىكنى ھېس قىلالمايدۇ.

«ئۇ نېمىشقا بۇنداق غەلىتە خەتلەرنى يازىدىغاندۇ، — ئويلىدى سىكارلېت، — ئەگەر مېنىڭمۇ ئېرىم هايات بولۇپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەنىسىز خەت يازىدىغان بولسا ئۇنى نېمە قىلىۋېتەتتىمكىن. چارلېسمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق يازاتتى.»

سىكارلېت خەتلەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا قاراپ ئۇلارنىڭ قايسى چاغدا، قانداق مەزمۇندا يېزىلغانلىقىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە كونۋېرتلارنى قايرىپ ۋاقتىغا قاراپ چىقتى. ئۇ خەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەسكەرلىك تۇرمۇش ۋە جەڭلەر توغرۇلۇق تەسىرلىك گەپلەرمۇ يوق ئىدى، دارس مادېنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ياكى بىچارە مىكلورنىڭ ئىككى سىڭلىسىغا يازغان خېتىچىلىكمۇ ئەمەس ئىدى. مادې بىلەن مىكلور ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ خەتلىرىنى ماختىنىپ تۇرۇپ خەقلەرگە ئوقۇپ بەرسە، سىكارلېتنىڭ ئۇ خەتلەرنىڭ ئاددىيلىقىغا نومۇسى كېلىپ كېتەتتى. دېمەك، مېلانىيە ئاشلېيدىن شۇنداق مەزمۇندا خەت ئالىغاچقا، تىككۈچىلىك ئۇيۇشمىسىدا ئۇ خەتلەرنى خەقلەرگە ئوقۇپ بېرەلمەيتتى.

ئاشلېي مېلانىيەگە يازغان خەتلىرىدە ئەتەي ئۇرۇشنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىغاندەك، سامتېر قەلئەسى ۋەقەسىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ يازمايتتى. يازىدىغىنى مېلانىيە ئىككىسىنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى، ئاڭلىغان مۇزىكىلىرى، ئىككىسىگە تونۇشلۇق دوستلىرى ۋە ئىلگىرى ئۆزى ساياھەت قىلىپ بارغان يەرلەرنىڭ گەپلىرى ئىدى. ھەممە خەتلەر «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە قايتىپ بېرىش ئارزۇسى، ئوۋ، سوغۇق كۆز، يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا ئورمانلىقتىكى جىمجىت يوللاردا ئات مىنىپ مېڭىش، باراۋەتلەر، باراۋەتلەردىكى قىزىق ئىشلار، جىمجىت ئايدىڭ كېچىلەر، قەدىمكى تۇرالغۇسىدىكى تىمتاس گۈزەللىكلەرگە بولغان تەسۋىرلەشلەر بىلەن توشقانىدى.

سىكارلېت ھازىر ئوقۇغان خەتتىكى: «بۇگۈنكىدەك ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمەن، خىيالىمغا كىرىپ

چىقماپتىكەن» دېگەن گەپلەر ئۇستىدە ئويلىنىپ، ئازابلىق روھىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇنى خۇددى دۇچ كېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما دۇچ كەلمەيمۇ بولمايدىغان بىر نەرسىگە دۇچ كېلىپ چىرقىراپ كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ قالدى. بۇ سىكارلېتنى ھەيران قالدۇردى، چۈنكى ئاشلېي ئۆزى ئېيتقاندەك يارىلىنىشتىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمىدىن قورقىدۇ؟ سىكارلېت ئەزەلدىن بىر ئىشلارغا باش قاتۇرۇپ كەتمەيتتى، لېكىن ھازىر بۇ خىل مۇرەككەپ ئىدىيەۋى كۈرەش بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى.

«ئۇرۇش ئۇنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، قىيىن ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ ... مەسىلەن مەن ... ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما مەن بىلەن توي قىلىشتىن قورقتى. ئاساسلىقى مېنىڭ ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرلىرى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىمدىن ئەنسىرىدى. ياق، ئۇ ناتايىن، ئاشلېي ئۇنداق قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس، تېز خەۋەرلەر گېزىتىدە تەقدىرلەندىغۇ؟ كاپىتان سىلونمۇ مېلانىيەگە يازغان خېتىدە ئۇنىڭ ھۇجۇمنىڭ ئالدىدا ماڭغان قەھرىمانلىقىنى ماختاپتىكەنغۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قورقۇنچاق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ قىلىمەن دېگەن ئىشىدا شۇنچىلىك باتۇر ھەم كەسكىن. بىراق ... بۇ ئادەم تاشقى دۇنيادا ئەمەس، ئۆزىنىڭ كاللىسى ئىچىدە ياشايدۇ، شۇڭا رېئاللىققا چۈكۈشنى خالىمايدۇ. سىكارلېت ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداقلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىلگەن بولسام ئۇ چوقۇم مەن بىلەن توي قىلاتتى.»

سىكارلېت ئۇ خەتلەرنى مەيدىسىگە چىڭ چاپلاپ ئاشلېينىڭ خىيالى بىلەن بىردەم تۇرۇپ كەتتى. ئاشلېينى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئاشلېيغا بولغان ھېسسىياتىدا پەقەتلا ئۆزگىرىش بولۇپ باقمىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ئون تۆت ياشتا ئىدى، شۇ كۈنى ئۇ كارىدوردا تۇرۇپ ئاشلېينىڭ چىرايىدا

كۆلكە، ئاتلىق ئاستا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئەتىگەنلىك قوياش نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭدا شۇ خىل ھېسسىيات پەيدا بولۇپ ھاياجانلانغىنىدىن گەپ قىلالماي قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى مۇھەببىتى ياش بىر قىزنىڭ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بىر ئەرگە بولغان ھەۋىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ ئەردە سكارلېتتا يوق نۇرغۇن خىسلەتلەر بار ئىدى، بۇلار دەل ئۇنىڭدا ئۇ ئەرگە قارىتا ھەۋەس قوزغىغانىدى. ئاشلېي ئۇنىڭ نەزىرىدىكى نۇقسانسىز رېتسار بولۇپ، ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇ ئەردىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇمىد قىلىدىغىنى بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇشلا ئىدى.

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سكارلېت ئاشلېينىڭ مېلانىيە بىلەن توي قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەندى. ئەمدى ئۇنىڭ ئارتۇقچە ئارزۇ - ئارمانلىرى قالمىغانىدى. ئۇ ھېلىمۇ ياش، سەبىي قىز. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا چارلېس ئۆزىنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرى ۋە نومۇسچان ئىللىق ئەركىلىتىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى قوزغىيالىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاشلېيدىن كۈتىدىغان شېرىن خىياللىرى ئۇنىڭ بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمىگەن بولاتتى. لېكىن، ئاشۇ بىرنەچچە ئايلىق كېچىلەردە چارلېس ئۇنىڭ نازۇك ھېسسىياتىنى غىدىقلاپ ئويغىتالمىدى، ئەر - خوتۇنلۇق تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىتالمىدى. نەتىجىدە سكارلېت ھېسسىيات تەۋرىنىشلىرىنى، تەن بىلەن روھنىڭ ھەقىقىي بىرلىشىشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇقماي قىز ۋاقتىدىكى روھىي ھالىتى بىلەنلا قېلىپ قالدى.

سكارلېتنىڭ قارىشىچە، جىنسىي تەلەپ پەقەت ئەرلەرنىڭ چۈشىنىپ بولمايدىغان تەلۋىلىكىگە بويسۇنىدىغان، ئاياللار قىلچە راھەت ئالالمايدىغان ئازابلىق ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئاخىرى

ئايالLارنى تېخىمۇ ئازابلىنارلىق بولغان تۇغۇتقا ئېلىپ باراتتى. توي قىلىشمۇ شۇنداق بىر ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر قىزىقى يوق ئىدى. تويدىن ئىلگىرى ئاپىسى ئۇنىڭغا توي قىلىشنىڭ ئايالLارنىڭ چىدىشى كېرەك بولغان، قىلمىسا بولمايدىغان مەلۇم بىر تەنتەنىلىك ۋە قەتئىي ئىش ئىكەنلىكىنى يۇراتقانىدى. كېيىن ئۇ تۇل قېلىپ، توي قىلغان قىزلارنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە پىچىرلاپ قىلىشقان پاراڭلىرىدىن ئاپىسىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلگەنمۇ بولدى ۋە ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋەس، توي دېگەندەك رەسمىيەتلەرنى ئورۇنلاپ بولغانلىقىغا خۇشالمۇ بولدى.

ئەمدى سكارلېتنىڭ توي دېگەن نەرسە بىلەن ھېچقانداق باردى ـ كەلدىسى يوق ئىدى، ئەمما مۇھەببەت باشقا گەپ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاشلېيغا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋەس، توي دېگەنلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئۇ مۇقەددەس ھەم ئادەمنى لەرزىگە سالىدىغان ئاجايىپ گۈزەل نەرسە، ئۇزاققىچە تىنۋىشىنى چىقارمايدىغان، ئەمما تەلپۈنۈش ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇلار ئىچىدە ئاستىرتىن كۆچىيىپ بارىدىغان قايناق ھېسسىيات.

سكارلېت چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ خەتلەرنى ئاۋايلاپ كۆك لېنتىغا چىگدى، چىگمۇېتىپ يەنە بىر قېتىم (مىڭىنچى قېتىم)، ئاشلېينىڭ ۋۇجۇدىدا مەن چۈشەنمەيدىغان يەنە قانداق نەرسە باردۇ، دەپ ئويلاپ قالدى ۋە بۇ ئويىدىن ئۆزى رازى بولغۇدەك بىر نەتىجە چىقارماقچىمۇ بولدى، لېكىن ھەر قېتىمقىدەك ئۇ كۆتكەن نەتىجە ئۇنىڭ ئاددىي كاللىسىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنماي زادىلا ئوتتۇرىغا چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەتلەرنى قۇتىغا سېلىپ ئاغزىنى يېپىپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا بايا ئوقۇغان خەتنىڭ ئاخىرىدىكى كاپىتان باتلېر توغرۇلۇق يېزىلغان گەپلەر ئېسىگە كېلىپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. قىزىق ئىش، قانداق بولۇپ ئۇ لۇكچەكنىڭ بىر يىل بۇرۇن

قىلغان گېپى ئاشلىيىدا شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدۇ؟ كاپىتان باتلېر تانسىنى چىرايلىق ئوينىغىنى بىلەن ئۇچىغا چىققان لوكچەك. ئۆتكەنكى يىغىلىشتا جەنۇب توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرى دەل ئاشۇنداق لوكچەكلەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ.

سىكارلېت ئۇدۇلدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەغرۇر ھالدا چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ ئاپپاق سۇزۇك چىرايىنى، زۇمرەتتەك كۆپكۆك كۆزلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولغاندەك، ھازىرمۇ بۆلەكچىلا روھلىنىپ زىنىخلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويدى، زىنىخلىرىغا تويماي قاراۋېتىپ، ئاشلىيىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ زىنىخلىرىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى، كاپىتان باتلېرمۇ خىيالىدىن چىقىپ كەتتى. بىر ئايالنىڭ ئېرىگە كۆيۈپ يۈرۈش، ئۇنىڭ خەتلىرىنى ئوغرىلىقچە ئوقۇش دېگەنلەر ئۇنى پەقەتلا ۋىجدانىي ئازابقا سالمىدى، شۇڭا ئۇ ھازىر خاتىرجەم ھالدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋەسى كېلىپ ۋە ئاشلىيىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا باشقىدىن ئىشەنچ تىكلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ يەنە بوش يېپىپ قويدى، ئاندىن روھلۇق ھالدا پەلەمپەيگە قەدەم قويۇپ يېرىمىغا كەلگەندە «دەھشەتلىك بۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا» دېگەن ناخشىغا غىڭشىپ ماڭدى.

## ئون ئىككىنچى باب

ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى، كۆپ جەڭلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئەمما، كىشىلەر بۇرۇنقىدەك «غەلىبىلىك جەڭدىن يەنە بىرنى قىلساقلا ئۇرۇش تۈگەيدۇ»، شىماللىقلار قورقۇنچاق، دېگەندەك گەپلەرنى ئەمدى قىلىشمايدىغان بولدى. ئۇلار

شىماللىقلارنىڭ قورقۇنچاق ئەمەسلىكىنى، بىر جەڭ بىلەنلا ئۇلارنى يوقىتىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالغانىدى. بىراق، گېنېرال مورگان بىلەن گېنېرال فورربېستىنىڭ قوماندانلىقىدا تېننىس بىلەن بول رونىدا قىلغان ئىككى قېتىملىق غەلىبىلىك جەڭمۇ شىماللىقلارنىڭ ئارمىيەسىنى تارمار قىلغان ئۇلجا قاتارىدا ماختىنىشقا ھەر هالدا ئەرزىيتتى. ئەلۋەتتە، بۇ غەلىبە خېلى زور چىقىم بەدىلىگە كەلدى. ئاتلانتادىكى ھەرقايسى دوختۇرخانىلار بىلەن بەزى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرى ياردارلار بىلەن توشۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئائىللار قارىلىق كىيىملەرنى كىيىشكە باشلىدى، ئوكلاند قەبرىستانلىقىدىمۇ جەڭچىلەرنىڭ قەبرىلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

جەنۇب ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلىنىڭ كۇرسى ئادەم چۆچۈگۈدەك دەرىجىدە چۈشۈشكە باشلىدى، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىمۇ شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتاتتى. ئاق ئۇن ھەم قىممەت، ھەم تاپماق قىيىن بولغاچقا، بارلىق نەرسىلەر قوناق ئۇنىدا پىشۇرۇلاتتى. گۆش دۇكانلىرىدا كالا گۆشى يوق دېيەرلىك ئىدى، قوي گۆشىمۇ ئىنتايىن ئاز سېتىلاتتى، قوي گۆشىنىڭ باھاسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، پەقەت بايلارلا سېتىۋالالايتتى. ياخشى يېرى، چوشقا گۆشى، توخۇ گۆشى ۋە كۆكتاتلار خېلى يېتەرلىك ئىدى.

شىماللىقلار جەنۇبلۇقلارنىڭ پورتلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق قامال قىلىۋالغاچقا، قەھۋە، تاۋار ـ دۇردۇن، ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەر، ئەتىرلەر، ھەر خىل كىيىم مودېللىرىنىڭ كىتابلىرى ۋە باشقا ئوقۇشلۇقلار ئىنتايىن ئاز ۋە شۇنچىلىك قىممەت ئىدى. ئەڭ ئەرزان پاختا رەختلىرىنىڭ باھاسىمۇ ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ ئايالىلىرى قىممەت رەختلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمەي كونا كىيىملىرىنى ئۆرۈپ تىكىپ كىيىشىدىغان بولدى. ئۇزۇن يىل ئۆگزىلەردە توپا بېسىپ ياتقان

رەخت توقۇيدىغان دۇكانلارنى ئەپچۇشۇپ، ھەر خىل رەختلەرنى ئۆزلىرى توقۇپ كىيىشتى. ئاۋام خەلق، ئەسكەرلەر، ئاياللار، باللار ۋە تېگىرلارنىڭ ئۇچىلىرىدا ئۆزلىرى توقۇغان رەختلەردىن تىكىلگەن ھەر خىل كىيىملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ھەممە دوختۇرخانىلاردا خىنىن، كالومېل، ئەپيۇن، يود دېگەندەك دورىلار ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. داكا بىلەن ئاق خەسىلەرمۇ يوق، بولسىمۇ ئىنتايىن قىممەت ئىدى، ئىشلىتىپ بولۇنغانلىرى تاشلىۋېتىلمەيتتى، دوختۇرخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئاياللار ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ يۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، دەرمال سېلىپ باشقا ياردارلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىشقا ئىشلىتەتتى.

تۇل خوتۇنلۇق قەپىسىدىن يېڭىلا قۇتۇلۇپ چىققان سكارلېت ئۇچۇن، ئۇرۇش مەزگىللىرى ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ۋە روھلاندۇرىدىغان مەزگىل ئىدى، قورساقتىن، كىيىم - كېچەكلەردىن قىسىلىشلارمۇ ئۇنىڭغا ئانچە ئازاب تۇيۇلۇپ كەتمىدى، ئۇ بىپايان زېمىن قوينىغا قايتا قايتىپ بارسىلا ھەر قانداق شارائىتقا كۆنۈپ كېتەلەيتتى.

سكارلېت مەنىسىز ۋە ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىللىق ھاياتىنى ئەسلەپ، ھازىرقى ھاياتىنىڭ شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك، ئۆزگىرىشلەرمۇ شۇنچىلىك تېز، شۇنچىلىك كۆپ بولۇۋاتقىنىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى بىر ھاياجانغا تولغان كۈن باشلىناتتى: يېڭى - يېڭى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى، ئۇلار ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكۈسى بارلىقىنى ئېيتىشاتتى، ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى تەرىپلىشەتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن جەڭلەردە ھاياتىنى قۇربان قىلىش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشەلىسە ئۆزلىرىنى بەختلىك سانايدىغانلىقىنى سۆزلىشەتتى. ئۇ ئاشلېينى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەپىسى قالغۇچە ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق، لېكىن ئۇ ئەقىدىسى ئۇنىڭ

ئـەرلەرنـى ئـۆزـگـە كـۆيـدۈرۈشـى، ئـۇلارنـىڭ ئـۆزـگـە تـەلـەپ قويۇشلىرىغا ھېچقانداق توسقۇنلۇق كۆرسىتەلمەيتتى.

ئۇرۇشنىڭ داۋاملىشىشى ئارقا سەپتىكى ئاددەملەرگە قائىدە ـ يوسۇنلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىجتىمائىي ئالاقىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قېرىلار قاتتىق چۆچۈشكە باشلىدى. ئاتا ـ ئانىلار يات ئەرلەرنىڭ قىزلىرىنى ئىزدەپ كېلىشىۋاتقانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ئەرلەرنىڭ يا تونۇشتۇرۇش خېتى يوق، يا سالاھىيىتى ئېنىق ئەمەس ئىدى. تېخى ئۇ قىزلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئالدىدىلا ئۇ ئەرلەر بىلەن قوللىرىنى تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇپ كېتىشەتتى. مېرۋېتېر خانىم ئېرىنى توي قىلغاندىن كېيىن سۆيگەنىدى، ھازىر ئۇنىڭ قىزى مايېبېل پاكار پىدائىي ئەسكەر رېنى پىكارد بىلەن سۆيۈشۈۋاتىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە قانداق ئىشەنسۇن؟ بولۇپمۇ مايېبېل ئاپىسىنىڭ كۆرۈپ قالغىنىدىن قىلچە خىجىل بولمىدى. بۇنىڭدىن مېرۋېتېر خانىم تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى. رېنى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئېيتسىمۇ، ئۇ موماينىڭ روھىي ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيتتى. مېرۋېتېر خانىم جەنۇبنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا ۋە دائىم كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشقا باشلىدى. باشقا ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشتى. ئۇلار بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇشتىن كۆرەتتى.

بىراق، بىر ھەپتىدىن كېيىن جەڭدە ئۆلۈپ كېتەمدۇ ياكى بىر ئايدىن كېيىنمۇ، بۇنى بىلمەيدىغان ئەرلەر ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان قىزلىرىنىڭ ئەركىلەتمە ئىسىملىرىنى (ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كەينىدە «خانقىز» سۆزىمۇ بار) بىر يىل ساقلاپ ئاندىن چاقىرىشقا كۆتمەيتتى، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، قىزلاردىن ئۇزاقتا جاۋاب ئېلىشقا تېخىمۇ تاقەت قىلالمايتتى، ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىچىدىلا توي ۋاقتىنى بېكىتىشنى تەلەپ

قىلاتتى، قىزلارمۇ يۇقىرى تەبىقىنىڭ قىزلىرى يىگىتلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئۇچ قېتىم رەت قىلىپ، ئاندىن جاۋاب بېرىدىغان ئادەتلىرىنى بىلىشىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي بىرىنچى قېتىمدىلا ئالدىراپ ماقۇل دەيدىغان بولۇشتى.

بۇ غەيرىي نورمال ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇرۇش سكارلېتقا تېخىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلۇشقا باشلىدى. سېستىرالىقنىڭ پاسكىنا خىزمەت ئىكەنلىكىنى، داكا ئوراشنىڭ قىيىنلىقىنى دېمىسە، ئۇرۇش مەڭگۈ داۋاملاشسىمۇ ئۇ قورقۇپ قالمايتتى. ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆگىنىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ يەر ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئوۋ مەيدانى ئىدى، تايانچىسىز ياردار ئەسكەرلەر ئۇنىڭ جەلپكارلىقى بىلەن ئۇنىڭغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ، يۈزلىرىنى يۇيۇپ، ياستۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ قويسىڭىزلا ئۇلار سىزنى تېزلا ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. ئاھ، مەنىسىز ئۆتكەن بىر يىلغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يەر دېگەن جەننەت ئىكەنغۇ.

سكارلېت ھازىر چارلېس بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە قايتىۋاتاتتى، چارلېس بىلەن توي قىلمىغاندەك، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىغاندەك، ۋادنى تۇغمىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇرۇش، توي قىلىش، بالا تۇغۇشلار روھىي ھالىتىگە، چىرايىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەندەك، بىر ئاز بولسىمۇ ئۆزگىرىش يوق، ئىلگىرىكىدەكلا ئىدى. ئۇنىڭ بالىسى بار، لېكىن ئۇنى قىزىل خىشلىق ئۆيدىكى ئاشۇ ئادەملەر باقىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇ ئۇنى ئۇنتۇپمۇ قالىدۇ. ھازىر ئۇ ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە بۇرۇنقى سكارلېت، ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان بۇرۇنقى ساھىبجامال ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرى بۇرۇنقى ھالىتىگە يانغانغا يارىشا پائالىيەت زېمىنىمۇ بۇرۇنقىدىن نۇرغۇن كېڭىيىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ

پىتتىي ھاممىنىڭ دوستلىرىنىڭ غەيۋەتلىرىگە پىسەنت قىلماي، تىوي قىلىمىغان چاغدىكىدەك ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدۇ، زىياپەتلەرگە، تانسىلارغا بارالايدۇ، جەڭچىلەر بىلەن ئات مىنىپ سىرتلارغا چىقالايدۇ، ھەتتا ئۇلار بىلەن چاقچاقمۇ قىلىشالايدۇ. ئىشقىلىپ، قىز ۋاقتىدا قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلالايدۇ، ئەمما ئۇستىدە يەنىلا قارىلىق كىيىملىرى بار. ئۇنى سىپىلىۋەتسىمۇ ھېچگەپ ئەمەس، لېكىن ئۇنداق قىلىشقا پىتتىيپات بىلەن مېلانىيە ئۇلىسىمۇ قوشۇلمايدۇ. تۇل خوتۇن تۇرۇپمۇ قىز ۋاقتىدىكىدەك گۇزەل تۇرسا يەنە ئۇلارنى رەنجىتىپ نىمە قىلىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىنى توسمىسىلا، ئۇنى خىجالەت قىلمىسىلا ئويۇنىنى ئويناپ، قىلىدىغىنىنى قىلىپ يۇرىۋەرمەمدۇ، ئۇ شۇنىڭغا رازى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ چىرايى، ھەممىلا ئادەمنىڭ ۋاي دەپ تۇرۇشلىرىمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ.

بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى ئۇنى بىزار قىلغان بۇ ماكان ئەكسىچە ھازىر ئۇنى خۇشال قىلىۋاتاتتى. ئۇ يېڭىدىن تاپقان يىگىتلىرى ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تەڭداشسىز گۇزەل دەپ ماختاشلىرى ئۇچۇن خۇشال ئىدى. سكارلېت ئاشلىي مېلانىيە بىلەن توي قىلىپ، ئەمدى ھازىر خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋالدا مۇشۇ چەكسىز شادلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى. ھازىر ئاشلىي يىراقتا بولغاچقا، ئۇنىڭ باشقا بىرسىگە مەنسۇپ بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىغا چىدىماق ئاسان، بەزىدە ئۇنى ئۆزىنىڭكىدەك ھەم مېلانىيەنىڭكىدەكمۇ ئويلاپ قالىدۇ.

1862 ـ يىلىنىڭ كۇز پەسلى ئەنە شۇنداق سېسترالىق قىلىش، تانسا، پەيتون ساياھىتى، داكا ئوراش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. تاراغا بىرقاتچە قېتىم بېرىپمۇ ئۇ يەردە تۇزۇكرەك تۇرالمىدى. تاراغا بېرىشلار ئۇ ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك كۆڭۇللۇكمۇ بولۇپ كەتمىدى، ئاتىلانتادا تۇرۇپ ئارزۇ قىلغىنىدەك ئاپىسى بىلەن قانغۇدەك مۇڭدىشالمىدى، ئۇنىڭ

بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يىگنە ئىشلىرىنى قىلغۇدەك، ئۇنىڭ تېنىدىن چىقىدىغان گۈلنىڭ پۇراقلىرىدەك مەززىلىك پۇراقلارنى پۇرىۋالغۇدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى، ئۇنىڭ ئىللىق قوللىرىغا مەڭزىنى ياقالمىدى.

ئاپىسى ئورۇقلاپ قاپتۇ، خۇددى كۆڭلىدە بىر ئىش باردەك غەمكىن. ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، كەچتە ھەممە ئادەم ئۇخلاپ بولغاندا ئۇخلايدىكەن. ئالدىنقى سەپنى ماددىي بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدىغان تەمىنات ئورنىنىڭ ئېھتىياجىمۇ ئايمۇ ئاي ئېشىپ كېتىپتۇ. ئاپىسى شۇ ئېھتىياجغا ماسلىشىش ئۇچۇن تارا قورۇقىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ پېيىدىلا يۈرىدىكەن. دادىسىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن، جوناس ۋىلكېرسوننىڭ ئورنىغا نازارەتچى تاپالماي، ھەر كۈنى ئۆزى ئاتلىق چىقىپ ئېتىزلىقلارنى ئارىلايدىكەن. سكارلېت شۇ سەۋەبلەردىن بۇ يەردە زادىلا ئۇزاق تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى سىڭلىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارايدىغانغا چولىسى يوق. سۇئېللېن بىلەن فىرانك كېنىدى ئىككىسى تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان ھالەتكە بېرىپتۇ، كاررىن بىرىنىت تارلېتونغا كۆيۈپ - پىشىپ يۈرۈپتۇ، ئۇنىڭمۇ سكارلېت بىلەن مۇڭداشقۇدەك، ئۇنى خۇشال قىلغۇدەك ۋاقتى يوق ئىكەن.

سكارلېت ھەر قېتىم تاراغا بەكمۇ خۇشال كەيپىيات بىلەن كېلەتتى، كېلىپلا ئۇزاق ئۆتمەي پىتتىيپات بىلەن مېلانىيەنىڭ ئۇنىڭ تېززەك قايتىپ كېلىشىنى سۇيلەپ يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ قايتىشقا توغرا كەلگەندە كۆڭلى يېرىم بولمايتتى. مۇشۇنداق چاغلاردىلا ئاپىسى چوڭ قىزى بىلەن نەۋرىسىنى ئېسىگە ئالغاندەك، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

— مەن ئۆزۈمنى دەپلا سېنى تۇتۇپ قالالمايمەن، ئاتلانتادىكى سېستىرالىق ئىشىڭمۇ مۇھىم، — دەيتتى ئاپىسى، — پەقەت ... پەقەت سەن بىلەن، سۆيۈملۈكۈم، قانغۇدەك پاراڭلىشالمىدىم،

يۇرەك سۆزلىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە ئېيتالمىدۇق، مانا ئەمدى سەن ماڭىمەن دەۋاتىسەن.

— مەن مەڭگۈ سىزنىڭ كىچىك قىزىڭىز، — دەيتتى سىكارلېت بېشىنى ئاپىسىنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق ئالدىراپ قايتىشىنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ يەردىكى تانسىلار ۋە يىگىتلەر ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئاپىسىغا ھەرگىز ئېيتمايتتى. ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى ئاپىسىدىن يوشۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىرسى، رېت باتلېرنىڭ دائىم پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئىدى.

ئاشۇ قېتىمقى ئىئانە پائالىيىتىدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە رېت باتلېر شەھەرگە كەلسىلا پىتتىيپات ھاممىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇردى. ئۇ كېلىپلا بىردەمدىن كېيىن سىكارلېتنى پەيتونغا سېلىپ سىرتلارغا ئېلىپ چىقاتتى، تانسىلارغا، ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىگە ئېلىپ باراتتى ھەم دوختۇرخانىنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى. سىكارلېتمۇ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئاشلىپي بىلەن قىلىشقان ھېلىقى گەپلەرنى ئۇنىڭ بىلىپ قالغانلىقىدىن پەيدا بولغان ئەندىشە ھېلىمۇ ھەم مەۋجۇت ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم بىر نېمە دېيىشىپ قالغاندا ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلالمايتتى، بۇنداق سۇركىلىشلەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دائىم بولۇپ تۇراتتى.

باتلېر ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشلاردا بار بولۇپ، سىكارلېتنىڭ تونۇشقان ھەرقانداق يىگىتىدىن چوڭ ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى كىچىك بالىدەك مىدىر - سىدىر قىلالمايتتى، باشقا ياش يىگىتلەرنى ئىدارە قىلالىغىنىدەك ئۇنى

ئىدارە قىلالمايتتى. باتلېر بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، دۇنيا ھەيران قالىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئويۇنچۇققا ئوخشايدىغان نەرسىدەك بەخىرامان ئىدى. شۇڭا، سكارلېت ئاچچىقى كېلىپ بۇتلىنىپ قالغان چاغلىرىدا، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئويۇن بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپمۇ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئاچچىقىنى باسالمىغان بىلەن، باتلېرنىڭ تەكەببۇر قىياپەتتە سوغۇق ھىجىيىپ تۇرۇشلىرىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئاچچىقىنى قاتتىق باساتتى، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتەتتى. يەنە تېخى ئۇنى ئاچچىقى كېلىپ سەكرەپ كەتسىكەن دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى.

سكارلېت ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ قالغاندا پەقەتلا ئۇستۇنلۇككە چىقالمايتتى، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ بولمايدىغان ئادەم ئىكەن، تەربىيە كۆرمىگەن، ئېسىلزادىلەردەك ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى باردى ـ كەلدى قىلمايمەن، دەپ ئىچىدە قەسەممۇ ئىچەتتى. ئەمما، باتلېر ئاتلانتاغا كەلگەندە، پىتتىپىيات ھاممىنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، ياغلىما گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا ناسسۇدىن ئەكەلگەن كەمپۈتلەرنى بەرسە ياكى مۇزىكا ئاڭلاش سورۇنلىرىدا ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالسا ۋە ياكى ئويناۋېتىپ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىۋالسا، ئۇنىڭ خۇشامەتلىرىگە، يۈزى قېلىنلىقىغا كۈلگۈسى كېلىپ پىخىلداپ كۈلۈپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر قېتىم گەپ تالىشىپ خاپىلىشىپ قالغۇچە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتەتتى.

باتلېرنىڭ بەزى قىلىقلىرى ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرسىمۇ سكارلېت يەنىلا ئۇنى سېغىنىپ قالاتتى. باتلېرنىڭ ۋۇجۇدىدا چۈشىنىپ بولمايدىغان، لېكىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان، ئۇ تونۇشقان ھېچقانداق ئادەمدە تېپىلمايدىغان بىر

نەرسە بار ئىدى. بەستلىك قامەتلىك ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى، شۇڭا، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە سىكارلېتنىڭ بەدىنىدە ئۇشتۇمتۇتلا بىر خىل غىدىقلىنىش پەيدا بولۇپ قالاتتى. باتلېرنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن ئادەمنى مەنسىتمىگەندەك بىر خىل مەسخىرە ئويناپ تۇراتتى، بۇ ھالەت سىكارلېتنى روھىي جەھەتتىن قوزغىتىپ، ئۇنىڭدا ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئىستىكىنى قوزغايتتى.

«مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقاندىمەنمۇ، — بەزىدە ئۇ شۇنداق ئويلاپ ھەيرانمۇ بولاتتى، — ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئۇنداق بولمىسا، ئەمىسە نېمە ئىش ئۇ؟ ھېچبىر چۈشەنمەي كېتىۋاتىمەنغۇ.»

ئەمما، ئۇنى كۆرسە يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىدىغان روھىي ھالەت ئۇنىڭدا مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭغا قارىتا غەلىتە ۋە ئۆز ئىرادىسىگە قارشى ھېسسىياتتا بولىدىغان ئادەم يالغۇز سىكارلېتلا ئەمەس ئىدى، پىتتىپات ھاممىمۇ ئۇنى كۆرسە، گەپلىرىنى ئاڭلىسا بىر قىسمىلا بولۇپ قالاتتى.

پىتتىپات ئىللېننىڭ باتلېرنىڭ سىكارلېتنى دائىم كېلىپ يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىسا تازا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، باتلېرنىڭ چارلېستوندىكى يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئىچىدە چەتكە قېقىلىدىغانلىقىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىنچىكە پىلانلىغان خۇشامەتلىرى، يۇمشاق مۇئامىلىلىرىگە ئېرىپ كېتىپ، خۇددى ھەسەل بار قاچىنىڭ يېنىدىن نېرىغا كېتەلمەيدىغان چىۋىندەك بولۇپ قالغانىدى. يەنە تېخى باتلېر ئۇنىڭغا ناسسۇدىن ئازراق بىر نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى سىزگە ئېلىۋالىمەن دەپ ئالاھىدە قامال رايونىغا بېرىپ سېتىۋالدىم، دەپ قوياتتى. بۇ نەرسىلەر ناھايىتى كەلسە ئىلغۇچ، تور توقۇيدىغان ئىلمەك، تۈگمە، يىپەك يىپ، چاچقا تاقايدىغان قىسقۇچ دېگەندەك نەرسىلەر ئىدى. بۇ خىل نەرسىلەر

بۇ يەردە هازىر تېپىلمايدىغان بولغاچقا ھەم پىتتىيىپات ھامما مۇستەھكەم بىر قاراشقا ئىگە موماي بولمىغاچقا، ئۇ نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئېلىۋېرەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ھەممە نېمىگە قىزىقىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ نەرسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ئالماي قانداق چىداپ تۇرالىسۇن؟ سوۋغىنى ئېلىپ قويغاندىن كېيىن، نام ـ ئاتىقىمىزغا ياخشى بولمايدۇ دەيدىغان گەپلەرنى قىلىشقا ئۇنىڭدا جۇرئەت قالماي، بۇ ئەرنىڭ ئەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدىن مەھرۇم بولغان بۇ ئۇچ ئايالنى دائىم كېلىپ يوقلاپ تۇرۇشىنى چەكلىيەلمەيتتى. دېمىسىمۇ، رېت باتلېر ئۆيدە بولسا پىتتىيىپات ھاممىنىڭ چىرايىدا، بىز زادى بىر ئەر كىشىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇشىمىز كېرەك، دېگەندەك بىر خىل ئىپادە چىقىپ قالاتتى، بۇ خىل ھالەتنى سەزمەك قىيىنمۇ ئەمەس ئىدى.

— ئۇ زادى قانداق ئادەم، بىلەلمىدىمغۇ، — بەزىدە ئۇ ئامالسىز قالغاندا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ شۇنداق دەپ قوياتتى، — بىراق، راستىنى ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ سەل ئامراقلىقى كەلگۇدەكمۇ ئادەم ئوخشايدۇ. لېكىن، يەنە، ئاياللارنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلمايدىغاندەكمۇ قىلىدۇ.

تىوي ئۇزۇكىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن، مېلانىيە رېت باتلېرنى تېپىلماس ئەدەپلىك ۋە ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان ئېسىلزادە ئادەم ئىكەن دەپ ئويلاپ يۈرەتتى، ھازىر پىتتىيىپاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل چۆچۈپ قالدى. باتلېر باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئەمما مېلانىيە ئۇنىڭ ئالدىدا سەل ـ پەل قورۇناتتى. بۇ ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا يات ئەرلەرنى كۆرسە ئىزا تارتىدىغان مىجەزىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ يەنە ئىچىدە ئۇنىڭ ئۇچۇن بىئارامۇ بولاتتى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى باتلېر بىلىدىغان بولسا خۇشال بولماي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. مېلانىيە بىرەر رومانتىك ئىش ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلغان، شۇڭا ئۇ

مۇشۇنداق باغرى قاتتىق ھەم جاھىل مىجەزگە كىرىپ قالغان. ئۇنىڭغا ھازىر ياخشى بىر ئايالنىڭ مۇھەببىتى كېرەكتەك قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مېلانىيە ئۆيدىن تالاغا چىقماي دېگۇدەك چوڭ بولغان قىز بولغاچقا، يامان ئىش، يامان ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغاندى ھەم شۇنداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىغىمۇ تازا ئىشىنىپ كەتمەيتتى، شۇڭا كىشىلەرنىڭ باتلېر بىلەن ھېلىقى قىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق قىلىشقان ئۇششاق گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا قاتتىق ھەيران قالغان ھەم ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن، ئۇنىڭغا قارىتا يامان قاراشتا بولمايلا قالماي، ئىچىدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىقمۇ قىلغان، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنغان دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارغا خاپا بولغانىدى.

سكارلېت پىتتىپاتنىڭ قارشىغا قوشۇلۇپ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇ باتلېرنى ئاياللارنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، دەپ بىلەتتى، مېلانىيەگە باشقىچىدۇ ھەرقاچان. باتلېر بەزىدە ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە قاراپ كەتسە، ئۇ خۇددى ئۆزىنى كىيىم كىيمىگەن ئادەمدەك ئويلاپ قالاتتى. ئۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتى، گەپ قىلغان بولسا سكارلېت ئۇنى بۇرنى ـ قۇلىقىغىچە تويدۇرۇپ قويغان بولاتتى. نەپرەتلىك يېرى، ئۇنىڭ ئۇ كۆزلىرى سىزگە نومۇس قىلماي تىكىلگەن چاغدىكى قىياپىتىدىن خۇددى ھەممە ئاياللار ئۇ خالىغان چاغدا ھۇزۇرلىنىدىغان ئويۇنچۇق دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۇ خىل قىياپەت مېلانىيە بىلەن بىللە تۇرغان چاغلاردا كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئۇنى باھالاۋاتقاندەك سوغۇق نەزەر، مەسخىرە ئىپادىسى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندىمۇ خۇددى ئۇنىڭ خىزمىتىگە ھەرقاچان تەييار تۇرغاندەك ھۆرمەت ۋە ئەدەپ بىلەن گەپ قىلاتتى.

— مەن سىزنىڭ مېلانىيەگە نېمە ئۈچۈن ماڭا قارىغاندا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى بىر كۈنى سكارلېت باتلېر بىلەن يالغۇز قالغاندا. ئۇ چاغدا

پىتتىيپات بىلەن مىلانىيە چۈشلۈك ئۈيقۈغا كىرىپ كەتكەندى.

ئەسلىدە بىر سائەت ئىلگىرى باتلىېر مىلانىيەنىڭ تور توقۇۋاتقان يىپىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان، ئۇنىڭ ئاشلىپىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۆسكەنلىكى توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىغانىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئاشلىپىغا ئانچە يۇقىرى باھا بېرىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، يېقىندا مايورلۇققا كۆتۈرۈلگەنلىكىگىمۇ قىزىقىپ كەتمىگەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، ھازىر ئۇ ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە، مىلانىيەنىڭ گەپلىرىگە ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ ھەم ئاشلىپىنىڭ باتۇرلۇقىنى ئانچە - مۇنچە ماختايدىغان گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

مەن ئاشلىپىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قويسام قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ كېتەتتى، بۇ بىر نىمە، دەپ ئويلىغانىدى سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن.

— مەن ئۇنىڭدىن كۆپ چىرايلىق، — دېدى سىكارلېت سۆزىنى داۋام قىلىپ، — يەنە نېمىشقا ئۇنىڭغا شۇنچىلا قىلىپ كېتىسىز.

— كېسىپ ئېيتىمەنكى، سىز كۈنداشلىق قىلىۋاتىسىز.

— ئۇنداق قالايمىقان پەرەز قىلماڭ.

— سىز مېنى يەنە ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدىڭىز. ۋىلكېس خانىم شۇنداق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا شۇنداق مۇئامىلە قىلدىم. ئۇ مەن كۆرگەن ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى مۇلايىم، سەممىي ۋە شەخسىيەتسىز ئايال. بەلكىم سىز ئۇنىڭ بۇ خىسلەتلىرىگە دىققەت قىلمىغانسىز. ئۇ ياش بولسىمۇ مەن تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولغان بىرنەچچە ئۇلۇغ خانىملارنىڭ بىرسى.

— بۇ گەپچە مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئۇنداق ئۇلۇغ ئايال ئەمەس ئىكەنمەن - دە؟

— بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ئىككىلىمىز سىزنىڭ ئېسىلزادە ئاياللاردىن ئەمەسلىكىڭىزگە قوشۇلغان.

— سىز نېمىدېگەن نەپرەتلىك ئادەم، نومۇس قىلماي ئۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئېلىۋاتىسىز. سىز كىچىك بالىدەك قىلغان شۇ ئىشىم ئۈچۈنلا مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۇزاق بولغان ئىش، ھازىر مەن چوڭ بولدۇم. سىز ئۇ ئىشنى ئۇنتۇماي سۆزلەپ يۈرگىنىڭىز بىلەن مەن ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتىم.

— مەن ئۇنى كىچىك بالىنىڭ ئىشى دەپ قارىمايمەن ھەم سىزنىڭ ئۇ مىجەزىڭىزنى ئۆزگەرتكىنىڭىزگىمۇ ئىشەنمەيمەن. ھازىرمۇ بىرەر ئىش كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولمىسا شۇ چاغدىكىدەك لوڭقا چاقىسىز. بىراق، ھازىر چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا بىرئاز چوڭ بولدىڭىز، ئۇنداق ئاسارئەتىقىلەرنى چېقىپ يۈرمەسلىكىڭىزمۇ مۇمكىن.

— سىز ... ئىسىت، نېمىشقىمۇ ئوغۇل بالا بولۇپ قالمىغاندىمەن، ئوغۇل بالا بولغان بولسام، سىزنى ھازىرلا بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىراتتىم ...

— مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ دەردىڭىزنى چىقىرىۋالاتتىڭىزمۇ؟ ئەمما، بىلىپ قېلىڭ، مەن ئەللىك ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى تەڭگە پۇلنى چەنلىيەلەيمەن. ئەڭ ياخشىسى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قورالى بولغان زىنىخلىرىڭىز بىلەن لوڭقىڭىزنى چىڭ تۇتۇپ.

— سىز بىر لۈكچەك !

— سىز مۇشۇنداق تىل - ھاقارەتلىرىڭىز بىلەن مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەكچىمۇ؟ ئەپسۇس، مەن سىزنى ئۈمىدسىز قالدۇرىدىغان بولدۇم. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئۇنچىلىك تىللاشلار بىلەن مېنىڭ غەزىپىمنى قوزغىيالمايسىز. مەن راستلا لۈكچەك، شۇنداق بولماي نېمە مەن؟ بۇ ئەركىن دۆلەتتە سىزلا خالايدىكەنسىز، لۈكچەك دېگەن نامنى ئېلىۋېرىسىز. سىزگە ئوخشاش ئادەملەر، خانىم، يۈرىكىمنىڭ قارىلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇنى يوشۇرىدۇ، باشقىلار شۇنداق دەپ تىللىسا ئالەمنى مالەم قىلىدۇ. مانا بۇ ساختىپەزلىك.

ئۇنىڭ سوغۇق كۈلكىسى ۋە ئالدىرىماي قىلغان تەنقىدلىرى ئالدىدا سىكارلېت ئامالسىز قالدى، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى تاقابىل تۇرۇش تەس بولغان ئۇنىڭدەك ئادەمنى پەقەتلا ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ قورالى نەزىرىگە ئىلماسلىق، سوغۇق نەپەسلىك، تىللاش ئىدى، هازىر ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ كارغا كەلمىدى، چۈنكى ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنى نومۇس قىلدۇرالمىغانىدى. ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئالدامچىلارنىڭ ئەڭ قوغدايدىغىنى ئۆزلىرىنىڭ راستچىللىقى، قورقۇنچاقلارنىڭ قوغدايدىغىنى باتۇرلۇقى، قوپاللارنىڭ سىلىق - سىپايىلىقى، مۇتتەهەملەرنىڭ شان - شۆهرىتى. لېكىن، بۇ قانۇنىيەت باتلېرغا پەقەتلا يېقىن كەلمەيتتى، ئۇ نېمىلا دېسىڭىز ئىقرار ئىدى، يەنە تېخى كۈلۈپ تۇرۇپ سىزنى يەنە سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۇ دائىم ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. كەلگەندە كېلىمەن دەپ خەۋەر بەرمەيتتى، كەتكەندە كېتىمەن دەپ خوشلاشمايتتى. ئۇنىڭ ئاتلانتاغا كېلىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سىكارلېت زادىلا بىلمەيتتى. باشقا قامال رايونلىرىدىن مال ئەكېلىدىغان سودىگەرلەر ئاۋارە بولۇپ شۇنچە يىراق دېڭىز بويىدىن شەهەرگە كېلىپ يۈرمەي، ماللىرىنى شۇ يەردىلا ئالىدىغان خېرىدارلارغا سېتىۋېتەتتى. ئەگەر سىكارلېت، ئۇ مېنى دەپ يىراقنى يىراق دېمەي كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا، ئەلۋەتتە خۇشال بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى مەنمەنچىلىك ئېغىر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۇنداقلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. باتلېر ئازراق بولسىمۇ ئۇنىڭغا مۇهەببىتىنى ئىپادىلىگەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئەرلەردىن ئۇنى كۆنلىگەن ياكى ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە سۈرىتىنى، بىرەر ياغلىقىنى تۇتقۇزۇپ، بۇنى يېنىڭىزدا ساقلاپ قويۇڭ دېگەن بولسا، سىكارلېت ئۇنى ئاخىر ئۆزۈمگە قارىتىۋالدىم دەپ مەغرۇر يۈرگەن بولاتتى. لېكىن،

ئۇنىڭدا ئۇنداق ئىشلار، ئازراق بولسىمۇ مۇھەببەت يوق ئىدى. ھەممىدىن يامىنى، ئۇ سىكارلېتنىڭ ئۆزىنى ئۆزگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھىيلىلىرىنى پۈتۈنلەي بىلىۋالغانىدى.

ئۇ ھەر قېتىم شەھەرگە كەلگەندە ئاياللارنىڭ ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ قامال قىلىنغان خەتەرلىك جايلارغا قورقماي بېرىپ كەلگەنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش، ئۇنىڭ خەتەرلىك ئادەم ئىكەنلىكىدىن قورقۇش دېگەندەك روھىي ھالەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ نام - ئاتىقى بەكمۇ يامان ئىدى، ئاتلانتادىكى ئاياللار بىر يەرگە يىغىلىپ ئۇنىڭ توغرۇلۇق غەيۋەت قىلىشقاندا ئۇنىڭ يامان ئاتىقى تېخىمۇ بەك يامانغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ياش قىزلار ئىچىدىكى جەلپكارلىقى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇ قىزلار تېخى نادان بولغاچقا، ئۇنىڭ «ئاياللارغا قىلغان شاللاق»لىقلىرىنى ئاڭلىغانلىرىدا، ئۇ «شاللاق»لىق قىلىپ زادى نېمە قىلىدىغاندۇ دەپ ئويلىشاتتى ۋە بۇ ئويلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئۇلار يەنە بەزىلەرنىڭ قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ تۇرۇپ، قىزلار ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا خەتەرلىك ئىش چىقىدۇ، دېيىشىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلايتتى. نامى شۇنداق يامان بولغىنى بىلەن، ئۇ ئاتلانتاغا تۇنجى قېتىم كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە توي قىلمىغان بىرەر قىزنىڭ قولىنى سۆيۈپ باقمىغانىدى. بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇ جەھەتتىنمۇ ئۇ تېخىمۇ سىرلىق ۋە تېخىمۇ قىزىقارلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئاتلانتادا ئارمىيەدىكى قەھرىمانلاردىن بۆلەك باتلېرنىڭ گېپى چىقىراق بولاتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ھاراق ئىچىپ مەست يۈرىدىغانلىقى ۋە «ئاياللار بىلەن مەلۇم مۇناسىۋەتلەردە بولىدىغان»لىقى ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپتىن قوغلانغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ چارلېستوندىكى بىر قىزغا ئۇۋال قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنى دۇئېلدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى

تۇغرىسىدىكى قورقۇنچلۇق رەسۋاچىلىقلاردىن ھەممەيلەننىڭ خەۋىرى بار ئىدى. كىشىلەر يەنە چارلېستوندىن كەلگەن خەتلەردىن ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىرادىلىك، مىجەزى تۈز، ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى، يىگىرمە ياشقا كىرگەن رېت باتلېرنى بىر تىيىن بەرمەي ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئاڭلاشقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رېت باتلېر 1849 - يىلىدىكى ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقىدا كالفورنىيەگە، كېيىن جەنۇبىي ئامېرىكىغا، كۇباغا بارغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۇ يەرلەردىمۇ چىرايلىق يۈرمەي، خوتۇنلار ئۈچۈن جېدەل چىقىرىپ دۇئېلغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىنقىلابچىلارغا ئوق - دورا توشۇپ بېرىپ يۈرگەن، ئەڭ يامىنى قىمارغا ئۆگىنىپ قالغان.

جورجىيەدە ھەربىر ئائىلىدىكى ئەرلەر دېگۈدەك قىمار ئوينايتتى. بەزىلىرى ھەتتا ئۆيلىرىنى، زېمىنلىرىنى، قۇللىرىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى باتلېرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بىر ئادەم قىمار ئويناپ ۋەيران بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا يۇقىرى تەبىقە سانىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قېلىپ ئۇنى كەسىپ قىلىۋالسا جەمئىيەت ئۇنى قويىنىغا ئالماي تاشلىۋېتەتتى.

ئەگەر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە باتلېرنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ئىش قىلىپ بەرگەنلىكى بولمايدىغان بولسا، ئۇنى ئاتلانتادا ھېچكىم قارشى ئالمايتتى. ئەمما، ھازىر يۈز - ئابرۇيى قوغلىشىدىغان ئەڭ مۇتەئەسسىپ خانىملارمۇ ۋەتەن ئۈچۈن بەزى ئىشلاردا كەڭ قورساقلىق قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ھېسسىياتقا ئەڭ بېرىلىدىغان ئادەملەرمۇ ئۇنى، باتلېر ئائىلىسىنىڭ بۇ ۋاپاسىز ئوغلى بۇرۇنقى گۇناھىنى يۇيۇۋاتىدۇ دەپ ئويلايدىغان، خانىملارمۇ ئۇنى كەچۈرىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىۋاتاتتى.

تارقالغان بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، كاپىتان باتلېر جەنۇب

بويچە ئەڭ ئۇستا رولچى ئىكەن، كېمە ھەيدىگەندە ئاجايىپ سالماق ئىمىش. دېمىسىمۇ ئۇ چارلېستوندا چوڭ بولغاچقا، كارولىنا ئەتراپىدىكى ھەممە دېڭىز بوغۇزلىرىنى، ئاراللارنى، ساھىللارنى، خادا تاشلارنى پىششىق بىلەتتى، ئەزەلدىن بىرەر قولۋاقتىنمۇ زىيان تارتىپ ياكى ماللىرىنى تاشلىۋېتىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇرۇش پارتلىغاندا جىمجىتلا پەيدا بولۇپ، قولىدىكى بار ـ يوق پۇلى بىلەن موتورلۇق قېيىق سېتىۋالدى. ھازىر تېپىۋاتقان پايدىسى شۇ چاغدىكىدىن يىگىرمە ھەسسە كۆپەيدى. ھازىر ئۇنىڭ تۆت چوڭ كېمىسى بار ئىدى. ئۇ يۇقىرى مائاش بىلەن ناھايىتى چېۋەر بىر رولچىنى يالىلىۋالدى. ئۇلار كېچىلىرى كېمىلەرگە پاختا بېسىپ، چارلېستون، ۋىلمىنتوندىن يوشۇرۇن يولغا چىقىپ، ناسسۇ، ئەنگلىيە، كانادا تەرەپلەرگە ئېلىپ باراتتى. ئەنگلىيەنىڭ فابرىكىلىرىدا پاختا يوق، ئىشچىلار ئاچ قېلىۋاتقاچقا، شىماللىقلارنىڭ قامال رايونىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرقانداق نەرسىنى سودىگەرلەر ئۆزى خالىغان باھادا ساتالايتتى. رېت باتلېر جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ پاختىلىرىنى توشۇپ چىقىرىپ، ئۇ تەرەپتىن جەنۇبقا لازىملىق ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى توشۇپ ھەر ئىككى ئىشتا ئامەتى كېلىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ خانىملار بۇ باتۇر ئەزىمەتكە كەڭ قورساقلىق قىلىشاتتى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى كۆڭۈللىرىگە ئالمايتتى.

ئۇ ناھايىتى قامەتلىك ئىدى، يېنىدىن ئۆتكەن ئادەم قايرىلىپ بىر قاراپ قويماي ئۆتمەيتتى، پۇلنى ئايىماي خەجلەيتتى، دائىم قارا ئارغىماققا مىنىپ يۈرەتتى، كىيىنىشلىرىمۇ ئىنتايىن رەتلىك ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. چۈنكى، ھازىر ھەربىيلەرنىڭ ئۇچىلىرىدىكى كۆل رەڭ فورمىلىرى ئىنتايىن مەينەت، يۇقىرىلارنىڭ ئەڭ ياخشى دېيىلگەن كىيىملىرىمۇ ياماق ئىدى. سكارلېت ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى سۇت رەڭ چاقماق ئىشتاننى

ھېچكىمدە كۆرمىگەنىدى. پىنجىكىمۇ شۇنداق چىرايلىق تىكىلگەن، بوينىغا سېلىنۋالىدىغان ئاق شارپىسىنىڭ ئۇستىدىكى كەشتىلەنگەن ئەتىرگۈلنىڭ غۇنچىسىمۇ ئاجايىپ نەپىس ئىدى. مۇشۇنداق كىيىملەر بىلەن كېلىشكەن قامەتتى بىر ـ بىرىگە شۇنداق ماس كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىككىنىمۇ قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى.

ئەگەر ئۇ جەلپكارلىقتا ئازراقلا كۈچەيدىغان بولسا، ھەر قانداق ئايال ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلانماي تۇرالمايتتى، ھەتتا مېرۋېتېر خانىم چېغىدا كۆڭلى بۆلۈنۈپ ئۇنى يەكشەنبە كۈنى ئۆيىگە چايغا ئېيتتى.

مايىبىل مېرۋېتېر كېلەر قېتىملىق دەم ئېلىشتا ھېلىقى پاكار پىدائىي ئەسكەر بىلەن توي قىلماقچىدى. تويدا ئاق يىپەك رەختتە تويلۇق كۆڭلەك كىيگۈسى كەلدى، لېكىن جەنۇب تەۋەسىدە ئۇنداق رەخت تېپىلماي كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ كەتتى. بىر يەردىن ئۆتنە ئالاي دېسىمۇ يوق ئىدى، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھەربىي بايراق ياسايمىز دەپ يىپەك رەختلەرنى قۇرۇتۇۋېتىشقانىدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۇستۇن مېرۋېتېر خانىم، جەنۇب ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىدىغان قىزلار قولدا توقۇغان رەختلەردىن تويلۇق كۆڭلەك تىكتۈرۈپ كىيسىمۇ ئوخشاشلا چىرايلىق تۇرىدۇ دەپ قىزنى تەنقىد قىلغانمۇ بولدى. لېكىن، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. مايىبىل يىپەك كۆڭلەك كىيىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئىزىم ئۇچۇن چېچىمغا ئالتۇن قىسقۇچ تاقىمىساممۇ، تويلەي كىيمىسەممۇ، تويۇمدا كەمپۇت ـ پىرەنىكلەر، داڭلىق چايلار بولمىسىمۇ مەيلى، ئەمما، يىپەك كۆڭلەك بولمىسا بولمايدۇ، دەيتتى ئۇ.

رېت باتلېر بۇ ئىشنى مىلانىيەدىن ئاڭلاپ، ئەنگلىيەدىن ئېلىپ كەلگەن يالتىراپ تۇرىدىغان بىر كىيىملىك ئاق يىپەك رەخت بىلەن يۈزىگە تارتىدىغان نەپىس تورنى ئۇنىڭ تويىغا سوۋغا قىلىپ بەردى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى مايىبىلغا شۇنچىلىك

ئۇستىلىق بىلەن بەردىكى، مايىبېل ئۇنىڭ ئالدىدا پۇلنىڭ گېپىنى چىقىرىشتىن نومۇس قىلىپ قالدى، ھەتتا خۇشاللىقىدا باتلېرنى سۆيۈپ قويغۇسىمۇ كېلىپ كەتتى. مېرۋېتېر خانىم بۇنداق قىممەتلىك نەرسىنى — پۇتۇن بىر كىيىملىك يىپەك رەخت ـ دە بۇ — سوۋغا قىلىشنى بىنورمال ئىش دەپ ئويلىغانىدى، كېيىن باتلېر، قەھرىمانىمىزنىڭ رەپىقىسىگە سوۋغا قىلىنغان بۇنچىلىك نەرسە ھېچقانچە چوڭ نەرسىمۇ ئەمەس، ئۇياق چوقۇم شۇنداق كىيىنىشى كېرەك، دەپ، گەپنى ناھايىتى چىرايلىق دېگەچكە، مېرۋېتېر خانىم ئىلاجسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بۇ نەرسىلەرگە پۇل قايتۇرغاندىن كۆرە، ئۇنى ئۆيگە چاقىرغان مەنىلىكرەك دەپ ئويلاپ، باتلېرنى ئۆيىگە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ئۇ مايىبېلغا سوۋغىنى بېرىپلا قالماي، ئۇ رەختتە قانداق پاسوندا كۆڭلەك تىكتۈرۈشتەك قىممەتلىك تەكلىپنىمۇ بەردى. پارىژدىكى خانىملارنىڭ ھازىرقى پەسىلدە كىيىدىغان كۆڭلەكلىرى بىر ئاز كەڭرەك، ئەمما سەل قىسقا، پۈرمە يوق، پۈرمىنىڭ ئورنىدا يەلپۈگۈچ شەكلىدە قاتلاق چىقىرىلغان. ئىچىدىكى ئىچ كۆڭلەكنىڭ ئېرەكلىرى ئازراق كۆرۈنۈپمۇ تۇرىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كەڭ ئىشتان كىيگەن ئاياللارنى كوچىلاردا پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانلىقىنىمۇ سۆزلىدى. كېيىن مېرۋېتېر خانىم ۋېلسىن خانىمغا، ئەگەر يەنە ئازراقلا ھە دەپ بېرىدىغان بولسام، ئۇ پارىژدىكى خوتۇنلارنىڭ قانداق پاسوندا كۇسار كىيىدىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ كېتەتتى، دېدى.

ناۋادا ئۇنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ھەقىقىي ئەركەكلەردەك بولمايدىغان بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ كۆڭلەكلىرى، باش كىيىملىرى، چاچقا تاقايدىغان نەرسىلىرى ھەققىدە بېرىلىپ سۆزلەپ كەتكىنىگە قاراپ، ئۇنى ئاياللارنىڭ مىجەزى بارراق ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. خانىملار ئۇنىڭدىن ھازىر مودا بولۇۋاتقان كىيىملەر، چاچ پاسونلىرى

توغرۇلۇق سوراپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ئاز غەلىتىلىك ھېس قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دوراپمۇ باقاتتى. ئۇلار مودا دۇنياسىنىڭ پۈتۈنلەي سىرتىدا، خۇددى دېڭىز ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ماتروس يالغۇز بىر ئارالدا ياشاۋاتقاندەك ياشايتتى. ئۇ تەرەپلەردىن يوشۇرۇن ئېلىپ كىرىلگەن كىيىم مودىلىرى بېسىلغان كىتابلارنى ئىنتايىن ئاز كۆرەتتى ياكى پەقەتلا كۆرەلمەيتتى. شۇڭا، باتلېر ئۇلارنىڭ شۇنداق كىتابلار ئورنىدىكى جانلىق كىتابىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەر قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، بىر مەزگىلگىچە ئايالالارنىڭ ئىچىدە قېلىپ، ئۇلارغا بۇ يىلقى شىلەپە شەكلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى، ئېگىزرەك، باشنىڭ كۆپ قىسمىنى يېپىپ تۇرغۇدەك تىكىلىدىغان بولغانلىقى، فىرانسىيە مەلىكىسىنىڭ چېچىنى تارىمايلا بېشىنىڭ چوققىسىغا تۇگۇۋېلىپ، قۇلاقلىرىنى ئوچۇق قويىدىغان بولغانلىقى، كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنىڭ ئوچۇق يېرى تېخىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى، ۋەھاكازالار توغرۇلۇق تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەتتى.

بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۇ شەھەردە نامى چىققان رومانتىك بىر داڭدار شەخسكە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. غەيۋەتلەر بولۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ، قامال رايونلىرىغىلا بېرىپ قالماي، يەنە ئاشلىق ھايانكەشلىكى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن، دېگەندەك گەپلەر چىقىۋاتسىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەر ئۇ ھەر قېتىم ئاتلانتاغا كەلگەندە، يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى بەش دوللار ئۆرلەپ كېتىدۇ، دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىشاتتى. بۇنداق ئۇششاق سۆزلەر چىقىپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆزۈمنىڭ نام ـ ئابرۇيىمنى ساقلاپ قالالايمەن دەيدىغان بولسا چوقۇم ساقلاپ قالالايتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمايتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىك شوئارى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن ئۇ ئادەملەر بىلەن ياخشى ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، ئۇلار

ئەمدى ئۇنىڭدىن رەنجىمەي ئۇنى ياخشى كۆرۈۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى غەلىتە مىجەزى يەنە قوزغىلىپ، بۇرۇنقى مۇئامىلىلىرىنى تاشلاپلا ئۇلار بىلەن قارشىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يۈزىگە نىقاب تارتىۋېلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئەمدى ھازىر ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى.

ئۇ ئەمدى جەنۇبقا، بولۇپمۇ جەنۇب ئىتتىپاقىدىكى ھەربىر ئادەمگە قارىتا شەخسىي غەرىزى بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىغان بولغانىدى، بۇنى ئۇ ھەرگىز يوشۇرمايتتى. ئۇنىڭ شۇ خىل مەيداندا تۇرۇپ جەنۇب ئىتتىپاقىنى سۆككەن گەپ - سۆزلىرى ئاتلانتالىقلارنى دەسلەپتە ھەيران قالدۇردى، كېيىن سوغۇق چىراي قىلىپ قويدى، ئاندىن كېيىن بولسا غەزەپلەندۇردى. 1863 - يىلى كىرمەي تۇرۇپلا يىغىلىشلارغا بېرىپ قالسا، ئەرلەر ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ۋە يىراق تۇرىدىغان، ئاياللار قىزلىرىنى يېنىغا چاقىرىۋالىدىغان بولدى.

ئۇ ئاتلانتالىقلارنىڭ سەمىمىيلىكى ۋە قىزغىن ساداقەتمەنلىكى بىلەن قارشىلىشىۋاتقىنىدىن مەمنۇن بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ يامان ئوبرازى بىلەن مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقىدىنمۇ خۇشال ئىدى. كىشىلەر ياخشى كۆڭلى بىلەن ئۇنىڭ قامال رايونلىرىغا بارغان باتۇرلۇقلىرىنى ماختىسا، ئۇ جاۋابەن ھەر قېتىم ئۇ يەرلەردە خەتەرگە ئۇچرىغاندا، ئالدىنقى سەپتىكى جەنۇبنىڭ ئەسكەرلىرىدەك قورقۇپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېتەتتى. كىشىلەر جەنۇبنىڭ ئەسكەرلىرىنى قورقۇنچاق ئەمەس باتۇر دەپ بىلگەچكە، ئۇنىڭ گەپلىرىگە قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئۇ ئەسكەرلەرنى دائىم «بىزنىڭ باتۇر ئەزىمەتلىرىمىز»، «كۆل رەڭ كىيىملىك قەھرىمانلىرىمىز» دەپ ماختايتتى، ئەمما تەلەپپۇزىدا كۆچلۈك ھاقارەت تۈسى بار ئىدى. بەزىدە ياش قىزلار ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشىپ، ئۇنى بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان قەھرىمان دەپ تەرىپلىسە، ئۇ ئۇلارغا

ئېگىلىپ قويۇپ، ئۇنداق ئەمەسمەن، ھازىرقىدەك پايدا تاپالايدىغان بولسام، شىماللىق خانىملارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىمۇ خالايمەن، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئۆتكەن قېتىم ئىنئانە پائالىيىتىدە سىكارلېت بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئۇ سىكارلېتقىمۇ شۇنداق گەپ قىلىپ كەلدى. ئىشقىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقى ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىشسىلا، ئۇ قامال قىلىنغان جايلارغا سودا ئۈچۈن بارىمەن، دەپ جاۋاب بېرىشنى پەقەتلا ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇ يەنە ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، ئەگەر ھۆكۈمەت بىلەن تۈزۈشكەن توختامدىنمۇ ماڭا شۇنچىلىك پايدا چىقىدىغان بولسا، ھازىرقى قامال قىلىنغان جايلارغا قاترايدىغان خەتەرلىك ئىشنى تاشلاپ، جەنۇب ئىتتىپاقىغا قولدا توقۇغان ناچار رەخت، قۇم ئارىلاشتۇرغان شېكەر، كۆكىرىپ كەتكەن ئۇن، چىرىپ كەتكەن تېرە دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىپ بېرەتتىم، دەيتتى.

ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا بېرىدىغان باھالىرىغا رەددىيە بەرگىلى بولمايتتى، خەقنىڭ غەزىپى كېلىدىغىنىمۇ مۇشۇ ئىش ئىدى. ئالدىنقى سەپتىن دائىم ئەۋەتىلگەن ئاياغلارنىڭ بىر ھەپتىگە قالماي يىرتىلىپ كېتىدىغانلىقى، ئوق - دورىلارنىڭ ئوت ئالمايدىغانلىقى، زەمبىرەكلەرنىڭ يىپىنى تارتسىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقى، پۇراپ قالغان گۆشلەرنىڭ كېلىدىغانلىقى، ئۇنلارنىڭ قۇرتلاپ قالغان ئۇنلار ئىكەنلىكى توغرۇلۇق يېزىلغان خەتلەر كېلىپ تۇراتتى. ئاتلانتالىقلار دەسلەپتە ھۆكۈمەتكە بۇ نەرسىلەرنى سېتىپ بەرگەنلەر چوقۇم ئالابامالىق ياكى ۋىرگىنىيەلىك، ياكى بولمىسا تېننېسلىق سودىگەرلەر، جورجىيەلىكلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. چۈنكى، جورجىيەلىك سودىگەرلەرنىڭ كۆپى يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئادەملىرى - دە. ئۇلار دوختۇرخانىلارغا بىرىنچى بولۇپ پۇل ئىئانە قىلغان،

ئۆلۈپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ بالىلىرىنىڭ تەمىناتلىرىغا ياردەم بەرگەن، شىماللىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەڭ ئاۋۋال ئاۋاز قوشقان، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىشىپ، يىگىتلىرىنى غالجىرانە قىرغىنچىلىققا ئىتتىرىپ بېرىشكەنىدى. ئۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت بىلەن تۈزۈشكەن توختام ئارقىلىق ھايان ئېلىشقا قارشى سادا تېخى كۆتۈرۈلمىگەن، شۇڭا رېت باتلېرنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى ئىدى.

باتلېر ئاتلانتالىقلار بىلەن قارشىلاشقاندا، يۇقىرى ئورۇنغا چىقىۋالغان ئادەملەرنىڭ خىيانەتچىلىكىنى، پارىخورلۇقىنى، ئالدىنقى سەپتىكىلەرنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى، ئۇرۇشتىن زېرىككەنلىكىنى شەھەردىكى يۈز - ئابرۇيى بار ئادەملەر ئاڭلىسا ئوسال بولغۇدەك دەرىجىدە ئۇستىلىق بىلەن بىلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ مەنمەنچىلىكى، ساختىلىقى، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئاچچىق كىنايىلەر بىلەن قامچىلايتتى، تەكەببۇر ئىنسانلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۆزىگە تۇيدۇرماي سۇندۇراتتى، نادان ۋە بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ رەسۋاسىنى چىقىراتتى، بۇنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئېلىپ باراتتى. بەكمۇ تەكەللۇپ ۋە قىزىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرۇپ، ئاۋۋال ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتەتتى، ئاندىن كۈلكىلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، پۈتۈن ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىگە بىلدۈرۈپ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.

سىكارلېت ئاتلانتادا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان بۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىتا ئارتۇقچە خام خىياللاردا بولمىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرى ۋە خۇشامەتلىرىنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىكىلا ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. باتلېرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن قورقماي قامال قىلىنغان يەرلەرگە بېرىشتەك ئۇ رولنى پەقەت شۇنداق قىلىشقا قىزىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى. بەزىدە ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا ئۆزى

بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بالىلارغا ئوخشىتاتتى. مەسىلەن، تارلېتون ئائىلىسىدىكى چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان قوشكېزەكلەر، فونتائىننىڭ باشقىلارنى ئەخمەق قىلىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ كەپسىز ئوغلى، ئەتىدىن كەچكىچە يامان ئىشلارنىلا ئويلاپ يۈرىدىغان ئاكا - ئۇكا كارۋېتلار دېگەندەك. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بىر تەرىپى، باتلېر كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئوچۇق كۆڭۈلدەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كەينىگە مەلۇم يامان نىيەتلەر يوشۇرۇنغان بولاتتى، ئۇ نىيەتلىرىنىڭ رەزىللىكى بەزىدە شۇنچىلىك ئەشەددىي ئىدى.

سكارلېت ئۇنىڭ سەممىي ئادەم ئەمەسلىكىنى ئوچۇق بىلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، قامال قىلىنغان جايلارغا بېرىشتەك قارامىلىققا ئىگە رومانتىك روللارنى ئېلىۋاتقىنىغا ھەۋەس قىلاتتى، چۈنكى بۇ ئەھۋال ئۇنى ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ قولايلىق ئورۇنغا ئىگە قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ باتلېر نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاتلانتالىقلارنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە يامان غەرەز بىلەن قارشى چىققان چاغلاردا زەردىسى قايناپ ئۆزىنى باسالماي قالاتتى. چۈنكى، باتلېرنىڭ قىلىقى ئەخمەقلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا قىلىنغان ئەيىبلەشلەرنىڭ بىر ئۇچى سكارلېتقا كېلىپ تېگەتتى.

بىر كۈنى ئېلسىن خانىم يارىسى ساقايغان ئەسكەرلەرگە يامبۇ ئويۇنى قىلىپ بەرگەنىدى، رېت باتلېر شۇ يەردە ئاتلانتالىقلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزىدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويدى. ئۇ كۈنى ئېلسىن خانىمنىڭ ئۆيى مېھمان بىلەن لىق تولغان، ھەتتا پەلەمپەيلەردىمۇ ئادەملەر ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار دەم ئېلىشقا كەلگەن ئەسكەرلەر، دوختۇرلار، پىدائىيلار، خەلق ئەسكەرلىرى، يېڭى تويى بولغان جۈۋانلار، تۇل ئاياللار، ياش قىزلار ئىدى. ئېلسىن خانىمنىڭ غوجىدارى ئۈستىدە گۈلى بار ئەينەك قاچىنى كۆتۈرۈپ ئىئانە

يىغىۋاتاتتى. ئۇ قاچىنى ئىككى قېتىم ئۆگتۈرۈپ ئىچىدىكى كۆمۈش تەڭگىلەرنى يەرگە تۆكتى. شۇنىڭغا قاراپلا بوگونكى ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. چۈنكى، بىر يامبۇ جەنۇبنىڭ هازىرقى ئاتمىش سوم پۇلى بىلەن باراۋەر ئىدى.

سەنئەتتىن خەۋىرى بار قىزلار ناخشا ئېيتىشتى، ساز چېلىشتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئويىنىغان ئېپىزوتلىرى قىزغىن قارشى ئېلىندى. سىكارلېت بوگونكى بۇ پائالىيەتتىن بەكمۇ رازى بولدى. ئۇمۇ مېلانىيە بىلەن «گۈل بەرگىسىدىكى شەبنەم» ناملىق تەسىرلىك بىر ناخشىنى ئورۇنلاپ بەردى. تەلەپ بويىچە شوخ بىر ناخشىنى ئېيتقاندىن كېيىن بىر ئېپىزوتقا تاللىنىپ، ئۇنىڭدا «جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ روهى» دېگەن بىر رولغا چىقتى.

ئۇ بۇ رولنى تولىمۇ ياخشى ئوينىدى، ئۇستىگە گىرېكلارنىڭ ئاق رەڭلىك كەڭ هەم ئۇزۇن چاپىنىنى كىيىپ، بېلىگە قىزىل، كۆك رەڭ بەلباغ باغلاپ، بىر قولىدا يۇلتۇزلۇق بايراق، يەنە بىر قولىدا چارلېسنىڭ ئالتۇن دەستىلىك قىلىچىنى تۇتۇپ سەهنىگە چىققاندا هەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ باتلېرنىڭ ئۆزىنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا قاراپ چىقىپ، بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ قالدى. باتلېر بىرسى بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق هەدەپ مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئويۇننى كۆرگەندەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ بىر گېپىگە قاتتىق خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

سىكارلېت ئۇلارنىڭ يېنىغا ماڭدى، ۋاك ـ چۇڭنى ئاڭلاپ قالغانلارمۇ جىمىدى. خەلق ئەسكىرى كىيىمىدىكى ۋىللې گونان:

— بۇ گەپچە، ئەپەندى، بىزنىڭ قەهرىمانلىرىمىز هاياتىنى قۇربان قىلغان بىزنىڭ ئىزمىمىز مۇقەددەس ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ناهايىتى ئېنىق قىلىپ.

— ناۋادا سىزنى پويىز بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، سىزنىڭ ئۆلگىنىڭىز بىلەن تۆمۈر يول شىركىتى مۇقەددەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى باتلېر. تەلەپپۇزى خۇددى مۇئەللىمدىن كەمتەرلىك بىلەن تەلىم ئېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىنىڭ تەلەپپۇزىغا ئوخشايتتى.

— ئەپەندى، — دېدى ۋىللىي. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — ئەگەر بىز شۇ تۇرقىدا بۇ ئۆيدە بولمىغان بولساق …

— ئۇ چاغدا نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ئەلۋەتتە، سىز باتۇرلۇقىڭىز بىلەن ئەلگە مەشھۇر.

ۋىللىي ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى. پاراك شۇ يەرگىچە بولدى، باشقىلارمۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشتى. ۋىللىي ساغلام، كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەربىيگە قاتنىشىش يېشىغا يەتكەن يىگىت ئىدى، ئەمما ھازىرغىچە ئالدىنقى سەپكە بارمىغانىدى. بىر تال ئوغۇل بولغاچقا، بۇ يەرنىمۇ قوغداشقا ئادەم لازىم بولۇپ شەھەرنى قوغداشقا قاتنىشىۋاتاتتى. بايا باتلېر ئۇنى باتۇر دېگەندە، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن بىرنەچچە ئوفىتسېرنىڭ ئىچىدە بىرسى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەنىدى.

«ئۇ نېمىشقا ئاغزىنى يۇمىدىغاندۇ، — ئويلىدى سكارلېت ئاچچىقىدا، — بۈگۈنكى بۇ يىغىلىشنى بىر تىيىن قىلىدىغان بولدى - دە.»

مادي دوختۇرنىڭ ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئاچچىقى كېلىپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— يىگىت، سىز ئۈچۈن دۇنيادا مۇقەددەس نەرسە يوق، — دېدى ئۇ خۇددى نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك بېسىق ئاھاڭدا، — ئەمما نۇرغۇن نەرسىلەر جەنۇبلۇق ئەپەندىلەر ۋە خانىملار ئۈچۈن مۇقەددەس، مەسىلەن، بىزنىڭ زېمىنىمىزنىڭ تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماي ئەركىن تۇرۇشى شۇ مۇقەددەسلىكلەرنىڭ بىرسى. يەنە بىرسى ئىشتاتىمىزنىڭ ھوقۇقى ۋە …

— ھەممە ئۇرۇش مۇقەددەس، — دېدى باتلېر خۇددى جاۋاب بېرىشكە ئېرىنىۋاتقاندەك ۋە سەل بىزار بولۇۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — بولۇپمۇ ئۇرۇش قىلىمىز دەپ تۇرۇۋالغان ئادەملەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر ئۇرۇشنى قوزغىغان ئادەملەر ئۇرۇشنى مۇقەددەس نەرسە دەپ چىقىمىغان بولسا كىم ئەخمەق بولۇپ ئۇرۇشقا بارىدۇ؟ لېكىن، ناتىقلار ئۇرۇش قىلىۋاتقان تەلۋىلەرگە قاراپ قانداق شوئارلارنى توۋلىسۇن، ئۇرۇشنىڭ قانداق يۈكسەك مەقسەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلىسۇن، ئۇرۇشتا پەقەت بىرلا مەقسەت بار، ئۇ بولسىمۇ پۇل. بارلىق ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە پۇل ئۈچۈن بولۇۋاتقان جېدەللەر. ئەپسۇس، بۇ نۇقتىنى ئاز بىر قىسىم ئادەملەرلا چۈشىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرى جەڭ سىگناللىرىنىڭ، جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازلىرى، بۇ يەرلەردىكى ناتىقلارنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. بەزى شوئارلاردا «ئەيسانىڭ قەبرىسىنى كاپىرلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالايلى!»، «يوقالسۇن پاپا تۈزۈمى!» دېگەن گەپلەر بار. بەزىلەر ھەتتا «ئەركىنلىك»، «پاختا، قۇللۇق تۈزۈم ۋە ئىشتات ھوقۇقى» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىشىدۇ.

«بۇنىڭ پاپا تۈزۈمى بىلەن نېمە ئالاقىسى باردۇ؟ — ئويلىدى سىكارلېت، — ئەيسانىڭ قەبرىسى دېگىنى نېمىسى؟»

ئۇ غەزەپلىك ئادەملەرنىڭ يېنىغا ئىتتىك كېتىۋېتىپ، رېت باتلېرنىڭ مەغرۇر ھالدا ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئالدىنى توسىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى، ئېلسىن خانىم ئىتتىك ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى تۇتۇۋېلىپ ماڭدۇرمىدى.

— ئۇ كەتسە كەتسۇن، — دېدى ئېلسىن خانىم ئېنىق قىلىپ. ئۇنىڭ گېپىنى بىردىنلا جىمىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى، — ئۇ كەتسۇن. ئۇ بەئەينى خائىنىنىڭ ئۆزى ھەم پۇرسەتپەرەس، قوينىمىزدا بېقىلىۋاتقان زەھەرلىك يىلان.

رېت باتلېر ئىشىكنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئېلسىن خانىم ئۈمىد قىلغاندەك ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى، ئاندىن كەينىگە قايرىلىپ ئۆي ئىچىدىكى ئادەملەرگە بىر قۇر قارىۋەتتى. ئېلسىن خانىمغا كەلگەندە، ئۇنىڭ تاختايدەك مەيدىسىگە بىردەم تىكىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن تۇيۇقسىز كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئېگىلىپ بىر تەزىم قىلىۋېتىپ ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

مېرۋېتېر خانىم پىتتىپىياتنىڭ پەيتونىغا چىقىۋالغانىدى. تۆت ئايال پەيتونغا چىقىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا، مېرۋېتېر خانىم قايناپ سۆزلەپ كەتتى.

— كۆردۈڭمۇ، پىتتىپىيات خامىلتون، ئەمدى رازى بولغانسەن.

— نېمىدىن رازى بولغۇدەكمەن؟

— سەن قانات يېيىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى نومۇسسىز باتلېرنىڭ قىلىقىدىنچۇ؟

پىتتىپىيات ئاڭلاپ تېرىكتى، ئاچچىقىدا مېرۋېتېر خانىمنىڭمۇ باتلېرنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلغان ئىشىنى ئۇنتۇپ قالدى. لېكىن، ھەممىسى چوڭ ھەم ئۆزىنى تۇختاتقان ئايالـلار بولغاچقا، گەپنى ئۇلغايتماي، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قوللىرىغا قاراپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇ بىزنىلا ھاقارەتلەپ قالماي پۈتۈن جەنۇب ئىتتىپاقىنىمۇ ھاقارەتلىدى، — دېدى مېرۋېتېر خانىم. ئۇنىڭ ئالمىدەك چىڭ كۆكسى تىنىقىنىڭ جىددىيلىكى بىلەن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى، — بىزنى پۇل ئۈچۈن ئۇرۇشۇۋاتىسىلەر دەيدۇ تېخى. بىزنىڭ داھىيلىرىمىز بىزنى ئالداپتۇدەك! ئۇنى چوقۇم تۈرمىگە تاشلاش كېرەك، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. مادې دوختۇر بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆزلىشىمەن. مېرۋېتېر ئەپەندى ھايات بولغان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. پىتتىي خامىلتون، ئاڭلاپ تۇر، ئەمدى

ئۇنى ئىككىنچى بوسۇغاڭغا يولاتما !
پىتتىيپات ئامالسىز «ھىم» دەپ قويدى. بۇنداق نومۇستىن ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ دېگەندەك، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، باياتىندىن بېرى بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان ئىككى قىزغا ياردەم سورىغاندەك قاراپ قويدى، ئاندىن پەيتون ھەيدەپ كېتىۋاتقان پېتتېرنىڭ دۈمبىسىگە قارىدى. ئۇ ئۇنىڭ بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنى ئادىتى بويىچە كەينىگە قايرىلىپ: «مېرۋېتېر خانىم، پىتتىيپات خېنىمغا گەپ قىلىۋەرمەي بىر قېتىمغا بولدى قىلىسىڭىزچۇ» دەيدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇ بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ باتلېرنى زادىلا ياخشى كۆرمەيتتى، بۇنى بىچارە پىتتىيپات بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ شۇنداق دېدى:
— بولىدۇ دوللى، ئەگەر سەنلا شۇنداق دەپ ...
— مەن شۇنداق قارايمەن، — دېدى مېرۋېتېر خانىم قەتئىي ئاھاڭدا، — مەن سېنىڭ قانداق بىر ئېزىتقۇنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنى ئۆيۈڭدە قارشى ئېلىۋاتقىنىڭنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمىدىم. بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ شەھەردىكى ھېچقانداق ئائىلە ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزمەيدۇ، سەنمۇ غەيرەتكە كېلىپ ئۇنى ئۆيۈڭگە يولاتما، — ئۇ ئىككى قىزغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى، — سىلەرمۇ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، بۇ خاتالىقتا سىلەرنىڭمۇ ھەسسەڭلار بار. ئۇنى كۆرسەڭلار ئاغزىڭلارنى يۇمالماي قالىسىلەر. ئۇنىڭغا قىلچە ئايىماي ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئىپلاس گەپلىرىنىڭ سىلەرنىڭ ئۆيدە قارشى ئېلىنمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىڭلار.
سىكارلېتنىڭ بۇ گەپكە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ خۇددى شاش ئات ئۆزىگە تونۇشسىز ۋە قوپال چەۋەندازنىڭ قولىدا چاچراپ تۇرغانغا ئوخشاش ئۇنىڭغا چاچرايمەن دەپ تۇراتتى. لېكىن، مېرۋېتېر خانىمنىڭ ئاپىسىغا يەنە خەت يېزىشىدىن قورقۇپ گەپ قىلىشقا

جۇرئەت قىلالماي ئولتۇردى.

«قېرى كالا! — ئۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە پاتۇرالماي قىزىرىپ كەتتى، — سېنىڭ زوراۋانلىقلىرىڭنى ئېچىپ تاشلاپ پۇخادىن چىقمىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى.»

— مەن مۇشۇ يېشىمدا بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا قىلىنغان خائىنلىقلارنى كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، — دېدى مېرۋېتېر خانىم سۆزىنى داۋام قىلىپ. بۇ قېتىمقى گەپلىرى ئاچچىقتىن چىقمىغان گەپلەر ئىدى، — بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ئادىل ۋە مۇقەددەس ئەمەس دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى دارغا ئېسىش كېرەك! بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىڭلارنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلغىنىڭلارنى ئىككىنچى كۆرمەي. نېمە بولدى، ۋاي خۇدايىمەي، مېلانىيە، سىزگە نېمە بولدى؟

مېلانىيەنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى يوغىناپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن ئۇنىڭغا يەنە گەپ قىلىمەن، — دېدى مېلانىيە بوش ئاۋازدا، — ئەمما ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلالمايمەن، ئۆيگە كەلسە ھەيدىۋېتەلمەيمەن.

مېرۋېتېر خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىرسى مەيدىسىگە بازغان بىلەن ئۇرغاندەك بولۇپ كەتتى. پىتتىپات ھامما قورقۇپ كېتىپ قېلىن كالپۇكلىرىنى يۇمۇشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىدى. پېتتېر تاغىمۇ كەينىگە قايرىلىپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

«بۇ گەپنى مەن نېمىشقا دېيەلمىدىم، — سكارلېت مېلانىيەگە تارلىق قىلدى ھەم قايىل بولدى، — مېلانىيە قانداق بولۇپ بۇ موماي بىلەن تەڭ تۇرۇشقا پېتىنغاندۇ؟»

مېلانىيەنىڭ ھاياجاندا ئىككى قولى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەرھال قىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى، بولمىسا بايىقى باتۇرلۇقى يوقىلىپ كېتەتتى.

— مەن ئۇنىڭغا سىز دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ھۆرمەتسىزلىك قىلالمايمەن. ئۇنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا

ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشى توغرا بولمىدى، قوپاللىق قىلدى ... ئەمما ئۇنىڭ ... ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشلېينىڭ دېگەنلىرى بىلەن ئوخشاش. شۇڭا، مەن ئاشلېي بىلەن ئوخشاش قاراشتىكى ئادەمنى ئۆيۈمنىڭ سىرتىدا قالدۇرالمايمەن، ئۇنداق قىلسام ئادىللىق بولمايدۇ.

مېرۋېتېر خانىم ئاڭغىچە دېمىنى ئىلىۋېلىپ يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— مېلانىيە خامىلتون، مەن مۇشۇ كۇنگىچە ئۇنداق يالغان گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان. ۋىلكېس ئائىلىسىنىڭ ئادەملىرى سىز دېگەندەك ئۇنداق قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس ...

— مەن ئاشلېينى قورقۇنچاق دېمىدىم، — دېدى مېلانىيە. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى، — ئۇمۇ كاپىتان باتلېرغا ئوخشاش قاراشتا، دېمەكچىمەن. ئىپادىلەشلىرى ئوخشىمايدۇ، خالاس. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى يىغىلىشلاردا سۆزلىمەيدۇ، ئەمما ماڭا يازغان خېتىدە ئېيتقان.

سكارلېت ئاخىرىدىكى گەپنى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. ئۇ خېتىدە مېلانىيە شۇنداق دەپ كەتكۇدەك نېمىلەرنى دېگەن بولغىيدى؟ سكارلېت ئېسىگە ئالالمىدى، چۈنكى ئۇ ھەر قانداق خەتنى ئوقۇسا ئوقۇپ بولۇپلا مەزمۇنىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ مېلانىيەنىڭ بۇ قىلىقىنى ئەخمەقلىققە چىقىرىپ ئولتۇردى.

— ئاشلېي خېتىدە شىماللىقلار بىلەن ئۇرۇشماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى يېزىپتۇ. بىز سىياسىيونلار بىلەن ئاشۇ ناتىقلارنىڭ شوئارلىرىغا، بىر تەرەپلىمىلىكلىرىگە ئالدىنىپ قاپتۇق. بۇ ئۇرۇشتا تارتقان زىيىنىمىزنى دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە بىلەن تولدۇرۇپ كېتەلمەيمىز. بۇ يەرلەردە شان - شەرەپ دېگەن نەرسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ھەممە يەرنى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە پاسكىنىچىلىق باسقان، دەپتۇ.

«ھە، ھېلىقى خەتتىكى گەپلەر، — ئويلىدى سكارلېت، — ئۇنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى شۇنداق گەپمىدۇ؟»

— مەن بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى مېرۋېتېر خانىم جاھىللىق بىلەن، — سىز ئۇنىڭ مەقسىتىنى خاتا چۈشىنىۋالغان.

— مەن ئاشلېپىنى مەڭگۈ خاتا چۈشەنمەيمەن، — ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتسىمۇ ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — ئۇنى تولۇق چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ دېگەنلىرى كاپىتان باتلېرنىڭ دېگەنلىرى بىلەن ئوخشاش، ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭدەك قوپاللىق بىلەن دېمىگەن.

— نومۇس قىلىڭ، مېلانىيە. تەپ تارتماي ئاشلېپىدەك ئالىيجاناب ئادەمنى كاپىتان باتلېردەك بىر لۈكچەك بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇۋاتىسىزا! بەلكىم سىزمۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدىغانسىز.

— مەن ... مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، — مېلانىيە بۇ گەپنى سەل دېلىغۇلدا دېدى. ئاچچىقىمۇ ئاستا - ئاستا يانغان، گەپنى ئويلىماي قىلىپ قويغىنىغا سەل تەمتىرەپ قالغانىدى، — مەن ... مەن ئاشلېيغا ئوخشاش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن قۇربان بولۇشقىمۇ رازىمەن. مېنىڭ ... دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ئىشنى ئەرلەرلا ئويلاپ، ئەرلەرلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتسۇن، قانداقلا بولسۇن ئۇلار بىزدىن ئىنچىكە ئويلايدۇ ...

— مەن بۇنداق گەپنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى مېرۋېتېر خانىم مەنسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا، — توختا، پىتتېر تاغا، بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتىڭ.

پىتتېر تاغا گەپ تىڭشاش بىلەن بولۇپ كېتىپ مېرۋېتېرنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيتوننى كەينىگە ياندۇرۇپ ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا توختاتتى، مېرۋېتېر خانىم پەيتوندىن چۈشۈپ قالدى.

— سىلەر چوقۇم پۇشايمان قىلىسىلەر! — دېدى ئۇ.

پېتتېر تاغا ئاتقان بىر قامچا سىلىقۋېدى، ئات يەنە يورۇپ كەتتى.

— سىلەر ئىككىڭلار پىتتىيپاتنى ئاشۇنداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغىنىڭلار ئۈچۈن نومۇس قىلىشىڭلار كېرەك، — دەپ توۋلىدى مېرۋېتېر ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە.

— مەن قىلچىمۇ بىئارام بولمىدىم، — دېدى پىتتىيپات ھەيران بولۇۋاتقاندەك. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭدىنمۇ يەڭگىل جىددىيچىلىكلەرگە ئۇچرىسا ھوشىدىن كېتەتتى، — مېلانىيە، سۆيۈملۈكۈم، سەن ماڭا ۋاقتىدا ياردەم بەردىڭ. راستىنى دېسەم، بىرەرسى دوللىنى بېسىپ چۈشسە خۇشال بولۇپ كېتىمەن. ئۇ نېمىدېگەن زومىگەر ! ساڭا بۇ جۈرئەت نەدىن كەلدى؟ ئەمما سەن ئاشلېينىڭ گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دېمىسەڭ بولاتتى.

— ئۇ راست تۇرسا، — مېلانىيە ئەمدى بوش يىغلاشقا باشلىدى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشلېينىڭ شۇنداق ئويلىغىنى ئۈچۈن مەن نومۇس قىلمايمەن. ئۇ ئۇرۇش قىلىشىمىزنى خاتا دەيدۇ، ئەمما ئۇرۇشقا رازىلىقى بىلەن قاتنىشىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار. خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن قانچىلىك جاسارەت كېرەك، بىلەمسىلەر؟

— ۋاي خۇدايىمەي، مېلانىيە خانقىز، ئۇنىڭىزنى بېسىڭ، — دېدى پېتتېر تاغا ئېتىنى تېزلىتىپ، — خەقلەر كەينىڭىزدىن گەپ قىلىدۇ، يىغىڭىزنى ئۆيگە بېرىپ يىغلاڭ.

سىكارلېت زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. مېلانىيە خۇددى ئۆزىگە تەسەللىي ئىزدىگەندەك قولىنى سىكارلېتنىڭ قولى ئۇستىگە قويدى. ئەمما، سىكارلېت ئۇنىڭ قولىنى چىڭراق تۇتۇپمۇ قويمىدى. ئۇ ئاشلېينىڭ خەتلىرىنى كۆرگەن چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىسپات تېپىش، ئۆزىنى ئىشەندۇرۇشنى ئويلىغانىدى. مېلانىيە بولسا ئۇ خەتلەردىكى ئۇ

گەپلەرگە باشقىچە تەبىر بېرىۋاتاتتى. سىكارلېت ئۇ خەتلەردىن مېلانىيە دېگەندەك مەنىنى بىلەلمىگەنىدى، بۇ يېڭىلىق ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئاشلېيغا ئوخشاش كامالەتكە يەتكەن ئادەممۇ رېت باتلېرغا ئوخشاش ئاشۇنداق مۇتتەھەم بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولىدىكەنە. «ئىككىلىسى ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىپتۇ. ئەمما، ئاشلېي ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خالايدۇ، باتلېر بولسا خالىمايدۇ. مېنىڭچە، رېت باتلېرنىڭ توغرىدەك قىلىدۇ، — سىكارلېت بىردەم خىيالىدىن توختاپ، ئۆزىنىڭ ئاشلېيغا خاتا باھا بېرىۋاتقىنىدىن قورقۇپ قالدى، — ئۇ ئىككىسى ئادەمنى رەنجىتىدىغان بىر ئىشنى ئوخشاش كۆرۈپ يەتكەن. رېت باتلېر بولسا ئۇ ئىشنى دادىل تۇرۇپ كەمسىتەلىگەن ھەم ئاشكارا سۆزلەپ خەقنىڭ غەزىپىنى قوزغىيالىغان، ئاشلېي بولسا ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.»

## ئون ئۈچىنچى باب

مادې دوختۇر مېرۋېتېر خانىمنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، گېزىتكە بىر پارچە خەت يازدى. خەتتە باتلېرنىڭ ئىسمى بولمىسىمۇ، مەزمۇنىدىن شۇنىڭغا قاراتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇھەررىر بۇ خەتنىڭ دراماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە خەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، گېزىتنىڭ ئىككىنچى بېتىگە باستى. بۇ خەتنىڭ ئۇ يەرگە بېسىلىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى، بىرىنچى، ئىككىنچى بەتلىرىگە ئېلانلار، يەنە كېلىپ قۇل، قېچىر، سوقا، ئۆي ساتىدىغان ئىشلار، جىنسىي كېسەللىكلەر دورىلىرى، بالا چۈشۈرىدىغان، ھەۋەسنى قوزغايدىغان دورىلارنىڭ ئېلانلىرى بېسىلاتتى.

مادىي تاغنىڭ بۇ خىيتى كېيىن جەنۇبتا قوزغالغان ھايانكەشلەرنىڭ، جازانىخورلارنىڭ، ھۆكۈمەت بىلەن توختام تۈزۈشكەن سودىگەرلەرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى. چارلېستون پورتىنى شىماللىقلار قاتتىق قامال قىلىۋالغاچقا، ۋىلمىنتون قامال قىلىنغان جايلار سودىسىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان ھەم ئۇ يەردىكى ئىشلار خەلقئالەمگە يېيىلىپ كەتكەنىدى. ھايانكەشلەر قوللىرىدىكى پۇللىرىغا مال ئېلىپ بېسىۋېلىپ باھا ئۆرلىگەندە ساتاتتى، باھانىڭ ئۆرلىشىمۇ ئىنتايىن تېز ئىدى، بۇنىڭ بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ كۈنى تېخىمۇ خارابلاشتى. باھانىڭ ئۆسۈشى بىلەن تەڭ جەنۇبنىڭ پۇلىمۇ بارغانسېرى پاخاللىشىپ كېتىۋاتاتتى، پۇل پاخاللاشقانسېرى كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش شۇنچە قىيىنلىشىپ باراتتى. قامال رايونلارغا قاتنايدىغان سودىگەرلەر ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن لازىملىق نەرسىلەرنى كىرگۈزۈۋاتاتتى. ئۇلارغا يەنە ئالىي تاۋارلار سودىسى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنغانىدى. ئەمما، پاراخوتلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ تاۋارلار بېسىپ كېتىپ، جەنۇبقا جىددىي لازىم بولۇۋاتقان تاۋارلار بىر چەتتە قېلىۋاتاتتى. كىشىلەر قوللىرىدىكى پۇللىرىغا ئەتە ھېچنېمە كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ خىلدىكى ئالىي تاۋارلارنى تالىشىپ سېتىۋېلىۋاتاتتى.

ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى، ۋىلمىنتوندىن رىچماندقا قاتنايدىغان بىرلا تۆمۈر يول بولۇپ، نەچچە مىڭ تۈگىدىكى ئاق ئۇن، ئونمىڭلاپ ساندۇقلاردىكى سۇرلىگەن گۆشلەر توشۇلماي يولنىڭ ياقىسىدا دۆۋىلىنىپ ياتاتتى، ئۇ نەرسىلەرنىڭ سېسىپ، كۆكىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك ئىدى. ئەمما، ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ ھاراق، قەھۋە، يىپەك رەخت دېگەندەك نەرسىلىرى بىر ـ ئىككى كۈنگە قالمايلا رىچماندقا توشۇلۇپ بولاتتى.

خەقنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن تارقىلىۋاتقان رېت باتلىر تۆت پاراخوتتا ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى يۈقىرى باھادا سېتىپ ھايان ئېلىپلا قالماي، باشقىلارنىڭ پاراخوتلىرىدىكى ماللارنىمۇ سېتىۋېلىپ بېسىۋاپتىمىش، دېگەن گەپ ئەمدى ئاشكارا تارقىلىۋاتاتتى. گەپلەردىن قارىغاندا، ئۇ بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق دەسمايىسى بار بىر تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئىمىش. ئۇ تەشكىلاتنىڭ باش ئىدارىسى ۋىلمىنتوندا ئىكەن، مەخسۇس ۋىلمىنتونغا كەلگەن ماللارنى سېتىۋالىدىكەن، رىچماندتا ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئىسكىلاتى بولۇپ، ئۇ ئىسكىلاتلار يېمەكلىك، رەخت دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، باھا ئۆرلىگەندە ساتقۇدەك. مۇشۇنداق گەپلەر چىقىۋەرگەچكە، تۇرمۇشتا قىينىلىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن پۇقرالارنىڭ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە بولغان نارازىلىقى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى.

«جەنۇب ئىتتىپاقى دېگىز ئارمىيەسىنىڭ مۇلازىمەت شىركىتىدىكى قامال بۆلۈمىدە نۇرغۇن باتۇر ۋەتەنپەرۋەرلەر بار، — دەپ يازىدۇ مادې دوختۇر خېتىنىڭ ئاخىرىدا، — ئۇلار ئادىل، شەخسىيەتسىز، ھاياتى بىلەن مال - مۈلۈكلىرىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي جەنۇب ئىتتىپاقىنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن جەنۇب خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر. خەلق قوللىرىدىكى ئازغىنا پۇللىرىنىمۇ ئىئانە قىلىپ ئۇلارنىڭ شۇ خىل روھىغا مەدەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار پاك - دىيانەتلىك ئېسىلزادىلەر، بىز ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمىز. بۇلار توغرۇلۇق مەن بۇ خېتىمدە ئارتۇقچە توختالمايمەن.

لېكىن، مۇناپىقلارمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار سودىگەر تونىنى كىيىۋېلىپ قاتتىق بېيىماقتا. خەلقنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە، ئۆلۈم گىردابىدا تۇرۇۋاتقاندا، تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ كىرىۋاتىدۇ، بىزنىڭ قەھرىمانلىرىمىز مورفىننىڭ يوقلۇقىدىن قاتتىق ئازاب تارتىۋاتقاندا، كېمىلەردە چاي، ھاراقلارنى

كىرگۈزۈۋاتىدۇ. شۇڭا، مەن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان، ئەڭ ئادىل ئىشلىرىمىز ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاۋاتقان مىللىتىمىزدىن ئىنسانىيەتنىڭ قۇزغۇنلىرى بولغان بۇ ئادەملەرگە نەپرەت ياغدۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. بىز بۇ قانخورلارغا لەنەت ياغدۇرايلى. ئۇلار روبېرت لىينىڭ باتۇرلىرىنىڭ قېنىنى ئىچىدىغانلار. ئۇلارنىڭ قامال رايون سودىگەرلىرى دېگەن ناملىرى ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئاللىبۇرۇن سېسىپ كەتكەن. بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز جەڭ مەيدانلىرىدا يالائاياغ يۈرگەن چاغدا، ئۇ تىرىكتاپلارنىڭ ئۆتۈكلىرىنى پارقىرىتىپ كۆز ئالدىمىزدا غاچىلداپ مېڭىپ يۈرۈشلىرىگە قانداق چىداپ تۇرالايمىز؟ بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز گۈلخان ئەتراپىدا تىترىشىپ ئولتۇرۇپ كۆكىرىپ قالغان گۆشلەرنى يەۋاتقاندا، ئۇ ئادەملەر شېرىن شاراب، ئېسىل تائاملار بىلەن كېكىرىپ يۈرۈشسە، بۇنىڭغا چىداش مۇمكىنمۇ؟ مەن جەنۇب ئىتتىپاقىمىزنى ھىمايە قىلىدىغانلارنىڭ قوزغىلىپ، ئۇلارنى تۇپرىقىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىشىنى سورايمەن.»

بۇ خەت گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاتلانتانىڭ جەنۇب ئىتتىپاقىغا سادىق پۇقرالىرى باتلېرنى دەرھاللا قوغلاشقا باشلىدى.

1862 ـ يىلى كۈزگىچە باتلېرنى ئۆيلىرىدە مېھمان قىلغانلارنىڭ ئىچىدە پەقەت پىتتىيپات ھامىملا ئۇنى 1863 ـ يىلغىچە ئۆيىگە كەلسە قارشى ئېلىپ تۇردى. راستىنى ئېيتقاندا، مېلانىيە بولمىغان بولسا، باتلېرنىڭ بۇ ئۆيگە كىرەلىشىمۇ تەس ئىدى. پىتتىيپات باتلېرنىڭ شەھەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىسىلا ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالاتتى، چۈنكى، ئۇ ئۆيگە كېلىدىغان بولسا دوستلىرىنىڭ ئۆزىنى نېمە دەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ باتلېرغا، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭكىگە كەلمەڭ، دېيەلمەيتتى. ھەر قېتىم

ئۇ ئاتلانتاغا كەلگەندە، ئىككى قىزغا، ئۇنى تالادىلا يولغا سېلىۋېتىڭلار، ئۆيگە كىرمىسۇن، دەيتتى، ئۆزىمۇ شۇنداق قىلماقچى بولاتتى. ئەمما، ئۇ قولىدا كىچىككىنە تۇگۇنچەك، ئاغزىدا چىرايلىق، شېرىن گەپ بىلەن كىرىپ كەلگەندە تۇگۇلۇپلا قالاتتى.

— مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمىدىم، — دەيتتى پىتتىپىپات هال ئوقۇپ، — ئۇ ماڭا شۇنداقلا بىر قاراپ قويسا قورقۇپ پۈت - قولۇمدا جان قالمايدۇ، بىر ئېغىز گەپ قىلسام مېنى ئۇرىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىقى شۇ دەرىجىدە يامان. ئېيتقىنا، ئۇنىڭ مېنى ئۇرۇشى مۇمكىنمۇ. ياكى ... ياكى ... ئاھ، چارلېس هايات بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. سكارلېت، سىز ئۇنىڭغا چوقۇم ئېيتىڭ، بىزنىڭكىگە كەلمىسۇن. ياخشى گەپلەر بىلەن ئېيتىڭ. مېنىڭچە، سىز ئۇنىڭغا يەل بېرىۋاتىسىز، شۇڭا ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ گەپ. ئەگەر بۇ ئىشلارنى ئاپىڭىز ئاڭلاپ قالسا نېمە دەيدۇ؟ مېلانىيە، سەنمۇ ئۇنىڭغا ۋاي دەپ كەتمە، سوغۇقراق مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇ شۇ چاغدا چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مېلانىيە، ھېنرىغا خەت يازسام، ئۇ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسە قانداق بولار؟

— بولمايدۇ، — دېدى مېلانىيە كېسىپلا، — مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز ھۆرمەتسىزلىك قىلالمايمەن. مېنىڭچە، كىشىلەر كاپىتان باتلېرغا خۇددى ئۇركۇپ كەتكەن چۈجىلەردەك قىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئادەم مادىي دوختۇر بىلەن مېرىۋېتېر خانىم دېگەندەك ئۇنچىلا يامان ئادەممۇ ئەمەس، ئاشلىقنى بېسىۋېلىپ خەلقنى ئاچ قويمايدۇ. ماڭا تېخى يېتىم باللارنىڭ پاراۋانلىقىغا دەپ يۈز ئامېرىكا دوللىرى بەرگەن. ئۇنىڭ بىزگە ئوخشاشلا ساداقەتمەن ھەم ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ھەددىدىن زىيادە تەكەببۇر بولغاچقا، ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنى ئاقلىمىغانلا يېرى بار. ئەرلەرنىڭ ئاچچىقى تۇتسا قانچىلىك جاھىللىشىپ

كېتىدىغانلىقىنى سىزمۇ بىلىسىز.

پېتتىيپات ئەرلەرنىڭ ھېچنېمىسىنى چۈشەنمەيتتى، ئۇلار غەزەپلىنەمدۇ ياكى باشقا ئىش قىلامدۇ، كىچىككىنە سىمىز قوللىرىنى، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، دېگەندەك چايقاپلا قوياتتى. سىكارلېت خېلىدىن بېرى مېلانىيەنىڭ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنىلا ئويلايدىغان ئادىتىدىن ئۈمىد كۈتمەي كېلىۋاتاتتى. مېلانىيە ئەخمەق ئىدى، ئۇنىڭ بۇ ئەخمەقلىقىنى ھېچقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيتتى.

سىكارلېت باتلېرنىڭ ۋەتىنىنى سۆيمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى ھەم ئۇنىڭ ئۇنداقلىقى بىلەنمۇ قىلچە كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ناسسۇدىن ئېلىپ كېلىدىغان ئۇششاق - چۈششەك سوۋغاتلىرى ئاياللارنىڭ ئادەتتىكىدەك نەرسىلىرى بولسىمۇ، سىكارلېت ئۇ نەرسىلەرگە بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايتتى. مال باھاسى مۇشۇنداق ئۆرلەپ كېتىۋاتقاندا ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمىسە، ئۇنىڭغا يىپ - يىڭنىلەرنى، كەمپۈت - شاكىلاتلارنى، چاچقا قىستۇرىدىغان چازىلارنى كىم ئەكېلىپ بېرىدۇ؟ ياق، ئۇنى كىرگۈزمەسلىككە بولمايدۇ. خەق گەپ قىلسا، مەسئۇلىيەتنى پېتتىيپات هاممىغا ئىتتىرىپ قويۇش كېرەك. ئۇ دېگەن ئائىلە باشلىقى - دە. سىكارلېت پۈتۈن شەھەرنىڭ باتلېرنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆز - چۆچەك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. ئاتلانتالىقلارنىڭ نەزىرىدە مېلانىيە ۋېلكىس خاتا ئىش قىلمىدىغانلاردىن ئەمەس، ئەمما مېلانىيە باتلېرنى قوغدايدۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن، ئۇنىڭ كېلىشى يۈز كېتىدىغان ئىشمۇ بولماس.

ناۋادا رېت باتلېر ئۆزىنىڭ ھېلىقىدەك تەتۈر گەپلىرىنى قىلمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇنداق كۆڭۈللۈك بولاتتى. سىكارلېتمۇ ئۇنىڭ بىلەن كوچا ئايلانغىلى چىققاندا، خەقلەر باتلېرغا يامان كۆزلىرى بىلەن قارىسىمۇ خىجىل بولۇپ قالمايتتى.

— شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز نېمىشقا ئۇنى دەيسىز؟ — دەپ ئەيىبلىدى سىكارلېت باتلېرنى، — نېمىنى ئويلىغىنىڭىز كەلسە شۇنى ئويلاپ، ئەمما ئاغزىڭىزنى مەھكەم تۇتۇپ يۈرگەن بولسىڭىز، ھەممە ئىش شۇنداق ياخشى بولاتتى.

— ئۇ سىزنىڭ خىيالىڭىز، شۇنداقمۇ، مېنىڭ يېشىل كۆزلۈك ساختىپەزىم؟ ھەي سىكارلېت، ھەي سىكارلېت! مەن سىزنى تېخىمۇ جۈرئەتلىك بولسىكەن دەيمەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ بىر نېمە دېگۈسى كەلسە ئۇلارنى گەپتە ئالۋاستىلارمۇ توسۇپ قالالمايدىكەن. ماڭا راست گېپىڭىزنى قىلىڭا، گەپمۇ قىلماي ئاغزىڭىزنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرۇۋالسىڭىز ئىچىڭىز سىقىلامدۇ، سىقىلمامدۇ؟

— ھەئە، سىقىلىدۇ، — سىكارلېت ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيرەك ئىقرار قىلدى، — كىشىلەر ئەتىدىن كەچكىچە ئىزىم توغرۇلۇقلا گەپ قىلىشسا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنچىلىك بىزار بولىمەن. ئەمما باتلېر، بىلىشىڭىز كېرەككى، ئەگەر مەن ئىچىم سىقىلسىمۇ چىدىمىسام، ھېچكىم ماڭا گەپ قىلمايدۇ، يىگىتلەرمۇ مەن بىلەن تانسا ئوينىمايدۇ.

— ھە راست، تانسا ئويناشقا ئادەم كېرەك - دە، ھەرقانچە چوڭ بەدەل كەتسىمۇ مەيلى. ئۇنداق بولسا، بۇ خىل ئۆزىڭىزنى قاتتىق تۇتۇۋېلىش روھىڭىزغا ئاپىرىن ئوقۇسام بولغۇدەك، ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، ئۇستۇمگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تونىنى ياپالمايمەن، بۇ تون ماڭا قانچىلىك ئاسانلىق يارىتىپ بەرسىمۇ مەيلى. ئۇنداق ئەخمەق ۋەتەنپەرۋەرلەر ھازىر يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇلار قوللىرىدىكى بىر تىيىن پۇلنىمۇ قامال رايونلىرىغا سېلىپ بېرىۋاتىدۇ، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ھەممىسى قارا نامراتقا ئايلىنىدۇ. مەيلى مەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخ بېتىدە پارلاق نۇر چېچىپ تۇراي ياكى نامراتلارنىڭ تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالاي. ئۇلار بەرىبىر مېنى ئۆز سەپلىرىگە قوشمايدۇ. بۇ شەرەپ تاجىنى ئۇلار ئۆزلىرى تاقىشىۋالسۇن، ئۇلار شۇنىڭغا مۇناسىپ. بىر

يىلغا قالماي ئۇلار ھەممىسى ئۇ تاجغا ئىگە بولۇشىدۇ.

— سىز بەكمۇ نومۇسسىز ئادەم ئىكەنسىز. قىلىۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ. سىز ئەنگلىيە بىلەن فىرانسىيەنىڭ تېز ئارىدا كېلىپ بىزگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىسىز، ھەم ...

— سىكارلېت، گېزىت كۆرگەن ئوخشىمامسىز. مەن سىزگە ھەيران قېلىۋاتىمەن. ئەمدى ئۇنداق گېزىتلەرنى كۆرمەڭ، ئۇ ئاياللارنىڭ كاللىسىنى بۇزىدۇ. سىزنىڭ ئۇ گېپىڭىزگە بېرىدىغان جاۋابىم: بىر ئاينىڭ ئالدىدا مەن ئەنگلىيەدە ئىدىم. ئۇلار جەنۇب ئىتتىپاقىغا ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق دەسمايىسىنى سۇغا چۆشۈپ كەتكەن ئىتقا سەرپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭلاشقا ئۇلار ئەنگلىيە دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تەختتە ئولتۇرغان گوللاندىيەلىك سېمىز خوتۇن خۇدادىن قورقىدۇ، شۇڭا قۇللۇق تۈزۈمنى ياقلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ فابرىكىلىرىدىكى ئىشچىلار پاختىنىڭ يوقلۇقىدىن ئاچ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈمى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ناپولېئوننىڭ ئىزىدىن كېتىۋاتقان فىرانسىيە بولسا ھازىر مېكسىكىدا فىرانسىيە رايونى قۇرۇش بىلەن ئالدىراش، شۇڭا بىز ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشمايدۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ بۇ يەردىكى ئۇرۇشنى ياقلايدۇ، چۈنكى بۇ يەردە ئۇرۇش بولىۋەرسە، بىز ئۇنىڭ مېكسىكىدىكى ئەسكەرلىرىنى قوغلىيالمايمىز - دە ... سىكارلېت، چەت ئەللەر بىزگە ياردەم بېرىدۇ، دېگەن بۇ ئۇقۇم گېزىتلىرىمىزنىڭ جەنۇبىنىڭ ئەسكەرلىرىگە يەل بېرىش ئۈچۈن تاپقان ئەڭگۈشتەرى. جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرى ئاللىبۇرۇن بېكىتىلىپ بولدى، تۆگىگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ لوكىسىغىلا تايىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەمما، لوكىسى ھەرقانچە يوغان بولغان بىلەنمۇ ھامان بىر كۈنى ئۈنىمۇ خورىتىپ بولىدۇ. مېنىڭ قامال رايونلىرىدا يەنە ئالتە ئاي يۈرىدىغان پىلانىم بار، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ئىشىمۇ

توگەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى خەتەرلىك. ئۇ چاغدا كېمىلىرىمنى بۇ ئىشنى قىلىشتىن يانمىغان بىرەر ئەنگلىيەلىككە سېتىپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن مەن ھەرگىز ئەپسۇسلانمايمەن. يەتكۈدەك پۇلنى تېپىپ ئەنگلىيە بانكىسىغا سېلىپ قويىدۇم، ھەممىسى تىللا. بىر تىيىنلىق قىممىتى يوق ئۇ قەغەز پۇللارنىڭ ئەمدى مەن بىلەن مۇناسىۋىتى قالمىدى.

ئۇنىڭ گەپلىرى بۇرۇنقىغا گەپلىرى يوللۇقتەك كۆرۈنەتتى. باشقىلار بۇ گەپلەرنى خائىنىنىڭ سۆزى دەپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما، سكارلېت ئۇنداق ئويلىمايتتى، ئۇنىڭغا راست ھەم مۇۋاپىقتەك بىلىنەتتى. ئۇ گەپلەر بەلكىم پۈتۈنلەي خاتادۇ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ غەزەپلىنىشى، نەپرەت ياغدۇرۇشى كېرەكتۇ. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلالمايتتى، شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى، شۇنىڭدا ئۇ يۇقىرى تەبىقىگە مۇناسىپ قىز بولالايتتى.

— مەن مادىي دوختۇرنىڭ سىز توغرۇلۇق يازغانلىرىنى توغرا، دەپ قارايمەن، كاپىتان باتلېر، ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرىمەن دېسىڭىز، كېمىلىرىڭىزنى سېتىۋەتكەندىن كېيىن دەررۇ ئارمىيەگە قاتنىشىڭ. چۈنكى، سىز ۋېست ھەربىي مەكتىپىدىن چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ...

— سىزنىڭ بۇ گېپىڭىز پوپلارنىڭ يىگىتلەرنى ئەسكەرلىككە چاقىرغان ۋەز - نەسىھەتلىرىگە بەكمۇ ئوخشىدى. ناۋادا مەن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرمىسام قانداق بولىدۇ؟ مېنى تاشلىۋەتكەن ئۇ تۈزۈم ئۈچۈن نېمىدەپ جېنىمنى سېلىپ بەرگۈدەكمەن؟ مەن تېخى ئۇ يوقالسا خۇشال بولىمەن.

— مەن تۈزۈم دېگەن گەپنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى سكارلېت سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ.

— ئاڭلاپ باقمىغان؟ سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇنىڭ بىر ئەزاسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىپ ئېيتالايمەنكى، سىزمۇ مەندەك ئۇنى ياخشى كۆرمەيسىز. مەن نېمىشقا باتلېر ئائىلىسىنىڭ

ۋاپاسىز ئوغلى بولۇپ قالدىم؟ بۇنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ يەردە. مېنىڭ چارلېستون بىلەن ئاڭ ـ پىكرىم بىر ئەمەس، ئۇنى بىرلەشتۈرگىلىمۇ بولمايتتى. چارلېستون بولسا جەنۇبقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. سىز ئۇ يەرنىڭ قانچىلىك نەپرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىزغۇ دەيمەن؟ نۇرغۇن ئىشلارنى باشقىلار قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن سىزمۇ قىلىۋاتىسىز. ھېچقانداق زېيىنى يوق باشقا نۇرغۇن ئىشلارمۇ بار، ئەمما سىز ئوخشاش سەۋەب بىلەن ئۇنى قىلمايسىز. جىق ئىشلاردىن مەنىسىز بولغاچقا بىزارمەن. سىزمۇ ئاڭلىغان بولسىڭىز كېرەك، مەن توي قىلمىغان ھېلىقى قىزنىڭ ئىشىنى ئالساق، ئۇ بۇ ئىشنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئامىل بولۇپ قالدى. مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئەخمەقنى ئالغۇدەكمەن؟ مەلۇم بىر تاسادىپىي ھادىسە تۈپەيلىدىن ئۇنى قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۆيىگە ئەكېلىپ قويالمىغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇ زوراۋان ئاكىسىنىڭ مەن نىشانغا تەگكۈزەلەيدىغان ئەھۋالدا تۇرۇپ، مېنى ئېتىپ تاشلىشىغا يول قويىمەنمۇ؟ ئەگەر مەن يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەم بولغان بولسام ئۇنىڭ مېنى ئېتىپ تاشلىشىغا يول قويسام بولاتتى، ئۇ چاغدا باتلېر ئائىلىسىنىڭ يۈزىگە چۈشكەن داغ شۇنىڭ بىلەن يۇيۇلۇپ كېتەتتى. لېكىن، مەن ياشىشىم كېرەك ـ دە. مەن مۇشۇنداق ياشىشىم كېرەك، مۇشۇنداق ياشىسام راھەت ياشايمەن ... مەن پات ـ پات ئىنىمنى ئويلاپ قالىمەن. ئۇ چارلېستوندا مۇقەددەس كالا پادىلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرىدۇ، ئۇلارغا ناھايىتى ھۆرمەتچان؛ ئۇنىڭ قوپال خوتۇنى ۋە ئۇنىڭ دائىم ئوينايدىغان سانت سېسلىيا ئۇسسۇلىنى، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان شاللىنىقىنى ئەسلەيمەن، شۇلارنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۇ تۈزۈم بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، تاپقان راھىتىمگە شۈكۈر ـ سانا ئېيتىمەن. سكارلېت. بىزنىڭ جەنۇبنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودالىلىق تۈزۈمگە ئوخشاش شۇنچىلىك كونا. ئۇنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىغا

ھەيرانمەن. ئۇ بۇرۇنلا يوقىلىشى ياكى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز مېنى يەنە مادىي دوختۇرنىڭ، بىزنىڭ ئىزمىمىز ئادىل ۋە مۇقەددەس دەپ سۆزلەيدىغان نۇتقىنى ئاڭلاڭ دېمەكچىمۇ؟ مېنى گۈلگە پۈركەپ تۇرغان جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ساداسى بىلەن ھاياجانلىنىپ، قولۇڭغا مىلتىق ئېلىپ غوجايىن روبېرت ئۈچۈن قان تۆكۈشكە ئۈندىمەكچىمۇ؟ سىز مېنى قايسى دەرىجىدىكى ئەخمەق چاغلايسىز. باشقىلارنىڭ قامچىسىنى يەۋېتىپ يەنە ئۇنىڭ قامچىسىغا سۆيۈش مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم ئەمەس. ھازىر جەنۇب بىلەن مېنىڭ ھېسابىم ئېنىق بولۇپ كەتتى، ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىزگە قەرزدار ئەمەس. جەنۇب مېنى تاشلىۋەتكەن، ئاچتىن ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، لېكىن مەن ئۆلمىدىم، ئەكسىچە جەنۇبنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىشلىرى ئىچىدىن يېتەرلىك پۇل سۈزۈۋېلىپ، يوقاتقان ۋە يوقىلىپ كېتىۋاتقان ھوقۇقۇمنىڭ زىيىنىنى تۆلىۋالدىم.

— سىز شۇنچىلىك پەس ۋە شەخسىيەتچى ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى سىكارلېت، لېكىن تەلەپپۇزى نۇنچىلىك كەسكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ھەر قېتىمقى سۆھبەتتە ئەھمىيەتسىز دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەندەك بۇ قېتىممۇ قاپتىلىغا ئېلىپ قويمىدى. ئەمما، ئۇ گەپلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۇ چۈشىنەتتى ھەم يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا نۇرغۇن ئەخمەقانىلىقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتى.

— شەخسىيەتچى دەمسىز؟ ياق، مېنىڭ پەقەت يىراقنى ئويلىغىنىملا بار. بۇمۇ بەلكىم ئۆزۈمنىلا ئويلىغىنىم بىلەن ئوخشاش ئىشتۇ. ماڭا ئوخشاش يىراقنى كۆرەر ئادەملەر مۇشۇنداق دېيىشى مۇمكىن. جەنۇب ئىتتىپاقىغا سادىق ھەر قانداق ئادەم 1861 - يىلى قولىدا يۈز ئامېرىكا دوللىرىلا بولسا ماڭا ئوخشاش ئىش قىلاتتى. ئەمما، شۇلارنىڭ ئىچىدە مەنپەئەت ئالالايدىغىنى قانچىلىكتۇ. مەسىلەن ئالايلى، سامتېر قەلئەسى

يېڭىلا قولدىن كەتكەن، قامال تېخى تولۇق باشلانمىغان چاغدا مەن ئەرزان باھا بىلەن نەچچە مىڭ تاي پاختىنى ئېلىپ ئەنگلىيەگە ئېلىپ باردىم. ئۇ پاختىلار ھازىرغىچە شۇ يەردە بېسقلىق، تېخى ساتقىنىم يوق. ئەنگلىيە پاختىغا جىددىي ئېھتىياج بولۇپ، مەن دېگەن باھاغا ئالىدىغان چاغدا ئاندىن ساتىمەن. شۇ چاغدا بىر قادىقىنى بىر دوللاردىن ساتسامۇ ئالىدۇ.

— پىل ئورمانلىقتا ئۇۋا سالغاندا، ئاندىن بىر قادىقىنى بىر دوللاردىن ساتالارسىزمىكىن.

— شۇ باھادا ساتالايدىغىنىمغا ئىشىنىمەن. ھازىر پاختىنىڭ بىر قادىقى يەتمىش ئىككى تىيىن. سكارلېت، بۇ ئۇرۇش تۈگىگەندە مەن كاتتا بايغا ئايلىنىمەن، چۈنكى مەن يىراقنى كۆرەلەيمەن. ھە راست، كەچۈرۈڭ، مەن بىر شەخسىيەتچى، مەن سىزگە مۇنداق ئىككى چاغدا پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىرسى، دۆلەت يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان چاغدا، يەنە بىرسى، دۆلەت زاۋاللىققا يۈزلەنگەندە. قۇرۇلۇۋاتقاندا پۇلنى ئاز تاپقىلى، زاۋاللىققا ماڭغاندا كۆپ تاپقىلى بولىدۇ. بۇ گېپىمنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، بىر كۈنلەردە سىزگىمۇ ئەسقاتمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

— مەن بۇنداق ياخشى تەكلىپلەردىن شۇنچىلىك قاتتىق سۆيۈنىمەن، — دېدى سكارلېت سۆزىگە ئىمكان بار كۈچلۈك مەسخىرە تۈسى بېرىپ، — ئەمما ئۇ تەكلىپلىرىڭىزنىڭ ماڭا لازىمى يوق. سىز مېنىڭ دادامنى كەمبەغەل كۆرۈۋاتامسىز؟ ئۇنىڭ مېنىڭ خەجلىشىمگە يەتكۈدەك پۇلى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارلېستىن قالغان دۇنيايىممۇ يوق ئەمەس.

— مەن شۇنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمەنكى، فىرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ پۇت ـ قولى چۈشلىپ زىندانغا تاشلانغۇچە ئاشۇنداق خىيالدا بولىدىغانلار ئاز بولمىسا كېرەك.

سكارلېت ھەر قېتىم ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندا، رېت باتلېر ئۇنىڭغا ئۇستىدىكى قارىلىق

كىيىملەرنىڭ سورۇنغا پەقەتلا ماس كەلمىگەنلىكىنى دەپ تۇراتتى. ئۇ رەڭلىك كىيىملەرنى ياخشى كۆرگەچكە، سىكارلېتنىڭ ئۇچىسىدىكى قارا كۆڭلەك، بېشىدىكى قارا شىلەپە، يەرگىچە سۆرىلىپ تۇرىدىغان قارا شارپا ئۇنىڭ كۆزىگە كۈلكىلىك ھەم غەلىتىلا كۆرۈنەتتى. سىكارلېت مۇشۇ كىيىملەردە يۇرمىسە بولمايتتى، بىرنەچچە يىل بولمايلا رەڭلىك چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىۋالسا، پۈتۈن شەھەر ئۇنىڭ كەينىدىن تېخىمۇ كۆپ ئۇششاق گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئاپىسىغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىدۇ؟

رېت باتلېر ئۇنىڭغا ئوچۇقلا قىلىپ، بېشىدىكى ئۇزۇن قارا شارپىسى بىلەن قارا قاغىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، پۈتۈن تۇرقى بىلەن ھازىرقى يېشىدىن ئون ياش چوڭدەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى دېگەندە، ئۇ يۈگۈرۈپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزى راستىلا يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەندەك كۆرۈنەمدۇ، يوق، قاراپ باقتى.

— مېنىڭچە، ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز جىددىيرەك قاراڭ. مېرۋېتېر خانىملارنى دورىماڭ، — دېدى باتلېر مەسخىرە قىلغاندەك قىلىپ، — ئەمەلىيرەك بولۇشىڭىز كېرەك، ئۆزىڭىزدە بولمىغان قايغۇنى ئۇ كىيىملەر بىلەن ئىپادىلەيمەن دەپ نېمە ئاۋارە بولىسىز. سىز بىلەن بەسلىشىمەنكى، بۇ يالغان. مەن سىزنىڭ ئىككى ئايدىن كېيىن بۇ قارا كىيىملىرىڭىزنى سېلىۋېتىپ پارىژ كىيىملىرىنى كىيىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

— راستمۇ؟ ياق، ئەمدى بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلماڭ، — دېدى سىكارلېت. ئۇ باتلېرنىڭ چارلېسنى ئېسىگە سېلىپ قويۇشىدىن نارازى ئىدى. باتلېر ھازىر ۋىلمىنتونغا مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى، ئاندىن ئۇ يەردىن چەت ئەلگە باراتتى، شۇڭا، ئارتۇق گەپ قىلماي، كۈلۈپ قويۇپلا خوشلاشتى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، يازنىڭ چىرايلىق بىر كۈنى ئەتىگەندە باتلېر بىر شىلەپە كوروپكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ

كەلدى. ئۆيدە يالغۇز سىكارلېتلا بار ئىدى. باتلېر كورروپكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن قاتمۇ قات نېپىز شايى ياغلىققا ئورالغان ئىنتايىن نەپىس بىر شىلەپە چىقتى. سىكارلېت كۆرۈپ ئىختىيارسىز: «ئاھ، مېنىڭ گۆھىرىم!» دەپ توۋلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يېڭى كىيىملەرنى كۆرۈپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغانىدى، شۇڭا بۇنداق ئېسىل شىلەپىنى كۆرگەندە هاياجانلانماي تۇرالامدۇ؟ شىلەپە سۇس يېشىل تاپ تاۋرىدىن تىكىلگەنىدى، ئەستىرى يېشىل شايى ئىدى، ئېگەكتىن باغلايدىغان بوغقۇچىنىڭ كەڭلىكى ئالىقانچىلىك كېلەتتى، رەڭگىمۇ يېشىل ئىدى، بىر چېتىگە تۆگىقۇشنىڭ پېيى قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى.

— بۇنى كىيىپ بېقىڭ، — دېدى رېت باتلېر.

سىكارلېت ئۇچقاندەك ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ شىلەپىنى كىيدى، ئاندىن چاچلىرىنى كەينىگە قايرىۋېتىپ قۇلاقلىرىنى چىقىرىپ بوغقۇچىنى ئېڭىكىدىن تاڭدى.

— ياراشتىمۇ؟ — ئۇ شۇنداق دېگەچ، باتلېرغا ئەڭ چىرايلىق قىياپەتتە كۆرۈنۈش ئۈچۈن بەدىنىنى ئۇيان - بۇيان تولغىدى، بېشىنى چايقاپ، شىلەپىدىكى پەيلەرنى مىدىرلىتىپ باقتى. ئۇ باتلېرنىڭ ھەۋەس ئوتىدا يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىدا شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. دېمىسىمۇ ئۇ شۇنچىلىك ئوماق، شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى، بېشىدىكى يېشىل رەڭ شىلەپە بىلەن يېشىل كۆزلىرى زۇمرەتتەك تېخىمۇ جۇلالىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— رېت، بۇ شىلەپە كىمنىڭ؟ بۇنى مەن سېتىۋالاي، يېنىمدا بار ھەممە پۇلۇمنى بېرىمەن.

— سىزنىڭ، — دېدى رېت، — بۇ شىلەپە سىزدىن باشقا كىمگە شۇنداق يارىشىدۇ؟ سىز مېنى، مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ رەڭگىنى شۇنداق ئېنىق بىلىدۇ، دەپ ئويلىمامسىز؟

— سىز بۇ شلەپىنى راستلا ماڭا ئاتاپ سېتىۋالدىڭىزمۇ؟
— شۇنداق، كوروپكىنىڭ تېشىدىكى «تىنچلىق يولى» دېگەن فىرانسۇزچە خەتنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بۇنى كۆرسىڭىزغۇ ئىشىنەرسىز.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەتلەر ئەھمىيەتسىز ئىدى، ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ چىرايىغا قاراپلا قالغانىدى. ئىككى يىلدىن بېرى بۈگۈن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق چىرايلىق شلەپىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىنى نامايان قىلىۋاتقان چاغدا، ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى، مۇشۇنداق بىر شلەپىسى بولسا ئۇ نېمە ئىشلارنى قىلالمايدۇ دەيسىز، شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى.

— سىزگە ياقتىمۇ؟
— ھەم، خۇددى چۈشۈمدە كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن. بىراق، مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىنى قارا تور بىلەن قاپلىۋالسام، پەينىمۇ قارا قىلىپ بويىۋەتسەم.

باتلېر ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئېڭىكىدىن چىڭ تۇتىۋالغان بوغقۇچنى يەشتى، ئاندىن شلەپىنى كوروپكىنىڭ ئىچىگە سالدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ بۇنى سىزنىڭ دېگەنىدىڭىزغۇ؟
— مەن بۇنى سىزنىڭ قارىلىق شلەپە قىلىپ ئۆزگەرتىۋېلىشىڭىزغا ئېلىپ كەلمىگەن. بۇنى سىزگە ئوخشاش كۆزلىرى يېشىل چىرايلىق بىر خانىمنى تېپىپ شۇنىڭغا بېرەي، شلەپىنىڭ قەدرىگە شۇ يېتەر.
— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭ! بۇنى ئۆلسەممۇ كىيىمەن! ئۆتۈنۈپ قالاي، رېت، كىچىك بالىدەك قىلىق قىلماڭ! ماڭا بېرىڭ!
— بۇنىمۇ بېشىڭىزدىكى شلەپىڭىزگە ئوخشاش سەت بىر نەرسە قىلىۋالماقچىمۇ سىز؟ بولمايدۇ!

سكارلېت كوروپكىنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. ئۇنى

شۆنچىلىك ياش، شۆنچىلىك چىرايلىق قىلىۋەتكەن بۇ گۆھەرنى ئۇ باشقا قىزلارغا بەرگۈزۈۋېتەمدۇ؟ ئۇخلاپ چۈشى ! شۇ ئارىلىقتا ئۇ پىتتىي ھاما بىلەن مېلانىيەنىڭ شىلەپىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان قىياپىتىنى، ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە نېمە دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ شۈركۈنۈپ كەتتى. لېكىن، يەنىلا گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھېسسىياتى غالىب كېلىۋاتاتتى.

— ئۇنى ئۆزگەرتمەيمەن، ۋەدە بېرەي، ئۇنى ماڭا بېرىڭ.

باتلېر كۆروپكىنى ئۇنىڭغا بەردى، چىرايىدا مەسخىرە كۈلكىسى. سكارلېتنىڭ شىلەپىنى قايتا كىيگىنىگە ۋە ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايىغا زوق - شوقى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— بۇنىڭ پۇلى قانچە؟ — سكارلېتنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ قالدى، — يېنىمدا ئاران ئەللىك دوللار بار، ئەمما كېلەر ئايدا...

— جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ پۇل ھېسابى بويىچە ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولسا كېرەك.

— ۋاي خۇدايىمەي، ماقۇل، ھازىرچە ئەللىك دوللارنى ئېلىپ تۇرۇڭ، قالغىنىنى پۇلۇم ...

— ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، — دېدى باتلېر، — بۇ مېنىڭ سوۋغام.

سكارلېت ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەرلەرنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىش قاتتىق چەكلىنىدىغان ھەم ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغان ئىش ئىدى.

«كەمپۈت، گۈل، بىرەر شېئىر كىتابى، ياكى ئالبوم، بىرەر قۇتا ئەتىر دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەرلەر سوۋغا قىلسا ئالساڭ بولىدۇ، — دەپ دائىم تەربىيە بېرەتتى ئېللېن سكارلېتقا، — ئەمما، قىممەت نەرسىلەر بولسا، توي قىلىدىغان يىگىتىڭ سوۋغا قىلغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز قوبۇل قىلما. زىننەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك، پەلەي، قول ياغلىق دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ ئېلىشقا بولمايدۇ. قوبۇل قىلىپ ئالساڭلا، ئەرلەر سېنى

ئىسىلزادە ئەمەس، دەپ ئويلاپ، ساڭا قىلىقسىزلىق قىلىدۇ.»
«ۋاي ئاپىقىم! — سكارلېت ئىچىدە ئويلاپ، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسىگە، ئاندىن رېت باتلېرنىڭ سىرلىق جىلمىيىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويدى، — بۇنى مەن قانداقمۇ ئالمايمەن دېيەلمەيمەن؟ بەكمۇ ئېسىل شلەپە ئىكەن. ئۇ ماڭا قىلىقسىزلىق قىلسىمۇ مەيلى، بەك ئېشىپ كەتمىسىلا بولدى.» ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇ ئويىدىن چۆچۈپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. نېمىشقا شۇنداق ئويلاپ قالدۇ؟
— مەن ... مەن سىزگە ئەللىك دوللار بېرەي ...
— ئۇنداق قىلسىڭىز پۇلىڭىزنى چۆرۈۋېتىمەن، يا بولمىسا شۇ پۇلىڭىزنى روھىڭىزغا ئاتاپ نەزىر قىلىۋېتىمەن. سىزنىڭ روھىڭىز بىرنەچچە قېتىم شۇنداق قىلىشقا موھتاجەك قىلىدۇ.
سكارلېت زورىغا كۈلۈپ قويدى. ئەمما، شلەپىنىڭ تېگىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەينەكتىكى كۈلكە چىرايىنى كۆرۈپ، شۇئانلا بىر قارارغا كەلدى.
— سىز زادى مېنى نېمە قىلماقچى؟
— ياخشى نەرسىلەر بىلەن سىزنى ئۆزۈمگە قاراتماقچى، بالىلىق خام خىياللاردىن ئازاد قىلماقچى، ئاندىن ئۆزۈمگە بويسۇندۇرماقچى، — دېدى باتلېر، — ئەرلەردىن پەقەت كەمپۈت بىلەن گۈللا ئالىدىغان ئىش نەدە بار، سۆيۈملۈكۈم! — ئۇ زاڭلىق قىلغاندەك ئۇنى دوراپ قويدى، سكارلېتمۇ كۈلۈپ كەتتى.
— سىز شۇنچىلىك قۇۋ ھەم قارا كۆڭۈل ئادەم ئىكەنسىز، رېت باتلېر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چىرايلىق شلەپىنى ھەر قانداق ئادەمنىڭ رەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىسىز.
باتلېرنىڭ ئىككى كۆزى ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ۋە يەنە ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئاپىرىن ئوقۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
— ئەلۋەتتە، پىتتىيپات خېنىمغا ماڭا يېشىل رەڭ شايىدىن بېرىپ، شلەپىنىڭ ئۈلگىسىنى سىزىپ بەرگەنلىكىڭىزنى،

ئۇنىڭ ھەققىگە سىزدىن ئەللىك دوللار ئالغانلىقىمنى دەيسىز.
— ياق، يۈز دوللار دەيمەن. ئۇ شەھەردىكىلەرگە دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەممىسىنىڭ ماڭا كۆزى قىزىرىپ، مېنى ئىسراپخور، دېيىشىدۇ. ئەمدى بارغۇ، رېت، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا بۇنداق قىممەت باھا نەرسىلەرنى ئىككىنچى ئەكەلمەڭ. بولامدۇ؟ ھېلىمۇ بەك مەردلىك قىلىپ كېتىپسىز، ئەمدى يەنە شۇنداق قىلسىڭىز بەرگەن نەرسىڭىزنى ئالمايمەن.
— راستىمۇ؟ بىراق، مەن ياخشى كۆرگەن، سىزنىڭ جەلپكارلىقىڭىزنى تېخىمۇ ئاشۇرالايدىغان نەرسىلەرنى ئۇچراتسام يەنە سېتىۋېلىپ سىزگە ئالغاچ كېلىشىم مۇمكىن. ئەمدى سىزگە مۇشۇ شلەپىنىڭ رەختىدىن بىر كۆڭلەكلىك رەخت سېتىۋېلىپ، شلەپىڭىزگە پار قىلىپ بىر كۆڭلەك تىكتۈرەيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئەمما سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، مەن ئۇنچىلىك مەرد ئادەم ئەمەس. شلەپە بىلەن بىلەزۈكنى سىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوۋغا قىلدىم، بىلىپ قويۇڭ، مەن ھەرقانداق ئىشنى بىرەر مەقسەت بىلەن قىلىمەن، ھەققىنى ئالمايدىغان ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن.
ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى سكارلېتنىڭ كۆزلىرىدىن لەۋلىرىگە يۆتكىلىپ توختىدى. سكارلېت قاتتىق ھاياجانلىنىپ، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئەمدى ئۇ ئېللېن ئېيتقاندەك قىلىقسىزلىق قىلىدىغان بولدى، ئۇنى سۆيمەكچى ياكى سۆيەيمىكىن دەپ ئويلاۋاتىدۇ. سكارلېت يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كېتىپ، قانداق قىلىشىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇنى رەت قىلسا، بېشىدىكى شلەپىنى ئېلىۋېلىپ باشقا قىزلارغا بېرىۋېتىشى مۇمكىن. ئەدەپ بىلەن سۆيۈشكە رۇخسەت قىلسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ سوۋغاتلارنى ئەكېلىپ بېرىشى، يەنە بىر سۆيسەمكەن دېگەن ئارزۇدا يۈرۈشى مۇمكىن. ئەرلەر ئاياللارنى سۆيۈۋېلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى خۇدا

ئۆزى بىلەر. كۆپىنچە ھاللاردا، بىر قېتىم سۆيۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇ قىزنى پۈتۈنلەي ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇ قىز شوخراق بولۇپ، بىر قېتىمدىن كېيىن قايتا سۆيدۈرمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ ئەر ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ كۈلكىگە قالىدۇ. ناۋادا رېت باتلېر ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ بىرنى سۆيۈۋېلىشنى ياكى كۈلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، بۇ بىر ئاجايىپ ئىش بولىدۇ ـ دە. بوپتۇ، سكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆيۈۋېلىشىغا رازى.

لېكىن، ئۇ ئۇنى سۆيمىدى، سكارلېت ئۇنىڭغا كىرپىكلىرى ئاستىدىن قاراپ قويدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە قىزىقتۇرغان تەلەپپۇزدا بوش سۆزلەپ:

— سىز قىلغان ئىشىڭىزنىڭ ھەققىنى ئالماي قويمايسىز، شۇنداققۇ؟ ئەمىسە سىز مەندىن ئۇ ھەقنى قانداق ئالماقچى؟

— تېخى ۋاقتى ئەمەس.

— بۇ شىلەپىڭىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېنى سىزگە تېگەرمىكىن دەپ ئويلىسىڭىز، ئۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى سكارلېت يۈرەكلىك ھالدا. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بېشىنى چايقاپ قويۇۋىدى، شىلەپىدىكى پەيلەر يەڭگىل تەۋرەپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاپپاق چىشلىرى خۇددى ھازىرلا كۈلۈۋېتىدىغاندەك، بۇرۇتى ئاستىدا پاللىدە كۆرۈنۈپ قالدى.

— خانىم، — دېدى ئۇ، — سىز ئارتۇقچە ئويلارنى قىلىۋاتىسىز. مەن ھەرقانداق ئايالغا ئۆيلەنمەيمەن، توي قىلىش نىيىتىم يوق.

— راستمۇ! — سكارلېت ھەيران قېلىپ توۋلاپ كەتتى ۋە شۇئان ئەمدى مېنى سۆيىدىغان بولدى دەپ ھۆكۈم قىلدى، — مەن سىزنى سۆيۈپ قويۇشنىمۇ خالىمايمەن.

— ئەمىسە نېمە دەپ ئاغزىڭىزنى كۈلكىلىك قىلىپ قورۇپ تۇرۇۋالىسىز؟

— ھە! — ئۇ دەرھال ئەينەككە قاراپ، راست دېگەندەك

كالپۇكلىرىنىڭ مېنى سۆي، دېگەندەك كۆرۈنۈشكە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، تېخىمۇ ۋارقىراپ، ئاچچىقىدا پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ كەتتى، — سىز بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئادەم ئىكەنسىز، سىزنى ئىككىنچى كۆرەرگە كۆزۈم يوق.

— ئەگەر راستلا شۇنداق ئويلىسىڭىز، ئەمىسە بېشىڭىزدىكى شىلەپىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەپ ـ دەسسىۋېتىڭ. قاراڭ، ئاچچىقىڭىزدا نېمىلەرچە بولۇپ كەتتىڭىز؟ بۇمۇ ياخشى بولدى، ياخشى بولغانلىقى سىزگىمۇ ئايانغۇ؟ سىكارلېت، قېنى شىلەپىنى يەرگە تاشلاپ دەسسەڭ، سىزنىڭ مېنىڭ سوۋغام بىلەن ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىڭىزنى بىر كۆرۈپ باقاي.

— يېقىن كەلمەڭ، شىلەپىگە قول تەگكۈزۈپ بېقىڭ قېنى، — سىكارلېت شىلەپىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ كەينىگە داجىدى. باتلېر ئۇنىڭدىن قالماي مېڭىپ، كۈلگەن بويى قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— ئاھ، سىكارلېت، سىز كىچىك بالىنىڭ ئۆزى، ئەمما يۈرىكىمنى ئەسىر قىلدىڭىز، — دېدى باتلېر، — مەن سىزنى سۆيىمەن، قارىغاندا، سىزمۇ شۇنىڭغا ئىنتىزاردەك قىلىسىز، — ئۇ ئېڭىشىپ بۇرۇتىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە سۈركەپ قويدى، — ئەمدى سىز ئىززەت ـ ئابرۇيىڭىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مېنى بىر كاچات سالامسىز؟

سىكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. قاپقارا كۆز قارىچۇقلىرىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. كىشىنى ئەخمەق قىلىشقا، تېرىكتۈرۈشكە نېمىدېگەن ئۇستا ئادەم بۇ، دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇ توي قىلىشنىمۇ، سۆيۈشنىمۇ ئويلىمىسا، ئەمىسە، نېمە قىلماقچى؟ ئۇنى ياخشى كۆرمىسە، ئەمىسە نېمىدەپ بۇ يەرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىدۇ؟ ئۇنىڭغا سوۋغات ئېلىپ كېلىدۇ؟

— ئەمدى ئوبدان بولدى، — دېدى باتلېر، — سىكارلېت، مەن سىزگە يامان ئىش قىلىشنى ئۆگىتىمەن، ئۇنى سىز ھېس

قىلغاندا مېنى بۇ ئۆيدىن قوغلايسىز، ئەگەر قولىڭىزدىن كەلسە. ئەمما، مېنىڭدىن قۇتۇلماق بەكمۇ تەس، مېنىڭ سىزگە پەقەت يامانلىقىملا تېگىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— سىز بۇنى تېخىچە ھېس قىلالمىدىڭىزمۇ؟ ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدە سىزنى ئۇچراتقاندىن باشلاپ، سىز ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلدىڭىز، ئۇنىڭ كۆپى مېنىڭدىن بولدى. سىزنى تانسا ئويناشقا كىم مەجبۇرلىدى؟ كىم سىزنى بىزنىڭ ئىزمىمىز شەرەپلىك ۋە مۇقەددەس ئەمەس دېگۈزدى؟ سىزنى ئۇ جاراڭلىق ئېتىقاد ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىگە كىم ئىقرار قىلدۇردى؟ ئۇ مومايلارنىڭ سىزنىڭ كەينىڭىزدىن شۇنچە كۆپ ئۇششاق گەپلەرنى قىلىشىغا كىم ماتېرىيال تەييارلاپ بەردى؟ كىم سىزگە ھازىدارلىق ۋاقتىڭىز توشماي تۇرۇپ قارىلىق كىيىملىرىڭىزنى تاشلاش توغرۇلۇق گەپ قىلدى؟ يەنە كىم سىزنى ئېسىلزادىلەر ئېسىلزادىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلسا بولمايدىغان نەرسىنى قوبۇل قىلىشقا قىزىقتۇردى؟

— سىز بۇ گەپلىرىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى ئاسمانغا چىقارماقچى، كاپىتان باتلېر. مەن ئۇ نومۇسسىز ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ قىلمىدىم، قىلىمەن دەيدىغان بولسام، سىزنىڭ ياردىمىڭىزسىزمۇ قىلالايمەن.

— ئۇنداق قىلالىشىڭىزغا گۇمانىم بار، — بۇ گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى، — ئەلۋەتتە، سىز يەنىلا چارلېس خامىلتوننىڭ كۆڭلى سۇنۇق تۇل قالغان خوتۇنى، سىز يەنە يارىدارلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ياخشى ئاتاقمۇ ئېرىشتىڭىز. لېكىن، ناۋادا ...

سكارلېت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىدى، چۈنكى شۇ تۇرقىدا ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ چىرايىدىن ئۆزى خۇشال، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مۇشۇ شلەپىنى كىيىپ دوختۇرخانىغا

بېرىشنى، سالامەتلىكى ياخشىلىنىۋاتقان ئوفىتسېرلارغا بىر دەستە گۈل ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋايى پەلەك تۇراتتى.

ئۇ باتلېرنىڭ ئاخىرىدا قىلغان گەپلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىدى. باتلېرنىڭ تۇل خوتۇنلۇق زىندانىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئۇنى ئۇنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى، سارغىيىپ قۇرۇپ قالاي دەۋاتقان ئەسلىدىكى ئۇ گۈزەللىنى خۇددى ئايال پادىشاھدەك بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ، توي قىلمىغان قىزلارنىڭمۇ ئۈستىگە قويۇۋاتقانلىقىنى، يەنە شۇ باتلېرنىڭ تەسىرى بىلەن ئانىسىنىڭ تەربىيەلىرىدىن جىق يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۆزگىرىش ئاستا بولۇۋاتاتتى. ئازغىنا ئادەتلەرنى مەنسىتمەسلىكتىن يەنە بىر خىل ئادەتلەرنى مەنسىتمەسلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقە يوقتەكلا ئىدى، باتلېرنىڭ بۇ ئوتتۇرىدىكى رولىمۇ ئاجىز ئىدى. ئۇ يەنە دەل شۇ باتلېرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئانىسىنىڭ ئاياللار تۇتۇشقا تېگىشلىك قاتتىق تەلەپلىك نۇرغۇن يوللىرىنى ئىنكار قىلغان، ئېسىلزادە ئاياللار ئىتائەت قىلمىسا بولمايدىغان، ئورۇنلاش تەس بولغان تەلىماتلارنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئەس - يادى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان، ئۆزى بىر تىيىن چىقىم تارتمىغان مۇشۇ شىلەپىدە ئىدى. رېت باتلېر ئۇنى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ، ئىقرار قىلسۇن، قىلمىسۇن، ئوخشاش. سكارلېت بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا بۇنى ئىقرار قىلدۇرماي قالمايدۇ.

ئەتىسى سكارلېت ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قولىدا تارغاق، ئاغزىدا چازا، چېچىنى يېڭىچە بىر شەكىلدە ياساۋاتاتتى. بۇ شەكىلنى يېقىندا مايېبىل رىچماندقا ئېرىنى يوقلاپ بارغاندا ئۆگىنىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى «مۇشۈك، چاشقان، كىچىك

چاشقان» ئىكەن. ھازىر پايتەختتە ئىبقمۇاتقىنى مۇشۇ شەكىل ئوخشايدۇ، ئەمما ناھايىتى تەس ئىكەن. چاچنى قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىپ، ھەربىر تەرەپنى يەنە تەدرىجىي ئازايتىپ ئۈچ تال قىلىپ ئۆرۈيدىكەن، ئەڭ چوڭ ئۆرۈمىسى چاچنىڭ ئايرىلغان يېرىگە يېقىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «مۇشۇك» ئىكەن. سىكارلېت «مۇشۇك» بىلەن «چاشقان»نى جايىدا ئورۇنلاشتۇردى، ئەمما «كىچىك چاشقان» زادىلا چازىدا تۇرماي ئۇنىڭ بەكمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئۇنىمۇ جايلاشتۇرۇۋالىدىغانغا ئىشەنچى بار ئىدى. بوگون رېت باتلېر چۈشلۈك تاماققا ئۇلارنىڭكىگە كېلەتتى. ئۇ كەلسە ئۇنىڭ چېچىغا دىققەت قىلماي قالمايدۇ. ئۇ دېگەن ئايالالارنىڭ كىيىملىرى بىلەن چاچلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ھەم ئۆزىنىڭ باھاسىنى بەرمەي قويمايدىغان ئادەم.

سىكارلېت قويۇق ۋە جاھىل چېچى بىلەن كۆپ ھەپىلەشكەچكىمۇ، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا پەستە بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. مېلانىيە دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەپتۇ ـ دە، دەپ ئويلىدى سىكارلېت. ئارقىدىنلا ئۇستىگە ئىتتىك مېڭىپ چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ سېكارلېت تۇرۇپلا قالدى. ئادەتتە مېلانىيە ئىپسىلزادە ئاياللارغا خاس قەدەم بىلەن ئاستا ماڭاتتى. چوقۇم بىر ئىش بولدى. سىكارلېت ئىشىك تۇۋىگە بېرىپ ئىشىكنى ئېچىشىغا مېلانىيە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. خۇددى خاتا ئىش قىلىپ قويغان كىچىك بالىدەك چىرايىدا خۇشاللىق ئارىلاش ھودۇقۇش بار ئىدى.

ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى ياش، شىلەپىسى بىر چەتكە قىڭغىيىپ قالغان، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى لەپپەڭشىپ تۇراتتى. قولىدا قانداقتۇر بىر نەرسە بار، بەدىنىدىن ئەرزان باھالىق ئەتىرنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

— ئاھ، سىكارلېت، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشىكنى يېپىپ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، — ھاممام قايتىپ كەلدىمۇ؟

تېخى كەلمىدى؟ ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر. سىكارلېت، نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتىمەن، ھوشۇمدىن كېتىدىغاندەكلا قىلىمەن، قاراڭ، پېتتېر تاغام پەستە پىتتىي ھامماغا دەيمەن، دەپ مېنى قورقۇتۇۋاتىدۇ.

— نېمىنى دەيدىكەن؟

— مېنىڭ ئۇ خانقىز، ياق، ئۇ خانىم بىلەن پاراڭلاشقىنىمنى، — مېلانىيە قىزىرىپ كېتىۋاتقان يۈزىنى ھەدەپ قول ياغلىقى بىلەن يەلپۈيتتى، — بېللې ۋاتلىن دېگەن ھېلىقى قىزىل چاچ ئايالچۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز، مېلانىيە! — سىكارلېتنىڭ قورقۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

بېللې ۋاتلىن سىكارلېت ئاتلانتاغا كەلگەن كۈنى كوچىدا كۆرگەن قىزىل چاچ ھېلىقى ئايال ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ شەھەردە نامى يامان بولسا كېرەك. ئەسكەرلەر بىلەن تەڭ نۇرغۇن پاھىشە ئاياللارمۇ شەھەرگە كىرگەنىدى. بېللې چېچىنىڭ قىزىللىقى ۋە كىيىملىرىنىڭ غەيرىيلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۇنى بۇ ئەتراپتا، ئىناۋەتلىك ئائىلىلەردە كەمدىن ـ كەم ئۇچرىتاتتى، ئۇنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر ئىناۋەتلىك ئايال ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن دەررۇ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. ئەمما، بۈگۈن مېلانىيە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. پېتتېر تاغىنىڭ قاتتىق خاپا بولغىنىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن.

— پىتتىي ھاممام بىلىپ قالىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ياشىشىمنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ھەممە ئادەمگە يېيىپ، مېنى بۇ يەردە تۇرغۇسىز قىلىۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى مېلانىيە ئېسەدەپ تۇرۇپ، — بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولغان ئەمەس. مەن ... مەن ئۇنىڭ يېنىدىن قېچىپ كەتسەم بولمايتتى، ئۇنداق قىلسام بەكمۇ ئەدەپسىزلىك بولاتتى. سىكارلېت، ئۇ ... ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمنى

سىزمۇ پەقەتلا بولماپتۇ، دەپ قارامسىز؟
— سىكارلېتنىڭ بۇ ئىشىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە بولغان - بولمىغانلىقى بىلەن پەقەتلا كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىمۇ كۆپلىگەن تەربىيە كۆرگەن، تېخى گۆدەك ياش ئايالـلارغا ئوخشاش، پاھىشە ئايالـلارغا قارىتا كۈچلۈك قىزىقىش بار ئىدى.
— ئۇ نېمە قىلـماقچىكەن؟ ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى قانداقراق؟
— ئۇنىڭ گەپلىرىدە مەنتىق دېگەن نەرسە يوق، ئەمما ئۆزىنى لاتاپەتلىك ئايالـلاردەك كۆرسىتىشكە تىرىشىدىكەن، بىچارە ئايال! دوختۇرخانىدىن چىقسام، پېتتېر تاغامنىڭ پەيتونى كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن پىيادە قايتىپ كېتەيچۇ، دەپ ئويلاپ پىيادە ماڭدىم. ئىمېرسونـلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ئالدىمدىنلا چىقىپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئىمېرسونلار ماكونغا كېتىپتىكەن. «ۋىلكېس خانىم، بىر ئاز پاراڭلاشساق بولارمۇ؟» دېدى ئۇ. مەن ئۇنىڭ مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن بىلىۋالغانلىقىنى بىلمىدىم. دەررۇ ئۇنىڭدىن نېرى كېتىشنى ئويلىدىم. لېكىن ... لېكىن، سىكارلېت، ئۇ شۇنچىلىك بىچارىكى ... شۇنداق، ئۇ ماڭا يالۋۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇستىدە قارا كىيىم، بېشىدىمۇ قارا شىلەپە، يۈز - كۆزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتمەپتۇ. ئاشۇ قىزىل چېچى بولمىسا، ياخشى ئائىلىنىڭ قىزىدىن ھېچ پەرقى يوق. ئۇ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا، يەنە: «مەن سىزگە گەپ قىلماسلىقىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن، ئەمما مەن ھېلىقى قېرى توز ئېلىسىن خانىمغا گەپ قىلىۋىدىم، ئۇ مېنى دوختۇرخانىدىن قوغلاپ چىقاردى» دېدى.
— ئۇ خوتۇننى خەق قېرى توز دەپ ئاتامدىكەن؟ — سىكارلېت كۈلۈپ كەتتى.
— كۈلمەڭ، چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس بۇ. ئۇ خانىقىزنىڭ، ياق، ئۇ ئۇ ئايالنىڭ دوختۇرخانىدا ئازراق ئىش قىلغۇسى بار ئوخشايدۇ. ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن كېلىپ

سېسترا بولۇشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەلۋەتتە، ئېلىسىن خانىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنى ئاڭلىسا قورقۇپ كېتىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇ ئايالنى دوختۇرخانىدىن چىق، دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ يەنە ماڭا: «مېنىڭمۇ ئازراق ئىش قىلىپ بەرگۈم بار ئىدى. مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش جەنۇب ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلىمەنغۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سىكارلېت، مەن ئۇنىڭ بۇ روھىدىن تەسىرلىنىپ كەتتىم. ئويلاپ بېقىڭا، ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلاي دېسە، ئۇنى بىز يەنە ئەسكى ئادەم دېسەك بولامدۇ؟ مەنمۇ خىزمەت قىلىۋاتىمەن، مېنىمۇ ئەسكى دېسە قاملىشامدۇ؟

— خۇدا ھەققىدە، مېلانىيە، سىزنىڭ ياخشى - يامانلىقىڭىز بىلەن كىمنىڭ كارى؟ ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدى؟

— ئۇ، كۆندە دېگۈدەك دوختۇرخانىغا بارىدىغان ئاياللارنى كۆرۈپ تۇرىمەن. شۇلارنىڭ ئىچىدە سىز كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، شۇڭا ئالدىڭىزنى توستۇم، دېدى. ئازراق پۇلى بار ئىكەن، دوختۇرخانىغا ئىشلەتسەڭلار، ئەمما بۇ پۇلنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى دېمىسىڭىز، دېدى. ئېلىسىن خانىم ئۇنىڭغا بۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتسالڭ، ئاندىن ئالىمەن، دېگەن ئوخشايدۇ. بۇ زادى قانداق پۇلدۇ ! شۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، دەررۇ كەتكۈم كېلىپ، گەپلىرىگە: «ھەئە، شۇنداق، راست، نېمىدېگەن ياخشى سىز» دەپ تۇردۇم ياكى باشقا گەپلەرنى قىلدىم. ئەمما، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «سىزلا ھەقىقىي خىرىستىيان ئىكەنسىز» دېدى - دە، بۇ ياسكىنا قول ياغلىقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇنى پۇراپ بېقىڭا.

سىكارلېت ئەرلەرنىڭ مەينەت قول ياغلىقىنى قولىغا ئالدى، ئىچىدە تەڭگىلەر بار ئىدى.

— ئۇ «رەھمەت سىزگە» دەپ، ھەر ھەپتىدە پۇل ئەكېلىپ بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى دەۋاتقاندا، پېتتېر تاغام پەيتوننى ھەيدەپ

ئۆدۈلدىن چىقىپ قېلىپ مېنى كۈرۈپ قالدى، — مېلانىيە بۇ گەپنى دەپلا، يۈزنى ياستۇققا يېقىپ يىغلاپ كەتتى، — ئۇ مېنىڭ كىم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىمنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن ماڭا ۋارقىراپ كەتتى. ماڭا ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنداق ۋارقىراپ باققان ئەمەس. ئۇ مېنى، دەررۇ پەيتونغا چىقىڭ، دېدى. مەن پەيتونغا چىقتىم. يولدا كەلگۈچە سۆزلەپلا كەلدى، چۈشەندۈرەي دېسەممۇ يول قويمىدى. پىتتىي ھاممىڭىزغا بېرىپ دەيمەن، دېدى. سكارلېت، پەسكە چۈشۈپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ باقسىڭىز، بولامدۇ؟ ئۇ چوقۇم سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ. سىزمۇ بىلىسىز، ئەگەر ھاممام ئۇ ئايال بىلەن پاراڭلاشقىنىمنى ئاڭلىسا، چوقۇم ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتىدۇ. سكارلېت، پىتتىي ئاغامغا دەپ باقسىڭىز قانداق؟

— ماقۇل، ھازىرلا چۈشەي، ئاۋۋال بۇنىڭغا قاراپ باقايلى، قانچىلىك پۇل باركىن، خېلى ئېغىر تۇرىدۇ.

ئۇ ياغلىقنى يېشىۋىدى، بىرمۇنچە تىللا كارىۋاتقا تۆكۈلدى.

— سكارلېت، ئەللىك دوللار ئىكەن، ھەممىسى تىللا، — مېلانىيە پارقىراپ تۇرغان تىللالارنى ساناپ بېقىپ چۆچۈپ كەتتى، — دەپ بېقىڭا، مۇشۇنداق ... مۇشۇنداق پۇلنى، ئاشۇنداق يول بىلەن تاپقان پۇلنى يىگىتلىرىمىزگە ئىشلەتسەك توغرا بولارمۇ؟ خۇدا ئۇنىڭ شۇ ياخشى نىيىتىنى چۈشەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ پاسكىنا ـ مەينەتلىكىنى ئايرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىغان بولسىچۇ؟ ھازىر دوختۇرخانىغا كېرەكلىك نەرسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئويلىسام ...

سكارلېت ئۇنىڭ بىرمۇ گېپىنى تىڭشىمىغانىدى، كۆزلىرى ئاشۇ پاسكىنا قول ياغلىقتا، نومۇس ۋە غەزەپ ئوتىدا پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتاتتى. قول ياغلىقنىڭ بىر ئۇچىدىكى BKR دېگەن ئۈچ خەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېسىل نەرسىلەرنى ساقلايدىغان تارتمىسىدىمۇ تۇنۇگۈن ئۇلار ئۆزگەن گۈلنى ئوراپ تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن باتلېر سكارلېتقا بەرگەن ئاشۇ

ئۈچ خەت بار قول ياغلىق بار ئىدى، ئۇنى باتلېر بۈگۈن كەچتە كەلگەندە قايتۇرۇپ بەرمەكچىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ۋاتلىن دېگەن ئۇ بۇزۇقنا بۇ پۇلنى باتلېر بەرگەن، ھەممىسى قامال رايونلىرىدىن تاپقان پۇللار. ئەسلىدە ئۇ ئاشۇ بۇزۇق خوتۇن بىلەن ئۇيناپ، ئاندىن پەزىلەتلىك سىكارلېت بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدىكەن - دە. نېمىدېگەن يۈرىكى چوڭ ئادەم ئۇ. ئۇنى تېخى مېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ يۈرۈپتۇ. ئەمدى ئىسپاتلاندىكى، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىكەن.

بۇزۇق ئاياللار ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بار ئەرلەر سىكارلېتنىڭ نەزىرىدە سىرلىق ۋە يىرگىنچلىك ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئادەملەر ئۇنداق ئاياللارنىڭ يېنىغا مەلۇم مەقسەت بىلەن باراتتى. ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ نېمىلىكىنى دۇرۇس نىيەتلىك ئاياللار ئېغىزلىرىغا ئېلىشتىنمۇ ئۇيىلاتتى، دېيىشكە توغرا كەلسە قۇلاقلىرىغا ياكى يوشۇرۇن گەپلەر بىلەن دەيتتى. سىكارلېت دائىم، ئۇنداق ئاياللار بىلەن پەقەت پەسكەش ۋە قوپال ئادەملەرلا ئالاقە قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى، دۇرۇس ئەرلەرنى — يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىدە كۆرگەن ۋە ئۆزى تانسا ئوينىغان ئەرلەرنى — بۇنداق ئىشلارنى قىلىدۇ، دەپ ئويلىمايتتى. بۈگۈنكى بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدا يېڭى بىر دۇنيانى، ئاڭلىسا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بىر دۇنيانى ئېچىپ بەردى. بەلكىم ھەممە ئەرلەر شۇنداقتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلىرىغا خوتۇنلىرىنى چىداشقا مەجبۇرلاشلىرىنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇنى ئاز دەپ، ئاشۇنداق بۇزۇق خوتۇنلارنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىشىپ، يەنە ئۇلارغا مۇشۇنداق پۇللارنى بېرىشىدىكەن. ئاھ، ئەرلەر نېمىدېگەن ئەسكى! رېت باتلېر ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ رەزىلى ئىكەن.

سىكارلېت بۇ قول ياغلىقنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىپ، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشنى، ئۇنىڭ بېتىگە مەڭگۈ قارىماسلىقنى ئويلىدى. لېكىن، يەنە ئۇ نىيىتىدىن ياندى. ئۇنداق بولسا بولمايدۇ.

بۇ ئىشنى بىلىپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق بىر ئايالنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بىلىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇمۇرۋايەت بىلىندۇرمەسلىكى كېرەك. ئېسىلزادە ئاياللار ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

«ئەگەر ئېسىلزادە ئايال بولمىغان بولسام، — ئويلىدى سكارلېت ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ تۇرغان غەزىپى بىلەن، — ئۇ ئىپلاسقا نېمىلەرنى دېۋىتەتتىمىكىن.»

ئۇ ئۇ قول ياغلىقنى چىڭ مىجىقلىغان پېتى پېتىر تاغا بىلەن پاراڭلاشقىلى ئاشخانىغا چۈشتى. ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ قول ياغلىقنى ئوتقا تاشلاپ، ئۇنىڭ كۆيۈۋاتقىنىغا ئەلەم ۋە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇردى.

## ئون تۆتىنچى باب

1863 - يىلى ياز كىرىشى بىلەن تەڭ ھەربىر جەنۇبلۇقنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنى يالىلداشقا باشلىدى. غۇربەتچىلىك، جاپا - مۇشەققەت، ئۆلۈم - يېتىم، كېسەللىك، ئازاب - ئوقۇبەت ھەربىر ئائىلىگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا: «يەنە بىر قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلساق ئۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. تېخى بۇ گەپنى تۇنجى يىلى يازدىكىدىن بەكرەك كۆڭۈللۈك سۆزلەيتتى. شىماللىقلار چېقىلمايدىغان قاتتىق ياڭاق بولسىمۇ، ئاخىر ئۇلارغىمۇ دەز كەتتى.

پۈتۈن ئاتلانتا ۋە پۈتۈن جەنۇب ئۇچۇن 1862 - يىلىدىكى مىلاد بايرىمى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بىر بايرام بولدى. جەنۇب ئىتتىپاقى فىرېدېرىك قەلئەسىدىكى جەڭدە كاتتا غەلىبە قىلدى. شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ نەچچە مىڭ ئادىمى قىرىلىپ كەتتى.

شۇ غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن ھەممە ئادەم بايرامنى خۇشال ئۆتكۈزۈشتى، ۋەزىيەتتە چوڭ بىر بۇرۇلۇش بولغانلىقىنى تەبرىكلەشتى ۋە تەنتەنە قىلىشتى. ھەممە ئادەم باھاردا يەنە بىر جەڭدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىسە، شىماللىقلارنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىشىدىغانلىقلىرىنى بىلىپ قالغانىدى.

باھار كېلىشى بىلەن جەڭ يەنە باشلاندى. 5 - ئايدا جەنۇب ئارمىيەسى چانسېلورسۋىلدىكى جەڭدە يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن جەنۇب تەنتەنىگە چۆمۈلدى.

جورجىيەگە بېسىپ كىرگەن شىماللىقلارنىڭ بىر ئاتلىق قوشۇنى يوقىتىلىپ، بۇمۇ جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ غەلىبىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر خۇشال ھالدا بىر - بىرلىرىنىڭ دولىلىرىغا ئۇرۇشۇپ: «كۆردىڭمۇ، ئەپەندى، بىزنىڭ فوررېست گېنېرالىمىز مەيدانغا چۈشكەندە شىماللىقلار ئاستا كېتىپ قالسا بولىدۇ» دېيىشەتتى. ئەسلىدە كاپىتان ستىرېت شىماللىق سەككىز يۈز ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن جورجىيەگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئاتلانتانىڭ شىمالىغا ئاتمىش ئىنگلىز مىللى كېلىدىغان رومېنى ئىشغال قىلماقچى، ئاتلانتا بىلەن تېنىېسىنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇھىم تۆمۈر يولنى ئۈزۈپ تاشلاپ، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ تۈگۈنى بولغان ئاتلانتاغا بېسىپ كىرىپ، ئۇ يەردىكى زاۋۇتلار بىلەن ھەربىي ئەشيالارنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتماقچىدى.

بۇ تولىمۇ خەتەرلىك پىلان ئىدى. ئەگەر گېنېرال فوررېست بولمىغان بولسا، جەنۇبنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولاتتى. بۇ گېنېرال دۈشمەننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كەلگۈدەك ئەسكەرنى باشلاپ — ئۇلار ناھايىتى سەر خىل ئەسكەرلەر ئىدى — ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. ئۇلار رومېغا يېتىپ بارغۇچە يېتىشىۋېلىپ، كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئەسىرگە ئالدى.

بۇ خەۋەر بىلەن چانسېلورسۋىلدىكى جەڭنىڭ غەلىبە خەۋىرى

ئاتلانتاغا بىرلا ۋاقىتتا دېگۇدەك يېتىپ كېلىپ، پۈتۈن شەھەر تەنتەنە شاۋقۇنى بىلەن لەرزىگە كەلدى. چانسېلورىسۋىلدىكى جەڭنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. كاپىتان ستىرېتنىڭ زەربىدار ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىمۇ شىماللىقلارنى رەسۋا قىلدى.

«ياق، ئەپەندى، ئۇلار، ياخشىسى فوررېستقا چاقچاق قىلىشمىسۇن !» دېيىشەتتى ئاتلانتالىقلار غەلىبىدىن كۆڭۈللىرى يايراپ. ئۇلار يەنە بۇ قىممەتلىك غەلىبىلىك جەڭنىڭ جەريانى توغرۇلۇق بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك سۆزلىشەتتى.

جەنۇب ئىتتىپاقى ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، خەلقنىڭ قىزغىن كەيپىياتى بىلەن تەڭ ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. گىرانتنىڭ شىماللىق قوشۇنى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ۋىكس قەلئەسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى، س. جېكسون چانسېلورىسۋىلدا ئېغىر يارىلاندى. بۇ جەنۇبنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق زىيىنى ئىدى. گېنېرال كوب فىرېدېرىك قەلئەسىدە قۇربان بولۇپ، جورجىيە ئۆزىنىڭ ئەڭ باتۇر، ئەڭ تالانتلىق بىر ئوغلانىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئەمما، شىماللىق ئالۋاستىلار فىرېدېرىك قەلئەسى بىلەن چانسېلورىسۋىلدىكى مەغلۇبىيىتىگە ئوخشاش مەغلۇبىيەتكە ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، چوقۇم تەسلىم بولىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇشمۇ ئاخىرلىشىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گېنېرال لىنىڭ پېنسىلۋانىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى توغرۇلۇق دەسلەپتە مىش ـ مىش گەپ تارقىلىپ، كېيىن تېز خەۋەرلەر گېزىتتە راستلىقى ئىسپاتلاندى. گېزىتكە، گېنېرال لي دۈشمەن رايونلىرىغا بېسىپ كىردى ! گېنېرال لي ھۇجۇم ئۈستىدە ! بۇ ئاخىرقى جەڭ بولۇپ قالغۇسى ! دېگەندەك خەۋەرلەر بېسىلىشقا باشلىدى.

ئاتلانتالىقلار بۇ خەۋەرلەردىن مەست بولۇپ، ئۇلاردىن ئۈچ

ئالىدىغان كۆتلەرنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تۆت كۆزلىرى بىلەن كۈتۈشۈۋاتاتتى. شىماللىقلارنىڭ ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ماكانلىرىدا بولسا قانداق بولىدىغانلىقىنى، يەرلەر تېرىقسىز قالسا، ئات ـ كالىلار بۇلانسا، ئۆيلەر كۆيدۈرۈلسە، قېرىلار بىلەن باللار زىندانلارغا تاشلانسا، ئاياللار بىلەن نارەسىدىلەر ئۆز ماكانلىرىدىن قوغلىنىپ ئاچ ـ يالىڭاچ قالسا نېمە كۆتلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ۋاقتى كېلىۋاتاتتى.

ھەممە ئادەم شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ مىسسورى، كېنتاكى، تېننېس ۋە ۋىرگىنىيەلەردە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ بېسىۋالغان جايلاردا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى كىچىك باللارمۇ قورقۇپ تۇرۇپ بارماقلىرى بىلەن ساناپ بېرەلەيتتى. ھازىر ئاتلانتادا تېننېستىن قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار كۆپ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئازابلىرىنى سۆزلەيدىغان بولسا، ھەرقانداق ئادەمنى يىغلىتىۋېتەتتى. ئۇ يەرلەردە جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئۇرۇشنىڭ ئۇلارغا كەلتۈرگەن ئاپىتىمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەن، ھەممە چېگرا رايونلارغا ئوخشاش، كىشىلەر بىر ـ بىرىنى پاش قىلىشىدىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدىكەن. بۇ مۇساپىرلار پېنسىلۋانىيەنى تۇزلىۋېتىشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشاتتى. شۇنداق بولسا، ئەڭ مۇلايىم مومايلارمۇ خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كېتىدۇ، دېيىشەتتى.

لېكىن، ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن خەۋەرلەردىن قارىغاندا، گېنېرال لى پېنسىلۋانىيەدىكى خۇسۇسىيلارنىڭ نەرسىلىرىگە تەگمەسلىك، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانلارنى ئېتىپ تاشلاش، ئارمىيەگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىمۇ سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىمىش. شۇنداقلا بولسا، گېنېرال لې ئۆزىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ياخشى ئاتىقىنى پۈتۈن شان ـ شۆھرىتى ھېسابىغا ئاران ساقلاپ قالالىشى مۇمكىن. ئۇ يەردىكى

ھەممە نەرسە تولۇق چوڭ ـ چوڭ ئامبارلاردىنمۇ بىر نەرسە ئالدۇرماسمۇ؟ گېنېرال لى زادى نېمە ئويلايدىغاندۇ؟ بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزگە ئۆتۈك، كىيىم ـ كېچەك، ئات دېگەندەك نەرسىلەر جىددىي لازىم ئەمەسمۇ؟

مادىي دوختۇرنىڭ ئوغلى دارستىن يېقىندا جىددىي بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇنىڭدا دېيىلگەن گەپلەر 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئاتلانتاغا كەلگەن بىردىنبىر يېڭى خەۋەر بولۇپ، كىشىلەر ئۇ خەتنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى، ھەممىلا ئادەم قاتتىق غەزەپكە كەلدى.

«دادا، ماڭا تېز ئارىدا بىر پارە ئۆتۈك ئەۋەتىپ بېرەلەرسەنمۇ؟ يالاڭ ئاياغ يۈرگىنىمگە ئىككى ھەپتە بولدى، ھازىرغىچە ھېچ يەردىن ئۆتۈك تاپالمىدىم. پۇتۇم كىچىكرەك بولغان بولسا باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش، ئۆلگەن شىماللىقلارنىڭ پۇتىدىن سالدۇرۇۋالغان بولاتتىم. لېكىن، ھازىرغىچە پۇتى مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش شىماللىق ئالۋاستىدىن بىرسىمۇ تاپالمىدىم. ئەگەر ئەۋەتەلەيدىغان بولساڭ، پوچتىدىن سالما، يېرىم يولدا ئۆتۈكنى ئوغرىلىۋالىدۇ، ئۇلارغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. پىل پويىزغا ئولتۇرۇپ ئەكېلىپ بەرسۇن. ئەمدى مەن بارغان يېرىمىزدىن خەت يازىمەن. ھازىرچە نەگە بېرىشىمىزنى بىلمەيمەن، شىمال تەرەپكە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىمىزنىلا بىلىمەن، ھازىر بىز مارلاندتا، باشقىلار پېنسىلۋانىيەگە بارىدىكەنمىز، دېيىشىۋاتىدۇ ...

دادا، شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ قىلغىنىنى بىزمۇ قىلساق بولاتتى، لېكىن گېنېرال لى ئۇنىمايدۇ. مەن بىردەملىك ھېسسىيات بىلەن شىماللىقلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئېتىلىپ كېتىشنى خالىمايمەن. دادا، بۈگۈن بىز، ئېھتىمال سەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ چوڭ بىر بۇغدايلىقتىن ئۆتتۇق. بىزنىڭ ئۇ يەردە بۇنداق بۇغدايلىقلار يوق. بىز شۇ يەردە ئازراق بۇلاڭچىلىق قىلدۇق، بۇنىڭغا مەن ئىقرار. چۈنكى،

قورساقلىرىمىز ئېچىپ چىدىيالماي قالغانىدۇق. بۇنداق ئىشلارنى گېنېرال بىلىپ قالمىسىلا خەتەر چىقمايدۇ. بىراق، ئۇ بۇغدايىنىڭ بىزگە ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆپى تولغاق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇغدايىنى يېگەندىن كېيىن كېسىلى تېخىمۇ يامانلاپ كەتتى. تولغاق بولۇپ قالغاندا يول مېڭىشنىڭ جاراھەتلەنگەن پۇت بىلەن يول مېڭىشتىنمۇ بەك قىيىن بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ كېرەك. دادا، ماڭا چوقۇم ئۆتۈك ئەۋەتىپ بەرگىن. مەن ھازىر پورۇچىك بولدۇم، شۇڭا مەندەك ئۇنۋانى بار ئادەمنىڭ فورمىسى بىلەن پاگونلىرى بولمىسىمۇ ئۆتۈكى بولۇشى كېرەككۇ، ئاخىر.

قوشۇنىمىزنىڭ پېنسىلۋانىيەگە سالامەت يېتىپ بېرىۋېلىشىنىڭ ئۆزى مۇھىم ئىش. يەنە بىر قېتىم غەلىبىلىك جەڭ قىلساق ئۇرۇشمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ئۇ چاغدا دارس مادېغا كېيىمەن دېسە ئۆتۈك دېگەن كۆرمىڭ تېپىلىدۇ. يىگىتلىرىمىزمۇ كەينىگە قايتىپ، ھەممىمىز خۇشاللىققا چۆمىمىز. مادېي خانىم ئوغلىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى ئىككىنچى ئۆيدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلسە خۇشاللىقىدا يىغلاپ كېتىدۇ.»

3 ـ ئىيۇلدا شىمال تەرەپتىن كېلىدىغان تېلېگراممىلار بىردىنلا توختاپ كەتتى. 4 ـ ئىيۇلدىن باشلاپ ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن خەۋەرلەر ئاتلانتادىكى قوماندانلىق ئىشتابىغا ئاندا ـ ساندا كېلىشكە باشلىدى. ئەسلىدە پېنسىلۋانىيەدە قاتتىق جەڭ بولغانىدى. بۇ جەڭ گېتتىس دېگەن كىچىك بىر بازارنىڭ ئەتراپىدا بولغان بولۇپ، گېنېرال لې پۈتۈن قوشۇنىنى شۇ جەڭگە سالغانىدى. خەۋەرلەر يەنە تازا ئېنىق ئەمەس، كېلىشىمۇ ئاستا ئىدى. جەڭ دۈشمەن رايونىدا بولۇۋاتقاچقا، خەۋەرلەر ئالدى بىلەن مارلاندقا كېلىپ، ئۇ يەردىن رىچماندادقا، ئاندىن ئاتلانتاغا كېلەتتى.

كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسى بارغانسېرى كۈچىيىشكە، شەھەرنى

ئاستا ـ ئاستا قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى، ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ئىدى. ئوغۇللىرى ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئوغۇللىرىنىڭ پېنسىلۋانىيەدە بولماسلىقىنى تىلىشەتتى، ئوغۇللىرىنىڭ دارس مادىي بىلەن بىر پولكتا ئىكەنلىكىنى بىلىشىدىغانلار ئامالسىز لام ـ جىم دېيىشمەيتتى. ئەمما، ھەممىسىلا بۇ قېتىمقى شىماللىقلارنى مەڭگۈ ئۆچۈرۈۋېتىدىغان ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ، دەپ بىلىشەتتى.

پىتتىپيات ھامىنىڭ ئۆيىدىكى ئۈچ ئايال يوشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان قورقۇنۇچ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشاتتى، چۈنكى ئاشلېي دارس بار پولكتا ئىدى.

ناھايەت، 5 ـ ئىيۇل شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى، ئەمما بۇ رىچماندنىڭ ئەمەس، غەرب تەرەپنىڭ خەۋىرى ئىدى. ۋىكس قەلئەسى ئۇزاققا سوزۇلغان دەھشەتلىك مۇھاسىرىدىن كېيىن قولدىن كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ پۈتۈن ئېقىنى، سايىنت ـ لۇئىستىن تارتىپ يېڭى ئورلىيانغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى شىماللىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ زېمىنى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. بۇ خەۋەر ئاتلانتا خەلقىگە باشقا ھەرقانداق يامان خەۋەردىنمۇ بەكرەك قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ ئېلىپ كەلدى. لېكىن، ھازىر ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ۋىكس قەلئەسىدىن كۆپرەك پېنسىلۋانىيەدىكى گېنېرال لي ئېلىپ بېرىۋاتقان جەڭ ئىدى. گېنېرال لي شەرق تەرەپتىكى جەڭدە غەلىبە قىلىدىغانلا بولسا، ۋىكس قەلئەسىنىڭ قولدىن كېتىشى ئانچە چوڭ ئاپەت ھېسابلانمايتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا پېنسىلۋانىيە، نيۇيورك، ۋاشىنگتونلار بار ـ دە. ئۇ شەھەرلەر قولغا چۈشىدىغان بولسا، شىماللىقلار پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن مىسسىسىپى دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى رايونلىرىدىكى تارتقان زىيانمۇ ئانچە كۆپ

بولمايتتى.
ۋاقىت ئېغىر تىنىقلار ئىچىدە جىمجىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاپەتنىڭ قارا بۇلۇتلىرى پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ، پارلاپ تۇرغان قۇياشنىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت باشلىرىنى كۆتۈرگەندە، ئاسمانىنىڭ كۆكلىكىگە، سۈزۈكلۈكىگە ئىشەنمىگەندەك، ئۇنى قاپقارا بۇلۇت بېسىپ كەتكەندەك ھەيران بولۇپ كۆككە تىكىلەتتى. ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدىدا، ئادەم ماڭىدىغان يوللاردا، چوڭ كوچىلارنىڭ مەركەزلىك جايلىرىدا توپلىشىپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە ياخشى خەۋەرلەرنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىشاتتى، تەسەللى بېرىشەتتى، ئۆزلىرىنى بولسا باتۇر ئاياللاردەك تۇتۇشاتتى. لېكىن، گېنېرال لې قۇربان بوپتۇدەك، بىز تەرەپ جەڭدە يېڭىلىپتۇ، ئۆلگەن، يارىلانغان جەڭچىلەرنىڭ تىزىملىكى ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋېتىپتۇ، دېگەندەك گەپ - سۆزلەر جىمجىت كوچىلاردا يوشۇرۇن ئېقىپمۇ يۈرۈۋاتاتتى. كىشىلەر ئۇ خەۋەرلەرگە ئامال بار ئىشەنمەسلىكنى ئويلىسىمۇ، لېكىن يىراق - يېقىندىكى ئادەملەرنىڭ ئۇچۇر بېرىش ئورنى بىلەن قوماندانلىق ئىشتابىغا خەۋەر ئوقۇش ئۈچۈن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار يامان خەۋەرلەر بولسىمۇ ئاڭلىساق، دېيىشەتتى.
توپ - توپ ئادەملەر پويىز ئىستانسىسىدا، پويىزدا كەلگەن خەۋەرلەرنى ئوقۇش تەمەسىدە تۇرۇشاتتى، ئۇلار پوچتىخانىلارنىڭ، دەرۋازىسى تاقاق گېزىتخانىنىڭ ئالدىلىرىدىمۇ بار ئىدى. ھەممىسىلا ھەيران قالغۇدەك ھالدا سۈرلۈك، جىمجىت ئىدى، گەپ - سۆز قىلىشمايتتى. ئارىلاپ قېرى بوۋايلارنىڭ تىترەپ تۇرغان ئاۋازدا، خەۋەر بارمۇ، دەپ سوراپ قويۇشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى، ئۇنىڭ جاۋابى كۈندە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان: «شىمال تەرەپتىن كەلگەن تېلېگراممىلاردا، جەڭ داۋاملىشىۋاتىدۇ، دېگەندىن باشقا گەپ يوق ئىكەن» دېگەن گەپ بولاتتى. بۇ گەپ

ئۇلارنىڭ غەزىپىنى ئەمەس، بەلكى سۈكۈتلۈك كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. پىيادە ۋە پەيتونلاردا كېلىشكەن ئاياللار توپىنىڭ سىرتىدا تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ قوشۇنىمۇ كۆپىيىۋاتاتتى. قىستاڭچىلىقتىكى ئىسسىق ۋە پۇتلارنى خاتىرجەمسىزلىنىپ ئۇرۇپ تۇرۇشلاردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلار ئەتراپىنىڭ ھاۋاسىنى قاتتىق بۇزۇۋەتكەنىدى. ئاياللار گەپ قىلىشمايتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايلىرىدىن ئۈنسىز بىر ئىلتىجا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، بۇ خىل ئىلتىجا ئۈن سېلىپ يىغلىغاندىنمۇ بەكرەك جاراڭلىق ئىدى.

شەھەردىكى ھەممە ئائىلىلەردىن دېگۈدەك ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلەر بار ئىدى، بەزىلىرى باللىرى، بەزىلىرى قېرىنداشلىرى، ئاتىلىرى، سۆيگەن يىگىتلىرى، بەزىلىرى ئەرلىرى ئىدى. ھەممىلا ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئۆلۈم خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشقا رازىكى، مەغلۇپ بولغان خەۋەرنى ئاڭلاشقا رازى ئەمەس ئىدى، شۇڭا كاللىلىرىدا مەغلۇپ بولىمىز دېيدىغان ئۇقۇم يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ئۆلۈپ كەتكەن، ھەتتا مۇشۇ تۇرقىدا پېنسىلۋانىيەنىڭ ئاپتاپ كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان قاقاس داللىرىدا خۇددى مۆلدۈر سوقۇۋەتكەن زىرائەتلەرگە ئوخشاش قىرىلىپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار جانلىرىنى تىكىپ قوغداۋاتقان ئىزىم مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، قۇربان بولغانلارنىڭ ئورنىنى مىڭلىغان يېڭى ئەۋلادلار، كۆل رەڭ كىيىملەرنى كىيگەن، ئىسيان شوئارلىرىنى توۋلاشقان ياشلار باسىدۇ. لېكىن، ئۇلار بۇ ئىزباسارلارنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇلاردا پەقەت ئاسماندا ئادىل ۋە مۇتلەق ساداقەت تەلەپ قىلىدىغان تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەندەك، گېنېرال لېنىڭ دانالىقىغا، ۋىرگىنىيە ئارمىيەسىنىڭ جەڭدە يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچلا بار ئىدى.

سىكارلېت بىلەن مېلانىيە، پىتتىپات خېنىم ئۈچى

ئولتۇرغان پەيتون «كۆزەتكۈچى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى، پەيتوننىڭ سايىۋىنى كەينىگە قاتلاپ قويۇلغانىدى، ئۈچىلىسىنىڭ قولىدا كۈنلۈك. سىكارلېتنىڭ قوللىرى تىترەپ تۇرۇۋاتقاچقا، كۈنلۈكنى توختىماي مىدىرلاپ تۇراتتى. پىتتىي ھامما قاتتىق ھاياجاندا ئىدى، بۇرنى خۇددى توشقاننىڭ بۇرنىدەك قىمىرلاپ تۇرۇۋاتاتتى. پەقەت مېلانىيەلا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇراتتى، ئەمما بىر جۈپ قارا كۆزى بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىككى سائەتنىڭ ئىچىدە ئۇ پىتتىي ھاممىنىڭ تۇز سالغان قۇتىسىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن چاغدىلا گەپكە ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھاياتىدا ھاممىسىغا مۇشۇ قېتىملا سەل سوغۇق تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى.

— بۇنى ئېلىڭ، ھامما، ھوشىڭىزدىن كەتكۈدەك بولسىڭىز پۇرىۋالارسىز. سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئەگەر ھوشىڭىزدىن كەتسىڭىز، سىزنى پېتىبىر تاغام ئۆيگە ئاپىرىپ قويسۇن. مەن بۇ يەردىن ئايرىلالمايمەن، بىرەر خەۋەر ئاڭلىغۇچە مۇشۇيەردە تۇرىمەن. سىكارلېتنىمۇ كەتكۈزمەيمەن.

سىكارلېتنىڭمۇ بۇ يەردىن كەتكۈسى يوق ئىدى، بۇ يەردىن كېتىپ قالسا، ئاشلېينىڭ تۇنجى خەۋىرىنى ئاڭلىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ياق، پىتتىيپات ھامما ئۆلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇ بۇ يەردىن كەتمەيدۇ. ئاشلېي ھازىر نەدىدۇر بىر يەردە جەڭ قىلىۋاتقاندۇ ياكى ئۆلۈپمۇ كەتكەندۇ. نېمىلا بولسۇن، بۇ يەر ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىلگىلى بولىدىغان بىردىنبىر يەر، شۇڭا ئۇ بۇ يەردىن كەتمەيدۇ.

سىكارلېت ئەتراپىغا كۆز سېلىپ چىقتى، ھەممىسىلا ئۆزىنىڭ دوستلىرى ۋە قوشنىلىرى ئىدى. مادې خانىم ئون بەش ياشلىق پىلغا يۆلىنىپ بىر چەتتە تۇراتتى، شىلەپىسى قىڭغىيىپ قاپتۇ. ئاچا - سىڭىل مىكلورلارمۇ تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرى بىلەن چىشلىرىنى ئاران يېپىپ تۇرۇۋشۇپتۇ. ئېلسىن خانىم

خۇددى ئىسپارتاكنىڭ ئانىسىدەك غادىيىپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئاپپاق چاچلىرىدىن كۆڭلىنىڭ بىئاراملىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. فەننى ئېلىسنىنىڭ چىرايى خۇددى ئەرۋاھتەك تاتىرىپ كېتىپتۇ (ئۇ ئىنىسى ئۈچۈن بۇنچىلىك قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەمىسە ئۇنىڭمۇ ھېچكىم بىلمەيدىغان سۆيگەن يىگىتى ئالدىنقى سەپكە كەتكەن بولغىيمىدى؟). مىرۋېتىر خانىم پەيتوندا مايىبىلىنىڭ قولىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ جىمجىت ئولتۇرىدۇ. مايىبىلىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغىنىغا خېلى بولغان بولسا كېرەك، يوغان چاپانغا ئورىلىۋالغىنى بىلەنمۇ قورسىقى بىلىنىپ، كۆزگە باشقىچە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لۇئىسئانانىڭ قوشۇنى پېنسىلۋانىيەگە بارمىغان تۇرسا، ئۇ نېمىدىن ئەنسىرەيدىغاندۇ؟ بەلكىم يۇقىلۇق ئۇ پاكار پىدائىي ئەسكەر شۇ تۇرقىدا رىچماندتا تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك.

بىر چاغدا توپنىڭ سىرتى داۋالغۇپ ئالدى تەرەپتىن تار بىر يول ئېچىلدى. رېت باتلېر ئاتلىق پىتتىيپات خېنىمنىڭ پەيتونىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەن جۈرئەت بۇ؟ مۇشۇنداق چاغدا، غەزەپلىنىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئەسكەر كىيىمى كىيمىگەن ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ كىيىملىرىنى تارتقۇشلاپ يىرتىۋېتىشىدىن قورقمىغىنىنى قارا بۇنىڭ، ئويلىدى سكارلېت. ئۇ يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ – يىرتىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئاستىدا ئات، ئۈستىدە ئاپپاق كاستۇم – بۇرۇلكا، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈك، ئاغزىدا تاماكا، ئۆزى شۇنداق مەغرۇر، ساغلام. ئاشلېي ۋە باشقا يىگىتلەر بولسا جەڭ مەيدانىدا يالاڭ ئاياغ، پۇتۇن بەدىنىنى تەر باسقان، قورساقلىرى ئاچ، ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، شۇنداق ھالەتتە تۇرۇپ يەنە شىماللىقلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ... مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ قانداقمۇ بۇ قىياپىتى بىلەن بۇ يەرگە كېلىشكە جۈرئەت قىلغاندۇ؟

ئۇ ئاستا كېلىۋاتاتتى، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك قىلىپ قارىشاتتى. قېرىلار بوش ئىسقىرتىپ قويۇشتى، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان مېرۋېتېر خانىم ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ: «ھايانكەش سودىگەر!» دەپ ۋارقىراپ قويدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بۇ گەپنى تېخىمۇ سەت، تېخىمۇ زەھەرلىك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويدى. ئەمما، رېت باتلېرنىڭ پەرۋايى پەلەك. شىلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ مېلانىيە بىلەن پىتتىپات خېنىمغا سالام بەردى، ئاندىن سكارلېتنىڭ يېنىغا كېلىپ، سەل ئېگىشتى - دە، بوش ئاۋازدا ئۇنىڭغا:

— مادې دوختۇرنى بىزنىڭ غەلىبىمىز توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلسىڭىز قانداق؟ ئۇ، بىزنىڭ غەلىبىمىز تۇغىمىز ئۈستىدىكى بۈركۈت كەبى ئۇلۇغدۇر، دەپ نۇتۇق سۆزلىسە بولمامدۇ؟ — دېدى.

سكارلېت ئۇ گەپسىزمۇ نېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئاچچىقى تۇتقان مۇشۇكتەك كەينىگە قايرىلىپ، ئۇنى قاتتىق تىللىۋەتمەكچى بولغانىدى، ئاڭغىچە باتلېر قولىدا شەرەت قىلىپ ئۇنى باستى.

— ھەرقايسىڭلارغا بىر ئىشنى دەپ قويماقچىمەن، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك سۆزلەپ، — بايا مەن ئىشتابقا بارغان، ئۆلگەن، يارىدار بولغانلارنىڭ دەسلەپكى تىزىملىكى كەپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ توپ ئىچىدە پىچىر - پىچىر گەپ باشلىنىپ، ئادەملەر قوماندانلىق ئىشتابقا قاراپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئۇ يەرگە بارماڭلار! — باتلېر ئېگەردىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ توۋلىدى، — ئىسىملىك ئىككى گېزىتخانىغا ئەۋەتىپ بېرىلدى، ھازىر بېسىلىۋاتىدۇ. مۇشۇيەر تۇرۇپ ساقلىساڭلارمۇ بولىدۇ.

— كاپىتان باتلېر، — مېلانىيە ئۇنى توۋلىدى، ياشقا تولغان

كۆزلىرى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى، — بىزگە خەۋەر بەرگىلى كەلگىنىڭىزگە رەھمەت. ئىسىملىكلەر قاچانلاردا چاپلىنار؟

— ئۇزاققا بارمايدۇ، خانىم، گېزىتخانىغا بىرنۆەتكەنگە يېرىم سائەت بولدى. بۇ ئىشقا مەسئۇل ئوفىتسېر چوقۇم باستۇرۇپ بولۇپلا ئېلان قىلىدۇ، بولمىسا خەق ئىشتابقا بېرىۋالىدۇ ـ دە. ئەنە، قاراڭ!

گېزىتخانىنىڭ يان دېرىزىسى ئېچىلىپ، ئىچىدىن بىر تۇتام قەغەز تۇتۇۋالغان بىر قول چىقتى. ئۇنىڭدا يېڭىلا بېسىلىپ بولغان ئىسىملىكلەر بار ئىدى. ئادەملەر يۇگۈرۈپ بېرىپ قەغەزنى بۇلاشقا باشلىدى. بەزىلەر تالىشىپ ئۇ قەغەزلەرنى يىرتىۋەتتى، ھەممىسىلا تىز ىملىكنى كۆرۈپ بېقىشقا ئالدىرايتتى. توختىماي: «مەن ئۆتۈۋالاي! مەن ئۆتۈۋالاي!» دەپ توۋلىشىپ ئالدىغا مېڭىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

— ئاتنى تۇتۇپ تۇرۇڭ! — باتلېر شۇنداق دەپلا، ئاتنىڭ بوجىسىنى پېتتېر تاغىغا تاشلاپ بېرىپ توپ ئىچىگە قىستالدى. بىر ئازدىن كېيىن، قولىدا بىر نەچچە ۋاراق قەغەز، قايتىپ كېلىپ، بىرسىنى مېلانىيەگە بەردى، قالغىنىنى ئاچا ـ سىڭىل مىكلورلارغا، مادې خانىمغا، مېرۋېتېر خانىمغا، ئېلسىن خانىمغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

— چاپسان بولۇڭ، مېلانىيە! — سكارلېت تاقەتسىزلىنىپ ئۇنىڭغا توۋلىدى. مېلانىيەنىڭ قوللىرى تىترەپ كېتىۋاتقاچقا، قەغەزدىكى خەتلەرنى ئېنىق كۆرەلمەي تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى.

— سىز ئوقۇڭا، — دېدى مېلانىيە بوش ئاۋازدا سكارلېتقا، سكارلېت قەغەزنى ئېلىپلا، ئاۋۋال W ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملارغا قارىدى. نەدىن باشلىنىدىغاندۇ؟ ھە، ئاستىدا ئىكەن، سەل تۇتۇق بېسىلىپ قاپتۇ. ۋىتې، — ئۇ ئوقۇشقا باشلىدى، ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، — ۋىلكېس ... ۋىن... زېبولون ...

— ئاھ، مېلانىيە، ئۇنىڭ ئىسمى بۇنىڭدا يوق ئىكەن! يوق

ئىكەن ! نېمە بولدىڭىز، هاماما؟ تۆز قۇتىسىنى ئېلىڭ. هامامنى يۆلەپ تۇرۇڭ، مېلانىيە.

مېلانىيە خەقلەرنىڭ ئالدىدىلا يىغلاپ كەتتى ھەم پىتتىپاتنىڭ بېشىنى يۆلىگەچ، قۇتىدىن تۇزنى ئېلىپ بۇرنىنىڭ تېگىگە باستى. سىكارلېتمۇ موماينىڭ بەدىنىنى يۆلىگەچ، ئىچىدە شاد بىر ناخشىغا تووۋلاشقا باشلىدى. ئاشلىي هايات ئىكەن، يارىلىنىپمۇ باقماپتۇ. تەڭرى نېمىدېگەن ياخشى، ئۇنى پاناھىدا ئامان ساقلاپ كەپتۇ ! نېمىدېگەن ...

شۇ ئارىلىقتا ئۇ بىرسىنىڭ بوش ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قايرىلىپ، فەننى ئېلسىنىڭ بېشىنى ئاپىسىنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالغانلىقىنى كۆردى، ئېلسىن خانىمنىڭ نېپىز لەۋلىرى مىدىرلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ هارۋىكەشكە: «قايتايلى، چاپسان بول !» دېدى. سىكارلېت ئىسمىلىككە تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا خۇگ ئېلسىنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. دېمەك، فەنىنىڭ يىگىتى ئالدىنقى سەپتە، قۇربان بوپتۇ ـ دە، كىشىلەر ھېسداشلىق بىلەن ئېلسىن خانىمنىڭ پەيتونىغا جىمجىت تۇرۇپ يول بوشىتىپ بەردى. ئارقىدىنلا ئاچا ـ سىڭىل مىكلورلارنىڭ كىچىك پەيتونى ماڭدى. پەيتونىنى فائىن خانقىز ھەيدىگەن، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، خوپي خانقىزنىڭ چىرايى ئۇنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ئىدى، سىڭلىسىنىڭ يېنىدا، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ئولتۇراتتى، ئىككىلىسى بىردىنلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. داللاس ئۇلارنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق ئىنىسى ھەم دۇنيادا بىردىنبىر قېرىندىشى ئىدى، ئەمدى ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.

— مېلانىيە ! مېلانىيە ! — مايبېلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى، — لېنى سالامەت ئىكەن ! ئاشلېيمۇ شۇنداق ! خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، — شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىۋالغان يىپىنچىسى چۈشۈپ كېتىپ پومپايغان قورسىقى چىقىپ قالدى. مېرۋېتېر خانىمنىڭمۇ، مايبېلنىڭمۇ

ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، — مېلانىيە، قاراڭ! مادې خانىم بۇنىڭغا قاراڭ! دارسىمۇ ...

مادې خانىم كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە قاراپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى، بىرسىنىڭ ئۆزىنى تۇۋۇلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى، يېنىدا پىل بار ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى دەررۇ چۈشىنەتتى.

— ئاپا! ئاپا! — دېدى پىل بەكمۇ مىسكىن ھالدا. مادې خانىم بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، كۆزلىرى مېلانىيەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆتۈكنىڭ لازىمى قالمىدى.

— قەدىرلىك مادې خانىم! — مېلانىيە تۇۋلاپ كەتتى ۋە شۇئان پىتتىيپات خېنىمنى سىكارلېتقا تۇتقۇزۇپ پەيتوندىن چۈشتى ـ دە، دوختۇرنىڭ پەيتونىغا قاراپ ماڭدى.

— ئاپا، يېنىڭدا مەن بارغۇ، — پىل چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئاپىسىغا تەسەللى بېرىشكە بار ئىمكانىيىتى بىلەن تىرىشىۋاتاتتى، — سەن ماقۇل دېسەڭلا، مەن بېرىپ ھەممە شىماللىق ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كېلىمەن ...

— ياق! — مادې خانىم ئوغلىنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى.

— پىل مادې، گەپ قىلماڭ، — مېلانىيە پىلغا بوش ئاۋازدا گەپ قىلغاچ مەپىگە چىقىپ مادې خانىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى باغرىغا باستى، ئاندىن پىلغا دېدى، — سىزمۇ كېتىپ قۇربان بولۇپ كەتسىڭىز، ئۇ چاغدا ئاپىڭىز قانداق قىلىدۇ؟ بۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلماڭ، بىزنى چاپسان ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇڭ.

پىل ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى. شۇ ئارىلىقتا مېلانىيە سىكارلېتقا دېدى:

— ھاممامنى سىز ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن دەررۇ مادې

خانىمنىڭ ئۆيىگە بېرىڭ. كاپىتان باتلېر، مادېي دوختۇرغا خەۋەر بېرىپ قويالارسىزمۇ؟ ئۇ دوختۇرخانىدا ئىدى.

پەيتون تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى خۇشال ئىدى، ئەمما كۆپچىلىكى قاتتىق زەربىدىن كېيىن تېخى ئېسىگە كېلىپ بولۇشمىغان، تېخىچە هاڭۋېقىپ، ئورۇنلىرىدا قېتىپ تۇرۇشاتتى. سكارلېت غۇۋا بېسىلغان تىزىملىكتىن بېشىنى كۆتۈرمەي، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئىسىملىرى بارمۇ، يوق، تېز - تېز ئوقۇدى. ئاشلېي سالامەت بولغاندىكىن، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگۈسى كېلىپ قالغانىدى. نېمىدېگەن كۆپ ئىسىملار بۇ، ئاتلانتا بىلەن جورجىيە ئاز قۇربان بەرمەپتۇ.

ۋاي خۇدايىمەي ! «لېيتنانت كالۋېرت رافورت» رافورت ! ئۇشتۇمتۇت خېلى يىللار ئىلگىرىكى بىر كۈن سكارلېتنىڭ يادىغا كەچتى. شۇ كۈنى ئىككىسى قېچىپ كەتكەن، كەچ كىرگەندە قورسىقى ئېچىپ ھەم قاراڭغۇدىن قورقۇپ قايتىپ كېلىشكەنىدى.

«فونتائېن يوسىف، جەڭچى» ئۇ مىجەزى ئوسال راق بالا بولىدىغان، خوتۇنى سالىلى يېڭىلا يەڭگەنىدى.

«كاپىتان مونرو لافايېت» لافايېت كاتلېن كالۋېرت بىلەن توي قىلماقچى بولغان، چاينىمۇ ئىچىدۇرۇپ بولغانىدى. بىچارە كاتلېن. ئۇنىڭغا ئىنىسى بىلەن توي قىلىدىغان يىگىتى قۇربان بولۇپ قوشلاپ دەرد كەپتۇ. ھەممىدىن سالىلىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئاكىسى بىلەن ئېرىدىن ئايرىلىپتۇ.

ھوي، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر ! سكارلېتنىڭ ئايىغىنى ئوقۇشقا جۈرئىتى قالمىدى. شۇنداقتىمۇ، پىتتىپيات ھامىمىنىڭ ئۆزىگە يۆلىنىپ تۇرغان بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ بىر يېرىگە يۆلەپ قويۇپ، تىزىملىكنى داۋاملىق ئوقۇشقا باشلىدى.

ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، ئۈچىلىسىنىڭلا ئىسمىنىڭ «تارلېتون» بولۇشى ناتايىن. نابورچىك خاتالىشىپ بىر ئىسمىنى تەكرار

تىزىپ قويغانمىدۇ يا؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، راستلا شۇلار ئىكەن. «تارلېتون بىرېنت، لېيتنانت»، «تارلېتون ستۇئارت، كورپورال»، «تارلېتون توماس، ئەسكەر» بويىد ئۇرۇش باشلانغان يىلىلا ئۆلگەن، ئۇنىڭ ۋىرگىنىيەنىڭ نەرىگە كۆمۈلگەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ. تارلېتون ئائىلىسىدىكى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى تۈگەپتۇ. توم بىلەن قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار پاراڭلىشىشنى، كۈلكە ـ چاقچاقنى ياخشى كۆرەتتى. بويىد تانسىنى ياخشى ئوينايتتى، ھەرىدەك ئاچچىق گەپ قىلاتتى، ئەمدى ھازىر ھەممىسى يوق.

سكارلېتنىڭ ئىسىملىكنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇغۇسى كەلمەي قالدى. يەنە باشقا يىگىتلەرنىڭ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ بولغان، بىللە تانسا ئويناشقان، شوخلۇق قىلىپ ئۇنى سۆيۈۋالغان يىگىتلەرنىڭمۇ ئىسىملىرى بولۇشى مۇمكىن. سكارلېتنىڭ تازا بىر يىغلاپ، كۆڭلىنى بوغۇۋالغان تۆمۈر تىرناقلارنى ئازراق بولسىمۇ بوشىتىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

— مەن سىز ئۇچۇن بىئارام بولۇۋاتىمەن، سكارلېت، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ رېت باتلېرنى كۆردى. سكارلېت باياتىندىن بېرى ئۇنىڭ بۇ يەردىلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، — بۇلارنىڭ ئىچىدە سىزنىڭمۇ نۇرغۇن دوستلىرىڭىز بارغۇ دەيمەن؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئارانلا گەپ قىلدى:

— بىزنىڭ ناھىيەدىكى ھەربىر ئائىلىدە بىردىن دېگۈدەك، تارلېتون ئائىلىسىنىڭ ھەممە ئوغلى ...

رېت باتلېرنىڭ چىرايى بىر خىل، ئازراق قايغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە مەسخىرە كۈلكىسى كۆرۈنمەيتتى.

— ئىسىملىك تېخى تۈگىگىنى يوق، — دېدى باتلېر، — بۇ ھەممىسى ئەمەس، دەسلەپكىسى، ئەتە بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنى چىقىدۇ، — ئۇنىڭ ئاۋازى پەيتوندىكىلەر ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە پەسلەپ كەتتى، — سكارلېت، گېنېرال لي مەغلۇپ بولغان ئوخشايدۇ. قوماندانلىق ئىشتابىدىكىلەردىن ئۇنى

مارلاندقا ياندۇرۇپ كەلمەكچى بولۇشقانلىقلىرىنى ئاڭلىدىم.
سكارلېت قورقۇپ كەتكەندەك ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ گېنېرال لېنىڭ يېڭىلىپ قالغىنىدىن ئەمەس، ئەتە تېخىمۇ كۆپ ئىسىملىكنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەنىدى. ئەتە! سكارلېت ئەتىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان، ئاشلېينىڭ ئىسمىنىڭ تىزىملىكتە يوقلۇقىنى كۆرۈپلا خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئەتە! ئۇ ئۆلۈپ بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئەتە ئاڭلارمۇ؟ بەلكىم بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاڭلايدىغاندۇ.
— رېت، نېمىشقا ئۇرۇش بولىدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا شىماللىقلار پۇل چىقىرىپ نېگىرلارنى سېتىۋالغان ياكى بىز ئۇ نېگىرلارنى ئۇلارغا بىكارغا بېرىۋەتكەن بولساق بۇ ئۇرۇشمۇ بولمايتتى. ئۇ چاغدا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟
— مەسىلە نېگىرلاردا ئەمەس، سكارلېت، ئۇ بىر باھانە. خەقلەر ئۇرۇشنى ياخشى كۆرگەچكە دائىم ئۇرۇش بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇرۇشنى ئاياللار ياخشى كۆرمىگەن بىلەن ئەرلەر ياخشى كۆرىدۇ، ھەتتا ئاياللارنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈشىدۇ.
ئۇ يەنە ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كۈلۈپ قويدى، چىرايىدا جىددىيلىك پەقەتلا يوق ئىدى. ئۇ بېشىدىكى پاناما شىلەپىسىنى ئېلىپ بىر نەچچە قېتىم كۆتۈرۈپ قويدى.
— خەير - خوش، مادې دوختۇرنىڭ يېنىغا باراي، بالىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇنىڭغا مەن يەتكۈزسەم مەسخىرە قىلغاندەك ئىش بولىدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ ھازىر بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىر قەھرىمانىنىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرىنى بىر ھايانكەش سودىگەرنىڭ يەتكۈزگەنلىكىنى ئويلاپ، ئاچچىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشى مۇمكىن.
سكارلېت پىتتىي ھاممىنى ئۆيگە ئەكىلىپ تاتلىق ھاراقتىن ئازراق ئىچىدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن كارېۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراشقا پىرىسسىي بىلەن ئاشپەز ئايالنى قويۇپ

قويۇپ، مادې دوختۇرنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. مادې خانىم ئوغلى پىل بىلەن ئۇستىدە ئىدى، مېلانىيە ئۇنى يوقلاپ كەلگەن قوشنىلار بىلەن پەستە ئېلىسىن خانىم مادې خانىمغا بەرگەن قارلىق كېيىمنى ئۆزگەرتىپ تىككەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىنى ئۆزلىرى ياسىۋالغان قارا بوياقنىڭ پۇرىقى بىر ئالغاندى. ئاشخانىدا مادې خانىمنىڭ پۇتون كېيىملىرىنى يوغان بىر قازانغا سېلىپ قارىغا بوياۋاتاتتى.

— مادې خانىم هازىر قانداقراق ؟ — بوش ئاۋازدا سورىدى سكارلېت.

— كۆزىدە بىر تېمىممۇ ياش يوق، — دېدى مېلانىيە، — ئاياللارنىڭ كۆزىدىن ياش چىقماسلىق قورقۇنچلۇق بىر ئىش. ئەرلەرنىڭ يىغلىماي قانداق چىدايدىغانلىقىغا هەيرانمەن. بۇمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا قارىغاندا غەيرەتلىك هەم چىداملىق بولغىنىدىن بولسا كېرەك. مادې خانىم پېنسىلۋانىيەگە ئۆزۈم بېرىپ ئوغلۇمنى ئېلىپ كېلىمەن دەۋاتىدۇ. مادې دوختۇر دوختۇرخانىدىن ئايرىلالمايدۇ ـ دە.

— ئۆزى يالغۇز بارسا قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ، نېمىشقا پىل بارمايدۇ؟

— ئۇنى ئۆيدىن چىقىپ كەتسىلا ئەسكەرلىككە كىرىۋالىدۇ دەپ قورقىدىكەن. قاراڭ، يېشى كىچىك تۇرۇپ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنى. هازىر بالىلارنى ئون ئالتە ياشتىمۇ ئەسكەرلىككە ئېلىۋېرىدۇ.

قوشنىلار دوختۇر كەلگەندىن كېيىنكى كۆرۈنۈشنى كۆرگۈسى كەلمەي بىر ـ بىرلەپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. مېلانىيە بىلەن سكارلېتلا قارلىق كىيىم تىكىشىپ يالغۇز قالدى. مېلانىيەنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش قىلىۋاتقان ئىشىغا تېمىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما كۆرۈنۈشتە ناهايىتى تەمكىن ئىدى. ئۇرۇشنىڭ يەنە داۋاملىشىپ، ئاشلىينىڭ شۇ كۈنلەردە ئۆلۈپ كېتىش مۇمكىنلىكى بارلىقى زادىلا

خىيالىغا كىرمەيتتى. سىكارلېت قورقۇنچ ئىچىدە، باتلېر بايا دېگەن گەپنى ئۇنىڭغا ئېيتىش ياكى ھازىرچە ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن تۇتۇشنى بىلمەي ئولتۇراتتى، ئېيتسا، ئۆزى ھازىر تارتىۋاتقان ئازابى ئىككىگە بۆلۈنۈپ سەل يەڭگىللەپمۇ قالاتتى. ئاخىر ئۇ ئۇ توغرۇلۇق تىنماسلىق قارارىغا كەلدى. ئەگەر مېلانىيەگە، ئاشلېيغا ئەجەبمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىۋاتىدىغۇ، دېگەندەك خىيال كىرىپ قالسا ئۇ چاغدا ياخشى بولمايدۇ. خۇداغا شۈكۈر، ئاشۇ كۈنى مېلانىيە بىلەن پىتتىيپات ئۆزلىرىنىڭ ئېمىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە سەپسالمىدى.

ئۇلار ئۇنچىقماي يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتى، بىر چاغدا تالادىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، پەردىنىڭ يوچۇقىدىن مادي دوختۇرنىڭ ئاتتىن چۈشۈۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇنىڭ مۈرىلىرى چىقىپ بېشى ساڭگىلاپ قالغانىدى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرى خۇددى يەلپۈگۈچتەك مەيدىسىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ شلەپىسى بىلەن سومكىسىنى قويۇپ قويدى، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى جىمجىتلا سۆيۈپ قويۇپ ھارغىن بىر ھالەتتە يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن پىل پەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى بىلەن قوللىرى ئورۇق، ئىنچىكە ھەم ھېچنېمىگە قولاشمايدىغاندەك تۇراتتى. مېلانىيە بىلەن سىكارلېت ئۇنى يېنىدا ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلىشۇدى، ئۇ توختىماي كارىدورنى بويلاپ ئالدىغا كەتتى، ئاندىن پەلەمپەيدە زوۋان سۇرمەي بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇردى.

مېلانىيە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى.

— ئۇ ئاچچىقىدا سارالڭ بولاي دەپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىشىغا ئۇنىمايدۇ. ئۇ دېگەن ئەمدى ئون بەشكە كىردى ـ دە. ئاھ، سىكارلېت، ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بالىسى بولسا نېمىدېگەن ياخشى.

— ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلىمۇ؟ — سىكارلېت زەردە بىلەن دېدى. ئۇنىڭ ئېسىگە يەنە دارس كېلىپ قالدى.

— ئوغلىڭىز بولسا، ئۆلۈپ كەتسىمۇ بولمىغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ، — مېلانىيە كۆز يېشى قىلدى، — سىز چۈشەنمەيسىز، سىكارلېت، چۈنكى سىزنىڭ ئوغلىڭىز بار. مېنىڭچۇ؟ مەنمۇ بىر ئوغلۇمنىڭ بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن. سىزنىڭ بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۇرمەسلىكىڭىز كېرەك، دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. ئەمما، كۆڭلۈمدىكى گەپنى دېدىم، ھەرقانداق ئايال شۇنداق ئويلايدۇ، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز.

سىكارلېت دىمىقىنى قېقىپ قويۇشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇردى.

— ناۋادا تەگرى ئاشلېيىنىمۇ بوش ... قويۇۋەتمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ماڭا بىر پەرزەنت ئاتا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئېلىپ كەتسە، ئۇ دەردكە بىر ئامال قىلىپ چىدىشىم مۇمكىن، تەڭرىمىز ماڭا چىداشقا يېتەرلىك كۈچ بېرىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن ماڭا تەسەللى بولىدىغان بىرەر پەرزەنت قالمىسا، ئۇ چاغدا مەن بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. ئاھ، سىكارلېت، سىز نېمىدېگەن بەختلىك، چارلېس كەتكەن بىلەن ئۇنىڭدىن سىزگە بىر بالا قالدى، لېكىن ئاشلېيىنىڭ يوق. دېمەك، مېنىڭ ھېچنېمەم يوق دېگەن گەپ. سىكارلېت، مېنى كەچۈرۈڭ، بەزىدە سىزگە شۇنچە ئىچ تارلىقىم كېلىدۇ.

— ئىچ تارلىقىم كېلىدۇ ... ماڭىمۇ؟ — سىكارلېت ھەيران بولۇپ سورىدى. ئازابلىق بىر خىل تۇيغۇ ئىچىنى ئاچچىق بىر چېقىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى.

— چۈنكى، سىزنىڭ ئوغلىڭىز بار، مېنىڭ يوق. بەزىدە ۋادنى ئۆزۈمنىڭ بالىسىدەك ئويلاپ كېتىمەن. بالىنىڭ بولماسلىقى ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى سىز چۈشەنمەيسىز.

— يوق گەپنى قىلماڭ! — سىكارلېت سەل كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەچكىمۇ ئەتەي شۇنداق دەپ قويدى. شۇ گەپ بىلەن تەڭ قىزىرىپ يەرگە قارىۋالغان بۇ پاكار بوي ئايالغا ئىتتىك قارىدى.

مېلانىيەنىڭ بەكمۇ بالا يۈزى كۆرگۈسى بار ئىدى، ئەمما مۇشۇ تۇرقى بىلەن بالا تۇغالىشى ناتايىن. ئۇنىڭ بويى ئون ئىككى ياشلىق قىزلارنىڭكىدەك ۋىجىك، يەلكىسى بالىلارنىڭكىدەك تار، كۆكسىمۇ تاختايدەك تۈزلا. سىكارلېت مېلانىيەنىڭمۇ بالىسى بولارمۇ دەپ ئويلاپ بىر خىللا بولۇپ قالدى، ئارقىدىنلا باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغان خىياللارغا پاتتى. مېلانىيە ئاشلىپىدىن پەرزەنت كۆرسە، خۇددى ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىسىنى تارتىۋالىدىغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق بولۇپ قالسا ئۇ قانداق چىدايدۇ!

— مېنى كەچۈرۈڭ، ۋاد توغرۇلۇق جىقلا گەپ قىلىپ كەتتىم. سىزمۇ بىلىسىز، ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭدىن خاپا بولۇپ قالمىغانسىز؟

— يوق خىياللارنى قىلمىسىڭىزچۇ، — دېدى سىكارلېت بىزار بولغاندەك قىلىپ، — چىقىپ پىلىغا تەسەللى بېرىپ قويايلى، ئۇ يىغلاۋاتىدۇ.

## ئون بەشىنچى باب

گېتتىس قەلئەسىدىكى جەڭدە يېڭىلگەن قوشۇن ۋىرگىنىيەگە چېكىنىپ، راپىدان دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى قىشلىق ھەربىي تۇرالغۇغا ناھايىتى تەستە كېلىۋالدى، مىلاد بايرىمىغا ئاز قالغاندا ئاشلېي دەم ئېلىشقا ئۆيگە كەلدى. ئۇنى ئىككى يىلدىن بېرى تۇنجى كۆرۈشى بولغاچقىمۇ، سىكارلېت ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان ئوتتەك ھېسسىياتىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۆز ۋاقتىدا سىكارلېت «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى ۋىلكىسىلەرنىڭ مېھمانخانىسىدا ئاشلېينىڭ مېلانىيە بىلەن توي قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىپ،

بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى بۇ قەدەر ياخشى كۆرمەيمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئويلىغىنى ئويۇنچۇقنى تارتقۇزۇپ قويغان بالىنىڭ يامانلاپ قالغىنىغا ئوخشاش ئىش ئىكەن. ئۇزاقتىن بېرى ئۇ ئۇنى خىيالىدىن چىقارماي، ئىسمىنى توۋلىمۇەتمەي دەپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىنى ئىچىدە تېخىمۇ بەك تاۋلاپ يېتىلدۈرۈپتۇ.

ئاشلېي ۋىلكېسنىڭ ئۈستىدە ياماق چۈشكەن ئۆڭۈپ كەتكەن كونا ھەربىي چاپان بار ئىدى، ساپسېرىق چاچلىرى ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇ سىكارلېت ئۇرۇشتىن ئىلگىرى بەكمۇ ياخشى كۆرگەن پەرۋاسىز ۋە كۆزلىرى ئۇيقۇچان كۆرۈنىدىغان يىگىتكە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇ ئاق يۈزلۈك، ئىنچىكە يىگىت ئىدى. ھازىر چىرايى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ، بەكمۇ ئورۇقلاپ، ساپسېرىق چېكە چاچلىرى بىلەن كونا ئەسكەرلەرگىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

ئۇ كونا ھەربىي كىيىم بىلەن ھەربىيلەرگە خاس قىياپەتتە تۈپتۈز تۇراتتى. تاپانچىسى كونىراپ كەتكەن خۇرۇم قاپچۇقىدا، كونا قىلىچى ئۆتۈكىگە پات ـ پات تېگىپ تۇرىدۇ. بۇ، جەنۇب ئىتتىپاقى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ مايورى ئاشلېي ۋىلكېس ئىدى. ھازىر ئۇ كىشىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ ئادەتلەنگەن، ئۆزىنى تۇتقان، قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاشنى بىلىدىغان ئادەم، ئىككى چاۋىغىيىدا تەمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان قورۇقلار پەيدا بولغان. كەڭ گەۋدىسى، سوغۇققان ئۆتكۈر كۆزلىرىمۇ ھازىر باشقىچە تۇستە ئىدى. بۇرۇن ئۇ چېچىلاڭغۇ ۋە سەل ئەزمە بولىدىغان، ئەمدى مۇشۇكتەك سەزگۈر بولۇپ كېتىپتۇ. نېرۋىلىرى خۇددى چىڭ تارتىلىپ تۇرغان ئىسكىرىپكىنىڭ تارلىرىدەك دائىم جىددىي ھالەتتە تۇرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، كۈندە كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن يۈزىنىڭ تېرىلىرى ياڭاق سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ

كەتكەن بولۇپ، ئادەمگە بىر خىل سۇرلۇك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ يەنىلا سىكارلېت ياخشى كۆرگەن چىرايلىق ئاشلېي ئىدى، ئەمما بۇرۇنقى قىياپىتىدىن كۆپ پەرقلىنەتتى.

سىكارلېت ئەسلىدە مىلاد بايرىمىنى تارادا ئۆتكۈزمەكچىدى، ئاشلېيدىن تېلېگراما كەلگەندىن كېيىن بۇ نىيىتىدىن ياندى. ئەمدى ئۇنى دۇنيادا ھېچقانداق كۈچ، ھەتتا ئاپىسى ئېللېننىڭ بۇيرۇقىمۇ بۇ يەردىن قوزغىيالمايتتى. ئەگەر ئاشلېي «ئۇن ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە بارغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇمۇ تاراغا باراتتى. لېكىن، ئاشلېي ئۆيدىكىلىرىگە خەت يېزىپ، ئۇلار بىلەن ئاتلانتادا كۆرۈشمەكچى بولدى. ۋىلكېس ئەپەندى، خونېي، ئىندىيالارمۇ ھازىر ئاتلانتادا ئىدى، شۇنداق ئەھۋالدا سىكارلېت كۆرۈشمىگىلى ئىككى يىل بولغان ئادىمى بىلەن بىللە بولىدىغان پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ تاراغا كېتەمدۇ؟ ئۇنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاش، كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى بىلىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم بولامدۇ؟ پۈتۈن دۇنيادىكى ئانىلار بىرلىشىپ بۇيرۇق چۈشۈرسىمۇ ئۇنى بۇ يەردىن مىدىرلىتالمايدۇ.

ئاشلېي ئۆزى بىلەن بىر يەرلىك بىر نەچچە يىگىت بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار گېتتىس قەلئەسى جېڭىدىن كېيىن تىخىمۇ ئاز قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋاق، چىرايى سېرىق ۋە تىنىماي يۆتىلىپ تۇرىدىغان ئادې كالۋېرت، 1861 ـ يىلىدىن بېرى تۇنجى قېتىم دەم ئېلىشقا كېلىپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقان مۇنرو ئائىلىسىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلار، دائىم ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىپ تۇرىدىغان يالكس بىلەن تونى فونتائىن بار ئىدى. ئۇلار پويىزدىن چۈشۈپ يەنە ئىككى سائەت پويىز ساقلىشى كېرەك ئىدى، ئۇلارغا يەنە بىر ـ بىرى بىلەن ياكى ناتونۇش ئادەملەر بىلەن مۇشتلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قاراپ تۇرىدىغان بىر ئادەم بولمىسا بولمايتتى، شۇڭا ئاشلېي ئۇلارنى پىتتىيپات خېنىمنىڭ ئۆيىگە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئۆيگە كىرىپلا ئاكا ـ ئۇكا فونتائىنلار تىترەپ تۇرغان پىتتىيپات خېنىمنى سۆيىمىز دەپ، خورازلارغا ئوخشاش بىر ـ بىرى بىلەن تالىشىپ كەتتى.

— ئۇلارنىڭ مۇشتلىشىدىغان ئىشلىرى ۋىرگىنىيەدە قالدى دەپ قالماڭلار. رىچماندقا كەلگەن كۈنىلا هاراق ئىچىپ خەقلەر بىلەن مۇشتلىشىپ ساقچىلارنىڭ قولىغىمۇ چۈشۈپ قالدى. ئەگەر ئاشلېي چاققانلىق قىلمىغان بولسا، مىلاد بايرىمىنى تۈرمىدە ئۆتكۈزۈشەتتى، — دېدى كادې ئاچچىق تەنە بىلەن.

لېكىن، بۇ گەپلەرنىڭ بىرسىمۇ سكارلېتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇ هازىر ئاشلېي بىلەن ئاران بىر دىدارلىشىشتىن ئەس ـ هوشىنى يوقاتقان، شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى نېمىشقىمۇ قايسى ئەر ئادەمنى خۇش قىلالايدۇ، قايسى ئەر چىرايلىق ياكى ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتالايدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەندۇ؟ ئاشلېي هايات تۇرسا، باشقا ئەرلەرنىڭ كۆڭۈل ئىزهارلىرىغا جىمجىت قۇلاق سېلىپ يۈرگىنى نېمىسى؟ هازىر ئۇلار بىر ئۆيدە، ئوتتۇرىنى پەقەت يەردىكى بىر پارچە گىلەملا ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇدۇلدىكى سافادا ئولتۇرىدۇ، بىر يېنىدا مېلانىيە، يەنە بىر يېنىدا ئىندىيا، خونېي ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىۋالغان. سكارلېت ئۇنىڭغا هەربىر قارىغاندا، كۆزلىرىگە كېلىۋاتقان ياشنى تەستە ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشقا هەققى بولسا، ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىپ ئولتۇرغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى! دەممۇ دەم ئۇنىڭ يەڭلىرىنى سىلاپ، ئۇنىڭ هەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ تۇرغان، قولىنى پات ـ پات تارتىپ، قولىدا تۇرغان قول ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرغان بولسا نېمە بولار! ئەنە، مېلانىيە قىلچە ئىزا تارتىش يوق، شۇنداق قىلىۋاتامدۇ! ئۇنىڭ خۇشال بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى قاراڭ، چىرايىدا ئىزا تارتىش دېگەندىن ئەسەر يوق، ئېرىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىۋالغان، كۆزلىرى،

تەبەسسۇملىرى ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، سىكارلېتمۇ بوگۇن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال، كەيپى چاغ بولغاچقا، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلمىدى، ئىچى تارلىقمۇ قىلمىدى. چۈنكى، ئاشلېي ئاخىر قايتىپ كەلدى ـ دە !

سىكارلېت پات ـ پات مەڭزىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى، چۈنكى ئاشلېي ئۇنىڭ ئاشۇ مەڭزىگە سۆيگەن، ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ مەڭزىدە قالدۇرۇپ كەتكەن تاتلىقى تېخى كەتمىگەنىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۇنى سۆيگەن. مېلانىيە ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى مەڭگۇ قويۇپ بەرگۈسى يوقتەك، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. كېيىن ئىندىيا بىلەن خونىي كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى، ئارقىدىن ئۇ دادىسى بىلەن سۆيۈشتى، قىزغىن قۇچاقلاشتى، ئىككىسىنىڭ ھېسسىياتى شۇنچىلىك چوڭقۇر، شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدى. ئەمدى نۆۋەت پىتتىي ھاممىغا كەلدى، ئۇ ئەپچىل پۇتلىرىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ سۆيۈشىنى، قۇچاقلاشلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاشلېي سىكارلېتنىڭ ئالدىغا كەلدى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئەتراپىغا ئولىشىپ ئۇلارنىڭ سۆيۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. ئاشلېي ئاۋۋال: «ياھ، سىكارلېت، نېمىدېگەن چىرايلىق سىز !» دېدى، ئاندىن مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.

بۇ بىر سۆيۈش بىلەن سىكارلېتنىڭ ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئېيتماقچى بولغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كېلىپ، ئاشلېينىڭ ئۆزىنىڭ ئاغزىغا سۆيمىگەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. باشقىلار بولمىساي، ئىككىمىز يالغۇز بولساق ئۇ چوقۇم گەۋدىسىنى سەل ئېگىپ، ئېگىزلىكىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئاغزىمغا سۆيگەن بولاتتى، مەنمۇ پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ ئۇنى سۆيگەن، چىڭ

قوچاقلىغان بولاتتىم. ۋاقىت يەنە بارغۇ، توپتوغرا بىر ھەپتە بار، قىلمىغاننى قىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز بىللە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، شۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭغا: «ئىككىمىزنىڭ پات ـ پات ھېلىقى سىرلىق چىغىر يولدا ئاتلىق بىللە ماڭغانلىرىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟» «تارادىكى بىزنىڭ ئۆينىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ ماڭا شېئىر ئوقۇپ بەرگەن ئاشۇ ئايدىڭ كېچە ئېسىڭىزدىمۇ؟» (ۋاي خۇدايىم، ئۇ شېئىرنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيدى؟) «ھېلىقى كۈنى پۇتۇم قايرىلىپ كېتىپ، سىز مېنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن كۆرۈنۈشلەر ئېسىڭىزدىمۇ؟» دەيدۇ.

ئاھ، «ئېسىڭىزدىمۇ؟» دېگەن سوئال بىلەن ئۇنىڭغا ئەسلىتىدىغان ئىشلار نەقەدەر كۆپ ـ ھە! ئۇنى ئاشۇنداق قىممەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن ئاشۇ سۆيۈملۈك كۈنلەرگە باشلاپ بارغىلى، ئۇنىڭغا مىلانىيە بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەتكىلى بولاتتىغۇ؟ ئۇ چاغلاردا ئۇلار غەمسىز، ئەركىن يۈرىدىغان كىچىك باللار ئىدى. ئىككىسىنىڭ شۇ كۈنلەرنى بىللە ئولتۇرۇپ ئەسلەشلىرىگە ئىمكانىيەت بولغان بولسا، سىكارلېت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كونا ھېسسىياتنىڭ تىرىلگەنلىكىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگەن ياكى يوشۇرۇن بېشارەتلىرىنى چۈشەنگەن، شۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ مىلانىيەگە بولغان ئەرلىك مۇھەببىتىنىڭ كەينىدە خۇددى ئاشۇ قېتىمقى باراۋەتتە تۇيۇقسىز كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتقان چاغدىكىدەك قىزغىن سۆيۈنۈشنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان بولاتتى. سىكارلېت ئەگەر ئاشلىپي ئۈشتۈمتۇت ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ قالسا قانداق قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ... ئۇنى ساقلىيالايدۇ، مىلانىيەنىڭ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاشلىرىغا، بەختلىك كۈلۈشلىرىگە چىداپ تۇرالايدۇ. ئۇنىڭغا پۇرسەت چوقۇم

كېلىدۇ. مېلانىيەگە ئوخشاش بۇنداق قىزلار مۇھەببەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمدۇ؟

— سۆيۈملۈكۈم، بەئەينى دىۋانىگىلا ئوخشاپ قاپسىزغۇ، — دېدى مېلانىيە. بۇ چاغدا ئاشلېيدا يېڭى كەلگەن چاغدىكى قىزغىن كەيپىيات سەل بېسىلغانىدى. — چاپىنىڭىزنى كىم تىكىپ بەردى؟ كۆك ياماق سالپتۇغۇ؟

— ئۆزۈمگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئاشلېي ئۇچىسىدىكى چاپىنىغا قاراپ قويۇپ، — بۇ چاپىنىمنى ئۇ يەرلەردىكى جۇل - جۇل چاپانلىقلار بىلەن سېلىشتۇرسىڭىز بۇنىڭدىن كۆپ رازى بولىسىز، بۇنى موس ياماپ بەرگەن، ماڭا ياخشى يامىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۇرۇشتىن ئىلگىرى قولىغا يىڭنە ئېلىپ باقمىغانىكەن. ياماقنىڭ كۆك بولۇپ قالغىنىغا كەلسەك، ئۇنداق شارائىتتا سىز يا چاپىنىڭىزنى يىرتىق پېتى كىيىۋېرىشىڭىز، يا بولمىسا ئۆلگەن شىماللىقلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن كىيىملىرىدىن بىر پارچە يىرتىۋېلىپ چاپىنىڭىزنى ياماۋېلىشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. دىۋانە دېگەن گېپىڭىزگە كەلسەك، ئېرىڭىزنىڭ بەخت - ئامىتى بار ئىكەن، شۇڭا ئۆتۈكسىز قالمىدى، بولمىسا ھازىر ئالدىڭىزغا يالاڭ ئاياغ كەلگەن بولاتتى. كونا ئۆتۈكۈمنىڭ بىر ھەپتە بۇرۇن ئەبجىقى چىقىپ كەتتى. ئەگەر ئامىتىم كېلىپ شىماللىقنىڭ ئىككى رازۋېدكىچىسىنى ئۆلتۈرمىگەن بولساق، پۇتۇمغا چورۇق تارتىپ كەلگەن بولاتتىم. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئۆتۈكى پۇتۇمغا شۇنداق ياخشى كەلدى.

ئاشلېي ئۇزۇن پۇتلىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، ھەممە يېرى زېدە بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن ئۆتۈكىنى كۆرسەتتى.

— يەنە بىرسىنىڭ ئۆتۈكىنى مەن كىيىۋالدىم، — دېدى كادې، — ئىككى نومۇر كىچىك ئىكەن، ھازىرمۇ پۇتۇمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ، ئامال يوق، كىيىمىسەم قانداق قايتىپ كېلىمەن.

— بۇ تولىمۇ شەخسىيەتچى نېمىكەن، بىزگە بەرگىلى

ئۆنىمىدى، — دېدى تونى، — بىز فونتائىنىلارنىڭ ئېسىلزادە كىچىك پۈتلىرىمىزغا ئۇ ئۆتۈك شۇنداق ياخشى كېلەتتى. ئامال يوق، يۇزۇمنى قېلىن قىلىپ ئاپامنىڭ ئالدىغا مۇشۇ ئۆتۈك بىلەن بارىدىغان بولدۇم. ئۇرۇش بولمىغان بولسا، ئۇ بۇنداق ئۆتۈكنى قوللىرىغىمۇ كىيسۇرمەيتتى.

— ئالدىرىماي تۇر، — دېدى يالكس كادېنىڭ پۇتىغا قاراپ قويۇپ، — پويىزغا چىققاندا ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋالىمىز. مەن ئاپامدىن ئىزا تارتمايمەن ... دىمىتى مونروغا بارماقلىرىم چىقىپ قالغان ئۆتۈك بىلەن كۆرۈنگۈم يوق.

— نېمە دەۋاتىسەن، بۇ مېنىڭ ئۆتۈكۈم، بىرىنچى بولۇپ ئۆنىگىدىن مەن سورىغان، — دېدى تونى ئاكىسىغا ئالىيىپ قويۇپ. مېلانىيە ئۇلارنىڭ فونتائىن ئائىلىسىگە خاس قىلىق قىلىپ جېدەل چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارغا هاي بەردى.

— ئەسلىدە مەن ساقال - بۇرۇتۇمنى قويۇۋېتىپ سىلەرگە كۆرسىتەي دەپ ئويلىغان، — دېدى ئاشلېي يۈزىنى سىلاپ قويۇپ. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ساقال ئالغۇچە كېسىلىپ كەتكەن يەرلىرى تېخىچە ساقايمىغانىدى، — ئۇ چاغدىكى ساقىلىمنى كۆرسەڭلار شۇنداق چىرايلىق، جېب ستۇئارت بىلەن ناسىن بېدفوردىنىڭ ساقىلىمۇ شۇنچىلىك بولغىيدى دەيمەن. لېكىن، رىچماندقا بارغاندىن كېيىن ئاۋۇ ئىككى لوكچەك، — ئۇ ئاكا - ئۇكا فونتائىنلارنى كۆرسەتتى، — بىز ساقىلىمىزنى ئالدۇق، سەنمۇ ئېلىشىڭ كېرەك، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ ساقىلىمنى ئالدى، ئۇلارنىڭ كاللامنىمۇ قوشۇپ ئېلىۋەتمىگىنىگە هەيرانمەن. ئېۋىن بىلەن ئادى ئارىغا كىرمىگەن بولسا، چېكە چاچلىرىمنىمۇ چۇشۇرۇۋېتەتتى.

— ئۇنىڭ جۆيلۈشلىرىنى ئاڭلىماڭ، ۋىلكىس خانىم، سىز تېخى بىزگە رەھمەت ئېيتىسىز بولىدۇ، بولمىسا ئۇنى

تونۇيالماي ئۆيگە كىرگۈزمەيتتىڭىز، — دېدى ئالىكس، — بىزنى ئۇ ساقچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغاچقا، رەھمىتىمىزنى بىلدۇرۇپ شۇنداق قىلدۇق. يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ چېكە چاچلىرىڭىزنىمۇ چۇشۇرۇۋېتىمىز.

— ھە، ياق، رەھمەت سىزگە، ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقى تازا ياخشى، — دېدى مىلانىيە ئىتتىكلا ئاشلېينىڭ بىلىكىگە ئېسىلىۋېلىپ، چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلەتتى.

— مۇھەببەت دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئاكا - ئۇكا فونتائىنلار بىر - بىرىگە قاراپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ.

ئاشلېي ئۇ يىگىتلەرنى پىتتىيپات ھاممىسىنىڭ پەيتونىغا سېلىپ پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندە، مىلانىيە سىكارلېتقا سۆزلەپ كەتتى.

— سىزچىمۇ ئۇنىڭ چاپىنى سەتتۇ - ھە؟ ئۇنىڭغا ئاتاپ تىككەن چاپىنىمنى ئاچقىپ بەرسەم، ئۇ ھەيران قالار دەيمەن. ئاشۇ رەختتىن يەنە ئازراق بولغان بولسا ئىشتانىمۇ تىكىۋېتەتتىم.

ئاشلېيغا تىككەن ئۇ چاپانىڭ گېپى چىقسىلا سىكارلېتنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، چۈنكى ئاشلېيغا مىلانىيە ئەمەس، ئۆزى بايراملىق چاپان تىكىپ بېرىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. ھەربىي كىيىم تىكىدىغان كۈل رەڭ رەخت بۇ يەردە ھازىر ياقۇتتىنمۇ قىممەت ئىدى. ئاشلېينىڭ ئۇچىسىدىكى قولدا توقۇغان ئادەتتىكى رەخت ئىدى، نۇرغۇن ئەسكەرلەر شىماللىقلارنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلىرىدىن يەشتۇرۇۋالغان كىيىملەرنى كىيىشىپ يۈرەتتى. مىلانىيەنىڭ ئامىتى كېلىپ قالغاچقىلا، بىر چاپانلىق كۈل رەڭ سارجىغا ئېرىشىپ قالغانىدى. ئەسلىدە ئۇ دوختۇرخانىدا چارلېستونلۇق بىر ياردار يىگىتكە قارىغانىدى. كېيىن ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ،

مېلانىيە ئۆزىنىڭ بېشىدىن كېيىۋالغان بىر تۇتام چېچىنى، بىر سومكىدىكى نەرسىلىرىنى، ئۆزىنىڭغا قوشۇپ بىر پارچە ھال سوراش خېتىنى ئاپىسىغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر - بىرىگە خەت يېزىشىپ تۇرغانىدى. مېلانىيە خېتىدە ئېرىنىنىڭ ئالدىنقى سەپتە ئىككەنلىكىنى يازغان. موماي بۇنى ئاڭلاپ، ئوغلىغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان بىر چاپانلىق كۆل رەڭ سارجا بىلەن بىر جۈپ مىس تۈگمىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ چىرايلىق، قېلىن ھەم ئىسسىق رەخت ئىدى، ئازراق پارقىراپمۇ تۇراتتى، قامال رايونلىرىدىن ئەكېلىنگەن قىممەت رەختتەك قىلاتتى. ھازىر ئۇ رەخت تىككۈچىنىڭ يېنىدا بولۇپ، مېلانىيە ئۇنىڭغا چاپاننى مىلاد بايرىمى كۈنى ئەتىگەنگىچە پۈتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتقانىدى. سكارلېتنىڭمۇ بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم تىكتۈرۈپ بەرگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئاتلانتادىن ھېچقانداق قىلىپ يارىغۇدەك رەخت تاپالمىدى.

شۇنداقتىمۇ، ئاشلىيىغا سوۋغات تەييارلىدى، لېكىن ئۇ مېلانىيەنىڭ سوۋغىتىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. تەييارلىغىنى «يىپ - يىڭنە خالتىسى» بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە رېت باتلېر ناسسۇدىن ئالغاچ كەلگەن بىر قاپ يىڭنە، ئۈچ دانە قول ياغلىق، ئىككى غالتەك يىپ ۋە كىچىك بىر قايچا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاياللار ئەرلىرىگە سوۋغا قىلىدىغان، مەسىلەن، كۆڭلەك، پەلەي، قالپاق، دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ سوۋغا قىلغۇسى كېلەتتى. قانداقلا بولسۇن، شىلەپىدىن بىرنى تېپىش كېرەك. ھازىر ئاشلېينىڭ بېشىدىكى ھەربىيچە ئاددىي قالپىقى ئۆزىگە زادىلا ياراشمايتۇ. سكارلېت ئۇنداق قالپاقلارغا ئەزەلدىن ئۆچ ئىدى.

سكارلېت شىلەپىنى ئويلاۋېتىپ، بىردىنلا باتلېرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭدا شىلەپە دېگەن كۆپقۇ، يازدا كىيىدىغان كەڭ قىرلىق پاناما شىلەپىسى، رەسمىي سورۇنلاردا كىيىدىغان ئېگىز

شىلەپىلەر، يەنە ئۇۋچىلارنىڭ شىلەپىلىرى، قارا، كۆك قىزىلىق شىلەپىلەر. ئۇ بىر بېشىغا نېمانچە كۆپ شىلەپە يىغىۋالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئارزۇلۇقى ئاشلىپى بولسا يىرتىق قالپاقتا. ئاتلىق ھەربىي يۈرۈشلەردە يۈرگەن چاغلىرىدا، بېشىدىكى ھەربىي قالپىقىنىڭ يىرتىقلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ، سۇيى بوينىدىن ئىچىگە كىرىپ كەتمەيدۇمۇ دېگىلى بولمايدۇ.

«باتلېردىن يېڭى كىيگەن قارا شىلەپىسىنى سورايمەن، — شۇنداق قارارغا كەلدى سكارلېت، — شىلەپىنىڭ چۆرىسىگە قارا لېنتا تۇتۇپ، شىلەپىگە ئاشلىپىغا ئاتاپ گۈلچەمبىرەك كىيدۈرۈپ قويىمەن، ئۇنىڭدا تېخىمۇ چىرايلىق بولىدۇ.»

ئۇ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ شىلەپىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا خېلى سۆزلەش كېرەك. ئەمما، باتلېرغا ئاشلىپىغا دەپ سوراۋاتقانلىقىنى ئېيتمايدۇ. ئاشلىپىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا ئۇنىڭ تۆت پۇتى ئۆرە قېلىپ شىلەپىنى بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. توغرا، ئۇنىڭغا دوختۇرخانىدىكى بىر يارىدارغا بىر شىلەپە جىددىي لازىم بولۇپ قالدى دېيىش كېرەك، شۇنىڭدا ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىمنى بىلمەي قالىدۇ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سكارلېت ئاشلىپى بىلەن يالغۇز بىللە بولۇشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدىدى، بىرنەچچە مىنۇتقا بولسىمۇ مەيلى ئىدى. لېكىن، مېلانىيە ئۇنىڭ يېنىدىن زادىلا ئايرىلمىدى، ئىندىيا بىلەن خونېيىمۇ كىرپىكسىز كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپلا يۈرەتتى، ئوغلى ئۈچۈن پەخىرلىنىپ يۈرۈۋاتقان جون ۋىلكېسمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم ئايرىم سۆزلىشىۋېلىشقا پۇرسەت تاپالمايۋاتاتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇلار ئۇرۇشقا ئائىت گەپلەر بىلەن ئۇنى پەقەتلا ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. ئۇرۇش! سىلەرنىڭ ئۇرۇشۇڭلار بىلەن كىمنىڭ كارى. سكارلېتقا ئاشلىيمۇ ئۇرۇش توغرۇلۇق گەپلەرگە ئانچە قىزىقمايدىغاندەك كۆرۈندى. ئۇ ئۇلار بىلەن نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتى، توختىماي

كۆلەتتى، ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ سۆزلەيتتى، بۇرۇن بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ يەنە دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەردىن ھېچقانچە دېمىگەندەكمۇ قىلاتتى. بەزى كۆلكىلىك ئىشلارنى، ئاغىنىلىرىنىڭ قىزىق گەپلىرىنى، قورساقنى تېز ئاچۇرمايدىغان ئامالللىرىنى، يامغۇرلاردا قىلغان ھەربىي يۇرۇشنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ... گېنېرال لېنىڭ گېتتىس قەلئەسىدىن چېكىنگەندە ئاتلىق كېلىپ، ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، «ئەپەندىلەر، سىلەر جورجىيەلىكمۇ؟ ناھايىتى ياخشى، بىز جورجىيەلىكلەردىن ئايرىلساق ھېچنېمە قىلالمايمىز» دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

سكارلېتنىڭ قارىشىچە، ئاشلېي ئۇلارنىڭ كۆڭۈلسىز سوئاللارنى سوراپ سېلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزى توختىماي سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. بىر قېتىم ئۇ ئاشلېينىڭ دادىسىنىڭ ئۆزىگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سەل قورۇنغاندەك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپمۇ قالدى ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي، ئاشلېينىڭ كۆڭلىدە زادى قانداق بىر سىر باردۇ دەپ ئويلاپ قالدى. ئەمما، بۇ خىل ھالەت تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. سكارلېتنىڭمۇ كەيپى چاغ ھەم ئاشلېي بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىشنىڭ خىيالىدا يۈرگەچكە، ئارتۇقچە ئىشلارنى ئويلاشقا چولىسىمۇ تەگمەيتتى.

سكارلېت تاكى ئۆيدىكىلەر ئەسنەشكە باشلاپ، ۋىلكېس ئەپەندى بىلەن قىزلىرى خوشلىشىپ مېھمانخانىغا كەتكەنگە قەدەر بىر خىل كەيپىياتتا خۇشال ئولتۇردى. ئاندىن ئۇ ئاشلېي، مېلانىيە ۋە پىتتىي ھاممىنىڭ كەينىدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. چۈنكى، شۇنىڭغىچە، گەرچە پۈتۈن چۈشتىن كېيىن بىر ئېغىز گەپ قىلىشمىسىمۇ، ئاشلېي ئۇنىڭ، پەقەت ئۇنىڭلا ئىدى. ئەمدى ھازىر، خەيرلىك كەچ، دېيىشكەنلىرىدە، بىردىنلا مېلانىيەنىڭ قىزىرىپ، ھاياجىنىنى باسالماي قېلىۋاتقانلىقىنى، ئەركىلىگەندەك، سەل

تولغىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئارقىدىنلا ئاشلېي ھۆجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىدى، مېلانىيە بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي ئىتتىك كىرىپ كەتتى، ئاشلېيمۇ ئالدىراپ ئۇلارغا خوش ئېيتىپ، سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە نەزىرىنى ئاغدۇرۇپمۇ قويماي ئۆزىنى ئۆينىڭ ئىچىگە ئاتتى.

ئۇلار ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كېتىپ، سىرتتا سىكارلېت ئۆزى يالغۇز قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى، پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ لاسسىدە بولدى. ئاشلېي ئەمدى ئۇنىڭ ئەمەس، مېلانىيەنىڭ ئىدى. مېلانىيە ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇ ئاشلېي بىلەن بىللە، پۈتۈن دۇنيانى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئىشىكنى يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى، ھېچنېمە بىلەن كارى بولمايتتى.

ئەمدى ئاشلېي قايتماقچى، ۋىرگىنىيەگە، قارا بوراندىكى ئۇزۇن يوللۇق ھەربىي يۈرۈشكە، قارلىق دالادىكى ئاچ - زار تۇرالغۇغا، جاپا - مۇشەققەتنىڭ ئىچىگە قايتىپ بارماقچى. ئۇ يەرلەردە ئۇنىڭ ئالتۇندەك چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان بېشى، ئورۇق گەۋدىسى ... پۈتۈن شانلىق، گۈزەل ھاياتى، خۇددى بىخەستە ئادەم دەسسىۋەتكەن چۈمۈلىدەك پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە ئۆتكەن بىر ھەپتە، چۈشكە ئوخشاش گۈزەل، پارلاق، بەخت پارلاپ تۇرغان مىنۇتلاردىن ئەمدى ئەسەرمۇ قالمايدۇ.

بۇ بىر ھەپتە خۇددى چۈشتىكىدەك، خۇددى ئارچىنىڭ، بايراملىق قارىغاينىڭ گۈپ قىلىپ ئۇرغان پۇرىقىدەك، خۇددى شامنىڭ پىللىدە يېنىپ ئۆچۈپ قالغان يورۇقىدەك شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتتى. جىددىيچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە، سىكارلېتنى يۈرىكىدە بىر نەرسە خۇشاللىق ۋە قايغۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىنى ھەربىر مىنۇتتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈۋېلىپ ئېسىدە مەھكەم ساقلىۋېلىشقا ھەيدەپ تۇردى. ئۇ نەرسىلەر ئۇزاق كۈنلەردە ئۇنىڭ ئولتۇرۇپ

ئەسلىشىگە، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە تەسەللى تېپىشىغا ياخشى ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئوينىغان تانسىلىرى، ئېيتقان ناخشىلىرى، كۈلگەن كۈلكىلىرى، ئاشلېيغا بىر نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەرگەنلىرى، ئۇنىڭغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدىن بىلىپ تۇرۇشلىرى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈشلىرى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاشلىرى، كۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىشلىرى، ئاشلېينىڭ بەدىنىنىڭ ھەربىر قاملاشقان يەرلىرى، قاشلىرىنىڭ سەكرەپ تۇرۇشلىرى، لەۋلىرىنىڭ ھەربىر تەۋرىنىشلىرى، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ۋە سىكارلېت ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. چۈنكى، بۇ بىر ھەپتە ھايت ـ ھۆيت دېگۈچە ئۆتۈپ كېتەتتى، ئەمما ئۇرۇش مەڭگۈلۈك ئىدى.

سىكارلېت مېھمانخانا ئۆيدىكى سافادا ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى، ئاشلېيغا ھەمراھ بولۇپ كېتىدىغان سوۋغىسى تىزىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇ مېلانىيە بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى. سىكارلېت خۇدادىن ئۇنىڭ پەسكە ئۆزى يالغۇز چۈشۈشىنى تىلەيتتى، شۇنداق بولسا ئۇنىڭغا پۇرسەت كېلىپ، بىرنەچچە مىنۇت ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز تۇرۇۋالاتتى. سىكارلېت ئۇستىگە قۇلاق سالدى، پۈتۈن يەر جىمجىت، پىتتىپىپات ھامما ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا ياستۇققا دۈم يېتىۋېلىپ يىغلاۋاتىدۇ، چۈنكى ئاشلېي بىرىم سائەت بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىققانىدى. مېلانىيەنىڭ ھىم يېپىقلىق ئىشىكىدىن يا پىچىرلاشقان، يا مېلانىيەنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازى يوق. سىكارلېتقا ئاشلېينىڭ مېلانىيە بىلەن خوشلىشىۋاتقىنىغا بىرنەچچە سائەت بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھەربىر مىنۇت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەيتتى، ۋاقىت ئاز قېلىۋاتىدۇ، مېڭىشى كېرەك.

مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سىكارلېت ئۇنىڭغا چىن يۈرىكىدىن ئېيتماقچى بولغان پۈتۈن گەپلىرىنى قايتا ـ قايتا ئەسلەپ

چىقتى، لېكىن ئۇ گەپلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ ئۇنىڭغا دېيەلمىگەنىدى. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىش مەڭگۈ مۇمكىن بولماس.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولغان گەپلىرى: «ئاشلېي، ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزگە پەخەس بولۇڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟» «پۇتىڭىز ھۆل بولۇپ قالمىسۇن، بولمىسا ئاسانلا سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالىسىز»، «مەيدىڭىزگە گېزىت قويۇۋېلىڭ، گېزىت شامالنى توسۇيدۇ» دېگەندەك تۈتامى يوق گەپلەر ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن، سىكارلېت دېمەكچى بولغان مۇھىم ئىشلار، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايدىغان مۇھىم ئىشلار، ئۇ دېمىسىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىلىۋالايدىغان ئىشلار دېگەندەك.

ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ گەپلىرىنى دەيدىغانغا پەقەتلا ۋاقىت بولمىدى. ئەگەر مېلانىيە ئىشىكنىڭ ياكى پەيتونىنىڭ ئالدىغىچە ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىۋەرمىگەن بولسا، شۇ قىسقا ۋاقىتنى بولسىمۇ ئۇ ئىلىۋالالايتتى. نېمىشقا ئۇ بۇ بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە بىر قېتىممۇ پۇرسەت يارىتالمىغاندۇ؟ چۈنكى، مېلانىيە ئۇنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىدى، كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭدىن نېرىغا تاشلانمىدى، يار ـ بۇرادەرلەر، قولۇم ـ قوشنىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ، ئۆي بىر مىنۇتمۇ مېھمانلاردىن خالىي بولمىدى، ئاشلېينىڭ ئۆزىمۇ بىر يەردە بىر مىنۇت ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ باقمىدى. ئاخشىمى ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كېتىپ كېچىچە مېلانىيە بىللە بىللە بولاتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ سىكارلېتقا بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ياكى قەدىناس ئاغىنىسىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى، بىرەر قېتىممۇ ئىللىق قاراپ باقمىدى، بىر ئېغىزمۇ ھالىغا يەتكۈدەك گەپ قىلمىدى. ئۇ ئۇنى ئۆزىنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمىگۈچە بۇ يەردىن كەتكۈزمەسلىكى كېرەك. ئەمدى مۇشۇ كەتكەنچە مەڭگۈگە كېتىشى مۇمكىن. سىكارلېت شۇنىلا بىلىۋالسا، ئۇنىڭ بۇ يوشۇرۇن مۇھەببىتىدىن ئۆزىگە ئىللىق

تەسەللى تاپالايدۇ، بىر كۈنلەردە كۆزى يۇمۇلسىمۇ خاتىرجەم كېتىدۇ.

ئۇ بىر ئۆمۈر ساقلىغاندەك ساقلىغاندىن كېيىن، ئۈستىدىكى ھۇجرىدىن ئۆزىگە تونۇش ئۆتۈك ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىن ئىشىكنىڭ يېپىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاھ، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىكەن! خۇداغا مىڭ رەھمەت! مىلانىيە تېخىمۇ ئازابلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تالاغا ئۇزىتىپ چىقمايدىغان بولغان ئوخشايدۇ - دە. ئەمدى مۇشۇ قىممەتلىك بىرنەچچە مىنۇتتا بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشىش كېرەك.

ئاشلېي پەلەمپەيدىن ئاستا مېڭىپ چۈشۈۋاتاتتى، قىلىچىنىڭ ئۆتۈكىگە تېگىپ تۇرۇۋاتقان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى، كۆزلىرى قايغۇلۇق ئىدى، كۈلمەكچى بولاتتى، لېكىن تۇرۇلگەن، تاتىراڭغۇ چىرايىنى ئاچالمايتتى، ئىچىدىن جاراھەتلەنگەن ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. سىكارلېت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى كۆرگەن ئەرلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق ئەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ ئۇزۇن قىنى، ئۆتۈكىنىڭ شىپورلىرى، تاپانچىسىنىڭ قېپى پارقىراپ تۇراتتى، ئۇلارنى پېتتېر تاغا سۈرتۈپ شۇنداق قىلىۋەتكەنىدى. يېڭىدىن تىكتۈرگەن چاپىنى ماشىنىچى ئالدىراپ قالغاچقا تازا ياخشى تىكىلمىگەن، بەزى تىكىشلىرى مايماق بولۇپ قالغان. چاپاننىڭ رەختى شۇنچىلىك ياخشى بولۇپ، كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن ئىشتىنى، ھەممە يېرى جاراھەتلەنگەن ئۆتۈكى بىلەن زادىلا ماسلاشمىغانىدى. لېكىن، ھەممە يېرى تۆمۈر كىيىم بولۇپ كەتسىمۇ، سىكارلېتنىڭ نەزىرىدە ھازىرقى شۇ تۇرقى بىلەن ئۇ بەجايىكى بىر قاۋۇل پالۋان ئىدى.

— ئاشلېي، مەن سىزنى پويىز ئىستانسىسىغىچە ئۇزىتىپ قويسام بولامدۇ؟ — ئۇ قاملاشمىغانراق تەلەپنى قويۇپ قالدى.

— سىز بارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دادام بىلەن سىڭىللىرىم بارماقچى. مۇشۇ يەردىلا خوشلىشايلى، سوغۇقتا ئىستانسىغا بېرىپ يۈرمەڭ، شۇنىڭدا مەندە ياخشى تەسىر قالدۇرىسىز. مەن ئەسلىگۈدەك ئىشلار ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن.

سىكارلېت ئۇ پىلانىدىن دەرھال ۋاز كەچتى. ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئىندىيا بىلەن خونېي ئۇ يەردە بولغاندىكىن، يۈرىكىدىكى گەپنى ئۇنىڭغا دېيەلمەيتتى.

— ئەمىسە بارماي، — دېدى ئۇ، — قاراڭ ئاشلېي، سىزگە بېرىدىغان بىر سوۋغىتىم بار ئىدى.

تەييارلىغان سوۋغىتىنى بېرىدىغان چاغدا، سىكارلېت بىر ئاز ئىزا تارتىپ قالدى. بوپىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن سېرىق رەڭ ئۇزۇن بىر بەلباغنى ئالدى، ئۇ جۇڭگو تاۋىرىدا قىلىنغان بەلباغ ئىدى. بۇ ئەسلىدە بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدا رېت باتلېر ناسسۇدىن ئەكېلىپ بەرگەن ياغلىق بولۇپ، ئۇستىدە قىزىل ۋە كۆك مەشۇت يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن ئىككى قۇشنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى سىكارلېت ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كەشتىلەرنى سۆكۈپ ئېلىۋېتىپ بەلباغ قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىققانىدى.

— سىكارلېت، بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن. ئۆزىڭىز تىكتىڭىزمۇ؟ بۇ مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك سوۋغات بولدى. ئۆزىڭىز باغلاپ قويۇڭ، سۆيۈملۈكۈم، يىگىتلەر بۇ يېڭى چاپىنىمنى، ئۇنىڭدىكى بۇ چىرايلىق بەلباغنى كۆرسە ھەسەت قىلىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىدىغان بولدى ـ دە.

سىكارلېت بەلباغنى ئۇنىڭ بېلىدىن ئۆتكۈزۈپ، كەمەرنىڭ ئۇستىدىن قوش يۈرەك شەكلىدە چىگىپ قويدى. مېلانىيە ئۇنىڭغا چاپان سوۋغات قىلغان بولسا، ئۇ بەلباغ سوۋغات قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئاشلېيغا قىلغان يوشۇرۇن مۇكاپاتى بولۇپ، ئاشلېيغا پات ـ پات ئۆزىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، جېب ستىۋئارتنىڭ بېلىگە باغلىۋالغان پەيلىك بەلبېغىغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي بەلباغ ئىكەنلىكىنى، ئۇنى چىگىۋالغاندا ھەقىقىي چەۋەندازغا

ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.
— بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، — دېدى ئاشلېي بەلباغنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان چۇچىلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — سىز بۇنى بىرەر كىيىمىڭىز ياكى يېپىنچىڭىزنى سۆكۈپ تىكىپ چىققان ئوخشايسىز. ئۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى، سكارلېت. ھازىر بۇنداق ياخشى نەرسىلەرنى تاپماق ئىنتايىن تەس.

— ئاشلېي، سىز ئۈچۈن ...

ئەسلىدە ئۇ: «ئەگەر سىزلا خالىسىڭىز، يۈرىكىمنى ئېلىپ سىزگە كىيىم تىكىپ بېرىشكىمۇ تەييارمەن» دېمەكچىدى، لېكىن ئۇنداق دېيەلمەي: «سىز ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازىمەن» دېگەن گەپنىلا قىلالىدى.

— راستمۇ؟ — ئۇنىڭ غەمكىن چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، — ئەمىسە سىزدىن بىر ئىشنى ئۆتۈنسەم بولغۇدەك، سكارلېت، شۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولسام ئاجايىپ ياخشى بولاتتى.

— نېمە ئىش؟ — ئاجايىپ زور بىر ئىشنى ئۈستىگە ئالىدىغاندەك سكارلېت خۇشال سورىدى.

— سكارلېت، مېنىڭ ئورنۇمدا مېلانىيەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى خالامسىز؟

— مېلانىيەنىڭمۇ؟

سكارلېت بىردىنلا ئۈمىدسىزلىنىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ ئۇنىڭدىن تولىمۇ مەنىلىك، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىدىغان ئىشلارنى كۈتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشى مۇشۇ ئىش ئىكەن - دە. شۇنىڭ بىلەن سكارلېت ئۇنىڭغا قاتتىق چېچىلماقچى بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئاشلېي بىلەن يالغۇز بىللە بولغان ئۇنىڭغا تەۋە ۋاقىت ئىدى. لېكىن مېلانىيە ئۆزى بۇ يەردە بولمىسىمۇ، كۆل رەڭ سايىسى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇقلۇق ئىكەن. بولمىسا ئۇ نېمىشقا ئىككىسى خوشلىشىدىغان چاغدا مېلانىيەنىڭ

گېپىنى چىقىرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۇنداق تەلەپنى قويىدۇ؟

ئاشلېي ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۇمىدسىزلىككە دىققەت قىلمىدى، كۆزلىرى باشقا چاغدىكىگە ئوخشاش، باشقا نەرسىگە قاراۋاتقاندەك ئۇنىڭدا ئەمەس ئىدى.

— ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويۇڭ، ئۇ بەكمۇ ئاجىز، ئەمما بۇنى ئۆزى ھېس قىلمايدۇ. كەچكىچە يارىدارلارغا قاراۋېتىپتۇ، تىككۈچىلىكمۇ قىلىدىكەن، ئۇنداق قىلىۋەرسە ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياۋاش، قورقۇنچاق. جاھاندا پىتتىيپات ھامما بىلەن ھېنرى تاغا ۋە سىزدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ماكوندا بورلارنىڭ ئائىلىسى بار، ئۇلار بىلەنمۇ يىراق تۇغقان. پىتتىيپات ھاممىنى سىزمۇ بىلىسىز، سكارلېت، كىچىك بالىغا ئوخشايدۇ، ھېنرى تاغا ياشىنىپ قالدى. مېلانىيە سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. چارلېسنىڭ رەپىقىسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە ... سىزنى، سىزنى ئۆزىنىڭ سىڭلىسىدەك ياخشى كۆرىدۇ. سكارلېت، بەزىدە چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ قالىدۇ. مەن ئۆلۈپ كەتسەم مېلانىيە تايانچىسىز قالسا قانداق قىلىدۇ. سكارلېت، مېنىڭ تەلىپىمگە ماقۇل دەرسىزمۇ؟

ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى گەپلىرى سكارلېتنىڭ قۇلىقىغا پەقەتلا كىرمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ «مەن ئۆلۈپ كەتسەم» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەنىدى.

سكارلېت ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئەنسىزلىك ئىچىدە ئوقۇپ چىقاتتى. ئاشلېينىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىدىغان بولسا، بۇ دۇنيا ئۇنىڭ نەزىرىدە مەۋجۇت بولمايتتى، ئەمما كۆڭلىدە جەنۇب ئىتتىپاقى پۈتۈنلەي گۇمران بولۇپ كەتسىمۇ ئاشلېي ئامان قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزى مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق گەپنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ سكارلېتنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ۋەھىمە، يېڭىش مۇمكىن بولمايدىغان خۇراپىيلىققا يېقىنراق بىر خىل ئەندىكىش چىرمىۋېلىپ،

مىدىر - سىدىر قىلدۇرمىدى. ھازىر ئۇ سېپى ئۆزىدىن ئىرىلاندىيەلىككە ئايلىنىپ قالغاندەك، كۆڭلىگە كەچكەن نەرسىگە، بولۇپمۇ ئۆلۈمنىڭ بېشارىتىگە ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاشلېينىڭ بىر جۇپ سۇر كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان چوڭقۇر قايغۇ خۇددى ئۇ ئەزرائىلنىڭ ئۆزىگە سوزۇلغان قوللىرىنى سېزىپ تۇرۇۋاتقاندەك، ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ! ئۇيلىسىڭىزمۇ بولمايدۇ. ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلسىڭىز يامان بولىدۇ. ئۇ گېپىڭىزگە دەررۇ توۋا قىلىڭ! تېز بولۇڭ!

— مەن ئۈچۈن سىز توۋا قىلىپ نوكچا يېقىپ قويۇڭ! — ئۇنىڭ قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقى ئاشلېيغا قىزىق تۇيۇلۇپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ قويدى.

سىكارلېت تىتىلداپ تۇرۇۋاتقاچقا، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئويلاپ، ئاشلېينى ۋىرگىنىيەنىڭ ئۆزىدىن ئىنتايىن يىراق بولغان بىر قارلىق دالالىرىدا يېتىپ قالغان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاشلېي يەنە گەپ قىلدى، ئاۋازىدا بىر خىل ھەسرەت، خۇدانىڭ يازمىشىغا بويسۇنۇشتەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. بۇ سىكارلېتنىڭ قورقۇنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، بايىقى غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىكلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

— مەن شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىزگە شۇ ئىلتىماسىمنى ئېيتتىم، سىكارلېت. مەن تاسادىپىي ئەھۋالغا ئۇچراش - ئۇچرىماسلىقىمنى بىلمەيمەن. ئاخىرقى زامان بولۇپ قالسا يىراقتا قالىمەن، تىرىك بولساممۇ ھەم، شۇڭا مېلانىيەگە ياردەم قولۇم يەتمەيدۇ.

— ئاخىرقى ... زامان؟

— ئۇرۇشنىڭ ... دۇنيانىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولىدۇ.

— بىراق، ئاشلېي، سىز شىماللىقلار بىزنى يېڭىدۇ دەپ

قارىمايدىغانسىز؟ بىر ھەپتىدىن بېرى سىز گېنېرال لىنىڭ ئىنتايىن قابىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمىدىڭىز ...

— مەن بۇ بىر ھەپتىدە ئۆيلىرىگە دەم ئېلىشقا كەلگەن بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش پۈتۈنلەي يالغان گەپلەرنى قىلدىم. مەن نېمە دەپ زۆرۈر بولمىغان بىر چاغدا راست گەپلەرنى قىلىپ مېلانىيە بىلەن پىتتىي ھامىمىنى قورقۇتقۇدەكمەن؟ شۇنداق، سىكارلېت، شىماللىق ئالۋاستىلار بىزنىڭ كانىيىمىزنى بوغۇۋالدى. گېتتىس قەلئەسى بىزنىڭ تۈگەشكەنلىكىمىزنىڭ باشلىنىشى. ئارقا سەپتىكىلەر بۇ ئەھۋالنى بىلمەيدۇ، بىزنىڭ ھازىر قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى يوق. ئەسكەرلىرىمىز پۈتىدا ئۆتۈك يوق يالاڭ ئاياغ يۈرۈۋاتىدۇ، ۋىرگىنىيەدە بولسا قار قېلىن. ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ پۈتلىرىنىڭ ئۈششۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى، لاتا ۋە تاغارلارنىڭ پارچىلىرى بىلەن ئورىۋالغان پۈتلىرىدىن يول ماڭغاندا ئاققان قانلارنى كۆرسەم ئۆزۈمنىڭ ئۆتۈك كىيىۋالغىنىمدىن ئۆلگۈدەك خىجىل بولىمەن، ئۆتۈكۈمنى سېلىپ ئۇلارغا بېرىۋېتىپ، ئۇلاردەك پۈتلىرىمگە لاتا ئوراپ ماڭغۇدەك بولۇپ كېتىمەن.

— ئاشلېي، ئۇنداق قىلماڭ، ئۆتۈكۈمنى سېلىپ بەرمەيمەن دەپ ماڭا ۋەدە بېرىڭ.

— مەن شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئاندىن شىماللىقلارغا قاراپ، ھەممە نېمىنى تۈگەشكەندەك ئويلاپ كېتىمەن. شىماللىقلار نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ياۋروپادىن مىڭلاپ ئەسكەر سېتىۋېلىپ كەپتۇ. يېقىندا بىز ئەسىرگە ئالغانلارنىڭ كۆپى ئىنگلىزچە سۆزلەشنى پەقەتلا بىلمەيدۇ. نۇرغۇن گېرمانىيەلىك، پولشالىق، گېر① تىلىدا سۆزلىشىدىغان ياۋايى ئىرېلاندىيەلىكلەر ئىكەن. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۆلسە ئۇنىڭ ئورنىنى

① گېرلار شوتلاندىيەنىڭ شىمالىي بىلەن جەنۇبىدىكى تاغلاردا تۇرىدىغان شوتلاندىيەلىكلەر.

تۇغدۇرىدىغانغا ئادەم يوق، پۈتلىرىمىزدىكى ئاياغلىرىمىز يىرتىلىپ كەتسە يۆتكەيدىغان ئاياغمۇ تېپىلمايدۇ، ھەممە تەرەپتىن قورشاۋدا قالدۇق. سكارلېت، بىز پۈتۈن دۇنياغا تەڭ كېلەلمەيمىز.

سكارلېتنىڭ خىيالى باشقىچە ئىدى: پۈتۈن جەنۇب ئىتتىپاقى گۇمران بولسىمۇ، پۈتۈن دۇنيا پاچاقلىنىپ كەتسىمۇ مەيلى، پەقەت سىزلا تىرىك قالسىڭىز بولدى! سىزمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسىڭىز مەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن! دەپ ئويلايتتى.

— سكارلېت، بۇ گەپلىرىمنى باشقا بىرسىگە دەپ يۈرمەڭ، باشقىلارنى قورقۇتۇشنى خالىمايمەن. بۇ گەپلەرنى دەپ سىزنىمۇ قورقۇتمىسام بولاتتى، لېكىن مېلانىيەگە نېمە ئۈچۈن ئويدانراق قاراپ قويۇڭ دېگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بۇ گەپلەرنى سىزگە دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ شۇنچىلىك ئاجىز، سىز بولسىڭىز كۈچلۈك. ئىككىڭلار بىللە بولساڭلارلا، مەن بىر نېمە بولۇپ كەتسەممۇ خاتىرجەم بولىمەن. ماقۇل دەمسىز، سكارلېت؟

— ماقۇل! — دېدى سكارلېت ئۈنلۈك قىلىپ. ئۇنىڭغا خۇددى ئاشلىي ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ھەر قانداق تەلىپىگە رازى ئىدى، — ئاشلىي! ئاشلىي! سىزنى زادىلا ماڭدۇرغۇم يوق! مەندە ئۇنداق جۈرئەتمۇ ھەم يوق!

— چوقۇم يۈرەكلىك بولۇڭ، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئازراق جاراڭلىق ۋە بېسىق، گېپىمۇ خۇددى يۈرىكىدىكى مەلۇم بىر جىددىيلىك ئالدىرىتىپ تۇرۇۋاتقاندەك كەسكىن ئىدى، — سىز باتۇرراق بولۇڭ، بولمىسا مەن قانداق خاتىرجەم بولالايمەن.

سكارلېت خۇشال ھالدا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىگە سەپسالدى. ئۇ بۇ گەپنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي دەۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ چىرايى مېلانىيە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان چاغدىكىدەك

سۇرلۇك، كۆزلىرىدىمۇ ھېچقانداق ئىپادە يوق. ئۇ سەل ئېڭىشىپ، سىكارلېتنىڭ ئىككى مەڭزىنى ئىككى ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— سىكارلېت! سىكارلېت! سىز شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك قەيسەر! يارايسىز! سۆيۈملۈكۈم، سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز يالغۇز بۇ ئوماق يۈزىڭىزدىلا ئەمەس، ھەممە نېمىڭىزدە: ۋۇجۇدىڭىزدا، ئىدىيەڭىزدە ۋە روھىڭىزدا.

— ئاھ، ئاشلېي، — دېدى سىكارلېت ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ بوش ئاھاڭدا. ئۇنىڭ گەپلىرى بىلەن پېشانىسىگە سۆيگەن سۆيۈشى سىكارلېتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سىمابتەك ئېرىتىۋەتكەنىدى، — سىزلا بولسىڭىز، ماڭا باشقا ئادەمنىڭ ...

— بەزىدە مەن سىزنى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىدىغانلىقىمنى ئويلاپ كېتىمەن. سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى گۈزەللىكنى پەقەت مەنلا ھېس قىلالايمەن، باشقىلار ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ.

ئاشلېي سۆزىنىڭ داۋامىنى قىلماي قوللىرىنى ئۇنىڭ مەڭزىدىن تارتىۋالدى، ئەمما كۆزلىرى يەنىلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىدى. سىكارلېت دېمىنىمۇ چىقارماي ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى، ئۇنىڭ ھالقىلىق گېپىنى ئاڭلىيالماي قالماي يەنە دەپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ قۇلاقلىرىنى ئۇنىڭغا يېقىن تۇتۇپمۇ تۇردى. لېكىن، ئاشلېي ھېچنېمە دېمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشلېيىنىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە لازىملىق نەرسىنى تەلۋىلەرچە ئىزدەشكە باشلىدى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

ئۇمىد - ئارزۇلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم كۆپۈككە ئايلىنىشى ئۇنى قاتتىق تاقەتسىزلەندۈردى، كىچىك بالىغا ئوخشاش بوشقىنا «ئاھ!» دېدى - دە، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قېلىپ ئىختىيارسىز تۆكۈلۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا سىرتتا ۋارقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئاشلېيدىن ئايرىلىدىغان مىنۇتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە كۆزى يەتكەندەك تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

يۈرىكى مۇزنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. بايىقى ئاۋاز پېتىتېر تاغىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇ ئاشلىپىنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن پەيتونىنى قوشۇپ تالادا تەييار بولۇپ تۇراتتى.

ئاشلىپى بوشقىنا «خەير ـ خوش» دەپ قويۇپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى سىكارلېت باتلىرغا يالغان سۆزلەپ ئېلىپ كەلگەن شىلەپىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ كەينىگە يەنە بىر قايرىلىپ، خۇددى ئۇنىڭ چىرايى بىلەن بەدىنىدىكى ھەممە نەرسىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى. سىكارلېتمۇ ياش بىلەن تورلانغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى، ئېسەدەپ نەپەس ئالالماي قېلىۋاتاتتى. ئاشلىپى كەتمەكچى، ئۇنىڭ غەمخورلۇقىدىن، بۇ ئائىلىنىڭ ھىمايىسىدىن، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۇ تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئۇ گەپنى ئېيتمايلا ئالدىراپ كەتمەكچى. ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. ۋاقىت خۇددى جىددىي ئېقىندەك شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئەمدى كېچىكتى. ئۇ بىردىنلا ئاشلىپىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بېلىدىكى بەلباغدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— مېنى بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ بوش شىۋىرلاپ، — خوشلىشىپ بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ.

ئاشلىپى ئۇنى بوش قۇچاقلىدى، ئاندىن بېشىنى ئاستا ئەگدى. لەۋلىرى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە تەگكەندە سىكارلېت ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ھېسابلاش مۇمكىن بولمايدىغان شۇ قىسقىغىنە دەقىقە ئىچىدە ئىككىسىنىڭ بەدىنى مەھكەم چاپلاشتى. بىردىنلا ئاشلىپىنىڭ تېنى تىترىگەندەك، جىددىيلىشىۋاتقاندەك بولدى. شۇئان ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈۋېدى، بېشىدىكى شىلەپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، قوللىرىمۇ بوشاشتى، بوينىغا گىرە سېلىپ تۇرغان سىكارلېتنىڭ قوللىرىنى ئاستا بوينىدىن ئالدى.

— ياق، سىكارلېت، بۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ پەس ئاھاڭدا، ئەمما ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى.

— مەن سىزنى سۆيىمەن، — دېدى سىكارلېت ئېسەدەپ تۇرۇپ، — ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. سىزدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم. چارلېس بىلەنمۇ سىزنىڭ ئىچىڭىزنى قايىنتىش ئۈچۈنلا توي قىلدىم. ئاھ، ئاشلېي، سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەنكى، ۋىرگىنىيەگە پىيادە بېرىپ يېنىڭىزدا تۇرغۇم كېلىدۇ. تامىقىڭىزنى ئېتىپ بەرسەم، ئۆتۈكىڭىزنى سۈرتۈپ تۇرسام، ئېتىڭىزنى بېقىپ بەرسەم، دەيمەن. ئاشلېي، ئېيتىڭا، سىنى ياخشى كۆرىمەن دەڭا. شۇ بىر ئېغىز گەپنى قىلسىڭىز، بىر ئۆمۈر شۇنىڭغا تايىنىپ ياشاپ كېتەلەيمەن. ئۆلسەممۇ رازى ئىدىم.

ئاشلېي يەردىكى شىلەپىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت ئېڭىشكەندە سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. بۇ، ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا كۆرگەن ئەڭ قايغۇلۇق، ئەڭ ئازابلىق چىراي ئىدى، ئۇنىڭدىكى ئىپادە ئەمدى سۆس ئەمەس. سىكارلېتنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن سۆيۈنگەن خۇشاللىق بىلەن نومۇس ۋە ئۈمىدسىزلىنىش بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىپادىدىكى چىراي ئىدى.

— خەير - خوش ! — دېدى ئاشلېي بوغۇق ئاۋازدا.

ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ غۇرقىراپ كىرگەن شامالدا پەردىلەر يەڭگىل تەۋرىنىپ كەتتى. سوغۇق شامالدا تىترەپ تۇرغان سىكارلېت پەيتونغا چىقىپ كېتىۋاتقان ئاشلېينىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بېلىدىكى قىلىچ قىنىنىڭ ئاپتىپىدا كۈمۈش نۇر چاقنىتىپ، بەلبېغىنىڭ پۆپۈكلىرى شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

1864 - يىلىنىڭ 1 - ، 2 - ئايلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈپ كېتىپ ئاچچىق شامالىلىق يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلدى، ئاسماننى بۇلۇت، يەرنى تۇمان قاپلاپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىمۇ شۇنداق تۇتۇق. جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ گېتتىس قەلئەسى بىلەن ۋىكس قەلئەسىدىكى جەڭدە يېڭىلىپ، بېلى ئۈزۈلدى. تېننېس پۈتۈنلەي دېگۈدەك شىماللىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەمما، شۇنداق نۇرغۇن قۇربانلارنى بەرگەنگە قارىماي جەنۇبنىڭ روھى تېخى سۇنمىغانىدى، ئىلگىرىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئۈمىد - ئارزۇلارنىڭ ئورنىنى بىر خىل قەتئىي ئىرادە ئىگىلىگەنىدى. ئۇلار ئاشۇ بۇلۇت - تۇمانلارنىڭ ئىچىدىن ئازراق بولسىمۇ پارلىنىپ تۇرغان يارقىن يورۇقلۇقنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. مەسىلەن، بۇلتۇر 9 - ئايدا شىماللىقلار تېننېس جېڭىدىكى غەلىبىسىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن جورجىيەگە يۈرۈش قىلغانىدى، ئۈزۈل - كېسىل چېكىندۈرۈلدى.

جورجىيەنىڭ شىمالىغا ئەڭ يىراق جايدىكى چىكاموگادا ئۇرۇش پارتلىغاندىن بېرى جورجىيە تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم ئەڭ دەھشەتلىك جەڭ بولدى. شىماللىقلار چاتاموگانى بېسىۋېلىپ، ئاندىن تاغ جىرالىرى بىلەن مېڭىپ جورجىيە تەۋەسىگە كىرگەندە جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەينىگە چېكىندى، تارتقان زىيىنىمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولدى.

جەنۇبنىڭ چىكاموگادىكى غايەت زور غەلىبىسىدە ئاتلانتا تۆمۈر يول ترانسپورتىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى. گېنېرال لاڭسترېتنىڭ قوشۇنى ئالدىنقى سەپكە ۋىرگىنىيە بىلەن ئاتلانتا ئارقىلىق تېننېسقا بارىدىغان تۆمۈر يولنى بويلاپ ماڭدى. بۇ تۆمۈر يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىرنەچچە يۈز

ئىنگلىز مىلى كېلەتتى. يولۇچىلارنى توشۇش پۈتۈنلەي توختىتىلدى، بارلىق ترانسپورت قوراللىرى يىغىۋېلىنىپ مۇشۇ جەددىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا قارىتىلدى.

ئاتلانتادىن پويىز كېچە ــ كۈندۈز مېڭىپ تۇردى، ھەممە ۋاگونلارغا ئەسكەر توشۇپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى، ئۇخلايدىغان يېرى يوق ئىدى، پويىزدىن چۈشۈپلا جەڭگە كىرىپ كېتەتتى. نەتىجىدە شىماللىقلار جورجىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ تېنىنېسقا چېكىندۈرۈلدى.

بۇ ئاجايىپ بۈيۈك غەلىبە ئىدى. ئاتلانتالىقلار ئۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزلىرىنىڭ تۆمۈر يوللىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكىنى ئېغىزغا ئېلىشسا بۆلەكچىلا كېرىلىپ كېتىشەتتى.

بىراق، جەنۇبلۇق ئەسكەرلەرنى پۈتۈن بىر قىش چىكاموگادىكى ئاشۇ بىر جەڭنىڭ غەلىبىسىلا روھلاندۇرۇپ تۇردى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچكىم شىماللىقلارنىڭمۇ جەڭ قىلالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ كاتتا گېنېراللارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپمۇ قىلىشتى. گىرانت قاسساپلىقتىن كېلىپ چىققان، ئەمما ئۇ قاتناشقانلا جەڭدە غەلىبە بار. قانچىلىك ئادەم قىرىلىپ كەتسىمۇ مەيلى، ئەمما ئاخىرىدا غەلىبە قىلىدۇ. شېرىداننىڭ ئىسمىنى جەنۇبلۇقلار ئاڭلىسا قورقۇپ تىترەپ كېتىشىدۇ. يەنە شېرمانمۇ بار. ئۇ ھازىر ھەممە ئادەم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر شەخسكە ئايلاندى، تېنىنېس بىلەن غەربتىكى جەڭلەردە داڭ چىقاردى، رەھىمسىزلىكى ۋە قەيسەرلىكى بىلەن بارغانسېرى شۆھرەت تېپىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى گېنېرال لىغا يەتمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۇ گېنېرال بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىغا بولغان ئۈمىدى ۋە ئېتىقادى بەكمۇ چىڭ ئىدى، ئاخىرقى غەلىبىگە بولغان ئىشەنچلىرىمۇ تەۋرەپ قالمىدى. بىراق، ئۇرۇش بەكمۇ سوزۇلۇپ

كەتتى، نورغۇن ئادەم ئۆلدى، نورغۇن ئادەم يارىلاندى، مەجرۇھ بولۇپ قالدى، نورغۇن ئاياللار تۇل، بالىلار يېتىم قالدى. ئالدىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان جاپالىق ئۇرۇش يەنە بار، يەنە نورغۇن ئادەم ئۆلىدۇ، يارىلىنىدۇ، تېخىمۇ كۆپ ئاياللار تۇل قالىدۇ، بالىلار يېتىم بولىدۇ.

ھەممىدىن يامىنى، پۇقرالارنىڭ ئىچىدە يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە قارىتا ئىشەنمەسلىك كەيپىياتى ئۆرلەپ قالدى. نورغۇن گېزىتلەر داۋس زۇڭتۇڭغا ۋە ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىغا قارشى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى كابىنېتىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولدى، زۇڭتۇڭ بىلەن گېنېراللارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ يىرىكلەشتى. پۇلنىڭ كۇرسى بارغانسېرى چۈشۈپ كەتتى. ئارمىيەدە ئاياغ، كىيىم - كېچەك يوق، قورال - ياراغلار ۋە دورىلارمۇ يېتەرلىك ئەمەس، پويىزلارنىڭ كونا ۋاگونلىرىنىڭ ئورنىغا يەڭگۈشلەشكە يېڭى ۋاگونلار يوق، شىماللىقلار بۇزۇۋەتكەن يوللارنى ياسايدىغان رېلىسمۇ تېپىلمايدۇ. ئالدىنقى سەپتىكى گېنېراللار ياردەمگە ئەسكەر دەپ زار - زار قاقشاپ كېتىۋاتىدۇ، لېكىن قوبۇل قىلىنىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ سانى بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. ھەممىدىن يامان بولۇۋاتقىنى، بەزى ئىشتاتلار ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن قوراللىرىنى ئۆز تەۋەسىدىن سىرتقا چىقىرىشقا ئۇنىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئارمىيەگە يارايدىغان ياراملىق ياشلار كۆپ ئىدى، ھۆكۈمەت بىرقانچە قېتىم كۈچەپ باقتى، لېكىن مۇمكىن بولمىدى.

يېقىندىكى بىر قېتىملىق پۇل پاخاللىقىدا نەرسە - كېرەكلەرنىڭ باھاسى يەنە ئۆسۈپ كەتتى، كالا، چوشقا گۆشلىرى بىلەن سېرىق مايىنىڭ بىر قادىقى ئۈچيۈز ئەللىك ئامېرىكا دوللىرىغا چىقتى. ئاق ئۇننىڭ بىر تۇڭى بىر مىڭ تۆت يۈز ئامېرىكا دوللىرى، سودانىڭ بىر قادىقى يۈز ئامېرىكا دوللىرى،

چاينىڭ بەش يۈز دوللارغا چىقتى، قىشلىق كىيىملەرنىڭ قىممەتلىكى ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى.

شىماللىقلار جەنۇبنى تېخىمۇ قاتتىق قامال قىلىۋالدى. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئەھۋالنى پەقەتلا چۈشەنمەيتتى. جەنۇبنىڭ ھەممە يورتلىرىمۇ قاتتىق قامال قىلىنغان ئىدى، ئەمدى ئۇ يەرلەرگە ئوغرىلىقچە بېرىپ كېلىدىغان كېمىلەر ئىنتايىن، ئىنتايىن ئاز ئىدى.

جەنۇب ئۆزى ئىشلەپچىقارغان پاختىنى سىرتقا چىقىرىش، ئۆزىدە يوقنى سىرتتىن ئەكىرىش يولى بىلەن جان باقاتتى. ھازىر ھەر ئىككى يول ئېتىلدى. گېرالد ئوخارا ئۈچ يىللىق پاختىسىنى لاپاسقا بېسىپ قويۇپ ھازىرغىچە بىر تىيىنلىق سېتىپ باقمىدى. لىۋېرپولدا بولغان بولسا پاختىسى ئون بەش تۈمەن ئامېرىكا دوللىرىغا يارايتتى. ئەمدى پاختىلىرىنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. گېرالد باي ئادەم ئىدى، ھازىر كەمبەغەللىشىپ، ئۆيدىكىلەرى بىلەن قوللىرىنى قىشتىن قانداق چىقىرىشنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى.

جەنۇبتىكى پاختا تېرىيدىغان ئېكىنزار خوجايىنلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئەھۋالدا ئىدى. قامالنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئۆزلىرىنىڭ پاختىلىرىنى ئەنگلىيەگە ئاچىقالمايۋاتاتتى، ئۇ يەردىنمۇ ئۆتكەنكى يىللارغا ئوخشاش ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىرەلمەيۋاتاتتى. قىسقىسى، يېزا ئىگىلىك رايونى بولغان جەنۇب بىلەن سانائەت رايونى بولغان شىمال ئۇرۇش قىلىپ نۇرغۇن نەرسىلەر يوقىلىپ كەتتى، تىنچ چاغلاردا شۇ نەرسىلەرنى بۇگۇنكىدەك سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغانىدى.

بۇ ۋەزىيەت خۇددى ھايانكەشلەرنى بېيىۋالسۇن دەپ يارىتىلغاندەك قىلاتتى. نەرسىلەرنىڭ كەمچىللىكى، قىممەتلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھايانكەش سودىگەرلەرگە بولغان نارازىلىقى بارغانسېرى كۈچەيدى ۋە ئېشىپ باردى. 1864 ـ يىلىنىڭ

باشلىرىدا قايسىلا گېزىتنى ئاچسىڭىز قاتتىق ئىبارىلەر بىلەن توشقان باش ماقالىلەرنى كۆرىسىز. ئۇ ماقالىلەردە هايانكەشلەرنى زەھەرلىك چايانغا، قان ئىچەر ئالۋاستىدىن ئالۋاستىغا سېلىپ تىللاپ كېتىشكەن، ھۆكۈمەتتىن قاتتىق قول سىياسەت قوللىنىپ ئۇلارنى باستۇرۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. ھۆكۈمەت خېلى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى، چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىقىمۇ ئۆزگىچە يېتىپ ئاشاتتى.

كىشىلەرنىڭ هايانكەش سودىگەرلەرگە بولغان كۈچلۈك بىزارلىقى رېت باتلېرغا بولغان بىزارلىقىدا تولۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ قامال رايونلىرىدىكى سودىدا خەتەر ئاشقاندىن كېيىن، كېمىلىرىنى سېتىۋېتىپ ئاشلىق هايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ توغرۇلۇق نۇرغۇن رىۋايەتلەر رېچماند بىلەن ۋىلمىنتوندىن ئاتلانتاغا كېلىپ تۇراتتى. بۇلارنى ئاڭلاپ تېخى يېقىندىلا ئۇنى ئۆيلىرىدە كۈتۈۋالغان ئادەملەر قاتتىق خىجالەتچىلىكتە قېلىۋاتاتتى.

شۇنچىلىك كۆپ سىناقلارغا، قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، ئاتلانتانىڭ ئون مىڭ نوپۇسى بىر قاتلىنىپ كەتتى، ھەتتا قامال قىلىنىشلارمۇ ئاتلانتانىڭ نام - شەرىپىنى ئاشۇرۇۋەتتى. چۈنكى، خېلى يىللار بۇرۇنلا دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەر سودا ۋە باشقا جەھەتلەردە پۈتۈن جەنۇبنى ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى ھازىر ئۇرۇش بولۇپ پورتلار قامال قىلىنغان، دېڭىز بويىدىكى نۇرغۇن شەھەر - بازارلار بېسىۋېلىنغان ياكى قورشىۋېلىنغان بولغاچقا، جەنۇبنى قۇتقۇزۇش ئىشى جەنۇبنىڭ ئۆزىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەنىدى. ئەگەر مۇشۇ كۈنلەردە جەنۇب ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىدىغان بولسا ئىچكى جايلار ئىنتايىن مۇھىم بولاتتى، ئاتلانتا بولسا جەنۇبنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسىمۇ باشقا جايلاردىكى ئاھالىلەرگە ئوخشاشلا چىشىنى چىشلەپ بارلىق قىيىنچىلىقلارغا، كېسەل ۋە

ئۆلۈم ـ يېتىملەرگە بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى. ئەمما، ئاتىلانتانىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، ئۇرۇش كەلتۈرگەن ئاقىۋەت ئۇنىڭغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرگىنىنى بىلەن، ئۇز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن ھاسىلاتلارنىمۇ بەرگەنىدى. ئاتلانتا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ يۈرىكى بولۇپ، ھازىرغىچە كۈچلۈك سوقۇپ تۇرۇۋاتاتتى. تۆمۈر يوللار ئۇنىڭ چوڭ قان تومۇرى ئىدى، ئەسكەرلەرنى، ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ۋە تۇرمۇش بويۇملىرىنى ئېلىپ كېچە ـ كۈندۈز تىنماي مېڭىپ تۇرۇۋاتاتتى.

سىكارلېت بۇرۇن ھازىرقىدەك ياماق كىيىملەرنى، ياماق ئاياغلارنى كىيگەن بولسا، چوقۇم نومۇس قىلىپ كوچىغا چىقالمىغان بولاتتى. ھازىر ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرىدىغان ئۇ ئادەم ھازىر بۇ يەردە يوق. بۇ ئىككى ئاي ئىچىدە ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرىقى ھەرقانداق چاغدىكىدىن خۇشال ئۆتتى. ئۇ ئاشلېينىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىككە پاتقان، ھەرقانداق تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىپادىنى كۆرگەنغۇ؟ ئاشلېي ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ھازىر ئۇ بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن ھەم خۇشال. مېلانىيەگىمۇ ھازىر خېلى كەڭ قورساقلىق قىلىدىغان بولدى. بەزىدە ھەتتا مېلانىيەگە ئىچى ئاغرىپمۇ قالىدۇ. بۇ ئىچ ئاغرىتىشتا ئەلۋەتتە، كۆزۈڭ يوق، ئەخمەق، ئاشلېيغا ماس كەلمەيسەن، دېگەندەك كەمسىتىشلەرمۇ يوق ئەمەس.

«ئاۋۋال ئۇرۇش تۈگىسۇن، ــ ئويلايتتى ئۇ، ــ ئاندىن ... مەن ...»

بەزىدە ئۇ ئەندىشە بىلەن: «شۇ چاغدا قانداق بولار ؟» دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. لېكىن، يەنە ئۇ خىيالنى دەررۇ كاللىسىدىن نېرى قىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ.

ئاشلېي مېنى ياخشى كۆرىدىغانلا بولسا، مېلانىيە بىلەن داۋاملىق بىللە ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلايتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئاجرىشىش دېگەن تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ بىلەن گېرالد جاھىل كاتولىكلار، ئۇنى ھەرگىز خوتۇنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئادەمگە بەرمەيدۇ. ئۇ چاغدا دىنىدىن چىقىش كېرەك شۇ. سىكارلېت ئىنچىكە ئويلاپ، ئاخىر دىن بىلەن ئاشلېي ئىككىسىدىن ئاشلېينى تاللىۋالدى. بىراق، ئۇنىڭدا تولىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ! ئاجراشقان ئادەمنى دىنلا يامان كۆرۈپ قالماي جەمئىيەتمۇ چەتكە قاقىدۇ. ئۇنداق ئادەمنى ھېچقاندا ئادەم ئارىغا ئالمايدۇ. ئەمما، ئاشلېي ئۈچۈن ئۇ بۇنداق خەتەرلەرگىمۇ تەۋەككۇل قىلالايدۇ، ھەممە نېمىسىنى قۇربان بېرەلەيدۇ.

قىسقىسى، ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ. ئاشلېي ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلا بولسا، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنىمۇ تاپالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كۆنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ئاشلېينىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىگە قارىتا ئىشەنچى ئېشىپ باردى، شىماللىقلار يېڭىلگەندىن كېيىن، ئاشلېينىڭ ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرالايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئۇ ئۇنىڭغا شىماللىقلارنىڭ بىزنىڭ كانىيىمىزدىن «بوغۇۋالغان» لىقىنى ئېيتقان. ئەمما، سىكارلېتنىڭ قارىشىچە، بۇ قۇرۇق گەپ، ئۇ چارچاپ ھەم ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاندا شۇنداق دەپ قويغان. شىماللىقلار يېڭىمدۇ، يېڭىلەمدۇ، ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن نېمە كارى. ئۇنىڭغا ئۇرۇش تېزرەك تۈگەپ، ئاشلېي تېزرەك قايتىپ كەلسىلا بولدى.

3 ـ ئاي كىرىپ قار بىلەن تەڭ يەنە سوغۇق باشلىنىپ كەتتى، ھەممە ئادەم ئۆيلىرىدىن چىقالماي قالدى. شۇ كۈنلەردە قورقۇنچلۇق بىر ئىش سىكارلېتنى ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىۋەتتى. مېلانىيە كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ، پەخىرلەنگەن ۋە سەل ئىزا تارتقان ھالەتتە بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي، ئۇنىڭغا

ئۆزىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.
— مادې دوختۇر مېنى 8 - ياكى 9 - ئاي ئىچىدە يەڭگىيسىز، دەيدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمنى شۇنداقراق سەزگەن، بۇگۈن ھەقىقىي ئىشەندىم. سىكارلېت، بۇ ئادەم سۆيۈنگۈدەك ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدە سىزنىڭ بالىڭىزنى كۆرسەم كۆزۈم شۇنداق قىزىراتتى. بالىغا بەك ئامراق بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەڭگۈ تۇغماسمەنمۇ دەپمۇ ئەنسىرىگەنىدىم. مانا ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇننى تۇغۇپ بەرمەيدىغان بولسام.
سىكارلېت چېچىنى تاراپ بولۇپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتاي دەپ تۇراتتى، مېلانىيەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قاقىقان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى، تارغاق تۇتۇپ تۇرغان قولىمۇ قېتىپ قالغاندەك مىدىر قىلمىدى.
— ۋاي خۇدايىمەي ! — دەپ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى ئۇ. خېلىغىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئارقىدىنلا مېلانىيەنىڭ ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ تۇغۇتتا ياتىدىغانلىقى كۆز ئالدىغا كېلىپ، پۈتۈن بەدىنىگە خۇددى ئاشلىي ئۆزىنىڭ ئېرى تۇرۇپ، ئۆزىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويغاندەك ئاچچىق بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى. مېلانىيە بالا تۇغىدۇ، ئۇ ئاشلېينىڭ بالىسى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى مېلانىيە ئەمەس ئۆزى تۇرسا، بۇ ئىش قانداق مۇمكىن؟
— مەن سىزنىڭ ھەيران قېلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى مېلانىيە سەل ھاسىراپ تۇرۇپ، — قاراڭ، بۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟ ئاشلېيغا نېمە دەپ خەت يېزىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن. بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئۆزۈم خەۋەر قىلسام ئىنتايىن خىجىلچىلىق بولىدىكەن، مەن ھېچنېمە دېمەي، ئۆزى ئاستا - ئاستا بىلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ...
— ئاھ، خۇدا ! — سىكارلېت يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. قولىدىكى تارغاق يەرگە چۈشۈپ كەتتى، يىقىلىپ چۈشمەي دەپ پەرداز ئۈستىلىنىڭ بىر بۇرجىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇنداق قىلماڭ. بالىنىڭ بولغانلىقى يامان ئىش ئەمەسقۇ؟ ئۆزىڭىزمۇ شۇنداق دېگەن. مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ. سىزنىڭ ماڭا بولغان بۇ خىل غەمخورلۇقىڭىز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. ئەلۋەتتە، مادىي دوختۇر ماڭا ... — مېلانىيە قىزىرىپ كەتتى. — جۇغىڭىز سەل كىچىكرەك، دېدى. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. سىكارلېت، سىز ۋادقا قورساق كۆتۈرگەن چاغدا چارلېسقا نېمە دەپ خەت يازغانىدىڭىز؟ ئۇنى ئاپىڭىز بىلەن دادىڭىز ئۆزلىرىلا خەۋەرلەندۈرگەنمۇ، يا... قەدىرلىكىم، مېنىڭمۇ ئاپام بولۇپ، بۇ ئىشنى شۇلار قىلغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. شۇ تۇرقىدا مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — دېدى سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن، — ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ!

— سىكارلېت، مەن راستلا دۆت ئىكەنمەن! مېنى كەچۈرۈڭ. كۆڭلى خۇشال ئادەم ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئوخشايدۇ. چارلېسنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم.

— بولدى گەپ قىلماڭ! — دېدى سىكارلېت بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا يەنە. شۇنىڭ بىلەن تەڭ چىرايىنى تۈزىۋېلىشقا، غەزىپىنى بېسىۋېلىشقا قاتتىق تىرىشتى. مېلانىيەگە ئىچىدىكىنى بىلىندۈرۈپ قويۇشقا ياكى ئۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتتى.

مېلانىيە خەقنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ ئاياپتتى، شۇڭا سىكارلېتنىڭ كونا يارىسىنى قوزغاپ قويدۇم دەپ ئويلاپ ئىچىدە ئازابلاندى ۋە ئازابىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ سىكارلېتقا چارلېس ئۆلۈپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ۋادنى تۇغقان چاغدىكى قورقۇنچلۇق كۈنلەرنى ئەسلىتىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟ شۇ دەرىجىدە بىخۇدلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟

— سۆيۈملۈكۈم، كىيىملىرىڭىزنى سالدۇرۇپ قوياي، يېتىپ ئۇخلاڭ، — دېدى مېلانىيە چۈشكۈن ھالەتتە، — بوينىڭىزنى

ئۇۋۇلاپ قويای.

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى سىكارلېت، چىرايى يەنىلا تۇتۇق ئىدى. مېلانىيە ئەيىبنى ئۆزىگە قويۇپ يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سىكارلېت ئۆزى يالغۇز يېتىپ قالدى. ئۇ يىغلىمىدى، ئەمما ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك، شېرىن خىياللىرى بەربات بولغاندەك سېزىپ ئاچچىقىنى نېمىدىن ئېلىشنى بىلمەي قالدى.

مېلانىيەنىڭ قورسىقىدا ئاشلېينىڭ بالىسى بار. دېمەك، ئۇ ئەمدى سىكارلېت بىلەن بىللە بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەمدى تارادىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كەتكىنى تۈزۈك. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى سىرىنى مېلانىيەدىن قانداق يوشۇرۇشنى، ئۇنىڭغا قانداق قىلغاندا بىلىندۇرمىگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆپ ئويلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپلا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرماقچى بولدى. لېكىن، يەنە تاماق يەۋېتىپ خاپا چىراي، جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. پىتتىي ھامما نېمە قىلىشنى بىلمەي پايىپېتەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، مېلانىيە تېخىمۇ ئازابتا ئىدى، ھېچقايسىسى بىر - بىرىگە قارىمايتتى. شۇ ئارىلىقتا بىرسى تېلېگرامما ئەكىرىپ بەردى.

تېلېگرامما ئاشلېينىڭ خىزمەتكارى موسېدىن كەلگەنىدى.

«ئۇنى كۆپ ئىزدىدىم، لېكىن ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. قايتىپ كېتىمەنمۇ، قانداق؟»

بۇ گەپكە ھېچكىم چۈشەنمىدى. ئۈچ ئايال قورقۇشۇپ بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قاراپلا قېلىشتى. سىكارلېت ئۆيگە قايتىپ كېتىدىغان ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى. ئۈچى شۇئان شەھەرگە بېرىپ ئاشلېينىڭ باشلىقىغا تېلېگراممىا بەرمەكچى بولدى. تېلېگراممىا ئىدارىسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ باشلىقىدىن كەلگەن تېلېگراممىنى كۆردى.

«مايور ئاشلېي ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ۋەزىپە بىلەن چىقىپ كېتىپ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى، بۇنىڭدىن بەكمۇ

ئەپسۇسلاندۇق. خەۋىرى چىققان هامان سىزلەرگە دەرهال ئۇچۇن قىلىمىز.»

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ بارغۇچە قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. پىتتىيپات خېنىم قولىدا قول ياغلىق، بۇرنىنى تۇتۇۋېلىپ توختىماي يىغلايتتى، مېلانىيە چىرايىدا قان دىدارى يوق قېتىپ قالغاندەك، سىكارلېت پەيتوننىڭ بىر بۇلۇڭىدا پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەن ئادەمدەك هاڭۋۇقىپ ئولتۇراتتى. ئۆيگە بېرىپلا سىكارلېت ئاران تەستە هۇجرىسىغا چىقىپ ئۈستەل ئۈستىدىكى تەسۋىنى قولىغا ئالدى ــ دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىشقا تەييارلاندى. لېكىن سۆزلەرنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. خۇددى چوڭ بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، خۇدا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەندەك، ئۇنىڭغا ئەمدى نەزىرىنى سالمايدىغاندەك بارغانسېرى قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. ئۇ توي قىلغان بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى خوتۇنىنىڭ قوينىدىن تارتىۋالماقچى بولغانىدى، خۇدا ئۇنى جازالاپ ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ گۇناھىغا توۋا قىلماقچى بولدى، ئەمما بېشىنى كۆتۈرۈپ تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى، يىغلىماقچى بولاتتى، لېكىن كۆزلىرىدىن بىر تېمىممۇ ياش چىقمايتتى. كۆز ياشلىرى كۆكرىكىگە تۇشۇپ شۇ يەردە ۋاراقشىپ قاينايتتى، ئەمما تېشىغا تېپىپ چىقالمايتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ مېلانىيە كىردى. ئۇنىڭ يۈزى قەغەزدىن قىيىپ ياسىغان يۈرەككە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى، كۆزلىرى يوغىناپ، خۇددى كېچىدە ئېزىپ قېلىپ قورقۇپ كەتكەن كىچىك بالىدەك بولۇپ قالغانىدى.

— سىكارلېت، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ، — تۈنۈگۈن سىزگە دېگەن گەپلىرىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ. سىز مېنىڭ ... بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىقىم. ئاھ، سىكارلېت، مەن بىلدىم، مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم ئاشلېيىم ئۆلۈپ كەتتى.

ئېمىشقىدۇر، ئۇ سىكارلېتنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى،

كىچىككىنە كۆكسى ئېسەدەشلىرى بىلەن تەڭ مىدىرلاپ تۇراتتى. يەنە نېمىشقىدۇر، ئىككىسى مەھكەم قۇچاقلىشىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىشتى. سىكارلېتمۇ مېلانىيەنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئىككىسىنىڭ كۆز ياشلىرى بىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىككىسى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق يىغلاشتى. ئاشلېي ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئويلايتتى سىكارلېت، ئۇنى مەن مۇھەببەت بىلەن ئۆلتۈردۈم. شۇنى ئويلاپ ئۇ تېخىمۇ بەكرەك يىغلاپ كەتتى. مېلانىيە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىدىن تەسەللى تېپىپ بويىنىدىن تېخىمۇ بەك قۇچاقلىۋالدى.

— ھېلىمۇ ياخشى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — ھېلىمۇ ياخشى ... ئۇنىڭدىن بىر بالا قالىدىغان بولدى.

«مەنچۇ، — ئويلىدى سىكارلېت. قاتتىق ئازابلىنىپ تۇرغاچقا، كۆڭلەشتەك ئەڭ پەسكەش روھىي ھالەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، — مەن ئۇنىڭدىن ھېچنېمىگە ئېرىشمىدىمغۇ، ھېچنېمىگە! خوشلىشىدىغان چاغدا چىرايىدا كۆرۈنگەن ئاشۇ بىر ئىپادىدىن باشقا ماڭا ھېچنېمە قالدۇرمىدى.»

ئۆلگەن - يارىلانغانلارنىڭ دەسلەپكى تىزىملىكىدىن، ئاشلېي «يوقىلىپ كەتكەن، ئېنىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ چىقتى. مېلانىيە كاپىتان سىلونغا ئون نەچچە قېتىم تېلېگراممىا بېرىپ، ئاخىر ئۇنىڭدىن قاتتىق ھېسداشلىق قىلغان جاۋاب تېلېگراممىا تاپشۇرۇۋالدى. تېلېگراممىدا ئاشلېينىڭ ئاتلىق بىر كىچىك ئەترەتنى باشلاپ چارلاشقا چىقىپ كېتىپ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكى يېزىلغانىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇلار شىماللىق ئەسكەرلەرنىڭ ئىستىھكامىدا ئازراق جەڭ بولغانلىقىنى، كېيىن موسېينىڭ خەتەرگە قارىماي ئۇنى كۆپ ئىزدىگەنلىكىنى، ئەمما ھېچ يەردىن تاپالمىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مىلانىيە ئۆزىنى ھەيران قالغۇدەك تەمكىن تۇتۇپ، موسىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن پۇل ئەۋەتتى.

«يوقىلىپ كەتكەن، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان» دېگەن يەنە بىر خەۋەر ئۈلگەن - يارىلانغانلارنىڭ تىزىملىكىدىن چىققان چاغدا، ئازاب ئىچىدە ئولتۇرغان بۇ بىر ئۆيلۈك ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدە ئۈمىد ئۈچقۇنلىرى قايتا يانغاندەك بولدى. مىلانىيە شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر پارچە خەت كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەر كۈنى تېلېگراما ئىدارىسىگە باراتتى، پويىز كۈتەتتى، ھازىر ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئىدى. سىزنىڭ ئالامەتلىرى ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ مادىي دوختۇرنىڭ، كارىۋاتتا مىدىرلىماي يېتىپ دەم ئېلىڭ، دېگەن گېپىنى ئاڭلىمايتتى. بىر خىل قىزغىن كەيپىيات ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەتتى، بىردەممۇ خاتىرجەم ئولتۇرغۇزمايتتى. سىكارلېت ئۇخلاپ خېلى ئۇزاقتىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يانىدىكى ئۆيدە مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلايتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ پېتىر تاغا ھەيدىگەن پەيتوندا رېت باتلېر بىلەن بىللە شەھەردىن چىقتى. باتلېر ئۇنى يۆلەپ ئولتۇراتتى. ئەسلىدە ئۇ تېلېگراما ئىدارىسىدە ھوشىدىن كەتكەنىكەن، ھېلىمۇ ياخشى، دەل شۇ چاغدا باتلېر يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، دەررۇلا پەيتونغا سېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ ئۇنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ قورقۇپ جېنى چىقتى، شۇئان خىش قىزىتىپ، ئەدىيال يېپىپ، ۋىسكىي پۇركۈپ دېگەندەك ئاماللار بىلەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈۋالدى.

— ۋىلكېس خانىم، — رېت باتلېر تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى، — سىز ھامىلىدار، شۇنداقمۇ؟

مىلانىيە ئەمدىلا ھوشىغا كەلمىگەن، بەدىنى ئاجىز ۋە يۈرىكى ئاغرىپ تۇرۇۋاتمىغان بولسا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ نومۇستىن ئۆلگەن بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككىقات بولۇپ قالغانلىقىنى

خىجىل بولۇپ دوستلىرىغىمۇ ئېيتمىغانىدى. ھەر قېتىم مادىي
دوختۇرنىڭ يېنىغا بارغاندا قاتتىق خىجىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان
تۇرسا، بىر ئەركىشىنىڭ، بولۇپمۇ رېت باتلېرنىڭ ئاغزىدىن بۇ
گەپنى ئاڭلىغاندا قانداقمۇ نومۇس قىلماي تۇرالىسۇن؟ ھازىر ئۇ
بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە باشقا ئادەم يوق
ئىدى، شۇڭا بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭغا ئۈنسىز جاۋاب بەردى.
باش لىڭشىتقاندىن كېيىن نومۇس قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق،
ئۇنىڭ ئۈستىگە باتلېر شۇنچىلىك مېھرىبان، شۇنچىلىك
غەمگۇزار تۇرسا.

— ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى ياخشى ئاسراڭ. كۈندە ئۇيان - بۇيان
چېپىپ، كېچە - كۈندۈز قايغۇرۇپ يۈرسىڭىز سىزگە قىلچە
پايدىسى بولمايدۇ، بالىغىمۇ زىيان. سىز رۇخسەت قىلسىڭىز،
ۋىلكېس خانىم، ۋاشىنگتوندىكى تونۇشلىرىم ئارقىلىق ۋىلكېس
ئەپەندىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باقاي. ئەگەر ئەسىرگە
چۈشۈپ قالغان بولسا، شىمال ئارمىيەسى ئۇلارنىڭ
ئىسىملىكىنى ئېلان قىلماي قالمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا
ئىش مۇرەككەپلىشىپ خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەر بولىدۇ. ئەمما،
ماڭا ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ئاسرايدىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق سۆز
بېرىڭ، بولمىسا ئېرىڭىزنىڭ ئىشى بىلەن كارىم بولمايدۇ.

— ئاھ، سىز نېمىدېگەن ياخشى ئادەم، — مېلانىيە تۇۋلاپ
كەتتى، — كىشىلەر سىزنى نېمىشقا ئۇنداق قورقۇنچلۇق
كۆرسىتىدىغاندۇ؟ — ئارقىدىنلا ئۇ ئەمدى ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا
قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھامىلىدارلىقىنى بىر
ئەر كىشىگە ئېيتىشنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش
ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بىئارام بولۇپ يىغلاپ كەتتى. شۇ ئارىدا
سىكارلېت يۇمشاق لاتىغا قىزىتىلغان خىشنى ئوراپ ئۇچقاندەك
كىرىپ، رېت باتلېرنىڭ ئۇنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا
تەسەللى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان ئادەم ئىدى. كىشىلەر

ئۇنىڭ بۇنچە كۆپ ھېلىنى نەدىن ئۆگەنگەنلىكىنى بىلمەيتتى، سورىساق، شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىگە تاقىلىپ قالمىسۇن دېيىشىپ، سوراپ بېقىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. بىر ئايدىن كېيىن باتلېرغا ئاشلېي توغرۇلۇق خەۋەر كەلدى. ئۆيدىكىلەر يېڭى ئاڭلىغاندا، خۇشاللىقىدا ئەس ـ ھوشىدىن ئايرىلىپ قالغۇدەك بولۇشتى، كېيىن ئۇلارنى يۈرەكنى ئېزىدىغان ئەنسىزلىك چىرمىۋالدى.

ئاشلېي ئۆلمىگەن، يارىلىنىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانىدى. ھازىر ئىللىنويس ئىشتاتىدىكى روك ئىلاند مەھبۇسلار لاگېرىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار بۇ خەۋەرنى يېڭى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنىلا ئويلاپ باشقا ھېچنېمىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىگەن، خۇشاللىقىدا ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىشقانىدى. كېيىن سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ «روك ئىلاند !» دېيىشىپ قالدى. تەلەپپۇزىدىن خۇددى ئۇ «دوزاخ» قا كىرىپ قالغاندەك مەنە چىقاتتى. چۈنكى، ئاندېرسونۋىل دېگەن يەرنىڭ شىمالدا قانداق يامان ئاتىقى بولسا، روك ئىلاندنىڭمۇ بۇ تەرەپتە شۇنداق ئاتىقى بار ئىدى، ئۇ يەرگە قېرىنداشلىرى سولىنىپ قالغان جەنۇبلۇقلارنىڭ كۆڭلى ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتەتتى.

شۇ چاغلاردا لىنكولىن جەنۇبلۇقلارنىڭ ئەسىرلەرنىڭ قورسىقىنى بېقىپ ۋە ئۇلارنى ساقلاپ يۈكىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىشى، ۋە بۇنىڭ ئۇرۇشنىڭ چاپسانراق ئاياغلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇشنى رەت قىلغانىدى. ئاندېرسونۋىلدا مىڭلاپ شىماللىق ئەسىرلەر سولىنىپ ياتاتتى. جەنۇبلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، داۋالىنىدىغان دورا ۋە داكىلىرى كەمچىل بولۇۋاتقاندا، ئەسىرلەرگە قانداقمۇ ئېشىنالىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەسىرلەرگە جەڭچىلەر ئالىدىغان سەپتە يېگەن سېمىز

چوشقا گۆشى بىلەن قۇرۇتقان ياڭيۇنى بېرىشكە باشلىۋىدى، ئەسىرلەر خۇددى چىۋىندەك توپ ـ توپ قىرىلىشقا باشلىدى، بەزىدە بىر كۈندە يۈز نەچچە ئەسىر ئۆلەتتى. شىماللىقلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ جەنۇبنىڭ ئەسىرلىرىنى تېخىمۇ خارلاشقا باشلىدى. روك ئىلاندىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر ئىدى. يەيدىغان نەرسە ئاز، ئۈچ ئادەم بىر ئەدىيالدا ياتاتتى. چېچەك، ئۆپكە ياللۇغى، كېزىك دېگەندەك كېسەللىكلەر يامراپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى دەپ نام ئالغانىدى. ئۇ يەرگە سولانغان ئادەملەرنىڭ تۆتتىن ئۈچى هايات قالمايتتى.

ئاشلېي ئەنە شۇ قورقۇنچلۇق يەردە ئىدى. هازىر تىرىك تۇرۇۋاتسىمۇ لېكىن جاراهەتى بار ئىدى. ئۇ يەرگە ئېلىپ بېرىلغاندا ئىللىنويستا قىلىن قار ياغقانىدى. رېت باتلېر ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇ يارىسى ئېغىرلاپ كېتىپ ئۆلۈپمۇ قالغانمىدۇ؟ ياكى چېچەكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ قاتتىق قىزىتما ئىچىدە، ئۈستىدە بىرەر پارچە كىگىزمۇ يوق، جۆيلۈپ ياتامدىغاندۇ؟

— ئاھ، كاپىتان باتلېر، سىزنىڭ ئامالىڭىز بارمىدۇ — ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئالماشتۇرۇپ چىققىلى بولارمۇ؟ — مېلانىيە سەۋدايىدەك تووۋلاپ تۇرۇپ سورىدى.

— مېھرىبان، ئادالەتلىك لىنكولىن ئەپەندى بىكىسفۇۋ خانىمنىڭ بەش بالىسى ئۈچۈن ئېچىنىپ شۇنچىلىك قاتتىق كۆز يېشى قىلغانىدى، لېكىن ئاندېرسونۋىلدىكى مىڭلىغان شىماللىق ئەسكەرلەرگە قارىتا يۈرىكى ئازراق بولسىمۇ ئېرىپ قويمىدى، — دېدى رېت كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، — ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك. ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق جاكارلاپ بولدى. مەن سىزگە بىر ئىشنى ئېيتمىغان، خانىم، ئېرىڭىزگە ئۇ يەردىن

چىقىپ كېتىش پۇرسىتى كەلگەنىدى، لېكىن ئۇ رەت قىلدى.
— ياق، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، — مېلانىيە ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى.
— راست، شىماللىقلار ھازىر ئەسكەر تولۇپ چېگرا ياقىلىرىدىكى ئىندىيانلار بىلەن ئۇرۇشماقچى، ئۇ ئەسكەرلەرنى ئاساسەن جەنۇبنىڭ ئەسىرلىرىنىڭ ئىچىدىن ئالىدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ ئىندىيانلار بىلەن ئىككى يىل ئۇرۇش قىلىپ كېلىشكە تىلىدىن خەت بەرگەن ئەسىرلەر ئىككى يىلدىن كېيىن غەربكە كەتسە بولىدۇ. بۇنى سىزنىڭ ئېرىڭىز رەت قىپتۇ.
— ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلغاندۇ؟ — سوّزلەپ كەتتى سكارلېت، — تىلىدىن خەت بېرىپ، لاگېردىن چىقىۋالغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلسە بولمامدۇ؟
مېلانىيە ئاچچىقى كەلگەندەك سكارلېتقا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.
— سىز قانداقلارچە ئۇنى ئۇ ئىشنى قىلسا بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭىز؟ — دېدى مېلانىيە، — ئۇنى ئۆزىنىڭ جەنۇب ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈسۇن، ئاندىن شىماللىقلارغا بەرگەن قەسىمىدىن يېنىۋالسۇن، دېمەكچىمۇ سىز؟ مەن ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاشقا رازىمەنكى، تىلىدىن خەت بەرگەن خەۋىرىنى ئاڭلاشقا رازى ئەمەس. ئەگەر ئۇ راستلا شۇنداق قىلىدىغان بولسا مەڭگۈ يۈزىگە قارىمايمەن، مەڭگۈ! ئەلۋەتتە، ئۇ رەت قىلىدۇ.
سكارلېت رېت باتلېرنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مېلانىيەگە قايىل بولمىغان تەلەپپۇزدا باتلېردىن سورىدى.
— ئەگەر سىز بولسىڭىز ئۇ يەردە ئۆلەپ كەتمەسلىكىڭىز ئۈچۈن ئاۋۋال شىماللىقلارغا ماقۇل دەپ قويۇپ، ئۇ يەردىن چىقىۋالامتىڭىز؟
— ئەلۋەتتە! — دېدى باتلېر بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى ئاپپاق

چىشلىرىنى كۆرسىتىپ مەككارلىق بىلەن.

— ئەمىسە، ئاشلىپي نېمىشقا ئۇنداق قىلمايدۇ؟

— ئۇ دېگەن ئىپسىلزادە ـ دە! — جاۋاب بەردى باتلىپر. سىكارلېت ئۇنىڭغا ھەيران قالدى: ئۇ نېمىشقا ئۆزىنىڭ مەسخىرىلىرى ۋە كەمسىتىشلىرىنى ئاشۇنداق چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەيدىغاندۇ؟

# ئۈچىنچى قىسىم

# ئون يەتتىنچى باب

1864 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيى يېتىپ كەلدى، ھاۋا ئىسسىق ھەم قۇرغاق ئىدى، گۈللەر ئېچىلماي تۇرۇپلا قۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. گېنېرال شېرماننىڭ قوشۇنى جورجىيەگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم باشلاپ، دالتوننىڭ شىمالىدىكى ئاتلانتاغا يۈز ئىنگلىز مىلى كەلگۈدەك جايغا يېتىپ كەلدى. بەزى گەپلەردىن قارىغاندا، جورجىيە بىلەن تېننېسىنىڭ چېگراسىدا قاتتىق بىر جەڭ بولىدىغاندەك قىلاتتى. شىماللىقلار ھەدەپ ئەسكەر يۆتكەپ، غەرب بىلەن ئاتلانتانىڭ تۆمۈر يوللىرىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ تۆمۈر يوللار ئاتلانتانى تېننېس ۋە غەرب تەرەپ بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇلتۇر كۈزدە جەنۇبلۇقلار مۇشۇ تۆمۈر يول بىلەن تېز سۈرئەتتە يېتىپ كېلىپ چىكاموگا جېڭىدە غەلىبە قىلغانىدى.

بىراق، كۆپچىلىك ئاتلانتالىقلار دالتوندا جەڭ بولۇش ئېھتىماللىقىدىن پەقەتلا قورقمايۋاتاتتى. شىماللىقلار چىكاموگا جەڭ مەيدانىنىڭ جەنۇبىدىن نەچچە ئون ئىنگلىز مىل يىراقلىقتا بولغاچقا، ئۆتكەندە ئۇلار تار جىلغىدىن ئۆتمەكچى بولغاندا بۇرنىغا يەپ چېكىنگەن، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى.

ئاتلانتا بىلەن جورجىيەدىكى ھەممە ئادەم بۇ ئىشتاتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم جاي ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، گېنېرال جون. چونستون شىماللىقلارنىڭ ئىشتات چېگراسى ئىچىدە ئۇزاق تۇرۇشىغا يول قويمايتتى، چۈنكى جورجىيەنىڭ مۇقىملىقى پۈتۈن ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەتتى. ھازىرغىچە بىر پۇتۇنلۇكىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئىشتات پۈتۈن جەنۇبنىڭ

ئاشلىق ئامبىرى، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرى، زاۋۇتلىرىنىڭ جۇغلانغان يېرى ئىدى. بۇ يەردە ئارمىيەگە كېرەكلىك ئوق ـ دورىلار، پاختا رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلاتتى. ئاتلانتا بىلەن دالتوننىڭ ئارىلىقىدا زەمبىرەك ۋە باشقا سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رومې شەھىرى، رىچماندىنىڭ جەنۇبىدا ئەڭ چوڭ پولات زاۋۇتى ئورۇنلاشقان ئېتوۋا، ئالاتون شەھەرلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتلانتادا تاپانچا، ئېگەر ـ جابدۇق، چېدىر ۋە ھەربىي قوراللار ياسايدىغان زاۋۇتلاردىن باشقا، جەنۇب بويىچە ئەڭ چوڭ پىرىسلاش زاۋۇتى، ئەڭ چوڭ تۆمۈر يول زاپچاسلىرى زاۋۇتى، چوڭ دوختۇرخانىلار بار ئىدى. تۆت تەرەپكە تۇتىشىدىغان تۆمۈر يولنىڭ تۈگۈنىمۇ شۇ يەردە بولۇپ، بۇ تۆمۈر يوللار جەنۇبنىڭ ھاياتلىق تومۇرى ئىدى.

شۇڭا، بۇ يەردىن ھېچكىم ئەنسىرىمەيتتى، نېمىلا بولسۇن، دالتون يىراقتا، ھازىر ئۇرۇش تېننېسىتا بولۇۋاتاتتى. تېننېسىتا ئۇرۇش بولۇۋاتقانغا ئۈچ يىل بولغانىدى، شۇڭا كىشىلەر تېننېسىنى تولىمۇ يىراق جايدىكى جەڭ مەيدانى دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى ھەم ئۇ يەر ئۇلارغا ۋىرگىنىيە ياكى مىسسىسىپى دەرياسىدەك ناھايىتى ئۇزاق بىر جاي بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېنېرال جونستوننىڭ قوشۇنى شىماللىقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئاتلانتانىڭ ئوتتۇرىسىدا تامدەك توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆلۈپ كەتكەن گېنېرال جېكسوننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىشىلەر گېنېرال لېدىن قالسىلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق، دەپ بىلىشەتتى.

5 ـ ئاينىڭ دىمىق ئىسسىق بىر ئاخشىمى، مادې دوختۇر پىتتىپىيات خېنىمنىڭ ئۆيىدە ۋەزىيەت توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، ئاتلانتادىن ئەندىشە قىلمىساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى گېنېرال يوجىستون شىماللىقلارنى خۇددى پولات تامدەك توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېدى. بۇ سۆز كۆپچىلىك ئاتلانتالىقنىڭ كۆز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ

ئۆلتۈرغانلار ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بوش تەۋرىنىپ ئولتۇرۇشىمۇ، لېكىن كۆڭۈللىرىدە غەم ـ ئەندىشە يوق ئەمەس ئىدى، روھىي ھالەتلىرى پات ـ پات ئۆزگىرىپ تۇراتتى، مادىي خانىم پىلىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ مادىي دوختۇرنىڭ گېپىنىڭ راست بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، ئۇرۇش بۇ يەرلەرگە يېتىپ كەلسە ئوغلى ئالدىنقى سەپكە بارمىسا بولمايتتى. ھازىر ئۇ ئۇن ئالتە ياشتا بولۇپ، بۇ يەردىكى پىدائىيلار قوشۇنىغا قاتناشقانىدى. فەننى ئېلسىننىڭ گېتتىس جېڭىدىن كېيىن چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى، بىر ئامال قىلىپ، دارلاس مىكلورنىڭ جەسىتى بېسىلغان كالا ھارۋىسىنىڭ مارلادقا كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

كاپىتان كارې ئاشبورننىڭ كاردىن چىققان بىلىكى يەنە ئاغرىپ ئۇنى قىيناشقا باشلىغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىكارلېتنىڭ كەينىگە چۈشۈۋاتقان ئىشى توختاپ قېلىپ تېخىمۇ روھسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاشلېينىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىق خەۋىرى كەلگەندىن كېيىن باشلاندى. گەرچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى سەزمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىچە شۇنداق بولۇپ قالغانىدى. مېلانىيە بىلەن سىكارلېت ئاشلېينىلا ئويلايتتى، باشقا بىر جىددىي ۋەزىپە چىقىپ قالمىسىلا ياكى باشقا بىرسى بىلەن پاراڭلىشىشقا مەجبۇرلىنىپ دىققىتى چېچىلمىسىلا، ھەر ئىككىسىنىڭ خىيالى شۇنىڭدا بولاتتى. سىكارلېت: ئۇ چوقۇم ئۆلۈپ كەتتى، بولمىسا بۇ كەمگىچە خەۋىرى كېلەتتى، دېگەندەك يامان خىياللاردا بولاتتى. مېلانىيە بولسا ئۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن قەتئىي ئېلىشىپ: «ئۇ ئۆلمەيدۇ، ئۆلگەن بولسا مەن بىلگەن بولاتتىم، مەندە شۇنداق تۇيغۇ بولاتتى» دەپ ئويلايتتى. رېت باتلېر مايلاپ پارقىرىتىۋەتكەن ئاياغ كىيىۋالغان پۇتلىرىنى ئالماپ قويۇپ بىر

بولۇڭدا پەرۋاسىز ئولتۇراتتى، قارىمۇتۇق چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى، نېمە ئويلاپ ئولتۇرغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ۋاد ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ بىر خىلدا ئۇخلاۋاتاتتى. ھەر قېتىم باتلېر كەلگەندە، سىكارلېت ۋادنىڭ كەچ ئۇخلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. چۈنكى، بۇ بالا باتلېرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، قىزىق يېرى، باتلېرمۇ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكىنىگە خۇشال ئىدى. سىكارلېت ۋادنىڭ جېدىلىدىن بىزار ئىدى، ئەمما ئۇ باتلېرنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالسا ئادەتتىن تاشقىرى ياۋاشلاپ كېتەتتى. پىتتىپىپات خېنىم ھېق تۇتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى، چۈنكى، ئۇلار ئۆتكەن كۈنى كەچتە قېرى خورازنىڭ گۆشىگە مېھمان چاقىرغان، پىتتىپى ھاما شۇ گۆشتىن ئازراق يەپ قويغانىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، پىتتىپى ھاما ھويلىدا يۈرگەن خورازنى يېقىندا سويۇلۇپ كەتكەن مېكىيىنىنىڭ قايغۇسىدا تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتمىسۇن دەپ سويدۇرۇۋەتكەنىدى. پېتتېر تاغا خورازنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋاتقان چاغدا، پىتتىپى ھاما نۇرغۇن دوستلىرىنىڭ بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى توخۇ گۆشى يەپ باقمىغانلىقىنى ئويلاپ قېلىپ، بۇ توخۇنى ئىشىكنى تاقاپ ئۆزلىرىلا يېيىشكە كۆڭلى زادىلا ئۇنىماي، ئۆيگە مېھمان چاقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېلانىيەنىڭ قورساق كۆتۈرگىنىگە بەش ئاي بولغانىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى سىرتلارغىمۇ چىقماي، ئۆيدىمۇ مېھمانلارغا كۆرۈنمەي يۈرەتتى، شۇڭا ئۇ پىتتىپى ھاممىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئاڭلاپ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئەمما، پىتتىپى ھاما ئۆز پىكرىدە قەتئىي ئىدى. ئۇ، توخۇنى ئۆزىمىزلا يېسەك ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك بولمامدۇ؟ مېلانىيەنىڭ كۆكسىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس، كۆڭلىكىنىڭ بېلىنى ئازراقلا قويۇۋەتسە قورسىقىمۇ ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغۇ؟ دەپ ئويلىغانىدى.

— هاما، مەن خەقلەرگە كۆرۈنمىسەم دەيمەن، چۈنكى ئاشلىي ...

— ئاشلىي ... ھازىر بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان ئەمەسقۇ ئاخىر، — پىتتىي ھامىنىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ چىقتى، چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە ئاشلىينى ئالىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، دەپ بىلەتتى، — ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش بىر ئوبدان ياشاۋاتىدۇ. ئادەملەر بىلەن كۆپرەك بېرىش - كېلىش قىلساڭ ئۆزۈڭگە پايدىلىق. فەننى ئىبلىسنىمۇ چاقىرىپ قويدۇم. ئىبلىس خانىم ماڭا، قىزىمنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالسۇن، ئۇنىڭغا تالا - تۈزگە چىقىپ تۇرۇڭ، دەپ نەسىھەت قىلىپ قويۇڭلار، دېگەن.

— هاما، دالاس تېخى يېقىندىلا ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، ئۇنى بۇنداق ئىشقا مەجبۇرلىساڭلار قانداق بولىدۇ.

— مەن بىلەن يەنە تەڭ تۇرىدىغان بولساڭ ھازىرلا يىغلايمەن. ئېمىلا دېگىن، مەن سېنىڭ ھاماڭ، ئىش ئۇقمايدىغان ئادەممۇ ئەمەسمەن. ئۇلارنى چاقىرغىنىم چاقىرغان.

شۇنداق قىلىپ، پىتتىي ھاما مېھمانلىرىنى چاقىردى. مېھمانلار كېلىپ بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۇ چاقىرمىغان ھەم ئويلاپمۇ باقمىغان بىر مېھمان كەلدى. ئۆينىڭ ئىچى توخۇ كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىغا تولغانىدى. رېت باتلېر خۇددى شۇ پۇراقنى پۇراپ يېتىپ كەلگەندەك ئىشىكنى چەكتى، قولتۇقىدا بىر كوروپكا كەمپۈت بار ئىدى، ئاغزىدىن ياغلىما گەپلەر چۈشمەيتتى. مادي دوختۇر بىلەن مادي خېنىم ئۇنى ياخشى كۆرمىسىمۇ، فەننىنىڭ ھەربىي كىيىم كىيمىگەن ئادەمنى كۆرەرگە كۆزى بولمىسىمۇ، باتلېرنى ئۇستەلگە تەكلىپ قىلىشقا توغرا كەلدى. مادي دوختۇر بىلەن ئىبلىس خانىمنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئۇنى كوچىلاردا كۆرسە كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەمدى دوستىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلماي بولمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مېلانىيە ئۇنى قوغدايدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئاشلىينىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بەرگەندىن

كېيىن، مىلانىيە ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە مەڭگۈ قارشى ئالىدىغانلىقىنى، خەق ئۇنىڭ ھەرقانچە يامان گېپىنى قىلسىمۇ كارى يوقلۇقىنى ئاشكارا جاكارلىغانىدى.

پىتتىي ھامما رېت باتلېرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئەدەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل خاتىرجەم بولدى. باتلېر فەننىنىگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى ھۆرمەتلىگەچكە فەننىمۇ خۇشال ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن تاماق كۆڭۈللۈك يېيىلدى.

تاماقتىن كېيىن ئەر مېھمانلار ئالدى ئۆيدىكى ئايالالارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. پاراڭ ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ ئۇرۇشقا كېلىپ توختالدى. يېقىندىن بېرى ھەممە گەپ ئۇرۇش توغرۇلۇقلا بولىدىغان بولۇپ قالغانىدى، قانداقلا گەپ بولسۇن، ئۇ گەپنىڭ ئاخىرى ئۇرۇش تېمىسىغا كېلىپ توختايتتى. ئۇرۇشتىكى ئاجايىپ ۋەقەلەر، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى تويلار، دوختۇرخانىلار بىلەن جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار، ئۇرۇش ۋە سەپەر ئۇستىدىكى ھادىسىلەر، قەھرىمانلىق، قورقۇنچاقلىق، قىزىق ئىشلار، ئېچىنىشلىق ۋە قايغۇلۇق ئىشلار، ئۈمىد ـ ئارزۇلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر، ۋەھاكازالار سۆزلىنەتتى. ئۈمىد، نورمال ئۈمىدلەر مەڭگۈگە ئۈمىد بويىچە قېلىۋېرەتتى. بۇلتۇر يازدا بىرنەچچە قېتىمقى جەڭدە مەغلۇپ بولۇشقان بولسىمۇ خەلقنىڭ ئۈمىدى يەنىلا تەۋرەنمىگەنىدى.

ئاشبورن ئۆزىنىڭ ئاتلانتادىن دالتوندىكى قوشۇنغا يۆتكەلگەنلىكىنى جاكارلىدى. خانىملار ئۆزلىرىنىڭ ئىللىق نەزەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەجرۇھ بىلىكىنى قىزغىن سۆيۈشۈپ، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن پەخىرلىنىپ تۇرۇشسىمۇ، ئاغزىدا، ئۇ يەرگە بارمىسىڭىز بولاتتى، سىز كەتسىڭىز بىز ئۈچۈن كىم گۈل مۇئەككىلى بولىدۇ، دېيىشىپ كەتتى.

ياش كاپىتان مادې خانىم، مېلانىيە، پىتتىيپات خېنىم ۋە فەننىدەك ئېسىلزادە ئايالالارنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىزلاندى ھەم خۇشالمۇ بولدى، سىكارلېتمۇ شۇنداق

ئۇيدا بولسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلدى.

— ئۇ يەنە تېزلا قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى مادىي دوختۇر ئاشبورنىنى قۇچاقلاپ قويۇپ، — بۇ قېتىم بىرلا قېتىم جەڭدە غەلبە قىلىدىغان بولساق، شىماللىق ئالۋاستىلار تېنىنېسقا قاراپ بەدەر قاچىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن گېنېرال فورربېستىن راسا ئەدىپىنى يەيدۇ. خانىملار، خانقىزلار، سىلەر شىماللىقلارنى بىزنىڭ بۇ يەرگە بېسىپ كېلەرمىكىن دەپ ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭلار، گېنېرال جونستون تاغدا ئۇلارنى پولات تامدەك توسۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق، پولات تامدەك، — ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ گېپىگە تولىمۇ ھەۋىسى كېلىپ تەكرارلاپ قويدى، — شېرمان ئۇ يەردىن ئۆتىمەن دەپ ھەرگىز خىيال قىلمىسۇن، ئۇ بىزنىڭ ئۇ گېنېرالىمىزنى مەڭگۈ مىدىرلىتالمايدۇ.

ئاياللار ئۇنىڭ گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يەڭگىللىك بىلەن قىلغان بۇ گەپلىرى ئاڭلىماققا تەۋرەنمەس ھەقىقەتتەك ئاڭلىناتتى. بۇنداق ئىشلاردا ئەرلەرنىڭ گەپلىرىنىڭ ئاياللارنىڭكىگە قارىغاندا تورى بولاتتى. ئۇ گېنېرال جونستوننى پولات تام دېگەنىكەن، پولات تام بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت رېت باتلېرلا باشقىچە گەپ قىلاتتى. تاماقتىن كېيىن ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۇرۇش توغرۇلۇق قىلىشقان گەپلىرىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى، ۋاد قۇچىقىدا راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، شېرمانغا ياردەمگە قوشۇن كېلىپ ئەسكىرى يۈز مىڭغا يېتىپتۇدەكقۇ — دېدى باتلېر بىردىنلا گەپ قېتىپ.

مادىي دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جاۋابى ئىنتايىن ئاددىي بولدى. ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بۇ ئادەمنى ئۆزلىرى بىلەن بىر ئۇستەلدە كۆرۈپلا ئەرۋاھى ئۇچقان، پىتتىنىپات خېنىمغا بولغان ھۆرمىتى يۈزىدىنلا ھەم مېھمانلىق ھۆرمىتىنى ساقلاپ، باياتىندىن بېرى ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغانىدى.

— ھىم، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ، ئەپەندى؟ — دوختۇر ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدى.

— بايا كاپىتان ئاشبورن، گېنېرال جونستوننىڭ تۆت مىڭلا ئەسكىرى بار، بىر قىسمى قاچاق ئەسكەرلەر. ئۇلار ئۆتكەنكى غەلىبىدىن كېيىن قوشۇنغا قايتىپ بارغان، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋىدى.

— ئەپەندى، جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ ئىچىدە قاچاق ئەسكەرلەر يوق، — مادې خانىم غەزەپ بىلەن گەپكە ئارىلاشتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى رېت باتلېر ساختا تەكەللۇپ بىلەن، — مەن دەم ئېلىشقا كېلىپ قايتىپ كېتىشنى ئۇنتۇغان، يارىسى ساقىيىپ ئالتە ئايدىن كېيىنمۇ قوشۇنغا قايتماي ئۆيىدە ئۇ - بۇ ئىشلار بىلەن ياكى تېرىلغۇ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەملەرنى دېمەكچىدىم.

ئۇنىڭ مەغرۇر تۇرۇپ ئېيتقان بۇ گەپلىرى، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى مادې خانىمنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. سكارلېت ئۇنىڭ رەسۋالاشقان قىياپىتىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى، چۈنكى باتلېر ئۇنىڭ يامان يېرىنى تۇتىۋالغانىدى. ھازىر سازلىقلاردا، تاغلىق رايونلاردا مىڭلىغان ئەرلەر ساقچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇپ قوشۇنغا ئاپىرىپ قويۇشلىرىغا قارشىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار: «بۇ، كەمبەغەللەر قىرىلىدىغان بايلارنىڭ ئۇرۇشى» دەپ توۋلىشاتتى، ئۇرۇشتىن جاق تويغانىدى. سانى ئۇلاردىنمۇ كۆپ ئادەملەر قاچاقلار تىزىملىكىدە بولسىمۇ، قوشۇندىن ئايرىلىشنى خالىماي دەم ئېلىش نۆۋىتىنى كۈتۈپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن: «بىز ئاچ قېلىۋاتىمىز»، «بۇ يىل يەردىن ھېچنېمە ئالالمىدۇق ... يەرنى تېرىيدىغان ئادەم يوق ئاچتىن ئۆلىدىغان بولدۇق»، «ھۆكۈمەت ئادەملىرى چوشقا كۈچۈكلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتى، بىرنەچچە ئاي بولدى، ئەۋەتكەن پۇلۇڭنى تاپشۇرۇۋالمىدۇق. قورۇقتان ياڭيۇ بىلەن جان ساقلاۋاتىمىز.»

«خوتۇن - بالىلىرىڭ، ئاتا - ئاناڭ ھەممىمىز ئاچ قېلىۋاتىمىز. بۇ كۈنلەر قاچان تۈگەيدۇ؟ قاچان قايتىپ كېلىسەن؟ ئاچارچىلىقتىن ھالىمىز خاراب! ھالىمىز خاراب!» دېگەندەك ھەسرەتلىك خەتلەر كېلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىچىلا قوشۇندىن كېتىپ ئۆيىدە دېھقانچىلىق قىلىدىغان، ئۆيلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى، دەم ئېلىش تۈزۈمىمۇ بۇزۇلدى، قوشۇننىڭ سانىمۇ كېمىيىپ كەتتى. ئۇرۇش بولۇپ قالغۇدەك بولسا، ئوفىتسېرلار ئۇ ئەسكەرلەرگە خەت يېزىپ دەرھال قايتىپ كېلىشكە ئۇقتۇرۇش قىلاتتى. جەڭچىلەر بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆيىدىن قورسىقىغا يەيدىغان بىر نېمىسى بولمىسىمۇ ناھايىتى تەستە ئايرىلاتتى. بۇ خىل «ئالدىراش رۇخسەت سوراش»لارنى قېچىپ كېتىدىغانلار بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قوشۇننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشتىكى رولى ئوخشاش ئىدى.

مادى دوختۇر رېت باتلېرنىڭ گېپى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ ھالەتنى دەررۇ ئۆزگەرتكۈسى كەلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، سوغۇق تەلەپپۇزدا دېدى:

— كاپىتان باتلېر، بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىلەن شىماللىقلارنىڭ قوشۇنىنىڭ سان پەرقى ھېچقاچان مۇھىم رول ئويناپ باققان ئەمەس. بىزنىڭ بىر ئەسكىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىككى - ئۈچىگە تەڭ كېلەلەيدۇ.

ئاياللار ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. بۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئىشقۇ.

— ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا شۇنداق ئىدى، — دېدى باتلېر، — ھازىرمۇ جەنۇبلۇق ئەسكەرلەرنىڭ مىلتىقلىرىدا ئوق، پۇتلىرىدا ئۆتۈك، قورساقلىرى توق بولسا شۇنداق قىلالىشى مۇمكىن. شۇنداقمۇ، كاپىتان ئاشبورن؟

ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا مۇلايىم، ئازراق كەمتەر ئىدى. ئاشبورن

باتلىرنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئازراق خاپا بولدى ۋە مادى دوختۇر تەرەپتە تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن يەنە يالغان گەپ قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ بىر قولى ناكا تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى تەلەپ قىلىشى، هازىرقى ۋەزىيەتنى چۈشەنگەنلىكى، ئادەتتىكى شەهەر ئاهالىسىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر كۆزى كور بولۇپ قالغان، يالغان پۇت سالغان، بارماقلىرى ۋە قوللىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەملەرمۇ قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمەي، يەنە ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنغا قايتىپ كېتىشنى ئاتاتتى. هەممەيلەن گېنېرال جونستوننىڭ ئۆزلىرىگە ئىنتايىن موهتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى.

ئاشبورننىڭ گەپ قىلماسلىقى مادى دوختۇرنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى.

— بىزنىڭ ئارمىيەمىز بۇرۇنمۇ يالاڭ ئاياغ، قورسىقى ئاچ تۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ غەلىبە قازانغان، — دوختۇر قايناپ كەتتى، — ئۇلار هازىرمۇ شۇنداق جەڭلەرنى قىلىپ غەلىبە قىلالايدۇ. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، گېنېرال جونستوننى هېچقانداق ئادەم تەۋرىتەلمەيدۇ. تار تاغ جىلغىلىرى تارىختىن بۇيان تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان خەلقنىڭ مۇستەهكەم قورغىنى بولۇپ كەلگەن. ئارىشاڭ ئۆتكىلى[1] جېڭى ئېسىڭلاردىدۇ؟

سكارلېت خېلى ئويلىنىپمۇ «ئارىشاڭ ئۆتكىلى» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى پەقەتلا بىلەلمىدى.

— ئۇلارنىڭ ئارىشاڭ ئۆتكىلىدە هەممە ئادىمى ئۆلۈپ تۈگىگەن، شۇنداقمۇ، دوختۇر؟ — رېت كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى

---

[1] ئارىشاڭ ئۆتكىلى — گىرېتسىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مارىياكس تاغلىرى بىلەن كارسلوم بوغۇزى ئوتتۇرىسىدىكى تار يول. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 480 - يىلى ئادىمى ئاز گىرېتسىيە قوشۇنى پارس قوشۇنىنى ئاشۇ يەردە ئۈچ كۈن توسۇپ تۇرۇپ ئاتتىكا بىلەن بېئوتيىنى قوغداپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جەڭ تارىختا «ئارىشاڭ ئۆتكىلى» جېڭى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئاران تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى.

— سىز مېنى قەستەن ھاقارەتلەۋاتىسىزغۇ دەيمەن، يىگىت؟

— دوختۇر، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەقسىتىمنى خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتىسىز. مەن سىزدىن ئۇ ئىشنى سوراپ بىلىۋالماقچى، چۈنكى مېنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىن بىلىدىغىنىم ئاز.

— ئەگەر زۆرۈر تېپىلىدىغان بولسا، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغۇچە شىماللىقلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى جورجىيەگە كىرگۈزمەيدۇ، — دېدى مادې دوختۇر قەتئىي ئىشەنچ بىلەن، — ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق بولمايدۇ. ئازراقلا جەڭ قىلىپ شىماللىقلارنى جورجىيەدىن قوغلاپ چىقىرالايدۇ.

پىتتىيپات خېنىم ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، سكارلېتقا پىيانىنو چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ رېت بىلەن دوختۇرنىڭ بارغانسېرى قىزىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغانىدى. ئۇ باتلېر بارغانلا يەردە ئاۋارىچىلىك چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما بۇ ئاۋارىچىلىكنى ئۇنىڭ قانداق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيتتى. ۋاي خۇدايىم، سكارلېت ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قانداق بىر ھەقىقەتنى بايقاپ قالغاندۇ؟ سۆيۈملۈك مېلانىيە نېمىشقا ئۇنى ھە دېسىلا قانات ئاستىغا ئالىدىغاندۇ؟ ئۇ بۇنى پەقەتلا چۈشەنمىدى.

سكارلېت پىتتىي ھامىمىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مېھمانخانىغا كىردى. شۇ ئارىلىقتا ئۆيىنىڭ ئىچى ئۇشتۇمتۇت جىمىپ كەتتى، ھەممە ئادەم جىمجىتلىق ئىچىدە رېت باتلېرغا غەزەپلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە گېنېرال جونستون بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ يېڭىلمەس قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرمۇ باركىنە؟ ئىشەنچ دېگەن مۇقەددەس بۇرچ ئەمەسمۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇنداق ئىسيانكار ۋە ئىشەنچى يوق ئادەملەر ئۆيلىرىنى ئىچىدە بىلىپ، ئۇ توغرۇلۇق گەپ

قىلماسلىقلىرى كېرەك.

سىكارلېت پىيانىنونى قىسقا بىر مۇزىكىغا چېلىپ ناخشا باشلىۋىدى، ئۇنىڭ ناخشىسى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ئېيتقىنى خەلق ناخشىسى بولۇپ، ئاجايىپ يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق ئىدى.

ئاپپاق ئاقارتىلغان كېسەلخانىدا،
ياتىدۇ ياردار، ئۆلگەن ئەسكەرلەر.
ئۇرۇشتا تەنلىرى كەتكەن تىتىلىپ،
نەدىدۇ ئۇنى دەپ تىترىگەن يۈرەكلەر.

شۇنچە ياش، كۆچتۆڭگۈر، جەسۇر ئۇ يىگىت!
شۇنچىلىك يېقىملىق، تاتارغان ئەمما،
تاڭلا قەبرىگە مەھكۇم چېھرىدە،
ياشلىق جىلۋىسى قىلماقتا جۇلا.

سىكارلېت «ئالتۇن چاچلىرىڭ سېنىڭ» دېگەن يەنە بىر ناخشىنى ئېيتتى، ئاۋازى ئۆلچەملىك بولمىسىمۇ، لېكىن يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئىدى. شۇ ئارىلىقتا فەننى ئورنىدىن تۇرۇپلا:

— سىكارلېت، باشقا ناخشا ئېيتىڭا! — دېدى.

سىكارلېت ئۇنىڭغا ھەيران قالدى ھەم بىرئاز خىجىل بولۇپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئارقىدىنلا «كۆل رەڭ تالوستوپكا» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. بۇمۇ ئادەمنى مۇڭلاندۇرۇپ قويىدىغان ناخشا بولغاچقا، يەنە توختاپ قالدى. نېمىنى ئېيتىشى كېرەك؟ ناخشىلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئۆلۈم ۋە ھىجران قايغۇلىرى بار، ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس.

رېت باتلېر ئورنىدىن تۇرۇپ بالىنى فەننىگە بەردى، ئاندىن مېھمانخانىغا كىردى.

— «يۇرتۇم كېنتۇكى»غا چېلىڭ، — دېدى ئۇ ئادەتتىكىدەكلا سۆزلەپ. سىكارلېتمۇ خۇشال هالدا شۇ ناخشىغا چېلىپ ئېيتىشقا باشلىدى. رېت باتلېرنىڭ يېقىملىق تۆۋەن ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازى بىرلىشىپ مۇڭلۇق بىر سادا پەيدا قىلدى. ئىككىنچى كۇپلېتىغا كەلگەندە ناخشىنىڭ ئادەمنى هوزۇرلاندۇرىدىغان هېچقانچە يېرى بولمىسىمۇ، ئولتۇرغانلارنىڭ روهى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى.

ماڭىمىز كۆتۈرۈپ ئۇنى نەچچە كۈن،
جىمىكى جاپانى يېڭىمىز تامام.
چىقىمىز ئاخىر داغدام، چوڭ يولغا،
بېرىپ ئۆيىمىزگە ئالىمىز ئارام.

كېيىنكى پاكىتلار مادىي دوختۇرنىڭ توغرا دېگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. گېنېرال جونستون راست دېگەندەك، خۇددى پولات تامدەك دالتوننىڭ شىمالىدىكى يۇز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان تاغلىق رايوننى توسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. مۇداپىئەسى ناهايىتى قاتتىق ئىدى، شىددەت بىلەن جەڭ قىلىپ، شېرماننىڭ تار جىلغىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئاتلانتاغا بېرىپ كىرىشىگە قەتئىي يول قويماي كېلىۋاتاتتى. شىماللىقلار ئاخىر ئۇ يەردىن چېكىنىپ باشقىچە مەسلىهەت قىلىشقا مەجبۇرلاندى. ئۇلار جەنۇبلۇقلارنىڭ مۇداپىئەسىنى ئۇدۇلدىن بۆسۈپ ئۆتەلمەي، كېچىدە تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، جونستوننىڭ كەينىدىن رېساكانىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان ئەللىك ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتىكى تۆمۈر يولنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولدى.

جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ تار جىلغىنى ساقلاپ ياتقان قوشۇنى دەررۇ ئىستىهكاملىرىدىن چېكىنىپ، تۆمۈر يولنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كېچىلەپ رېساكاغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شىمالنىڭ قوشۇنى ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ تۆمۈر يولنى

ئىگىلىمەكچى بولغاندا، جەنۇبلۇقلار ئاللىقاچان ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، قوراللىرىنى بەتلەپ تەييار بولۇپ تۇرۇشقانىدى.
دالتوندىن كەلگەن يارىدارلار ئاتلانتاغا جونستوننىڭ قوشۇنى رېساكاغا چېكىنىدى، دېگەندەك خەۋەرلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئاتلانتالىقلارنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. گېنېرال جونستون شىماللىقلارنىڭ جورجىيە چېگراسى ئىچىگە ئون سەككىز ئىنگلىز مىلى ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە يول قويۇشتا نېمىنى ئويلىغاندۇ؟ تاغلىق رايون تەبىئىي قەلئە ئەمەسمىدى، مادى دوختۇرمۇ شۇنداق دېگەنغۇ؟ جونستون شىماللىقلارنى نېمىشقا شۇ يەردە توسمايدۇ؟
جونستون رېساكادا قانلىق جەڭ قىلىپ شىماللىقلارنى يەنە بىر قېتىم چېكىندۇردى. لېكىن، شېرمان ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى يېرىم دائىرە بويىچە قورشىدى. ئۇستانالا دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ، جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ كەينىدىكى تۆمۈر يولغا ھۇجۇم باشلىدى. نەتىجىدە جەنۇب ئارمىيەسى يەنە بىر قېتىم ئىستىھكاملىرىدىن ئايرىلىپ تۆمۈر يولنى قوغداشقا ئاتلاندى. ئۇلار بىر كېچە يول يۈرۈپ، جەڭ قىلىپ چارچىغان، قورساقلىرى ئاچ ئىدى، ئۇستىلەپ يەنە يول يۈرۈپ تېخىمۇ چارچاپ ھالسىزلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، رېساكاغا شىماللىقلاردىن بۇرۇن يېتىپ بېرىپ، ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ شىماللىقلارنىڭ ھۇجۇمىنى ساقلاپ تۇردى. جەڭ باشلىنىپ شىماللىقلار يەنە چېكىندۇرۈلدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن جەنۇبلۇقلار مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇخلاپ دەملىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلاشقانىدى، لېكىن دۈشمەن ئۇلارنى دەم ئالدۇرماي، داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەنە چېكىنىپ كەينىدىكى تۆمۈر يولنى قوغداشقا مەجبۇر قىلدى.
جەنۇبلۇق ئەسكەرلەر قاتتىق چارچاپ كەتتى. لېكىن، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ گېنېرالىغا ئىشىنەتتى،

چېكىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ھەم يەنە پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمىگەنلىكىنىمۇ بىلەتتى. ئۇلارغا ئىستىھكاملىرىنى قوغداپ قالغۇدەك ۋە شېرماننىڭ سول تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلغۇدەك يېتەرلىك ياردەم يوق ئىدى، شىماللىقلار بىلەن تۇتۇشقانلا يېرىدە ئۇلارنى قىرىپ تۇراتتى. بۇ قېتىمقى چېكىنىشنىڭ مەقسىتى نېمە، ئۇلار زادىلا بىلمەيتتى. ئەمما، گېنېراللىرىنىڭ كۆڭلىدە سان بار، دېگەن بىرلا نەرسە ئۇلارنى قانائەتلەندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇ جەڭلەرگە ئەپچىللىك بىلەن قوماندانلىق قىلىۋاتقاچقا چىقىم ناھايىتى ئاز ئىدى، ئەكسىچە شىماللىقلارنىڭ ئۆلۈپ - يارىلانغانلىرى، ئەسىرگە چۈشكەنلىرى كۆپ ئىدى. شىماللىقلار ھەرقانداق قىلىپمۇ تۆمۈر يولغا يېقىنلىشالمايۋاتاتتى.

تۆمۈر يول ئىنتايىن مۇھىم ھالقا ئىدى. قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان تۆمۈر يول يەنىلا ئۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. جەڭچىلەر ئۇخلاۋېتىپمۇ تۆمۈر يول رېلىسلىرىنىڭ كۈننىڭ نۇرىدا يالتىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى، ئۆلۈپ كېتىۋېتىپمۇ خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كۆرىدىغان نەرسىسى قۇياش نۇرى بىلەن يالتىراپ تۇرغان ۋە ئۆتتەك قىزىپ تۇرغان رېلىسلار بولاتتى.

قوشۇن تاغ يولىنى بويلاپ چېكىنىپ كېتىۋېتىپ، ئالدى تەرەپتە قېچىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دېھقانلارمۇ، كەمبەغەللەرمۇ، بايلارمۇ، ئاق تەنلىكلەرمۇ، نېگىرلارمۇ، ھاسىسىغا تايىنىپ كېتىۋاتقان مەجرۇھلارمۇ، نوسۇلكىدا ياتقان ئۆلۈم ئالدىدىكى ياردارلارمۇ، قورساق كۆتۈرگەن ئاياللارمۇ، ئاق باش قېرىلارمۇ، تەمتىلەپ مېڭىۋاتقان كىچىك بالىلارمۇ بار ئىدى. يول قىستاڭ ئىدى، ئۇلار قوشۇننىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. پات - پات توختاپ، شىماللىقلارنىڭ چېكىندۇرۇلگەن - چېكىندۇرۇلمىگەنلىكىنى بىر - بىرىدىن سوراپ قويۇشاتتى. چېكىندۇرۇلگەن بولسا ئۆيلىرىگە

قايتىشماقچىدى. لېكىن، يول بويى كەينىگە قايتىۋاتقان بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. جەنۇبنىڭ قوشۇنى بارغانلا يەردە ئادەم يوق، ئۆيلەر، كوچىلار بىكار ئىدى، ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئاياللار ياكى قۇللار يوللارنىڭ بويىدا ئۇلارغا قاراپ تەنتەنە قىلىشىپ قوياتتى، چېلەكتە سۇلارنى ئاچىقىپ ئۇلاردىن ھال سورىشاتتى، ياردارلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىشىپ، ئۆلۈكلەرنى كۆمۈشۈپ بېرەتتى. ئېتىزلاردا زىرائەتلەر تاشلىنىپ كەتكەن، قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى.

جونستوننىڭ قوشۇنى كالخوندا يەنە قورشاۋدا قېلىپ، ئادارسۋىلغا چېكىنىپ شۇ يەردە قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاندىن يەنە كارتېرسۋىلغا، ئاندىن يەنە كارتېرسۋىلنىڭ جەنۇبىغا چېكىندى. دۈشمەن دالتونغا ئەللىك ئىنگلىز مىلى ئىچكىرىلەپ كىردى. نېۋ - خوپې چېركاۋىغا چېكىنىپ كەلگەندە، جەنۇب ئارمىيەسى شۇ يەردە ئىستىھكام قۇرۇپ دۈشمەن بىلەن قاتتىق ئېلىشماقچى بولدى. شىماللىقلار خۇددى زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى، بەزىدە تاياق يېگەندە تۈگۈلۈۋېلىپ يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. نېۋ - خوپې چېركاۋىدا ئون بىر كېچە - كۈندۈز جەڭ بولدى. شىماللىقلارنىڭ ھەر قېتىمقى ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلدى. كېيىن جونستوننىڭ قوشۇنى يەنە قورشاۋدا قېلىپ، ئازغىنا ئادىمى بىلەن كەينىگە يەنە بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى چېكىندى.

جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ نېۋ - خوپې چېركاۋىدىكى زىيىنى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ۋاگون - ۋاگون ياردارلار ئاتلانتاغا توشۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شەھەر ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. شەھەر خەلقى چىكاموگا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇنداق كۆپ ئۆلگەن - يارىلانغانلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ياردارلار دوختۇرخانىلارغا توشۇپ كېتىپ، مېھمانخانىلارنىڭ زاللىرىدا، ئىسكىلاتلاردا يېتىپ كەتتى. ئاخىر بولماي ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. پىتتىي ھاممىغىمۇ

بىرنەچچىسى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. دەسلەپتە مىلانىيە ئىككىلا قات، يات ئادەملەر تۇرسا بىئەپ بولىدۇ، ھەر خىل ئىشلار بولۇپ بويىدىن ئاجراپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، دەپ قارشىلىق قىلىپ باقتى، لېكىن بولمىدى. ئۆيگە يارىدار ئەسكەرلەر كەلگەندىن كېيىن تاماق ئېتىش، يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىش، داكىلارنى يۇيۇش، ئۇلارنى يۆلەش، ئۆرۈش دېگەندەك ئىشلار ۋە كېچىلىرى ئۇلارنىڭ ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىشلىرى بىلەن دەم ئېلىشىمۇ تازا ياخشى بولمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ شەھەر ئۆزىگە ئارتۇق يارىدارلارنى سىغدۇرالماي، كەلگەن يارىدارلارنى كون بىلەن ئائۇگوستاغا يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى.

كەلگەن سۇيىدەك كېلىۋاتقان يارىدارلار ۋە مۇساپىرلارنىڭ توختىماي ئېقىپ كىرىشى بىلەن بۇ شەھەر چوڭ بىر قايناقا ئايلاندى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەردىن ھاسىل بولغان قورقۇنچلۇق بۇلۇتلار تېخىمۇ كېڭىيىپ، قاتتىق بىر يامغۇرنىڭ، تېخىمۇ دەھشەتلىك بوراننىڭ شەپىسىنى بېرىۋاتاتتى.

ئادەملەر ئۆز ئارمىيەسىنىڭ يېڭىلمەسلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتمىدى، ئەمما ئۆز گېنېراللىرىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشتى. نېۋ - خوپې چېركاۋى ئاتلانتاغا پەقەت ئوتتۇز بەش ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى. جونستون نېمىشقا شىماللىقلارنى شۇ يەردە توسۇپ قالالماي قەدەممۇ قەدەم كەينىگە چېكىنىدۇ؟ ئۇ دۆت، ئۆتۈپ كەتكەن دۆت نېمىكەن! ئەمما، پىدائىيى ئەسكەرلەر ئاتلانتادىن مىدىر قىلىشمىدى. ئۇلار تېخى، بىز بولساق چوقۇم غەلىبە قىلاتتۇق، دەپ پو ئېتىشاتتى، خەرىتىلەرنى ئۈستەللەرگە يېيىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ جەڭ پىلانلىرىنى سۆزلىشىپ كېتەتتى. گېنېرالنىڭ قوشۇنى بارغانسېرى ئازلاپ توختىماي چېكىنىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىشتات باشلىقى بىرووۋندىن ئۇ ئادەملەرنى ياردەمگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن ئۇ ئەۋەتىشكە ئۇنىمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا داۋس زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمىغان ئادەم. ئەمدى نېمىدەپ گېنېرال

جونستونغا يول قويغۇدەك؟

ئۇلار ئاز - ئازدىن جەڭ قىلىپ كەينىگە چېكىنىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە بەش كۈننىڭ ئىچىدە يەتمىش بەش ئىنگلىز مىلى چېكىنىپ بولدى، نېۋ - خوپې چېركاۋى ئۇلارنىڭ خىلىلا كەينىدە قېلىپ، ئۇ يەردىكى جەڭلەر ئەمدى قورقۇنچلۇق گۈڭگا بىر ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالدى. شىماللىقلار قىرىلىپ، جەسەتلىرى يەر يۈزى كۆرۈنمىگۈدەك يېتىپ كەتسىمۇ، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ يېڭى ئەسكەرلىرى بىلەن قوشۇنىنى تولۇقلاپ، يېرىم دائىرە مۇھاسىرە بىلەن جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئارقا سېپىگە سىڭىپ كىرىپ، تۆمۈر يوللارغا، ئاتلانتاغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

بىگ شانتۇنىڭ جەنۇبىدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن قوشۇن چوڭ يول بىلەن مارېتتا بازىرىدىكى كېننېسا تېغىغا قاراپ چېكىنىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇ يەردە لەخمىلەرنى كولىدى، تاغنىڭ ئۈستىگە زەمبىرەكلىرىنى تىكلىدى. زەمبىرەكلەرنى ئۇ يەرگە ئاچىققۇچە قېچىرلار يوق، ئەسكەرلەر لەنەتلەر ياغدۇرۇپ تۇرۇپ ئۆزلىرى ئىتتىرىپ سۆرەپ ئاچىقتى. ئالاقىچى ئەسكەرلەر بىلەن يارىدارلار ئاتلانتاغا كىرىپ، قورقۇپ تۇرۇشۇۋاتقان ئاھالىلەرنى ياخشى خەۋەرلەر بىلەن خاتىرجەم قىلىشتى. كېننېسا تېغىنىڭ ئۈستى ناھايىتى مۇستەھكەم قورغان ئىدى، پەستىكى پىنى ۋە لوست تاغلىرىمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇ يەرلەرگىمۇ ئىستىھكاملار قۇرۇلدى. شىماللىقلار ئۇلارغا ئامال قىلالمىدى، ئۇلارنىڭ زەمبىرەكلىرى چوڭ دائىرىدىكى يوللارنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى توپقا تۇتالايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاتلانتا يەڭگىل بىر تىنىۋالدى. لېكىن ...

لېكىن، كېننېسا بۇ يەرگە يىگىرمە ئىككى ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇشتۇمتۇت كېننېسا تەرەپتىن يارىدارلارنىڭ تۇنجى تۈركۈمى كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

مىرۋېتېر خانىمنىڭ پەيتونى پىتتىپىپات خېنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. لىۋۋي تاغا سىكارلېتنى دەررۇ كىيىنىپ دوختۇرخانىغا بارسۇن دەپ توۋلىدى. فەننى ئېلسىن بىلەن بونىپل ئائىلىسىدىكى قىزلارنىمۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقانىدى، ئۇلار پەيتوننىڭ كەينىدە ئەسنىشىپ ئولتۇراتتى. ئېلسىنلارنىڭ ئىمىكئانىسى تىزىدا يۇيۇپ قاتلاپ قويغان داكا، خاپا چىراي، پەيتونكەشنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. سىكارلېتمۇ ئانچە خۇشال ئەمەس، ئاخشام پىدائىي ئەسكەرلەرنىڭ پائالىيىتىدە كېچىچە تانسا ئويناپ چارچاپ قالغاچقىمۇ ئورنىدىن ئاران تۇرغانىدى.

پىرىسسىي ئۇنىڭ سىپىستىرالىق خالتىنىڭ توگمىسىنى ئېتىۋاتقاندا، مىرۋېتېر دېگەن ئۇ هارماس خوتۇننى، يارىدارلارنى، جەنۇب ئىتتىپاقىنى ئىچىدە بىرمۇنچە تىللىۋالدى. ئۇماچتىن بىرنەچچە ئۇتلاپلا، ئۆيدىن چىقىپ ئۇ قىزلار بىلەن دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ سىپىستىرالىق ئىشىدىن جاق تويغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن مىرۋېتېرگە ئاپىسىدىن خەت كېلىپ قايتىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى. كېيىن بۇنى ئېيتقانمۇ بولدى، ئەمما رولى بولمىدى. ئۇ خوتۇن قولىدىكى ئالدىراش قىلىۋاتقان ئىشىنى توختاتماي، سىكارلېتقا ئالىيىپ قويۇپ شۇنداق دېدى: «ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قۇرۇق گەپلىرىڭىزنى دېمەيلا قويۇڭ، سىكارلېت خامىلتون. بۈگۈنلا ئاپىڭىزغا خەت يېزىپ، بۇ يەردە سىزگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىمەن. ئىشىنىمەنكى، ئۇ بىزنىڭ هالىمىزنى چۈشىنىپ سىزنى ئەكەتمەيدىغان بولىدۇ. قېنى، دەررۇ پەشتامىنى باغلاپ مادى دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىڭ، ئۇنىڭغا هازىر دەل ياردەم لازىم.»

«ۋاي خۇدايىم، — ئويلىدى سىكارلېت پەرىشان بولۇپ، — ئاپام ئۇنىڭغا چوقۇم ماقۇل دەيدۇ. لېكىن، مېنىڭ بۇ سېسىقچىلىقتا بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇم يوق. نېمىشقىمۇ قېرى خوتۇن بولۇپ قالمىغاندىمەن؟ ئۇ چاغدا مەنمۇ ياشلارنى بوزەك

قىلىپ، ئۆزۈم بۆزەك قىلىنمايتتىم ئەمەسمۇ؟ مېرۋېتېردەك بۇنداق خوتۇنلارنىمۇ يېنىمغا يېقىن يولاتمايتتىم.»

دېمىسىمۇ ئۇ دوختۇرخانىدىن، ئۇ يەردىكى سېسترىچىلىقلاردىن، پىتلاردىن، ئازابلىق چىرايلاردىن، مەينەت بەدەنلەردىن جاق تويغانىدى. سېستىرالىققا بولغان بۇرۇنقى قىزىقىشلىرى، رومانتىك شېرىن خىياللىرى بىر يىلنىڭ ئالدىدىلا غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىرقى ياردارلار بۇرۇنقىدەك ئادەمنى ئۆزىگە قىزىقتۇرالمايتتى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا قىزىقىدىغاندەك ئەمەس، دەيدىغان گەپلىرىمۇ يوقتەكلا ئىدى. ئۇلاردىن سورىلىدىغان گەپلەرمۇ: «ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ گېنېرال جونستون نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ بىزنىڭ جونستونىمىز ئاجايىپ ئۇلۇغ، ئەقىللىك ئادەم!» دېگەندەك گەپلەر ئىدى. لېكىن، سكارلېت ئۇنى ھەرگىز ئۇلۇغ، ئەقىللىك ئادەم دەپ قارىمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇ شىماللىقلارنىڭ جورجىيەگە ئون سەككىز ئىنگلىز مىلى ئىچكىرىلەپ كىرىشىگە يولغا قويغان ئادەم ئىدى. ئۇ ياردارلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنى پات ئارىدا جىمجىتلا ئۆلۈپ كېتەتتى، چۈنكى ئۇلار ئاتلانتاغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا كېزىك، ئۆپكە، قان بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇلاردا ئۇ كېسەللەر بىلەن ئېلىشقۇدەك قۇۋۋەت يوق ئىدى.

كۈن ئىسسىپ كەتتى. توپ ـ توپ چىۋىنلەر ئوچۇق دېرىزىلەردىن ئۇچۇپ كىرىپ كىشىلەرنى كېسەلدىنمۇ بەكرەك بىزار قىلىۋاتاتتى. سېسىقچىلىق ۋە ئېچىنىشلىق ۋايجانلاشلار سكارلېتقا ھەممە تەرەپتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مادې دوختۇرنىڭ كەينىدە پەتنۇس كۆتۈرۈپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، ئىسسىقتا يېڭى يۇيۇپ كىيگەن كىيىملىرى تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

دوختۇرنىڭ ئۆتكۈر ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن يارىلارنى يارغان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن ئادەم چىداپ تۇرالمايتتى.

سىكارلېت بەزىدە چىدىماي ياندۇرۇۋېتىدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. نېمىدېگەن يىرگىنچلىك ئىش بۇ! ئوپېراتسىيە قىلىنىۋاتقانلارنىڭ چىدىماي ئېچىنىشلىق چىرقىراپ كېتىشلىرىچۇ تېخى! شۇنداق چىرقىراشلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىشىنى ساقلاپ ياتقان بىچارىلەرنىڭ، دوختۇر كېلىپ: كەچۈرگىن ئوغلۇم، بۇ قولۇڭنى كېسىۋەتمىسەك بولمايدۇ. شۇنداق، شۇنداق، چۈشەندىم. بىراق، ماۋۇ يەرگە قارا، يول - يول قىزىل ئىششىقنى كۆردۈڭمۇ؟ مۇشۇ يەردىن كېسىمىز» دېگەن چاغدا، چىرايىنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، يۈرىكىڭىز ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىۋاتقاندەك بولىسىز. ئادەمنىڭ ئۇ خىل روھىي ھالەتكە چىدىشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر.

ئۇ چاغلاردا ناركوز دورىلىرىنى تاپماق ئىنتايىن قىيىن ئىدى، پەقەت ئەڭ چوڭ ئوپېراتسىيەلەرگىلا ئىشلىتىلەتتى. ئەپيۇنمۇ قىممەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى، لېكىن ئۇمۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئازابىنى ئازراقلا يەڭگىللىتەلەيتتى، خالاس. سىكارلېت بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە نەپرەتلىنىدىغان بولدى. شۇڭا، ئاشۇ كۈنى ئۇنى چاقىرىپ كەلگەندە، مەنمۇ مېلانىيەگە ئوخشاش ئېغىر ئاياغ بولغان بولسام، بۇ يىرگىنچلىك ئىشلاردىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم، دەپ ئويلىغانىدى. ھازىر شۇنىڭغا ئوخشاش بىر باھانە بولمىسا بۇ ئىشتىن باش تارتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

چۈشتە سىكارلېت پەشتامىنى يېشىۋېتىپ دوختۇرخانىدىن ئاستىلا يېنىپ چىقتى. مېرىۋېتېر خانىم ساۋاتسىز، ئورۇق، ئېگىز بىر تاغلىق ئەسكەر ئۈچۈن سالام خەت يېزىپ بېرىۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ پەقەتلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا مەجبۇرىيەت ئىدى. چۈشلۈك پويىزدا يېڭى يارىدارلارنى ئېلىپ كەلسە، ئۇ، بۇ يەردىن كەچكىچە كېتەلمەيتتى، قورسىقىغا بىر نەرسە يەۋېلىشىمۇ ناتايىن ئىدى.

ئۇ ئىككى كوچىدىن تېز مېڭىپ ئۆتۈپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، ساپ هاۋادىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ كېتىۋاتقاچقا، بەدىنىگە چىڭ كېلىدىغان كۆڭلىكى نەپىسى بىلەن تەڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى. بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۆيىگە باراي دېسە پىتتىي هامىمىدىن قورقتى، دوختۇرخانىغا بولسا بارغۇسى كەلمىدى. دەل شۇ چاغدا رېت باتلېر پەيتونىنى هەيدەپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى.

— سىز ئەسكى - تۇسكى يىغىدىغان قىزلارغىلا ئوخشاپ قاپسىز، سكارلېت، — دېدى باتلېر. ئاندىن ئۇنىڭ ياماق چۈشكەن گۈللۈك كۆڭلىكىگە، كۆڭلەكتىكى داغلارغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. داغلارنى ئۇ كۆڭلىكىگە دوختۇرخانىدا يۇقتۇرۇۋالغانىدى. سكارلېت قاتتىق خىجىل بولدى هەم ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. ئۇ نېمىشقا دائىم ئاياللارنىڭ كىيىملىرىگە دىققەت قىلىپلا يۈرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ رەتسىز كىيىنىپ قالغىنىنى قوپاللىق بىلەن باهالايدۇ؟

— سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىزنىمۇ ئاڭلىغۇم يوق. دەرهال چۈشۈپ مېنى پەيتونىڭىزغا يۆلەپ چىقىرىپ، ئادەم كۆرمەيدىغان بىر يەرگە ئېلىپ بېرىڭ. دوختۇرخانىغا پەقەتلا بارغۇم يوق، ئۇلار مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ بارمايمەن. بۇ ئۇرۇشنى مەن قوزغىغان ئەمەس، مېنى بۇنداق ئازابلارغا سالىدىغانغا هېچقانداق ئادەمنىڭ هەققى يوق ...

— سىز بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزغا خائىنلىق قىلماقچىمۇ؟

— بولدى، سەن تاز دېگۈچە مەن دەۋالاي دېمەكچىمۇ سىز؟ چاپسان چۈشۈپ مېنى يۆلەڭ. نەگە ئېلىپ بارسىڭىز مەيلى، مېنى هاۋا يېگۈزۈپ كېلىڭ.

رېت باتلېر پەيتوندىن سەكرەپ چۈشۈۋاتقاندا، بىردىنلا سكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە هەممە ئەزايى بىجىرىم، بەقۇۋۋەت،

ئاغرىق ئازابىدا چىرايى قورۇلمىغان، بەزگەك كېسەللىكىنىڭ دەردىدە چىرايى سارغايمىغان، ساغلام، قۇۋۋەتلىك بىر ئەر قىياپىتىدە كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇنداق ئادەملەرگە قاراش، بولۇپمۇ ھازىرقى كۈنلەردە ئادەمگە قانداق راھەت بېرىدۇ ـ ھە! ئۇنىڭ ئۇستىگە كىيىملىرى شۇنداق رەتلىك، بەزى ئادەملەرنىڭكىدەك بىر بولسا كەڭ، سالپا ـ سۇلپا، بىر بولسا باغلاپ قويغاندەك بەدەندە چىڭ تۇرىدىغان ئەمەس، بەدىنىگە شۇنداق خوپ كەلگەن، يارىشىملىق. ئۆزى دۇنيادىن بىغەم، ھېچنېمە بىلەن كارى يوق. ھازىرقىدەك ھەممە ئادەم غەم بىلەن يۈرىدىغان، كۆزلىرىدىن قايغۇ كەتمەيدىغان بىر چاغدا، ئۇنىڭغا ئوخشاش يۈرۈش ھەقىقەتەن ھەيران قالىدىغان ئىش ئىدى. يەنە ئۇنىڭ مۇلايىم چىرايى، ئايالالارنىڭكىگە ئوخشاش قىزىرىپ تۇرىدىغان لەۋلىرى، ئاپپاق چىشلىرىچۇ تېخى. ئۇنى پەيتونغا يۆلەپ چىقارغاندا ئۆزىچىلا كۈلۈپ قويۇۋىدى، تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

باتلېرمۇ چىقىپ سىكارلېتنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. قۇۋۋەتلىك بەدىنى قاتۇرۇپ دەزمال سېلىنغان كىيىملەرنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ تولۇق ۋە ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك چىرايلىق تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ سىكارلېت ئۆتكەنكىلەرگە ئوخشاش، ئۇ بەدەنىنىڭ كۈچلۈك قىزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ، خۇددى بىردىنلا توك سوقۇۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى. كۆزلىرى كىيىم ئىچىدىكى ئۇنىڭ كۈچلۈك يەلكىسىگە، ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ھەم ئەنسىزچىلىككە سالىدىغان يەلكىسىگە قاراپ ئىختىيارسىز قورقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تېنى ساغلام، مۇسكۇللىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەزگۈر كاللىسىغا ئوخشاش ئالاھىدە ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل يەڭگىل گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى. تىنچ تۇرغان چاغلىرىدا ئېرىنچەكلىك بىلەن كۈنگە قاقلىنىپ ياتقان يىلپىزغا، ھوشيار چاغلىرىدا ئولجىسىغا ئېتىلغان شىرغا ئوخشايتتى.

— ۋاي ئالدامچى، — دېدى ئۇ ئېتىنى قامچىلىغاچ خۇشخۇي

كۆلۈپ، — ئەسكەرلەر بىلەن كېچىلەپ تانسا ئوينىغاندا ئۇلارغا گۈللەرنى تۇتۇپ، لېنتىلارنى ئېسىپ، ئىزمىمىز ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن دەپ، ئۇلارنىڭ يارىسىنى تاڭىدىغان، پىتىنى باقىدىغان چاغدا قېچىپ كەتسىڭىز بولامدۇ؟

— باشقا گەپلەرنى قىلىشىڭىزغا، ئېتىڭىزنى تېزرەك ھەيدىشىڭىزگە بولامدۇ، يوق؟ مېرۋېتېر بوۋاي دۇكىنىدىن چىقىپ مېنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا بىرىپلا مومىيىغا، چاقىدۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ.

ئۇ ئېتىنى بوشلا قامچىلاپ قويۇۋىدى، پەيتون بىردەمدىلا تۆمۈر يولغا يېتىپ باردى. يارىدارلارنى باسقان پويىز يېتىپ كەلگەن بولۇپ، نوسۇلكىچىلار يارىدارلارنى پويىزدىن چۈشۈرۈپ قۇتقۇزۇش پەيتونلىرىغا، ئۈستى يېپىق ترانسپورت ھارۋىلىرىغا سېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ سكارلېتنىڭ ۋىجدانى ئازابلانمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدىن دەل ۋاقتىدا قېچىپ چىققانلىقىغا خۇشال بولدى.

— دوختۇرخانىنىڭ ئىشلىرىدىن شۇنچىلىك بىزار بولدۇم، — دېدى ئۇ يېيىلىپ تۇرغان ئېتەكلىرىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ. ئارقىدىن شىلەپىسىنىڭ بوغقۇچىنى ئېڭىكىدىن تېڭىۋالدى، — ھازىر ھەر كۈنى تېخىمۇ كۆپ يارىدارلار شەھەرگە كىرىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى گېنېرال جونستوننىڭ خاتالىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ شىماللىقلارنى دالتوندىن ئۆتكۈزمىگەن بولسا ئۇلار ئاللىبۇرۇن ...

— ئەخمەق قىز، ئۇنى شىماللىقلارنىڭ ئالدىنى توسىمىدى دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرىۋېرىدىغان بولسا، شېرمان ئۇنى يان تەرەپتىن قىسىپ، ئوڭ، سول تەرەپلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىۋېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆمۈر يولمۇ قولدىن كېتەتتى. ئۇنىڭ جەڭ قىلىشتىن مەقسىتىمۇ تۆمۈر يولنى قوغداپ قىلىش.

— نېمىلا بولسۇن، ھەممىسى ئاشۇ ئادەمنىڭ خاتالىقى، — دېدى سىكارلېت. ئۇنىڭ ئۇرۇش ۋە ئۇرۇش تاكتىكىلىرى توغرۇلۇق قىلچە ساۋاتى يوق ئىدى، — بىر چارە قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ شۇڭا، ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىش كېرەك. نېمىشقا ئىستېھكامنى ساقلىماي ھەدەپ كەينىگە چېكىنىدىكەن.

— ئەسلىدە سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش، ئۇ ئىشلار قولىڭىزدىن كەلمىگەچكە «ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك» دەپ توۋلايدىغانلاردىن ئوخشىمامسىز؟ ئۇ دالتوندىكى ۋاقتىدا ئۇنى، قۇتقۇزغۇچ خۇدا، دەپ توۋلىغانىدۇق، ئالتە ھەپتىدىن كېيىن كېنىسا تېغىغا كېلىۋىدى، ئۇ خائىن يەھۇدىي بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ شىماللىقلارنى يىگىرمە ئىنگلىز مىلى كەينىگە چېكىندۇرۇۋېتىدىغان بولسا، ئەيسا پەيغەمبەرگە ئايلىنىدۇ. قىزچاق، شېرماننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۇنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئادىمى بىزنىڭ بىر ئادىمىمىزنى بىر دەمدىلا يىغىشتۇرۇۋېتىدۇ. جونستونغا ھازىر جىددىي ياردەم كېرەك، لېكىن ئۇ ياردەمنى نەدىن ئالىدۇ؟ ئىشتات باشلىقى بىروۋېننىڭ «ئەتىۋارلىقلىرى» ياردەمگە بارغان ھالەتتىمۇ، ئۇلارنىڭ قانچىلىك رولى بولىدۇ؟

— ئۇلار خەلق ئەسكەرلىرىنى راستلا يۆتكىمەكچىمۇ؟ مەن بۇ گەپنى ئاڭلىماپتىمەن. سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— مۇشۇنداق گەپ ھەممىلا يەردە بار. بۈگۈن ئەتىگەن مىللىدگېۋىلدىن كەلگەن پويىزدىن تارقالدى. خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن پىدائىيلارنىڭ ھەممىسىنى گېنېرال جونستونغا ياردەمگە ئەۋەتكۈدەك. بىروۋېننىڭ «ئەتىۋارلىقلىرى» ئاخىر ئوق - دورىلارنىڭ ھىدىنى پۇراپ باقىدىغان بوپتۇ. ئۇلار ئۇ يەرگە بېرىپ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ قالارمىكىن دەپ ئويلايمەن، چۈنكى ئۇلار قوللىرىغا راست قىلىچ، راست مىلتىق ئېلىشنى خىياللىرىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان - دە. بىروۋېن ئۇلارنى جەڭگە ئەۋەتمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، ھەتتا ئۇ داۋس زۇڭتۇڭ بىلەن قارشىلىشىپ،

ئۇلارنى ۋىرگىنىيەگىمۇ، ئۇلار بۇ يەردە قېلىپ ئىشتاتنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىمىسا بولمايدۇ، دەپ ئەۋەتمىگەن. ئۇرۇشنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىشتاتنى قوغداش جېڭىگە قاتنىشىدىغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كىرسۇن؟

— نېمىدېگەن رەھىمسىز ئادەم سىز، كۈلۈۋاتقىنىڭىزنى قارىڭا. پىدائىيلار قوشۇنىدىكى قېرىلار بىلەن ئۇششاق بالىلارنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟ پىل مادىي، ھەتتا مېرۋېتېر چوڭ دادا، ھېنرى خامىلتون تاغىلارمۇ بېرىشى كېرەكمۇ؟

— مەن ئۇ بالىلار بىلەن كىسكا ئۇرۇشقا قاتناشقان قېرىلارنى دەۋاتقىنىم يوق. چىرايلىق ھەربىي كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ يۈرۈۋاتقان ۋىللىي گۇنانغا ئوخشاش ياشلارنى دېمەكچىمەن.

— سىزمۇ بار.

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇلار مېنىڭ بىر تال تۈكۈمنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ. مەن ھەربىي فورما كىيمىدىم، قىلىچمۇ ئېسىپ يۈرمىدىم، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرى بىلەن قىلچە ئالاقەممۇ يوق. ئەگەر پىدائىيلارنىڭ ئىچىدە بولۇپ قالساممۇ ئۇلارغا ئوخشاش تەمتىرەپ يۈرمەيمەن. چۈنكى، ۋېست پوئىنت ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغانلىرىم ماڭا بىر ئۆمۈر يېتىپ ئاشىدۇ ... بولدى، مەن گېنېرال جونستونغا ئامەت تىلەيمەن. گېنېرال لېنى شىماللىقلار مىدىرلىيالمايدىغان قىلىپ قويدى، ۋىرگىنىيەدە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھېچقانداق ياردەممۇ يوق. شۇڭا، جورجىيەدىكى قوشۇنلار جونستونغا ياردەمگە بېرىشى كېرەك. ئۇ تېخىمۇ كۆپ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ دېگەن ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەچى. ئۇ دائىم شىماللىقلاردىن ئىلگىرى مېڭىپ ئىستىھكاملارنى قۇردى، لېكىن يەنە تۆمۈر يوللارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىپمۇ تۇردى. گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئەگەر ئۇنى تاغنىڭ ئىچىدىن قوغلاپ چىقىپ بۇ

ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىككە ئاچىقىۋالىدىغان بولسا، شىماللىقلار ئۇنى سويۇپ تېرىسىگە سامان تىقىدۇ.

— بۇ ئەتراپ دەيسىزغۇ؟ — سىكارلېت ھەيران قېلىپ سورىدى، — سىزمۇ بىلىسىز، شىماللىقلار ھەرگىز بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ.

— كېننېسا بۇ يەرگە يىگىرمە ئىنگلىز مىلىلا كېلىدۇ، سىز بىلەن بەسلىشىمەنكى ...

— راست، ئاۋۇ ياقتىكى بىر توپ ئادەمگە قارىڭا! ئۇلار ئەسكەرلەر ئەمەس. نېمە ئىشتۇ بۇ؟ ... ھە، ھەممىسى نېگىرلار ئىكەن.

ئۇ تەرەپتە قىزىل توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. چاڭنىڭ ئىچىدە قالايمىقان دەسسەپ كېلىۋاتقان ئاياغ ئاۋازلىرى، نېگىرلارنىڭ «مۇناجات»قا توۋلاۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. باتلېر پەيتونىنى يولنىڭ چېتىگە توختاتتى. سىكارلېت تەرلەپ كەتكەن نېگىرلارغا بويۇنداپ قارىدى. ھەممىسىنىڭ قولىدا جوتۇ - گۈرجەك، قۇرۇلۇش پولكىنىڭ بىر ئوفىتسېرى باشلاپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ ... — يەنە بىر قېتىم سورىدى ئۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى توپىنىڭ ئالدىدا ناخشا توۋلاپ كېتىۋاتقان قاۋۇل بىر نېگىرغا چۈشتى. ئۇ شۇنچىلىك قامەتلىك، ئېگىز بوي، گىگانت ئادەمگىلا ئوخشايدىغان يىگىت ئىدى، توپىنىڭ ئالدىدا خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك «بارغىن، مۇسا» ناخشىسىنى ئېيتىپ، لوڭ - لوڭ دەسسەپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت دۇنيادا تارا قورۇقىدىكى سامدەك يوغان ھەم ئاۋازى جاراڭلىق نېگىر ھېچ يەردە تېپىلمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، سام بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ ئۆيى شۇنچە يىراقتا قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتى تۇرسا؟ ئۇ دېگەن گېرالدنىڭ ئەڭ ياراملىق ياردەمچىسى ئىدىغۇ؟

ئۇ ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ دىققەت بىلەن قاراشقا

باشلىدى. ئۇ گىگانت ئادەم ئۇنى كۆرۈپ تونۇيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ھىجىيىپ قويدى، چىرايىدا خۇشاللىق ئويناپ مېڭىشتىن توختىدى ـ دە، قولىدىكى گۇرجىكىنى قويۇپلا يېنىدا بىللە كېلىۋاتقان نېگىرلارغا: «ۋاي خۇدايىم، ئۇ بىزنىڭ سىكارلېت خانقىزغۇ! لېگي، پوستلي، پىروپخىت، ئاۋۇ يەردە بىزنىڭ سىكارلېت خانقىز تۇرىدۇ!» دەپ توۋلىغاچ سىكارلېتقا قاراپ ماڭدى.

توپ بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ، ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ توختاپ قېلىشتى. ئۇلارنى باشلاپ ماڭغان ئوفىتسېر سامنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ كېلىۋاتاتتى.

— سەپكە قايتىش! مەن سەنلەرگە بۇيرۇق بېرىۋاتىمەن، قايتىش! بولمىسا مەن ... ھوي، خامىلتون خانىمغۇ بۇ. ياخشىمۇ سىز خانىم، سىزمۇ ھەم ئەپەندى. سىلەر نېمىشقا بۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ بۇلارغا توپىلاڭ كۆتۈرگۈزىسىلەر؟ پۈتۈن بىر چۈشتىن بۇرۇن بۇ خەقنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىمەن دەپ ئېسىمدىن كەتتىم.

— كاپىتان راندال، بىزنى ئۇنداق ئەيىبلەپ كەتمەڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئادەملەر. بۇنىڭ ئىسمى سام، بىزنىڭ ئىش بېشىمىز، بۇلارنىڭ ئىسمى پوستلي، لېگي، پىروپخىت. ئۈچىلىسى تارادىن كەلگەن، شۇڭا مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلدى ـ دە. ياخشىمۇ سىلەر، يىگىتلەر؟

ئۇ ئۇلار بىلەن بىر ـ بىردىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار خۇشاللىقىدا ئېغىزلىرىنى يۇمالماي، باشقا نېگىرلارنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق بىر چىرايلىق غوجايىنىنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشتى.

— شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ كېسىپ ئېيتىمەنكى، چوقۇم ئۇ يەردىن قاچتىڭلار. ساقچىلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقمىدىڭلارمۇ؟

ئۇلار سىكارلېتنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قاقاھلاپ

كۆلۈشۈپ كەتتى.

— قاچتىڭلار؟ — دېدى سام، — ئۇنداق ئەمەس، خانقىز. بىز قاچمىدۇق. ئۇلار بىز تۆتىمىزنى ئەڭ كۆچلۈك ئەمگەك كۈچى دەپ تاللىۋېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — ئۇ مەغرۇر هالدا ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى، — بولۇپمۇ مەن ئۇلارغا بەكرەك ياراپ قالدىم، چۈنكى مەن ناخشىنى ياخشى ئېيتىمەن ئەمەسمۇ. راست، خانقىز، بىزنى فىرانك كېيىنىپدى ئەپەندى كېلىپ تاللىدى.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىكەنسىلەر، سام؟

— سىكارلېت خانقىز، سىز ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئاق تەنلىكلەرنىڭ شىمالىقلارغا كۆرۈنمەي مۆكۈنۈۋېلىشى ئۈچۈن خەندەك كولايدىكەنمىز.

كاپىتال راندال بىلەن رېت ۋە سىكارلېت بۇ نېگىرنىڭ ئەسكەرلەر مۇداپىئەلىنىپ كىرىۋالىدىغان خەندەكلەرگە بەرگەن بالىلارچە چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى باسالماي كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بىزنى ئېلىپ ماڭغاندا گېرالد ئەپەندى ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، بۇلار بولمىسا قورۇقنىڭ ئىشلىرىنى مەن قانداق قىلىمەن، دېدى. سۇئېللېن خانقىز بولسا: «ئۇنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، كېيىنىپدى ئەپەندى، جەنۇب ئىتتىپاقى سامدەك قاۋۇل ئادەملەرگە بىزدىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق» دېدى. يەنە تېخى ماڭا بىر دوللار بەردى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىڭلار دەپ تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەرگە كەلدۇق.

— بۇ زادى نېمە ئىش، كاپىتان راندال؟

— بۇ ئاددىيلا بىر ئىش، ئاتلانتانىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن خەندەك كولاشقا توغرا كەلدى، ئالدىنقى سەپتىن خەندەك كولاشقا ئەسكەر چىقىرالماي، يېزىلاردىن قاۋۇل نېگىرلارنى ئېلىپ كېلىپ ئىشلىتىشكە

مەجبۇر بولدۇق.

— بىراق ...

سىكارلېتنى سەل - پەل قورقۇنچ باستى. ئۇنچىلا كۆپ خەندەك كولاش نېمىگە ھاجەت بولۇپ قالغاندۇ؟ تېخى بۇلتۇرلا شەھەر مەركىزىدىن بىر مىل يىراقلىقتا زەمبىرەكلەرنى يوشۇرىدىغان زور لەخمىلەرنى كولاپ قويغان ئەمەسمۇ؟ كولانغان خەندەكلەرمۇ ھازىر پۈتۈن شەھەرنى ئوراپ بولاي دېدى. ئۇمۇ يەتمەي، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ كولايدىغان گەپ ئىكەن - دە.

— بىزنىڭ شۇنچە كۆپ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىمىز تۇرسا، يەنە يېڭىسىنى كولاپ نېمە قىلىمىز؟ ھازىر كولانغانلىرىنى ئىشلىتىپ بولۇشىمىزمۇ ناتايىن. شۇبھىسىزكى، گېنېرال ...

— ھازىرقى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىمىز شەھەردىن بىر ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا، — ئىخچام قىلىپ چۈشەندۈردى كاپىتان راندال، — بۇ بەكمۇ يېقىن بولۇپ قالغان، تازا قولايلىق ئەمەس ھەم خەتەرلىكرەك. ھازىر كولايدىغىنىمىز يىراقتىراق. بۇدا قوشۇن يەنە چېكىنىدىغان بولسا ئۇ چاغدا نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئاتلانتاغا كىرىۋالىدىغان گەپ.

ئۇ ئاخىرقى گەپنى قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، قورققىنىدىن كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى.

— ئەمما، قوشۇنىمىزنىڭ يەنە كەينىگە چېكىنىشى ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ دەررۇلا گېپىنى تۈزىتىپ، — كېنېسا تېغىدىكى مۇداپىئەيىمىزنى يىمىرىش يوق گەپ. تاغ ئۈستىنىڭ تۆت تەرىپىگە زەمبىرەكلەر زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پەستىكى ھەممە يولنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا شىماللىقلار يېقىن كېلەلمەيدۇ.

سىكارلېت ئۇنىڭ رېت باتلېرنىڭ سۈرلۈك ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىتتىك يەرگە قارىۋالغانلىقىنى بايقاپ سەل ئەندىشە قىلىپ قالدى. رېت باتلېرنىڭ: «ئۇنى تاغنىڭ ئىچىدىن قوغلاپ بۇ ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىككە ئاچىقىۋالىدىغان بولسا،

شىماللىقلار سويۇپ تېرىسىگە سامان تىقىدۇ.» دېگەن گېپى ئۇنىڭ ئېسىدە بار ئىدى.

— كاپىتان، سىزنىڭچە ...

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، قورقماڭ. گېنېرال جونستوننىڭ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئالدىنى ئالدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. بىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ خەندەك كولىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ ... ئەمدى ماڭمىسام بولمايدۇ، يەنە پۇرسەت بولغاندا پاراڭلىشارمىز ... يىگىتلەر، غوجايىن قىزىڭلار بىلەن خوشلىشىڭلار، ئەمدى سەپكە قايتىمىز.

— خەير - خوش، يىگىتلەر. ئاغرىپ قالساڭلار، بىرەر يېرىڭلار زەخىملىنىپ قالسا ياكى بىرەر ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىساڭلار ماڭا خەۋەر قىلىڭلار. مەن پىئاچتىر كوچىسىنىڭ بېشىدا تۇرىمەن، ئۆيىمىز كوچىنىڭ ئەڭ چېتىدە. توختاپ تۇرۇڭلار، — ئۇ دەرھال سومكىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، — ئاپلا، يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق ئىكەن. رېت، ماڭا ئازراق پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرسىڭىز. مانا بۇ پۇلنى ئالغىن، سام، تاماكا ئېلىپ بىللە چېكەرسىلەر. كاپىتان راندالنىڭ دېگىنى بويىچە ياخشى ئىشلەڭلار.

بايا بۇزۇلۇپ كەتكەن سەپ يەنە تۈزلىنىپ، چاڭ - توزانلارنى توزۇتۇپ رەتلىك مېڭىپ كېتىشتى. سام «بارغىن، مۇسا» ناخشىسىنى يەنە باشلاپ ئېيتىشقا باشلىدى:

بارغىن مۇسا، مىسىر دېگەن يەرگە بارغىن !
بېرىپ پىرئەۋننى كۆرگىن،
بېرىپ مېنىڭ ئۈممەتلىرىمنى باشلاپ كەلگىن ! ①

— رېت، كاپىتان راندال مېنى قورقۇپ ھوشىدىن كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، باشقا ئەرلەرگە ئوخشاش ئالداپ قويدى، بىزدىن

① «ئىنجىل، تەۋرات. مىسىردىن چىقىش» نىڭ ئۈچىنچى سۈرىسىدىن.

ھەقىقىي ئەھۋاللارنى يوشۇردى. ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنى ئېنىق ئەمەسمۇ؟ رىت، ئەگەر خەتەر بولمىسا ئۇلار نېمىشقا يېڭىدىن يەنە خەندەك كولايدۇ؟ نېگىرلارنى ئەكېلىپ ئىشلەتكۈدەك، قوشۇندا ئادەم شۇنچىلىك يېتىشمەمدۇ؟

رىت باتلېر بوجىنى بوش سىلكىپ پەيتوننى ھەيدەپ مېڭىپ كەتتى.

— ئارمىيەدە ھازىر ئادەمنىڭ كەملىكى كەم، بولمىسا نېمىدەپ پىدائىيلارنى ئۇرۇشقا ئەۋەتىشىدۇ؟ خەندەككە كەلسەك، ھىم، ئۇ شەھەر مۇھاسىرىدە قالغاندا ئىشلىنىدىغان نەرسە. قارىغاندا، گېنېرال ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىققا تەييارلىق قىلىۋاتسا كېرەك.

— مۇھاسىرە! دەرھال پەيتوننى كەينىگە ياندۇرۇڭ، ئۆيگە قايتىمەن، تاراغا قايتىپ كېتىمەن، ھازىرلا ماڭىمەن.

— سىزگە نېمە بولدى؟

— شەھەر مۇھاسىرىدە قالىدۇ دەۋاتىسىزغۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي! مۇھاسىرىنىڭ نېمىلىكىنى دادامدىن ئاڭلىغانمەن. ئۇ بىر قېتىم شەھەردە مۇھاسىرىدە قاپتىكەن. بەلكىم دادامنىڭ دادىسى قالغان بولغىيدى. ئەمما، ئۇ ماڭا ...

— قاچانقى مۇھاسىرە ئۇ؟

— دىروگخېدادىكى. شۇ چاغدا كىرومۋېل ئىرېلاندىيەلىكلەرنى مەغلۇپ قىپتىكەن. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا يەيدىغىنى يوق، مۇشۇك، چاشقان، ھەتتا مايقۇرتلاردىن تارتىپ ھەممىنى يەپ بوپتىكەن. ئۇلار ھەتتا بىر - بىرىنىمىزنى يېيىش ھالىتىگە يەتسەكمۇ تەسلىم بولمايمىز، دېيىشىپتىكەن. بۇ گەپ راستمۇ، يالغانمۇ بىلمەيمەن. كېيىن كىرومۋېل شەھىرىنى بېسۋېلىپ، پۈتۈن ئاياللارنى ... مۇھاسىرە دېگەن شۇنداق نەرسىدۇ! ۋاي خۇدايىم!

— نېمىدېگەن نادان قىز سىز، سىزدەك بۇنداق ياشنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. دىروگخېدا مۇھاسىرىسى 1600 -

يىلىنىڭ ئالدىدىكى ئىش، ئۇ چاغدا ئوخارا ئەپەندى تېخى تۇغۇلمىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە شېرمان كىروموۋېل ئەمەس.

— ياق، ئۇ تېخىمۇ ئەسكى ئادەم! ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ...

— مۇھاسىرە ۋاقتىدا ئىرېلاندىيەلىكلەر يېگەن ئۇ ئېسىل تائام، يەنى سېمىز چاشقانلارنى، يېقىندا رېستوراندا ھېلىقىدەك نەرسىلەرنى يېگەندەك، ئىشتىھا بىلەن مېنىڭمۇ يېگۈم كېلىدۇ. شۇڭا، سىز رېچماندقا بېرىڭ، پۇلىڭىز بولسا ئۇ يەردە خالىغان نەرسىنى يېيەلەيسىز، — ئۇنىڭ كۆزلىرى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، سكارلېتنىڭ قورقۇپ تۇرغان چىرايىغا قادىلىپ تۇراتتى.

سكارلېت ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇنچاقلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە ئاچچىقى كېلىپ توۋلاپ كەتتى:

— مەن سىزنىڭ بۇ يەردە نېمىشقا بۇنداق ئۇزاق تۇرۇپ قالىدىغانلىقىڭىزنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم. ئەتىدىن كەچكىچە ئويلايدىغىنىڭىز ياخشى يېيىش، راھەت ياشاشلىكەنغۇ سىزنىڭ.

— كۆڭلىرىمنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشۈمگە شۇنىڭدىن باشقا ئىش بولمىسا مەندە، — دېدى باتلېر، — بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قېلىۋاتقىنىمغا كەلسەك، مەن شەھەر مۇھاسىرىسى توغرىسىدا ھەم شۇنىڭغا يېقىنراق مەزمۇنلاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، ئەمما مۇھاسىرىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، شۇڭا مۇشۇ يەردە قېلىپ كۆرۈپ باقايمىكىن دەۋاتىمەن. مەن جەڭچى ئەمەس، شۇڭا ماڭا خەتەر يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئازراق ئەمەلىي تەجرىبىگىمۇ موھتاجمەن. سكارلېت، يېڭى نەرسىلەرنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك، ئۇ سىزنىڭ پىكرىڭىزنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ.

— مېنىڭ پىكىرلىرىم ئەزەلدىن باي.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، بۇ ئۆزىڭىزگە ناھايىتى ئېنىق. قۇرۇق گەپ ئەمەس، راست گېپىم، شەھەردە قېلىپ قالسام مۇھاسىرە ۋاقتىدا سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن. ھازىرغىچە

مۇشكۇلچىلىكتە قالغان بىرمۇ ئايالنى قۇتقۇزۇپ باققان ئەمەسمەن، بۇمۇ ماڭا يېڭى بىر تەجرىبە بولۇپ قالار.

سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرىدە جىددىي بىر مەسىلىنى ھېس قىلىپمۇ تۇراتتى.

— سىزنىڭ مېنى قۇتۇلدۇرۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزۈمنى ئۆزۈم باشقۇرالايمەن، رەھمەت سىزگە.

— ئۇنداق دېمەڭ، سىكارلېت. خۇشال چاغلىرىڭىزدا شۇنداق ئويلىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەمما ئەر كىشىگە ھەرگىز ئۇنداق گەپ قىلماڭ. شىماللىق قىزلارنىڭ ئىللىتىمۇ مانا شۇ يەردە. ئۇلار: «ئۆزۈمنى ئۆزۈم باشقۇرالايمەن، رەھمەت سىزگە» دېگەن گەپنى دائىم دېمىسىلا شۇنداق ئوماق قىزلار. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دېگىنىمۇ راست، شۇڭا ئەرلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشقا قويۇپ بەرسە بولىدۇ.

— گەپنى نەلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىز، — سىكارلېت سەل ئاچچىقى بىلەن دېدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى شىماللىق قىزلارغا ئوخشاتقىنىنى ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلگەنىدى، — سىز مۇھاسىرىنىڭ كېيىنى قىلىپ ئادەم ئالداۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ چۈنكى سىزمۇ شىماللىقلارنىڭ ئاتلانتاغا بېسىپ كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسىز.

— سىز بىلەن بەسلىشىمەن، شىماللىقلار بىر ئاينىڭ ئىچىدە بۇ يەرگە بېسىپ كىرىدۇ. ئەگەر مەن ئۇتتۇرۇۋەتسەم بىر كوروپكا كەمپۈت تىكەي، — ئۇ بىر جۈپ قارا كۆزىنى سىكارلېتنىڭ لەۋلىرىگە تىكتى، — سىز ئۇتتۇرۇۋەتسىڭىز لەۋلىرىڭىزدىن بىر سۆيدۈرۈشنى تىكىڭ.

بايا شىماللىقلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن قورقۇپ دەككە-دۈككىدە ئولتۇرغان سىكارلېت «سۆيۈش»نىڭ كېيىنى ئاڭلاپلا، بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدە ئۇ قورقۇنچلىرىنى ئۇنتۇپلا كەتتى. ئۇ بۇ ئىش بىلەن بەكمۇ تونۇش ئىدى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق

ئىشتىنىمۇ بەكرەك قىزىقاتتى. ئۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋالدى. ھېلىقى شىلەپىنى سوۋغا قىلغاندىن بېرى، رېت باتلېر ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ھېچقانداق ھەرىكەتتە بولمىغانىدى. ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق سۆزلەشكە قىزىقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھازىر ئۇ سكارلېتنى قىزىقتۇرۇپ ئۇنىڭغا سۆيۈشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى.

— مەن بۇنداق خۇسۇسىي پاراڭلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن، — دېدى ئۇ قەستەن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سوغۇق تەلەپپۇزدا. — سۆيسەم چوشقىنى سۆيەرمەنمىكىن.

— بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىدىغان ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشمايۋاتىمىز. مەن ئىرېلاندىيەلىكلەر چوشقىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىغان، ئۇلار ھەتتا چوشقىنى كارىۋىتىنىڭ ئاستىغا ياتقۇزۇپ قويارمىش. بىراق، سكارلېت، سىز ھازىر سۆيۈشكە تولىمۇ ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىسىز، سىزنىڭ ھازىرقى يۈرەك كېسەللىكىڭىزمۇ شۇنىڭدا. بۇرۇنقى يىگىتلىرىڭىز سىزنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلغان ياكى سىزدىن بەكمۇ قورققان، نەتىجىدە سىز ئارزۇيىڭىزغا قانماي كەلگەن. ئۆزىڭىزنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇۋالىدىغان ئىللەتكە گىرىپتار بولۇپ قالغان. شۇڭا، سىز ئۆزىڭىزنى سۆيدۈرۈشىڭىز، قانداق سۆيۈشنى بىلىدىغان ئادەمگە سۆيدۈرۈشىڭىز كېرەك.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت سكارلېتنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە قايتىلىنىپ تۇراتتى، يەنە ئىككىسى دۇئېلغا چىقاتتى، يېڭىلىدىغىنى سكارلېت بولاتتى.

— ئۇنداقتا، ئەڭ مۇۋاپىق نامزات سىز بولسىڭىز كېرەك-ھە؟ — دېدى سكارلېت ئۆزىنى خاپا بولۇپ كېتىشتىن قاتتىق تۇتۇۋېلىپ مەسخىرە تەلەپپۇزىدا.

— ھە، شۇنداق، مەن شۇنداق قىلىشقا خۇشاللىق بىلەن تىرىشىدىغانلا بولسام، — دېدى باتلېر ئىرەنشىمىگەندەك قىلىپ، — باشقىلار مېنى، سۆيۈشنى بىلىدۇ، دېيىشىدۇ.

— ھىم، — سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقىغا قىلچە قىزىقمايۋاتقاندەك قىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا شۇئان ئاچچىقى كەلدى، — سىز قانداقلارچە ... — لېكىن ئۇ بىردىنلا خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇۋالدى، ئەمما باتلېرنىڭ چىرايىدا كۈلكە ئويناپ، بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرى خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— بەلكىم سىزگە شىلەپە سوۋغات قىلغان كۈنى بىرنى سۆيۈپ قويغىنىمدىن بېرى، سىزنى يەنە بىر سۆيۈشكە پۇرسەت تاپمىغىنىم ئۈچۈن ئەجەبلىنىپمۇ تۇرۇۋاتقانسىز.

— مەن ئەزەلدىن ئۇنداق ئويدا بولمىدىم.

— ئەمىسە سىز ياخشى قىز ئەمەس ئىكەنسىز، سىكارلېت. بۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالدى. ياخشى قىزلار ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى سۆيمىگىنىگە ئەجەبلىنىدۇ. ئۇلار يىگىتلەردىن ئۇنداق ئىشنى تەمە قىلماسلىق كېرەكلىكىنى، شۇنداق ئىش بولغاندا يالغاندىن خاپا بولۇشنىڭ لازىملىقىنى بىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، يىگىتلەرنىڭ كېلىپ ئۆزلىرىنى سۆيۈشلىرىنى ئارزۇ قىلىدۇ ... بولدى، سۆيۈملۈكۈم، غەيرەتكە كېلىڭ. بىر كۈنلىرى سىزنى سۆيىمەن، ئۇ چاغدا سىزمۇ خۇشال بولىسىز. ئەمما، ھازىر ۋاقتى ئەمەس، ئالدىراپ كەتمەسلىكىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما بۇ خىل تۆۋەن كۆرۈش ئەكسىچە ئۇنى قاتتىق خۇشال قىلاتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى ھەقىقەت ئىدى، ئادەم ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز قالاتتى. بۇمۇ بولدى، ئۇ ئۆزىنى ئۇزۇل - كېسىل ئاشكارىلىدى. بىر كۈنلىرى ئۇنىڭغا ئەدەپسىزلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويىدۇ.

— ئېتىڭىزنى كەينىگە ياندۇرسىڭىز بولارمۇ، كاپىتان باتلېر؟ مەن دوختۇرخانىغا قايتىپ بارماقچى.

— راست قايتىپ بارامسىز، شەپقەت ھەمشىرەم؟ پىت ۋە پاسكىنا سولدارنىڭ ئىچىدە يۈرۈشكە رازى، مەن بىلەن بىللە بولۇشقا رازى ئەمەس ئىكەنسىز - دە. بولىدۇ، سىزنىڭ بۇ بىر جۈپ چىۋەر قوللىرىڭىزنىڭ بىزنىڭ شەرەپلىك ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئىشلىشىنى توسۇپ قويماي، — باتلېر شۇنداق دەپ، ئاتنىڭ بېشىنى كەينىگە ياندۇرۇپ فىۋى پوئېنتس تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ كەينىڭىزگە جىددىي چۈشمىگىنىمنىڭ سەۋەبى، — دېدى باتلېر خۇددى سكارلېت بۇ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش خىيالىدا بولمايۋاتقاندەك سۆزىنى داۋام قىلىپ، — سىزنى يەنە ئازراق چوڭ بولۇۋالسۇن دېدىم. ھازىر سىزنى سۆيسەم ھېچقانداق لەززىتى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەززەتنى ئۆزۈملا ئالىدىكەنمەن. مېنىڭ كىچىك قىزلارنى سۆيۈپ باقايچۇ دەيدىغان خىيالىممۇ يوق.

رېت باتلېر كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، سكارلېتنىڭ غەزەپتىن كۆپچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلەي دەپ تۇرغان كۈلكىسىنى ئاران بېسىۋالدى.

— ئۇنىڭدىن باشقا، — دېدى ئۇ مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — ھېلىقى ھۆرمەتلىك ئاشلېي ۋىلكېسنىڭ خاتىرىڭىزدىن ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ كېتىشىنىمۇ ساقلىدىم.

ئاشلېينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەندەك بولدى، كۆز چاناقلىرىمۇ قىزىرىشقا باشلىدى. ئۆچۈش ؟ ئاشلېي ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، ئۇ ئۆلۈپ مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بىردىنلا ئاشلېينى يىراقتىكى شىماللىقلارنىڭ تۈرمىسىدە جان ھەلقۇمىدا ياتقان، ئۈستىگە يېپىنغۇدەك ئەديالمۇ، يېنىدا ھالىدىن خەۋەر ئالغۇدەك يېقىن ئادىمىمۇ يوق ھالەتتە كۆز

ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يېنىدا ئولتۇرغان ياسانچۇق، تەكەببۇر، مەسخىرىلىك ھەرىكەتلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇستا بۇ ئادەمگە بىردىنلا نەپرەتلىنىپ، ئۆزىنى باسالماي ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى.

سىكارلېت ئىچىدىكى غەزىپىنى ئىشىغا چىقىرالماي پەيتوندا جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

— مەن سىز بىلەن ئاشلېينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە ئىشنى چۈشىنىپ بولدۇم، — دېدى باتلېر، — چۈشىنىشىم «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى مۇقەددىمىدىن باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىزنى كۆزىتىپ يەنە نۇرغۇن ئەھۋاللارنى بىلدىم. ئۇ قانداق ئەھۋاللار؟ مەسىلەن، سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئوقۇغۇچى قىزلارغا خاس رومانتىك قىزغىن ھېسسىياتىڭىز، ئۇنىڭ يۇكسەك خاراكتېرى يول قويغان دائىرىدە سىزگە بەرگەن جاۋابلىرى. يەنە مەسىلەن، ۋىلكېس خانىمنىڭ بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋەرسىزلىكى، ئاشلېي ئىككىڭلارنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ئەپچىل ھىيلىلەرنى ئىشلەتكىنىڭلار ۋەھاكازالار. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرىم بار. مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىغان بىر ئىشلا بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇ بولسىمۇ، ئالىيجاناب ئاشلېي ئۆزىنىڭ كىر قوندۇرماي كېلىۋاتقان پاك روھىغا خەتەر يەتكۈزۈپ سىز بىلەن سۆيۈشتىمۇ، يوق؟

سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭغا جاۋابى پىسەنت قىلماسلىق، جاھىللىق بىلەن گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېلىش بولدى.

— ھە، ئۇ سىزنى سۆيۈپتۇ - دە. پەرىزىمچە، بۇ ئىش ئۇ دەم ئېلىشقا كەلگەندە بولغان. خوش، ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ، سىز شۇ خىل ھېسسىياتىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت سادىق بولۇپ ئۆتەمسىز؟ ئەمما ئىشىنىمەنكى، سىز ئۇ بويۇنتۇرۇقتىن ھامان بىر كۈنى قۇتۇلۇپ چىقىسىز. ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋاقتىڭىزدا، ئاندىن مەن ...

ئۇ غەزەپ بىلەن باتلېرغا بۇرىلىپ قارىدى.

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، يىراقلارغا يوقىلىڭ! — غەزەپ بىلەن توۋلاپ كەتتى ئۇ. كۆك كۆزلىرىدىن نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى، — پەيتونىڭىزنى توختىتىڭ، بولمىسا پەسكە سەكرەيمەن، سىزنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، سىزگە مەڭگۈ گەپمۇ قىلمايمەن.

باتلېر پەيتوننى توختاتتى، يۆلەپ چۈشۈرۈپ قويغۇچە سكارلېت يەرگە سەكرىۋىدى، كۆڭلىكى چاققا ئىلىنىپ قېلىپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئىچ كۆڭلىكى بىلەن كۇسىرىغا كۆزلىرى چۈشۈپ قالدى. باتلېر شۇئان ئېڭىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ئىلىنىپ قالغان يېرىدىن چىقىرىۋەتتى. سكارلېت بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، كەينىگە قاراپمۇ قويماي غەزەپ بىلەن مېڭىپ كەتتى. رېت باتلېر ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى.

## ئون سەككىزىنچى باب

ئۇرۇش باشلانغاندىن بېرى ئاتلانتالىقلار تۈنجى قېتىم زەمبىرەك ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە شاۋقۇن تېخى باشلانماي تۇرۇپلا كېننېسا تېغى تەرەپتىن زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى خۇددى يازدىكى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلىنىشقا باشلايتتى. كىشىلەر ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن خۇددى شىماللىقلار يىگىرمە ئىككى ئىنگلىز مىلى يېقىنلاپ كەلمىگەندەك پاراڭ، كۈلكە ـ چاقچاقلار ۋە خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقا تىرىشاتتى، لېكىن قۇلاقلىرى ئۇ ئاۋازلارغا دىڭ تۇراتتى. پۈتۈن شەھەرنىڭ دىققىتى مەركەزلەشكەن، ھەممە ئادەم قولىدا خىزمەت بولسىمۇ ئۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى، كۈندە يۈز قېتىملاپ ساراسىمىدە يۈرەكلىرى ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ

كېتەتتى: زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەرمۇ؟ يا بۇ ئۇلارغا خىيالىي تۇيۇلۇۋاتقان ئاۋازمىدۇ؟ گېنېرال جونستون شىماللىق ئالۋاستىلارنى توسۇۋالالارمۇ؟

كىشىلەرنىڭ قورقۇنچلىرى ھازىرچە يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، تېخى ئاشكارىلانمىغانىدى. قوشۇننىڭ توختىماي كەينىگە چېكىنىشلىرى بىلەن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان نېرۋا تومۇرلىرى يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. ئەمما، ھېچكىم قورقۇنچلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشمايتتى، ئۇ ھەقتىكى گەپلەر چەكلىنەتتى، ئۆزلىرىنىڭ جىددىيلىشىپ تۇرغان روھىي ھالەتلىرىنى گېنېرالنى ئۆلۈك ئەيىبلەشلەر بىلەن بېسىپ تۇرۇشاتتى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ روھىي ھالىتى پارتلاش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، چۈنكى شېرماننىڭ قوشۇنى ئاتلانتانىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغانىدى، جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنى ئەمدى چېكىنىدىغان بولسا شەھەرگە چېكىنىپ كىرەتتى.

بىزگە كەينىگە چېكىنمەيدىغان گېنېرال كېرەك! ئىستىھكامنى جان تىكىپ ساقلايدىغان ئادەملەر كېرەك!

زەمبىرەك ئاۋازلىرى يىراقتىن كىشىلەرنىڭ قۇلاق پەردىلىرىنى تىترىتىشكە باشلىغاندا، ئىشتات باشلىقى بىروۋنىڭ «ئەتىمۋارلىق»لىرى ھەم بۇ ئىشتاتتىكى يېزا پىدائىيلىرى ئاتلانتادىن چىقىپ، گېنېرال جونستوننىڭ كەينىدىكى چاتتاخوچى دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى بىلەن دەريا كېچىكىنى ساقلاشقا ماڭدى. ئۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇلار فىۋى پوئىنتىس بازىرىدىن چىقىپ مارېتتا كوچىسىغا كەلگەندە سىمىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن، دۇكانلىرىدىن چىقىشىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ئۇلارنى تەنتەنە بىلەن ئۇزىتىشتى.

سىكارلېت بىلەن مايبېل مېرۋېتېر دوختۇرخانىدىن رۇخسەت سوراپ ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشتى، چۈنكى

هېنرى تاغا بىلەم مېرۋېتېر بوۋايمۇ پىدائىيلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى بىلەن مادىي خانىم توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ، هە دەپ ئالدىغا بويۇنداپ قارىشاتتى. سىكارلېتمۇ جەنۇبلۇقلارغا ئوخشاش ئۈمىدلىك، ئۇرۇشتىكى كىشىنى خۇشال ۋە خاتىرجەم قىلىدىغان خەۋەرلەرگە ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇگۈنكى بۇ قالايمىقان قوشۇننى كۆرۈپ كۆڭلى بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. ئەمدىكى ئۇرۇش مۇشۇ قېرى ـ چۈرىلەر بىلەن ئۇششاق باللارغا قالغاندىكىن، هازىرقى ئەهۋالنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياش، قۇۋۋەتلىك ئەرلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلار هازىر شەهەردە مودا بولۇۋاتقان چىرايلىق خەلق ئەسكەرلىرى كىيىملىرىنى كىيىشىۋالغان، شىلەپىلىرىدە پەي قىستۇرۇقلۇق، بەللىرىدە چىرايلىق بەلباغلار، رەتلىك كىيىنىشكەن. لېكىن، بوۋايلار بىلەن باللارنىڭ كىيىملىرى ئاۋارە. ئۇنى كۆرۈپ سكارلېتنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىدى، ئەندىشىسىمۇ كۈچەيدى. بەزىلىرى سكارلېتنىڭ دادىسىدىنمۇ قېرى بولۇپ، ئارمىيە مۇزىكىسىنىڭ رىتىمىغا پۇتلىرىنى كەلتۈرۈپ ناهايىتى تەستە ئەگىشىپ مېڭىۋاتاتتى. مېرۋېتېر بوۋاينىڭ بويىندا مېرۋېتېر خانىمنىڭ ئەڭ چىرايلىق چاقماق شارپىسى تۇراتتى، سەپنىڭ ئالدىدا قىزلارغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ خېلى روهلۇق كېتىۋاتاتتى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قول ياغلىقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ «خەير ـ خوش !» دەپ توۋلىشاتتى. پەقەت مايبېللا سكارلېتنىڭ مۈرىسىنى مەهكەم تۇتۇۋېلىپ، پەس ئاۋازدا: «ئاه، بىچارە بوۋاي ! يامغۇر قاتتىقراق يېغىپ كېتىدىغان بولسا تۈگىشىپلا كېتىدۇغۇ ! ئۇنىڭ بېلى ئاغرىيتتى» دېدى.

هېنرى خامىلتون تاغا مېرۋېتېر بوۋاينىڭ كەينىدىكى رەتتە كېلىۋاتاتتى. چاپىنىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالغانىدى، ئىسپانىيە ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى ئىككى كونا تاپانچىسى بەلبېغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىستۇرۇقلۇق ئىدى،

قولىدا كىچىك بىر سومكىسى تۇراتتى. يېنىدا ئۆزى بىلەن بىر دېمەتلىك بىر نېگىر ئۇنىڭغا كۇنلۇك تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. ياش يىگىتلەرمۇ بۇ بوۋايلار بىلەن بىر قاتاردا كېتىشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئون ئالتىگە توشقان بىرمۇ قىران يىگىت كۆرۈنمەيتتى، نۇرغۇنى مەكتەپتىن قېچىپ چىقىپ قوشۇنغا كىرىۋالغانىدى. ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدا ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فورمىسى، بېشىدا قاراپەي قىستۇرۇلغان شىلەپىلەر بار ئىدى، بويۇنلىرىغا ئېسىشىۋالغان بوپىلىرى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىل مادېمۇ بار ئىدى، بېلىگە ئاكىسىدىن قالغان قىلىچ بىلەن ئاتتا ئىشلىتىدىغان قىسقا قونداقلىق مىلتىق ئېسىۋالغان، ئۆزى مەغرۇر، قالپىقىنى سەل قىرلاپ كىيىۋالغانىدى. مادي خانىم ناھايىتى تەستە كۈلۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يىقىلىپ چۈشمەي دېگەندەك سىكارلېتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ تۇرۇۋالدى.

نۇرغۇن ئادەمنىڭ قورالى يوق ئىدى، ھۆكۈمەتتىمۇ ئۇلارغا بەرگۈدەك قورال، ئوق تېپىلمايتتى، ھەممىسىلا شىماللىقلارنىڭ ئەسىرلىرى ۋە ئۆلۈكلىرىنىڭ قوللىرىدىكى قورال بىلەن قوراللىنىشنى ئويلاپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلاردىكى بار - يوق قورال ئۆتۈكلىرىنىڭ قونچىلىرىغا تىقىۋالغان خەنجەر، ئۇچىغا ئۇچلۇق تۆمۈرلەرنى قادىۋالغان نەيزىلا ئىدى. تەلىيى بارلىرىنىڭ مۈرىلىرىدە كونا مىلتىق بار ئىدى، مىلتىقنىڭ دورىلىرىنى قاچىلىۋالغان كالا مۈڭگۈزلىرى بېلىگە قىستۇرۇقلۇق ئىدى.

گېنېرال جونستون چېكىنىش داۋامىدا ئونمىڭ ئادىمىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە ئونمىڭ ئادەم بىلەن تولۇقلاش كېرەك. بۇ ئادەملەر شۇ ئادەملەرنىڭ ئورنىغا كېتىشىۋاتاتتى، بۇنى ئويلاپ سىكارلېتنى قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى.

زەمبىرەك سۆرىگەن بىر هارۋا پاتقاق چاچرىتىپ ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا سىكارلېت قېچىر مىنگەن بىر

ئىگەرنىڭ زەمبىرەكنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى: «ئۇ موسىيغۇ ! ئاشلىيىنىڭ خىزمەتكارى موسى ئەمەسمۇ ! ئۇ، بۇ يەردە نىمە قىلىدۇ؟» ئۇ جىنىنىڭ بارىچە قىستاپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ۋارقىرىدى:

— موسى، توختاپ تۇر !

ئۇ يىگىت سىكارلىتنى كۆرۈپلا ئېتىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ خۇشال كۈلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈشكە تەمشەلدى. شۇ ئارىلىقتا كىيىملىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئاتلىق بىر سىرژانت ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ئاتتىن چۈشمە ! بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن ! تاغقا ۋاقتىدا يېتىپ بارمىساق بولمايدۇ.

موسى بىر سىرژانتقا، بىر سىكارلىتقا قاراپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. سىكارلىت پاتقاق كېچىپ موسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېگەرنىڭ ئۇزەڭگىسىگە ئېسىلىۋالدى.

— بىر مىنۇت تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز، سىرژانت ئەپەندى. ئاتتىن چۈشمىسىمۇ بولىدۇ، موسى. بۇ يەردە زادى نىمە قىلىۋاتىسەن؟

— يەنە ئالدىنقى سەپكە بارماقچىمەن، سىكارلىت خانقىز. بۇ قېتىم ئاشلىي ئەپەندى بىلەن ئەمەس، ۋىلكېس ئەپەندى بىلەن.

— ۋىلكېس ئەپەندى بىلەن؟ — سىكارلىت چۆچۈپ كەتتى، — ۋىلكېس ئەپەندى يەتمىشتىن ئاشقان ئادەمغۇ ... ئۇ نەدە؟

— ئەڭ ئاخىرىدىكى زەمبىرەك بىلەن كېلىۋاتىدۇ، سىكارلىت خانقىز، ئەنە ئاۋۇ يەردە.

— كەچۈرۈڭ، خانىم، چاپسان ماڭ، يىگىت.

سىكارلىت ئوشۇقىغا كەلگۈدەك پاتقاقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، چايقىلىپ كېتىۋاتقان زەمبىرەكلەرگە بىردەم قاراپ تۇردى. ياق ! ئۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بەك قېرىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ ئاشلىيغا ئوخشاش ئۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپ يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، ئۆتۈپ

كېتىۋاتقان ھەربىر ئادەمنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرقى زەمبىرەك چېتىلغان ھارۋا ئوقلارنىمۇ باسقان ھالدا پاتقاق چاچرىتىپ يېتىپ كەلدى. سىكارلېت ئۇنى كۆردى، ئورۇق، ئېگىز گەۋدە، گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرغان كۆمۈشتەك ئاپپاق چاچ، ئاستىدا چىلانتورۇق بايتال، خۇددى ئۈستىگە تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئارتىۋالغاندەك، ئۆزىگە پاتقاق چاچراتماي شۇنداق ئەپچىل مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ. ھوي، ئۇ نېللي ئەمەسمۇ، تارلېتون خانىمنىڭ نېللېسى! بېئاترىس تارلېتوننىڭ ئامراق ئېتى.

ۋىلكېس ئەپەندى ئۇنىڭ پاتقاقتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنى توختاتتى ـ دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، كۈلگەن بويى ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى.

— مەن سىزنى بىر كۆرسەم دەپ ئويلىغان، سىكارلېت. سىلەرنىڭ ئۆي توغرۇلۇق نۇرغۇن خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىم، بىراق، ئۇنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەيمەن. بۈگۈن ئەتىگەنلا بىزنى يىغىپ، دەرھال يولغا چىقىڭلار، دېدى. مانا، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز.

— ئاھ، ۋىلكېس ئەپەندى، — دېدى سىكارلېت ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى ئۈمىدسىز تۇۋلاپ، — سىز بارماڭ! سىز نېمىشقا بارىسىز؟

— سىز مېنى قېرىپ كەتتى دەپ ئويلاۋاتامسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ. ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدىكى چىرايى ئاشلېيىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى، لېكىن ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ قېرى ئىدى، — بەلكىم مېڭىشىم قېرىلارنىڭكىدەك كۆرۈنەر، ئەمما ئات مىنىش، مىلتىق ئېتىشلارغا كەلگەندە ياشلاردىن قېلىشمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارلېتون خانىم نېللېنى مەردلىك بىلەن ماڭا بېرىپ تۇردى. ئۇنى مىنگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى تېخىمۇ روھلۇق سېزىشكە باشلىدىم. نېللېدىن بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن، ئىلاھىم، بولمىسا تارلېتون خانىمغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن. نېللي ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قالغان بىردىنبىر ئېتى، —

ۋىلكىس شۇنداق دەپ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، سىكارلېتنىڭ ئىچىدىكى قورقۇنچمۇ بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — ئاتا - ئانىڭىز بىلەن سىڭىللىرىڭىزمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، مەندىن سىزگە سالام ئېيتتى. دادىڭىزمۇ بۈگۈن بىز بىلەن بىللە كېلىشكە تاس قالدى.

— ياق، دادام كەلمەيدۇ، — سىكارلېت بىردىنلا قورقۇپ كەتتى، — دادام بارمايدۇ، ئۇرۇشقا بارمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئەسلىدە ئۇ كەلمەكچىدى. بىراق تىزىنىڭ ئاغرىقى يەنە قوزغىلىپ قېلىپ ئۇزۇن يول ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدى. بىز بىلەن بىللە كەلمەكچى بولغىنى راست، ئاپىڭىزمۇ قوشۇلغان. ئەمما ئۇ، ھەربىينىڭ ئىچىدە جاپا كۆپ، ئات بىلەن ھەر خىل توسۇقلاردىن سەكرەپ ئۆتىدىغان گەپ، شۇڭا بىزنىڭ يايلاقنىڭ توسۇقلىرىدىن ئات بىلەن سەكرەپ ئۆتۈپ بېقىڭ، دېدى. ئىشىنەمسىز، دادىڭىز ئۇنى ئاسان چاغلاپ توسۇقتىن ئاتلىماقچى بولۇۋىدى، ئېتى يۈگۈرۈپ توسۇقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتلىماي تۇرۇۋېلىپ، دادىڭىز ئاتتىن موللاق ئېتىپ كەتتى. مۆجىزە يۈز بېرىپ ھېلىمۇ بوينى ئۈزۈلۈپ كەتمىدى. ئۇنىڭ جاھىللىقى سىزگىمۇ مەلۇم، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئاتقا مىندى. ئۈچ قېتىم ئارقا - ئارقىدىن شۇنداق بولۇپ، ئاخىر پورك يۆلەپ ئەكىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى. يەنە تېخى تەن بەرمەي، ئاپىڭىزنى چوقۇم ئاتنىڭ قۇلىقىغا دۇرۇت ئوقۇپ قويدى، دەپ يۈردى. سىكارلېت، ئۇ ھازىر ئۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭغا سىز نومۇسمۇ قىلىپ كەتمەڭ. يۇرتتا قېلىپ قوشۇن ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىدىغانغىمۇ ئادەم لازىم.

سىكارلېت قىلچە نومۇس قىلمىدى، ئەكسىچە خاتىرجەم بولدى.

— ئىندىيا بىلەن خونېينى ماكونغا بوررس ئائىلىسىدىكى قىزلار بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئەۋەتتىم. ئوخارا ئەپەندى «ئون

ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى بىلەن تارانىڭ ئىشلىرىغا تەڭ قارايدىغان بولۇپ قالدى ... مەن ئۇرۇشقا جەزمەن بېرىشىم كېرەك. كېلىڭ، چىرايلىق مەڭزىڭىزگە بىرنى سۆيۈپ قوياي.

سىكارلېت ئاغزىنى قوروپ تۇرۇپ مەڭزىنى تۇتۇپ بېرىۋېتىپ، گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ۋىلكېس ئەپەندىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇنىڭغا كېلىن بولۇشنىمۇ شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغانىدى.

— بۇنى پىتتىيپاتقا، بۇنى مېلانىيەگە ئالغاچ كېتىڭ! — دېدى ۋىلكېس ئۇنىڭ مەڭزىگە يەنە ئىككىنى سۆيۈپ قويۇپ، — مېلانىيە قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ناھايىتى ياخشى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى سىكارلېتقا تىكىلدى، سىكارلېتقا ئەمەس، ئاشلېيغا ئوخشاش، سىكارلېتتىن ھالقىپ نۇرسىز كۇل رەڭ كۆزلىرى بىلەن باشقا بىر دۇنياغا تىكىلدى.

— چوڭ نەۋرەمنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى. خەير - خوش، سۆيۈملۈكۈم.

ئۇ ئېتىغا مىنىپ يورغىلىتىپ يۈرۈپ كەتتى، شىلەپىسى يەنىلا قولىدا ئىدى، كۈمۈشتەك ئاپپاق چاچلىرى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەر - يەتمەيلا مادي خانىمنىڭ يېنىغا كەتتى. ئارقىدىن خۇراپىيلارچە قورقۇنچ بىلەن مەيدىسىگە كىرېست سىزىپ ئىچىدە ئايەت ئوقۇدى. ۋىلكېسمۇ ئاشلېيغا ئوخشاش ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ ... ياق، ئۆلۈمنىڭ گېپىنى ھېچكىم قىلماسلىقى كېرەك. ئۆلۈمنى ئويلاش تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىش. ئۈچ ئايال ئۈنچىقماي دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سىكارلېت ئىچىدە توختىماي تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى: «خۇدا، ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن. ئۇنىڭدىن، يەنە ئاشلېيدىن ئايرىنما!»

دالتوندىن كېنىنېساغا چېكىنىش 5 -، 6 - ئايلاردىكى ئىش

ئىدى. تومۇز كىرىپ يامغۇر پەسلى باشلانغاندىن كېيىن، شىرمان
جەنۇب ئارمىيەسىنى تىك ھەم تېيىلغاق تاغ باغرىدىن قوغلاپ
چۈشۈرەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يەنە ئۈمىدلىنىشكە،
خۇشاللىنىشقا، جونستون توغرۇلۇقمۇ ياخشى گەپلەرنى قىلىشقا
باشلىدى. 6 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە يامغۇر تېخىمۇ كۆپەيدى.
جەنۇب ئارمىيەسى ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان چوققا ئەتراپىنى
جان تىكىپ قوغداپ شىرماننى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى.
بۇنىڭ بىلەن ئاتلانتالىقلار تېخىمۇ خۇشال بولۇشۇپ ئەس ـ
ھوشلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى. بۇ خۇشاللىق خۇددى ۋاباغا
ئوخشاش ھەممە يەرگە تاراشقا، ھەممە يەردە تەبرىكلەش
پائالىيەتلىرى، تانسىلار بولۇشقا باشلىدى. ئالدىنقى سەپتىن
شەھەردە بىر كېچە تۇرۇشقا ئادەم كەلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭ
شەرىپىگە زىياپەتلەر بېرەتتى، تانسىلار ئۇيۇشتۇراتتى. بۇنداق
پائالىيەتلەردە ئاياللار ئەرلەردىن ئون ھەسسە كۆپ بولاتتى. ئۇلار
ئۇلارغا چوقۇناتتى، ئۇلار بىلەن تالىشىپ تانسا ئوينايتتى.

ئاتلانتا ھەريەر ـ ھەريەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەر،
مۇساپىرلار، دوختۇرخانىدا ياتقانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى،
ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلەرنىڭ خوتۇنلىرى، ئانىلىرى (ئۇلار
ئۆز تۇغقانلىرى يارىلانسا يېنىدا تۇرۇپ كۈتۈش ئارزۇسىدا
كېلىشكەنىدى) بىلەن توشۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا،
ھازىر يېزىلاردا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشلىق بالىلارلا قالغاچقا،
توپ ـ توپ چىرايلىق قىزلارمۇ كېلىشىۋاتاتتى. پىتتىيپات
خېنىم ئۇ قىزلارنى، بۇ يەرگە ئەر ئىزدەپ كەلگەن، دەپ بەكمۇ
خاپا ئىدى. بۇنى نومۇسسىزلىق دەپ بىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ قاتتىق
بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە ئۆكۈنەتتى. سىكارلېتمۇ ئۇلارنىڭ
قىلىقلىرىنى ياقلىمايتتى. ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلىق
قىزلارنىڭ رىقابەتلىرىدىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتى. ئۇلار خۇلق
چىقىرىپ كۈلۈپ تۇرۇشقىنى بىلەن ئۇچىسىدىكى قانچە قېتىملاپ
ئۆرۈپ تىكىلگەن كىيىملەر، پۇتلىرىدىكى ياماق چۈشكەن ئاياغلار

ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملەر بولسا شۇنداق چىرايلىق،
رېت باتلېر ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەتكەسچىلىككە بارغاندا ئالغاچ
كەلگەن كېيىملەر ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ يىل ئون توققۇز ياشتا،
ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ،
ئەرلەر بولسا كىچىك قىزلارنىڭ كەينىدە يۈرۈشكە ئامراق.
ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بالىسى بار تۇل خوتۇن، چىرايلىق،
يەڭگىلتەك غەنناجلار بىلەن تەڭ تۇرالمايدۇ. بىراق، بۇ ھاياجانلىق
كۈنلەردە ئۇنىڭ تۇل خوتۇنلۇقى، بىر بالىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى
بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا يۈك بولماي قېلىۋاتىدۇ. ئۇ كۈندۈزى
دوختۇرخانىدا، كېچىلىرى تانسىلاردا يۈرۈپ بەزىدە ئوغلىنىمۇ
ئۇنتۇپ قالىدۇ، ھەتتا خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئوغلىنىڭ بارلىقى
ئېسىگىمۇ كەلمەيدۇ.
تومۇز ياز كېچىلىرى ئاتلانتادىكى ھەممە ئۆيلەرنىڭ
ئىشىكلىرى شەھەرنى قوغداۋاتقان جەڭچىلەر ئۈچۈن ھەر دائىم
ئوچۇق ئىدى، ھەممە كوچىلارغا، چوڭ ـ چوڭ مېھمانخانا،
سارايلارغا شام ـ چىراغلار ئېسىۋېتىلگەنىدى، ھەممىلا يەردە
كىيىملىرى لاي ـ پاتقاقلار بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن
جەڭچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى. لەرزان مۇزىكا سادالىرى،
تانسىلاردا پۇتلاردىن چىقىۋاتقان يەڭگىل ئاۋازلار، زىل كۈلكىلەر
يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر پىيانىنونىڭ
ئەتراپىغا توپلىشىپ «خېتىڭ كەلدى، ئەمما كېچىكتى» دېگەن
ناخشىغا توۋلىشاتتى، كىيىملىرى ۋەيرانە ئەزىمەتلەر
يەلپۈگۈچلەرنىڭ كەينىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ تۇرغان قىزلارغا
خۇددى، ساقلاپ تۇرىۋەرمەڭلار، بولمىسا پۇشايماندا قالىسىلەر،
دېگەندەك چوڭقۇر مېھىر بىلەن قارىشىپ قوياتتى. پۈتۈن شەھەر
شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈلگەن شۇ كۈنلەردە قىزلار ئارقا ـ
ئارقىدىن توي قىزغىنلىقىغا بېرىلىپ كەتتى، گېنېرال جونستون
شىماللىقلارنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان شۇ بىر ئاي ئىچىدە نۇرغۇن
قىز ـ يىگىتلەر توي قىلىشىپ كەتتى. قىزلار بىر يەرلەردىن

چىرايلىق تويلۇق كىيىملەرنى ئارىيەت ئېلىپ ئۆزلىرىنى بولۇشچە چىرايلىق ياسايتتى، يىگىتلەرمۇ ئۈستىدە ھەربىي فورما، بەللىرىدە قىلىچ، ئاجايىپ سۆلەتلىك بولۇپ كېتىشەتتى، ھەممە يەردە ھاياجانلىنىشلار، ھەممە يەردە تانسا كېچىلىكلىرى، ئاجايىپ تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشلەر! چۈنكى، گېنېرال جونستون شىماللىقلارنى يىگىرمە ئىككى ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە توسۇپ قالغانىدى.

كېنىنېسا تېغىدىكى مۇداپىئە ھەقىقەتەن يىمىرىلمەس ئىدى. يىگىرمە بەش كۈن قانلىق جەڭ قىلغاندىن كېيىن، گېنېرال شېرمان ئۇنىڭغا ئىقرار بولۇپ، ئۇدۇلدىن قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمنى توختىتىپ، يەنە بىر قېتىم ئىككى ياقتىن قىسىش تاكتىكىسىنى قوللانماقچى، شۇ ئارقىلىق جەنۇب ئارمىيەسى بىلەن ئاتلانتانىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ بۇ چارىسى يەنە بىر قېتىم ئۈنۈم بەردى. جونستون ئاخىر ئېگىزلىكنى جان تىكىپ ساقلاش يولى بىلەن ئارقا سەپنى قوغداش چارىسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ جەڭدە ئۇ ئۈچتىن بىر قىسىم ئەسكىرىدىن ئايرىلغانىدى. ئامان قالغانلىرى ھېرىپ - چارچاشلىرىغا قارىماي يامغۇردا چاتتاخوچى دەرياسى تەرەپكە قاراپ چېكىنىۋاتاتتى. ئۇلارغا ئەمدى ياردەم كېلىشتىن ئۈمىد يوق ئىدى. شىماللىقلار بولسا ئۆزلىرى بېسىۋالغان تېنىنېستىن جەنۇبقا سوزۇلغان تۆمۈر يول ئارقىلىق شېرمانغا ياردەمگە ئەسكەر ۋە تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرەتتى. شۇڭا، جەنۇب قوشۇنى پاتقاق ئېتىزلىقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاتلانتاغا قاراپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

يىمىرىلمەس دەپ ئاتالغان ئىستىھكاملار قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئاتلانتا يەنە ساراسىمە ئىچىدە قالدى. كىشىلەر ئەسلىدە بىر - بىرىگە بۈگۈنكىدەك ئىشنى، ھەرگىز بولمايدۇ، دەپ سۆز بېرىشكەن ۋە يىگىرمە بەش كۈننى خاتىرجەم ھالدا ئويۇن -

تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئەلۋەتتە، گېنېرال جونستون شىماللىقلارنى دەريادا توسۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. خۇدامۇ دەريا بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقىنىڭ ئاران يەتتە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ - دە.

لېكىن، شېرمان شىمال تەرەپتىكى كىچىككىنە ئۇلارنى قىسىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن جەنۇب قوشۇنى ئالدىراپ - تېنەپ دەريادىن ئۆتۈپ، دۈشمەننى ئاتلانتاغا كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن جەڭگە تەييارلاندى. جەڭچىلەر ئالدىراپ شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى پىئاچتېر جىلغىسىغا تېيىز خەندەكلەرنى كولاپ مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. ئاتلانتانىڭ ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.

قوشۇن بىر پەس ئېلىشىپ كەينىگە چېكىنەتتى، يەنە بىر پەس ئېلىشىپ يەنە چېكىنەتتى، دۈشمەن ئاتلانتاغا قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. پىئاچتېر جىلغىسى بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى بەش ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى. گېنېرال زادى نېمە ئويلاۋاتقاندۇ؟

«بىزگە ئىستىھكاملارنى جان تىكىپ ساقلايدىغان ئادەملەر كېرەك!» دېگەن بۇ سادا رىچماندقىچە يېتىپ باردى. رىچماندلىقلار ئاتلانتا قولدىن كېتىدىغان بولسا پۈتكۈل ئۇرۇشنىڭ تاماملىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، گېنېرال جونستون دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا گېنېرال خودنى قويدى. ئاتلانتالىقلار شۇندىلا يېنىك تىندى. خود ھەرگىز ئارقىغا چېكىنمەيتتى، ساقاللىق ۋە كۆزلىرى نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئۇ ئادەم كېنتاكىلىقلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ «كالا باش ئاپشاركا» دەيدىغان چىرايلىق لەقىمىمۇ بار ئىدى. خەقنىڭ نەزىرىدە ئۇ شىماللىقلارنى پىئاچتېردىن قوغلاپ چىقىرىپ، چاتتاخوچى دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، ئاندىن يەنە چېكىندۈرۈپ دالتونغىچە ئاپىرىۋېتەتتى. بىراق، قوشۇننىڭ

ئىچىدە «گېنېرال جونستون قايتۇرۇپ بېرىلسۇن» دېگەن سادا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. چۈنكى، دالتوندىن تارتىپ ئۇزۇن يوللۇق جاپالىق مۇساپىنى بىللە باسقاچقىمۇ، جەڭچىلەر ئۇ گېنېرالنىڭ قەدرىگە يېتەتتى، باشقىلارنىڭ بۇنى چۈشەنمىگىنى قىيىن ئىدى.

شېرمان خودقا ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تەييارلىق قىلىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەي، جەنۇبلۇقلار قوماندانىنى ئالماشتۇرغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاتلانتاغا ئاتتە ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردىكى كىچىك بازار دېكاتۇرنى بېسىۋېلىپ، ئۇ يەردىكى تۆمۈر يولنى ئۈزۈۋەتتى. بۇ يەرنىڭ تۆمۈر يولى ئاتلانتا، ئائۇگۇستا، چارلېستون، ۋىلمىنتون ۋە ۋىرگىنىيەلەرنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، شۇڭا بۇ يەرنىڭ بېسىۋېلىنىشى جەنۇب ئىتتىپاقىغا ئەجەللىك بىر زەربە بولدى. ئەمدى ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقىت يەتكەنىدى، ئاتلانتالىقلار دەررۇ ھەرىكەت قوللىنىش توغرۇلۇق چۇقان كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن تازا ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتلانتالىقلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، گېنېرال خود قوشۇندىن جان تىكىپ ئېلىشىشنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە پىئاچتىر جىلغىسىنىڭ شىمالىدىن شىماللىقلارغا شىددەت بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىشنى، ئىستىھكاملىرىدىن چىقىپ، ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ دۈشمەنگە ئېتىلىشنى بۇيرۇق قىلدى.

ھەممىلا ئادەم خودنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىنىڭ شىماللىقلارنى چېكىندۈرۈشىنى تۆت كۆزلىرى بىلەن كۈتۈشتى. زەمبىرەك، مىلتىق ئاۋازلىرى بەش ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتا ئېتىلىۋاتسىمۇ، ئادەملەرگە خۇددى شەھەرنىڭ مەركىزىدە ئېتىلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى، ئىس - تۈتەكلەر يىراقتىكى دەرەخلىكلەرنىڭ كەينىدىن توختىماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن. بىرنەچچە سائەتكىچە جەڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.

كەچقۇرۇن خەۋەر كەلدى، لېكىن بۇ خەۋەر تازا ئىشەنچلىك

ئەمەس، ئازراق زىددىيەتلىك يەرلىرى بار ھەم قورقۇنچلۇقراق ئىدى. بۇ خەۋەرلەرنى دەسلەپكى بىرنەچچە سائەتتە يارىلانغان يارىدارلار ئېلىپ كېلىشكەنىدى. ئۇ يارىدارلار بەزىدە بىر توپ، بەزىدە يالغۇز، يەڭگىللىرى ئېغىرلىرىنى يۆلەپ سىڭارىيان مېڭىشىپ كېلىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي توپ - توپى بىلەن شەھەرگە ئېقىپ، دوختۇرخانىلارغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار توپا - چاڭ، ئىس - تۈتەكلەردە خۇددى نېگىرلارغا ئوخشاش قاپقارا بولۇپ كەتكەن، يارىلىرى تېڭىلمىغان، يارىلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى، ئەتراپىدا چىۋىن قايناپتتى.

پىتتىيپات خېنىمنىڭ ئۆيى ئۇ يارىدارلارنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان ئائىلىلەرنىڭ بىرسى ئىدى. يارىدارلار دەرۋازىلارنىڭ ئالدىغا ئارانلا يېتىپ كېلىپ چىملىقتا ئۆزىنى ئېتىشاتتى - دە، «سۇ!» دەپ تۇۋلىشاتتى.

پۈتۈن چۈشتىن كېيىن ئىسسىقتا پىتتىيپات بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە ئادەم چېلەكلەپ سۇ توشۇپ يارىدارلارغا بېرىش، يۆگەم - يۆگەم داكىلاردا ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىش بىلەن بولدى. داكىلار تۈگەپ كىرلىكلەر، لۆڭگىلەر ئىشلىتىلىپ ئۇ نەرسىلەرمۇ تۈگىدى. پىتتىي ھامما قائىنى كۆرسىلا ھوشىدىن كېتىدىغان كېسىلىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، كىچىككىنە پۇتلىرى ئىششىپ ئۆرە تۇرالمايدىغان ھالەتكە يېتىپ قالدى. قورسىقى يوغىناپ قالغان مېلانىيەمۇ باشقىلار كۆرسە سەت دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ، پىرىسسىي، ئاشپەز ئايال ۋە سىكارلېت بىلەن بىللە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى. چىرايىدىكى جىددىيچىلىك جەڭچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. ئاخىر ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كەتتى، ئۇنى ياتقۇزۇپ قويىدىغانغا ئاشخانىدىكى ئۈستەلدىن باشقا يەر يوق ئىدى، ئۆينىڭ ئىچىدىكى كارىۋات، سافا، ئورۇندۇقلارنىڭ ھەممىسىدە يارىدارلار ياتاتتى.

بۇ ئالدىراشچىلىقتا ھەممىسى ۋادنى ئۇنتۇپ قېلىشتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۆينىڭ ئالدىدىكى كارىدور رېشاتكىسىنىڭ ئىچىدە خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن توشقانغا ئوخشاش، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھويلىدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا قاراپ تۇراتتى، باشمالتىقىنى ئاغزىغا تىقىۋالغانىدى. سىكارلېت ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ۋاد خامىلتون، ئارقا ھويلىغا چىقىپ ئوينا! — دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن، ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئارقا ھويلىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

چىملىقتا ئادەملەر قالايمىقان ياتاتتى، ھەممىسى چارچىغان، ماڭغۇدەك ھالى يوق، يارىسى ئېغىرلىرىنىڭ مىدىرلىغۇچىلىكى يوق ئىدى. ئامال بولماي پېتتېر تاغا ئۇلارنى بىر - بىرلەپ پەيتونغا بېسىپ دوختۇرخانىغا توشۇدى. قاتراۋېرىپ ئاتنىڭمۇ ھالى قالمىدى. مادې خانىم بىلەن مېرۋېتېر خانىممۇ ئۆزلىرىنىڭ پەيتونلىرىنى چىقاردى.

كەچقۇرۇن ئۇرۇش مەيدانىدىن يارىدارلارنى باسقان تەمىنات ئورۇنلىرىنىڭ لازىمەتلىكلىرىنى توشۇۋاتقان ھارۋىلار كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئېكىنزارلىقلارنىڭ ئات، كالا ھارۋىلىرى، داۋالاش ئەترەتلىرى ئىجارىگە ئالغان خۇسۇسىيلارنىڭ ھارۋىلىرى كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ھارۋىلارغا ساپلا يارىدارلار بېسىلغان بولۇپ، كاتاڭ يوللاردا سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى، ھارۋىلاردىن ئېقىۋاتقان قانلار قۇرغاق تۇپراققا توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. ھارۋىكەشلەر ئاياللارنىڭ چېلەكلەردە سۇ كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھارۋىلىرىنى توختاتسا، شۇ ھامان ھارۋىلاردىن: «سۇ !» دېگەن پەريادلار كۆتۈرۈلەتتى.

سىكارلېت يارىدارلارنىڭ تىترەپ تۇرغان باشلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۇ ئىچۈرەتتى، ئىچىپ بولالمىغان سۇلارنى ئۇلارنىڭ قىزىپ تۇرغان بەدەنلىرىگە، ئازراق بولسىمۇ ئارام بەرسۇن دەپ

چېچىلىۋېتەتتى. ئۇ يەنە چۈمۈچتە ھارۋىكەشلەرگىمۇ سۇ سۇنۇپ بېرىۋېتىپ، قورقۇمسىراپ تۇرۇپ: «ئالدىنقى سەپتىن خەۋەر بارمۇ؟ نېمە گەپلەر بار؟» دەپ سورايتتى. بېرىلىدىغان جاۋابلار ئوخشاش ئىدى: «بىلمەيمىز، خانىم، ھازىرچە ئېنىق بىر گەپ يوق.»

قاراڭغۇ چۈشتى، ھاۋا تېخىچە دىمىق، ئازراقمۇ شامال يوق، نېگىرلارنىڭ قوللىرىدىكى مەشئەللەر بىلەن تېخىمۇ ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى. چاڭ - توزانلار سىكارلېتنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا تىقىلىپ ئاغزىنى قۇرۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. يېڭى دەزماللاپ كىيىۋالغان گۈللۈك كۆڭلىكى قان، كىر ۋە تەر بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ئاشلىي خېتىدە دېگەن شەرەپلىك ئەمەس، بەلكى پاسكىنا ۋە ئىنتايىن جاپالىق ئۇرۇش مۇشۇمىدۇ؟

چارچاپ كەتكەچكە، پۈتۈن كۆرۈنۈش سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە خىيالىي بىر چۈشتەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ راست بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. راست بولىدىغان بولسا پۈتۈن دۇنيا ساراڭ بولمامدۇ. ئەمىسە ئۇ نېمىشقا پىتتىي ھامىمىنىڭ ئالدى قورۇسىدا تۇرۇپ، ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان بىر ئەرنىڭ ئۇستىگە سوغۇق سۇ چاچىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئادەملەر سىكارلېتقا يار بولسا بولالايدىغان ئادەملەر ئىدىغۇ؟ ئۇلار، ئۇنىڭغا قاراپ ناھايىتى تەستە كۈلۈمسىرەپ قويايتتى. توپا توزۇپ تۇرغان قاراڭغۇ يوللاردا سىلكىنىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇننى ئۇ تونۇشى مۇمكىن. ئاخىرقى تىنىقى قالغان، پاشىلار مەڭزىلىرىگە قونۇۋېلىپ قېنىنى شوراۋاتقان ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ ئادەملەر بىلەن بۇرۇن تانسا ئوينىغان، چاقچاقلارنى قىلىشقان، ئۇلارغا پىيانىنو چېلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرگەن، ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالغانمۇ بولغىيدى.

ئۇ بىر ھارۋىغا بېسىلغان يارىدارلارنىڭ ئەڭ ئاستىدا كارى ئاشبورنىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىغا ئوق

تەگكەن بولۇپ جېنى ئازلا قالغانىدى. يېنىدا ياتقان ئېغىر يارىدارلارنى يۆتكىمىگۈچە ئۇنى هارۋىدىن چۈشۈرۈۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىكارلېت ئامالسىز ئۇنى دوختۇرخانىغا يولغا سېلىپ قويدى. كېيىن ئۇ ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا يېتىپ بارغۇچە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى، نەگە كۆمۈلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس ئىدى. مېلانىيە ئۇنىڭ چېچىدىن بىر تۇتام كېسىۋېلىپ ئاپىسىغا ئەۋەتىپ بېرەلمىگىنىگە قاتتىق ئۆكۈندى.

بارغانسېرى قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ هېرىپ پۇت - قوللىرى ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، پىتتىپات بىلەن سىكارلېت يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن: «نىمە خەۋەرلەر بار؟ ئۇ تەرەپنىڭ ئەهۋالى قانداق؟» دەپ سوراپ تۇراتتى.

ئۇلار بىرنەچچە سائەت ئاشۇنداق سوراپ يۈرۈپ ئاخىر جاۋابقا ئېرىشتى، ئەمما بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ بىردىنلا چىرايلىرى سارغىيىپ، بىر - بىرىگە قاراپ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ قېلىشتى.

«بىز يېڭىلىپ چېكىنىۋاتىمىز»، «چېكىنمىسەك ئەمدى بولمىدى»، «ئۇلارنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭكىدىن جىق كۆپ ئىكەن»، «شىماللىقلار دېكاتۇر ئەتراپىدا ۋېلېرستىنىڭ ئاتلىق قوشۇننى توسۇۋېلىپ ئىككىگە بۆلۈۋېتىپتۇ، شۇلارغا ياردەمگە كېتىۋاتىمىز»، «بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزنىڭ هەممىسى هازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.»

سىكارلېت بىلەن پىتتىپات هامما يېقىلىپ چۈشمەسلىكلىرى ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىۋېلىشتى.

— ئەجەبا ... ئەجەبا شىماللىقلار يېتىپ كېلىشتىمۇ؟

«شۇنداق، خانىم، ئۇلار يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، ئەمما ئىچكىرىلەپ ماڭالمايدۇ، خانىم»، «ئەنسىرىمەڭ، خانقىز، ئۇلار ئاتلانتانى ئالالمايدۇ»، «ياق، خانىم، بىز شەهەر ئەتراپىغا مىليون

ئىنگلىز مىلى كەلگۈدەك تۇسۇقلارنى سىلىۋەتتۇق»، «جونستوننىڭ ئۆز ئاغزىدىن، بىز ئاتلانتانى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايمىز، دېگىنىنى ئاڭلىغان»، «بىراق، ھازىر ئۇ ئۆزى يوق - دە. بىزدە بارى ...»، «ئاغزىڭنى يۇم، ئەخمەق! خانىملارنى قورقۇتماقچىمۇ سەن؟»، «شىماللىق ئالۋاستىلار بۇ شەھەرنى ئالىمىز دەپ مەڭگۈ خام خىيال قىلىشمىسۇن، خانىم»، «سىلەر خانىملار نېمىشقا ماكونغا ياكى بىخەتەررەك بىر يەرلەرگە كەتمىدىڭلار؟ ئۇ يەرلەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار يوقمىدى؟»، «شىماللىقلار ئاتلانتانى ئالالمايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ شۇنداق خىيالىمۇ يوق ئەمەس، ئۇلاردا شۇنداق خىيال بولىدىكەن، خانىملارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشى تازا مۇۋاپىق ئەمەس.»، «قارىغاندا، قاتتىق تويقا تۇتۇش بولىدىغان ئوخشايدۇ.»

ئەتىسى يامغۇر ياغدى، يېڭىلگەن مىڭلىغان ئەسكەرلەر ئاتلانتاغا كىرىشكە باشلىدى. ھەممىسىلا ھارغىن، ئاچ قورساق ئىدى. يەتمىش كۈنگە سوزۇلغان ئۇرۇشۇش، چېكىنىشلەر ئۇلارنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەنىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ سېپى قالايمىقان ئەمەس رەتلىك ئىدى، كىيىملىرى ۋەيرانە بولسىمۇ روھى يەنىلا ئۈستۈن ئىدى. نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىزىل رەڭلىك ئارمىيە بايرىقى تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ يامغۇردا لەپىلدەپ تۇراتتى. ئۇلار گېنېرال جونستوننىڭ ۋاقتىدا چېكىنگەندە قانداق چېكىنىش كېرەكلىكىنى، چېكىنىشنىڭمۇ ئىلگىرىلەشكە ئوخشاشلا ئۇلۇغ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلىشكەنىدى. ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىق جەڭچىلەرنىڭ سەپلىرى «مارلاند! مېنىڭ مارلاندىم!» دېگەن ناخشىغا تۇۋلاپ ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. پۈتۈن شەھەر خەلقى كوچىلارغا چىقىپ ئۇلارغا تەنتەنە ياڭراتتى، مەيلى يەڭسۇن، مەيلى يېڭىلسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى - دە.

تېخى يېقىندىلا چىرايلىق كىيىملەر بىلەن كېتىشكەن خەلق ئەسكەرلىرىنى مۇنتىزىم ئارمىيە ئىچىدىن پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەس ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كىيىملىرىمۇ يىرتىلغان، مەينەت، كونا ئەسكەرلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا بولۇپ قالغانىدى، ئەمما كۆزلىرىدىن يېڭى بىر روھ ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۈچ يىلغىچە ئالدىنقى سەپكە بارماي، خىلمۇ خىل يوللار بىلەن ئۆزلىرىنى ساقلاپ كېلىشكەنلىكىنى شۇ تۇرقىدا پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشكەندەك قىلاتتى، ئەمدى ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ مەغرۇر مېڭىشاتتى.

يېزا پىدائىيلىرى چوڭ قوشۇننىڭ بىر يېنىدا كېتىشىۋاتاتتى. ئاق ساقال قېرىلىرى چارچاپ، پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ مېڭىۋاتاتتى، باللارنىڭ چىرايلىرى ئۇيقۇسىز، ھارغىن ئىدى، چۈنكى ئۇلار چوڭلارنىڭ ئىشلىرىنى ۋاقتى يەتمەي تۇرۇپلا ئۈستىگە ئېلىشقانىدى. سىكارلېت پىل مادېنى كۆرۈپ تونۇيالماي قالغىلى تاسلا قالدى. يۈز ـ كۆزى ئىس ـ تۈتەك ۋە پاسكىنىچىلىقلار بىلەن قاپقارا بولۇپ كەتكەن، جاپا ۋە ھارغىنلىقتا كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قالغانىدى. ھېنرى تاغا ئاسقاقلاپ كېلىۋاتاتتى، بېشىدا شىلەپىسى يوق، بېشى ئوتتۇرىدىن تېشىۋېلىپ يامغۇرلۇق قىلىۋالغان كىلىيونكىسىنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ تۇراتتى. مېرۋېتېر بوۋاي پۇتلىرىغا پاختا ئورىۋالغان، زەمبىرەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاپتۇ. لېكىن، سىكارلېت ھەرقانچە ئىزدەپمۇ يوھان ۋىلكېسنى تاپالمىدى.

قانداقلا بولسۇن، جونستوننىڭ قول ئاستىدىكى كونا ئەسكەرلەر ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشاش، چارچاشنى ئۇنتۇپ يەڭگىل قەدەملەر بىلەن رەتلىك كېتىشىۋاتاتتى. تېخى چىرايلىق قىزلارنى كۆرسە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كۇلۇشۇپ قوياتتى، ھەربىي فورما كىيمىگەن ئەرلەرنى مەسخىرە قىلىشاتتى. ئۇلار شەھەرنى ئوراپ كولانغان خەندەكلەرگە كېتىشىۋاتاتتى. بۇ خەندەكلەر ئالدىراشچىلىقتا تېيىز كولىنىپ قالغان خەندەكلەر

ئەمەس، بەلكى قوۋم خالتىلىرى، ئۇچلۇق ياغاچلاردىن ياسالغان، مەيدىگە كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇقتىكى خەندەكلەر ئىدى.

كىشىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەن، ئەڭ يامان كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، قوشۇننى خۇددى غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەندەك تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىۋاتاتتى. ئەمدى كىشىلەردە ساراسىمىگە چۈشۈشلەر، ئۆتكەنكىدەك بىنورمال تەلۋىلىكلەر يوق، نېمىلا ئويلىسا چىرايلىرىدا بىلىندۇرمەيتتى، ھەممىسىلا خۇشال - خۇرامدەك كۆرۈنەتتى، ئەمما بۇ خۇشاللىق مەجبۇرىي خۇشاللىق ئىدى. ھەممىلا ئادەم ئارمىيەگە باتۇر ۋە ئىشەنچلىك ئارمىيەدەك مۇئامىلە قىلىشاتتى، جونستوننىڭ يېقىندا دېگەن: «مەن ئاتلانتانى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايمەن» دېگەن گېپىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرۈشمەيتتى.

ئەمدى خودمۇ كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى، نۇرغۇن جەڭچى جونستوننىڭ ئارزۇسىنى يەيتتى، لېكىن ئېغىزلىرىدىن چىقىرىشالمايتتى، پەقەت ئۇنىڭ «مەن ئاتلانتانى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايمەن !» دېگەن ئاشۇ مەشھۇر سۆزىدىنلا ئۆزلىرىگە جاسارەت تاپاتتى.

جونستوننىڭ ئېھتىياتچان تاكتىكىسى خودقا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى. ئۇ شىماللىقلارغا بۇگۈن بۇ تەرەپتىن، ئەتىسى ئۇ تەرەپتىن تېگىپ قوياتتى. شېرمان شەھەرنى قورشاپ، خۇددى چېلىشچىلاردەك قارشى تەرەپنىڭ تۇتۇپ يىقىتىدىغان يېرىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئەمما، خود شەھەر خەندەكلىرىگە كىرىپ دۈشمەننى ساقلىماي، باتۇرلۇق قىلىپ دۈشمەنگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلاتتى، تۇيۇقسىز ئېتىلاتتى. قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاتلانتا بىلەن ئېزرا چېركاۋىدا ئىككى قېتىم كەڭ كۆلەمدە جەڭ بولدى، بۇ جەڭ پىئاچتېر جىلغىسى جېڭىگە قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس

ئىدى.
ئەمما، شىماللىقلار توختىماي كەينىگە بۇرۇلۇپ يېڭى
ھۇجۇمنى باشلاپ تۇراتتى، زىيىنى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ،
لېكىن ئەسكەر مەنبەسى تولۇق بولغاچقا، ئۇ زىيانلارغا
چىدايتتى. ئۇلارنىڭ زەمبىرەكلىرى توختىماي شەھەرگە
ئېتىلىپ، شەھەردە نۇرغۇن ئادەمنى قىرىۋەتتى، نۇرغۇن
بىنالارنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ئاتلانتا مۇھاسىرىگە ئېلىنغانىدى.
گېنېرال خودنىڭ ئون بىر كۈن ئىچىدە يوقاتقان ئادىمى
گېنېرال جونستون يەتمىش تۆت كۈنلۈك جەڭ ۋە چېكىنىشلەردە
يوقاتقان ئادىمى بىلەن تەڭ ئىدى. يەنە تېخى ئاتلانتا ئۈچ
تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ
ئارىلىقىدا قالغانىدى.
ئاتلانتا بىلەن تېننېس تۆمۈر يولى شېرماننىڭ قولىغا ئۆتۈپ
بولدى، ئۇنىڭ قوشۇنى ئەمدى تۆمۈر يولدىن ئۆتۈپ شەرققە
يۈرۈش قىلدى، يەنە غەربىي جەنۇب بىلەن ئالاباما تۇتاشتۇرۇپ
تۇرىدىغان تۆمۈر يولنى ئۈزۈپ تاشلىدى، ھازىر جەنۇبتا ماكون
بىلەن ساۋاننانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان بىرلا تۆمۈر يول راۋان
مېڭىۋاتاتتى. ھازىر شەھەر ئەسكەرلەر، ياردارلار، مۇساپىرلار
بىلەن توشۇپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ تۆمۈر يول ئۇلارغا لازىملىق
نەرسىلەرنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرەلمەيۋاتاتتى. نېمىلا
بولسۇن، مۇشۇ يول بولسىمۇ ساقلىنىپ قالسا ئاتلانتا
دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەيتتى.
سىكارلېت بۇ تۆمۈر يولنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا
تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شېرماننىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن ئۇنى ئېلىشقا
ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، خودنىڭ ئۇنى جان تىكىپ قوغداۋاتقانلىقىنى
بىلگەندە، ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولۇپ
كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، بۇ پۈتۈن ئىشتاتنى توغرا
كېسىپ ماڭىدىغان، جونېسبورودىن ئۆتىدىغان يول ئىدى. تارا
بولسا جونېسبوروغا بەش ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى. تارا دوزاخ

ئازابىدا تۇرۇۋاتقان ئاتلانتادىن ئىنتايىن يىراقتا، ئىنتايىن بىخەتەر جايدا، ئەمما جونېسبوروغا بەشلا ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە ئىدى.

ئاتلانتا جېڭى باشلانغان كۈنى سكارلېت باشقا ئاياللار بىلەن بىللە دوكانلارنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ جەڭ ئەھۋالىنى كۆردى، كېيىن زەمبىرەك ئوقلىرى كوچىلارغا چۈشۈپ پارتلاشقا باشلىغاندا گەمىلەرگە كىرىۋېلىشتى ۋە شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ئاياللار، ئۇششاق باللار، قېرىلار ئارقا ـ ئارقىدىن تۇركۇملەپ شەھەردىن قېچىشقا باشلىدى، بارىدىغان يېرى ماكون ئىدى. ئەمەلىيەتتە، شۇ كۈنى كەچتە پويىزغا ئولتۇرۇپ قاچقان ئادەملەر گېنېرال جونستون دالتوندىن چېكىنىۋاتقان چاغلاردىلا ئۇ يەرگە بەش ـ ئالتە قېتىم قېچىپ بېرىۋالغانىدى. ئۇلاردا بىرلا بوقچا، كىچىك بىر بولاقتا يەيدىغىنى بار، كۆتۈرىدىغان نەرسىسى بەكلا ئاز ئىدى.

مېرۋېتېر خانىم بىلەن ئېلسىن خانىم زادىلا كەتكىلى ئۇنىمىدى، دوختۇرخانا ئۇلارغا ئېهتىياجلىق ئىدى. ئۇلار ھەم مەغرۇر ھالدا شىمالىلىقلاردىن قورقمايدىغانلىقىنى، شىماللىقلارنىڭ ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى. مايبېل بوۋىقىنى ئېلىپ فەننى ئېلسىن بىلەن ماكونغا كېتىشكەنىدى. ماددي خانىم دوختۇرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، پويىز بىلەن ماكونغا قاچمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىرىنىڭ گېپىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىمىغىنى ئىدى. ئۇ، دوختۇرغا يەنە لازىمىم بار، دەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىل شەھەردىكى قايسىبىر خەندەكتە تۇرۇۋاتقاچقا، تاسادىپىي بىر ئەھۋال بولۇپ قالسا دەپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسىمۇ كەلمەيتتى...

ۋېمتىن خانىم بىلەن سكارلېتنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن خانىملار كېتىپ قېلىشتى. پىتتىي ھامما جونستوننىڭ چېكىنىشىنى بىرىنچى بولۇپ ئەيىبلىگەن ئادەم ئىدى، ئەمدى ھازىر ئۆزى بىرىنچى بولۇپ نېرۋىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى،

ئەتراپتىكى شاۋقۇنلارغا چىدىمىغانلىقىنى، يەنە پارتلاشلار بولىدىغان بولسا ھوشىدىن چوقۇم كېتىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ نەرسە - كېرەكلىرىنى تېڭىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايتتى، ماكونغا بىر نەۋرە ھەدىسى بۇر بىلەن بىللە تۇرغىلى كېتىۋاتاتتى، ئۆزى ماڭسا، مېلانىيە بىلەن سكارلېتنىمۇ كەينىمدىن كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

سكارلېتنىڭ ماكونغا بارغۇسى يوق ئىدى، زەمبىرەك ئوقلىرىدىن قورقسىمۇ، ئاتلانتادىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى، چۈنكى بۇر خانىمغا ئۆلگۈدەك ئۆچ ئىدى. خېلى يىللار ئىلگىرى، بۇر خانىم ۋىلكېسنىڭ ئۆيىدىكى بىر زىياپەتتە سكارلېتنىڭ ئوغلى ۋىللىنى سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى «شاللاق» دەپ تىللىغانىدى. ياق، دېدى ئۇ پىتتىي ھاممىغا، مەن تاراغا قايتىپ كېتىمەن، ماكونغا مېلانىيە بارسۇن.

مېلانىيە سكارلېتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ ھەم كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ كەتتى. پىتتىي ھامما مادې دوختۇرنىڭ يېنىغا كەتكەندە سكارلېتنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يالۋۇردى:

— سۆيۈملۈكۈم، مېنى تاشلاپ تاراغا كەتمىسىڭىز. سىز بولمىسىڭىز بەكمۇ زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن. سكارلېت، مەن يەڭگىگەندە يېنىمدا بولمىسىڭىز، بۇ دۇنيادا ياشىمىقىم يوق بولىدۇ. شۇنداق ... شۇنداق، پىتتىي ھاممام بار، بۇنى بىلىمەن، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق، ئۇ زادىلا بالا تۇغۇپ باقمىغان، بەزىدە مېنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ، مەن ساراڭ بولايلا دەپ قالىمەن. مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، قەدىرلىكىم، ھازىر سىز مېنىڭ سىڭلىمدەك بولۇپ قالدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، — ئۇ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى، — سىز ئاشلېيغا مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىش توغرۇلۇق سۆز بەرگەن. ئۇ ماڭا شۇ ھەقتە سىزگە گەپ قىلماقچى ئىكەنلىكىنى دېگەن.

سكارلېت ھەيران قېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ بۇ ئايالدىن

شۇنچىلىك يىرگىنىپ ھەم بۇ خىل روھىي ھالىتىنى ئۇنىڭدىن يوشۇرالماي يۇرسە، ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنى نېمىسى؟ مېلانىيە ئۆزىنىڭ ئاشلېيغا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە دۆتمىدۇ؟ بىرنەچچە ئايدىن بېرى سىكارلېت ئاشلېينىڭ خەۋىرىگە شۇنچىلىك تەقەززا بولۇپ يۈردى ۋە بۇ تەقەززالىقىنى يۈز قېتىملاپ ئاشكارىلاپمۇ قويدى. ئەمما، مېلانىيە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن باشقىنى كۆرمەيدىغان بولغاچقا، مۇشۇ كۆڭگىچە بۇنى سەزمىدى... راست، ئۇ مېلانىيەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش توغرۇلۇق ئاشلېيغا سۆز بەرگەن. ئاھ، ئاشلېي! سىز چوقۇم ئۆلۈپ كەتتىڭىز، ئۆلۈپ كەتكىنىڭىزگىمۇ بىر نەچچە ئاي بولدى، ئەمما سىزگە بەرگەن ۋەدەم مېنى سىزگە مەھكەم باغلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئاددىيلا جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭغا ۋەدە بەرگەندىكىن ۋەدەمدىن يېنىۋالماي، ئەمما ماكونغا بېرىپ بۇر دېگەن قېرى جەددال بىلەن بىللە تۇرمايمەن، بىللە تۇرىدىغان بولسام قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋالىمەن. مەن تاراغا كېتىمەن، سىزمۇ مەن بىلەن بىللە كېتىڭ، ئاپام سىزنى كۆرسە خۇشال بولىدۇ.

— ئاھ، مېنىڭ ئويۇمدىكى گەپنى قىلدىڭىز. سىزنىڭ ئاپىڭىز ئاجايىپ ئوماق ئايال ! بىراق، سىزمۇ بىلىسىز، مەن يەڭگىگەندە ھاممام يېنىمدا بولمىسا ئۇنىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تاراغا بېرىشقا ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. ئۇ يەر ئالدىنقى سەپكە بەك يېقىن، ئۇنىڭغا بولسا بىخەتەر جاي لازىم.

مادي دوختۇر پىتتىي ھاممىنىڭ جىددىي چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مېلانىيەنىڭ تولغىقى تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دېگەن خىيال بىلەن ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلدى. كېلىپ بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئازراق خاپىمۇ بولدى. ئاندىن ئۇ ئىش توغرۇلۇق تالاش - تارتىشقا قىلچە ئورۇن قويماي، ئۆزىنىڭ

قارىشىنى سۆزلەپلا قارارىنى جاكارلىدى.

— مىلانىيە خانقىز، سىزنىڭ ماكونغا بېرىشىڭىز ئويلاپ ئولتۇرىدىغانمۇ ئىش ئەمەس، ئىختىيارىڭىز بويىچە ئۇيان - بۇيان كەتسىڭىز، كېيىن بولىدىغان ئىشلارغا مەن مەسئۇل بولالمايمەن. پويىزدا ئادەم كۆپ، ناۋادا يارىدارلارنى ياكى ئەسكەرلەرنى ۋە ياكى ئۇرۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنى جىددىي توشۇشقا توغرا كېلىپ قالسا، يولۇچىلارنى ئۇدۇل كەلگە يەرگەن تاشلىۋېتىپ كېتىۋېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز ...

— سىكارلېت بىلەن تاراغا بارسامچۇ؟

— شۇنى ئېيتىپ قوياي، سىزنى ھېچ يەرگە ماڭدۇرمايمەن. تاراغا بارىدىغان پويىز بىلەن ماكونغا بارىدىغىنى بىر پويىز، ئۇنىڭدىكى ئەھۋالمۇ تامامەن ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر شىماللىقلارنىڭ نەگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سىز ئولتۇرغان پويىزنى ئۇلار توسۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن. سىز جونېسبوروغا سالامەت يېتىپ بارغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەر بىلەن تارانىڭ ئارىلىقى بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ، يول يامان، پەيتوندا قاتتىق سىلكىنىسىز، ئىككىقات ئايال ئۇنداق يولغا قانداق چىدىسۇن؟ يەنە بىر گەپ، قېرى فونتائىن دوختۇر ئارمىيەگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردە بىرمۇ دوختۇر قالمىدى.

— تۇغۇت ئانىلىرى باردۇ ...

— مەن دوختۇرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن، — قوپال جاۋاب بەردى دوختۇر ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭ ئورۇق گەۋدىسىگە قاراپ قويدى، — مەن سىزنى ھېچ يەرگە ماڭدۇرمايمەن، بولمىسا خەتەر چىقىدۇ. بالىنىڭ پويىزدا ياكى پەيتوندا تۇغۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

پەقەت دوختۇرلا دېيەلەيدىغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىككى ياش خانىم خىجىل بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قىزىرىپ كەتتى.

— مەشۇيەردە تۇرسىڭىز ئەھۋالىڭىزنى پات - پات تەكشۈرۈپ

تۇرالايمەن، ھازىر سىز مىدىرلىماي يېتىشىڭىز كېرەك. ئۆيدە يۇقىرى - تۆۋەن چىقىپ - چۈشمەڭ، گەمىگە يۈگۈرمەڭ، زەمبىرەك ئوقى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە چۈشسىمۇ ئۆيدىن مىدىرلىماڭ، ئەمەلىيەتتە، بۇ يەر خەتەرلىكمۇ ئەمەس. بىز تېز ئارىدا شىماللىقلارنى چېكىندۈرىمىز... بولدى، پىتتىي خېنىم، ماكونغا ئۆزىڭىز كېتىۋېرىڭ، بۇ ئىككى قىز قېلىپ قالسۇن.

— ئۇلارنىڭ يېنىدا بىرسى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

— ئۇلارمۇ چوڭ بولدى، — دېدى دوختۇر سەل تېرىكىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە مادې خانىم ئىككى ئۆي نېرىدا تۇرىدۇ. مېلانىيە خانقىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىدا ئۇلارمۇ ئەمدى ئۆيلىرىگە ئەر مېھمانلارنى ھەرگىز كىرگۈزمەيدۇ. پىتتىي خېنىم، ھازىر ئۇرۇش ۋاقتى، كونا ئادەتلەرنى بەكمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيلى. مېلانىيە ئۈچۈن ئويلىغىنىمىز ياخشى.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كارىدوردا بىردەم ئاچچىقى بىلەن تۇرۇپ كەتتى. سىكارلېت چىقىپ يېنىغا كەلگەندە، ئاندىن ئازراق پەسكويغا چۈشتى.

— سىزگە ئېنىق گەپنى ئېيتىپ قوياي، سىكارلېت خانقىز، — ئۇنىڭ ئاپپاق ساقىلى تىترەپ كەتتى، — ئىشىنىڭ يولىنى سىز خېلى بىلىدىغان قىزدەك قىلىسىز، ئەمدى مەن مېلانىيەنى بۇ يەردىن ئەكېتىمىز دېگەن گەپنى ئاڭلىماي، ئۇنىڭ يولىنىڭ جاپاسىغا چىدىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەڭ ياخشى شارائىتتىمۇ نورغۇن قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ داس سۆڭىكى ئىنتايىن تار، يەڭگىگەندە بالىنى قىسقۇچ بىلەن تارتىۋېلىشقا توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنى نادان نېگىر تۇغۇت ئانىلىرى تۇغدۇرسا پەقەتلا بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاياللار ئەسلىدە تۇغماسلىقى كېرەك ئىدى ... بوپتۇ، ئەمدى سىز بىر ئامال قىلىپ پىتتىيات خېنىمنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنى ماكونغا يولغا سېلىۋېتىڭ، ئۇ بەكمۇ قورقۇنچاق، بۇ يەردە تۇرسا مېلانىيەگە كاشىلا تۇغدۇرىدۇ،

بۇ يەردە ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. ئەمما، سىزنىڭ خانقىز، — ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سىكارلېتقا تىكىلدى، — ئۆيگە كېتىمەن دېگەن گېپىڭىزنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. مېلانىيەنىڭ يېنىدا قالسىز، ئۇ يەڭگىپ بولغاندا ئاندىن بىرگەپ بولار. قورقمايدىغانسىز؟

— قورقمايمەن! — سىكارلېت ئىككىلەنمەيلا يالغان گەپ قىلدى.

— مانا ئەمدى باتۇر قىز بولدىڭىز. سىلەرگە ھەمراھ بولىدىغانغا بىر ئادەم كېرەك. مادى خانىم پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ. ناۋادا پىتتىيپات خىزمەتكارىنى ئېلىپ كەتسە، مەن پېتسۇنى سىلەرگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتەي. ئىشقىلىپ، ئۇزاققا بارمايدۇ، يەنە بەش ھەپتىدىن كېيىن بالىمۇ تۇغۇلۇپ بولىدۇ. بىراق، تۇنجى بالىغا بىر نېمە دېيىش قىيىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زەمبىرەكلەرنىڭ ئاۋازىمۇ تەسىر قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئالدىمىزدىكى كۈنلەرنىڭ بىرسىدە يەڭگىيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پىتتىي ھامما پېتتېر بىلەن ئاشپەز ئايالنى ئېلىپ، كۆزلىرى ياش، ماكونغا كەتتى. بىردەملىك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ ھاياجىنى بىلەن پەيتونى بىلەن ئېتىنى دوختۇرخانىغا ئىنئام قىلىۋەتتى. كېيىن پۇشايمان يەپ قاتتىق يىغلاپمۇ كەتتى، سىكارلېت، مېلانىيە، ۋاد ۋە پىرىسسىي تۆتى چوڭ ئۆيلەردە يالغۇز قالدى. زەمبىرەكلەر توختىماي ئېتىلىپ تۇرۇۋاتسىمۇ ئەتراپ خېلىلا تىنچلىنىپ قالغاندى.

## ئون توققۇزىنچى باب

مۇھاسىرە يېڭىلا باشلىنىپ شىماللىقلار شەھەر مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى توپقا تۇتقان مەزگىللەردە، سىكارلېت

گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلاردىن قورقۇپ تىترەپ كېتەتتى، قوللىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىپ، خۇددى ھازىرلا ئۇ دۇنياغا كېتىدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. توپ ئوقنىڭ چىرقىراپ كېلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان مېلانىيەنىڭ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئىككى مەھكەم قۇچاقلىشىپ يېتىۋالاتتى. بەزىدە ياستۇقنى يۈزىگە يېپىۋېلىپ قورقۇنچلۇق چىرقىرايتتى. پىرىسسىي بىلەن ۋادمۇ دەرھال گەمىگە يۈگۈرۈپ چۈشۈۋالاتتى، پىرىسسىي بار ئاۋازى بىلەن چىرقىرىسا، ۋاد ئۇنىنى چىقارماي بوغۇلۇپ يىغلايتتى.

بەزىدە سكارلېت بېشىدىن ياستۇقنى ئالماي دەم ئالالماي قالاتتى، ئەزرائىل بولسا ئاسماندا چىرقىراۋېرەتتى. سكارلېت ئىچىدە مېلانىيەنى تىللاپ، مۇشۇ بىر نېمە بولمىغان بولسا پەستە بىخەتەر بىر يەرگە كىرىۋالاتتىم، دەپ ئويلاپ كېتەتتى. دوختۇر مېلانىيەگە مىدىرلىماي ياتىسىز دېگەچكە، سكارلېت جەزمەن ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ بومبا چۈشۈپ پارتلاپ كېتىشتىن قورقۇشتىن باشقا، مېلانىيەنىڭ شۇنداق چاغدا تۇغۇپ قويۇشىدىن بەكرەك قورقاتتى، شۇنى ئويلىسىلا ئۇنى تەر بېسىپ كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كېتەتتى. ئەگەر بالا دەل شۇنداق چاغدا تۇغۇلۇپ قالسا ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ مېلانىيە ئۆلۈپ قالسا مەيلىكى، ئۇنىڭ كوچىغا چىقىپ دوختۇر باشلاپ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پىرىسسىينىمۇ يۈرەكلىك ئەۋەتەلمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئوق يەپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقاتتى. مېلانىيەنىڭ تولغىقى تۇتۇپ كەتسە ئۇ قانداق قىلىدۇ؟

بىر كۈنى، پىرىسسىي ئىككىسى مېلانىيەگە كەچلىك تاماق تەييارلاۋېتىپ شۇ تۇغرۇلۇق بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىپ قالدى. پاراڭ ئارىلىقىدا پىرىسسىي ئۇنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بۇ ئەندىشىدىن ئازاد قىلدى.

— سكارلېت خانىقىز، — دېدى پىرىسسىي ئۇنىڭغا، —

مېلانىيە خانىم تولغاق يېيىشكە باشلىغاندا، مېنىڭ سىرتقا چىقىپ دوختۇر چاقىرىپ كىرىشىمىنىڭمۇ، سىزنىڭ ئەنسىرىشىڭىزنىمۇ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭغا مانا مەن بار، بالىنى قانداق تۇغدۇرۇشنى مەن بىلىمەن. ئاپام تۇغۇت ئانىسى تۇرسا ماڭا ئۇنى ئۆگەتمەي قالامدۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭ.

سكارلېت تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئۆز يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى، ئەمما ئىچىدە بۇ كۈنلەرنىڭ چاپسانراق ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلەيتتى، زەمبىرەكلەر توختىماي ئېتىلىپ تۇرۇۋاتقان بۇ يەردىن چاپسانراق كېتىشنى ئويلىغانسېرى ئەندىشىسى كۈچىيەتتى. تاراغا قايتىپ كېتىشنى شۇنچىلىك ئويلايتتى. ھەر كۈنى كەچتە خۇدادىن ئەتىسىلا مېلانىيەنى تۇغدۇرۇۋېتىشنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. شۇنىڭدا ئۇ ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن بولۇپ، ئاتلانتادىن تېز كېتىۋالاتتى. ئاھ، تارا ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇ قەدەر بىخەتەر ۋە بۇ يەردىكى پۇتكۇل جەبىر ـ جاپالاردىن مۇستەسنا بىر ماكان ئىدى ـ دە.

سكارلېت ئۇ يەرگە بېرىپ ئاپىسىنى كۆرۈشكە تەقەززا ئىدى، بۇ خىل تەقەززالىق ئىلگىرى ئۇنىڭدا ھازىرقىدەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ئاپىسىنىڭ يېنىدىلا بولسا ھەرقانچە قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەرسىمۇ ئۇنىڭدىن قورقمايتتى. ئۇ ھەركۈنى ئەتىدىن كەچكىچە زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلەشلىرىنى ئاڭلاپ، كەچتە كارىۋىتىغا چىققاندا، ئەتە ئەتىگەندە مېلانىيەگە ئاتلانتادا بىر كۈنمۇ تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، ئەمدى قايتمىسام بولمايدۇ، ئەمدى سەن مادىي خانىمنىڭ ئۆيىدە تۇرغىن، دەيمەن، دەپ ئويلايتتى، لېكىن بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا ئاشلېيىنىڭ خوشلاشقان چاغدىكى يۈرىكى ئازابىتا، ئەمما چىرايىدا مەجبۇرىي كۈلكە ئويناپ تۇرغان قىياپىتىنى، «سىز مېلانىيەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سىز ئىرادىلىك...

ماڭا جاۋاب بېرىڭ» دېگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ بوشىشىپلا كېتەتتى. راست، ئۇنىڭغا ئۇ ۋەدە بەرگەن. ئۇ ھازىر نەلەردىمۇ ئۆلۈپ ياتقاندۇ. نەدىلا ياتقان بولسۇن، ئۇ ئۇنىڭ ۋەدىسىدە تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىنى كۆزىتىپ ياتىدۇ. ئۇ ھايات بولسۇن، ياكى ئۆلگەن بولسۇن، ئۇنى نائۇمىد قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ھەرقانچە كۆپ بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ مەيلى. شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت كۈنلىرىنى ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈۋەردى.

ئېللېن ئۇنىڭغا تاراغا قايتىپ كېلىش توغرۇلۇق كۆپ قېتىم خەت يازدى. سىكارلېت ئاپىسىغا يازغان جاۋاب خەتلىرىدە مۇھاسىرە ۋاقتىدىكى خەتەرلىكلەرنى ئامال بار كىچىكلىتىپ يازاتتى، ئەمما مېلانىيەنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان دەردىنى تەپسىلىي بايان قىلاتتى، مېلانىيە يەڭگىپ بولغاندىن كېيىنلا قايتىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئېللېن تۇغقاندارچىلىقى بار ھەم ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئايال بولغاچقا، كېيىنكى خەتلىرىدە سىكارلېتنى بەكمۇ مەجبۇرلاپ كەتمىدى، ئەمما پىرىسسىي بىلەن ۋادىنى ئەۋەتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.

سىكارلېتمۇ ئاپىسىغا ئوخشاش ۋادىنى ئاتلانتادىن كەتكۈزۈۋېتىشكە ئالدىراپ تۇراتتى. ۋاد ئەتىدىن كەچكىچە قورقۇپلا يۈرەتتى، زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا قورقۇپ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالاتتى، زەمبىرەك ئاۋازى توختىغان چاغدىمۇ ئەركىن يۈرمەي سىكارلېتنىڭ ئېتىكىگە يۆگىشىپلا يۈرەتتى. كەچتە ئۇخلاشتىن، قاراڭغۇدىن، ئۇخلاپ قالغاندا شىمالىلىق ئالۋاستىلارنىڭ ئېلىپ قېچىپ كېتىشىدىن قورقاتتى. يېرىم كېچىلەردە ئويغىنىپ كېتىپ يىغلاپ كەتسە، سىكارلېتنىڭ نېرۋىلىرى تارتىشىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە، سىكارلېتمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا قورقۇپ ياتاتتى. ۋاد ئۈچۈن تارادىن مۇۋاپىق يەر يوق ئىدى، شۇڭا پىرىسسىي بىلەن ۋادنى دەررۇ ئاپىرىۋېتىش كېرەك، ئاندىن قايتىپ كېلىپ

مىلانىيەگە قارىسىمۇ بولىدۇ.

لېكىن، سىكارلېت بالىسىنى تېخى ماگدۇرماي تۇرۇپلا، شىمالىلىقلارنىڭ جەنۇبقا تاشلىنىپ، ئاتلانتا بىلەن جونېسبورونىڭ ئارىلىقىدىكى تۆمۈر يول بويلىرىدا جەنۇب تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەگەر شىمالىلىقلار پىرىسىسىي بىلەن ۋاد ئولتۇرغان يېزىنى توسۇۋالسا ... بۇنى ئويلاپ، سىكارلېت بىلەن مىلانىيەنىڭ چىرايى بىردىنلا ئاقىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇلار شىمالىلىقلارنىڭ بالىلار بىلەن ئاياللارنى تۇتۇۋالسا قانداق ۋەھشىيلىكلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋادنى يولغا سالماي، ئاتلانتادا ئۆزلىرى بېقىپ تۇرىدىغان بولدى. ۋاد خۇددى ئاپىسىنىڭ ئېتىكىنى قويۇۋەتسە كىچىككىنە جېنىدىن ھازىرلا ئايرىلىپ قالىدىغاندەك سىكارلېتنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ يۈرۈۋەردى.

7 ـ ئاينىڭ ئىسسىقىدا پۈتۈن بىر ئاي جەڭ داۋاملىشىپ، زەمبىرەكلەر كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ئېتىلىپ تۇردى. ئادەملەرمۇ بۇ ھالەتكە كۆنۈپ كەتتى. قورقۇنچ بولار، مۇشۇنچىلىك بولار، دېيىشىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئۇلار مۇھاسىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا بەكمۇ قورقۇپ كېتىشەتتى، ھازىر بۇ ئىش رېئاللىققا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شۇنچىلىكلا ئىش ئىكەنغۇ، دېيىشىدىغان بولدى. تۇرمۇشلىرى ئىلگىرىكىدىن ئانچە قېلىشمايتتى. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىر يانار تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقانلىقىنى بىلىشەتتى، ئەمما يانار تاغ پارتلىمىغۇچە ئۇلار ھېچنېمە قىلىشالمايتتى. شۇڭا، ھازىر نېمىگە ئۈنچە ئالدىرايدۇ؟ تېخى، يانار تاغ پارتلىماي قېلىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ قاراڭ، گېنېرال خود شىمالىلىقلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ شەھەرگە كىرگۈزمەيۋاتامدۇ! ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ماكونغا تۇتىشىدىغان تۆمۈر يولنى مەھكەم ساقلاۋاتامدۇ؟ شېرمان ئۇنى ئالىمەن دەپ ھەرگىز خىيال قىلمىسۇن!

بىراق، ئادەملەر زەمبىرەك ئوقلىرى توختىماي چۈشۈۋاتقان، ئاشلىق بارغانسېرى كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋاتقان، يېرىم ئىنگلىز مىلى نېرىدىكى شىماللىقلارنى نەزەر كۆزىگە ئىلماۋاتقان، ئاكوپلاردا جۇل - جۇل كىيىملەر بىلەن يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋاتقان جەنۇب ئارمىيەسىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، كۆڭۈللىرىنىڭ بىر يېرىدە ئەتە نېمە ئىش بولار، دېگەن ئەندىشىلىك قورقۇنچلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەندىشە، غەم - قايغۇ، ئاچارچىلىق ۋە بىردە كۆچىيىپ، بىردە پەسىيىپ تۇرىدىغان ئۈمىدلىنىشلەر ھەم كۈندىن - كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەر ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ نېپىز پوستىنى ئاستا - ئاستا تېخىمۇ نېپىزلىتىپ، تېز ئارىدا ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ قويىدىغاندەك تۇراتتى.

سىكارلېت دوستلىرىنىڭ چىرايى ۋە بىر - بىرىگە بېرىشىدىغان تەبىئىي تەسەللىلىرىدىن ئۆزىگە جاسارەت تېپىپ، بولار ئىش بولدى، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بەرمەكتىن ئۆزگە ئامال يوق، دەپ تەقدىرگە تەن بەردى. شۇڭا، بۇرۇنقىدەك، زەمبىرەكنىڭ ئاۋازىنى ھەر ئاڭلىسا چىرقىراپ كەتمەيدىغان، مېلانىيەنىڭ ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ بېشىنى پۈركەپ يېتىۋالمايدىغان، يەنە تېخى قورقۇنچىنى بېسىۋېلىپ: «بۇ ئوق يېقىنلا يەردىن ئېتىلغان، شۇنداقمۇ؟» دەيدىغان بولدى.

ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك قورقمايدىغان بولۇپ قېلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ھازىرقى تۇرمۇش ئۇنىڭغا خۇددى چۈشتەك بىلىنىۋاتاتتى. چۈش قورقۇنچلۇق، ئەمما رېئاللىق ئەمەس ئىدى، سىكارلېت ئوخارا ئۆزىنى ئۇ خىل قورقۇنچلۇق رېئاللىق ئىچىگە قويالمايتتى، ئۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ئۆلۈم خەۋپى يېتەتتى. ھايات بەزىدە تىپتىنچ ئۆتىدۇ، شۇ تىنچ ئۆتكەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ ئىشلار راست ئەمەس، ئاز كۆرۈلىدىغان راست ئەمەس
ئىشلار، راست بولىدىغان بولسا، تاڭ يورۇغاندا شۇنداق سۈزۈك
كۆرۈنىدىغان كۆپكۆك ئاسمان قاپقارا بۇلۇتقا ئوخشاش زەمبىرەك
ئىسلىرىدىن بۇلغىنىپ كېتەمدۇ؟ گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى
گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان چۈش مەزگىلى شۇنچىلىكمۇ
قورقۇنچلۇق كۆرۈنەمدۇ؟ زەمبىرەك ئوقلىرى ۋىژىلداپ كېلىپ
شەھەر مەركىزىگە چۈشۈپ، خۇددى ئاخىرقى زامان بولغاندەك
دەھشەتلىك پارتلامدۇ؟ ئوق پارچىلىرى نەچچە يۈز مېتىر نېرىغا
چاچراپ بېرىپ، ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنى پارە - پارە
قىلىۋېتەمدۇ؟ شۇڭا، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست ئەمەس.

ئىلگىرىكى خاتىرجەم چۈشلۈك ئۇيقۇلار ئەمدى يوق ئىدى.
گەرچە جەڭ ئارىلىقلىرىدا جەڭ شاۋقۇنلىرى ئاز ۋاقىتقا
بېسىلىپ قالىدىغان چاغلار بولسىمۇ، لېكىن ھارۋىلارنىڭ
تاراقلاپ مېڭىشلىرى، جەڭچىلەرنىڭ ئاكوپلاردىن يۈگۈرۈپ
چىقىشلىرى، بەزىدە بىر باتالىيون ئەسكەرنىڭ بۇ رايوندىكى
ئاكوپلاردىن شەھەرنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئاكوپلارغا قاراپ
يۈگۈرۈشلىرى، خەۋەرچى ئەسكەرلەرنىڭ خۇددى بۇ جەڭنىڭ
تەقدىرى ئۆزى بىلەن چەمبەرچاس مۇناسىۋەتلىكتەك قوماندانلىق
ئىشتابقا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشلىرى ئارامىلىقنى بۇزۇپ
تۇراتتى.

دىمىق ئاخشاملىرى ئەتراپ ئازراق جىمجىتمۇ قالاتتى، لېكىن
بۇ خىل جىمجىتلىق بىنورمال ئىدى، ھەتتا بۇ جىمجىتلىقنىڭ
بىنورماللىقىدىن چېكەتكىلەر، پاقىلار ۋە سوپىسوپىياڭلارنىڭ
ئاۋازلىرىمۇ ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە ئوخشاش چاڭىلداپ تۇرماي
بىردىنلا جىمىپ كېتەتتى. بۇ جىمجىتلىقنى مۇداپىئە لىنىيەسى
تەرەپتىن ئاندا - ساندا ئېتىلىپ قالغان كونا ئوۋ
مىلتىقلىرىنىڭ ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى.

يېرىم كېچىلەردە، چىراغ ئۆچكەن، مىلانىيە ئالىبۇرۇن
ئۇخلاپ قالغان، پۈتۈن شەھەر تىمتاسچىلىقتا چۆمگەن

چاغلاردىمۇ، سىكارلېت دەرۋازىدىكى تۆمۈر ھالقىنىڭ شاراقشىشلىرىغا، ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ بوش چېكىلىشلىرىگە قۇلاق سېلىپ ياتاتتى.

بەزىدە چىرايلىرىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان جەڭچىلەر قاراڭغۇ كارىدوردا تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەڭلا گەپ قىلاتتى. بەزىلىرى سىلىق ئاھاڭدا: «خانىم، مالاللىق يەتكۈزۈپ قويدۇق، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ماڭا ۋە ئېتىمغا ئىچكۈدەك سۇيىڭىز بارمىدۇ؟» دېيىشەتتى. بەزىلىرى تاغلىقلارنىڭ تەلەپپۇزى، بەزىلىرى جەنۇبلۇقلارنىڭ شېۋىسى بىلەن گەپ قىلاتتى. بەزىلىرى دېڭىز بويلىرىدىكى ئادەملەردەك تولىمۇ سىلىق ۋە بوش سۆزلەيتتى، بۇ ئاۋازلار بەزىدە ئۇنىڭغا ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى.

— خانىقىز، مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار ئىدى، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماڭالماي قالدى، ئۆيىڭىزگە ئەكىرسەم بولارمۇ؟

— خانىم، يەيدىغانغا نېمىلا بولسا مەيلى ئىدى، سىزدە بولسا ئازراق قوناق پوشكىلى بەرگەن بولسىڭىز.

— خانىم، ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭ، مۇشۇ كارىدوردا بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالسام بولارمۇ؟ مەن بۇ يەردىكى ئەتىرگۈللەرنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ خۇددى يۇرتۇمغا بارغاندەك بولۇپ قالدىم، شۇڭا قورقمايلا سىزگە ...

ياق، بۇ كېچىلەر راست ئەمەس، ئۇنىڭ ھەممىسى چۈش، ئۇ جەڭچىلەر، بەدىنى ياكى چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇ جەڭچىلەر ئۇ قاباھەتلىك چۈشنىڭ بىر قىسمى. ئۇلارنىڭ سىكارلېتقا پەقەت ھارغىن ئاۋازلىرىلا ئاڭلانغان. سۇ بېرىش، يەيدىغان نەرسە بېرىش، كارىدوردا ياتقان جەڭچىگە ياستۇق قويۇپ بېرىش، يارىسىنى تېڭىش، ياق، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۇ قىلمىغان.

7 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ھېنرى تاغا ئىشىكنى قاقتى. ئۇنىڭ كۈنلۈكى بىلەن سومكىسى

كۆرۈنمەيتتى، تومپىيىپ تۇرىدىغان قورسىقىمۇ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ، سىمىز ھەم قىزىل يۈزىنىڭ گۆشلىرىمۇ سالپىيىپ قاپتۇ. چاچلىرىنىڭ پاسكىنىلىشىپ كەتكەنلىكىنى دېمەيلا قويايلى. پۈتى يالاڭ ئاياغ، ھەممە يېرىنى پىت بېسىپ كەتكەن، قورسىقى ئېچىپ ئارانلا قاپتۇ، ئەمما سەپرا مىجەزى زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ.

ئۇ: «بۇ بىر ئەخمىقانە ئۇرۇش، شۇنداقتىمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەملەر مىلتىقلىرىنى ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتىمىز» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن قىزلارغا بەرگەن تەسىرىدە ئۇ بۇ ئۇرۇشقا رازىمەنلىك بىلەن قاتناشقانىدى. چۈنكى، ئۇرۇش خۇددى ياشلارغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى، ئۇمۇ خۇددى ياشلارغا ئوخشاش ئىش قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىكارلېتقا ياشلار قىلغانغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى، مېرۋېتېر بوۋاينىڭ ئۆزىگە يەتمەيدىغانلىقىنى خۇشال سۆزلەپ بەردى. مېرۋېتېرنىڭ بەل ئاغرىقى بار ئىدى، ياشلىقى قايتىپ كېتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ ئۇ ئۇنىماپتۇ.

ھېنرى تاغىنىڭ ۋاقتى ناھايىتى قىس ئىدى، تۆت سائەتلىككىلا كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەرگە كېلىپ ـ كەتكۈچە ئۇ ۋاقتىنىڭ يېرىمى تۈگەيتتى.

— قىزلار، بۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە سىلەرنى كۆرۈشكە كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن، — ئۇ مېلانىيەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپلا، سىكارلېت ئەكېلىپ بەرگەن بىرداس ئىسسىق سۇغا پۇتىنى چىلىغاچ جاكارلىدى، — بىزنىڭ پولك ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىدۇ.

— نەگە بارىدۇ؟ — مېلانىيە ھەيران بولۇپ سورىدى ۋە دەرھاللا ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

— مېنى تۇتماڭ، — دېدى ھېنرى يىرگەنگەندەك قىلىپ، — بەدىنىمنى پىت بېسىپ كەتتى. ئۇرۇشتا پىت ۋە تولغاق بولمىسا ئۇ باراۋەتتەك بىر نېمە بولۇپ قالىدۇ. مەن نەگە بارىمەن؟ بۇنى

ئۇلارمۇ ماڭا دېمىدى، ئەمما پەرەز قىلالىدىم. بىز جەنۇبقا، جونېسبوروغا بارىمىز. ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز، پەرىزىم خاتا بولمىسىلا.

— ھە، نېمىشقا جونېسبوروغا بارىسىلەر؟

— ئۇ يەردە ئۇرۇش بولۇۋاتقاچقا بولمامدۇ، خانقىز. شىماللىقلار كۈچى يەتسە ئۇ تۆمۈر يولنى بېسىۋالغۇسى بار. ئەگەر تۆمۈر يول ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا خەير - خوش، ئاتلانتا، دەيدىغان گەپ.

— ھېنرى تاغا، سىزنىڭچە، ئۇلار تۆمۈر يولنى تارتىۋالالارمۇ؟

— ياق، قىزلار، ئۇ مۇمكىن ئەمەس، بىز بار يەردە ئۇلارنىڭ تارتىۋېلىشى مۇمكىنمۇ؟ — ھېنرى تاغا ئۇلارنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرغان چىرايلىرىغا قاراپ كۈلۈپ قويىدى. ئارقىدىن چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ يەردە دەھشەتلىك جەڭ بولىدۇ، قىزلار. ئۇلارنى يەڭمىسەك زادىلا بولمايدۇ. بىلىشىڭلار كېرەككى، شىماللىقلار بارلىق تۆمۈر يوللارنى ئىگىلەپ، ماكونغا تۇتىشىدىغان شۇ بىرلا يول قالدى. ئەمما، ئۇ يول ئۇلارنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئەمەس، ئۇلار يەنە مىكدونو تاشيولىدىن باشقا پۈتۈن يوللارنى، ھەتتا چىغىر يوللارغىچە بېسىۋالدى. ئاتلانتا ھازىر تاغارنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تاغارنىڭ ئاغزى جونېسبورودا. ئەگەر شىماللىقلار ئۇ تۆمۈر يولنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدىغان بولسا، تاغارنىڭ ئاغزىنى باغلاپ، بىزنى خۇددى چاشقاننى تۇتقاندەك بىر - بىرلەپ تۇتۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا، بىز ئۇ تۆمۈر يولنى ئۇلارغا بېرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك... مەن بىر مەزگىل كەلمەيمەن، قىزلار، بۇ قېتىم سىلەر بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلدىم، يەنە سىكارلېت ھازىرمۇ سەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتامدۇ، يوق، بىلگۈم كەلدى، مېلانىيە.

— ئۇ مەن بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى مېلانىيە

يېقىملىق سۆزلەپ، — بىزدىن ئەنسىرىمەڭ، ئۆزىڭىزگە كۆپرەك پەخەس بولۇڭ، ھېنرى تاغا.

ئۇ مېلانىيەنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن پەستىكى ئاشخانىغا چۈشتى، سىكارلېت ئۇ يەردە بىر قوناق نېنى بىلەن بىرنەچچە ئالمىنى بىر ياغلىققا ئوراۋاتاتتى.

— ھېنرى تاغا، ئەھۋال ... ئەھۋال راستلا شۇنداق ئېغىرمۇ؟

— راست، ئېغىر! ئەمدى خام خىياللارنى تاشلاش كېرەك، ھازىر بىز ئەڭ ئاخىرقى خەندەكلەرگە چېكىندۇق.

— سىزچە، ئۇلار تاراغىمۇ بېسىپ كېلەرمۇ؟

— نېمە؟ — ھېنرى تاغىنىڭ خەلق چوڭ بىر بالا - قازاغا دۇچكېلىۋاتقاندا، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئاياللارغا خاس بۇ گەپكە خېلىلا ئاچچىقى كەلدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرغان قايغۇلۇق چىرايىغا قاراپ يۇمشاپ قالدى.

— ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇ يەرگە بارمايدۇ. تارا تۆمۈر يولدىن بەش ئىنگلىز مىلى نېرىدا، شىماللىقلارغا بولسا تۆمۈر يول كېرەك. بىراق، خانقىز، ھەرقانداق ئىشقا بۇنداق تار نەزەردە قارىماڭ، — ئۇ بىردىنلا گەپتىن توختاپ قالدى، — بۈگۈن مەن شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ سىلەر بىلەن خوشلاشقىلى ئەمەس، مېلانىيەگە يامان بىر خەۋەرنى يەتكۈزگىلى كەلگەنىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا زادىلا ئېغىز ئاچالمىدىم، ئۇ گەپنى سىزگە ئېيتا، سىز ئۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ يەتكۈزۈپ قويۇڭ.

— ئاشلېينىڭ خەۋىرىمۇ... سىز ئۇنىڭ... ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— مەن ئاكوپتا بىلىمگىچە پاتقاقنىڭ ئىچىدە ياتسام، نەدە يۈرۈپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايمەن؟ — ياندۇرۇپ سورىدى بوۋاي سەۋرسىزلىنىپ، — ئۇنىڭ دادىسى. ۋىلكېس ئەپەندى ئۆلۈپ كەتتى.

سىكارلېت بىردىنلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى، قولىدا ئوراپ بولمىغان نەرسىلەر شۇ پېتى تۇراتتى.

— بۇ گەپنى مېلانىيەگە يۈزتۆرا دېيەلمىدىم، سىز دەڭ، بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ.

ھېنرى تاغا يانچۇقىدىن ئېغىر بىر ئالتۇن سائەتنى، ئالىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ۋىلكېس خانىمنىڭ كىچىك بىر پارچە سۈرىتىنى ۋە بىر تال تۈگمىنى ئېلىپ سكارلېتقا بەردى. سكارلېت ۋىلكېس ئەپەندىنىڭ قولىدا ئۇرغۇن قېتىم كۆرگەن بۇ سائەتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ راستلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندى ۋە قورقۇپ كېتىپ زۇۋان سۈرەلمەي قالدى. ھېنرى تاغا خاتىرجەم ئولتۇرالماي قىسقا يۆتىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشقا قارىسام كۆڭلۈم تېخىمۇ يېرىم بولمىسۇن، دېگەندەك باشقا ياققا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ئۇ ناھايىتى باتۇر ئادەم، بۇ گەپنى مېلانىيەگە ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇ ئۇنىڭ قىزلىرىغا خەت يېزىۋەتسۇن، ئۇ بىر ئۆمۈر ياخشى جەڭچى بولۇپ ئۆتكەن، يېنىغا زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتتى. ئات ئېغىر يارىلىنىپتىكەن، مەن بوغۇزلىۋەتتىم. بىچارە ھايۋان ناھايىتى ياخشى بايتال ئىدى. تارلېتون خانىمغا سىز خەت يېزىپ ئۇنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ. بىر بوۋاي ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياشلارنىڭ ئىشىنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتسە ئارمىنى قالمىسا كېرەك.

— ئاھ، ئۇ ئۆلمەسلىكى كېرەك ئىدى، ئالدىنقى سەپكە بارمىسىمۇ بولاتتى. نەۋرىسىنىڭ چوڭ بولغىنىنى كۆرۈپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسە بولماسمىدى، نېمىشقا بارىدۇ؟ ئەسلىدە ئۇ بۆلۈنۈشنى تەشەببۇس قىلمايتتى، ئۇرۇشقا نەپرەتلىنەتتى ھەم ...

— بىزمۇ شۇنداق ئويلىدۇق، ئەمما ئامال قانچە، — ھېنرى قوپاللىق بىلەن بۇرنىنى تاشلىدى، — سىز بىزگە ئوخشاش بوۋايلارنى شىماللىقلارغا نىشان بولۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلامسىز؟ بۇ كۈنلەردە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق ـ دە. خوشلىشىدىغان چاغدا مېنى بىر

سۆيۈپ قويۇڭ، قىزىم. مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، مەن بۇ ئۇرۇشتىن ئامان قېلىپ ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىمەن.

سىكارلېت ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ قاراڭغۇ هويلىدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. ئاندىن دەرۋازىنىڭ ئېچىلغان، تاقاقنىڭ سېلىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قولىدىكى نەرسىلەرگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن مېلانىيەگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىتتىك مېڭىپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا قارشى ئېلىنمايدىغان بىر خەۋەر تارقالدى. هېنرى تاغا ئالدىن ئېيتقاندەك، شىماللىقلار ئايلىنىپ ئۆتۈپ جونېسبوروغا هۇجۇم قىلغان، ئۇلار شەهەرنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردىن پويىز يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. ئەمما، جەنۇبنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ناهايىتى تېزلا چېكىندۈرۈۋەتكەن، قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر ئىسسىققا قارىماي تۆمۈر يولنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى چاپسانلا ياساپ بولغان.

سىكارلېت تەقەززا بولۇپ ساراڭ بولايلا دەپ قېلىۋاتاتتى. ئۈچ كۈنگىچە شۇنداق تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۆتىنچى كۈنى گېرالدتىن خەت تاپشۇرۇۋالدى ۋە شۇندىلا خاتىرجەم بولدى. شىماللىقلار تاراغا بارماپتۇ، ئېتىشىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ، ئەمما ئۇلارنى كۆرمەپتۇ.

گېرالد خېتىدە جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ شىماللىقلارنى تۆمۈريولدىن قانداق چېكىندۈرگەنلىكىنى، خۇددى ئۇ جەڭدە ئۆزى يالغۇز شەرەپ قۇچقاندەك ئاجايىپ يوغان گەپلەر بىلەن تەسۋىرلەپ كەتكەنىدى. جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى ئۈچ بەتكە توشتۇرۇپ يېزىپ، ئاخىرىغا كاررىننىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، يەڭگىل كېزىك بوپتۇ، سىكارلېت ئەنسىرىمىسىمۇ بولغۇدەك. ئۇ يەنە تۆمۈر يول هازىر بىخەتەر قاتناۋاتقان بولسىمۇ، سىكارلېتنىڭ كەلمەسلىكىنى ئېيتىپتۇ.

ئوخارا خانىم سكارلېت بىلەن ۋادنىڭ مۇھاسىرە تۈگىمىگۈچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى توغرا دەپ ئويلاپتۇ. سىكارلېتنىڭ چېركاۋغا بېرىپ كاررىن ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

سكارلېت ئاپىسىنىڭ بۇ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خىجىل بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ چېركاۋغا بارمىغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغانىدى. ئەگەر بۇرۇن بولغان بولسا چېركاۋغا بارمىغىنىنى گۇناھ دەپ بىلەتتى. ھازىر ئۇ ئاپىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىتتىك مېڭىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ «ئەتىرگۈل ئايىتى»نى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ئەمما ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك راھەت سەزمىدى. يېقىندىن بېرى مىڭلىغان ئادەملەر تەڭرىگە ھەر كۈنى تېۋىنىۋاتقان بولسىمۇ، تەڭرى ئۇلارنىڭ ھالىغا پەقەتلا يەتمەيۋاتاتتى.

ئۇ گېرالدنىڭ خېتىنى قوينىغا سېلىۋالدى، ھەر قېتىم ئۇنى تۇتۇپ قويسا تارا بىلەن ئاپىسى ئۆزىنىڭ يېنىدىكىدەك ھېسسىياتتا بولاتتى. مېھمانخانىنىڭ دېرىزىسىگە قويۇپ قويغان چىراغنىڭ ئالتۇندەك سۇس سېرىق يورۇقى قاراڭغۇ كارىدورنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كارىدوردا ئولتۇراتتى. قىزىل، سېرىق ئەتىرگۈللەر بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، سىكارلېتنىڭ ئەتراپىدا خۇددى تامدەك چىرايلىق تۇراتتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. كۈن پاتقاندىن بېرى مىلتىقلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ ئۆچكەنىدى، دۇنيا ئادەملەردىن ئىنتايىن يىراقتا تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. سىكارلېت ئۆزى يالغۇز ئورۇندۇقنى بوش لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. تارادىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپ كۆڭلى پەرىشان ئىدى، كىملا بولسۇن، بىرسىنىڭ شۇ تۇرقىدا ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، مېرۋېتېر خانىم دوختۇرخانىدا، مادې خانىم ئالدىنقى سەپتىن قايتقان ئوغلى پىلنى كۈتۈش بىلەن، مېلانىيە ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغان، ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالىدىغان

مېھمانلارمۇ يوق، ئۆتكەن ھەپتىدەك دائىم كېلىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ماڭالايدىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاكوپلاردا ياكى جونېسبورونىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارغا شىماللىقلار بىلەن ئېلىشقىلى كېتىشكەن.

ئۇ ئىلگىرى بۇنچىلىك غېرىبسىنىپ باقمىغانىدى، بۇنداق بولۇشىنىمۇ ھەم ياخشى كۆرمەيتتى، چۈنكى يالغۇز ئولتۇرۇپ قالسىلا خىيالغا بېرىلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرىقى خىياللىرى ئادەمنى ئانچە خۇشال قىلىدىغانمۇ خىياللار ئەمەس ئىدى، باشقىلارغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۈگۈن كېچە ئاتلانتا شۇنچىلىك جىمجىت ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۆزىنى تاراغا بېرىپ قالغاندەك ئويلاپ قالدى. ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى پەقەتلا ئۆزگەرمىگەن ھەم ئۆزگىرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىشى يوق گەپ ئىدى، ئۇ تارلېتون ئائىلىسىدىكى تۆت ئاكا ـ ئۇكىنى: سېرىق چاچ قوشكېزەكلەر بىلەن توم ۋە بويدنى ئەسلەپ قاتتىق قايغۇدا خۇددى بويىنىنى بىرسى سىقىۋالغاندەك بولدى. ستۇئارت بىلەن بويد ئىككىسىنىڭ بىرسى ئۇنىڭ ئېرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟ ئەمدى تاراغا قايتىپ بارسا دەرەخلىك يولدا ئالدىغا كۆلۈپ، ئويناپ چىقىدىغان ئۇ يىگىتلەر يوق. رايفورد كالۋېرت تانىسغا ئاجايىپ ئۇستا يىگىت ئىدى، ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ تانسا ئويىنيالمايدۇ. مونرو ئائىلىسىدىكى بىر توپ يىگىتلەر، پاكار بوي جوئى فونتائىن، يەنە ...

«ئاھ، ئاشلېي، — ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى، — سىزنىڭ بۇ دۇنيادا يوق ئىكەنلىكىڭىزگە مەڭگۈ ئىقرار ئەمەسمەن!»

شۇ ئارىلىقتا دەرۋازىنىڭ غاچ قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ دەررۇ بېشىنى كۆتۈردى ۋە قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ياش بىلەن خىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. رېت باتلېر دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىۋاتاتتى، قولىدا كەڭ گىرۋەكلىك پاناما قالپىقى بار ئىدى.
سكارلېت ئۆتكەن قېتىم ئۇنىڭ پەيتونىدىن ئۇشتۇمتۇت چۈشۈپ قالغاندىن بېرى ئۇنى پەقەتلا ئۇچراتمىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى ئۇچراشمايمەن، دەپ ئۆزىگە ئۆزى قەسەم قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن، هازىر بىرسىنىڭ كېلىپ ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىپ، خىياللىرىنى ئاشلىيدىن باشقىغا يۆتكىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ ئولتۇرغاچقا، دەررۇ ئۇ خىياللىرىنى ئۆزىدىن نېرى قىلىۋەتتى. باتلېرنىڭمۇ ئۇدۇل كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىغا ۋە ئۇ قېتىمقى ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇمۇ ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇغان ياكى يالغاندىن ئۇنتۇغان بولۇۋالغانىدى.
— ماكونغا كەتمەپسىز - دە. پىتتىي هاممىنىڭ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ سىزنىمۇ كەتتىمىكىن دەپ قاپتىمەن. قارىسام، چىرىغىڭىز يېنىق تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سوراپ باقاي دەپ كىردىم. نېمىشقا كەتمىدىڭىز؟
— ئۇنىڭغا هەمراھ بولۇپ قالدىم، شۇ، ئۇ ... هىم، ئۇ هازىر هېچ يەرگە بارالمايدۇ.
سكارلېت چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئۇنىڭ قاپىقىنى تۈرگەنلىكىنى كۆردى.
— سىز بۇ گېپىڭىز بىلەن ماڭا ۋىلكېس خانىمنىڭمۇ مۇشۇيەردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچىمۇ؟ مەن بۇ ئەخمىقانە ئىشنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىمەن. ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالىدا بۇ يەردە قېلىشى ئىنتايىن خەتەرلىك.
سكارلېت خىجىل بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى. چۈنكى، ئۇ مېلانىيەنىڭ ئەھۋالىنى هەرقانداق بىر ئەركەككە ئېيتىسا بولمايتتى. ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلغىنى، رېت باتلېرنىڭ مېلانىيەگە هازىر خەۋپ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىشنى بىلىپ قالغانلىقى ئىدى. بويتاق بىر ئەرنىڭ بۇنداق ئىشلارنى بىلىشى

بۇز كېتىدىغان ئىش ئەمەسمۇ.

— سىز ماڭىمۇ خەۋپ يېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئازراقمۇ دېمىدىڭىز، بۇ ئىشىڭىز ئادىللىق ئەمەس، — دېدى سىكارلېت سەل تارلىق قىلغاندەك قىلىپ.

باتلېرنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ نۇرلىنىپ كەتتى.

— مەن سىزنى شىماللىقلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن ساقلاپ قېلىشقا ھەرقاچان تەييار.

— بىلمىدىم، بۇ خۇشامەت گەپمۇ قانداق، — دېدى سىكارلېت گۇمانىي تەلەپپۇزدا.

— ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى باتلېر جاۋابەن، — سىز زادى• قاچان ئەرلەرنىڭ ئىختىيارىي قىلغان گەپلىرى ئىچىدىن خۇشامەت سۆزلىرىنى ئىزدىمەيدىغان بولارسىز؟

— كۆزۈم يۇمۇلغاندا، — جاۋاب بەردى سىكارلېت مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ. كۆڭلىدە بولسا، ئەرلەرنىڭ دائىم كېلىپ ئۆزىگە خۇشامەت قىلىپ تۇرۇشىنى ئويلايتتى، ئەمما رېت باتلېر بىر قېتىممۇ ئۇنداق قىلمىغانىدى.

— سىز مۇشۇ ئىشتا بولسىمۇ راست گەپ قىلدىڭىز، — دېدى باتلېر.

ئۇ تاماكا قۇتىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن تاماكا ئالدى، ئاۋۋال بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇراپ بېقىپ ئاندىن تۇتاشتۇردى. تۇۋرۇككە يۆلىنىپ ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى. سىكارلېت ياتما ئورۇنداقتا بىر خىلدا لىڭشىپ ئولتۇراتتى. ئىككىسىنىڭ ئەتراپى جىمجىت، قاپقارا تۈن پەردىسى شۇنچىلىك قويۇق ۋە ئىللىق ئىدى. ئەتىرگۈللەرنىڭ ئارىسىدا ئۇخلاپ قالغان بۇلبۇل بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتىمۇ قانداق، سايراپ كەتتى، ئارقىدىن خۇددى خىيالغا پېتىپ قېلىۋاتقاندەك سايراشتىن يەنە توختاپ قالدى.

بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن رېت باتلېرنىڭ بوش، ئەمما يېقىملىق كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىز شۇڭلاشقا ۋىلكىس خانىمنىڭ يېنىدا قاپتىكەنسىز ـ دە. بۇ مەن ئۇچرىغان ئەڭ غەلىتە ئەھۋال ئىكەن.

— مەن ھېچقانداق بىر غەلىتىلىك كۆرمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى سىكارلېت خاتىرجەمسىزلىنىپ. ئۇ بىردىنلا ھوشيارلاشتى.

— راستمۇ؟ ئۇنداق بولسا سىز مەسىلىگە ئوبيېكتىپ قارىمايدىكەنسىز. ئىلگىرىكى چاغلاردا سىز ماڭا ۋىلكىس خانىمغا ئاران چىداپ تۇرۇۋاتقاندەك تەسىر بەرگەنىدىڭىز، ئۇنى گالۋاڭ ھەم ئەخمەق دەپ بىلەتتىڭىز، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىدىيەسىدىن بىزار ئىدىڭىز، پۇرسەت تاپسىڭىزلا ئۇنىڭغا نەشتىرىڭىزنى سانجىۋالاتتىڭىز. شۇڭا، مەن بۇ ئىشىڭىزنى مۇقەررەر ھالدا غەلىتە ھېس قىلىپ قېلىۋاتىمەن. زەمبىرەك ئوقلىرى توختىماي گۈمبۈرلەپ تۇرغان مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغۇدەك بۇنداق مەردانىلىك سىزگە نەدىن كەلگەندۇ؟ ئېيتىڭا، سىز زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

— چۈنكى، ئۇ چارلېسنىڭ سىڭلىسى ... ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى ئۆز ھەمشىرىسىدەك كۆرىدۇ، — سىكارلېت بۇ گېپىدىن يۈزى قىزىرىپ ۋىلىلداپ تۇرسىمۇ دەبدەبىلىك سۆزلەشكە تىرىشتى.

— ئۇ ئاشلېينىڭ تۇل قالغان ئايالى بولغاچقىلا سىز شۇنداق قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

سىكارلېت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، يۈرىكىدىكى غەزىپىنى تەستە بېسىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— سىز ئۆتكەندە ماڭا قاتتىق ئەدەپسىزلىك قىلغان، ھازىر مەن شۇ چاغدا قىلغىنىڭىزنى كەچۈرەي دەپ تۇراتتىم. ئەگەر شۇ تۇرقىدا كۆڭلۈم پاراكەندە ئولتۇرمىغان بولسام، سىزنى بوسۇغىدىن كىرگۈزمىگەن بولاتتىم ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ...

— ئولتۇرۇپ ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى

بىرئاز ئۆزگەردى. ئۇنى بىلىكىدىن تارتىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، — ئېيتىڭا، كۆڭلىڭىز نېمىگە شۇنچە پاراكەندە؟

— ھىم، بۇگۈن تارادىن خەت كەلدى. شىماللىقلار ئۇ يەرگە يېقىنلاپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كارىرىن كېزىك بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ... شۇڭا ... ھازىر مەن قايتىپ كېتەي دېسەممۇ، ئاپام كېزىكنى يوقتۇرۇۋېلىشىمدىن قورقۇپ بېرىشىمغا ئۇنىمايدۇ.

— سىز ئۇ ئىش ئۈچۈن يىغلاپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى خېلىلا يۇمشىدى، — سىز ھازىر ئاتلانتادا، شىماللىقلار كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ يەردە تارادىكىگە قارىغاندا خەتەرسىز تۇرالايسىز. ئۇلار سىزگە زىيان سالالمايدۇ، ئەمما كېزىك سىزنى يىقىتىدۇ.

— شىماللىق ئالۋاستىلار ماڭا زىيان سالالامدۇ؟ سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا ئادەم ئالدايدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز؟

— سۆيۈملۈك خانقىز، شىماللىقلار ئالۋاستى ئەمەس، سىز ئويلىغاندەك ئۇلارنىڭ باشلىرىدا مۈڭگۈزى، پۇتىدا ئۇزۇن تۇيىقى يوق. ئۇلارمۇ جەنۇبلۇقلارغا ئوخشاش چىرايلىق ئادەملەر ... ئەلۋەتتە، ئەدەپ - قائىدىدە بىرئاز ئارقىدىراق، گەپ - سۆزلىرى بىر ئاز قوپال.

— شىماللىق ئالۋاستىلار ...

— سىزگە باسقۇنچىلىق قىلارمۇ؟ مېنىڭچە، شۇنداق نىيىتى بولسىمۇ ئۇ ئىشنى قىلمايدۇ.

— سىز ماڭا يەنە مۇشۇنداق قوپال گەپ قىلىدىغان بولسىڭىز ئۆيگە كىرىپ كېتىمەن، — كەسكىنلا دېدى ئۇ ۋە ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى باتلېرنىڭ كۆرمىگەنلىكىدىن خۇش بولدى.

— راستىڭىزنى ئېيتىڭا، سىز ئىچىڭىزدە شۇنداق ئويلىغانمۇ، يوق؟

— ئۇنداق ئويلىمىدىم.

— ئەمەلىيەتتە، شۇنداق ئويلىدىڭىز. ئىچىڭىزدىكىنى بىلىۋالغىنىم ئۈچۈن مەندىن رەنجىسىڭىز بولمايدۇ - دە. ئەركە ئۆگىنىپ قالغان، قائىدىلىك جەنۇبلۇق خانىملارلا شۇنداق خىياللاردا بولىدۇ ھەم شۇنداق ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. سىز بىلەن بەسلىشىمەنكى، مېرۋېتېر خانىمغا ئوخشاش پۇللۇق تول خوتۇنلارمۇ ...

سكارلېت زۇۋان سۇرمەي ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇردى. دېمىسىمۇ يېقىندىن بېرى خانىملاردىن بىر - ئىككىسى بىر يەردە بولسىلا مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق كۇسۇرلىشاتتى، ئەمما ئۇ ئىشلارنى ۋىرگىنىيەدە، تېنىنېستا ياكى يۇرتتىن يىراق جايلاردا يۈز بېرىپتۇ، دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، شىماللىقلار ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلاتتى، باللارنىڭ قورساقلىرىنى نەيزە تىقىپ ياراتتى، قېرىلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتەتتى. بۇ ئىشلارنى كوچىغا چىقىپ جار سالمىغىنى بىلەن ھەممە ئادەم ئېنىق بىلەتتى. ئەگەر رېت باتلېر ئازراق بولسىمۇ ئەدەپ - قائىدىنى بىلىدىغان بولسا بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى تەن ئالغان، ئۇ توغرۇلۇق دەتالاش قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى، بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس - دە.

سكارلېت ئۇنىڭ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بەزىدە ئۇ ئادەمنى شۇنچىلىك بىزار قىلىدۇ، كۆپ چاغلاردا شۇنداق. بىر ئەر كىشىنىڭ ئاياللارنىڭ ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش. ئادەم ئۇنداق چاغدا ئۆزىنى ئۇ ئەرنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالامدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېيانەتلىك ھەرقانداق بىر ئايال ئۇ ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە ئويلىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. شۇڭا، سكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقىغا بەكمۇ تېرىكتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر سىر سۈپىتىدە تۇتۇشنى خالايتتى، ئەمدى

بىلدىكى، رېت ئۇنى خۇددى ئەينەكتە كۆرگەندەك ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىكەن.

— بۇ گەپ چىقىپ قالغاندىكىن، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، — دېدى باتلېر، — يېنىڭلاردا سىلەرنى قوغداۋاتقان، سىلەرگە كۆز - قۇلاق بولۇۋاتقان ئادەم بارمۇ، يوق؟ ئۇلار ئادەم قايىل بولىدىغان مېرۋېتېر خانىم ياكى مادې خانىممۇ؟ ئۇلار خۇددى مەن بۇ يەرگە يامان نىيەتتە كېلىۋاتقاندەك مەندىن زادىلا كۆزلىرىنى ئۈزمەيدۇ.

— مادې خانىم كەچقۇرۇنلىرى پات - پات كېلىپ بىزنى يوقلاپ كېتىدۇ، — جاۋاب بەردى سىكارلېت. ئۇ گەپنىڭ باشقا تېمىغا يۆتكەلگىنىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى، — ئەمما بۈگۈن ئاخشام كەلمەيدۇ، ئوغلى ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلدى.

— تەلىيىم بار ئىكەن، — دېدى باتلېر يېنىك تىنىپ، — يالغۇز ۋاقتىڭىزدا كەپتىمەن.

سىكارلېت ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن كۆپ قېتىم ئەرلەرنىڭ ئۆزىگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلغان چاغدىكى ئاھاڭنى سەزگەندەك بولۇپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى، يۈرىكى ئىتتىك سىلىپ كەتتى، يۈزىمۇ ئوتتەك ياندى. ئەگەر ئۇ ھازىر سىزنى سۆيىمەن دېگەن گەپنىلا قىلىدىغان بولسا، ئۇنى يەتكۈدەك قىينىغان، ئۆچ ئالغان ۋە ئۈچ يىلدىن بېرى قىلىپ كەلگەن مەسخىرىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ياندۇرۇپ بەرگەن، ئۆزىگە يالۋۇرتقۇزغان، ئاشلېيىنى بىر كاچات سالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ئاشۇ رەسۋاچىلىقنى يۇيۇپ تازىلىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن، ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى ئاكا - سىڭىللار دوستلۇقى بولۇپ قالسۇن، دەپ ئېيتىپ، بۇ ئېلىشىشنى ئۆزىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان بولاتتى. ئۇ ئاخىرىدىكى بۇ ئەپچىل ئاخىرلىشىشنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدى.

— كۈلمەڭ، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ قولىنى ئۆرۈپ ئالقىنىغا

لەۋلىرىنى قويۇۋېتىپ. تۇيۇقسىز كۆچلۈك بىر ئىللىق ئېقىم شۇ سۆيۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تارىلىپ، ھەممە ئەزايىدا بىر خىل يېقىملىق غىدىقلىنىش پەيدا قىلدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ لەۋلىرى ئالىقاندىن بىلەككىچە سۇرۇلدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تومۇرلىرىنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالدى سىكارلېت، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىر چىدىماي قولىنى تارتىۋالماقچى بولدى. بۇ خىل ئىشەنچسىز قىزغىن ھېسسىيات تۈپەيلى ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇشى مۇمكىن، ئەمما لەۋلىرىمگە سۆيسىكەن دەيدىغان ئارزۇ پەيدا قىلالمايتتى.

«ئۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ، — سىكارلېت كۆڭلى جايىدا ئەمەس بىر ھالەتتە شۇ خىيالنى قىلدى، — ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئاشلىپي. لېكىن، ئۇ بۇ خىل ھېسسىياتىنى، ھاياجاندىن قوللىرىنى تىترىتىۋاتقان، يۈرىكىنى جۇغۇلدىتىۋاتقان بۇ ھېسسىياتىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىدۇ؟»

باتلېر بوش كۈلدى.

— قولىڭىزنى تارتىۋالماڭ، سىزگە زىيان سالمايمەن.

— زىيان سالمايمەن؟ سىزدىن قورقمايمەن، رېت باتلېر، باشقا ئەرلەردىنمۇ ھەم! — توۋلاپ كەتتى ئۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭ تىترەپ چىقىۋاتقىنىغا ئاچچىقى كەلدى.

— بۇ ھۆرمەتكە لايىق روھ، ئەمما ئاۋازىڭىزنى پەسلىتىڭ، بولمىسا ۋىلكېس خانىم ئاڭلاپ قالىدۇ. سوغۇققان بولۇڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، — ئۇنىڭ گەپلىرى سىكارلېتنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇۋاتقاندەك چىقىۋاتاتتى.

— سىكارلېت، سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك گەپ بولدى.

— بەزىدە شۇنداقمۇ ھېسسىياتتا بولۇپ قالىمەن، — دېدى

سىكارلېت ئېھتىيات بىلەن جاۋاب بېرىپ، — بۇمۇ سىزنىڭ قىلىقلىرىڭىز مۇتتەھەملەرنىڭكىدەك بولمىغاندا.

باتلېر يەنە كۇلۇپ كېتىپ ئالىقىنىنى ئۇنىڭ مەڭزىگە يېقىپ قويدى.

— مەن مۇتتەھەم بولغانلىقىم ئۈچۈن سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز. سىز سىرتلارغا كۆپ چىقمايدىغان بولغاچقا، ھەقىقىي مۇتتەھەمنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىڭىز. شۇڭا، مېنىڭ شۇ ئالاھىدىلىكىم سىزگە ئەڭ يارايدۇ.

سىكارلېت ئۇنى بۇنداق دەيدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى، شۇڭا ئەمدى ئۇنىڭ قولىنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مەن ياخشى ئادەملەرنى، ئىشەنگىلى بولىدىغان ئېسىلزادىلەرنى ياخشى كۆرىمەن.

— سىز ئۆزىڭىز دائىم ئالداپ ئوينايدىغانلارنى دېمەكچىمۇ؟ بۇ يەردىكى پەرق پەقەت گەپنىڭ قويۇلۇشىدا. بۇمۇ ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەس.

ئۇ سىكارلېتنىڭ ئالىقىنىغا بىرنى سۆيگەنىدى، ئۇنىڭ گەجگىسىدە ئادەم چىدىغۇسىز تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولدى.

— سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز. بىر كۈنلەردە ماڭا كۆيۈپمۇ قالارسىزمۇ، سىكارلېت؟

«ھىم! — سىكارلېت ئىچىدە مەغرۇر كۇلۇپ قويدى، — ئاخىر قىلتاققا چۈشتى!» شۇنىڭ بىلەن ئۇ سوغۇق تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى:

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى قىلىقلىرىڭىزدا چوڭ ئۆزگىرىش بولسا، بىلمىدىم.

— مەن ئۆزگىرىشنى خالىمايمەن. شۇ سەۋەبتىنلا سىز مېنى سۆيمەمسىز؟ شۇنداق بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. چۈنكى، مەن سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن، ئەمما سۆيمەيمەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەببىتىدە ئىشەنچىلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىسىڭىز تۇگەشكىنىڭىز شۇ. سۆيۈملۈكۈم، سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟

سىزنى «سۆيۈملۈك» دېسەم بولامدۇ، خاملىتون خانىم؟ مەيلى خۇشال بولۇڭ ـ بولماڭ، سىزنى بەربىر «سۆيۈملۈكۈم» دەۋېرىمەن. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، پەقەت ئەدەپلىكرەك بولساقلا بولدى.

— بۇ گەپچە سىز مېنى سۆيمەمسىز؟

— شۇنداق، بۇ راست، سىز، مېنى سۆيىسكەن، دېگەن ئۇمىدتىمۇ؟

— ئۇ ئۇخلاپ چۈشىڭىز!

— سىز راستلا شۇنداق ئۇمىدتە. ئەپسۇس، ئۇ ئۇمىدلىرىڭىز بەربات بولدى. ئەسلىدە سىزنى سۆيسەم بولاتتى، چۈنكى سىز چىرايلىق ھەم قولىڭىزدىن ئىش كېلىدۇ، كېرەككە كەلمەيدىغان نۇرغۇن بىڭسىڭىزمۇ بار. ئەمما، سىزگە ئوخشاش ھەم چىرايلىق، ھەم بىڭسىسى بار ئاياللار ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. ياق، مەن سىزنى سۆيمەيمەن، ئەمما ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى سىزنىڭ ۋىجدانىڭىز سوزۇلۇپ ھەم تارىيىپ تۇرىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي غەرىزىڭىزنى ناھايىتى ئاز يوشۇرىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋۇجۇدىڭىزدا دورامچىلىق ماھىيەت ئىنتايىن چېۋەرلىك بىلەن يوشۇرۇنغان. ئاخىرقىسى قۇيرۇقىنى قۇم باسقىلى ئۇزۇن بولمىغان ئىرېلاندىيەلىك دېھقان ئەجدادىڭىزدىن سىزگە ئۇدۇم بولۇپ قالغان.

دېھقان! بۇ ئۇنىڭ ئۇنى ھاقارەت قىلغىنى ئەمەسمۇ! سىكارلېت قاتتىق غەزەپلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى.

— مېنىڭ گېپىمنى بۆلمەي تۇرۇڭ، — ئۇ سىكارلېتنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇراتتى، — مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاش خاراكتېر بولغاچقا، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمەن. مەن سىزنىڭ ئۇ مۇقەددەس ۋە ئەخمەق ۋىلكېس ئەپەندىنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتەلمەيۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن. ئۇنىڭ گۆرگە كىرىپ ياتقىنىغا يېرىم يىل بولغان بولۇشىمۇ

مۇمكىن، ئەمما يۈرىكىڭىزدە مەنمۇ چوقۇم بار. سىكارلېت، بۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ. سىزگە راست گېپىمنى دەۋاتىمەن. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدىكى ھېلىقى چوڭ زالدا سىزنى تۇنجى رەت كۆرگەن كۈندىن باشلاپ سىزدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇ چاغدا سىز بىچارە چارلېسنى ئۆزىڭىزگە مەپتۇن قىلىپ يۈرەتتىڭىز. شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىن ئورۇن ئېلىشقا، باشقا ھەرقانداق ئايالنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئېلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ تەقەززا بولدۇم. سىزنى ساقلىغان ۋاقتىممۇ باشقا ئاياللارنى ساقلىغان ۋاقتىمغا قارىغاندا ناھايىتى ئۇزاق بولدى.

سىكارلېت ئاخىرىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغاندا جىددىيلىشىپ كېتىپ تىنىقىنىمۇ چىقىرالماي قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئۇنى قانچىلىك ھاقارەتلىگىنى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا سۆيىدىكەن ئەمەسمۇ. پەقەت جاھىللىقى تۈپەيلىدىنلا ئىقرار قىلماي، ئۇنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشتىن قورقۇپ ئېيتماي يۈرگەن ئىكەن ـ دە. ياخشى، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي چۇ.

— سىز مەن بىلەن توي قىلىمەن دېمەكچىمۇ؟

باتلېر ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئىختىيارسىز ئۈنلۈك كۈلۈپ كەتتى. قاتتىق كۈلۈپ كەتكەچكىمۇ ئورۇندۇقى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي، خۇدايىمەي، ئۇنداق ئەمەس. سىزگە مەن سىز بىلەن توي قىلمايدىغانلىقىمنى ئېيتقانغۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى مەيدىسىگە قويدى ـ دە، قىزىقچىلىق قىلغاندەك ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇ بېسىق ئاھاڭدا، — سىزگە ئوخشاش بىلىمدانلارنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىمەن، شۇڭا سىزنى ئۇ تەرەپكە باشلىماي، ماڭا ئاشنا بولسىكەن دېگەن ئارزۇدىلا بولۇپ كەلدىم.

ئاشنا !

سكارلېت ئاشۇ گەپ بىلەن، ئۆزىنىڭ نومۇسسىزلارچە ھاقارەتلەنگەنلىكىدىن ئىچىدە قاتتىق پەرياد چەكتى. ئەمما، بۇ گەپنى ئاڭلىغان دەسلەپكى دەقىقىدە ھاقارەت دەپ ھېس قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر پارچە غەزەپ ئوتى ياناتتى. رېت باتلېر ئۆزىنى گالۋاڭ چاغلايدىغان ئوخشىمامدۇ. ئۇ ئۆزى كۆتكەندەك رەسمىي توي قىلىش تەلىپىنى قويماي ئاشۇنداق تەلەپنى قويغانىكەن، دېمەك ئۇنى گالۋاڭ چاغلىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن غەزەپ، ھاقارەت ۋە ئۈمىدسىزلىك سكارلېتنىڭ يۈرىكىنى تىلغاشقا باشلىدى، ئۇ ئەخلاقىي مەيداندا تۇرۇپ ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن ئۇنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىغا ئاغزىغا كەلگەن بىر گەپنى ئويلانمايلا دەۋەتتى:

— ئاشنا! ئۇنىڭدا مەن بىر توپ مەينەت بالىلاردىن باشقا نېمىگە ئېرىشىمەن؟

بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، ئىنتايىن قاملاشمىغان بىر گەپنى دېگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ قورققىنىدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، باتلېر بولسا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا قاتتىق كۈلۈپ تىنالماي قالدى. سكارلېت ياغلىقى بىلەن ئاغزىنى ئېتىپ، خۇددى قورقۇپ كەتكەن گاچىغا ئوخشاش ئولتۇرۇپ كەتتى. باتلېر قاراڭغۇدا ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى.

— مەن سىزنى دەل مۇشۇ مىجەزىڭىز ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن. سىز مەن تونۇيدىغان ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئوچۇق پىكىرلىك، مەسىلىگە ئەمەلىيەتتىن قارايدىغان، ئارتۇقچە ئەخلاق ئۆلچەملىرى بىلەن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ياپمايدىغان ئايال. ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا ئايال بولغان بولسا چوقۇم ھوشىدىن كېتەتتى ياكى مېنى قوغلاپ چىقىراتتى.

سكارلېت نومۇستىن شەلپەردەك قىزىرىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇ قانداقلارچە شۇنداق دەپ سالدى؟ ئېللېننىڭ ئۆزى تەربىيەلىگەن قىزى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پەسكەش

گەپلىرىنى ئاڭلىسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاشۇنداق نومۇسسىز جاۋابنى بەرسە ـ ھە؟ ئەسلىدە ئۇ ئۇنىڭ گېپىدىن قورقۇپ كېتىپ قاتتىق چىرقىرىۋېتىشى، ھوشىدىن كېتىشى، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي بوينىنى تولغاپ غەزەپ بىلەن ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئەمدى كېچىككەنىدى.

— بۇ يەردىن تېز يوقىلىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مېلانىيە ياكى قوشنىلىرىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشلىرىدىنمۇ قورقماي، — چاپسان يوقىلىڭ! ماڭا شۇنداق گەپنى قىلىشقا قانداق پېتىندىڭىز! سىز مېنى ... مېنى شۇنداق دەيدىغانغا مەن نېمە يامان ئىش قىپتىمەن؟ يوقىلىڭ، ئىككىنچى كەلگۈچى بولماڭ. ئەمدى مېنىڭ گېپىم گەپ. بۇ يەرگە مەڭگۇ كەلمەڭ. سىز ئاشۇ ئىلغۇچ، تۈگمە، يىپەك يىپ دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئالدىسام ئۇ گەپ قىلالمايدۇ، مېنى كەچۈرىدۇ، دەپ خىيال قىلماڭ! مەن... مەن دادامغا دەيمەن، ئۇ سىزنى بوغۇزلىۋېتىدۇ.

رېت باتلېر شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىلىپ قويدى. سىكارلېت چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا، ئۇنىڭ بۇرۇتى ئاستىدىكى ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭدا قىلچە ئىزا تارتىش يوق، يەنە تېخى قىزىق گەپ قىلغاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇۋاتاتتى.

پاھ، نېمىدېگەن قېلىن ئادەم بۇ! سىكارلېت ئىتتىك كەينىگە بۇرالدى ـ دە، چوڭ ـ چوڭ چامداپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىشىكنى ياپىدىغان چاغدا كۈچەپ تۇرۇپ قاتتىق ياپماقچى بولۇۋىدى، ئىشىكنى يېپىلىپ كەتمىسۇن دەپ ئىلىپ قويغان ئىلگەك بەك چىڭ بولغاچقا، ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئىشىكنى مىدىرلىتالماي ئاچچىقىدا ھاسىراپ كەتتى.

— مەن ياردەم بەرسەم بولامدۇ؟ — سورىدى رېت.

سىكارلېتنىڭ تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلەپ، قان تومۇرلىرى يېرىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ كەتتى ۋە ئۇچقاندەك يۇگۈرۈپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. كېيىن ئۇنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن ئىشىكنى يېپىپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدى.

# يىگىرمىنچى باب

ئىسسىق ۋە شاۋقۇنلۇق 8 - ئاي تۈگەي دېگەندە زەمبىرەكلەر بىردىنلا تىنچىپ، شەھەرنىڭ ئىچى جىمىپلا كەتتى، ھەممە ئادەم بۇنىڭغا ھەيران قالدى. قوشنىلار كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالسا خۇددى باشقا بىر ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدىغاندەك بىر - بىرىگە ئەنسىز قارىشىپ قوياتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇر - چاپتىن كېيىن بۇنداق جىمىپ كەتسە، چىڭقىپ تۇرغان نېرۋىلار بوشاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدىكەن. شىماللىقلارنىڭ زەمبىرەكلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېتىلماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، قوشۇندىنمۇ خەۋەر يوق ئىدى، پەقەت جەنۇبلۇقلارنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئە ئاكوپلىرىدىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ چېكىنىپ، تۆمۈر يولنى قوغدىغىلى جەنۇب تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق مىش - مىش گەپلەرلا بار ئىدى. جەڭنىڭ نەدە بولۇۋاتقانلىقى، قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم ئۇقمايتتى.

ئۇ كۈنلەردىكى بىردىنبىر خەۋەر ئېغىزدا كۆچۈپ يۈرگەن گەپلەر ئىدى، گېزىتلەر قەغەز، بوياق ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ كەملىكىدىن مۇھاسىرە باشلانغاندىن تارتىپلا بىر - بىرلەپ تاقىلىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، پۈتۈن شەھەرنى ئىگىسىز ھەر خىل مىش - مىش گەپلەر قاپلاپ كەتتى. جىمجىتلىق ئۇزارغانسېرى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، بىرەر خەۋەر ئاڭلاش ئۈچۈن كىشىلەر قوماندانلىق ئىشتابقا، تېلېگراف ئىدارىسىگە، پويىز ئىستانسىلىرىغا قاراپ سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. ھەممىلا ئادەم شېرماننىڭ زەمبىرەكلىرىنىڭ جىمىپ قالغانلىقى شىماللىقلارنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى

بولۇپ قېلىشىنى، جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ ئۆلارنى دالتون تۆمۈر يولىنىڭ شىمالىغا چېكىندۈرۈپ ئاپىرىۋەتكەن بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، خەۋەر يوق. تېلېگراممىلارمۇ يوق، ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر تۆمۈر يولدىمۇ جەنۇبتىن كېلىدىغان پويىز كۆرۈنمەيتتى، پوچتا يوللىرىمۇ ئۈزۈلگەنىدى.

كۈز پەسلى تىنچىق ۋە چاڭ ـ توزان ئىچىدە ئاستا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز جىمىپ كەتكەن شەھەر تېخىمۇ بۇرۇقتۇم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ چارچىغان، تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۈرەكلىرى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت تارانىڭ خەۋىرىنى ئۇقالماي تىت ـ تىتلىقتا ساراڭ بولايلا*دەپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنى غەيرەتلىك تۇتتى. ئۇنىڭغا مۇھاسىرە باشلانغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغاندەك، هاياتى زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شەھەرنىڭ مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغىنىغا ئوتتۇز كۈن بولغانىدى. ئاھ، ئوتتۇز كۈنلۈك مۇھاسىرە هاياتى! بۇ ئوتتۇز كۈن ئىچىدە پۈتۈن شەھەر ئاكوپ ـ خەندەكلەر بىلەن توشۇپ، زەمبىرەكلەر توختىماي ئېتىلىپ قىيامەتنىڭ كۈنلىرى بولدى. ئات ـ كالا هارۋىلىرى ياريدارلارنى بېسىپ ئايىغى ئۈزۈلمەي دوختۇرخانىلارغا مېڭىپ تۇرۇۋاتاتتى، هارۋىلاردىن ئاققان قانلار يوللارنى قىزارتىۋەتكەنىدى، چارچاپ هالىدىن كەتكەن گۆركارلار جەسەتلەرنى ئاچىقىپ خۇددى ئەخلەت تۆككەندەك ئورىلارغا تۆكۈۋاتاتتى.

شىماللىقلارنىڭ دالتوندىن چىقىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغىنىغا ئاران تۆت ئاي بولدى، تۆت ئاي! شۇ كۈنلەرنى ئەسلىگەندە سىكارلېتقا ئارىدىن خۇددى ئۇزاق دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنىدى، ئەمەلىيەتتە تۆت ئايلا ئۆتكەنىدى.

تۆت ئاي ئىلگىرى دالتون، رېساكا، كېنىنېسا دېگەن جايلارنى پەقەت تۆمۈر يول بويلىرىدىكى يەرلەرنىڭ ناملىرى دەپلا بىلەتتى. هازىر ئۇلار چوڭ جەڭلەرنىڭ ئىسىملىرى بولۇپ ئاتىلىدىغان

بولدى. پىئاچتېر، سىرېك، دېكاتور، ئېزرا چېركاۋى، جورج دېگەن جايلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئادەمگە خۇشاللىق بەرمەيدىغان ئىسىملارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ يەرلەر ئۆز ۋاقتىدا تىمتاس يېزىلار ئىدى، ئۇ يەرلەردە سكارلېتنىڭ نۇرغۇن دوستلىرى بار ئىدى. سۇپسۈزۈك سۇلىرى، ياپيېشىل دالالىرى جانغا راھەت ئىدى. سكارلېت كۆپ قېتىم ئۇ يەرلەردە ئوفىتسېرلار بىلەن باراۋەتتە بىللە بولغانىدى. ئەمدى ئۇ ئىشلار ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى، ئۇ كۈنلەرنىڭ قايتا كەلمىكى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەرلەرمۇ چوڭ جەڭلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئۆز ۋاقتىدا ئولتۇرۇشقان چۆپلۈكلەر زەمبىرەكلەرنىڭ چاقلىرى ئاستىدا، تىغ تىغ تۇتۇشقان جەڭچىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا، جان ھەلقۇمىدا ئاغرىققا چىدىماي يۇمۇلىنىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ تەنلىرى ئاستىدا مىجىلىپ بىتچىت بولۇپ كەتكەندۇ ... شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇلار جورجىيە تەبىئىي ئاتا قىلغان قىزغۇچ رەڭدىن تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندۇ. شىماللىقلارنىڭ ئايىغى تەگكەندىن كېيىن پىئاچتېرنىڭ ئەسلىدىكى قىزغۇچ رەڭگى خۇددى كىشىلەر ئېيتقاندەك تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى. پىئاچتېر، دېكاتور، ئېزرا چېركاۋى ۋە جورجلارنىڭ ناملىرى ئەمدى ئادەتتىكى نام بولمايدۇ. ئۇ يەرلەر سكارلېتنىڭ نەزىرىدە دوستلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ قالدى. جەسەتلەر ئۇ يەرلەردە، ئۇ يەرلەردىكى قېلىن ئورمانلاردا، دالالاردا، خود شېرماننى چېكىندۈرۈۋەتكەن ئاتلانتانىڭ چېتىدىكى جايلاردا چىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

كېيىن جەنۇبنىڭ خەۋىرى جىددىيچىلىك ئىچىدە تۇرغان ئاتلانتاغا يېتىپ كەلدى، ئەمما بۇ ئادەمنى قاتتىق چۆچۈتكۈدەك خەۋەر ئىدى. بۇ خەۋەر بولۇپمۇ سكارلېتقا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قىلدى. گېنېرال شېرمان ئاتلانتانىڭ تۆتىنچى تەرىپىگە، يەنى جونېسبورو تۆمۈر يولىغا يەنە ھۇجۇم باشلىغانىدى. ئۇلار ئۇ يەرگە نۇرغۇن ئەسكەر توپلىدى. بۇ كىچىك دائىرىدىكى قوشۇن

ياكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەمەس، بەلكى شىماللىقلارنىڭ سەر خىل چوڭ قوشۇنى ئىدى. جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ مىڭلىغان ئەسكەرلىرى شەھەردىكى خەندەكلەردىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقىلى كەتكەن بولۇپ، شەھەرنىڭ تۇيۇقسىز جىمىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى.

«نېمە، جونېسبورو ؟ — سىكارلېتنى بىردىنلا غەم باستى. تارانىڭ ئۇ يەرگە بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئەرۋاھى ئۇچتى، — ئۇلار نېمىشقا جونېسبورو بىلەنلا قالىدىغاندۇ؟ نېمىشقا تۆمۈر يولغا باشقا يەردىن تەگمەيدىغاندۇ؟»

ئۇنىڭ تارانىڭ خەۋىرىنى ئۇقالمىغىنىغا بىر ھەپتە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گېرالدنىڭ ئۆتكەندىكى خېتىنى قايتا ئوقۇپ چىقىپ تېخىمۇ ئەنسىرەشكە باشلىدى. كاررىننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆيدىن كېلىدىغان خەت يەنە خېلى كۈنلەردىن كېيىن كېلىدۇ، كاررىننىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا بىلەلەيدۇ. مېلانىيە بىلەن كارى بولماي، مۇھاسىرىدىن ئىلگىرىلا ئۆيگە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەن بولسىچۇ.

جونېسبورودا جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاتلانتالىقلار بىلەتتى، ئەمما جەڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتى، بەزى شۇم خەۋەرلەر ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قوياتتى. جونېسبورودىن كەلگەن بىر ئالاقىچى ئاخىر ھەقىقىي خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار شىماللىقلارنى چېكىندۈرۈپتۇ. ئەمما، شىماللىقلار جونېسبوروغا بېسىپ كىرىپ چېكىنىدىغان چاغدا پويىز ئىستانسىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، توك سىملىرىنى كېسىپ، ئۈچ ئىنگلىز مىللى ئارىلىقتىكى يولنى بۇزۇپ نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىقلارنى ساپتۇ. رېلىسنىڭ ئاستىدىكى ياستۇق ياغاچلار بىلەن رېلىسلارنى كۆيدۈرۈپ مايماق - سايماق قىلىۋېتىپتۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇ يەرگە يەتكۈدەك رېلىس تېپىش ياكى ياساش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

شىماللىقلار تېخى تاراغا يېتىپ بارماپتۇ. بۇ خەۋەرنى گېنېرال خودقا مەلۇمات ئېلىپ كەلگەن ئالاقىچى دەپ كەلدى. بۇياققا ماڭىدىغان چاغدا ئۇ گېرالدنى كۆرۈپتۇ، گېرالد ئۇنىڭدىن سىكارلېتقا خەت ئالغاچ كېتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئۇنىڭ دادىسى جونېسبورودا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ئالاقىچى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سىكارلېتقا ئېيتىشتىن قىينالدى. گېرالد دوختۇردىن بىرنى تېپىپ تاراغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن.

سىكارلېت ئالدى قورۇنىڭ كارىدورىدا تۇرۇپ ئۇ ئالاقىچىنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىشۋاتقاندا پۇتلىرى تىترەپ تۇرالماي قالدى. ئېلېننىڭ داۋاسى كار قىلماي، دادىسىنىڭ جونېسبوروغا دوختۇر تاپقىلى كەلگىنىگە قارىغاندا، كارىرىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئوخشايدۇ. ئالاقىچى چاڭ - توزان ئىچىدە قۇيۇندەك چىپىپ كەتكەندىن كېيىن، سىكارلېت تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ خېتىنى ئاچتى. گېرالد بۇ خەتنى سىكارلېتنىڭ ئۆتكەندە ئەۋەتكەن خېتىنىڭ قۇر ئارىلىقلىرىغا يازغانىدى، شۇڭا خەتنى ناھايىتى تەستە ئوقۇدى. بۇنىڭدىن جەنۇب ئىتتىپاقى تۇرۇۋاتقان رايونلاردا قەغەزنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

«سۆيۈملۈك قىزىم، ئاپاڭ بىلەن ئىككى سىڭلىڭ كېزىك بولۇپ قالدى، ئەھۋالى ئېغىر. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنى ئەڭ زور ئۈمىدلەر بىلەن داۋالاۋاتىمىز. ئاپاڭ كېزىك بىلەن يىقىلغاندا، سىكارلېتقا خەت يېزىڭ، كەلمىسۇن، بولمىسا ۋاد ئىككىسىگىمۇ كېسەل يوقىدۇ، دېدى. ساڭا سالام ئېيتتى، ئىبادەتلىرىدە مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرسۇن، دېدى.»

«دۇئا قىلىپ تۇرسۇن!» سىكارلېت شۇئان ئۇستىدىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە، ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان تەقۋادارلىق بىلەن ئىبادەت

قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئايەت ئوقۇماي: «بۇۋى مەريەم ئانا، ئانام ھەرگىز ئۆلۈپ كەتمىسۇن، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئانامنى پاناھىڭىزدا ئامان ساقلاپ ھاياتلا قالدۇرىدىغان بولسىڭىز، ساۋابلىق ئىشلارنى نۇرغۇن قىلاي! ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنىڭغا رەھىم قىلسىڭىز!» دېگەن گەپنى توختىماي تەكرارلىدى.

بىر ھەپتىگىچە سكارلېت خۇددى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپلا يۈردى. ئۇ خەۋەر كۈتەتتى، سىرتتا ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلانسىلا تىك تۇرۇپ كېتەتتى، كېچىلىرى بىرلىرى ئىشىك ئۇرسا ئۇچقاندەك چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچاتتى، لېكىن ھېچقايسىسى تارانىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلمەيتتى. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بىلەن تارانى ئايرىپ تۇرغىنى يىگىرمە بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان توپىلىق يول ئەمەس، بەلكى بىپايان بىر قۇرۇقلۇق ئىدى.

پوچتا ھازىرغىچە ئەسلىگە كەلمىدى، جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ ھازىر نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىلىدىغىنى كۈل رەڭ ۋە كۆك كىيىم كىيگەن مىڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئاتلانتا بىلەن جونېسبورونىڭ ئارىلىقىدىكى مەلۇم بىر جايغا توپلاشقانلىقىلا ئىدى، تارادىن بولسا بىر ھەپتىدىن بېرى ھېچقانداق خەۋەر يوق.

سكارلېت كېزىك بولغانلارنى دوختۇرخانىدا كۆپ كۆرگەن، بىر ھەپتە ۋاقىتنىڭ ئۇنداق كېسەل ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان. ئېللېن يىقىلىپتۇ، بەلكىم ئۆلەر ھالەتتە ياتقاندۇ. سكارلېت بولسا ئاتلانتادا ئېغىر ئاياغ بىر ئايالنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھېچقانداق ئامالى يوق، ئائىلىسى بىلەن بولغان ئارىلىقنى ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئايرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق، ئېللېن كېزىك، بەلكىم تېز ئارىدا ئۆلۈپمۇ كېتىدىغاندۇ. ئېللېن ئاغرىماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ! ئەزەلدىن ئاغرىپ باقمىغان. ئەمدى شۇنچىلىك خىياللارغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بۇ ئەھۋال سكارلېتنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىك ئاساسىنىمۇ قاتتىق تەۋرىتىپ

قويۇۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسى يىقىلىسىمۇ ئىبىللىن يىقىلمىسا بولاتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كىيىلىنى داۋالاپ ئۇلارغا شىپالىق بېرەتتىغۇ؟ ئۇنداق ئادەمنىڭ ئاغرىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. سىكارلېت ئۆيگە بارمىسا بولمايدۇ. ئۇ خۇددى قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر پاناھگاھىغا يېتىۋېلىشقا ئالدىراۋاتقان كىچىك بالىغا ئوخشاش، تاراغا قايتىپ كېتىشكە شۇنچىلىك تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئاھ، ئۆي ! رەتسىز سېلىنغان ئاپپاق ئۆيلەر، سەلكىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇرغان دېرىزە پەردىلىرى، ھەسەل ھەرىلىرى غۇڭۇلداپ ئۇچۇپ تۇرىدىغان بېدىلىكلەر، پەلەمپەيدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆردەكلەر بىلەن كۇركە توخۇلارنى گۈللەرگە يېقىن كەلتۈرمەي قوروپ ئولتۇرغان نېگىر بالىلىرى، جىمجىت قىزغۇچ ئېتىزلىقلار، ئاپتاپتا ئاپپاق نۇر چاچرىتىپ، چەكسىز ئېتىزلىقتا سوزۇلۇپ ياتقان ئاپپاق كېۋەزلەر ! ئاھ، ئۆيۈم !

مۇھاسىرە يېڭى باشلىنىپ ھەممە ئادەم قېچىۋاتقاندا ئۆيگە كەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ئۇ چاغدا مېلانىيە بىلەن ئۇيەردە تىنچ ياشايتتى ئەمەسمۇ.

«ئۆلمىگۈر مېلانىيە ! ـــ ئۇ ئىچىدە ئۇنى توختىماي تىللايتتى، ـــ ئۇ نېمىشقا پىتتىي ھامما بىلەن ماكونغا كەتمىدى؟ مەن بىلەن بۇ يەردە ئەمەس، تۇغقانلىرى بىلەن شۇ يەردە تۇرغان بولسا بولاتتى ئەمەسمۇ؟ يا مەن ئۇنىڭ تۇغقىنى بولمىسام، نېمىشقا ماڭىلا يېپىشىۋالىدۇ؟ ئۇ شۇ چاغدا ماكونغا كەتكەن بولسا، شىماللىقلارنىڭ تەھدىتلىرىگىمۇ قارىماي ئۆيۈمگە كېتەتتىم. گېنېرال خود ئادەم قوشۇپ مېنى تاراغا ئاپىرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. گېنېرال خود ياخشى ئادەم، چوقۇم ماڭا بىر ئەسكەر، يول خېتى بېرىپ چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. بىراق، بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشىنى ساقلىمىسام يەنە بولمايتتى ... ئاھ، ئاپا، ئاپا، سەن ئۆلۈپ قالمىغىن ! ... ئۇ نېمىشقا ھازىرغىچە تۇغمايدىغاندۇ؟ بۈگۈن مادې دوختۇرنىڭ

قېشىغا بېرىپ، بوۋاقنى بالدۇرراق تۇغدۇرۇشنىڭ ئامالى بارمۇ، سوراپ كېلەي. ئاندىن مەنمۇ بالدۇرراق كەتمەيمەنمۇ. شۇ چاغدىمۇ بىرسى ئاپىرىپ قويمىسا كېتەلمەيمەن. مادې دوختۇر مېلانىيەنىڭ تۇغۇتى قىيىن بولارمىكىن دەۋاتاتتى. ۋاي خۇدايىمەي، مېلانىيە ئۆلۈپمۇ قالارمۇ؟ مېلانىيە ئۆلۈپ قالسا ئۇ چاغدا ئاشلېي ... ياق، ئۇنداق خىياللاردا بولسام بولمايدۇ، ياخشى ئەمەس. ئاشلېيمۇ ھەرقاچان بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغاندۇ. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنىڭغا مېلانىيەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. بىراق ... ئەگەر مەن ياخشى كۆتەلمەي ئۇ ئۆلۈپ قالسا، ئاشلېي ھازىر ھايات بولسا ... ياق، ھەرگىز ئۇ خىيالنى قىلىشقا بولمايدۇ، گۇناھ بولىدۇ. مەن خۇداغا، ئاپام ھاياتلا قالىدىغان بولسا ھەممە ۋاقىت ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەردىم. ئاھ، مېلانىيە بالدۇرراق يەڭگىگەن بولسا ياخشى بولاتتى. بۇ يەردىن كېتىۋالسام — ئۆيۈمگە بېرىۋالسام — نەگىلا بارسام مەيلى ئىدى، بۇ يەردە داۋاملىق قالمىسام بولاتتى.»

سكارلېت ئەمدى جىمجىتلىق ئىچىدە ياتقان بۇ شەھەردىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. بۇرۇن ئۇ بۇ يەرنى ياخشى كۆرگەنىدى. ھازىر ئۇ چاغدىكىدەك شاد ـ خۇرام، ئۇ ياخشى كۆرگەندىكىدەك كۆڭۈللۈك جاي بولماي قالدى. مۇھاسىرىنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى تىنچىغاندىن كېيىن، بۇ جاي خۇددى ۋابا تارقالغان شەھەرگە ئوخشاش شۈنچىلىك زېرىكىشلىك، شۈنچىلىك قورقۇنچلۇق يەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئۆتكەندە كىشىلەر قۇلاقلارنى يارغۇدەك زەمبىرەك ئاۋازلىرى ۋە ھەرقاچان جاندىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى ئىچىدە ئىنتايىن جىددىي ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى، ھازىر قەبرىستان جىمجىتلىقىدەك قورقۇنچلۇق ھالەت شەكىللەندى. پۈتۈن شەھەرنى ۋەھىمە، تەۋرىنىپ تۇرغان كەيپىيات، كۆڭۈللەرنى ئازابلايدىغان ئەسلىمە قاپلاپ كەتكەنىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن چەكسىز ئازاب ئەكس ئېتىپ

تۇراتتى. سىكارلېت تونۇيدىغان ئاز ساندىكى ئەسكەرلەرمۇ خۇددى ئاللىبۇرۇن ئارقىدا قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە تىرمىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان تەنھەرىكەتچىدەك ناھايىتى سولغۇن ھەم ھارغىن كۆرۈنەتتى.

8 ـ ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، ئاتلانتا جېڭى باشلانغاندىن بېرىقى ئەڭ شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپتۇ، دېگەن بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ ئادەم ئىشەنگۈدەك خەۋەر ئىدى. جەڭ جەنۇبنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە بولۇۋاتاتتى. ئاتلانتا خەلقى جەڭ ئەھۋالىدىن ياخشى خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەنمۇ گەپ قىلىشماي، كۈلكە ـ چاقچاقلاردىمۇ بولماي يۈرۈشەتتى. ھەممە ئادەم ئەسكەرلەر ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئاڭلىغان خەۋەرنى بىلەتتى. ئۇ خەۋەردە ئاتلانتانىڭ ئەڭ ئاخىرقى چەك ئىكەنلىكى، ماكون قولدىن كەتسە ئاتلانتانىڭمۇ تۈگىشىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەتىگەندە سىكارلېت ئىنتايىن قورقۇنچ ئىچىدە ئويغاندى، بۇ قورقۇنچ ئۇنىڭ ئىچىگە ئاخشام ئۇخلاشقا ياتقان چاغدىلا چۈشكەنىدى. ئۇيقۇسى تولۇق ئېچىلماي تۇرۇپلا ئۇ خىيالغا كەتتى: «ئاخشام نېمىگە شۇنچە قورقۇپ كەتكەندىمەن؟ ھە، توغرا، ئۇرۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ. تۈنۈگۈن بىر يەردە جەڭ بوپتۇ. كىم يەڭگەندۇ؟» ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن تۈنۈگۈن كاللىسىغا كىرىۋالغان ئىشلارنى يەنە ئويلاشقا باشلىدى.

ھازىر ئەتىگەن، كۈن ئىسسىق ھەم دىمىق ئىدى، بۇ ئەھۋال بۈگۈن كەچكىچە ھاۋا ئوچۇق، چۈشتە بەكمۇ ئىسسىق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، سىرتتىكى يول جىمجىت، ھارۋىلارمۇ، سەپ بولۇپ ئۆتۈۋاتقان ئەسكەرلەرمۇ يوق، ئاشخانىدا نېگىرلارنىڭ ئېرىنىپ قىلىشىۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ، ناشتىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان تاراق ـ تۇرۇقلارمۇ

يوق. مادي خانىم بىلەن مېرۋېتېر خانىمدىن باشقا قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ماكونغا قېچىپ كەتكەن، ئۇ ئىككى ئائىلىدىمۇ ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايدۇ. كوچىنىڭ بېشىدىكى سودا بازىرىمۇ جىمجىت، نۇرغۇن دۇكانلار بىلەن ئورگانلارنىڭ ئىشىكلىرىدە قۇلۇپ، ھەتتا بەزىلىرىنى تاختاي بىلەن مىخلىۋەتكەن. ئۇ يەردىكىلەرمۇ مىلتىقلىرىنى ئېلىپ يېزىلارغا قېچىپ كېتىشكەن.

بۇگۈن ئەتىگەندىكى بۇ جىمجىتلىق سكارلېتقا بىر ھەپتە بۇرۇنقى جىمجىتلىقتا قارىغاندا تېخىمۇ غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. سكارلېت ئويغىنىپ بولۇپ، كۆندىكىدەك ئورنىدا• ئېغىناپ ياتماي تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قوشنىلارنىڭ بىرەرسىنىڭ چىرايىنى ياكى ئادەمنى خۇش قىلىدىغان بىرەر ئالامەتنى كۆرۈش مەقسىتىدە دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. بىراق، يول بوش، ھېچقانداق جانلىق يوق، دەرەخلەردىكى يوپۇرماقلار يېشىل پېتى تۇرۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ سۇسىراپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى، يوپۇرماقلارنى بىر ئېلىك توپا بېسىپ كېتىپتۇ. ھويلىدىكى گۈللەرمۇ قارايدىغان ئادەم يوق، قۇرۇپ تۈگىشىپلا كەتكەن.

سكارلېت ئاسمانغا قاراپ يىراقتا گۈلدۈرلىگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى، يامغۇردىن بۇرۇنقى گۈلدۈرماما بولسا كېرەك.

«يامغۇر ياغىدىغان بولدى ! — ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكى ئادىتى بويىچە كۆڭلىدە ئۆزىگە ئۆزى خەۋەر يەتكۈزدى، — بۇ يامغۇر تازا ۋاقتىدا ياغىدىغان بولدى، — ئۇ يەنە ئويلىنىپ قالدى، — راستلا يامغۇر ياغامدىغاندۇ؟ ياق، ئۇ گۈلدۈرماما ئەمەس، زەمبىرەك ئاۋازى !»

ئۇ ئۇ ئاۋازنىڭ قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەك بولۇپ يىراقتىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى، بىر چاغدا يۈرىكى سىلىپ كەتتى. ئاۋاز ئىنتايىن يىراقتىن كېلىۋاتقاچقا، قايسى يۆنىلىشتە

ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمىدى. «مارلاند تەرەپتىن كېلىۋاتقاندەك قىلامدۇ نېمە. ئاھ، خۇدا، — ئۇ ئىچىدە خۇداغا تېۋىنىشقا باشلىدى، — بۇ ئاۋاز دېكاتۇر، پىئاچتېر تەرەپتىن كەلسە كەلسۇنكى، جەنۇب تەرەپتىن كەلمىسۇن.» ئۇ دېرىزىنىڭ تەكچىسىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ قۇلىقىنى تېخىمۇ دىڭ تۇتتى. ئۇ ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ، جەنۇب تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق بولدى.

ئاھ، جەنۇبتىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئىكەنغۇ! ئۇ تەرەپتە جونېسبورو، تارا ... يەنە ئېللېن بار ئەمەسمۇ؟

شىماللىق ئالۋاستىلار بۇ چاغقىچە تاراغىمۇ بېرىپ بولغاندۇ. ئۇ قۇلاق سالدى. قۇلاق تومۇرلىرىنىڭ ۋىڭىلداشلىرى زەمبىرەك ئاۋازلىرىنى بېسىپ كېتىپ تۈزۈك ئاڭلىيالمىدى. ياق، ئۇلارنىڭ جونېسبوروغا بېسىپ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس. بېسىپ كىرگەن بولسا زەمبىرەك ئاۋازى شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە بۇنداق ئېنىق ئاڭلانمايتتى. ئۇلار جونېسبوروغا ئون ئىنگلىز مىلى يېقىنلىشىپ راگرېدقا يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، جونېسبورو راگرېدنىڭ جەنۇبىغا ئاران ئون ئىنگلىز مىلىلا كېلىدۇغۇ؟

زەمبىرەك ئاۋازلىرى جەنۇب تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ، بۇ بەلكىم شىماللىقلارنىڭ ئاتلانتانىڭ زاۋاللىقىغا چېلىۋاتقان سىگنالىدۇ! بىراق، ئانىسىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتقان سىكارلېت ئۈچۈن، جەنۇبتىكى جەڭنىڭ ھەممىسى تارا ئەتراپىدا بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ قوللىرىنى قاراسلىتىپ ئۆينىڭ ئىچىدە تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇنجى قېتىم جەنۇب ئارمىيەسى چوقۇم مەغلۇپ بولدى، دەيدىغان ئېنىق بىر خىيال كىرىۋالدى. شېرماننىڭ مىڭلىغان ئەسكىرىنى باشلاپ تاراغا يېقىنلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقى ۋە قورقۇنچلۇقلۇقىنى ئويلاپ قالدى. بۇلار مۇھاسىرە ۋاقتىدا، مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرى دېرىزە

ئەينەكلىرىنى سۈندۈرۈۋاتقان چاغلاردا بولسۇن ياكى يەيدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرنىڭ قايغۇسى ھەممە يەرنى قاپلىغان ۋە ياكى جان تالىشىپ قاتار يېتىشىپ كەتكەن ياربدارلارنى كۆرگەن چاغلاردا بولسۇن، ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغانىدى. شېرمانىنىڭ قوشۇنى تاراغا بىرنەچچە ئىنگلىز مىلىلا قالغان، كېيىن شىماللىقلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىشكە توغرا كەلگەندە ئۇلار چوقۇم تارانىڭ ئىچى بىلەن ماڭىدۇ. ئۇ چاغدا گېرالد كېسەل ياتقان ئۈچ ئايالنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ قېلىشقا ئۇلگۈرەلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئاھ! ھازىر ئۇ شۇ يەردە بولغان بولسا، شىماللىقلار كەلسۇن – كەلمىسۇن، قانداق ياخشى بولاتتى – ھە! سىكارلېت يالاڭ ئاياغ، ئۈستىدە كېچىلىك كىيىملا بار، يولدا ئۇياقتىن – بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، ماڭغانسېرى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆيگە قايتىشى كېرەك، ئاپىسىنىڭ يېنىغا بارمىسا پەقەتلا بولمايدۇ!

ئۇ پەستىكى ئاشخانىدىن چىقىۋاتقان چىنە – تەخسىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. پىرىسسىي ناشتىلىق تەييارلاۋاتاتتى، مادي خانىمنىڭ چاكىرى بېتسى كۆرۈنمەيتتى. پىرىسسىي چىرقىراق ئاھاڭدا «يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ...» دېگەن ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى. بۇ ناخشا سىكارلېتقا زادىلا ياقمىدى، ئۇنىڭدىكى قايغۇلۇق سۆزلەر ئادەمنى شۈركۈندۈرەتتى، شۇڭا ياغلىقىنى مۈرىسىگە ئارتىپلا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پەسكە چۈشۈپ پەلەمپەينىڭ ئالدىدىلا:

— ناخشاڭنى توختات، پىرىسسىي! — دەپ توۋلىدى.

— ئۇقتۇم، خانىم! — پىرىسسىي ئاشخانىدا تۇرۇپ سەل خاپا بولغاندەك جاۋاب بەردى. سىكارلېت ئاڭلاپ چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى ۋە بايىقى گېپىگە سەل پۇشايمان قىلىپ قالدى.

— بېتسى نەگە كەتتى؟

— بىلمىدىم، تېخى كەلمىدىغۇ دەيمەن.

سىكارلېت مېلانىيەنىڭ ھۇجرىسىنى قىيا ئېچىپ، ئاپتاپ تولۇق چۈشۈپ تۇرغان ئۆي ئىچىگە قاراپ قويدى. مېلانىيە كېچىلىك كىيىمى بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ كارىۋاتتا ياتاتتى. كۆزىنىڭ چۆرىسى بىر ئاز كۆكەرگەن، چىرايى ئىششىغاندەك بولۇپ، بۇرۇنقى غۇنچە بويىمۇ غەلىتىلا ئۆزگىرىپ سەتلىشىپ كەتكەنىدى. سىكارلېت نىيىتىنى يامان قىلىپ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىنى ئاشلېي كۆرگەن بولسا ئوبدان بولاتتى، دەپ ئويلىدى. مېلانىيە ئۇ كۆرگەن ھەرقانداق ئىككىنچى ئاياللاردىن بەكرەك سەتلىشىپ كەتكەنىدى. مېلانىيە بىردىنلا كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ ئۇنى كۆرۈپ مۇلايىمغىنا كۈلۈپ قويدى، چىرايىمۇ تەڭلا ئېچىلدى.

— كىرىڭ، — دېدى ئۇ تەستە ئۆرۈلۈپ، — كۈن چىققان چاغدىلا ئويغانغان، بىر ئىشنى ئويلىنىپ ياتاتتىم. سىكارلېت، مەن سىزدىن بىر گەپنى سورىماقچى.

سىكارلېت ھۇجرىغا كىرىپ ئاپتاپ چېقىپ تۇرغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

مېلانىيە ئۇنىڭ قوللىرىنى بوش تۇتۇۋالدى.

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇ، — بۇ زەمبىرەك ئاۋازلىرى مېنى تولىمۇ ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتىدۇ. جونېسبورو تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

سىكارلېت جاۋابەن «ھىم» دەپ قويدى، كاللىسىغا بولسا بايىقى خىيال كىرىۋېلىپ يۈرىكى تېز سوقۇپ كەتتى.

— سىزنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە تاقەتسىزلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن. مېنى دېمىگەن بولسىڭىز ئۆتكەن ھەپتىدىلا، ئاپىڭىزنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندىلا كەتكەن بولاتتىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى سىكارلېت قوپاللىقىنا.

— سىكارلېت، سۆيۈملۈكۈم، سىز ماڭا شۇنداق ياخشى، شۇنداق ئىللىق مۇئامىلە قىلىۋاتىسىز، بىر تۇغقان ئاچا -

سىڭىللىرىم بولغان بولسىمۇ سىزگە يەتمەيتتى، شۇڭا سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۆزۈمنى سىزگە يۆك بولۇپ قالدىم دەپ ئويلاپ، بەزىدە بەكمۇ پاراكەندە بولىمەن.

سىكارلېت ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ياخشى كۆرۈش مۇشۇنداق بولامدۇ، ئەخمەق !

— سىكارلېت، مەن يېتىپ بىر ئىشنى تىنماي ئويلايمەن. ئۇ بولسىمۇ، سىزدىن تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم بىر ئۆتۈنۈش ئىدى، — مېلانىيە شۇ گەپنى دەپ سىكارلېتنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، — ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم مېنىڭ بالامنى بېقىۋالارسىزمۇ؟

مېلانىيە چوڭ ھەم نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

— سىز خالامسىز؟

سىكارلېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ھودۇقتى، ئىختىيارسىز قولىنى تارتىۋېلىپ ئىتتىكلا جاۋاب بەردى، تەلەپپۇزى قاتتىقراق ئىدى.

— مېلانىيە، نېمىشقا ساراڭدەك گەپ قىلىسىز؟ سىز ئۆلمەيسىز. ھەرقانداق ئايال كىشى تۇنجى تۇغۇتىدا ئۆزىنى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئويلاپ كېتىدۇ، مەنمۇ شۇنداق بولغان.

— ياق، سىز ئۇنداق ئويلىمىغان. سىز ئەزەلدىن ھېچقانداق نەرسىدىن قورققان ئەمەس. بۇ گەپنى ماڭا مەدەت بېرىش ئۈچۈنلا قىلىۋاتىسىز. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن، بالىنى تاشلاپ كېتىشىمدىن قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلېي ... سىكارلېت، ماڭا جاۋاب بېرىڭ، مەن ئۆلۈپ كەتسەم بالىنى چوقۇم بېقىۋېلىڭ. شۇ چاغدا مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن. پىتتىي ھاممامنىڭ يېشى چوڭ، بالىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، خونېي بىلەن ئىندىياغۇ بار، لېكىن ... مېنىڭ بالامنى سىز يېنىڭىزدا تۇتسىڭىز ياخشى بولاتتى. ماقۇل دەڭ، سىكارلېت. ئوغۇل بولسا ئاشلېيغا ئوخشاش تەربىيەلەڭ، قىز بالا بولسا ... سۆيۈملۈكۈم، سىزگە ئوخشاش بولسا دەيمەن.

— قويۇڭا بۇ گەپلىرىڭىزنى، — سىكارلېت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تۇۋلاپ كەتتى، — ھازىرقى دەردىمىزمۇ يېتىپ ئاشىدىغان تۇرسا، ئۇستىلەپ ئۆلىمەن دېسىڭىز قانداق بولىدۇ.

— كەچۈرۈڭ، سۆيۈملۈكۈم. ئەمما، سىز ماڭا ۋەدە بېرىڭ. ئۇ ئىشلار بۇگۈنلا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنداقلىقىغا ئىشىنىمەن، ماقۇل دەڭ.

— بولىدۇ، ماقۇل، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دېدى سىكارلېت مېلانىيەگە يەرنىڭ تېگىدىن ئەنسىز قاراپ قويۇپ.

مېلانىيە مېنىڭ ئاشلىپىغا كۆڭلۈم بارلىقىنى پەقەتلا بىلمەمدىغاندۇ؟ ياكى ھەممىنى بىلگەن بولسا ئاشلىپىنى ياخشى كۆرگەندىكىن، ئۇنىڭ بالىسىغىمۇ ياخشى قارايدۇ دەپ ئويلىغانمىدۇ؟ سىكارلېتنىڭ بۇ گەپنى ئۇنىڭدىن ئۇنلۇك سوراپ بىلگۈسى كەلدى، لېكىن ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى، چۈنكى مېلانىيە ئۇنىڭ قوللىرىنى مەڭزىگە مەھكەم يېقىۋالغانىدى، شۇندىلا مېلانىيەنىڭ كۆزلىرىدىكى جىددىيچىلىك پەسەيدى.

— مېلانىيە، بۈگۈن ئۇنداق ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟

— تاڭ ئاتقاندىن باشلاپلا قورسىقىم ئاغرىشقا باشلىدى ... لېكىن، ئانچە قاتتىق ئەمەس.

— راستمۇ؟ نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق دېمىدىڭىز؟ مەن پىرىسسىينى دوختۇر چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتىم ئەمەسمۇ.

— ياق، ھازىرچە بارمىسۇن، سىكارلېت. ئۇنىڭ ئالدىراشلىقىنى بىلىسىز، ھەممىسى شۇنداق ئالدىراش. ئۇنىڭغا ئارىلىقتا بىر كېلىپ كەتسىڭىز دەپ خەۋەر بېرىپ قويساقلا بولار. مادې خانىمغا ئادەم ئەۋەتىپ قويسىڭىز، بۈگۈن يېنىمدا تۇرسا. دوختۇرغا قاچان ئادەم ئەۋەتىش كېرەكلىكىنى شۇ ياق بىلىدۇ.

— باشقىلارنى ئويلاپ كەتمەڭ، سىزمۇ دوختۇرخانىدىكى ھەر

قانداق كېسەلگە ئوخشاش دوختۇرغا جىددىي ئېھتىياجلىق. مەن ھازىرلا ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىمەن.

— ياق، ئەۋەتمەڭ. بەزىدە يەڭگىيدىغانغا بىر كۈن كېتىدۇ. دوختۇرنىڭ مېنىڭ يېنىمدا سائەتلەپ ساقلاپ تۇرۇشىنى خالىمايمەن. دوختۇرغا بىچارە يىگىتلەر مەندىن بەكرەك ئېھتىياجلىق. مادې خانىمنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتسىڭىزلا بولىدۇ، ئۇ نېمە ئىشلىقىنى دەررۇ چۈشىنىدۇ.

— ھىم، بولىدۇ! — دېدى سىكارلېت.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

سىكارلېت مېلانىيەنىڭ تامىقىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، پىرىسسىينى مادې خانىمنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتمۈېتىپ، ئاندىن ئوغلى بىلەن ناشتىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئىشتىھاسى تۇتۇلدى. مېلانىيەنىڭ تېز ئارىدا يەڭگىيدىغانلىقىنى ئويلىسا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر خىل قورقۇنچ بېسىپ ھەم يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ ھېچنېمىلا يېگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. قىزىق، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ رىتىملىق سوقۇۋېتىپ بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى، بۇنداق چاغدا ئاشقازىنى ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك بەكمۇ بىئارام بولاتتى، ھەتتا سۈيۈق ئۇماچمۇ گېلىغا چاپلىشىپ قېلىۋاتقاندەك زادىلا ئۆتمەيتتى.

بۈگۈن ۋاد كۈندىكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۇماچ ئىچمەيمەن دەپ خەقىشلىك قىلماي، جىمجىت ئولتۇرۇپ قايناق سۇ بىلەن بىللە ئىشتىھا بىلەن ئىچىۋاتاتتى. كۆمۈش تەڭگىدەك پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى ئاپىسىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ كەينىدىن قالماي مېڭىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ كۆزلەردىن، خۇددى سىكارلېتتىكى

قورقۇنچ ئۆزىگە ئۆتۈپ قېلىۋاتقاندەك بىر خىل سەۋەبى قورقۇنچ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، سىكارلېت ئۇنى ئارقا هويلىغا ئوينىغىلى چىقىرىۋەتتى. ئۇ هويلىدىكى چىملىقتىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ ئويۇنچۇقلىرى بار ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە، ئاندىن ئېغىر بىر يۇكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللىشىپ قالدى.

سىكارلېت ئورنىدىن تۇرۇپ پەلەمپەينىڭ ئالدىدا بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۈستىگە چىقىپ مېلانىيەگە قورقماسلىقنى، بۇ ئىشنىڭمۇ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەسەللى بەرسۇنمۇ؟ لېكىن، ئۇ ئۆزىدە ئۇنداق بىر ماهارەتنىڭ بارلىقىنى تاپالمىدى. مېلانىيە نېمىشقا بالدۇرمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل بۈگۈن تۇغىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟ يەنە كېلىپ مۇشۇ چاغدا ئۆلىمەن دەپ كېتىۋاتقىنىچۇ تېخى.

سىكارلېت ئۆزىنى سەل بېسىۋالماقچى بولۇپ پەلەمپەينىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئولتۇردى. لېكىن، خىيالى ئىختىيارسىز تۈنۈگۈنكى جەڭنىڭ نەتىجىسىگە، بۈگۈنكى جەڭنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىغا كەتتى. بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى نېرىدىلا چوڭ بىر جەڭ بولۇۋاتسا، سەن ئۇ جەڭنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىسەڭ، بۇ غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەتراپ بۈگۈن بۆلەكچىلا جىمجىت، پىتاچتىر جىلغىسىدا جەڭ بولغان كۈنلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ غەلىتە ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ پىتتىي هاممىنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ چەت بىر يەردە، ئورۇش بولسا جەنۇبنىڭ يىراق بىر يېرىدە بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىن ياردەمچى قوشۇنلارمۇ، قۇتقۇزۇش هارۋىلىرىمۇ، ئالدىنقى سەپتىن قايتىۋاتقان يارىدارلارمۇ ئۆتمەيتتى. سىكارلېتنىڭ شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىمۇ مۇشۇ ئەھۋالنىڭ بار – يوقلۇقىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلەتتى، ئۆزلىرىنىڭ شۇ تەرەپتە بولۇپ قالمىغانلىقىغىمۇ شۈكۈر ئېيتاتتى. بۇ ئەتراپتىكى مادې خانىم بىلەن مېرۋېتېر خانىمنىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن باشقا ئادەملەر

قېچىپ كەتمىگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. ئۇلار كېتىپلا سىكارلېت زېرىكىپ قالدى. پېتتېر تاغا بولغان بولسىمۇ ئۇنى قوماندانلىق ئىشتابقا ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن بولاتتى. مېلانىيە بولمىغان بولسىمۇ ئۆزى بېرىپ خەۋەر ئۇقۇپ كېلەتتى. ئەمدى ئۇ مادې خانىم كەلگەندە ئاندىن بارالايدۇ. مادې خانىم نېمىشقا تېخىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ پىرىسسىي نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدىكى كارىدورغا چىقىپ ئۇلارنىڭ يولىغا قارىدى، لېكىن مادې خانىمنىڭ ئۆيى تەرەپتىكى يولدا بىرمۇ ئادەم يوق. خېلىدىن كېيىن پىرىسسىي كۆرۈندى. ئۇ خۇددى بىر كۈن يول يۈرگەن ئادەمدەك ئالدىرىماي، كۆڭلىكىنىڭ ئارقا ـ ئالدىغا قاراپ، بىرسى دىققەت قىلىۋاتامدۇ، يوق، دېگەندەك كەينىگە نەزەر تاشلاپ كېلىۋاتاتتى.

— نېمانداق ئېزىلىپ كەتكەن تاڭگادەك ماڭىسەن! — پىرىسسىي دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا سىكارلېت ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى، — مادې خانىم نېمە دېدى؟ ھازىرلا كېلەلەمدىكەن؟

— ئۇ ئۆيىدە يوق ئىكەن، — دېدى پىرىسسىي.

— نەگە كېتىپتۇ؟ قاچان قايتىپ كېلىدىكەن؟

— ھىم، خانىم، — پىرىسسىي بۇ خەۋەرنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك ئەتەي ئاۋازىنى سوزۇپ سۆزلىدى، — ئۇلارنىڭ ئاشپىزى مادې خانىمنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە پىل ئەپەندىنىڭ يارىلىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، تالىبوت بىلەن بىتتىنى ئېلىپ پەيتون بىلەن كەتكەنلىكىنى دېدى. ئۇلار پىل ئەپەندىنى ياندۇرۇپ كەلسە كېرەك. ئۇنىڭ دېيىشىچە، پىلنىڭ يارىسى ئېغىر ئوخشايدۇ، شۇڭا بىز تەرەپكە كېلەلمىگۈدەك.

سىكارلېت ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك قاراپ، تەستىكىگە بىر نەچچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. بۇ نېگىرلار مۇشۇنداق شۇم خەۋەرلەرنى كۆتۈرۈپ كەلگىنى ئۈچۈن ماختانسا كېرەك.

— بولدى، ئۇ يەردە ھاڭۋۇقىپ تۇرىۋەرمەي، بېرىپ مېرۋېتېر خانىمنى باشلاپ كەل، ئۇلارنىڭ ئېمىكئانىسى بولسىمۇ مەيلى،

چاپسان ماڭ.

— ئۇلارمۇ يوق ئىكەن، سىكارلېت خانقىز. بايا كېلىۋېتىپ ئېنىكئانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلارمۇ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇدەك. ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. دوختۇرخانىغا كەتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن.

— شۇڭا، شۇنداق كېچىكىپ كەپتىكەنسەن ـ دە. بۇنىڭدىن كېيىن سېنى نەگە ئەۋەتسەم شۇ يەرگە بار. يېرىم يولدا خەق بىلەن پاراڭلاشما، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەمدى سەن ...

سىكارلېت دوستلىرىنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ كېلىپ ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئېلسىن خانىم بار ئەمەسمۇ. ئۇياق سىكارلېتنى يېقىندىن بېرى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى، ئەمما مېلانىيەنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئېلسىن خانىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ، ئاندىن ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگىن. يەنە بىر گەپ، مېلانىيە خانقىز بۈگۈنلا يەڭگىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا سېنىڭ ياردىمىڭ كېرەك. بولدى، چاپسان بېرىپ كەل.

— خوپ، خانىم، — پىرىسسىي كەينىگە بۇرۇلۇپ خۇددى قۇلۇلىدەك ئاستا ماڭدى.

— چاپسان ماڭ، ھۇرۇن ئېشەك.

— ماقۇل، خانىم.

پىرىسسىي قەدىمىنى تېزلەتتى، سىكارلېت قايتىپ كىرىپ، مېلانىيەنىڭ قېشىغا چىقايمۇ، چىقمايمۇ، دەپ بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭغا مادىي خانىمنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىشى كېرەك. ئەمما، ئۇ پىلنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى ئاڭلىسا كۆڭلى بۇزۇلۇشى مۇمكىن. بولدىلا، بۇنى ئۇنىڭدىن يوشۇرسىلا بولىدىغۇ.

ئۇ مېلانىيەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ ناشتىلىقنى ئەكىرگەن تاماقتىن ئازراقمۇ يېمىگەنلىكىنى كۆردى. مېلانىيە كارىۋاتتا يانتۇ ياتاتتى، چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

— مادې خانىم دوختۇرخانىغا كېتىپتۇ، — دېدى سىكارلېت، — ئەمما، ئېلسىن خانىم هازىرلا كېلىدىغان بولدى. قانداق، ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ئانچە ئەمەس، — دېدى مېلانىيە يالغان سۆزلەپ، — سىكارلېت، سىز ۋادىنى قانچىلىك ۋاقىتتا تۇغۇپ بولغان؟

— ئۇنىڭغا ھېچقانچە ۋاقىت كەتمىگەن، — سىكارلېت ئاڭسىز ھالدىلا خۇشال كەيپىيات بىلەن سۆزلىدى، — ئۇ چاغدا مەن ھويلىدا ئىدىم، ئۆيگە كىرىشكە ئۈلگۈرەلمىگىلى تاسلا قالدىم. نېگىر ئانام، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ... بەئەينى نېگىرلاردەك قىلدىڭ، دەپ كايىپ كەتكەن.

— مەن شۇنداق نېگىرلارغا ئوخشىسامكەن دەيمەن، — دېدى مېلانىيە زورىغا كۈلۈمسىرەپ. بىردىنلا ئۇ كۈلكە ئۆچۈپ، قاتتىق ئاغرىقتىن مېلانىيەنىڭ چىرايى سەت تۇرۇلۇپ كەتتى.

سىكارلېت چىرايىدا قىلچە كۈلكە يوق، مېلانىيەنىڭ داس سۆڭىكىگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن تەسەللى بەرگەندەك تەلەپپۇزدا:

— تۇغۇت ئانچە قىيىنمۇ ئەمەس، — دەپ قويدى.

— شۇنداق بولار، ئىلاھىم. سەل قورقۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ئېلسىن خانىم هازىرلا كېلەمدۇ؟

— شۇنداق، هازىرلا كېلىدۇ، — دېدى سىكارلېت، — مەن پەسكە چۈشۈپ ئازراق سۇ ئاچىقىپ، بۇلۇت بىلەن بەدىنىڭىزنى سۈرتۈپ قوياي، بۈگۈن هاۋا بەكمۇ ئىسسىپ كەتتى.

ئۇ سۇ ئاچىقىشنى باھانە قىلىپ ئامال بار پەستە كۆپرەك تۇرۇشنى ئويلايتتى، ھەر مىنۇتتا بىر قېتىم ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ پىرىسسىينىڭ يولىغا قارايتتى، لېكىن پىرىسسىينىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئامال يوق، سىكارلېت يەنە ئۈستىگە سۇ كۆتۈرۈپ چىقىپ مېلانىيەنىڭ تەرلەپ كەتكەن بەدىنىنى سۈرتۈپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى تاراپ قويدى.

بىر سائەتتىن كېيىن كوچىدا نېگىرلارغا خاس پۇتىنى سۆرەپ ماڭغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. سىكارلېت ئىتتىك تالاغا قارىدى.

پىرىسسىي بايىقىدەك بەللىرىنى تولغاپ، بېشىنى لىكىلدىتىپ بىر خىلدا كىيىلىۋاتاتتى، خۇددى ئەتراپىدا ئۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاماشىبىنلار باردەك توختىماي ئۆرپچۆرىسىگە قاراپ قوياتتى.

«بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بۇ جالاپنى تاسما بىلەن باغلاپ قويىمىسام.» سىكارلېت ئاچچىقى بىلەن پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى.

— ئېلىسىن خانىم دوختۇرخانىغا كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاشپىزى بۈگۈن پويىزدا نۇرغۇن يارىدارلارنىڭ كەلگەنلىكىنى دېدى، ئۆزى ئۇلارغا شورپا قايىنىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ...

— ئۇنىڭ گېپىنى قوي، — سىكارلېتنىڭ كۆڭلى لاسىدە بولدى، — يېڭى كۆڭلىكىڭنى ئالماشتۇرۇپ دەررۇ دوختۇرخانىغا چاپ، مەن مادي دوختۇرغا خەت يېزىپ بېرىمەن. ئۇ بولمىسا جونىس دوختۇرغا بېرىسەن، باشقا دوختۇرلارغا بەرسەڭمۇ بولىدۇ. بۇ قېتىم تېز بېرىپ كەلمىسەڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن.

— ماقۇل، خانىم.

— ئۇ يەردىكى ئەپەندىلەردىن ئۇرۇش ئەھۋالىنى سوراشتۇرگەچ كەل. ئۇلار بىلمىسە، ئايلىنىپ پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، يارىدارلارنى ئېلىپ كەلگەن پويىز شوپۇرلىرىدىن جونېسبورو ياكى ئۇ يەرگە يېقىنراق يەرلەردە جەڭنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى سوراپ باق.

— ۋاي خۇدايىمەي، — پىرىسسىينىڭ قاپقارا يۈزى بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى، — سىكارلېت خانقىز، شىماللىقلار تاراغا يېتىپ بارمىغاندۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇقمايمەن، سېنى شۇنى بىلىپ كەل، دەۋاتىمەن.

— ۋاي قانداق قىلارمەن، ئۇلار مېنىڭ ئاپامنى نېمە قىلىۋېتەر، خانقىز؟

پىرىسسىي بىردىنلا ئاللا ـ توۋا كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سىكارلېت جىددىيلىشىپ كەتتى.

— تووۋلىما، مىلانىيە خانقىز ئاڭلاپ قالدۇ. چاپسان كىرىپ كۆڭلىكىڭنى ئالماشتۇرۇپ چىق، چاپسان بول !

پىرىنسىسى تېزلا ئارقا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. سىكارلېت شۇ ئارىلىقتا گېرالد ئۆتكەندە ئەۋەتكەن — ئۆيدىكى بىردىنبىر قەغەز — خەتنىڭ چۆرىسىگە ئالدىراپلا بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ ئۇنى قاتلىدى. قاتلاۋېتىپ دادىسىنىڭ خېتىدىكى «ئاپاڭ ... كېزىك بولۇپ قالدى ... بىر ئامال قىلىپ ... قايتىپ كەل ...» دېگەن گەپلەرگە كۆزى چۈشۈپ قېلىپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئەگەر ئۇ مېلانىيەنى دېمىسە شۇ تۇرقىدىلا پىيادە بولسىمۇ ئۆيىگە كېتەتتى.

پىرىنسىسى خەتنى ئېلىپ ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى. سىكارلېت ئۇستىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئېلسىن خانىمنىڭ كەلمىگەنلىكىنى مېلانىيەگە قانداق گەپ بىلەن ئۇقتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئويلاپ ماڭدى. ئەمما، مېلانىيە ئۇنىڭدىن ئۇ گەپنى سورىمىدى، ئۇ كارىۋاتتا چىرايىدا ھېچقانداق بىر ئىپادە يوق جىمجىت ياتاتتى، ئۇنى كۆرۈپ سىكارلېت ۋاقىتلىق خاتىرجەم بولغان بولدى.

ئۇ باشقا بىر گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇردى، ئەمما خىيالى تارادا ئىدى، شىماللىقلار ئۇ يەرگە بېسىپ بارغان بولسىچۇ، دېگەن قايغۇ ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىيناپتتى، ئىچىدە، ئېللېن ئۇ يەردە ئاخىرقى تىنىقىدا ياتىدۇ، شىماللىقلار ئاتلانتاغا بېسىپ كىرىپ كۆرگەنلا ئادەمنى قىرىپ، نەرسىلەرنى بۇلاپ - تالاپ كېتەرمۇ، دېگەندەك قالايمىقان خىياللارنى قىلاتتى. يىراقتىكى زەمبىرەك ئاۋازلىرى قۇلىقىغا توختىماي ئاڭلىنىپ ئۇنىڭدىكى قورقۇنچنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى. ئاخىر ئۇ بۇ خىياللارنىڭ ئازابلىرىغا چىدىماي دېرىزىدىن جىمجىت كوچىغا، كوچىدىكى دەرەخلەرنىڭ توپا بېسىپ كەتكەن يوپۇرماقلىرىغا قاراپ تۇردى. مېلانىيەمۇ سۆزسىز ياتاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ چىرايى تۇرۇلۇپ كېتەتتى. بۇ ئۇنىڭ تولغىقىنىڭ بارغانسېرى

كۆچىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ھەر قېتىم ئاغرىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ:

— راست دېدىڭىز، بۇ ئانچە قىيىنمۇ ئەمەس، — دەپ قوياتتى.

سكارلېت بۇنىڭ يالغان گەپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ جىمجىتلىقتا چىدىيالماي قالغان سكارلېت ئۇنىڭ جىمجىت ياتقىنىدىن ۋارقىراپ - توۋلاپ كەتكىنىنى ئەۋزەل بىلىپ قالدى. مېلانىيەگە ئىچى ئاغرىش كېرەكلىكىنى بىلەتتى، لېكىن شۇنى چىرايىدا ئىپادىلەپ، ئازراق بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىلالمايتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئازابىمۇ ئۆزىگە يېتىپ ئېشىۋاتاتتى. بىر قېتىم ئۇ مېلانىيەنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن تورۇلۇپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ دۇنيادا شۇنچە جىق ئادەم تۇرسا، قېرىنداشلىقىدەك ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق بىر ئادەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى، ئىچىدە ئۇنىڭغا نەپرەتلەندى، چاپسانراق ئۆلۈپ كەتسىكەن، دەپمۇ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى بوگۈنلا ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. سكارلېتقا بىر شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىلىۋاتقاندەك بىردىنلا تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىسە قارغىغاندەك بولۇپ، كېيىن ئۆزىگە يېنىپ قالىدىغانلىقىنى نېگىرئانىسىدىن ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەررۇلا خۇدادىن مېلانىيەنى ئامان قىلىشنى، ئۇنىڭ جېنىنى ئالماسلىقنى تىلىدى. يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى، ئەمما نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. مېلانىيە ئوتتەك قىزىق قولىنى ئۇنىڭ قولى ئۈستىگە قويۇپ:

— گەپ ياساپ ئاۋارە بولماڭ، سۆيۈملۈكۈم. سىزنىڭ تىت - تىت بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. سىزگە كۆپ مالاللىق يەتكۈزدۈم، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى.

سكارلېتنىڭ كۆڭلى شۇندىلا تىنچىدى، ئەمما خاتىرجەم ئولتۇرالمىدى. دوختۇر ياكى پىرىسسى ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ

كېلەلمىسە ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كوچىغا قاراپ قويۇپ يەنە جايىغا يېنىپ كەلدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ باشقا دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ باقتى.

ۋاقىت سائەتلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. چۈش بولغاندا كۈن ئىسسىپ كەتتى، ئازراقمۇ شامال يوق ئىدى. مېلانىيەنىڭ تولغىنىقى بارغانسېرى كۈچەيدى. سىكارلېت ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى، لېكىن قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە ئىدى. قانداقمۇ قىلارمەن، دوختۇر كەلگۈچە تۇغۇۋېتىدىغان ئوخشىمامدۇ. تۇغۇت تۇغدۇرۇشتىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق. بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۇنىڭ ئەندىشىسى بۈگۈنكى مۇشۇ جىددىي مىنۇتلاردا بولۇپ كەلگەنىدى. دوختۇر تاپالمىسا بۇ ئىشلارنى پىرىسسىيغا قىلدۇرماقچىمۇ بولغانىدى. پىرىسسىينىڭ بۇ جەھەتتە ئېپى بار ئىكەن. ئۇ بۇ گەپنى بىر قېتىملا دېمىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا دوختۇرمۇ كۆرۈنمەيدۇ؟ ئۇ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە يەنە يۈگۈرۈپ بېرىپ پەسكە قارىدى، قۇلاق سالدى. يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرى توختاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلۇۋاتامدۇ يا؟ ئەگەر زەمبىرەك ئاۋازلىرى يىراقلىشىپ كەتكەن بولسا، دېمەك ئۇرۇش جونېسبوروغا يېقىنلىشىپ قالدى دېگەن گەپ. يەنە ...

ئۇ ئاخىر ئالدىراپ كېلىۋاتقان پىرىسسىينى كۆرۈپ ئىختىيارسىز بەدىنىنى دېرىزىدىن يېرىم چىقاردى. پىرىسسىي ئۇنى كۆرۈپ گەپ قىلىشقا تەمشەلگەنىدى، سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزلىكنى كۆرۈپ، قورقۇنچلۇق خەۋەر بولسا، ئۇ ۋارقىراپ دېسە مېلانىيە ئاڭلاپ قالمىسۇن، دەپ قورقۇپ، دەررۇلا، گەپ قىلما، دېگەندەك ئاغزىنى تۇتتى، ئاندىن دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتتى.

— مەن ئازراق سوغۇق سۇ ئاچىقاي، — دېدى ئۇ مېلانىيەنىڭ

ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قارا كۆزلىرىگە قاراپ مەجبۇرىي كۈلگەن هالدا. ئارقىدىن ئىتتىك ئۆيدىن چىقىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

پىرىسسىي ئۆينىڭ پەلەمپەيدە دېمىنى ئالالماي هاسىراپ ئولتۇراتتى.

— ئۇلار هازىر جونېسبورودا ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ، سىكارلېت خانقىز. بىزنىڭ قوشۇنىمىزنى يېڭىلىپ قالاي دەۋاتىدۇ، دېيىشتى. ۋاي خۇدايىم، سىكارلېت خانقىز، شىماللىق ئالۋاستىلار بۇ يەرگە كېلىپ قالسا بىز قانداق قىلارمىز؟

سىكارلېت ئۇنىڭ يىغىغا ئاچقان ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— خۇدا هەققى، ئۇنۇڭنى ئۆچۈرگىن.

راست، شىماللىقلار كېلىپ قالسا ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ تارا قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ ئامال بار بۇ خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا، هازىر جىددىي بولۇۋاتقان ئىشنى ئويلاشقا تىرىشتى. ئۇ ئىشلارنىڭ خىيالى بىلەنلا بولۇپ كەتسە، پىرىسسىيگە ئوخشاش جاهاننى بېشىغا كىيىپ يىغلىسا بولىدۇ شۇ.

— مادي دوختۇرچۇ، ئۇ قاچان كېلىدۇ؟

— ئۇنى پەقەتلا كۆرمىدىم، سىكارلېت خانقىز.

— نېمە؟

— ئۇ دوختۇرخانىدا يوق ئىكەن، مېرۋېتېر خانىم بىلەن ئېلسىن خانىممۇ كۆرۈنمەيدۇ. خەقلەر دوختۇرنى پويىز ئىستانسىسىغا كەتتى، دېيىشتى. ئۇ يەردە جونېسبورودىن ئېلىپ كېلىنگەن يارىدارلار بار ئىكەن، ئۆلۈكتىن قورقىدىغان بولغاچقا، ئۇ يەرگە بارالمىدىم، ئۇ يەردە جىق ئادەم ئۆلۈۋېتىپتىمىش.

— باشقا دوختۇرلارچۇ؟

— سىكارلېت خېنىم، سىزنىڭ خېتىڭىزنى دېگەن بىرمۇ دوختۇرنى تاپالمىدىم. خۇدا هەققى، هەممىلا ئادەم ساراڭ بولغاندەك ئالدىرىشىپلا يۈرىدۇ. بىر دوختۇر: «يوقال، بىزنى

ئاۋارە قىلما. بۇ يەردە ئادەم ئۆلۈۋاتسا بوۋاقنىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ بۇ بىرنېمە. بىرەر خوتۇننى تاپ، تۇغۇتقا شۇ ياردەم بەرسۇن» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. كېيىن سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بىلەن خەۋەر ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن بارسام، خەقلەر جونپىسبورودا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ...

— مادې دوختۇرنى پويىز ئىستانسىسىغا كېتىپتۇ دېدىڭمۇ؟

— شۇنداق، خانىم، ئۇ ...

— گېپىمگە قۇلاق سال، مەن ھازىر مادې دوختۇرنىڭ يېنىغا بارىمەن. سەن مېلانىيە خانىمنىڭ يېنىدا قېلىپ، ئۇ نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىسەن. ئەگەر بىرەر يەردە جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا دەپ قويىدىغان بولساڭ، سېنى قىلچە ئىككىلەنمەي بىرسىگە سېتىۋېتىمەن. باشقا دوختۇرلارنىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنىمۇ ئۇنىڭغا دېمەيسەن. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، خانىم.

— كۆزۈڭنى سۈرتۈۋېتىپ، دەررۇ ئۈستىگە چېلەكتە سوغۇق سۇ ئاچىقىپ بۇلۇت بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنى سۈرت. مېنى مادې دوختۇرنى ئىزدەپ كەتتى، دەپ قوي.

— ئۇنىڭ يەڭگىيدىغىنىغا ئاز قالدىمۇ، سكارلېت خانىم؟

— مەن ئۇقمايمەن، يېقىن قالغاندەكمۇ قىلىدۇ، لېكىن ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. ئۇنى سەن بىلىسەن، چاپسان ئۈستىگە چىق.

سكارلېت پىرىسسىنىڭ بېشىدىكى چىغ شىلەپىنى ئېلىپلا بېشىغا كىيىپ ئەينەككە قارىدى، چىرايىغىمۇ قارىماي رەتسىز چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپلا قويىدى. يۈرىكىمدىكى ئەنسىزلىك تېشىغا تېپىۋاتقاندەك، ھاۋا شۇنچە ئىسسىق بولسىمۇ قوللىرى مۇزلاپ تۈرۈۋاتاتتى. ئۇ ئىتتىك ئۆيدىن چىقىپ ئاپتاپ چېقىپ تۇرغان يولغا چۈشتى. كۈن بەكمۇ ئىسسىق ئىدى، بىردەملا ماڭغاندىن كېيىن ئىككى چېكىسى لوقۇلداشقا باشلىدى. يىراقتا ۋاراڭ – چۇرۇڭ ئاڭلانغاندەك بولدى، ئاۋازلار بىردە كۈچىيىپ،

بىردە پەسىيىپ تۇراتتى. لېيدېننىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا بارغاندا سىكارلېت دەم ئالالماي قالدى. لىپتىكى بەك چىڭقىپ كەتكەندى، لېكىن ئۇ قەدىمىنى پەقەتلا ئاستىلاتمىدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بارغانسېرى يېقىنلاشتى.

لېيدېننىڭ ئۆينىڭ ئالدىدىن فىۋى پوئېنتىس كوچىسىغىچە بولغان ئارىلىق خۇددى چۇۋۇۋېتىلگەن چۇمۇلە ئۇۋىسىغا ئوخشاش پاتىپاراق بولۇپ كەتكەندى. نېگىرلار كوچىلاردا ئەنسىز يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، ئىگە - چاقىسىز ئاق تەنلىك بالىلار قىرقىراپ يىغلىشاتتى، كوچىلار يارىدارلارنى باسقان هارۋىلار، قۇتۇلدۇرۇش پەيتونلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەندى، يۈك - تاق باسقان هارۋىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئاتلىق ئادەملەر خودنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىغا بېرىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىكى كوچىلاردىن چېپىپ چىقىشىۋاتاتتى. بوننېلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قېرى ئاموس هارۋىغا قوشۇۋالغان بىر ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— سىز تېخى كەتمىدىڭىزمۇ، سىكارلېت خانىم؟ — دېدى ئۇ كۆك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، — بىز ماڭىدىغان بولدۇق، ئۇ قېرى قىز نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتىدۇ.

— نەگە بارىسىلەر؟

— خۇدا بىلىدۇ، خانىم. بىز بارغۇدەك بىر يەر چىقىپ قالار. شىمالىلىقلار تېز ئارىدا يېتىپ كەلگۈدەك.

سىكارلېت ئۇنىڭغا خوشمۇ دېمەي ئالدىغا قاراپ ماڭدى. شىمالىلىقلار تېز ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ! ئۇ ۋېسلىي چىركاۋىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختاپ دېمىنى ئېلىۋالدى. يۈرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ سەل ئاستىلىدى. ئۆزىنى بېسىۋالمايدىغان بولسا هوشىدىن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دەل شۇ چاغدا فىۋى پوئېنتىس تەرەپتىن ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقان ياش بىر ئوفىتسېرغا كۆزى چۈشۈپ كۆڭلىگە دەررۇ بىر ئىش كەلدى - دە، يۈگۈرۈپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ئۇنى توستى.

— توختاڭ! توختاڭ!

ئوفىتسېر بىردىنلا يۇگەننى تارتقاچقا، ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كەينىگە بىرنەچچە قەدەم شوخشۇپ ئاندىن توختىدى. چىرايىدىن ئۇ ئوفىتسېر ئىنتايىن ھارغىن ۋە جىددىي بىر ۋەزىپە بىلەن كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بېشىدىكى يىرتىق شەپكىسىنى ئېلىشقا ئۇلگۈردى.

— خانىم!

— ئېيتىڭا، شىماللىق ئالۋاستىلار راستلا بۇ يەرگە بېسىپ كېلەمدۇ؟

— مېنىڭچە، شۇنداق.

— سىز راستلا بىلەمسىز؟

— شۇنداق، خانىم، مەن بىلىمەن. ئىشتاب يېرىم سائەت ئىلگىرى جونېسبورو ئالدىنقى سېپىدىن كەلگەن جىددىي بىر مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدى.

— جونېسبورودىن كەلگەن؟ سىز ئۇنى جەزم قىلالامسىز؟

— جەزم قىلالايمەن. يالغان گەپ ئەمدى ئەسقاتمايدۇ، خانىم. بۇ خەۋەر گېنېرال خودتىن كەلگەن. ئۇ: «مەن يېڭىلدىم، پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنىدىم» دەپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي!

ئۇ ئوفىتسېرنىڭ ھارغىن ۋە قارىداپ كەتكەن تەمكىن چىرايى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ تىزگىننى باشقىدىن قولىغا ئېلىپ شەپكىسىنى ئالدىرىماي كىيدى.

— ئەپەندى، توختاپ تۇرۇڭ، بىز قانداق قىلىمىز؟

— خانىم، بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. قوشۇن ئاتلانتادىن تېز ئارىدا چېكىنمەكچى.

— چېكىنمەكچى؟ بىزنى شىماللىق ئالۋاستىلارغا تاشلاپ بېرىپمۇ؟

— شۇنداق بولسا كېرەك.

ئۇ ئېتىنى بىر دېۋىتكەنىدى، ئات ئۇچقاندەك، چېپىپ

كەتتى. سىكارلېت ئوشۇقىغىچە تۇپا كېچىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا مىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدى.

شىماللىق ئالۋاستىلار يېتىپ كەلگۈدەك. قوشۇن چېكىنىۋېتىپتۇ، شىماللىقلار كەلگۈدەك. ئەمدى ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ نەگە قېچىپ بارىدۇ؟ ياق، ئۇ قاچالمايدۇ. مېلانىيە تۇغىمەن دەپ ياتىدۇ. ئاھ، ئاياللار نېمىشقا بالا تۇغىدىغاندۇ؟ مېلانىيە بولمىغان بولسا، ئۇ ۋاد بىلەن پىرىسسىينى ئېلىپ ئورمانلىققا كىرىۋالاتتى، شىماللىقلار ئۇلارنى ئۆلسىمۇ تاپالمايتتى. لېكىن ئۇ مېلانىيەنى ئېلىپ ماڭالمايدۇ ـ دە. ياق، ھازىر بولمايدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن تۇغقان بولسا، بۈگۈن بىرەر پەيتون تېپىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىپ بىرەر يەرگە يوشۇرۇپ قويغىلى بولاتتى. ھازىر مادې دوختۇرنى تېپىپ ئۆيگە ئاپارماقتىن باشقا ئامال يوق. بەلكىم ئۇ مېلانىيەنى بالدۇرراق تۇغدۇرىدىغانىنىڭ ئامالىنى قىلار.

ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. «شىماللىق ئالۋاستىلار كەلگۈدەك! شىماللىق ئالۋاستىلار كەلگۈدەك!» ئۇ خۇددى قەدىمىنىڭ رىتىمىغا توغرا كەلتۈرۈۋاتقاندەك يول بويى شۇ گەپنى ئىچىدە پىچىرلاپ ماڭدى. فىۋى پوئېنتىستا ئادەم شۇنچىلىك نۇرغۇن ئىدى، ھەممىسى قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، يارىدارلارنى باسقان ئات، كالا ھارۋىلىرى، پەيتونلار قىستىلىشىپ تۇرۇشاتتى، ئادەملەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى دەھشەتلىك دولقۇنغا ئوخشاش گۈرۈلدەيتتى.

بىر چاغدا سىكارلېت غەلىتە بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. توپ ـ توپ ئاياللار سان گۆشلەرنى مۈرىلىرىگە قويۇپ تۆمۈر يول بىلەن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇششاق باللارمۇ باشلىرىدا شېكەر توڭلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ يانلىرىدا كېلىشىۋاتاتتى. ياش يىگىتلەرمۇ باغلام ـ باغلام قوناق ۋە لوبۇلارنى كۆتۈرۈشۈۋالغانىدى. بىر بوۋاي قول ھارۋىسىغا بىر

تاغار ئۈننى سېلىپ ئىنتايىن تەستە ئىتتىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئەرلەر، ئاياللار، باللار، نېگىرلار ۋە ئاق تەنلىكلەردىن يېمەكلىك ئېلىپ ماڭىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، ھەممىسىنىڭ چىرايىدا چىدىدىچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. سكارلېتنىڭ بۇنچە كۆپ يېمەكلىكنى كۆرۈپ باقمىغىنىغا بىر يىلدەك بولغانىدى. بىر چاغدا ھەممە ئادەم قىڭغىيىپ قالغان بىر پەيتونغا يول بەردى. سۆلكەتلىك ئېلسىن خانىم پەيتوننىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئىنچىكە قوللىرىدا بوجا بىلەن قامچىنى چىڭ تۇتقان پېتى ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. بېشىدا شىلەپىسى يوق، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن، ئۇزۇن كۆل رەڭ چاچلىرى بېلىگە چۇشۇپ تۇرغان، خۇددى ئىنتىقام ئىلاھەسىگە ئوخشاش ئاتلارنى توختىماي قامچىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئايال چاكىرى بېتسى بىر قولىدا بىر پارچە گۆش، يەنە بىر قولى بىلەن پۇتلىرىدا پەيتوننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ساندۇقلار بىلەن خالتىلارنى چۇشۇپ كەتمىسۇن دەپ توسۇپ ئولتۇراتتى. پۇرچاق بار بىر خالتىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ يولغا پۇرچاق تۆكۈلۈۋاتاتتى. سكارلېت ئېلسىن خانىمنى كۆچەپ توۋلىدى، ئەتراپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولغاچقا، ئاۋازى ئېلسىن خانىمغا يەتمەي پەيتون ئۆتۈپ كەتتى.

سكارلېت نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرھەل ئاڭقىرالماي قالدى. كېيىن تەمىنات ئورنىنىڭ ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىدىكى تۆمۈر يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى يادىغا ئېلىپ، ئىسكىلاتنى ھەربىيلەر ئېچىۋېتىپ، شىمالىلىقلار يېتىپ كەلگۈچە خەلقنىڭ ئىختىيارىيچە ئېلىۋېلىشىغا قويۇپ بەرگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بىلدى.

سكارلېت ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ قىسقا يوللار بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن دوختۇرلارنىڭ، نوسۇلكىچىلارنىڭ يارىدارلارنى توشۇش بىلەن ئالدىراش ئىكەنلىكىنى كۆردى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ئەمدى مادى دوختۇرنى تاپالايدىغان بولدى. ئەمدى ئاتلانتادىكى

ئەڭ چوڭ مېھمانخانىنى ئايلىنىپ ئۆتسىلا بولاتتى. ئۇ يەرنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، پويىز ئىستانسىسى بىلەن تۆمۈر يول ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تولۇق تاشلاندى. ئەمما، كۆز ئالدىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

مىڭلىغان يارىدارلار بىر سىنىڭ بېشى بىر سىنىڭ پۇتىدا، بىر سىنىڭ پۇتى بىر سىنىڭ بېشىدا، ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاپتاپقا قاقلىنىپ مەيداندا يېتىشاتتى. تۆمۈر يولنىڭ بويلىرى، ئادەم ماڭىدىغان يوللار، پەيتون - هارۋا قويىدىغان لاپاسلارنىڭ ئاستىلىرىدا زادىلا بوش يەر يوق ئىدى. بەزىلىرى تۇپتۈز، بەزىلىرى تۇگۈلۈپ يېتىشاتتى، باشلىرى ئۇستىدە چىۋىن قايناپتتى، هەممىلا يەر قان - يىرىڭ، پاسكىنا داكا، داد - پەرياد، نوسۇلكىچىلار كۆتۈرۈپ ماڭغاندا يارىلىرى ئاغرىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىنىشلىق تۇۋلاشلىرى، تىللاشلىرى بىلەن تولغانىدى.

تەرنىڭ، قان - يىرىڭلارنىڭ، يۇيۇلمىغان بەدەنلەرنىڭ، پوق - سۈيدۈكلەرنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرى ئىسسىقتا ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. سىكارلېت كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. سېسترالار يەردە ياتقان يارىدارلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرۈشەتتى، بەزىدە زىچ ياتقان يارىدارلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى دەسسىۋالاتتى، ئۇ يارىدارلار بولسا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قويۇپ قاراپلا ياتاتتى.

سىكارلېت قۇسۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاغزىنى قولى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋېلىپ كەينىگە ئىككى قەدەم شوخشۇدى. ئالدىغا مېڭىشقا پەقەتلا پېتىنالمىدى. ئۇ دوختۇرخانىدا، ئۆزلىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى چىملىقتا نۇرغۇن يارىدارلارنى كۆرگەن، ئەمما بۇنداق مەنزىرىنى پەقەتلا ئۇچراتمىغان، ئاپتاپتا قاقلىنىپ ياتقان، ھەممە يېرى قان - يىرىڭ ۋە پۇراپ تۇرغان تەنلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ، ئازاب، سېسىقچىلىق، داد - پەرياد ۋە

مالىمانچىلىق بىلەن تولغان دوزاخنىڭ ئۆزى ئىدى ... نېمىدېگەن مالىمانچىلىق بۇ! شىمالىلىق ئالۋاستىلا هازىرلا يېتىپ كەلگۈدەك! هازىرلا يېتىپ كەلگۈدەك!

ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، مالىمان ۋە ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش ئىچىگە كىرىپ كەتتى، كېتىۋېتىپ مادېي دوختۇر ئۇچراپ قالارمۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ ماڭدى. لېكىن، يەردە ياتقان يارىدارلارنى دەسسەپ سالارمەنمۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئەتراپقا تۈزۈكرەك قارىيالمايۋاتاتتى. ئۇ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ، قەدىمىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، نوسۇلكىچىلارغا ئۇنى - بۇنى دەۋەتقان بىر توپ ئادەمگە قاراپ ماڭدى.

ئۇتتەك قىزىپ تۇرغان قوللار ئۇنىڭ ئېتىكىگە پات - پات ئېسىلىپ قوياتتى. بىرسى خىرقىراق ئاۋازدا: «خانىم ... سۇ! ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئازراق سۇ بېرىڭ! خۇدا ھەققىدە، ئازراق سۇ بەرسىڭىز!» دەپ توۋلاپ كەتتى.

سكارلېت كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئاران ئاجرىتىۋالدى، يۈز - كۆزىنى تەر بېسىپ كەتتى. بىرەرسىنىڭ بىر يېرىنى دەسسىۋالىدىغان بولسا سكارلېت ئۆزى چىرقىراپ كېتىشى، ھەتتا هوشىدىن كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ، كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى ئاللىبۇرۇن ئۆچكەن، ئەمما قوللىرى قورسىقىدىكى يارىسى بىلەن چاپلىشىپ كەتكەن ھەربىي چاپانلىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئادەملەرنىڭ، ساقاللىرىدا قان ئۇيۇپ قالغان، ئەمما چېقىلىپ كەتكەن ئېڭىكى تېخىچە مىدىرلاپ تۇرغان بىچارىلەرنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈۋاتاتتى ... ئۇلار: «سۇ! سۇ!» دەپ نالە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

سكارلېت مادېي دوختۇرنى چاپسانراق تېپىۋالمايدىغان بولسا ئېلىشىپ قېلىپ توۋلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىر چاغدا ئۇ لاپاسىنىڭ ئاستىدىكى ئادەملەرگە قاراپ: «مادېي دوختۇر! مادېي دوختۇر قەيەردە؟» دەپ توۋلىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ئالدىغا چىقتى، ئۇ دەل مادېي

دوختۇر ئىدى. ئۇستىدە چاپان، چاپانىنىڭ يېڭى تۇرۇكلۇك، خۇددى قاسساپقا ئوخشاش ئىشتان ـ كۆڭلەك، چاپانلىرىنىڭ ھەممە يېرى، ھەتتا ساقىلىنىڭ ئۇچىمۇ قاندا قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. چىرايىدىن ھارغىنلىق، غەزەپ ـ نەپرەت ۋە قىزغىن ھېسداشلىق ئىچىدە يۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. يۈز ـ كۆزىنى توپا ۋە تەر باسقان، تەر يۈزىدىكى كىر ئۇستىدە چوڭقۇر ئىرىق ھاسىل قىلىپ پەسكە ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، سىكارلېتنى كۆرۈپ ئۇنى تونۇلىغاندا بولسا ئاۋازى تەمكىن ۋە كۆچلۈك چىقتى.

— خۇداغا مىڭ شۈكۈر، ئاخىر كەپسىز، مەن ھازىر ياردەمگە تازا موھتاج بولۇپ تۇراتتىم.

سىكارلېت تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى، كۆتۈرۈۋالغان ئېتىكىمۇ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. دوختۇرنىڭ بۇ نېمە دېگىنى؟ ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى توپىغا پۈركەپ، ئەتراپتىكى سېسىقچىلىقلار بۇرنىغا توختىماي پۇراپ تۇرۇۋاتاتتى.

— بولۇڭ، قىزىم، بۇياققا كېلىڭ!

سىكارلېت يەنە ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ ياربدارلارنىڭ ئارىسى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بىر يىپلا دوختۇرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى. بۇ بىلەكلەر ھارغىنلىقتىن تىترەپ تۇرغىنى بىلەن، چىرايىدا ھارغىنلىق ۋە ئاجىزلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى.

— دوختۇر، — تۇۋلاپ كەتتى ئۇ، — بارمىسىڭىز چوقۇم بولمايدۇ، مىلانىيەنىڭ تولغىقى تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇ خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى پەقەتلا ئاڭلىمىغاندەك ئۇنىڭغا قاراپلا تۇراتتى. سۇدانىنى بېشىغا قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتقان بىر ياربدار سىكارلېتقا قاراپ دوستانە كۈلۈپ قويدى.

— ئۇلار دوختۇرسىزمۇ ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا.

سىكارلېت پۇتى يېنىدا ياتقان ياربدارغا قاراپمۇ قويماي ھەدەپ

دوختۇرنىڭ بىلىكىنى چايقىدى.
— مىلانىيە تۇغماقچى، دوختۇر، چوقۇم بىر نىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ، — ھازىر، ئۇنداق دېسەم سەت بولارمىكىن، دەيدىغان چاغ ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ شۇنچە كۆپ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۇ گەپنى قىلىشقا خىجىل بولدى.
— تولغىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، دوختۇر!
— مىلانىيە يەڭگىمەكچىمۇ! ۋاي خۇدايىم! — دوختۇر خۇددى بېشى ئۈستىدە چاقماق چاقىغاندەك چۆچۈپ كەتتى، چىرايى غەزەپتىن شۇنچىلىك سەتلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سىكارلېتقا ياكى باشقا ھەرقانداق ئادەمگە ئەمەس، مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان بۇ دۇنياغا غەزەپلىنىۋاتتى، — ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ مەن بۇ ئادەملەرنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن. بۇ ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. بىر بالىنى دەپ، ئاناڭنى، بۇلارنى تاشلىۋېتەلمەيمەن. سىز گە ئاياللار ياردەملەشسۇن، مېنىڭ خانىمىمنى تېپىڭ.
سىكارلېت مادى خانىمنىڭ بارالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى دېمەكچى بولۇپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ يارىلانغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. ئەگەر بىلسە يەنە بۇ يەردە تۇرىۋېرەرمۇ؟ ھازىرقى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، پىل ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ بىر ئادەمنى دەپ شۇنچە نۇرغۇن يارىدارلارنى تاشلاپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— ياق، دوختۇر، سىز بارمىسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ تۇغۇتى تەس بولىدۇ دەپ ئۆزىڭىز دېگەن، — ئاھ، ئاپتاپ قايناپ تۇرغان بۇ ئېچىنىشلىق جايدا بار ئاۋازى بىلەن مۇشۇنداق قوپال گەپنى قىلغان ئادەم ئۆزىمىدۇ؟ — ئەگەر سىز بارمىسىڭىز ئۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ.
دوختۇر قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان ياكى ئۇنىڭ

نېمە دېگەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەمدەك ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ كەتتى.

— ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ شۇنداق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ... بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ، داكا يوق، دورا يوق، خىنىن، ناركوز دورىلىرى يوق. ئاھ، خۇدا، ماڭا ئازراق مورفىن بەرگىن! ئازراقلا! ئېغىر يارىدارلارغا يەتكۈدەكلا بەرسەڭ بولاتتى. ناركوز دورىلىرىدىنمۇ ئازراق بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. قارغىش تەگكۈر شىماللىقلار! خۇدايىم جازايىڭنى بېرەر ئىلاھىم!

— ئۇلار دوزاختا مەھكۇم بولسۇن، دوختۇر! — دېدى يەردە ياتقان بىر يارىدار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ.

سكارلېت تىترەشكە باشلىدى، كۆزلىرى قورقۇنچتا ياشقا تولدى. قارىغاندا، دوختۇر ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارمايدىغان ئوخشايدۇ. مېلانىيە ئۆلۈپ كېتىدىكەن، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى تىلىگەن. دوختۇر بارالمايدىغان بولدى.

— خۇدا ھەققى، دوختۇر، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي.

مادې دوختۇر لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ زۇۋان سۈرمەي تۇرۇپ قالدى.

— قىزىم، مەن بىر ئائىلىنى قىلىپ باقاي، ئەمما چوقۇم دېيەلمەيمەن، ئۆرۈنۈپ كۆرەي. بۇ يارىدارلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر گەپ بولىدۇ. شىماللىقلار پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، بىزنىڭ قوشۇنىمىز چېكىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يارىدارلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ھازىر پويىزمۇ يوق، ماكوننىڭ يولى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى ... شۇنداقتىمۇ ئۆرۈنۈپ باقاي. سىز مېڭىڭ، ماڭا دەخلى قىلماڭ. بالىنىڭ ئىشى چوڭ ئىش ئەمەس، كىندىكىنى بوغۇپ قويسىڭىزلا بولىدى ...

دەل شۇ چاغدا بىر ئەسكەر كېلىپ دوختۇرنىڭ مۈرىسىگە بوشقىنا ئۇرۇپ قويدى. دوختۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ،

ئەتراپىتىكىلەرگە ئۇنى - بۇنى دەپ يول كۆرسىتىشكە باشلىدى. سىكارلېتنى ئۇنتۇپلا كەتتى. يەردە ياتقان ياردار ھېسداشلىق قىلىپ سىكارلېتقا قاراپ قويدى.

سىكارلېت كەينىگە يېنىپ ياردارلارنىڭ ئارىسى بىلەن يەنە ئۆيىگە قايتتى. دوختۇر كەلمەيدۇ، سىكارلېت ئۆزى تۇغدۇرۇشى كېرەك. خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ پىرىسسىي قانداق تۇغدۇرۇشنى بىلمىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسسىقتا بېشى ئاغرىشقا باشلىدى، بېشى چىڭقىلىپ، پۇتلىرى دىرىلدەپ، خۇددى سېھىر قىلىنىۋەتكەندەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆيىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن يول مېڭىش كېرەك، لېكىن يول ئاۋۇيدىغاندەك ئەمەس.

«شىماللىقلار كېلىدۇ» دېگەن بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ بىردىنلا يۈرىكى سېلىشقا، ۋۇجۇدىغا خۇددى ھاياتىنىڭ يېڭى ئېلېمېنتى سىڭىپ كىرگەندەك بولۇپ قەدىمى تېزلىشىشكە باشلىدى. ئىككى چەتتىكى پىيادىلەر يولىدا ئادەم مىغىلدايتتى. شۇڭا، سىكارلېت چوڭ يولغا چۈشۈپ ماڭدى. چوڭ يولدا ئۈستىبېشى چاڭ - توزان، ھارغىن، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، مەيىنەتچىلىككە پېتىپ كەتكەن جەڭچىلەر، مۇرىلىرىدە مىلتىق، سەپ تارتىپ كېتىۋاتاتتى. كەينىدە ئورۇق قېچىرلار ئېغىر زەمبىرەكلەرنى سۆرەپ كېلىۋاتاتتى. سىكارلېت بۇرۇن بۇنچە كۆپ ئەسكەرنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. قوشۇن شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئۇنى قىستاپ يولنىڭ چېتىگە چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئەرزان باھالىق ۋىسكىينىڭ پۇرىقى پۇرىدى. دېكاتۇر كوچىسىنىڭ يېنىدىكى بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە غەلىتە كىيىنىشىۋالغان، يۈز - كۆزلىرىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۇرتۇشۇۋالغان ئاياللارمۇ بار ئىدى، ھەممىسى دېگۈدەك مەست ئىدى، ئۇلارنى قولتۇقلىۋالغان ئەسكەرلەرمۇ كەيىپ ئىدى. سىكارلېت تۇيۇقسىز قىزىل چاچ بىر ئايالنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ غەنناج باشقا بىرسى ئەمەس، دەل بېللې ۋاتلىن ئىدى. ئۇ بىر

قولى يوق چولاق بىر ئەسكەرگە ئېسىلىۋېلىپ، چىرقىراق ئاۋازدا ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ كۈلۈۋاتاتتى.

سكارلېت قىستىلىپ يۈرۈپ بىر كوچىدىن ئادەم يوقراق يەنە بىر كوچىغا چىقىۋالدى ـ دە، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ۋېسلىي چېركاۋىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ دەم ئالالماي چېركاۋنىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ قالدى. تولۇق بىر تىنىۋالغان بولسا يۈرىكى سوقۇشتىن، سەكرەشتىن، ئەنسىز تېپچەكلەشلەردىن تىنچىغان، بۇ نەس باسقان يەردە ئۆزىگە ياردەم بېرىدىغان بىرەرسى چىققان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى.

ئۇ ئۆمرىدە ئۆزى قىلمىسا زادى بولمايدىغان بىرەر ئىشنى مۇستەقىل قىلىپ باقمىغانىدى، ئىشلارنى ھەمىشە باشقىلار قىلىپ بېرەتتى، باشقىلار ئۇنى ئاسرايتتى، ھىمايە قىلاتتى، قوغدايتتى، مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭغا بىرمۇ دوستى، بىرمۇ قوشنىسى ياردەم بېرەلمەيتتى. بۇرۇن دوستلىرى، قوشنىلىرى، ئۇنىڭ قولى بولۇشقا رازى ئىدى، قولى چېۋەر ئادەملەر ئۇنىڭ خىزمىتىنى جان دەپ قىلاتتى. ھازىر ئۇ جىددىي ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقاندا ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ يوق. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك تايانچسىز، قورقۇنچلۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

ئاھ، ئۆلۈم! شىماللىقلار بولسۇن ـ بولمىسۇن، يەنىلا ئۆي ياخشى! ئاھ، ئۆيۈم، ئېللېن ئاغرىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا ئۆي ياخشى! ئۇ ئانىسىنىڭ مېھرىلىك چېھرىنى كۆرۈشكە، نېگىر ئانىسىنىڭ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۆزىنى قۇچاقلىشىغا شۇنچىلىك ئىنتىزار.

ئۇ بېشى قېيىپ تۇرسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يولىنى داۋام قىلدى. ئۆيىگە ئاز قالغاندا، ۋادنىڭ دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ۋاد ئۇنى كۆرۈپلا، زەخمىلەنگەن

بىر بارمىقىنى كۆتۈرۈپ يىغلاپ كەتتى.

— ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ؟ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى ئۇ ئېسەدەپ.

— يىغلىما! يىغلىما! ئۇنىڭنى ئۆچۈر! بولمىسا شاپىلاق يەيسەن. ئارقا ھويلىغا كىرىپ ئوينا، قالايمىقان ماڭما!

— قورسىقىم ئاچتى! — دېدى ۋاد ئاغرىق قولىنى ئاغزىغا سېلىپ ئېسەدىگەن پېتى.

— چىداپ تۇر، ئارقا ھويلىغا كىرىپ كەت.

سىكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ، دېرىزىدە تۇرغان پىرىسسىنىڭ ئەنسىز چىرايىنى كۆرۈپ قالدى. پىرىسسىنىڭ چىرايىدا غوجايىنىنى كۆرۈپ ئاندىن يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك ئىپادە پەيدا بولدى. سىكارلېت ئۇنى پەسكە چۈش دەپ شەرەت قىلدى، ئاندىن دالانغا كىردى. بۇ يەر تولىمۇ سالقىن ئىدى. شىلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى. ئۈستىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندا، مېلانىيەنىڭ ئىڭراۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىدىمايۋاتاتتى. پىرىسسى ئىككى تاقلاپلا پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى.

— دوختۇر كەلدىمۇ؟

— ياق، ئۇ كېلەلمەيدىكەن.

— ۋاي خۇدايىم، سىكارلېت خانىقىز، ئەمدى مېلانىيە خانىمنىڭ ھالى خاراب بولىدىغان بولدى.

— دوختۇر يوق، باشقىلارمۇ كېلەلمەيدۇ. ئەمدى سەن تۇغدۇرۇشۇڭ كېرەك، مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن.

پىرىسسى بىردىنلا زۇۋانى تۇتۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ھەدەپ ئۆزىنى ئىككى تەرەپكە چايقىدى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلما! — دەپ تۇۋلىۋەتتى سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، — ساڭا زادى نېمە بولدى؟

پرىنسسىي پەلەمپەيگە قاراپ ئاستا شوخشۇدى.

— راستىنى ئېيتسام، سىكارلېت خانىم ... — پرىنسسىي قورقۇپ ھەم نومۇس قىلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— قېنى سۆزلە.

— راستىنى دېسەم، سىكارلېت خانىم، يەنىلا دوختۇر چاقىرىپ كەلگىنىمىز ياخشىمىكىن. مەن ... مەن ... سىكارلېت خانىم، مەن تۇغۇت تۇغدۇرۇشنى پەقەتلا بىلمەيمەن. ئاپام تۇغۇت تۇغدۇرغاندا مېنى يېنىدا زادىلا تۇرغۇزمايتتى.

سىكارلېت بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولدى. پرىنسسىي ئۇنىڭ يېنىدىن ئاستا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، سىكارلېت ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— سەن ئالدامچى قارىلاق نېمە قىلماقچى؟ تۇغۇت تۇغدۇرۇشنى تولۇق بىلىمەن دېۋىدىڭغۇ؟ ئەمدى نېمىدەپ تىلىڭنى چاينايسەن؟ راستىڭنى ئېيتە! — سىكارلېت ئۇنى قاتتىق سىلكىشتۈردى، پرىنسسىينىڭ بېشى خۇددى مەست ئادەمدەك چايقىلىپ كەتتى.

— يالغاندىن شۇنداق دەپ قويغانىدىم، سىكارلېت خانىم. سىزگە نېمىشقا يالغان ئېيتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئاپامنىڭ بىرسىنى تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىنى بىر قېتىملا كۆرگەن، شۇ قىلىقىم ئۇچۇن ئاپامدىن گەپمۇ ئاڭلىغانىدىم.

سىكارلېت ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى. قورقۇپ كېتىۋاتقان پرىنسسىي كەينىگە داجىپ، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولاتتى. باشتا سىكارلېتنىڭ بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى، ئەمما پرىنسسىينىڭ تۇغۇت تۇغدۇرۇشتىن ھەقىقەتەن قىلچە خەۋىرى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ تۇرغان غەزىپىنى پەقەتلا باسالماي، ھارغىن بىلەكلىرىدىكى بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئۇنىڭ تەستىكىگە بىرنى سالدى. ئۇنىڭ چاكارلارنى ئۇرۇپ بېقىشى مۇشۇ ئىدى.

پىرىسسىي قاتتىق چىرقىراپ كەتتى. ئۇ شاپىلاقنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ئەمەس، قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق چىرقىراپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ھەدەپ يۇلقۇنۇشقا باشلىدى.

چىرقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۈستىدىكى ئىڭراۋاتقان، ئۆزىنى قىچقىرىۋاتقان ئاۋاز بىردىنلا توختاپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن مېلانىيەنىڭ ئىنتايىن ئاجىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سكارلېت، ئۇ سىزمۇ؟ چاپسان چىقىڭچۇ! چاپسان!

سكارلېت پىرىسسىينىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. پىرىسسىي ئېسەدەپ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ قالدى. سكارلېت بىردەم جىمجىت تۇرۇپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېلانىيەنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ خۇددى شىللىسىدىن تۇگمەن تېشى بېسىپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇ تاشنىڭ ئېغىرلىقىدا قەددى پۈكۈلۈپ، قەدەملىرىنى يۆتكەشمۇ ئىنتايىن تەسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ۋادىنى تۇغقان چاغدا ئېللېن بىلەن نېگىر ئانىسىنىڭ قىلغان ھەر بىر ھەرىكىتىنى ئەسلەپ باقتى. لېكىن، تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى بىھوشلۇق بىلەن قورقۇنچتىن باشقا تۇزۇك بىر نەرسە ئېسىدە قالمىغانىدى. ئۇ ئېسىگە كەلگەن بىرنەچچە ئىش بويىچە قىلىپ باقماقچى بولدى ـ دە، شۇئان پىرىسسىينى ئىشقا بۇيرۇدى.

— ئوچاققا ئوت يېقىپ بىر چۆگۈن سۇ قاينات. لۆڭگە بىلەن بىر كاللەك يىپ، قايچا تاپ. ماڭا تاپالمىغاننىڭ گېپىنى قىلما، نەدىن بولسۇن تاپسەن، تېز بول!

ئۇ پىرىسسىينى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئاشخانا تەرەپكە ئىتتىردى. ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ روھلۇق ھالدا ئۈستىگە ماڭدى. ئەمدى ئۇ مېلانىيەگە ئۇنى ئۆزى بىلەن پىرىسسىي ئىككىسىنىڭ تۇغدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما بۇ گەپنى ئېيتماق ئىنتايىن تەس.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

بۇنىڭدىن كېيىن بۇگۈن چۈشتىن كېيىنكىدەك بۇنداق ئۇزاق كۈن مەڭگۈ بولماس. بۇنداق ئىسسىقمۇ، بۇنداق كۆپ چىۋىنمۇ بولمىسا كېرەك. سىكارلېت مىڭ يەلپۈسىمۇ ئۇ چىۋىنلەر باش ئۈستىدىن كەتمەي مېلانىيەنىڭ بەدىنىگە قونۇپ تۇراتتى، يوغان يەلپۈگۈچتە يەلپۈۋېرىپ بىلەكلىرىمۇ تېلىپ كەتتى، لېكىن ئۇ قۇرۇق ئاۋارە بولۇۋاتاتتى، چىۋىنلەر ئۇياقتىن قورۇسا، بۇياقتىن مېلانىيەنىڭ تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن پۇتلىرىغا قونۇپ تۇراتتى. مېلانىيە پۇتلىرىنى كۆتۈرۈشكە كۈچى يەتمەي بوش مىدىرلىتىپ قوياتتى ۋە زەئىپ ئاۋازدا: «قورۇڭ، پۇتۇمنى !» دەپ قوياتتى.

سىكارلېت ئىسسىق ھەم كۈننىڭ نۇرىنى توسۇش مەقسىتىدە پەردىلەرنى ھەم يېپىۋەتكەچكە ئۆينىڭ ئىچى گۇڭگا ئىدى، ئىسسىققا چىداپ بولمايتتى. سىكارلېتنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملەر ئازراق بولسىمۇ قۇرۇپ باقمىدى، ئەكسىچە تەر بارغانسېرى كۆپىيىپ ئۇنى بىئارام قىلدى. پىرىسسىيمۇ بىر بۇلۇڭدا تەرلەپ ئولتۇراتتى، بەدىنىدىن تەرنىڭ سېسىق پۇرىقى ئۇرۇپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇ سىكارلېتتىن قورقمىغان بولسا ئاللىقاچان بۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن بولاتتى، سىكارلېتنىڭمۇ ئۇنى قوغلىۋەتكۈسى كېلەتتى. مېلانىيە كارىۋاتتا تەرگە چۆمۈلۈپ ياتاتتى، سىكارلېت پات - پات چېچىپ تۇرىدىغان سوغۇق سۇ بىلەن تەردىن كىرلىكمۇ كىر بولۇپ ۋە چىلىقلاپ كەتكەنىدى. مېلانىيە كارىۋاتتا توختىماي تولغىناتتى، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتى.

بەزىدە ئۇ تەسلىكتە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى، لېكىن

ئۇزاققا قالمايلا يەنە يۇمۇلىنىشقا باشلايتتى. دەسلەپتە ئاغرىققا چىداپ ۋارقىرىمىدى، لەۋلىرىنى چىشلەپ زىيدە قىلىۋەتتى. بۇنىڭدىن سكارلېتنىڭ ئىچى سىقىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوپال ئاۋازدا:

— مېلانىيە، خۇدا ھەققى، ئاغرىقنى ئىچىڭىزگە يۇتۇۋەرمەي، ۋارقىرىغۇڭىز كەلسە ۋارقىراۋېرىڭ، بىزدىن باشقا ئاڭلايدىغان ئادەممۇ يوق، — دېدى.

كېيىن ئاغرىق كۈچىيىپ، پەقەت بولالمىغاندا ئۇ ئاخىر ئىڭراشقا، بەزىدە بار ئاۋازى بىلەن پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاللا - توۋا كۆتۈرگەندە سكارلېت ئىككى قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋالاتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ تىلەپ كېتەتتى. ئۇ بۇ خىل ئازابلىق كۆرۈنۈش ئالدىدا ئامالسىز تۇرغاندىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدى. دۇنيادا تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىنى ئۇزاق ۋاقىت كۈتمەكتىنمۇ ئېغىر ئىش بولماس. ئۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتقاندا، شىماللىق ئالۋاستىلار شەھەرگە كىرىپ بولدىمۇ تېخى.

سكارلېت بۇرۇنلاردا ئۆزىنىڭ خوتۇنلارنىڭ تۇغۇت توغرۇلۇق قىلىشقان گەپلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. شۇنداق قىلغان بولسا، شۇ تۇرقىدا مېلانىيەنىڭ قاچان بوشىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيتتى ئەمەسمۇ؟ پىتتىي ھاممىنىڭ بىر دوستىنىڭ تۇپتوغرا ئىككى كۈن تولغاق يەپ، ئاخىرىدا بالا تۇغۇلمايلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق قىلىپ بەرگەن گېپى غۇۋا ئېسىدە تۇرۇپتۇ. مېلانىيەمۇ ئىككى كۈندە تۇغامدۇ تېخى. ئەمما، مېلانىيەنىڭ بەدىنى ئاجىز، ئىككى كۈنگە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بالا ۋاقتىدا چۇشمىسە ئۆلۈپمۇ كېتەمدۇ تېخى. ئاشلېي ھايات بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قايسى يۈزى بىلەن مېلانىيە ئۆلۈپ كەتتى، دەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئاشلېي ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپشۇرغان ئەمەسمۇ!

دەسلەپتە مىلانىيە تولغاق تۇتقاندا سىكارلىتىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالاتتى، ھەتتا ئۇستىخانلىرىنى مىجمۇەتكۇدەك چىڭ سىقىۋالاتتى. بۇ ئىش بىر سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، سىكارلىتىنىڭ قوللىرى ئىششىپ بىر نەرسىنى تۇتالمىغۇدەك بولۇپ كەتتى. كېيىن سىكارلىت ئىككى لۆڭگىنى چىگىپ كارىۋاتنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويۇپ، تولغاق تۇتقاندا مىلانىيەگە ئاشۇ لۆڭگىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان قىلدى. مىلانىيە خۇددى ھايات يىپىنى تۇتۇۋالغاندەك ئۇ لۆڭگىنى بەزىدە بوش، بەزىدە چىڭ تۇتۇۋالاتتى، قولىدىن پەقەتلا ئايرىمايتتى. پۇتۇن بىر چۈشتىن كېيىن ئۇ خۇددى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۇۋلاپ چىقتى. ئارىلاپ لۆڭگىنى قويۇۋېتىپ، قوللىرىنى جانسىز ھالدا بىر - بىرىگە سۈركەپ تۇرۇپ، ئاغرىق ئازابىدا پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرى بىلەن سىكارلىتقا قاراپ قوياتتى.

«ماڭا گەپ قىلىپ ئولتۇرۇڭ، گەپ قىلىپ ئولتۇرۇڭ!» دەيتتى ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ زەئىپ ئاۋازدا. سىكارلىت ئۇنىڭغا يەنە تولغاق تۇتۇپ ئۇيان - بۇيان ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىغۇچە ئازراق پاراڭ قىلىپ بېرەتتى.

ئۆي ئىچى گۇڭگا ھەم ئىسسىق، ئازابلىق نالە - پەرياد ۋە چىۋىنلەر بىلەن تولغان، ئەمما ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. سىكارلىت ھەتتا ئەتىگەنكى ئىشلارنىمۇ ئېسىگە ئالالماي قېلىۋاتاتتى، بۇ ئىسسىق، سۆرۈن، ئادەمنى تەرلىتىپ تۇرىدىغان جايدا بىر ئۆمۈر تۇرۇۋاتقاندەك بولاتتى. مىلانىيە تۇۋلاپ كەتكەندە ئۇنىڭمۇ تۇۋلىۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى، لېكىن يەنە لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىۋېلىپ ئاۋازىنى چىقارمايتتى.

بىر قېتىم ۋاد ئۇستىگە چىقىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا يىغلاپ كەتتى.

— قورسىقىم ئاچتى!

سىكارلىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە مېڭىۋىدى، مىلانىيە

بوش ئاۋازدا:

— چىقىپ كەتمەڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز بولمىسىڭىز چىدىيالمايدىكەنمەن، — دېدى.

سىكارلېت ئامالسىز، پىرىسسىينى ئۇنىڭغا ئۇماچتەك بىر نېمە قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى چۇشتىن كېيىن ئاغرىنغا گىياھ سالمىغاندى، كۆڭلىمۇ بىر نەرسە تارتمايتتى.

تام مەشىنىڭ ئۈستىدىكى سائەت توختاپ قالغاچقا، ھازىر قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. ئۆينىڭ ھاۋاسى سەل سالقىنلاشقا ۋە پەردىدىن چۈشۈۋاتقان يورۇقلۇق سۇسلىشىشقا باشلىغاندا، سىكارلېت پەردىنى قايرىپ كۆگۈم چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. قۇياش ئاللىبۇرۇن ئولتۇرغانىدى. نېمە سەۋەبتىنكىن، سىكارلېتقا ۋاقىت مەڭگۈ ئاشۇ ئىسسىق چۈش مەزگىلىدە توختاپ قالغاندەك بىلىندى.

سودا رايونى ھازىر قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ قوشۇن يۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىمۇ؟ سىكارلېت خىيالغا كەتتى، شىماللىق ئالۋاستىلار شەھەرگە كىرىپ بولغانمىدۇ؟ ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇرۇش قىلمايلا چېكىنگەندىمۇ؟ ئۇنىڭ خىيالى يەنە جەنۇبتىكىلەرنىڭ قوشۇن سانىنىڭ ئازلىقى، شىمالدىكىلەرنىڭ قوشۇنىنىڭ ھەم كۆپ، ھەم كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە كەتتى. شېرمان! ھەتتا ساتانىمۇ ئۇنىڭدەك قورقۇنچلۇق ئەمەستۇ! ئەمدى ئۇنىڭغا داۋاملىق ئويلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى، مېلانىيە سۇ دەپ توۋلىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە ھۆل لۆڭگە قويۇپ بېرىشكە، يەلپۈشكە، چىۋىنلارنى قوغلاپ تۇرۇشقا ئادەم كېرەك ئىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، پىرىسسىي خۇددى قارا ئەرۋاھقا ئوخشاش چىراغلارنى بىر دەمدىلا يېقىۋەتتى. مېلانىيە چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ ئورۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى ئېسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاشلىينىڭ ئىسمىنى توۋلاپ قوياتتى. ئادەمنى شۈركۈندۈرىدىغان بۇنداق ئاۋازنى ئاڭلىماسلىق

ئۆچۈن، سىكارلېتتىنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياستۇق بىلەن ئېتىۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. بەلكىم دوختۇر بۇ چاغقىچە ئۆيگە قايتىپمۇ كەلگەندۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يەنە ئۈمىد پەيدا بولدى، ئۇ پىرىسسىينى دوختۇر بولسا دوختۇرنى، دوختۇر بولمىسا مادي خانىمنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

— مادي دوختۇر بولمىسا، مادي خانىمدىن ياكى ئاشپەزدىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورا. ئەڭ ياخشىسى، ئۇلار ئۆزلىرى بىر كېلىپ كەتسۇن.

پىرىسسي شۇ ئانلا كەينىگە قايرىلىپ چوڭ يولغا قاراپ يۈگۈردى. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇنداق تېز يۈگۈرۈپ باققانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاچقا كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇزاقتىن كېيىن، پىرىسسي ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلدى.

— دوختۇر كەچكىچە قايتىپ كەلمەپتۇ، قوشۇن بىللە كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. سىكارلېت خانقىز، پىل تۇگەپتۇ.

— ئۆلۈپتىمۇ؟

— شۇنداق، خانىم، — پىرىسسي چوڭ بىر خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەندەك ئۆزىچە كۆرەڭلەپ قويدى، — ئۇلارنىڭ پەيتونچىسى تالبوت شۇنداق دېدى. ئۇ ئۇنىڭ ...

— بولدى، ئۇ گەپلەرنى قوي.

— مادي خانىمنى كۆرمىدىم، ئاشپەز خوتۇن مادي خانىمنى ئوغلىنىڭ جەسىتىنى چوقۇندۇرۇۋاتىدۇ، دېدى. شىمالىلىقلار يېتىپ كەلگۈچە يەرلىككە قويۇۋەتسە كېرەك. ئاشپەز خوتۇن، مېلانىيە خانىمنىڭ تولغىقى قاتتىق تۇتۇۋاتقان بولسا، كارىۋىتىنىڭ ئاستىغا پىچاق قويۇپ قويۇڭلار، ئاغرىقنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ، دەيدۇ.

سىكارلېت قىلچە قىممىتى يوق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا پىرىسسىينىڭ تەستىكىگە سالغۇدەك بولدى. شۇ ئارىلىقتا مېلانىيە ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، بوش ئاھاڭدا:

— سۆيۈملۈكۈم، شىماللىقلار كەلگۈدەكمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ياق، — دېدى سكارلېت كېسىپلا، — پىرىسسىي يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ.

— شۇ خانىم، يالغان گەپ قىلىپ قويدۇم، — پىرىسسىي دەررۇلا ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى.

— ئۇلار پات ئارىدا كېلىدۇ؟ — مېلانىيە ئۇلارنىڭ گېپىگە ئالدانمىدى. بېشىنى ياستۇق بىلەن يۆركىۋالدى، ئەمما ئاۋازىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى.

— بىچارە بالام! بىچارە بالام! — بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە گەپ قىلدى، — سكارلېت، سىز بۇ يەردە تۇرماڭ، ۋادىنى ئېلىپ دەررۇ كېتىڭ.

مېلانىيە دەل سكارلېتنىڭ ئويىدىكى گەپنى قىلغانىدى. ئەمما، مېلانىيەنىڭ ئاغزىدىن بۇنى ئاڭلاپ، خۇددى ئىچىدىكى قورقۇنچى چىرايىغا چىقىپ، ئۇنى مېلانىيە كۆرۈپ قالغاندەك بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى.

— يوق گەپنى قىلماڭ. مەن قىلچە قورقمىدىم. مېنىڭ يېنىڭىزدىن كەتمەيدىغانلىقىمنى بىلىسىز.

— كېتەمسىز، كەتمەمسىز، بەرىبىر ئوخشاش، مەن هامان ئۆلۈپ كېتىمەن، — ئۇ يەنە ئېسەدەشكە باشلىدى.

سكارلېت خۇددى يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورققان قېرى مومايلارغا ئوخشاش، پەلەمپەينىڭ رېشاتكىسىغا يۆلەنگەن هالدا ئاستا مېڭىپ پەسكە چۈشتى. پۇتلىرى چويۈن باغلاپ قويغاندەك شۇنچىلىك ئېغىر، ئۆزى هارغىن ئىدى، پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەر، ئەمما تىترەپ تۇراتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن تەستە چۈشۈپ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە ئولتۇرۇپ قالدى. پىنجىكنىڭ بىر تال تۈگمىسىنى يېشىۋەتتى. كېچە قاراڭغۇ، ئىللىق ئىدى. سكارلېت كېچە ئاسمىنىغا خۇددى پۈشۈلداپ تۇرغان كالىغا

ئوخشاش پەرۋاسىز قاراپ قويدى.

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى. مىلانىيە ئۆلمىدى. ئاسلاندەك مىياڭلاپ تۇرغان كىچىككىنە جان ئىگىسىنى پىرىسسىيى يۇيۇندۇرۇۋاتاتتى. مىلانىيە ئۇخلاپمۇ قالدى. شۇنچىلا قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى، ئۆزى قىلچە بىلمەي ياتقان تۇغۇتنىڭ بارلىق جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندۇ؟ ئۇ نېمىشقا ئۆلمىدى. ئەگەر ئۇ تارتقان ئازابلارنى سىكارلېت تارتقان بولسا چوقۇم ئۆلۈپ قالاتتى. مىلانىيە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، تېخى: «رەھمەت سىزگە !» دېگەن گەپنى قىلالىدى. ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ قانداق ئۇخلىيالىغاندۇ؟ سىكارلېت ئۆزىنىڭ ۋادنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى. كالىلىسى قۇرۇق، پۈتۈن دۇنيامۇ قۇرۇق. بەكمۇ ئۇزۇن سوزۇلۇپ كەتكەن مۇشۇ بىر كۈندىن ئىلگىرى ھاياتلىق بولۇپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم بولمايدۇ ... پەقەت ... چىداش مۇمكىن بولمايدىغان تىنچىق ئاخشام، ئۇنىڭ ئېغىر ـ ئېغىر ھارغىن تىنىقلىرى، بېشىدىن تارتىپ پۇتىغىچە ئېقىپ تۇرۇۋاتقان شىلىمشىق تەرلەرلا راست ھەم مەۋجۇت.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھارغىن تىنىقلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئېسەدەشكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ، ئەمما كۆزلىرى زادىلا ياش چىقمايدىغاندەك قۇرۇق ۋە ئوتلۇق. ئۇ ئورنىدىن تەستە قوزغىلىپ ئاستىغا باستۇرۇپ ئولتۇرغان كۆڭلىكىنى تىزىنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىرىۋەتتى، شۇندىلا سالقىن شامال پۇتۇن بەدىنىگە ئۆتۈپ ئۇنى راھەتلەندۈردى. ئۇنىڭ كارىدوردا كۆڭلىكىنى يوتىسىغىچە قايرىۋېتىپ، ھەتتا كۆسىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى پىتتىي ھاما كۆرگەن بولسا نېمە دەر بولغۇيدى. سىكارلېتنىڭ شۇ چاغدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن، باشقا ھەرقانداق ئىش بىلەن كارى بولمايتتى.

ۋاقىت ئۇنىڭغا بىر ئىزىدا توختاپ قالغاندەك بىلىنمەكتە. ھازىر گۇگۇم مەھەلدىن سەل ئۆتكەن ياكى يېرىم كېچە بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭ ۋاقىتنىڭ نەگە بارغانلىقى بىلەنمۇ كارى يوق.

— بىز ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىۋەتتۇق - ھە، سىكارلېت خانقىز. ئاپامۇ مۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ قىلالماس بولغىيدى دەيمەن.

سىكارلېت قاراڭغۇدا يوغان كۆزلىرىنى پىرىسسىيگە تىكتى، ئەمما چارچاپ كەتكەچكە ئۇنى ئەيىبلىمىدى، تىللىمىدى، سەۋەنلىكلىرى ئۇچۇن قايناپمۇ كەتمىدى. ئۇ پو ئاتقۇدەك ھېچنېمە قىلمىغان، ئەكسىچە قورقۇپ، پۇت - قوللىرى قولاشماي، جىددىي پەيتلەردە تەمتىرەپ، قايچىنى خاتا ئېلىپ بېرىپ، جاۋۇردىكى لىق سۇنى كارىۋاتقا تۆكۈۋېتىپ سىكارلېتنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى، ھەتتا بىر قېتىم بالىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىشكە قىل قالدى. ئەمدى ھازىر ئۆزىنى خۇددى ھەممە ئىشنى جايىدا قىلغاندەك ماختاپ پو ئېتىۋاتىدۇ.

شۇنىسى، شىماللىق ئالۋاستىلار ئۇلارنى ئازاد قىلماقچى، شۇڭا ئۇلار ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ.

سىكارلېت تۇۋۇرۇككە سىڭارىيان يۆلىنىپ ئولتۇرىۋەردى. پىرىسسىي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن سىكارلېتنىڭ تىنىقى ئورنىغا چۈشۈپ، يۈرىكىمۇ تىنچلىنىپ، ئەتراپتىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى. چوڭ يول تەرەپتىن رىتىمسىز كېتىۋاتقان قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەسكەرلەر! سىكارلېت ئاستا رۇسلىنىپ، قاراڭغۇدا ھېچكىم كۆرۈپ قالمىسىمۇ، كۆڭلىكىنى پەسكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئاز قالغان، قارا كۆلەڭگىلىرىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. شۇ ئارىلىقتا سىكارلېت ئۇلارغا قاراپ توۋلىدى:

— ھەي، توختاپ تۇرۇڭلار !
بىرسى تۇيتىن ئايرىلىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— سىلەر كەتمەكچىمۇ؟ بىزنى تاشلىۋېتىپ كارىڭلار يوقمۇ؟
— شۇنداق، خانىم، دەل شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بىز ئەڭ ئاخىرقى ئىستىھكاملىرىمىزنى تاشلاپ چېكىنىۋاتقانلار.
— سىلەر راستىلا ... قوشۇنلىرىمىز راستىلا چېكىنىۋاتامدۇ؟
— شۇنداق، خانىم. شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.
شىماللىق ئالۋاستىلار ھازىرلا يېتىپ كەلگۇدەك ! ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، بىردىنلا گېلى بوغۇلغاندەك بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تۇپىغا قايتىپ كەتتى. قالايمىقان ئاياغ ئاۋازلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قارىلىرى قاراڭغۇدا ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ يوقىلىپ كەتتى. «شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ ! شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ !» بۇ ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاياغ ئاۋازلىرىدىن كېلىۋاتقان، سىكارلېتنىڭ بىردىنلا سېلىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان سادا ئىدى. شىماللىق ئالۋاستىلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ !
— شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كەلگۇدەك، — تووۋلاپ كەتتى پىرىسسى ۋە تۇگۇلۇپ سىكارلېتنىڭ بىقىنىغا كىرىۋالدى، — سىكارلېت خانقىز، ئۇلار ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، پىچاق بىلەن قارنىمىزنى يېرىۋېتىدۇ. ئۇلار يەنە ...
— ئاغزىڭنى يۇم !
بۇ ئېغىزدا دېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئادەم ئىچىدە ئويلىسىمۇ قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچقۇدەك گەپ ئىدى. سىكارلېتنىڭ ئىچىگە يەنە قورقۇنچ چۈشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق چارە بىلەن بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلەيدۇ؟ كىمدىن ياردەم سورايدۇ؟ ھەممە دوستلىرىنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا بىر تىيىنلىق ياردىمى تەگمەيدۇ.
بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە رېت باتلېر كېلىپ يۈرىكى توختىغان، قورقۇنچىمۇ سەل بېسىلغان بولدى. ئەتىگەندىن بېرى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك يۈرۈپ نېمىشقا ئۇنى ئېسىگە ئالمىدى؟ ئۇ

ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئەمما ئۇ ئادەم كۆچلۈك. قولىدىن ئىش كېلىدۇ، شىماللىق ئالۋاستىلاردىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇ ھازىرمۇ شەھەردە. راست، ئۆتكەندە ئۇنىڭغا قاتتىق تەگكەن، ئۇمۇ ئۇنىڭغا كەچۈرگۈسىز گەپلەرنى قىلغان. ئەمما، ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۇ ئىشلارنى كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئېتى، پەيتونىمۇ بار. ئاھ، نېمىشقا ئۇنى بالدۇرراق ئېسىگە ئالمىدى. ئۇ ئۇلارنى شىماللىقلارغا چىقىلدۇرماي بۇ ئالۋاستى شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ، نەگە ئەكەتسە مەيلى.

ئۇ پىرىسسىپىگە يۈزلىنىپ ناھايىتى جىددىي تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا دېدى:

— سەن كاپىتان باتلېرنىڭ ئاتلانتا مېھمانخانىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، خانىم، بىراق ...

— ياخشى. ئەمدى سەن ئۇ يەرگە ھازىرلا بېرىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇنى بۇ يەرگە كېلىپ كەتسۇن دېگەنلىكىمنى دەيسەن. پەيتونىنى ياكى قۇتۇلدۇرۇش ھارۋىسىدىن بىرنى ھەيدەپ بۇ يەرگە كەلسۇن. مېلانىيەنىڭ يەڭگىگەنلىكىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيت! بىزنى شەھەردىن چىقىرىپ قويسۇن دەيدۇ، دېگىن. بولدى، چاپسان ماڭ! تېز بول!

سكارلېت رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، پىرىسسىپىنى ئالدىرىتىپ ئالدىغا ئىتتىردى.

— ۋاي خۇدايىم! سكارلېت خانىقىز، مەن قاراڭغۇدا مېڭىشتىن قورقىمەن. شىماللىق ئالۋاستىلار تۇتۇۋالسا قانداق قىلىمەن؟

— ئىتتىك ماڭساڭ بايا ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە يېتىشىۋالىسەن. ئۇلار سېنى شىماللىقلارغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. چاپسان بول.

— قورقىمەن، ئەگەر كاپىتان باتلېر مېھمانخانىدا بولماي قالسىچۇ؟

— نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرىسەن. سەندە شۇنچىلىكمۇ

— هەي، توختاپ تۇرۇڭلار !

بىرسى توپتىن ئايرىلىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىلەر كەتمەكچىمۇ؟ بىزنى تاشلىۋېتىپ كارىڭلار يوقمۇ؟

— شۇنداق، خانىم، دەل شۇنداق بولىۋاتىدۇ. بىز ئەڭ ئاخىرقى ئىستىھكاملىرىمىزنى تاشلاپ چېكىنىۋاتقانلار.

— سىلەر راستلا ... قوشۇنلىرىمىز راستلا چېكىنىۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، خانىم. شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.

شىماللىق ئالۋاستىلار ھازىرلا يېتىپ كەلگۈدەك ! ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، بىردىنلا گېلى بوغۇلغاندەك بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ توپىغا قايتىپ كەتتى. قالايمىقان ئاياغ ئاۋازلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قارىلىرى قاراڭغۇدا ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ يوقىلىپ كەتتى. «شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ ! شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ !» بۇ ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاياغ ئاۋازلىرىدىن كېلىۋاتقان، سكارلېتنىڭ بىردىنلا سېلىپ كېتىۋاتقان يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان سادا ئىدى. شىماللىق ئالۋاستىلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ !

— شىماللىقلار ھازىرلا يېتىپ كەلگۈدەك، — توۋلاپ كەتتى پىرىسسي ۋە تۇگۇلۇپ سكارلېتنىڭ بىقىنىغا كىرىۋالدى، — سكارلېت خانقىز، ئۇلار ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، پىچاق بىلەن قارنىمىزنى يېرىۋېتىدۇ. ئۇلار يەنە ...

— ئاغزىڭنى يۇم !

بۇ ئېغىزدا دېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئادەم ئىچىدە ئويلىسىمۇ قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچقۇدەك گەپ ئىدى. سكارلېتنىڭ ئىچىگە يەنە قورقۇنچ چۈشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق چارە بىلەن بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلەيدۇ؟ كىمدىن ياردەم سورايدۇ؟ ھەممە دوستلىرىنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا بىر تىيىنلىق ياردىمى تەگمەيدۇ.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە رېت باتلېر كېلىپ يۈرىكى توختىغان، قورقۇنچىمۇ سەل بېسىلغان بولدى. ئەتىگەندىن بېرى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك يۈرۈپ نېمىشقا ئۇنى ئېسىگە ئالمىدى؟ ئۇ

ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئەمما ئۇ ئادەم كۈچلۈك، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، شىماللىق ئالۋاستىلاردىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇ هازىرمۇ شەھەردە. راست، ئۆتكەندە ئۇنىڭغا قاتتىق تەگكەن، ئۇمۇ ئۇنىڭغا كەچۈرگۈسىز گەپلەرنى قىلغان. ئەمما، هازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۇ ئىشلارنى كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئېتى، پەيتونىمۇ بار. ئاھ، نېمىشقا ئۇنى بالدۇرراق ئېسىگە ئالمىدى. ئۇ ئۇلارنى شىماللىقلارغا چېقىلدۇرماي بۇ ئالۋاستى شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدۇ، نەگە ئەكەتسە مەيلى.

ئۇ پىرىسسىيىگە يۈزلىنىپ ناھايىتى جىددىي تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا دېدى:

— سەن كاپىتان باتلېرنىڭ ئاتلانتا مېھمانخانىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، خانىم، بىراق ...

— ياخشى. ئەمدى سەن ئۇ يەرگە هازىرلا بېرىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۇنى بۇ يەرگە كېلىپ كەتسۇن دېگەنلىكىمنى دەيسەن. پەيتونىنى ياكى قۇتۇلدۇرۇش هارۋىسىدىن بىرىنى هەيدەپ بۇ يەرگە كەلسۇن. مېلانىيەنىڭ يەڭگەنلىكىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيت! بىزنى شەھەردىن چىقىرىپ قويسۇن دەيدۇ، دېگىن. بولدى، چاپسان ماڭ! تېز بول!

سكارلېت رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ، پىرىسسىيىنى ئالدىرىتىپ ئالدىغا ئىتتىردى.

— ۋاي خۇدايىم! سكارلېت خانىم، مەن قاراڭغۇدا مېڭىشتىن قورقىمەن. شىماللىق ئالۋاستىلار تۇتۇۋالسا قانداق قىلىمەن؟

— ئىتتىك ماڭساڭ بايا ئۆتۈپ كەتكەنلەرگە يېتىشىۋالىسەن. ئۇلار سېنى شىماللىقلارغا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. چاپسان بول.

— قورقىمەن، ئەگەر كاپىتان باتلېر مېھمانخانىدا بولماي قالسىچۇ؟

— نەگە كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرىسەن. سەندە شۇنچىلىكمۇ

جۇرئەت يوقمۇ؟ مېھمانخانىدا بولماي قالسا، دېكاتۇر كوچىسىغا بېرىپ بىللى ۋاتلىنىنىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپ باق! بارىدىغانلا يەر بولسا بار. سەن ئىپلاس، كۆرمەيۋاتامسەن، ئەگەر ئۇنى تېز تاپمايدىغان بولساق شىماللىق ئالۋاستىلار ھەممىمىزنى تۇتۇپ كېتىدۇ.

— سكارلېت خانقىز، ئاپام مېنىڭ مېھمانخانىغا ياكى بىرەر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۆيىگە بارغانلىقىمنى ئاڭلاپ قالسا، كېۋەزنىڭ غولى بىلەن ساۋاشتىن يانمايدۇ.

سكارلېت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەگەر بارمايدىغان بولساڭ مەندىن ئۆلگۈدەك تاياق يەيسەن. تالادا تۇرۇپ ئۇنى تۇۋلىمامسەن، شۇمۇ قولۇڭدىن كەلمەمدۇ؟ باشقىلاردىن ئۇنىڭ ئۇ يەردە بار - يوقلۇقىنى سورىساڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ. چاپسان ماڭ!

پىرىسسى ماڭماي پۇتى بىلەن يەرنى چىجاپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرىۋەردى. سكارلېتنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ كۇچەپ بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇ پەلەمپەيدىن دوملاپ كەتكىلى تاس قالدى.

— ماڭساڭ ماڭ، بولمىسا سېنى، ئاپاڭنىمۇ، تونۇش ئادەملىرىڭنىمۇ مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان يىراق بىر يەرگە سېتىۋېتىمەن، ئېتىزلىقتا ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغان يەرگە سېتىۋېتىمەن. چاپسان بول دەيمەن!

— ۋاي خۇدايىم، سكارلېت خانقىز ...

غوجايىنىنىڭ بۇ خىل رەھىمسىزلىكى ئاخىر پىرىسسىينى مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى. دەرۋازىنىڭ غىچ قىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلانغاندا سكارلېت يەنە ۋارقىرىدى:

— چاپسان يۈگۈر، ھۇرۇن ئېشەك!

ئۇ پىرىسسىينىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ ئاۋاز پاتقاق يولدا ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كەتتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

پىرىسسىي كەتكەندىن كېيىن، سىكارلېت ئۆيگە كىرىپ چىراغ ياقتى. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى پۈتۈن ئىسسىق سولىنىپ قالغاندەك چىدىغۇسىز ئىسسىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ خاراموشلۇقى ئاستا - ئاستا يوقىلىپ قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى بىلدى. تۈنۈگۈن ئاخشامدىن هازىرغىچە بىر چۆمۈچ ئوماچ ئىچكەندىن باشقا هېچنېمە يېمىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىراغنى كۆتۈرۈپ ئاشخانىغا كىردى. ئوچاقنىڭ ئوتلىرى ئۆچۈپ بولغانىدى. قازاندا يېرىم قوناق پوشكىلى تۇراتتى. ئۇنى ئېلىپ يوغان - يوغان چىشلەپ يېيىشكە باشلىدى. يەنە يېرىم چىنە ئوماچمۇ بار ئىكەن، ئۇنى تەخسىگە تۆكۈشكىمۇ ئۇلگۇرمەي، تۇز سېلىشقىمۇ كۆتمەي قوشۇق بىلەن ئىچىپ كەتتى. ئۇنى ئىچىپ بولۇپ ئاشخانىنىڭ ئىسسىقىغا چىدىماي، قوناق پوشكىلىنى ئېلىپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇستىگە چىقىپ مېلانىيەنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش كېرەك ئىدى، ئۇنىڭغا بىر نېمە بولغان بولسىمۇ چاقىرىشقا ماغدۇرى يەتمەيتتى. لېكىن، سىكارلېت قاباهەتلىك چۈشكە ئوخشاش ئۆتكەن بىرقانچە سائەت ۋاقىتنى ئاشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئۇ ئۆيدىن شۇنچىلىك بىزار ئىدى. مېلانىيە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسىمۇ ئۇ ئۆيگە قايتا كىرىشنى خالىمايتتى. بولسا ئۇ ئۆينى مەڭگۈ كۆزى كۆرمىسە. ئۇ چىراغنى دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە قويۇپ كارىدورغا چىقىپ كەتتى. كېچىنىڭ هاۋاسى يەنىلا تىنچىق بولسىمۇ، بۇ يەر ئۆينىڭ ئىچىگە قارىغاندا سالقىنراق ئىدى. ئۇ پەلەمپەينىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ قوناق پوشكىلىنى ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

پوشكالىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ سەل ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولدى، ئەمما پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يەنە قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. يىراقتىن قالايمىقان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتاتتى، نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئالدىغا ئېغىشىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. جىددىيلىشىپ تۇرغاچقا بەللىرى تىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇگۈنكىدەك تەقەززا بولۇپ باقمىغانىدى: ئاتىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا، رىت باتلىرنىڭ پەرۋاسىز كىرىپ، ئۆزىنىڭ قورقۇپ تۇرغان مۇشۇ ھالىتىنى مەسخىرە قىلىشىغا تەقەززا ئىدى. شۇ ئەسنادا دەرەخلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىنى كۆردى، ئۇ ئوت ئاسماننىڭ يېرىمىنى قاپلىغانىدى. سىكارلېت چۆچۈپ كەتتى، يۈرىكى تارتىشىپ قاتتىق سېلىشقا باشلىدى.

شىماللىقلار يېتىپ كەپتۇ! ئۇ يەردە شەھەرنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ ئوت شەھەر مەركىزىگە ئانچە يىراق ئەمەس بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ. بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتىدۇ. سىكارلېتنىڭ قورقۇپ جېنى چىقتى. چوقۇم پۈتۈن بىر كوچا كۆيۈۋاتقان گەپ. ئۇ تەرەپتىن ئۇرغان شامال ئوق ـ دورىنىڭ ھىدىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇردى.

سىكارلېت يۈگۈرۈپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ، پۈتۈن ئەھۋالنى تولۇق كۆرۈش ئۈچۈن دېرىزىدىن بېلىگىچە چىقىپ قارىدى. ئاسمان قورقۇنچلۇق قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئوتنىڭ ئۈستىدە قاپقارا ئىس ـ تۈتەك تۈرۈلۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى، كۆيۈكنىڭ پۇرىقى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتاتتى. سىكارلېت قاتتىق جىددىيلىشىپ، بىر تۈرۈپ ئوت مۇشۇنداق كۆيۈۋېرىدىغان بولسا، بىزنىڭ بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كېلىپ، ئۆيلىرىمىز كۆيۈپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلىسا، تۈرۈپ يەنە، شىماللىقلار ماڭا ئېتىلىپ كەلسە نەگە قاچىمەن، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرىمەن، دەپ ئويلىدى. خۇددى دوزاختىكى بارلىق ئالۋاستىلار ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ

تۇۋلاۋاتقانلىقىنى قاتتىق قورقۇپ، سارامسىمگە چۈشۈپ، دىرىدىزىنىڭ تەكچىسىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، بولمىسا يىقىلىپ كەتكەن بولاتتى.

«ياخشىراق ئويلىناي، — سىكارلىت توختىماي ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردى، — چوقۇم ئوبدان ئويلىنىشىم كېرەك.»

لېكىن، سىكارلېتنىڭ پىكىرلىرى ئۇنىڭدىن قېچىپ، خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن قۇشقا ئوخشاش ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە تۇتۇق بەرمەي ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئاڭلىغان زەمبىرەك ئاۋازلىرىدىن نەچچە ھەسسە قاتتىق بىر گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئاسمان يېرىلىپ كەتكەندەك بولدى• پارتلاش ئاۋازى ئارقا - ئارقىدىن ئاڭلاندى. زېمىن زىلزىلىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىكى ئەينەك چۇل - چۇل بولۇپ ئەتراپقا چېچىلىپ كەتتى.

قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان پارتلاشلار توختىماي ئاڭلىناتتى. دۇنيا شاۋقۇنلۇق، ئوت لاۋۇلداپ تۇرىدىغان دوزاخقا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى. سىكارلېت يان ئۆيدىن جانسىز بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدى، لېكىن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ ھازىر مېلانىيەگە قارايدىغان ۋاقتى يوق ئىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇددى ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش شۇنداق تېز سۈرئەتتە قاپلاپ كېتىۋاتقان ۋەھىمىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئويلايدىغانغا رەۋىتىمۇ يوق ئىدى، قورقۇپ كېتىپ ئانىسىنىڭ قوينىغا بېشىنى تىقىۋالغان بالىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆيدە، ئاپىسىنىڭ قېشىدا بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى.

سىكارلېت ئاشۇ ۋەھىمىلىك ئاۋازلارنىڭ ئىچىدىن ئۈچ باسقۇچنى بىر ئاتلاپ چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ۋە يەنە ئادىشىپ قالغان چوشقىدەك چىرقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. بىر چاغدا پىرىسسىي ئۆيگە كىرىپ سىكارلېتقا ئۆزىنى ئاتتى - دە، بىلىكىنى ئامبۇردەك مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— شىماللىق ئالۋاستىلار ... — سىكارلېت ئاۋۋال تۇۋلاپ

كەتتى.

— ياق، خانىم، ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى، — پىرىسسىي ئۆپكىسىنى باسالماي تولاپ كەتتى. تىرناقلىرى سىكارلېتنىڭ گۆشىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى، — ئۇلار تۆمۈر زاۋۇتى بىلەن ماددىي ئەشيالار پونكىتىنى، ئىسكىلاتلارنى پارتلىتىۋېتىپتۇ. يەنچۇ، سىكارلېت خانىم، يەتمىش هارۋا كەلگۈدەك زەمبىرەك ئوقلىرى بىلەن ئوق - دورىنىمۇ پارتلىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ئوتنىڭ ئۇلۇغلۇقىدا بىزمۇ كۆيۈپ كەتكۈدەكمىز.

پىرىسسىي يەنە چىرقىراپ، سىكارلېتنىڭ بىلىكىنى تېخىمۇ مەهكەم تۇتۇۋالدى. سىكارلېتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ يىغلىغۇدەك بولدى. ئاخىر ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ چۇشۇرۇۋەتتى.

دېمەك، شىماللىقلار تېخى يېتىپ كەلمەپتۇ. قاچسا هېلىمۇ ئۇلگۈرىدىكەن! شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېچىلىپ بوشاپ كەتكەن پۈتۈن كۈچىنى بەدىنىگە يەنە يىغدى.

«ئەگەر ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمايدىغان بولسام، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — بىر يېرى كۆيۈپ قالغان ئاسلانغا ئوخشاش ئاللا - تووۋا كۆتۈرۈپ ئۆينى بېشىمغا كىيىشىم مۇمكىن.» پىرىسسىينىڭ قورقۇپ تۇرغان بىچارە قىياپىتىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

— ئۇ ئىشلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېدى ئۇ پىرىسسىينىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سىلكىپ، — ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى. هەي كالۋا، شىماللىق ئالۋاستىلار تېخى كەلمەپتۇ. كاپىتان باتلېرنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ نېمە بولدى؟ كېلەلەمدىكەن؟

پىرىسسىي ئەنسىز تولاشتىن توختىدى، ئەمما چىشلىرى كاسىلداپ تۇراتتى.

— شۇنداق، خانىم، ئۇياقنى كېيىن تاپتىم، سىز دېگەندەك بىر قاۋاقخانىدا ئىكەن. ئۇ ...

— نەدىن تاپقىنىڭنى قويۇپ، ئۇ كېلىدىغان بولدىمۇ، شۇنى

دېگىنە. ئۇنىڭغا ئات ئېلىپ بېرىڭ، دېدىڭمۇ.

— نېمە، ۋاي خۇدايىمەي!

— ئەمما ئۇ كېلىدىغان بولدى...

— ئۇ نېمە دېدى؟

پىرىسسې ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ كېكەچلىمىدى، ئەمما كۆزلىرىنىڭ قارىسى توختىماي چۆرگۈلەپ تۇراتتى.

— مۇنداق گەپ، خانىم. مەن سىز دېگەندەك، ئۇ ئادەمنى قاۋاقخانىدىن تاپتىم. تالادا تۇرۇپ تۇۋلىغانىدىم، چىقتى. ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ كەتتى. گېپىمنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشۇمغا، ئەسكەرلەر كوچىنىڭ بېشىدىكى بىر دۇكاننى چۇۋۇپ ئوت•قويۇۋەتتى. ئۇ، كېلىمەن، دېدى. مەندىن، نېمە ئىش بولدى؟ دەپ سورىدى. مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزنى دەپ، ئۇنى تېزرەك بارسىڭىز، ئات بىلەن پەيتونىڭىزنى ئالغاچ بېرىڭ. مېلانىيە خانىم تۇغدى. سكارلېت خانقىز بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىراپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېدىم. ئۇ، خانقىز نەگە بارىدىكەن؟ دەپ سورىدى. مەن، ئۇقمايمەن، ئەپەندى. ئەمما، چوقۇم بارمىسىڭىز بولمايدۇ. شىماللىق ئالۋاستىلار كەلگۈدەك، شۇڭا سىزنى بىزنى ئاپىرىپ قويسۇن دەيدۇ، دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ ئېتىنى ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى دېدى.

سكارلېت ئۆيگە پاتتى، ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ يوققا چىققانىدى. نېمىدېگەن ئەخمەق ئۇ، قوشۇن چېكىنىدىغان چاغدا بارلىق ئۇلاغلار بىلەن پەيتون - ھارۋىلارنىمۇ ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىدى؟ ئۇنىڭ قورقۇنچلۇقتا ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، پىرىسسىنىڭ يەنە نېمە دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىمىدى. ئەمما تېزلا ئېسىنى يىغىپ ئۇنىڭ قالغان گېپىگە قۇلاق سالدى.

— كېيىن ئۇ، سكارلېت خانقىزغا ئېيت، خاتىرجەم بولسۇن، قوشۇننىڭ ئاخىرقى بىر ئېتى قالغان بولسىمۇ ئوغرىلاپ ئېلىپ بارىمەن، دېدى. ئۇ يەنە، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مەن ئات ئوغرىلاپ باققان. جىنىمدىن ئايرىلساممۇ ئۇنىڭغا بىر ئات

تېپىپ بېرىمەن، دېدى. ئاخىرىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، چاپسان ئۆيگە كەت، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرسام، گۇم قىلىپ قالدى، قورقۇپ جىنىم چىقتى. ئۇ، ھېچگەپ يوق، ئۆزىمىزنىڭكىلەر ئوق - دورىلارنى شىماللىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ پارتلىتىۋاتىدۇ، دېدى. يەنە ...

— ئۇ كېلىدىغان بولدىمۇ؟ ئات تېپىپ كېلەمدىكەن؟

— ئۇ شۇنداق دېدى.

سكارلېت چوڭقۇر بىر تىنىپ، ئۆزىنى خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. تاپقىلى بولىدىغانلا بولسا رېت باتلېر ئاتنى تاپماي قويمايدۇ. ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم. ئۇ ئۇلارنى بۇ قالايمىقانچىلىقلار ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ كېتەلەيدىغانلا بولسا، ئۇ ئۇنىڭ ھەممە سەۋەنلىكىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. باتلېر بىلەن بىللىلا بولىدىكەن، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. باتلېر ئۇلارنى قوغدايدۇ. خۇدا، بىزگە رېتنى يەتكۈزگىنىڭگە مىڭ مەرتەم رەھمەت. سكارلېت ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ئويلاپ، ئىشلارغا خېلى ئەمەلىي قارايدىغان بولدى.

— ۋادنى ئويغىتىپ كىيىملىرىنى كىيدۈر، ئاندىن كىيىدىغان كىيىملەرنى بىر نەرسىگە ئوراپ چامادانغا سال. مېلانىيەگە ماڭىدىغان بولغىنىمىزنى ئېيتماي تۇر، ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس. ئەمما، ئىككى دانە قېلىن لۆڭگىگە بوۋاقنى ياخشى ئورا، مېلانىيەنىڭ كىيىملىرىنىمۇ چامادانغا سال.

پىرىسسى تېخىچە ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە ئېسىلىۋېلىپ قويۇپ بەرمەيۋاتاتتى، كۆزلىرى ئالىيىپ قالغان، چىرايىدا قىلچە ئىپادە يوق ئىدى. سكارلېت ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلدى.

— چاپسان ماڭ ! — ۋارقىرىدى ئۇ. شۇندىلا پىرىسسى خۇددى توشقانغا ئوخشاش ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

سكارلېت مېلانىيەنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى

ياساپ قويۇشنى ئويلىدى. بەلكىم ئۇمۇ بايىقى پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغان، پۈتۈن ئاسماننى قاپلىغان ئوت يالقۇنلىرىنى كۆرگەن بولسا قورقۇپ جېنى چىققاندۇ. دېمىسىمۇ ئۇ قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشىغۇ.

لېكىن، ئۇ يەنە ئۇنىڭ قېشىغا ھازىرلا كىرىشنى ئويلىمىدى، پەسكە چۈشۈپ پىتتىي ھامما ماكونغا ماڭغاندا قالدۇرۇپ كەتكەن چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرماقچى بولدى. لېكىن، تاماق يەيدىغان ئۆيگە كىرگەندە قوللىرى تىترەپ كېتىپ، قولىغا ئالغان ئۈچ دانە تەخسە چۈشۈپ كېتىپ چېقىلىپ كەتتى. ئۇ كارىدورغا چىقىپ سىرتتىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى، ئاندىن قايتىپ كىرىپ كۈمۈش قاچىلارنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. نېمىشقىكىن، قولى نېمىگىلا تەگسە شۇ نەرسە يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ ئىتتىك كېتىۋېتىپ گىلەمگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. بىر يېرى ئاغرىمىغاچقا يەنە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۈستىدە پىرىسسىينىڭ خۇددى ياۋايى ھايۋاندەك ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈشلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆينىڭ ئىچىدە مەقسەتسىز يۈگۈرۈپ يۈرۈۋاتاتتى.

ئۇ كارىدورغا ئون نەچچە قېتىم چىقىپ كىردى، كېيىن نەتىجىسى چىقمايدىغان ئۇ ئىشنى تاشلاپ، ئۆيگە قايتا كىرمەي كارىدوردىلا ئولتۇردى. ئازراق بىر نەرسىنى يىغىشتۇرۇش نېمىدېگەن قىيىن ـ ھە. رېت باتلېرنىڭ يولىغا تەقەززا بولۇپ ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا، ھېچقانداق ئىشقا قولى بارمايدىغان گەپ ـ دە. ئەمما، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر يوق. بىر چاغدا يىراق بىر يەردىن مايسىراپ كەتكەن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىمۇ باردەك قىلاتتى. ئۇ نېمىشقا ئىتتىكرەك ماڭمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئاتنى قامچىلاپ ئىتتىك چاپتۇرمايدىغاندۇ؟

ئۇ ئاۋازلار ئاخىر ئېنىق ئاڭلاندى، سىكارلېت ئورنىدىن

تۇرۇپلا رېت باتلېرنىڭ ئىسمىنى تۇۋلىدى. ئارقىدىن ئۇنىڭ بىر يۈك ھارۋىسىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. دەرۋازا غىچ قىلىپ ئېچىلىپ ئۇ ھويلىغا كىرىپمۇ كەلدى. چىراغنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاندىن سكارلېت ئۇنى ئېنىق كۆردى. ئۇ خۇددى تانسىغا بارىدىغاندەك چىرايلىق كىيىنىۋاپتۇ. ئاق كاناپتىن تىكىلگەن چاپىنى بىلەن ئىشتىنى قېتىپ تۇرۇپتۇ. چۆرىسىگە ئىشلەنگەن كۈل رەڭ پىنجىكى، مەيدىسىگە ئازراق گۈل چىقىرىلغان ئاپپاق كۆڭلىكىمۇ ئۆزىگە شۇنداق ياراشقان. كەڭ قىرلىق پاناما شلەپىسىنى بېشىغا سەل سىڭارىيان قوندۇرۇۋاپتۇ، كەمىرىگە دەستىسى پىل چىشىدىن قىلىنغان ئىككى دانە دۇئېل تاپانچىسى قىستۇرۇقلۇق، چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىدا لىق ئوق.

ئۇ خۇددى ياۋايى ئادەملەردەك چوڭ ـ چوڭ چامداپ ناھايىتى چەبدەس مېڭىپ كەلدى، خۇددى دېڭىزلارنىڭ شاھزادىسىدەك تەكەببۇر ھەم سەل گىدىيىۋالغانىدى. سكارلېتنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغان قاراڭغۇلۇق خۇددى ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان دورىغا ئوخشاش ئۇنى تېخىمۇ تېتىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. چىرايىدىن زورىغا يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل رەھىمسىزلىك بىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەگەر سكارلېتنىڭ كاللىسى سەگەك بولىدىغان بولسا، بۇنى سېزىپ قورقۇپ ئېسىدىن كەتكەنمۇ بولاتتى.

خۇددى كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلار بىر ئويۇندەك، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان پارتلاشلار، قورقۇنچلۇق ئوت يالقۇنلىرى گويا كىچىك بالىنى قورقۇتۇپ ئويناش ئۈچۈن قىلىنغان ئىشلاردەك، رېت باتلېرنىڭ چىرايى خاتىرجەم، قاش ـ كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىققاندا سكارلېت ئاران مېڭىپ ئالدىغا كەلدى، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى، بىر جۈپ كۆك كۆزلىرى ئوت چاچراپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— خەيرلىك كەچ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپ، ئارقىدىنلا ئىتتىك بېشىدىن شلەپىسىنى ئالدى، — بۈگۈنكى ھاۋا شۇنداق

ياخشى. سىزنى ساياھەتكە چىقماقچى بوپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

— يەنە شۇنداق چاقچاق قىلىدىغان بولسىڭىز، مەڭگۈ چىرايىڭىزغا قارىمايمەن، — دېدى سىكارلېت تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— سىزنىڭ راستلا قورقۇپ كەتكەن بولۇشىڭىز ناتايىن، — ئۇ خۇددى ھەيران قالغاندەك قىياپەتتە كۈلۈپ قويدى. سىكارلېتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى پەلەمپەيدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى.

— راست، قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۆلگۈدەك قورقتۇم. ئەگەر خۇدا سىزگىمۇ ئۆچكىنىڭ خۇلقىنى بەرگەن بولسا، سىزمۇ ئوخشاشلا قورققان بولاتتىڭىز. ھازىر سىز بىلەن قۇرۇق پاراڭ قىلىدىغانغا ۋاقىت يوق، بۇ يەردىن دەررۇ كەتمىسەك بولمايدۇ.

— خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، خانىم. نەگە بېرىشنى ئويلاۋاتىسىز؟ سىلەرنى نەگە بارىدىكىن، ئاڭلاپ باقاي دېگەن قىزىقىش بىلەن كەلدىم. سىلەر شىمال تەرەپكىمۇ، غەرب، شەرق، جەنۇب تەرەپكىمۇ بارالمايسىلەر. ھەممە تەرەپنى شىماللىقلار ئىگىلەپ بولدى. شەھەردىن چىقىدىغان بىرلا يول شىماللىقلارنىڭ قولىدا ئەمەس، بىزنىڭ قوشۇنىمىز شۇ يول بىلەن چېكىنىۋاتىدۇ. ئەمما، بۇ يولمۇ ئۇزاققا قالماي توسۇلىدۇ. گېنېرال ستېۋېي لي رافلېدتا مۇشۇ يولنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىدۇ، قوشۇن چېكىنىپ بولغاندىن كېيىن بۇ يولمۇ توگەيدۇ. ئەگەر قوشۇننىڭ كەينىدىن مېدونو تاشيولى بىلەن ماڭسىڭىز ئۇلار ئېتىڭىزنى تارتىۋالىدۇ. بۇ ئات دېگەندەك بولمىسىمۇ، ئاران تەستە ئوغرىلاپ كەلدىم. سىز زادى نەگە بارماقچى؟

سىكارلېت پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشقان ھالدا گەپكە قۇلاق سېلىۋاتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقماي تۇرۇۋاتاتتى. ئاخىرقى سوئال بىلەن بىردىنلا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئېچىنىشلىق بۇ بىر كۈن ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى ئاللىبۇرۇن

ئويلاپ قويغانىدى، ئۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر بارىدىغان يېرى ئىدى.

— ئۆيگە كېتىمەن، — دېدى ئۇ.

— ئۆيگە؟ تاراغا دېمەكچىمۇ سىز؟

— شۇنداق، شۇنداق، تاراغا قايتىپ كېتىمەن، ئاھ، رېت، چاپسانراق ماڭايلىچۇ.

باتلېر ئۇنىڭغا خۇددى ئۇ تېرۋىسىدىن ئاداشقاندەك قاراپ كەتتى.

— تارا؟ ۋاي خۇدايىم، سكارلېت! سىز ئۇلارنىڭ جونېسبورودا قاتتىق ئېلىشىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسىز؟ هازىر ئۇلار روگ - دادونىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئون ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان تاشيولنى تالىشىپ قان بولۇپ كېتىشىۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇلار جونېسبورونىڭ كوچىلىرىغا چىقىپمۇ ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. بۇ چاغقىچە شىماللىقلار تارانى، پۈتۈن ناھىيەنى بېسىپ بولغاندۇ. هازىر ئۇلارنىڭ نەگە يېتىپ بارغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، شۇ ئەتراپتا دەپلا ئاڭلايمىز. شۇڭا، ئۆيگە قايتىسىڭىز بولمايدۇ. شىماللىقلارنىڭ قوشۇنلىرى تۇرۇۋاتقان يەردىن چىقىپ كېتەلمەيسىز.

— چوقۇم قايتىپ كېتىمەن! — توۋلاپ كەتتى سكارلېت، — چوقۇم قايتىمەن! قايتىمەن دېدىم قايتىمەن!

— ھەي ئەخمەق، — ئۇنىڭ ئاۋازى جىددىي ھەم قوپاللىراق چىقىپ كەتتى، — ئۇ يول بىلەن ماڭسىڭىز بولمايدۇ. شىماللىقلار ئۇچرىمىدى دېگەن بىلەمسىز، ئورماندا ئىككى تەرەپنىڭ قاچقۇنلىرى پىتىراپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تەرەپنىڭ قوشۇنى جونېسبورودىن توختىماي چېكىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارمۇ شىماللىقلارغا ئوخشاش ئېتىڭىزنى كۆرسىلا تارتىۋالىدۇ. بىردىنبىر يول، قوشۇننىڭ كەينىدىن مىدونوگ تاشيولى بىلەن مېڭىش، قاراڭغۇدا ئۇلار سىزنى كۆرمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما تاراغا بارسىڭىز بولمايدۇ. ئۇ يەرگە بارغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار تارانى ئاللىبۇرۇن كۆيدۈرۈپ كۈلگە

ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە باردۇرمايمەن، ئۇ يەرگە بېرىش ئەخمەقلىق.

— چوقۇم قايتىپ كېتىمەن، — ۋارقىراپ كەتتى سىكارلېت. ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى، — چوقۇم كېتىمەن! مېنى توسۇۋالالمايسىز! قايتىپ كېتىمەن! ماڭا ئاپام كېرەك! مېنى توسۇيدىغان بولسىڭىز، سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! چوقۇم كېتىمەن!

قورقۇنچ ۋە ئەسەبىيلىكتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ توختىماي ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىت جىددىيچىلىك ئىچىدە ياشىغاچقا ئەمدى تاقەت قىلالماي، مۇشتلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ، توختىماي چىرقىرايتتى:

— كېتىمەن! كېتىمەن! پىيادە مېڭىپ بولسىمۇ كېتىمەن!

باتلېر ئۇنى بىردىنلا قۇچاقلىۋالدى. سىكارلېتنىڭ ياش بىلەن ھۆللەنگەن يۈزى ئۇنىڭ دەزماللانغان كۆڭلىكىگە چاپلىشىپ تۇراتتى، مۇشتلىرىمۇ ئۇنىڭ مەيدىسىدە جىمجىت تۇرۇپ قالدى. باتلېر ئۇنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن بوش سىلايتتى، ئاۋازىمۇ يېقىملىق، مۇلايىم، بوش، قىلچە مەسخىرە ئىپادىسى يوق ئىدى، خۇددى رېت باتلېرنىڭ ئاۋازىدەك ئەمەس، باشقا بىر قۇۋۋەتلىك، مېھرىبان، ناتونۇش بىر ئادەمنىڭكىگە ئوخشايتتى. بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ بەدىنىدىن ۋىسكىنىڭ، ئوت - چۆپ ۋە ئات تەرىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. بۇ پۇراق سىكارلېتقا دادىسىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.

— بولدى، بولدى، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن، — يىغلىماڭ، قايتىپ كېتىڭ، باتۇر قىزچىقىم، چوقۇم قايتىپ كېتەلەيسىز. يىغلىماڭ.

سىكارلېت قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ چاچلىرىغا تېگىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ۋۇجۇدى سەل غىدىقلانغاندەك بولدى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ لەۋلىرى ئىكەنلىكىنى سەزگەندەكمۇ قىلدى. رېت باتلېر ئۇنى چەكسىز سۆيۈندۈرۈپ شۇنچىلىك

مېھرىبانلىق قىلىۋاتاتتى، ھەتتا سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭ قوينىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي كەتتى. ئۇ ئۇنى كۆچلۈك بىلەكلىرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلاپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇنىڭدا قورقۇنچتىن ھېچنەرسە قالمىغانىدى.

باتلېر يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياشنى سۈرتۈۋەتتى.

— مەڭ، بۇرنىڭىزنى سۈرتۈڭ، — دېدى رېت قول ياغلىقىنى بېرىپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. كۆزلىرىدە ئازراق كۈلكە پەيدا بولغاندەك قىلدى، — قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقىنىڭىزنى ئېيتىڭ، تېز بولمىساق بولمايدۇ.

سىكارلېت ئىتائەتمەنلىك بىلەن قول ياغلىقىنى ئېلىپ بۇرنىنى سۈرتتى. ئۇ تېخىچە تىترەپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا نېمە ئىش تاپشۇرۇشنى بىلمەيتتى. رېت باتلېر ئۇنىڭ گەپكە ئاغزىنى ئۆمەللىسىمۇ، لېكىن گەپ قىلالماي ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىلا گەپ باشلىدى.

— ۋىلكېس خانىم يەڭگىپ بولدىمۇ؟ ئۇنى ھازىر مىدىرلىتىشقا بولمايدۇ. ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭساق، يىگىرمە نەچچە ئىنگلىز مىلى يولدا چايقىلىپ خەتەرلىك ئەھۋال چىقىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئۇ مادى خانىم بىلەن مۇشۇيەردە قېلىپ قالسۇن.

— مادى خانىم ھازىر ئۆيدە يوق. ئۇنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويسام بولمايدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۇنى ئاچىقىپ ھارۋىغا سالايلى. ھېلىقى ساراڭ قېتىش كىچىك جالىپىڭىز قېنى؟

— ئۇستىدە چامادانلارنى رەتلەۋاتىدۇ.

— چامادانلارنى؟ ھارۋىغا چامادان سالغىلى بولمايدۇ. ھارۋىنىڭ ئىچى كىچىك، مۇشۇ بىر نەچچىڭلار پاتسائىڭلار چوڭ گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە چاقىمۇ ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىڭ، ئۆيدىكى ئەڭ كىچىك كارىۋات كۆرپىسىنى

ئاچىقىپ هارۋىغا سالسۇن.

سىكارلېت مىدىر قىلماي تۇرىۋەردى. باتلېر ئۇنىڭ بىلىكىنى هېلىمۇ چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ قوللىرىدىكى بىر قىسىم كۈچ ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتى. مەنمۇ مۇشۇ ئادەمگە ئوخشاش سوغۇققان، پەرۋاسىز بولغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى، ئويلىدى ئۇ. باتلېر ئۇنى ئىتتىرىپ دېگۈدەك ئىچكىرىگە كىرگۈزدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

— ماڭا خۇدادىنمۇ، ئادەملەردىنمۇ قورقمايمەن دەپ يوغان گەپ قىلغان قەهرىمان قىز سىزمۇ؟ — دېدى باتلېر ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك تەلەپپۇزدا. ئارقىدىنلا قاقاهلاپ كۈلۈپ كېتىپ ئۇنىڭ قولىنى قويىۋەتتى. سىكارلېت خۇددى بىر يېرىگە پىچاق تىقىلغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا نەشتەردەك قادالدى، ئىچىدە قاتتىق نەپرەتلەندى.

— راست، قورقمايمەن! — دېدى ئۇ.

— ياق، قورقۇۋاتىسىز. بىرئازدىن كېيىن هوشىڭىز دىنمۇ كېتىسىز تېخى. مەندە بۇرنىڭىزغا پۈركىتىدىغان تۇز يوق جۇمۇ.

سىكارلېت ئۇنىڭ جېنىغا تەگكۈدەك گەپ تاپالماي، چىراغنى ئالدى ـ دە، ئىتتىك مېڭىپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى، باتلېرمۇ كەينىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ بوش كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئۇ سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ كۈلكە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋاتاتتى. ئۇ ۋادىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ پىرىسسىيگە ئېسىلىۋېلىپ كىيىملىرىنى كىيمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى هېق تۇتۇپ قالغانىدى. پىرىسسي تېخىچە ئېسەدەۋاتاتتى. ۋادىنىڭ كارىۋىتىدىكى كۆرپە كىچىكرەك ئىدى، سىكارلېت پىرىسسىيگە شۇنى ئاچىقىپ هارۋىغا سېلىشنى بۇيرۇدى. ۋادمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشۈپ كەتتى، خۇشاللىقىدا هېق تۇتۇشمۇ توختاپ قالدى.

— كېلىڭ، — دېدى سىكارلېت مېلانىيەنىڭ هۇجرىسىغا

كېتىۋېتىپ. رېت قولىدا شىلەپە، كەينىدىن ماڭدى.

مېلانىيە يوتقاننى بوينىغىچە چىڭ يېپىپ كارىۋاتتا ياتاتتى، چىرايى بەكمۇ سېرىق، ئەمما ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. رېت باتلېر ھۇجرىسىغا كىرگەندە بەكمۇ چۆچۈپ كەتمىدى. شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك مىدىرلىماي يېتىۋەردى، كۆلۈمسىرەپ باقماقچى بولدى، لېكىن كۆلكىسى چىرايىغا چىقا ـ چىقمايلا يوقىلىپ كەتتى.

— ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتىمىز، تاراغا، — دېدى سىكارلېت ئۇنىڭغا ئالدىراپ چۈشەندۈرۈپ، — شىمالىلىق ئالۋاستىلار پات ئارىدا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. رېت بىزنى ئاپىرىپ قويماقچى. بۇنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق، مېلانىيە.

مېلانىيە بېشىنى جانسىز لىڭشىتتى، ئارقىدىن بوۋىقىنى شەرەت قىلدى. سىكارلېت بوۋاقنى قېلىن بىر لۆڭگىگە تېز ـ تېز ئورىدى. رېت باتلېر كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مەن سىزنى قىينىماي ئېلىپ ماڭىمەن، — دېدى ئۇ ئەديالغا ئۇنى ئوراۋېتىپ بوش ئاھاڭدا، — مېنىڭ بېشىمنى مەھكەم تۇتۇۋېلىڭ.

مېلانىيە ئۇنىڭ بېشىنى تۇتۇپ باقتى، لېكىن بىلەكلىرىنىڭ كۈچى يوق، قوللىرى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. رېت باتلېر ئاستا ئېگىشىپ، بىر قولىنى ئۇنىڭ بېلىنىڭ ئاستىدىن، يەنە بىر قولىنى تىزلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ يەڭگىللا كۆتۈرۈۋالدى. مېلانىيە توۋلاپ كەتمەي دەپ كالپۇكلىرىنى چىڭ چىشلىۋالدى، چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى. سىكارلېت ئالدىدا چىراغ كۆتۈرۈپ ئىشىككە ماڭدى. مېلانىيە قولىنى ئاجىز مىدىرلىتىپ تامنى كۆرسەتتى.

— تامدا نېمە بار؟ — باتلېر بوش ئاۋازدا سورىدى.

مېلانىيە خۇددى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاۋاتقاندەك پىچىرلىدى ۋە قولى بىلەن تامنى كۆرسەتتى.

— چارلېس.

رىت ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنى خۇددى ئىسىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك ئويلاپ قالدى. سكارلېت ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ سەل خاپا بولغاندەك قىلدى. مېلانىيە تامدىكى قىلىچ بىلەن تاپانچىنىڭ ئاستى تەرىپىدە تۇرغان چارلېسنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتكەنىدى.

— ھە، بولىدۇ، — دېدى سكارلېت. ئۇ چىراغنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى پەسكە چۈشۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۈستىگە يەنە چىقىپ قىلىچ بىلەن تاپانچىنى، سۈرەتنى تامدىن ئالدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى، بوۋاقنى، يەنە چىراغنى كۆتۈرسە مېلانىيەگە ئوخشاش ساڭگۇل - سۆڭگۇل بولۇپ قالاتتى. مېلانىيەنىڭ شىمالىق ئالۋاستىلار مانا كېلىدۇ، دەپ تۇرغان مۇشۇنداق جىددىي چاغدىمۇ چارلېسنىڭ سۈرىتىنى ئۇنتۇپ قالمىغىنىنى قارا !

سكارلېت چارلېسنىڭ سۈرىتىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىگە قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتتى. بۇ ئەر بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئېرى ئىدى، سكارلېت بىرنەچچە ئاخشامنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن، يەنە ئېخى كۆزلىرى ئۇنىڭكىگە ئوخشاش مۇلايىم، كۆپكۆك بىر بالىمۇ تۇغۇپ بەرگەن، لېكىن ئۇ ھازىر بۇ ئادەمنى تازا ئېسىگە ئالالمايدۇ.

بوۋاق ئۇنىڭ قوينىدا تۇرۇپ كىچىككىنە مۇشتۇملىرىنى بوش مىدىرلىتىشقا، خۇددى ئاسلانغا ئوخشاش ئاجىز ئىڭراشقا باشلىدى. سكارلېت ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ ئاشلىيىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئېسىگە كەلتۈردى، لېكىن بىردىنىلا يەنە ۋۇجۇدىدىكى بارلىق كۈچىنى يىغىپ، بۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ، ئاشلىي بىلەن ئىككىسىنىڭ بالىسى بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتى.

پىرىسسي يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۈستىگە چىقىپ سكارلېتنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى. كارىدوردىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، سكارلېت بىر شىلەپىنى قوزۇقتىن ئېلىپلا بېشىغا كىيىۋالدى.

بۇ مېلانىيەنىڭ قارىلىق شىلەپىسى ئىدى، سىكارلېتنىڭ بېشىغىمۇ ياخشى كەلمەيتتى. سىكارلېت ئۆزىنىڭ شىلەپىسىنىڭ نەدە قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

سىكارلېت سىرتقا چىقىپ هارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى، مېلانىيە هارۋىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى، يېنىدا ۋاد بىلەن بوۋاق بار ئىدى. پىرىسسىي پەيتونغا چىقىپ بوۋاقنى قولىغا ئالدى.

هارۋىنىڭ ئىچى كىچىك، تۆت تەرىپىدىكى توسۇقلىرىمۇ پەس، چاقلىرى بىرلا ئايلانسا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئاجىز ئىدى. سىكارلېت هارۋىغا قوشۇقلۇق تۇرغان ئاتقا قاراپ لاسىدە بولۇپ قالدى. ئات ئورۇق، پاكار ئىدى، بېشى چاترىقىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى، روھسىز، دۈمبىسىدىكى يېغىرلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ، تىنىقلىرىمۇ خۇددى كېسەل بولۇپ قالغاندەك ئېغىر ئىدى.

— بۇ تازا دېگەندەك ئات ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ — رېت باتلېر كۈلۈپ كەتتى، — شوتىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۇ مەن تاپقان ئەڭ ياخشى ئات. بۇ ئاتنى قانداق ئوغرىلىغانلىقىم، بۇنى ئوغرىلىغۇچە ئوق يەپ ئۆلگىلى تاس قالغانلىقىم توغرۇلۇق سىزگە كېيىن تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىمەن. باشقا نەرسىنى دەپ ئەمەس، دەل سىزنى دەپ مۇشۇنداق جىددىي كۈنلەردە ئات ئوغرىسى بولۇپ بۇ قىممەتلىك ئاتنى ئوغرىلىدىم. كېلىڭ، سىزنى يۆلەپ قوياي.

باتلېر ئۇنىڭ قولىدىكى چىراغنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ قويدى، ئاندىن سىكارلېتنى لىكلا كۆتۈرۈپ هارۋىنىڭ ئالدىدىكى توغرا قويۇلغان تاختايىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. باتلېرغا ئوخشاش مۇشۇنداق كۈچلۈك ئەر بولسا قانداق ياخشى، هە، ئويلاپ قالدى سىكارلېت. ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاستىغا باستۇرۇپ راۋۇرۇس ئولتۇرۇۋالدى. ئەمدى يېنىدا رېت باتلېر بار، ئۇ هېچنېمىدىن،

ئوتتىنمۇ، پارتلاشلاردىنمۇ، ھەتتا شىماللىق ئالۋاستىلاردىنمۇ قورقمايدۇ.

باتلېر سكارلېتنىڭ قېشىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ چۇلۋۇرنى قولىغا ئالدى.

— ۋاي، توختاپ تۇرۇڭ، — تۇۋلاپ كەتتى سكارلېت، — ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن.

باتلېر بىردىنلا قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسىز؟

— سىزگە بولمامدۇ — سىز شىماللىقلارنى ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويسام ئۆيگە كىرەلمەيدۇ دەپ ئويلامسىز! — ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا، ئات ئورنىدىن قوزغىلىپ خالار - خالىماي يولغا چىقتى. بايا يولغا قويۇپ قويغان چىراغ يېنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سېرىق نۇرى بارغانسېرى ئارقىدا قېلىپ سۇسلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى.

رېت باتلېر ئاران كېتىۋاتقان ئاتنى كۈنپېتىش تەرەپكە ئايلاندۇردى، ھارۋا چاقىدا ئويۇلۇپ كاتاڭ بولۇپ كەتكەن يولغا چۈشۈپ قاتتىق چايقىلىشقا باشلىدى. ئىنجىقلاپ ياتقان مېلانىيەنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى، يول تار، قاراڭغۇ، خۇددى تونېلنىڭ ئۆزى ئىدى، ئەمما يەنە دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن قورقۇنچلۇق ئوت يالقۇنىنىڭ ئاسماندىكى قىزىللىقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ قىزىللىق پەسەيمەكتە يوق، بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. كۈچلۈك ئوتنىڭ تەپتى بىلەن ئىسسىپ كېتىۋاتقان شامال يىغا ئاۋازلىرىنى، ھارۋىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرىنى، چېكىنىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ گۈرسۈلدەپ مېڭىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. رېت باتلېر ئاتنى باشقا بىر يولغا سالدى. شۇ ئارىلىقتا يەنە بىر قېتىم

قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كۈنپېتىش تەرەپتىن ئاسمان ـ پەلەك ئوت ۋە قاپقارا تۈتەك كۆتۈرۈلدى.

— پارتلىغىنى ئاخىرقى ۋاگوندىكى ئوق ـ دورا ھەرقاچان، — دېدى باتلېر قىلچە ھودۇقماي تۇرۇپ، — ئۇ كالۋالار نېمىشقا بۈگۈن ئەتىگەن توشۇپ كەتمىگەندۇ؟ يېتەرلىك ۋاقىت بار ئەمەسمىدى. مانا ئەمدى بولغۇلۇق بىزگە بولدى. ئەسلىدە بىز شەھەرنىڭ مەركىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەن بولساق، چوڭ ئوتقا ھەم دېكاتۇر كوچىسىدىكى زوراۋانلارغا يولۇقماي، خاتىرجەم ھالدا شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە ئۆتۈۋالاتتۇق. ئەمدى بىز بىر يەر ئارقىلىق مارېتتا كوچىسىنى توغرا كېسىپ ماڭمىساق بولمايدۇ. خاتالاشمىسام، بايىقى پارتلاش مارېتتا كوچىسىنىڭ بىر يېرىدە بولدى.

— بىز ... بىز ئوت كۆيۈۋاتقان يەردىن ئۆتمىسەك بولمامدۇ؟ — سورىدى سكارلېت تىترەپ تۇرۇپ.

— ئىتتىكرەك ماڭساق ھېلىمۇ ئۈلگۈرىمىز، — رېت باتلېر شۇنداق دەپ، بىردىنلا ھارۋىدىن چۈشۈپ قاراڭغۇ بىر ھويلىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قايتىپ چىققاندا قولىدا ئۇزۇن بىر تاياق بار ئىدى. ئۇ تاياق بىلەن ئاتنىڭ يېغىر بېسىپ كەتكەن دۈمبىسىگە ئۇرۇۋىدى، ئات تەستە سوكۇلداشقا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ھارۋا تېخىمۇ قاتتىق چايقىلىپ، ئىچىدىكى ئادەملەر ئاق بالداقتەك سەكرەشكە باشلىدى. بوۋاق يىغلاپ كەتتى، ۋاد بىلەن پىرىسسىيمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يېرى سىلكىنگەندە ھارۋىنىڭ تاختايلىرىغا قاتتىق تېگىپ ۋارقىراپ يىغلىغىلى تۇردى، مېلانىيە ئۈنسىز جىمجىت ياتاتتى.

ئۇلار مارېتتا كوچىسىغا يېقىنلاشقاندا ئىككى تەرەپتىكى دەرەخلەر شالاڭلىشىشقا باشلىدى. كۆيۈۋاتقان ئىمارەتلەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئوت پۈتۈن يەرنى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى.

سكارلېتنىڭ قورقۇنچلۇقتا چىشلىرى كاراسلاپ

كېتىۋاتاتتى، بۇنى ئۆزى سەزمەيتتى. ئۇ مۇزلايتتى، پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، يېنىدىلا كۆيۈۋاتقان ئوتمۇ ئۇنى ئىسسىتالمايۋاتقاندەك ئىدى. بۇ يەر بەئەينى دوزاخ بولۇپ، ئۇ شۇ دوزاختا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر ئۇ تىترەپ تۇرۇۋاتقان تىزلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان بولسا، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قاراڭغۇ كوچىلاردىن يۈگۈرگەن پېتى كەينىگە يېنىپ، پىتتىي ھاممىنىڭ ئۆيىگە ئىنتىلىۋالغان بولاتتى. ئۇ تۈگۈلۈپ رېت باتلېرغا چىڭ چاپلىشىپ ئولتۇراتتى، تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ئۇنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى، پات ـ پات ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى، تەسەللى ۋە ئىشەنچ تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن گەپ كۈتەتتى. رېت باتلېرنىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايى مۇدھىش ئوتنىڭ يورۇقىدا، خۇددى قەدىمكى تەڭگە پۇللاردىكى ئادەم بېشىدەك چىرايلىق، رەھىمسىز ھەم خۇنۇكرەك كۆرۈنەتتى. ئۇ سىكارلېتنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا قارىغانىدى، كۆزلىرىدىن ئادەم قورققۇدەك نۇر چاقناپ كەتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىدىن شوخلۇق، مەنسىتمەسلىك، خۇددى كۆز ئالدىدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەرگە ئالاھىدە قىزىقىۋاتقاندەك، ئۆزلىرى ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان كىشىلىك دۇنيادىكى بۇ دوزاخنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادىنى كۆرگەندەك بولدى.

— بۇ يەردە، — دېدى ئۇ بېلىدىكى تاپانچىسىنى سىلاپ قويۇپ، — مەيلى ئاق تەنلىك ياكى قارا تەنلىك بولسۇن، كىمكى ئېتىڭىزغا ئېسىلغان بولسا ئۇنى ئېتىپ تاشلىشىڭىز كېرەك، جاۋابىنى كېيىن بېرىمىز. ئەمما، بۇ ئارزۇلۇق ئېتىڭىزنى ئېتىپ سالماڭ.

— مەن ... مەندىمۇ تاپانچا بار، — دېدى ئۇ ئارانلا ۋە كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىدىكى تاپانچىنى تۇتۇپ قويدى. ئەزرائىل ئالدىغا كېلىپ جېنىڭنى ئالىمەن دېسىمۇ، ئۇ تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى قورقۇپ باسالمايتتى، بۇنى ئۆزىمۇ بىلەتتى.

— راستمۇ؟ نەدىن تاپتىڭىز؟
— چارلېسنىڭ.
— چارلېسنىڭ؟
— شۇنداق، چارلېسنىڭ ... مېنىڭ ئېرىمنىڭ.
— سىزنىڭ راستلا ئېرىڭىز بارمىدى؟ — بوش دېدى ئۇ ۋە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇ سەل ئەستايىدىللىراق بولۇپ، تېزرەك ماڭغان بولسا بولاتتى.

— ئەمىسە مېنىڭ بالام نەدىن كەلگەن؟ — دېدى سىكارلېت ئاچچىقىدا ۋارقىراپ.

— باشقا يوللارمۇ بار ئەمەسمۇ. ئېرى بولمىسا بالا بولمايدىغان ئىشمۇ يوقتۇ.

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇپ تېزرەك مېڭىڭ، بولامدۇ؟

ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئاتنى توختاتتى، مارېتتا كوچىسىغا كېلىپ قېلىشقانىدى. هارۋا تېخى ئوت كەتمىگەن بىر ئىسكىلاتنىڭ يېنىدا توختىغانىدى.

«تېز ماڭايلى!» بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بىردىنبىر ئارزۇسى، نىداسى ئىدى. تېز! تېز بولايلىچۇ!

— ئەسكەرلەر! — دېدى رېت باتلېر.

ئىككى تەرەپتىكى كۆيۈۋاتقان ئىمارەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ ئەسكەر مارېتتا كوچىسىنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ھەممىسى چارچىغان، مىلتىقلىرىنى ئۈشنىلىرىگە سالغان، باشلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، ئىتتىك مېڭىشقا مادارى يوق، ئىككى تەرەپتىكى كۆيۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان ئۆيلەرگىمۇ، ئوت ۋە ئىس - تۈتەكلەرگىمۇ پەرۋاسىز. كىيىملىرى جۇل - جۇل، ئوفىتسېرى قايسى، ئەسكىرى قايسى ئايرىغىلى بولمايدۇ، كۆپىنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، ھېچقايسىسى ئىككى يېنىغا قارىمايدۇ، جىمجىت، زوۋانمۇ سۈرمەيدۇ. ئەگەر مەزمۇت قەدەم تاۋۇشلىرى بولمىسا، كۆرگەن ئادەم ئۇلارنى بىر

توپ ئەرۋاھ ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ.

— ئۇلارنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىڭ، — دېدى رېت مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن، — كېيىنكى كۈنلەردە نەۋرىلىرىڭىزگە شەرەپلىك ئىشلىرىمىزنىڭ بۇ ھىمايىچىلىرىنىڭ چېكىنگەن چاغدىكى كۆرۈنۈشلىرىنى سۆزلەپ بېرىسىز.

سىكارلېتنىڭ بىردىنلا ئۇنىڭغا غەزىپى كەلدى، غەزەپ ھەتتا قورقۇنچىمۇ بېسىپ كېتىپ، بۇنىڭ ئالدىدا قورقۇنچى ئىككىنچى ئورۇندىكى ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. سىكارلېت ئۆزى ۋە پەيتوندىكى قالغانلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئۇنىڭغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇ ۋەيرانە ئەسكەرلەرنى مەسخىرە قىلغىنىغا قاتتىق نەپرەتلەندى. ئۆلۈپ كەتكەن چارلېس ۋە ھازىرقى ھايات ئەمەسلىكى ئېنىق بولۇپ قېلىۋاتقان ئاشلېي ۋە تېيىزلا كولانغان قەبرىلەردە چىرىپ كېتىۋاتقان شوخ، چىرايلىق يىگىتلەر خىيالىغا كەچتى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئۇلارنى ئەخمەق دېگەنلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلالمايتتى، ئەمما باتلېرغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە يىرگىنىش ۋە نەپرەت قاينايتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا پاكار بىر ئەسكەر ئۆتتى. مىلتىقى يەردە سۆرىلىپ كېتىۋاتاتتى، ئۆزى سەنتۈرۈلۈپ پات - پات توختاپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان سەپداشلىرىغا قاراپ قوياتتى. مەينەت چىرايىدا ھېرىپ كەتكەنلىكتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى، خۇددى چۈشىدە سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقاندەك ماڭاتتى. بويى سىكارلېتنىڭكى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك — كۆتۈرۈۋالغان مىلتىقى بىلەن تەڭ دېسىمۇ بولاتتى — ئىدى. ئەمما، ئېڭىكىدە ساقال - بۇرۇت يوق، ئۇن ئالتە ياشلاردا بولسا كېرەك، سىكارلېت ئۇنى پىدائىيلار قوشۇنىدىن كەلگەن، مەكتەپتىن قېچىپ چىقىپ ئۇلارغا قوشۇپ قالغان ئوقۇغۇچى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى.

بىر چاغدا ئۇ بالىنىڭ ئىككى تىزى ئاستا ـ ئاستا ئېگىلىپ گۈپ قىلىپ توپىلىق يولغا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى ئادەم گەپ قىلماي سەپتىن چىقىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. قارا ساقاللىق، ئېگىز بوي بىرسى ئۇ بالىنى مىلتىقى بىلەن قوشۇپلا مۈرىسىگە ئالدى. ئۇنىڭ بالىنى بىر ئەپچىل كۆتۈرگىنىگە قارىغاندا، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ئۆگەنگەن ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ سەپنىڭ ئاخىرىدا ماڭدى. بالىنى ئىككى مۈرىسىگە تەڭ ئالغان بولغاچقا، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ قالغانىدى. بالا شۇنچىلىك ئاجىز بولسىمۇ، چوڭ ئادەملەر چىشىغا تېگىپ تىرىكتۈرۈپ قويغان كەپسىز بالىدەك: «مېنى چۈشۈرۈۋەت! ئۆلمەيدىغان ئىپلاس! ئۆزۈم ماڭىمەن!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ساقاللىق ئادەم پەرۋايى پەلەك، ئۇنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە كۆزدىن غايىب بولدى.

رېت باتلېر ئۇ ئەسكەرلەرگە قاراپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى، قولىدىكى بوجىمۇ بوش، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدا ئۇلارغا قارىتا بىر خىل قىزىقىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بىر ئىسكىلاتنىڭ ئۆگزىسى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، ئىسكىلاتنىڭ ئىچىدىن گۈپ قىلىپ يالقۇن كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئوتنىڭ تەپتىدە سىكارلېتنىڭ بۇرنى كۆيگەندەك بولدى، ۋاد بىلەن پىرىسسىي يۆتىلىشكە باشلىدى، ھەتتا بوۋاقمۇ چۈشكۈرۈپ كەتتى.

ــ ۋاي قانداق قىلارمىز! رېت، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ چاپسان، چاپسان ھەيدەڭ!

رېت باتلېر ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمەي قولىدىكى تاياق بىلەن ئاتنى بوش ئۇرۇپ قويۇۋىدى، ئات بىردىنلا ئالدىغا چاپچىپ كوچى يەتكەن سۈرئەت بىلەن ھارۋىنى سۆرەپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوت چەمبىرىكى ھاسىل بولغانىدى. ئىككى تەرەپتىكى ئىمارەتلەر ئاسمان ـ پەلەك ئوت پۈركۈپ كۆيۈۋاتاتتى. پويىز

يولغا ئېلىپ بارىدىغان تار يول مۇشۇ ئىدى. ئۇلار ئۇ ئوت چەمبىرىكى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى. ئون نەچچە قۇياشنىڭ تەپتىدىنمۇ ئۆتە ئىسسىقلىق ئۇلارنىڭ باشلىرىنى قايدۇرۇپ، تېرىلىرىنى قىزدۇرۇپ تۇراتتى، پارتلاش ۋە گۇمبۇرلەپ ئۆرۈلۈۋاتقان ئىمارەتلەرنىڭ ئاۋازلىرى قۇلاق ـ مېڭىلىرىنى يەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈشلەر گويا مەڭگۇ ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن كەتمەيۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتقاندا، بىردىنلا يېرىم يورۇق، يېرىم قاراڭغۇ كېچە قوينىغا كىرىپ قېلىشتى.

ئۇلار چوڭ يولدىن تېزلا ئايرىلىپ تۆمۈر يولدىن ئۆتۈۋالدى. باتلېر توختىماي قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇراتتى، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ناھايىتى تەمكىن، سوغۇققان ئىدى. قانداقتۇر بىر خاپىلىقنى ئويلاۋاتقاندەك ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ خىيال بىلەن ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. ئوتنىڭ تەپتى بىلەن باش ـ كۆزىدىن توختىماي تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ تەرىنى بىر قېتىممۇ سۈرتۈپ قويمىدى. ئۇلار بىر كوچىغا، ئۇنىڭدىن چىقىپ يەنە بىر كوچىغا كىردى. نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي كوچىلاردىن ئۆتۈپ، سكارلېت بىلمەيدىغان بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئوت ۋە پارتلاش ئاۋازلىرى كۆرۈنمىدى ۋە ئاڭلانمىدى. رېت باتلېر تېخىچە زۇۋان سۈرمەي قامچىسىنى بىر خىلدا ئوينىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماندىكى ئوتنىڭ يورۇقلۇقى تۈگەپ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق يەنە باشلاندى. سكارلېت ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتەتتى، نېمىلا دېسە، مەسخىرە، ھاقارەت تۈسىنى ئالغان ياكى ئادەمنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپلەر بولسىمۇ مەيلى ئىدى، ئەمما ئۇ زادىلا گەپ قىلمايتتى.

بۇپتۇ، گەپ قىلمىسىمۇ مەيلىلا، ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇلار ئۈچۈن چوڭ مەدەت. يېنىمدا بىر ئەر كىشى يېقىن ئولتۇرسا، ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنى ھېس قىلىپ ماڭسا، شۇ تۇيغۇنىڭ ئۆزى ئادەمنى ھەرقانداق قورقۇنچلاردىن خالىي قىلىپ تۇرىدۇ، گەپ قىلماي جىمجىت

قاراپ ئولتۇرسىمۇ يۇرەك توق تۇرىدىغان گەپ.

— رېت، — دېدى سىكارلېت ئاخىر چىدىماي، — ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز بىز نېمە بولۇپ كېتەر ئىدۇق؟ سىزنىڭ ئارمىيەگە كەتمىگىنىڭىزگە شۇنچىلىك خۇشالمەن.

باتلېر قايرىلىپ ئۇنىڭغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇۋىدى، سىكارلېت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇپ دەررۇ بىلىكىنى قويۇۋېتىپ كەينىگە سۈرۈلدى. ئۇ كۆزلەردە مەسخىرە يوق، نەپرەت ۋە تېڭىرقاش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ يەنە ئالدىغا قاراپ ئولتۇردى. خېلى بىر يەرگە بارغۇچە بوۋاقنىڭ يىغىسى ۋە پىرىسسىينىڭ ۋايساشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق سادا چىقمىدى. سىكارلېت پىرىسسىينىڭ ۋايساشلىرىغا چىشى قېرىشىپ ئۇنى قاتتىق بىر چىمدىغانىدى، پىرىسسىي بىرلا ۋايجانلاپ ئىككىنچى ئۇنىنى چىقارمىدى.

رېت باتلېر پەيتوننى ئىككى قېتىم ئوڭغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ماڭمايلا كەڭ بىر يولغا چىقىپ قالدى. ئۆيلەر ئارقىدا قالغان، ئالدى تەرەپ ئىككى تەرىپى تامغا ئوخشاش دەرەخلىك يول ئىدى.

— بىز ئەمدى شەھەردىن چىقىپ بولدۇق، روگ - رېئادقا بارىدىغان يولغا چۈشتۇق، — دېدى رېت باتلېر ئاددىيلا قىلىپ، ئاندىن بوجىنى تارتتى.

— توختىمايلى!

— ئات بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالسۇن، — دېدى رېت باتلېر ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ. ئاندىن ئالدىرىماي ئۇنىڭدىن سورىدى، — سىكارلېت، سىز يەنىلا بۇ ساراڭدەك ئىشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇش خىيالىدىمۇ؟

— نېمە ئىش؟

— سىز يەنىلا قارامىلىق قىلىپ تاراغا بارماقچىمۇ؟ ئۇ ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر ئىش. گېنېرال لىينىڭ

قوشۇنى بىلەن شىماللىقلارنىڭ قوشۇنى ئالدىڭىزدا يولنى توسۇپ تۇرۇپتۇ.

ئاھ، خۇدا! ئۇ قورقۇنچلۇق بۇ بىر كۈن ئىچىدە شۇنچە نۇرغۇن كۆلپەتلەرنى تارتقان تۇرسا، باتلېر يەنىلا ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ئۇلارنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويماسلىقىنىڭ قازىنىنى ئېسىۋېتىپتىغۇ!

— شۇنداق، شۇنداق! سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، رېت، چاپسانراق ماڭايلى، ئات ھارغاندەك ئەمەس.

— سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، جونېسبوروغا بۇ يول بىلەن ماڭساڭلار بولمايدۇ. ئۇلار روگ - رېئاد تەرەپتە كۆنىبويى سوقۇشۇۋاتىدۇ. سىز روگ - رېئاد بىلەن جونېسبورونى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان باشقا بىر يولنى بىلەمسىز؟ ھارۋا يولى ياكى چىغىر يول بولسىمۇ مەيلى.

— ھە، يول بار، — سىكارلېت خۇددى نىجاتلىنىقتا ئېرىشكەندەك تىۋۋلاپ كەتتى، — روگ - رېئادنىڭ يېنىغا بېرىۋالساقلا شۇ يەردە جونېسبورونى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بىر ھارۋا يولنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، بىرنەچچە ئىنگلىز مىلىلا كېلىدۇ. دادام ئىككىمىز دائىم شۇ يول بىلەن ماڭاتتۇق. ئۇ ماكلىنتوس تەرەپتىن كەلگەن يول، تاراغا بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ.

— ياخشى، بەلكىم سىلەر روگ - رېئادتىن سالامەت ئۆتۈپ كېتەرسىلەر. گېنېرال لىي بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇ يەردە چېكىنىۋاتقان قوشۇننى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان، شىماللىقلار تېخى يېتىپ بارمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. گېنېرالنىڭ ئادەملىرى ئېتىڭلارنى تارتىۋالمايدىغانلا بولسا ئۇ يەردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپمۇ كېتەرسىلەر.

— مەن ... مەنمۇ؟

— شۇنداق، سىز، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بەكمۇ كەسكىن ئىدى.

— رېت، سىز ... سىز بىزنى ئاپىرىپ قويامسىز؟
— ياق، مەن سىلەر بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشىمەن.

سىكارلېت ئەتراپىغا، ئارقىسىدىكى جىمجىت ئاسمان بوشلۇقىغا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇرمە تاملىرىغا ئوخشايدىغان ئېگىز دەرەخلەرگە، پەيتوندا ئۈلگۈدەك قورقۇپ ياتقانلارغا ۋەھىمە ئىچىدە قاراپ قويدى. ئەڭ ئاخىرىدا رېت باتلېرغا تىكىلدى. سىكارلېت ساراڭمۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيدۇ؟

رېت باتلېر كۈلدى، ئۇنىڭ ئاپپاق چىشلىرى قاراڭغۇدىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە ئۇنى ئەخمەق قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە بار ئىدى.

— بىز بىلەن خوشلاشماقچىمۇ سىز؟ نەگە بارماقچى؟
— مەنمۇ، سۆيۈملۈكۈم، ئارمىيەگە قاتنىشىمەن.

سىكارلېت خۇددى خاتىرجەم بولغاندەك ھەم يىرگەنگەندەك چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. ئۇ نېمىشقا قېرىشقاندەك دەل مۇشۇ چاغدا ماڭا چاقچاق قىلىدىغاندۇ؟ ھەم، ئارمىيەگە قاتناشماقچىمىش تېخى! ئۇ جەڭ دۇمباقلىرى بىلەن دەبدەبىلىك نۇتۇقلارغا ئالدىنىپ جېنىنى سېلىپ بەرگەنلەرنى ئەخمەقلەر ... ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئەقىللىك ئادەملەرنى باي قىلغان ئەخمەقلەر، دەپ زاڭلىق قىلغان ئەمەسمىدى؟

— قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدىڭىزغۇ! كۈچۈم يەتسە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم سىزنى! بولدى، تېزرەك ماڭايلى!

— سۆيۈملۈكۈم، چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. مېنىڭ ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش روھىمنىڭ بارلىقىنى چۈشەنمىگىنىڭىز مېنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتىدۇ، سىكارلېت. سىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىڭىز، شەرەپلىك ئىشلىرىمىزغا بولغان ساداقەتمەنلىكىڭىز نەگە كەتتى؟ ھازىر سىزگە مېنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىشىم ياكى جەسىتىمنى ئاتقا ئارتىپ قايتىشىمنى تىلەيدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلدى. قېنى گەپ قىلىڭ،

مېنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ھاياجان بىلەن نوتۇق سۆزلەيدىغانغا ۋاقتىم يوق.

ئۇنىڭ ئالدىرىماي سۆزلەۋاتقان سۆزلىرى سىكارلېتقا پوتولەي مەسخىرە بولۇپ تويۇلدى. ئۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىكارلېتقا ئۆزىنىمۇ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ زادى نېمە دېمەكچى؟ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئاتقا جەسىتىنى ئارتىپ قايتىش، ھاياجانلىق نوتۇق دېگەنلىرى نېمە گەپ؟ ئۇنىڭ ئۇ دېگەنلىرى راست گېپى ئەمەسقۇ دەيمەن. بۇ قاراڭغۇ يولدا ئۇنى ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئايال، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق، ئەخمەق بىر نېگىر جالاپ ۋە قورقۇپ جېنى چىقىۋاتقان بىر بالا بىلەن بىپايان جەڭ مەيدانىغا، قاڭقىسىپ يورگەن بولاڭچىلارغا، شىمالىلىق ئالۋاستىلارغا، زەمبىرەك ئوقلىرىغا ۋە بىلىپ بولمايدىغان باشقا بالا ـ قازالارغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئاشۇ قىيامەتنىڭ ئىچىدىن ئۇلارنى ئېلىپ ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆت دېسە، ئادەمنىڭ بۇ گەپكە ئەقلى يېتەمدۇ؟

ئۇ ئالتە ياش ۋاقتىدا بىر قېتىم ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىدىن يەرگە دومىلا چۈشكەنىدى. ئۆزىنى ئوڭشاپ نەپىسىنى ئېلىۋالغۇچە بولغان ئاشۇ قىسقا ئارىلىقتا تارتقان ئازابى تېخىچە ئېسىدىن چىقمايتتى. ھازىر ئۇ رېت باتلېرغا قاراپ تۇرۇپ، شۇ چاغدىكىگە ئوخشاش نەپىسى توختاپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

— ياق، رېت، سىز چاقچاق قىلىۋاتىسىز.

ئۇ ئۇنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياش باتلېرنىڭ قولىغا تېمىپ تۇرۇۋاتاتتى. باتلېر ئۇنىڭ قولىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ يېنىك بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— بەكمۇ شەخسىيەتچى بولۇپ كېتىپسىز. خاتا دېمىگەندىمەن، سۆيۈملۇكۈم؟ ئۆزىڭىزنىڭ قىممەتلىك ھاياتىڭىزنىلا ئويلاپ، بىزنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلىتىمىزنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارىڭىز بولمايۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، مەن ئەڭ

— رېت، سىز ... سىز بىزنى ئاپىرىپ قويامسىز؟

— ياق، مەن سىلەر بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشىمەن.

سىكارلېت ئەتراپىغا، ئارقىسىدىكى جىمجىت ئاسمان بوشلۇقىغا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۇرمە تاملىرىغا ئوخشايدىغان ئېگىز دەرەخلەرگە، پەيتوندا ئۆلگۈدەك قورقۇپ ياتقانلارغا ۋەھىمە ئىچىدە قاراپ قويدى. ئەڭ ئاخىرىدا رېت باتلېرغا تىكىلدى. سىكارلېت ساراڭمۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيدۇ؟

رېت باتلېر كۈلدى، ئۇنىڭ ئاپپاق چىشلىرى قاراڭغۇدىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆزلىرىدە ئۇنى ئەخمەق قىلىۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە بار ئىدى.

— بىز بىلەن خوشلاشماقچىمۇ سىز؟ نەگە بارماقچى؟

— مەنمۇ، سۆيۈملۈكۈم، ئارمىيەگە قاتنىشىمەن.

سىكارلېت خۇددى خاتىرجەم بولغاندەك ھەم يىرگەنگەندەك چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. ئۇ نېمىشقا قېرىشقاندەك دەل مۇشۇ چاغدا ماڭا چاقچاق قىلىدىغاندۇ؟ ھىم، ئارمىيەگە قاتناشماقچىمىش تېخى! ئۇ جەڭ دۇمباقلىرى بىلەن دەبدەبىلىك نۇتۇقلارغا ئالدىنىپ جېنىنى سېلىپ بەرگەنلەرنى ئەخمەقلەر ... ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئەقىللىك ئادەملەرنى باي قىلغان ئەخمەقلەر، دەپ زاڭلىق قىلغان ئەمەسمىدى؟

— قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالدىڭىزغۇ! كۈچۈم يەتسە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم سىزنى! بولدى، تېزرەك ماڭايلى!

— سۆيۈملۈكۈم، چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. مېنىڭ ئۆزۈمنى قۇربان قىلىش روھىمنىڭ بارلىقىنى چۈشەنمىگىنىڭىز مېنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرۇۋاتىدۇ، سىكارلېت. سىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىڭىز، شەرەپلىك ئىشلىرىمىزغا بولغان ساداقەتمەنلىكىڭىز نەگە كەتتى؟ ھازىر سىزگە مېنىڭ غەلىبە بىلەن قايتىشىم ياكى جەستىمنى ئاتقا ئارتىپ قايتىشىمنى تىلەيدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەت كەلدى. قېنى گەپ قىلىڭ.

مېنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلەيدىغانغا ۋاقتىم يوق.

ئۇنىڭ ئالدىرىماي سۆزلەۋاتقان سۆزلىرى سىكارلېتقا پۈتۈنلەي مەسخىرە بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىكارلېتقا ئۆزىنىمۇ مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ زادى نېمە دېمەكچى؟ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئاتقا جەسىتىنى ئارتىپ قايتىش، ھاياجانلىق نۇتۇق دېگەنلىرى نېمە گەپ؟ ئۇنىڭ ئۇ دېگەنلىرى راست گېپى ئەمەسقۇ دەيمەن. بۇ قاراڭغۇ يولدا ئۇنى ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئايال، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق، ئەخمەق بىر نېگىر جالاپ ۋە قورقۇپ جېنى چىقىۋاتقان بىر بالا بىلەن بىپايان جەڭ مەيدانىغا، قاڭقىپ يۈرگەن بۇلاڭچىلارغا، شىمالىلىق ئالۋاستىلارغا، زەمبىرەك ئوقلىرىغا ۋە بىلىپ بولمايدىغان باشقا بالا ـ قازالارغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئاشۇ قىيامەتنىڭ ئىچىدىن ئۇلارنى ئېلىپ ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆت دېسە، ئادەمنىڭ بۇ گەپكە ئەقلى يېتەمدۇ؟

ئۇ ئالتە ياش ۋاقتىدا بىر قېتىم ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىدىن يەرگە دۈملا چۈشكەنىدى. ئۆزىنى ئوڭشاپ نەپەسىنى ئېلىۋالغۇچە بولغان ئاشۇ قىسقا ئارىلىقتا تارتقان ئازابى تېخىچە ئېسىدىن چىقمايتتى. ھازىر ئۇ رېت باتلېرغا قاراپ تۇرۇپ، شۇ چاغدىكىگە ئوخشاش نەپەسى توختاپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

— ياق، رېت، سىز چاقچاق قىلىۋاتىسىز.

ئۇ ئۇنىڭ بىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياش باتلېرنىڭ قولىغا تېمىپ تۇرۇۋاتاتتى. باتلېر ئۇنىڭ قولىنى لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ يېنىك بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— بەكمۇ شەخسىيەتچى بولۇپ كېتىپسىز. خاتا دېمىگەندىمەن، سۆيۈملۈكۈم؟ ئۆزىڭىزنىڭ قىممەتلىك ھاياتىڭىزنىلا ئويلاپ، بىزنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلىتىمىزنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن كارىڭىز بولمايۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، مەن ئەڭ

ئاخىرىدا مەيدانغا چىقسام، بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئۇچۇن قانچىلىك ئىلھام بولىدۇ! — ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل يامان نىيەت ئارىلاشقان سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئاھ، رېت، — سكارلېت يىغلاپ كەتتى، — نېمىشقا ماڭا بۇنداق قىلىسىز؟ مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتمەكچى بولىسىز؟

— نېمە؟ — دېدى ئۇ خۇشال كۈلۈپ، — بەلكىم پۈتۈن جەنۇبلۇقلارغا ئوخشاش بىر خىل ئىسيانكار روھ مېنى شۇ كويلارغا سېلىۋاتقاندۇ ۋە ياكى مەن هازىر بۇرۇنقى ئىشلىرىمدىن نومۇسلىنىۋاتقاندىمەن، بۇنى كىم بىلىدۇ؟

— نومۇسلىنىۋاتقاندىمەن؟ سىز ئاخىر بىر كۈنى نومۇستىن ئۆلىسىز، بىزنى مۇشۇ يەرگە تاپانچىسىز تاشلاپ كەتكىنىڭىز ئۈچۈن ...

— سۆيۈملۈك سكارلېت، سىز تاپانچىسىز ئەمەس. سىزگە ئوخشاش شەخسىيەتچى ھەم ئۆز سۆز ئادەملەر ھەرگىز تاپانچىسىز قالمايدۇ. شىمالىلىقلار سىزنى تۇتۇۋالسا، ئاندىن ئۇلارغا خۇدا يۆلەك بولىدۇ.

سكارلېت قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچقان هالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇ هارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئايلىنىپ ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە كەلدى.

— پەسكە چۈشۈڭ!

سكارلېت كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. باتلېر قوپاللىق بىلەن ئۇنى هارۋىدىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ يەرگە قويدى. ئاندىن ئۇنى يەنە هارۋىدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىغا سۆرەپ ئاپاردى. سكارلېتنىڭ ئايىغى ئىچىگە قۇم - تاشلار كىرىپ پۇتىنى ئاغرىتىۋەتتى. تىمتاسلىق ۋە تىنچىق كېچە ئاسمىنى خۇددى چۈشتىكىدەك ئۇنى ئوراپ تۇراتتى.

— مەن سىزنىڭ مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ياكى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى تىلىمەيمەن، شۇنداق قىلامسىز، قىلمامسىز، ئۇنىڭ بىلەنمۇ كارىم يوق، چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ ئۆزۈم

قىلىۋاتقان ئەخمىقانە ئىشلىرىمنى چۈشەنمەيمەن، چۈشەنمىگەندىكىن ئەپۇمۇ قىلالمايمەن. پەقەت ۋۇجۇدۇمدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان شۇنچە كۆپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان قۇرۇق خىياللارغىلا نەپرەتلىنىمەن. بىراق، بىزنىڭ گۈزەل جەنۇب دىيارىمىز ھەربىر ئەركەكنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشىغا موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ باتۇر ئىشتات باشلىقىمىز بىروۋېن شۇنداق دېگەن ئەمەسمۇ؟ كېرەك يوق. مەن بەرىبىر ئالدىنقى سەپكە بارىمەن، — ئۇ تۇيۇقسىز قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك جاراڭلىق، شۇنچىلىك ئىختىيارىي ئىدى، قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان دەرەخلەردىنمۇ ئەكس سادا قايتتى، — «ئەگەر مەن شان - شۆھرەتنى ياخشى كۆرمىگەن بولسام، سۆيۈملۈكۈم، سىزنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتىم» — بۇ شۇنداق مۇۋاپىق گەپ، شۇنداقمۇ؟ ئۇ مەن ھازىر ئويلاپ چىققان ھەرقانداق گەپتىنمۇ مۇۋاپىق گەپ. چۈنكى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سكارلېت، مەيلى مەن ئۆتكەن كۈنى قاراڭغۇ كارىدوردا سىزگە نېمىلا دېگەن بولاي، بۇ مېنىڭ راست گېپىم.

ئۇنىڭ ئەزگۈ گەپلىرى شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى، قوللىرى، بىر جۈپ ئىللىق ۋە كۈچلۈك قوللىرى ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان مۈرىلىرىنى توختىماي سىلايتتى.

— مەن سىزنى سۆيىمەن، سكارلېت، چۈنكى ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئاجايىپ ئوخشىشىمىز. ئىككىلىمىز ئىسيانكار، سۆيۈملۈكۈم، شەخسىيەتچى مۇتتەھەملەر. پۈتۈن دۇنيا گۇمران بولۇپ كەتسىمۇ ئىككىمىزنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ، ئۆزىمىزلا بىخەتەر، راھەت ياشىساق بولدى.

ئۇ قاراڭغۇدا تۇرۇپ توختىماي سۆزلەۋاتاتتى، سكارلېت ئاڭلاۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئۇنى بۇ يەردە شىماللىق ئالۋاستىلارغا يالغۇز تاشلاپ بەرمەكچى. ئۇ بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق

خىيالى ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئىچىدە «ئۇ مېنى تاشلاپ كەتمەكچى! مېنى تاشلاپ كەتمەكچى!» دەپ ئويلايتتى، ئەمما يەقەتلا شۇ توپەيلى ھاياجانلانمايتتى.

كېيىن باتلېر كۆچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىدى. سكارلېت ئۇنىڭ كۆچلۈك يۈرىكىنىڭ بەدىنىگە تېگىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىمۇ مەيدىسىگە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. بىر خىل تېڭىرقاش، قورقۇش پۈتۈن بەدىنىنى چىرماپ، ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىت دېگەن نەرسىلەرنى كاللىسىدىن سۈپۈرۈپ چىقىرىۋاتاتتى. شۇ توپەيلى ئۇ خۇددى نېمە قىلسا قىلغىلى بولىدىغان قورچاققا ئوخشاش مىلىق - سىلىق، تايانچىسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالدى، ئەمما ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللاردىن ھوزۇر ئېلىۋاتقاندەكمۇ بولۇۋاتاتتى.

— ئۆتكەن ئايدا ماڭا دېگەن گېپىڭىزدىن يانماسسىزمۇ؟ ھېچقانداق نەرسە ئادەمگە خېيىم - خەتەر بىلەن ئۆلۈمدەك تەسىر قىلمايدىغۇ؟ ئازراق بولسىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىڭىزنى ئۇرغۇتۇڭ، سكارلېت. ئويلاپ بېقىڭا، بىر جەڭچىنى قۇربان بولۇشقا گۈزەل ئەسلىمىلەر بىلەن ئۇزاتسا قانداق ياخشى بولىدۇ.

باتلېر ئۇنى سۆيدى، بۇرۇتلىرى لەۋلىرىگە سانجىلىپ كەتتى، ئالدىرىماي، ئەمما شۇنچىلىك قىزغىن سۆيەتتى، خۇددى ئالدىدا پۈتۈن بىر كۈن ۋاقىت باردەك شۇنچىلىك ئالدىرىمايتتى. چارلېسمۇ، تارلېتون ئائىلىسىدىكى يىگىتلەرمۇ، كالۋېرت ئائىلىسىدىكى ئاكا - ئۇكىلارمۇ ئۇنى ئۇنچىلىك سۆيمىگەن، ۋۇجۇدىدا ھازىرقىدەك بىر قىزىپ، بىر مۇزلاپ تۇرىدىغان تۇيغۇ قوزغىيالمىغانىدى. ئۇ ئۇنىڭ بوينىنى كەينىگە قايرىپ، بويندىن تارتىپ تاكى كۆكرىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغان يەرلىرىگىچە سۆيدى.

— جېنىم، سۆيۈملۈكۈم! — دەپ ئىڭرايتتى ئۇ.

سكارلېت قاراڭغۇدا ھارۋىنىڭ قارىسىنى غىل - پال ئىلغا

قىلىپ قالدى، ئارقىدىنلا ۋادىنىڭ: «ئاپا، قورقۇۋاتىمەن!» دەپ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىردىنلا ئىدراك ئۇنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان يۈرىكىنى ئىگىلەپ، ئۇنتۇپ قالغان ئىشنى ئېسىگە سالدى ... ئۇ ئېسىگە كېلىپ قورقۇپمۇ كەتتى. باتلېر ئۇنى تاشلاپ كەتمەكچى، تاشلاپ كەتمەكچى! ھۇ ئۆلمەيدىغان لۈكچەك. يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، چوڭ يولدا نومۇسسىز تەلەپنى قويۇپ مېنى ھاقارەتلەۋاتقىنىنى ئۇنىڭ! غەزەپ ۋە نەپرەت سىكارلېتنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتىدى، ئۇ قەددىنى رۇسلىدى ـ دە، بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ قوينىدىن چىقىۋالدى.

— ھۇ لۈكچەك! — ۋارقىراپ كەتتى ئۇ. ئارقىدىن ئىنتايىن زەھەرلىك تىللار بىلەن تىللاش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ لىنكولىن بىلەن ماكلىنتوشلۇقلارنى تىللىغان تىللىرىنى ئويلاپ زادىلا تاپالمىدى، — ھۇ بوزۇق! نومۇسسىز پاسكىنا ئىپلاس! — كەينىدىن ئۇنىڭ كاچىتىغا بار كۈچى بىلەن بىر شاپىلاق سالدى.

رېت باتلېر كەينىگە شوخشۇپ، مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ قالدى.

«ھىم» باتلېر جىمجىت تۇرۇپ دىمىقىنى قېقىپ قويدى، ئاندىن ئىككىسى قاراڭغۇدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئېغىر تىنىقلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۆزىمۇ خۇددى ئۇزۇن يولنى يۈگۈرۈپ كەلگەندەك ھاسىراپ تۇراتتى.

— ئۇلار توغرا دەپتىكەن! ھەممىسى راست دەپتۇ، سىز ئېسىلزادىلەردىن ئەمەس ئىكەنسىز. سۆيۈملۈك قىزچاق، — دېدى باتلېر، — بۇ قىلىقىڭىز بولمىدى.

— كېتىڭ! ھازىرلا كېتىڭ! سىزنى مەڭگۈ كۆرمەي. ئىلاھىم، زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئاستىدا قالارسىز. ئوق بېشىڭىزغا چۈشۈپ پارە ـ پارە قىلىۋەتسۇن. مەن ...

— بولدى، گەپ قىلماڭ، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى

ئاساسەن چۈشەندىم. مېنىڭ ئىسمىم دۆلەت ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندا، سىزنىڭ ۋىجدانىڭىزنىڭ ئازابلانمىغىنىنى كۆرەي.

سىكارلېت ئۇنىڭ كۈلگەن بويى نېرى كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن هارۋىنىڭ قېشىغا ماڭدى. رېت باتلېر ئۇنىڭ ئالدىدا بېرىپ گەپ قىلىۋاتاتتى، ھەر قېتىم مېلانىيەگە گەپ قىلغاندەك، تەلەپپۇزى شۇنچىلىك يۇمشاق، شۇنچىلىك ئەۋرىشىم ئىدى.

— ۋىلكېس خانىم قېنى؟

پىرىسسىي ھارۋىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئالاقزەدىلىك بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەردى.

— ۋاي خۇدايىم، كاپىتان باتلېرمۇ سىز؟ مېلانىيە خانقىز خېلى بولدى ھوشىدىن كەتتى.

— ئۆلۈپ قالمىغاندۇ؟ تىنىقى بارمۇ؟

— بار، ئەپەندى، تىنىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە ھېچ ئىش بولمىغۇدەك، ئېسى بولغان بولسا ئۇنىڭغا تاراغا بارغۇچە نۇرغۇن ھەرەج تارتىدىغانلىقىنى دەپ قويماقچىدىم. ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلار، پىرىسسىي. مانا ماۋۇ پۇلنى ئال، ھەرگىز بىخۇدلۇق قىلما!

— ماقۇل، ئەپەندى، رەھمەت، ئەپەندى.

— خەير خوش، سىكارلېت.

سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىگە يۈزلەنگەنلىكىنى بىلىپ تۇردى، ئەمما گەپ قىلمىدى. ئىچ - ئىچىدىن نەپرەتلىنىپ تۇرغاچقا گەپ قىلالماي قالدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ماڭغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە گەۋدىسىنى غىل - پال كۆرۈپ تۇردى. ئۆزاقتا بارماي ئاياغ تىۋىشى يىراقلاپ بىر چاغدا پەقەتلا ئاڭلانمىدى. سىكارلېت ئاستا مېڭىپ ھارۋىنىڭ يېنىغا كەلدى، پۇتلىرى دىرىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

ئۇ نېمىشقا كېتىدۇ؟ نېمىشقا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ؟ نېمىشقا ئاللىبۇرۇن مەغلۇپ بولغان ئىشلارغا ئەمدى ئۆزىنى ئۇرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ تەلۋە دۇنيانىڭ قولى بولماقچى بولىدۇ؟ چىرايلىق ئايالالار بىلەن شېرىن شارابلار ئىچىدە، راھەت - پاراغەتتە ياشاۋاتقان، جەنۇبتىن، ئارمىيەگە قاتنىشىشتىن بىزار بولغان، ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدىغان رېت باتلېر ئەمدىلىكتە نېمىدەپ ئۇ تەرەپكە كېتىدۇ؟ شۇ تۇرقىدا ئۇ چىرايلىق ئۆتۈكلىرى بىلەن دەسسەپ كېتىۋاتقان ئۇ يول ئاچارچىلىق، ھارغىنلىق، ئازابلىق جەڭ، ئۆلۈم، ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن تولغان، چىلبۆرىلەر ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان، ئاقىۋەتتە ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان يول ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بېرىشى ھاجەتسىز ئىدىغۇ؟ ئۇ بايلىق ئىچىدە بىخەتەر، راھەت ياشاۋاتاتتىغۇ؟. ئەمما، ئۇ ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەكچى، سكارلېتنى ئۆيىگە بارغۇزماي، ئالدىنى توسۇۋالىدىغان شىماللىق ئالۋاستىلارغا تاشلاپ بېرىپ كەتمەكچى.

سكارلېت بايا ئۇنى تىللىماقچى بولغان ئەڭ يامان تىللارنى ئېسىگە ئالدى، لېكىن كېچىككەنىدى. ئۇ ئاتنىڭ بويىنىغا بېشىنى قويۇپ ئۈنلۈك يىغلاپ كەتتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

ئەتىگەندە بېشى ئۈستىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چۈشكەن كۈننىڭ تەپتى سكارلېتنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇخلاپ قالغان يېرى بەكمۇ تار بولغاچقا، تۈگۈلۈپ پۇت - قوللىرى كۆيۈشۈپ كەتكەنىدى. دەرمەھەل ئۆزىنىڭ نەدە ياتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، كۈننىڭ نۇرى چېقىپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. قانداقتۇر بىر نەرسە ئىككى پۇتىنى بېسىپ

ئاغرىتىۋاتاتتى. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋادىنىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. مېلانىيەنىڭ ئىككى پۇتى سىكارلېتنىڭ بۇرنىغا تېگىپ قالاي دېگەندى، پىرىسسى ھارۋىنىڭ ئورۇندۇقى ئاستىدا مۈشۈككە ئوخشاش تۈگۈلۈپ ياتاتتى. بوۋاق ئۇنىڭ بىلەن ۋادىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى.

بىر ئازدىن كېيىن، سىكارلېت ھەممە ئىشنى ئېسىگە ئالدى، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىغا قارىدى، خۇداغا شۈكۈر، بىرمۇ شىماللىق ئالۋاستى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار يوشۇرۇنۇپ ياتقان بۇ يەرنى ئاخشام ھېچكىم بايقىماپتۇ. ئاخشامقى بارلىق كەچۈرمىشلىرى: رېت باتلېرنىڭ ئاياغ تاۋۇشى يوقالغاندىن كېيىنكى قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايدىغان جاپالىق سەپەر، ئۇزاققا سوزۇلغان كېچە، ئۈچەي - باغرى چۇۋۇلۇپ كەتكۈدەك چايقىلىپ ماڭغان كاتاڭ يوللار، يول ياقىسىدىكى چۈشۈپ كېتىش خەتىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭقۇر ھاڭلار، پىرىسسى ئىككىسىنىڭ ھارۋا چاقىنى كاتاڭلاردىن چىقىرىش ئۈچۈن كۈچەپ كەتكەن تەلۋە كۈچلىرى بىر - بىرلەپ خىيال ئېكرانىدا قايتا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ كاج ئېتىنى ئەسكەرلەرنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندا، ئۇلارنىڭ دۈشمەن ياكى ئۆز ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئېتىزلىقلارغا، ئورمانلارغا نەچچە - نەچچە قېتىم سۆرەپ كىرگەنلىكىنى ئەسلەپ چىقتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئېتىنى تارتىۋېلىشىدىن، ھارۋىدىكىلەرنىڭ يۆتىلىپ - چۈشكۈرۈپ ياكى ۋادىنىڭ ھېق تۇتۇپ قېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورققانىدى.

ئاھ، ئۇ قاراڭغۇ يوللار! زۇۋان سۈرمەي مېڭىشلار! ئۇ يوللاردا پاتقاقتا شىلىقشىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرى، چۇلۇۋۇرنىڭ ئاتنىڭ بەدىنىگە تارسىلداپ تېگىپ تۇرغان ئاۋازلىرى، ئاتنىڭ خورۇم جابدۇقلىرىنىڭ سۈركىلىپ غىچىرلاشلىرىدىن باشقا ئاۋاز يوق. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق مىنۇتلار ئۇ! ئۇلارنىڭ كېسەلچان ئېتى ماڭماي تۇرۇۋالغان،

ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن توپچى ئەسكەرلەرنىڭ قاراڭغۇدا ئۇلارغا سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغلىرى نەقەدەر قورقۇنچلۇق. ئارىلىقنىڭ يېقىنلىقىدىن قولنى سوزسىلا ئۇلارغا يېتەتتى، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن كېلىۋاتقان تەر پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئۇلار ئاخىر روگ ـ رېئادنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ، يىراقتا بىرنەچچە يەردە گۈلخان يېقىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار گېنېرال روبېرت لېنىڭ چېكىنىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى قوشۇنى ئىدى. سكارلېت بىر ئىنگلىز مىلى كەلگۈدەك يولنى ئېتىزلىقلار بىلەن ئايلىنىپ مېڭىپ، ئۇلارنىڭ گۈلخانلىرى كۆرۈنمىگۈدەك يەرگە بارغاندا توختىدى. ئۇ يولدىن ئېزىپ قالغانىدى. ھەرقانداق قىلىپمۇ ھېلىقى ھارۋا يولىنى تاپالماي تىت ـ تىت بولۇپ يىغلاپ كەتتى. ئاخىر ئۇ يولنىمۇ تاپتى. لېكىن ئات يېتىۋېلىپ زادىلا قوپمىدى، پىرىسسىي ئىككىسى نۇرغۇن ھەپىلىشىپ قوپتۇرالمىدى.

ئاخىر بولماي ئاتنى ھارۋىدىن چىقىرىۋېتىپ ھارۋىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى قاتتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى، سۆڭەكلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. شۇ ھالەتتە ئۇ مېلانىيەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى، ئۇ تولىمۇ ئاجىز، خۇددى ئەپۇ سوراۋاتقاندەك چىقىۋاتقان ئاۋاز ئىدى.

— سكارلېت، ماڭا ئازراق سۇ بەرسىڭىزچۇ، بولامدۇ؟

سكارلېت: «سۇ يوق» دېگىنى ئېسىدە، قالغىنىنى بىلمەيدۇ، شۇئان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ھازىر سەھەر ۋاقتى، جاھان تىنچ ۋە سۈرلۈك، ئەتراپ يېشىلچىلىق، قۇياش ئالتۇن نۇرىنى يەر يۈزىگە سېپىپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپتا بىرمۇ ئەسكەر كۆرۈنمەيدۇ. سكارلېت قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى، ئۇسسىغانلىقىنى ھېس قىلدى. پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆزىگە ھەيران ئىدى: سكارلېت ئوخارا ماموق تۆشەكلەردە ئۇخلاپ چوڭ بولغان قىز ئىدى، بۈگۈن قانداق

بولۇپ قاتتىق ياغاچنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئۇ قۇياشتىن كۆزىنى توسۇپ تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت مېلانىيەنى كۆرۈپلا قورققىنىدىن چىرايىدا قان قالمىدى. مېلانىيە مىدىر ـ سىدىر قىلماي، تىنىقىمۇ يوق، ئۆلگەن ئادەمدەك تۈپتۈز ياتاتتى، چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن ئازابلارنى تارتقان چىرايى بەئەينى قېرى مومايىنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالغانىدى. چۇۋۇلۇپ كەتكەن قاپقارا چاچلىرى يۈزى ئۈستىدە يېيىلىپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ بوش تىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپ خاتىرجەم بولدى.

سىكارلېت قولىنى چېكىسىگە قويۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇلار بىر ئائىلىنىڭ ئالدى قورۇسىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالغانىدى. ئالدىدىكى شېغىل ياتقۇزۇلغان يالغۇز ئاياغ يول ئىككى تەرىپى دەرەخلىك چوڭ يولغا تۇتىشاتتى. سىكارلېت شۇنىڭغا قاراپ بۇ يەرنىڭ ماللورى كەنتى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

«ماللورىغا كېلىپ قاپتىمىزغۇ !» خۇشاللىقىدا سىكارلېتنىڭ يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ يەردىن ياردەمگە دوستلارنى تاپقىلى بولاتتى.

لېكىن، پۈتۈن قورۇقنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقان، ئەتراپتىكى ئوت ـ چۆپلەر ئاتلار ۋە ئادەملەرنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ توپا چىقىپ كەتكەنىدى. سىكارلېت ئۆيلەرگە قارىدى. ئۇنىڭغا تونۇش قەدىمكى پاسوندا سېلىنغان بالىخانىلىق ئۆيلەر كۆيۈپ قارىداپ، تاملىرى ۋە ئېگىز تۇرخۇنلۇقلارلا قاپتۇ.

سىكارلېت ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ تارانىمۇ مۇشۇنداق ۋەيرانە، سۈرلۈك قىياپەتتە كۆرەرمۇ؟

«هازىرچە بۇ ئىشلارنى ئويلىماي، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ئىتتىكلا، — ئويلاۋەرسەم تېخىمۇ قورقۇنچ ئىچىدە قالىمەن.» ئەمما، ئويلىماسلىق ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئەمەس ئىدى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا تارانىڭ خارابە هالىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ يۈرىكى قاتتىق سالاتتى: «ئۆيگە قايت ! چاپسان ماڭ ! چاپسان !» دەپ نىدا قىلاتتى.

ئۇلار ئۆيگە قاراپ دەرھال يولغا چىقىشى كېرەك. ئەمما، ئاۋۋال قورساقلىرىغا ئازراق بىر نەرسە يەۋالمىسا، سۇ ئىچىۋالمىسا بولمايدۇ ـ دە. بولۇپمۇ ئۇلارنى ئۇسسۇزلۇق بەكرەك قىيناپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ پىرىسسىنى ئويغاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ:

ــ سىكارلېت خانقىز، مەن تېخى ئۆزۈمنى جەننەتكە كىرىپ بولدۇم، ئەمدى مەڭگۇ ئويغانمايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم، ــ دېدى.

ــ سەن تېخى ئۇ يەردىن خېلى يىراق، ــ سىكارلېت سۆزلەۋېتىپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن كەينىگە تاراپ قويدى. ئۇنىڭ يۈزى ھۆل، بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەر ئىدى. ئۆزىگە ھەممە يېرىنى مەينەتچىلىك بېسىپ يۇراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. كىيىملىرى بىلەنلا ياتقاچقا، ھەممە يېرى پۇرلىشىپ شۇنچىلىك سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇگۈنكىدەك چارچىغان ئەمەس ئىدى، ھەممە يېرى ئاغرىپ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك بىلىنىپ كېتىۋاتتى. ئاخشامقى ھارغىنلىق ئۇنى ھازىرغىچە قىيناپ مىدىر قىلدۇرمايۋاتاتتى.

ئۇ ئېگىشىپ مېلانىيەگە قارىدى، ئۇ قارا كۆزلىرىنى خېلى بۇرۇنلا ئېچىۋالغانىدى. ئۇ كۆزلەر غەلىتىلا، خۇددى ئوتنىڭ تەپتىدە قالغاندەك پارقىراپ تۇراتتى، ئاستى تەرەپتە خېلىلا چوڭقۇر كۆك بار ئىدى. ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئاران تەستە مىدىرلىتىپ: «سۇ !» دېدى.

ــ ئورنۇڭدىن تۇر، پىرىسسى، ــ دېدى سىكارلېت بۇيرۇق قىلىپ، ــ قۇدۇققا بېرىپ ئازراق سۇ تارتىپ كېلەيلى.

ــ بىراق، سىكارلېت خانقىز، ئۇ يەردە چوقۇم جىن بار. بىرەرسى ئۆلۈپ قالغانمۇ تېخى.

ــ ھارۋىدىن چاپسان چۈشمەيدىغان بولساڭ ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن ! ــ سىكارلېت ئاستا ھارۋىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ پىرىسسى بىلەن دە ـ تالاش قىلىدىغانغا ھەپىسىلىسى يوق ئىدى.

بىردىنلا ئات يادىغا كېلىپ قالدى. بۇ چاغقىچە ئۆلۈپ قالدىمۇ تېخى. ئاخشام ئۇنى هارۋىدىن چىقىرىۋاتقاندىلا ئۆلەي دەپ قالغانىدى. ئۇ دەررۇ هارۋىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاتنىڭ يېنىغا باردى. ئەگەر ئات ئۆلۈپ قالمىغان بولسا، ئۇ چوقۇم خۇدانى قارغاپ ئاندىن ئۆزى ئۆلۈپ قالاتتى. «ئىنجىل»دا بىرسىنىڭ خۇدانى قارغاپ، كېيىندىنلا ئۆزى ئۆلۈپ قالىدىغان بىر ۋەقە سۆزلىنىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆزىنى شۇنداق ئويلاپ قالدى. سىكارلېت ئۇ ئادەمنىڭ شۇ چاغدىكى روهىي هالىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى مانا ئەمدى تولۇقى بىلەن هېس قىلىۋاتاتتى. خۇداغا شۈكۈر، ئات تىرىك ئىكەن، تېخىچە ئېغىر تىنىپ تۇرۇپتۇ. كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق، ئەمما هايات. ئۇنىڭغا ئازراق سۇ بەرسە جانلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

پىرىسسي زورىغا هارۋىدىن چۈشۈپ سىكارلېتنىڭ كەينىدىن قۇدۇق ئىزدەپ ماڭدى، كېتىۋېتىپ ئەتراپىغا تىنماي قارايتتى. خارابىلىكنىڭ كەينىدە قاتار سېلىنغان قۇللارنىڭ ئۆيلىرى تۇراتتى، ئەتراپ جىمجىت، بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇلار شۇ يەردىن بىر قۇدۇق تاپتى. ئارغامچىغا باغلاقلىق چېلەك قۇدۇقتا ساڭگىلاقلىق تۇراتتى. پىرىسسي ئىككىسى مىڭ تەستە قۇدۇقتىن بىر چېلەك سۇنى تارتىپ چىقتى. سىكارلېت سۇپسۇزۇك قۇدۇق سۈيىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى باسالماي گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى، ئالدىراپ ئىچىپ كىيىملىرى سۇدا هۆل بولۇپ كەتتى.

ئۇ سۇنى ئىچىپ قانمايتتى، پىرىسسي تاقەتسىزلىنىپ:

— ئەمدى بولدى، سىكارلېت خانقىز. مەنمۇ ئىچىۋالاي، — دېگەندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭمۇ سۇغا تەشنا بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— چېلەكنى ئارغامچىدىن يېشىپ ئۇلارغا ئېلىپ بارايلى، ئۇلار قېنىۋالغاندىن كېيىن ئاتقا بېرىمىز. مېلانىيەنىڭ بالا ئېمىتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بولمىسا بالا ئاچتىن

ئۆلىدۇ.

— بىراق، سىكارلېت خانقىز. مېلانىيە خېنىمنىڭ سۈتى يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— ئۇنداق ئايالLارنى مەن كۆپ كۆرگەن.

— ئەمدى سەن ماڭا ھەممىنى بىلىدىغاندەك گەپ قىلما. تۇغۇت تۇغدۇرۇشتىن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغىنىڭنى ئاخشام بىلدىم. چاپسان بول. مەن يەيدىغانغا بىر نەرسە تېپىپ كېلەي.

سىكارلېت نۇرغۇن ئىزدەپ ھېچنېمە تاپالماي، ئاخىرىدا باغدىن ئازراق ئالما تېرىپ كەلدى. ئالمىلارنىمۇ ئەسكەرلەر ئۈزۈپ تۈگەتكەنىدى. يەردىكىلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك سېسىپ كەتكەنىدى. ياخشىلىرىنى تاللاپ يانچۇقىغا قاچىلاپ كەينىگە ياندى. قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئايىغىغا ئۇششاق تاشلار كىرىپ قېلىپ پۇتلىرىنى ئاغرىتىۋەتتى. نېمىشقا تۈنۈگۈن ئاخشام قاتتىقراق ئاياغ كىيىۋالمىدى؟ نېمىشقا ئاپتاپ توسۇيدىغان شىلەپىدىن ئېلىۋالمىدى؟ يەيدىغانغا ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە ئېلىۋالماپتىغۇ؟ نېمىدېگەن دۆت ئۇ! بىراق، ئۇ چاغدا ئۇ بىزنى رېت باتلېر مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭىدۇ، دەپ ئويلىغان ـ دە.

رېت! ئۇ ئىختىيارسىز يەرگە بىرنى تۈكۈردى. بۇ ئىسىمنىڭ ئۆزىمۇ شۇنچىلىك سېسىق ـ ھە! سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتى شۇنچىلىك قاتتىق! ئۇ نېمىدېگەن يۈزسىز ئادەم! بىراق، ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆيۈشىگە يول قويىدىغۇ ... تېخى خۇشالمۇ بولدى. راست، سىكارلېت تۈنۈگۈن ئاخشام ساراڭلىق قىلدى. نېمىدېگەن نومۇسسىز ئادەم ئۇ.

سىكارلېت ئالمىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇلارغا بېرىپ، قالغىنىنى ھارۋىنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويدى. ئات ئورنىدىن تۇرغانىدى، سۇ ئىچكەن بولسىمۇ ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئاپتاپتا ئاخشامقىدىنمۇ بەتتەر كۆرۈنەتتى. سىكارلېت ئۇنى ھارۋىغا قوشۇۋاتقاندا، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى ناھايىتى ئاۋايلاپ

تۇراتتى. يۈگەن سىلىۋاتقاندا ئۇ ئاتنىڭ بىرمۇ چىشىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. ھامىنى ئوغرىلىغاندىكىن، رىت نېمىشقا تۇزۇكرەك ئاتنى ئوغرىلىمىغان بولغىيدى؟

سكارلېت ھارۋىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، چىۋىق بىلەن ئاتنىڭ دۈمبىسىگە بوش ئۇرۇپ قويۇۋىدى، ئات ئاران تەستە ئورنىدىن قوزغالدى، لېكىن قەدىمى تولىمۇ ئاستا ئىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن سكارلېتمۇ ماڭغان بولسا ئۇنىڭدىن تېزرەك ماڭغان بولاتتى. مېلانىيە، ۋاد، پىرىسسىي ھەم بوۋاق بولمىغان بولسا، سكارلېت ئۆزى يالغۇز پىيادە مېڭىپ بولسىمۇ تاراغا، ئاپىسىنىڭ قېشىغا بېرىۋالغان بولاتتى.

تاراغا يەنە ئون بەش ئىنگلىز مىلى ئارىلىق بار ئىدى، ئەمما ئات مۇشۇ مېڭىشى بىلەن ماڭىدىغان بولسا، ئۇ يەرگە توپتوغرا بىر كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. يەنە نۇرغۇن يول يۈرگەندە، تارا بىلەن ئاپىسى ئامان ـ ئېسەنمۇ يوق، ئاندىن بىلەتتى، يەنە نۇرغۇن سائەتلەردىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ ئاپتىپىدا قىلىنغان بۇ سەپەر ئاياغلىشاتتى.

سكارلېت كەينىگە قايرىلىپ مېلانىيەگە قاراپ قويدى. ئۇ كۈننىڭ نۇرىدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى. سىكارلېت بېشىدىكى شلەپىسىنى پىرىسسىيگە تاشلاپ بېرىپ:

— بۇنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېپىپ قوي، بولمىسا كۆزلىرىنى ئاپتاپ چېقىپ كېتىدۇ، — دېدى.

ئەمدى ئۇنىڭ يۈزى ھېچقانداق مۇداپىئە يوق ئاپتاپتا قالدى. «كۈن پاتقۇچە يۈزلىرىمگە ئۇششاق بىر نېمىلەر ئۆرلەپ كېتىدىغان بولدى ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

ئۇ بۇگۈنگىچە بېشىغا شلەپە كىيمەي، دۈمبىسىگە ياغلىق ئارتماي ئاپتاپقا چىقىپ باقمىغانىدى، بىر جۈپ ئاپپاق قوللىرىمۇ ئارغامچا دېگەندەك نەرسىلەرنى تۇتۇپ كۆرمىگەن. ئەمدى ھازىر ئاپتاپنىڭ كۈچلۈك تەپتىدە كېسەلچان ئاتنى ھەيدەپ كېتىۋاتىدۇ، قورسىقى ئاچ، بەدىنى گۈپۈلدەپ تەر يۇراپ تۇرىدۇ.

بىر نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم، راھەتتە ئىدى. ھەممىلا ئادەم ئۇ چاغدا ئاتلانتانى دۈشمەن يىمىرەلمەيدۇ، جورجىيەگىمۇ دۈشمەن بېسىپ كىرەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتى ... ئۇ ئىشلار خۇددى تۇنۇگۇنكى ئىشلاردەكلا تۇرۇپتۇ. تۆت ئاينىڭ ئالدىدا جەنۇبىي شىمال تەرەپتە كۆرۈنگەن كىچىككىنە بىر پارچە بۇلۇت ناھايىتى تېزلا بوران پەيدا قىلىپ، سكارلېتنىڭ پۈتۈن دۇنياسىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئۆزىنىمۇ ئۇ ھىماتخانىدىن ئۇچۇرۇپ چىقىپ بۇ قاقاسلىققا ئەكېلىپ تاشلىدى.

تارا تىنچ ـ ئامانمىدۇ؟ ياكى جورجىيەدىن كۆتۈرۈلگەن ئۇ مۇدھىش بوران ئۇنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتكەنمىدۇ؟

سكارلېت ئاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، چىۋىق بىلەن ساغرىسىغا توختىماي ئۇرۇشقا باشلىدى. ھارۋا ئەگرى ـ بۈگرى كاتاڭ يولدا خۇددى مەست ئادەمدەك چايقىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ قاتتىق سىلكىگىلى تۇردى.

ھاۋا تىنچىق ئىدى. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئېتىزلىقلارغا ئاخىرقى نۇرىنى سېپىپ تۇراتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت. ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغان بۇ جىمجىتلىق سكارلېتنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردىكى ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئادەمزاتسىز ئۆيلەر، خۇددى قاراۋۇللارغا ئوخشاش چوقچىيىپ تۇرغان ۋەيرانە تۇرخۇنلار ئۇنىڭ قورقۇنچىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. تۈنۈگۈن ئاخشامدىن ھازىرغىچە ئۇلار تىرىك بىر ئادەم ياكى ھايۋان ئۇچرىتىپ باقمىدى. ئەمما، ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى، ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنى ماڭدامدا بىر ئۇچراتقىلى بولاتتى. قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى، شامالمۇ يوق ئىدى. ئاستا كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بىلەن بوۋاقنىڭ يىغىسىلا ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

يېزىلار خۇددى قورقۇنچلۇق بىر سېھىر ئىچىدە ياتقاندەك

كۆرۈنەتتى. سىكارلېت ئۇنى ئۆزىگە تونۇش ئانىنىڭ ئوماق چىرايىغا ئوخشاتتى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى، ئۆلۈم ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ ئاندىن جىمىپ كەتكەن چىرايىغا ئوخشايتتى. بۇ تونۇش ئورمانلىقلاردا چوقۇم ئەرۋاھلار بار. جونېسبورودىكى جەڭدە ئۆلگەن ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەستۇ. ئۇلار مۇشۇ ئورمانلىقتا، دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان يەرلەردە، مەيلى ئۆز، مەيلى دۈشمەن بولسۇن، ھەممىسىنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلەنگەن، كۆزلىرى قانغا تولغان، ئۇلار ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۆزلىرى بىلەن سىكارلېتقا قاراپ تۇرۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

«ئاپا! ئاپا!» ئۇ بوش ئاۋازدا نالە قىلدى. ئۇ بۇ مۇشكۈلچىلىكلەرنى يېڭىپ ئېللېننىڭ يېنىغا بېرىۋالسا قانداق ياخشى بولاتتى. خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن تارا ئامان ـ ئېسەن بولۇپ، سىكارلېت دەرەخلىك يول بىلەن ھارۋىنى ھەيدەپ تاراغا كىرىپ بارسا، ئاپىسىنىڭ مېھرىبان چىرايىنى كۆرسە، يۇمشاق، چېۋەر، بارلىق يامانلىقلارنى يوق قىلىۋېتەلەيدىغان قوللىرىنى يەنە بىر قېتىم سىلىسا، ئېتەكلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ئۇنىڭغا ئورىلىۋالسا، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ. ئاپىسى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، مېلانىيە بىلەن بوۋاق ئۇنىڭ قولىغا ئۆتسىلا ھايات قالىدۇ. ئۇ بارلىق قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى خاتىرجەم تۇرۇپ قوغلىۋېتەلەيدۇ. لېكىن، ئاپىسى ئاغرىق، سەكراتتا ياتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

سىكارلېت ئاتقا يەنە بىر قامچا سالدى. ئۇلار تېزرەك مېڭىشلىرى كېرەك. ئۇلار ئىسسىقتا بۇ تۈگىمەس يولنى توپتوغرا بىر كۈن ماڭدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى، ئىتتىكرەك ماڭمىسا يەنە دالادا قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاپىرىپ كەتكەن قوللىرىدىكى بوجىنى تېخىمۇ قاتتىق سىلكىپ ئاتنى غەزەپ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ھەر قېتىم ئۇرغاندا ئۆزىنىڭ بىلىكى خۇددى لازا سېپىۋەتكەندەك قاتتىق

ئاغرىپ كېتەتتى.

ئۇ تاراغا، ئاپىسىنىڭ ئىسسىق قوينىغا تېزرەك يېتىۋالسىلا بولاتتى، شۇ چاغدا زىممىسىدىكى ئۆزىنىڭ يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ئۆلەر ھالەتتە ياتقان بۇ ئايال، تېز ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان بوۋاق، قورقۇپ جېنى چىقىۋاتقان ئۇ نېگىر قىز ئۇنىڭدىن كۈچ ـ مەدەت، يول تىلەيتتى، ئۇنىڭ تىك تۇرغان قەددىدىن كۈچ ـ قۇدرەت تاپاتتى. ئەمما، ئۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تولۇق ئەمەس، ئاللىبۇرۇن ئىشلىتىلىپ بولۇنغانىدى.

ئاتنىڭ ئەمدى تاياق ـ توقماقلارغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان مادارى يوق، ئۆرە تۇرۇپ مېڭىپ بېرىۋاتقىنىلا قالغانىدى، بەزىدە كىچىككىنە تاشلارغىمۇ پۇتلىشىپ مۇدۇرۇپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا، ئۇلار ئاخىرقى مۇساپىنى بېسىپ تاراغا بىر ئىنگلىز مىلى قالغان چوڭ يولغا يېتىپ كەلدى.

قاشالار قارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ماكلىنتوشنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر كاۋچۇكزارلىققا كېلىپ سكارلېت ئاتنى توختاتتى. بۇ يول ئانگۇس ماكلىنتوشنىڭ تۇرار جايىغا تۇتىشاتتى. ئۇ يەر قاپقاراڭغۇ، ئۆيلەر ياكى لاپاسلاردا چىراغ يورۇقلىرىمۇ يوق. سكارلېت ئۇ يەرگە تازا سىنچىلاپ قاراپ، ئەتىگەندىن بېرى كۆرۈپ كۆزلىرى ئادەتلىنىپ كەتكەن مەنزىرىنى كۆردى. ئۆيلەر ۋەيرانە، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنىڭ ئورنى خۇددى كۆزىنى ئويۇۋالغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك يوغان كامار.

— ۋەي! — ئۇ جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدى، — ۋەي!

پىرىسسىي قورقۇپ ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى، سكارلېت ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغىناپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— تۇۋلىمىسىڭىزچۇ، سىكارلېت خانقىز! ئۆتۈنۈپ قالاي، تۇۋلىماڭە! — ئۇنىڭ ئاۋازى بوش ھەم تىترەپ تۇراتتى، — كىم بىلىدۇ، ئۇ تەرەپتىن نېمە سادا كېلىدۇ.

«ۋاي خۇدايىم، — سىكارلېت ئويلىدى، ئىختىيارسىز تىترەپمۇ كەتتى، — ۋاي خۇدايىمەي، ئۇمۇ راست دەيدۇ، باشقا بىر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالمىسۇن يەنە.»

ئۇ بوجىنى سىلكىدى، ئات يەنە قوزغالدى، ماكلىنتوشنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدلىرىمۇ كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇ ئۆيلەر كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان، ئىچىدە بىرمۇ ئادىمى قالمىغانىدى. بۇ يەر تاراغا يېرىم ئىنگلىز مىلى كېلەتتى، مۇشۇ يولنىڭ ئۇ بېشى تارا ئىدى. تارامۇ چوقۇم خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇ يەردە كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن خىشلىق تاملارنىلا كۆرىدۇ. ئېللېن، گېرالد، ئىككى سىڭلىسى، نېگىر ئانىسى، نېگىر قۇللار، ھەممىسى يوق. ئۇلارنىڭ نەلەرگە كەتكەنلىكىنى بىر خۇدا بىلىدۇ.

ئۇ نېمىشقا بۇنچىلا ئەخمەقلىق قىلىدى، ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ بىر هارۋا ئادەمنى ئېلىپ بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىدۇ؟ ئۇلار ئاتلانتادىلا ئۆلۈپ تۈگىسە بولمامدۇ؟ ئاپتاپتا كۆيۈپ، كېچە ـ كۈندۈز جاپا تارتىپ، ئۇ ۋەيرانە يەرگە ئۆلگىلى كەلدىمۇ؟

بىراق، ئاشلېي مېلانىيەگە قاراپ قويۇشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. ئاھ، گۈزەل ھەم قايغۇلۇق ئاشۇ بىر كۈن. شۇ كۈنى ئاشلېي مەڭگۈلۈككە كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈپ خوشلاشقان، «ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسىز، شۇنداققۇ؟ ماڭا ماقۇل جاۋاب بېرىڭ!» دېگەن، سىكارلېت ماقۇل بولغان. ئۇ نېمىشقا ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىدۇ؟ ئاشلېي ئۆلۈپ، ئىككى دەردكە تەڭ قالىدىغان بۇ ۋەدىنى ئۇنىڭغا بەرمىسە بولمامتى؟ شۇ تۇرقىدا چارچاپ تۇرۇۋاتسىمۇ مېلانىيەگە، ئاسلاندەك مىياڭلاپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇ بوۋاققا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچلۈك قىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى

ئاجىزلاۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ ۋەدىنى بېرىپ بولغان، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا مەنسۇپ، خۇددى پىرىسسىي بىلەن ۋادقا ئوخشاش. شۇ تۇپەيلى، بەدىنىدە ئازراق بولسىمۇ ماغدۇرى ياكى تىنىقىلا بولىدىكەن، ئۇلار ئۇچۇن تىرىشىپ ـ تىرمىشىدۇ، ئېلىشىدۇ. ئەسلىدە ئۇ مېلانىيەنى ئاتلانتادا دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، شۇنداقلا قىلىدىغان بولسا، مەيلى بۇ دۇنيادا ياكى ئۇ دۇنيادا بولسۇن، ئاشلېينىڭ يۈزىگە مەڭگۈ قارىيالمايتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوغلىنى نامەلۇم ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى بىلەن كارى بولمىغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيتتى.

ئاھ، ئاشلېي! بۈگۈن ئاخشام سىكارلېت سېنىڭ خوتۇنۇڭ بىلەن ئوغلۇڭنى قاراڭغۇ يوللار بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، سەن نەلەردە يۈرۈۋاتقانسەن؟ سەن تىرىكمۇ؟ تۈرمىدە يېتىپ تۇرۇپ ئۇنى ئويلارسەنمۇ؟ ياكى سەن چېچەك چىقىپ ئۆلۈپ كېتىپ، سانسىزلىغان جەنۇبلۇق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بىلەن بىللە نامەلۇم بىر يەرلەردىكى قەبرىستانلىقلاردا چىرىپ ياتقانسەنمۇ؟

بىردىنلا سىكارلېتنىڭ نېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ كەتتى، چاتقاللىقنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. پىرىسسىي سەت چىرقىراپ ئۆزىنى ھارۋىنىڭ ئىچىگە ئاتتى. بوۋاق ئاستىدا قالغانىدى. مېلانىيە ھالسىز قوللىرىنى سوزۇپ بوۋىقىنى ئىزدىدى، ۋاد قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە، ئۈنىنى چىقىرىپ يىغلىيالمايۋاتاتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىدىكى چاتقاللىق شاراقشىپ كالىنىڭ مۆرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھە، ئەسلىدە كالا ئىكەن ـ دە، — سىكارلېت شۇندىلا يېنىك تىندى، ئەمما ئاۋازى يەنىلا تەبىئىي ئەمەس ئىدى، — بولدى، بېشىڭنى كۆتۈر، پىرىسسىي، بوۋاقنى بېسىۋالدىڭ. ساڭا

قاراپ مېلانىيە بىلەن ۋادىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— ئۇ جىن! — پىرىسسىي بېشىنى كۆتۈرمەي تېخىمۇ بەكرەك تۇگۇلۇپ كەتتى.

سىكارلېت كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولىدىكى تاياق بىلەن پىرىسسىينىڭ دۈمبىسىگە بىرنى سالدى. ئۇ ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەچكە ھەم قاتتىق قورقۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، باشقىلاردا كۆرۈلىدىغان شۇنچىلىك ئاجىزلىقتا زادىلا يول قويغۇسى كەلمەيتتى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، كالۋا! — دېدى ئۇ، — بولمىسا تاياق سۇنۇپ كەتكۈچە دۈمبا يايسەن.

پىرىسسىي بېشىنى كۆتۈرۈپ، راست دېگەندەك، بىر تاغىل كالىنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. كالا خۇددى دەردى باردەك ئۇلارغا قاراپ يەنە مۆرەپ قويدى.

— بۇ كالىنىڭ بىر يېرى ئاغرىۋاتقان ئوخشىمامدۇ، مۆرىشى ئادەتتىكى كالىلارنىڭ مۆرىشىگە ئوخشىماي تۇرىدۇ.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ كالىنىڭ يېلىنى چىڭقىلىپ كېتىپ، بىرسى كېلىپ سېغىۋالسا بوپتىكەن دەۋاتىدۇ، — دېدى پىرىسسىي. ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكى پۈتۈنلەي ئورنىغا چۈشكەنىدى، — ماكلىنتوشلارنىڭ كالىسى بولسا كېرەك. نېگىرلار ئۇنى ئورمانلىقتا ھەيدىۋەتكەن بولسا، شىماللىق ئالۋاستىلار كۆرمەي قالغان گەپ.

— بىز بۇ كالىنى ئېلىپ كېتەيلى، — دېدى سىكارلېت كەسكىنلا، — شۇ چاغدا بوۋاقنىڭ ئىچىدىغان سۈتىدىن غەم قىلمايمىز.

— ئۇنى قانداق ئەكېتەلەيمىز، سىكارلېت خانىقىز؟ ئۇنى ئېلىپ مېڭىش تەس. ئۇزاقتىن بېرى سېغىلمىغان بولسا تېخىمۇ ئامال قىلغىلى بولمايدۇ. يېلىنى يېرىلىپ كەتكەن بولسا شۇنىڭغا مۆرىگەنمىكىن.

— بۇ كالىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىكەنسەن، ئەمىسە كۆڭلىكىڭنى سېلىپ يىرتىپ ئارغامچا قىلىپ، كالىنى ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قوي.

— سىكارلېت خانىم، خەۋىرىڭىز بار، مېنىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا كۆڭلىكىم قالدى. ئۇنىڭدا كالا باغلىسام كىيىدىغانغا كۆڭلىكىم قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كالا بىلەن ھەپىلىشىپ باقمىغان، كالىنى كۆرسەم قورقىمەن.

سىكارلېت قولىدىكى تاياقنى يېنىغا قويۇپ كۆڭلىكىنى قايرىدى. ئىچىدە ئىتىكىگە لەپىمە تۇتقان چىرايلىق ھەم پۈتۈن يەنە بىر كۆڭلىكى بار ئىدى. بۇنىڭ رەختىنى رېت باتلېر ئۇنىڭغا ئاتاپ ناسسۇدىن ئالغاچ كەلگەن، سىكارلېت توپتوغرا بىر ھەپتە ئىشلەپ ئۇنى كۆڭلەك قىلىپ تىكىپ كىيىۋالغانىدى. سىكارلېت ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئىتىكىدىن بىر پارچە يىرتىپ بىر تەرىپىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئەشتى، ئارقىدىن يەنە يىرتىپ يەنە ئەشتى، ئاخىرىدا ئەشكەنلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، پىششىق بىر ئارغامچا قىلدى. ھېرىپ تەرلەپ كەتتى، قوللىرى قاپىرىپ ھەتتا قاناپمۇ كەتتى.

— ئەمدى بۇنى كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە باغلا، — دېدى ئۇ پىرىسسىغە. لېكىن، پىرىسسى كالىنىڭ يېنىغا بارغىلى پەقەتلا ئۇنىمىدى.

— كالىدىن قورقىمەن، سىكارلېت خانىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھويلا - ئارامنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان قۇللاردىن ئەمەس ئىدىم، ساپلا ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتىم.

— ھۇ دۆت قارىلاق! دادام سېنى سېتىۋېلىپ ئىنتايىن چوڭ خاتا قىلغان، — دېدى سىكارلېت بوش ئاۋازادا. ئۇ ھېرىپ كەتكەچكە قاتتىق چېچىلىشقىمۇ مادارى يوق ئىدى، — ئەمما مەن دادامغا ئوخشىمايمەن. بىلىكىمنى مىدىرلىتالىغۇدەكلا ماغدۇرۇم بولسا دۇمبەڭدىن قامچىمنى نېرى قىلمايمەن.

مەن ئۇنى «قارىلاق» دەپ تىللاۋاتىمەن، ئەمما ئاپام ئۇنداق

گەپنى ياخشى كۆرمەيتتى، دەپ ئويلاپ قالدى سىكارلېت.

پىرىسسىي كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، ئاۋۋال غوجايىنىنىڭ تۇرۇلۇپ تۇرغان چىرايىغا، ئاندىن مۆرەپ تۇرۇۋاتقان كالىغا قارىدى، ئىككىسىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ سىكارلېتنى بەكمۇ قورقۇنچلۇق سەزمىدى بولغاي، هارۋىنىڭ يان ياغىچىنى تۇتقان پېتى مىدىر قىلماي ئولتۇرىۋەردى.

ئاخىر بولماي سىكارلېت كۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى يۆتكەپ هارۋىدىن تەستە پەسكە چۈشتى. قىممىرلىسىلا هەممە يېرى ئاغرىپ كېتەتتى. پىرىسسىيلا ئەمەس، سىكارلېتمۇ كالىدىن قورقاتتى، ئەڭ ياۋاش كالىمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك دەهشەتلىك كۆرۈنەتتى. ئەمما، هازىر ئۇنىڭ ئالدىدا هەرقانچە ۋەهشىي هايۋان بولسىمۇ، تارتقان جاپالىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قورققۇدەك هېچنېمىسى يوق ئىدى. هېلىمۇ ياخشى كالا ياۋاش ئىكەن، بىرەر ئىنسانىي تېپىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا تارتقاچقىمۇ، لاتىدىن ئەشكەن ئارغامچا بىلەن مۈڭگۈزىدىن باغلىغاندا پەقەتلا قارشىلىق قىلمىدى. سىكارلېت ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى هارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويدى. ئاندىن ئورنىغا چىقىپ ئولتۇرماقچى بولۇۋاتقاندا، بىردىنلا پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، بېشى قېيىپ، ئىتتىكلا هارۋىنىڭ شوتىسىنى تۇتۇۋالدى، بولمىسا يىقىلىپ چۈشەتتى.

مېلانىيە كۆزلىرىنى ئېچىپ سىكارلېتنىڭ ئۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ـــ سۆيۈملۈكۈم ... ئۆيگە يېتىپ كەلدۇقمۇ؟ ـــ سورىدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا.

ئۆي ! سىكارلېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۆي؟ مېلانىيە ئۆي دېگەنىنىڭ ئەمدى يوقلۇقىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ بورانلىق قاقاس دالادا يالغۇز، تايانچىسىز قالغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ـــ ياق تېخى، ـــ ئۇ بوغۇلۇپ تۇرغان گېلىنى ئاران تەستە

ئىدارە قىلىپ مۇلايىم جاۋاب بەردى، — ئەمما، ئاز قالدۇق. بىر كالا تېپىۋالدۇق، بوۋاق ئىككىڭلار ئەمدى سۈت ئىچىدىغان بولدۇڭلار.

— بىچارە بوتىلىقىم، — دېدى مېلانىيە بوش ئاھاڭدا. ئۇ بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولۇپ قولىنى سوزۇۋىدى، ماغدۇرسىز قوللىرى بالىنىڭ بېشىغا يېتىپ بارمايلا لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى.

سكارلېت جايىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بەدىنىدىكى ھەممە كۈچىنى ئىشلەتتى، لېكىن ئات مىدىرلىمىدى. سكارلېت، خۇدا مېنىڭ بۇ رەھىمسىزلىكىمنى كەچۈرۈۋېتەر، دېگەن خىيال بىلەن ئاتنى قاتتىق ساۋىدى. ئىشقىلىپ، تاراغا ئۇزۇن قالمىدى، ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئات قانداق دەم ئالىمەن دېسە ئېلىۋالامدۇ.

ئاخىر ئات قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكىدى، ھارۋا ئورنىدىن قوزغالدى. كالا يەنە مۆرەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئازابلىق مۆرەشلىرى سكارلېتنىڭ نېرۋىسىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئۇنى قويۇۋەتمەكچى بولدى. ئەگەر تارادا بىرمۇ ئادەم قالمىغان بولسا، بۇ كالىنىڭ ئۇلار ئۈچۈن نېمە ئەھمىيىتى بار؟ ئۇ ئۆزىمۇ كالا سېغىشنى بىلمەيدۇ، بىلگەن تەقدىردىمۇ يېلىنىنى تۇتقان ھامان ئۇنى تېپىشى مۇمكىن. ۋاي بوپتىلا، ئۇچراپ قاپتۇ، بېقىپ قويسۇن، ئەمدى ئۇنىڭ ئەتراپىدا نەرسىلەرمۇ ئانچە كۆپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇلار ئاخىر بىر دۆڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. سكارلېتنىڭ ھاياجاندىن كۆزلىرى تورلىشىشقا باشلىدى، مۇشۇ دۆڭدىن ئۆتسىلا تاراغا چۈشەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى ... بۇ ئۆلەرمەن ئات بۇ دۆڭدىن قانداقمۇ چىقار؟ سكارلېت كىچىك چاغلىرىدا بۇ دۆڭ ئۇنچىلىكمۇ ئېگىز ئەمەس، ئادەتتىكىدەكلا كۆرۈنەتتى، چاپقۇر بايتالغا مىنىۋالسا بۇ دۆڭگە توختىماي چېپىپ چىقىپ كېتەتتى. ئەمما، ھازىر ئۇ ئىشلارغا تېخى ئۇزاق

بولمايلا بۇ دۆڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شۇنچىلىك تىك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. روشەنكى، بۇ قېرى ئات بۇ ھارۋىنى ئۇستىدىكى ئادەملىرى بىلەن دۆڭگە سۆرەپ چىقالمايدۇ.

سىكارلېت ئېرەنچەكلىك بىلەن ئاستا پەسكە چۈشتى.

— پىرىسسى، پەسكە چۈش، — بۇيرۇق قىلدى ئۇ، — ۋادىنىمۇ ئېلىپ چۈش، ئۇنى كۆتۈرۈۋال ياكى ئۆزى ماڭسىمۇ بولىدۇ. بوۋاقنى مېلانىيە خانقىزنىڭ يېنىغا ياتقۇزۇپ قوي.

ۋاد قورقۇپ يەنە ۋارقىراپ يىغلىغىلى تۇردى، نېمىگە يىغلىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ: «ھە ... ھە ... قورقۇۋاتىمەن !» دېگىنىنىلا ئاڭلىدى.

— سىكارلېت خانقىز، مەن ماڭالمايمەن، پۇتۇم قاپىرىپ كېتىپتۇ، ئايىغىممۇ يىرتىلىپ كەتكەن، ۋاد ئىككىمىز ئانچە ئېغىر ئەمەسقۇ ...

— چۈش دېگەندىكىن چۈش، بولمىسا سۆرەپ چۈشۈرىمەن. ئۇ چاغدا بۇ يەردە ئۆزۈڭ يالغۇز قالىسەن. مەن ھارۋىنى ھەيدەپ كېتىۋېرىمەن.

پىرىسسي ئىچىگە تىنىپ، خۇددى ھارۋىدىن چۈشسىلا ئەتراپتىكى دەرەخلەر بىر يېرىنى ئىلىۋالىدىغاندەك دەرەخلەرگە قورقۇپ قاراپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، بوۋاقنى مېلانىيەنىڭ يېنىغا قويۇپ پەسكە چۈشتى، ئاندىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ ۋادنى ھارۋىدىن ئالدى. ۋاد يىغلاپ پىرىسسىيگە مەھكەم چاپلىشىۋالدى.

— ئۇنى پەسلەت، يىغىسىغا چىدىيالمىدىم، — سىكارلېت شۇنداق دەپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى سۆرىدى، — ئوغۇل بالىدەك بول، ۋاد، يىغلىما. بولمىسا مەندىن تاياق يەيسەن.

خۇدا نېمىشقا ئادەملەرگە بالا بېرىدىغاندۇ؟ — ئۇ يوقىلاڭ خىياللارنى قىلغاچ ئاتنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى — ئۇلارنىڭ پوققا پايدىسى يوق، يىغلاشنىلا بىلىدۇ. ئۇلارغا دائىم قارىمىساڭ بولمىغان، ھاردۇرۇپ ئادەمنىڭ ھالىنى قويمايدۇ. ۋاد بۇرنىنى

تارتىپ، پەرىسىنىڭ قولىنى تۇتقان پېتى مۇدۇرۇپ - چۇقۇرۇپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ قورقۇپ كېتىۋاتقان بىچارە بالىسىغا ئىچ ئاغرىتقۇدەكمۇ ھالى يوق ئىدى. ئۇنى تۇغۇپتۇ، ئامال يوق. ئۇ نېمىشقىمۇ چارلېس بىلەن توي قىلغان بولغىيدى؟

— سىكارلېت خانقىز، — پەرىسى غوجايىنىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ بوش پىچىرلىدى، — تاراغا ھەرگىز بارمايلى. ئۇلار ھازىر ئۇ يەردە يوق، ھەممىسى كەتتى، ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن ... ئاپام بىلەن باشقا ھەممىسى.

سىكارلېتمۇ شۇ خىيالدا كېتىۋاتقان بولغاچقا، قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ چۇشۇرۇۋەتتى.

— ئەمىسە ۋادنى ماڭا بېرىپ ئۆزۈڭ مۇشۇيەردە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ قال.

— ياق، خانقىز، بولمايدۇ!

— ئەمىسە ئاغزىڭنى يۇم!

ئاتنىڭ قەدىمى ئىنتايىن ئاستا ئىدى، ئاغزىدىن ئېقىۋاتقان ئاق كۆپۈك بىلەن سېرىق سۇ سىكارلېتنىڭ قولىغا ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ ئېسىگە رېت باتلېر بىلەن ئېيتىشقان بىر ناخشىنىڭ ئىككىر مىسراسى كېلىپ قالدى، قالغانلىرىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

قۇتۇلىمەن بۇ يۈكتىن پەقەت،
ئۆتكىنىدە يەنە بىرنەچچە كۈن.

«يەنە بىردەم مېڭىۋالساق، — ئۇ ئىچىدە ئۇ ناخشىنى قايتا - قايتا ئېيتىشقا باشلىدى، — يەنە بىردەملا ماڭساق بۇ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلاتتىم.»

ئۇلار ئاخىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى، ئالدى تەرەپتە تارانىڭ كاۋچۇكزارلىقى گۈگۈم قاراڭغۇلۇقىدا يېيىلىپ ياتاتتى.

سىكارلېت چىراغ نۇرلىرىنى ئىزدەپ ئۆيلەرگە تىكىلدى، لېكىن ھېچقانداق يەردە يورۇق كۆرۈنمەيتتى.

«ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەتكەن ئوخشىمامدۇ، — ئۇ خۇددى يۈرىكىنى ئېغىر بىر نەرسە باسقاندەك قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتى، — كېتىشىپتۇ!»

سىكارلېت ھارۋىنى ھارۋا يولىغا سالدى. ئىككى تەرەپ بۈككىدە كاۋچۇك دەرەخلىرى بولغاچقا، ھارۋا خۇددى ئۇزۇن كارىدوردا كېتىۋاتقاندەك كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت يولنىڭ ئۇ چېتىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ئاخىر ئۇنىمۇ كۆردى. ئاھ، راست كۆرۈۋاتامدىغاندۇ؟ چارچاپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇنى ئالدىمايۋاتقاندۇ - ھە؟ ئاھ، كۆز ئالدىدا تارا قورۇقىنىڭ ئاق ئۆيلىرى تۇرۇپتۇ. ئۆي! ئۆي! چىرايلىق ئاپپاق تاملار، پەردىلەر تەۋرىنىپ تۇرىدىغان دېرىزىلەر، كەڭرى كارىدور ... بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا غۇۋا كۆرۈنۈۋاتامدۇ قانداق؟ ياكى بولمىسا بۇ قاراڭغۇلۇق ماكىلىنتوشنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش ۋەيرانلىقنى ئەتەي يېپىۋالغانمۇ؟

بۇ دەرەخلىك يول خۇددى بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى ئارىلىقتەك شۇنچىلىك ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتنىڭ قەدىمى بولسا شۇنچىلىك ئاستا. سىكارلېت يەنە سىنچىلاپ قارىدى، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ساقتەك قىلىدۇ. بۇ مۇمكىنمۇ؟ ... بۇ مۇمكىنمۇ؟ ... ياق! مۇمكىن ئەمەس. ئۇرۇش رەھىمسىز، تارادىكى بەش يۈز يىلغا چىدايدىغان بۇ ئاق ئۆيلەرگىمۇ شۇنداق. ئۇرۇش تارانى ھەرگىز ئامان قويمايدۇ.

يولنىڭ ئاخىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى، سىكارلېت ئاتنى تېخىمۇ كۈچەپ تارتاتتى. ئۇ ئاق تاملار راستىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئىس - تۈتەكلەر بىلەن بۇلغىنىپمۇ كەتمەپتۇ. تارا ئامان قاپتۇ. ئاھ ئۆيۈم! ئۇ بوجىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇ تاملارنى سىلاپ باغرىغا باسقۇسى كېلىپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرسىنىڭ قارىسى

كۆرۈنگەندەك بولدى، ئالدىدىكى قورۇنىڭ پېشايۋىنىدا بىرسى تۇراتتى. تارا ئادەمزاتسىز ئەمەس، ئۆيدە ئادەم بار ئىكەن !

سىكارلېت توۋلىماقچى، تەنتەنە قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئاچتى، لېكىن گېپى گېلىدا قالدى: ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ، ھېچقانداق تىۋىش يوق ياكى ئادەملەرنىڭ مېڭىپ يۈرگەن قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بۇ نېمە ئىش؟ زادى نېمە ئىشتۇ؟ تارا ساق تۇرۇپتۇ، ئەمما ئەتراپى باشقا يېزىلاردىكىدەك ۋەھىمىلىك جىمجىتلىقتا. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى ئادەم ئاستا مىدىرلاپ تەمتىلەپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى.

— دادام؟ — سىكارلېت شۇمۇ، ئەمەسمۇ دېگەن گۇمان بىلەن بوغۇق ئاۋازدا بوش توۋلاپ قويدى، — مەن، سىكارلېت ! قايتىپ كەلدىم !

گېرالد خۇددى ئۇيقۇلۇق سەيلىدە كېتىۋاتقاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي پۇتلىرىنى سۆرىگەن پېتى ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى، يېقىن كەلگەندە، ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ دېگەندەك ئۇنىڭغا تېڭىرقىغان نەزەردە قاراپ كەتتى. ئارقىدىن قولىنى ئۇنىڭ مۈرىلىرى ئۈستىگە قويدى. سىكارلېت ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تېخى يېنىكلا قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ، چۈشىدىن چالا ئويغانغاندەك تىترەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— قىزىم ! — ئۇ ئاران تەستە شۇ گەپنىلا قىلالىدى، — قىزىم ! — گېرالد يەنە جىمىپ كەتتى.

نېمە ... ئۇ ئەمدى قېرى بوۋاي بولۇپ قالدىمۇ ! ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە.

گېرالدنىڭ ئىككى مۈرىسى ئالدىغا يىغىلىپ قاپتۇ. چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، سىكارلېت ئۇنىڭ چىرايىدىكى تىنىمسىز ھاياتىي كۈچىنىڭ ئاللىبۇرۇن يوقالغانلىقىنى سەزدى. ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە ۋادىنىڭ كۆزلىرىدىكىگە ئوخشاش بىر خىل قورقۇمسىراش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي قېرى بوۋايغا ئايلىنىپ بوپتۇ، تېنىمۇ ئاجىزلاپ

كېتىپتۇ.
شۇئان ئاساسسىز بىر خىل قورقۇنچ ئۇنى خۇددى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك قاتتىق چىرمىۋالدى. ئۇ جىمجىت تۇراتتى، ئەمما كۆزلىرى دادىسىدا ئىدى. نۇرغۇن گۇمانىي سوئاللار خۇددى كەلكۈندەك مېڭىسىگە قويۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ئاغزى چاپلىۋېتىلگەندەك مىدىرلىمايتتى.
هارۋىدىن ئاجىز بىر ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، گېرالد دىققىتىنى يىغىشقا ھەرىكەت قىلغاندەك بىر خىل ئىپادىدە بولدى.
— هارۋىدا مېلانىيە بىلەن ئۇنىڭ بوۋىقى بار، — دېدى سكارلېت بوش ئاۋازدا چۈشەندۈرۈپ، — ئۇ قاتتىق ئاغرىق ... ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم.
گېرالد قوللىرىنى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن چۈشۈرۈپ قەددىنى سەل رۇسلىدى، ئاندىن ئاستا هارۋىنىڭ يېنىغا ماڭدى. ئۇنىڭ هازىرقى قىياپىتى ئادەمگە ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مېهمانلارنىڭ ئالدىغا چىققان چاغلاردىكى غوجايىنلىق سالاپىتىنى ئەسلىتەتتى.
— مېلانىيە خانقىز!
مېلانىيەنىڭ ئاۋازىدىن نېمە دېگەنلىكىنى بىلگىلى بولمىدى.
— مېلانىيە خانقىز، بىزنىڭ بۇ يەر سىزنىڭ ئۆيىڭىز. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى كۆيۈپ تۈگىدى. ئەمدى سىز بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ.
سكارلېت شۇئان مېلانىيەنىڭ يولدا كەلگۈچە نۇرغۇن جاپا تارتقانلىقىنى، دەررۇ كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ ئەمدى رېئال دۇنياغا قايتىپ كەلگەنىدى. مېلانىيە بىلەن ئۇنىڭ بالىسىنى ئۆيگە ئەكىرىپ يۇمشاق بىر كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. يەنە ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلىرى بار، ئۇلارنىمۇ قىلىشى كېرەك.
— بىرسىنى چاقىرىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكىرمىسەك

بولمايدۇ، ئۇ ئۆزى ماڭالمايدۇ.

گۇرسۇلدىگەن ئاياغ تاۋۇشى بىلەن تەڭلا ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ، پەلەمپەيدىن پورك چۈشۈپ كەلدى.

— سكارلېت خانقىز! سكارلېت خانقىز! — ئۇ توۋلىغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

سكارلېت ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنى چىڭڭىدە تۇتۇۋالدى. پورك، تارا قورۇقىنىڭ تۈۋرۈكى! بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇلىدەك شۇنچىلىك قىممىتى بار ئادەم ئىدى. سكارلېت ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ قولىغا تېمىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ سكارلېتنىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ تۇرۇپ خۇشال سۆزلەپ كەتتى:

— قايتىپ كەپسىز، بىز شۇنچىلىك خۇشال، راستىلا خۇشال ...

پىرىسسىمۇ يىغلاپ: «قەدىرلىكىم، پور، پورك!» دەپ كەتتى. ۋاد چوڭلارنىڭ ھاياجانلىرىدىن ئۆزىگە كۈچ تېپىپ: «ئۇسساپ كەتتىم!» دەپ توۋلىدى.

سكارلېت شۇ تۇرقىدىلا ئىشلارنى قولىغا ئالغاندەك ھەممىسىگە بۇيرۇق سوققىلى تۇردى:

— مېلانىيە خانقىز ھارۋىدا، بوۋىقىمۇ بىللە. پورك، سەن ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئارقىدىكى مېھمانخانا ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرغىن. پىرىسسىي، سەن بوۋاق بىلەن ۋادنى ئۆيگە ئېلىپ كىر. ۋادقا سۇ بەر. نېگىر ئانام بارمۇ، يوق، پورك؟ ئۇمۇ چىقسا بوپتىكەن.

پورك سكارلېتنىڭ بۇيرۇق ئاھاڭىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ سۇسلۇق قىلالىسۇنمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ھارۋىنىڭ قېشىغا بېرىپ مېلانىيەنى دەس كۆتۈردى. مېلانىيە ئاززاق ئىڭراپ قويۇپ خۇددى كىچىك بالىدەك ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋالدى. پىرىسسى بىر قولىدا بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ۋادنى يېتىلەپ، كەڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

سكارلېت قاناپ كەتكەن قوللىرى بىلەن دادىسىنىڭ

قوللىرىنى مېھرى بىلەن سىلاشقا باشلىدى.

— ئۇلار ياخشى بولۇپ قالدىمۇ، دادا؟

— ئىككى قىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قالدى.

ئارقىدىنلا گېرالد جىمىپ كەتتى. سكارلېتنىڭ كاللىسىغا شۇئان ئېغىزدىن چىقارغىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق بىر ئوي كەلدى. ياق، سكارلېت ئۇنى ئېغىزدىن چىقىرالمايتتى. ئۇ بۇ گەپنى ئارقا - ئارقىدىن ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، ئاغزى قۇرۇپ تىلى تامىقىغا چاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلگىنى تارانىڭ سىرلىق تىمتاسلىقىنىڭ جاۋابىمىدۇ؟ گېرالد خۇددى ئۇنىڭ ئىچىدە ئويلاۋاتقانلىرىغا جاۋاب بېرەي دېگەندەك، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ئاپاڭ ... — ئۇ يەنە توختاپ قالدى.

— ھە ... ئاپام؟

— ئاپاڭ تۈنۈگۈن تۈگەپ كەتتى.

سكارلېت دادىسىنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىپ قاراڭغۇ كارىدوردا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۆي قاراڭغۇ بولسىمۇ ھەربىر قەدەم يېرى خۇددى ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش تونۇش ئىدى. ئۇ ئېگىز ئورۇندۇقلاردىن، مىلتىق قويۇلىدىغان ئويۇقلاردىن، چىنە - قاچا قويىدىغان ئېگىز ئىشكاپلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلى شۇ تۇرقىدا تارتىپ تۇرۇۋاتقان ئارقىدىكى كىچىك ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاپىسى ئېللېننىڭ توختىماي ھېساب - كىتاب قىلىدىغان جايى ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئاپام شۇ يەردە، كىرسەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، قولىدا قەلەم، بەدىنىدىن ئۆتكۈر خۇش پۇراق تارقىتىپ، چارچاپ كەتكەن قىزىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئېللېن ئۆلمەيدۇ، دادىسى بىرلا گەپنى تەكرارلايدىغان شاتۇتىدەك: «ئۇ تۈنۈگۈن تۈگەپ كەتتى! ئۇ تۈنۈگۈن تۈگەپ كەتتى! ئۇ تۈنۈگۈن تۈگەپ كەتتى !» دەپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تۈگەپ كەتكىنى يالغان.

ئەجەبلىنەرلىكى، سىكارلېتتا پۈت - قوللىرى هازىر ئېغىر كويزا - كىشەنلەردە تۇرۇۋاتقاندەك هارغىنلىق ۋە ئاچلىقتىن باشقا هېچقانداق هېس - تۇيغۇ يوق ئىدى. ئاپىسىنى سەل تۇرۇپ ئويلىسىمۇ بولار، هازىرچە ئۇنى ئويلاشنى قويۇپ تۇرسۇن، بولمىسا گېرالدقا ئوخشاش ئەخمەقلىق قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈشى ياكى ۋادقا ئوخشاش ئادەمنى بىزار قىلىدىغان يىغىنى باشلىۋېتىشى مۇمكىن.

پورك تۆپىدىن چۈشۈپ، خۇددى مۇزلاپ كەتكەن هايۋان ئوتقا يېقىن كەلگەندەك سېكارلېتنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ تۇردى.

— چىراغلارچۇ؟ — سورىدى ئۇ، — نېمىشقا ئۆيلەر قاراڭغۇ، پورك؟ شام ئېلىپ چىق !

— سىكارلېت خانقىز، ئۇلار ھەممە شامنى ئېلىپ كەتتى. بىر تاللا قالغان، ئۇنى بىر نەرسە ئىزدىگەندە ياندۇرۇۋاتىمىز، ئۇمۇ كۆيۈپ ئازلا قالدى. نېگىرئانا كەچتە كاررىن بىلەن سۇئېللېنغا قارىغاندا جىنچىراغ ياقىدۇ.

— قېلىپ قالغان ئاشۇ شامنى ئېلىپ كەل، — بۇيرۇق قىلدى ئۇ پوركقا، — ئاپامنىڭ ئۆيىگە، ئىشلەيدىغان ئۆيىگە ئېلىپ كىر.

پورك ئىتتىك مېڭىپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. سىكارلېت تەمتىلەپ يۇرۇپ ئاپىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ سافادا ئولتۇردى. دادىسىنىڭ قوللىرى ھېلىغىچە ئۇنىڭ بىلىكىدە ئىدى. ئۇ قوللار شۇنچىلىك بىچارە، شۇنچىلىك ئىتائەتمەن، شۇنچىلىك ئامالسىز، كىچىك باللار بىلەن ئاجىز بوۋايلاردىلا بولىدىغان قوللار ئىدى.

— «ئۇ قېرىپتۇ، ھەم ھېسابسىز چارچاپتۇ» سىكارلېت يەنە ئويلاپ قالدى.

پورك بىر تەخسىگە قوندۇرۇقلۇق تۇرغان يېرىم تال شامنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەندى، ئۆينىڭ ئىچى بىردىنلا يورۇپ جان كىرگەندەك بولۇپ كەتتى. ئىككىسى ئولتۇرۇشۇپ

كەتكەن كونا سافادا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇستەل، ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى تورۇسقا تاقىشىپ تۇرىدىغان ئېگىز كىتاب جازىسى، ئاپىسى ئولتۇرىدىغان يۆلەنچۈكى ئېگىز گۈل نەقىشلەنگەن ئورۇندۇق، مويى چۈشۈپ كەتكەن كونا گىلەم ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ، پەقەت ئېلىبىنلا يوق، ۋۇجۇدىدىن كەتمەيدىغان خۇشبۇي ئەتىرنىڭ پۇراقلىرى ۋە قېشىنى سەل - پەل ئۈچۈرۈپ ئادەمگە خۇشخۇي باقىدىغان بېقىشلار كۆرۈنمەيدۇ. سىكارلېتنىڭ يۈرىكى خۇددى ناركوز قىلىنغان يارىنىڭ ئورنى ناركوزنىڭ كۈچى كەتكەندىن كېيىن يەنە ئاغرىشقا باشلىغاندەك بوش ئاغرىشقا باشلىدى. هازىر ئۇنىڭ ئاغرىشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ، ئۇ يەنە نۇرغۇن يىل ياشىشى كېرەك، ئاغرىسا شۇ چاغلاردا ئاغرىسۇن، هازىر بولمايدۇ! ئېھ، خۇدا، سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنىڭغا ئاغرىق بەرمىگىن.

سىكارلېت گېرالدنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ، ئۇنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ساقىلىنى ئالمىغان قىياپەتتە كۆردى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى كۈمۈشتەك ئاپپاق ساقال بېسىپ كەتكەنىدى. پورك شامنى شامدانغا سانجىپ قويۇپ سىكارلېتنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ سىكارلېتقا خۇددى ئىت بولۇپ قالسا، خوجايىنىنىڭ يۇمشاق قوللىرى بىلەن بېشىنى سىلاپ قويۇشىنى تىلەپ بېشىنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ ياتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— پورك، ئۆيدە قانچىلىك نېگىر بار؟

— سىكارلېت خانقىز، ئۇ يارامسىز قارا ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتتى، بىر قىسمى شىماللىقلارنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالدى ...

— قالغىنى قانچىلىك؟

— مەن بىلەن نېگىر ئانا ئىككىمىزلا، خانقىز. نېگىر ئانا ئەتىدىن كەچكىچە ئىككى قىزنىڭ يېنىدىن نېرى بولالمايدۇ. يەنە دىلسىيمۇ بار. ئۇمۇ قىزلارنىڭ يېنىدا، قالغىنىمىز ئۈچىمىزلا،

سكارلېت خانقىز.

ئۇچىلا قاپتۇ! ئىلگىرى ئۇلار يۈز ئەمەسمىدى. سكارلېت قېتىپ قالغان بويىنىنى ئاران مىدىرلىتىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ قىلغان گەپلىرىنىڭ تورلۇق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى، دېمىسىمۇ ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ خۇددى ئورۇش بولمىغاندەك، قولىنى سىلكىپ قويسىلا ئۇن نەچچە قول خىزمىتىدە ھازىر بولىدىغاندەك، ئاۋازى شۇنچىلىك تەمكىن، بېسىق ئىدى.

— پورك، قورسىقىم ئاچتى، يەيدىغان نەرسە بارمۇ؟

— يوق، خانقىز، ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىشتى.

— باغدىچۇ؟

— ئۇلار ئاتلىرىنى ئۇ يەرگىمۇ ھەيدەپ كىرىشتى.

— ئاتلىقياڭيۇ تېرىغان يانپاي يەرگىمۇ بېرىشتىمۇ؟

شۇئان پوركنىڭ لەۋلىرىدە ئازراق كۈلكە كۆرۈندى.

— سكارلېت خانقىز، ئۇ يەرنى مەن ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. ياڭيۇلار ھېلىمۇ ئورنىدا بار. ئۇلار ئۇنى بىلەلمەي بىر نېمىنىڭ يىلتىزى دەپلا ئويلاپ قالدى بولغاي، شۇڭا ...

— ھازىر ئايمۇ چىقتى، بېرىپ ئازراق كولاپ كېلىپ بىزگە پىشۇرۇپ بەرگىن. قوناقچۇ؟ پۇرچاقمۇ يوقمۇ؟ توخۇچۇ؟

— يوق، يوق، خانقىز. ئۇلار يەپ بولالمىغان توخۇلارنى ئاتلىرىغا ئارتىپ ئېلىپ كېتىشتى.

ئۇلار ... ئۇلار، ئۇلارنىڭ ئۇ ئىشلىرى زادى قاچان تۈگەيدۇ؟ كۆيدۈرۈپمۇ، ئۆلتۈرۈپمۇ يۇخادىن چىقمىدىمۇ ئۇلار ئاياللارنى، باللارنى، ئىگە ـ چاقىسىز نېگىرلارنى ئۆزلىرى ئاياغ ئاستى قىلغان يېزىلاردا ئاچتىن ئۆلسۇن دەمدىغاندۇ؟

— سكارلېت خانقىز، ئازراق ئالما بار ئىدى، نېگىر ئانا ئۇنى كۆمۈپ قويغان، بۈگۈن ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ يېدۇق.

— ياخشى، ئاۋۋال ئالمىدىن ئېلىپ كەلگىن، ئاندىن ياڭيۇ كولاپ كېلەرسەن. يەنە بىر ئىش، پورك، مېنىڭ ... مېنىڭ بېشىم قېيىپ تۇرۇۋاتىدۇ، گەمىدە ھاراق بارمۇ؟ قارا بۇغداينىڭ

بولسىمۇ مەيلى.

— سىكارلېت خانقىز، ئۇلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ يوقلايدىغان يېرى گەمە دەڭا.

ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق بىرلىشىپ ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسا كېرەك، بىردىنلا كۆڭلى ئېلىشىپ، بېشى قېيىپ، سافانىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇۋالدى.

— بولدى، ھاراق كېرەك ئەمەس! — بىر چاغلاردا گەمىدە تۇرۇپ كېتىدىغان بوتۇلكىلىق ھاراقلار كۆز ئالدىغا كېلىپ، بىردىنلا شۇ چاغلارنى ئەسلەپ قالدى.

— پورك، دادام ئۇزۇم بارىڭىنىڭ ئاستىغا ياغاچ تۇڭدا كۆمۈپ قويىدىغان قوناق ۋىسكىيىسىچۇ؟

پوركنىڭ چىرايىدا يەنە بىر قېتىم كۈلكە ئويىنىدى، بۇ خۇشاللىق ۋە ئۇنىڭغا قايىل بولغان كۈلكە ئىدى.

— سىكارلېت خانقىز، سىز ئاجايىپ ئېسىل بالا جۇمۇ. مەن ئۇ تۇڭنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق. بىراق، ئۇ ۋىسكىي تازا ياخشى ئەمەس، كۆمۈلگىنىگە ئەمدىلا بىر يىل بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىملار ۋىسكىي ئىچسە ياخشى بولمايدۇ.

بۇ نېگىرلار نېمىدېگەن ئەخمەق! ئۇلار ھېچنېمىنىلا ئويلىمايدۇ، سەن دەپ بەرسەڭمۇ ئوخشاش. شىماللىقلار ئەخمەق بولۇپ ئاشۇلارنى ئازاد قىلىمىز دەپ يۈرۈشىدۇ.

— ماڭا ئوخشاش خانىم بىلەن دادام ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ ھاراق يەنىلا ياخشى. ئۇنى چاپسان كولاپ چىقىرىپ ئىككى ئىستاكان ئېلىپ كىرگىن. ئاندىن يالپۇز يىلتىزىنى ئېپىز توغراپ، شېكەر بىلەن بىللە ئېلىپ كىر، ئۆزۈم ئارىلاشتۇرۇپ خام سەي ياسايمەن.

پوركنىڭ چىرايى ئوڭايسىزلانغاندەك سەل تۈرۈلدى.

— سىكارلېت خانقىز، سىزمۇ بىلىسىز، تارادا ئۇزاق بولدى شېكەر يوق. يالپۇزلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ ئاتلىرى يەپ تۈگەتتى.

شىشە ئىستاكانلارنى ئۇلار چىقىپ قويمىدى.

پورك «ئۇلار» دېگەن گەپنى يەنە دەۋرىدىغان بولسا تىۋۋلاپ كېتىمەن جۇمۇ. ئۇ گەپتىن جاق تويدۇم، ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە. ئارقىدىن شۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، هازىر تېز چىقىپ ۋىسكىينى ئېلىپ كىرگىن، چاپسان بول! شۇ پېتى ئىچسەكمۇ بولىدۇ، — پورك ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا سىكارلېت ئۇنى توختىتىۋالدى، — توختاپ تۇر، پورك. قىلىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپ، ئېسىمگە هازىرچە كەلمەيۋاتىدۇ ... هە، توغرا، مەن بىر ئات بىلەن بىر سىيىر ئېلىپ كەلدىم، سىيىرنى دەررۇ سېغىش كېرەك، يېلىنلىرى چىڭقىلىپ كېتىپتۇ. هازىرلا چىقىپ ئاتنى هارۋىدىن چىقىرىپ قورسىقىغا بىر نېمە بەر. ئاندىن نېگىرئانىغا ئېيت، كالىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالسۇن. مېلانىيەنىڭ بالىسى يەيدىغان بىر نەرسە بولمىسا ئۆلۈپ قالىدۇ. يەنە ...

— مېلانىيە خانقىزنىڭ ... ئۆزىنىڭ ... — پورك ئەتەي گەپنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى.

— مېلانىيە خانقىزنىڭ سۈتى يوق، — ۋاي خۇدايىم، هازىر ئاپام هايات بولۇپ، بۇ گەپنى ئاڭلايدىغان بولسا قانچىلىك قورقۇپ كېتەر - هە!

— هە راست، سىكارلېت خانقىز، بىزنىڭ دىلسېي تېخى يېقىندىلا تۇغدى، مېلانىيە خانقىزنىڭ بالىسىنى شۇ ئېمىتسۇن، سۈتى ئىككى بالىغا يېتىدۇ.

بالا، بالا، بالا! خۇدا نېمىشقا بۇ ئادەملەرگە بالا تۇغدۇرىدىغاندۇ. ياق، ئۇلارنى خۇدا تۇغدۇرمىغان، ئەخمەق ئادەملەر ئۆزلىرى تۇغقان.

— راست دەۋاتىمەن، خانىم، بۇدرۇققىنا قارا شۇمتەكتىن بىرنى تۇغدى. ئۇ ...

— دىلسېيغا چىقىپ ئېيت، ئۇ ئىككى قىز بىلەن كارى بولمىسۇن، ئۇلارغا ئۆزۈم قارايمەن. كىرىپ مېلانىيەنىڭ

بالىسىنى ئېيتسۇن، مىلانىيەنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئانچە - مۇنچە قىلسۇن. نېگىرئانام كالىنىڭ قېشىغا چىقسۇن ھەم ئاۋۇ ئاتنى ئېغىلغا باغلاپ قويسۇن.

— ئېغىل يوق، سىكارلېت خانقىز، ئۇلار ئېغىللىنى چۇۋۇپ ياغاچلىرىنى قالاپ بولدى.

— «ئۇلار» ئۇنداق، «ئۇلار» بۇنداق دېگەن گەپنى دېمىسەڭ قانداق؟ دىلسېينى چاقىر، مەن تاپشۇرغان ئىشلارنى قىلسۇن. سەن تېز بېرىپ ۋىسكىينى كولاپ چىق، ئاندىن ياڭيۇدىن كولاپ كەل.

— سىكارلېت خانقىز، چىراغ يوق، قاراڭغۇدا قانداق كولايمەن؟

— بىر تال ئوتۇننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ كولىساڭ بولمامدۇ؟

— ئوتۇنمۇ يوق ... ئۇلار ...

— بىر ئامالىنى قىل ... قانداق قىلىسەن، مېنىڭ كارىم يوق. ماڭا ئۇ نەرسىلەرنى كولاپ ئەكېلىپ بەرسەڭلا بولدى. بولىدۇ، ئەمدى ماڭ.

پورك ئۇنىڭ جىددىي تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ شۇئان چىقىپ كەتتى، ئۆيدە سىكارلېت بىلەن گېرالدلا قالدى. سىكارلېت دادىسىنىڭ پۇتىنى بوش مۇشتلاپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ تۇرىدىغان بۇ پۇتلارنىڭ هازىر ئورۇقلاپ ئىنچىكىلەپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ چوقۇم دادىسىنى هازىرقى خاراموش هالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك ... بىراق، ئۇ ئۇنىڭدىن ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىيالمايدۇ. بۇ ھەقتە بىر مەزگىل ئۆتۈپ، ئۇ سوئاللارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولغاندا، ئاندىن سۆزلەشسىمۇ بولار.

— ئۇلار نېمىشقا تارانى كۆيدۈرۈۋەتمىدى؟

گېرالد خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت گېپىنى يەنە تەكرارلىدى.

— نېمە؟ — ئۇ خۇددى خاتىرىسىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن دېدى، — ئۇلار بىزنىڭ ئۆينى ئىشتاب قىلدى.

— شىماللىق ئالۋاستىلار ... بىزنىڭ ئۆيدە تۇردى؟

ئۇ بىردىنلا بۇ چىرايلىق ئۆيلىرىنى بۇلغىنىپ كەتكەندەك ئويلاپ قالدى، بۇ ئۆيلەر، ئېللېن بولغانلىقى بىلەن مۇقەددەس كۆرۈنىدىغان ئۆيلەر ۋە ئىچىدىكى بۇ نەرسىلەر ... ھەممە نەرسە بۇلغانغان.

— شۇنداق بولدى، قىزىم، بىز دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى مۇشۇيەردە تۇرۇپ كۆردۇق. ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ يەرگە تېخى يېتىپ كەلمىگەن. خونېي خانقىز بىلەن ئىندىيا خانقىز ھەم ئۆيدىكى ھەممە قۇللار ماكونغا قېچىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلاردىن ئەنسىرەپ كەتمىدۇق. بىز ماكونغا كېتەلمەيتتۇق، ئىككى سىڭلىڭ بىلەن ئاپاڭنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. بىزنىڭ ئۆيدىكى نېگىرلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. هارۋىلار بىلەن قېچىرلارنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى. نېگىر ئاناڭ بىلەن دىلسېي، پورك ئۇچىلا قېلىپ قالدى. سىڭىللىرىڭ بىلەن ئاپاڭنى يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«شۇنداق، شۇنداق» ئۇ ئاپىسى توغرۇلۇق گەپ قىلمىسۇن، باشقا گەپلەرنى، گېنېرال شېرماننىڭ بۇ ئۆينى، ئاپىسىنىڭ ئىشخانىسىنى ۋە باشقا ھەرقانداق گەپلەرنى دېسە مەيلى.»

— شىماللىق ئالۋاستىلار جونېسبوروغا باستۇرۇپ كىرىپ تۆمۈر يولنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ مىڭلاپ ئادىمى دەريادىن ئۆتتى، زەمبىرەكچىلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر سەلدەك ئاقتى. مەن پېشايۋاندا تۇرۇپ ئۇلارنى كۆردۇم.

«ئاھ، قەھرىمان كىچىك گېرالد!» ئويلىدى سىكارلېت، خۇشاللىقىدا يۈرىكى ئويناپ كەتتى. گېرالد تارانىڭ پېشايۋىنىدا تۇرۇپ دۈشمەننى خۇددى ئالدىدا ئەمەس، كەينىدە تۇرۇۋاتقاندەك

كۇتۇۋاپتۇ.

— ئۇلار ماڭا، نېرى تۇر، بۇ ئۆينى كۆيدۈرىمىز، دېدى. مەن ئۇلارغا ئاۋۋال مېنى مۇشۇيەرگە كۆمۈۋېتىپ، ئاندىن كۆيدۈرۈڭلار، دېدىم. بىز بۇ يەردىن كەتسەك بولمايتتى، ئىككى سىڭلىڭ بىلەن ئاپاڭ مىدىرلىيالمايتتى. ھەممىسى ...

— كېيىن قانداق بولدى؟ — ئۇ ئاپامنى تىلغا ئالمىسا گەپ قىلالمامدىغاندۇ؟

— ئۇلارغا، ئۆيدە كېزىك بولغان كېسەللەر بار، مىدىرلاپلا كەتسە تۈگەيدۇ. ئۇلارنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار — مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن، تارا قورۇقىدىن كەتمەيمەن، — دېدىم.

ئۇنىڭ ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ تاملارغا نەزەر سالدى. سىكارلېت ئۇنىڭ خىيالىدىكىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ كەينىدە نۇرغۇن ئىرېلاندىيەلىك ئەجدادلىرى تۇراتتى. ئۇلار كىچىككىنە زېمىنىنى جان تىكىپ قوغدايتتى، ئۆلسىمۇ يۇرتىدىن كەتمەيتتى، بىر ئۆمۈر ياشىغان، تېرىقچىلىق قىلغان، مۇھەببەت ۋىسالىنى تېپىشقان، بالىلىرىنى تەربىيەلەپ چوڭ قىلغان يۇرتىدىن ئايرىلمايتتى.

— ئۇلارغا ئۆيدە ئۆلەر ھالەتتە ياتقان ئۈچ كېسەل ئادەم بار، بۇ ئۆينى ئۇلار بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، دېدىم. ئۇ ياش ئوفىتسېر تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىكەن.

— شىماللىقلارمۇ تەربىيە كۆرگەن بولامدۇ؟ ساڭا نېمە بولدى، دادا؟

— راست تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىكەن. ئۇ ئېتىغا مىنىپ كېتىپ بىردەمدىلا كاپىتاننى باشلاپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئىككى قىز بىلەن ئاپاڭنىڭ قېشىغا كىردى.

— سەن بىر شىماللىق ئالۋاستىنى ئاپامنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزدۈڭمۇ؟

— ئۇنىڭدا ئەپيۇن بار ئىكەن، بىزدە يوق. ئۇ ئىككى سىڭلىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئۇ چاغدا سۇئېللېن قان

قوسوۋاتاتتى. ئۇ تولىمۇ سىپايە ئادەم ئىكەن. ئۇ بۇ يەردە راستىلا كېسەل ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆينى كۆيدۈرۈشمىدى. كېيىن ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. بىر گېنېرال ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن مۇشۇيەردە تۇردى. كېسەل ياتقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا ھەممە ئۆيلەر ئۇلارنىڭ ئادەملىرى بىلەن توشۇپ كەتتى. ئۇ ئەسكەرلەر، — ئۇ ھېرىپ كېتىپ سۆزلىيەلمەيۋاتقاندەك يەنە توختاپ قالدى. ساقال بېسىپ كەتكەن ئېڭىكى پەسكە خېلىلا ساڭگىلاپ قالغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كۈچەپ سۆزلەپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇلار كېۋەزلىككە، قوناقلىققا، ئىشقىلىپ، ھەممىلا يەرگە چېدىرلارنى تىكىۋەتتى، پۈتۈن يەر كۆك كىيىملىك ئەسكەرلەر بىلەن توشتى. كەچتە مىڭلاپ گۈلخانلار يېقىلىپ كېتەتتى. پۈتۈن قاشانىڭ ياغاچلىرىنى سۆغۈرۈپ كېلىپ تاماق ئېتىپ تۈگەتتى، ئامبارنىڭ، ئېغىللارنىڭ ياغاچلىرىمۇ قالمىدى. كالا، چوشقا، توخۇ، كۈركە توخۇلارنى يەپ تۈگەتتى — كۈركە توخۇ گېرالدىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىسى ئىدى، ھازىر بىرسىمۇ يوق — ئۇلار رەسىملەرنىمۇ، ئۆي جاھازلىرىنىمۇ، چىنە ـ قاچىلارنىمۇ ئېلىپ كېتىشتى ...

— كۈمۈش قاچىلارچۇ؟

— پورك بىلەن نېگىر ئاناڭ كۈمۈش قاچىلارنى بىر نېمە قىلدى بولغاي ... قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويدىمىكىن، ئېسىمدە تازا يوق، — گېرالد بۇ گەپنى سەل خاپا بولغاندەك تەلەپپۇزدا دېدى، — كېيىن ئۇلار مۇشۇيەردىن، تارادىن ھۇجۇم باشلىدى. ھەممە يەر قىيقاس ـ چۇقان، بەزىلەر ئاتلىق، بەزىلەر پىيادە يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن. ئۇزاق ئۆتمەي زەمبىرەكلەر جونېسبوروغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئاغرىق ياتقان قىزلارمۇ ئاڭلاپ: «دادا، ئۇلارغا ئېيتسىڭىزچۇ، قاتتىق ئاۋاز چىقىرىشمىسۇن» دېيىشتى.

— ئا ... ئاپام شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە

ئىكەنلىكىنى بىلدىمۇ؟

— ئۇ ... باشتىن ـ ئاياغ ھېچنېمىنى بىلمىدى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى سىكارلېت. ئاپىسى ھېچنېمىنى ئۇقماپتۇ، پەستە دۈشمەنلەرنىڭ مېڭىپ يۈرۈشكەنلىكىنىمۇ، جونېسبورودىكى مىلتىق ـ زەمبىرەك ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلىماپتۇ، يۈرىكىنىڭ پارىسى بولغان بۇ قىممەتلىك زېمىننىڭ دۈشمەنلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەپتۇ.

— مەن يۇقىرىدا ئاپاڭ بىلەن سىڭىللىرىڭنىڭ يېنىدا تۇرغاچقا، ئۇلارنى ناھايىتى ئاز كۆردۈم. كۆپرەك كۆرگىنىم دوختۇر بوپتۇ. ئۇ يېقىشلىق ئادەم ئىكەن، سىكارلېت، بەكمۇ يېقىشلىق. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە ياردارلار بىلەن ھەپىلىشىپ، دەم ئالغان چاغلىرىدا ئۈستىگە چىقىپ قىزلار بىلەن ئاپاڭنى كۆرۈپ تۇردى، دورىلارنى بەردى. بۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدا، ئۇ ئىككى قىزنىڭ ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاپاڭنىڭ بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاپاڭنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى خوراپ تۈگەپ بوپتۇدەك.

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. سىكارلېت ئاپىسىنىڭ ئاخىرقى چاغلاردىكى ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ تارا قورۇقىنىڭ يالغۇز تۈۋرۈكى بولغاچقا، پۈتۈن ئىش شۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى، كېسەل كۆرۈش، ئىش قىلىش، باشقىلارنىڭ ياخشى يېيىشى، ياخشى ئۇخلىشى ئۈچۈن قورسىقىغا تۈزۈك يېمەي، تۈزۈك ئۇخلىماي پالاقلاپلا يۈرگەن. مانا شۇ چارچاشلار ئۇنىڭ تەن قۇۋۋىتىنى خوراتقان گەپ ...

— كېيىن ئۇلار كەتتى، كېيىن ئۇلار كېتىشتى...

گېرالد يەنە ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى، بىر چاغلاردا سىكارلېتنىڭ قوللىرىنى ئىزدىدى.

شۇ ئارىلىقتا ئارقا ھويلىنىڭ كارىدورىدا بىرسىنىڭ ئاياغ سۆرتۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ بىچارە پورك ئىدى. قىرىق

تەچچە يىلدىن بىرى ئۆيگە ئايغىنى سۇرتۇپ كىرىشكە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، ھازىرقى مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتىمۇ ئۇ ئادىتىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئۇ ئىككى نوگاينى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ كىردى، ۋىسكىينىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئۆيگە ئۇنىڭدىن ئاۋال كىرىپ بولغانىدى.

— ھاراقتىن خېلىلا تۆكۈلۈپ كەتتى، سىكارلېت خانقىز، بۇ كىچىككىنە نوگايغا قۇيماق تولىمۇ تەس ئىكەن.

— بۇمۇ ئوبدان بوپتۇ، پورك، رەھمەت ساڭا، — سىكارلېت تېشى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن ساپلىق نوگاينى قولىغا ئالدى. شۇ ھامان ۋىسكىينىڭ مەززىلىك پۇرىقىدا بۇرنى پۇرۇشۇپ كەتتى.

— ماۋۇ بىرنى سىز ئىچىڭ، دادا، — ئۇ قولىدىكى نوگاينى دادىسىغا بەردى، ئاندىن پوركنىڭ قولىدىن يەنە بىرنى ئۆزىگە ئالدى. گېرالد خۇددى كىچىك بالىدەك گەپ ئاڭلاپ نوگايدىكى ۋىسكىينى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. سىكارلېت ئىككىنچى نوگاينى سۇنغاندا بېشىنى چايقىدى.

سىكارلېت نوگاينى ئاغزىغا ئاپىرىۋېتىپ، دادىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى، كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ھاراق ئىچىشىنى قوۋۋەتلىمىگەنلىكى چىقىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى.

— قىزلار ھاراق ئىچسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ ئاددىيلا قىلىپ، — ئەمما، مەن ھازىر قىز بالا ئەمەس، دادا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچتە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار.

سىكارلېت ۋىسكىينى ئوبدان بىر پۇرىۋېلىپ، ئاندىن تېز - تېز ئىچىشكە باشلىدى. ئاچچىق ھاراق گېلىنى كۆيدۈرۈپ ئاشقازىنىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، سىكارلېت دەم ئالالماي كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، ئاندىن يەنە پۇراپ نوگاينى ئاغزىغا ئاپاردى.

— كاتتى سىكارلېت، بولدى ئەمدى، — دېدى گېرالد بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ

قىلغانلىقىنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى، — ھاراقنىڭ قانداق نېمىلىكىنى بىلمەيسەن، سېنى مەست قىلىپ قويىدۇ.

— مەست قىلىپ قويىدۇ؟ — سىكارلېت غەلىتە كۈلۈپ قويدى، — مەست قىلىپ قويىدۇ؟ مەن راسا مەست بولۇپ پۈتۈن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتسەم دەپ ئويلايمەن، دادا.

سىكارلېت يەنە بىر نوگاي ۋىسكىينى ئىچىۋەتتى، پۈتۈن بەدىنى قىزىغاندەك، قانلىرى دولقۇنلىنىۋاتقاندەك بولدى. بۇ خىل ئىسسىقلىق بىلەن روھى كۆتۈرەڭگۈلۈك ئادەم ئۈچۈن نېمىدېگەن بەخت! ئۇ خۇددى مۇزلاپ تۇرغان يۈرىكى ئېرىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدىغا باشقىدىن كۈچ قونۇۋاتقاندەك تۇيغۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. سىكارلېت گېرالدنىڭ يەنە خاراموش ۋە ئازابلىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئۇنىڭ تىزلىرىغا ئۇرۇپ قويدى، ئاندىن دادىسى ياخشى كۆرىدىغان كۈلكىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن زورىغا كۈلدى.

— بۇ ھاراق مېنى قانداق مەست قىلالىسۇن، دادا؟ مەن دېگەن سىزنىڭ قىزىڭىز. ئەجەبا، كىلايتونلۇقلارنىڭ سەگەك كاللىسى مەندە يوقمىدۇ؟

گېرالدنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدا ئازراق كۈلكە پەيدا بولدى. بايا ئىچكەن ۋىسكىيمۇ ئۇنىڭ قېنىنى قىزىتىشقا باشلىغانىدى. سىكارلېت ئۇنىڭغا ۋىسكىي سۇندى.

— يەنە ئازراق ئىچىڭ، ئاندىن سىزنى يۆلەپ ئاچىقىپ كارىۋىتىڭىزغا ياتقۇزۇپ قويىمەن ...

سىكارلېت دەررۇ گېپىنى توختىتىۋالدى، چۈنكى بۇ گەپنى ۋادقا دېسە بولاتتى، دادىسىغا دېگىنى قاملاشمىدى. ئۇنداق دېسە ھۆرمەتسىزلىك بولمامدۇ؟ بىراق، دادىسى ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈۋاتاتتى.

— شۇنداق، ئۆيگە ئەكىرىپ قويىمەن، كارىۋىتىڭىزغا چىقىپ ئۇخلايسىز، — ئۇ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — يەنە بىر يۇتۇم

ئىچىڭ — بىر نوگاي ئىچسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئاندىن ھۆجرىڭىزغا ئەكىرىپ قوياي. ئۇخلىمىسىڭىزمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە كاتتىي سىكارلېت بار، باشقا ئىشلاردىن ۋايىم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىچىڭ.

گېرالد يەنە ئازراق ئىچتى، ئاندىن سىكارلېت ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى.

— پورك ...

پورك بىر قولىدا نوگايلارنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا گېرالدنى يۆلەپ ماڭدى. سىكارلېت لىپىلداپ تۇرغان شامنى كۆتۈرۈپ، قاراڭغۇ كارىدور بىلەن پەلەمپەيگە كېلىپ يۇقىرىدىكى گېرالدنىڭ ھۆجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

سۇئېللېن بىلەن كاررىننىڭ ھۆجرىسىغا كەچتە جىنچىراغ يېقىپ قويۇشاتتى، شۇڭا ئۆينىڭ ئىچى چىراغنىڭ ئاچچىق ئىسى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاچا - سىڭىللار بىر كارىۋاتتا، بەزىدە ئۇخلاپ، بەزىدە پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ يېتىشاتتى. سىكارلېت ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە، ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ غەلىتە پۇراققا قوشۇلۇپ كەتكەن دورىنىڭ، ماينىڭ پۇراقلىرى گۇپپىدە بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدى. بەلكىم دوختۇرلار، كېسەل ياتقان ئۆيگە شامالنىڭ كىرىپ كېتىشىنى ئەڭ خەتەرلىك، دېيىشلىرى مۇمكىن. لېكىن، سىكارلېت بۇ يەردە ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆينىڭ ھاۋاسىنى جەزمەن يەڭگۈشلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇ بۇ غەلىتە پۇراقلاردىن بوغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېرىزىنىڭ ئۈچىلىسىنى ئېچىۋەتتى. بىراق، ئۇزاق ۋاقىت دۈملىنىپ تۇرغاچقىمۇ، سىرتتىن كىرگەن ساپ ھاۋا ئۆينىڭ ئىچىدىكى سېسىق ھاۋانى دەماللىققا يوقىتالمىدى.

كاررىن بىلەن سۇئېللېن ئىككىسى ئوخشاشلا ئورۇق، چىرايلىرى سېرىق ئىدى، بىردەم ئۇخلاپ، بىردەم ئويغىنىپ،

ئويغانغاندا بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ يېتىشاتتى. ئىلگىرىكى ياخشى كۈنلەردىمۇ ئۇ ئىككىسى مۇشۇ كارىۋاتتا يېتىۋالاتتى، گەپلىرى تۈگىمەيتتى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا فىرانسىيەنىڭ ئىمپېرىيە دەۋرىدىكى شەكىلدە ياسالغان يالغۇز كىشىلىك بىر كارىۋات تۇراتتى. ئېلىلېن بۇ كارىۋاتنى ساۋاننادىن ئالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزى ياتقانىدى.

سكارلېت قىزلارنىڭ يېنىدا ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ۋىسكىينى ئاچ قورساق ئىچكەچكە ئۇنى سەل تۇتقاندەك قىلىۋاتاتتى. بەزىدە سىڭىللىرى يىراق بىر يەردە كۆرۈنۈۋاتقاندەك، بەدەنلىرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى، ئاۋازلىرىمۇ ھاشارەتلەرنىڭ چىرىلداشلىرىدەك ئاڭلىناتتى، يەنە بىردەمدىلا ئۇلار يوغىناپ چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئۇ چارچىدى، ئىچ ـ ئىچىدىن چارچاپ كەتتى، بىرلا ياتسا نەچچە كۈن قوپماي ئۇخلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۇخلاپ قالسا، كۆزىنى ئاچقاندا ئېلىلېن ئۇنى بوش تەۋرىتىپ: «سكارلېت، كۈن چۈش بولۇپ كەتتى، قوپ، ئۇخلاۋەرمە!» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، ئاھ، قانداق ياخشى بولاتتى. ئەپسۇس، ئۇ پۇرسەتلەر ئەمدى مەڭگۈ يوق. ئېلىلېن ھايات بولغان بولسا ياكى يېشى ئېلىلېندىن چوڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىك ھەم ھارماس بىر ئايال بولغان بولسا، ياكى بولمىسا بېشىنى مەيدىسىگە قويغۇدەك، ئۈستىدىكى يۈكىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئالالىغۇدەك بىرسى كەلسە سكارلېتنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتمەسمىدى؟

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ دىلسېي كىرىپ كەلدى. قوينىدا مېلانىيەنىڭ بوۋىقى، قولىدا بايىقى نوگاي تۇراتتى. لىپىلداپ تۇرغان چىراغنىڭ سۇس يورۇقىدا دىلسېي سكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە ئۆتكەندە كۆرگەن چاغدىكىدىن جىق ئورۇقلاپ

كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چىرايىدىكى ئىندىيانلارغا خاس ئالاھىدىلىكلىرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ كېتىپتۇ: ياڭاق سۆڭەكلىرى تېخىمۇ چىقىپ، ئىلمەك بۇرنى ئېگىزلەپ، ئۆڭمۇ پارقىراپ قاپتۇ. ئۆڭۈپ كەتكەن گۈللۈك كۆڭلىكىنىڭ ئالدى يۇتۇنلەي ئوچۇق، ئىككى كۆكسى ساڭگىلاپ تۇراتتى. مېلانىيەنىڭ ئوغلىنىڭ جىنەستىدەك قىپقىزىل ئاغزى ئۇنىڭ قاپقارا ئەمچىكىنىڭ توپچىسىدا بولۇپ، ئۇنى ھە دەپ شوراۋاتاتتى.

سكارلېت ئورنىدىن سەنتۈرۈلۈپ قوپۇپ دىلسېينىڭ مۈرىسىگە قوللىرىنى قويدى.

— دىلسېي، سەن قېپقېلىپ بەكمۇ ياخشى قىپسەن.

— مەن قانداقمۇ ئۇ يارامسىز زەڭگىلەر بىلەن بىللە كېتىمەن، سكارلېت خانقىز؟ دادىڭىز شۇنداق كۆڭلى ياخشى ئادەم ئىكەن، قىزىم ئىككىمىزنى بىللە سېتىۋېلىپ كەلدى، ئاپىڭىزمۇ شۇنداق ئېسىل، مۇلايىم ئايال ئىكەن.

— ئولتۇر، دىلسېي. بوۋاق ئوبدان ئېمىۋاتامدۇ؟ مېلانىيە خانقىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— بالىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ، باشقا دەردى يوق. سۈتۈم ئۇنىڭغا بەخۇدۇك يېتىدۇ. مېلانىيە خانقىزمۇ ياخشى، ئۆلۈپ قالمايدۇ. سكارلېت خانقىز، ئەندىشە قىلماڭ. مەن جىق ئىش كۆرگەن، نېگىرلار، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ قالغانلارنى كۆپ ئۇچراتقان. قاتتىق ھېرىپ ھەم بالىنىڭ ۋايىمىنى كۆپ يەپ نېرۋىلىرى قاتتىق چارچىغانلا گەپ. ئۇنىڭغا بايا نوگايدا ئېشىپ قالغان ھاراقتىن ئازراق ئىچۈرۈپ قويدۇم، ھازىر ئۇخلاپ قالدى.

بۇ گەپچە، قوناقتا قىلغان بۇ ۋىسكىينى ئۆيدىكى ھەممە ئادەم ئىچكەن ئوخشىمامدۇ؟ سكارلېتنىڭ خىيالىغا كۈلكىلىك بىر ئوي كېلىپ قالدى، ۋادقىمۇ ئازراق ئىچۈرۈپ قويسام، ھېچ تۇتۇشلىرىمۇ ياخشى بولۇپ قالارمىكىن. مېلانىيە ئۆلمەيدىكەن، ئەمدى ئاشلېي قايتىپ كەلسىمۇ ... ئۇ راستلا قايتىپ كېلىدىغان

بولسا ... ياق، بۇ ئىشلارنى كېيىن ئويلايچۇ. ئويلايدىغان باشقا ئىشلارمۇ هازىر يېتىپ ئاشىدۇ ... كېيىن بىر گەپ بولار ! بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلار شۇنچىلىك كۆپ ... ئۇلارغا كېسىپ بىر نېمە دېيىش كېرەك. هېساب بوغىدىغان ئىش مەڭگۇ كەينىگە سۈرۈلۈپ تۇرسا قانداق ياخشى بولاتتى. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى، سىرتتىن بىر نېمىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كېچە جىمجىتلىقىنى تۇيۇقسىز بۇزۇۋەتكەنىدى.

— نېگىر ئانا قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتىدۇ، قىزلارنىڭ دۇمبىسىنى بۇلۇت بىلەن سۈرتۈپ قويماقچى. ئۇلار دائىم يۇيۇنۇپ تۇرىدۇ، — چۈشەندۈردى دىلسېي قولىدىكى نوگايلارنى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان دورا شېشىسى بىلەن ئىستاكاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇۋېتىپ.

سىكارلېت بىردىنلا قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. كىچىكىدىن تارتىپ تولا ئاڭلاپ قۇلىقى پىشىپ كەتكەن قۇدۇق چىغرىقىنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا نېرۋىسى قاتتىق ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. ئۇ كۈلۈۋاتقاندا دىلسېي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ سۈرلۈك چىرايى قىلچە ئۆزگەرمىگەنىدى. سىكارلېت ئۇنى ئۆزىنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ كۆكسىنى چىڭ سىقىپ تۇرغان لىپتىكنى، گېلىنى بوغۇپ كېتىۋاتقان ياقىسىنى يېشىۋەتكەن، هازىرمۇ ئىچىدىكى قۇملار پۇتىغا پېتىپ ئاغرىتىۋاتقان ئايىغىنى سېلىۋەتكەن بولسا قانداق راهەت بولاتتى.

قۇدۇقنىڭ چىغرىقىغا ئارغامچا ئاستا يۆگىلىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شۇ تۇرقىدا چېلەك سۇ بىلەن بىللە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى، نېگىر ئانىسى — ئېللېننىڭ نېگىر ئانىسى. سىكارلېتنىڭ نېگىر ئانىسى — مانا هازىرلا ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. سىكارلېت هېچنېمىنى ئويلىمايۋاتقان ئادەمدەك جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

بوۋاقنىڭ قورسىقى تويغان، ئەمما ئەمچەك ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتى، دىلسىپي بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمچىكىنى قايتا سېلىپ قويۇۋىدى، بالىمۇ يىغىسى بېسىلىپ جىمىپ كەتتى. سىكارلېت ئەمدى نىگىر ئانىنىڭ ئارقا ھويلىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. كېچە جىمجىت بولغاچقا، ئەڭ بوش ئاۋازلارمۇ شۇنچىلىك جاراڭلىق ئاڭلىناتتى.

نىگىر ئانىنىڭ ئېغىر گەۋدىسى ئىشىكنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، كارىدور خۇددى تىترەپ كەتكەندەك بولدى. مۈرىسىدىكى يوغان ئىككى چېلەك سۇ ئۇنىڭ قەددىنى خېلىلا مۈكچەيتكەنىدى. قاپقارا چىرايىدا خۇددى مايمۇنىنىڭ چىرايىدىكىدەك قايغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى.

سىكارلېتنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ئاپپاق چىشلىرى پارقىراپ كەتتى. چېلەكلەرنى قويۇپ تۇرۇشىغا سىكارلېت يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ كەڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. قانچىلىغان نىگىرلار ۋە ئاق تەنلىكلەرنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ بۇ كەڭ كۆكسىگە مەھكەم يېقىلمىغان! بۇ شۇنچىلىك مېھرىبان، سىكارلېت ئىچىدە ئويلاپ قالدى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان كونىچە تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرىدىغان جاي.

— مېنىڭ قىزىم قايتىپ كەپتۇغۇ! ئاھ، سىكارلېت، ئېللېن خانقىز ئۇ ئالەمگە كەتتى، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟ مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتسەم بولمامتى. ماڭا ئېللېن خانقىز بولمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭسىز قانداق ياشايمەن. ئەمدى ئىچ ئاغرىقلىرى بىلەن غەم - غۇسسىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى. بىزگە قالغىنى زىممىمىزدىكى ئېغىر يۈك، سىكارلېت، قوزام، ئېغىر يۈك!

سىكارلېت نىگىر ئانىنىڭ ۋايساشلىرىغا قۇلاق سالغاچ بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە چىڭ يېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ «ئېغىر يۈك» دېگەن گېپى سىكارلېتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۆتكەن كۈنى چۈشتىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇشۇ گەپ

كىرىۋالغانىدى، بۇ گەپ بۇ يەردىمۇ تەكرارلىنىپ ئۇنى سەل بىزار قىلىپ قويدى. شۇ تۇرقىدا ھېلىقى ناخشىنىڭ قالغان مىسرالىرى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ، ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئۇ مىسرالارنى ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى.

قۇتۇلمەن بۇ يوكتىن پەقەت،
ئۆتكىنىدە يەنە نەچچە كۈن.
بولسىمۇ گەر ئۇنىڭ ۋەزنى، ھېچ،
ئازاپاس ھەم مەڭگۈگە پۈتۈن.
داغدام يولدا ماڭىمىز مەغرۇر
ئۆتكىنىدە يەنە نەچچە كۈن.

«ئۇنىڭ سالمىقى مەڭگۈ يېنىكلىمىسىمۇ مەيلىلا.» سىكارلېت ئۇ مىسرالارنى ھارغىن يۈرىكىگە مەھكەم ئورنىتىۋالدى. ئۇنىڭ زىممىسىدىكى يۈك مەڭگۈ يەڭگىللىمەسمۇ؟ تاراغا قايتىپ كېلىش بەختلىك ئارام ئېلىشتىن ئەمەس، ئەكسىچە تېخىمۇ ئېغىر يۈكنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىشىدىن دېرەك بېرىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ نېگىر ئانىنىڭ مەيدىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قورۇق باسقان قارا يۈزىنى سىلىدى.

— قوزام، قاراڭ قوللىرىڭىزنى، — نېگىر ئانا ئۇنىڭ قاپىرىپ ھەم قاناپ كەتكەن قوللىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، نارازى قىياپەتتە ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قاراپ كەتتى، — سىكارلېت خانقىز، مەن سىزگە، ھەرقانداق ئادەم قولغا قاراپ قىزلار بىلەن خانىملارنىڭ قانداقلىقىغا باھا بېرىدۇ، دەپ كۆپ دېگەنىغۇ؟ يۈزىڭىزنىڭمۇ قارىداپ كەتكىنىنى قاراڭ.

بىچارە موماي، ئۇرۇش بىلەن ئۆلۈم ئۇنىڭ بېشىدىن تېخى ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئەھمىيەتسىز ئىشلار توغرۇلۇق ئۇنىڭغا يەنە شۇنداق قاتتىق تەلەپ قويۇۋاتقىنىنى قاراڭ. سەل تۇرۇپ ئۇ، قوللىرى قاپىرىپ كەتكەن، يۈزىگە بىر

نەرسىلەر ئۆرلەپ قالغان قىزلار مەڭگۈ ئەر تاپالمايدۇ، دېيىشمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت دەررۇ مۇداپىئەنىڭ چارىسىنى ئويلاپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپتى.

— ئانا، ئاپامنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەڭچۇ، دادامغا سۆزلىتەي دېسەم ئېغىر كېلەرمىكىن دەپ قورقتۇم.

نېگىر ئانا ئېغىشىپ ئىككى چېلەكنى كۆتۈردى، كۆزلىرى لىق ياش ئىدى. چېلەكلەرنى سۆزسىز كارىۋاتنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، سۇئېللېن بىلەن كاررىننىڭ ئىچ كىيىملىرىنى ئۈستىگە قايرىدى. سىكارلېت گۆڭگا يورۇقتا سىڭىللىرىغا قارىدى، كاررىننىڭ ئۇچىسىدا پاكىز، ئەمما يىرتىلىپ كەتكەن كىچىلىك كۆڭلەك تۇراتتى، سۇئېللېن بولسا يوغان بىر ئەسكى چاپانغا ئورىنىپ ياتاتتى. نېگىر ئانا كونا بىر كۆڭلەكتىن يىرتىۋالغان بىر پارچە لاتا بىلەن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى، سۈرتكەچ يۇم - يۇم يىغلايتتى.

— سىكارلېت خانقىز، ھەممىنى قىلغان سىلاتتېرىينىڭ ئائىلىسىدىكى ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئاشۇ ئاق تەنلىكلەر. ئېللېن خانقىزنى شۇلار ئاغرىتىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭغا مەن، ئۇنداق يامان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىشىنى قىلماڭ، پايدىسى يوق دېدىم، ئەمما ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدى. بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق بولغاچقا، كىم ياردەم سوراپ كەلسە پەقەتلا رەت قىلمايتتى.

— سلاتتېرىي؟ — سىكارلېت چۈشەنمەي سورىدى — ئۇلار نېمىدەپ كەپتىكەن؟

— ئۇلارمۇ ئاشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشۇپتۇ، — موماي قولى بىلەن كارىۋاتتا ياتقان ئىككى قىزنى كۆرسىتىپ قويدى، — ئۇلارنىڭ ئېمىمى دېگەن قىزىغا كېسەل يۇقۇپتىكەن، ئاپىسى ئېللېن خانقىزدىن ياردەم سوراپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ قىزىغا نېمىشقا ئۆزى قارىمايدۇ؟ ئېللېن خانقىزنىڭ نۇرغۇن ئالدىراش ئىشلىرى بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ باردى، ئېمىمىنىڭ

كېسىلىنى كۆردى. شۇ كۈنلەردە ئېلىلېن خانقىزنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، سىكارلېت خانقىز. ئاپىغىزنىڭ ئىلىك - سىلىك يۈرگىنىگە خېلى بولغان. ئۆيدە يەيدىغان تۈزۈك ـ رەك نەرسىمۇ يوق، بىزدىن چىققان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ ئادەملەر ئېلىپ كېتىشكەندى. ئېلىلېن خانقىز قۇشقاچچەك تاماق يەيتتى. ئۇنىڭغا، ئۇ ئاق تەنلىكلەر بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، دېدىم، لېكىن گېپىمنى ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بالا تاشتى. ئېمەمىي خانقىز ياخشى بولاي دېگەن كۈنلەردە كاررىن خانقىز يىقىلدى، ئارقىدىن كېزىك سۇئېلىلېن خانقىزغا يۇقتى، شۇنىڭ بىلەن ئېلىلېن خانقىز ئىككى قىزغا تەڭ قارىمىسا بولمىدى.

ئۇ چاغلاردا يول بويلىرىدا ئۇرۇش بولىۋاتاتتى، شىماللىقلارمۇ دەريادىن ئۆتتى، نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. ئېتىزدا ئىشلەيدىغان زەڭگىلەرمۇ بىر - بىرلەپ قاچقىلى تۇردى. ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ جۇدۇنۇم تۇتتى. ئەمما، ئېلىلېن خانقىز ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن پېتى يۈرىۋەردى. ئۇ بۇ قىزلاردىن بەك ئەنسىرەيتتى، چۈنكى بىزدە پەقەتلا دورا يوق ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئىككىمىز قىزلارنىڭ بەدىنىنى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇۋاتاتتۇق، ئۇ ماڭا: «ئانا، ئەگەر مەن ۋىجدانىمنى ساتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئازراق مۇز ئەكېلىپ بۇ قىزلارنىڭ بېشىغا قويسام دەيمەن» دېدى.

ئۇ گېرالد ئەپەندىنى بۇ ئۆيگە پەقەتلا كىرگۈزمىدى، روسا بىلەن تىنانىمۇ يولاتمىدى، پەقەت مەنلا كىرەلەيتتىم. چۈنكى، مەن بىر قېتىم كېزىك بولۇپ بولغان، كېيىن ئۇ ئۆزىمۇ ئاغرىدى، بىر قاراپلا ئۇنىڭغا ئامال قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

نېگىر ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن يۈزىدىكى ياشنى سۈرتتۈۋەتتى.

— ئۇ ناھايىتى تېزلا كېتىپ قالدى، سىكارلېت خانقىز، ھەتتا ياخشى نىيەتلىك ئۇ دوختۇرمۇ چارە قىلالمىدى. ئۇ

ھېچنېمىنى بىلمەي يېتىپ كەتتى، توۋلىسامۇ، گەپ قىلسامۇ بىلمەيتتى، ھەتتا ئاخىرىغا كېلىپ مېنىمۇ تونۇمىدى.

— ئۇ مېنى ... مېنى تىلغا ئالدىمۇ، ئىسمىمنى چاقىردىمۇ؟

— ياق، قوزام، ئۇ خىيالىدا ساۋاننادىكى چېغىدىكىدەك ئۆزىنى كىچىك قىز دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ھېچكىمنىڭ ئىسمىنى توۋلىمىدى.

دىلشېي ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ بوۋاقنى تىزلىرى ئۈستىگە توغرىسىغا قويدى.

— بىرسىنىڭ ئىسمىنى دېدى، خانقىز، كىمنىڭكىن بىلەلمىدۇق.

— ئاغزىڭنى يۇم، ئىندىيانىنىڭ توخۇمى، — نېگىر ئانا ئۇنىڭغا قايرىلىپ غەزەپ بىلەن تىللىدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، ئانا! كىمنىڭ ئىسمىنى دېدى؟ دىلشېي، دادامنىڭمۇ؟

— ياق، خانقىز، دادىڭىزنىڭ ئەمەس. شۇ كۈنى پاختىغا ئوت كەتكەن ئاخشىمى ئىدى ...

— پاختىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كەتتىمۇ؟ چاپسانراق ئېيتقىنا!

— شۇنداق، خانقىز، ھەممىسى كۆيۈپ كەتتى. شىماللىق ئەسكەرلەر ئامباردىن تاي ـ تاي پاختىنى دومىلىتىپ ئاچىقىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلىدى، ئاندىن: «جورجىيە بويىچە ئەڭ چوڭ گۈلخاننى كۆرىسىلەر» دېيىشىپ پاختىغا ئوت قويۇۋەتتى. بىردەمدىلا پۈتۈن پاختا كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى.

ئۇدا ئۈچ يىل توپلىغان، بىر يۈز ئەللىك مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدىغان پاختىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگىگەنىدى.

— ئوت پەلەككە يېتىپ ھەممە يەر كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ھەممىمىز ئۆي كۆيۈپ كېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ كەتتۇق. ئۆينىڭ ئىچىمۇ يىڭنە چۈشۈپ كەتسە تاپقۇدەك يورۇپ كەتتى. كېيىن ئوت دېرىزىلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئېلىپ خېنىمنى

قورقۇتۇۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ: «فىلىپ! فىلىپ!» دەپ توۋلاپ كەتتى. مەن بۇ ئىسىمنى زادىلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئىسمى، ئۇ ئۇنى چاقىردى.

نېگىرئانا دېرىزە تۈۋىدە دىلسىبىغا قادىلىپ تاشتەك قېتىپ تۇراتتى. سىكارلېت بېشىنى ئىككى قولىدا چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى. فىلىپ ... ئۇ كىم؟ ئۇنىڭ ئاپىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئۆلەر چاغدا نېمىشقا ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلايدۇ؟

ئاتلانتادىن تاراغىچە بولغان بۇ ئۇزۇن مۇساپە ئىچى قۇرۇق ئاق تاملارغا كەلگەندە ئاخىرلاشتى. ئەسلىدە ئۇ ئېللېننىڭ قويندا ئاخىرلىششى كېرەك ئىدى. ئەمدى سىكارلېت كىچىك بالىدەك دادىسىنىڭ ھىمايىسىدە خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ، ئۇنى ماموق تۆشەكلەرگە يۆگەپ قويىدىغان، ئىسسىق - سوغۇقتا چىقىلدۇرمايدىغان ئاپىسىمۇ يوق، بېشىنى تىقىۋېلىپ خاتىرجەم ياشىغۇدەك بىرەر تىنچ ماكانمۇ ھەم يوق. ھەرقانداق ھىيلە ۋە ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشلار بىلەن ئاللىبۇرۇن كىرىپ بولغان بۇ خالتا كوچىدىن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. زىمىنسىگە چۈشكەن ئېغىر يۈكنى ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغانمۇ ئادەممۇ يوق. دادىسى قېرىپ خۇدىنى يوقاتقان، ئىككى سىڭلىسى كېسەل، مېلانىيە ئاجىزلاپ كەتكەن، بالىلار تايانچىسىز. بۇ بىرنەچچە نېگىر، ئېللېننىڭ قىزى ئاپىسىغا ئوخشاش بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلايدۇ، دېگەندەك سەبىي ئېتىقادلىرى بىلەن ئۆزىگە مۆلدۈرلەپ قاراپلا تۇرۇشىدۇ.

سىكارلېت دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، تارا قورۇقى يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاينىڭ يورۇقىدا يېيىلىپ يېتىپتۇ. قۇللارنىڭ ھەممىسى كەتكەن، يەرلەر ئاق قالغان، ئامبار كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان، خۇددى قانغا مىلەنگەن تەندەك كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ

يېتىپتۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانغا ئوخشاش ئېقىۋاتقان قانمۇ بار. مانا بۇ يەر ئۇنىڭ جاپالىق ئۇزاق سەپىرىنىڭ پەللىسى، قېرىغان، كېسەل ۋە تويماي يوغان ئېچىلىپ تۇرغان ئېغىزلار، چارىسىز هالدا ئۇنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلغان قوللار، بۇ پەللىدە هازىر هېچقانداق قىممىتى بار نەرسە يوق ... بالىسى كەينىدە ئەگىشىپ يۈرگەن، ئون توققۇز ياشلىق تۇل خوتۇن سىكارلېت ئوخارا خامىلتوندىن باشقا هېچنېمە يوق !

بۇ ئىشلارنىڭ ئالدىدا ئۇ قانداق قىلىشى كېرەك؟ ماكوندىكى پىتتىي هاما مېلانىيەنى بوۋىقى بىلەن ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئىككى سىڭلىسىنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ قالسا، ئۇلار خالىسۇن خالىمىسۇن، ئېللېنىنىڭ تۇغقانلىرى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۆزى بىلەن دادىسى تاغىلىرى جامېس بىلەن ئاندرېۋنىڭكىگە كەتسە بولغۇدەكقۇ.

سىكارلېت ئورۇقلاپ تاياقتەك بولۇپ قالغان ئىككى سىڭلىسىغا قارىدى، ئۇلار يۆملىنىپ ياتاتتى، ئورنىنىپ ياتقان كىرلىك بەدەنلىرىنى سۈرتكەندە چۈشكەن سۇ بىلەن هۆل بولغان ۋە قارىداپ كەتكەندى. ئۇ سۇئېللېننى ياخشى كۆرمەيتتى. هازىر ئۇشتۇمتۇتلا بۇ خىيال كاللىسىغا ئېنىق كىرىۋالدى. ئۇنى بىرەر قېتىممۇ ياخشى كۆرۈپ باقمىغىنى راست، كاررىنىنمۇ ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. ئىشقىلىپ، ئاجىز ئادەملەرنىڭ هەممىسىنى ئۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۇنىڭ قان قېرىنداشلىرى، تارانىڭ بىر ئەزاسى. ياق، سىكارلېت ئۇلارنى نامرات تۇغقان سۈپىتىدە هاممىلىرىنىڭ قولىغا بىر ئۆمۈر تۇرۇشقا تاشلاپ بەرمەيدۇ. ئوخارا ئائىلىسىنىڭ ئادەملىرى نامرات تۇغقانلار قاتارىدا خەقنىڭ ئالدىدا چىرايىنى سارغايتىپ ياشىسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا هەرگىز بولمايدۇ !

بۇ هالتا كوچىدىن قېچىپ چىققىلى زادى بولماسمۇ؟ ئۇنىڭ

چارچاپ كەتكەن كاللىسى بۇ ئىشلار ئۈستىدە قاتتىق ئويلانماقتا. بىر چاغدا ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى نوگايلارغا قاراپ قويدى، ئۇلارنىڭ تېگىدە يەنە ئازراق ۋىسكىي بار ئىدى، تازا يورۇق بولمىغاچقا، زادى قانچىلىك بارلىقىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، كۈچلۈك هاراق پۇرىقى ئۇنى قىلچە سەسكەندۈرمىدى، هاراقنى ئاستا ـ ئاستا ئىچىشكە باشلىدى. بۇ قېتىم گېلى كۆيمىدى، ئەمما پۈتۈن بەدىنى قىزىغاندەك بولدى.

سىكارلېت نوگاينى قويۇپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا چۈش كۆرۈۋاتىدۇ. چۈشىدە ئورۇق ئىككى قىزنى، كارىۋات بېشىدا ئولتۇرغان بەتبەشىرە نېگىر ئانىسىنى، قولىدا بوۋىقى بار مىس هەيكەلدەك ئولتۇرغان دىلسېينى كۆردى. بۇنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ چۈشى. ئۇ چۈشىدىن چوقۇم ئويغىنىدۇ، ئويغىنىپلا ئاشخانىدىكى پىشۇرۇلغان گۆشلەرنىڭ پۇرىقىنى هىدلايدۇ، نېگىرلارنىڭ كۈلكىلىرىنى، هارۋىلاردا ئېتىزلىققا كېتىۋېتىپ قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ، شۇ چاغدا ئاپىسى كەينىدىن كېلىپ ئۇنى بوش تۇرتۇپ قويىدۇ.

كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ هۇجرىسىدا، ئۆزىنىڭ كارىۋىتىدا كۆرگەندەك بولدى. ئاينىڭ سۇس يورۇقى قاراڭغۇ ئۆينى بىر خىل رەڭدە سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. نېگىر ئانىسى بىلەن دىلسېي ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋاتىدۇ. بەدىنىنى قىسىپ كېتىۋاتقان كىيىملىرى ئەمدى ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاغرىتالمايدۇ، ئەركىن نەپەس ئېلىپ ياتالايدۇ. پايپىقىنىڭ سېلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك، نېگىر ئانىسىنىڭ قاپىرىپ كەتكەن پۇتلىرىنى يۇيۇۋېتىپ بىر نېمىلەر دەپ غودۇراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىۋاتىدۇ، ئۇ ئاۋاز شۇنچىلىك مېهرىبان، سۇ شۇنچىلىك راهەت. كارىۋاتتا خۇددى كىچىك بالىدەك سوزۇلۇپ يېتىش قانداق راهەت! ئۇ پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ كېرىلىپ يېتىپتۇ. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى ... بىر سائەتمۇ، بىر يىلمۇ ياكى

بىر مىنۇتمۇ. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز ياتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۆي ئىچى يوپيورۇق، ئاينىڭ سىمابتەك چىرايلىق نۇرى كارىۋىتى ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنى ھارغىنلىق ۋە زىيادە ئىچىلگەن ۋىسكىي مەست قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنى ھارغىن تېنىدىن قۇتۇلۇپ، ئازاب ۋە مۇشەققەت يوق ئېگىز بىر يەرگە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەكلا سېزەتتى، كاللىسى زىيادە زېرەكلىك بىلەن ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى كۆزىتەتتى.

ئۇ ھازىر شەيئىلەرنى بىر جۈپ يېڭى كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇ تاراغا كېلىۋاتقان ئۇزۇن سەپەرنىڭ بىر يېرىدە ئۆزىنىڭ قىزلىق دەۋرىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ھازىر قانداق قىلسا شۇنداق بولىدىغان، كۆرۈنگەنلا نەرسىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان يېپىشقاق توپا ئەمەس. ئۇ توپا ھازىر ئايىغى كۆرۈنمەي قالغان، مىڭ يىللىق جاپانى كۆرسەتكەن ئاشۇ بىر كۈنلۈك سەپەردە قېتىپ كەتكەن. بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ بالىلارغا ئوخشاش كۈتۈنۈشنى خالىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى. ئەتىدىن باشلاپ ئۇ پىشقان بىر ئايالغا ئايلىنىدۇ، ياشلىقى ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ.

ياق، ئۇ ھەرگىزمۇ گېرالدىنىڭ ياكى ئېللېننىڭ تۇغقانلىرىغا بېقىنمايدۇ. ئوخارا جەمەتىدىكىلەرگە سەدىقە لازىم ئەمەس، ئۇلار ھەممە ئىشتا ئۆزلىرىگە تايىنىدۇ. ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن يۈك ئۆزىنىڭكى، ئۇنى چوقۇم كۈچلۈك مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ھەممىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، بۇ مۈرىلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىر خەتەرلەرنىمۇ كۆتۈرۈپ باققانلىقىنى، ھازىرمۇ ھەرقانداق ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ تارانى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئۇ مۇشۇ قىزىل تۇپراقلارغا مەنسۇپ، پەقەت

مۇشۇ تۇپىراقلاردىنلا خۇددى كېپۇەزلەرگە ئوخشاش هاياتىي كۈچ ئالالايدۇ. قانداقلا بولسۇن، ئۇ تارا قورۇقىدا قېلىشى، بۇ يەرنى جانلاندۇرۇشى، دادىسى بىلەن ئىككى سىڭلىسىنى، مېلانىيە بىلەن ئاشلېيىنىڭ ئوغلىنى ۋە بۇ بىرنەچچە نېگىرنى بېقىشى كېرەك. ئەتە ... ئاھ، ئەتە ! ئەتە ئۇ كالىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى بوينىغا سالىدۇ. ئەتە ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى بىلەن ماكلىنتوش كەنتىگە بېرىپ بىر نەرسىلەر قالدىمۇ، يوق، كۆرۈپ، سازلىقتا بېرىپ ئېزىپ - تېزىپ يۈرگەن ئۇلاغلار، ئۆي قۇشلىرى بولسا ئېلىپ كېلىشى كېرەك. يەنە ئاپىسىنىڭ زىننەت بويۇملىرىنى ئېلىپ جونېسبورو بىلەن لوۋېجويغىمۇ بېرىشى كېرەك، ئۇ يەردە چوقۇم يەيدىغان نەرسىلەرنى ساتىدىغان ئادەملەر بار. ئەتە ... ئەتە ... ئۇنىڭ كاللىسى ئاستا - ئاستا ئايلانماقتا، خۇددى سائەتنىڭ پۇرژىنىسىغا ئوخشاش ئاستا - ئاستا بوشىماقتا، لېكىن ئۆزى شۇنداق سەگەك.

ئۇشتۇمتۇت، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ دائىم ئاڭلاپ تۇرىدىغان، ئاڭلاشتىن بىزار بولسىمۇ، بىلىپ - بىلمەي كاللىسىغا سىڭىپ قالغان جەمەتلىرى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر ئېنىق كاللىسىغا كېلىشكە باشلىدى. يېنىدا بىر تىيىن پۇلى يوق گېرالد تارادا ئىگىلىك ياراتقان؛ ئېللېن بېشىغا كەلگەن مەلۇم بىر سىرلىق بەختسىزلىكنى يەڭگەن؛ بوۋىسى روبىللارد ناپولېئون خانىدانلىقى گۇمران بولغاندا ئامان قېلىپ، جورجىيەنىڭ دېڭىز بويىدا يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلىگەن؛ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى پىرۇدوم هايتىدىكى زۇلمەت ئىچىدە كىچىككىنە بىر پادىشاھلىق بەرپا قىلىپ كېيىن يېڭىلىپ قالغان، لېكىن ئۆزى هايات قېلىپ ساۋاننادا باشقىدىن شۆھرەت تاپقان؛ دادىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بەزىلەر ئىرېلاندىيە پىدائىيلىرى بىلەن بىللە ئەركىن ئىرېلاندىيە ئۈچۈن كۈرەش

قىلىپ دار ئاستىغا باتۇرلۇق بىلەن مېڭىپ بارغان؛ ئاپىسىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىمۇ ئۆز ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، بويىندا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغانلارمۇ بولغان.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق ئاپەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ، لېكىن پۈتۈنلەي خارابلىشىپ كەتمىگەن. ئىمپېرىيەنىڭ زاۋال تېپىشى، ئىسيانكار قۇللارنىڭ قىلىچلىرى، ئۇرۇش، توپىلاڭ، سۈرگۈن ۋە مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشلاردىن كەلگەن زەربىلەرنىڭ تەسىرىدىن ئورنىدىن قوپالماي قالغان ئەمەس. جانغا تەككىلىدىغان شۇم تەقدىر ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان بولسىمۇ، ئىرادىسىنى جۇدا قىلالمىغان. ئۇلار ھېچكىمدىن ئاغرىنمىغان، پەقەت كۈرەشلا قىلغان. ئۆلگەندىمۇ باش ئېگىپ ئەمەس، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ بولۇپ ئۆلگەن. ئۇلارنىڭ قېنى سىكارلېتنىڭ تومۇرلىرىدا قالغان، ئەمما نامى بەكمۇ چىقىپ كەتمىگەن شەخسلەر ئىدى، ھەممىسىلا ئاينىڭ يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغان بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئاستا مېڭىپ يۇرۇشۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت ئۇلارنى، تەقدىرنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئۇنۇملۇك نەتىجىلەرنى ياراتقان ئۇ قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئۇ قىلچە ئەجەبلەنمەيتتى. تارا ئۇنىڭ تەقدىرى، ئۇ دۇچ كېلىدىغان كۈرەش مۇشۇ يەردە، ئۇنى چوقۇم بويسۇندۇرۇشى كېرەك.

سىكارلېت يېرىم ئۇيقۇ ئىچىدە بىر يېنىغا ئۆرۈلدى، ئاستا - ئاستا كېلىۋاتقان قاراڭغۇلۇق يۈرىكىنى قورشاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇ ئەجدادلىرى ئۇنىڭغا سۆزسىز جىمجىت تۇرۇپ مەدەت بېرەرمۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خام خىيالمىدۇ؟

«مەيلى بۇ يەردە بۇلۇڭلار ياكى بولماڭلار، — دېدى سىكارلېت ئۇيقۇلۇق ھالەتتە ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن، رەھمەت سىلەرگە.»

# يىگىرمە بەشىنچى باب

ئەتىسى سىكارلېت ئورنىدىن پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ قوپتى. بۇ ئۇزۇن سەپەر ۋە پەيتوندا كۆپ سىلكىنىشلەرنىڭ نەتىجىسى ئىدى، بىر قەدەم مېڭىشىمۇ شۇنچىلىك تەس ئىدى. يۈزى ئاپتاپتا قارىداپ، قوللىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. تىلىمۇ يېرىلىپ كېتىپتۇ، ئاغزى قۇرۇپ، قانچىلىك سۇ ئىچسىمۇ قانمايدىغاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. باشلىرى ئېسىلىپ، مىدىرلىتىپلا قويسا كۆزلىرىمۇ قوشۇلۇپ ئاغرىپ كېتەتتى. ھېلىلا قۇسۇۋېتىدىغاندەك كۆڭلى ئېلىشىپ تۇراتتى. گېرالد بۇ ئەھۋالنى ۋىسكىينى كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكنىڭ تەسىرى دەپ چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن. بۇنىڭغا خوپ بولدى دېمەكتىن باشقا گەپ يوق. ھېلىمۇ ياخشى دادىسى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. گېرالد تاماق ئۈستىلىنىڭ باش تەرىپىدە ئاپپاق ساقال بوۋايدەك قېتىپ ئولتۇراتتى. قۇۋۋىتى قاچقان، كۆرۈشى ئاجىزلاپ كەتكەن كۆزلىرى خۇددى ئېللېننىڭ كۆڭلىكىنى شىلدىرلىتىپ، قامچا گۈلىنىڭ پۇرىقىدەك خۇشبۇي پۇراق چاچرىتىپ كىرىپ كېلىدىغاندەك ئىشىككە قادىلىپ قالغانىدى.

سىكارلېت ئاياغ تەرەپتە ئولتۇردى.

— ئوخارا خانىمنى ساقلايلى، بۈگۈن ئۇ كېچىكتى، — دېدى گېرالد ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ.

سىكارلېت ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى، گېرالدنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇرغان نېگىرئانىغىمۇ لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئۇ سىكارلېتقا، گەپ قىلماڭ، دېگەندەك ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. سىكارلېت دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى سىلاپ قويدى.

دادىسىنىڭ قوللىرى تىترەپ، بېشى بىر ياققا سىڭارىيان بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ تېخى تۇنۇگۈنلا ئىشلارنى خېلى تەرتىپلىك سۆزلەپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ھازىر ... ھازىر ئۇ ئېلىپىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. شىماللىقلارنىڭ كەلگەنلىكى، ئېلىپىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولۇپ ئۇنى ئېسىدىن ئايرىۋەتكەن گەپ. سىكارلېت گەپ قىلىشقا تەمشىلىشىگە، نېگىر ئانا ئىتتىك بېشىنى چايقىدى ۋە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى.

«دادام مۇشۇنداق ئېسىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ — ئويلىدى سىكارلېت. ئاغرىپ تۇرۇۋاتقان بېشى بۇ يېڭى زەربە بىلەن تېخىمۇ بەك ئاغرىپ يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى، — ياق، ياق، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ كۆزلىرى ئىلىشىپ كېتىۋاتقان گەپ. مىجەزى يوق ئوخشايدۇ، ياخشى بولۇپ قالىدۇ، چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ياخشى بولالمىسا مەن قانداق قىلىمەن؟ ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلىمايلا. ئۇنىمۇ، ئاپامنىمۇ، باشقا قورقۇنچلۇق ئىشلارنىمۇ ئويلىماي قوياي. ئويلىغان ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولغاندا ئويلاي. ئويلايدىغان ئىشلار ئالدىمدا نۇرغۇن. چارە قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ئويلىمىغاندىلا، ئاندىن كۆز ئالدىمدىكى چارىسى بار ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالايمەن.»

سىكارلېت ھېچنېمە يېمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقا ھويلىغا چىقىدىغان كارىدورغا چىقىپ كەتتى. پورك پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ — ئۈستىدە كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن مېھمانلىق كىيىمى — خاسىڭ ئاقلاۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ بېشىنىڭ ئاغرىقى توختىمىدى، قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى كۆزلىرىنى چېقىپ، كۆزلىرىگىمۇ ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ناھايىتى تەستە تۇرۇۋاتاتتى. پورك بىلەنمۇ ئاپىسىنىڭ نېگىرلار بىلەن سۆزلەشكەندە قىلىدىغان تەكەللۇپلىرى ۋە ئەدەپ -

قائىدىلىرىنى قىسقارتىپ قىسقىلا سۆزلەشتى.

ئۇ تۇيۇقسىز بىر ئىشلارنى سوراپ كېتەتتى، ئارقىدىن كەسكىن بۇيرۇقلارنى بېرەتتى. پورك نېمە قىلىشىنى بىلمەي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا قالاتتى. ئېلىلىېن خانقىز گەپنى ئۇنداق قاتتىق قىلمايتتى، توخۇ ياكى تاۋۇز دېگەندەك نەرسىلەرنى ئوغرىلىغان نېگىرلارنى كۆرسىمۇ، سىكارلېتقا ئوخشاش بۇنداق قوپاللىق قىلىپ كەتمەيتتى. سىكارلېت ئېتىزنىڭ، باغنىڭ، ئۇلاغلارنىڭ ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم سورىدى، كۆپكۆك كۆزلىرى سۇرلۇك پارقىراپ تۇراتتى. پورك ئىلگىرى ئۇنى زادىلا بۇنداق هالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— شۇنداق، خانقىز، ئۇ ئات باغلاپ قويغان يەردە تۇرۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ. تۇمشۇقى ئۆزى ئۆرۈۋەتكەن چېلەككە سوزۇلۇپ قاپتۇ. ياق، خانقىز، ئۇ كالا ئۆلمىدى، ئۇقمىدىڭىزمۇ؟ تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ كالا تۇغدى. ئۇنىڭ تىنماي مۆرىگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن.

— سېنىڭ پىرىسسىي دېگەن قىزىڭ ئوبدانلا بىر تۇغۇت ئانىسى بولۇپ قالغۇدەك، — دېدى سىكارلېت زاڭلىق قىلىپ، — تۈنۈگۈن ئۇ كالىنى، يېلىنى چىڭقىلىپ كېتىپ مۆرەۋاتىدۇ، دېگەن.

— نېمە دەۋاتقانسىز، خانقىز، بىزنىڭ پىرىسسىي هەرگىز كالا تۇغدۇرالمايدۇ، — دېدى پورك كۈلۈپ كېتىپ، — تەلىيىمىز بار ئىكەن، ئۇ موزايمۇ چوڭ بولۇپ سىيىر بولىدۇ، ئىككى خانقىزنىڭ ئىچىدىغان سۈتىمۇ بار بولدى. هېلىقى شىماللىق دوختۇرمۇ ئۇلارغا سۈت بۇيرۇغان.

— ناهايىتى ياخشى، سۆزۈڭنى داۋام قىلىۋەر. قېلىپ قالغان باشقا ئۇلاغلاردىنمۇ بارمۇ؟

— يوق، خانقىز، بىر قېرى مىكىجىن بىلەن ئۇنىڭ كۈچۈكىدىن باشقا هېچنېمە يوق. شىماللىقلار كېلىدىغان كۈنى ئۇلارنى سازلىققا هەيدىۋەتكەنىدىم، هازىر ئۇلارنى نەدىن تېپىش كېرەككىنتاڭ. قېرى مىكىجىن بەكمۇ يامان ئىدى.

— ئۇلارنى تاپماي قويمايمىز. پىرىسسىي ئىككىڭلار بېرىپ ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار.

پورك ھەيران قالدى ۋە سەل ئاچچىقى كەلگەندەكمۇ بولدى.

— سىكارلېت خانىقىز، بۇنداق ئىشلارنى ئېتىزلىقتا ئىشلەيدىغان نېگىرلار قىلىدۇ، مەن ئۆي ئىشلىرىنىلا بىلىمەن.

سىكارلېت خۇددى بىرسى ئامبۇر بىلەن كۆزىنىڭ قارىقىنى كېيىنگە تارتىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى.

— ئىككىڭ ئۇ چوشقىلارنى تېپىپ كېلىشىسەن، بولمىسا ئېتىزدا ئىشلەيدىغان ئۇ نېگىرلارغا ئوخشاش بۇ يەردىن يوقىلىش!

پورك بىردىنلا كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ يىغلىۋېتىشكە تاس - تاس قالدى. ئېللېن خانىقىز ھايات بولغان بولسا قانداق ئوبدان بولاتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئىنچىكە بىلەتتى، ئېتىزلىقنىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغان نېگىرلار بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان نېگىرلارنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

— يوقىلامدۇق، سىكارلېت خانقىز؟ نەگە يوقىلىمىز، سىكارلېت خانقىز؟

— مەن بىلمەيمەن ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايمەن. ئەمما، تارادا تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق ئادەم ئەمگەك قىلمايدىكەن، شىماللىقلارنىڭ قېشىغا كەتسە بولىدۇ. سەن بۇ گەپنى باشقىلارغىمۇ دەپ قوي.

— بولىدۇ، خانقىز.

— بىزنىڭ قوناقلىرىمىز بىلەن كېۋەزلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق، پورك؟

— قوناقمۇ؟ ۋاي خۇدايىم، سىكارلېت خانقىز. ئۇلار قوناقلىقتا ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپ دەسسەپ - چەيلىۋەتتى، ئاتلىرى يەپ بولالمىغاننى ئۇزۇپ ئېلىپ كېتىشتى. زەمبىرەكلىرى بىلەن ھارۋىلىرىنى كېۋەزلىككە ھەيدەپ كىرىپ كېۋەزلەرنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىشتى. سايىنىڭ بويىدىكى بىرنەچچە مو يەردىكى كېۋەزلا

قالـدى. ئۇلار ئۇ يەرنى كۆرمەي قالـغان ئوخـشـايدۇ. ئۇ يـەردىـن ھېچقانچە پاختا چىقمايدۇ، كۆپ چىقسا ئۈچ تاي پاختا چىقار.

ئۈچ تاي. سىكارلېت ئىلگىرى تارادىن چىقىدىغان پاختىنىـڭ تاي سانىنى ئېسىگە ئېلىپ بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئـاران ئۈچ تـايمۇ! بۇ مـەھسۇلات تەيـيار تاپ ھۆرۈن سـىلاتتېـرىينىـڭ يېرىدىن چـىقىدىـغان پاختـىدىنمـۇ ئازغۇ. تېـخىمۇ يـامىنى بـاج ئىدى. ئىتتىپاقداش ھۆكۈمەت پاختىنى باجنىڭ ئورنىدا ئالاتتى، شـۇنداق بولسـا بۇ ئۈچ تاي پـاختا باجغىمۇ يـەتمەيتـتى. ئەمـما، ئېتىـزدا ئىشلـەيدىغان قـۇللارنىڭ ھـەممىسـى قېچىـپ كېتىـپ، پاختا يىغىدىغان ئادەم تېپىلمايدىغان بولغاچقا، پاختىنى يىغمىسا بۇنىڭ سىكارلېـت بىلەن مـۇناسىۋىـتى بولمـايتتى، ھـۆكۈمەتمـۇ بولدى قىلاتتى.

«بوپتۇ، بۇ ئىشنى ئويلىمايلا قوياي، — ئويلىدى سـىكارلېـت ئىچىدە، — نىمىلا دېگەنبىلەن باج تاپشۇرۇش خوتۇن كىشىنىـڭ ئىشى ئەمەس، بۇ ئىشنى ئـەسلىدە دادام قـىلىسا بـولاتتى. بىـراق، دادام ... بولدىلا، ئۇنىمۇ ئويلىماي قوياي. ھۆكۈمەتمۇ بىزدىن باج ئـالىمەن دەپ خـام خىيـال قـىلمـىسۇن. ھازىـر بـىزگە لازىـمى يېمەكلىك.»

— يورك، بىرەرسىڭلار «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى بىلەن ماكلىنتوش كەنتىگە قېلىپ قالغان نەرسىلەرنى ئىـزدەپ بېرىپ باقتىڭلارمۇ؟

— ھـېچكىـم بـارمىدى، خـانقىـز، مـەنىمۇ شـىـمـاللـىـقلار تۇتۇۋالمىسۇن دەپ قورقۇپ تارادىن چىقىپ باقمىدىم.

— مەن دىـلسىيـىنى ماكلـىنتوشقا بېـرىـپ باقسـۇنمىكـىن دەيمەن. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگـە ئۆزۈم بارىمـەن. ئۇ يەرلەردىن بىرەر نەرسە تېپىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

— سىز بىلەن كىم بىللە بارىدۇ؟

— يالغۇز بارىمەن. نېگىر ئانام قىزلارغا قـارىمىسـا بولمايـدۇ، گېرالد ئەپەندى بارسا تېخىمۇ بولمايدۇ ...

پورك ئۆنىڭ بۇ قارارىدىن خاپا بولۇپ قاتتىق تولاپ كەتتى. «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىدە شىمالىلىقلار ياكى لوكچەك نىگىرلار بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنىڭ يالغۇز بىرنىشىغا بولمايدۇ.

— ئۆزۈم يالغۇز بىرىۋېرىمەن. پورك، دىلسىيغا ئېيتىپ قوي، تېزرەك ماڭسۇن. پىرىسسىي ئىككىڭلار مىكىججىن بىلەن كۈچۈكىنى تېپىپ كېلىڭلار، — ئۇ گەپنى كەسكىنلا تۈگىتىپ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

نېگىرئانىنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن شىلەپىسى كارىدوردىكى قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇراتتى، سىكارلېت ئۇنى ئېلىپ بېشىغا كىيىۋالغانىدى، شۇئان رېت باتلېر ئەكېلىپ بەرگەن ھېلىقى چىرايلىق شىلەپە يادىغا كەچتى. ئۇ كاۋچۇك قوۋزىقىدىن توقۇلغان سېۋەتنى ئېلىپ ئارقا ھويلىنىڭ پەلەمپىيى بىلەن پەسكە چۈشتى. ھەربىر قەدىمى بىلەن تەڭ بېشى چايقالغاندەك بولاتتى، بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە ھەممە يېرى ئاغرىپ تۇراتتى.

دەريا بويىغا بارىدىغان يول قىزىل ۋە قىزىق ئىدى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كېۋەزلەر قۇرۇپ كەتكەن، يول بويىدا سايىدىغۇدەك بىر تۈپ دەرەخمۇ يوق، نېگىرئانىنىڭ شىلەپىسىدىن خۇددى نېپىز رەختتىن تىكىلگەندەك ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. توپا ـ چاڭنىڭ دەستىدە ئېغىزنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئېغىر زەمبىرەكلەرنى سۆرەپ ماڭغان هارۋىلار يوللارنى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل قىلىپ شۇنچىلىك رەسۋا قىلىۋەتكەن. كېۋەزلىكنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئاتلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرىدا چەيلىنىپ كەتكەن. يوللاردا، ئېتىزلىقلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئارغامچا، ئەسكى ـ تۈسكى كىيىملەر، نوختا، ئېگەرلەرنىڭ پارچە ـ پۇرات تاسمىلىرى، مىجىلىپ كەتكەن سۇدانلار، ئەسكى پايپاق، ئوق ساندۇقلىرى، ئەسكى شەپكە ۋە تاشلاپ كېتىلگەن ھەر خىل ئەسكەرلەرگە لازىملىق نەرسىلەر يېيىلىپ يېتىپتۇ.

سكارلېت كېتىۋېتىپ بىر توپ ئارچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاكار خىش تامنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. بۇ تام قەبرىستانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ ئۈچ ئىنىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدىكى يېڭى قەبرىگە قارىماسلىققا تىرىشتى. ئاھ، ئېللېن ... ئۇ ئىتتىك مېڭىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. سىلاتتېرىيلارنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ خارابىسىنى كۆرگەندە، ئۇلارنىمۇ مۇشۇ ئۆيگە ئوخشاش ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولسىكەن ئىلاھىم، دەپ ئويلىدى. سىلاتتېرىيلارنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى، ئېممىي دېگەن جالاپنى (ئۇ ئۇلارنىڭ نازارەتچىسى بىلەن ئويناپ ھارامدىن بىر بالا تاپقانىدى) دېمىگەن بولسا ئېللېن ئۆلۈپ كەتمىگەن بولاتتى.

ئۇچلۇق بىر تاش ئۇنىڭ پۇتىدىكى بىر قاپارتقۇنى يېرىۋەتتى. ئاغرىق ئازابىدا ئۇ توۋلاپ كەتتى. ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ پۇتۇن ناھىيە بويىچە داڭلىق گۈزەل سكارلېت ئوخارا، تارا قورۇقىنىڭ ئەركىسى بۇ ئېگىز ـ پەس تاغ يوللىرىدا يالاڭ ئاياغ دېگۈدەك نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ چىرايلىق پۇتلىرى دىڭگۇسلاپ مېڭىشقا ئەمەس، تانسا ئويناشقا يارىتىلغان؛ پۇتىدىكى ئەپچىل پوپۇچى شېغىل ـ تاشلارنى ئۆزىگە يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، چىرايلىق كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى ئاستىدا ئەرلەرگە كۆرۈنۈش ئۈچۈن تىكىلگەن؛ ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇشىدىن ئۆزۈمچىل ۋە خەقلەرنى خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن يارالغان. بىراق، ھازىر ئۇ چىرايى ساماندەك سېرىق، كىيىملىرى ۋەيرانە، قورسىقى ئاچ، قوشنا قورۇققا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ كېتىۋاتىدۇ.

پەستە بىر ئۆستەڭ بار ئىدى، ئۆستەڭ بويى شۇنچىلىك سالقىن، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. سكارلېت ئۆستەڭ ياقىسىدا ئولتۇرۇپ ئەسكى ئايىغى بىلەن يىرتىق پايپىقىنى سېلىۋېتىپ قىزىپ تۇرغان پۇتلىرىنى سۇغا چىلىدى. تارا قورۇقىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەرنى

كۆرمەي، كەچكىچە مۇشۇ يەردە ئولتۇرسا. ئەتراپ قويۇق دەل - دەرەخ، ئېرىقلاردىكى سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرسا قانداق كۆڭۈللۈك، قانداق راھەت. لېكىن، ئۇ يەنىلا ئايىغىنى كىيىپ ئۆستەڭ ياقىلاپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. شىماللىق ئالۋاستىلار كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپتۇ. سىكارلېت ئۆستەڭنىڭ تار بىر يېرىدە بىر تال ياغاچتىن ياساپ قويغان بىر كۆۋرۈكنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. سىكارلېت ئۇ يەردىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ بىر تۆپىلىككە خېلى كۈچ بىلەن ياماشتى. ئۇ يەردىن «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە يېرىم ئىنگلىز مىلى كېلەتتى.

ئۇ يەردە ئون ئىككى تۈپ كاۋچۇك دەرىخى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخلەر ئىندىيانلار دەۋرىدىن تارتىپ بار ئىدى. ھازىر ئۇ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئىس - تۈتەكتە قارىداپ، ئايرىم شاخلىرى ئوتتا كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوڭ دائىرە جون ۋىلكېس تۇرالغۇسىنىڭ ئورنى ئىدى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئۇ ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدا ھەيۋەتلىك، كارىدورلىرى ئاپپاق، تۈۋرۈكلىرىمۇ مەرمەردىن قىلىنغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆيلەر ئىدى، ھازىر ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا بىر دۆۋە خارابىلىك ياتاتتى. ئۇنىڭ نىشانىدىن پەقەت يوغان تاشلاردىن قىلىنغان، كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئۇلى بىلەن ھەيۋەتلىك ئىككى تۇرخۇنىلا قاپتۇ. بىر تۈۋرۈكى يېرىمىغىچە كۆيۈپ يىقىلغان بولسا كېرەك، يەسمەنگۈللەرنىڭ ئۈستىدە سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ.

سىكارلېت تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلدى. ئىلگىرى بۇنداق ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى توپا پۇرقىراپ تۇرغان بۇ زېمىن ۋىلكېس جەمەتىنىڭ پەخىرلىنىدىغان دۇنياسى ئەمەسمىدى؟ سەمىمىي ۋە قائىدىلىك بۇ ئائىلىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى مۇشۇ بولدىمۇ؟ بۇ ئائىلە سىكارلېتنى قىزغىن قارشى

ئالاتتى، ئۇمۇ كەلگۈسىدە مۆشۈ ئائىلىنىڭ ئايال غوجايىنى بولۇشنى بالىلارچە خىيالمۇ قىلغان، بۇ يەردە تانىسمۇ ئوينىغان، تاماقمۇ يېگەن، يىگىتلەر بىلەن چاقچاقلاشقانىدى. مېلانىيەنىڭ ئاشلىيغا كۆلۈپ بېقىشلىرىغا كۆنداشلىق قىلغان يەرمۇ دەل مۆشۈ يەر ئىدى. دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ چارلېسنىڭ توي قىلىش تەلىپىگە قوشۇلغان چاغدا، چارلېس قولىنى چىمىدىۋالغان يەرمۇ مۆشۈ يەر ئەمەسمۇ؟

«ئاھ، ئاشلىي، — ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئىلاھىم ئۆلۈپ كەتكەن بولۇڭ، مەن سىزنىڭ قايتىپ كېلىپ بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈشلىرىڭىزگە چىداپ تۇرالمايمەن.»

ئاشلىي سۆيگەن قىزى بىلەن مۆشۈيەردە توي قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ بالىلىرى، بالىلىرىنىڭ بالىلىرى يېڭى ئۆيلەنگەن خوتۇنلىرىنى ئېلىپ مەڭگۈ بۇ يەرگە كەلمەيدۇ. ئۇ ئۆزى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەن، بۇ يەرنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان. ئەمدى بۇ يەردە ھېچكىم تويلاشمايدۇ، نەۋرە - چەۋرىلىكمۇ بولمايدۇ. سكارلېت ئۇچۇن بۇ تۇرالغۇ ئەمدى ئۆلگەن، ۋىلكېس ئائىلىسىدىكى بارلىق ئادەملەرمۇ بۇ يەر بىلەن تەڭ ئۆلۈپ توگىگەن.

«ئۇ ئىشلارنى ئويلىمايلا قوياي، ئويلىسام چىديالمايدىكەنمەن. كېيىن ئويلايدىغان كۈنلەرمۇ بولار.» ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى - دە، ئۇ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىپ باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ۋىلكېس ئائىلىسىدىكى قىزلار تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرگەن، ھازىر بولسا پېتىقلىنىپ كەتكەن ئەتىرگۈللۈكتىن ئۆتۈپ ئارقا ھويلىغا، ئۇ يەردىكى قېرى ئىسلايدىغان ئۆيلەرگە كىرىپ چىقتى، توخۇ كاتەكلىرىگە قاراپ باقتى. كاتەكلەرنىڭ ئەتراپىدىكى قاشالار بۇزۇۋېتىلگەن، رەتلىك تېرىۋېتىلگەن گۈللەر تارا قورۇقىدىكىگە ئوخشاش دەسسەپ - چەيلىۋېتىلگەن، بوش تۇپراق ئۈستىدە ھارۋا چاقلىرى بىلەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان، كۆكتاتلار دەسسىلىپ پاتقاققا پاتۇرۇلۇپ

كەتكەن. بۇ يەردىمۇ سىكارلېتقا لازىم بىرمۇ نەرسە تېپىلمىدى.

سىكارلېت ئارقا هويلا بىلەن يەنە قايتىپ چىقىپ، ئولتۇراق ئۆيلەر تەۋەسىدىكى ئاپپاق ئاقارتىلغان تام ئۆيلەر تەرەپكە ماڭدى. كېتىۋېتىپ «هەي ! هەي !» دەپ توۋلىدى، هېچقانداق سادا يوق، هەتتا ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلانمايتتى. ئېنىقكى، ۋىلكېس ئائىلىسىدىكى نېگىرلارنىڭ هەممىسى قېچىپ كەتكەن، يا بولمىسا شىماللىقلار بىلەن بىللە جۆنىگەن. سىكارلېت هەر بىر نېگىرنىڭ ئازراقتىن كۆكتاتلىقى بارلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ، شۇ كۆكتاتلىقلارنىڭ ساق قالغان بولۇشىنى، ئۇ يەرلەردىن ئازراق بولسىمۇ بىر نېمە تېپىلىپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ ماڭدى.

ئۇنىڭ ئارزۇسى يەردە قالمىدى. ئۇ يەرلەردىن ئازراق تۇرۇپ بىلەن كاپوستا تاپقان بولدى. سۇ يوق، كاپوستىلار قۇرۇپ قالاي دەپتۇ. كېيىن كۆك پۇرچاقمۇ تېپىلدى، سارغىيىپ قالغان بولسىمۇ يېگىلى بولاتتى. قاتتىق چارچاپ كەتكەن سىكارلېتنى ئۇ نەرسىلەر بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتمىدى. ئۇ چۆنەكتە ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئۈزۈپ، كولاپ سېۋەتكە سېلىشقا باشلىدى، سېۋەتمۇ ئاستا ـ ئاستا تولدى. بۈگۈن ئاخشام تارا قورۇقىدا چوشقا گۆشى بولمىسىمۇ، هەر هالدا مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن بايرام بولىدىغان بولدى. دىلسېي چىراغقا ئىشلىتىدىغانغا سۈرلىگەن گۆشنىڭ مېيىدىن تېپىپ كەلگەن بولسا، شۇنى تاماققا قوشسىمۇ تەم كىرگۈزىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىكارلېت دىلسېيغا بۇنىڭدىن كېيىن چىراغ ئورنىدا دېۋىرقاي ئىشلىتىپ، مايىنى قورۇمىغا ئىشلىتىش توغرۇلۇق گەپ قىلىپ قويسا بولغۇدەك.

سىكارلېت بىر ئۆيىنىڭ كەينىدىكى پەلەمپەي يېنىدىن ئازراق قىزىل تۇرۇپ تېپىۋالدى. بىردىنلا قورسىقى ئاچقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ لايلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن سۈرتۈۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، هايت ـ هۇيت دېگۈچە بىر تۇرۇپنىڭ يېرىمىنى يەۋەتتى. لېكىن، تۇرۇپ قىرتاق ۋە ئاچچىق بولغاچقا، ئاشقازىنى

ئۇنى كۆتۈرەلمەي شۇ ھامان ياندۇرۇۋەتتى، ياندۇرغۇچە بەكمۇ قىينالدى.

ئۆينىڭ ئىچىدىكى نېگىرلارغا خاس بىر خىل پۇراقمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئېلىشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋېلىشقا ماغدۇرى يوق، توختىماي قۇسۇپ، بېشى چىڭقىلىپ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى، دەرەخلەر توختىماي پىرقىراۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى.

خېلىدىن كېيىن ياندۇرۇشى توختاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىپ قالدى، بېشى ئاستىدىكى توپا خۇددى ماموق ياستۇقتەك شۇنچىلىك راھەت سېزىلدى. خىياللىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا مېڭىسى ئىچىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، سىكارلېت ئوخارا نېگىرلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى خارابىلىكتە يېتىپتۇ، قاتتىق چارچاپ ۋە ئاجىزلاپ كەتكەچكە، قىمىرلىغۇدەك ھالى يوق، بۇ يەردە ياتقانلىقىنى بىرمۇ ئادەم بىلمەيدۇ، بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ دەردى ئۆزى بىلەن، باشقا ئادەمنىڭ ھالىغا يەتكۈدەك ئەھۋالى يوق. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ، سىكارلېت ئوخارانىڭ ئۆزىدە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ھېچنېمە قىلمايدىغان، ھەتتا يەردە ياتقان پايپىقىنىمۇ ئۆزى ئالمايدىغان، ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنىمۇ ئۆزى چىگمەيدىغان قىز ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان شۇ خىل ئىللىتى بىلەن يامان مىجەزى ئۇنى ئۆزىنى مەيلىگە قويۇپ بەرگەنلىكىدىن ھەم شۇنداق قىلىشقا زېمىن ھازىرلاپ بېرىلگەنلىكىدىن پەيدا بولغانىدى.

ئۇ سۇنايلىنىپ ياتاتتى، تېنى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماسلىققا قۇربى يەتمەي، ئۇلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشلىرىغا، قورشىۋېلىشلىرىغا يول قويۇپ بېرىۋەردى. «مەن دادامنى، ئاپامنى، ئاشلېينى، بۇ خارابىلىكلەرنى كېيىن ئويلاي ... شۇ ئويلارنىڭ زەربىسىگە چىدالايدىغان بولغاندا ئويلاي» دېيىشكىمۇ

مادارى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۆزى خالىمىسۇن ـ خالىمىسۇن، ئۇلارنى بىر مىنۇتمۇ ئويلىماي قويمايۋاتاتتى. ئۇ خىياللار ئۇنىڭ كاللىسى ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بىردىنلا شۇڭغۇيتتى ـ دە، ئۆتكۈر تۇمشۇقى بىلەن ئۇچلۇق تىرناقلىرىنى يۈرىكىگە پاتۇراتتى. ئۇ شۇ تەرىقىدە جىمجىت ياتتى، قانچىلىك ياتقانلىقىنى بىلمەيتتى، مەڭزى يەرگە چاپلىشىپ تۇراتتى، قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى دۇمبىسىنى تىنىماي كۆيدۈرەتتى. كەلسە كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈشتىكى راھەت تۇرمۇشى، ھازىر كۆز ئالدىدا كۆتۈپ تۇرۇۋاتقان قورقۇنچلۇق مۇدھىش ھايات خىيالىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى.

ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىنىڭ ۋەيرانە قىياپىتىنى يەنە كۆردى. بېشىنى كۆتۈردى، ئەمما چىرايىدىكى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشلىقنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئىچكى مۇلايىملىقتا ياتىدىغان ھەممە خۇلقلىرى زادىلا يوق ئىدى. ئۆتمۈش ئۆتمۈشكە مەنسۇپ. ئۆلگەنلەر ئۆلدى، تۈگىدى. ئىلگىرىكى پاراغەتلىك تۇرمۇشلار ئەمدى قايتا كەلمەيدۇ. سىكارلېت شۇ خىياللار بىلەن ئېغىر سېۋەتنى بىلىكىگە ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە بەل باغلىغانىدى.

كەينىدە ماڭغۇدەك يول يوق، شۇڭا ئۇ ئالدىغا قاراپ مېڭىشى كېرەك.

ئەللىك يىلغىچە، پۈتۈن جەنۇبنىڭ ھەممە يېرىدىكى كۆزلىرىدە مەسخىرە كۈلكىلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئاياللار كەينىلىرىگە قاراپ، ئۆتۈپ كەتكەن دەۋر ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەسرىتىنى قىلىدۇ، شۇ چاغلاردا كۆرگەن راھەت ـ پاراغەتلىك ھاياتلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ھازىرقى نامراتلىقىدىن قاقشاپ ئۆتىدۇ. ئەمما، سىكارلېت ئۇنداق قىلمايدۇ، مەڭگۈ كەينىگە قارىمايدۇ.

ئۇ ئۆيلەرنىڭ كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئۇلىغا قاراپ قويدى،

بۇ يەرنىڭ ئىلگىرىكى قىياپىتى كۆز ئالدىدا قايتا گەۋدىلەنگەندەك بولدى. ئۇ چاغدىكى ھەشەمەتلىكلەر بىر ئۇرۇق ۋە بىر خىل تۇرمۇشنىڭ مۇكەممەل سىمۋولى ئىدى. سىكارلېت تاراغا قايتىدىغان يولغا چۈشتى، ئېغىر سېۋەت بىلەكلىرىنى ئۇزۇۋەتكۇدەك ئاغرىتىپ كېتىۋاتاتتى.

قورسىقى ئاچ، بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. خىيالىدا: «خۇدا تۇرۇپتۇ، خۇدا تۇرۇپتۇ، شىماللىق ئالۋاستىلار مېنى ھەرگىز بويسۇندۇرالمايدۇ. مۇشۇ بىر ئۆتكەلدىن ئۆتۇۋالساق، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز ئاچ قالمايمىز. ياق، بىزنىڭ ئائىلىدە ھېچكىم ئاچ قالمايدۇ. ئوغرىلىق قىلىشقا، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلانسامۇ ... خۇدا تۇرۇپتۇ، مەنمۇ ھەرگىز ئاچ قالمايمەن» دەپ تىنماي چۇقان سالاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، تارا روبىنزوننىڭ قاقاس ئارىلىدەك جىمجىت، ھېچقانداق يەر بىلەن بېرىش ـ كېلىشى يوق ھالەتتە ئۆتتى. شاۋقۇنلۇق دۇنيا بىرنەچچە ئىنگلىز مىلىلا يىراقتا ئىدى، ئەمما جونېسبورو بىلەن قوشنا قورۇقلارنىڭ ئارىسىنى خۇددى ئۆتكىلى بولمايدىغان بىپايان دېڭىز ئايرىپ تۇرۇۋاتقاندەك ئۇ يەرلەرگىمۇ ھېچكىم بېرىپ باقمىدى.

بەزىدە سىكارلېت ئىش بىلەن چارچاپ بېلىنى ئالالماي قالغان ياكى ئاغرىق ياتقان ئۈچ قىز ئۈچۈن، ھايات ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قاتتىق چارچاپ كەتكەن چاغلىرىدا، تۇيۇقسىز قۇلاقلىرىغا تونۇش ئاۋازلار: نېگىرلار تۇرىدىغان رايوندىكى نېگىر بالىلىرىنىڭ قىيا ـ چىيالىرى، ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ھارۋىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرى، گېرالدنىڭ ئارغىمىقىنىڭ يايلاقتا گۈلدۈرلەپ چېپىپ كېتىۋاتقان تۇياق سادالىرى، ئاندا ـ ساندا كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان قوشنىلارنىڭ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ئاڭلانغاندەك بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى، يوللار جىمجىت،

بىرمۇ ئادەم يوق، مېھمان كېلىدىغانلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان قىزىل تۇمانلارمۇ كۆرۈنمەيتتى.
دۇنيانىڭ باشقا بىر يەرلىرىدىكى ئائىلىلەردە كىشىلەر تاماقلىرىنى يېيىشىپ ئاندىن راھەتلىنىپ ئۇخلىشىۋاتقاندۇ؟ قىزلار ئۈچ ـ تۆت قېتىم ئۆرۈپ تىكىشكەن كۆڭلەكلىرىنى كىيىشىپ، سىكارلېتمۇ ئىلگىرى قىلغاندەك، ئويناپ ـ كۈلۈپ، «بۇ رەھىمسىز ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىشىپ يۈرۈشۈۋاتقاندۇ؟ بەزى يەرلەردە ئۇرۇش يەنە داۋاملىشىپ شەھەرلەر كۆيۈۋاتقاندۇ؟ جەڭچىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئەسكى تاملارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ چىرىپ كېتىۋاتقاندۇ؟ بەزى يەرلەردە يالاڭ ئاياغ، كىيىملىرى جۇلجۇل، مەينەت، قورساقلىرى ئاچ، چارچىغان ئەسكەرلەر ئۇرۇشنى، ئىمزىمىنى قارغاپ يېتىشقاندۇ؟ جورجىيەنىڭ بىر يەرلىرىدە شىماللىقلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى پۈتۈن يەرنى ئىگىلەپ، ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، تويلىرى پارقىراپ تۇرغان سېمىز ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈشكەندۇ ...؟
تاراغا يېقىنلا يەردە ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، ئۇ يەرلەر چۇقان ـ سۈرەنلەر تېخى تىنچىمىغان دۇنيا. ئەمما، قورۇقتا ئۇرۇش پەقەت خاتىرىلەردىلا قالغان، ئەمەلىيەتتە يوق. ئۇ خاتىرىلەر سىز ئىشلەپ ھالىڭىز قالمىغان چاغلاردا خىيالىڭىزغا كېلىدۇ، ئۇنى سىز بار ئامالىڭىز بىلەن كاللىڭىزدىن نېرى قىلىشقا تىرىشىسىز. قورسىقىڭىز ئاچ قالغان، سىزنىڭ ئۆزىنى تويدۇرۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتقان چاغدا، دۇنيا ۋاقىتىنچە چېكىنىپ تۇرمۇشقا يول بېرىدۇ. ئۇ چاغدا تۇرمۇش ئۆزىنى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى خىل ئوي ـ پىكىرگە ئايرىيدۇ، ئۇ بولسىمۇ، يېمەكلىك ۋە ئۇنى قانداق تېپىش.
يېمەكلىك ! يېمەكلىك ! نېمە ئۈچۈن قورساقنىڭ خاتىرىسى كۆڭۈلنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ؟ سىكارلېتنى ئالساق، ئۇ قايغۇلۇق ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتسە كېتىدۇكى، قورسىقىنىڭ

ئاچلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە چالا ئۇيقۇدا يېتىپ تۇرۇپمۇ، خاتىرىسى ئۇرۇش بىلەن ئاچلىقنىڭ دەردىنى كۆڭلىگە سالماستىن تۇرۇپ، بىرىنچى بولۇپ ئويلايدىغىنى ئىسلىغان گۆش بىلەن قاتلىمىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى. بىردەم ئاشۇ نازۇ نېمەتلەرنىڭ پۇراقلىرىنى خىيالەن بىر پۇرىۋېتىپ، خۇددى راستلا پۇراۋاتقاندەك تويغۇ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن كۆزلىرىنى پاللىدە ئاچىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۈستىلىدىكى تائاملار ئالما، ياڭيۇ، خاسىڭ ۋە سۈت، بەزىدە ئەڭ ئاددىي مۇشۇ يېمەكلىكلەرمۇ ئۈستەلگە تولۇق چىقمايدۇ. سىكارلېت بۇ نەرسىلەرنى ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم كۆرۈپ، بۇرۇنقى تاماق ۋاقتىدا شامىلار يېقىلىپ كېتىدىغان، ئۈستەلگە خىلمۇ خىل تائاملار تىزىۋېتىلىدىغان كۆرۈنۈشلەرنى ئۈچ قېتىم ئەسلەپ چىقاتتى.

شۇ چاغلاردا ئۇلار ئۇ يېمەكلىكلەرگە قاراپمۇ قويمايتتى، ئىسراپچىلىقمۇ شۇنچىلىك ئېغىر ئىدى. ئاشۇ ئېسىل تائاملارنى ئويلىغاندا سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ قورسىقى تېخىمۇ ئاچقاندەك بولۇپ كۆڭلى ئاختۇرۇلۇپ كېتەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنىڭ ياخشىلىقىدىن نېگىر ئانا ئەنسىرەپمۇ قالدى. چۈنكى، ئون توققۇز ياشلىق بىر قىزنىڭ ئىشتىھاسى توختىماي قىلىۋاتقان جاپالىق ئەمگەك بىلەن ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن غەمدە قېلىۋاتقانلار بىر ئۇلا ئەمەس ئىدى، نەگىلا بارسۇن، نېگىرلار ۋە ئاق تەنلىك ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايلىرىنىڭ ئاچلىقتىن سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتى. سۇ ئېللېن بىلەن كاررىنمۇ سالامەتلىكى ياخشىلانغاندىن كېيىن، پات ئارىدىلا قورسىقىنىڭ تويمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالاتتى. ھەتتا ۋاد چېغىدا دائىم خەقىشلىك قىلىپ: «ياڭيۇ بىلەن خۇشۇم يوق، قورسىقىم ئاچتى» دەيتتى، باشقىلارمۇ قورسىقىنىڭ تويماۋاتقانلىقىدىن

قاقشايتتى.

— سىكارلېت خانقىز، يەنە ئازراق بىر نەرسە يېمىسەم بالىلارنى ئېمىتەلمەيمەن جۇمۇ.

— سىكارلېت خانقىز، قورساقتا يەنە ئازراق بىر نېمە يەۋالمىسام ئوتۇننى يارالمايمەن.

— بالام، بۇنى پەقەتلا يېيەلمىدىم.

— قىزىم، بىزگە يەيدىغانغا ياڭيۇدىن باشقا بىر نېمە يوقمۇ؟

يالغۇز مېلانىيەلا قاقشىمايتتى، بارغانسېرى ئورۇقلاپ چىرايىمۇ سارغىيىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇخلاۋاتقاندا دائىم چۆچۈپ تۇراتتى. ئەمما: «سىكارلېت، قورسىقىم ئاچمىدى، ماڭا تېگىشلىك سۈتنى دىلسېي ئىچسۇن، بالا ئېمىتىۋاتقاندا قورسىقىغا ئوبدان يېمىسە بولمايدۇ. كېسەل ياتقان ئادەمنىڭ قورسىقى ئېچىپمۇ كەتمەيدىكەن» دەيتتى.

ئەمما، ئۇنىڭ بۇ خىل بەرداشلىقلىقى سىكارلېتنىڭ قورسىقى تويمىغانلارنىڭ ۋايساشلىرىدىنمۇ بەكرەك ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. باشقا ئادەم بولغان بولسا زاڭلىق قىلىپ، بولۇشىغا تىللىغان بولاتتى، ئەمما مېلانىيەنىڭ بۇ خىل ئالىيجانابلىقى ئالدىدا زوۋانى تۇتۇلۇپ قالاتتى، لېكىن ئاچچىقى بېسىلمايتتى. گېرالد بىلەن نېگىرلار ۋە ۋاد مېلانىيەگە كۆپرەك يېقىنلىشاتتى، چۈنكى ئۇ تېنى ئاجىز بولسىمۇ كىشىلەرگە مۇلايىم ئىدى، ئادەمنىڭ هالىغا يېتەتتى، سىكارلېت بولسا يېقىندىن بېرى قوپاللىشىپ ئادەمگە توك تېگىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بولۇپمۇ ۋاد مېلانىيەنىڭ يېنىدىن پەقەتلا چىقمايتتى. ۋادنىڭ سەل دەردى باردەك قىلاتتى، لېكىن زادى نەدە دەردى بار، سىكارلېتنىڭ ئويلايدىغانغا چولىسى تەگمەيتتى. نېگىر ئانىسىدىن، بالىنىڭ قورسىقىدا مەددە قۇرت بار، دەپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئوت - چۆپ دورىسى بىلەن دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىنى قاينىتىپ ئىچۈرۈپمۇ باقتى، لېكىن بۇ دورىلار

قورسىقىدىكى قۇرتلارنى چۇشۇرمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭ چىرايىنى بارغانسېرى سارغايتىۋەتتى. يېقىندىن بېرى ئۇ ۋادنى ئادەم قاتارىدا سانىمايدىغانلا بولدى. ۋاد ھازىر ئۇنىڭ نەزىرىدە ئارتۇقچە يۈككە، بىر كىشىلىك تاماقنى ئارتۇق يەيدىغان تاپقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھال ـ كۆڭلىرى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوينايدۇ، ئۇنىڭغا ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ھەرپلەرنى ئۆگىتىدۇ، ھازىر ئۇنداق قىلىشقا ۋاقتىمۇ ھەم قىزىقىشىمۇ يوق. بەزىدە ئۇ تازا چارچاپ تۇرغاندا غىڭشىپ چىشىغا تېگىپ قويسا، ۋادقا قاتتىق چېچىلىپ ۋارقىراپمۇ كېتىدۇ.

سىكارلېتنى ئازابلايدىغىنى، ئاشۇنداق قاتتىق ۋارقىراپ قويغان چاغلاردا ۋادنىڭ ئالاقزەدە بولۇپ قورققىنىدىن خېلىغىچە زۇۋان سۈرەلمەي قالىدىغىنى ئىدى، ئۇنداق چاغلاردا شۇنچىلىك سەبىي، شۇنچىلىك بىچارە كۆرۈنۈپ كېتەتتى. سىكارلېت بۇ بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن چوڭلارمۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان مۇشۇنداق ۋەھىملىك كەيپىيات ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ۋەھىمە ھەر كۈنى ۋادقا ھەمراھ ئىدى، يۈرىكىنى تىنماي مۇجۇپ تۇراتتى، كېچىلىرى ئۇخلاۋېتىپمۇ قورقۇنچلۇق چىرقىراپ كېتەتتى. ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان ئاۋاز ۋە قاتتىقراق بىرەر ئېغىز گەپتىنمۇ قورقۇپ تىترەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاتتىقراق ئاۋاز ۋە يامان تىللار شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ پىرىسسىي قورقۇتۇپ ئوينايدىغان جىن ـ ئالۋاستىلارغا قارىغاندا شىماللىقلاردىن بەكرەك قورقاتتى.

ئاتلانتا قورشاۋغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆڭلىرى خۇشال، تىنچ ۋە خاتىرجەم ئۆتكەنىدى. ئاپىسىنىڭ كارى بولمىسىمۇ، ئاڭلايدىغىنى ساپلا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان چىرايلىق گەپلەر ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتىپ، تالادىكى قىپقىزىل ئوت يالقۇنىنى كۆرگەن، زەمبىرەكلەرنىڭ

دەھشەتلىك ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى تۇنجى قېتىم ئاپىسىدىن بىر تەستەك يېدى ۋە تىل ئاڭلىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆيۈملۈك پىششىق خىشلىق ئۆيدە ئۆتكەن باللىق شېرىن ھاياتى شۇ ئاخشامدىن باشلاپ يوقالدى. ئۇ بۇ يوقىتىشنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ كېلەلمەيتتى. ئاتلانتادىن قېچىپ چىققاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلەرنىڭ بىرسىمۇ ئۇنىڭغا ئېنىق ئەمەس، شىماللىقلارنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاۋاتقانلىقىنى، تۇتۇۋالسا ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىغانلىقىنىلا بىلەتتى. ھازىرغىچە ئۇنىڭدا شۇ قورقۇنچتىن باشقا قورقۇنچ يوق ئىدى. سكارلېت ھەر قېتىم ئۇنى تىللىغاندا، ۋاد ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم تىللىغان چاغدىكى قورقۇنچىنى غۇۋا ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ، تېزلا زۇۋانى تۇتۇلۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شىماللىقلار بىلەن قوپال ئاۋازلار مەڭگۈلۈككە بىر – بىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبتىن ئاپىسىدىنمۇ شىماللىقلاردىن قورققاندەك قورقاتتى.

سكارلېت ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن قېچىپ قېلىۋاتقانلىقىغا دىققەتمۇ قىلدى. بەزىدە بىكار قالغان چاغلىرىدا بۇ مەسىلىنى ئويلىمايمۇ قويمىدى، ئەمما نەتىجىسى ئۇنىڭغا نۇرغۇن باش ئاغرىقلىرىنى كەلتۈرۈپ بەردى، ھەتتا ئۇنى ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن چىقماي يۈرگىنىدىنمۇ بەتتەررەك ئازابقا سالدى. ۋادنىڭ مېلانىيەنىڭ ھۇجرىسىنى پاناھگاھ قىلىۋالغانلىقى ھەممىدىن بەك سكارلېتنىڭ چىشىغا تېگەتتى. ئۇ يەردە ئۇ مېلانىيە ئۆگەتكەن ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينايتتى، ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىنى ئاڭلايتتى ۋە ئۇ چوڭ ئاپىسىنى بەكمۇ چوڭ بىلەتتى، چۈنكى مېلانىيە سىلىق ـ يۇمشاق ئىدى، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيتتى: «ئۇنداق قىلما، ۋاد، بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتىڭغۇ سەن! خۇدا ھەققى، جېنىمغا تەگمىسەڭچۇ!» دېگەندەك گەپلەرنى مېلانىيە ھەرگىز قىلمايتتى.

سكارلېتنىڭ ئۇنى ئوينىتىدىغانغا، ئەركىلىتىدىغانغا

ھەپسىلىسى يوق ئىدى، ئەمما مىلانىيە قىلسا ئىچى تارلىق قىلاتتى. بىر كۈنى ۋاد مىلانىيەنىڭ كارىۋىتىدا مولىلاق ئېتىپ ئويناۋېتىپ مىلانىيەنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. سىكارلېت شۇئان ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىپ:

— ئوينايدىغان ياشقا ئويۇنۇڭ يوقمۇ سېنىڭ؟ ئاغرىق ياتقان ئادەمنى زادىلا ئارامىدا قويمايسەن. ماڭ، ئارقا ھويلىغا چىقىپ ئوينا ! بۇ يەرگە ئىككىنچى كىرمە ! — دەپ توۋلىدى.

لېكىن، مىلانىيە ئاجىز قوللىرىنى سوزۇپ يىغلاپ كېتىۋاتقان ۋادنى ئۆزىگە تارتىۋالدى.

— بولدى، بولدى، ۋاد ! سەن ئۇنداق قىلمىدىڭ، شۇنداقمۇ؟ سىكارلېت، ئۇ مېنى پەقەتلا خاپا قىلمىدى. مېنىڭ يېنىمدا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا مەن قاراي. ساقايغۇچە مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم مۇشۇ بولسۇن. سىز بەكمۇ ئالدىراش، ئۇنىڭغا قاراشقا چولىڭىز تەگمەيدۇ.

— ساراڭلىق قىلماڭ، مىلانىيە، — دېدى سىكارلېت ئۇزۇپلا، — سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە يەنە تېخى خېلى بار، ۋاد ئۈستىڭىزگە يىقىلىپ ئويناپ يۈرسە بۇ قانداق بولىدۇ ؟ ۋاد، سېنىڭ چوڭ ئاپاڭنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ يۈرگىنىڭنى يەنە كۆرىدىغان بولسام، تاياقنىڭ چوڭىنى يەيسەن جۇمۇ. بولدى يىغلىما. كەچكىچە يىغلاپلا يۈرگەن. چوڭ باللاردەك قىلىق قىل، ماقۇلمۇ؟

ۋاد يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. مىلانىيە كۆزلىرى ياش، لەۋلىرىنى چىشلەپلا قالدى. نېگىر ئانا دالان ئۆيدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى، ئاچچىقىدا ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كەتتى. سىكارلېتقا يېقىنىدىن بېرى ھېچكىم گەپ قىلالمايتتى، ھەممىسىلا ئۇنىڭ ئاغزىدىن قورقاتتى، يېگىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان بۇ شەخستىن تەپ تارتاتتى.

سىكارلېت ھازىر تارانىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدى، باشقىلارغا ئوخشاش بىردىنلا ئابرۇيىمۇ تاپتى، باشقىلاردىن

ئۇستۈن تۇرۇشنى ئويلايدىغان خاراكتېرىمۇ ئاشكارىلاندى. بۇ ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيتتى، بەلكى ئىچىدە قورقۇنچى بارلىقىنى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كەم ھەم باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىشىدىن ۋە ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلماسلىقىدىن قورقىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى، شۇڭلاشقا ئاشۇنداق قوپال، زوراۋان بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭغا يەنە باشقىلارغا پوپوزا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن قورقىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى. سىكارلېت شۇ قىلىقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ زىيادە جىددىيلىشىپ تۇرغان نېرۋىلىرىنى باسقىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدەك بۇ پاكىتنى ئېتىراپمۇ قىلاتتى. بەزىدە خىيالىغا كەلگىنىچە بۇيرۇق سوقۇپ كەتسە پورك قايىل بولماي لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇۋالاتتى، نېگىر ئانىمۇ غودۇراپ: «بەزىلەر يېقىندىن بېرى بۆلەكچە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ قوياتتى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ خىل قوپاللىقىغا ھەيران قالاتتى. ئېللېن شۇنچىلىك ئەجىر قىلىپ ئۇنىڭغا سىڭدۈرگەن بارلىق ئەدەپ – قائىدە ۋە مېھرىبانلىقلارنى ئۇ خۇددى كۈزنىڭ تۈنجى شامىلى بىلەن تەڭ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ تۈگىگەنگە ئوخشاش بىراقلا تاشلىۋەتتى.

ئېللېن ئۇنىڭغا توختىماي: «تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە، بولۇپمۇ نېگىرلارغا ھەم تەلەپچان، ھەم ھۆرمەتچان بول» دەپ تەربىيە بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇ شۇنداقلا قىلىپ قويسا، ئۇ نېگىرلار ئەتىدىن كەچكىچە ئاشخانىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىلگىرى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان نېگىرلار ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلمايتتى، قۇرۇق گەپ سېتىشاتتى.

ئېللېن يەنە: «ئىككى سىڭلىڭغا كۆيۈنگىن، غەمخورلۇق قىلغىن. جاپاكەشلەرگە، بولۇپمۇ ئاغرىق – سىلاقلارغا مېھرىبان

بول. غەم ـ قايغۇدا، قىيىنچىلىقتا قالغان ئادەملەرگە تەسەللى بەر، مېھرىڭنى ئايىما» دېگەن گەپلەرنىمۇ قىلغانىدى.

لېكىن، سىكارلېت ئىككى سىڭلىسىغا ئاپىسى دېگەندەك كۆيۈنمىدى، ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قورقۇنچلۇق يۈك ئىدى. كۆيۈنمىدىمۇ ئەمەس، كۆيۈندى، ئۇلارنى يۇيۇندۇرۇپ، باشلىرىنى تاراپ قويدى، ھەتتا ھەر كۈنى يىراق جايلارغا بېرىپ ئۇلارغا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەردى. كالا تېپىۋەتمىسۇن دەپ قورقۇپ تۇرۇپمۇ كالا سېغىشنى ئۆگەندى. ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشكە كەلسەك، بۇنى ئۇ پۈتۈنلەي ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق، ئۇلارغا بەكرەك مېھرىبان بولۇپ كەتسەڭ ئۇزاقىچە كارىۋاتتىن چۈشمەي يېتىۋالىدۇ. ئۇلار تېزرەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ماڭا ياردەم بېرىشلىرى كېرەك، دەپ بىلدى.

ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇۋاتاتتى، ئەمما يەنىلا شۇنداق ئورۇق، ئاجىز، كارىۋاتتىن چۈشەلمەيتتى. ئەس ـ ھوشلىرىنى بىلمەي ياتقان ئاشۇ كۈنلەردە دۇنيادا جىق ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. شىماللىق ئالۋاستىلار كەپتۇ، ئائىلىسىدىكى نېگىرلار قېچىپ كېتىشىپتۇ، ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ ئۈچ ئىشنى ئۇلار زادىلا قوبۇل قىلالمىدى. بەزىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى تېخىچە خاراموش ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندەك ئويلاپ، ئۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بولمىغان ئىشلار دەپ بىلەتتى. سىكارلېتمۇ شۇنچىلىك زوراۋان بولۇپ كېتىپتۇ، بۇمۇ راست ئەمەس. سىكارلېت ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى ساقايغاندا ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇرۇشنى ئويلىغاندا، ئۇلار ئۇنىڭغا خۇددى ئالۋاستىغا قارىغاندەك قاراپ كېتىشەتتى. بىرمۇ قۇلنىڭ يوقلۇقىنى سۆزلەپ بەرسە، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيتتى، ئوخارا ئائىلىسىدىكى قىزلارنىڭ ئەمگەك قىلىشىغا تېخىمۇ ئەقلىنى

يەتكۈزەلمەيتتى.

— بىراق، ئاچا، — دېدى كاررىن. ئۇنىڭ سەبىي، ئوماق چىرايىدا بىر خىل ئەندىكىش بار ئىدى، — مەن ئۇتۇن يارالمايمەن! ئۇتۇن يارسام قوللىرىم كېرەكتىن چىقىدۇ.

— مېنىڭ قوللىرىمغا قاراپ باق، — دېدى سىكارلېت بىر خىل قورقۇنچلۇق كۈلكىسى بىلەن قوللىرىدىكى قاپارتقۇلار بىلەن قاداقلارنى كاررىنغا كۆرسىتىپ.

— سېنىڭ سىڭلىم ئىككىمىزگە بۇنداق گەپ قىلىشىڭ بەكمۇ قورقۇنچلۇق، — دېدى سۇئېللېن ئۇنىڭدىن رەنجىپ، — سەن بىزنى ئالداۋاتىسەن، قورقۇتۇۋاتىسەن. ئاپام بولغان بولسا بىزگە ئۇنداق گەپ قىلىشىڭغا يول قويمايتتى. ئۇتۇن يارىسىلەر دەۋاتقىنىنى بۇنىڭ.

سۇئېللېن ئۇنىڭ گېپىنى نومۇسسىزلىق دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەن نەزەردە قاراپ قويدى. سۇئېللېن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان، ئاپىسىدىن ئايرىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورقۇنچاق، تولىمۇ مىسكىن، شۇڭا ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق كېرەك ئىدى. لېكىن، سىكارلېت ئۇنداق قىلمىدى. ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرگەندە كۆزلىرىدە يېڭى - يېڭى شۇملۇقلار ئويناپ، ئۇلارنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا خۇشال بولاتتى ھەم ئۇلارغا يوتقان كىرلىكلىرى، تاماق ئېتىش، سۇ توشۇش، ئۇتۇن يېرىشتەك ئىشلار توغرۇلۇق گەپلەرنى قىلاتتى. قارىغاندا، ئۇ ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرسا كېرەك.

سىكارلېت راستلا ئۇ ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇراتتى. ئۇنىڭ بىر نەچچە نېگىرغا تەھدىت سېلىشلىرى، ئىككى سىڭلىسىنى قىيناشلىرى ئۆزىنىڭ بىر ئىشلارغا چېچىلىپ، جىددىيلىشىپ، چارچاپ تۇرغىنىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئازابىنى ئۇنتۇش ئۈچۈنمۇ ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكەن تۇرمۇش تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا

ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

ئاپىسىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىرسىمۇ ھازىر كارغا كەلمەيۋاتاتتى، شۇڭا سىكارلېت ئازابلىناتتى، تېخىمۇ قايىتتى. ئاپىسى قىزلىرىغا بەرگەن ئۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىنى، قىزلىرىنى ياخشى ماسلاشسۇن دەپ تەربىيەلىگەن ئۇ ئىجتىمائىي ئورۇنلارنىڭ بۈگۈنگە كەلگەندە پۈتۈنلەي يوقىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان، تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىغان بولغىيدى بەلكىم. سىكارلېتمۇ ئۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغان. ئېلېن ئۇ چاغلاردا تىنچ يىللارنىڭ كەلگۈسى كۆرۈنۈشلىرىنى، يەنە ئۆزى بېشىدىن كەچۈرگەن ئاسايىشلىق كۈنلەرنى كۆپرەك ئويلاپ، سىكارلېتنى ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئالىيجاناب، سەمىمىي قىلىپ تەربىيەلەشكە تىرىشقانىدى. ئۇنىڭ ئاياللار ئۆزىدە شۇ خىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرسە، ھايات ئۇلارغا كۈلۈپ قارايدۇ، دەيدىغان گېپىمۇ بار ئىدى.

لېكىن، سىكارلېت ئۇمىدسىزلەندى: «ئۇنىڭ تەربىيەلىرىنىڭ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى! بولمىدى! بۇ دۇنيادا ئاق كۆڭۈللۈك ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ مېھرىبانلىقنىڭ نېمىگە پايدىسى بولدى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ماڭا نېگىرلارغا ئوخشاش سوقا تۇتۇشنى، كېۋەز تېرىشنى ئۆگەتسە بوپتىكەن. ئاھ، ئاپا، سىز خاتالىشىپسىز!»

ئۇ ئاپىسى ئۆگەتكەن ئۇ تەرتىپلىك دەۋرنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنىدا رەھىمسىز بىر جەمئىيەت پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ جەمئىيەتتە بارلىق ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سالقىن قانلىق بىلەن ئولتۇرۇپ ئويلىمايتتى، ئويلايدىغىنى ياكى ئۆزىچە بىلدىم دېگىنى پەقەت ئاپىسىنىڭ خاتالىقىلا ئىدى. شۇنىڭ بىلەنلا ئۇ كەينىگە قايرىلىپ يېڭى دۇنياغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا پەقەتلا تەييارلىق يوق ئىدى.

ئۇنىڭ تاراغا بولغان مۇھەببىتىلا ئۆزگەرمىگەنىدى. ھەر قېتىم ئېتىزلىقتىن ھېرىپ ــ چارچاپ كەلگەندە، بەكمۇ رەتلىك ئەمەس ئۇ ئاق ئۆيلەرنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالاتتى ۋە ئائىلە خۇشاللىقىغا چۆمەتتى. قىزىل تۇپراقلىق ئېتىزلىقلارنى، سازلىقتىكى قېلىن ئورمانلىقنى كۆرگەندە، ئۇلارنى خۇددى ھازىرلا كۆرگەندەك يېڭىچە ھېسسىياتتا بولاتتى. قىزىل تۇپراقلىق بۇ ئېدىرلار ئۇنىڭ جېنى ئىدى، گۈزەل، ھەر خىل قىزىللىقلارغا پۈركەنگەن، رىۋايەتلەردىكىدەك قېلىن چاتقاللىقلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ ماكانىنى قىزغىن سۆيەتتى. بۇ خىل ھېسسىيات سىكارلېتنىڭ ھاياتىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بىر بۆلىكى بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ تاراغا قاراپ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش بولغانلىقىنى ئازراق چۈشەنگەندەكمۇ قىلاتتى. رېت باتلېر، ئادەملەر پۇل ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، دېگەن، ئۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. ئۇلار تۈزلەپ تەييار قىلىنغان تېرىلغۇ يەرلەر ئۈچۈن، مالىلىرىنى باقىدىغان ياپيېشىل ئوتلاقلار ئۈچۈن، ئەگرى ــ بۈگرى ئاقىدىغان گۈزەل دەريالار ئۈچۈن، دەرەخلەر سايىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاپپاق ئىمارەتلەر ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاشۇ نەرسىلەرلا ئۇلارنىڭ تالىشىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ نەۋرە ــ چەۋرىلىرىگە مەنسۇپ بولغان قىزىل تۇپراقنى، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان قىزىل تۇپراقلىق تېرىلغۇ يەرلەرنى تالىشىدۇ.

تارانىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغان تېرىلغۇ يەرلىرى سىكارلېتنىڭ بىردىنبىر بايلىقى. چۈنكى، ھازىر ئاشلىيىمۇ، ئاپىسىمۇ ئۆلۈپ تۈگىدى. دادىسى ئۇرۇشنىڭ كاساپىتى بىلەن قېرىپ تۈگىشىپ كەتتى. پۇل، نېگىرلار، خاتىرجەملىك ۋە مەرتىۋىلەرنىڭ ھەممىسى بىر كېچىدىلا توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. بىر قېتىم دادىسى بىلەن يەر توغرۇلۇق قىلىشقان گەپلىرى سىكارلېتنىڭ ئېسىدە چۈشىدىكىدەك تۇراتتى. شۇ

چاغدا دادىسى، يەر ئۈرۈش بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان بىردىنبىر نەرسە، دېگەنىدى. ئۇ چاغلاردا سكارلېت تېخى نادان بولغاچقا، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنىدى.

«چۈنكى، ئۇ، دۇنيادا مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان بىردىنبىر نەرسە، — دېگەنىدى گېرالد، — ۋۇجۇدىدا ئىرېلاندىيەلىكلەرنىڭ قېنى بار ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاياتىنى قامداپ كېلىۋاتقان تۇپراق ئۇلارنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ... ئۇ، دۇنيادا سەن ئىشلەشكە، كۆرەش قىلىشقا، قۇربان بېرىشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر نەرسىدۇر.»

شۇنداق، تارا ئادەملەرنىڭ كۆرەش قىلىشلىرىغا ئەرزىيدىغان ماكان. سكارلېت قىلچە ئىككىلەنمەي بۇ كۆرەشكە ئاتلىنالايدۇ. ھېچكىم تارانى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالالمايدۇ دەپ خىيال ئەيلىمىسۇن. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ ھېچكىم بۇ زېمىندىن چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇ تارانى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويمايدۇ. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىشلەپ بەللىرى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ، ئۇ مۇمكىن ئەمەس.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

سكارلېتنىڭ ئاتلانتادىن تاراغا يېتىپ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى. پۇتلىرىدىكى قاپارتقۇلار يېرىلغاچقا ئاياغ كىيگىلى بولمايتتى، ماڭسىمۇ ئاسقاقلاپ ماڭاتتى، پۇتلىرىغا قارىسىلا روھى چۈشۈپ كېتەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ يارىلىرىدەك سېسىپ كەتسە، دوختۇرمۇ يوق، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆلەمدۇ؟ تۇرمۇشى قىيىن بولسىمۇ ئۇنىڭ يەنىلا ياشىغۇسى بار. ناۋادا ئۇ ئۆلۈپ كەتسە تاراغا كىم قارايدۇ؟

ئۇ ئۆيگە يېڭى قايتىپ كەلگەن چاغدا، گېرالدنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى روھىي ھالەتلىرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، قورۇقنىڭ ئىشلىرىنى ئۇ ئۆزى جوڭقۇرار دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئىككى ھەپتىلىك ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئۇ خىياللىرىنى يوق قىلىۋەتتى. ئەمدى ئۇ، مەيلى خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، پۈتۈن قورۇقنىڭ ۋە قورۇقتىكى ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىز قوللىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. گېرالد ئولتۇرغان يېرىدە خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كېتەتتى، قورۇقنىڭ ئىشلىرى بىلەن زادىلا كارى يوق ئىدى، ھەممىگە ماقۇل دەيتتى. سىكارلېت بەزى ئىشلارغا مەسلىھەت سورىسا: «ئۆزۈڭ توغرا تاپقانلا بولساڭ، شۇ بويىچە قىلىۋەرگىن قىزىم» دەپ قوياتتى. بەزىدە ئادەمنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلىپ: «بالام، ئاپاڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن» دەپمۇ جاۋاب بېرەتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ ياخشىلىنىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى، سىكارلېت بۇ پاكىتنى كۆڭلىدە ئاللىبۇرۇن ئېتىراپ قىلىپ بولغان. گېرالد مەڭگۈ ئېلېننى ساقلايدۇ، ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىغا مەڭگۈ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ مەلۇم بىر رايوننىڭ چېگراسىدا، ئۇ يەردە ۋاقىت توختاقلىق، ئېلېن بولسا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ئۇنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتلىق يىپى ئېلېن ئۆلگەن كۈنى ئۈزۈلگەن، ئۆزىگە بولغان تولۇق ئىشەنچىمۇ، قوپاللىقلىرى ھەم تىنىم تاپمايدىغان ھاياتىي كۈچىمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ يوقالغان. ئېلېن گېرالد ئوخارا ئويناپ چىقىدىغان كومېدىيەنىڭ تاماشىبىنى ئىدى، ئەمدى ھازىر سەھنىنىڭ پەردىسى مەڭگۈلۈككە يېپىلىپ كەتتى، چىراغلارمۇ ئۆچتى، تاماشىبىنلارمۇ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى. ئەمما، قورقۇپ قېتىپ قالغان بۇ قېرى ئارتىس بولسا باشقىلارنىڭ دەيدىغان گېپىنى دەپ بېرىشىنى ساقلاپ قۇرۇق سەھنىدە ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، سىكارلېت، ئاغرىق ياتقان ئۈچ قىز ۋە ۋادتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى سازلىقتا ھېلىقى چوشقىنى تېپىپ كەلگىلى كېتىشكەنىدى. گېرالدمۇ غەيرەتكە كېلىپ بىر قولىدا ئارغامچا، بىر قولى پوركىنىڭ مۈرىسىدە، ئاغدۇرۇلغان ئېتىزلىقلاردا ناھايىتى تەستە مېڭىپ يۈرەتتى. سۇ ئېلىش بىلەن كاررىن بىردەم يىغلىشىپ ئاندىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇلار ھەر كۈنى ئاپىسىنى يادىغا ئېلىپ بىر ـ ئىككى قېتىم يىغلىشۋالاتتى. مېلانىيە بىرىنچى قېتىم ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ ياستۇققا يۆلىنىپ ياتاتتى، ئىككى يېنىدا ئىككى بوۋاق، ھەر ئىككىسىنىڭ بېشىنى پات ـ پات سىلاپ قوياتتى. بوۋاقلارنىڭ بىرسى دىلسېينىڭ ئىدى. ۋاد كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە مېلانىيە ئېيتىپ بېرىۋاتقان چۆچەكنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

سىكارلېت تارانىڭ تىمتاسلىقىغا زادىلا كۆنەلمىدى. بۇ خىل ھالەت ئۇنىڭغا ئاتلانتادىن كېلىۋاتقان كۈنى بېسىپ ئۆتكەن ئادەمزاتسىز قاقاس دالالارنى ئەسلىتىپ قوياتتى. كالا بىلەن موزاينىڭ ئاۋازى خېلى كۈنلەر بولدى ئاڭلانمايتتى، قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىمۇ يوق. سىكارلېت ئورۇندۇقنى دېرىزىنىڭ يېنىغا تارتىپ ئولتۇرۇپ، ئۆينىڭ ئالدىدىكى يولغا، ئۇ تەرەپتىكى چۆپلۈككە، ياپېيېشىل يايلاققا قارىدى. پۈتىنىڭ يېنىدىكى چېلەكتە قۇدۇقنىڭ مۇزدەك سۈيى بار ئىدى، سىكارلېت پات ـ پات پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ، ئاغرىق ئازابىدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قوياتتى.

ئۇ بەك تىتىلداپ، بىلەكلىرى ئۇستىگە بېشىنى قويۇۋالدى. ئۇ تازا كۈچەپ ئىشلەيدىغان چاغدا پۇتىنىڭ يىرىڭداپ كەتكىنى بولمىدى ـ دە. ئۇ دۆتلەر مىكىجىننى تۇتالمايدۇ، كۈچۈكلىرىنى بىر ـ بىردىن تۇتۇپ كېلىشكە بىر ھەپتە كەتكەن، مانا ئىككى ھەپتە بولدى. ئانىسىنى تۇتقىلى بولمايۋاتىدۇ. ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە بارغان بولسا، ئىشتىنىنى يۇقىرىغا تۈرۈۋېتىپ، ئۇ

چوشقىنى سالما تاشلاپ بىردەمدىلا تۇتۇۋالاتتى.

ئۇ مىكىجىننى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن — ناۋادا تۇتۇۋالالىسا — نېمە قىلىدۇ؟ ئۇنى كۈچۈكلىرى بىلەن قوشۇپ يەۋەتسەك، كېيىن قانداق قىلىسەن؟ ئەتە ـ ئۆگۈنلا قىش كېلىدۇ، يەيدىغان نەرسىلەرمۇ تۈگەۋاتىدۇ، قوشنىلارنىڭ باغلىرىدىن تېرىپ كەلگەن كۆكتاتلاردىنمۇ ھېچقانچە قالمىدى. ئۇلار چوقۇم پۇرچاق، كۆممىقوناق، گۈرۈچ تېپىشلىرى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ... ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر بار: كېلەر يىلى تېرىيدىغان قوناق، كېۋەز ئۇرۇقلىرى، ئۇلارغا ئېھتىياجلىق يېڭى كىيىملەر. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ نەدىن ئالىدۇ ھەم قانداق سېتىۋالالايدۇ؟

ئۇ گېرالدىنىڭ يانچۇقى بىلەن پۇل ساقلايدىغان ئىشكاپىنى ئوغرىلىقچە ئاختۇرۇپمۇ چىقتى. تاپقىنى ئىتتىپاقداش ھۆكۈمەتنىڭ قەرز چەكلىرى بىلەن ئۈچ مىڭغا يېقىن پۇلى بولدى. بۇ پۇللار ئۇلارنىڭ بىر ۋاخلىق تامىقىغا لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقىلا يېتەتتى، چۈنكى ھازىر جەنۇبنىڭ پۇللىرىنىڭ بىر تىيىنلىق قىممىتى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پۇل بولغاندىكىن ئازراق بولسىمۇ يەيدىغان نەرسە سېتىۋالغىلى بولىدۇ ـ دە. ئەمما، ئۇ نەرسىنى تاراغا نېمە بىلەن ئەكېلىدۇ؟ تەڭرى نېمىشقىمۇ ھېلىقى قېرى ئاتنىڭ جېنىنى ئېلىپ كەتكەندۇ؟ ئەگەر رېت باتلېر ئوغرىلاپ كەلگەن ئاشۇ ئات بولغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ قالاتتى. ئاھ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى فېرمىدا تۈكلىرى پارقىراپ، ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئاتلار، مەخسۇس ھارۋىغا قوشۇلىدىغان ھېلىقى ئېگىز ئات، گېرالدىنىڭ شامالدەك چاپىدىغان ئارغىمىقى، ئۆزىنىڭ، سىڭىللىرىنىڭ ئەپچىل تايلىرى. ھازىر شۇلارنىڭ بىرسى بولسىمۇ بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى.

بوپتۇ، كېرەك يوق، پۇتى ياخشى بولغاندا سىكارلېت جونېسبوروغا پىيادە بېرىپ كېلىدۇ. شىماللىق ئالۋاستىلار ئۇ

شەھەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەردىن يېمەكلىكلەرنى نەدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدىغان ئادەمدىن بىرنى تاپىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ۋادىنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان كىچىككىنە ئاغزى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ياڭيۇنى ياخشى كۆرمەيتتى، توخۇ گۆشى، گۈرۈچ تاماق يەيمەن، شورپا ئىچىمەن، دەپ خەقنىشلىك قىلاتتى.

بىردىنلا قورۇغا سىپىلىپ تۇرغان قۇياش نۇرى خۇددى بۇلۇت توسۇۋالغاندەك سۇسلىشىپ كەتتى، دەرەخلەرمۇ غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىدە لىق ياش ئىدى. ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى. ھازىر يىغلىغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ يېنىڭدا ھالىڭغا يېتىدىغان بىرەرسى بولسا، ئاندىن يىغلىساڭ يىغاڭنىڭ ئەتىۋارى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋېلىپ يېشىنى سىرتقا چىقارغۇزمىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. سىكارلېت ھەيران قالدى، لېكىن بېشىنى كۆتۈرمىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى دائىم بىر نەرسىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى، ھەتتا ئاپىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى. ئۆگىنىپ قالغان بولغاچقىمۇ، ئۇنداق ئاۋازلارغا ھەيرانمۇ قالمايتتى. ھازىر بىردىنلا يۈرىكى سوقۇپ كەتتى، ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولاتتى، شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە: «يوقىلاڭ خىياللاردا بولمىساڭچۇ» دەپ قويدى.

لېكىن، ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاستىلاپ ئالدىرىماي ماڭغان ئاۋازغا ئۆزگەردى. شېغىل يولدىن شاراقشىغان ئاۋازمۇ ئاڭلاندى. بۇ ئات ... تارلېتون ياكى فونتائىنلارنىڭ بولسا كېرەك. سىكارلېت ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ شىماللىق بىر ئەسكەرنى كۆردى ـ دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ بىر يېنىغا ئۆتۈۋالدى ۋە پەردىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۇنى كۆزەتتى، جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، نەپىسى قىسىلىپ دەم ئالالماي قالدى.

ئۇ ئەسكەر ئېگەردە دۈمچىيىپ ئولتۇراتتى، بەستلىك ئىدى،

ئۆسۈپ كەتكەن ساقىلى ئالدى ئېچىلىپ كەتكەن كۆك ھەربىي كىيىمىنىڭ ئالدىدا يېيىلىپ تۇراتتى، ئۇ كۈنىنىڭ نۇرىدا كۆزلىرىنى ئاچالماي شەپكىسىنىڭ چېكىلىكى ئاستىدىن ئالدىدىكى ئۆيگە ھومىيىپ قاراپ قويدى. ئاندىن ئېتىدىن ئالدىرىماي چۈشۈپ چۇلۋۇرنى ئېگەرگە ئارتىپ قويدى. ئۇنى كۆرۈپ قورققىنىدىن سىكارلېتنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. شىماللىق ئالۋاستى! يېنىدا ئۇزۇن تاپانچىسى بار، سىكارلېت بولسا ئۈچ كېسەل قىز ۋە بىرنەچچە ئۇششاق بالا بىلەن ئۆزى يالغۇز.

ئۇ ئەسكەر بىر قولىدا تاپانچىسىنىڭ قېپىنى تۇتقان پېتى، ئەتراپىغا قارىغاچ يالغۇز ئاياغ يول بىلەن مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. سىكارلېتنىڭ كۆز ئالدىغا چاقماق تېزلىكىدە ھەرخىل كۆرۈنۈشلەر كېلىشكە باشلىدى. پىتتىي ھامما ئۇنىڭغا يامان ئادەملەرنىڭ يالغۇز ئاياللارنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى پىچىرلاپ سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇلار ئۇنداق ئاياللارنى بوغۇزلىۋېتىدىكەن، ئاغرىقى ئېغىرلىرىنى ئۆي بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدىكەن، يىغلىغان باللارنىڭ قورساقلىرىغا نەيزە تىقىدىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كاللىسىغا تىزىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنى ئىشكاپنىڭ ئىچىگە ياكى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىش ياكى ئارقا تەرەپ بىلەن پەسكە چۈشۈپ چىرقىرىغان بويى سازلىق تەرەپكە قاراپ قېچىش بولدى. ئىشقىلىپ، بۇ يەردىن قېچىپ كەتسىلا بولاتتى. شۇ ئارىدا ئۇ ئادەمنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ كارىدورغا كىرگەنلىكى ئاڭلاندى. ئەمدى قېچىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، سىكارلېتنىڭ قورقۇپ پۇت - قولىدا جان قالمايۋاتاتتى. ئۇ ئەسكەر ئۆيلەرگە بىر - بىرلەپ كىرىپ چىقىۋاتاتتى، ئاياغ ئاۋازىمۇ، جۇر ئىتتىمۇ كۈچىيىۋاتاتتى، چۈنكى ئۆيلەردە بىرمۇ ئادەم يوق - دە. ئۇ ئەمدى تاماقخانىغا كىردى، ئۇ يەردىن چىقسىلا ئاشخانىغا كىرەتتى.

سىكارلېت ئاشخانىنى ئويلاپلا بىردىنلا يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك بولۇپ كەتتى، غەزىپى ئۆرلەپ، بايىقى قورقۇنچلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى. ئاشخانىدا ئىككى كورىدا يەيدىغان نەرسە پىشىۋاتاتتى. بىر كورىدىكىسى ئالما، يەنە بىر كورىدا مىڭبىر جاپالار بىلەن «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى بىلەن ماكىلىنتوش كەنتىدىن ئېلىپ كەلگەن كۆكتاتلاردىن قىلىغان تاماق ئىدى. ئۇ نەرسىلەرگە ئىككى ئادەمنىڭ تويۇشى ناتايىن، ئەمما ئۇ ئاچ قورساق توققۇز ئادەمنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئىدى، سىكارلېت قورسىقى خېلىدىن بېرى ئېچىۋاتقان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى. مانا ئەمدى بۇ شىماللىق ئالۋاستى ئۇ تاماقلارنى ئۆزى يالغۇز يەۋېتىدىغان بولدى، ئۇنىڭ غەزەپتىن تىترەپ كېتىۋاتقانلىقى ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىدى.

بۇ ئىپلاسلار خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتسۇن ئىلاھىم. ئۇلار تارانى چېكەتكىدەك يەپ بولۇپ، ئەمدى ئادەملىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاچتىن ئۆلىدىغان هالەتكە ئەكېلىپ قويۇشقانىدى. هازىرمۇ ئاشۇ ئازغىنا نەرسىنى يەپ كەتمەكچى، سىكارلېتنىڭ قورسىقى ئېچىپ غولدۇرلاپ كېتىۋاتاتتى. خۇدا تۇرۇپتۇ، بۇ ئالۋاستى ئۇ تامىقىمىزنىمۇ يەپ كېتىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسۇن.

ئۇ پۇتىدىكى ئايىغىنى ئاۋاز چىقارماي سېلىۋېتىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىيىم ئىشكاپىنىڭ يېنىغا ماڭدى. پۇتىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمىدى. ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى تارتمىسىنى ئېچىپ، ئاتلانتادىن ئالغاچ كەلگەن چارلېسنىڭ تاپانچىسىنى ئالدى. ئاندىن تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچىنىڭ ئاستىدىكى خۇرۇم قاپچۇقتىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ تاپانچىغا تەستە سالدى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەلەمپەي بىلەن بىر قولىدا پەلەمپەينىڭ رېشاتكىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدىكى تاپانچىنى كۆڭلىكىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ ئاستا مېڭىپ پەسكە

چۈشتى.

— ئۇ يەردەم كىم بار؟ — دىمىقىدا گەپ قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. سىكارلېت پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانىدى، قانلىرى مېڭىسىگە ئۆرلەپ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كېتىۋاتاتتى. جىددىيچىلىكتە ئۇنىڭ نېمە دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىيالىدى.

— توختا، بولمىسا ئاتىمەن ! — ئۇ ئاۋاز يەنە ۋارقىرىدى.

ئۇ ئەسكەر ئاشخانا ئىشىكىنىڭ ئىچىدە توختىدى. ئۇ جىددىيلىشىپ ئالدىغا ئېڭىشۋالغانىدى، بىر قولىدا تاپانچا، يەنە بىر قولىدا نەشپۈت ياغىچىدا ياسالغان يىپ ـ يىڭنە قۇتىسى بار ئىدى. ئىچىدە ئالتۇن يىڭنە، ئالتۇن ساپلىق قايچا، ئۇششاق ئالماس دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. سىكارلېتنىڭ ئىككى تىزى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، ئەمما غەزەپتىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قولىدىكىسى ئاپىسىنىڭ يىپ ـ يىڭنە قۇتىسىغۇ ! ئۇنىڭ: «قولۇڭدىكىنى تاشلا ! قولۇڭدىكىنى تاشلا ! ئىپلاس ...» دەپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلىغۇسى كېلىپ كەتتى، ئەمما ئاۋازى چىقمايتتى. سىكارلېت رېشاتكىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا قوپال ۋە جىددىيلىشىپ تۇرغان چىرايىنى يىرگىنچلىك مەسخىرە كۈلكىسى ئىگىلىدى.

— ھە، بۇ ئۆيدە ئادەم بار ئىكەن ـ دە، — دېدى ئۇ تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىۋېتىپ. ئاڭغىچە ئۇ پەلەمپەينىڭ يېنىغا، سىكارلېتنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى، — ئۆيدە سىز يالغۇزمۇ، خېنىم؟

سىكارلېت چاقماق تېزلىكىدە تاپانچىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزىگە توغرىلىدى ۋە ئۇ ئادەم قولىنى تاپانچىسىغا ئۇزىتا ـ ئۇزاتمايلا تەپكىنى بېسىۋەتتى. تاپانچىدىن قايتقان كۈچ سىكارلېتنىڭ بەدىنىنى سىلكىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا پاڭ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، كۈچلۈك دورا ھىدى بۇرنىغا كىرىپ كەتتى، شىماللىق ئالۋاستى ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ،

بەدىنىنىڭ يېرىمى ئاشخانىنىڭ ئىچىگە چۈشتى. قولىدىكى قۇتا ئۇچۇپ چىقىپ ئىچىدىكى نەرسىلەر چېچىلىپ كەتتى. سىكارلېت ئۆزىمۇ بىلمەي پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېڭىشىپ قارىدى. ئوق دەل ئۇنىڭ بۇرنىغا تەگكەن بولۇپ، كىچىككىنە تۆشۈكتىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتاتتى، كۆزلىرى چاچرىغان ئوق دورىسىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەنىدى. سىكارلېت شۇندىلا ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ ئۆلگەنىدى. شۇبھىسىزكى، ئۇ ئادەم ئۆلتۈردى.

ئىس ـ تۈتەك تورۇسقا كۆتۈرۈلدى، يەردىكى قان بارغانسېرى يېيىلىۋاتاتتى. ئۇ تېخىچە ئورنىدا ئۆرە تۇراتتى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بىلمەيتتى. چۈشتىن بۇرۇنقى تىنچىق ھاۋا ۋە گۆرىستان جىمجىتلىقىدا ئادەتتە دىققەت قىلمايدىغان ئاۋاز ۋە پۇراقلار، مەسىلەن، يۈرىكىنىڭ جىددىي سوقۇۋاتقان ئاۋازى، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شامالدا شىلدىرلاشلىرى، يىراقتىكى سازلىقتا بىر قۇشنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى ۋە سىرتتىكى گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى ئۇنىڭغا بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئادەم ئۆلتۈردى. ئوۋغا چىققاندا قوغلاپ كېتىۋاتقان ھايۋانغا يېقىن كېلىشتىن، بوغۇزلىنىۋاتقان ھايۋانلارنىڭ چىرقىراشلىرىدىن ياكى تورغا چۈشۈپ قالغان توشقاننىڭ ئېچىنىشلىق چىرىلداشلىرىدىن قورقىدىغان بىر قىز بۈگۈن ئادەم ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ پىكرى شۇ تۇرقىدا ئىنتايىن گال ئىدى. مەن قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزمىدىم، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ئۇ يىڭنە ـ يىپ قۇتىسىنىڭ يېنىدىكى يۇڭلۇق قولغا قاراپ، بىردىنلا يۈرىكىدە بىر خىل سوغۇققان ۋە رەھىمسىز خۇشاللىق پەيدا بولدى، ئۆلگۈچىنىڭ ئوق تەگكەن بۇرنىغا تەپكۈسى كەلدى، يالاڭ ئاياغ پۇتىغا تەگكەن ئىسسىق، شىلىمشىق قاندىن ھۇزۇر ھېس قىلدى. ئۇ تارا قورۇقى ئۈچۈن، ئېللېن ئۈچۈن تۇنجى قەدەمدە ئۆچ ئالغانىدى.

ئۇستى تەرەپتىن سەنتورولوپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ ئاجىز ۋە تەستە مېڭىۋاتقان ئاياغنىڭ ئاۋازى ئىدى، تۆمۈردەك بىر نەرسىنىڭ ئاۋازىمۇ باردەك قىلاتتى. سىكارلېتنىڭ ۋاقىت ۋە رېئاللىق ئېڭى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. مېلانىيە ئۇستىدە يىرتىلىپ كەتكەن كونا كېچىلىك كىيىمى، قولىدا چارلېسنىڭ ئېغىر قىلىچى ئۇستىدە تۇراتتى. ئۇ پەستە يۈز بەرگەن ئىشلارنى تولۇقى بىلەن كۆردى. كۆك رەڭ ھەربىي كىيىم كىيگەن بىرسى قانغا مىلىنىپ ياتاتتى، يېنىدا يىپ ـ يىڭنە قۇتىسى چېچىلىپ تۇراتتى، سىكارلېت قولىدا تاپانچا، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، چىرايى سارغىيىپ كەتكەن ھالەتتە ئىدى.

مېلانىيەنىڭ ئادەتتىكى مۇلايىم چىرايىدا جىددىي ۋە پەخىرلىنىش، قۇۋۋەتلەشتەك بىرخىل ئىپادە ئويناپ تۇراتتى. بۇ خىل ھالەت سىكارلېتنىڭ تۇرقىدىكى قىزغىن ھاياجان ئىچىدىكى روھىي كەيپىياتى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى.

«ھوي، ھوي ... ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش كەيپىياتتا بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ شۇ تۇرقىدىكى ھېسسىياتىمنى ئۇمۇ چۈشىنىپ تۇرۇپتۇ، — ئويلىدى سىكارلېت ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، — ئۇنىڭمۇ بېشىغا كەلسە ماڭا ئوخشاش ئىش قىلاتتىكەن ـ دە.»

ئۇ سەنتورولوپ ئاران تۇرۇۋاتقان، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان، مەنسىتمەيدىغان ئۇ قىزغا قاتتىق ھاياجان بىلەن قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاشلېينىڭ خوتۇنىغا بولغان نەپرەتنىڭ ئورنىنى قايىل بولغۇشتەك بىرخىل دوستلۇق ھېسسىياتى ئىگىلەۋاتاتتى. سىكارلېت ئۇشتۇمتۇت ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل نەزەردە، مېلانىيەنىڭ مۇلايىم ئاۋازى ۋە كەپتەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان ئاق كۆڭۈل كۆزلىرىدە ئۆتكۈر ۋە قەيسەر بىر روھنى كۆرگەندەك، جىمجىت ئاقىدىغان قانلىرىدا بىرخىل باتۇرانە روھنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

— سىكارلېت! سىكارلېت! — كاررىن بىلەن سۇئېللېننىڭ قورقۇمسىراپ تۈۋلاشلىرى ۋە ۋادىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقى ھەم

يېپىقلىق ئىشىكتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. مىلانىيە قىلىچىنى يەرگە قويۇپ ناھايىتى تەستە قىزلارنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

— قورقماڭلار، قىزلار! — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بىرخىل روھ ئۇرغۇپ تۇراتتى، — ھەدەڭلار چارلىپسىنىڭ تاپانچىسىنى سۇرتۇۋاتاتقاندا ئوق چىقىپ كەتتى، ئۆزىمۇ شۇنچىلىك قورقتى... بولدى چارلىپس خامىلتون، ئاپاڭ داداڭنىڭ تاپانچىسىنى مۇنداقلا بىر ئېتىپ باقتى. سەن چوڭ بولغاندا ساڭىمۇ ئاتقۇزىدۇ.

«نېمىدېگەن تەمكىن يالغانچى بۇ، — سكارلېت ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ئويلاپ قالدى، — مەن يالغاننى بۇنچىلىك تېز توقۇپ چىقالمايمەن، ئۇ قانداقلارچە بۇنچىلىك تېز توقۇپ چىقىدۇ؟ ئۇلار مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى بەرىبىر بىلمەي قالمايدۇ.»

ئۇ ئېڭىشىپ جەسەتكە يەنە قارىدى. بۇ قېتىم غەزەپ بىلەن قورقۇش يوق، ئۇنىڭ ئورنىنى يىرگىنىش ئىگىلىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىككى تىزى تىترەپ تۇرالماي قېلىۋاتاتتى. شۇ ئارىلىقتا مېلانىيە يەنە پەلەمپەينىڭ ئاغزىغا كېلىپ، ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە پەلەمپەيدىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تەستە چۈشۈشكە باشلىدى.

— كارىۋىتىڭىزغا چىقىپ يېتىڭ، ئەخمەق قىز. ئۆلگۈڭىز كەلدىمۇ يا؟ — سكارلېت مېلانىيەگە قاراپ ۋارقىرىدى. لېكىن، مېلانىيە ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي پەسكە چۈشۈپ دالان تەرەپكە ماڭدى.

— سكارلېت، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا، — بىز ئۇنى ئاچىقىپ كۆمۈۋېتەيلى. ئۇ بىر ئادەم بولمىسا كېرەك. باشقىلىرى ئۇنىڭ بۇ يەردىلىكىنى بىلىپ قالسا... — ئۇ سكارلېتنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى رۇسلىۋالدى.

— ئۇ چوقۇم ئۆزى يالغۇز كەلگەن، — دېدى سكارلېت، — مەن بايا ئۇستىدىكى دېرىزىدە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمنى

كۆرمىدىم، ئۇ چوقۇم قاچاق ئەسكەر.

— ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ باشقىلار بىلىپ قالسا بولمايدۇ. نېگىرلار كۆرۈپ قالسا سىزنى تۇتۇپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. سىكارلېت، بىز سازلىقتا كەتكەنلەر قايتىپ كەلگۈچە ئۇنى كۆمۈۋېتەيلى.

سىكارلېت مېلانىيەنىڭ تەشەببۇسى ۋە قىزغىن ئالدىرىتىشى بىلەن سەل ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇنى ئۆزۈمنىڭ تۇۋنگە كۆمۈۋەتسەممۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ يەرگە قانداق ئاچىقىمەن؟

— ئىككىمىز ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ سۆرىسەك بولىدۇ، — دېدى مېلانىيە كەسكىن تەلەپپۇزدا.

سىكارلېت ئۇنداق قىلىشنى خالىمىسىمۇ، مېلانىيەنىڭ يۈرەكلىككىگە بارغانسېرى قايىل بولدى.

— سىز شۇ تۇرقىڭىز بىلەن مۇشۇكىنىمۇ سۆرىيەلمەيسىز، مەن ئۆزۈم سۆرەي، — دېدى سىكارلېت قوپال ئاۋازدا، — سىز كارىۋىتىڭىزغا چىقىپ يېتىڭ، بولمىسا ئۆزۈڭىز قالىسىز. ماڭا ياردەم بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، يەنە مەن سىزنى ھاپاش قىلىپ ئۈستىگە ئاچىقىپ قويىدىغان ئىش بولمىسۇن.

مېلانىيەنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بىرخىل تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— سىز ئاجايىپ يېقىملىق، سىكارلېت، — مېلانىيە شۇنداق دەپ ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويىدى. سىكارلېت ھەيرانلىقتىن تېخى ئۆزىگە كەلمەي تۇرۇپلا، مېلانىيە سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز ئۇنى ئاچىقىپ كېتەلىسىڭىز، ئەمىسە مەن پولدىكى قانلارنى سۈرتۈۋېتەي، بۇنى ئۇلار كەلگۈچە قىلىپ بولمىساق بولمايدۇ. بىراق، سىكارلېت ...

— ھە؟

— ئۇنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇپ باقساق قانداق بولار؟ يەيدىغان نەرسە چىقىپ قالامدۇ تېخى.

— مېنىڭچە، بولىدۇ، — دېدى سىكارلېت ئۆزىنىڭ بۇنى ئويلىمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ، — سىز سومكىسىنى ئاختۇرۇڭ. مەن يانچۇقلىرىغا قاراپ باقاي.

سىكارلېت يىرگىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ قالغان تۇگمىلىرىنى يېشىپ يانچۇقلىرىغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، — بوش توۋلاپ قويدى ئۇ بىر يانچۇقتىن ئىچىدە جىق پۇل بار بىر ھەميياننى ئېلىۋېتىپ، — مېلانىيە ... مېلانىيە، بۇنىڭ ئىچى ساپ پۇل ئوخشايدۇ.

مېلانىيە زۇۋان سۈرمەي بىردىنلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.

سىكارلېت ھەميياننى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاچتى.

— قاراڭ، مېلانىيە ... قاراڭ !

مېلانىيە ئۇنىڭ قولىغا قاراپ كۆزلىرى كۆپچۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. ھەميياندىن جەنۇبنىڭ، شىمالنىڭ پۇللىرى بولۇپ بىر تۇتام پۇل چىققانىدى، ئىچىدە ئون دوللارلىق بىر، بەش دوللارلىق ئىككى تىللا بار ئىدى.

— ھازىر سانىماڭ، — دېدى مېلانىيە پۇللارنى سانىماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان سىكارلېتقا، — ئۇنىڭغا ۋاقتىمىز يوق ...

— مېلانىيە، بۇ پۇل بىلەن بىزنىڭ يەيدىغان نەرسىمىزنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

— ئويلىدىم، ئويلىدىم، سۆيۈملۈكۈم. بىراق، ھازىر ئۇنى ساناپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس. باشقا يانچۇقلارغىمۇ قاراڭ، مەن سومكىسىنى ئالاي.

سىكارلېتنىڭ ھەميياننى پەقەتلا قويۇپ قويغۇسى يوق ئىدى، كۆز ئالدىدا شانلىق ئىستىقبال قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى ... نەق پۇل، شىماللىق ئالۋاستىنىڭ ئېتى، يەيدىغان نەرسىلەر! ئاھ، خۇدا ئاخىر بىزنى نائۈمىد قويمىدى، غەلىتە چارە بىلەن

بولسىمۇ بىزدىن ياردىمىنى ئايىمىدى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ، كۆزلىرى ھەميياندا، توختىماي كۈلەتتى. مىلانىيە ئۇنىڭ قولىدىن ھەميياننى تارتىۋالدى.

— چاپسان بولايلى!

ئىشتاننىڭ يانچۇقىدىن يېرىم تال شام، بىر قەلەمتىراش، ئازراق تاماكا ۋە بىر ئورام يىپتىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى. مىلانىيە سومكىدىن بىر بولاق قەھۋە ئېلىپ دۇنيادا ئەڭ مەززىلىك نەرسىدەك بۇرنىغا تۇتۇپ تويماي پۇراپ كەتتى. يەنە بىر بولاق پېچىنە، چۆرىسىگە مەرۋايىت قويۇلغان كىچىك بىر رامكىدا بىرقىزنىڭ سۈرىتى چىقتى. سۈرەتنى كۆرۈپ مىلانىيەنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئانارگۈل شەكلىدە بىر بۇلاپكا، ئىككى ئالتۇن بىلەزۈك، بىر ئالتۇن ئويماق، كىچىك بىر كۈمۈش رومكا، كەشتە تىككەندە ئىشلىتىدىغان ئالتۇن قايچا، ئالماس كۆزلۈك بىر دانە ئۈزۈك، سوزۇنچاق بىرىلىيانت كۆزلۈك بىر جۈپ ھالقىمۇ بار ئىدى. كۆزى قارىغۇ ئادەممۇ بۇ بىرىلىيانتلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىر كاراتتىن ئارتۇق كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيتتى.

— ئۇ ئوغرى ئىكەن! — مىلانىيە ئىختىيارسىز كەينىگە شوخشۇدى، — سىكارلېت، بۇ نەرسىلەرنى ئۇ چوقۇم ئوغرىلىغان.

— ئەلۋەتتە، — دېدى سىكارلېت ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇ بۇ يەرگىمۇ بىزنىڭ نەرسىمىزنى ئوغرىلىغىلى كەلگەن.

— ھېلىمۇ ياخشى ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپسىز، — مىلانىيەنىڭ مۇلايىم كۆزلىرى سۇرلۇك تۇسكە كىردى، — بولۇڭ، سۆيۈملۈكۈم، ئۇنى بۇ يەردىن ئاچىقىۋېتەيلى.

سىكارلېت جەسەتنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكتىن تۇتۇپ كۆچەپ سۆرەپ، بىردىنلا جەسەتنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۆزى ئۇ جەسەتنىڭ ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز ئىدى. ئۇنى مىدىرلىتالمايمۇ قالارمۇ؟ ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، جەسەتنىڭ

ئىككى پۇتىنى ئىككى قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ كۈچەپ سۆرىگەندى، جەسەت ئازراق مىدىرلىدى، لېكىن يەنە توختاپ قالدى. ئۇ ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىنىڭ ئاغرىقىنى باياتىندىن بېرىقى ھاياجاندا ئۇنتۇپ قالغانىدى. ھازىر بەدىنىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقىنى ئىككى تاپىنىغا چۈشۈرۈپ، چىشلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ كۈچەپ سۆرىدى، چارچاپ تەرلەپمۇ كەتتى. ئاران تەستە دالانغا سۆرەپ چىقتى. جەسەتنىڭ كەينىدە بىر يول قان ئىزى قېلىپ قېلىۋاتاتتى.

— بۇ قان ئارقا ھويلىغىچە مۇشۇنداق ئىز قالدۇرسا بۇنى بىز يوشۇرۇپ قالالمايمىز، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — مېلانىيە، كۆڭلىكىڭىزنى سېلىپ ماڭا بېرىڭ، ئۇنىڭ بېشىنى ئورىۋېتەي، شۇنىڭدا قان چىقمايدۇ.

مىلانىيەنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.

— مەن سىزگە قارىمايمەن، — دېدى سىكارلېت، — مەن بولسام كۆسىرىمنىمۇ سېلىۋېتەتتىم.

مېلانىيە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، كونىراپ كەتكەن كاناپ كۆڭلىكىنى سېلىپ سىكارلېتقا تاشلاپ بەردى، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن بەدىنىنى توسۇۋالدى.

«خۇداغا شۈكۈر، مەن بۇنداق ئىشلارغا ئۇنىڭچىلىك ئىزا تارتىپ كەتمەيمەن» ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە. ئۇ كۆرمىسىمۇ، مېلانىيەنىڭ شۇ تۇرقىدىكى روھىي ھالىتىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەسەتنىڭ بېشىنى ئۇ كۆڭلەكتە مەھكەم ئورىۋەتتى.

ئۇ بىر ھازا ھەپىلىشىپ، جەسەتنى ئارقا ھويلىغا چىقىدىغان كارىدورغا سۆرەپ چىقتى. ئاندىن توختاپ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ كەينىگە قايرىلىپ مېلانىيەگە قارىدى. مېلانىيە تىزىنى قوللىرىدا ئېچىلىپ قالغان ئىككى كۆكسىنى مەھكەم توسۇۋېلىپ تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. مۇشۇنداق چاغدىمۇ نومۇس قىلىپ

ئولتۇرغىنىنى قارا بۇ ئەخمەقنىڭ . سىكارلېتنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقى كەلدى. ئادەتتىمۇ ئۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئارتۇقچە نومۇسلىنىپ كېتىدىغان قىلىقلىرىغا ئۆچ ئىدى. لېكىن، يەنە ئازراق خىجىلمۇ بولدى. چۈنكى، قانداقلا بولسۇن، ئۇ تېخى يېڭىلا يەڭگىگىنىگە قارىماي، قىلىچنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن سىكارلېتتا يوق بىر خىل باتۇرلۇقنى، خۇددى ئاتلانتا قولدىن كەتكەن ئاخشىمى ۋە يولدا كەلگۈچە ئىپادىلەنگەن باتۇرلۇقنى ئىپادىلىگەنىدى. بۇ خىل تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان باتۇرلۇق پەقەت ۋىلكېس ئائىلىسىدىكىلەرگىلا خاس بولۇپ، سىكارلېت بۇ خىل روھىي ھالەتنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭغا ئاپىرىنلا ئوقۇيتتى.

— ئۆيگە كىرىپ يېتىۋېلىڭ، — دېدى ئۇ مېلانىيەگە، — بولمىسا ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، مەن ئۇنى كۆمۈۋېتىپ كىرىپ ئاندىن بۇ يەرنى تازىلايمەن.

— ئەسكى كىگىزدىن بىر پارچە ئاچىقىپ ئۆزۈم سۈرتۈۋېتەي، — دېدى مېلانىيە پولدىكى قانغا قاراپ قويۇپ زەئىپ ئاۋازدا.

— ئەمىسە بوپتۇ، ئۆلسىڭىز ئۆزىڭىزگە، مېنىڭ كارىم يوق. مەن ئىشنى تۈگىتىپ كىرگۈچە ئۇلار كېلىپ قالسا، ئۇلارنى ئۆيدىن چىقارماي تۇرۇڭ. ئۇ ئاتنى ئۆزىچىلا كېلىپ قالدى، دەپ قويۇڭ.

سىكارلېت جەسەتنى پەلەمپەيدىن سۆرەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، مېلانىيە جەسەتنىڭ بېشىنىڭ پەلەمپەيگە تېگىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئىككى قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالدى.

ئۇ ئاتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم سورىمىدى. بىر قاراپلا ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئۇرۇش مەيدانىدىن كەلگەن ئات ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ھەممەيلەن ئۇ ئاتقا

ئىگە بولۇشقانلىرىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇشتى. سىكارلېت ئۇ شاماللىق ئالۋاستىنى تەكىنىڭ ئاستىنى تېپىزلا كولاپ كۆمۈۋەتتى. باراڭنىڭ بىرنەچچە تۈۋرۈكى ئاللىبۇرۇن چىرىپ كەتكەنىدى، شۇ كۈنى ئاخشىمى سىكارلېت چەيدۇ بىلەن ئىككىلا ئۆرۈۋېدى، تال بىلەن تەك باراڭمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئۇ قەبرىنى بېسىۋالدى. كېيىن سىكارلېت باراڭنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ياساپ قويۇشنى ئاغزىغا ئالمىدى، نېگىرلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىدىغاندەك ئۇ ھەقتە گەپ قىلىشمىدى.

ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىپ، بىرنەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن كۈنلەردىمۇ سىكارلېت ئۇ قەبرىدىن مېڭىپ چىققان ئەرۋاھنى كۆرمىدى. بولغان ئىشلارنى ئويلىغاندىمۇ ئۇنى قورقۇنچ باسمايتتى، روھىي ئازاب قىينىمايتتى. بىر ئايدىن ئىلگىرى بولغان بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككى مەڭزىدە زىنىخلىرى بار، قولاقلىرىدا ھالقىلىرى جىرىڭشىپ تۇرغان، قارىماققا ئاجىز كۆرۈنىدىغان ياش خانىم بىر ئەر كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆزى كولىغان ئورەككە كۆمۈۋەتتى — ھە! سىكارلېت زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ، ئىچىدە، مېنى تونۇيدىغان ئادەملەر مېنىڭ شۇ ئىشنى قىلغانلىقىمنى بىلىشسە قورقۇپ نېمە بولۇشۇپ كېتەر، دەپ ئويلىدى.

«ئەمدى ئۇ ئىشنى ئىككىنچى ئويلىمايمەن، — ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلدى، — ئىش ئۆتۈپ كەتتى، تۈگىدى. ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن بولسام ئەخمەقلىق قىلغان بولاتتىم. مەن ئويلايمەن ... مەن ئويلايمەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەندە ئازراق ئۆزگىرىش بار، بولمىسا ئۇ ئىشنى قىلالمايتتىم.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خاپىلىقتا ياكى كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئۇچرىسا، ئىچىدە: «مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرسام، بۇنچىلىك ئىشنى قىلالامتىم» دەپ ئويلايدىغان بولدى. بۇ ئۇنىڭ مەقسەتلىك، ئاشكارا پىكىرلىرى ئەمەس، بەلكى يوشۇرۇن ئىچكى

ئويلىرى ئىدى، ئەمما بۇ ئويلار ئۇنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرەتتى.

ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەكرەك كۆپ ئىدى. يۈرىكىنىڭ سىرتى بىر قەۋەت قاتتىق جىسىم بىلەن ئورالماقتا ئىدى. بۇ، ئاشۇ كۈنى «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتىگە بارغاندا، قۇللار ياتىدىغان ئۆيلەرنىڭ كەينىدىكى كۆكتاتلىقتا يېتىپ قالغاندىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى.

ئېتى بولغاندىكىن، سىكارلېت قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ كېلەلەيتتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنى بىر مەسىلە توختىماي قىيناپ كەلگەنىدى: «ناھىيە بويىچە يالغۇز بىزلا قالغاندىمىزمۇ؟ باشقا ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ تۈگىگەنمىدۇ؟ ياكى ھەممىسى ماكونغا قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟» ئۇ تېخى يېڭىلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەن «ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى» كەنتى بىلەن ماكلىنتوش كەنتىنىڭ خارابىلىكلىرىنى ئويلاپ، باشقا يەرلەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشتىن يالتىيىپمۇ قالاتتى. بىراق، ئەھۋال قانچىلىك يامان بولسىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەنگە يەتمەيدۇ ـ دە. ئۇ بىرىنچى بولۇپ فونتائىنلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ بۇ يەرگە يېقىنلىقىنى دەپ ئەمەس، فونتائىن دوختۇرنىڭ بار بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ شۇنداق قارارغا كەلگەنىدى. چۈنكى، مېلانىيەنى دوختۇرغا كۆرسەتمىسە پەقەتلا بولمايتتى، كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولماقتا يوق، ئەكسىچە بارغانسېرى ئاجىزلاپ سىكارلېتنى ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇتى ياخشىلىنىپ ئاياغ كىيگۈدەك بولغاندا، شىماللىق ئالۋاستىنىڭ ئېتىغا مىنىپ مىموساغا قاراپ ماڭدى. يولدا ئۇ يەرمۇ كۆيۈپ كەتكەن بولسا بەكمۇ ئازابلىنىپ

كەتمەي دەپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتتى.

سىكارلېت مىموسادىكى كۆل رەڭ ئاقارتىلغان ئۆيلەرنىڭ ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە خۇشال بولدى. فونتائىن ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئايال تۇۋلاشقان پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ سۆيۈپ كەتكەندە، قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى باسالماي قالدى.

قىزغىن كۆرۈشۈشلەر تۈگەپ ئۆيگە كىرگەندە، سىكارلېت بىردىنلا ھەممە يەرنىڭ سۆرۈن، جىمجىت تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئەسلىدە مىموسا چوڭ يولدىن خېلى ئىچكىرى بولغاچقا شىماللىقلار بۇ يەرگە كېلىشمىگەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرى، ئاشلىقلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. ئەمما، تارا بىلەن باشقا جايلارغا ئوخشاش، بۇ يەردىمۇ ئۇلاردىن باشقا ئىنس - جىن يوق، تىمتاسچىلىق ئىدى. ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان تۆت نەپەر ئايال چاكاردىن باشقا ھەممە قۇللار شىماللىقلاردىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ساللىنىڭ ئىنىسى جويدىن باشقا بىرمۇ ئەر كىشى يوق. جوي ئاچماق ئىشتاندىن يېڭىلا قۇتۇلغان بالا بولۇپ، تېخى ئەر ھېسابلانمايتتى. بۇ ئۆيدە ھازىر يەتمىشتىن ئاشقان فونتائىن موماي، ئۇنىڭ ئەللىك ياشلاردا بار، كىشىلەر ئاغىچا خېنىم دەپ ئاتايدىغان كېلىنى، ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن ساللى بار ئىدى. يېقىن ئەتراپتا قوشنىلار بولمىغاچقا، بۇ ئۆيلەر بۇ يەردە تىنكەندەك يالغۇز كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۇلار يالغۇزلۇقتىن قورقۇپ تۇرسىمۇ سىرتىدىن بىلىندۈرمەيتتى. سىكارلېت ساللى بىلەن ئاغىچا خېنىمنى مىجەزى چۇس ئۇ مومايدىن قورقۇپ بولسىمۇ قورقۇنچىنى تېشىغا چىقارمىسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ مومايدىن سىكارلېتمۇ قورقاتتى، ئۇنىڭ زەھەرلىك گەپلىرىنى ئۇمۇ بىر چاغلاردا ئاڭلىغانىدى.

بۇ بىرنەچچە ئايالنىڭ بىر - بىرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇلار روھىي كەيپىياتى ۋە بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە

ئۆتۈشەتتى. ھەممىسىنىڭ ئۈچىسىدا تۆرلۈك ھازا كىيىملىرى، ئۆزلىرى ھارغىن، غەمكىن، روھسىز، يۈرەكلىرىنى بىرخىل ئازاب ئۆرتەپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇ خىل ئازاب چىرايلىرىدا غەزەپ ياكى دەرد ئىپىتىش بىلەن ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆلكىلىرى، ئۇنى قارشى ئېلىپ قىلغان گەپلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قوللىرى قىچىپ كەتكەن، قولىدىكى پۇللىرى بىر دۆۋە كېرەكسىز قەغەزگە ئايلانغان، ساللىنىڭ ئېرى جوي گېتتىس قەلئەسىدە قۇربان بولغان، ياش فونتائىن دوختۇر ۋېكىس قەلئەسىدە تولغاق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاغىچا خېنىممۇ تۇل قالغانىدى. ئالىش بىلەن تونىمۇ ۋىرگىنىيەگە كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قېرى فونتائىن دوختۇر ۋېلېرنىڭ ئاتلىق قوشۇنى بىلەن ئالدىنقى سەپكە كەتكەنىدى.

— ئۇ قېرى ئەخمەق يەتمىش ئۈچ ياشقا كىرىپمۇ ئۆزىنى ياش يىگىتتەك چاغلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېغىر رېماتىزم كېسىلى بار ئىدى، — دېدى موماي ئېرىدىن پەخىرلىنىپ. كۆزلىرى ئۇنىڭ يالغاندىن نارازى بولغاندەك قىلغان بۇ گېپىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— ئاتلانتا توغرۇلۇق قانداق خەۋەرلەرنى ئاڭلىدىڭلار؟ — سورىدى سىكارلېت ئۇلار بىرئازا تىنچلانغاندىن كېيىن، — تاراغا سولىنىپلا قېلىپ ھەممىدىن بىخەۋەر قالدۇق.

— ھەي، قىزىم، — دېدى موماي ئادىتى بويىچە گەپنى تارتمۇپلىپ، — بىزمۇ بۇ يەردە سىلەرگە ئوخشاش بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ئولتۇرۇپتىمىز. شېرمان ئاتلانتانى پۇتۇنلەي بېسىۋاپتۇ. دېگەن گەپتىن باشقا خەۋەر ئاڭلىمىدۇق.

— ئاخىر بېسىۋاپتۇ - دە. ئۇ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ ئۇرۇش نەگىچە بېرىپتۇ؟

— ئۈچ خوتۇن بۇ خىلۋەت جايدا يالغۇز تۇرساق، بىرەر پارچە

خەت ياكى گېزىت كەلمىسە، ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى نەدە يۈرۈپ بىلىمىز؟ — دېدى موماي ئاچچىق تەلەپپۇزدا. — بىزنىڭ بۇ يەردىكى بىر نېگىرنىڭ ئاغىنىسى جونېسبوروغا بېرىپتىكەن، شۇنىڭ بىزنىڭ نېگىرغا دەپ بەرگەن گېپىدىن ئازراق بىر نەرسە ئۇقتۇق، بولمىسا ھېچنېمە بىلمەيتتۇق. ئۇنىڭ دېيىشىچە، شىمالىلىقلار ئاتلانتادا قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋېتىپتۇدەك. بۇ گەپ راستمۇ، يالغان، ئۆزىمىز ھۆكۈم قىلالىساق بولمىدۇ - دە. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، بىزدىن زەربە يېگەندىكىن، ئەلۋەتتە ئۇلار ئازراق دەملىرىنى ئېلىۋېلىشلىرى كېرەك - دە.

— سىلەر ھازىرغىچە تارادا تۇرۇۋېتىپسىلەر، بىز پەقەتلا ئۇقماپتۇق، — دېدى ئاغىچا خېنىم گەپكە قىستۇرۇلۇپ، — نېمىشقا ئاتقا مىنىپ شۇ تەرەپلەرگە بېرىپ كەلمىگەندىمەن، دەپ ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلارمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى، نېگىرلار بولمىغاندىكىن ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەي قالدۇق. بىز تېخى تارانىمۇ باشقا يەرلەرگە ئوخشاش كۆيۈپ كەتكەن بولسا، سىلەرنى ماكونغا قېچىپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپتۇق. سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئىكەنلىكىڭىز ئۇخلىساق چۈشىمىزگىمۇ كىرمەپتۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئوخارا ئەپەندىنىڭ قۇللىرى بۇياققا قېچىپ كەپتىكەن، قورقۇپ كۆزلىرى چەقچىيىپ كېتەيلا دەپتۇ، تاراغا شىمالىلىقلار ئوت قويۇۋەتتى، دېيىشتى. شۇلارنىڭ گېپى بىلەن ئاشۇنداق ئويلاپ قاپتۇق، — دېدى موماي گەپ ئارىلاپ.

ساللىمۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سىلەر تەرەپتە ئوت ...

— مەنمۇ شۇ گەپنى دەپ بېرەي دەپ تۇراتتىم، گېپىمنى ئارىلىمىغىنا، — دېدى موماي دەررۇ گەپنى تارتىۋېلىپ، — ئۇلار، شىمالىلىقلار تارانىڭ ھەممە يېرىگە چېدىرلارنى تىكىۋەتتى، غوجايىنلار ماكونغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دېيىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنى كېچىدە تارا تەرەپتە ئوتنىڭ

يورۇقىنى كۆردۇق، بىرنەچچە سائەتكىچە يورۇق يوقالمىدى. ئۇنى كۆرۈپلا بىزنىڭ ئەخمەق نىگىرلار بىرسى قالماي قېچىپ كەتتى. كۆيگەن نەرسە ژادى نېمىكەن؟

— بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئون بەش تۈمەن ئامېرىكا دوللىرىغا يارايدىغان پاختىسى، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

— ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپ ئۆي كۆيۈپ كەتمەپتۇ، — دېدى موماي. ئۇ ئېڭىكىنى قولىدىكى ھاسىسىغا قويۇپ ئولتۇراتتى، — سىلەرنىڭ پاختاڭلار ھەممە ئادەمنىڭكىدىن جىق ئىدى، ئامبارغا لىق كېلەتتى. سىزدىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، پاختىنى سىلەر ئۆزۈڭلار تېرىۋاتامسىلەر؟

— ياق، — دېدى سىكارلېت جاۋاب بېرىپ، — نۇرغۇن كېۋەزلىك ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. قالغان پاختا ئۈچ تاي چىقمايدۇ، دەريا ياقىسىدىكى يىراق بىر كېۋەزلىكتە. ئۇ يەرگە بېرىپ پاختا تەرسەك گۇلۇڭ كۆتۈرەمدۇ دەيسىز؟ نىگىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپ، پاختا تېرىيدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغان گەپ.

— ۋاي خۇدايىم، نىگىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىپ پاختا تېرىيدىغان بىرمۇ ئادەم قالماپتۇ، دەڭ، — موماي ئۇنى دوراپ ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ژاڭلىق قىلىۋاتقاندەك نەزەردە قاراپ قويدى، — خانقىز، بۇ بىر جۈپ چېۋەر قوللىرىڭىز بىلەن ئىككى سىڭلىڭىزنىڭ قوللىرىغا بىرەر دەرد كەلمىگەندۇ؟

— مەن؟ مەن پاختا تېرىيمەنمۇ؟ — خۇددى بۇ موماي ئۇنىڭغا بىرەر يامان ئىشنى ئۆگىتىۋاتقاندەك، سىكارلېت ھەيران بولۇپ ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى، — ئېتىزدا ئىشلەيدىغان قۇللارغا ئوخشاشمۇ؟ نامرات ئاق تەنلىكلەردەكمۇ؟ سىلاتتېرىينىڭ خوتۇنىدەكمۇ؟

— بۇ گېپىڭىز بولمىدى. ئۇ ئادەملەرمۇ مېھرىبان، ئالىيجاناب ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ سىزگە ئېيتسام، خانقىز، قىز

ۋاقىتىمدا دادامىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولۇپ كەتكەن، مەن ياۋاشلىق بىلەن ئىككى قولۇمغا تايىنىپ، تاكى دادام پۇل توپلاپ قۇل سېتىۋالغۇچە ئېتىزنىڭمۇ، ئۆينىڭمۇ ھەممە ئىشلىرىنى قىلغان. كېۋەزلەرنى ئوتايتتىم، پاختا تېرىيتتىم. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا ئۇ ئىشلارنى ھازىرمۇ قىلىمەن، ھەم قىلالايدىغاندەكمۇ تۇرىمەن.

— ئاپا، — دېدى ئۇنىڭ كېلىنى ئىككى قىزغا، ماڭا يۇردەم بېرىڭلار، موماينى تىنچلاندۇرايلى دېگەندەك مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — ئۇ دېگەن ئۆتمۈشتىكى ئىشلار، ھازىر ئوخشىمايدۇ، ھازىر دەۋر ئۆزگەردى.

— ئەمگەك قىلىشقا كەلگەندە ھەرقانداق دەۋردە ئوخشاش، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، — موماي توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، — سىكارلېت، مەن ھازىر سىزنىڭ ئاپىڭىزنىڭ ئورنىدا سىزدىن نومۇس قىلىپ كېتىۋاتىمەن. خۇددى ئەمگەك قىلغان ئاق تەنلىكلەر ئالىيجانابلارنىڭ قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىدىغاندەك گەپ قىلىسىزا. ئادەمئاتام بىلەن ھاۋا ئانامۇ تېرىقچىلىق قىلغان، بوز توقۇغان ...

سىكارلېت بۇ گەپنى يىتتۇرۇش ئۈچۈن دەرھاللا:

— تارلىتونلار بىلەن كالۋېرتلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىمۇ كۆيۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇلار ماكونغا قېچىپ بېرىۋالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شىماللىقلار تارلېتونلارنىڭ ئۆيىگىمۇ بارمىدى، ئۇلارنىڭ ئۆيىمۇ بىزنىڭكىدەك يولدىن خېلىلا ئىچكىرىدە، ئەمما شىماللىقلار كالۋېرت ئائىلىسىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرى بىلەن ئۆي قۇشلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. قۇللىرى شىماللىقلار بىلەن بىللە كېتىپتۇ، — دېدى ساللى.

گەپنىڭ ئاخىرىنى موماي داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلار ئۇ جالاپلارغا تاۋار - دۇردۇن، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك بېرىمىز، دەپتىكەن ... ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى شۇ

بولدى. كاسلىن، ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەخمەق نېگىرلارنى ئاتلىرىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ كېتىشتى، دېدى. ئۇلارنىڭ ئىگە بولىدىغىنى ئارغۇن باللار شۇ. مېنىڭچە، شىماللىقلارنىڭ قېنى بۇ قارا زەڭگىلەرنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

— ئاپا!

— نېمانچە قورقۇپ كېتىسەن، قىزىم؟ ھەممىمىز ئەرگە تەگكەن ئاياللارغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارغۇن باللارنى كۆرمىگەنمۇ ئەمەس.

— ئۇلار نېمىشقا كالۋېرتلارنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋەتمەپتۇ؟

— كىچىك كالۋېرت خانىم بىلەن ئۇلارنىڭ شىماللىق نازارەتچىسى مىلتۇن قاتتىق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتىكەن. كۆيدۈرمەپتۇ، — دېدى موماي. ئۇ كالۋېرت خانىمنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە يىگىرمە يىل بولغان بولسىمۇ ئۇنى ھازىرمۇ كىچىك كالۋېرت خانىم دەپ ئاتايتتى.

— كاسلىننىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئىككىسى «بىز قوشما ئىشتاتلارغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلار» دەپ قەسەم ئىچىپ تۇرۇۋاپتىمىش، — موماي ئۇلارنى دوراپ ئۇ گەپنى غەلىتە ئاۋازدا دېدى، — ئۇلار يەنە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شىماللىق، كالۋېرت ئەپەندىنى ۋېلدىرنېستا، رايفوردنى گېتتىس قەلئەسىدە، كادېنى ۋىرگىنىيەدە ئورۇشتا ئۆلگەن، دېيىشىپتۇ. كاسلىن ئاڭلاپ نومۇس قىلىپ، ئۇنداق دېگۈچە ئۆينى كۆيدۈرۈۋەتسە مەيلى ئەمەسمۇ، دەپتۇدەك. شىماللىق خوتۇنغا ئۆيلەنگەننىڭ سازايى شۇ، ئۇلاردا غۇرۇر، نومۇس دېگەن نەرسە بولمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ جېنىنىلا ئويلىشىدۇ... ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆيلەرنى نېمىشقا كۆيدۈرمىدى، سكارلېت؟

سكارلېت بۇ گەپكە سەل تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى. ئۇ بۇ مومايىنىڭ ئۆزىدىنمۇ: «سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر قانداق؟ ئاپىڭىزچۇ؟» دەپ سورايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئولتۇرغانىدى.

ئۇلارغا ئايىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېسە بولمايدۇ. ئۇ گەپنى دېسە، بۇ ھېسسىياتچان ئاياللارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋېتىشى مۇمكىن، يىغلىسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بىرىمۇ بىرەر قېتىم ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلاپ باققىنى يوق. ئەگەر ھازىر يىغلىۋېتىدىغان بولسا، ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان جاسارىتى سۇنىدۇ، بۇنى ئۇ بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ يەنە بۇ دوستانە چىرايلارغا قاراپ قويۇپ، ئايىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇلاردىن يوشۇرسا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغانلىقىنىمۇ ئويلىدى. موماي ئېلىلىنىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھېچقانداق ئايال ئۇنىڭ ماختىشىغا ئېلىلىنىدەك سازاۋەر بولۇپ باقمىغانىدى.

— قېنى سۆزلەڭ، — دېدى موماي ئۇنى ئالدىرىتىپ. كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى، — كەلسەم، ئۆيۈڭلاردىكى ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز يوق ئەمەستۇ، خانقىز؟

— مەن بۇ يەرگە جەڭ ئاخىرلاشقان كۈنى كەلگەن، — دېدى سكارلېت دەررۇ جاۋاب بېرىپ، — شىماللىقلار كېتىپ بوپتىكەن. دادام... ماڭا شىماللىقلار ئۆيىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتمىدى، دېدى، ئۇ چاغدا كاررىن بىلەن سۇئېلىلېن كېزىك بوپلۇ قالغانىكەن، كېسىلى ئېغىر بولۇپ مىدىرلىيالمايدىكەن.

— مەن شىماللىقلارنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى موماي خۇددى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ياخشى گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇ ئىككى قىز ھازىر قانداق؟

— ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، لېكىن تېنى يەنىلا ئاجىز، — سكارلېت، موماي ئېلىلىنىنىڭ گېپىنى سورىغۇچە گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى، — مەن... مەن سىلەرنى يەيدىغانغا ئازراق بىر نەرسە بېرىپ تۇرامدىكىن دەپ كېلىۋىدىم. شىماللىقلار خۇددى چېكەتكىگە ئوخشاش ئۆيدىكى نەرسىلەرنى

يەپ قورۇتۇۋېتىپتۇ، سىلەردىمۇ يېمەكلىك قىس بولسا خىجىل بولمىساڭلارمۇ بولىدۇ.

— پوركىنى هارۋا بىلەن ئەۋەتىڭ، گۈرۈچ، قوناق ئۇن، توخۇ، گۆش دېگەندەك نەرسىلەردىن بېرەيلى، ئېلىپ كەتسۇن، — دېدى موماي. ئارقىدىنلا سىكارلېتقا مىختەك قادالدى.

— ۋاي، بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، مەن خىجىل...

— ئۇ گېپىڭىزنى قويۇڭ! ئۇنداق گەپلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇنچىلىك نەرسىنى بىر - بىرىمىزدىن ئايىساق قانداق قوشنا بولۇپ ئۆتىمىز؟

— نېمىدېگەن ئوبدان سىز، مەن قانداقمۇ... ئەمدى مەن ماڭاي، ئۆيدىكىلەر مەندىن ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

موماي ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ سىكارلېتنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

— سىلەر ئىككىڭلار ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — ئۇ ساللى بىلەن كېلىنگە بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزى سىكارلېتنى ئارقا تەرەپتىكى كارىدورغا ئېلىپ ماڭدى، — مېنىڭ بۇ قىزغا دەيدىغان گېپىم بار. سىكارلېت، مېنى پەلەمپەيدىن يۆلەپ چۈشۈڭ.

ساللى بىلەن ئاغىچا خېنىم پات ئارىدا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلار تەرەپكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ سىكارلېت بىلەن خوشلاشتى. ئۇلار مومايىنىڭ سىكارلېتقا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەي هەيران قېلىشتى، موماي ئۆزى دېمىسە ئۇلارنىڭ بىلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ موماي دائىم مۇشۇنداق غەلىتە ئىشلارنى قىلىدۇ، دېدى ئاغىچا خېنىم غۇدۇراپ. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىڭنە ئىشلىرى بىلەن بولدى.

سىكارلېت مومايىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— هازىر، — موماي سىكارلېتنىڭ چىرايىغا قاراپ جىددىي تۇردە سورىدى، — تارانىڭ ئەهۋالى زادى قانداق؟ مەندىن يەنە نېمىلەرنى يوشۇردىڭىز؟

ئۇلارغا ئاپىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېسە بولمايدۇ. ئۇ گەپنى دېسە، بۇ ھېسسىياتچان ئايالّلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋېتىشى مۇمكىن، يىغلىسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بېرىمۇ بىرەر قېتىم ئىچ - ئىچىدىن يىغلاپ باققىنى يوق. ئەگەر ھازىر يىغلىۋېتىدىغان بولسا، ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان جاسارىتى سۇنىدۇ، بۇنى ئۇ بىلىدۇ. لېكىن، ئۇ يەنە بۇ دوستانە چىرايلارغا قاراپ قويۇپ، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇلاردىن يوشۇرسا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغانلىقىنىمۇ ئويلىدى. موماي ئېلىپىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ھېچقانداق ئايال ئۇنىڭ ماختىشىغا ئېلىپىدەك سازاۋەر بولۇپ باقمىغانىدى.

— قېنى سۆزلەڭ، — دېدى موماي ئۇنى ئالدىرىتىپ. كۆزلىرى ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇراتتى، — كەلسەم، ئۆيۈڭلاردىكى ئىشلاردىن خەۋىرىڭىز يوق ئەمەستۇ، خانقىز؟

— مەن بۇ يەرگە جەڭ ئاخىرلاشقان كۈنى كەلگەن، — دېدى سكارلېت دەررۇ جاۋاب بېرىپ، — شىماللىقلار كېتىپ بوپتىكەن. دادام... ماڭا شىماللىقلار ئۆيىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتمىدى، دېدى، ئۇ چاغدا كاررىن بىلەن سۇئېللېن كېزىك بوپلۇ قالغانىكەن، كېسىلى ئېغىر بولۇپ مىدىرلىيالمايدىكەن.

— مەن شىماللىقلارنىڭ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى موماي خۇددى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ياخشى گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇ ئىككى قىز ھازىر قانداق؟

— ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، لېكىن تېخى يەنىلا ئاجىز، — سكارلېت، موماي ئېلىپىنىڭ گېپىنى سورىغۇچە گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى، — مەن... مەن سىلەرنى يەيدىغانغا ئازراق بىر نەرسە بېرىپ تۇرامدىكىن دەپ كېلىۋىدىم. شىماللىقلار خۇددى چېكەتكىگە ئوخشاش ئۆيدىكى نەرسىلەرنى

يەپ قۇرۇتۇۋېتىپتۇ، سىلەردىمۇ يېمەكلىك قىس بولسا خىجىل بولمىساڭلارمۇ بولىدۇ.

— پوركنى هارۋا بىلەن ئەۋەتىڭ، گۇرۇچ، قوناق ئۇن، توخۇ، گۆش دېگەندەك نەرسىلەردىن بېرەيلى، ئېلىپ كەتسۇن، — دېدى موماي. ئارقىدىنلا سىكارلېتقا مىختەك قادالدى.

— ۋاي، بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، مەن خىجىل...

— ئۇ گېپىڭىزنى قويۇڭ! ئۇنداق گەپلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئۇنچىلىك نەرسىنى بىر - بىرىمىزدىن ئايىساق قانداق قوشنا بولۇپ ئۆتىمىز؟

— نېمىدېگەن ئوبدان سىز، مەن قانداقمۇ... ئەمدى مەن ماڭاي، ئۆيدىكىلەر مەندىن ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

موماي ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ سىكارلېتنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

— سىلەر ئىككىڭلار ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — ئۇ ساللى بىلەن كېلىنىگە بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزى سىكارلېتنى ئارقا تەرەپتىكى كارىدورغا ئېلىپ ماڭدى، — مېنىڭ بۇ قىزغا دەيدىغان گېپىم بار. سىكارلېت، مېنى پەلەمپەيدىن يۆلەپ چۈشۈڭ.

ساللى بىلەن ئاغىچا خېنىم پات ئارىدا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇلار تەرەپكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ سىكارلېت بىلەن خوشلاشتى. ئۇلار مومايىنىڭ سىكارلېتقا نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەي هەيران قېلىشتى، موماي ئۆزى دېمىسە ئۇلارنىڭ بىلىشى مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ موماي دائىم مۇشۇنداق غەلىتە ئىشلارنى قىلىدۇ، دېدى ئاغىچا خېنىم غودۇراپ. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىڭنە ئىشلىرى بىلەن بولدى.

سىكارلېت مومايىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— هازىر، — موماي سىكارلېتنىڭ چىرايىغا قاراپ جىددىي تۇردە سورىدى، — تاراناڭ ئەهۋالى زادى قانداق؟ مەندىن يەنە نېمىلەرنى يوشۇرۇدىڭىز؟

سىكارلېت بېشىنى كۆتۈرۈپ مومايىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە قارىدى ۋە كۆز يېشىنى يۇتۇپ تۇرۇپ، مومايغا ھەقىقىي ئەھۋالنى دېسە بولىدىغانلىقىنى بىلدى. چۈنكى، فونتائىن مومايىنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ روھىستىنى ئالماي تۇرۇپ يىغلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ئاپام ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرغان قول بىردىنلا چىڭىپ، سىكارلېتنىڭ بىلىكى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مومايىنىڭ سېرىق ۋە چۆرىسىنى قورۇق باسقان كۆزلىرى ئىتتىكلەپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇنى شىماللىق ئالۋاستىلار ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ؟

— كېزىك بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. مەن قايتىپ كېلىشتىن بىر كۈن ئاۋۋال ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— بولدى، ئۇنى كۆپ ئويلاپ كەتمەڭ، — دېدى موماي جىددىي ئاھاڭدا. سىكارلېت ئۇنىڭمۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، — دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— دادام... دادام نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قاپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. ئۇ ئاغرىپ قاپتىمۇ؟

— ئۇ ئىشلار نېرۋىسىغا تەسىر قىلىپ... غەلىتىلا بولۇپ قاپتۇ، ئېسىنى تازا...

— نېرۋىسىدىن ئادىشىپتۇ دېگەن گەپنى قىلماڭ، سىز ھەرقاچان نېرۋىسى سەل جايىدا ئەمەس دېمەكچىمۇ دەيمەن؟

دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى بۇنداق چۈشەندۈرۈش سىكارلېتنىڭ كۆڭلىگە خېلى خوپ تەسەللى بولدى ۋە بىردىنلا ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدى. بۇ موماي نېمىدېگەن ياخشى، ئىچ ئاغرىتىپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىدىغان ئىشنى قىلمايدىكەن.

— شۇنداق، — دېدى سىكارلېت چوڭقۇر خىيال بىلەن، —

نىرۋىسى سەل جايىدا ئەمەس. خاراموش يۈرۈۋاتىدۇ، ئاپامنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىمۇ تازا ئېسىمدە يوق. ئۇنىڭ ئاپامنى ساقلاپ ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسام يۈرىكىم لازا سەپكەندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ. بۇرۇن كىچىك بالىدەك ئالدىراڭغۇ ئىدى. ئاپامنىڭ راستلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىغان بولسا هالى تېخىمۇ خارابلىششى مۇمكىن، ئۇ ئىشىك ئالدىدا ئاپامنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. بەزىدە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، پۈتلىرىنى سۆرىگەن پېتى قەبرىستانلىققا كېتىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن كۆزلىرىدە ياش قايتىپ كېلىپ: «كاتىئىي سىكارلېت، ئوخارا خانىم ئۆلۈپ كەتتى. سىنىڭ ئاپاڭ ئۆلۈپ كەتتى» دەپ، خۇددى مەن تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك قايتا ـ قايتا دەۋېرىدۇ. بۇ گەپنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەچكە بەزىدە بىزار بولۇپ ۋارقىرىۋەتكۈم كېلىدۇ. بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىلەردە ئۇنىڭ ئاپامنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاپامنى بىر نېگىرنىڭ كېسىلىنى كۆرگىلى كەتتى، دەپ قويىمەن. ئاپامنىڭ كېسەللەرگە قارايمەن دەپ كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيگە كەلمەيدىغان چاغلىرى كۆپ بولاتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادام تىنچلىداپ كېتىدۇ. دادامنى كارىۋىتىغا ئاران ياتقۇزۇپ قويىمەن. هازىر كىچىك بالىنىڭ ئۆزىلا. فونتائىن دوختۇر بولغان بولسا دادامغا چوقۇم بىر چارە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېلانىيەنىمۇ دوختۇرغا كۆرسەتمىسەم بولمايدۇ. يەڭگىگەندىن بېرى زادىلا ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئەسلىدە...

— مېلانىيە... يەڭگىدىمۇ؟ ئۇ سىلەر بىلەن بىللىمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇ نېمىشقا سىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ؟ ماكونديكى هاممىسى بىلەن تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا تۇرسا بولمامدۇ؟ مەن سىزنى ئۇ قىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلىمايمەن، خانقىز، چارلېسنىڭ سىڭلىسى بولسىمۇ، بۇ ئىشلار تۇغرۇلۇق سۆزلەپ

بىقىڭغا.

— سۆزلىسەم گەپ ئۇزۇن، خانىم، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق قانداق؟

— ئۆزە تۇرسامىمۇ بولىۋېرىدۇ، — دېدى موماي ئاددىيلا قىلىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە خەقنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىسىڭىز. گەپ ئۇلغىيىپ كېتىپ، كېيىن ئۆزىڭىز پۇشايمان يەپ قالىسىز. قېنى، سۆزلەۋېرىڭ.

سىكارلېت شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنغان، مېلانىيەنىڭ بويىدا قالغان چاغدىن باشلاپ سۆزلەشكە باشلىدى. دەسلەپتە گەپلىرى تاققا ـ تۇققا بولدى، كېيىن مومايىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ دىققەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇشى بىلەن تەمتىرەشلىرىمۇ يوقاپ، راۋان، رىتىملىق سۆزلىدى. بالا تۇغۇلغان كۈنى تارتقان ئازابلىرى، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىلەر، رېت باتلېرنىڭ ئۆزلىرىنى يېرىم يولدا تاشلاپ كەتكەنلىكى، ئاشۇ كۈنى كېچىدىكى دۈشمەننىڭمۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭمۇ، پەرق قىلغىلى بولمايدىغان گۈلخانلار، ئەتىسى ئەتىگەندە كۆرگەن ۋەيرانچىلىقلار، يول بويلىرىدا يېتىپ كەتكەن ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى، ئاچلىق ۋە تارامۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتكەنمىدۇ دېگەن ئەندىشىلەر، ئىشقىلىپ، ھېچنېمىنى قالدۇرماي سۆزلىدى.

— ئۇ چاغدا مەن ئاپامنىڭ قېشىغا بېرىۋالسىلا قالغان ئىشلارنى ئۇ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، زىممەمدىكى بارلىق يۈكتىن خالاس بولىمەن دەپ ئويلىغان، يولدا كېلىۋېتىپ دۇنيادىكى ھەممە قورقۇنچلۇق ئىشلار مېنىڭلا بېشىمغا كەلگەندەك بولۇپ كەتكەنىدىم. ئۆيگە كېلىپ ئاپامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ھەقىقىي قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ نېمىلىكىنى شۇ چاغدا بىلدىم.

سىكارلېت سۆزلەپ بولۇپ، مومايىنىڭ ئىنكاسىنى كۈتكەندەك يەرگە قاراپ جىمجىت تۇرۇپ كەتتى. خېلىغىچە مومايدىن جاۋاب

بولمىدى. كېيىن ئۇ، موماي مېنىڭ ھازىرقى پاجىئەلىك ھالىتىمنى چۈشەنمىدىمۇ، قانداق؟ دەپ ئويلاپ قالدى. بىر چاغدا موماي گەپكە ئېغىز ئاچتى. ئاۋازى شۇنچىلىك مۇلايىم بولۇپ، سىكارلېت بۇ كەمگىچە ھېچقانداق ئادەمنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەپ باققانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— قىزىم، ئايال كىشى ئۈچۈن، ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان ئىشتىنمۇ ئۆتە يامان ئىشقا ئۇچراش ئىنتايىن بەختسىزلىك. چۈنكى، ئۇ ئاشۇنداق يامان ئىشلارغا تاقابىل تۇرغاندىن كېيىن، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بىراق، يەنە ئايال كىشى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ ، بۇ بولمىغىنى. سىز مېنى بېشىڭىزدىن ئۆتكەن ئۇ ئىشلارنى تازا چۈشەنمىدى دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمىكىن؟ ياق، مەن چۈشەندىم، مەن سىزنىڭ يېشىڭىزدىكى ۋاقتىمدا كىرىك ئىندىيانلىرىنىڭ توپىلىڭىغا دۇچ كەلگەن. ئۇ دەل مىمىس قەلئەسى قىرغىنچىلىقىدىن[1] كېيىن بولغان ئىش ئىدى، — ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ ئىشلارغىمۇ ئەللىك يىل بولدى. مەن چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدىم. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۆينى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئىنىم بىلەن سىڭلىمنىڭ بېشىنىڭ تېرىسىنى شىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياتاتتىم، مىدىر - سىدىر قىلالمايتتىم. ئۇلار ئاپامنى سۆرەپ چىقىپ، مەن ياتقان يەرگە يىگىرمە قەدەم كېلىدىغان يەرگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭمۇ بېشىنىڭ تېرىسىنى شىلدى. مەن ئاپامنىڭ ئەڭ ئامراق بالىسى ئىدىم، لېكىن ئامالىم يوق چىداپ ياتاتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە يېقىن يەردىكى بىزنىڭ ئادەملەر تۇرىدىغان يەرگە قاراپ ماڭدىم. ئوتتۇز ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بۇ يولنى ئۈچ كۈن مېڭىپتىمەن. ئۇ يەرگە بارغۇچە نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىم.

---

① 1813 - يىلى 30 - سېنتەبىردە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئىندىيانلار مىمىس قەلئەسىدىكى بەش يۈز ئەللىك ئۈچ نەپەر ئاق تەنلىكنى قىرىپ تاشلىغان.

بارغاندىن كېيىن ئۇلار مېنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دېيىشتى ... فونتائىن بىلەن شۇ يەردە تونۇشتۇم. ئۇ ماڭا غەمخورلۇق قىلدى ... ھىم، شۇنداق، ئۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا ئەللىك يىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھېچقانداق ئىش ۋە ھېچقانداق ئادەمدىن قورقۇپ باقمىدىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئىشلارنى كۆرۈپ باققان. ئەمما، بۇ خىل قورقماسلىق ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ، مېنى نۇرغۇن بەختتىن مەھرۇم قىلدى. خۇدا بىز ئاياللارنى قورقۇنچاق، جۈرئەتسىز قىلىپ ياراتقان، شۇڭا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئاياللار ئادەمنىڭ كۆزىگە نورمالسىزدەك كۆرۈنىدۇ ... سكارلېت، شۇڭا سىزمۇ ئۆزىڭىز ئۈچۈن مەلۇم بىر قىممەتلىك نەرسىنى ساقلىغاندەك، قورقىدىغانغىمۇ ئازراق بىر نېمىنى ئۆزىڭىزدە ئېلىپ قېلىڭ ...

ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئەسلەۋاتقاندەك ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ كەتتى. سكارلېت تاقەتسىزلىنىپ جايىدا تۇرالماي قېلىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇ مومايىنى، دېگەنلىرىمنى تولۇق چۈشىنىدۇ ھەم مەن ئۇچراۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمغا يول كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇ ھەممە قېرىلارغا ئوخشاش، سكارلېت تېخى تۇغۇلمىغان چاغلاردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ كەتتى. بۇنداق گەپلەرنى كىممۇ قىزىقىپ ئاڭلايدۇ؟ سكارلېت ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشلارنى بۇ مومايغا سۆزلەپ بەرگىنىگە پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

— بولدى، كەتكىن، قىزىم، ئۇلار ئەنسىرەپ قالمىسۇن، — دېدى ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا، — پورك چۈشتىن كېيىن ھارۋىنى ھەيدەپ كەلسۇن ... ئۆزۈڭنى ھەممىدىن ئازاد بولدۇم دەپ ئويلىما ... ئازاد بولالمايسەن، بۇنى مەن بىلىمەن.

شۇ يىلى كۈزنىڭ ھاۋاسى 11 ـ ئايغىچە شۇنداق ياخشى

بولدى. بۇ ھاۋا تارالىقلارغا بەكمۇ ياقتى. يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھازىر ئېتى بار، سىرتلارغا چىقسا پىيادە ماڭمايدۇ. ناشتىلىقىغا تۇخۇم، كەچلىكىگە گۆش يېيەلەيدىغان بولدى. ھەر ۋاخلىقىغا ياڭيۇ، ئالما قېقى، خاسىڭلا يەيدىغان چاغلار توگىدى. ھەتتا بىر قېتىم بايرامدا ئۇلار توخۇ گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپمۇ يېيىشتى. ھېلىقى مىكىجىن ئاخىر تېپىلىپ كۆچۈكلىرى بىلەن بىللە قوتانغا سولاندى. بەزىدە ئۇلارنىڭ چىرقىراشلىرىنىڭ دەستىدە يېقىنىدىكى ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى، ئەمما بۇ ئاۋازلار قۇلاققا ياقاتتى. دېمەك، ھاۋا سوۋۇپ چوشقا سويغۇدەك پەسىل بولغاندا بۇ ئۆيدىكى ھەممە ئادەم چوشقا گۆشى يېيەلەيتتى.

سىكارلېت فونتائىنلارنىڭكىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن روھىي جەھەتتە خېلى جانلىنىپ قالدى. ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى بىلەن دوست - ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆز تۇرارلىرىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ، تاراغا يېڭى كەلگەن چاغلاردىكى ئازابلىنىشلىرى ۋە مىسكىنلىكلىرى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتتى. فونتائىنلار بىلەن تارلېتونلارنىڭ قورۇقلىرى قوشۇن ماڭمىدىغان يولدىن يىراق بولغاچقا ئامان قالغانىدى. ئۇلار مەردلىك قىلىپ، ئۆزلىرىدە بار نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى سىكارلېتقا بېرىشتى. بۇ ناھىيەنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، قوشنىلار بىر - بىرىگە ياردەم قوللىرىنى سۇنۇشاتتى، شۇڭا ئۇلار، بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن كەلسە سىلەرمۇ شۇنداق قىلىسىلەر، دېيىشىپ، سىكارلېتتىن بىر تىيىن پۇل ئالمىدى، پەقەتلا كۆڭلىڭىز ئۇنىمىسا، كېلەر يىلى تارانىڭ ھوسۇلى ياخشى بولۇپ قالسا قايتۇرۇپ بېرەرسىز، دېيىشتى.

سىكارلېتلاردا ھازىر يەيدىغان تاماق، بىر ئات، يەنە ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنىڭ يانچۇقلىرىدىن چىققان پۇل بىلەن ئۈنچە - مەرۋايىتلار بار ئىدى. ھازىر ئۇلارغا بەكرەك لازىم بولۇۋاتقىنى كىيىم ئىدى. ھازىر پوركنى ئات بىلەن جەنۇب تەرەپكە ئەۋەتسە،

شىماللىق ياكى جەنۇبلۇق بولامدۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ئېتىنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ئەۋەتىپ باقسا ئۇلارمۇ ئۇنى تۇتۇۋالماس. قىسقىسى، ئەڭ يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندى.

سىكارلېت ھەر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاۋانىڭ ئوچۇقلۇقىنى، ئىللىقلىقىنى كۆرۈپلا خۇداغا مىڭ مەرتەم رەھمەت ئېيتاتتى. چۈنكى، ياخشى ھاۋا سوغۇق چۈشۈپ كېتىشىنى بىر كۈن بولسىمۇ كېچىكتۈرەتتى. سوغۇق چۈشۈپ كەتسە قىشلىق كىيىملەرنى كىيىمىسە بولمايدۇ ـ دە. ھازىر ھەر كۈنى دېگۈدەك قۇللارنىڭ ئۆيلىرىگە يېڭى تېرىپ كېلىنگەن پاختىلار كىرىپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇ ئۆيلەر ھازىر ئامبار ئورنىدا ئىشلىنىۋاتاتتى. ئېتىزلىقتىكى پاختا سىكارلېت بىلەن پوركنىڭ پەرەز قىلغىنىدىن جىق چىقىپ تەخمىنەن تۆت تايغا يەتتى.

فونتائىن موماي خېلى تەگكۈزۈپ تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، سكارلېتنىڭ ئېتىزلىققا بېرىپ پاختا تەرگۈسى كەلمىدى. ئوخارا ئائىلىسىنىڭ خانقىزىنى، تارا قورۇقىنىڭ غوجايىنىنى ئېتىزلىققا بېرىپ ئەمگەك قىل دېيىش ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. شۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پاخما باش سىلاتتېرىي خانىم بىلەن قىزى ئېممىدىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟ ئەسلىدە ئۇ نېگىرلارنى ئېتىزنىڭ ئىشىنى قىلىشقا، سىڭىللىرىنى ئۆينىڭ ئىشلىرىغا سالماقچى بولغانىدى، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن دەرىجە كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. پورك، نېگىر ئانا، پىرىسسىي ئۈچى ئېتىزلىققا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا، بىز دېگەن ئېتىزنىڭ ئەمەس، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئادەملەر، دېيىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. بولۇپمۇ نېگىر ئانا، مەن دېگەن ھويلىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ قىلمايتتىم. قۇللارنىڭ كەپىسىدە ئەمەس، روبىللارد ئائىلىسىنىڭ چوڭ قورۇسىدا تۇغۇلدۇم، قېرى خانىمنىڭ

ھۆجرىسىدا چوڭ بولدۇم، كەچلىرى خانىمىنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئايىغىدا مامۇق يوتقانلاردا ئۇخلىغان ئادەم مەن، دەپ نارازىلىقىنى غەزەپ بىلەن ئاشكارىلىدى. پەقەت دىلسىپىلا زۇۋان سۈرمەي، پىرىسسىيغا ئاچچىقى بىلەن ئالىيىپ قويۇپ جىمجىت تۇردى.

سىكارلېت ئۇلارنىڭ نارازىلىقلىرىغا پىسەنت قىلماي ھەممىسىنى ئېتىزلىققا ھەيدىدى. بىراق، پورك بىلەن نېگىر ئانىنىڭ غودۇراشلىرى، نارازىلىقى توختىماي، ئاخىر نېگىر ئانىنى ئاشخانىدا تاماق ئېتىشكە، پوركنى ئورمانغا بېرىپ ياۋا توشقان، تولۇمچاشقان ئوۋلاپ كېلىشكە، بېلىق تۇتۇشقا قويدى. پاختا تېرىشقا قويسا پوركنىڭ سۈپىتىگە سەل توغرا كەلمەيدىغاندەكمۇ قىلاتتى، ئوۋچىلىق بۇ باشقا گەپ ئىدى.

ئارقىدىنلا سىكارلېت ئىككى سىڭلىسىنى، مېلانىيەنى كېۋەزلىكتە پاختا تېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋىدى، نەتىجىسى ئوخشاشلا ياخشى بولمىدى. مېلانىيە پاختىنى تېز ھەم پاكىز تەردى، سىرتتا ئاپتاپ يەپ يۈرىدىغان بولغىنىغا خۇشال بولدى. لېكىن، بىر سائەتتىن كېيىن تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. سۇئېللېنمۇ خاپا ئىدى، يىغلاپلا يۈرۈپ، ئاخىر ئۇمۇ يالغاندىن ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ يېتىۋالدى. سىكارلېت بىر قاپاق سوغۇق سۇنى بېشىدىن قۇيۇۋىدى، شۇئان ھوشىغا كېلىپ تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ توۋلاپ كەتتى، كېيىن جاھىللىق قىلىپ كېۋەزلىككە بارمايلا قويدى.

— مەن نېگىرلارغا ئوخشاش ئېتىزنىڭ ئىشلىرىنى قىلمايمەن. سەن مېنى مەجبۇرلىما، دوستلىرىم ئاڭلاپ قالسا نېمە دەيمەن؟ كېننېدى ئەپەندى بىلىپ قالسىچۇ؟ ھىم. ئەگەر ئاپام...

— سەن ئاپامنى يەنە تىلغا ئالىدىغان بولساڭ، سۇئېللېن ئوخارا، ئۇرۇپ يانچىۋېتىمەن، — توۋلاپ كەتتى سىكارلېت، — ئىشقا كەلگەندە بىزدىكى ھەرقانداق نېگىرمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيتتى،

بۇنى سىلى بىلمەملا، تاۋى نازۇك خېنىم؟

— ئۇنداق ئەمەس. ئاپام ئېتىمىزنىڭ ئىشلىرىنى قىلمايتتى. مېنى ئىشقا مەجبۇرلاشقا ھەققىڭ يوق. دادامغا بېرىپ دەيمەن، ئۇ ماڭا ئۇنداق ئىشلارنى قىلدۇرمايدۇ.

— سەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈن دادامنى ئاۋارە قىلىپ باققىنا قېنى! — سىكارلېت سىڭلىسىغا بولغان ئاچچىقى ۋە دادامنىڭ دىلى ئاغرىپ قالارمۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن قاتتىق بىئارام بولدى.

— ئاچا، ساڭا مەن ياردەم بېرەي، — دېدى كاررىن مۇلايىم ئاھاڭدا سۆز قىستۇرۇپ، — سۇئېللېن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىر ئۆزۈم قىلىۋېتەلەيمەن، ئۇ تېخى دېگەندەك ياخشى بولۇپ كەتمىدى، ئاپتاپقا قاقلانسا بولمايدۇ.

سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ:

— رەھمەت ساڭا، قوزام، — دېدى. لېكىن، يەنە تېنى ئاجىز سىڭلىسىغا قاراپ غەمگە پېتىپ قالدى. كاررىن تۇغۇلۇشىدىنلا ئاجىز ئىدى، ئىلگىرى ئائىلىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭزىلىرىدە ھازىر ئۇ قىزىللىقلار يوق، ئەمما غەمكىن، ئوماق چىرايىدا گۈلدەك ياخشى خىسلەتلەر جىلۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كېسەلدىن ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كەم سۆز ۋە خىيالچان بولۇپ قالدى، سىكارلېتنىڭ شۆپۇك ئېغىز خوتۇنلارغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، توختىماي ئەمگەك قىلىشنىڭ يېڭىچە تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. كاررىنغا ئوخشاش تېنى ئاجىز قىزلارنىڭ بۇ خىل مۇھىتقا كۆنىمىكى قىيىن ئىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئۆزىگە بېرىلگەن ئىشلارنى خۇددى چۈشىدىكى ئىشلاردەك بىلىپ توختىماي قىلاتتى، تېنى ئاجىز بولسىمۇ رايىش ئىدى، گەپ ئاڭلايتتى، باشقىلارغا خۇشال ياردەم بېرەتتى. ئۇ بىر بولسا

سىكارلېتنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىنى قىلاتتى، بىر بولسا تەسۋى سىيرىپ، ئاپىسى بىلەن بويىد تارلېتونىنىڭ روھىغا ئايەت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. سىكارلېت ئۇنى بويىدنىڭ ۋاپاتىغا بۇنچىلىك قايغۇرۇپ كەتمەس دەپ ئويلىغانىدى، چۈنكى ئۇنى تېخى كىچىك، مۇھەببەتنى ھازىرچە تېخى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

سىكارلېت ئامالسىز كېۋەزلىككە بېرىپ پىژ - پىژ ئاپتاپتا پاختا تېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە، چارچاپ بېلىنى ئاللاماي قېلىۋاتاتتى، كېۋەزنىڭ شاخلىرى قوللىرىنى قاپارتىۋەتتى. ئاھ، ئۇنىڭ سۇئېللېننىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن جىسمانىي قۇۋۋىتى، كاررىننىڭ مۇلايىملىقى بىرلەشكەن بىر سىڭلىسى بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! كاررىن ئىشقا ئەستايىدىل ئىدى، بېرىلىپ ئىشلەيتتى، ئەمما بىر سائەتچە ئىشلىگەندىن كېيىنلا، تېخى دېگەندەك ساقىيىپ كەتمىگەنلىكى، بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا لايىق ئەمەسلىكى بىلىنىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن سىكارلېت ئۇنىمۇ ئۆيگە قايتۇرۇۋەتتى.

ھازىر ئۇنىڭغا ياردەملەشكىلى دىلسېي بىلەن پىرىسسىي ئانا - بالا ئىككىسىلا قالغانىدى. پىرىسسىي ھۇرۇن ئىدى، بېلىم ئاغرىپ كەتتى، قورسىقىم ئاغرىۋاتىدۇ، پۇتۇن بەدىنىم سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ۋايساپ تۈزۈك ئىشلىمەيتتى، ئاپىسى كېۋەزنىڭ شېخى بىلەن ساۋاپ قويغاندا ئاندىن تىنچىيتتى.

دىلسېي چارچاش دېگەننى بىلمەي، خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش تىنماي ئىشلەيتتى. سىكارلېتنىڭ پۇت - قوللىرى، بېلى ئاغرىغاندىن سىرت، تېرىپ بولغان پاختىنى تاغارغا سېلىپ كۆتۈرگەندە مۈرىلىرىمۇ قىزىرىپ ئىششىپ كېتەتتى. شۇندىلا ئۇ دىلسېينىڭ ئالتۇندەك ئايال ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى.

— دېلسىي، كېيىن ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەندە، سېنىڭ

مۇشۇنداق تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكلىرىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. سەن نېمىدېگەن ئوبدان ئايال، — دېدى ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ.

سىكارلېت پاختىنى يىغىۋېلىشقا ئادەم تاپالماي، ئۆزى ئىشلەپ جاپا تارتىۋاتقان بولسىمۇ، ئامبارغا كىرىۋاتقان پاختىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ قىزغىنلىقىمۇ ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. پاختا دېگەن ئادەمگە ئىشەنچلىك ۋە مۇقىم بىر خىل تۇيغۇ بېرەتتى. تارا قورۇقى پاختا بىلەن بېيىغانىدى، پۈتۈن جەنۇبمۇ ھەم شۇنداق، سىكارلېت سېپى ئۆزىدىن جەنۇبلۇق، شۇڭا ئۇ جەنۇبنىڭ مۇشۇ قىزىل تۇپراقتا تايىنىپ يەنە باشقىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقالايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئازراق يەردىكى پاختىدىن ئالغان ھاسىلاتى كۆپ ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ پاختا بۇ ئائىلىنىڭ يامىقىغا ئازراق بولسىمۇ دال بولاتتى. ئۇ پاختىنى ئىتتىپاقداش ھۆكۈمەتنىڭ ئازراق پۇلىغا ساتسا، ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنىڭ يېنىدىن تېپىۋالغان قوشما ئىشتاتنىڭ پۇللىرى بىلەن تىللالىرىنى ساقلاپ قويۇپ كېيىن ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ كېلەر يىلى ئەتىيازغىچە ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىپ ھاشارغا ئېلىپ كەتكەن سام بىلەن باشقا نېگىرلارنى بىر ئامال قىلىپ ياندۇرۇپ كېلىشى كېرەك. ئەگەر ھۆكۈمەت ئۇلارنى قويۇۋەتمىسە، شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ پۇلىغا قوشنا كەنتلەردىن ئىجارىگە ئادەم ئېلىپ كەلسىمۇ بولىدۇ. ئەتىيازدا ئۇ بۇ يەرلەرنى يەنە تېرىشى كېرەك... شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، خۇددى كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان ياپيېشىل زىرائەتلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك كەچ كۈزدىكى دالاغا نەزىرىنى تاشلىدى.

ئاھ، كېلەر يىلنىڭ باھارى! شۇنىڭغىچە ئۇرۇشمۇ تۈگەپ ياخشى كۈنلەرمۇ كېلەر، ئىتتىپاقداش ھۆكۈمەت مەيلى يەڭسۇن ياكى يېڭىلسۇن، تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىپمۇ قالار. كېچە —

كۈندۈز ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرۇشتىن قۇتۇلساق، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشمىسا، قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن قورۇقتا تايىنىپ تىنچ - خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. ئۇرۇش توختىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ئۇ چاغدا كىشىلەر تېرىقچىلىقىنى باشلاپ، يەرلىرىدىن ئۆزلىرى كۈتكەندەك ھوسۇل ئالالايتتى.

ھازىر ئۇنىڭدىن ئۈمىد بار، ئۇرۇش مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ. سىكارلېتنىڭ ھازىر ئازراق پاختىسى، بىر ئېتى، يەيدىغان نەرسىلىرى، ئازراق پۇلى بار. شۇنداق، ئەڭ يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈنى چۈشتە ئۇلار ئۈستەلدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۆيدە قالغان ئاخىرقى پېچىنىلەرنى يېيىشتى. بۇ پېچىنىلەرنى نېگىرئانا قوناق ئۇنى بىلەن قوناقتىن چىقارغان تاڭشىرنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرغانىدى، تالا خېلىلا سوغۇق ئىدى. پورك سىكارلېت ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ كەينىدە قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ، كەيپى چاغ سورىدى:

— چوشقا ئۆلتۈرىدىغان پەسىل بولغاندۇ، سىكارلېت خانقىز؟

— قازانغا گۆش سېلىپ يېيىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى سىكارلېت كۈلۈپ قويۇپ، — بولىدۇ، مېنىڭمۇ گۆش يېگۈم كېلىۋاتىدۇ. ھاۋا بىرنەچچە كۈنگىچە مۇشۇنداقلا بولسا سويساقمۇ...

شۇ ئارىلىقتا مىلانىيە ئاغزىدا قوشۇق، گەپ قىستۇردى:

— قۇلاق سېلىڭچۇ، سۆيۈملۈكۈم، بىرسى كەلگەندەك قىلىدۇ.

— بىرسى تووۋلاۋاتىدۇ، — دېدى پوركمۇ سەل ئەنسىرەپ.

كۆزىنىڭ سالقىن شامىلى ئاتنىڭ ئېنىق تۇياق ئاۋازىنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، يۈرەكنىڭ جىددىي سوقۇشىغا ئوخشايدىغان بۇ ئاۋاز بىلەن قوشۇلۇپ، بىر ئايال كىشىنىڭ: «سىكارلېت! سىكارلېت!» دەپ تووۋلاۋاتقىنىمۇ ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئۇستەلدە ئولتۇرغانلار نېمە ئىش بولغاندۇ، دېيىشكەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى، ئاندىن ئورۇندۇقلىرىنى كەينىگە سۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھەممىسى قورقۇپ ئۇنلىرىنى چىقىرالمىغىنى بىلەن، ۋارقىراۋاتقان ئادەمنىڭ ساللى فونتائىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر سائەتنىڭ ئالدىدا ئۇ جونېسبوروغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە بۇ يەرگە كىرىپ بىردەم پاراڭلىشىپ ماڭغانىدى. ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ تالاغا قارىدى. ساللى ئېتىنى جېنىنىڭ بارىچە چاپتۇرۇپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئېتى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىپتۇ، ساللىنىڭمۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان، شلەپىسىنىڭ بوغقۇچى بوينىغا چىگىلگەن، شامالدا ئۇچۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئېتىنى توختاتماي قولى بىلەن ھەدەپ كەينىنى كۆرسىتىپ تىنماي تووۋلايتتى:

— شىماللىق ئالۋاستىلار كەلدى! مەن ئۇلارنى كۆردۈم! مۇشۇ يول بىلەن كېلىۋاتىدۇ! ئۇ ئالۋاستىلار...

ئۇ بىردىنلا يۈگەننى تارتىۋىدى، ئاتنىڭ بېشى ئىتتىك بۇرۇلۇپ پەلەمپەيگە مۇدۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئات ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئۈچ قېتىم ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئارقا ھويلىنىڭ قاشاسىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ، قۇللار ياتىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن مىموساغا قاراپ چېپىپ كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئېتىزلىقلارنىڭ ئىچى بىلەن

ماڭماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.

ئۇلار خۇددى پۈتۈن بەدىنى كۆيۈشۈپ قالغاندەك مىدىر قىلماي تۇرۇپ قېلىشتى. بىر چاغدا كاررىن بىلەن سۇئېللېن بىر - بىرىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ يىغلاشقا باشلىدى، ۋاد يىغلاشقا جۈرئەت قىلالماي تىترەپ تۇراتتى. ئاتالانتادىن ئايرىلغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ قورقۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇ ئىش بۈگۈن ئاخىر يۈز بەردى، شىماللىق ئالۋاستىلار ئۇنى تۇتۇپ كېتىدىغان بولدى - دە.

— شىماللىق ئالۋاستىلار؟ — گېرالد نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېخىچە ئاڭقىرالمايۋاتاتتى، — ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ بولغان ئەمەسمىدى؟

— ۋاي خۇدايىمەي ! — ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىدىغۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قانداق قىلارمەن ! — سىكارلېت ئىختىيارسىز توۋلاپ، مېلانىيەنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاتالانتادىن ئايرىلغان ئەڭ ئاخىرقى كېچىدىكى مۇدھىش كۆرۈنۈشلەر، يولدا كەلگۈچە كۆرگەن خارابىلىكلەر، ئاياغ ئاستى قىلىنىشلار قايتا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ يەنە ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنى قولىدا ئاپىسىنىڭ يىپ - يىڭنە قۇتىسىنى كۆتۈرۈۋالغان قىياپەتتە كۆرگەندەك بولۇپ: «مەن ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، مۇشۇيەردە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، پۈتۈن جاپا - مۇشەققەتلەر ئۆتۈپ كەتتى دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمدى مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى» دەپ ئويلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېگەر توقۇپ باغلاپ قويۇلغان ئاتقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. پورك شۇ ئاتقا مىنىپ تارلېتونغا بىر ئىش بىلەن بارماقچىدى. ئۇ سىكارلېتنىڭ ئېتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئېتى شۇ! شىماللىق ئالۋاستىلار ئۇنى بۇلاپ كېتىدۇ، سىيىر بىلەن موزىيىنىمۇ بۇلاپ كېتىدۇ. مىكىجىن بىلەن ئۇنىڭ كۈچۈكلىرىمۇ بار. ئۇ مىكىجىن بىلەن كۈچۈكلىرىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئەجرى كەتتى - ھە ! ئۇلار يەنە

فونتائىنلار بەرگەن خوراز بىلەن تۇخۇم تۇغۇۋاتقان مېكىيانىنمۇ، ئاۋۇ ئۆردەكلەرنىمۇ ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئىشكاپتىكى ئالمىلار، ياڭيۇلار، ئۈن، گۈرۈچ، پۇرچاقلار، شىماللىق ھېلىقى ئەسكەردىن ئېلىنۇالغان پۇللارمۇ بار تېخى، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كېتىپ ئۇلارنى ئاچتىن ئۆلتۈرمەكچى.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشى ! — سىكارلېت ئىختىيارسىز تووۋلاپ كەتتى. ئەتراپىدا تۇرغانلار ھەيران قېلىپ، بۇ خەۋەر بىلەن تەڭ ئاچچىقىدا يىغلىمىغىيدى، دەپ ئەنسىرىشىپ ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى، — مەن ھەرگىز ئاچ قالمايمەن ! ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسۇن !

— نېمە بولدىڭىز، سىكارلېت؟ نېمە بولدى؟

— ئۇلار ئات، كالا، چوشقىلارنى تارتىۋالماقچى ! بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشى !

ئۇ دەرھال قورقۇپ چىرايلىرى ئاقىرىپ كېتىۋاتقان تۆت نەپەر نېگىرنىڭ ئالدىغا باردى.

— سىلەر ھازىرلا سازلىققا مېڭىڭلار! — سىكارلېت ئۇلارغا چاقماق تېزلىكىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

— قايسى سازلىققا؟

— دەريا بويىدىكى سازلىققا بولمامدۇ، دۆتلەر! چوشقىلارنى شۇ يەرگە ھەيدەپ كېتىڭلار! پورك، پىرىسسىي ئىككىڭلار يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈپ قېرى چوشقىنى ھەدەپ چىقىڭلار. كاررىن بىلەن سۇئېلىلېن ئىككىڭلار ئىككى سېۋەتكە يەيدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۇڭلارچە قاچىلاپ ئورمانغا كىرىپ كېتىڭلار. نېگىرئانا، سەن كۈمۈش قاچا - قۇچىلارنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكىن. پورك ! ھاڭۋېقىپ تۇرمىساڭچۇ!

گېپىمنى ئاڭلا، سەن دادامنى ئېلىپ بۇ يەردىن كەت! نەگە بېرىشىڭنى مەندىن سورىما ! نەگىلا بارساڭ بولىۋېرىدۇ. دادا، سىز پورك بىلەن بىللە مېڭىڭ. ئوبدان دادام سىز.

سىكارلېت جىددىيچىلىكتە ساراڭدەك بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، دادىسىنىڭ كۆل رەڭ چاپانلىق ئەسكەرلەرنى كۆرسە چېچىلىپ تۇرۇۋاتقان نېرۋىسىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىغانىدى. سىكارلېت قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ ئويغا پاتتى. ئېسەدەپ تۇرۇۋاتقان ۋاد ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— مەن نېمە قىلىمەن، سىكارلېت؟ — مېلانىيەنىڭ ئاۋازى ئەتراپتىكى يىغا - زار ۋە ئوپۇر - توپۇرچىلىكنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تەمكىن ئىدى. چىرايى سېرىق، پۈتۈن ئەزايى تىترەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ تەمكىنلىكىنىڭ ئۆزىلا سىكارلېتنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىشىغا يېتەرلىك ئىدى.

— سىيىر بىلەن ئۇنىڭ موزىيى، — دېدى سىكارلېت شۇئانلا، — بۇرۇن تۇرۇۋاتقان يېرىدە، سىز ئاتنى مىنىپ بېرىپ ئۇلارنى سازلىققا قوغلىۋېتىڭ، ئۇنىڭدىن باشقا...

گەپنىڭ ئاخىرى تۆگىمەيلا، مېلانىيە ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرغان ۋادىنىڭ قولىنى ئاستا ئاجرىتىۋېتىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرگەن پېتى پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئات تەرەپكە ماڭدى. ئاتقا مىنىپ ناھايىتى تېزلا تىزگىنىنى قولىغا ئالدى - دە، پۇتىنىڭ كەينى بىلەن ئاتنىڭ قورسىقىغا بىرنەچچىنى دېۋىتتى، ئات ئەمدىلا ئالدىغا ئېتىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇشتۇمتۇت تىزگىنىنى تارتىپ ئاتنى توختىتىۋالدى.

— ۋاي مېنىڭ بالام، — ئۇ قاتتىق ئالاقزەدە بولۇپ ئىختىيارسىز تۈۋلاپ كەتتى، — ئاھ، بالام، شىماللىق ئالۋاستىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنى ماڭا ئاچىقىپ بېرىڭلار!

ئۇ ئاتتىن چۈشمەكچى بولغانىدى، سىكارلېت زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— سىز كېتىۋېرىڭ! كېتىۋېرىڭ! بالىغا مەن بار. مېڭىڭ دېگەندىكىن مېڭىڭ! كالىنى سازلىققا قوغلىۋېتىڭ! سىز مېنى ئاشلېينىڭ ئوغلىنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟

چاپسان مېڭمەك !

مېلانىيە ئۈممىدسىز هالدا كەينىگە قايرىلىپ ئاتنىڭ قورسىقىغا قاتتىق بىرنى تەپكەندى، ئات ئۈچقاندەك چېپىپ كەتتى.

«مېلانىيە خاملىتونىنىڭ ئات مىنىپ باققانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دەپ ئويلىدى سكارلېت ئىچىدە. ئاندىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ۋاد ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ كەينىدىن قالماي مېڭىپ يۈرەتتى، توختىماي يىغلايتتى. سكارلېت سۆئېللېن بىلەن كارىرىننىڭ سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يەيدىغان نەرسە بار ئىشكاپقا كېتىۋاتقانلىقىنى، پوركنىڭ گېرالدنى يۆلەپ ئارقا هويلىنىڭ كارىدورىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گېرالد غودۇراپ، خۇددى كىچىك بالىدەك ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇياق ـ بۇياققا تولغىناتتى.

ئارقا هويلىدا ئېگىرئاننىڭ ئۇنلۇك توۋلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ هەي، پىرىسسى، يەر ئاستى ئۆيگە چۈشۈپ چوشقىلارنى هەيدەپ چىق ! سەن مېنىڭ سېمىزلىكىمنى، ئۇ يەرگە كىرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتىسەنغۇ. دىلسېي، ئۇ ئەسكى قىزىڭنى...

چوشقىلارنى ئۆينىڭ ئاستىدا بېقىشمۇ ياخشى چارە ئىكەن؟ ـــ سكارلېت هۇجرىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ئويلاپ قالدى، ـــ باشقىلار ئوغرىلاپ كېتەلمەيدىكەن. سازلىقتا بىر يەرنى كولاپ، چوشقىلارغا شۇ يەردىن بىر قوتان سېلىپ بەرسەك بولمامدۇ؟

ئۇ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستىدىكى تارتمىنى ئېچىپ، كىيىملەرنىڭ ئىچىنى بىر هازا ئاختۇرغاندىن كېيىن هېلىقى هەميانىنى تاپتى، ئاندىن يىڭنە ـ يىپ قۇتىسىدىن بىرىليارنت كۆزلۈك ئۈزۈك بىلەن هالقىنى ئېلىپ هەميانغا سالدى. هەميانىنى نەگە يوشۇرۇپ قويسا بولار؟ كارىۋاتنىڭ تەگلىكىنىڭ

ئاستىغىچۇ؟ تۇرخۇنلۇقنىڭ ئەڭ ئۇستىگىچۇ؟ قۇدۇقتا تاشلىۋەتسە قانداق بولار؟ قوينىغا سېلىۋالسىچۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ. ھەميان پومپىيىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنى ئىچىمگە سېلىۋالسام تېخىمۇ پومپىيىپ كېتىدۇ، شىماللىق ئۇ ئالۋاستىلار بىلىپ قالىدىغان بولسا، كىيىملىرىمنى سالدۇرۇپ ئاختۇرۇشى مۇمكىن.

«ئەگەر ئۇلار شۇنداقلا قىلىدىغان بولسا ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى !» غەزەپ بىلەن ئويلىدى سكارلېت.

تۆۋەن تەرەپ ئويۇر ـ توپۇر ئاياغ ئاۋازى ۋە قىيا ـ چىيا بىلەن توشقانىدى. سكارلېت قاتتىق چېچىلىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، مېلانىيەنىڭ ئۆز يېنىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ قالدى، مېلانىيەنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ تەمكىن ئىدى، بولۇپمۇ ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنى ئۆلتۇرۇۋەتكەندە مېلانىيە ئاجايىپ باتۇرلۇق قىلدى. مېلانىيە... مېلانىيە بايا نېمە دېگەن بولغىيدى؟ ھە راست، بوۋىقى !

سكارلېت قولىدا ھەميان، دالاندىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كىچىك بېئو ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، پاكار بۆشۈك كارىۋاتتىن بالىنى قولىغا ئالدى. بالا ئويغانغانىدى، كىچىككىنە مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ياتاتتى.

پەستىن سۇئېللېننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بول، كاررىن ! سېۋەتلەر توشۇپ كەتتى. چاپسان ماڭ، سىڭلىم !

ئارقا ھويلىدا چىرقىراشقان، بىر ـ بىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەشكەن ئاۋازلار توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سكارلېت دېرىزىنىڭ تۆۋىگە بېرىپ، نېگىرئانىنىڭ ئىككى قولتۇقىغا ئىككى چوشقا كۈچۈكىنى قىستۇرۇپ جىنىنىڭ بارىچە كېۋەزلىكتە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پوركنىڭ قولتۇقىدىمۇ چوشقا كۈچۈكىدىن ئىككىسى بار ئىدى. ئالدىدا ماڭغان گېرالدنى پات ـ پات ئىتتىرىپ قوياتتى. گېرالد قولىدا

ھاسىسى، كېۋەزلىكنىڭ چۆنەكلىرىدە مۆدۈرۈپ ـ چۇقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

سكارلېت دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ توۋلىدى.

— دىلسېي، قېرى چوشقىنىمۇ ھەيدەپ مېڭىڭلار، پىرىسسىي تۆۋەنگە چۈشۈپ ئۇنى ھەيدەپ چىقسۇن.

دىلسېي بېشىنى كۆتۈرۈپ خىجىل بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئېتىكىدە بىرمۇنچە كۆمۈش قاچىلار تۇراتتى.

— ئۇ مىكىجىن پىرىسسىينى چىشلىۋاپتۇ. شۇڭا، قوتاننىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋەتتىم، — دېدى ئۇ.

«ئۇمۇ بوپتۇ» ئويلىدى سكارلېت. ئۇ دەررۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ شىماللىق ھېلىقى ئەسكەردىن ئېلىۋالغان ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن بۇلاپكىنى، رەسىم رامكىسىنى، رومكىنى تېپىپ چىقتى، بۇ نەرسىلەرنى نەگە يوشۇرۇش كېرەك؟ بىر قولىدا بوۋاقنى، بىر قولىدا ھەمىيان بىلەن بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋالسا بەكمۇ بىئەپ. ئۇ ئاۋۋال بوۋاقنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

بوۋاق ئۇنىڭ قولىدىن ئايرىلىپلا يىغلىغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا سكارلېتنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كېلىپ قالدى. ھەمياننى بالىنىڭ زاكىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويسا بولمامدۇ؟ سكارلېت دەررۇ بالىنى دۈم ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ زاكىسىنى سۆگۈرۈۋالدى، ئاندىن ھەمياننى زاكىنىڭ دۈمبە تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يېرىگە قويۇپ باشقىدىن زاكىلىدى. بالا قاتتىق يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. سكارلېت ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي پۇتلىرىنى مەھكەم ئورىۋەتتى.

«ئەمدى بولدى، — ئۇ يەڭگىل تىنىپ قويدى، — ئەمدى سازلىققا كەتسەك بولىدۇ.»

سكارلېت بىر قولىدا بوۋاق، بىر قولىدا ئالتۇن ـ كۆمۈشلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقتى. كارىدورغا چىقىپلا تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، قورقۇپ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى. ئۆيلەر ئېمىندىگەن جىمجىت، ئادەمنىڭ

قورققۇسى كەلگۈدەك جىمجىت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ ئۇنىڭ ئۆزىلا قالدىمۇ؟ ھېچكىم ئۇنى ساقلاپ تۇرمىغاندىمۇ؟ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە يالغۇز ئايال نېمە ئىشلارغا ئۇچرىمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شىماللىق ئالۋاستىلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ...

سىكارلېت ئاجىز بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئۇنتۇلۇپ قالغان ئوغلىنىڭ پەلەمپەينىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ چۆچەكتەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولاتتى، ئەمما ئاۋازى تىترەپ گېپى سىرتقا چىقمايتتى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ۋاد خامىلتون، — دېدى ئۇ شۇئان ئۇنىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، — ئاپاڭ سېنى كۆتۈرۈپ ماڭالمايدۇ، ئۆزۈڭ ماڭ!

ۋاد قورقۇپ كەتكەن ھايۋان باللىسىدەك ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا كەلدى - دە، ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، بېشىنى كۆڭلىكىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالدى. سىكارلېت ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ پۇتىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى، لېكىن ۋاد سۆرىلىۋېلىپ ئىتتىك ماڭالمىدى.

— مېنى قويۇۋەت، ۋاد! — ۋارقىرىدى سىكارلېت، — مېنى قويۇۋېتىپ ئۆزۈڭ ماڭ! — لېكىن، بالا ئۇنى قويۇۋەتمەكتە يوق، تېخىمۇ مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

سىكارلېت ناھايىتى تەستە پەسكە چۈشتى. چۈشۈپلا، خۇددى بۇ يەردىكى ئۆزىگە تونۇشلۇق ھەممە نەرسە ئۆزىگە قاراپ: «خەير - خوش! خەير - خوش!» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئۇ، ئېللېن بۇرۇن تىرىشىپ خىزمەت قىلغان جاي ئىدى، ئۇ يەردىكى كونا ئۈستەلنىڭ بىر بۇرجىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تەرەپتە تاماقخانا تۇرۇپتۇ، ئۈستەل ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلار قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ، يەردە ئېللېن ئۆزى توقۇغان پالاس سېلىقلىق

تۇرىدۇ. مومىسى روبىللاردىنىڭ سۈرىتى تامدا ئېسىقلىق، مەيدىسى يېرىم ئوچۇق، چاچلىرىنى ئېگىز قىلىپ تۈگۈۋالغان، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپى چوڭقۇر قورۇق، چىرايىدا تەكەببۇرانە كۈلكە ئويناپ تۇرۇپتۇ، بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ سىكارلېتنىڭ خاتىرىسىگە مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. ئەمدى بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا قاراپ: «خەير ـ خوش! خەير ـ خوش، سىكارلېت ئوخارا!» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك ئىدى.

«شىماللىق ئالۋاستىلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ!»

سىكارلېتنىڭ بۇ ئۆينى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى، بۇنىڭدىن كېيىن سازلىقتا ياكى ئورمانلىقتا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس ـ تۈتەك ۋە ئۆگزىلىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتقىنىدىن باشقا ھېچنېمىنى كۆرەلمەيدۇ.

«مەن سەندىن ئايرىلالمايمەن، — سىكارلېت قورقۇپ تىترىگەن پېتى ئىچىدە ئىندا قىلاتتى، — مەن سەندىن ئايرىلالمايمەن. داداممۇ ئۇلارغا، بۇ ئۆينى مەن بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار، دەپتىكەن، ئۇ ئالۋاستىلار مېنىمۇ قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن، چۈنكى مەنمۇ سەندىن ئايرىلالمايمەن. سەن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۈلكۈم.»

شۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورقۇنچى سەل بېسىلغاندەك قىلدى. ئەمما، ئۈمىد بىلەن قورقۇنچ مەيدىسىدە چىگىلىپ تۇرۇۋالغاندەك بىر خىل بىئاراملىق بار ئىدى. شۇ ئارىلىقتا چوڭ يول تەرەپتىن ئاتلارنىڭ قالايمىقان تۇياق ئاۋازلىرى، قىلىچلارنىڭ ئۆتۈكلەرگە تېگىپ تۇرغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي: «ئاتتىن چۈشۈڭلار!» دېگەن قوپال كوماندا ئاۋازى كەلدى. سىكارلېت ئېگىلىشىپ بالىسىنىڭ قۇلىقىغا جىددىي، ئەمما مۇلايىم پىچىرلىدى:

— مېنى قويۇۋەت، ۋاد، قوزام. پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ

ئارقا هويلىغا چىق، ئاندىن سازلىق تەرەپكە قاراپ يۈگۈر،
نېگىر ئاناڭ بىلەن مىلانىيە چوڭ ئاپاڭ شۇ يەردە. چاپسان بول،
سۆيۈملۈكۈم، قورقما!

ۋاد ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ
ئۇنىڭغا قارىدى. سكارلېت ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قودۇققا چۈشۈپ
كەتكەن توشقاننىڭ كۆزلىرىدەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ
قورقۇپ كەتتى.

«ئاھ، خۇدا! — سكارلېت ئىچىدە خۇداغا تېۋىنىدى، — ئۇنى
ھەرگىز نېرۋىسىدىن ئاداشتۇرۇپ قويمىغىن. ئۇ شىماللىق
ئالۋاستىلارنىڭ ئالدىدا ھەرگىز، ھەرگىز ئۇنداق بولۇپ
قالمىسۇن. ئۇلار بىزنىڭ قورقۇۋاتقىنىمىزنى ھەرگىز
بىلمىسۇن.» لېكىن، بالا ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى پەقەتلا قويۇپ
بەرمىدى، ئەكسىچە تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالدى.

— چوڭ بالىلاردەك بول، ۋاد، ئۇلار قورققۇچىلىكى يوق
ئادەملەر.

سكارلېت پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

شىرماننىڭ قوشۇنى ئاتلانتا ئارقىلىق جورجىيەنى
ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، دېڭىز ياقىسىدىكى جايلارغا قاراپ
يۈرۈش قىلغانىدى. كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئاتلانتا شەھىرى
كەينىدە قالغانىدى. ئۇلار چىقىپ كېتىدىغان چاغدا بۇ شەھەرنى
كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچ يۈز ئىنگلىز مىلى
كېلىدىغان زېمىن يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ جايلاردا ئاز ساندىكى
يەرلىك خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن پىدائىيلارنىڭ قارشىلىقىدىن
باشقا ھېچقانداق قارشىلىق يوق ئىدى.

كەڭرى كەتكەن بۇ زېمىندا نۇرغۇنلىغان قورۇقلار بار بولۇپ،
ئۇ قورۇقلاردا ھازىر ئاياللار، بالىلار، قېرى بوۋاي - مومايلار ۋە
نېگىرلار قالغانىدى. شىماللىقلار سەكسەن ئىنگلىز مىلى
كەڭلىكتىكى يەرلەرنى بۇلاپ - تالاپ، كۆيدۈرۈپ مېڭىپ،
مىسلىسىز ۋەھىمە پەيدا قىلىۋەتتى. مىڭلىغان تۇرالغۇ ئۆيلەر

كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى، مىڭلىغان ئائىلىلەر دەپسەندە قىلىندى. ئەمما، كۆك كىيىملىك ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېتىۋاتقان سىكارلېت ئۈچۈن، بۇ پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئەمەس، يالغۇز ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازا، ئۆزگىچە قىلىنىۋاتقان زوراۋانلىق ئىدى.

سىكارلېت پەلەمپەينىڭ ئالدىدا تۇردى، قولىدا بوۋاق بار ئىدى. ۋاد ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىپ تۇراتتى. شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئۈستى - توپۇرلىرىغا، ئۆي جاھازلىرىنى ئۆرۈپ، قىممەت باھالىق بىر نەرسىلەر بارمىكىن دەپ مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرىنى ئورۇندۇق - كىرىسلولارغا سانجىۋاتقانلىقىغا قاراشتىن قورقۇپ، بېشىنى ئاپىسىنىڭ كۆڭلىكى بىلەن مەھكەم پۈركىۋالغانىدى. ئۇلار ئۈستىدىكى ھۇجرىلاردىكى مامۇق ياستۇق - كۆرپىلەرنى سۆكۈپ، پۈتۈن ئۆينى پەيگە توشتۇرۇۋەتتى. سىكارلېتنىڭ ئۈستىبېشى پەي بىلەن ئاپپاق بولۇپ كەتتى، ئەمما ئۇ مىدىرلىمايتتى، ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا قاراپ تۇراتتى، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ تۇرغان غەزەپ - نەپرىتى پۈتكۈل قورقۇنچلىرىنى بېسىپ چۈشكەنىدى.

بۇ ئىشلارغا ئىچ مايماق بىر سېرژانت قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ئاق چاچ، ئاغزىدا تاماكا چىشلىۋالغان ئۇ ئادەم بىرىنچى بولۇپ سىكارلېتنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، يەرگە ۋە سىكارلېتنىڭ كۆڭلىكىگە ھېچنېمە كۆرمىگەندەك تۈكۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن:

— قولىڭىزدىكى نەرسىنى ماڭا بېرىڭ، خانىم، — دېدى.

سىكارلېت يوشۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ، ھازىرغىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن بۇلاپكىنى سۈرەتتىكى مومىسى روبىللارد خانىمنىڭ سوغۇق كۆلكىسىگە ئوخشايدىغان كۆلكە بىلەن يەرگە تاشلاپ بەردى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىلەرگە ئاچ بۆرىدەك ئېتىلغىنىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان بىر كۆرۈنۈشتە

قاراپ تۇردى.

— سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قولىڭىزدىكى ئۈزۈك بىلەن قۇلىقىڭىزدىكى ھالقىڭىزنىمۇ چىقىرىپ بەرسىڭىز.

سىكارلېت بوۋاقنى قولتۇقىدا قىسىپ تۇرۇپ قۇلىقىدىكى ئانارگۇل شەكلىدە ياسالغان ھالقىسىنى — بۇ، دادىسىنىڭ ئاپىسىغا قىلغان توي سوۋغىتى ئىدى — چارلېس تويدا قىلغان كۆك ياقۇتلۇق ئۈزۈكنى چىقاردى. بالا قاتتىق بېسىلىپ كەتكەچكە قىرقىراپ يىغلاپ كەتتى.

— يەرگە تاشلىماي قولۇمغا بېرىڭ، — دېدى ئۇ سېرژانت ئىككى قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ ئىپلاسلار خېلى نەرسىگە ئېرىشتى، يەنە نېمىڭىز بار؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى سىكارلېتنىڭ كۆكسىگە مىختەك قادالدى.

سىكارلېت ھوشىدىن كېتەي دەپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، قوپال بىر قول ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن كىرىپ لىپتىكىنى مىجىپ بېقىۋاتاتتى.

— ھەممە نەرسە شۇ يەردە، سىلەرنىڭ ئادىتىڭلار بويىچە كىيىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ بېرەيمۇ؟

— بولدى. سىزگە ئىشەندىم، — دېدى سېرژانت ياخشى كۆڭلى بىلەن، ئاندىن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپ نېرى كەتتى.

سىكارلېت بوۋاقنى تىنچىتىش ئۈچۈن يۆگىكىنى باشقىدىن ئورىدى، ئاندىن ھەميان بار يەرنى تۇتۇپ باقتى. خۇداغا شۈكۈر، ھېلىمۇ مېلانىيەنىڭ بوۋىقى، بوۋىقىنىڭ زاكىسى بولۇپ قاپتىكەن.

ئۈستىدىكى ئۆيلەرنى قوپال ئۆتۈكلەرنىڭ گۈسۈرلەشلىرى، جاھازلارنىڭ سۆرىگەندە خۇددى قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك چىقىۋاتقان ئاۋازلىرى، قاچا ـ قۇچىلارنىڭ، ئەينەكلەرنىڭ سۇنۇۋاتقان جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ ھېچنەرسە

تاپالماي سەت تىللاشلىرى بىر ئالغاندى. هويلىدىمۇ: «بېشىنى چېپىپ تاشلا! قاچۇرۇپ قويما!» دەپ ۋارقىراشلار، ئارقىدىن توخۇ - ئۆردەكلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت، پاڭ قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا دەھشەتلىك چىرقىرىغان بىر ئاۋاز كەلدى. سىكارلېتنىڭ پۇتۇن بەدىنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇلار مېكىجىننى ئېتىۋەتكەندى. هۇ ئۆلگۇر پىرىسسىي، چوشقا بىلەن كارى بولماي ئۆزىنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى قارا ئۇنىڭ! هېلىمۇ ياخشى كۈچۈكلىرى ئامان قالدى، خۇدايىم، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سازلىققا سالامەت يېتىپ بېرىۋالغاي!

سىكارلېت دالان ئۆيدە ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىنى، ئويۇر - تويۇرچىلىكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ۋاد قاتتىق قورقۇپ، ئاپىسىنىڭ كۆڭلىكىنى چىڭ تۇتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سىكارلېت سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا مەدەت بېرىدىغانغا ئۆزىدىمۇ قۇدرەت يوق ئىدى، شىماللىق ئالۋاستىلارغىمۇ يالۋۇرۇش، قارشىلىق بىلدۇرۇش، غەزەپلىنىشكە ئوخشاش سۆز بىلەن ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ خۇداغا رەھمەت ئېيتىدىغان بىرلا يېرى، ئىككى پۇتىدا هېلىمۇ جان بار، گەۋدىسىنى كۆتىرىپ تۇرۇۋاتاتتى، بېشىمۇ خېلى غادىيىپ تۇراتتى، ئۈچ - تۆت ئەسكەر ئۈستىدىن خىلمۇخىل نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چۈشىۋاتقاندا، بىرسىنىڭ قولىدىكى چارلېسنىڭ قىلىچىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي توۋلاپ كەتتى.

ئۇ چارلېسنىڭ قىلىچى بوۋىسىدىن تارتىپ مىراس بولۇپ كېلىپ، هازىر ۋادنىڭ بولۇپ قالغان، سىكارلېت ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە قىلىچنى ۋادقا بەرگەنىدى. شۇ چاغدا مېلانىيە تەسىرلىنىپ كېتىپ يىغلىغان ھەم پەخىرلەنگەن ۋادنى سۆيۈپ تۇرۇپ، چوڭ بولغاندا بوۋىسى بىلەن دادىسىغا ئوخشاش باتۇر بولۇشنى تىلىگەن، ۋادمۇ ئۇ قىلىچتىن پەخىرلەنگەندەك

بولغانىدى. پات ـ پات تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچنى سىلاپ قوياتتى. سىكارلېت ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى دۈشمەنلىرى ياكى ناتونۇش ئادەم ئېلىپ كەتسە چىدىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئوغلىنىڭ بۇ قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمىغا چىدىماي قالدى. ۋاد ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپ قارىدى ۋە قورقماي، يىغلاپ تۇرۇپ بىر قولىنى قىلىچ تەرەپكە ئۇزارتتى:

— ئۇ مېنىڭ!

— ئۇ قىلىچنى ئېلىپ كەتسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى سىكارلېتمۇ ئىتتىككىلا قولىنى سوزۇپ.

— بولمايدۇ؟ ھىم! — قىلىچنى ئېلىۋالغان دوغىلاق ئەسكەر نومۇس قىلماي كۈلۈپ قويدى، — مەن ئەكەتسەم بولمامدۇ؟ بۇ دېگەن ئىسيانچىلارنىڭ قىلىچى.

— ئۇنداق ئەمەس... ئۇنداق ئەمەس! بۇ مېكسىكا ئۇرۇشى ۋاقتىدىكى قىلىچ، ئەكەتسىڭىز بولمايدۇ. مېنىڭ بالامنىڭ قىلىچى. بوۋىسىدىن قالغان. باشلىق! — سىكارلېت بايىقى سېرژانتقا قاراپ ئۆتۈنۈپ توۋلىدى، — ئۇنىڭغا ئېيتسىڭىز، قىلىچنى قايتۇرۇپ بەرسە.

سېرژانت، باشلىق دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ھىجايغان پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بوب، قىلىچنى ماڭا بەرگىن، كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئۇ.

ئۇ ئەسكەر قىلىچنى خالار ـ خالىماي ئۇنىڭغا بەردى.

— بۇ قىلىچنىڭ دەستىسى پۈتۈنلەي ئالتۇندىن قىلىنغانىكەن، — دېدى ئۇ.

سېرژانت قىلىچنى قولىغا ئېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈپ قاراپ باقتى، ئاندىن ئاپتاپقا تۇتۇپ، دەستىسىدىكى: «كاپىتان ۋىلليام خامىلتوننىڭ جەڭدىكى باتۇرلۇقى ئۈچۈن ئىنئام قىلىندى. 1847 ـ يىل، بۇئېناۋىستا» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇدى.

— خانىم، مەنمۇ شۇ چاغلاردا بۇئېناۋىستادا ئىدىم.

— راستمۇ؟ — دەپ قويدى سىكارلېت سوغۇقلا.
— راست بولمايچۇ؟ ئۇ يەردىكى جەڭ بەكمۇ شىددەتلىك بولغان. كېيىن مەن ئۇنداق جەڭلەرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم. بۇ گەپچە، بۇ قىلىچ بۇ بالىنىڭ بوۋىسىنىڭ ئوخشىمامدۇ؟
— شۇنداق.
— ياخشى، قىلىچ ئۇنىڭ ئۆزىدە قېلىپ قالسۇن، — دېدى سېرژانت. ئۇ قول ياغلىقىغا ئورىۋالغان ئالتۇن بۇيۇملار بىلەن قانائەت تېپىپ قالغاندەك قىلاتتى.
— بىراق، ئۇنىڭ دەستىسى ئالتۇن ئىكەن، — دېدى پاكار ئەسكەر تازا رازى بولماي.
— بۇنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كېتەيلى. كېيىن بىزنى ئۇنتۇمايدىغان بولىدۇ، — دېدى سېرژانت ھىجىيىپ قويۇپ.
سىكارلېت قىلىچنى قولىغا ئېلىپ بىر ئېغىز رەھمەتمۇ ئېيتىپ قويمىدى، ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بەرگىنى ئۈچۈن نېمىشقا ئۇ قاراقچىلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ؟ ئۇ قىلىچنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. پاكار ئەسكەر تېخىچە سېرژانت بىلەن تاكاللىشىۋاتاتتى.
— خۇدا تۇرۇپتۇ. مەن بۇ توپىلاڭچىلارغا شۇنداق بىر نەرسە قالدۇرۇپ كېتەيكى، مېنى مەڭگۇ ئېسىدىن چىقارمايدىغان بولسۇن، — دېدى ئۇ ئەسكەر ئاخىر ئامال قىلالماي غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ. سېرژانتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنى بۇ يەردىن قوغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغزىدىن ئەپسانە گەپلەرنى ياغدۇرغان پېتى ئارقا هويلا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، سىكارلېت شۇندىلا يېنىك تىندى. ھېچقايسىسى ئۆيىنى كۆيدۈرىدىغانلىقىنىڭ گېپىنى قىلمىدى، ئۇنى ئۆيدىن چىق دەپمۇ قوغلىمىدى. بەلكى... بەلكى... ئەسكەرلەر ئاستا ـ ئاستا يۇقىرىدىن ھەم سىرتتىن پەستىكى كارىدورغا يىغىلىشقا باشلىدى.
— نېمە تاپتىڭلار؟ — سېرژانت ئۇلاردىن سورىدى.
— بىر چوشقا، ئازراق توخۇ ـ ئۆردەك.

— ئازراق قوناق ئۇنى، ياڭيۇ، پۇرچاقمۇ بار. بىزگە ئۇچرىغان ھېلىقى ئاتلىق ئالۋاستى خوتۇن چوقۇم بۇلارغا خەۋەر قىلىۋەتكەن گەپ.

— پائۇل رېۋېر، قانداق قىلىمىز؟

— بۇ يەردىن بىر نېمە چىقمىغۇدەك، سېرژانت. پارچە - پۇرات نەرسىلەرگە ئىگە بولدىڭىز، بولدى. بۇ يەردىن چاپسانراق كېتەيلى، بولمىسا ئەتراپتىكىلەر بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى بىلىپ كېتىدۇ.

— گۆش ئىسلايدىغان گەمىلەرنىڭ ئىچىنى كولاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇلار نەرسىلىرىنى شۇنداق يەرلەرگە تىقىپ قويىدۇ.

— بۇ يەردە ئۇنداق گەمە يوق ئىكەن.

— نېگىرلار تۇرىدىغان ئۆيلەرنى كولاپ باقتىڭلارمۇ؟

— ئۇ يەردە پاختىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن. پاختىنى كۆيدۈرۈۋەتتۇق.

سكارلېت بىردىنلا پاختا تەرگەن چاغلاردىكى تومۇز ئىسسىقنى ئېسىگە ئېلىپ، پۇت - قوللىرى سىرقىراپ ئاغرىپ كەتكەن، مۈرىلىرىنى تاغار يالاپ قىزارتىۋەتكەن قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەرنى يەنە كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەمگىكى بىكارغا كەتكەنىدى.

— راستىنى ئېيتسام، سىلەرنىڭ ئۆيدە تۈزۈك بىر نەرسە يوق ئىكەن، خانىم، شۇنداقمۇ؟

— سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلار بۇرۇنمۇ بىر كەلگەن، — دېدى سكارلېت سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ.

— ھە. توغرا، بىز 9 - ئايلاردا بۇ يەرلەرگە بىر قېتىم كەلگەن، — دېدى بىر ئەسكەر قولىدا بىر نەرسىنى ئويناپ تۇرۇپ، — ئۇنتۇپ قاپتۇق.

سكارلېت ئۇ ئەسكەرنىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئالتۇن ئويمىقى ئىكەنلىكىنى كۆردى، ئۇ پارقىراپ تۇرىدىغان بۇ

ئويماقنى دائىم ئاپىسىنىڭ قولىدا كۆرۈپ يۈرگەچكە، بىردىنلا ئۇنىڭ ئويماق سېلىنىۋالىدىغان نازۇك بارماقلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئەمدى ھازىر بۇ ئويماق ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ پاسكىنا ئالىقىنىدا تۇرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ شىماللىق بىرەر خوتۇننىڭ قولىغا چىقىدۇ، ئۇ خوتۇن تېخى بۇلاپ كەلگەن بۇ ئويماق بىلەن ماختىنىپمۇ يۈرىدۇ. ئاھ، ئېللېننىڭ ئالتۇن ئويمىقى.

سكارلېت كۆزلىرىدىكى ياشنى دۈشمەنگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالدى، ياش بوۋاقنىڭ بېشىغا تامچىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۇ ئادەملەرنىڭ دەرۋازا تەرەپكە ماڭغانلىقىنى غۇۋا كۆردى، سېرژانتنىڭ قوپال ئاۋازدا ئەسكەرلىرىگە كوماندا بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلار كەتتى، تارا ئامان قالدى. لېكىن، ئاپىسىنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرۇۋاتقاچقا سكارلېت خۇشال بولمىدى. قىلىچلارنىڭ شاراق - شۇرۇقلىرى، ئات تۇياقلىرىنىڭ تاراسلاشلىرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلەلمىدى، ئەكسىچە پۇتلىرىدا جان قالماي بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا بۇرنىغا كۆيۈك پۇرىغاندەك بولۇپ پاختا ئېسىگە كەلدى، بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇۋىدى، پۇتىدا ماغدۇر يوق ماڭالماي قالدى. تاماقخانىنىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ باقتى. نېگىرلارنىڭ ئۆيىدە ئىس تۈتەپ تۇراتتى. پاختا شۇ ئۆيلەردە ئىدى. باجغا تۆلەيدىغان، بىر ئائىلىلىك ئادەمنىڭ قىشلىق ئوزۇقى، كىيىم - كېچەكلىرىگە ئىشلىتىدىغان پۈتۈن خىراجەت كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. سكارلېت بۇرۇن پاختىغا ئوت كەتكەن ئىشلارنى كۆرگەن، ھەرقانچە كۆپ ئادەم بولسىمۇ ئۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ئۆيلەر بۇ ئۆيلەردىن يىراقتا ئىكەن، بولمىسا تېخىمۇ يامان ئىشلار بولاتتى. يەنە كېلىپ، بۈگۈن شامالمۇ يوق، شامال بولغان بولسا ئوت ئۈچقۇنىنى ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە ئۇچۇرۇپ

كەلمەمتى!

ئۆشتۆمتۆت، ئۇ خۇددى توختاپ قالغان سائەت ئىستىرېلكىسىغا ئوخشاش ئاشخانا تەرەپكە قادىلىپ قېتىپلا قالدى: ئاشخانىنىڭ ئىچىدىن پۇرقىراپ ئىس چىقىۋاتاتتى.

سىكارلېت قولىدىكى بوۋاقنى نەگىدۇر بىر يەرگە قويۇپ، ۋادىنمۇ نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپ ئاشخانىغا قاراپ يۈگۈردى. ئىچىگە كىرىپ، قاتتىق قېقىلىپ كېتىپ ناھايىتى تېزلا يەنە يېنىپ چىقتى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن بۇرنىنى توسۇپ تۇرۇپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۆزىنى ئاشخانىغا ئاتتى.

• ئاشخانىنىڭ ئىچى قاپقارا ئىس ئىدى، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان، پارسىلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ ئاۋازىدىن باشقا سادا ئاڭلانمايتتى. سىكارلېت قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۈرۈپ، قىپقىزىل ئوت يالقۇنلىرىنىڭ ھەدەپ تامغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەسلىدە بىرسى ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان ئوتۇنلارنى پولغا چېچىۋەتكەنىكەن. پولنىڭ قۇرۇق تاختايلىرى تېزلا ئوت ئېلىپ ھەممە يەر تەڭ كۆيۈشكە باشلاپتۇ.

سىكارلېت يۈگۈرۈپ تاماقخانىغا كىرىپ پولدىكى ئەسكى گىلەمنى سۆرەپ چىقتى، گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى ئورۇندۇقلار ئۆرۈلۈپ تاراق - تۇرۇق ئاۋاز ئۆيىنى بىر ئالدى.

«مەن بۇ ئوتنى ھەرگىز ئۆچۈرەلمەيمەن... ئۆچۈرەلمەيمەن ! ئاھ، خۇدا، ماڭا ياردەم بېرىدىغانغا بىر ئادەم ئەۋەتسەڭچۇ ! تارا قورۇقى تۆگىدى... تۆگىدى ! ئاھ، خۇدا ! بۇ ئىشنى چوقۇم ئاشۇ پاكار ئەسكەر قىلدى. ئۇ مېنىڭ ئېسىمدە قالغۇدەك بىر ئىش قىلىدىغانلىقىنى ماڭا دېگەن ئەمەسمۇ ! قىلىچىنى ئېلىپ كەتسىمۇ بوپتىكەن !»

سىكارلېت ۋادىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى قىلىچىنى قۇچاقلىغان پېتى بىر بۇلۇڭدا جىمجىت ياتقانلىقىنى كۆردى. كۆزلىرى يۇمۇلغان، چىرايى سولغۇن، ئەمما

ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىت ئىدى.

«ۋاي، خۇدايىمەي! ئۇ ئۆلۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ! ئۇلار ئۇنى قورقۇتۇپ جىنىنى ئالدى!» سىكارلېت قاتتىق ئازابلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدا توختىماي چېلەككە قاراپ يۈگۈردى. چېلەك ئادەتتە ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇراتتى.

ئۇ گىلەمنىڭ بىر ئۇچىنى چېلەكتىكى سۇغا تىقىپ، ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىندى ـ دە، ئاندىن بار كۈچى بىلەن ئاشخانىنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى، كىرىپ بولۇپ ئىشىكنى يېپىۋەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە يۆتىلىپ، چۈشكۈرۈپ يۈرۈپ گىلەم بىلەن ئوتنى ئۇرۇپ ئۆچۈرۈشكە باشلىدى. ئىككى قېتىم ئېتىكىگە ئوت تۇتىشىپمۇ كەتتى، ئۇ ئوتنى بىر ئامال قىلىپ ئۆچۈرۈۋالغانمۇ بولدى، بىر چاغدا چاچىنىڭ كۆيگەن پۇرىقى بۇرنىغا پۇرىغاندەك بولدى. چۈنكى چاچلىرى چۇۋۇلۇپ دولىسىدا يېيىلىپ تۇراتتى. ئوت ئۇنىڭدىن تېز ئىدى، يىلانغا ئوخشاش تولغىنىپ ئەتراپقا، سىرتقا يېيىلىۋاتاتتى. سىكارلېت چارچاپ ماغدۇرسىزلاندى. پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ، ئوتنى ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك بىردىنلا ئېچىلىپ، ئوت تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئىشىك گۇپ قىلىپ يېپىلدى. سىكارلېت ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدە مېلانىيەنىڭ ئوتنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەۋاتقانلىقىنى، قولىدىكى ئېغىر بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. مېلانىيە يۆتىلەتتى، دەلدۈگىنەتتى. سىكارلېت يەنە ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن، ئەمما قەتئىي چىرايىنى، ئىستا ئاچالماي قىلىۋاتقان كۆزلىرىنى، قولىدىكى پالاسنى ھەر قېتىم كۆتۈرۈپ ئوتقا ئۇرغان چاغدا لىڭشىپ تۇرۇۋاتقان بەدىنىنى كۆردى. يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۇ ئىككىسى نۇرغۇن جاپا، نۇرغۇن كۈچ بىلەن ئوتنى ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈرۈۋالدى. بىر چاغدا مېلانىيە سىكارلېتقا قاراپ قاتتىق بىر چىرقىرىدى ـ دە، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ

دۈمبىسىگە ئۇرۇپ كەتتى، سىكارلېت ئىس - تۈتەكلەرنىڭ ئىچىدە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، ئۆزىنى مېلانىيەنىڭ پۇتىغا بېشىنى قويۇپ ياتقان ھالەتتە كۆردى. ئۇ ئارقا ھويلىدىكى پېشايۋاندا ياتاتتى، ئىللىق قۇياش نۇرى بېشىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئىككى قولى، يۈزى ۋە مۈرىلىرى كۆيگەنىدى. نېگىرلارنىڭ ئۆيى تەرەپتىن تېخىچە ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. سىكارلېت ئاشخانىدىن يەنە ئازراق ئىس چىقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى.

لېكىن، مېلانىيە ئۇنى كۈچەپ بېسىۋېلىپ ئورنىدىن تۇرغۇزمىدى، خاتىرجەم ئاھاڭدا:

— يېتىپ بىردەم ئارام ئېلىڭ، سۆيۈملۈكۈم، ئوت ئۆچۈپ بولدى، — دېدى.

سىكارلېت شۇندىلا خاتىرجەم بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمغان پېتى جىمجىت ياتتى. بىر چاغدا مېلانىيەنىڭ بوۋىقى بىلەن ۋادىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئاھ، خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ھايات ئىكەن! سىكارلېت كۆزىنى ئېچىپلا مېلانىيەنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرى كۆيۈپ، يۈز - كۆزى ئىس - تۈتەكلەر بىلەن قارىداپ مەينەتلىشىپ كېتىپتۇ، ئەمما كۆزلىرىدە شادلىق ئويناپ تۇرۇپتۇ، چىرايىدا غەلىبە كۈلكىسى.

— نېگىرلارغا ئوخشاپ قاپسىز، — دېدى سىكارلېت زەئىپ ئاۋازدا ئۇنىڭغا. ئاندىن بېشىنى ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

— سىز نېگىرلارنىڭ قىزىقچى ئارتىسلىرىنىڭ ئۆزى بوپسىز، — دېدى مېلانىيەمۇ ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا چاقچاق قىلىپ.

— مېنى نېمانچىلا ئۇرۇپ كېتىسىز؟

— دۈمبىڭىزگە ئوت تۇتىشىپ كېتىپتىكەن، سۆيۈملۈكۈم. سىزنى ھوشىدىن كېتىدۇ، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن ... مەن كالا بىلەن ئاتنى سازلىققا ھەيدىۋېتىپ، بالىلار بىلەن سىزدىن

ئەنسىرەپ شۇئان يېنىپ كەلدىم. شىماللىق ئالۋاستىلار سىزگە چېقىلمىغاندۇ؟

— بۇ گېپىڭىز ئاياغ ئاستى قىلىنىشقا قارىتىلغان بولسا، ئۇنداق ئىش بولغىنى يوق، — دېدى سكارلېت ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇۋېتىپ. مېلانىيەنىڭ تېزىغا بېشىنى قويۇپ يېتىش راھەت بولسىمۇ، لېكىن داق يەردە ياتقاچقا سەل بىئارام بولغانىدى، — ئەمما، ئۇلار ھەممە نەرسىمىزنى بۇلاپ كەتتى، ئۆيدە ھېچنېمە قالمىدى. ھوي، نېمىگە شۇنچە خۇشال بولۇۋاتىسىز؟

— بىز بىر - بىرىمىزنى يوقىتىپ قويمىدۇق، بالىلىرىمىزمۇ سالامەت، ئۆيىمىزمۇ مەزمۇت تۇرۇپتۇ، — دېدى مېلانىيە خۇشال ئاھاڭدا، — ھازىر ھەممە ئادەم ئۇچۇن شۇ نەرسىلەر زۆرۈر بولۇپ قالدى ... ۋىيەي، بالا سىيىۋېتىپتۇ! شىماللىق ئالۋاستىلار بالىنىڭ ئالماشتۇرىدىغان زاكىسىنىمۇ بۇلاپ كەتكەندۇ ھەرقاچان. سكارلېت، زاكىنىڭ ئىچىگە نېمە تىقىپ قويغانىدىڭىز؟

مېلانىيە ئىتتىك قولىنى بالىنىڭ دۈمبىسىگە تىقىپ ھەميانىنى تارتىپ چىقتى ۋە ھەميانغا پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغاندەك بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىسى شۇنچىلىك ئەركىن، شۇنچىلىك ئازادە ئىدى، قىلچىلىكمۇ غەيرىيلىك يوق ئىدى.

— ئۇنى بۇ يەرگە تىقىپ قويۇش سىزدىن باشقا ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ! — مېلانىيە ئۇنى بوينىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى، — سىز ھەقىقەتەن مېنىڭ ئەڭ شوخ سىڭلىم!

سكارلېت قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە، مېلانىيە قانداق قىلسا بويسۇنۇپ ئولتۇراتتى. مېلانىيەنىڭ ماختاشلىرى ئۇنىڭغا راھەت ۋە ئىلھام بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. بايىقى ئىس - تۈتەكلەرنىڭ ئىچىدە، سكارلېتنىڭ بۇ قېيىنئاچىسىغا قارىتا ئالاھىدە ھۆرمىتى قوزغالغان، ئۇنى تېخىمۇ ئۈزىگە يېقىن ھېس قىلغانىدى.

«ئۇ نېمە دېسە مەيلى، — دەپ ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە، — چۈنكى، ئۇنىڭغا قانداق چاغدا ھاجىتىڭ چۈشسە ئۇ شۇئان يېنىڭدا ھازىر بولىدۇ.»

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

قىرووۇ چۈشكەندىن باشلاپلا قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى. سوغۇق شامال دېرىزىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆي ئىچىگە غۇرقىراپ كىرىپ تۇراتتى. بوشاپ كەتكەن ئەينەكلەر شامالدا لىڭشىپ قالغانىدى، يالىڭاچلىنىپ كەتكەن دەرەخلەردىكى ئاخىرقى يوپۇرماقلارمۇ چۈشۈپ بولدى، پەقەت قارىغايلارلا يېشىل پېتى تۇرۇۋاتاتتى. ھارۋا يوللىرىنىڭ قىزىل توپىلىرى سوغۇقتا تاشتەك قېتىپ كەتكەنىدى، ئاچلىقمۇ سوغۇق شامال بىلەن بىللە پۈتۈن جورجىيەنى قاتتىق قىينىماقتا ئىدى.

سىكارلېت ئۆتكەندە فونتائىن موماي بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭغا ئىككى ئاي بولغان بولسىمۇ، ئىككى يىل بولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ مومايغا ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئەڭ يامان شارائىتقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتقان، بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى سۆزى ئىدى. ئەمما، ھازىر ئەسلىسە، ئۇ ئۆزىنىڭ خۇددى ئوقۇغۇچى بالىلاردەك نادانلارچە گەپ قىلغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. شېرمانىنىڭ ئادەملىرى ئىككىنچى قېتىم تاراغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ قولىدا يەيدىغان، خەجلەيدىغان بولۇپ ئازراق بايلىقى، ئۆزىدىن تەلەيلىكرەك بىرنەچچە قوشنىسى، قىشتىن سالامەت چىقىۋالغۇدەك پاختىسى بار ئىدى. ھازىر پاختىسى كۆيۈپ تۈگىدى، يەيدىغان نەرسىلىرىنى بۇلاپ كېتىشتى، قولىدا بار پۇلىغىمۇ سېتىۋالىدىغان نەرسە يوق ئىدى. قوشنىلىرىنىڭ

ئۇنىڭ كىمنىڭ كاتىكى ئىكەنلىكىنى سورىمىدى، كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ پوركىننىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ قويىدى. نىگىرلار بەزىدە ئادەمنىڭ بەكمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ئەخمەق ھەم ھۇرۇنلۇقمۇ قىلىپ قويىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ غوجايىنىغا سادىق ئالتۇندەك يۈرىكى بار. ئۇلارنى ھېچنېمىدىن قورقماي غوجايىنلىرى ئۈچۈن يېمەكلىك ئىزدىتىۋاتقىنىمۇ ئاشۇ يۈرەكلىرى ئىدى.

ئىلگىرىكى چاغلار بولسا، پوركىننىڭ بۇ قىلمىشى ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىپ ئۆلگۈدەك قامچا يېيىشى تۇرغان گەپ ئىدى، سىكارلېتمۇ ئۇنى قاتتىق تىللىغان بولاتتى. «سۆيۈملۈكۈم، ئېسىڭدە بولسۇن، — دېگەنىدى ئېللېن بىر قېتىم سىكارلېتقا، — خۇدا ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويۇشقا بەرگەن نىگىرلارغا سەن ماددىي تۇرمۇش ۋە ئەخلاق جەھەتتىن مەسئۇل بولۇشۇڭ كېرەك. چۈشىنىشىڭ كېرەككى، ئۇلار خۇددى كىچىك باللارغا ئوخشاش بەزىدە ئۆزلىرىنى باشقۇرالماي قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا سەن ئۇلارنىڭ يامان يولغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭ ھەم ھەممە ۋاقىت ئۇلارغا ياخشى بىر ئۈلگە بولۇپ بېرىشىڭ كېرەك.»

لېكىن، سىكارلېت ھازىر بۇ نەسىھەتلەرنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلىدى. ھازىر ھال ـ كۈنى ئۆزىدىن ياخشى ئادەملەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشقا كۈشكۈرتۈشنىمۇ ۋىجدانغا خىلاپ ئىش دەپ قىلچە ئويلىمايتتى. ئۇ خىل ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ سىكارلېتنىڭ شۇ تۇرقىدىكى يۈرىكىدە قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ پوركىننىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىمەكتە يوق، ئەكسىچە ئۇنىڭ يارىلىنىپ قالغىنىغا ئىچ ئاغرىتاتتى.

— بەكمۇ ئېھتىياتچان بول، پورك. ماڭا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ. سەندىن ئايرىلىپ قالساق بىز قانداق قىلىمىز؟ سەن ھازىرغىچە بىزگە شۇنچىلىك سادىق بولۇپ كەلدىڭ. كېيىن قولىمىزغا پۇل چۈشكەندە، ساڭا مەن ئۇستىنگە «ئىنجىل»دىكى:

«نۇقسانسىز، ئاق كۆڭۈل ۋە ساداقەتمەن چاكار» دېگەن سۆزە ئويۇلغان سائەتتىن ئېلىپ بېرىمەن.

پورك بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، تېگىپ قويۇلغان پۇتىنى بوش سىلاپ قويدى.

— سكارلېت خانقىز، بۇ گەپنى ناھايىتى ياخشى دېدىڭىز. سىزچە، شۇ پۇللارغا قاچان ئېرىشەرمىز؟

— بىلمەيمەن، پورك، ئەمما بىر كۈنلەردە مەندە شۇنداق پۇللار بولىدۇ، — سكارلېت ئېگىشىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدى. پورك ئۇ كۆزلەردىكى قىزغىنلىق ۋە ئازابنى كۆرۈپ ھاياجاندىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي كەتتى، — بۇ ئۇرۇش ھامان بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. شۇ چاغدا مەندە نۇرغۇن پۇل بار بولىدۇ، ھېچقايسىمىز ئاچ ـ يالىڭاچ قالمايمىز. ھەممىمىز چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىمىز، ھەر كۈنى توخۇ گۆشلىرىنى يەيمىز، يەنە...

سكارلېت گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمىدى، چۈنكى تارا قورۇقىدىكىلەر سكارلېت ئۆزى بېكىتكەن بىر تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى، ئۇ بولسىمۇ: بۇرۇن ياخشى يېگەنلىكلىرىنى ھېچقاتداق ئادەم ئېغىزغا ئالماسلىق، شارائىت بولسا ھازىر قانداق تائاملارنى يەيدىغانلىقلىرىنىمۇ ئېيتماسلىق ئىدى.

پورك سكارلېتنىڭ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاستىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۆتۈپ كەتكەن ئىلگىرىكى يىللاردا ھايات ئاجايىپ مۇرەككەپ ۋە يەشكىلى بولمايدىغان مەسىلىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغلاردا سكارلېت بىر تەرەپتىن ئاشلېينىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان، ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئونلىغان يىگىتنى يېنىدىن زادىلا ئايرىمايتتى، ئۇششاق سەۋەنلىكلىرىنى چوڭلاردىن يوشۇراتتى، كۈنداشلىقى ئېغىرراق قىزلارنى ئەتەي مەسخىرە قىلىپ ئوينايتتى، خىلمۇ خىل پاسونلاردا كۆڭلەكلەرنى كىيەتتى،

چاچلىرىنى ھەرخىل ياساپ باقاتتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ تاپاتتى، ئەمدى ھازىر تۇرمۇش شۇنچىلىك ئاددىي. ئەڭ مۇھىمى، قورساق تويدۇرۇش، مۇزلاپ قالماسلىق ئۈچۈن قانداقلا بىر نەرسە بولسا ئۈستىگە ئارتىۋېلىش. ئۆگزىلىرى تېشىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، شامالدا دالدا بولغۇدەك بىر ماكانغا ئېرىشىش بولۇپ قالغانىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە سىكارلېت كۈندە دېگۈدەك بىرلا چۈشنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن خېلى يىللارغىچىمۇ ئۇ چۈشنى پات - پات كۆرۈپ تۇردى. چۈشىنىڭ مەزمۇنى پەقەتلا ئۆزگەرمەيتتى، ئەمما چۈشىدىكى قورقۇنچلىرى ھەر كۈنى ئېغىرلاپ باراتتى، ھەتتا كۈندۈزلىرى ئۇخلىماي يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ شۇ چۈشنى يەنە كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ خاتىرجەم يۈرەلمەيتتى. شۇ چۈشنى تۇنجى كۆرگەن كۈنى بېشىدىن ئۆتكەن تاسادىپىي بىر كەچۈرمىش زادىلا ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايتتى.

بىرنەچچە كۈن ئۇدا يامغۇر يېغىپ ھاۋا سوۋۇپ كەتكەن، ئۆي سوغۇق، ئوتۇن ھۆل، تۇزۇك كۆيمەي ئۆي زادىلا ئىسسىمىدى. يەيدىغانغا سۈتتىن باشقا ھېچنېمە يوق، ياڭيۇمۇ تۈگىگەن، پورك بېلىق تۇتقىلى بېرىپ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنىدى. ئەتىسى يەيدىغانغا ھېچنېمە يوق، چوشقا كۈچۈكلىرىدىن بىرىنى سويمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاچلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلەر بىزگە يەيدىغان نەرسە بەر، دەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇشاتتى. سىكارلېت پوركنى ئاتلىق بېرىپ يەيدىغان بىر نەرسە سېتىۋېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكىلى تاس - تاس قالدى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، ۋاد قىزىپ كېتىۋاتاتتى، دوختۇرمۇ يوق، دورىمۇ ھەم تېپىلمايتتى.

سىكارلېت بالىنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ چارچىدى، قورسىقىمۇ ئاچتى. ئاخىر بولماي كۆزىنى ئازراق يۇمۇۋېلىش ئۈچۈن، ئورنىغا مېلانىيەنى قويۇپ ئۆزى كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

ئۆي سوغۇق، پۇتلىرى مۇزلاپ، قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۇزاققىچە پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ توختىماي ئويلايتتى: دۇنيانىڭ ئامانلىقى نەگە كەتتى؟ نېمە ئۈچۈن كۈچلۈك ۋە ئەقىللىك بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن بۇ ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالمايدۇ؟ بۇ يۈكنى كۆتۈرۈش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئەمەسقۇ؟ يا ئۇ ئۇنى قانداق كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلمىسە. ئويلا ـ ئويلا، ئاخىر ئۇ خاتىرجەمسىز بىر ئۇيقۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

چۈشىدە ئۇ قاقاس ۋە غەلىتە بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەتراپىنى قويۇق تۇمان باسقان، بىر قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پۈتى ئاستىدىكى يەر مىدىرلاپ تۇراتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ غەلىتە بىر نېمىلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئەتراپىنى قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق باسقان، ئۇ يولدىن ئېزىپ قېلىپ ئۆيىنى تاپالمىغان كىچىك بالىغا ئوخشاش قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ، قورسىقىمۇ ئېچىۋاتىدۇ، ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىرەر نەرسە بارمىكىن دەپ قورقۇپمۇ تۇرۇۋاتىدۇ. تۇۋلىغۇسى بار، ئاۋازى چىقمايدۇ، تۇمان ئىچىدىن غەلىتە بىر مەخلۇق قورقۇنچلۇق ئىككى قولىنى چىقىرىپ ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، پۇتى ئاستىدىكى تەۋرىنىپ تۇرغان يەرگە باسماقچى بولدى. كېيىن ئۇ ئەتراپىدا بىر يەردە ئۆزىنى يوشۇرغۇدەك، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈدەك بىر ماكانىنىڭ بارلىقىنى خىرە ـ شىرە كۆرگەندەك بولدى. ئۇ يەر جەننەت ئىدى. ئۇ زادى نەدىدۇ؟ ئۇ قوللار ئۇنى پۇتلىرى ئاستىدىكى يەرگە بېسىۋالغۇچە ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىۋالالارمۇ؟

تۇيۇقسىز، ئۇ قېلىن تۇمان ئىچىدە ساراڭدەك ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. بىر نەرسىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قوللىرىنى ھەر يان سوزاتتى، لېكىن ھېچنېمىنى تۇتالمايتتى. جەننەت نەدىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. چوقۇم بىر يەردە بار، ئۇنى ئۇنىڭ كۆرمەيۋاتقانلىقى يېرى بار. ئۇنى تاپقان بولسا

ئۇبدان بولاتتى، تېپىلىۋالغان بولسا ئامان قالاتتى. ئەمما، قورقۇنچ پۈتلىرىنى بوشىتىۋېتىۋاتىدۇ، ئاچلىق بېشىنى قايدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ قاتتىق بىر چىرقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. بېشى ئۈستىدە مىلانىيەنىڭ ئەنسىز چىرايى تۇرۇپتۇ، ئويغىتىۋېتىش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇنى تۇرتۇۋاتىدۇ.

بۇ چۈش كۈندە دېگۈدەك تەكرارلىناتتى، قورسىقى ئاچ ئۇخلاپ قالسىلا شۇ چۈشنى كۆرەتتى. ھەتتا ئۇ، بۇ چۈشنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار، دەپ تۇرۇپمۇ ئۇخلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. تومانىنى چۈشەش ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك قورقىدىغانمۇ ئىش ئەمەس، ئەمما سىكارلېت قورقۇپ قالدى، تومانىنى ئويلىسىلا قورقۇنچ باساتتى. ئاخىر ئۇ مىلانىيە بىلەن بىللە ياتىدىغان بولۇۋالدى. ئۇخلاۋېتىپ ئۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا تاشلاشقا باشلىغاندىلا، مىلانىيە ئۇنى قارا باستى دەپ ئويلاپ دەررۇ ئويغىتىۋېتەتتى.

بۇ خىل جىددىي روھىي بېسىم بىلەن ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ كەتتى. چىرايى سېرىق، بۇرۇنقى يۇمىلاق، تولغان چىراي ئەمدى يوق، ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەن، كۆزلىرى ئۆتكۈرلىشىپ، ئولجىسىغا ئېتىلىدىغاندەك قىلىپ تۇرغان ئاچ مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ قالغاندى.

سىكارلېت: «كۈندۈزلىرى مەن چۈشۈمدە كۆرگەن نەرسىلەر بولمىسىمۇ، بەربىر كېچىسى كۆرگەن چۈشۈم بىلەن ئوخشاش» دېگەن خىيال بىلەن، كۈندۈزى يەيدىغان تامىقىنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلسام، قورقۇنچلۇق ئۇ چۈشلەرنى ئازراق كۆرىدىغان بولامدىمەنكىن، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

مىلاد بايرىمى مەزگىللىرىدە، فىرانك كېنىنېدى تەمىنات قوشۇنىنىڭ كىچىك بىر ئەترىتىنى باشلاپ تاراغا كەلدى. ئۇلار قوشۇن ئۈچۈن ئاشلىق ھەم ئۇلاغ يىغىپ يۈرۈشكەنىكەن، ئەمما

ھېچقانچە بىر نەرسە يىغالماپتۇ. ھەممىسىنىڭ كىيىملىرىمۇ، ئۆزلىرىمۇ ئاۋارە. مىنىۋالغان ئاتلىرى پۇۋ دېسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك شۇنداق ئورۇق، ئادەملىرىمۇ ئاتلىرىغا ئوخشاش ئالدىنقى سەپتىن شاللىۋېتىلگەن ئاتلار. بىر كېننېدىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئاقساق ـ چولاق، قارىغۇلار، ئۇچىسىغا شىماللىق ئەسىرلەرنىڭ كۆك كىيىملىرىنى كىيىشىۋالغان، شۇڭا تارادىكىلەر دەسلەپتە ئۇلارنى كۆرۈپلا شىماللىق ئالۋاستىلار يەنە كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ كېتىشتى.

ئۇلار شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ يەردە قونۇپ، مېھمانخانا ئۆيدە راھەتلىنىپ ئۇخلىۋالدى، ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى بۈگۈنكىدەك ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ باقمىغانىدى، دالادا، داق يەردە يېتىپ ئۇخلىشاتتى. يۈز ـ كۆزى مەينەت، ساقال ـ بۇرۇت بېسىپ كەتكەن، كىيىملىرى ئاۋارە بولسىمۇ، ھەممىسى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر ئىدى، خۇشال پاراڭلىشاتتى، كۈلكە ـ چاقچاقلارنى قىلىشاتتى، باشقىلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، مىلاد بايرىمىنى مۇشۇنداق بىر قەسىردە، مۇشۇنداق چىرايلىق قىزلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزگىنىگە تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇرۇشقا ئانچە ئەستايىدىل ئەمەس ئىدى، قورقۇنچلۇق يالغان گەپلەر بىلەن قىزلارنى ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرۈشەتتى. ئۇلار كېلىپ، بۇ ئۆيلەر بۇلاڭچىلىقتىن كېيىن تۇنجى قېتىم خۇشاللىق كۆردى، بىرنەچچە كۈنگىچە ھەممەيلەن بايرام خۇشاللىقىغا چۆمۈلدى.

— بۇرۇنقى چاغلاردا قىلىدىغان ئائىلە ئولتۇرۇشلىرىمىزغا ئوخشاش كۈنلەر بولدى، سېنىڭچىمۇ شۇنداقمۇ؟ — دېدى سۇئېللېن خۇشال بولۇپ سكارلېتقا. سۇئېللېن ھازىر قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتاتتى، كۆزلىرى كېننېدىدىن ئۈزۈلمەيتتى. سكارلېت سۇئېللېننىڭ كېسەلدىن كېيىنكى ئورۇقلۇقى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، چىرايىنىڭ گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدى. مەڭزىلىرى

قىزىرىپ، كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى.

«ئۇ چوقۇم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، — ئويلىدى سىكارلېت، — ئەگەر ئۇ ئەرگە تېگىدىغان بولسا، كېيىنىدىمۇ ھەممە ئىشتىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان ئادەم بولسىمۇ، چوقۇم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئەزىزلەيدۇ.»

كاررىنمۇ خېلى تېتىكلىشىپ قالدى. ئۆتكەن كۈنى ئاخشىمى كۆزلىرىدە كۆرۈنگەن ئەلەڭگۈش ھالەتلەر پۈتۈنلەي يوقالغانىدى. ئۇ بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ بىرېنت تارلېتونىنى تونۇيدىغانلىقىنى، بىرېنت قۇربان بولغان كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تاماقتىن كېيىن ئۇ ئادەم بىلەن ئايرىم پاراڭلاشماقچى بولدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن مېلانىيە نومۇسچانلىقىنىڭ ئەكسىچە تۇيۇقسىز ئېچىلىپ كەتتى. بىر يەكچەشمە ئەسكەرگە قاراپ بۆلەكچىلا كۈلۈپ گەپ قىلىپ كېتىۋاتاتتى. يەكچەشمىمۇ جاۋابەن ئۇنىڭغا پەۋقۇلئاددە يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت مېلانىيەنىڭ روھىي ۋە فىزىيولوگىيە جەھەتتە ئۆزىنى مەجبۇرلاپ ياشايدىغان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ھەرقانداق ئەرنىڭ ئالدىدا قورۇناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ سالامەتلىكى تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولمىغانىدى، ئەمما ئۆزى ياخشى بولۇپ كەتتىم، ھازىر دىلسېيدىن قېلىشمايمەن، دەيتتى. ئەمەلىيەتتە، تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەنلىكى سىكارلېتقا مەلۇم ئىدى. بەزىدە بىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز چىرايى ئاقىرىپ كېتەتتى، كۆچى يېتىشمەي ئولتۇرۇپمۇ قالاتتى. ئەمما، بۈگۈن ئاخشام سۇ ئېلىپ بىلەن كاررىنغا ئوخشاش، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ بايرامنى خۇشال ئۆتكۈزۈشىگە بار ئىمكانىيىتى بىلەن ماسلىشىپ بەردى، يالغۇز سىكارلېتلا ئۇ مېھمانلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى.

نېگىر ئانا پۇرچاق، ئالما قېقى ۋە خاسىڭلار بىلەن كەچلىك تاماق تەييارلىدى. ئەسكەرلەر ئېلىپ كەلگەن سۇرلىگەن چوشقا

گۆشلىرى، ئېتىلدۇرغان قوناقلىرى بىلەن ئۇستەل لىق توشتى. ئۇ ئەسكەرلەر بىرنەچچە ئايدىن بېرى بۇنداق ياخشى تائاملارنى يەپ باقمىغانىدى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ تاماق يەۋاتقىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىچىدە ئۇلارنىڭ يېگىنىگە چىدىمىدى ھەم ئۇلارنىڭ پورك سويغان چوشقا كۆچۈكىنىڭ گۆشىنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۇ چوشقا گۆشى يېمەكلىكلەرنى قويىدىغان ئۆيدە ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنى قايسىلاڭ ئۇلارغا ئۇ چوشقا گۆشىنى ھەم سازلىقتا يوشۇرۇپ قويغان چوشقا كۆچۈكلىرىنى دەپ قويىدىكەنسەن، كۆزلىرىڭنى ئويۇۋالىمەن، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى، بۇ ئاچ بۆرىلەرنىڭ بىرسى بىر چوشقا كۆچۈكىنى پۈتۈن يەۋېتىشى، يەنە تىرىك بىرقانچىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسا يىغىپ ئەكېتىشى مۇمكىن ئىدى. سىكارلېت يەنە كالا بىلەن ئاتتىنمۇ ئەنسىرەيتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنى ھېلىقى چاغدا يېقىن يەردىكى ئورمانغا باغلاپ قويماي سازلىقتا يوشۇرۇپ قويۇپتىكەن. ئەگەر بۇ ئادەملەر ئات بىلەن كالىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولسا، تارا قوروقىدىكىلەرنىڭ بۇ يىل قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق نەرسە بىلەن تولدۇرغىلى بولمايتتى. قوشۇندىكىلەر نېمە يەيدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە كارى، بىگىسى بولسا يەيدىغىنىنى ئۆزلىرى تاپسۇن، ئۆيدىكىلەرنىڭ قورسىقىنى بېقىشمۇ ئۇنىڭ ئۆچۈن شۇنچىلىك قىيىن.

ئەسكەرلەر سومكىلىرىدىن يەنە «ئۆرۈمە ئاش»لارنى ئالدى. سىكارلېت ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ بۇ يېمەكلىكنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى، بۇ يېمەكلىك ھەقىقەتەن ئىلگىرى خۇددى پىتقا ئوخشاش نۇرغۇن كۆلكىلىك گەپلەر چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ، قوناق ئۇنىنى ئازراق سۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى ئوتقا قاقلاپ قورۇتۇپ ياسالغان يېمەكلىك ئىدى. ئۇلار سىكارلېتقا تېتىپ بېقىڭ دەپ تۇرۇۋالدى. سىكارلېت بىرنى چىشلەپ بېقىپ قاتتىق بىر قەۋەتنىڭ ئاستىنىڭ تۇز سالمىغان بولكا ئىكەنلىكىنى

بىلدى. بۇ، ناۋاتقا ئوخشاش قاتتىق، ھەرە كېپىكىگە ئوخشاش تەمسىز بىر نەرسە ئىدى، شۇڭا سىكارلېت بىرلا چىشلەپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۆلكىلىرى ئىچىدە يەنە ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى. مېلانىيە ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى، چىرايلىرىدىن «ئۇلار مۇشۇنداق بىر نېمىنى يەپ قانداقمۇ جەڭ قىلىدىغاندۇ؟» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

تاماق تولىمۇ خۇشال كەيپىياتتا يېيىلدى. ئۇستەلنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغان گېرالدمۇ پات - پات خارامۇشلۇق ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، غوجايىنغا خاس ئەدەپ بىلەن چۈشىنىپ بولمايدىغان كۆلكىسىنى كۆلۈپ قوياتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كەيپى بەكمۇ چاغ ئىدى، قىزلارمۇ ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشىپ خۇشال ئولتۇرۇشاتتى. سىكارلېت پېتتىي ھاممىنىڭ ئەھۋالىنى سورىماقچى بولۇپ فىرانك كېنىنېدىغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىرخىل غەلىتە ئىپادىنى كۆرۈپ، سورايدىغان گېپىنىمۇ ئۇنتۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

فىرانكنىڭ كۆزلىرى ھازىر سۇئېللېندا ئەمەس، ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدە ئىدى. تۇرۇپ گېرالدنىڭ كىچىك بالىلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان تۇراقسىز كۆزلىرىگە، تۇرۇپ گىلەم يوق يەرگە ياكى سۇرەت - رەسىملەرنىڭ بىرسىمۇ قالماي بۇلاپ كېتىلگەن تاملارغا ياكى پۇرژىنىلىرى بوشاپ لاتىلىرى نەيزىلەرنىڭ ئۇچلىرى بىلەن يىرتىلىپ كەتكەن سافالارغا، چېقىلغان ئەينەك، ئىشكاپلارغا، ئۇستەل ئۇستىدىكى ئاددىي چىنە - قاچىلارغا، قىزلارنىڭ ئۇستىدىكى كونىراپ كەتكەن كىيىملەرگە، ۋادىنىڭ ئۇچىسىدىكى ئۇن خالتىسىدا تىكىپ بەرگەن ئىشتانغا قارايتتى.

فىرانك ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئۆزىگە تونۇش تارا قۇرۇقىنى ئەسلەۋاتسا كېرەك، چىرايى غەم، ئامالسىزلىق ۋە ئاچچىق غەزەپ بىلەن تۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ سۇئېللېننى سۆيەتتى، ئۇنىڭ ئاچا - سىڭىللىرىنى ياخشى كۆرەتتى. گېرالدنى ھۆرمەت قىلاتتى، بۇ قورۇقنىمۇ ھەم قىزىقاتتى، شېرمانىنىڭ قوشۇنى جورجىيەنى

بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ جايلاردا قوشۇن ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى يىغىپ يۈرۈپ نۇرغۇن قورقۇنچلۇق ئىشلارنى كۆرگەن، ئەمما ھېچقايسىسى تارا قورۇقمىدىكىدەك ئۈنچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرمىغانىدى. ئۇنىڭ ئوخارا ئائىلىسى، بولۇپمۇ سۇئېللېن ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بەرگۈسى كېلەتتى، لېكىن ئامالى يوق ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن بېشىنى چايقاپ ھەسرەتلىنىۋاتقان چاغدا، ئۈشتۈمتۇت كۆزلىرى سكارلېتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سكارلېتنىڭ كۆزلىرىدىكى ئادالەتسىزلىككە قارشى غەزەپ بىلەن بىر خىل تەكەببۇرلۇقنى كۆرۈپ، ئوڭايسىزلانغاندەك دەررۇ ئېڭىشىپ تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

ئاتلانتا قولدىن كەتكەندىن كېيىن پوچتا يولى ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، قىزلارنىڭ ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلىپ تۇراتتى. ھازىر شىماللىقلار ئۇرۇشۇپ نەگىچە باردى. جەنۇب قوشۇنىنىڭ جەڭ قىلىش ئەھۋالى قانداق، ئاتلانتا بىلەن ئۇ يەردىكى دوستلارنىڭ ئەھۋالى نېچۈك، ھېچكىم ھېچنېمە بىلمەيتتى. فىرانك خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ جايلارنىڭ ھەممىسىگە باراتتى، ئۇ يەرلەردىكى گېزىتلەردىمۇ دېيىلمەيدىغان ئەھۋاللارنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايىقى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىلىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنى شېرماننىڭ قوشۇنى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئاتلانتانى ئۆزگەرتىپ باقماقچى بوپتۇ، لېكىن شېرمان شەھەرنى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلىۋەتكەچكە ھېچقانچە ئىش قىلالماپتۇ.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، ئاتلانتا بىز ئايرىلغان كۈنى كېچىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، — دېدى سكارلېت ئۇنىڭ گېپىگە چۈشىنەلمەي، — مەن تېخى شەھەرنى بىزنىڭ ئادەملەر كۆيدۈرۈۋەتتى دەپ يۈرەتتىم.

— ئۇنداق ئەمەس، سكارلېت خانىقىز، — جاۋاب بەردى

فىرانك ھەيران قېلىشۋاتقاندەك قىلىپ، — بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەر قانداق ماكانىمىزنى كۆيدۈرۈپ باقمىدۇق. كۆيدۈرگىنىمىز شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە بولمايدىغان ئىسكىلاتلار، ھەربىي لازىمەتلىكلەر، ھەربىي زاۋۇتلار، ئوق - دورىلار. شېرمان شەھەرگە كىرگەندە ئۆيلەر، دۇكانلار ئۆز پېتى ئىدى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شۇ ئۆيلەردە تۇرغان.

— ئادەملەرچۇ؟ ئۇ... ئۇ ئادەم ئۆلتۈردىمۇ؟

— ئازراق ئۆلتۈردى، لېكىن مىلتىق بىلەن ئەمەس، — دېدى يەكچەشمە ئەسكەر سۈرلۈك ئاھاڭدا، — ئۇ شەھەرگە كىرىپلا شەھەر باشلىقىغا، شەھەردىكى ئادەملەرنى بىرنى قالدۇرماي ئېلىپ چىقىپ كېتىسەن، دېدى، ماڭالمايدىغان ئاجىزلار، قېرىلار، بالىلار، ئاياللار ئىنتايىن نۇرغۇن ئىدى. ئۇ قىلچە رەھىم قىلماي، قاتتىق جۇدۇن بولۇۋاتقان بىر كۈنى مىڭلاپ ئادەمنى شەھەر سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىپ، ئاندىن گېنېرال خودقا ئادەملىرىڭنى ئېلىپ كەت، دەپ خەۋەر بەردى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر شۇ كۈندىكى ئاپەتتە ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۇ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا نېمە زىيىنى تېگىدۇ؟ — مېلانىيە ۋارقىراپ كەتتى.

— ئۇ، ئەسكەرلىرىمنى شەھەردە رەتكە سالىمەن، دېگەن، — دېدى فىرانك، — ئەسكەرلىرىنى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دەم ئالدۇردى. ئاندىن چېكىنىپ كەتتى، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا پۈتۈن شەھەرگە ئوت قويۇۋەتتى.

— پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى قىزلار مەيۈسلىنىپ.

ئۇلار شاۋقۇنلۇق، ئادەم كۆپ، ئەسكەرلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن بۇ شەھەرنىڭ پۈتۈنلەي كۆيۈپ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇرلىرىغا سىغدۇرالمايتتى. مېلانىيە يىغلىۋەتكىلى تاس قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇ يەر

ئۇنىڭ يۇرتى ئىدى. سىكارلېتمۇ غەمكىن ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇ تارادىن قالسا شۇ جاينى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى.

— ئاساسەن كۆيۈپ كەتكەن گەپ، — فىرانك قىزلارنىڭ چىرايلىرىدىكى غەمكىنلىكلەرنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى بولغاي، ئىتتىك گېپىنى تۈزىتىۋالدى، چىرايىغىمۇ ئازراق كۈلكە يۈگۈرتتى، چۈنكى ئۇ قىزلارنىڭ ئىچ ئاغرىقى تارتىشىنى خالىمايتتى، ئۇلار ئىچ ئاغرىقى تارتسا ئۇ ئۆزىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ غەمگە پېتىپ قالاتتى. ئەمدى ئۇنداق ئېچىنىشلىق ئىشلارنى سۆزلىمەسلىكى كېرەك، ئۇلار بۇ ئىشلارنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋالسۇن.

• فىرانك كېيىنكى قىزلارنىڭ كۆڭلىگە ئارام بولىدىغان گەپلەرنى قىلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ باش قاتۇردى.

— ئۇ يەردە بەزى ئۆيلەر ۋەيران بولماي ئۆز پېتى ساقلىنىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ، — بولۇپمۇ چەترەك جايلاردىكى، كۆيۈۋاتقان ئۆيلەردىن يىراقراق يەرلەردىكى ئۆيلەر ئامان قاپتۇ. چېركاۋلارمۇ ھېچنېمە بولماپتۇ، ئازراق دۇكانلارمۇ ساق، سودا رايونلىرى بىلەن تۆمۈر يول ياقىلىرىدىكى ئۆيلەر... شۇنداق، خانىملار، ئۇ يەرلەردىكى ئۆيلەردىن ھېچنېمە قالماي تۈزلىنىپلا كەتكەن گەپ.

— ئۇنداقتا، — سىكارلېت ئازاب بىلەن ئۈنلۈك سورىدى، — تۆمۈر يولنىڭ ئۇ بېشىدىكى چارلېس ماڭا قالدۇرغان ئىسكىلاتمۇ كۆيۈپ كەتكەنمىدى؟

— ئەگەر تۆمۈر يولغا يېقىن يەردە بولسا تۈگىدى دېگەن گەپ، بىراق... — ئۇ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى. بۇ ئىش باياتىندىن بېرى نېمىشقا ئېسىگە كەلمىدى؟ — سىلەر خۇشال بولىدىغان بىر ئىش، خانىملار، سىلەرنىڭ پىتتىي ھاماڭلارنىڭ ئۆيلىرى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ئازراق ئۇرۇلگەن يەرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇمۇمەن ساق.

— ئۇ ئۆيلەر قانداق بولۇپ ساق قالغاندۇ؟

— ئۇ ئۆيلەر پىششىق خىشتىن سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئاتلانتا بويچە ئۈستى نېپىز تاش تاختىلار بىلەن يېپىلغان بىردىنبىر ئۆي بولغاچقا، ئۈستىگە ئوت چۈشسىمۇ ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدە، شۇڭا ئۇ يەرلەردە ئوت ئانچە كۈچلۈك بولمىغان، شۇنداق تۇرسا ئامان قالماتتى؟ ئەلۋەتتە، ئۇ يەردە تۇرۇۋشقان شىماللىق ئالۋاستىلار ئۇ ئۆيلەرنىمۇ خېلى ۋەيران قىپتۇ، پەلەمپەيلەرنىڭ، تاملارنىڭ ياغاچلىرىنى قومۇرۇپ ئوت قالاپتۇ. ئەمما، ھېچقانچە ئەمەس، سىرتىدىن قارىغاندا ئۆيلەر شۇ پېتى. ئۆتكەن قېتىم ماكونغا بارغاندا پىتتىي خانقىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم...

— ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟

— ئوبدان تۇرۇپتۇ. ئۆيىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ دەررۇ خىزمەتكارى پىتتېر ماقۇل دېسىلا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاتلانتالىقلار تۇركۈملەپ قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ماكوندىن قاتتىق زېرىكىپتۇ. شېرمان ماكوننى ئىشغال قىلمىدى، ئەمما ھەممىلا ئادەم ۋىلسوننىڭ زەربىدار ئەترىتىنىڭ پات ئارىدا ئۇ يەرگە بارىدىغانلىقىنى دېيىشىۋاتىدۇ، ئۇ شېرماندىنمۇ يامان ئىمىش.

— ئۆيلىرى بولمىسا ئالدىراپ كېلىۋالغان بىلەن قانداق قىلىدۇ؟ بۇ ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟

— سكارلېت خانقىز، ئۇلار چېدىرلاردا، كىچىك ياغاچ ئۆيلەردە، ساق قالغان ئۆيلەردە قىستىلىشىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بىر تەرەپتىن ئۆيلىرىنى باشقىدىن ياساشنىڭ ئامالىنىمۇ قىلىشىۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ئەخمەق دېگىلى بولمايدۇ. سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ئاتلانتالىقلارنى ياخشى چۈشىنىسىز، ئۇلار ئۆلسىمۇ بۇ شەھەردىن ئايرىلمايدۇ، شىماللىق ئالۋاستىلار يەنە كېلىپ يەنە كۆيدۈرسىمۇ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. ئاتلانتالىقلارچۇ — مېلانىيە خانقىز، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن — قېچىرغا ئوخشاش بەكمۇ جاھىل خەق، ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنداقلىقىنى بىلمەيمەن. ئالدىنقى

كۆنى مېرۋېتېر خانىم بىلەن مېرۋېتېر خانىمنى، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى نېگىر مومايىنى كۆردۇق، بىر چاقلىق هارۋا بىلەن پارچە پىششىق خىشلارنى توشۇۋېتىپتۇ. مادې خانىممۇ ماڭا ئېرى قايتىپ كەلسىلا ئۆي سالدىغانلىقىنى دېدى. ئۇ يەنە ئاتلانتاغا يېڭى كەلگەن چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ كىچىك بىر ئۆيدە تۇرغانلىقىنى، شۇڭا هازىر تۇرۇۋاتقان ئۆيى ئۆزلىرىگە هار كەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاقچاق گەپ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈردۇ.

— ئۇلار باشقىدىن جانلىنىپ كېتىپتۇ - دە، — دېدى مېلانىيە مەغرۇر هالدا، — سىكارلېت، سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟

سىكارلېت بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇمۇ ئىچىدە ئىككىنچى يۇرتى بولغان بۇ شەهەر ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتاتتى ۋە پەخىرلىنىۋاتاتتى. بۇ شەهەر خۇددى فىرانك ئېيتقاندەك، قوپاللىق ۋە قاراملىق بىلەن تولغان جاي ئىدى، سىكارلېت ئۇ يەرنى شۇ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى. بۇ شەهەر باشقا قەدىمىيرەك شەهەرلەرگە ئوخشاش مۇتەئەسسىپ ئەمەس، سىكارلېتقا ئوخشاش تەۋەككۈلچىلىك روهىغا باي شەهەر ئىدى. «مەن ئاتلانتاغا ئوخشايمەن، — ئويلىدى سىكارلېت ئىچىدە، — شىمالىق ئالۋاستىلار يەنە كېلىپ يەرلىرىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتسىمۇ، بىزنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈشىمىزنى، ئورنىمىزدىن قايتا دەس تۇرۇشىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ.»

— سىكارلېت، پىتتىي هامما ئاتلانتاغا قايتىپ بارسا، بىزمۇ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇرساق قانداق بولار؟ — مېلانىيە ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، — بولمىسا ئۇ ئۆيلەردە ئۇ ئۆزى يالغۇز قورقىدۇ.

— سۆيۈملۈكۈم، قاراڭ، مەن بۇ يەردىن قانداق ئايرىلىمەن؟ — سىكارلېت سەل بىئارام بولغاندەك بولۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — ئەگەر سىزنىڭ كەتكۈڭىز بولسا كېتىۋېرىڭ، ماقۇل دەيمەن.

— مېنىڭ مەقسىتىم ئۇنداق ئەمەس، سۆيۈملۈكۈم، — مېلانىيە خىجىل بولۇپ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، — قاراڭ، مەنمۇ زە... سىز ئەلۋەتتە، تارادىن ئايرىلالمايسىز. پېتتېر تاغا بىلەن ئاشپەز ئايال هاممامنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالالايدىغۇ.

— راست، سىزنى هېچكىم توسىمايدۇ، — دېدى سىكارلېت ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق، — دېدى مېلانىيە جاۋاب بېرىپ، — سىز بولمىسىڭىز، مېنىڭ... ئۆلگىنىم شۇ، ئۆلگۈدەك قورقىمەن.

— ئەمىسە ئىختىيارىڭىز، ئەمما مېنى ئاتلانتاغا بېرىشقا زورلىماڭ. كىم بىلىدۇ، ئۇلار ئەمدىلا ئۆيلىرىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇپ تۇرۇشىغا شېرمان يەنە قايتىپ كېلەمدۇ.

— ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ، — دېدى فىرانك. ئۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋاتىسىمۇ چىرايى تۇرۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، — ئۇ جورجىيەدىن ئۆتۈپ دېڭىز تەرەپكە كەتتى. ئاڭلىساق، ساۋاننا تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ دەك.

— ساۋاننانى بېسىۋاپتىمۇ؟

— شۇنداق. خانىملار، ساۋاننا هامان قولدىن كېتىدۇ، ئۇ يەرنى قوغداپ قالغۇدەك كۈچ يوق. مىدىرلىيالىغۇدەك ئادەملەرنى ئۇرۇشقا سالسىمۇ ئوخشاش. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، شىماللىق ئالۋاستىلار مىلىچۇلغا هۇجۇم قىلغان چاغدا بىرنىڭكىلەر هەربىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چوڭ - كىچىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ هەممىسىنى ئاچىقىپ ئۇرۇشقا سالغان. يەنە تېخى تۇرمىلەردىن جىنايەتچىلەرنى سۆرەپ چىقىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە قويۇپ بېرىش شەرتى بىلەن جەڭگە ئېلىپ ماڭغان، شۇنىڭ بىلەن هەربىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوغرى، قاراقچى، قاتىللار بىلەن بىر قوشۇندا بىللە تۇرغان. بۇ ئىشلارغا نەپرەتلەنمەمدۇ كىشى.

— ئۇلار جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىپ بىزنى زىيانغا ئۇچراتماقچى ئىكەن - دە !

— سىكارلېت خانقىز، قورقماڭ، ئۇلار بىزدىن يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ياخشى ئەسكەرلەردىن بولۇپمۇ كېتەلەيدۇ. ئوغرىنى ياخشى ئەسكەر بولالمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟

— بۇ ئىش ماڭا غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دېدى مېلانىيە بوش سۆزلەپ.

— ماڭا ئۇنداق تۇيۇلمايدۇ، — دېدى سىكارلېت گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپ، — ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئىشتاتنىڭ ھەممە يېرى ئوغرى - قاراقچى، شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن توشۇپ كەتتى. يەنە تېخى ... — سىكارلېت ئىتتىكلا گېپىنى توختىتىۋالدى، ئۇ ئەسكەرلەر بولسا گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— شىماللىق ئالۋاستىلار ھەم قوشۇنغا تەمىنات توپلاۋاتقان بىزلەر، — دېدى ئۇلار ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا. سىكارلېت ئۇلاردىن سەل خىجىل بولۇپ قالدى.

— گېنېرال خودنىڭ ئادەملىرى ھازىر نەدە؟ — مېلانىيە ئىتتىك گەپ قىستۇردى، — ئۇ ساۋاننادا بولىدىغانلا بولسا چوقۇم ئۇ يەرنى ساقلاپ قالىدۇ.

— مېلانىيە خانقىز، — فىرانك ئازراق ھەيران قالغان ھەم ئۇنى ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا دېدى، — گېنېرال خود ئۇ يەرگە بېرىپمۇ باقمىدى. ھازىر ئۇ تېننېستا، شىماللىقلارنى جورجىيەدىن قوغلاپ چىقىرىمەن دەپ شۇ يەردە ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇ ئادەممۇ ھېسابنى قالتىس ئىنچىكە قىپتۇ، — دېدى سىكارلېت مەسخىرە تەلەپپۇزى بىلەن، — ئۇ شىماللىق ئالۋاستىلارنى بىزنىڭ بۇ يەرلەردىن ھەيدەپ مېڭىپ، بىزنى بولسا ئۆششاق باللار بىلەن جىنايەتچىلەرنىڭ قوغدىشىغا تاشلاپ بەرگۈدەك - دە.

— قىزىم، — دېدى گېرالد خېلى يۈرەكلىك ھالدا، — سەن بۇنداق گەپلەرنى دېمەسلىكىڭ كېرەك، ئاپاڭ ئاڭلىسا رەنجىيدۇ.

— شىماللىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلمىگۈر ئىپلاسلار، — سىكارلېت ئۆزىنى باسالماي تۇۋلاپ كەتتى، — ئۇلار توغرۇلۇق ئەزەلدىن ياخشى گەپ قىلىپ باقمىغانمەن.

ئېللېن تىلغا ئېلىنىۋىدى، ھەممەيلەن ھەيران قالدى، گەپ - سۆزلەرمۇ جىمىپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا يەنە مېلانىيە گەپ قىلدى:

— ماكوندىكى ۋاقىتىڭلاردا ۋىلكېس ئائىلىسىدىكى ئىندىيا بىلەن خونېي خانقىزلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇلار... ئۇلار ئاشلېيىنىڭ خەۋىرىنى ئالالاپتىمۇ؟

— مېلانىيە خانقىز، ئەگەر بىز ئاشلېيىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولساق، ماكوندىن شۇ كۈنىلا كېلىپ سىزگە يەتكۈزمەمتۇق؟ — دېدى فىرانك سەل رەنجىگەندەك قىلىپ، — ئۇلار ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىماپتۇ. مېلانىيە خانقىز، ئاشلېيدىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەڭ. ھەرقاچان ئۇنىڭدىن خەت ئالمىغىنىڭىزغا ئۇزاق بولدى. تۈرمىدە ياتقان ئادەم سىزگە قانداق خەت يازالىسۇن، سىزچىمۇ شۇنداقمۇ؟ بىراق، شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ تۈرمىلىرىنىڭ ئەھۋالى بىزنىڭكىدىن ياخشى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلاردا يەيدىغانغا تاماق بار، دورا، كىگىز دېگەندەك نەرسىلەرمۇ تېپىلىدۇ. بىزدەك ئەمەس، بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ قورسىقى تويمايۋاتسا ئەسىرلەرگە نەدە.

— شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ نەرسىلىرى ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن، — دېدى مېلانىيە ئازابلىنىپ، — ئەمما ئەسىرلەرگە بەرمەسىمىشقۇ، كېيىنىپدى ئەپەندى؟ سىز بۇ ئەھۋالنى چوقۇم بىلىسىز. بايىقى گېپىڭىز بىلەن ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز. سىز يەنە يىگىتلىرىمىزنىڭ ئۇ يەرلەردە سوغۇق بىلەن ئاچلىقنىڭ دەستىدە ئاغرىپ، دوختۇرغىمۇ كۆرۈنەلمەي ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىسىز. بۇمۇ شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ بىزگە بولغان ئۆچمەنلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ. كۆچۈم يەتسە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىدىن يوقىتىۋەتسەم

دەيمەن. ئاھ، ئاشلېي ئاللىبۇرۇن...

— ئۇنداق دېمەڭ! — سكارلېت ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، ئەمما ئۆزىنىڭمۇ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغانىدى. ئاشلېي ئۆلۈپ كەتتى دېگەن گەپنى ئاڭلىمىسىلا، ئاشلېينىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە قارىتا ئۇنىڭدا ئازراق ئۈمىد پەيدا بولاتتى. ئۆلدى دېگەن گەپنى ئاڭلىسا خۇددى ئاشلېي راستلا شۇ دەقىقە ئىچىدە ئۆلۈپ قېلىۋاتقاندەك ئازابتىن تولغىنىپ كېتەتتى.

— ۋىلكىس خانىم، گېپىمگە كىرىپ ئېرىڭىزدىن كۆپ ۋايىم يېمەڭ، — دېدى يەكچەشمە گەپ قىستۇرۇپ، — مەن ماناساس جېڭىدە شىماللىقلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدىم. كېيىن بىز تەرەپتىكىلەر مېنى ئەسىر ئالماشتۇرۇپ قۇتۇلدۇرۇۋالدى. تۈرمىدە ياتقان ۋاقتىمدا ئۇلار ماڭا ئۇن تاماقلىرىنى، توخۇ، ئۆردەك گۆشلىرىنى بەرگەن...

— سىز يالغان گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى مېلانىيە كۈلۈپ كېتىپ، — سىزمۇ شۇنداق ئويلاۋاتامسىز؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى يەكچەشمە يانپېشىغا بىرنى ئۇرۇپ كۈلۈپ كېتىپ.

— ھەممىڭلار مېھمانخانا ئۆيگە چىقىڭلار، سىلەرگە مىلاد ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى مېلانىيە دەررۇ گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكەپ، — پىيانىنونى شىماللىق ئالۋاستىلار ئېلىپ كېتەلمەپتۇ. سۇئېللېن، ئۇ پىيانىنودا ئاۋاز قاچامدۇ؟

— قاچقاندىمۇ ئاجايىپ قاچىدۇ دەڭا، — سۇئېللېن جاۋاب بېرىۋېتىپ فىرانكقا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ھەممەيلەن تاماقخانىدىن چىققاندا فىرانك ئەتەي كەينىدە قېلىپ سكارلېتنى يېڭىدىن تارتتى.

— سىز بىلەن ئايرىم سۆزلەشسەم بولامدۇ؟

سكارلېت ئۇنى ئۇلاغلارنىڭ گېپىنى قىلامدىكىن دەپ بىردىنلا ئالاقزادە بولدى. يەنە دەررۇلا ئېسىگە كېلىپ، شۇنداق بولۇپ قالسا دېيىدىغانغا يالغان گەپتىن بىرنى دەررۇلا ئويلاپ

قويدى.

ھەممەيلەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككىسى تام مەشنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇشتى. فىرانكىنىڭ بايىقى خۇشال كەيپىياتى يوق، بەئەينى بىر بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. يۈزى ئورۇق ھەم قارا، تارانىڭ ئىپتىمزلىقلىرىدا ئۇچۇپ يۈرگەن يوپۇرماقلا ئوخشايتتى. سېرىق ساقاللىرى شالاڭ، ئانچە ـ مۇنچە ئاق كىرگەن، خىيالى بىر يەردە ئەمەس، ساقىلىنى سىلاپ تۇراتتى. بىر چاغدا يالغان يۆتىلىپ قويۇپ، ناھايىتى غەمكىن ھالدا گەپ باشلىدى:

— ئاپىڭىز ئۇچۇن بەكمۇ قايغۇردۇم، سىكارلېت.

— ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىسىڭىز.

— دادىڭىزمۇ... شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ.

— شۇنداق، ئۇ... ئۇنىڭ مېڭىسى تازا جايىدا ئەمەس، بۇنى ھېس قىپسىز.

— ئېللېن خانىمنىڭ كەتكىنى ئېغىر كەپتۇ.

— كېنىنېدى ئەپەندى، ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىسىڭىز...

— كەچۈرۈڭ، سىكارلېت خانىقىز، — ئۇ سەل جىددىيلەشكەندەك پۇتلىرىنى پات ـ پات يۆتكەپ تۇرۇۋاتاتتى، — ئەسلىدە دادىڭىز بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشمەكچىدىم، ھازىر قارىسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— بەلكىم مېنىڭ سىزگە ياردىمىم تېگىپ قالار، كېنىنېدى ئەپەندى. كۆرۈپ تۇرۇپسىز... ھازىر مەن ئائىلىنىڭ غوجايىنى.

— ئۇمۇ بوپتۇ، مەن... — فىرانك گەپكە تەمشىلىپ بولۇپ ئارقىدىن يەنە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ قالدى، — مەن... مەن، سىكارلېت خانىقىز، دادىڭىزدىن سۇئېللېن خانىقىزنى سورىماقچىدىم.

— سىز ماڭا، — سىكارلېت خۇشال تولاپ كەتتى، — سۇئېللېن توغرۇلۇق دادامغا تېخى ئېغىز ئاچمىغانلىقىڭىزنى دېمەكچىمۇ؟ سۇئېللېنىنىڭ كەينىگە چۈشكىنىڭىزگىمۇ

بىرنەچچە يىل بولغانغۇ دەيمەن.
فىرانك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ نومۇسچان ھەم قورقۇنچاق كىچىك بالىغا ئوخشاش، نېمە دېيىشىنى بىلمەي كۈلۈپ تۇراتتى.
— قارالڭ، مەن... مەن ئۇنىڭ مېنى يارىتىدىغان ـ ياراتمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن ئۇنىڭدىن جىق چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە... تارا قورۇقىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن چىرايلىق يىگىتلەرمۇ كۆپ.
«ھىم، — ئويلىدى سكارلېت، — ئۇلار ئۇنى ئەمەس، مېنى دەپ تارانى ئايلىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ.»
— ئۇنىڭدىن ئۆزۈم توغرۇلۇق سوراپمۇ باقمىغان، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمنى چوقۇم چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن. مەن... مەن ئۇخارا ئەپەندىنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك، دەپ ئويلايمەن، شۇڭا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچىمەن. سكارلېت خانقىز، ھازىر قولۇمدا بىر تىيىن پۇل يوق. بۇرۇن پۇلۇم جىق ئىدى، بۇنداق گەپنى قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ. ھازىر بىر ئات بىلەن ئۈستۈمدىكى مۇشۇ كىيىملىرىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق. ئارمىيەگە قاتنىشىدىغان چاغدا زېمىنلىرىمنى سېتىۋېتىپ، ھەممە پۇلۇمغا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ قەرز چېكىنى سېتىۋاپتىكەنمەن. ھازىر ئۇ چەكلەرنىڭ نېمە قىممىتى قالدى دەيسىز. ئۇ چەكلەرمۇ شىماللىقلار ھەدەمنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندە ئۆي بىلەن تەڭ كۆيۈپ تۈگىدى. يېنىمدا بىر تىيىن پۇل يوق تۇرۇپ سۈئېللېن خانقىزغا توي قىلىش تەلىپىمنى قويۇشنىڭ قانچىلىك قاراملىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن... قانداق قىلىمىز، شۇنداق بولۇپ قالدۇق. بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ماڭىمۇ ھازىر ئاخىرقى زامان يېتىپ كەلگەندەكلا بىلىنىدۇ. بىزدە ھېچقانداق ئىشقا قارىتا ئىشەنچ يوق. شۇڭا... شۇڭا، توي قىلىدىغانلىقىمىزنى پۈتۈشۈۋالساق، سۈئېللېن ئىككىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر تەسەللى

بولۇپ قالارمىكىنمۇ دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇنى باقالىغۇدەك بولغاندا، ئاندىن توي قىلساق، ئەمما ئۇنىڭغا يەنە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەگەر ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قىممىتى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سۇئېللېن خانقىزنىڭ ھېچقانداق نەرسە بولمىسىمۇ بايلاردەك ياشايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئاددىي ۋە دەبدەبىلىك ئىدى، ئۇ گەپلەر قىزىق تۇيۇلغان بولسىمۇ، سكارلېت يەنىلا ئۇ گەپلەردىن تەسىرلەندى. ئۇ دۇنيادا سۇئېللېننى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى قانداقلا قىلىپ بولسۇن ئەقىلگە سىغدۇرالمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ سىڭلىسى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، غەلىتە بىر مەخلۇق ئىدى، دائىم خەقلەردىن ئاغرىنىپلا يۈرەتتى. ئادەم تەرىپلەپ بېرەلمەيدىغان يەنە بىر غەلىتە مىجەزى... ئىنتايىن جاھىل ئىدى.

— كېننېدى ئەپەندى، — دېدى ئۇ سىلىق ئاھاڭدا، — بۇ ياخشى گەپ ئىكەن، بۇ ئىشقا دادامنىڭ ئورنىدا مەن جاۋاب بەرسەممۇ بولىدۇ. دادام سىزنى بەكمۇ چوڭ بىلەتتى ھەم سۇئېللېننىڭ سىز بىلەن توي قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

— راستىمۇ؟ — فىرانك ئىتتىكلا سورىدى، چىرايىدا خۇشاللىق ئويناپ تۇراتتى.

— ئەلۋەتتە، راست، — جاۋاب بەردى سكارلېت سوغۇق كۈلۈپ قويۇشتىن ئۆزىنى ئاران بېسىپ. گېرالدنىڭ تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ، سۇئېللېنغا: «قانداق، خانقىز! سىزنىڭ ھېلىقى ئوت يۈرەك يىگىتىڭىز كۆڭلىدىكىنى تېخى دېمىدىمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆزۈم سوراپ باقامدىمەن يا؟» دەپ توۋلىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قالغانىدى.

— مەن بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭدىن سوراپ باقاي. — دېدى كېننېدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ گۆشلىرى ھاياجاندا تارتىشىپ كېتىۋاتاتتى، — سىز بەكمۇ ئوبدان قىز جۇمۇ، سكارلېت، —

ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ سىكارلېتنىڭ قولىنى تۇتۇپ سىلكىپ كەتتى.

— ئۇنىڭغا دەپ قويااي، سىز بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى سىكارلېت مېھمانخانا ئۆيگە كېتىۋېتىپ. مېلانىيە ئۇ يەردە پىيانىنو چېلىۋاتاتتى. پىيانىنودىن راستلا ئاۋاز قاچاتتى، ئەمما يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ئاڭلىناتتى. مېلانىيە كۆپچىلىككە باشلامچى بولۇپ: «ئاڭلا، خەۋەرچى پەرىشتىلەر ناخشا ئېيتماقچى !» دېگەن ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى.

سىكارلېت ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالدى. ئىككى قېتىم بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ، بۇگۇنكىدەك ۋەيرانچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ بۇ قەدىمكى ۋە چىرايلىق مۇناجاتنى ئېيتىشى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. سىكارلېت بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېنىنېدىغا:

— سىز بايا، ماڭا ئاخىرقى زامان يېتىپ كەلگەندەك بىلىنىدۇ، دېدىڭىز، نېمە ئۇچۇن شۇنداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— راستىنى ئېيتااي، — دېدى كېنىنېدى سەل دۇدۇقلاپ، — ئەمما مەن دېگەن گەپلەر بىلەن خانىم - قىزلارنى قورقۇتمايسىز. ئۇرۇش ئۇزاققا بارمايدۇ. قوشۇننى تولۇقلايدىغان ئەسكەر مەنبەلىرى ئەمدى يوق، قوشۇندىن قېچىۋاتقانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئويلاپ باقماسىز، كىشىلەر ئۆز ئۆيلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاچ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندە، يىراق جايلاردىكى ئۇ ئازابلارغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ شۇڭا ئۇلار قېچىپ كېلىپ ئۆيلىرىگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ. مەن ئۇلارنى ئەيىبلىمەيمەن، ئەمما بۇ ئەھۋاللار قوشۇننى ئاجىزلىتىۋەتتى. ئەسكەرلەر ئاچ قورساق قانداق ئۇرۇش قىلالىسۇن؟ ئۇلارغا بەرگۈدەك ئاشلىق يوق، مەن بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشىنىمەن. چۈنكى، مەن قوشۇنىمىز ئۇچۈن ئاشلىق يىغىپ يۈرگەن ئادەم. ئاتلانتانى قايتۇرۇۋالغاندىن بېرى نۇرغۇن جايلارغا ئاشلىق

يىغقىلى باردىم. ئەمما، يىغقان ئاشلىقىمىز بىر ۋاخ تاماققا دال بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ساۋاننانىڭ جەنۇبىغا ئۈچ يۈز ئىنگلىز مىللى كېلىدىغان رايونلاردىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت. ئەسكەرلىرىمىز ئاچ، تۆمۈر يول ئۈزۈلگەن، يېڭى قوراللار يوق، ئوق ـ دورىلارمۇ يېتىشمەيدۇ. ئاياغ تىككۈدەك خۇرۇممۇ تېپىلمايدۇ... مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ مەن ئاخىرقى زاماننىڭ كېلىشىنى ھېس قىلغان.

جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسىدىكى بۇ خىرەلىك سكارلېتنىڭ نەزىرىدە ئانچە ئېغىرمۇ ئەمەس ئىدى، ئەڭ ئېغىرى ئاشلىقنىڭ يوقلۇقى ئىدى. سكارلېت پوركنى ئات ھارۋا بىلەن سىرتلارغا ئاشلىق، كىيىم تىكىدىغان رەخت تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىپ بېقىشنى ئويلاپ باقتى. ئەمما ئات ھارۋا بولمىسا... ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر يەردە بولىدىغان ئەھۋال كىشىنى ئېيتقاندەك بولسىمۇ...

ئەمما، ماكون تېخى قولدىن كەتمىدى، ئۇ يەردە چوقۇم ئاشلىق بار. بۇ ئادەملەرنى تىنچ ـ ئامان يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن پوركنى ماكونغا ئەۋەتىپ باقسۇنمىكىن. ئاتنى ئەسكەرلەرنىڭ تارتىۋېلىش خەۋپى بولسىمۇ قانداق قىلىدۇ، بىر ئۇرۇنۇپ باققۇلۇق، بۇ قارامىلىقنى قىلمايمۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— كېيىنىدى ئەپەندى، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئۇ گەپلەرنى قىلمايلىلا، — دېدى سكارلېت، — سىز ئاپامنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن سۇئېلىنغا دەپ قوياي، ئىككىڭلار شۇ يەردە پاراڭلىشىڭلار... يالغۇز پاراڭلاشساڭلار كۆڭلۈڭلاردىكى گەپلەرنى دېيىشەلەيسىلەر.

كېيىنىدى قىزىرىپ، كۆلگەن بويى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. سكارلېت ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئىچىدە: «بۇلار ھازىر توي قىلالمايدىغان بولدى ـ دە. ئىست ! توي قىلىپ ئۇنى ئەكەتكەن بولسا تاماق يەيدىغان بىر ئېغىز ئازىياتتى» دەپ ئويلىدى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

ئىككىنچى يىلى 4 ـ ئايدا گېنېرال جونستون قايتىپ كېلىپ، ئۆزى ئىلگىرى قوماندانلىق قىلغان قوشۇننىڭ قېلىپ قالغان ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، شىمالىي كارولىناغا كەلگەندە شىماللىقلارغا تەسلىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشقانلىقى جاكارلاندى. بۇ خەۋەر تاراغا ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تارالىقلار ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىپ كەتتى. پورك ماكوندىن ئېلىپ كەلگەن كۆكتات ئۇرۇقلىرى بىلەن كېۋەز ئۇرۇقلىرىنى يەرگە چېچىش كېرەك ئىدى. پورك ئۇرۇق، ئۆي قۇشلىرى، گۆش، سۇرگۆش ، قوناق ئۇنى، ئۇنىڭدىن باشقا رەخت دېگەندەك نەرسىلەرنى بىر ھارۋىغا لىق بېسىپ كەلگەن بولغاچقا، قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئىشلىمەي، ئەتىدىن ـ كەچكىچە تاراغا قايتىپ كەلگۈچە قانداق جاپا تارتقانلىقىنى، بۇزۇلغان تۆمۈر يوللاردىن، خەتەرلىك جىرالاردىن، چاتقاللىقلاردىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ يۈرۈۋاتاتتى. ئۇ بەش ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭغىچە سىكارلېت زادىلا خاتىرجەم يۈرەلمىدى. لېكىن، ئۇ لىق بىر ھارۋا نەرسە ئېلىپ ھەم پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇپ كەلگەن بولغاچقا، سىكارلېت ئۇنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كەتمىدى. بۇنچە كۆپ پۇلنى ياندۇرۇپ كەلگىنىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپىنى پۇلغا ئالمىغان، بۇنى سىكارلېت سەزدى. پوركنىڭ قارىشى بويىچە، ئىگىسى يوق ئۆيلەردىكى، كاتەكلەردىكى، گەمىلەردىكى نەرسىلەرگە پۇل خەجلەش يۈز كېتىدىغان ئىش ئىدى.

يەيدىغان نەرسىلەر بولغاندىن كېيىن، ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراش ھەرىكەتكە كەلدى. ھەممە ئادەمگە ئىش بار ئىدى، بولغاندىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى، مەڭگۈ تۈگەتكىلى بولمايتتى. بۇلتۇرقى كېۋەزلەرنىڭ غوللىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ يەرنىڭ يۈزىنى ئېچىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتى قوشقا كۆنمىگەن ئات بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن يەر ھەيدەش تەسكە چۈشۈۋاتاتتى. باغدىكى ياۋا كوكاتلارنى يۇلۇۋەتمىسە كۆكتات تېرىغىلى بولمايتتى. ئوتۇن يېرىش، شىمالىلىقلار بۇزۇۋەتكەن ئېغىلنى باشقىدىن ياساش، ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان قاشالارنى قايتا بەرپا قىلىش كېرەك ئىدى. پورك قويغان قاپقانلارنى كۈندە ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرمىسا، دەرياغا تاشلاپ قويغان قاماقلاردىكى يەمچۈكلەرنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا يەنە بولمايتتى. ئىشقىلىپ، ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى ئىشلار توشۇپ تۇراتتى. ھەتتا ۋادىنىڭمۇ ۋەزىپىسى بار بولۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە سېۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوچاققا ئوتۇن تېرىپ كېلەتتى.

تەسلىم بولغانلىق خەۋىرىنى فونتائىننىڭ ئۇرۇش تۈگەپ بىرىنچى بولۇپ ئۆيگە قايتقان بالىلىرى ئېلىپ كەلدى. ئالېكسىنىڭ پۇتىدا ئۆتۈك بار، پىيادە، تونى يالاڭ ئاياغ، قېچىرنى ياۋىداق مىنىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار تۆت يىل جاپادا يۇرۇپ ئورۇقلاپ، قارىداپ كېتىپتۇ، ئۇرۇشتىن ئېلىپ كەلگەن قاپقارا ساقاللىرى قوشۇلۇپ، پۈتۈنلەي ناتونۇش ئادەملەر قىياپىتىگە كىرىپ قاپتۇ.

ئۇلار مىموسادىكى ئائىلىسىگە تېزرەك يېتىپ بېرىشقا ئالدىراپ تۇرۇۋاتقاچقا، تارادا بىر پەسلا تۇردى. قىزلارنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن جەنۇبنىڭ تەسلىم بولغانلىق خەۋىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپلا كېتىپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەن، ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولۇپ، ئەمدى ئۇلارنى ئويلاشنىڭ پەقەتلا ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ بىلمەكچى بولغان نەرسىسى مىمۇسانىڭ كۆيگەن ياكى كۆيمىگەنلىكى بولدى. يولدا كەلگۈچە دوستلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا بولغان ئىشەنچلىرى ئاساسەن قالمىغانىدى. قىزلاردىن خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېنىك تىنىشتى. سىكارلېت ساللىنىڭ ئات بىلەن چېپىپ كېلىپ شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغانلىقىنى، ئاندىن قاشادىن ئېتىنى سەكرىتىپ ئۆتۈپ ئۆيى تەرەپكە چېپىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندە بولسا، يانپاشلىرىغا ئۇرۇپ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئۇ ھەقىقەتەن يۈرەكلىك قىز، — دېدى تونى، — ئەمما شور پېشانە. جويمۇ ئۆلۈپ كەتتى. سىلەرنىڭ ئۆيدە چەككۈدەك تاماكا يوقمۇ، سىكارلېت؟

— يوق، توشقان تاماكىسىدىن[①] ئازراق بار. دادام ئۇنى قوناق شېخىنى غاڭزا قىلىپ چېكىدۇ.

— مەن تېخى ئۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالمىدىم، — دېدى تونى، — ئەمما ئاز كۈندىن كېيىن ئۇنىمۇ چېكىشىم مۇمكىن.

— دىمىتى مۇنرو ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئالېكس سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ. شۇندىلا سىكارلېت ئۇنىڭ ساللىنىڭ سىڭلىسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— ھە، ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ، ھازىر ئۇ ھاممىسى بىلەن فايېتتېۋىلدا، ئۇلارنىڭ لوۋېجويدىكى ئۆيىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانسىز. ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماكوندا.

— ئۇ، دىمىتى باتۇر پىدائىيلارنىڭ بىرەرسى بىلەن توي

---

① توشقان تاماكىسى — ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي قىسمىدا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ يەرلىك شېۋىسى. ئۇ جايلاردا توشقانئوت دەپ ئاتىلىدىغان پۇراقلىق ئوتلار تۈرىگە كىرىدىغان بىر خىل ياۋا ئوت بار. ئۇنىڭ پۇرىقى ياخشى بولغاچقا، تاماكا ئورنىدا چەككىلىمۇ بولىدۇ.

قىلىپ كەتتىمۇ، يوق، شۇنى بىلمەكچى، — دېدى تونى چاقچاق قىلىپ. ئالېكس ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— ئۇ ھېچكىم بىلەن توي قىلمىدى، — دېدى سىكارلېت ئۇنى خۇشال قىلىپ.

— ئۇ توي قىلىپ كەتسىمۇ بوپتىكەن، — دېدى ئالېكس غەمكىن ھالدا، — بۇ ئىپلاس دۇنيادا... كەچۈرۈڭ، سىكارلېت، ئۆيدىكى نېگىرلارنىڭ ھەممىسى ئازاد قىلىنىپ كەتسە، ئۇلاغلارمۇ يوق بولسا، يانچۇقتا بىر تىيىن پۇل بولمىسا، خەقنىڭ قىزىغا توي قىلىمەن دەپ قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ؟

— دىمىتى ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپمۇ كەتمەيدۇ، — دېدى سىكارلېت. ئالېكس فونتانىڭ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەن يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە بولمىغاچقا، ئۇ چىن كۆڭلى بىلەن دىمىتىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىۋاتاتتى.

— شۇنداقتىمۇ، يۈزنى قېلىن قىلىپ ئولتۇرىۋېرىغان ئىش يوق - دە. سىزدىن يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورايمەن، سىكارلېت. ئەسلىدە مەن بۇنداق قوپال گەپنى قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، موماي ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا تېرەمنى تەتۈر سويىدۇ. مەن ھەر قانداق قىزدىن بىر دىۋانىگە تېگىشنى تەلەپ قىلالمايمەن. ئۇ ھېسابلاشمىغان بىلەن مەن ھېسابلىشىمەن - دە.

سىكارلېت ئۇ ئىككىسى بىلەن پېشايۋاندا تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، مېلانىيە، سۇئېللېن، كاررىنلار تەسلىم بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ بولۇپلا ئۆيگە كىرىپ كېتىشكەنىدى. يىگىتلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، سىكارلېت ئاپىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، قىزلارنىڭ شۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى كۆردى. ھەممە نەرسە، ئۇلار ياخشى كۆرگەن ۋە ئىنتىزار بولغان شېرىن خىياللار، دوستلىرى، ئاشىقلىرى، ئەرلىرى جانلىرىنى سېلىپ بەرگەن ئىزىملار پۈتۈنلەي تۈگەشكەنىدى. ئۇلار ئۇ ئىزىمنى مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى، ئەكسىچە مەڭگۈگە مەغلۇپ بوپتۇ.

ئەمما، سىكارلېت ئۇچۇن ئۇ ئىشلار يىغلىغۇدەك ئىشلار ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا بىرىنچى بولۇپ: خۇداغا شۇكۇر، ئەمدى بىزنىڭ كالىمىز بىلەن ئېتىمىزنى ھېچكىم ئوغرىلاپ كەتمەيدىغان بولدى. كۈمۈش قاچىلىرىمىزنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ، ھەممەيلەنگە قوشۇق - ۋىلكىلارنى تارقىتىپ بەرسەك بولغۇدەك. قورقۇشنىڭ ئورنى قالماپتۇ، ھارۋىمىزغا ئولتۇرۇپ، باشقا يەرلەرگە يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ بارساقمۇ بولىدىغان بوپتۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

ئاھ، ئەمدى نېمىدېگەن راھەت! بۇنىڭدىن كېيىن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىساق بۇرۇنقىدەك قورقۇپ يۈرمەيمىز، كېچىلىرى ئويغىنىپ كېتىپ، ھويلىدا شىماللىق ئالۋاستىلارنىڭ ئادەملىرى بارمۇ، يوق، دەپ قۇلاقنى يەرگە يېقىپ تىڭشايدىغان ئىشمۇ ئەمدى بولمايدۇ. ئادەمنى ھەممىدىن خۇشال قىلىدىغىنى، تارانىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئامانلىقى ئىدى.

شۇنداق، جەنۇبنىڭ ئىزمى ئۆلدى، ئەمما سىكارلېت ئۇرۇشقا ئۆچ، تىنچلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. يۇلتۇزلۇق بايراقنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغلاردىمۇ ئۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھاياجانلىنىپمۇ كەتمەيتتى، جەنۇبنىڭ ئارمىيە مارشىنى ئاڭلىسىمۇ، ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارىتا ئالاھىدە ئېتىقاد سەزمەيدۇ، ئۇنىڭ نامراتلىقىنىڭ دەردىنى ئۆلگۈدەك تارتقانلىقى، شەھەر مۇھاسىرىدە بولغان چاغلاردىكى ۋەھىمە ۋە ئاخىرقى بىر نەچچە ئايدىكى ئاچارچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگەنلىكلىرى قانداقتۇر بىرخىل تەلۋە ھېسسىياتنىڭ كۈچىدىن ئەمەس ئىدى. باشقا ئادەملەر بولسا ئاشۇنداق ھېس - تۇيغۇنىڭ تەسىرى بىلەن ھەممە نەرسىگە بەرداشلىق بېرەتتى، ئۇلار ئۇچۇن ئىزم ئەمەلگە ئاشسىلا بولاتتى. ئەمدى ھازىر ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ھەممە نەرسە تۈگىدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن يىغلاش ھاجەتسىز.

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، تۈگىمەس جەڭلەر، ھېچكىم چاقىرمىسىمۇ ئۆزى كەلگەن ۋە قارشى ئېلىنمايدىغان ئۇ

ئۇرۇشلار ئۇنىڭ ھاياتىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئوتتۇرىدا ئىنتايىن چوڭقۇر بىر ئىز قالدۇرغان، ھەتتا ئۇنى ئىلگىرىكى غەمسىز كۈنلىرىنى ئېسىگە تەستە ئالالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ چىرايلىق سىكارلېتنىڭ ماراكەش ئۆچكىسىنىڭ تېرىسىدە تىكىلگەن ئەپچىل، يارشىملىق توپلەي كىيىپ يۈرىدىغان، ۋۇجۇدىدىن تەبىئىي خۇش پۇراق چېچىلىپ تۇرىدىغان قىز ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالايتتى، لېكىن، يەنە شۇ قىزنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپمۇ قالاتتى. ئۇ چاغلاردا پۈتۈن ناھىيەدىكى يىگىتلەر ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلەيتتى، يۈزلەپ قۇللار خىزمىتىدە بولاتتى، كەينىدە تارا قورۇقىنىڭ بايلىقى تايانچ ئىدى، ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئاتا - ئانىسى ئاغزىدىن چىققىنىنى قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ دۇنيادا ئاشلېيدىن باشقا، ئۆزى يېتەلمەيدىغان ئارزۇنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

تۆت يىللىق ئەگرى - بۈگرى مۇساپىلەردىن كېيىن، ۋۇجۇدى خۇشبۇي پۇراپ تۇرىدىغان، پۇتلىرىدا چىرايلىق توپلىيى بار ئۇ قىز ئاستا - ئاستا يوقاپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا كۆك كۆزلىرى پارقىراپ چەكچىيىپ تۇرىدىغان بىر ئايال قالدى. بۇ ئايال نۇرغۇن قارا ئىشلارنى قىلدى، جاپالارنى چەكتى. ئۇنىڭغا پۇتلىرى ئاستىدىكى ۋەيران قىلىنىپ كەتكەن قىزىل تۇپراقلىق يەردىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى.

شۇ تۇرقىدا ئۇ كارىدوردا قىزلارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ، كۆڭلىدە باشقىچە پىلان.

«بىز كېۋەزنى ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىنمۇ كۆپ تېرىشىمىز كېرەك. پوركنى ئەتە ماكوندىن ئۇرۇق سېتىۋېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىمەن، ئەمدى شىماللىق ئالۋاستىلار كېلىپ پاختىمىزنى كۆيدۈرەلمەيدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئۇچۇنمۇ ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز. ئى، ئوبدان ئاللا ئىگەم، بۇ يىل كۈزدە ئاسمان - پەلەك پاختا ئاتا قىلغايسەن.»

ئۇ ئاپىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، يىغلاۋاتقان قىزلار بىلەن كارى بولماي ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ، قولىدىكى پۇلغا يەنە قانچىلىك ئۇرۇق سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاشقا باشلىدى.

«ئۇرۇش توگىدى !» ئۇ شۇ خىيال بىلەن بىردىنلا جانلىنىپ قولىدىكى قەلەمنى قويۇپ قويدى. ئۇرۇش توگىدى، ئاشلىيىمۇ... ئاشلىپى ھايات بولسا چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ ! ئىزىم ئۇچۇن ماتەم تۇتۇپ ئولتۇرغان مېلانىيە بۇنى ئويلىغانمىدۇ؟

«بىز پات ئارىدا ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالىمىز... ياق، خەت ئەمەس، خەت ئالمايمىز، تېز ئارىدا... ئاھ، تېز ئارىدا ھەممىنى بىلىمىز.»

• لېكىن، كۈنلەر، ھەپتىلەر ئۆتۈپ كەتتى، ئاشلىيىدىن تېخىچە خەۋەر يوق. جەنۇبنىڭ پوچتا يوللىرى تېخى راۋانلىشىپ كەتمىدى، يېزىلاردا تېخىمۇ يوق. ئاتلانتادىن كېلىۋاتقان بىر ئادەم پىتتىپ ھاممىدىن كەلگەن ئىككى ئىلىك خەتنى تاشلاپ بېرىپ كەتتى. ئۇ خېتىدە قىزلارنى تېزرەك قايتىپ كەلسەڭلار، دەپ يېلىنىپتۇ، ئەمما ئاشلىيىدىن ئۇچۇر يوق.

جەنۇب تەسلىم بولغاندىن كېيىن، سىكارلېت بىلەن سۇئېللېننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات تالىشىپ بىرمۇنچە جېدەل بولۇپ، ئاخىر پارتلاش دەرىجىسىگە يەتتى. سۇئېللېننىڭ قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كەلگۈسى، دوستلىرى بىلەن بۇرۇنقىدەك بېرىش ـ كېلىش قىلغۇسى كېلەتتى، لېكىن سىكارلېت قاتتىقلىق قىلىپ ئاتنى ئۇنىڭ مىنىشىگە بەرمەيتتى، ئات ئورماندىن ئوتۇن توشۇيدۇ، يەر ئاغدۇرىدۇ، پورك ئۇنىڭ بىلەن سىرتلارغا چىقىپ ئاشلىق سېتىۋالىدۇ، ئات بىكار ئەمەس، دەيتتى. يەكشەنبە كۈنلىرى ئاتنى چوقۇم دەم ئالدۇراتتى. سۇ ئېللېننىڭ قوشنىلارنىڭكىگە بېرىپ دوستلىرىنى كۆرۈپ كەلگۈسى بولسا پىيادە بارسۇن !

سۇئېللېن مۇشۇ كەمگىچە پىيادە يۈز قەدەممۇ مېڭىپ باقمىغان قىز تۇرسا، شۇنچە ئۇزۇن يولنى پىيادە ماڭ دېيىش

سەل ئەقىلگە سىغمايتتى. شۇڭا، سۇئېللېن ئەتىدىن كەچكىچە ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ يۈردى، بەزىدە يىغلاپ جېدەل قىلدى. بىر قېتىم: «ئاپام ھايات بولغان بولسا ئوبدان بولاتتى» دېۋىدى، سىكارلېت ئۇنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالدى، سالغاندىمۇ قاتتىق سالدى. سۇئېللېن يىغلاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىدى، باشقىلارمۇ قورقۇپ كەتتى، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن سۇئېللېننىڭ جېدىلى ئازايدى، ھېچبولمىغاندا، سىكارلېتنىڭ ئالدىدا يىغلىمايدىغان بولدى.

سىكارلېتنىڭ ئاتىنى دەم ئالدۇرماقچى بولغىنى راست. لېكىن، يەنە باشقا سەۋەبمۇ بار ئىدى. جەنۇب تەسلىم بولغان دەسلەپكى ئايدا ئۇ ھارۋىغا ئاتنى قوشۇپ پۈتۈن ناھىيەدىكى قوشنىلار ۋە دوستلارنىڭ ئۆيلىرىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققان، شۇ جەرياندا، ئۇ تەرەپلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، ئەمما ئىشەنچى خېلىلا تەۋرىنىپ قالغانىدى.

فونتائىننىڭ ئۆيىدىكىلىرى ساللىنىڭ ئۇيان - بۇيان توختىماي قاتراپ تۇرۇشى بىلەن باشقا ئەھۋالى ناچار قوشنىلىرىغا قارىغاندا قەدىر ئەھۋال ياشاۋاتاتتى. موماي ئاشۇ قېتىمقى ئوت ئۆچۈرۈشتە قاتتىق كۆچەپ كەتكەچكىمۇ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ ھازىرغىچە ياخشى بولالماي ياتاتتى. قېرى فونتائىن دوختۇرنىڭ بىر قولى كېسىلىپ كەتكەنىكەن، تېخىچە ياخشى بولماپتۇ، ئالېكس بىلەن تونى ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا جىق خام ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئون ئىككى توخۇسى، ئىككى كالىسى، بەش چوشقىسى، ئالېكسلار مىنىپ كەلگەن ھېلىقى قېچىرى بار ئىكەن، بىر چوشقىسى يېقىندا ئۆلۈپ قاپتۇ، باشقىلىرىمۇ كېتىپ قالارمۇ دەپ ھەممىسى ئەندىشىدە ئىكەن. سىكارلېت بۇ ئىككى يىگىتنىڭ چوشقا توغرۇلۇق قىلىشقان جىددىي پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. بۇ ئاچچىق كۈلكە ئىدى، بۇرۇنلاردا بۇ ئىككى بەگزادە

ئەڭ مودا گالستۇكلار ئۈستىدە پاراڭ قىلىشاتتى، تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئەزەلدىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ باقمىغانىدى.

مىمۇسادا ھەممىسى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇرۇقلۇققا قوناقنى سېتىپ ئەمەس بىكارغا بەرمەكچى بولۇشتى، جەنۇبنىڭ پۇلىدىن بىر قەغەزنى ئۈستەلگە قويۇپ قويغانىدى، زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى. سىكارلېت ئامالسىز قوبۇل قىلىپ، بىر ئامېرىكا دوللىرىنى ئوغرىلىقچە ساللىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ساللى سەككىز ئاي ئىلگىرى كۆرۈشكەن چاغدىكىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا ئورۇق، چىرايى سېرىق بولسىمۇ خېلى تېتىك ئىدى. ھازىر خۇددى جەنۇب ئارمىيەسىنىڭ تەسلىم بولغانلىقى بىلەن پۈتۈن ئارزۇ - ئۈمىدلىرى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەندەك، شۇ چاغدىكى تېتىكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— سىكارلېت، — دېدى ئۇ سىكارلېت بەرگەن پۇلنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — قىلغان ئىشلىرىمىزدىن نېمە نەتىجە كۆردۇق؟ نېمىشقا بۇ ئۇرۇشنى قىلدۇق؟ ئاھ، بىچارە جوي! بىچارە بالام!

— نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشقانلىقىمىزنى مەنمۇ بىلمەيمەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن كارىممۇ يوق، — دېدى سىكارلېت، — قىلچە قىزىقىپمۇ كەتمەيمەن، بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدىم. ئۇرۇش ئەرلەرنىڭ ئىشى، ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مېنىڭ ئويلايدىغىنىم كېۋەزدىن تېخىمۇ كۆپ ھوسۇل ئېلىش، بۇ بىر دوللارغا ئوغلىڭىزغا كىيىم ئېلىپ بېرىڭ. خۇدا بىلىدۇ، ئۇنىڭغا كىيىم كېرەك. قونىقىڭلارنى بىكارغا ئالسام بولمايدۇ، ئالېكس بىلەن تونىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت.

ئىككى يىگىت كېلىپ ئۇنى ھارۋىغا يۆلەپ چىقىرىپ قويدى. كىيىملىرى ئاۋارە بولسىمۇ يەنىلا ئەدەپلىك، فونتائىن ئائىلىسىگە مۇناسىپ ھالدا قىزغىن، تېتىك ئىدى. ئەمما سىكارلېت ئۇلارنىڭ نامرات ھالىتىنى كۆرۈپ، مىمۇسادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە كۆڭلى بىئارام بولۇپ يۈردى.

كادى كالۋېرتلارنىڭ ئۆيى پىنى بالومدا ئىدى. سىكارلېت بۇرۇن ئۇ يەرگە پات ـ پات تانسىلارغا باراتتى، سىكارلېت پەلەمپەيدىن چىقىپ كادىنىڭ ياتما ئورۇندۇقتا ياتقانلىقىنى كۆردى. چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، توختىماي يۆتىلەتتى، تىزىغا ئۇزۇن بىر شارپىنى قويۇۋېلىپ ئاپتاپسىنىپ ياتاتتى، سىكارلېتنى كۆرۈپلا چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. ئازراق سوغۇق تېگىپ قاپتۇ، مەيدەم چىڭقىلىپ تۇرىدۇ، دەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى.

كاسلېن كالۋېرت سىرتتا بىرسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆيدىن چىقىپلا سىكارلېتنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىنى كۆردى، سىكارلېتمۇ شۇئان ئۇنىڭ چىرايىدىن يۈرىكىدىكى ئۈمىدسىزلىكنى كۆرگەندەك بولدى. بۇنى كادى سەزمىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كاسلېن سەزدى، بۇ يەر شۇنچىلىك قالايمىقان، ھەممە يەرنى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ كەتكەن، ئۆيلەر ۋەيرانە، رەتسىز ھەم مەينەت ئىدى، كاسلېنمۇ ئورۇقلاپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ئاكا ـ سىڭىل ئىككىسى، شىماللىق ئۆگەي ئانىسى ۋە ئۇنىڭ تۆت قىزى، شىماللىق ھېلتون دېگەن ھېلىقى نازارەتچى ھەممىسى مۇشۇ كونا ۋە غەلىتە ئاۋاز چىقىپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە تۇرۇۋېتىپتۇ. سىكارلېت ھېلتونغا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى نازارەتچىسى جوناس ۋىلكېرسونغا ئوخشاش تونۇشتا ئىدى، ھازىر ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئازراقمۇ ھۆرمەت قىلماي، خۇددى تەڭتۇشلىرى بىلەن كۆرۈشكەندەك كۆرۈشكەنىدى.

— ھېلتون ئەپەندى بەك ئوبدان، بۇ يەردە قېلىپ قېلىپ بۇ جاپالىق كۈنلەرنى بىز بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى، — دېدى كالۋېرت خانىم قاتتىق تەسىرلەنگەندەك تەلەپپۇزدا. ئاندىن بىر چەتتە تۇرغان ئۆگەي قىزىغا قاراپ قويدى، — بەلكىم سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، شېرمان كەلگەندە ئۇ ئىككى قېتىم بىزنىڭ بۇ

ئۆيلەرنى ساقلاپ قالدى. ئۇ بولمىغان بولسا قانداق قىلاتتۇقكىن، بىر تىيىن پۇلىمىزمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە كادىي...

كادىينىڭ تاتىرىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. كاسلىينمۇ ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ ئىستىتىك يەرگە قارىۋالدى. سىكارلېت ئۇلارنىڭ مۇشۇ شىماللىق نازارەتچىنىڭ قولىغا قاراپ قالغىنى ئۇچۇن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇلارغىمۇ ئامال يوق ئىدى. كالۋېرت خانىم ئۆزىنىڭ نېمە دەپ خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇپ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ دائىم خاتا گەپ قىلاتتى ھەم بۇ جەنۇبلۇقلارنى جورجىيەدە ياشاۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولغان بولسىمۇ پەقەتلا چۈشەنمەيتتى. بۇرۇنقى خوتۇنىدىن بولغان بۇ ئىككى بالىنىڭ ئالدىدا قانداق گەپلەرنى قىلسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ھازىرغىچە بىلەلمەي كېلىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى، كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ، بۇ جاھىل، ناتونۇش ئادەملەردىن يىراق جايغا، شىمالغا كەتمەكچىمۇ بولغانىدى.

سىكارلېت بۇ بىرنەچچە ئائىلىگە بارغاندىن كېيىن، تارلېتونغا بارغۇسى كەلمەي قالدى، ئۇلارنىڭ تۆت ئوغلى يوق، ئۆيلىرى كۆيۈپ كەتكەن، ئۆزلىرى نازارەتچىسىنىڭ كىچىككىنە ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان تۇرسا ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلار؟ بىراق، سۇئېللېن بىلەن كاررىن بارايلى دەپ تۇرۇۋالغاچقا، مېلانىيەمۇ، تارلېتون ئەپەندى ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن تۇرسا بارمىساق قوشنىدارچىلىققا توغرا كېلەمدۇ، دېگەچكە، سىكارلېت بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇلارنى ئېلىپ تارلېتونغا باردى.

ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ھەممىدىن ئېچىنىشلىق ئىدى.

ئۇلار تارلېتونلارنىڭ ئۆيىنىڭ خارابىلىكلىرى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تارلېتون خانىمنىڭ ئۇچىسىدا ئات مىنگەندە كىيىدىغان كونىراپ كەتكەن كىيىملىرى، قولتۇقىدا ئېگەر، بىر ياغاچ قاشانىڭ ئۇستىدە يىراققا تىكىلىپ غەمكىن

ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. يېنىدا ئىچ مايماق بىر نېگىرمۇ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئات كۆندۈرگۈچىسى ئىدى. ئۇمۇ غوجايىنىغا ئوخشاش غەمكىن ئىدى. بۇرۇن بۇ قورۇ تامنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن شوخ تايلار، بايتاللار چېپىشىپ يۈرەتتى، ھازىر بۇ يەردە تارلېتون ئەپەندى ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن مىنىپ كەلگەن قېچىردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

— مېنىڭ ئۇ ئەتىۋارلىقلىرىمنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى، ئۆزۈمنى نەگە قويۇشۇمنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى تارلېتون خانىم قاشانىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋېتىپ. بۇ گەپنى ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاڭلىسا، چوقۇم ئۆلۈپ كەتكەن تۆت ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، تارا قورۇقنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭ ئاتلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايتتى، — مېنىڭ ئۇ چىرايلىق ئاتلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. ئاھ، مېنىڭ بىچارە نېللىيىم! شۇ بولغان بولسىمۇ مەيلى ئىدى. ھازىر ئاشۇ قوتۇر قېچىردىن باشقا ھېچنېمە يوق! ئاشۇ قوتۇر قېچىردىن باشقىسى قالمىدى، — ئۇ قېچىرنى ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىپ، ئاندىن ئۇ ئورۇق قېچىرغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى، — ئۇ نەسىللىك ئاتلىرىمنى ئويلىسام، بۇ قېچىرغا قاراپ ئۆزۈمنى ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. قېچىر دېگەن شەكلى ئۆزگەرگەن ھايۋان، ئەسلىدە ئۇنى باقماسلىق كېرەك ئىدى.

جىم تارلېتون يۈز - كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەچكىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ نازارەتچىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ قىزلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ھەممىسى بىلەن قىزغىن سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ياماق كىيىملەرنى كىيىشكەن تۆت قىزىمۇ كەينىدىن چىقىپ كەلدى. چىقىۋېتىپ ئۇن نەچچە تايغانغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ تايغانلارمۇ يات خەقلەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قاۋاشقان پېتى يۈگۈرۈپ

چىقىشقانىدى. بۇ ئائىلىدىكىلەر ئۇلارنى مەجبۇرىي قارشى ئېلىۋاتقاندەك كەيپىياتتا بولدى، بۇ كەيپىيات مىموسادىكى ئازابلىق، پىنني بىلۇمدىكى ئۆلۈك كەيپىياتقا قارىغاندا سىكارلېتنىڭ ۋۇجۇدىنى سوۋۇتۇپ غەلىتىلا قىلىپ قويدى.

ئۇلار سىكارلېتلارنى يېقىندىن بېرى بىزنىڭكىگە مېھمان ئاز كېلىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالدۇق، پاراڭلىشىمىز، دەپ چۈشلۈك تاماققا تۇتۇۋالدى. سىكارلېتنىڭ بۇيەردە پەقەتلا تۇرغۇسى يوق ئىدى، بۇ يەرنىڭ كەيپىياتى ئۇنىڭ كەيپىنى بۇزۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما مېلانىيە بىلەن ئىككى قىزنىڭ بىردەم تۇرغۇسى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تۆتى تاماققا ئولتۇرۇپ قالدى.

تاماق ئاددىي بولسىمۇ كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن كۆڭۈللۈك يېيىلدى. تارلېتوننىڭ قىزلىرى ياماق ياماشنىڭ ئەپچىل ئۇسۇللىرىنى سۆزلىگەندە، خۇددى قىزىق بىر ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك ھەممىسى كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. مېلانىيەمۇ تارا قورۇقىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى ئوبرازلىق ۋە قىزىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىغا ھەيران قالدى، ئەمما ئۆزى ھېچنېمە دېمىدى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ چاقچاق قىلىدىغان ئۇ يارامىلىق تۆت يىگىت بولمىغاچقىمۇ، سىكارلېتقا ھېچنېمە تېتىمىدى.

كاررىن تاماق ئۈستىدە كۆپ گەپ قىلمىدى، تامىقىنى يەپ بولۇپلا تارلېتون خانىمنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاشقا باشلىدى. تارلېتون خانىمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى، چىرايىدىكى كۈلكىمۇ ئۆچتى، كاررىننىڭ ئىنچىكە بېلىدىن قۇچاقلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سىكارلېتنىڭ بۇ يەردە تېخىمۇ تۇرغۇسى كەلمەي ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئۇلار باغقا چىقىدىغان تار يول بىلەن كېتىۋاتاتتى. سىكارلېت ئۇلارنى قەبرىستانلىققا كېتىۋاتىدۇ، دەپ

پەرەز قىلدى. تارلېتون خانىم چاندۇرماي ئۆزىنى چىدامىلىق قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان چاغدا، كاررىن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆيدىن باشلاپ چىقىپ يىگىتلەرنىڭ قەبرىلىرى بار تەرەپكە ئېلىپ ماڭىدۇ؟

ئارچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەبرىلەرنىڭ ئىككىسىنىڭ قەبرە تېشى يېڭى ئىدى، يامغۇردا ئۇلارغا ئازراقمۇ قىزىل توپا چاپلىشىپ قالمىغانىدى.

— بۇ قەبرە تېشىنى ئېخى ئۆتكەن ھەپتە ئورناتتۇق، — دېدى تارلېتون خانىم مەغرۇر ھالدا، — تارلېتون ئەپەندى ماكونغا بېرىپ شۇ يەردىن ھارۋىغا بېسىپ ئەكەلدى.

قەبرە تېشىغا قانچىلىك پۇل كېتەر؟ سكارلېت ئەمدى بۇ يىگىتلەر ئۈچۈن بايىقىدەك ھەسرەت چېكىپ كەتمىدى. قورساققا يەيدىغانغا تاماق تاپالماۋاتقان چاغدا، بىر قەبرە تېشى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ پۇل خەجلىسە ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئادەم ھېسداشلىق قىلمايدۇ - دە. ھەربىر تاشقا ئويغان خەتمۇ ئاز ئەمەس، خەت قانچە كۆپ ئويۇلسا كېتىدىغان پۇلمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. قارىغاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ مېڭىسى ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۈچ بالىسىنىڭ جەسىتىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ ئاز پۇل خەجلىمىگەندۇ؟ بويدىنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى ھازىرغىچە تاپالمايۋاتاتتى.

بىر پىنت بىلەن ستۇئارتنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قەبرە تېشى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا: «ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئوماق ۋە شاد يىگىتلەر ئىدى، ئۆلگەندىمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلمىدى» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

يەنە بىر قەبرە تېشىدا بويد بىلەن تامنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭدىن باشقا لاتىنچە «Du - lce et» دېگەن خەتلەر تۇراتتى، سكارلېت ئۇ خەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى. ئۇ فايېتتېۋىل قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇغان چاغلىرىدا، لاتىن يېزىقى دەرسىدىن بىزار بولۇپ دائىم ئۇ دەرستىن قاچاتتى.

مۇشۇ تاشلارغا خەجلىگەن پۇللىرى بىكارغىلا كېتىپتۇ - دە! تازىمۇ دۆت نېمىلەر ئىكەن! سىكارلېت خۇددى ئۆزىنىڭ پۇلىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەندەك ئىچىدە ئۇلارغا خاپا بولدى. كاررىنىڭ كۆزلىرى بۆلەكچىلا نۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇنى بەكمۇ ئوبدان قىپسىلەر، — دېدى كاررىن بىر قەبرە تېشىنى كۆرسىتىپ.

كاررىن، ئەلۋەتتە بۇنى ئوبدان دەپ بىلىدۇ - دە، چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن تەسىرلىنىدىغان ئادىتى بار.

— شۇ ئەمەسمۇ، — تارلېتون خانىمنىڭ ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى، — بىزمۇ شۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق... چۈنكى ئۇلار بىر ۋاقىتتا دېگۈدەك ئالەمدىن ئۆتتى. ستۇئارت ئەپەندى ئالدىدا كەتتى، ئۇنىڭ تۇغىنى بىرېنت داۋاملىق كۆتۈرۈپ كەينىدىن ماڭدى.

قىزلار ھارۋىغا چىقىپ تاراغا قايتقاندا، سىكارلېت خېلىغىچە گەپ قىلماي، ئۆزى كۆرگەن ئۇ بىرنەچچە ئائىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ ماڭدى ۋە ئىرادىسىگە قارشى ھالدا بۇ ناھىيەنىڭ بۇرۇنقى گۈللەنگەن چاغلىرىنى ئەسلىدى. ئۇ چاغلاردا ھەممە ئائىلىلەردە مېھمان ئۈزۈلمەيتتى، پۇل دېگەن ھەميانلاردا تۇشۇپ تۇراتتى، نېگىرلار توپى بىلەن ئىدى، كېۋەزلىكلەر كۆككۈللەرنى خۇش قىلىپ ئاپپاق يېيىلىپ ياتاتتى.

«يەنە بىر يىلدىن كېيىن بۇ ئېتىزلىقلارنى ئۇششاق قارىغاي كۆچەتلىرى قاپلاپ كېتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئەتراپتىكى ئورمانلىققا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا، — نېگىرلار يوق، شۇڭا قورسىقىمىزغا يەتكۈدەكلا دائىرىدە تېرىقچىلىق قىلالايمىز. نېگىرلارسىز ھېچكىممۇ چوڭ قورۇقلارنى جوڭقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ يەرلەرنى تېرىيدىغان كۈچ يوق، ئورمانلار ئاستا - ئاستا يەرلەرنى يۇتۇپ كېتىپ، يېڭىدىن - يېڭى ئورمانلار پەيدا بولىدۇ، بۇرۇنقىدەك نورغۇن كېۋەزلەرنى تېرىش ئەمدى مۇمكىن

ئەمەس. ئەمدى بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ يېزىلىقلارنىڭ تەقدىرى كېيىن نېمە بولىدۇ؟ شەھەرلىكلەرنىڭ قانداقلا بولسۇن چارىسى بار، ھەرقانداق چاغدا ياشاپ كېتىۋېرىدۇ. ئەمما، بىز يېزىلىقلار يۈز يىل كەينىمىزگە چېكىنىپ كېتىمىز، خۇددى ئەڭ دەسلەپكى بوز يەرلەرنى ئاچقۇچىلارغا ئوخشاش، گەمىلەردە يېتىپ، ئىككى قولىمىزغىلا تايىنىپ بىرنەچچە گېكتار يەرنىلا تېرىيمىز، شۇنىڭغا قانائەت قىلىپلا ياشايمىز.»

«ياق، — سىكارلېت يەنە باشقىدىن روھلاندى، — تارادا ئۇنداق بولمايدۇ، ئۆزۈم قوش ھەيدىسەممۇ مەيلىكى، ھەرگىز ئۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايمەن. پۈتۈن ئىشتات، خالىسا كەينىگە يېنىپ ئورمانلىققا ئايلىنىپ كەتسۇن، ئەمما مەن تارانى كەينىگە ياندۇرمايمەن، پۇلۇمنى قەبرىلەرگە ئىشلىتىدىغان ئۇنداق ئەخمىقانە ئىشنىمۇ قىلمايمەن، ۋاقتىمنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغىنىمىز ئۈچۈن يىغلاپ ئىسراپ قىلىشنىمۇ خالىمايمەن. بىز چوقۇم ياخشى چارىلەرنى تاپىمىز. ھەممە ئادەم ئۆلۈپ تۈگەپ كەتمەيدىغانلا بولسا چارە تېپىلىدۇ. نېگىرلاردىن ئايرىلىپ قېلىش قايغۇرۇپ كېتىدىغانمۇ ئىش ئەمەس. ھەممىدىن يامىنى، ئەرلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياش يىگىتلەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، — بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە تارلېتون ئائىلىسىنىڭ تۆت ئوغلى ۋە ئاتلانتادىكى ۋاقىتتا ئۆلگەنلەرنىڭ تىزىملىكىدە كۆرگەن ئادەملەر كېلىپ قالدى، — قېلىپ قالغان ئەرلەر يېتەرلىكلا بولسا بىر ئامالىنى قىلغىلى بولىدۇ. بىراق...»

ئۇشتۇمتۇت ئۇ باشقا بىر ئىشنى، يەنى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ توي قىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ قالدى. ياق، ئۇ ئەمدى ياتلىق بولمايدۇ. ئۇنى كىم ئالىدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق خىيال - ھە!

— مېلانىيە، — دېدى ئۇ، — سىزچە، جەنۇبلۇق قىزلار كېيىن قانداق قىلار؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— شۇنداق دېگىنىم بولمامدۇ. ئۇلارنى ئالىدىغان ئەرلەر بولمىسا كېيىن قانداق قىلىشار؟ مېلانىيە، پۈتۈن يىگىتلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن بولسا، مىڭلىغان قىزلار مەڭگۈ قېرى قىز بولۇپ ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟

— مەڭگۈ بالا يۈزىمۇ كۆرمەيدۇ دەڭا، — دېدى مېلانىيە ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىدى.

بۇنداق خىيال سۇئېللېن ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ھارۋىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ بىردىنلا يىغلاپ كەتتى. مىلاد بايرىمىدىن كېيىن ئۇ فىرانىك كېننېدىنىڭ خەۋىرىنى پەقەتلا ئالالمىغانىدى. پوچتا يوللىرى ئېچىلماي شۇنداق بولۇۋاتامدۇ ياكى ئۇ ئۇنى ئالداپ قويۇپ ئېسىدىن چىقىرىۋەتتىمۇ، بىلمەيتتى. بەلكىم ئورۇشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قۇربان بولۇپ كەتكەندۇ، شۇنداق بولغان بولسا ئۇنتۇپ قالغىنىدىن ياخشىراق بولاتتى، چۈنكى قۇربان بولغان مۇھەببەت دەبدەبىلىكرەك بولىدۇ ـ دە، خۇددى كاررىن بىلەن ئىندىيا ۋىلكېسلارنىڭكىگە ئوخشاش. ئۇنداق بولماي ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتسە، ئۇ مۇھەببەتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ.

— خۇدا ھەققى، يىغلىمىساڭچۇ؟ — دېدى سىكارلېت بىزار بولۇپ.

— سىلەر نېمە دېسەڭلار بولىۋېرىدۇ، — دېدى سۇئېللېن ئېسەدەپ تۇرۇپ، — سىلەر توي قىلغان، باللىرىڭلار بار، ھەممە ئادەم سىلەرنىڭ ئەرگە تەگكىنىڭلارنى بىلىدۇ. مەنچۇ؟ سىلەر شۇنچىلىك ئەسكى، ئادەمنىڭ بېشىغا دەرد كەلگەندە، قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولدى دەپ زاڭلىق قىلىسىلەر. نېمىدېگەن يىرگىنچلىك ئادەملەر سىلەر.

— ھوي، بولدى قىل! مەن ساڭا ئوخشاش چاۋىلداق قىزلارنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئۇ سېرىق ساقال بوۋىيىڭ ئۆلمىدى، كېلىپ سەن بىلەن توي قىلىدۇ، ئۇ كاللىسى يوق بىر نېمە. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، مەڭگۈ قېرى قىز بولۇپ ئۆتسەممۇ

ئۇنىڭدەك ئادەمگە ھەرگىز تەگمەيتتىم.

ھارۋىنىڭ كەينى تەرىپى ئاخىر جىمىدى، كاررىن ھەدىسىنى بەزلەپ، خىيالى باشقا ياقتا، دولىسىغا بوش ئۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالىمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە، ئۈچ يىلدىن ئىلگىرى بىرىنت تارلېتون ماڭغان يوللارغا كەتكەن، ھازىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىۋاتقاندەك شېرىن خىياللار ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەندى. بىردىنلا ئۇنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.

— ھەي، بىزنىڭ چىرايلىق يىگىتلىرىمىزنىڭ ھەممىسى يوق بولسا جەنۇب نېمە بولۇپ كېتەر، — دېدى مېلانىيە كۆڭلى يېرىم بولۇپ، — ئۇلار ھازىر ھايات بولغان بولسىچۇ، ئۇ چاغدا قانداق بولار بولغىيدى؟ بىز ئۇلارنىڭ جاسارىتىدىن، كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسەتلىرىدىن تولۇق پايدىلانغان بولاتتۇق — سىكارلېت، بىز بالىلىرىمىزنى ئۇبدان تەربىيەلەپ، ئاشۇ باتۇر يىگىتلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ چىقىدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

— ئۇلاردەك ئادەملەر ئەمدى چىقمايدۇ، — دېدى كاررىن بوش ئاۋازدا، — ھېچقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھارۋىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىشتى.

بىر كۈنى كۈن پاتارغا يېقىن كاسلېن ئۈشتۈمتۇتلا تاراغا كېلىپ قالدى. ئاستىدا سىكارلېت كۆرگەن ھېلىقى ئورۇق قېچىر بار ئىدى. قېچىر شۇنچىلىك ئاۋارە، ئارانلا ماڭاتتى. كاسلېنمۇ قېچىرنىڭ ئۈستىدە خۇددى قېچىرغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئۈستىدىكى ئۆڭۈپ كەتكەن چاقماق كۆڭلىكى خىزمەتكارلارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پاسونىدا تىكىلگەن كۆڭلەك ئىدى. ئۇ قېچىردىن چۈشمەي پېشايۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى. كۈننىڭ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان سىكارلېت بىلەن مېلانىيە ئىتتىك پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. كاسلېننىڭ چىرايى سىكارلېت ئۆتكەندە كۆرگەن كادىنىڭ چىرايىدەك سولغۇن، سۇرۇن ئىدى، ئەمما قېچىرنىڭ

ئۈستىدە ئىلىپتەك تۈپتۈز ئولتۇراتتى، بېشىمۇ غادىيىپ تۇراتتى.

سكارلېت ۋىلكېسلارنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتكۈزگەن ھېلىقى باراۋەتتە كاسلىن ئىككىسىنىڭ رېت باتلېر توغرۇلۇق سۆزلەشكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ چاغدا كاسلىن چىرايلىق، تېتىك قىز ئىدى، ئۈستىدە چىرايلىق ھاۋارەڭ شايى كۆڭلەك، مەيدىسىدە قىزىلگۈل، پۇتىدا چىرايلىق توپلەي. ھازىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇ چاغدىكى كاسلېندىن ھېچقانداق ئىز قالمىغانىدى، قالغىنى قېچىر ئۈستىدىكى قېتىپ تۇرغان گەۋدە ئىدى.

— مەن پەسكە چۈشمەي، رەھمەت سىلەرگە، — دېدى ئۇ، — مەن سىلەرگە توي قىلماقچى بولغىنىمنى ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم.

— نېمە؟

— كىم بىلەن توي قىلىسىز؟

— كاس ئاجايىب ئۇلۇغ قىز جۇمۇ سەن!

— قاچان توي قىلماقچى؟

— ئەتە، — جاۋاب بەردى كاسلېن. ئاۋازى تەمكىن، ئەمما يەنە ئازراق غەلىتىلىكمۇ بار ئىدى. چىرايىدىكى كۈلكىمۇ شۇئان ئۆچتى، — ئەتە تويۇم بولىدىغانلىقىنى سىلەرگە ئېيتىپ قوياي دەپ كەلدىم، جونېسبورودا... ئەمما سىلەرنى تويۇمغا چاقىرالمايمەن.

ئۇلار بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇنىڭغا جىمجىت قارىشىپ قويدى.

— بىز تونۇيدىغان ئادەممۇ، سۆيۈملۈكۈم؟ — سورىدى مېلانىيە سۆز ئېچىپ.

— شۇنداق، — كاسلېن ئاددىيلا جاۋاب بەردى، — ھېلتون ئەپەندى.

سكارلېت ھەيران قېلىپ بىر ئېغىز زۇۋان سۇرەلمەي تۇرۇپلا قالدى. كاسلېن مېلانىيەگە قاراپ بوش، ئەمما قوپال

ئاۋازدا، تۇيۇقسىزلا:

— مىلانىيە، ئەگەر سىز يىغلايدىغان بولسىڭىز، مەن چىدىيالمايمەن، ئۆلۈپ كېتىمەن! — دېدى.

مىلانىيە گەپ قىلماي كاسلېننىڭ ئۆزەڭگىدىكى پۇتىنى سىلاپ تۇرۇۋالدى.

— پۇتۇمنىمۇ سىلىماڭ، ئۇنىمۇ كۆتۈرەلمەيمەن.

مىلانىيە قولىنى پەسكە چۈشۈردى، ئەمما بېشىنى كۆتۈرمىدى.

— ئەمدى مەن ماڭاي. سىلەرگە مۇشۇ ئىشنى دەپ قويغىلى كەلدىم، — ئۇنىڭ سېرىق چىرايى يەنە تۈرۈلۈپ كەتتى.

— كادىي قانداقراق؟ — دەررۇ سورىدى سىكارلېت. ئۇ ئېسىنى يوقىتىپ، خېلىغىچە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغانىدى. بىردىنلا شۇ گەپ ئېسىگە كېلىپ، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى شۇ گەپ بىلەن بۇزغان بولدى.

— ئۇ ئۆلەي دەپ قالدى، — يەنە شۇنداق ئاددىيلا جاۋاب بەردى كاسلېن. گېپىدە ھېسسىيات دېگەن نەرسە يوق ئىدى، — مەن ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالساملا، ئۇ خاتىرجەم ئۇ دۇنياغا ماڭىدۇ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ماڭا قارايدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرىمەيدۇ. ئۆگەي ئانام بالىلىرىنى ئېلىپ شىمال تەرەپكە كەتمەكچى. ماقۇل، مەن كەتتىم.

مىلانىيە بېشىنى كۆتۈرۈشىگە كۆزلىرى كاسلېننىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مىلانىيەنىڭ كىرپىكلىرى ياش بىلەن نەملەنگەن، كۆزلىرىدە چوڭقۇر ھېسداشلىق. كاسلېن ئۇ كۆزلەرنى كۆرۈپ، يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان كىچىك بالىغا ئوخشاش، لەۋلىرىنى ھىمىرىپ تۇرۇپ كۈلگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى. سىكارلېت بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، كاسلېن كالۋېرتنىڭ بىر نازارەتچىسى بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى كاللىسىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى. كاسلېن باي ئائىلىنىڭ قىزى ئەمەسمىدى؟ قىزلارنىڭ ئىچىدە

سكارلېتتىن قالسىلا شۇ ئىدىغۇ؟ كەينىگە چۈشكەن يىگىتلەرمۇ ھەرقانداق قىزنىڭكىدىن كۆپ ئەمەسمىدى؟

كاسلىن ئېڭىشىپ، مېلانىيە پۇتىنىڭ ئۇچىغا دەسسەپ تۇرۇپ ئىككىسى سۆيۈشتى. ئاندىن كاسلىن تىزگىنىنى قاتتىق بىر سىلكىگەنىدى، قېچىر شۇئان مېڭىپ كەتتى.

مېلانىيە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققان پېتى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. سكارلېت ھازىرغىچە بۇ ئىشقا ھەيران ئىدى.

— مېلانىيە، ئۇ ساراڭ بوپتىمۇ نېمە؟ ئۇنىڭ ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

— سكارلېت، ياخشى كۆرۈش دېگەن بۇ قورقۇنچلۇق گەپنى ھەرگىز تىلغا ئالماڭ. ئاھ، بىچارە كاسلىن! بىچارە كادي!

— يوق گەپنى قىلماڭچۇ! — دېدى سكارلېت ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ. مېلانىيە ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭغا قارىغاندا چوڭقۇر ئويلاپ كېتەتتى، بۇنىڭغا سكارلېت چىدىمايتتى. سكارلېتنىڭ قارىشىچە، كاسلىننىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق، ئەمما يامانمۇ ئىش ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، شىماللىق بىر نامرات ئادەم بىلەن توي قىپتۇ دېسە ئاڭلىماققا غەلىتە ئاڭلىنىدۇ. لېكىن، بىر قىز بالا ئۆزى يالغۇز شۇنچە چوڭ قورۇقتا قانداق ياشايدۇ؟ ئەرگە تېگىپ قورۇقنىڭ ئىشلىرىنى ئېرى بىلەن بىللە باشقۇرۇشى كېرەك - دە.

— مېلانىيە، مەن ئالدىنقى كۈنى دېگەندەك، ھازىر قىزلار تاللىغۇدەك يىگىتلەر يوق، شۇڭا بارىغا شۈكۈر قىلىش كېرەك - دە.

— توي قىلماي ئۆتۈپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟ قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇشمۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەسقۇ؟ پىتتىي ھاممامۇ بىر ئوبدان يۈرۈۋاتامدۇ. شۇڭا مەن كاسلىننىڭ ئۇنداق ئەرگە تەگكىنىدىن ئۆلگىنى ياخشى دەپ ئويلايمەن، كادىمۇ جەزمەن شۇنداق ئويلايدۇ. ئەمدى ئويلاپ باقساڭ، ئۇ ئۇ ئادەم بىلەن توي

قىلسا كالۋېرت ئائىلىسى پۈتۈنلەي تۈگەشمەمدۇ؟ ئۇنىڭ... ئۇلارنىڭ بالىلىرى نېمە بولماقچى، ئاھ، سكارلېت، پوركنى چاپسان ئات بىلەن ئەۋەتىڭ، ئۇنى ياندۇرۇپ كەلسۇن، ھەممىمىز مۇشۇ يەردە بىللە ئۆتەيلى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — سكارلېت ۋارقىراپ كەتتى، مېلانىيەنىڭ تارانى ئىگە - چاقىسىزلارنى يىغىۋالىدىغان يەرگە ئايلاندۇرماقچى بولغىنىغا قاتتىق ھەيران قالدى. سكارلېتنىڭ ئەمدى ئارتۇق بىر ئادەمنىمۇ باققۇسى يوق ئىدى. ئۇ شۇ گەپنى دېمەكچى بولدى - يۇ، مېلانىيەنىڭ ساراسىمە ئىچىدە قالغان قىياپىتىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— ئۇ كەلمەيدۇ، مېلانىيە، — دېدى ئۇ گېپىنى ئۆزگەرتىپ، — سىزمۇ ئۇنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسىز. ئۇ بەكمۇ كۆرەڭ قىز، ئۇنداق قىلىشىڭىز، ئەكسىچە سىزنى، ماڭا سەدىقە بەرمەكچى بوپتۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

— بۇمۇ راست، توغرا! — دېدى مېلانىيە تېڭىرقاپ قېلىپ. كاسلېنىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل توپا يىراقلاپ ئاستا - ئاستا يوقاپ كېتىۋاتاتتى.

«سىزنىڭ بىز بىلەن تۇرۇۋاتقىنىڭىزغىمۇ بىرنەچچە ئاي بولدى، — ئويلىدى سكارلېت قېيىنئاچىسىغا قاراپ قويۇپ، — مۇشۇ كۈنگىچە باشقىلارغا تايىنىپ ياشاۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمىدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ چۈشەنمەي ئۆتۈپ كېتىسىز. ئۇرۇش سىزنىڭ كاللىڭىزنى ئۆزگەرتەلمىدى، شۇڭا ئوي - پىكىر ۋە ھەرىكەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى خۇددى ئارىدا ھېچقانداق ئىشلار يۈز بەرمىگەندەك بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا كېتىۋاتىدۇ، بىز سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ھازىرمۇ شۇنداق باي، ئاشلىقىمىز كۆپ، سەرلەپ، جىڭلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، قانچىلىك مېھمان كەلسىمۇ كېرەك يوق. قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە سىزدىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن، ئەمما ئۇستىلەپ كاسلېنىنىمۇ باقالمايمەن.»

# ئوتتۇزىنچى باب

ئۇرۇش ئاياغلاشقان يىلى يازدا تاراغا كېلىدىغان ئادەملەر بىردىنلا كۆپىيىپ كەتتى. بىرنەچچە ئايغىچە كىيىملىرى جۇل - جۇل، يۈز - كۆزلىرىنى ساقال بېسىپ كەتكەن، قورساقلىرى ئاچ ئادەملەر قىزىل توپىلىق دۆڭدىن ئېشىپلا، تارادا قورسىقىنى بېقىپ، بىر كېچە قونۇپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇدۇل مۇشۇيەرگە كېلىشەتتى. ئۇلار جەنۇبنىڭ قوشۇنىدىن قايتقان ئەسكەرلەر ئىدى. ئۆيىدىكىلىرى بارمۇ، ئۆلۈپ كەتتىمۇ ياكى باشقا جايلارغا قېچىپ كەتتىمۇ كارى يوق، ئالدىراپ يۇرتلىرىغا كېتىشىۋاتاتتى. كۆپى پىيادە ئىدى. ئاز ساندىكىلىرىنىڭ ئاستىدا ئورۇقلاپ كەتكەن ئات ياكى قېچىر بار ئىدى، بۇ ئۇلاغلارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، يېرىم يولغا بارمايلا يىقىلىدىغاندەك ئۇلاغلار ئىدى.

ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىش ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى، بەزىلەر غەمكىن، بەزىلەر خۇشال ئىدى، قىيىنچىلىقلارنى ئويلاپمۇ قويمايتتى، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى، يۇرتىمىزغا بېرىۋالساقلا ياشاشتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ، دەپ بىلەتتى، ئاغرىنىش دېگەننى ئۇقمايتتى، ئاغرىنىش پەقەت ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن ئاتا - ئانىلىرىدىلا بار ئىدى. ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى، ئەمما ئاخىرىدا يېڭىلدى، ئەمدى ئۇلار تىنچ ياشىسا، ئۆزلىرى كۈرەش قىلغان تۇغلىرىنىڭ ئاستىدا تېرىقچىلىق قىلىپ كۈنىنى ئالسىلا بولدى.

ئۆيگە بارىمىز! ئۆيگە بارىمىز! ئۇلار شۇنىڭدىن باشقا ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ قىلمايتتى: ئۇرۇشنىڭ، يارىلانغانلىقلىرىنىڭ، تۈرمىلەردە ياتقانلىرىنىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق

قىلىدىغانلىقلىرىنىڭ گەپلىرىنى زادىلا قىلىشمايتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇرۇشقا بېرىشى مۇمكىن، شۇنىڭغىچە ئۆزلىرىنىڭ قانداق كۈنلەرنى كۆرگەنلىكىنى، قانداق ئاچ قالغانلىقىنى، كېچىلىرى ھەربىي يۈرۈشلەردە قانداق ماڭغانلىقىنى، قانداق يارىلانغانلىقىنى ۋەھاكازالارنى بالىلىرىغا، نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇت ـ قوللىرىدىن ئايرىلغان، بەزىلىرى بىر كۆزىدىن، كۆپى ئوق تېگىپ يارىلانغان. ئەگەر ئۇلار يەتمىش ياشقىچە ئۆمۈر كۆرسە، ھەر قېتىم يامغۇر ـ يېشىن بولغاندا ئوق تەگكەن يەرلىرى ئاغرىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ھازىر كېرەك يوق، كېيىنكىسىنى كېيىن كۆرمەمدۇ.

مەيلى قېرى، مەيلى ياش، مەيلى كەمبەغەل، مەيلى باي بولسۇن، ھەممىسىدە ئىككى خىل نەرسە ئورتاق مەۋجۇت: بىرسى پىت، بىرسى تولغاق. ئۇلار پىتتىن كېلىدىغان بىئاراملىقىقا كۆنۈپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن ئوڭايسىزلىنىپمۇ كەتمەيدۇ، ھەتتا ئاياللارنىڭ ئالدىدىمۇ ھېچقانداق خىجىل بولماي بەدىنىنى قاشلاۋېرىدۇ. تولغاقمۇ شۇنداق. مەيلى ئەسكەر، مەيلى گېنېرال بولسۇن، تولغاق ھېچقايسىسىنى ئاياپ قويمايدۇ. تۆت يىللىق يېرىم ئاچ، يېرىم توق تۇرمۇش، خام ھەم بۇزۇلغان يېمەكلىكلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ كېسەل بىلەن قىيناپ كەلگەنىدى.

— بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە قورسىقى ئاغرىمايدىغان بىرسىمۇ يوق، — دەيتتى قارا بېدىنىڭ يىلتىزىنى قايىنتىپ دورا ياساۋاتقان نېگىرئانا ئۇلارغا قوپاللىق بىلەن باھا بېرىپ. ئېللېن قارا بېدىنىڭ يىلتىزى بىلەن دائىم ئاشۇ كېسەلنى داۋالايدىغانغا دورا ياساپ تۇراتتى، نېگىرئانا ئۇ دورىنى ياساشنى شۇنىڭدىن ئۆگىنىۋالغانىدى، — مېنىڭچە، بىزنىڭ قوشۇنىمىزنى شىماللىق ئالۋاستىلار ئەمەس، ئۆزىمىزنىڭ قورساق ئاغرىقلىرىمىز ۋەيران قىلىۋەتتى. ئەپەندىلەر، ئادەم ئىچى سۈرۈۋاتقاندا ئۇرۇش قىلالامدۇ؟

نېگىرئانا ھەممە ئادەمگە بۇ دورىسىنى ئىچۈرەتتى، ئۇلارمۇ

قورساقلىرى ئاغرىسۇن، ئاغرىمىسۇن، بۇ قارا دورىنى چىرايلىرىنى تۈرۈپ ئۇلتۇرۇپ ئىچىشكە مەجبۇر ئىدى.

نېگىر ئانا قوندىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بەدىنىدە پىت بارلىرىنى تاراغا زادىلا يېقىن يولاتمايتتى، ھەممىسىنى بىر چېلەك سۇ بىلەن ئۆزلىرى ياسىۋالغان سوپۇندىن بېرىپ، يۇيۇنۇپ كېلىشلىرى ئۈچۈن چاتقاللىققا ئەۋەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يوغان بىر قازانغا سېلىپ، پىتلىرى ئۆلۈپ تۈگىگۈچە قاينىتاتتى. قىزلار، بۇ ئەسكەرلەرنى بۇ قىلىقىنىڭ بىلەن نومۇسقا قويدۇڭ، دەپ نارازى بولسا، كېيىن ئۆزۈڭلارنىڭ بەدىنىدە پىت بولۇپ قالسا، نومۇس قىلىش دېگەنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلىسىلەر، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەن ھەر بىر ئەسكەردىن ئاشلىپىنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرەتتى، سۇئىپىللىپىمۇ كېيىنكى ئەپەندىنىڭ خەۋىرىنى تىڭتىڭلايتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھەر قېتىم سۈرۈشتۈرۈشنىڭ نەتىجىسى چىققاندا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېلانىيەگە روھىنى چۈشۈرمەسلىك توغرۇلۇق گەپلەرنى قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئاشلىپى تۈرمىدە ئۆلمىگەن. ئەگەر راستلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، شىماللىقلارنىڭ تۈرمىلىرىدىكى پوپلار بۇلارغا خەت يېزىپ خەۋەر قىلاتتى. ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ تۇرغان تۈرمە بۇ يەرگە ئىنتايىن يىراق. پويىزغا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە كۈندە كېلىدىغان تۇرسا. ئەگەر ئاشلىپىمۇ بۇ ئەسكەرلەرگە ئوخشاش پىيادە كېلىدىغان بولسا... ئەمىسە ئۇ نېمىشقا خەت يازمايدۇ؟ ھوي، قەدىرلىكىم، ھازىرقى پوچتا يوللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەمسىز؟ پوچتا ئەسلىگە كەلگەن يەرلەرمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس، خەتلەرنى يىتتۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرۇۋاتسا، بەلكىم ... بەلكىم ئۇ قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا ئۆلۈپ قالغاندۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مېلانىيە، شىماللىق ئاياللارنىڭ بىرەرسى خەت يېزىپ قويماسمىدى ... شىماللىق ئاياللار، تۇفى ! ....

مېلانىيە، شىماللىق ئاياللارنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشىلىرى بار. شۇنداق، چوقۇم بار. خۇدا پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكى قىلىپ ياراتمايدىغاندۇ. سىكارلېت، ئېسىڭىزدىمۇ، بىز ساراتوكادا شۇنداق ئوبدان بىر شىماللىق ئايالنى ئۇچراتقاندۇققۇ؟ سىكارلېت، مېلانىيە ئىككىڭلار ئۇ ئايال توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرسەڭلەرچۇ!

— قويساڭلارچۇ! — دېدى سىكارلېت جاۋابەن، — ئۇ بىزدىن نېگىرلارنى قوغلاپ تۇتىدىغان قانچە ئىتىڭلار بار؟ دەپ سورىدى. مەن مېلانىيەنىڭ گېپىگە قوشۇلدۇم. مەن شىماللىقلارنىڭ ئىچىدە مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بىرمۇ ياخشى ئادەمنىڭ بارلىقىنى كۆرمىدىم. بىراق، مېلانىيە، يىغلىماڭ، ئاشلېي قايتىپ كېلىدۇ. يول يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە... پۇتىدا ئۆتۈك يوقتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاشلېي يالاڭ ئاياغ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، سىكارلېتمۇ يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. باشقا ئەسكەرلەر پۇتلىرىغا ئەسكى تاغار، ئەسكى لاتىلارنى ئوراپ ئاسقاقلاپ ماڭسا ماڭىدۇكى، ئاشلېي ئۇنداق ماڭمايدۇ. ئۇ ئۇچقۇر ئاتقا مىنىپ، ئۈستىدە چىرايلىق ھەربىي كىيىملەر، پۇتىدا ئاپپاق ئۆتۈك، بېشىدا پەي قىستۇرۇلغان شىلەپە، ئاجايىپ ھەيۋەت - سۆلەت بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئاشلېيىنىمۇ مۇشۇ ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئاۋارە ھالەتتە كېلىدۇ دەپ ئويلاش، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى چۈشۈرگەنلىك.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۈنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئارقا پېشايۋانغا يىغىلىپ، پورك ئالدىراپ تىلىۋاتقان تۇنجى تاۋۇزغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئالدى تەرەپتىكى يولدىن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. پىرىسسىي قاراپ بېقىش ئۈچۈن خۇشياقماي چىقىپ كەتتى. قالغانلار، ئەگەر يەنە بىرەر ئەسكەر كەلگەن بولسا، تاۋۇزنى تىقىپ قويايلى ياكى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا يەيلى، دېيىشىپ، دەتالاش قىلىشىپ

كەتتى.

مېلانىيە بىلەن كاررىن كەلگەن مېھمانغا بىرەر تىلىم بېرىپ قويساق نېمە بولىدۇ، دەپ غودۇراشتى. ئەمما، سىكارلېت سۇئېللېن بىلەن نېگىر ئانىنىڭ قوللىشى بىلەن پوركقا تاۋۇزنى تىقىپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

— ئەخمەق بولماڭلار، قىزلار، بۇ تاۋۇز ئۆزىمىزگە يەتمەيدىغان تۇرسا، تۆپىلەپ ئۇچلا ئەسكەر كېلىدىغان بولسا تېتىپ باقىدىغانغىمۇ يەتمەيدۇ، — دېدى سىكارلېت.

پورك تاۋۇزنى قولىغا ئېلىۋېلىپ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا پىرىسسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي خۇدايىمەي ! سىكارلېت خانقىز، مېلانىيە خانقىز، چاپسان چىقىڭلارچۇ !

— كىم ئىكەن؟ — سىكارلېت خۇشال توۋلىغىنىچە ئالدى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، مېلانىيەمۇ ئىتتىك ماڭدى، باشقىلارمۇ دۈررىدە قوزغالدى.

چوقۇم ئاشلېي ! ئويلىدى ئۇ. بەلكىم...

— پېتتېر تاغام ! پىتتىي هاممامنىڭ ئۆيىدىكى پېتتېر تاغام !

ئۇلار يۈگۈرۈپ ئالدى پېشايۋانغا چىقىپ، پىتتىي هاممىنىڭ ئۆيىدىكى ئېگىز بوي زومىگەرنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بىر ئاتتىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاتقا ئېگەرنىڭ ئورنىدا كۆرپە سېلىنىۋالغانىدى، چىرايىدا ئادەتتىكى سۇر - ھەيۋە ۋە دوستلىرىنى كۆرگەن چاغدىكى خۇشاللىق بار ئىدى.

ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى، ئۇنى - بۇنى سوراشتى. ھەممىدىن مېلانىيەنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ئىدى.

— ھاممام ئاغرىپ قالمىغاندۇ، شۇنداقمۇ؟

— ياق، خانىم، ئازراقلا تاۋى يوق شۇ، — جاۋاب بەردى پېتتېر. ئۇ ئاۋۋال مېلانىيەگە سۈرلۈك قاراپ قويۇپ، ئاندىن

سىكارلىتقا يۈزلەندى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي ھەممەيلەن تۇرۇپلا قالدى. — ئۇنىڭ كۆڭلى تازا ئازادە ئەمەس، ئاۋۋال ئىككىڭلاردىن رەنجىگەن، مەنمۇ ھەم شۇنداق.

— نېمە بولدى، پېتتېر تاغا؟ زادى نېمە ئىش بولدى...

— ئۆزۈڭلارنى ئاقلايمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار. پىتتىي خانقىز سىلەرگە قايتىپ كېلىش توغرۇلۇق خەت يازغانمىدىغۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئۇ خەتنى يىغلاپ ئولتۇرۇپ يازغانلىقىنى كۆرگەن. سىلەر ھېچبولمىغاندا، بۇ كونا ئېكىنزارلىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقان دەپ بولسىمۇ جاۋاب خەت يېزىشقا تېگىشلىك بولماسمىدى؟

— بىراق، پېتتېر تاغا...

— نېمىشقا پىتتىي خانقىزنى ئۇ يەرگە يالغۇز تاشلاپ قويىسىلەر؟ سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزى يالغۇز ياشاپ باققان ئەمەس. ماكوندىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى زادىلا جايىدا ئولتۇرالماي قېلىۋاتىدۇ. ماڭا، ئۇلارغا بېرىپ ئېيت، ئەڭ قىيىن بىر چاغدا ئۇلار مېنى نېمىشقا تاشلىۋېتىدۇ، دېدى.

— بولدى، گەپلىرىنى توختاتسىلا، — دېدى نېگىر ئانا ئاچچىق تەلەپپۇزدا. پېتتېرنىڭ تارانى «كونا ئېكىنزارلىق» دېگىنىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچقانىدى. شەھەردە چوڭ بولغان نېگىرلار قورۇق بىلەن ئېكىنزارلىقنىڭ پەرقىنى چۈشەنمەيتتى، — بىز قىيىنچىلىق تارتىپ باقمىغانمۇ؟ سىكارلېت خانقىز بىلەن مېلانىيە خانقىز بىزنىڭ بۇ يەرگە لازىم ئەمەسمىكەن؟ تازا لازىم. پىتتىي خانقىزغا ئادەم لازىم بولسا، نېمىشقا ئاكىسىغا دېمەيدۇ؟

پېتتېر تاغا ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— ھېنرى ئەپەندى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمىغىنىمىزغا ئۇزاق بولغان، ئەمدى قېرىغاندا ئۇنى ئىزدەمدۇق؟ — ئۇ كەينىگە قايرىلىپ قىزلارغا قاراپ قويدى.

ئۇلار كۆلكىلىرىنى تەستە بېسىپ تۇرۇشۇۋاتاتتى، — سىلەر ياشلار پېتتىي خانقىزنى يالغۇز تاشلاپ قويغىنىڭلار ئۇچۇن نومۇس قىلساڭلار بولىدۇ. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ كۆپى ئۆلۈپ كەتتى، بىر قىسمى ماكونىدا. ئاتلانتاغا بولسا ساپلا شىماللىق ئالۋاستىلار بىلەن ئازاد قىلىنىپ كەتكەن نېگىرلار توشۇپ كەتتى.

ئىككى قىز پېتتىر تاغىنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە غىڭ قىلماي چىداپ تۇردى. پىتتىي هاممىنىڭ ئۆزلىرىنى ئەيىبلىگىنى پېتتىرنى ئەۋەتكەنلىكىگە ھەم ئۇلارنى ئاتلانتاغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىغا كۆلگۈسى كېلىپ، ئۆزلىرىنى باسالماي قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى. پورك، دىلسېي ۋە نېگىر ئانىمۇ تارانى كەمسۇندۇرغان بۇ ئادەمنىڭ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غوجايىنلىرى بىلەن تەڭ كۈلۈشتى. سۇئېللېن بىلەن كاررىنمۇ كۈلكىدىن ئۆزلىرىنى باسالمىدى. ئىشقىلىپ، پېتتىردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشەتتى. پېتتىر ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ قانداق قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى.

— نېمە بولدى، قارا بوۋاي؟ — سورىدى نېگىر ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ، — قېرىپ غوجايىنلىرىنىمۇ مۇھاپىزەت قىلالمايدىغان بولۇپ قاللىمۇ نېمە؟

— مېنى قېرى دەۋاتامسەن؟ — پېتتىر ئۆزىنى ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك ئويلاپ قالدى، — ياق، خانىملار، پېقىر پېتتىي خانقىزنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش مۇھاپىزەت قىلالايدۇ. قاچ - قاچتا ئۇنى ماكونغا مەن مۇھاپىزەت قىلىپ بارغاندىمەن؟ ئۇ يەردە كۈنبويى قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ يۈرگەندىمۇ خىزمىتىدە مەن بولغاندىمەن؟ ئاتلانتاغا قايتىپ كېلىدىغان چاغدا مۇشۇ قېرى ئاتنى تېپىپ، پېتتىي خانقىز بىلەن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان كۈمۈش قاچىلارنى مەن ئاتلانتاغا ئېلىپ كەلگەندىمەن ؟ — پېتتىر قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ

ئۆزىنى ئاقلاپ كېتىۋاتاتتى، — پېقىرنىڭ دەۋاتقىنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، مۇئامىلە مەسىلىسى.

— كىمنىڭ مۇئامىلىسى؟

— پېقىرنىڭ دەۋاتقىنى، پىتتىي خانقىز ئۇ يەردە يالغۇز قېلىۋاتقان چاغدا بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تۇتۇۋاتقان مۇئامىلىسى. بەزىلەر توي قىلماي يالغۇز ياشاۋاتقان ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن ھەر خىل گەپلەرنى تېپىۋاتىدۇ، — پېتتېر پىتتىيپات خۇددى ئۇ ئالتە ياشقا كىرگەن قىز بالىدەك، ئۇنى باشقىلارنىڭ يامان گەپلىرىدىن ساقلاش كېرەكتەك سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — مەن ھېچقانداق ئادەمگە ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدۇرمايمەن. مەن ئۇنىڭغا: «ھازىر سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىز بار، ئۇلار سىزگە ھەمراھ بولۇشقا مۇناسىپ» دېگەنىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. پىتتىي خانقىز ھازىر كىچىك بالىدەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سكارلېت بىلەن مېلانىيە تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى، تولا كۈلۈپ بولالماي پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپمۇ قېلىشتى. ئاخىر مېلانىيە كۆزلىرىدىكى خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— بىچارە تاغا! سىزگە كۈلگىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ. راست گەپنى قىلساق، سكارلېت ئىككىمىز ھازىر قايتىپ كېتەلمەيمىز. 9 ـ ئايلاردا كېۋەزنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن مەن بېرىپ قېلىشىم مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىتتىي ھاممام شۇنچە يىراق يەرگە بىزنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن مۇشۇ ئۆلەرمەن ئاتنى ئەۋەتتىمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن پېتتېر تاغا بىردىنلا شۈمشىيىپ كەتتى، قاپقارا يۈزى خىجالەتچىلىكتە تارتىشىپ باشقىچىلا تۈسكە كىرىپ قالدى.

— مېلانىيە خانقىز، مەن دېدىمغۇ، قېرىپ قالدىم، دەپ. ئۇنىڭ مېنى نېمىگە ئەۋەتكەنلىكىنى سىلەرنى كۆرۈپلا ئۇنتۇپ

قاپتىمەن. ئۇ مۇھىم بىر ئىش ئىدى. مەندىن بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. پىتتىي خانقىز پوچتىغىمۇ، باشقا ئادەملەرگىمۇ ئىشەنمەي، مەخسۇس مەندىن ئەۋەتتى...

— خەت؟ ماڭىمۇ؟ كىمنىڭ خېتى؟

— ھە، ئۇ... پىتتىي خانقىز ماڭا «سەن، پېتتېر، مېلانىيە خانقىزغا پىچىرلاپ دېگىن» دېۋىدى. مەن...

مېلانىيە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىنى چىڭ بېسىۋالدى.

— ئاشلېي! ئاشلېي! ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ!

— ياق، خانىم، ياق، ياق! — پېتتېر توۋلاپ كەتتى ۋە ھەدەپ چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇردى، — ئۇ تىرىك ئىكەن! بۇ شۇنىڭ خېتى، پات ئارىدا قايتىپ كەلگۇدەك. ئۇ... ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنى يۆلىۋېلىڭلار! مەن...

— ئۇنىڭغا تەگمە، قېرى كالۋا! — نېگىر ئانا ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن توۋلاپ، ئولتۇرۇپ قېلىۋاتقان مېلانىيەنى ئۆزى يۆلىۋالدى، — قېرى مايمۇن! بوش دەيمىش تېخى. پورك، ئۇنىڭ پۇتىدىن تۇت! كاررىن، خانىمنىڭ بېشىنى تۇتۇۋېلىڭ، ئۇنى مېھمانخانىغا ئەكىرىپ سافاغا ياتقۇزۇپ قويايلى.

سكارلېتتىن باشقا ھەممە، ئادەم پايپېتەك بولۇپ كەتتى، بەزىلىرىنىڭ قولىدا سۇ، بەزىلىرىنىڭ قولىدا ياستۇق، پۇت - قولى يەرگە تەگمەي كېتىشىۋاتاتتى، پېتتېر تاغا بىلەن سكارلېتنى ھەممىسى ئۇنتۇپ قېلىشتى. سكارلېت خۇددى يەرگە يىلتىز تارتىپ قالغاندەك مىدىر قىلماي تۇراتتى. پېتتېر تاغا ئاشلېينىڭ گېپىنى قىلغاندا يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى، كېلىپ، خۇددى مېلانىيەگە ئوخشاش قورقۇپ تۇرۇپلا قالدى. كۆزلىرى پېتتېرنىڭ قولىدىكى خەتتە ئىدى. پېتتېرنىڭ قارا چىرايى شۇنچىلىك بىچارە، يېڭى كەلگەن چاغدىكى ھەيۋىسىدىن ھېچنېمە يوق ئىدى.

سكارلېت ئىچىدە: «ئۇ ئۆلمەپتۇ! قايتىپ كەلگۇدەك!» دەپ

تۇرۇۋاتسىمۇ، بىر ئېغىز گەپ قىلالماي، قەدىمىنى بىر قەدەممۇ يۆتكىيەلمەي تۇراتتى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭغا خۇشاللىقمۇ، ھاياجانمۇ ئەمەس، چەكچىيىپ قېتىپ قېلىشتەك بىر خىل روھىي ھالەت ئېلىپ كەلگەنىدى. شۇ ئارىدا پېتىر تاغا گەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىراق بىر يەردىن كېلىۋاتقاندەك، غەمكىن ھەم ئادەمگە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— بىزنىڭ ۋېر بور دېگەن بىر تۇغقىنىمىز بۇ خەتنى ماكوندىن پىتتىي خانقىزغا ئېلىپ كەپتۇ. ۋېر ئەپەندى ئاشلېي ئەپەندى بىلەن بىر كامېردا يېتىپتىكەن. ۋېر ئەپەندى بىر يەردىن ئات تېپىپ تېز يېتىپ كەپتۇ، ئاشلېي ئەپەندى پىيادە ئوخشايدۇ، شۇڭا...

سىكارلېت ئۇنىڭ قولىدىن خەتنى ئالدى. كونۋېرتنىڭ سىرتىدا مېلانىيەگە تېگىدۇ، دېگەن خەتلەر تۇراتتى، بۇ پىتتىي ھاممىنىڭ خېتى ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي كونۋېرتنى يىرتقانىدى، ئىچىدىن پىتتىي ھامما قىستۇرۇپ قويغان ئىككى ئىلىك خەت يېزىلغان بىر قەغەز يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى. كونۋېرتتا قاتلاپ قويۇلغان يەنە بىر پارچە خەتمۇ بار ئىدى. پاسكىنا يانچۇقتا كۆپ تۇرۇپ كەتكەچكىمۇ، سىرتى مەينەتلىشىپ ھەم چۆرىلىرى ئازراق يىرتىلىپ كەتكەنىدى. ئاشلېي خەتنىڭ بېشىغا: «جورجىيەنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى سازرا جېئىن خاملتون خانقىز ئارقىلىق جونېسبورو ‹ئون ئىككى كاۋچۇك دەرىخى›، كەنتىدىكى جورجى ئاشلېي ۋىلكېس خانىمغا تېگىدۇ» دەپ يېزىپ قويغانىدى.

ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«سۆيۈملۈكۈم، ئاز كۈندە يېنىڭىزغا يېتىپ بارىمەن...»

سىكارلېتنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار خەتنى داۋاملىق ئوقۇشقا پەقەتلا ئىمكانىيەت بەرمىدى. يۈرىكى كۆكرىكىگە پاتمايۋاتقاندەك بولۇپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى باسالماي، خەتنى

كۆكسىگە مەھكەم باسقان پېتى پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۆدۈل ئاپىسىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. تارادىكى ھەممە ئادەم مېھمانخانىدا مىلانىيەنى ھوشىغا كەلتۈرىمىز دەپ پايپېتەك بولۇپ كېتىشىۋاتسا، سىكارلېت ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ، ئۆزىنى يىرتىق سافاغا تاشلاپ، خەتنى سۆيگەن پېتى يىغلاپ ھەم كۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.

«سۆيۈملۈكۈم، ئاز كۈندە يېنىڭىزغا يېتىپ بارىمەن» دەپ بوش ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى ئۇ.

ئازراق ساۋاتى بار ئادەملەر ئاشلېي قانات چىقىرىپ ئۇچمىسىلا، ئىلىنوستىن جورجىيەگە بىرنەچچە ھەپتە، ھەتتا بىرنەچچە ئايدا يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردىكىلەر ھەر كۈنى ئۇنىڭ يولىغا قارىدى. تارانىڭ يولىدا بىرەر ئەسكەر كۆرۈنسىلا ھەممىسىنىڭ يۈرەكلىرى ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتەتتى، جۇلدۇر چاپان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئاشلېيدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئادەم ئاشلېي بولمىسىمۇ ئاشلېينىڭ خەۋىرىنى ياكى پىتتىنى ھاممىسىنىڭ ئاشلېي توغرۇلۇق يازغان خېتىنى ئېلىپ كەلگەنلەردۇر دەپمۇ ئويلىشاتتى. مەيلى قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك بولسۇن، قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلىسىلا پېشايۋانغا يۈگۈرۈشۈپ چىقاتتى. ئەسكەر كىيىمى كىيگەن بىرسى يولدا كۆرۈنسىلا، ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلار ياكى فېرمىدا تۇرۇۋاتقانلار، ئوتۇن يېرىۋاتقانلار بولامدۇ، ھەممىسىلا ئۆزلىرىنى يۈگۈرۈپ ئۇ ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىشكە ھەقلىق دەپ قارىشاتتى. ئۇ خەت كېلىپ بىر ئايغىچە ئېتىزنىڭ ئىشلىرى ئاساسەن توختاپ قالدى. چۈنكى، ئاشلېي كەلگەندە ئۆيدە بولماي قېلىشنى ھېچكىم خالىمايتتى. بۇنداق ئەھۋالغا قېلىشنى ئەڭ خالىمايدىغىنى سىكارلېت ئىدى، ئۆزىمۇ خاتىرجەم بولمىغاچقا، باشقىلارنى ئەستايىدىل ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلىيالمايتتى.

بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئاشلېيدىن خەۋەر يوق. شۇنىڭ بىلەن تارا قورۇقى يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە ياندى، تەقەززا بولۇپ تۇرغان كۆڭۈللەرمۇ ئىزىغا چۈشتى. لېكىن، سىكارلېت، ئاشلېي يولدا كەلگۈچە بىرەر پالاكەتچىلىككە ئۇچراپ قالغانمىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى. روك ئىسلاند بۇ يەردىن ئىنتايىن يىراق. بەلكىم ئاشلېي تۈرمىدىن چىققاندا ئاجىزلاپ كەتكەن ياكى ئاغرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، يېنىدىمۇ پۇل يوقتۇ. ئۇ ماڭغان يەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جەنۇبقا ئۆچ ئادەملەر. ئەگەر ھازىر ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلگەن بولسا، قولىدىكى ھەممە پۇلنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىمىغۇ، شۇ سەۋەبلىك ھەممە ئادەم ئاچ قالسىمۇ مەيلى ئىدى، ئاشلېي پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە كېلىۋالسىلا بولاتتى.

«سۆيۈملۈكۈم، ئاز كۈندە يېنىڭىزغا يېتىپ بارىمەن.»

ئۇ بۇ گەپنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تۇنجى خۇشاللىقىدا، خۇددى ئاشلېي ئۆزىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولغانىدى. ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسلىدە مېلانىيەنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. مېلانىيە يېقىندىن بېرى ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدا مېڭىپلا يۈرەتتى، خۇشاللىقىدا ناخشا ئېيتىپمۇ قوياتتى. سىكارلېت بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ، نېمىشقا ئاتلانتادا تۇغۇت ئۈستىدىلا ئۆلۈپ قالمىغان بولغىيدى، دەپ ئويلاپ كېتەتتى. ئۆلگەن بولسا ئىشلار پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاشلېي بىلەن توي قىلىۋالاتتى. ئوغلى بېئونى ئاشلېينىڭ ئالدىنقى خوتۇنىنىڭ بالىسى قاتارىدا ئوبدان بېقىپ قاتارغا قوشاتتى. ھەر قېتىم مۇشۇنداق خىياللارنى قىلغاندا، سىكارلېت ئالدىراپ خۇداغا تۇۋا قىلىپمۇ كەتمەيتتى، مېنىڭ مەقسىتىم ئەسلىدە ئۇنداق ئەمەس ئىدى دەپ چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمايتتى، چۈنكى ئۇ ھازىر خۇدادىن ئانچە قورقۇپمۇ كەتمەيتتى.

ئەسكەرلەر داۋاملىق كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، بەزىدە بىرلەپ ـ ئىككىلەپ، بەزىدە يىگىرمە ـ ئوتتۇزلاپ كېلەتتى، ھەممىسىنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى. سىكارلېتقا بۇ ئەھۋال بەزىدە چېكەتكە ئاپىتىدىنمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ مېھماندوستلۇقىغا نەپرەتلىنىپمۇ قالاتتى. ئۇ باي چاغلاردا ئادەتلەنگەن ئادەت بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەرقانداق يولۇچىنى، مەرتىۋىلىك، مەرتىۋىسىز بولسۇن، بىر كېچە قوندۇرۇپ ئېتى بىلەن بىللە ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالاتتى. سىكارلېت ئۇ زامانلارنىڭ ئاللىبۇرۇن يوقالغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۆيدىكى باشقا ئەزالار ئۇنداق قارىمايتتى، ئۇ ئەسكەرلەرمۇ ئۇنداق ئويلىمايتتى، شۇڭا ئۇ ئۇلار يولىغا قاراۋاتقىلى ئۇزاق بولغان مېھمانلاردەك قىزغىن قارشى ئېلىناتتى.

كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنسېرى سىكارلېتنىڭ يۈرىكى قېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار تارا قورۇقىدىكىلەرنىڭ يەيدىغان ئاشلىقىنى، سىكارلېت مىڭ جاپادا تېرىغان كۆكتاتلىرىنى، يىراق يەرلەردىن پۇلغا سېتىۋېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلىرىنى يەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ نەرسىلەر ئاسان قولغا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېلىقى شىمالىلىقنىڭ ھەميانىدىكى پۇللار تۈگىمەيدىغان پۇللار ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۇنىڭدا قوشما ئىشتاتلارنىڭ پۇلىدىن ئازراقلا قالغان، تىللادىنمۇ ئىككىسىلا قېلىپ قالغانىدى. ئۇ نېمىدەپ بۇ ئاچ ئەرۋاھلارنى بېقىۋېرىدۇ؟ ئۇرۇش تۈگەپ ئۇلارنىڭ ئۇنى قوغداش رولىمۇ قالمىدىغۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ پوركقا ئۆيگە كېلىدىغان ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ تامىقىنى قىسىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇق ئورۇنلىنىشقا باشلىغاندا، مېلانىيە ئۆزىگە تېگىشلىك تاماقنى قىسقارتىپ ئەسكەرلەرگە بېرىدىغان بولۇۋالدى. توغۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى.

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، مېلانىيە، — دېدى سىكارلېت مېلانىيەگە خاپا بولۇپ، — سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس تۇرسا،

بىر نەرسە يېمىسىڭىز ئاغرىپ يىقىلمامسىز. ئۇ چاغدا بىز سىزنى كۆتسەك بولىدۇ شۇ. ئۇلار ئاچ قالسا قېلىۋەرمەمدۇ. تۆت يىلغىچە چىدىغان ئادەم ئازراق ۋاقىتقىمۇ چىدايدۇ.

مېلانىيە قايرىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. تىپتىنچ كېلىۋاتقان بۇ كۆزلەردە تۇنجى قېتىم كۈچلۈك ھاياجان ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— ئاھ، سكارلېت، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ. مېنىڭ شۇنداق قىلىشىمغا يول قويۇڭ. سىز مېنىڭ شۇ ئىشىم ئۈچۈن قانچىلىك خۇشال بولىدىغانلىقىمنى چۈشەنمەيسىز. ھەر قېتىم مەن ئاچ قالغان ئۇ ئادەملەرگە ئۆزۈمنىڭ تامىقىمدىن بۆلۈپ بەرسەم، خۇددى قەيەردىدۇر بىر يەردە ماڭا ئوخشاش بىر ئايالنى ئۆزىنىڭ چۈشلۈك تامىقىدىن مېنىڭ ئاشلىقىمغا بۆلۈپ بېرىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

«مېنىڭ ئاشلىقىم.»

«سۆيۈملۈكۈم، ئاز كۈندە يېنىڭىزغا يېتىپ بارىمەن.»

سكارلېت ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مېلانىيە مېھمان كەلگەندە ئۈستەلدىكى تاماقنىڭ مول بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقىدى.

بەزى كېسەل ئەسكەرلەر ماڭالماي يېتىپ قالاتتى. بۇنداق ئىش دائىم بولۇپ تۇراتتى. سكارلېت ئۇلارنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپ كارى بولمايتتى. چۈنكى، ياتىدىغان كېسەل ئەسكەرنىڭ كېلىشى، يەيدىغان بىر ئېغىزنىڭ كۆپەيگىنىدىن، ئۇنى كۈتۈشكە توغرا كەلگەچكە، ئەمگەك قىلىدىغان بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ كېمىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىر قېتىم فايېتتېۋىلغا كېتىۋاتقان بىر ئاتلىق ئەسكەر بۇرۇتى يېڭىلا خەت تارتقان بىر بالىنى ئاتنىڭ ئالدىغا توغرا ياتقۇزۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ھوشىدىن كېتىپ چوڭ يولدا ياتقانىكەن، شۇ يەردىن ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئەكەپتۇ. قىزلار ئۇنى ھەربىي مەكتەپتىن

قوشۇنغا بىرنىشقا مەجبۇر بولغان ئوقۇغۇچى بالا بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. ئەمما، ئۇ بالا سالاھىيىتى ئېنىقلانماي تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى، يانچۇقلىرىدىنمۇ ھېچقانداق يىپ ئۇچى تېپىلمىدى.

ئۇ چىرايلىق بالا بولۇپ، چىرايىدىنلا مەرتىۋىلىك ئائىلىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ مەلۇم بىر يەردە تۇرۇۋاتقان ئاپىسى يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئۇلار ئۇنى ئۆز قەبرىستانلىقىدىكى ئوخارانىڭ ئۇچ ئوغلىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كۆمۈپ قويۇشتى. پورك ئۇنىڭ قەبرىسىگە توپا يۆلەۋاتقاندا، مىلانىيە خۇددى نەدىدۇر بىر يەرلەردە ناتونۇش ئادەملەرنى ئاشلىينىڭ قەبرىسىگىمۇ توپا يۆلەۋاتقاندەك ئويلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ۋىل بېنتېن ئىسىملىك يەنە بىر كېسەل ئەسكەرنىمۇ ھوشىدىن كېتىپ ياتقان يېرىدىن بىرسى ئاتقا توغرىسىغا ياتقۇزۇپ ئەكېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكەن بولۇپ، كېسىلى خېلى ئېغىر ئىدى. قىزلار ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇۋېتىپ، ئۇنىمۇ ھېلىقى بالىغا ئوخشاش ئۇزاققا بارماي ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ دەپ ئويلاشتى.

ئۇنىڭ چىرايى بەزگەك ئادەمنىڭكىدەك تېگى - تېگىدىن سېرىق ئىدى، ھوشسىز ھالەتتە ياتسىمۇ نۇرسىز كۆك كۆزلىرىدىن بىر خىل جاسارەت ۋە مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. بىر پۇتى تىزىدىن كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، ئادەتتىكىدەك ياسالغان ياغاچ پۇت سېلىپ قويۇلغانىدى. ئېنىقكى، ئۇ تاغدا ياشايدىغان كەمبەغەل ئاق تەنلىك ئادەم ئىدى. قىزلار بۇنى قانداق پەرەز قىلىپ بىلدى، بىلىپ بولمايتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ بۇ قىزلار مەنسۇپ بولغان سىنىپقا تەۋە ئادەم ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ ئورنى ئۇلارنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىغا ھېچقانداق دەخلى قىلمىدى.

شىماللىقلارنىڭ تۇرمىسىدە بىر يىل ئازابلانغاندىن كېيىن،

قوپال ياغاچ پۇت بىلەن شۇنچە ئۇزاق يولنى پىيادە مېڭىپ قاتتىق
چارچاپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە چاپلاشقان بەزگەك كېسەللى
بىلەن ئېلىشىشقا پەقەتلا مادارى يەتمەيۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ بىر
نەچچە كۈن كارىۋاتتا ئىڭراپ يېتىپ يەنە بىر قېتىم جەڭگە
قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ بىر قېتىممۇ يا ئاپىسىنى، يا خوتۇنىنى، يا
ئاچا - سىڭىللىرىنى، يا سۆيگىنىنى توۋلاپ باقمىدى، بۇنىڭغا
كاررىن ھەيران قالدى.

— ئادەم دېگەننىڭ بىرەر تۇغقىنىمۇ بولماي قالامدۇ، — دېدى
ئۇ، — ئۇنداق بولسا ئادەمگە خۇددى دۇنيادا بىرمۇ يېقىن
كىشىسى يوقتەك تەسىر بېرىدىكەن.

ئۇ ئورۇق بولسىمۇ، ئەمما جېنى بار ئادەم ئىدى، كۆڭۈل
قويۇپ كۈتۈلگەندىن كېيىن ئاخىر تىرىلىپ قالدى. كۆك
كۆزلىرىنى ئېچىپ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى ئىلغا قىلىشقا
باشلىغاندا، بىرىنچى بولۇپ كاررىننىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدا تەسۋى
سىيرىپ ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى قىزنىڭ ئالتۇن چاچلىرىنى تېخىمۇ
نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى.

— بۇ گەپچە مەن چۈش كۆرمەيتىمەن - دە، — دېدى ئۇ
ئادەتتىكىدەك تەلەپپۇزدا، — سىزگە ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك
كەلتۈرمىگەن بولسام، دەيمەن، خانقىز.

ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تولىمۇ ئاستا
بولدى. ئۇ دېرىزىدىن تالاغا قاراپ جىمجىتلا ياتاتتى، باشقىلارنى
ئاز ئاۋارە قىلاتتى. كاررىن ئۇنىڭ تىنچ ۋە سۆزسىز جىمجىت
ياتقان قىياپىتىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئىسسىقتا
ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي يەلپۈپ ئولتۇرۇشنى پەقەتلا ئېغىر
كۆرمەيتتى.

كاررىن يېقىندىن بېرى كۆپ گەپ قىلمايدىغان، كۈچى
يېتىدىغان ئىشلارنى سۆزسىز جىمجىت ئولتۇرۇپ ئەپچىللىك
بىلەن قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. سىكارلېت ھەر قېتىم

ئىشىكنى چەكمەي كىرگەندە، ئۇنى كارىۋاتنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرەتتى ۋە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىدىغان دەۋرلەر ئۆتۈپ كەتكەن ھازىرقى چاغدىمۇ ئۇنىڭ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغىنىغا خاپا بولاتتى. سىكارلېت ئۇچۇن دىن سودىلىشىش جەريانى ئىدى، ئادەم ئاززاق شاراپەتكە ئىگە بولۇش ئۇچۇنلا ئانچە - مۇنچە ئىبادەت قىلىپ قوياتتى. لېكىن، يەنە خۇدانى كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىدى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا قەرزدار ئەمەسمەن دەپمۇ قوياتتى. شۇڭا، ئۇ كاررىنىنىڭ چۈشتە ئۇخلايدىغان چاغدا ياكى ياماقچىلىق قىلىدىغان ۋاقىتلاردا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئىشتىن قېچىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ رەنجىيتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋىل بېنتېين ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇدەك بولغان چاغدا، سىكارلېت ئۇنىڭ بىلەن شۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدى.

— ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ، سىكارلېت خانىم، — دېدى ئۇ سىكارلېتنى ھەيران قالدۇرۇپ، — شۇنىڭدا ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدىكەن.

— كۆڭلى ئارام تاپىدىكەن؟

— شۇنداق. ئۇ سىزنىڭ ئاپىڭىز بىلەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىبادەت قىلىدۇ.

— ئۇ دېگەن كىم؟

ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرى كىرپىكلىرى ئاستىدىن ئۇنىڭغا بىر خىلدا تىكىلىپ تۇراتتى، چىرايىدىن ھېچقانداق ئىشقا ھەيران قالمايدىغاندەك ۋە خۇشال بولمايدىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم ئۇ ئۇچراتقان تاسادىپىي ئىشلار بەك كۆپ بولغان بولسا، ھېچنېمە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ سىكارلېتنىڭ سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارنى بىلمەيدىغانلىقىغا ھەيرانمۇ قالمىدى ۋە ئۇنى تەبىئىي ئەھۋال دەپ قارىغاندەك ھېچقانداق ئىنكاسمۇ قايتۇرمىدى.

— ئۇنىڭ يىگىتى، بىرېنت ئىسىملىك بىرسى، گېتتىس قەلئەسىدە قۇربان بولغان يىگىت.

— ئۇنىڭ يىگىتى؟ — سىكارلېت ئۇنىڭ گېپىنى ئاددىيلا تەكرارلىدى، — ئۇنىڭ يىگىتىمىش، قۇرۇق گەپ! ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئاكىلىرى مېنىڭ يىگىتلىرىم ئىدى.

— راست شۇنداق ئىكەن، ئۇ ماڭا دەپ بەردى. پۈتۈن ناھىيەدىكى كۆپلىگەن يىگىتلەر سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىن كەتمەيدىكەن. ئەمما، ئۇ يىگىت سىز رەت قىلغاندىن كېيىن بۇ قىزنىڭ بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئۆيگە دەم ئېلىشقا كەلگەندە ئىككىسى توي قىلىشقا پۈتۈشۈپتۇ. ئۇ ئۇنى بىردىنبىر ياخشى كۆرگەن يىگىتىم، دەپ ئېيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ تۇرسا كۆڭلى ئارام تاپىدىكەن.

— ھىم، ئۇ ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ، — دېدى سىكارلېت. كۇنداشلىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتاتتى.

سىكارلېت ئورۇق، تېرىلىرى ئۇستىخانلىرىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان قىزىل چاچ بۇ يىگىتكە قاراپ قويدى. ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ ئۆزىمۇ باش قاتۇرۇشقا ئېرىنىدىغان ھەممە ئەھۋالنى بىلىپ بولغاندەك قىلاتتى. كاررىنىنىڭ كەچكىچە خاراموش ھالەتتە يۈرۈۋاتقىنى شۇ سەۋەبتىن ئىكەن - دە. كېرەك يوق، بۇ خىل ھالەتمۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. نۇرغۇن قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ يىگىتلىرى ياكى ئەرلىرىگە تۇتقان ھازىلىرىمۇ شۇنداق بولغانغۇ؟ ئۇ ئاتلانتادا بىر قىزنى تونۇيتتى. ئۇ قىزنىڭ ئۈچ ئېرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ، يەنە يىگىتلەرنىڭ پېيىدە يۈرەتتى. سىكارلېت ۋىلغا مۇشۇ ئەھۋالنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئەمما ۋىل بېشىنى چايقىدى.

— كاررىن خانقىز ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس، — دېدى ئۇ كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ.

ۋىل باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما ئۆزىدىن كۆپ گەپ چىقمايدىغان، باشقىلارنىڭ

دەردىگە يېتىمدىغان يىگىت ئىدى. سىكارلېت ئۇنىڭدىن ئوت ئوتاش، يەر تېرىش، ئۇلاغلارنى قانداق بېقىش دېگەندەك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىشىچە ئۇنىڭغا مەسلىھەتلەرنى بەردى. سىكارلېتنىڭ يېقىندىن بېرى كۆڭلى قىيىن ئىدى. بىرنەچچە نېگىر توختىماي كوتۇلدايتتى، سۆئېللېن بەزىدە يىغلاپ، بەزىدە تىللاپ ئارام بەرمەيتتى، گېرالد ئېللېن نەدە، دەپ توختىماي سوراپ تۇراتتى. مۇشۇنداق كۆڭۈلدە ۋىلنىڭ ئۆز يېنىدا بولۇشى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئاراملىق بەرگەنىدى. سىكارلېت ئۇنىڭغا ھەممە گېپىنى دەيتتى، ھەتتا ھېلىقى شىماللىق ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ۋىل ئارتۇق گەپ قىلماي: «ئوبدان قىپسىز» دېگەندە، سىكارلېت خۇشاللىقىدا ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

بۇ ئۆينىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ۋىلنىڭ قېشىغا كىرىپ ئولتۇرۇشنى، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ دەرد ـ ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، نېگىرئانا چېغىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرگۈدەك بولغاندا، دەرەخ قوۋزاقلىرىدىن سېۋەتلەرنى توقۇشقا، شىماللىقلار بۇزۇۋەتكەن ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قولى شۇنچىلىك ئەپچىل ئىدى، ياغاچتىن ۋادقا بىر نەچچە ئويۇنچۇقمۇ ياساپ بەردى، شۇڭا ۋادمۇ كەچكىچە ئۇنىڭ يېنىدىن چىقمايتتى. ئۆيدە ئۇ بولغاندىكىن ھەممە ئادەم ئۆزىنى بىخەتەر سېزىدىغان، ھەتتا سىرتقا ئىشقا ماڭسا، ۋاد بىلەن ئىككى بوۋاقنى ئۇنىڭ بېقىپ تۇرۇشىغا تاشلاپ قويىدىغان بولۇشتى، ئۇمۇ بالىلارغا خۇددى نېگىرئانىغا ئوخشاش ناھايىتى ئوبدان قارايتتى.

ــ سىلەر ماڭا شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلدىڭلار، سىكارلېت خانقىز، ــ دېدى ئۇ، ــ مەن سىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق بىر يولۇچى ئىدىم. سىلەرگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە باش ئاغرىقى ئېلىپ كەلدىم، شۇڭا سىلەرگە

پۈتلىكاشاڭ بولمىغانلا بولسام، مۇشۇ يەردە قېلىپ سىلەرگە ئاز ـ تولا ئىش قىلىپ بەرسەم، سىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى شۇ يول بىلەن ياندۇرسام دەپ ئويلايمەن. ئەمما، ئۇ ياخشىلىقىڭلارنى مەڭگۈ ياندۇرۇپ بولالمايمەن. ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇنداق چوڭ ياخشىلىقنى ھېچقانداق ئادەم ياندۇرۇپ بولالمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەردە قېلىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي تارا قورۇقىنىڭ كۆپ بىر قىسىم يوكى بىلىپ ـ بىلمەيلا سىكارلېتنىڭ زىممىسىدىن ئۇنىڭ ئورۇق، ۋىجىك زىممىسىگە ئۆتۈپ قالدى.

9 ـ ئاي كىرىپ پاختا يىغىش باشلاندى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋىل بېنتېن پەلەمپەيدە سىكارلېتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چىگىت ئايرىش توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، فايېتتېۋىل ئەتراپىدىكى بىر چىگىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىش ھەققى بەكمۇ قىممەت ئىكەن، ئەمما بۇلار ئېيتى بىلەن ھارۋىسىنى ئۇلارنىڭ ئىككى ھەپتە ئىشلىتىۋېلىشىغا بېرىپ تۇرسا، تۆلىنىدىن بىر قىسىم ھەققىنى ئاز ئالىدىكەن. ئۇ بۇ ئىشنى سىكارلېت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرىدىغان بوپتۇ.

سىكارلېت پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان بۇ ئادەمگە سەپسېلىپ قاراپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن نېگىرلەرنىڭ دېگەندەك خۇدا ئۇلارغا مەخسۇس ياساپ ئەۋەتكەن تالانتلىق ئادەم ئىدى. ئۇ بولمىغان بولسا تارا قورۇقى بىرنەچچە ئايدىن بېرىقى مۇشكۈلچىلىكلەرنى قانداق قىلىپ يېڭىپ كېتەلەيتتى؟ سىكارلېت ئويلىنىپ قالدى. ئۇ كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنىمۇ ئانچە كۆپ ئاشكارىلىمايتتى، ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلارغىمۇ ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئەمما تارادىكى ھەر بىر ئىش ۋە ھەر بىر ئادەمنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى ھەم

ئۆزىمۇ توختىماي ئىشلەيتتى. بىر پۇتى يوق بولسىمۇ ئىشلارنى پوركتىن تېز قىلاتتى. قىلغاندىمۇ داۋراڭ قىلماي ئەستايىدىل ۋە ئىشەنچلىك قىلاتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى بەزىدە ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. كالىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالسا، ئات غەلىتە كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ئورنىدىن قوپالمىسا ۋىل كېچىچە ئۇلارنىڭ يېنىدىن كەتمەي داۋالاپ ساقايتاتتى. سىكارلېت ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىدىمۇ ئېپى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تېخىمۇ چوڭ كۆرىدىغان بولدى. ئۇ ئەتىگىنى ئىككى سېۋەت ئالما بىلەن ئازراق شېكەر قومۇشنى هارۋىغا بېسىپ بازارغا كەتكەن بولسا، كەچتە بىرمۇنچە تۇز، چاي، رەختلەرنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلەتتى. بۇنداق ئىش سىكارلېتنىڭ قولىدىن زادىلا كەلمەيتتى.

ئۇ بارا ـ بارا بۇ ئائىلىنىڭ رەسمىي ئەزاسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەمدى ئۇ كەچتە گېرالدىنىڭ هۇجرىسىنىڭ يېنىدىكى پەردازخانىدا ياتىدىغان بولدى. تارادىن كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئاغزىدىن چىقارمايتتى، سىكارلېتمۇ ئۇنى راست كېتىپ قالمىسۇن دەپ ئۇ هەقتە زادىلا گەپ سورىمايتتى.

بەزىدە ئۇ، كاررىن سەزگۈر بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆڭلى بارلىقىنى سېزەلەيتتى، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. ناۋادا ئۇ كاررىنغا ئۆيلىنىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدىغان بولسا، سىكارلېت ئۇنىڭغا تۈگىمەس رەهمەتلەرنى ئېيتقان بولاتتى. سىكارلېتقا مەلۇمكى، ئەگەر ئېللېن هايات بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ ئاشۇنداق بىر ئادەمگە ياتلىق بولماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدىغان بولسا چوقۇم هوشىدىن كەتكەن بولاتتى. ئەمما، سىكارلېت رېئاللىقنىڭ مەجبۇرىيىتى بىلەن نۇرغۇن ئىشلاردا ئاپىسىنىڭ تەلىملىرىنىڭ تەتۈرسىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، بۇ ئىشتىمۇ ئۇنچىلا باش قاتۇرۇپ كەتمەيتتى، چۈنكى هازىر ئەرلەرنى تاپماق تەس ـ دە. قىزلارنى

ياتلىق قىلمىسا بولمايدۇ، تارا ئەر ياردەمچىلەرگە موھتاج. ئەمما، كاررىن «ئىنجىل»دىن باش كۆتۈرمەي، ئەتراپىدىكى رېئال دۇنيادىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى، ۋىلنى خۇددى پوركقا ئوخشاش سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك كۆرۈپ يۈرۈۋاتاتتى.

«ئەگەر كاررىن مەندىن ئازراق بولسىمۇ رازى بولىدىغان، ئۆزىنى ئاسراپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا بولاتتى، — دەپ ئويلىدى سكارلېت كاررىنغا سەل ئاچچىقى كېلىۋاتقاندەك بولۇپ، — ئەمما، ئۇ ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئوغۇل بالىغا ئوخشاش پەرۋاسىز يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ۋىلنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.»

ۋىل تارادىن كەتمەي تۇرىۋەردى، سكارلېتمۇ ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ۋىل گېرالدنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى، ئەمما سكارلېتنى بۇ ئائىلىنىڭ غوجايىنى دەپ بىلىپ ھەممە ئىشتا شۇنىڭلا ئاغزىغا قارايتتى.

سكارلېت ۋاقتىنچە قاتناش قورالىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، ۋىلنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئات بىلەن هارۋىنى ئىجارىگە بېرىۋەتتى. بۇ ئىشقا بىرىنچى بولۇپ سۇئېللېن قارشى چىقتى. چۈنكى، ئۇ هارۋا بىلەن جونېسبوروغا ياكى فايېتتېۋىلغا ئىش بىلەن ماڭغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلەرگە بىللە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. قوشنىلارنىڭكىگىمۇ ئاتلىق ياكى هارۋىلىق بېرىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق ئىدى.

ئەمدى بىزنىڭ بۇ خانقىز ئىككى ھەپتىگىچە سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەلمەيدىغان بولدى، ئويلىدى سكارلېت، ئۇنىڭ تىللاشلىرىغا، ۋارقىراپ - جارقىراشلىرىغا چىدىساقلا ئىش پۈتىدۇ.

ئاشلېيدىن خەت كەلگەندىن بېرى، مېلانىيە ئەتىدىن

كەچكىچە ناخشا ئېيتىپ خۇشال يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، ئاشلىبىنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتى، ئەمما كۈندىن ـ كۈنگە چىرايى سارغىيىپ ياداپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى قىلچە نارازى بولماي قىلاتتى، پات ـ پات ئاغرىپمۇ قالاتتى. قىرى فونتائىن دوختۇرمۇ ئۇنىڭغا مادىي دوختۇرغا ئوخشاش دىياگنوز قويۇپ، ئەسلىدە تۇغماسلىقىڭىز كېرەك ئىدى، يەنە تۇغىدىغان بولسىڭىز ئەمدى ھاياتىڭىزنى ساقلاپ قالالمايسىز، دېدى.

— مەن بۇگۈن فايېتتىېۋىلدىن چىرايلىق، ئوماق بىر نەرسە تېپىۋالدىم، — دېدى ۋىل بېتېن، — ئايالىلار كۆرسەڭلار چوقۇم خۇشال بولىسىلەر، — ئۇ ئىشتىنىنىڭ ئارقا يانچۇقىدىن گۆللۈك بىر قاپچۇقنى چىقاردى. ئۇنى ئۇنىڭغا كاررىن تىكىپ بەرگەنىدى. ئىچىگە دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى سېلىۋالغاچقا قاتتىق تۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئىچىدىن جەنۇب ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز پۇلىدىن بىرنى ئالدى.

— ئەگەر سىز جەنۇب ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز پۇلىنى ئوماق دېسىڭىز، مەن بۇ گېپىڭىزگە ھەرگىز قوشۇلالمايمەن، — دېدى سىكارلېت. جەنۇب ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلىنى كۆرسىلا ئۇنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ قالاتتى، — مەن دادامنىڭ ساندۇقىدا تېخى يېڭىلا مۇشۇ پۇلدىن ئۈچ مىڭ سومنى كۆردۈم. نېگىر ئانام ئۇ پۇلنى كۆرۈپ، تاملارنىڭ شامال كىرىدىغان يوچۇقلىرىنى چاپلايدىغانغا سورىدى. بۇ پۇللار پەقەت شۇنداق ئىشلارغىلا يارايدۇ.

— بىر مەزگىل تېرىسىگە سىغماي قالغان خىسراۋ پادىشاھنىڭمۇ ئۆزى ئۆلۈپ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەندە نۇرغۇن مال ـ دۇنياسى قالغان، — دېدى مېلانىيە كۈلۈپ، — ئۇ پۇللارنى تاشلىۋەتمەيلى، ۋادقا ساقلاپ قويسىڭىز، بىر كۈنلەردە ئۇ شۇ پۇل بىلەن ماختىنىدىغان بولىدۇ.

— مەن ئۇ زالىم خىسراۋ توغرۇلۇق ھېچنېمە بىلمەيمەن، —

دېدى ۋىل، — ئەمما، مىلانىيە خانقىز، مېنىڭ ئويلىغىنىم سىزنىڭ ۋاد توغرۇلۇق قىلغان گېپىڭىز بىلەن ئوخشاش. بۇ پۇلنىڭ كەينىگە ئىككى كۇپلېت شېئىر چاپلاقلىق تۇرىدۇ. مەن سكارلېت خانقىزنىڭ شېئىر بىلەن خۇشى يوقلۇقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇ بۇ شېئىرنى ئاڭلىسا چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئۇ پۇلنى ئۆرىدى. كەينىدە قوپال باسما قەغەز چاپلاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرنەچچە قۇر خەت تۇراتتى. ۋىل گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ناھايىتى تەستە ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى.

— ماۋزۇسى «جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ پۇلىغا يېزىلغان ئىككى كەلىمە سۆز» ئىكەن، — دېدى ئۇ.

بولدى شەرەپ تەڭرىگە تالىق،
كەتتى ھەممە ئېقىن سۇ بولۇپ.
غايىب بولدى مىللەت قەسىمى،
ئاقلا، دوستۇم ئۇنى سۆيۈنۈپ.

ئاڭلار ئۇنى ھەر بىر قۇلاق،
ئەرزىمەسلىك كۆرۈنسىمۇ گەر.
ھۆرلۈك چۈشى بولغاندا ئايان،
مىللەت ئاڭا ئۇرغۇسى شەمشەر.

— ئاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن تەسىرلىك شېئىر بۇ! — مېلانىيە تۇۋلاپ كەتتى، — سكارلېت، ئۇ پۇللارنى نېگىر ئانىغا تامنىڭ يوچۇقلىرىنى چاپلاشقا بەرمەڭ. ئۇ بىر پارچە ئاددىيلا قەغەز ئەمەس، شېئىردا دېيىلگەندەك «گۇمران بولغان بىر دۆلەتنىڭ ئىسپاتى» ئىكەن.

— مېلانىيە، ھاياجانلىنىپمۇ كەتمەڭ! ئۇ بەربىر قەغەز. ھازىر بىزگە دەل مۇشۇنداق قەغەز كېرەك. نېگىر ئانىمىز تامنىڭ

يوچۇقلىرىنى چاپلايدىغان قەغەزنىڭ يوقلۇقىدىن قاقشاپ يۈرۈۋاتىدۇ. ۋاد چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭغا جەنۇب ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەس، قوشما ئىشتاتلارنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى بېرىمەن.

ئۇلار دەتالاش قىلىشىۋاتقاندا، ۋىل گىلەمدە بېئونى قولىدىكى قەغەز پۇل بىلەن ئەركىلىتىپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، قولىنى پېشانىسىگە قويغان پېتى يول تەرەپكە نەزەر تاشلىدى.

— يولدا بىرسى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئاپتاپتا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، — ئەسكەر ئوخشايدۇ.

سكارلېت ئۇ قاراۋاتقان تەرەپكە قاراپ، يۇز - كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان يولدا بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۈستىدە يىرتىلىپ كەتكەن كۆك ھەم كۇل رەڭ ھەربىي كىيىم، بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن، ھارغىن ئىدى، ئېغىر پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ كېلىۋاتاتتى.

— مەن بۇ ئەسكەرلەرنى تۇگىدىمىكىن دەپتىكەنمەن، — دېدى سكارلېت، — ئىلاھىم، بۇمۇ بىر ئاچ قالغان ئەرۋاھ بولۇپ قالمىغاي.

— ئۇنىڭ قورسىقى چوقۇم ئاچ، — دېدى ۋىل.

مېلانىيە ئورنىدىن تۇردى.

— دىلسېيغا ئېيتايلى، بىر كىشىلىك تاماقنى ئارتۇق تەييارلىسۇن، — دېدى ئۇ، — نېگىر ئانىنىمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ قويايلى، ئالدىراپ بۇ بىچارىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يۇرمىسۇن، يەنە...

ئۇ بىردىنلا گېپىدىن توختاپ قالدى، سكارلېت ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ ئورۇق قوللىرى بىلەن گېلىنى خۇددى ئاغرىپ كېتىۋاتقاندەك مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. سكارلېت ئۇنىڭ تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى، چىرايىمۇ قورقۇنچلۇق ئاقىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىمۇ ئادەم

قورققۇدەك چەكچىيىپ قالغانىدى.

مىلانىيە شۇ تۇرقىدا ھوشىدىن كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. سىكارلېت ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

لېكىن، مىلانىيە ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ پەلەمپەيدىن ئىككى سەكرەپ پەسكە چۈشتى ــ دە، يول تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇنىڭ قەدىمى شۇنچىلىك يەڭگىل ئىدى، كۆڭلىكى شامالدا يەلپۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، ئىككى قولى ئالدىغا سوزۇلغانىدى. سىكارلېت بىردىنلا چۈشىنىپ، خۇددى بېشىغا تۇيۇقسىز توقماق يېگەندەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئادەم ساقال باسقان پاسكىنا يۈزىنى كۆتۈرۈپ، كەلگەن يېرىدە قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى، كۆزلىرى ئۆيلەردە، ئەمدىكى قەدىمىنى يۆتكەشكە ماغدۇرى يوقتەك قىلاتتى. سىكارلېت بېشى قايغاندەك بولۇپ كەينىدىكى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ قالدى. يۈرىكى بىردەم سوقۇپ، بىردەم توختاپ قېلىۋاتقاندەك بولدى. مىلانىيە ئۇ ئادەمنىڭ پاسكىنا قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇ ئادەممۇ ئېگىلىپ ئۇنى سۆيدى. سىكارلېت خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئالدىغا ئېتىلغانىدى، ۋىل ئۇنى كۆڭلىكىدىن تۇتۇپ ماڭدۇرمىدى.

ــ ئۇلارغا ھالاقىت بەرمەڭ، ــ دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

ــ مېنى قويۇۋەت، ئەخمەق! مېنى قويۇۋەت! ئۇ دېگەن ئاشلېي.

ئۇ ئۇنى قويۇۋەتمىدى.

ــ نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئۇنىڭ ئېرى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ــ سورىدى ۋىل سوغۇققانلىق بىلەن. سىكارلېت بېشىنى ئېگىپ ھەم خۇشال، ھەم خاپا، ئەمما نائىلاجلىقتىن تېڭىرقىغان نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى ۋە ئۇنىڭ تىنچ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ۋە ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتنى كۆردى.

بۇ كىتاب چەت ئەل ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1990 ـ يىلى 8 ـ ئاي بېيجىڭ 1 ـ نەشرى، 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاي خۇبېي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据外国文学出版社1990年8月北京第1版，1992年2月湖北第5次印刷本翻译出版。

# ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن (1)

**ئاپتورى:** مارگارېت مىچېل (ئامېرىكا)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** راخمان ماموت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇنارجان توختاخۇن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل ھاشىم
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 － 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 27.5
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 － 7 － 228 － 17029 － 6
**باھاسى:** 72.00 يۈەن